ئابدۇلھەمىد مەھمۇد تاھاز

يېڭى ئۇسلۇبتىكى

# ھەنەفى فىقھىسى

بەشىنچى قىسىم

(5)

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

تەرجىمە قىلغۇچىلار:

**مۇھەممەد ئابدۇللاھ**
**مۆمىنجان سىدىق**

تەھرىرى:

**مۇنەۋۋەر نىياز**

رىياسەتچى:

**شەيخ فەھد ئىبنى ئابدۇسسالام**

**الفقه الحنفي في ثوبه الجديد**
**عبد الحميد محمود طهماز**

**الجزء الخامس**

المترجمون: محمد عبد الله
مومنجان صديق
المحرر : منور نياز
المشرف : ف. عبد السلام

مركز الترجمة الأويغورية

# مۇندەرىجە


مۇندەرىجە .................................................................... 3

ئۇيغۇرتەرجىمە مەركىزىدىن .................................................... 13

بەشىنچى قىسمىنىڭ مۇقەددىمىسى ............................................ 15

شېرىكچىلىك ................................................................... 17

شېرىكچىلىكنىڭ ئۇقۇمى ..................................................... 17

شېرىكچىلىكنىڭ يولغا قويۇلىشى ............................................. 18

شېرىكچىلىكنىڭ تۈرلىرى ...................................................... 20

ئىگىدارچىلىق شېرىكچىلىكى .................................................. 20

ئىگىدارچىلىق شېرىكچىلىكنىڭ ھۆكۈملىرى ................................. 21

پۈتۈشۈش شېرىكچىلىكنىڭ ئومۇمىي شەرتلىرى ................................ 27

تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى ..................................................... 29

مىراسنى تەقسىم قىلىشتىن ئىلگىرى پەرزەنتلەرنىڭ ئۇنى ئىشلىتىش ھۆكمى ........... 31

تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكدە شېرىكنىڭ تەسەررۇپ قىلىش ھۆكمى ..................... 32

تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكنىڭ دەسمايە مېلى ................................... 35

يوق مالغا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكى ..................................... 37

شېرىكچىلىكتە مالنى ئارىلاشتۇرۇشنىڭ ھۆكمى ............................... 38

مالنىڭ مەلۇم مىقدارىدا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكى ........................ 39

مالنىڭ مەلۇم مىقدارىدا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكنىڭ ۋاقتىنى بەلگىلەش ............ 40

مالنىڭ مەلۇم مىقدارىدا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكدىكى پايدىدا ئارتۇق ئېلىش ھۆكمى ....... 41

شېرىك پۇلنى ئۆز مېلىدىن ئۆتكەنلىكنى دەۋا قىلغاندا ئۇنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟ ....... 45

شېرىكچىلىكنى بۇزىدىغان ئامىللار ............................................ 47

تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى بىلەن مالنىڭ مەلۇم مىقدارىدا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكدە
شېرىكنىڭ تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقلىرى ...................................... 51

ئالغان پايدىنىڭ مىقدارىنى ئىقرار قىلىپ بولغاندىن كېيىن بۇ ئىقرارنىڭ خاتا بولۇپ
قالغانلىقىنى دەۋا قىلىشنىڭ ھۆكمى ......................................... 58

شېرىكنىڭ بەلگىلىمىدىن ئېشىپ كېتىشىنىڭ ھۆكمى ............................. 61

ئىش شېرىكچىلىكنىڭ بايانى ................................................... 64

نوپۇز شېرىكچىلىكنىڭ بايانى ........................................ 74
شەرتنگە توشمىغان شېرىكچىلىكتە پايدىنىڭ قانداق بۆلۈشلىدىغانلىقىنىڭ بايانى ........ 77
شېرىكنىڭ شېرىكلىككە تەۋە نەرسىنىڭ ئىشنى قىلىشىنىڭ بايانى .................... 80
قويدا شېرىكلىششىنىڭ ۋە بۇ شېرىكچىلىكنىڭ تۈرلىرىنىڭ ئىچىدىن توغرا بولغانلىرىنىڭ
بايانى ........................................................................ 82
شېرىكنىڭ مال ـ مۈلكىدىن زاكات ئايرىشىنىڭ ھۆكمى ............................ 83
شېرىكنىڭ پېيىنى سېتىشىنىڭ ھۆكمى ............................................ 85
قەرز ئېلىشقا ۋەكىل قىلىشىنىڭ ھۆكمى ........................................... 87
شېرىكلىككە تەۋە نەرسىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەن يەرلىرىنى ئوڭشاش ۋە رېمونت قىلىش
ئۈچۈن پۇل خەجلەشنىڭ ھۆكمى ................................................ 89
خىلمۇ خىل مەسىلىلەر .......................................................... 92
بىرى مەبلەغ، يەنە بىرى كۈچ چىقىرىپ تۈزۈشكەن مۇئامىلىنىڭ بايانى ............... 96
بۇ مۇئامىلىنىڭ ھۆكمى ........................................................ 97
مەزكۇر مۇئامىلىنىڭ ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ جازانە ئارىلاشمىغان شەكىلدە راۋاجلىنىشىدىكى
مۇھىملىقى ..................................................................... 99
بىرى مەبلەغ، يەنە بىرى كۈچ چىقىرىپ تۈزۈشكەن مۇئامىلىنىڭ شەرتلىرى .......... 101
كۈچ چىقارغان ئادەمنىڭ تەسەررۇپلىرىنىڭ بايانى .................................. 105
زەنجىرسىمان مۇئامىلە ......................................................... 114
مەزكۇر مۇئامىلىنىڭ ئەمەلدىن قېلىشىنىڭ بايانى .................................. 120
مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە مەبلەغنى مەبلەغ ئىگىسگە بېرىشىنىڭ ھۆكمى ................ 125
كۈچ چىقارغان ئادەمنىڭ سەپەردە كەتكەن چىقىمى .................................. 127
مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە مالنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش ........................... 130
مەبلەغ ئىگىسىنىڭ كۈچ چىقارغان ئادەمدىن ياكى كۈچ چىقارغان ئادەمنىڭ مەبلەغ
ئىگىسىدىن نەرسە سېتىپ ئېلىشىنىڭ ھۆكمى ........................................ 131
مەبلەغنى مەزكۇر مۇئامىلە سۈپىتىدە بانكىلاردا قويۇشنىڭ ھۆكمى ..................... 136
خىلمۇ ـ خىل مەسىلىلەر ...................................................... 137
شېرىكچىلىك بىلەن مەزكۇر مۇئامىلىنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ ھۆكمى ....................... 141
ھەسسىدارلىق شىركىتى ......................................................... 143
ئورتاقچىلىقنىڭ بايانى ......................................................... 145
ئورتاقچىلىقنىڭ ئۇقۇمى ........................................................ 147
ئورتاقچىلىقنىڭ يولغا قويۇلىشى ................................................. 148
ئورتاقچىلىقنىڭ ئاساسلىرى ۋە ھۆكمى ............................................ 153
ئورتاقچىلىقنىڭ شەرتلىرى ...................................................... 154

ئورتاقچىلىقتا تېرىغان يەردىن چىققان سامانىنىڭ ھۆكمى ........................... 158
توغرا بولىدىغان ئورتاقچىلىق ۋە توغرا بولمايدىغان ئورتاقچىلىقنىڭ بايانى ............. 159
ئورتاقچىلىقتا ئىككىدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ شېرىك بولۇشىنىڭ ھۆكمى ....................... 162
شەرتىگە توشمىغان ئورتاقچىلىقنىڭ ھۆكمى .................................................. 163
يەرنى ئۆنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز تېرىشنىڭ ھۆكمى .................................... 164
ئورتاقچىلىقنى بۇزۇشنىڭ بايانى ................................................................... 164
ئورتاقچىلىقتا يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلاتنىڭ ھۆكمى ........................................ 168
ئورتاقچىلىقتا يەرنىڭ باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قېلىشىنىڭ ھۆكمى ....................... 170
خىلمۇ - خىل مەسىلىلەر ................................................................................ 171
دەل - دەرەختە ئورتاق بولۇشىشنىڭ بايانى ..................................................... 175
دەل - دەرەختە ئورتاق بولۇشنىڭ يولغا قويۇلىشى ............................................ 176
دەل - دەرەخ ئورتاقچىلىقنىڭ شەرتلىرى ۋە سۈپەتلىرى ..................................... 178
دەل - دەرەخ ئورتاقچىلىقدا مۇددەت توختىتىشنىڭ ھۆكمى .................................. 180
قۇرۇق يەرنى ئورتاقچىلىققا بېرىشنىڭ ھۆكمى ............................................... 184
دەل - دەرەخ ئورتاقچىلىقنىڭ ئەمەلدىن قېلىشى ۋە ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىش ....... 186
دەل - دەرەخ ئورتاقچىلىقدا قىلىنىدىغان ئىشلارنىڭ بايانى ................................. 189
خىلمۇ - خىل مەسىلىلەر ................................................................................ 189
تەقسىم قىلىشنىڭ بايانى ................................................................................ 192
تەقسىم قىلىشنىڭ يولغا قويۇلىشى ................................................................ 192
شېرىكچىلىككە تەۋە نەرسىنى تەقسىم قىلىش ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان سەۋەبلەر ۋە شەرتلەر..... 193
تەقسىماتنىڭ ھۆكمى ..................................................................................... 195
تەقسىم قىلىشنىڭ تۈرلىرى ............................................................................ 197
شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىدىغان ئادەمنىڭ ئىش ھەققى ۋە ئۇ ئادەمنىڭ سۈپىتى ....... 198
رازى بولۇشۇپ قىلىشقان تەقسىمات ................................................................ 201
مۇقىم ئەمەس مۈلۈكنى تەقسىم قىلىششىنىڭ بايانى ........................................... 202
مۇقىم مۈلۈكلەرنى تەقسىم قىلىشنىڭ بايانى ................................................... 203
مەجبۇري تەقسىم قىلىش ................................................................................ 208
ماللارنى تەقسىم قىلىشنىڭ بايانى ................................................................. 209
تەقسىم قىلىنمايدىغان نەرسىنىڭ بايانى ......................................................... 209
شېرىكلىككە تەۋە نەرسىنىڭ تەقسىم قىلىنىش شەكلى ........................................ 212
ئالتۇن - كۈمۈش پۇللارنى تەقسىم قىلىشنىڭ بايانى ......................................... 213
ھەق - ھوقۇقنى تەقسىم قىلىشنىڭ بايانى ........................................................ 216
شېرىكلىككە تەۋە ئۈستۈن قەۋەتنى ۋە شېرىكلىككە تەۋە ئاستىن قەۋەتنى تەقسىم

قىلىشنىڭ ھۆكمى ........................................ 217
شېرىكلەرنىڭ ئىختىلاپ قىلىشىنىڭ بايانى ........................ 219
تەقسىم قىلىنغان نەرسىنىڭ باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قېلىشىنىڭ بايانى .............. 223
مىراس، مىراسخورلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن مىراستا قەرزگە
ئېلىنغان نەرسىنىڭ بارلىقىنىڭ ئاشكارىلىنىشىنىڭ بايانى ........................ 227
تەقسىماتتا قاتتىق ئالدىنىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئاشكارىلىنىشىنىڭ بايانى .............. 229
شېرىك يەرگە ئۆي سېلىشىنىڭ ۋە دەل ـ دەرەخ تىكىشىنىڭ ھۆكمى .................... 230
تەقسىماتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشىنىڭ ھۆكمى .................................. 231
شەرتىگە توشمىغان تەقسىمات بىلەن تەقسىم قىلىنغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ
ئېلىشىنىڭ ھۆكمى ........................................ 232
شېرىك نەرسىنى نۆۋەتلىشىپ ئىشلىتىشىنىڭ بايانى ........................ 232
نۆۋەتلىشىش توغرا بولىدىغان ۋە توغرا بولمايدىغان ئىشلارنىڭ بايانى ................ 235
نۆۋەتلىشىشنىڭ ئەمەلدىن قېلىشىنىڭ بايانى ........................................ 238
خىلمۇ خىل مەسىلىلەرنىڭ بايانى ........................................ 239
يېمەك ـ ئىچمەكلەر ........................................ 247
مال سويۇش، قۇربانلىق قىلىش، ئوۋ ئوۋلاش قاتارلىقلارنىڭ بايانى ........................ 247
مال سويۇش ........................................ 247
مال سويۇشنىڭ ئۇقۇمى ........................................ 247
مال سويۇشنىڭ تۈرلىرى ........................................ 247
بوغۇزلانغان ھايۋان قاچان ھالال بولىدۇ؟ ........................................ 251
مال بوغۇزلايدىغان ئەسۋابلار ........................................ 255
تىرىك ھايۋاندىن كېسىۋېلىنغان گۆشنىڭ ھۆكمى ........................................ 259
مال بوغۇزلىغۇچىدا بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەر ........................................ 261
<بىسمىللاھ> دېمەستىن مال بوغۇزلىغان كىشىنىڭ مېلىنىڭ ھۆكمى .............. 266
<بىسمىللاھ> دېيىشنىڭ شەرتلىرى ........................................ 271
اللە نىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ياكى ئېلىنمىغانلىقى بىلىنمىگەن گۆشنىڭ ھۆكمى ....... 274
بوغۇزلانغان ھايۋاننىڭ قورسىقىدىن چىققان بالىسىنىڭ ھۆكمى .................... 276
باشلىق ۋە شۇنىڭدەك بىرەر ئادەمنىڭ كەلگەنلىكىگە ئاتاپ مال بوغۇزلاشنىڭ ھۆكمى .... 278
بوغۇزلانغان مالنىڭ بوغۇزلىغان چاغدا تىرىك ئىكەنلىكىنى بىلىش .................... 281
خىلمۇ خىل مەسىلىلەر ........................................ 283
قۇربانلىق قىلىش ........................................ 285
قۇربانلىقنىڭ ئۇقۇمى ........................................ 285
قۇربانلىقنىڭ شەرتلىرى ........................................ 286

قۇربانلىق قىلىشنى لازىم قىلىدىغان سەۋەب .......................................................... 288
قۇربانلىق قىلىشنىڭ ئاساسى ......................................................................... 288
قۇربانلىق قىلىشنىڭ ھۆكۈملىرى ..................................................................... 289
قۇربانلىق قىلىشنىڭ ۋاجىپ بولۇش پرىنسىپى ..................................................... 291
قۇربانلىقنىڭ مىقدارى .................................................................................. 292
قۇربانلىق قىلىش ۋاقتى ................................................................................. 295
نەزىر قىلىنغان قۇربانلىقلار ........................................................................... 299
قۇربانلىق مالنىڭ ياش ئۆلچىمى ...................................................................... 302
قۇربانلىق قىلىشقا دۇرۇس بولىدىغان ۋە دۇرۇس بولمايدىغان ھايۋانلار .................. 303
تۆگە ياكى كالىغا شېرىك بولغۇچىلاردىن بىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى ........................ 308
قۇربانلىق گۆشنى تەسەررۇپ قىلىش ................................................................. 309
قۇربانلىق مالنى بوغۇزلاشتىن بۇرۇن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنىڭ ھۆكمى .................. 313
باشقا بىرىنىڭ قۇربانلىقنى ئۇنىڭ ئىزنىسىز بوغۇزلىۋەتكەن كىشىنىڭ ھۆكمى ......... 314
ئون مال قۇربانلىق قىلىشنى نەزىر قىلغان كىشىنىڭ ھۆكمى ................................ 316
خىلمۇ ـ خىل مەسىلىلەر ................................................................................ 319
ھەرەمگە ئېلىپ بېرىلىدىغان قۇربانلىق ............................................................ 321
ھەرەمگە ئېلىپ بېرىلغان قۇربانلىقنى بوغۇزلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ گۆشنى سەدىقە
قىلىش ھۆكمى ............................................................................................ 323
ئەقىقە ........................................................................................................ 324
ئوۋ ئوۋلاش ................................................................................................. 326
ئوۋنىڭ ئۇقۇمى ............................................................................................ 326
ئوۋ ئوۋلاشنىڭ ھۆكمى ................................................................................. 327
ئوۋ ئوۋلاشنىڭ شەرتلىرى .............................................................................. 330
ئوۋ ئوۋلاشنىڭ تۈرلىرى ................................................................................. 331
تور ۋە شۇنىڭدەك ئەسۋابلار بىلەن ئوۋ ئوۋلاش ................................................ 331
ئوۋغا ئۆگىتىلگەن جانىۋارلار بىلەن ئوۋ ئوۋلاش ............................................... 332
ئوۋچى جانىۋارلارنىڭ ئوۋلىغان ئوۋلىرىنىڭ ھالال بولۇشىنىڭ شەرتلىرى ............... 334
بىسمىللاھ دېيىشنىڭ شەرتى ......................................................................... 339
تىرىك ئوۋنى بوغۇزلاشنىڭ ۋاجىپلىقى ............................................................. 343
ئوق بىلەن ئوۋ ئوۋلاش .................................................................................. 346
مىلتىقنىڭ يۇمىلاق ئوقى ۋە قوغۇشۇن ئوق بىلەن ئوۋلانغان ئوۋنىڭ ھۆكمى .......... 350
ئوق ئاتقۇچىنىڭ بىرقانچە بولۇشىنىڭ ھۆكمى .................................................. 352
خىلمۇ ـ خىل مەسىلىلەر ................................................................................ 354

يېيىش ھالال بولغان ۋە ھارام بولغان نەرسىلەر ............................................... 358
يېيىش ھالال بولغان ئۇۋ ھايۋانلىرى ............................................................ 365
يېيىش ھالال ئەمەس ئۇۋ ھايۋانلىرى ............................................................ 365
گۆشىنى يېيىش ياكى يېمەسلىك ھەققىدە ئىختىلاپ بار ھايۋانلار .......................... 365
سۇ ھايۋانلىرىنى يېيىشنىڭ ھۆكمى ............................................................ 366
ئىچىملىكلەر ................................................................................... 370
ئۇقۇمى ........................................................................................... 370
مەست قىلغۇچى ئىچىملىكنىڭ ھاراملىقى ....................................................... 370
مەست قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ تۈرلىرى ....................................................... 371
ھاراق .............................................................................................. 372
ئۈزۈم ھارىقى ۋە باشقا تۈرلۈك ھاراقلار ........................................................ 372
ھاراقنىڭ ھۆكۈملىرى ............................................................................ 374
ھاراقنى سىركىگە ئۆزگەرتىشنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى .......................... 379
مۇسەللەسنىڭ ھۆكمى ........................................................................... 381
گۆشى يېيىلىدىغان ھايۋاننىڭ سۈتىنىڭ ھۆكمى ................................................ 382
قاپاق، كورا ۋە تەڭنە قاتارلىقلارغا چىلانغان مېۋە سۈيىنىڭ ھۆكمى ...................... 383
خورما چىلانغان سۇنىڭ ھۆكمى ................................................................. 384
ھاراقنىڭ دوغىسىنى ئىچىش ۋە ئۇنى ئىستېمال قىلىشنىڭ ھاراملىقى ...................... 385
زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئىستېمال قىلىشنىڭ ھاراملىقى .................................... 386
تاماكا چېكىشنىڭ ھاراملىقى .................................................................... 388
ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈرۈش ..................................................................... 390
مۇقەددىمە ........................................................................................ 390
ئۆلۈك زېمىننىڭ ئۇقۇمى ......................................................................... 391
يەنى بوز يەر ئېچىش ............................................................................ 391
بوز يەر ئېچىشنىڭ يولغا قويۇلۇشى ............................................................. 391
بوز يەر ئېچىشنىڭ ھۆكمى ....................................................................... 393
بوز يەر ئېچىشنىڭ شەرتلىرى ................................................................... 395
يەرلەرنى بۆلۈپ بېرىش .......................................................................... 397
چېگرىلىنىپ قوغدىلىدىغان جايلار .............................................................. 398
جاي ۋە نەرسىلەرنىڭ تەۋەلىك دائىرىسى ....................................................... 398
ئېرىقنىڭ تەۋەلىك دائىرىسى .................................................................... 401
دەرەخنىڭ تەۋەلىك دائىرىسى ................................................................... 402
ئۆستەڭنىڭ تەۋەلىك دائىرىسى .................................................................. 403

تەقسىم قىلىنغان سۇ ........................................ 406
ئۇقۇمى ........................................ 406
سۇنىڭ تۈرلىرى ۋە ھەر بىر تۈرىنىڭ ھۆكمى ........................................ 407
ئارتۇق سۇنىڭ ھۆكمى ........................................ 409
سۇ تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قېلىشنىڭ ھۆكمى ........................................ 413
دەريا ۋە ئۆستەڭلەرنى چېپىش ........................................ 414
ئەسكەرتىش ........................................ 416
يەر ـ زېمىن سۇغۇرۇش ھەققى دەۋاسى ........................................ 417
يەر ـ زېمىن سۇغۇرۇش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش ھەققىدە چىققان ئىختىلاپ ........................................ 418
يەر ـ زېمىن سۇغۇرۇش ھەققىنى تۆلەش ھۆكمى ........................................ 424
چەكلەنگەن ۋە مۇباھ بولغان ئىشلار ........................................ 426
بۇ بابنىڭ مۇقەددىمىسى ........................................ 426
چەكلەنگەن ۋە مۇباھ بولغان ئىشلارنىڭ ئۇقۇمى ........................................ 426
نەقلىي دەلىللەر ........................................ 429
تەكىتلەنگەن سۈننەتنى تەرك ئېتىشنىڭ جازاسى نېمە؟ ........................................ 430
يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ ھۆكۈملىرى ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى ........................................ 431
مېھمان قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى ........................................ 441
ئالتۇن ۋە كۈمۈشنى ئىستېمال قىلىشنىڭ ھاراملىقى ........................................ 449
ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ياسالمىغان قاچىلارنى ئىستېمال قىلىشنىڭ ھۆكمى ........................................ 452
ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ھەل بېرىلگەن قاچىلارنى ئىشلىتىشنىڭ ھۆكمى ........................................ 454
ئالتۇن ياكى كۈمۈش بىلەن قادالغان قاچىلارنى ئىشلىتىشنىڭ ھۆكمى ........................................ 455
كىچىك بالىنىڭ ۋە قۇلنىڭ خەۋىرىنىڭ ھۆكمى ........................................ 458
پاسىقنىڭ، كاپىرنىڭ ۋە قۇلنىڭ مۇئامىلە ئىشلىرىدىكى خەۋىرىنىڭ ھۆكمى ........................................ 459
ئىككى ئىشنىڭ ياخشىسىنى ئېنىقلاپ چىقىش ........................................ 461
چاقىرىلغان توي ياكى زىياپەت سورۇنىغا بېرىش ........................................ 464
چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ھۆكمى ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ........................................ 467
كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇ ـ زىننەتلەر ........................................ 470
كىيىم ـ كېچەكنىڭ ھۆكمى ........................................ 470
يىپەك كىيىم كىيىشنىڭ ھۆكمى ........................................ 472
يىپەك بىلەن پۈكۈلگەن جۇۋىنىڭ ھۆكمى ........................................ 477
يىپەكنى كىيىمدىن باشقا ئىشلاردا پايدىلىنىشنىڭ ھۆكمى ........................................ 478
كۆركەم كىيىملەرنى كىيىشنىڭ ھۆكمى ........................................ 483
كىيىملەرنىڭ رەڭلىرى ........................................ 488

ئۆي سېلىش ۋە ئۆي جاھازلىرى ........................................ 490
ئەرلەرنىڭ ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ئۈزۈك سېلىشىنىڭ ھۆكمى .................. 493
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈزۈكىگە نەقىش ئويۇلغانلىقى ................ 496
چىشنى ئالتۇن ۋە كۈمۈش بىلەن چېتىش ھۆكمى ............................ 497
ئوغۇل بالىغا ئالتۇن تاقاش ياكى يىپەك كىيىم كىيدۈرۈشنىڭ ھۆكمى .................. 499
لۈڭگە، مەلۇم ئىشنى ئەسلىتىش ئۈچۈن بارماققا چىگىلىدىغان يىپ ۋە تىلتۇمار
قاتارلىقلارنى ئىشلىتىشنىڭ ھۆكمى ........................................ 500
كۆز تېگىش ھەقتۇر ........................................................ 502
قاراش ۋە تۇتۇش .......................................................... 505
يات ئايال بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنىڭ ھۆكمى ........................ 510
يات ئايال بىلەن خالىي قېلىشىنىڭ ھۆكمى ................................... 512
يات ئايال بىلەن پاراڭلىشىش ۋە ئۇنىڭغا قاراش ............................. 515
بۇرۇتى ئەمدى خەت تارتقان ئوغۇل بالىغا قاراش ............................ 519
خوتۇن كىشىنىڭ ئەر كىشىگە ۋە خوتۇن كىشىگە قارىشى ....................... 520
ئەسكەرتىشلەر .............................................................. 522
چاچ سېلىش ۋە چاچ بوياش ................................................. 526
ئېپسىل خىسلەتلەر ........................................................... 529
خوتۇن كىشىنىڭ ئۆزى يالغۇز سەپەر قىلىشىنىڭ ھاراملىقى .................... 533
خوتۇن كىشىنىڭ بۇزۇقچىلىقتىن خاتىرجەم بولغان ئەھۋال ئاستىدا يات ئەرلەرنىڭ
ئالدىدا يۈزىنى ۋە ئىككى قولىنى ئېچىشىنىڭ دۇرۇسلۇقى ........................ 536
ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا، ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشىۋېلىشىنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى .......... 537
بەچچىدانىنىڭ پاكلىقىنى ئېنىقلاش ۋە مەنىنى سىرتىغا تۆكۈش ....................... 540
سالام قىلىش، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ۋە سۆيۈپ كۆرۈشۈش ...................... 545
سالام ھۆكۈملىرىنىڭ تولۇقلانمىسى ........................................... 552
قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ..................................................... 555
مەسجىدنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى ............................................. 564
گۇناھقا ياردەم قىلىشنىڭ ھۆكمى ............................................. 573
مەككىنىڭ ئۆيلىرىنى سېتىش ۋە ئۇنى ئىجارىگە بېرىشنىڭ ھۆكمى .................. 575
شىشخال ۋە شاھمات ئويناشنىڭ ھۆكمى ....................................... 576
مەكروھ دۇئالار ............................................................ 577
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا كىشىگە دۇرۇد ئېيتىش ........................ 578
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كامالىيەتنى ئىپادىلەيدىغان سۆز قورۇلمىسى بىلەن دۇرۇد
ئېيتىش ..................................................................... 579

دۇئادا ۋاستە قىلىشنىڭ ھۆكمى ........................................................... 582
الله تائالانىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى بىلەن نەرسە تىلەش ........................................... 584
سودىغا ئالاقىدار ئومۇمىي ھۆكۈملەر ........................................................... 585
ئاشلىق ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئۇلارنىڭ باھاسىنىڭ ئۆسۈشىنى ساقلاپ بېسىپ يېتىش .... 588
باھا توختىتىش ............................................................................ 590
كەپتەرۋازلىق قىلىش ...................................................................... 594
ھايۋانلارغا كۆيۈنۈش ...................................................................... 595
مۇسابىقىلىشىش .......................................................................... 597
ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلارنى ئاڭلىتىش ......................................................... 604
ئىلىم تەلەپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى ............................................................ 604
ئىسلام پەلسەپىسىنى ۋە مۇنازىرىلىشىشنى ئۆگىنىش ............................................ 608
ئەرەب تىلىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ............................................................... 611
تىلىنىڭ ئاپەتلىرى ........................................................................ 613
يالغان سۆزلەشنىڭ ھارام بولۇشى ............................................................. 613
غەيۋەت قىلىشنىڭ ھاراملىقى ................................................................ 617
چېقىمچىلىق قىلىشنىڭ ھاراملىقى ............................................................ 621
كىبىر يوقلاش ............................................................................ 624
ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىش ..................................................................... 629
سىلە ـ رەھىم قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقى ۋە ئۇنى ئۈزۈشنىڭ ھاراملىقى ................................ 631
بالىغا چىرايلىق ئىسىم تاللاپ قويۇش ........................................................ 635
ئەزان ۋە قۇرئاننى چىرايلىق ئوقۇشنىڭ ۋە ئەزاننى تەكرارلاشنىڭ ھۆكمى .......................... 640
پارىخورلۇقنىڭ ھارام قىلىنىشى ............................................................. 642
ھارام مالنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى ............................................................ 644
رىبا قىلىش ۋە ماختىنىشنىڭ ھارام قىلىنىشى ................................................. 646
ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ، يامان ئىشتىن توسۇش ................................................... 652
سۆھبەت ۋە سۆھبەتداشنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى ................................................ 655
ئىنسانلارغا ئارىلىشىپ ئۆتۈش ۋە ئۇلاردىن ئايرىلىپ ياشاش ..................................... 659
تۇرۇك ئادەمنىڭ مەزھەپى ................................................................... 661
شۇم پال ئېلىش ۋە ياخشى پال ئېلىش ........................................................ 664
قېرىنداشلارنى ۋە دوست ـ يارەنلەرنى زىيارەت قىلىشنىڭ شەرئى قىلىپ بەلگىلەنگەنلىكى .... 666
ئۆيلەرگە رۇخسەتسىز كىرىشنىڭ ھاراملىقى ۋە رۇخسەت سوراشنىڭ شەرئى قىلىپ
بەلگىلەنگەنلىكى ......................................................................... 667
قوشنىغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى ............................................ 670

يول ئۈستىدە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپ ـ ئەخلاقلار ............... 671
ئۇخلاشنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى ............... 673
باشقىلارغا قارىتا يامان گۇماندا بولۇشنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەشنىڭ هارام
قىلىنغانلىقى ............... 676
هەسەت قىلىشنىڭ هارام قىلىنغانلىقى ............... 678
بېخىللىق قىلىش ۋە ئىلمنى يۇشۇرۇشنىڭ هارام قىلىنغانلىقى ............... 680
كىبىرلىك قىلىش ۋە ئۆزگە تەمەننا قويۇشنىڭ هارام قىلىنغانلىقى ............... 681
دىلغا كېچىدىغان خىياللار ............... 684
خىلمۇ ـ خىل مەسىلىلەر ............... 686
چەكلەنگەن ئىشلار ............... 696
كۆپۈرلۇق ۋە مۇرتەدلىك ............... 704
ئەلفىقهۇل ئەكبەر ............... 707
كەلىمە تەۋهىد ............... 707
ئىلاهىييات ............... 709
الله تائالانىڭ بارلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش ............... 709
زات ............... 711
سۈپەتلەر ............... 714
بەندىلەرنىڭ ئىشلىرى ۋە ئۇ ئىشلارنىڭ قازا ۋە قەدەر بىلەن بولغان ئالاقىسى ............... 728
نۇبۇۋۋات ............... 737
پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشنىڭ زۆرۈرلىكى ............... 737
پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش ............... 738
مۇهەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى ............... 744
پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا بېرىلگەن هېسسىي مۆجىزىلەر ............... 745
پەيغەمبەرلەردە بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر ............... 750
پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ............... 751
پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ............... 753
الله نىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش ............... 754
ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش ............... 754
قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى ............... 758
قورقۇش ۋە ئۈمىد قىلىش ............... 763

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

جانابى ئاللاھقا ھەمدۇ - سانا، پەيغەمبىرىمز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇئا ۋە سالام يوللىغاندىن كېيىن؛

خەلقىمىز ئىسلامنى قوبۇل قىلغان دەسلەپكى چاغلاردىن تارتىپلا فىقھى ساھەسىدە، ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە رىئايە قىلغان ھالدا ئىبادەت، مۇئامىلە، ئىش - ھەرىكەت... ۋاھاكازالارنى ئىجرا قىلىپ كەلگەن بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەنەفىي مەزھىبى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسىم مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت، پىكىر - تەپەككۇر، ھەتتا ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن بۇيانقى تارىخىنىڭ بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھەممە بىلىدۇ. ھالبۇكى، مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بويان خەلقىمىزنىڭ دىنىي ئېڭى ۋە سەۋىيىسىگە ماس بىرەر فىقھى كىتابىنىڭ، خۇسۇسەن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ھەنەفىي مەزھىبىگە ئائىت ساغلام ۋە توغرا شەكىلدە يېزىلغان بىرەر كىتابنىڭ ئۇيغۇر ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن يېزىلمىغانلىقى، ھېچبولمىغاندىمۇ تەرجىمە قىلىنمىغانلىقىنى نادانلىق ئىبارىسى بىلەنمۇ، چارىسىزلىك دېيىش بىلەنمۇ ئىزاھلاپ بەرگىلى بولمىسا كېرەك. مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بويان سۇ ۋە ھاۋاغا ئوخشاش ئېھتىياجلىق بولۇپ كېلىۋاتقان، بىراق ھېچبىر شەكىلدە روياپقا چىقىرىلمىغان بۇ خىل بوشلۇقلارنى «يېڭى ئۇسلۇبتىكى ھەنەفىي فىقھىسى» ناملىق بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق بولسىمۇ تولدۇرۇشقا تىرىشىشنى ئەڭ جىددىي ۋەزىپە، دەپ قارىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغان ھالدا «بىسمىللاھ» دېدۇق، نەتىجىدە جانابى ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن كىتاب تەرجىمە قىلىندى...

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! كىتابنى ئوقۇش جەريانىدا تۆۋەندىكى ئىزاھات ۋە ئەسكەرتىشلەرنى ئەستىن چىقارمىغايسىز...

بىرىنچى: چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن ئەرەب تىلى گىراماتىكىسىغا دائىر بەزى مەزمۇنلارنى بىرمۇ بىر ئەمەس، بەلكى مەزمۇن بويىچە تەرجىمە قىلىندى. زۆرۈر بولمىغان ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم تەپسىلاتلار چىقىرىپ تاشلاندى.

ئىككىنچى: تەرجىمە جەريانىدا، ئۇيغۇر تىلىغا ماس كەلمەيدىغان بەزى نۇقتىلارنى

ئۆزگەرتكەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئامال بار كىتابنىڭ ئەسلى ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشتۇق.

ئۈچىنچى: ئاپتۇر، «يېڭى ئۇسلۇبتىكى ھەنەفىي فىقھىسى» ناملىق بۇ ئەسىرىنىڭ ئەتراپلىق ۋە بارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پارچە ئەسەر بولۇشنى مەقسەت قىلغان بولسا كېرەك، مەسىلىلەر ئۈستىدە ناھايىتى ئەتراپلىق توختالغان؛ ئوخشاش بىر مەسىلە ئۈچۈن, تارىختا ئۆتكەن كۆپ ساندىكى مەشھۇر ھەنەفىي ئۆلىمالىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاراشلىرىنى ئۆز پېتى نەقىل كەلتۈرگەن. شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغىنىدەك ئوخشاش بولمىغان مەزمۇندىكى پىكىرلەرنى ئۇچراتقىنىدا، بىرىنى توغرا، يەنە بىرىنى خاتا، دەپ يەكۈن چىقارماستىن، بۇلارنىڭ ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ پىكىر بايلىقى، دەپ چۈشىنىشىنى، نەقىللەرنىڭ بۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلىپ قېلىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

تۆتىنچى: ناھايىتى ئاز بىر قىسىم جايلاردا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىنىڭ ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، بەزى يەر - جاي ئىسىملىرى ۋەتىنىمىزدىكى بەزى شەھەرلەرنىڭ ئىسمى بويىچە بېرىلدى، بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولۇپ قېلىشىڭلارنى سورايمىز.

كىتابنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا سەھۋەنلىك ۋە خاتالىقلاردىن خالىي بولالمىغان بولۇشىمىز مۇمكىن. شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەيلى تەرجىماننىڭ خاتالىقى ياكى تەھرىرنىڭ سەۋەنلىكى سەۋەبىدىن ئوتتۇرىغا چىققان خاتالىقلار ياكى كەمچىلىكلەر بولسا، قەتئىي ئىككىلەنمەستىن ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزىنىڭ مۇناسىۋەتلىك كىشىلىرىنىڭ بىرىگە يەتكۈزۈپ قويۇشۇڭلارنى، شۇنداقلا دوستانە پىكىر، تەلەپ ۋە تەۋسىيەڭلارنى ئايىماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاخىرىدا بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىشىغا بىۋاستە كۈچ چىقارغان، رىياسەتچىلىك قىلغان، تەھرىرلىك خىزمەتلىرىنى ئۈستىگە ئالغان، شۇنىڭدەك كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن كۈچ چىقارغان بارلىق كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئۈچۈن ئوقۇرمەن دوستلارنىڭ دۇئالىرىنى ئايىماسلىقنى سورايمىز.

ھۆرمەت بىلەن: ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

# بەشنچى قىسمىنىڭ مۇقەددىمىسى

جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله غا خاستۇر! الله نىڭ چەكسىز رەھمىتى ۋە سالامى بىزگە توغرا يولنى يۇرۇتۇپ بەرگۈچى يېتەكچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە ئۇلارغا قىيامەت كۈنىگىچە ئەگەشكەنلەرگە بولسۇن!

مەن الله تائالانىڭ پەزلى ـ مەرھەمىتى، ئېھسانى ۋە ياردىمى بىلەن بەش قىسىملىق بۇ كىتابنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا پۈتتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولدۇم. ئۇلۇغ ئىگىمىز الله تائالانىڭ بۈيۈكلىكىگە ۋە پادىشاھلىقىنىڭ كاتتىلىقىغا لايىق رەۋىشتە ھەمدۇسانالار بولسۇنكى، مەن بۇ مۇبارەك فىقھى كىتابىنىڭ ئاخىرقى قىسمىنىڭ كىرىش سۆزىنى يېزىۋاتقىنىمدا، بۇ مۇۋەپپىقىيەتنىڭ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ۋە كاتتا نېمەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. ھەممىگە ئېنىقكى، ياردەم تىرىشچانلىقتىن كېيىن كېلىدۇ. الله تائالانىڭ ماڭا بەرگەن ياردىمى ناھايىتى بۈيۈك ۋە چوڭ بولۇپ، مەن ئۇنىڭ شۈكرىسىنى ئادا قىلىشتىن ھەقىقەتەن ئاجىزلىق قىلىدىغانلىقىمنى ھېس قىلماقتىمەن. شۇڭا گۇناھلىرىم ئۈچۈن الله تائالادىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ تەۋبە قىلىمەن.

كۆپ قىسىملىق بۇ مۇبارەك فىقھى ئەمگەكنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا پۈتۈپ چىقىشىنى خالىمايدىغان بەزىلەر تەرىپىدىن تۈرلۈك توسالغۇلارغا يولۇققان بولساممۇ، الله تائالانىڭ ياردىمىنىڭ پەزىلىتى ۋە مېنىڭ بۇ يولدا چىڭ تۇرۇشۇم نەتىجىسىدە بۇ كىتابنى غەلىبىلىك ھالدا تاماملاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇش ئالدىدا تۇرماقتىمەن. الله غا ھەمدۇسانالار بولسۇنكى، ئۇنىڭ كۆپ قىسمىنى تاماملاپ بولۇپ، ئاخىرىنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرۇۋېتىمەن.

كىتابنىڭ بۇ قىسمى بىرقانچە فىقھي بۆلۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بىرىنچى بۆلۈمى شېرىكچىلىك ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى، بىرى مەبلەغ ۋە يەنە بىرى كۈچ چىقىرىپ تۈزۈشكەن مۇئامىلە، تېرىقچىلىق، دەل ـ دەرەختە ئورتاق بولۇش، تەقسىمات، بوز يەر ئېچىش ۋە سۇنى قانداق تەقسىم قىلىش ھۆكۈملىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىككىنچى بۆلۈمى يېمەك ـ ئىچمەك ھەققىدە بولۇپ، يېمەك ـ ئىچمەك فىقھىسى مال بوغۇزلاش، قۇربانلىق قىلىش ۋە ئوۋ ئوۋلاش قاتارلىقلارنىڭ ھۆكۈملىرىنى، شۇنداقلا، گۆشنى

يېيىش ھالال ۋە گۆشنى يېيىش ھارام بولغان ھايۋانلارنىڭ بايانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇچىنچى بۆلۈمى چەكلەنگەن، رۇخسەت قىلىنغان ئىشلارنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا خىلمۇ ـ خىل مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ كىتابنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەل بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، <ئەلفىقھۇل ئەكبەر> ناملىق فىقھىنىڭ قىسقارتىلمىسىنى بۇ كىتابنىڭ خاتىمىسىنىڭ باش تاجىسى قىلىشنى، بۇ ئارقىلىق الله تائالانىڭ دەرگاھىدا نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدىغان ئىسلام ئەقىدىسىنى بايان قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. بۇ قىسقارتىلمىنى ھازىرلاشتا <ئەلھىدىييە ئەلئەلائىييە> ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى بۇ كىتابنىڭ ئاخىرىدا يازغان تېمىلاردىن، شۇنداقلا، ھىجرىيە 14 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا ھەمات شەھىرىدىكى <سۇلتان مەسجىدى> دە ئۇ كىتابتىن دەرس بېرىۋاتقان كۈنلىرىمدە ئۇنىڭ ھاشىيەلىرىگە يېزىپ قالدۇرغان ئىزاھاتلىرىمدىن پايدىلاندىم.

الله تائالادىن بۇ كىتابىمنى ئۆزىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس قىلىنغان ئەمگەك قاتارىدا مەندىن قوبۇل قىلىشىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشىنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

ئەلۋەتتە بۇ كىتابنى ھەرخىل سەۋەنلىك ۋە خاتالىقلاردىن خالىي دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئىلىم ئىگىلىرى بولغان قېرىنداشلىرىمدىن بۇ كىتابتا بىرەر سەۋەنلىك ياكى خاتالىقنى ئۇچراتقاندا سەمىمگە سېلىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. دىن ھەققەتەن نەسىھەتتۇر. ئىلىم ئىگىلىرى بىر ـ بىرىگە نەسىھەت قىلىپلا تۇرىدىكەن، ھەمىشە ياخشىلىقتا بولغان بولىدۇ. الله تائالا ئۆزىنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدىن باشقا ھېچقانداق كىتابنى خاتالىقلاردىن ساقلاشقا كاپالەتلىك بەرمىگەن. بىزنىڭ يېتەكچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە تابىئىنلەرگە الله نىڭ چەكسىز رەھمىتى ۋە كۆپتىن ـ كۆپ سالامى بولسۇن! جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله غا خاستۇر.

الله تائالانىڭ ئاجىز بەندىسى

ئابدۇلھەمىد مەھمۇد تەھماز

مەككە مۇكەررەمە

ھىجرىيە 1421 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى / مىلادىيە 2000 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

# شېرىكچىلىك

## شېرىكچىلىكنىڭ ئۇقۇمى

شېرىكچىلىك دېگەن سۆز لۇغەتتە «ئارىلاشتۇرماق» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. چۈنكى ئارىلاشتۇرۇش شېرىك بولۇشنىڭ سەۋەبىدۇر. شېرىكچىلىكنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم كۆچمە مەنىدە پۈتۈشۈشكىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى پۈتۈشۈش شېرىك بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ. ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئالاقە سەۋەب ئالاقىسىدۇر.

شېرىكچىلىك سۆزىگە <ئەلفەتھۇ> ناملىق كىتابتا مۇنداق ئۇقۇم بېرىلگەن: «شېرىكچىلىك لۇغەتتە ئىككى ئۇلۇشنى بىر - بىرىدىن ئايرىيالمىغۇدەك دەرىجىدە ئارىلاشتۇرۇشنى ئىپادىلەيدۇ». ئۇ سۆزگە «ئىككى ئۇلۇشنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىدۇر» دەپمۇ ئۇقۇم بېرىلگەن بولۇپ، ئەمما بۇ ئۇقۇم توغرا ئەمەس. چۈنكى شېرىكچىلىك ئەرەب تىلىدا سۆز تومۇرىنىڭ ئىسمىدۇر. سۆز تومۇرى «شېرىك بولماق» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، مەن پالانى ئادەمگە شېرىك بولدۇم، ئۇنى شېرىك قىلىۋالدىم» دېگەن سۆزدىن چىقىدىغان سۆز تومۇرى «شېرىك بولماق» دېگەندىن ئىبارەتتۇر. بۇنىڭدىن شېرىكچىلىك ئىنساننىڭ ئىش - ھەرىكىتى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىش - ھەرىكىتى ئارىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. ئەمما ئارىلىشىپ كېتىش مالنىڭ سۈپىتى بولۇپ، ئىككى ئۇلۇشنى ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن مەيدانغا كېلىدۇ.

ئۇ سۆزگە شەرىئەتتە مۇنداق ئۇقۇم بېرىلىدۇ: «شېرىكچىلىك ئىككى شېرىكنىڭ ئەسلى دەسمايىدە ۋە پايدىدا ئورتاق بولۇشنى مەقسەت قىلىپ پۈتۈشكەن ئەھدىدىن ئىبارەتتۇر»[1].

بەزى ئالىملار ئۇ سۆزگە: «ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئۇلۇشنى ئايرىلمايدىغان دەرىجىدە ئارىلاشتۇرۇش» دەپ ئۇقۇم بەرگەن. كېيىنكى كۈنلەردە گەرچە ئوتتۇرىدا ئىككى ئۇلۇشنى ئارىلاشتۇرۇش مەۋجۇت بولمىسىمۇ، شېرىكچىلىك ئىسمى ئارىدا پۈتۈشكەن ئەھدىگە ئىشلىتىلىپ كەلگەن[2].

دېمەك، شېرىكچىلىك شەرىئەتتە ئارىلاشتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. شۇنداقلا كۆچمە

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 3 - توم، 333 - بەت.

(2) «ئەل تەئرىفات لىلجۇرجانىي».

مەنىدە ئىككى ئوتتۇرىدىكى پۈتۈشۈشكىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى ئالىملارنىڭ شېرىكچىلىكنى پۈتۈشۈش شېرىكچىلىكى ۋە ئىگىدارچىلىق شېرىكچىلىكى، دەپ ئىككىگە بۆلۈشتىن ئىبارەتتۇر. الله خالىسا، بۇ ھەقتە ئالدىمىزدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

## شېرىكچىلىكنىڭ يولغا قويۇلىشى

شېرىكچىلىك قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ئارقىلىق يولغا قويۇلغان. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچى ئاتا ـ ئانىسىز، بالىسىز ئەر ياكى ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ پەقەت ئانا بىر قېرىندىشى ۋە ئانا بىر ھەمشىرىسى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە مىراسنىڭ ئالتىدىن بىرى تېگىدۇ. ئەگەر مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ (يەنى مىراس قالدۇرغۇچى مېيىتنىڭ ئانا بىر، ئاتا باشقا) قېرىنداشلىرى ۋە ھەمشىرىلىرى بۇنىڭدىن (يەنى بىردىن) كۆپ بولسا، ئۇ چاغدا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئورتاق تەقسىم قىلىنىدۇ. (بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ياكى قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ. (مىراس قالدۇرغۇچى ئادەمنىڭ) ۋەسىيىتى ۋارىسلارغا زىيان يەتكۈزمەيدىغان بولىشى كېرەك. ئۇ الله تەرىپىدىن قىلىنغان تەۋسىيىدۇر، الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)»[(1)]، «داۋۇد ئېيتتى: «ئۇ سېنىڭ ساغلىقىڭنى ئۆزىنىڭ ساغلىقلىرىغا قوشۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىپ راستلا سېنى بوزەك قىلىپتۇ، نۇرغۇن شېرىكلەر (يەنى دوستلار)، شۈبھىسىزكى، بىر ـ بىرىگە چېقىلىدۇ، پەقەت ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارلا (بىر ـ بىرىگە چېقىلمايدۇ) بۇلار ئازدۇر»»[(2)]. بۇ ئايەتتىكى شېرىكلەر ماللىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ شېرىك بولغانلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىس قۇددۇسىدا مۇنداق دېگەن: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله مۇنداق دەيدۇ: ئىككى شېرىكنىڭ بىرى يەنە بىرىگە خىيانەت قىلمىسىلا، مەن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۈچىنچىسىمەن. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىگە خىيانەت قىلسا، مەن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى شېرىكچىلىكتىن چىقىپ كېتىمەن»[(3)].

ئىنسانلار شېرىكچىلىك ئىشى بىلەن مۇئامىلە قىلىشىۋاتقان كۈنلەردە مۇھەممەد

(1) سۈرە نىسا 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) سۈرە ساد 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) ئىمام ئەبۇداۋۇد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ ئىشنى مۇقەررەرلەشتۈردى.

سائىب ئىبنى ئەبۇ سائىبتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: «سەن ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرىدىكى شېرىكىم ئىدىڭ، سەن ھەقىقەتەن ياخشى شېرىك ئىدىڭ. ماڭا بەك يول قويۇپ كەتمەيتتىڭ، مەن بىلەن جېدەلمۇ قىلمايتتىڭ». بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەدىسنىڭ ئەسلى تېكىستى مۇنداق: «سەن مېنىڭ شېرىكىم ئىدىڭ، سەن بەكمۇ ياخشى شېرىك ئىدىڭ، بەك يول قويۇپ كەتمەيتتىڭ، جېدەلمۇ قىلمايتتىڭ». بۇ ھەدىسنى ئىمام نەسائى ۋە ھاكىممۇ رىۋايەت قىلغان.

ئەبۇمىنھالنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: زەيد ئىبنى ئەرقەم بىلەن بەرا ئىبنى ئازىب ئىككىسى شېرىك ئىدى. ئۇ ئىككىسى نەق ھەم نېسى قىلىپ كۈمۈش سېتىۋالدى. بۇ خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېتىپ باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى: «نەق بولغان سودىغا ئەمەل قىلىڭلار، نېسى بولغان سودىنى قايتۇرۇۋېتىڭلار» دەپ بۇيرۇدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە بۇخارى رىۋايەت قىلغان. ئىمام بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «قولمۇقول بولغان مالنى ئېلىڭلار، نېسى بولغان مالنى قايتۇرۇۋېتىڭلار».

مانا بۇ ھەدىس شېرىكچىلىكنىڭ يولغا قويۇلغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.[1]

ئىمام ئەبۇداۋۇدنىڭ <سۈنەن> ناملىق كىتابىدا ۋە ھاكىمنىڭ <مۇستەدرەك> ناملىق كىتابىدا ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئىككى شېرىكنىڭ بىرى يەنە بىرىگە خىيانەت قىلمىسىلا، مەن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۈچىنچىسىمەن. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىگە خىيانەت قىلسا، مەن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى شېرىكچىلىكتىن چىقىپ كېتىمەن». رەزىن بۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا: «ئاندىن شەيتاننىڭ قولى كېلىدۇ» دېگەن جۈملىنى ئارتۇق رىۋايەت قىلغان. ئىمام دارۇقۇتنى بۇ ھەدىسنى مۇنداق رىۋايەت قىلغان: «ئىككى شېرىكنىڭ بىرى يەنە بىرىگە خىيانەت قىلمىسىلا، الله نىڭ قولى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ. ئەگەر ئىككىسىنىڭ بىرى خىيانەت قىلسا، الله قولىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن تارتىۋالىدۇ».

شەك ـ شۈبھىسىزكى، شېرىكچىلىكنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنى بۇ ھەدىس ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان ھەدىسلەر ئېنىق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەيغەمبەر

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 13 ـ توم، 68 ـ بەت.

ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن تارتىپ تا ھازىرغىچىلىك شىرىكچىلىكنىڭ مىراس قىلىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلىش ھازىرغىچىلىك ئۇزۇلمەي داۋام قىلغان بولۇپ، ئۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يەنە باشقا ھەدىسنىڭ بولۇشىغا ئېھتىياج يوق.[1]

## شىرىكچىلىكنىڭ تۈرلىرى

شىرىكچىلىك، ئىگىدارچىلىق شىرىكچىلىكى ۋە پۈتۈشۈش شىرىكچىلىكىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

## ئىگىدارچىلىق شىرىكچىلىكى

بۇ ئىگىدارچىلىق خاسلىقنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ، ئىككى كىشىنىڭ ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ كىشىنىڭ مۇئەييەن مالغا مىراس ئېلىش، سودا ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان بىرەر سەۋەب بىلەن مەجبۇرىي ياكى ئىختىيارىي ھالدا ئىگە بولۇشىدۇر. مەسىلەن، بىر كىشى مەلۇم نەرسىنى سېتىۋالدى، ئاندىن ئۇنىڭغا باشقا بىرىنى شېرىك قىلدى. مىراس بىلەن شېرىك بولۇش بولسا مەجبۇرىي شىرىكچىلىكتۇر، سېتىۋېلىش بىلەن شېرىك بولۇش بولسا ئىختىيارىي شىرىكچىلىكتۇر. ئىككى كىشىنىڭ مېلى ئۆزلىگىدىن ئارىلىشىپ كەتكەن بولسا، بۇمۇ مەجبۇرىي شىرىكچىلىككە كىرىدۇ. ئەگەر ئىككى كىشى مەلۇم ھەدىيەگە ئېرىشكەن ياكى ئۇرۇش جەريانىدا دۈشمەننىڭ مېلىنى ئېلىۋالغان ياكى ئىككىسىنىڭ مېلى ئايرىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئارىلىشىپ كەتكەن (بۇ ھەقتە ئالدىمىزدا توختىلىمىز) ۋە ياكى ھەر ئىككىلىسى شېرىك بولغان مۇئەييەن مېلىنى ۋەسىيەت قىلىشنى (يەنى باشقىلارغا قالدۇرۇشنى) قوبۇل قىلغان بولسا، بۇمۇ مەجبۇرىي شىرىكچىلىككە كىرىدۇ.

ئىگىدارچىلىق شىرىكلىرىنىڭ ھەربىرى شېرىكىنىڭ مېلىنى ئىشلىتىش ۋاكالىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى زىيانلىق شەكىلدە ئىشلىتەلمەسلىكتە يات كىشىگە ئوخشايدۇ.

<زىيانلىق شەكىلدە> دېگەن سۆز بىلەن زىيانلىق بولمىغان شەكىلدە ئىشلىتىش ئايرىپ قارىلىدۇ. مەسىلەن، ئۆي، خىزمەتچى، يەر قاتارلىقلاردىن شېرىكى يوق چاغدىمۇ پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 5 ـ توم، 377 ـ بەت.

شېرىكلەرنىڭ بىرىنىڭ ئۆز ھەسسىسىنى شېرىكىدىن باشقا بىرىگە بولسىمۇ ئۇ شېرىكىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ سېتىش ھەققى بار. ئەمما ئىككىسىنىڭ مېلى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن بولسا، مەسىلەن، بۇغداينى ئارپىغا ئارىلاشتۇرىۋەتكەنگە ئوخشاش ياكى بىنا، دەل - دەرەخ ۋە زىرائەتكە ئوخشاش ئارىلىشىپ كەتكەن ئورتاق مال بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئۆز ھەسسىسىنى شېرىكىدىن باشقا بىرىگە ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز سېتىشى توغرا بولمايدۇ.

بۇنى مۇنداق پەرقلەندۈرۈش لازىم، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى شېرىكچىلىك ئۇلارنىڭ بۇغداي سېتىۋېلىشى بىلەن ياكى بۇغدايغا مىراسخورلۇق قىلىشى بىلەن باشلانغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەر بىر دان ئورتاق بولغان بولىدۇ. ھەر بىرى ئۆز ھەسسىسىنى شېرىكىگە ساتسىمۇ، يات كىشىگە ساتسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ. ئەگەر ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى شېرىكچىلىك بۇغداينى ئارىلاشتۇرىۋەتكەن سەۋەبتىن باشلانغان بولسا، ئىگىدارچىلىق قىلىنغان ھەر بىر داندا باشقا بىرىنىڭ شېرىكچىلىك قىلىش ھەققى يوق. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۆز ھەسسىسىنى شېرىكىدىن باشقا بىرىگە ساتسا، ئۇنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە قادىر بولالمايدۇ، پەقەت شېرىكىنىڭ ھەسسىسى بىلەن ئارىلاش ھالدا تاپشۇرۇپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا بۇ شېرىكىنىڭ رۇخسىتىگە قاراشلىق بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇنى شېرىككە ساتسا، تاپشۇرۇپ بېرىش ۋە تاپشۇرۇپ ئېلىشقا قادىر بولغانلىقى ئۈچۈن دۇرۇس بولىدۇ.

شېرىككە ياكى ساتقۇچىغا ۋە ياكى سېتىۋالغۇچىغا زىيان كەلتۈرىدىغان نەرسىنى سېتىشمۇ ئارىلاش مالنى ساتقانغا ئوخشايدۇ. مەسىلەن، بىنادىكى ياكى دەل - دەرەختىكى ھەسسىسىنى سېتىشقا ئوخشاش ۋە ئورتاق قورودىكى مۇئەييەن بىر ئېغىزلىق ئۆينى ساتقانغا ئوخشاش. ئەگەر مالنى ئىككىسىنىڭ بىرى يەنە بىرىنىڭ رۇخسىتىسىز ئارىلاشتۇرىۋەتكەن بولسا، ئارىلاشتۇرىۋەتكۈچى شېرىكىنىڭ مېلىغا ئىگە بولىدۇ ۋە چېقىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئوخشاش مالنى تۆلەپ بېرىشنى ئۈستىگە ئالىدۇ.[1]

# ئىگىدارچىلىق شېرىكچىلىكىنىڭ ھۆكۈملىرى

ئىگىدارچىلىق شېرىكچىلىكى <مۇئەييەن شېرىكچىلىك> دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىگە كەلسەك، بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى مۇئەييەن بىر قۇلغا ئۇ ئىككىسى ئورتاق ئىگە بولۇدىغانلىقى شەرتى بىلەن ئۇ قۇلنى سېتىۋېلىشقا بۇيرۇغان بولسا، ئاندىن ئۇ بېرىپ ئۇ قۇلنى سېتىۋالغان ۋە ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 - توم، 333 - بەت.

مەخسۇس سېتىۋالغانلىقىغا گۇۋاھچى كەلتۈرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ قۇل ئىككىسىگە ئەۋە بولىدۇ. چۈنكى سېتىۋالغۇچى باشقا بىرى تەرىپىدىن مۇئەييەن بىر نەرسىنىڭ يېرىمىنى سېتىۋېلىشقا ۋەكىل قىلىندى. شۇڭا ۋەكىل قىلغۇچى ھازىر بولماي تۇرۇپ ۋەكىل قىلىنغۇچى ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشقا قادىر بولالمايدۇ.

مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، ئىككى كىشى شۇ كۈندە ھەربىرىنىڭ سېتىۋالغان نەرسىسى ئۈچۈن شېرىك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، سېتىۋېلىنغان نەرسە ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئورتاقتۇر. شۇ كۈندە ئىككىسىنىڭ بىرى يەنە بىر شېرىكى ھازىر بولماي تۇرۇپ شېرىكچىلىكتىن يېنىۋېلىشقا قادىر بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەر بىرى يەنە بىرىنىڭ ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر ۋەكىل تەيىنلىگۈچى ئۆزى تەيىنلىگەن ۋەكىلى يوق يەردە ئۇ ۋەكىلنى ۋەكىللىك ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىۋەتكەنلىكىگە بىراۋنى گۇۋاھ قىلسا، دۇرۇس بولمايدۇ. ھەتتا ۋەكىل ئۆزىنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغانلىقىنى بىلىشتىن ئىلگىرى ئىجرا قىلغان ئىشلار يەنە بىرىنىڭ ئۈستىگىمۇ ئوخشاشلا يۈكلىنىدۇ. شېرىكچىلىك ئىشىمۇ مۇشۇنداق بولىدۇ.

ئەگەر شېرىكلەردىن بىرى يەنە بىر شېرىكىنى ئىككىسى ئۈچۈن مەلۇم بىر قۇلنى سېتىۋېلىشقا بۇيرۇغان، بۇيرۇلغۇچى ماقۇللۇقىنى بىلدۈرگەن، ئاندىن ئۇنىڭغا ئىككىنچى بىرى ئۇچراپ، بۇ قۇلنى (يەنى ئالدىنقى شېرىك سېتىۋېلىشقا بۇيرۇغان قۇلنىڭ ئۆزىنى) ئىككىمىز ئۈچۈن سېتىۋالغىن، دېگەن، بۇيرۇلغۇچى ئۇنىڭغىمۇ ماقۇللۇقىنى بىلدۈرگەن، ئاندىن ئۇ قۇلنى سېتىۋالغان بولسا، قۇل ئىككى بۇيرۇغۇچىغا تەۋە بولغان بولىدۇ. بۇيرۇلغۇچىغا بولسا ھېچ نەرسە قالمايدۇ. چۈنكى بىرىنچى كىشى ئۇنى ئۇ قۇلنىڭ يېرىمىنى ئۆزى ئۈچۈن سېتىۋېلىشقا ۋەكىل قىلدى، ئۇ بۇنىڭغا قوشۇلدى. شۇڭا ئۇ، ئۇ قۇلنىڭ يېرىمىنى ئۆزى ئۈچۈنمۇ، باشقا بىرى ئۈچۈنمۇ سېتىۋېلىشقا ئىگە ئەمەس. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن سېتىۋېلىشقا ئىگە بولالمىغان نەرسىنى باشقا بىرى ئۈچۈن سېتىۋېلىشقا ئەلۋەتتە ئىگە بولالمايدۇ. ئىككىنچى كىشى ئۇنى ئۇ قۇلنى ئىككىسى ئۈچۈن سېتىۋېلىشقا بۇيرۇغاندا يېرىمىنى ئۆزى ئۈچۈن سېتىۋېلىشقا بۇيرۇدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ قۇلنىڭ قالغان يېرىمى ئىككىنچى كىشىگە مەنسۇپ بولۇپ كەتتى. چۈنكى ھەر ئىككىلىسىنىڭ مەقستى بۇ سودىنى توغرا رەۋىشتە قىلىشتۇر. بۇيرۇلغۇچى ئۇنى قوبۇل قىلغاندۇر. ئۇنى توغرا رەۋىشتە قىلىش پەقەت ئۇنىڭ شۇ بۇيرۇقنى قوبۇل قىلىشى بىلەنلا مۇمكىن بولىدۇ.

بىر ئادەم بىر قۇلنى سېتىۋالغان ۋە ئۇنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن باشقا بىرى ئۇنىڭدىن ئۆزىنى بۇ قۇلغا شېرىك قىلىشنى تەلەپ قىلغان، قۇلنى

سېتىۋالغۇچى ئۇنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنى قۇلغا شېرىك قىلغان تەقدىردە، قۇلنىڭ يېرىمى شېرىك بولۇشنى تەلەپ قىلغۇچىغا تەۋە بولىدۇ، لېكىن ئۇ قۇلنىڭ پۇلىنىڭ يېرىمىنى شېرىك قىلىشقا ماقۇل بولغۇچىغا بېرىدۇ. شېرىكچىلىك باراۋەرلىكنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەھۋال مۇشۇنداق بولىدۇ. الله تائالا باراۋەرلىك ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ چاغدا مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئورتاق تەقسىم قىلىنىدۇ»[1] بىراق ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا ئوچۇق بايان قىلىش كېرەك. ئەگەر قۇلنى سېتىۋالغۇچى ئۇنىڭغا ئىككى كىشىنى شېرىك قىلسا، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ئۈچتىن بىرى (يەنى ئۈچتىن بىر ئۈلۈشى) تەۋە بولىدۇ.

ئەگەر ئىككى كىشى بىر قۇلنى ئورتاق سېتىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا يەنە ئۈچىنچى بىر كىشىنى شېرىك قىلسا، قىياسقا ئاساسەن، قۇلنىڭ يېرىمى كېيىن شېرىك بولغان كىشىگە تەۋە بولىدۇ. باشتا سېتىۋالغان ئىككىسىگە قالغان يېرىمى (يەنى ھەر بىر سېتىۋالغۇچىغا تۆتتىن بىرى) تەۋە بولىدۇ. چۈنكى سېتىۋالغۇچىلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزىنىڭ ھەسسىسىنىڭ يېرىمىنى شېرىك بولغۇچىغا بەرگەن بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا قۇلنىڭ يېرىمى كېيىن شېرىك بولغۇچىغا تەۋە بولىدۇ.

ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن كېيىن شېرىك بولغۇچىغا ئۈچتىن بىرى تەۋە بولىدۇ. چۈنكى سېتىۋالغۇچىلار ئۇنى شېرىك قىلغان ۋاقىتتا ئۆزلىرى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغان بولۇپ، گويا ئۈچىنچى كىشىمۇ ئۇ قۇلنى ئۇلار بىلەن بىرلىكتە سېتىۋالغاندەك بولىدۇ.

ئەگەر بىراۋنى ئىككى شېرىكنىڭ بىرى ئۆز ھەسسىسىگە ۋە شېرىكىنىڭ ھەسسىسىگە شېرىك قىلىپ قېتىۋالماقچى بولغان، شېرىكى ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشىغا رۇخسەت بەرگەن بولسا، يېڭى شېرىك بولغۇچىغا قۇلنىڭ يېرىمى، بۇرۇنقى ئىككى شېرىككە قالغان يېرىمى تەۋە بولىدۇ. ئۇنىڭ شۇنداق بولۇشى ناھايىتى ئېنىقتۇر.

ئىبنى سەمائە، ئەبۇيۇسۇف (الله ھەر ئىككىلىسىگە رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ مۇنداق قارايدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىككى شېرىكنىڭ بىرى بىر ئادەمگە، مەن سېنى بۇ قۇلغا شېرىك قىلدىم، دېسە، ئۇنىڭ شېرىكى بۇنىڭغا رۇخسەت قىلسا، قۇل ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۈچتىن بىر ئۈلۈشتىن تەقسىم بولىدۇ. چۈنكى ئاخىرقى ھېسابتىكى رۇخسەت باشتا بەرگەن رۇخسەتكە ئوخشايدۇ. ئەگەر ئىككى شېرىكنىڭ بىرى ئۇ ئادەمنى ئۆز ھەسسىسىگە شېرىك قىلسا، لېكىن قانچىلىك مىقدارغا شېرىك قىلغانلىقىنى ئېيتمىسا، ئاندىن يەنە بىر شېرىكمۇ شۇ ئادەمنى ئۆز ھەسسىسىگە

(1) سۈرە نىسا 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

شېرىك قىلسا، شېرىك بولغۇچىغا ئەسلى شېرىك مالنىڭ يېرىمى تەۋە بولىدۇ...

شۇنى بىلىش كېرەككى، يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسىدە شېرىكچىلىك سېتىۋالغۇچىنىڭ شېرىك قىلغان كىشى ئۈچۈن ساتقۇچى رولىنى ئوينىغانلىقى ئاساسىدا ئىسپاتلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ ئىگىدارچىلىق قىلغان مالدا ئۇنىڭدىن پايدىلاندى. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، كىمكى بىر قۇلنى سېتىۋالسا، ئاندىن ئۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالماي تۇرۇپ ئۇنىڭغا باشقا بىر كىشىنى شېرىك قىلسا، دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ قولىغا ئالمىغان نەرسىنى ساتقان بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇ كىشىنى ئۇ قۇلغا ئىگە قىلىشمۇ دۇرۇس بولمايدۇ.

ئەگەر ئۇنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن شېرىك قىلسا، لېكىن ئۇنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىشتىن ئىلگىرى قۇل ھالاك بولۇپ كەتسە، شېرىك بولغۇچىغا ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەش لازىم بولمايدۇ. چۈنكى سېتىلغان مال ساتقۇچىنىڭ قولىدا تاپشۇرۇپ بېرىشتىن ئىلگىرى ھالاك بولسا، سودا بۇزۇلىدۇ. شېرىكچىلىكتە چوقۇم شېرىك بولغۇچىنىڭ ماقۇللىقى ئېنىق بولۇشى كېرەك. چۈنكى «سېنى شېرىك قىلدىم» دېگەن سۆز ساتقانلىقنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەگەر ئۇ: «مەن سېنى ئۇنىڭغا شېرىك قىلمەن، لېكىن سەن مېنىڭ نامىمدا پۇلنى نەق ئۆتىشىڭ كېرەك» دېسە، شېرىكچىلىك بۇزۇلىدۇ. چۈنكى ئۇ توغرا بولمىغان شەرت ئاساسىدا قىلىنغان سودا بولۇپ، شېرىك بولغۇچى شېرىك قىلغۇچىنىڭ نامىدا ئۇنىڭغا تېگىشلىك بولغان يېرىمىنىڭ پۇلىنى نەق ئۆتىگەن بولىدۇ. ئەگەر ئۇ پۇلنى ئۇنىڭ نامىدا نەق ئۆتسە، نەق ئۆتىگەن پۇل ئۆزىگە قايتۇرۇلىدۇ. چۈنكى ئۇ شېرىك قىلغۇچىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىپ قويغان بولىدۇ. ئۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ ئۇ قۇلدا ھېچ ھەققى بولمايدۇ. چۈنكى شېرىكچىلىك بۇزۇلدى، ئالماي تۇرۇپ بۇزۇلغان سودا ھېچ نەرسىنى تېگىشلىك قىلمايدۇ.

ئەگەر بىرى قۇلنىڭ يېرىمىنى ئالسا، ئاندىن ئۇنىڭغا يەنە بىر كىشىنى شېرىك قىلسا، يېڭى شېرىك بولغۇچى شېرىك قىلغۇچىغا تەۋە بولغان يېرىمىنىڭ يېرىمىغا ئەمەس، بەلكى قۇلنىڭ تولۇق يېرىمىغا ئىگە بولىدۇ. چۈنكى شېرىكچىلىك مۇئامىلىسى تەڭ بولۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇنىڭ شېرىك قىلىشى قۇلنىڭ ھەممىسىگە قارىتىلسا ئاندىن توغرا بولىدۇ، ئاندىن ئېلىش شەرتى مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن ئېلىنغان قىسمىمۇ توغرا بولىدۇ. چۈنكى ئىشلىتىشنىڭ توغرا بولۇشى سۆزگە خىلاپ بولمايدىغان رەۋىشتە بولۇشى كېرەك. سۆزنىڭ تەقەززاسى بولسا، ئۇنىڭ ئۇنى قۇلنىڭ ھەممىسىدە شېرىك قىلىشىدىن ئىبارەتتۇر.

ئەگەر بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە: «بۇ قۇلنى قايسىمىز سېتىۋالساق، يەنە بىرىمىز ئۇنىڭدا شېرىك بولمىز» دېسە، ياكى: «يەنە بىرىمىز سېتىۋالغۇچىغا ئۇ قۇلدا شېرىكتۇر» دېسە، توغرا بولىدۇ. چۈنكى ئىككىسىنىڭ ھەربىرى يەنە بىرىنى ئۇ قۇلنىڭ يېرىمىنى ئۆزى ئۈچۈن سېتىۋېلىشقا ۋەكىل قىلغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇنى قايسىسى سېتىۋالسا، يېرىمىنى ئۆزىگە، يېرىمىنى شېرىكىگە سېتىۋالغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالسا، ئىككىسى ئوخشاش ئالغان بولىدۇ. چۈنكى ۋەكىل قىلغۇچى ۋەكىلنى ئېلىشتىن مەنئى قىلمىغانلا بولسا، ۋەكىلنىڭ قولى ۋەكىل قىلغۇچىنىڭ قولىغا ئوخشاشتۇر. سېتىۋالغۇچى ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇ قۇل ئىككىسىنىڭ ئورتاق مېلى بولىدۇ.

ئەگەر ئۇ قۇلنى ئىككىسى بىرگە سېتىۋالسا ياكى ئۇلارنىڭ بىرى ئۇ قولنىڭ يېرىمىنى يەنە بىرىدىن بۇرۇن سېتىۋالسا، ئاندىن يەنە بىرى قالغان يېرىمىنى سېتىۋالسا، ھەر ئىككىلى شېرىكنىڭ مەقستى تاماملانغانلىقى ئۈچۈن قۇل ئۇ ئىككىسىنىڭ بولىدۇ.

ئەگەر ئىككىسىنىڭ بىرى مۇشۇ شەكىلدە پۇلنىڭ ھەممىنى نەق بېرىۋەتسە، گەرچە شېرىكى ئۇنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇمىغان تەقدىردىمۇ، شېرىكى پۇلنىڭ يېرىمىنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى ئىككىسىنىڭ دەسلەپتىكى پۈتۈشۈشى بىلەن ھەر بىرى يەنە بىرىنىڭ نامىدا ئۇنىڭغا تېگىشلىك مالنىڭ پۇلىنى نەق بېرىشتە ئۇنىڭ ۋەكىلى بولغان بولىدۇ. ناۋادا ئۇنى ئىككىسىنىڭ بىرى سېتىۋېلىپ، پۇلنى نەق بەرگەن بولسىمۇ شۇنداق بولىدۇ (يەنى يېرىمىنىڭ پۇلىنى ئىككىنچى شېرىك قايتۇرۇپ بېرىدۇ).

ئەگەر ئىككىسىنىڭ ھەر بىرى شېرىكىگە قۇلنى سېتىشقا رۇخسەت قىلغان بولسا، ئاندىن ئۇلارنىڭ بىرى ئۇ قۇلنىڭ يېرىمىنىڭ ئۆزىنىڭ بولۇش شەرتى بىلەن ساتقان بولسا، شېرىكىنىڭ ھەسسىسىنى يېرىم پۇلغا ساتقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ (شەرتلەشمەستىن) پەقەت يېرىمىنى ساتقان بولسا، ئەبۇھەنىفەنىڭ سۆزىنى قىياس قىلغاندا پۇلنىڭ ھەممىسى ۋە قۇلنىڭ قالغان يېرىمى ساتقۇچى بىلەن شېرىكى ئارىسىدا تەڭ تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەبۇيۇسۇف ۋە مۇھەممەدنىڭ سۆزىگە قىياس قىلغاندا سودا ساتقۇچىنىڭ ھەسسىسىگە خاس بولىدۇ.

بۇنىڭ مۇنداق ئىككى ئاساسى بار:

بىرىنچى، ئەبۇھەنىفەنىڭ قارىشىدا قۇلنى سېتىشقا تەيىنلەنگەن ۋەكىل ئۇنىڭ يېرىمىنى سېتىش ھەققىگە ئىگە. يېرىمىنى سېتىشقا تەيىنلەنگەن ۋەكىل شۇ يېرىمىنىڭ يېرىمىنى سېتىش ھەققىگە ئىگە. ئەبۇيۇسۇف بىلەن مۇھەممەدنىڭ

قارىشىدا بولسا ساتقۇچى ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ.

ئىككىنچى، كىمكى: «بۇ قۇلنىڭ يېرىمىنى ساڭا مىڭ تەڭگىگە ساتتىم» دېسە، يېرىمىنى مىڭ تەڭگىگە ساتقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ: «بۇ قۇلنى ساڭا ئۇنىڭ يېرىمى مېنىڭ بولۇشى شەرتى ئاستىدا مىڭ تەڭگىگە ساتتىم» دېسە، يېرىمىنى 500 تەڭگىگە ساتقان بولىدۇ.

ئۇنىڭ: «ئۇنىڭ يېرىمى مېنىڭ بولۇشى شەرتى ئاستىدا» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، ئۆزى ساتقان مالدا ئۆزىنى سېتىۋالغۇچىغا قوشقانلىق (شېرىك قىلغانلىق) بولىدۇ. گەرچە مال ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن پايدا ئالسا دۇرۇس بولىدۇ. مال ئىگىسى پاي قوشقان مالنى پاي قوشقۇچىدىن سېتىۋالغاندىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. دېمەك، ئۇ ئۆزىنىڭ مېلىنى سېتىۋالغان كىشى بىلەن بىرلىكتە سېتىۋالغان ھېسابلىنىدۇ. پۇل ئىككىسىنىڭ گەردىنىگە تەقسىم قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ مېلىنىڭ يېرىمى ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن ساقىت بولىدۇ. بەندىنىڭ يېرىمى پۇلنىڭ يېرىمى بىلەن سېتىۋالغۇچىغا قالىدۇ.

بىرى بىر قۇلنىڭ يېرىمىنى يۈز تەڭگىگە سېتىۋالغان، يەنە بىرى قالغان يېرىمىنى 200 تەڭگىگە سېتىۋالغان. ئاندىن ئىككىسى ئۇنى يا 300 تەڭگىگە يا 200 يۈز تەڭگىگە سودىلىشىپ ساتقان بولسا، بۇ ھالدا پۇلنى ئۇ ئىككىسى يېرىمدىن ئۈلۈشىدۇ.

ئەگەر ئىككىسى پايدىنى تەڭ ئېلىش شەرتى بىلەن ئۇنى يۈز تەڭگە پايدىسىغا ساتسا، پۇل ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئۈچ ھەسسە قىلىپ تەقسىم قىلىنىدۇ. چۈنكى سودىلىشىپ ساتقان پۇل ئەسلى ئىگىدارچىلىقنىڭ بەدىلى بولىدۇ. شۇڭا دەسلەپتىكى پۇل ئېتىبارغا ئېلىنماستىن بەلكى شۇ ۋاقىتتىكى ئىگىدارچىلىقنىڭ ئۆزى ھېسابقا ئېلىنىدۇ.

ئەمما بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش، بىر نەرسىنى ئىز پۇلغا سېتىپ بېرىش ۋە بىر نەرسىنى ئىز پۇلدىن ئەرزان سېتىپ بېرىش قاتارلىق سودىلاردا دەسلەپتىكى پۇل ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

قارىمامسەنكى بۇ سودىلار، تارتۇۋېلىنغان ماللاردا ئۇ ماللار پۇلغا سېتىۋېلىنمىغانلىقى ئۈچۈن توغرا بولمايدۇ. لېكىن ئۇلارنى سودىلىشىش يولى بىلەن سېتىش توغرا بولىدۇ.

ئەگەر سېتىۋېلىنغان مال (قىممەتتە) ئۆزى بىلەن تەڭ ئەمەس مالغا تېگىشىلگەن بولسا، دەسلەپتىكى پۇل ھېسابقا ئېلىنىپ، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئۈچ ھەسسە

قىلىپ تەقسىم قىلىنىدۇ، كېيىنكى پۇلمۇ شۇنداق قىلىنىدۇ.

ئۇنى مۇنداق ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەككى، ئەگەر بىز پۇلنى تەقسىم قىلىش ئۈچۈن بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسىدا دەسلەپتىكى پۇلنى ئەمەس، شۇ ۋاقىتتىكى پۇلنى ئېتىبارغا ئالساق، بۇ سودا ئىككىسىنىڭ بىرى ئۈچۈن بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى يەنە بىرى ئۈچۈن بىر نەرسىنى ئىز پۇلدىن ئەرزان سېتىپ بېرىش سودىسى بولۇپ قالىدۇ. ئىككىلىسى ئۆزلىرىنىڭ ھەسسىسىنى بىر نەرسىنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش سودىسى بىلەن سېتىشقا قارار قىلدى. شۇڭا چوقۇم دەسلەپتىكى پۇلنى ئېتىبارغا ئېلىش كېرەك. بۇ، سودىلىشىپ سېتىشنىڭ دەل ئەكسىچە بولىدۇ.[1]

## پۇتۇشۇش شېرىكچىلىكىنىڭ ئومۇمىي شەرتلىرى

پۇتۇشۇش شېرىكچىلىكى ئۈچۈن پۇتۇشۇلگەن مالنىڭ ۋاكالەتنى قوبۇل قىلىدىغان مال بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. بۇ، تەسەررۇپ قىلىش ئارقىلىق پايدىلىنىدىغان نەرسە ئىككى شېرىكنىڭ ئارىسىدا ئورتاق بولۇشى ئۈچۈندۇر. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىنىدىغان پۇتۇشۇش شېرىكچىلىكىنىڭ ھۆكمى ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ پايدىدا شېرىك بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى، ئىككىسىنىڭ ھەر بىرى قاراردا شېرىكىنىڭ ۋەكىلى ۋە ئاخىرقى ھېسابتا ئەسلى ئىگە بولغۇچى ھېسابلانمايدىغان تەقدىردە، سېتىۋېلىنغان مالنىڭ سېتىۋالغۇچىغا خاس بولغانلىقى ئۈچۈن ئېلىنغان پايدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئورتاق بولمايدۇ.

شۇڭا ئوتۇن ۋە چاۋا ـ چاتقال يىغىش، ئوۋ ئوۋلاش، تىلەپ ئېلىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش مۇباھ نەرسىلەردە شېرىكچىلىك بولمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ئۇنىڭ سەۋەبىنى بىۋاستە قىلغان كىشىگە خاس بولىدۇ.

پۇتۇشۇش شېرىكچىلىكى ئۈچۈن شېرىكچىلىك مۇئامىلىسىنى ئۈزۈپ قويىدىغان ئامىلىنىڭ بولماسلىقى شەرت قىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىككىسىنىڭ بىرى ئۈچۈن پايدىدىن مانچە پۇل ئايرىپ بېرىشنى شەرت قىلغانغا ئوخشاش. چۈنكى ئايرىپ بېرىش ئۈچۈن ئاتىغان پۇلدىن باشقا پايدا چىقماسلىقى مۇمكىن. ئەگەر ئاتىغان پۇلدىن باشقا پايدا چىقمىسا، شېرىكچىلىكىنىڭ ھۆكمىنى رەت قىلىش لازىم بولىدۇ.

پۇتۇشۇش شېرىكچىلىكى ئۈچۈن يەنە شېرىكچىلىك كاپالەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 5 ـ توم، 389 ـ بەت.

بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. شۇنداق بولغاندا ئىككىسىنىڭ ھەر بىرى شېرىكىنىڭ پايدىسىغا تېگىشلىك بولغان نەرسىدە ۋەكىلىنىڭ ئورنىدا، ئۇنىڭ زىيىنىغا تېگىشلىك بولغان نەرسىدە ئۇنىڭ نامىدىن كېپىلىنىڭ ئورنىدا بولىدۇ.

پۈتۈشۈش شېرىكچىلىكىنىڭ ھۆكمىگە كەلسەك، بۇ شېرىكچىلىك پايدىدا بولىدۇ. ئاتىغان پايدا چىقمىسا، شېرىكچىلىكىنىڭ ھۆكمىنى رەت قىلىش لازىم بولىدۇ.

شېرىكچىلىككە پۈتۈشكەندە گۇۋاھچى كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى يېزىپ قويۇش ياخشىدۇر. ئىمام مۇھەممەد ئۇنى قانداق شەكىلدە يازىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بۇ مالغا پالانى بىلەن پالانى شېرىك بولدى. ئۇلار الله تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىشقا، ئامانەتنى جايىدا ئادا قىلىشقا شېرىك بولدى». مۇشۇنداق يازغاندىن كېيىن ھەر ئىككىلىسى دەسمىي سالغان مالنىڭ مىقدارىنى يازىدۇ ۋە: «بۇ ئىككى شېرىكنىڭ قولىدىكى مالنىڭ ھەممىسى مۇشۇدۇر، ئۇلار بىرلىكتە ۋە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئالىدۇ ۋە ساتىدۇ. ھەر بىرى ئۆز پىكرى بىلەن ئىش قىلىدۇ، نەق ۋە نېسىگە ساتىدۇ» دەپ يازىدۇ.

مۇتلەق شېرىكچىلىككە پۈتۈشۈش بىلەنلا ئىككى شېرىكنىڭ ھەر بىرى شۇنداق (يەنى يۇقىرىدىكىدەك) قىلىشقا ئىگە بولىدۇ. لېكىن بەزى ئالىملار: «پەقەت ئۇنى ئوچۇق بىلدۈرگەندىلا ئاندىن شۇنداق قىلىشقا ئىگە بولىدۇ» دەپ قارايدۇ.

ئاندىن مۇنداق يازىدۇ: «چىققان پايدا ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئۇلارنىڭ سالغان دەسمايىسىگە قارىتا تەقسىم قىلىنىدۇ. تارتقان زىيان ياكى كېلىپ چىققان يامان ئاقىۋەتمۇ شۇنداق بولىدۇ». زىياننى دەسمايىنىڭ مىقدارىغا خىلاپ ھالدا شەرت قىلىشنىڭ باتىل ئىكەنلىكىدە ئىختىلاپ يوق. بىزنىڭ مەزھەپىمىزدە پايدىنى پەرقلىق ھالدا شەرت قىلىش توغرا بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئالدىمىزدا توختىلىپ ئۆتتىمىز. ئەگەر ئىككىسى پايدىنى پەرقلىق ھالدا ئېلىشقا شېرىك بولسا، ئۇنىمۇ ئېنىق يېزىشى كېرەك. ئىككىسى شېرىك بولۇش ۋاقتىتىن ئىلگىرى بىرى سېتىۋالغان نەرسىدە يەنە بىرى ئۆزىنىڭ ھەققى بارلىقىنى دەۋا قىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن شېرىك بولغان ئاي كۈننى ئېنىق يېزىش كېرەك.[1]

پۈتۈشۈش شېرىكچىلىكى سالغان دەسمايىگە قارىتا تۆت تۈرلۈك بولىدۇ؛ ئەگەر سالغان دەسمايە مال بولسا، تەڭ بولۇش (يەنى سالغان دەسمايە ۋە ئۇنى تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقىدا تەڭ بولۇش) شېرىكچىلىكى ۋە مالنىڭ مەلۇم مىقدارىدا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكى بولىدۇ. ئەگەر سالغان دەسمايە مالدىن باشقا نەرسە بولسا، قوبۇل قىلىش شېرىكچىلىكى ۋە نۇپۇز شېرىكچىلىكى بولىدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 337 ـ بەت.

# تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى

تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى ئەگەر ۋاكالەتنى ۋە كاپالەتنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، مەقسەتلىك ئەمەس، ئىختىيارىي ھالدا نامەلۇم نەرسىگە ۋاكالەتلىك قىلىشنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن تىجارەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇن شېرىكچىلىك بولىدۇ. شۇڭا تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكىدە ئىككى شېرىكنىڭ ھەر بىرى شېرىكىنىڭ پايدىسىغا تېگىشلىك بولغان نەرسىدە ۋەكىلىنىڭ ئورنىدا، ئۇنىڭ زىيىنىغا تېگىشلىك بولغان نەرسىدە كېپىلىنىڭ ئورنىدا بولىدۇ.

بۇ شېرىكچىلىك ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ قارىشىدا ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن توغرىدۇر. ئەمما قىياس قائىدىسىگە ئاساسلانغاندا توغرا ئەمەس. ئىمام شافىئى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۇنى دۇرۇس ئەمەس، دەپ قارايدۇ. ئىمام مالىك: «مەن تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكىنىڭ نېمىلىكىنى ئۇقمايمەن» دېگەن. ئۇنىڭ بۇ سۆزىدە زىتلىق يوق. چۈنكى ئۇ ئۇنى ئۇقمىسا، ئۇنىڭ خاتالىقىغا قانداقمۇ ھۆكۈم قىلالىسۇن؟ ئالىم كىشى مۇنداق سۆزنى شۇ نەرسىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغانلىقىنى كىنايە قىلىپ ئىشلىتىدۇ. ئۇنىڭ سۆزى: تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى شەرىئەتتە سىلەر ئېيتقان شەكىلدە مەۋجۇت ئەمەس، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. شەرىئەتتە دەلىلى بولمىغان نەرسە توغرا بولمايدۇ.

ئىمام مالىكنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ: «تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى دۇرۇس بولىدۇ، ئۇ، ئىككى شېرىكنىڭ ھەر بىرى يەنە بىرىگە ئۆزى بار ۋە يوق چاغلاردا مالنى تولۇق تەسەررۇپ قىلىش ھەققىنى تاپشۇرۇپ بېرىش، ئۇنىڭ قولى شېرىكىنىڭ قولىنىڭ ئورنىدا بولۇش دېمەكتۇر. پەقەت ئىككىلى تەرەپنىڭ دەسمايە مېلىنىڭ تەڭ بولۇشى شەرت قىلىنمايدۇ» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.[1]

تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكىدە سالغان دەسمايىنىڭ، شۇنداقلا پايدىنىڭ تەڭ بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. بۇ شېرىكچىلىكتە شېرىكلەر مال چىقىرىش، تەسەررۇپ قىلىش، پايدا ئېلىش ۋە زىيان تارتىش ئىشلىرىدا تەڭ بولىدۇ. شۇڭا ھۆر بىلەن قۇل ئارىسىدا، گەرچە ئۇ ئازات بولۇش ئۈچۈن خوجايىنى بىلەن توختام تۈزگەن ياكى خوجايىنى تەرىپىدىن رۇخسەت بېرىلگەن تەقدىردىمۇ، كىچىك بالا بىلەن بالاغەتكە يەتكەن كىشى ئارىسىدا، مۇسۇلمان بىلەن كاپىر ئارىسىدا باراۋەرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى دۇرۇس بولمايدۇ.

قۇل تەسەررۇپ قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىش ھەققىگە پەقەت خوجايىنى رۇخسەت

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 5 ـ توم، 381 ـ بەت.

بەرگەندىلا ئاندىن ئىگە بولىدۇ. كىچىك بالا كاپالەتلىك قىلىشقا ھەرگىز ئىگە بولالمايدۇ، لېكىن بالىغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنىڭ رۇخستى بىلەن تەسەررۇپ قىلىش ھەققىگە ئىگە بولىدۇ. ئەمما بالاغەتكە يەتكەن كىشى بۇنىڭ دەل ئەكسىچە ھەممە ئىشىغا ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ. كاپىر ئادەم مۇسۇلمانغا خىلاپ ھالدا ھاراق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا قادىر بولالايدۇ.

ئىمام ئەبۇيۇسۇف ئىككىسىنىڭ دىنىنىڭ ئوخشىمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكىگە مەكرۇھلۇق بىلەن رۇخسەت قىلغان.

ئىككى كىچىك بالا كاپالەتلىك قىلىش سالاھىيىتىگە تېخى تولۇق توشمىغانلىقى ئۈچۈن، گەرچە بالىغا ئىگە بولغۇچى رۇخسەت قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى دۇرۇس بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، توختام تۈزگەن ئىككى قۇل ئارىسىدا، ھۆر بىلەن توختام تۈزگەن قۇل ئارىسىدا ۋە ساراڭ بىلەن ئەقلى - ھوشى جايىدا كىشى ئارىسىدا تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى دۇرۇس بولمايدۇ.

تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكىنىڭ شەرتى توشمىغانلىقتىن تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى دۇرۇس بولمىغان ھەممە جايدا مالنىڭ مەلۇم مىقداردا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكى دۇرۇس بولىدۇ.

تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى پەقەت تەڭ بولۇش لەۋزىنى ئىپادىلەش بىلەن، گەرچە ئىككى شېرىك ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلمىسىمۇ، دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ لەۋزى شېرىكچىلىك ئىشىدا تولۇق باراۋەرلىكنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر ئىككىسى ئۇنى (تەڭ بولۇش لەۋزىنى) تىلغا ئالسا، لەۋزىنى مەنىنىڭ ئورنىدا ئىشلەتكەنلىك ئۈچۈن ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى تولۇق بېكىتىلىدۇ. ئەگەر ئىككىسى تەڭ بولۇش لەۋزىنى تىلغا ئالمىغان تەقدىردە ئۇنىڭ پۈتۈن تەقەززالىرىنى بايان قىلسىمۇ، ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى بېكىتىلىدۇ. چۈنكى قۇرۇلۇش ئەمەس مەنە ئاساس قىلىنىدۇ.

بۇ شېرىكچىلىك، ھۆر ۋە بالاغەتكە يەتكەن ئىككى مۇسۇلماننىڭ بىرى ياكى ئىككى زىممىنىڭ بىرى يەنە بىرىگە: « مەن سېنى ئۆزەم نەق ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان پۈتۈن مالدا سېنىڭمۇ شۇنچىلىك مىقداردا مالغا ئىگە بولۇشۇڭ ئاساسىدا، ھەر بىرىمىز يەنە بىرىمىزگە تىجارەتلەردە، نەق ۋە نېسى ئېلىم - سېتىمدا ئومۇمەن تەڭ بولۇش شەرتى بىلەن، شۇنداقلا ھەر بىرىمىز يەنە بىرىمىزنىڭ نامىدىن پۈتۈن سودا ئىشلىرىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيەتكە كېپىللىك قىلىش شەرتى بىلەن شېرىك قىلدىم » دېيىش بىلەن تۈزۈلىدۇ.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار» 3 - توم، 338 - بەت.

تىجارەتكە تېگىشلىك پۈتۈن ئىشلاردا ئىككى شېرىكنىڭ باراۋەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى باشقا شېرىكچىلىكنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش ۋاكالەت قىلىش شەرتى بىلەن ھەمدە كاپالەت قىلىش شەرتى بىلەن تۈزۈلىدۇ. بۇ، ئىككى شېرىككە بىردەك قارىتىلغان تەلەپتۇر.

## مىراسنى تەقسىم قىلىشتىن ئىلگىرى پەرزەنتلەرنىڭ ئۇنى ئىشلىتىش ھۆكمى

دېھقانلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ تەركىۋىدىكى كىشىلەردىن كۆپ سادىر بولىدىغان مۇنداق ئىش باركى، ئۇلارنىڭ بىرى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن مالنى تەقسىم قىلماستىنلا تىرىكچىلىك قىلىدۇ، ئۇنىڭدا تېرىقچىلىق، ئېلىم - سېتىم، قەرز ئېلىش ۋە شۇنىڭدەك ئىشلارنى قىلىدۇ. بەزىدە ئۇلارنىڭ چوڭى ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىشلەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى شەرتسىز ۋە تەڭ بولۇش ئاساسىدا بولىدۇ. لېكىن تەڭ بولىدىغانلىقىنى لەۋزى ئارقىلىق ئوچۇق ئېيتمايدۇ ياكى ئۇنىڭ پۈتۈن تەقەززالىرىنى ئوچۇق بايان قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىراس قالدۇرۇلغان نەرسىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ياكى ھەممىسى دېگۈدەك پۈتۈشۈش شېرىكچىلىكى دۇرۇس بولمايدىغان مال - مۈلۈك بولىدۇ.

بۇنىڭ تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى ھېسابلانمايدىغانلىقىدا ھېچ شەك يوق. بىراق زامانىمىزدىكى بەزى تەجرىبىسىز كىشىلەر بۇنىڭ تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى ھېسابلىنىدىغانلىقى ھەققىدە پەتىۋا بەرگەن. مەن <تەنقىيھۇلھامىدىيىيە> ناملىق كىتابتا تەھرىرلەپ ئۆتكۈنۈمدەك، ئۇ ئىگىدارچىلىق شېرىكچىلىكىدۇر. ئاندىن مەن <پەتاۋالھانۇتى> ناملىق كىتابتا بۇ مەسىلىنىڭ دەل ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىق شېرىكچىلىكى بولىدىغانلىقى ئوچۇق كۆرسىتىلگەنلىكىنى كۆردۈم.

ئەگەر پەرزەنتلەرنىڭ ئىش - ئوقىتى بىر بولۇپ، ئۇلاردىن ھەر بىرى ئۆزىنىڭ ئوقىتى بىلەن ئېرىشكەن نەرسىدە ئالاھىدە بولىۋالمىسا، گەرچە ئۇلار ئىلىمدە، پىكىردە ۋە توغرا يەكۈن چىقىرىشتا خىلىلا پەرقلىق بولسىمۇ، توپلىغان مال - مۈلۈكتە ئۆزئارا تەڭ شېرىك بولىدۇ. ئەگەر ئۇلاردىن بىرى ئۆزى ئۈچۈن شەخسىي نەرسە سېتىۋالسا، ئۇ نەرسە ئۆزى ئۈچۈن بولىدۇ، لېكىن پۇلىنى شېرىك مالدىن بەرسە، شېرىكلىرىنىڭ ھەسسىسىنى تۆلەيدۇ. ئەگەر ئۇلاردىن بىرى قەرز ئالغان بولسا، قەرز قەرزدارنىڭ ئۆزىدىن تەلەپ قىلىنىدۇ.

دەۋا ـ دەستۇرغا ئائىت <ئەلفەتاۋا ئەلخەيرىيىيە> ناملىق كىتابتا مۇنداق بىر سۇئال سورالغان بولۇپ، ئۇ سۇئالدا بىر ئانىدىن تۇغۇلغان ئائىلىسىمۇ، ئىشلىرىمۇ بىر بولغان بىرقانچە قېرىنداشلارنىڭ ھەر بىرى ئۆز قېرىندىشىغا بارلىق تەسەررۇپ ئىشلىرىنى تاپشۇرغان ئىكەن، ئۇلاردىن بىرى ئۆزى ئۈچۈن بىر باغ سېتىۋالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى توغرىمۇ؟ دېيىلگەن. ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىلىپتۇ: ئەگەر ئۇنىڭ ئۇ باغ ئۈچۈن بەرگەن پۇلنى شېرىك مالدىن بەرگەنلىكىگە ئېنىق پاكىت تۇرغۇزۇلسا، گەرچە ئۇ چەكتە ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن سېتىۋالغانلىقىنى يېزىۋالغان تەقدىردىمۇ، پاكىت قوبۇل قىلىنىدۇ[1].

## تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكىدە شېرىكنىڭ تەسەررۇپ قىلىش ھۆكمى

تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى توغرا رەۋىشتە قۇرۇلسا، ئىككىسىنىڭ بىرى سېتىۋالغان ھەرقانداق نەرسە ئۇ ئىككىسىگە ئورتاق بولىدۇ، پەقەت ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرى ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن ئورتاق بولمايدۇ. چۈنكى ھالەتنىڭ دەلىلى بىلەن مەلۇم بولغان نەرسە سۆز بىلەن قىلىنغان شەرتكە ئوخشايدۇ. قىياسقا ئاساسلانغاندا سېتىۋېلىنغان يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك ئىككى شېرىكنىڭ ئارىسىدا ئورتاق بولىدۇ. چۈنكى يېمەك ـ ئىچمەكمۇ، كىيىم كېچەكمۇ تىجارەت كېلىشىملىرىدىندۇر. شۇڭا ئۇمۇ شېرىكچىلىك كېلىشىمى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان نەرسىلەر قاتارىدىن بولىدۇ.

ئولتۇرۇش ئۈچۈن سېتىۋالغان ئۆي، ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان ئۆي، ھەجگە بېرىش ۋە باشقا ھاجەتلىرى ئۈچۈن مىنىشكە سېتىۋالغان ئۇلاغلار (ماشىنىلار) قاتارلىقلارغا ئوخشاش پۈتۈن ئېھتىياجلار شېرىكلەر ئۈچۈن ئورتاق بولماستىن سېتىۋالغۇچى ئۈچۈن خاس بولىدۇ.

ساتقۇچى يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەكنىڭ پۇلىنى ئىككى شېرىكنىڭ قايسىسىدىن ئالسا بولىۋېرىدۇ. ئەگەر سېتىۋالغۇچى پۇلنى شېرىك مالدىن نەق بەرگەن بولسا، ئۇنىڭ يېرىمىنى يەنە بىر شېرىككە تۆلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالسا، تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى بۇزۇلىدۇ. چۈنكى ئۇ شېرىكىنىڭ مېلىنى ئارتۇق ئېلىۋالغانلىق بولىدۇ. مالنى ئارتۇق ئىگەللىۋېلىش تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكىنى بۇزىدۇ. ئەگەر ئۇ سېتىۋالغان شۇ نەرسىلەرنىڭ پۇلىنى ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى مالدىن بەرسە، شېرىكىگە پۇل قايتۇرمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ پۇلىنى تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى

(1) «رەددۇلمۇھتار» 3 ـ توم، 338 ـ بەت.

جائىز بولىدىغان نەرسىنىڭ تۈرىدىن بەرسە، تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى بۇزۇلىدۇ. چۈنكى سېتىۋالغان نەرسىلەر ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا كىرىشى بىلەن ئۇنىڭ مېلى زىيادىلىشىدۇ. ئەگەر بەرگەن پۇل بۇ تۈردىن بولمىسا، شېرىكچىلىك بۇزۇلمايدۇ.

تىجارەت سەۋەبىدىن ئىككى شېرىكنىڭ بىرىگە يۈكلەنگەن ئۆتەشكە تېگىشلىك قەرزلەر، ئالغان قەرزلەر، تارتىۋېلىنىش، هالاكەتكە يولۇقتۇرۇش، ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن مال بېرىشكە كېپىل بولۇش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئىشلار يەنە بىر شېرىكنىڭ ئۈستىگىمۇ يۈكلىنىدۇ. گەرچە بۇلار يەنە بىر شېرىكنىڭ ئېتىراپ قىلىشى بىلەن ئۈستىگە يۈكلەنگەن بولسىمۇ هەر ئىككىسىگە ئوخشاش يۈكلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ يېغىلاشقا ئىگە بولغان ئىشتىن خەۋەر قىلغان بولىدۇ.

ئالدىمىزدا شاخچە مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا شېرىكنىڭ بىراۋدىن قەرز ئالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشى بىلەن قەرزنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىگىلا خاس يۈكلىنىدىغانلىقى هەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، بىر شېرىكنىڭ ئالغان قەرزى يەنە بىر شېرىكنىڭ ئۈستىگىمۇ يۈكلىنىش تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكىدىكى بىر هۆكۈمدۇر. ئەمما مالنىڭ مەلۇم مىقداردا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكىدە شېرىكنىڭ قەرز ئالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشى بىلەن قەرز شېرىكىگە ئۆتمەيدۇ، پەقەت ئۆزىنىڭ ئۈستىگىلا يۈكلىنىدۇ.

ئەگەر ئۇ ئاتا ـ بوۋىسى، بالىلىرى، خوتۇنى قاتارلىقلارغا ئوخشاش گۇۋاهلىقى ئۆزى ئۈچۈن قوبۇل بولمايدىغان كىشىلەرگە ئېتىراپ قىلدۇرغان بولسا، گەرچە نىكاهدىن ئىددەت تۇتىۋاتقان خوتۇنىغا ئېتىراپ قىلدۇرسىمۇ، بېرىشكە تېگىشلىك پۇل ـ مال شۇ كىشىنىڭ ئۈستىگە خاس يۈكلىنىدۇ. مەسىلەن، خوتۇنىنىڭ مەهرى هەققىنى بېرىش، مال بەدىلىگە خېتىنى تەلەپ قىلغان خوتۇن كىشىنىڭ شۇ بەدەل مالنى بېرىشى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

ئەگەر بىر ئايال بىر ئەر بىلەن تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكىنى قۇرغان بولسا، ئاندىن ئۇ ئايال ئېرىدىن مال بەدىلىگە خېتىنى ئالغان بولسا، بۇ بەدەلنى بېرىش ئۇ ئايالنىڭ شېرىكىگە يۈكلەنمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال بەدەل بېرىپ خېتىنى ئالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر شېرىك ئادەم يارىلاندۇرۇش جىنايىتىگە دىيەت تۆلىگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلسا، تۆلۈنىدىغان مال ئۇ ئادەمنىڭ شېرىكىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنمەيدۇ.

ئەمما هايۋاننى يارىلاندۇرغانلىق ياكى رەختكە زىيان سالغانلىق جىنايىتى ئۈچۈن دىيەت تۆلىگەن بولسا، ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشىدا ئۇ دىيەتنى تۆلەش شېرىكنىڭ

ئۈستىگىمۇ يۈكلىنىدۇ. چۈنكى زىيان سېلىنغان نەرسىگە ئۈنى تۆلەپ بېرىش بىلەن ئىگە بولىدۇ.

قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغانلىق ئۈچۈن دىيەت تۆلەشكە كېلىشىش ۋە نەپىقە بېرىشكە كېلىشىش مەسىلىلىرىگە ئوخشاش شېرىكچىلىك دۇرۇس بولمايدىغان ھەممە نەرسىدە ھۆكۈم ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

ئىككى شېرىكنىڭ بىرى قىلغان ئىشنىڭ سەۋەبى بىلەن يەنە بىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدىغان نەرسە بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنمەيدىغان نەرسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق شۇكى، ئەگەر دەۋاگەر مەلۇم بىر سودىنى ئىككى شېرىكنىڭ بىرى ئۈستىدىن دەۋا قىلغاندا، ئۇ سودىغا بىۋاستە ئالاقىدار بولمىغان يەنە بىر شېرىكنى قەسەم قىلدۇرۇش لازىم. لېكىن ئۇ سودىنى بىۋاستە قىلغان شېرىك ئۇنىڭ (مەسىلە چىققان ئىشنى ئۇنىڭ قىلمىغانلىقىنىڭ) قەتئىيلىكىگە قەسەم قىلىدۇ. مەسىلەن، مەن بۇ مالنى ساڭا ساتمىدىم، دەپ قەسەم قىلغانغا ئوخشاش. چۈنكى ئۇ ئۆزى قىلغان ئىشتۇر. يەنە بىرى ئۇ ئىشتىن ئۆزىنىڭ خەۋىرى بار ياكى يوقلىقى ھەققىدە قەسەم قىلىدۇ. مەسىلەن، مەن شېرىكىمنىڭ بۇ مالنى ساڭا ساتقانلىقىنى بىلمەيمەن دەپ قەسەم قىلىدۇ. ئۇنىڭ شېرىكىنىڭ قەسەم قىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئىككى شېرىكنىڭ بىرىنىڭ زىيىنىغا قىلىنغان دەۋا ئىككىسىنىڭ زىيىنىغا قىلىنغان دەۋادۇر. ئەگەر دەۋاگەر ھەر ئىككىلى شېرىكنىڭ ئۈستىدىن قىلغان دەۋاسىدا قەسەم قىلسا، ئۇنىڭ قەتئىيلىكىگە يەنى ئۇ ئىش دەۋاگەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىگە ھەر ئىككىلى شېرىكنىڭ قەسەم قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئىككىسىنىڭ قايسىسى قەسەم قىلىشتىن باش تارتسا، دەۋا ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. چۈنكى بىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ئىككىلىسىنىڭ ئېتىراپ قىلغىنىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر مەسىلە ھەر ئىككىلىسىگە بىۋاستە چېتىشلىق بولسا، ھۆكۈم مۇشۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئىككىسىنىڭ بىرىگە چېتىشلىق بولسا، يەنە بىرى ئۇ ئىشتىن خەۋىرىنىڭ بار ـ يوقلىقى ھەققىدە قەسەم قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىدىن باشقا بىرىنىڭ ئىشىدۇر.

ئەگەر دەۋاگەر يوق شېرىكنىڭ قىلغانلىقىنى دەۋا قىلسا، ھازىر شېرىكنى بۇ ئىشتىن خەۋىرىنىڭ بار ـ يوقلىقى ھەققىدە قەسەم قىلدۇرۇشى كېرەك. ئەگەر دەۋاگەر: سېنىڭ يوق شېرىكىڭ ماڭا مۇنداق نەرسىنى ساتتى، دەپ دەۋا قىلسا، ئاندىن يوق شېرىك قايتىپ كەلگەندە، دەۋاگەر ئۇنى ئۇنىڭ قەتئىيلىكىگە قەسەم قىلدۇرۇشى لازىم بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىگە قەسەم قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئىككى شېرىكنىڭ بىرى شېرىكچىلىك توغرا بولىدىغان نەرسىگە ئىگە بولسا، گەرچە ئۇ سەدىقە ياكى ۋەسىيەت يولى بىلەن بولغان تەقدىردىمۇ، تەڭ بولۇش شەرتى

يوقىقا چىققانلىقى ئۈچۈن تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى بۇزۇلىدۇ. چۈنكى بۇ شېرىكچىلىكتە تەڭ بولۇش باشتىنلا شەرت قىلىنغان بولىدۇ.

ئەگەر ئىككىسىنىڭ بىرى ئالىدىغان قەرزگە مىراسخورلۇق قىلغان بولۇپ، ئۇ قەرز مەلۇم مىقداردىكى تەڭگە ياكى تىللا بولغان بولسىمۇ، ئۇنى ئالغان تەقدىردىمۇ شېرىكچىلىك بۇزۇلمايدۇ. چۈنكى قەرزدە شېرىكچىلىك دۇرۇس بولمايدۇ. زېمىنغا ئوخشاش شېرىكچىلىك دۇرۇس بولمايدىغان نەرسىنى قولىغا ئالغاندىمۇ شېرىكچىلىك بۇزۇلمايدۇ.

تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكىنى قۇرغان ئىككى كىشىنىڭ بىرى تەڭگە ۋە تىللاغا ئوخشاش شېرىكچىلىك دۇرۇس بولىدىغان نەرسىگە مىراسخورلۇق قىلسا ۋە ئۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالسا، باراۋەرلىك بۇزۇلغانلىقى ئۈچۈن تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى بۇزۇلۇپ، ئۇ شېرىكچىلىك مالنىڭ مەلۇم مىقدارىدا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئەگەر مال ـ مۈلۈككە ياكى قەرزگە مىراسخورلۇق قىلسا، ئۇنى قولىغا ئالمىغىچە تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى بۇزۇلمايدۇ. تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكىنىڭ بۇزۇلىشى ئىگىدارچىلىق قىلىش بىلەن بىللە قولغا ئېلىشنىڭ ئىسپاتلىنىشىغا باغلىقتۇر.

ئەگەر تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكىنى قۇرغان ئىككى كىشىنىڭ بىرىگە مىراسخورلۇق، سوۋغات، سەدىقە يوللىرى بىلەن تەڭگە ۋە تىللاغا ئوخشاش شېرىكچىلىك دۇرۇس بولىدىغان ماللار كەلسە، بۇ شېرىكچىلىك مالنىڭ مەلۇم مىقدارىدا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكىگە ئۆزگۈرۈپ كېتىدۇ[1].

مانا بۇ، تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس شېرىكچىلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى ئىنسانلارنىڭ ھازىرقى ھاياتىغا ۋە ئۇلارنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجلىرىغا ماس كەلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكىنىڭ دەسمايە مېلى

تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى، شۇنداقلا مالنىڭ مەلۇم مىقدارىدا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكى ئىنسانلار ئارىسىدا مۇئامىلە قىلىنىۋاتقان پۇلدىن باشقا بىر نەرسە بىلەن دۇرۇس بولمايدۇ. ئۇنىڭ تەپسىلاتى ئالدىمىزدا كېلىدۇ. بۇ ئىككى شېرىكچىلىك يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك مال شېرىكچىلىكىدۇر. شۇڭا ھەر ئىككىلى شېرىكچىلىك مال

(1) «رەددۇلمۇھتار» 3 ـ توم، 339 ـ بەت.

- مۇلۇك بىلەن، (بۇغداي - قوناققا ئوخشاش) كەمچىلىنىدىغان نەرسىلەر بىلەن، تارازىدا تارتىلىدىغان نەرسىلەر بىلەن، ئۆز تىپىغا ئارىلاشتۇرۇشتىن ئىلگىرى سانىلىدىغان نەرسىلەر بىلەن دۇرۇس بولمايدۇ. زاھىرى رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا ئارىلاشتۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ دۇرۇس بولمايدۇ. ئارىلاشتۇرۇلغان نەرسىلەر ئىگىدارچىلىق شېرىكچىلىكىگە كىرىدۇ. بۇ، ئىككىنچى ئىمامنىڭ (ئەبۇيۇسۇفنىڭ) قارىشىدۇر.

ئىمام مۇھەممەد مۇنداق دەيدۇ: «ئارىلاشتۇرۇلغان نەرسە ئۇستىدە بولغان شېرىكچىلىك پۇتۇشۇش شېرىكچىلىكىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ». بۇ ئىختىلاپنىڭ نەتىجىسى پايدىنىكى شەرتنى ئەمەلىيلەشتۈرگەندە ئاشكارا بولىدۇ. ئۇلار (ئۇچىلى ئىمام) دەسمايە قىلىنغان نەرسە پەرقلىق تۈردىن بولغاندا شېرىكچىلىك مۇئامىلىسى تۈزغۇزۇلمايدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن[1].

ئەگەر ئىككى شېرىكنىڭ ھەربىرى يېرىم مىلىنى يەنە بىرىنىڭ يېرىم مىلىغا ساتسا (يەنى ھەر ئىككىلىسى نەق پۇلغا ساتمىسا)، ئاندىن تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكىنى ياكى مالنىڭ مەلۇم مىقدارىدا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكىنى قۇرسا، دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى سودا بىلەن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىگىدارچىلىق شېرىكچىلىكى پەيدا بولغان بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھەربىرى يەنە بىرىنىڭ ھەسسىسىنى تەسەررۇپ قىلسا دۇرۇس بولمايدۇ. ئاندىن ئۇ ئۇلارنىڭ پۇتۇشۇشى بىلەن پۇتۇشۇش شېرىكچىلىكىگە ئايلىنىدۇ. شۇڭا ھەربىرى يەنە بىرىنىڭ ھەسسىسىنى تەسەررۇپ قىلسا دۇرۇس بولىدۇ.

ئەگەر ھەر ئىككىلى تەرەپنىڭ مىلىنىڭ نەرقى تەڭ بولسا، يېرىم مالنى يېرىم مالغا سودىلىشىشقا بولىدۇ. ئەگەر مالنىڭ تۈرى پەرقلىق بولسا، مىلى ئاز كىشى شېرىكچىلىكنى مۇقەررەرلەشتۈرىدىغان مىقداردا مال سېتىشى لازىم. مەسىلەن، بىرىنىڭ مىلىنىڭ نەرقى **400** تەڭگە، يەنە بىرىنىڭ مىلىنىڭ نەرقى **100** تەڭگە بولسا، مىلى ئاز كىشى مىلىنىڭ بەشتىن تۆت ھەسسىسىنى يەنە بىرىنىڭ مىلىنىڭ بەشتىن بىرىگە ساتىدۇ. شۇنداق بولغاندا مالنىڭ ھەممىسى بەش ھەسسە بولىدۇ. پايدىنىڭ ھەممىسى ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ھەربىرىنىڭ دەسمايىسىگە قارىتا بولىدۇ. بۇ، پۇتۇشۇش شېرىكچىلىكىنىڭ مال - مۈلۈك بىلەن دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بىر يولدۇر.

«يەنە بىرىنىڭ يېرىم مىلىغا» دېگەن جۈملىگە دىققەت قىلىش كېرەككى، ئۇ ئىتتىپاقىي مەسىلە ئەمەس. ئۇنىڭ پايدىسى ئىنسانلارنىڭ ئادىتىگە مۇۋاپىق بولغانلىقى ۋە دەلىل جەھەتتە تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇ، «ئۇ مىلىنى يەنە بىرىنىڭ مىلىنىڭ مەلۇم مىقدارىغا ساتتى» دېگەن جۈملىنىڭ دەل ئەكسىدۇر. گەرچە ئۇ تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن

(1) «رەددۇلمۇھتار» **3** - توم، **340** - بەت.

«مەلۇم مىقدار» دېگەن سۆزدىن يېرىمنىڭ ئازراقىمۇ ئەمەس، كۆپرەكىمۇ ئەمەس، بەلكى تولۇق يېرىمى كۆزدە تۇتۇلسا ئاندىن ئۇنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقلا، ئۇنىڭ يېرىمىنى نەق پۇلغا سېتىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا ئاندىن ئىتتىپاقىي بولىدۇ.

## يوق مالغا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكى

يوق مالغا ياكى قەرزگە شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكى مەيلى تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى بولسۇن، مەيلى مالنىڭ مەلۇم مىقدارىغا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكى بولسۇن قەتئىي دۇرۇس بولمايدۇ. مال بار بولغان بولۇشى كېرەك. بار بولۇش دېمەك شېرىكچىلىكنى قۇرغان چاغدا بار بولۇشنى ئەمەس، سېتىۋېلىش ئۈچۈن سودا بولغان چاغدا بار بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. شېرىكچىلىكنى قۇرغان چاغدا بار بولمىسىمۇ شېرىكچىلىك توغرا بولىدۇ. قارىمامسەنكى، بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە مىڭ تەڭگە بېرىپ: سەنمۇ ئوخشاش مىڭ تەڭگە چىقارغىن ۋە ئۇنىڭغا مال سېتىۋالغىن، مال ئارىمىزدا يېرىمدىن بولسۇن دېسە، شېرىكچىلىكنى قۇرغان چاغدا مال بار بولمىسىمۇ، بۇيرۇلغان كىشى شۇنداق قىلغانلىقىغا پاكىت كەلتۈرسە ۋە مالنى سېتىۋالغان چاغدا مالنى تەييار قىلسا، دۇرۇس بولىدۇ.

ئەگەر شېرىكلەردىن بىرى يەنە بىرىگە مىڭ تەڭگە بېرىپ: بۇنىڭغا مال سېتىۋالغىن، سېتىۋېلىنغان مال ئارىمىزدا يېرىمدىن بولسۇن، پايدىسىمۇ تەڭ، زىيىنىمۇ تەڭ بولسۇن دېسە، مال سېتىۋېلىشتىن ئىلگىرى ھالاك بولۇپ كەتسە، سېتىۋالغۇچى ئۇ مالنى تۆلىمەيدۇ، سېتىۋالغاندىن كېيىن زىيانغا ئۇچرىسا يېرىمىنى سېتىۋالغۇچى تۆلەيدۇ. بۇنى مۇنداق ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەككى، بۇيرۇغۇچى بۇيرۇلغۇچىنى تەڭگە - تەڭ مال سېتىۋېلىشقا بۇيرۇغاندىن كېيىن بۇيرۇلغۇچى يېرىمىنى بۇيرۇغۇچىغا ۋاكالىتەن، يېرىمىنى ئۆزىگە قىلىپ سېتىۋالىدۇ. بۇيرۇغۇچىنىڭ مىلىغا تېگىشلىك پۇلنى تولۇق بېرىدۇ (ۋە ئۆزى ئۈچۈن سېتىۋالغان مالنىڭ پۇلىنى نەق بېرىدۇ). شۇڭا ئۆزىنىڭ ھەسسىسىنى ئۆزى كۆتۈرىدۇ. زاھىرى جەھەتتىن ئالغاندا بۇ پۈتۈشۈش شېرىكچىلىكى ئەمەس، ئىگىدارچىلىق شېرىكچىلىكى بولىدۇ. ئالدىمىزدا بۇ مەسىلە تېخىمۇ ئوچۇقلاشتۇرۇلىدۇ. بىزنىڭ ئېيتقىنىمىزدەك، بۇ بىرى مەبلەغ، يەنە بىرى كۈچ چىقىرىپ تۈزۈشكەن مۇئامىلە ئەمەس. بۇنىڭغا ياخشى دىققەت قىلىش لازىم، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ شېرىكچىلىكتە خاتالىشىدۇ[1].

(1) «رەددۇلمۇھتار» 3 - توم، 340 - بەت.

# شېرىكچىلىكتە مالنى ئارىلاشتۇرۇشنىڭ ھۆكمى

گەرچە مالنى بىر ـ بىرىگە ئارىلاشتۇرمىسىمۇ شېرىكچىلىك يەنىلا دۇرۇس بولىدۇ. ئىمام زۇپەر ۋە شافىئى (ﷲ ئۇ ئىككىسىگە رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «دۇرۇس بولمايدۇ، چۈنكى پايدا مالنىڭ بىر پارچىسىدۇر. مالنىڭ پارچە قىسمى ئەسلىدە شېرىكچىلىك قۇرۇلغاندىن كېيىن ئاندىن شېرىكچىلىككە تەۋە بولىدۇ. شېرىكچىلىك ئىككى تەرەپنىڭ مېلىنى ئارىلاشتۇرۇش بىلەن مەيدانغا چىقىدۇ. شېرىكچىلىكتىكى ئاساس مالدۇر. شۇڭا مال بىر ـ بىرىگە قوشۇۋېتىلىدۇ».

دەسمايىنى تەيىن قىلىش شەرتتۇر. بۇ، بىرى مەبلەغ يەنە بىرى كۆچ چىقىرىپ تۈزۈشكەن مۇئامىلىنىڭ دەل ئەكسىدۇر. چۈنكى ئۇ شېرىكچىلىك ئەمەس. ھەسسىدار بولغۇچى پەقەت مال ئىگىسىگە ئىشلەيدۇ. شۇڭا قىلغان ئىشىغا قارىتا پايدىغا ئېرىشىدۇ. ئەمما شېرىكچىلىك دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ئىككى شېرىك ئۆچۈن ئېيتقاندا بۇ ناھايىتى چوڭ ئاساس بولۇپ، تۇرىنىڭ بىرلىشىشى ھېسابقا ئېلىنىدۇ. ئارىلاشتۇرۇش شەرت قىلىنىدۇ. مەبلەغنى تەڭ چىقارغاندىن كېيىن پايدىدا بىرى يەنە بىرىدىن ئارتۇق ئېلىش دۇرۇس بولمايدۇ. ئىشلەپ چىقىرىش شېرىكچىلىكىگە مال كەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى مەبلەغ بىلەن قۇرۇشمۇ دۇرۇس بولمايدۇ.

ھەنەفىي مەزھەپىدە پايدىدىكى شېرىكچىلىك مەبلەغگە ئەمەس، پۈتۈشۈشكە تايىنىدۇ. چۈنكى پۈتۈشۈش شېرىكچىلىك دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدا بۇ ئىسمىنىڭ مەنىسىنى چوقۇم ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئارىلاشتۇرۇش شەرت ئەمەس. چۈنكى بۇنىڭدا تەڭگە بىلەن تىللالار تەيىن قىلىنمايدۇ. شۇڭا پايدا دەسمايە بىلەن ئېلىنمايدۇ. پەقەت ئۇنى تەسەررۇپ قىلىش بىلەن ئېلىنىدۇ. چۈنكى شېرىك ئەسلى مالنىڭ يېرىمىنىڭ ئىگىسىدۇر، قالغان يېرىمىدا ۋەكىلدۇر. تەسەررۇپ قىلىشتا شېرىكچىلىك مالنى ئارىلاشتۇرماستىن ئەمەلىيەتكە ئايلانسا، پايدىسىمۇ ئەمەلىيەتكە ئايلىنىدۇ. بۇ پايدا مالنىڭ ئىگىسىگە كىرمەيدۇ. ئۇ بىرى مەبلەغ، يەنە بىرى كۆچ چىقىرىپ تۈزۈشكەن مۇئامىلىگە ئوخشاپ قالىدۇ. شۇڭا تۇرىنىڭ بىرلىشىشى ۋە پايدىدا تەڭ بولۇش شەرت قىلىنمايدۇ[1].

ئىمام نەۋەۋىي (ﷲ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئىككى شېرىكنىڭ ھەربىرى شېرىكچىلىك دۇرۇس بولىدىغان مىقداردا مەبلەغ چىقارسا ۋە شېرىك بولۇشنى كۆزلىسە، ئىككى تەرەپنىڭ مەبلىغىنى ئايرىش مۇمكىن بولمىغىدەك دەرىجىدە ئارىلاشتۇرۇۋېتىش شەرت قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇنداق قىلمىسا، بىرىنىڭ

(1) «ئەلھىدايە» 3 ـ توم، 9 ـ بەت.

مېلى تەسەررۇپ قىلىشتىن ئىلگىرى زىيانغا ئۇچرىسا، زىيان پەقەت مالنىڭ ئىگىسى ئۈچۈن بولغان بولىدۇ. قالغان مالدا شېرىكچىلىكنى ئىسپاتلاش قىيىن بولۇپ قالىدۇ »[1].

## مالنىڭ مەلۇم مىقداردا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكى

بۇ، مەبلەغ سېلىش شېرىكچىلىك تۈرلىرىنىڭ ئىككىنچى تۈرىدۇر. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئۇ تەڭ بولۇش شېرىكچىلىككە قارىغاندا ئىنسانلار ئارىسىدا كۆپرەك كۆرىلىدىغان شېرىكچىلىكتۇر.

مالنىڭ مەلۇم مىقداردا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكى پەقەت ۋاكالەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى ئۇ كاپالەتلىك قىلىشنى تەقەززا قىلمايدۇ. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، بۇ تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكىنىڭ دەل ئەكسىدۇر. ئەگەر ئىككى شېرىك تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكىنىڭ پۈتۈن شەرتلىرىنى تولۇقلاش بىلەن بىرگە شېرىكچىلىكتە كاپالەتنى تىلغا ئالسا، تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى قۇرۇلىدۇ. ئەگەر شەرتلەر تولۇق بولمىسا، مالنىڭ مەلۇم مىقداردا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكى قۇرۇلىدۇ.

مالنىڭ مەلۇم مىقداردا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكى قۇرۇلسا، كاپالەتلىك قىلىش بۇزۇلامدۇ؟ بۇزۇلىدۇ دېيىشكىمۇ بولىدۇ، بۇزۇلمايدۇ دېيىشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى مالنىڭ مەلۇم مىقداردا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكىدە كاپالەتلىك قىلىش ئېتىبارغا ئېلىنماسلىقى ئەمەس، ئۇنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىشىنىڭ مەۋجۇت بولماسلىقى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئالدىنقى قاراش يەنى كاپالەت بولۇشنىڭ بۇزۇلۇش ئېھتىماللىقى كۈچلەندۈرۈلىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ نامەلۇم نەرسىگە كېپىل بولۇشتۇر. بۇ پەقەت شېرىكچىلىكنىڭ تەركىۋىدە بولغانلىقتىن دۇرۇس بولىدۇ. ئەگەر ئۇ شېرىكچىلىك ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان نەرسىدىن بولمىسا، ئۇنى شېرىكچىلىككە كىرگۈزۈش قەستەنلىك بولىدۇ. مالنىڭ مەلۇم مىقداردا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكىدە كاپالەت تىلغا ئېلىنمىسا، ئىككى شېرىكنىڭ ھەربىرى يەنە بىرىنىڭ نامىدا كېپىل بولمايدۇ. بۇ تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكىنىڭ دەل ئەكسىدۇر.

ئەگەر مالنىڭ مەلۇم مىقداردا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكىدە كاپالەت تىلغا ئېلىنسا، ئۇنىڭ تەقەززاسى بويىچە شېرىك كېپىل بولىدۇ. بۇ قاراش ئىككىنچى ئېھتىماللىقنى يەنى كاپالەتنىڭ بۇزۇلماسلىقىنى كۈچلەندۈرىدۇ. بۇنى مۇنداق

(1) «رەۋزەتۇتتالىبىين» 3 ـ توم، 511 ـ بەت.

ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەككى، پۈتۈشۈش شېرىكچىلىكىدە كاپالەت قاچان تىلغا ئېلىنسا، شېرىكچىلىككە قەستەن كىرگۈزۈلگەن بولماستىن ئۇنىڭغا تەۋە بولغانلىقتىن ۋە ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقتىن كاپالەت مۇقەررەرلەشكەن بولىدۇ. چۈنكى شېرىكچىلىك كاپالەتكە زىت ئەمەس، بەلكى، كاپالەتنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن ئۇ تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكىنىڭ لەۋزىگە ئوخشاش، پەقەت كاپالەت لەۋزىنىڭ تەقەززاسى بىلەن ياكى شېرىكچىلىككە پۈتۈشكەندە ئۇنى تىلغا ئېلىش بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ[1].

## مالنىڭ مەلۇم مىقداردا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكىنىڭ ۋاقتىنى بەلگىلەش

مالنىڭ مەلۇم مىقداردا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكىدە كاپالەت تەقەززا قىلىنمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئومۇمىي شېرىك بولۇش، خاس شېرىك بولۇش، شەرتسىز شېرىك بولۇش ۋە ۋاقىتلىق شېرىك بولۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دۇرۇس بولىدۇ.

ئەگەر ۋاقىت بەلگىلىسە، شۇ ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن شېرىكچىلىكنىڭ داۋام قىلماسلىقى ئۈچۈن مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلەمدۇ؟ ۋاكالەتنىڭ ۋاقتىنى بەلگىلەشتە ئىككى خىل قاراش بولغىنىدەك، بۇ خىل شېرىكچىلىكتىمۇ ئىككى خىل قاراش بار. <خانىيە> ناملىق كىتابتا مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىنىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن: «بۇ شېرىكچىلىكنىڭ ۋە بىرى مەبلەغ، يەنە بىرى كۈچ چىقىرىپ تۈزۈشكەن مۇئامىلىنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلەش شەرت ئەمەس. ئەگەر ئىككى شېرىك بۇنىڭ ئۈچۈن مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلەپ: بۈگۈن سېتىۋالغان ماللار ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا شېرىكتۇر دېسە، بۇ ئەھۋالدا ۋاقىتنىڭ بەلگىلىنىشى دۇرۇس بولىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، شۇ كۈندىن كېيىن سېتىۋالغان نەرسە سېتىۋالغۇچىغا خاس بولىدۇ. بىرى مەبلەغ، يەنە بىرى كۈچ چىقىرىپ تۈزۈشكەن مۇئامىلە ئۈچۈنمۇ ۋاقىت بەلگىلىسە ئەھۋال مۇشۇنداق بولىدۇ. چۈنكى ئۇ مۇئامىلە ۋە شېرىكچىلىك ۋەكىل بەلگىلەشتىن ئىبارەتتۇر. ۋاكالەت ۋاقىت بەلگىلىنىدىغان نەرسىلەردىندۇر. لېكىن بەزى شېرىكلەر ۋەكىلنىڭ ئون كۈنگىچە ۋەكىل ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالسا، توغرا قاراشقا ئاساسلانغاندا ئۇ شۇ ئون كۈن ئىچىدىمۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ۋەكىل بولىۋېرىدۇ»[2].

(1) «رەددۇلمۇھتار» 3 ـ توم، 341 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 3 ـ توم، 341 ـ بەت.

# مالنىڭ مەلۇم مىقدارىدا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكىدىكى پايدىدا ئارتۇق ئېلىش ھۆكمى

بۇ شېرىكچىلىكتە ئىككى شېرىك دەسمايىنى تەڭ چىقىرىپ، پايدىنى بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق ئالسا دۇرۇس بولىۋېرىدۇ.

ئىمام زۇپەر ۋە شافىئى (اللّٰه ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئارتۇق ئېلىش دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى ئارتۇق ئېلىش جاۋابكارلىقى بولمىغان نەرسىنىڭ پايدىسىنى ئېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئەگەر دەسمايە مال تەڭ ـ تەڭ بولۇپ، پايدا ئۈچكە بۆلۈنسە، ئارتۇق ئالغان شېرىك ئارتۇق ئالغان قىسمىغا جاۋابكارلىقى بولماي تۇرۇپ ئېرىشكەن بولىدۇ. چۈنكى ئۈستىگە ئالغان جاۋابكارلىق سالغان دەسمايە چۈشلۇق بولىدۇ. ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا پايدىدىكى شېرىكچىلىكمۇ ئەسلى دەسمايىگە قارىتا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ئىككىسى ئارىلاشتۇرۇشنى شەرت قىلىدۇ. نەتىجىدە مالنىڭ پايدىسى ئەسلى دەسمايىنى كۆپەيتىشنىڭ ئورنىدا بولىدۇ. شۇڭا پايدىنى ئەسلى سالغان دەسمايە ھېسابىدا ئېلىش لازىم بولىدۇ».

پايدىنى بىر - بىرىدىن ئارتۇق ئېلىش دۇرۇس بولىدۇ، دېگەن ھەنەفىي مەزھەپدىكىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ: «پايدا ئىككى شېرىك شەرتلەشكەن بويىچە بولىدۇ. زىيان ئىككى تەرەپنىڭ مېلىغا قارىتا بولىدۇ». پايدىغا سالغان دەسمايىگە قارىتا ئېرىشكەندەك، ئەمگەككە قارىتامۇ ئېرىشىدۇ. بىرى مەبلەغ، يەنە بىرى كۈچ چىقىرىپ تۈزۈشكەن مۇئامىلىدە ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئىككى شېرىكنىڭ بىرى ئەقىللىقراق ۋە توغرا پىكىرلىكرەك بولۇشى، كۆپرەك ئىشلىشى ۋە كۈچلۈكرەك بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇ پايدىدا تەڭ بولۇشقا رازى بولمايدۇ. نەتىجىدە بىرى يەنە بىرىدىن ئارتۇق ئېلىش ئېھتىياجى تۇغۇلىدۇ. ئەمما پۈتۈن پايدىنى ئىككىسىنىڭ بىرىنىڭلا ئېلىشنى شەرت قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ شەرت پۈتۈنلەي شېرىكچىلىكتىن، شۇنداقلا بىرى مەبلەغ، يەنە بىرى كۈچ چىقىرىپ تۈزۈشكەن مۇئامىلىدىن چىقىرىپ، ئىشلىگۈچىگە پايدىنى شەرت قىلىش بىلەن قەرز ئورنىغا، ياكى مال ئىگىسىگە پايدىنى شەرت قىلىش بىلەن تاۋار ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بۇ پۈتۈنلەي، شېرىكنىڭ مېلىدا ئىشلىگەنلىك جەھەتتىن بىرى مەبلەغ، يەنە بىرى كۈچ چىقىرىپ تۈزۈشكەن مۇئامىلىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئىسىم ۋە ئەمەل جەھەتتىن شېرىكچىلىككە ئوخشاپ كېتىدۇ. چۈنكى ھەر ئىككىلىسى ئىشلەيدۇ. شۇڭا بىز بۇنى بىرى مەبلەغ، يەنە بىرى كۈچ چىقىرىپ تۈزۈشكەن مۇئامىلىگە ئوخشىتىپ، جاۋابكار بولماستىن پايدا ئېلىشنى شەرت قىلىش دۇرۇستۇر،

دەپ قارىدۇق ۋە شېرىكچىلىككە ئوخشتىپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئىشلىشىنى شەرت قىلىش بىلەن شېرىكچىلىك بۇزۇلمايدۇ، دەپ قارىدۇق[1].

مەزكۇر ھەدىستە: «پايدا ئىككى شېرىك شەرتلەشكەن بويىچە بولىدۇ. زىيان ئىككى تەرەپنىڭ مېلىغا قارىتا بولىدۇ» دېيىلگەن بولۇپ، بۇ ھەدىس ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن سەھىھ سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلىنغان[2].

بۇ، ئىككى شېرىك ئۆزلىرىدىن قايسىسى ئىشلىسە شۇنىڭغا كۆپرەك بېرىشنى ياكى ئىككىسىدىن كۆپرەك ئىشلىگىنىگە كۆپرەك بېرىشنى شەرت قىلىشقا باغلىقتۇر. ئەمما ئىشلىمىگىنىگە ياكى ئازراق ئىشلىگىنىگە كۆپرەك بېرىشنى شەرت قىلسا دۇرۇس بولمايدۇ. زاھىرى جەھەتتىن ئالغاندا بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنىڭ ئىشلىشى شەرت بولۇپ قالغان ئەھۋالغا قارىتىلىدۇ.

قىسقىسى، ئەگەر ئىككىلىسى تەڭ ئىشلەشنى شەرت قىلىپ تۇرۇپ پايدىنى بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق ئالماقچى بولسا، گەرچە بىرى خالىس ئىشلەپ بەرگەن تەقدىردىمۇ دۇرۇس بولىدۇ. شۇنداقلا ئىككىسى بىرىنىڭ ئىشلىشىنى شەرت قىلسا، ئىشلىگۈچى پايدىنى دەسمايە مېلىغا قارىتا ئالسىمۇ ياكى كۆپرەك ئالسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ. ئەگەر ئىشلىمىگەن شېرىك ياكى ئازراق ئىشلىگەن شېرىك پايدىنى كۆپ ئالسا دۇرۇس بولمايدۇ. ئۇ شېرىك پايدىنى پەقەت دەسمايە سالغان مېلىغا چۇشلۇق ئالىدۇ. ئەگەر ئىشلەش شەرت قىلىنسا ئەھۋال مۇشۇنداق بولىدۇ. ئۇنى «ئەگەر ئىككىلىسى تەڭ ئىشلەشنى شەرت قىلىپ» دېگەن جۈملىمۇ ئوچۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

يۇقىرىدىكىلەردىن شۇ مەلۇم بولدىكى، ئەگەر ئىشلەش ھەر ئىككىلىسىگە شەرت قىلىنسا، ئىككىسىنىڭ بىرلىكتە ئىشلىشى لازىم ئەمەس. «ئىككىسى بىرىنىڭ ئىشلىشىنى شەرت قىلسا» دېگەن جۈملە ئۇنى ئوچۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

شۇڭا <ئەلبەزازىييە> ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: مەسىلەن، ئىككى كىشى شېرىك بولدى، بىرى بىرەر جايغا كەتكەندە يەنە بىرى ئىشلىدى، ئۇ كەلگەندە ئىشلىگۈچى ئۇنىڭ پايدىدىكى ھەسسىسىنى تولۇق بەردى، ئاندىن ئىلگىرى ئىشلىگەن كىشى بىرەر جايغا كەتتى، بۇ چاغدا يەنە بىرى ئىشلىدى، ئۇ كەلگەندە ئىشلىگۈچى ئۇنىڭ پايدىدىكى ھەسسىسىنى بەرگىلى ئۇنىمىدى. ئەگەر ئىككىسىنىڭ بىرلىكتە ۋە ئايرىم ئىشلىشى شەرت قىلىنغان بولسا، ئىككىسىنىڭ تىجارىتىدىن چىققان پايدىنى ئىككىسىنىڭ بىرلىكتە ئىشلەش ياكى بىرى ئىشلەش شەرتىگە ئاساسەن ئىككىسى ئالىدۇ. ئەگەر بىرى كېسەل بولۇپ قېلىپ ئىشلىمىسە، يەنە بىرى ئىشلىسە، پايدا

(1) «ئەلھىدايە» 3 ـ توم، 9 ـ بەت.

(2) «ئىئلائۇسسۇنەن» 13 ـ توم، 76 ـ بەت.

ئىككىسى ئۆچۈندۇر. زاھىرىي جەھەتتىن ئالغاندا بىرىنىڭ ئۆزۈر سەۋەبىدىن ياكى ئۆزۈرسىز ئىشلىمىگەنلىكىنىڭ پەرقى يوق. چۈنكى ئۇنىڭ پەقەتلا ئىشلەشتىن باش تارتىشى بىلەن شېرىكچىلىك كېلىشىمى كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ پايدىغا ھەقلىق بولۇشى ئىشلەش شەرتىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئەمەس، شېرىكچىلىككە پۇتۇشۇش شەرتىنىڭ ھۆكمى بىلەن بولىدۇ.

شېرىكچىلىك پايدىدا مالغا ئەمەس، كېلىشىمگە تايىنىدۇ. شۇڭا باراۋەرلىك، بىرلىك ۋە ئارىلاشتۇرۇش شەرت قىلىنمايدۇ. چۈنكى كېلىشىم شېرىكچىلىك دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدا ئىسمىنىڭ مەنىسىنى چوقۇم ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك[1].

ئىمام نەۋەۋىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ مەسىلىنىڭ ھۆكمىنى ئىمام شافىئىنىڭ فىقھىسىغا ئاساسەن بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «پايدا ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىككى تەرەپنىڭ مېلىغا قارىتا بولىدۇ. مەيلى بۇنى شەرت قىلسۇن ياكى شەرت قىلمىسۇن، مەيلى تەڭ ئىشلىسۇن ياكى پەرقلىق ئىشلىسۇن بەرىبىردۇر. ئەگەر ئىككىسى دەسمايىدە پەرقلىق بولسىمۇ، پايدىنى تەڭ ئېلىشنى شەرت قىلسا، ياكى دەسمايىنى تەڭ چىقىرىپ، پايدىنى پەرقلىق ئېلىشنى شەرت قىلسا، بۇ مەزھەپكە بىنائەن شېرىكچىلىك بۇزۇلىدۇ. بۇنى بۇ مەزھەپ ئىماملىرى كەسكىن قىلىپ ئېيتقان. ئىمام شافىئىدىن يەنە بىر قاراش رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، شېرىكچىلىك بۇزۇلمايدۇ، پايدا ئىككى تەرەپنىڭ مېلىغا قارىتا ئۆلەشتۈرۈلىدۇ، دېيىلگەن»[2].

<ئىئلائۇسسۇنەن> ناملىق كىتابتا ئىبنى قۇدامەنىڭ بۇ مەسىلىدىكى قارىشى نەقىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇ مۇنداق دېگەن: «شېرىكچىلىكنىڭ پۈتۈن تۈرلىرىدە پايدا ئىككى شېرىك كېلىشكەن بويىچە بولىدۇ. ئۇ، بىرى مەبلەغ، يەنە بىرى كۈچ چىقىرىپ تۈزۈشكەن مۇئامىلىدە ئۇ ھۆكۈمنىڭ شۇنداق بولۇشىدا ئىختىلاپ يوق».

ئىبنى مۇنزىر مۇنداق دېگەن: «ئىلىم ئىگىلىرى ئىشلىگۈچىنىڭ مال ئىگىسىگە پايدىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ياكى يېرىمىنى بېرىشنى شەرت قىلىش ھەققىنىڭ بارلىقىغا ۋە ياكى شۇ پايدا ئومۇمىي پايدىنىڭ مەلۇم قىسمى بولغاندىن كېيىن ئىككىسى كېلىشكەن بويىچە بولىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن. ئەمما مالنىڭ مەلۇم مىقدارىدا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىككە كەلسەك، پايدىنى ئىككى تەرەپنىڭ مېلىغا قارىتا بەلگىلىسىمۇ، بىرىنىڭ مېلى ئاز، يەنە بىرىنىڭ مېلى كۆپ بولغان تۇرۇقلۇق پايدىنى تەڭ بۆلەشسىمۇ، تەڭ دەسمايە چىقىرىپ، پايدىنى پەرقلىق بۆلەشسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ. ئىمام ئەبۇ ھەنىفەمۇ مۇشۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان».

(1) «رەددۇلمۇھتار» 3 ـ توم، 342 ـ بەت.

(2) «رەۋزەتۇتتالىبىين» 3 ـ توم، 516 ـ بەت.

ئىمام مالىك ۋە شافىئىي مۇنداق دېگەن: «بۇ شېرىكچىلىكنىڭ دۇرۇس بولۇشىنىڭ بىر شەرتى پايدا ۋە زىياننى ئىككى تەرەپنىڭ مېلىغا قارىتا تەقسىم قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى بۇ شېرىكچىلىكتىكى پايدا دەسمايە مالغا تەۋەدۇر».

ھەنەفىي مەزھەپىدە پايدىغا ھەقلىق نەرسە ئەمگەكتۇر. شۇڭا ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئىشلىگەنلىكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىمۇ، پايدىنى بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق ئېلىشى دۇرۇس بولىدۇ. بۇ، بىرى مەبلەغ، يەنە بىرى كۈچ چىقىرىپ مۇئامىلە تۈزۈشكەن ئىككى ئادەمنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ.

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ قارىشىنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ ھەدىسى، شەئبى، جابىر ئىبنى زەيد ۋە نەخەئى قاتارلىقلارنىڭ سۆزى كۈچلەندۈرىدۇ. بىز بۇنى مەتىندە (تېكىستتە) بايان قىلىپ ئۆتتۇق. بۇ ساھابىغا ساھابىلاردىن ھېچ بىرىنىڭ قارشى چىققانلىقى مەلۇم ئەمەس. ئۇنىڭغا تابىئىنلارنىڭ فىقھىشۇناسلىرىمۇ قوشۇلغان. شۇڭا ئۇ بۇ مەسىلىدە ئوچۇق پاكىتتۇر.

ئىبنى مۇنزىر يەنە مۇنداق دېگەن: «زىيان دەسمايە مالغا قارىتا بولىدۇ. يەنى شېرىكچىلىكتىكى زىيان ئىككى شېرىكنىڭ ھەربىرىنىڭ مېلىغا قارىتا بولىدۇ. ئەگەر ئىككىسىنىڭ دەسمايە مېلى مىقداردا تەڭ بولسا، زىيان ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا يېرىمدىن بولىدۇ. ئەگەر مال ئۈچ ھەسسە بولسا، زىيانمۇ ئۈچ ھەسسىگە تەقسىم قىلىنىدۇ. ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ بۇ مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىشقىنىنى بىلمەيمىز. ئىمام ئەبۇھەنىفە، شافىئىي ۋە باشقىلار مۇشۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ شەئبى، جابىر ئىبنى زەيد ۋە نەخەئىلارنىڭمۇ قارىشىدۇر.

نۆپۇز شېرىكچىلىكىدە زىيان ئىككىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى سېتىۋېلىنغان نەرسىگە قارىتا بولىدۇ. مەيلى پايدا ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا شۇنداق بولسۇن ياكى شۇنداق بولمىسۇن، مەيلى ئاپەتكە يولۇققانلىقتىن زىيان كېلىپ چىققان بولسۇن ياكى مال باھاسى سېتىۋالغان نەرقىدىن چۈشۈپ كەتكەن بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭدىن باشقا سەۋەب بولسۇن ئوخشاشتۇر.

بىرى مەبلەغ، يەنە بىرى كۈچ چىقىرىپ تۈزۈشكەن مۇئامىلىدە زىيان دەسمايە ئىگىسىگىلا بولىدۇ. ئىشلىگۈچىگە زىياندىن ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ. چۈنكى زىيان دەسمايە مالنىڭ كېمىيىپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇ مال ئىگىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا خاستۇر. ئۇنىڭدا ئىشلىگۈچىگە ھېچ نەرسە يۈكلەنمەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ زىيىنى مېلىدا بولىدۇ، باشقا نەرسىدە بولمايدۇ. ئۇلار پەقەت كۆپەيگەن نەرسىگە شېرىكتۇر»[1].

(1) «ئەلئىئۇسسۇنەن» 13 ـ توم، 77 ـ بەت.

# شېرىك پۇلنى ئۆز مېلىدىن ئۆتىگەنلىكىنى دەۋا قىلغاندا ئۇنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟

ئەگەر شېرىكلەرنىڭ بىرى بىرەر نەرسىنى (شىركەت ئۈچۈن) سېتىۋالسا، بۇ شېرىكچىلىكنىڭ كاپالەتنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغانلىقى ئۈچۈن سېتىۋالغۇچى پەقەت پۇل تەلەپ قىلىدۇ. كاپالەت تىلغا ئېلىنمىغاندا ئەھۋال مۇشۇنداق بولىدۇ. ئۇ شېرىك شېرىكىنىڭ ھەسسىسىگە چۈشلۇق پۇلنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. چۈنكى سېتىۋالغۇچى شېرىك يەنە بىر شېرىكىنىڭ ھەسسىسىدە ئۇ شېرىكىنىڭ ۋەكىلىدۇر. شۇڭا ئۇ پۇلنى ئۆزىنىڭ مېلىدىن ئۆتىگەن بولسا، ھېسابلاپ قايتۇرۇپ ئېلىش ھەققى بار. ئەگەر پۇلنى شېرىكچىلىكتىكى مالدىن بەرگەن بولسا، قايتۇرۇپ ئالمايدۇ.

ئەگەر ئۇ مال سېتىۋالغانلىقىنى پەقەت سۆزى بىلەن ئۇقتۇرسا، بۇنىڭغا پاكىت كەلتۈرۈشى كېرەك. چۈنكى ئۇ يەنە بىرىنىڭ ئۈستىدە مال بارلىقىنى دەۋا قىلدى. ھالبۇكى، جاۋابكار بۇنى رەت قىلىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا جاۋابكارنىڭ سۆزى قەسەم قىلىشى بىلەن ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

ئەگەر جاۋابكار ئۇنىڭ شېرىكچىلىك ئۈچۈن مال سېتىۋالغانلىقىنى تەستىقلىغان، ئەمما پۇلنى ئۆزىنىڭ مېلىدىن ئادا قىلغانلىقىنى يالغانغا چىقارغان بولسا، سېتىۋالغۇچىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدىغانلىقى ئېنىق بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ مال سېتىۋالغانلىقىنى باشقا بىرى تەستىقلىسا، مالنى شېرىكچىلىك ئۈچۈن سېتىۋالغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پۇلنىڭ يېرىمى ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ.

دەۋاگەر پۇلنىڭ شېرىكچىلىكتىكى مالدىن بەرگەنلىكىنى دەۋا قىلسا، ئۇنىڭ دەۋاسى پاكىتسىز قوبۇل قىلىنمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار: «ئەگەر ئۇ مال سېتىۋالغانلىقىنى پەقەت سۆزى بىلەن ئۇقتۇرسا، بۇنىڭغا پاكىت كەلتۈرۈشى كېرەك. چۈنكى ئۇ يەنە بىرىنىڭ ئۈستىدە مال بارلىقىنى دەۋا قىلدى. ھالبۇكى، جاۋابكار بۇنى رەت قىلىدۇ» دېگەن. بۇ يەردە بولسا، ئۇنى رەت قىلمايدۇ، بەلكى، پۇلنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئالاقىدار بولغانلىقى ئۈچۈن تېگىشلىك مالنى سېتىۋالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇڭا جاۋابكار مال سېتىۋالغۇچىنى پۇلنى شېرىكچىلىك مېلىدىن بەرگەنلىكىگە قەسەم قىلدۇرۇشى كېرەك.

دەۋاگەرنىڭ مالنى شېرىكچىلىك ئۈچۈن سېتىۋالغانلىقىنى يالغانغا چىقارغان ئەھۋال ئاستىدا، ئەگەر ئۇ سېتىۋالغان مال زىيانغا ئۇچرىسا، ئېنىقكى، زىيان

سېتىۋالغۇچىغا بولىدۇ. ئەگەر مال دەۋاگەرنىڭ قولىدا نەق بولسا، دەۋاگەرنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئەسلىدىنلا مال سېتىۋالغانلىقىنى يالغانغا چىقىرىپ، مالنىڭ شېرىكچىلىك مېلىدىن ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلسا، ئەگەر مال سېتىۋالغۇچىنىڭ قولىدا بولغان تەقدىردە سېتىۋالغۇچىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

ئەگەر دەۋاگەر مالنى شېرىكچىلىك ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزى ئۈچۈن سېتىۋالغانلىقىنى دەۋا قىلسا، مەسىلەن، تاۋار سېتىۋالسا، يەنە بىر شېرىك: ئۇ شېرىكچىلىكىمىزگە تەۋە مالدۇر دېسە، سېتىۋالغۇچى: ئۇ ماڭا خاس مالدۇر، مەن ئۇنى شېرىكچىلىكنى قۇرۇشتىن ئىلگىرى ئۆزەم ئۈچۈن ئۆز پۇلۇمغا سېتىۋالغان دېسە، دەۋاگەر: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ شېرىكچىلىكىمىزگە تەۋە مال ئەمەس، دەپ قەسەم قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى ئۆزىگە سېتىۋالغان نەرسىنى ئۆزى ئۈچۈن ئىشلىتىش ئەركىنلىكىگە ئىگە.

زاھىرىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇنىڭ: «شېرىكچىلىكنى قۇرۇشتىن ئىلگىرى» دېگەن سۆزى ئۇنى شېرىكچىلىك ھالىتىدە سېتىۋالغان نەرسىلەردىن ئايرىپ قالىدۇ. ئۇنى تەپسىلىرەك چۈشەندۈرۈش لازىمكى، ئەگەر سېتىۋېلىنغان مال ئىككىسىنىڭ تىجارەت قىلىۋاتقان تۈرىدىكى مالدىن بولسا، گەرچە ئۇنى سېتىۋالغان چاغدا ئۆزى ئۈچۈن سېتىۋالغانلىقىغا گۇۋاھچى كەلتۈرسىمۇ، ئۇ مال شېرىكچىلىك ئۈچۈن ھېساب بولىدۇ. چۈنكى ئۇ مۇئەييەن بىر نەرسىنى سېتىۋېلىشتا ئۇنىڭ يېرىمى ئۈچۈن ۋەكىلىنىڭ ئورنىدا بولىدۇ. ئەگەر مال ئىككىسىنىڭ تىجارەت قىلىۋاتقان تۈرىدىكى مالدىن بولمىسا، ئۇ مال سېتىۋالغۇچىنىڭ خاس مېلى ھېسابلىنىدۇ.

كۆپ يۈز بېرىدىغان يەنە بىر ئىش شۇكى، ئەگەر ئىككىسىنىڭ بىرى شېرىكىدىن ئۆزى ئۈچۈن مال سېتىۋالسا، مەلۇم قىسمىغا ئىگىدارچىلىق قىلغان نەرسىنى سېتىۋالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ سودا دۇرۇس بولامدۇ ياكى بولمامدۇ؟ مېنىڭ چۈشىنىدىغىنىم شۇكى، ئۇ دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئەمەلىيەتتە شېرىكىنىڭ ھەسسىسىنى ئۆزىگە تېگىشلىك پۇلغا سېتىۋالغان بولىدۇ. گەرچە ئۇ بۇ شەكىلدە مال سېتىۋېلىش بىلەن شېرىكچىلىكتىكى بىر پۈتۈن مالغا تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ دۇرۇس بولىۋېرىدۇ. ئەگەر مېلىنى سېتىۋالغۇچىنىڭ مېلىغا قوشۇپ، ئىككىسىنى بىر سودا بىلەن ساتسىمۇ، توغرا قاراشقا ئاساسەن، مېلىدىكى ئۆزىگە تېگىشلىك پۇلنى ئېلىش دۇرۇس بولىدۇ. مۇنداق قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار.

# شېرىكچىلىكنى بۇزىدىغان ئامىللار

مال سېتىۋېلىشتىن ئىلگىرى ھەر ئىككىلى تەرەپنىڭ مەبلىغىنىڭ ياكى بىر تەرەپنىڭ مەبلىغىنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىشى بىلەن شېرىكچىلىك بۇزۇلىدۇ. مەبلەغنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغان قىسمىدىكى شېرىكچىلىك بۇزۇلسا، قالغان قىسمىدىمۇ بۇزۇلىدۇ. چۈنكى، بىر تەرەپ ئۆزىنىڭ مەبلىغىگە شېرىكىنىڭ شېرىك بولۇشىغا پەقەت ئۆزىنىڭمۇ شېرىكىنىڭ مەبلىغىگە شېرىك بولغاندىلا ئاندىن رازى بولىدۇ. شېرىكچىلىك كېلىشىمىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان نەرسە مەبلەغدۇر. كېلىشىم تۈزۈلگەن نەرسىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى بىلەن كېلىشىممۇ بۇزۇلىدۇ. سودىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ ئەمەسمۇ!

ئارىلاشتۇرۇشتىن ئىلگىرى زىيانغا ئۇچرىغان مەبلەغنىڭ زىيىنى ئىگىسىگە بولىدۇ. شۇڭا زىيانغا ئۇچرىغان يېرىمى يەنە بىر شېرىكىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنمەيدۇ. چۈنكى شېرىكچىلىك بۇزۇلىدۇ. گەرچە مەبلەغ يەنە بىر شېرىكىنىڭ قولىدا تۇرۇپ زىيانغا ئۇچرىسىمۇ، ئۇنىڭ قولىدىكى مەبلەغ پەقەت ئامانەتتۇر. ئەمما مەبلەغ ئارىلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن زىيانغا ئۇچرىسا، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. چۈنكى ئۇنى ئايرىغىلى بولمىغانلىقتىن شېرىكچىلىك نامىدا زىيانغا ئۇچرىغان بولىدۇ.

زاھىرىي جەھەتتىن ئالغاندا، مەبلەغ ئارىلاشتۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ يەنە مەسىلەن، تەڭگىنى تىللادىن ئايرىۋالغانغا ئوخشاش ئايرىغىلى بولسا، ئۇ ئارىلاشتۇرۇلمىغان مەبلەغنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ.

ئەگەر ئىككىسى تەڭگىلىرىنى ئارىلاشتۇرغان بولسا، ئۇنىڭدىن زىيانغا ئۇچرىغىنىمۇ ئىككىسىنىڭ ئۈستىگە، قالغىنىمۇ ئىككىسىگە بولىدۇ. پەقەت زىيانغا ئۇچرىغان ياكى قالغان ھەممە نەرسىنىڭ قايسىسىنىڭ مەبلىغى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلگىلى بولسا، زىيانغا ئۇچرىغىنىمۇ ئىگىسىگە، قالغىنىمۇ ئىگىسىگە بولىدۇ. زىياندىن ئېشىپ قالغان مەبلەغ ۋە زىيانغا ئۇچرىمىغان مەبلەغ ئارىلاشتۇرۇلغان، ئېنىق بىلگىلى بولمىغان مىقدارغىچە ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ.

ئەگەر ئىككىسىنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ مەبلىغىگە مال سېتىۋالسا، سېتىۋېلىنغان مالدىن كېيىن يەنە بىرىنىڭ مەبلىغى بىرەر نەرسە سېتىۋېلىشتىن بۇرۇن زىيانغا ئۇچرىسا، سېتىۋالغان ۋاقىتتا شېرىكچىلىك مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن، سېتىۋېلىنغان نەرسە ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا پۈتۈشۈش شېرىكچىلىكى ھېسابىدا بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر شېرىكىنىڭ مەبلىغىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى بىلەن ھۆكۈم ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. شېرىكىگە ئۇنىڭ ھەسسىسىنى سېتىۋالغان مالدىن قايتۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ شېرىكىنىڭ ھەسسىسىدە ۋەكىلدۇر. ھالبۇكى، پۇلنى ئۆز مەبلىغىدىن ئادا قىلدى.

شۇڭا ئۆز ھېسابى بويىچە ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ھەسسىسىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

ئەگەر ئىككىسىنىڭ بىرىنىڭ 1500 تەڭگە قىممىتىدە 100 تىللاسى، يەنە بىرىنىڭ 1000 تەڭگىسى بولسا، ئىككىسى پايدا ۋە زىياننى دەسمايىگە قارىتا تەقسىم قىلىشنى شەرت قىلىپ شېرىكلەشسە، ئاندىن ئىككىنچى شېرىك بىر دېدەك سېتىۋالسا، شۇنىڭدىن كېيىن تىللالار زىيانغا ئۇچرىسا، دېدەك ئىككىسىنىڭ بولىدۇ. دېدەكنىڭ پايدىسى بەشكە تەقسىم قىلىنىدۇ. بەشتىن ئۈچى بىرىنچى شېرىككە، بەشتىن ئىككىسى ئىككىنچى شېرىككە تېگىدۇ. چۈنكى پايدا مال سېتىۋالغان كۈندىكى ئىككىسىنىڭ دەسمايە مېلىنىڭ مىقدارىغا قارىتا تەقسىم قىلىنىدۇ. ئىككىنچى شېرىك مىڭ تەڭگىنىڭ بەشتىن ئۈچ ھەسسىسىنى بىرىنچى شېرىككە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ دېدەكنى سېتىۋالغان چاغدا ئۇنىڭ بەشتىن ئۈچ ھەسسىسىدە بىرىنچى شېرىكنىڭ ۋەكىلىدۇر. ھالبۇكى، پۇلنى ئۆزىنىڭ مەبلىغىدىن نەق ئۆتىگەندۇر.

ئەگەر ئىش ئۇنىڭ دەل ئەكسىچە بولسا، تىللالارنىڭ ئىگىسى پۇلنىڭ بەشتىن ئىككى ھەسسىسى بولغان 40 تىللانى تەڭگە ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەگەر ئىككىسىنىڭ ھەربىرى ئۆز مەبلىغىگە بىردىن قۇل سېتىۋالسا ۋە ھەر ئىككىلىسى قۇلنى تاپشۇرۇپ ئالسا، ئاندىن ھەر ئىككىلى قۇل ئۆلۈپ كەتسە، ھەر ئىككىلىسىنىڭ مەبلىغىدىن زىيانغا ئۇچرىغان بولىدۇ. چۈنكى مال سېتىۋالغان چاغدا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا شېرىكچىلىك مەۋجۇت ئىدى.

ئەگەر ئىككىسىنىڭ بىرىنىڭ مەبلىغى زىيانغا ئۇچرىسا، ئاندىن يەنە بىرى ئۆز مەبلىغىگە مال سېتىۋالسا، شېرىكچىلىكنى قۇرغان چاغدا ۋاكالەتنى ئوچۇق تىلغا ئېلىپ: ئىككىمىزدىن قايسىمىز ئۆز مەبلىغىگە مال سېتىۋالسا، ئارىمىزدا ئورتاق بولىدۇ دېيىشكەن بولسا، گەرچە بىر ئادەم باشقا بىرىگە: سەن سېتىۋالغان ھەرقانداق نەرسە ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا بولسۇن دېگەن تەقدىردىمۇ، ياكى ئىككىسى سېتىۋالغان ھەرقانداق تىجارەت ماللىرىنىڭ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئورتاق بولۇش شەرتى ئاستىدا شېرىكلەشسىمۇ، دۇرۇس بولىدۇ. مالنىڭ سۈپىتىنى، مىقدارىنى ۋە ۋاقتىنى بايان قىلىش ھاجەتسىزدۇر. چۈنكى ئىككىسىنىڭ ھەربىرى ئۆزى سېتىۋالغان مالنىڭ يېرىمىدا شېرىكىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ مال سېتىۋېلىشتىكى غەرىزى پايدىنى كۆپەيتىشتۇر. ئۇ غەرەزگە پەقەت بۇ ئىشلارنى ئاممىباب ھالدا قالدۇرغاندىلا ئاندىن يەتكىلى بولىدۇ.

بۇ خىل شېرىكچىلىك زامانىمىزدا ناھايىتى كۆپ يۈز بېرىدۇ. ئىككى شېرىكنىڭ بىرى مەلۇم بىر شەھەردە، يەنە بىرى باشقا بىر شەھەردە بولۇپ ئۇلاردىن ھەربىرى مال سېتىۋالىدۇ ۋە يەنە بىرىنىڭ سېتىشى ھەمدە مال سېتىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا

ئەۋەتىپ بېرىدۇ. لېكىن بۇ شېرىكچىلىك ئىگىدارچىلىق شېرىكچىلىكىدۇر. كۆپىنچە ئەھۋاللاردا، ئۇ ئىككىسى تەڭ مەبلەغ سېلىش ياكى بىر - بىرىدىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىش بىلەن ئۆزئارا پۇتۇشۇش شېرىكچىلىكىنى قۇرىدۇ، پايدىنى دەسمايە مالغا قارىتا ئۆلۈشۈشنى بەلگىلەيدۇ. ئىككىسى شېرىك بولغان ئىككى شېركەتنىڭ پايدىسىنىمۇ شۇنداق تەقسىم قىلىشىدۇ. مۇنداق قىلىش ئىگىدارچىلىق شېرىكچىلىكىدە ئەمەس، پۇتۇشۇش شېرىكچىلىكىدە توغرا بولىدۇ. چۈنكى ئىگىدارچىلىق شېرىكچىلىكىدە پايدا ئىگىدارچىلىق قىلغان دەسمايىگە قارىتا بولىدۇ.

ئەگەر ئىككىسى مالنى يېرىمدىن سېتىۋېلىشنى شەرتلەشكەن بولسا، پايدىمۇ شۇ بويىچە بۆلۈشۈلىدۇ. لېكىن ئىككىسى مالنى پۇتۇشۇش شېرىكچىلىكىنىڭ مەبلىغىگە قارىتا سېتىۋېلىشنى شەرتلەشكەن بولسا، پايدىمۇ ئىككى شېركەتتىكى مەبلەغگە قارىتا تەقسىم قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا ياخشى دىققەت قىلىش لازىم. چۈنكى ئۇ كۆپ يۈز بېرىدىغان ئىشلار بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭدىن غاپىلدۇر[1].

ئەگەر ئىككىسى پەقەت شېركەت قۇرغانلىقىنى تىلغا ئالسا، ئۇنىڭدا ۋاكالەتنى ئېنىق بەلگىلىمىسە، سېتىۋالغان مال سېتىۋالغۇچىغا خاس بولىدۇ. چۈنكى شېرىكچىلىك بۇزۇلغان ھامان، شېركەتنىڭ تەركىبى قىسمى بولغان ۋاكالەتمۇ بۇزۇلىدۇ.

پۇتۇشۇش شېرىكچىلىكى ئىككى شېرىكنىڭ بىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەنمۇ بۇزۇلىدۇ. يەنە بىرى ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلسۇن ياكى بىلمىسۇن بەرىبىردۇر. چۈنكى ئۇ ھۆكۈم جەھەتتە ئايرىلىپ كېتىش ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ دىندىن يېنىۋالغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئەھۋال ئاستىدا، گەرچە ئۇ مۇسۇلمانلىقىقا قايتقان تەقدىردىمۇ، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا شېرىكچىلىك بولمايدۇ. چۈنكى شېرىكچىلىك باشتىن ئاخىرغىچە ۋاكالەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەگەر ئۈچ كىشى شېرىك بولغان بولۇپ، ئۇلاردىن بىرى ئۆلۈپ كەتسە، ئۆلگۈچىنىڭ شېرىكچىلىك ھەققى بىكار قىلىنىدۇ، قالغان ئىككىسىنىڭ شېرىكچىلىك ھەققى داۋام قىلىۋېرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ دىندىن يېنىۋالغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىنمىسا، پۈتۈن ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشى بويىچە شېرىكچىلىك ۋاقىتلىق توختىتىپ قويۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ ھۆكۈم قىلىنىشتىن ئىلگىرى مۇسۇلمانلىقىقا قايتسا، شېرىكچىلىك داۋام قىلىۋېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆلۈپ كەتسە ياكى ئۆلتۈرۈلسە، شېرىكچىلىك ئۈزۈلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ دىندىن يېنىۋالغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىنمىسا ۋە تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى ۋاقىتلىق توختىتىپ قويۇلسا، ئارىدىكى شېرىكچىلىك مالنىڭ مەلۇم مىقدارىدا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكىگە ئايلىنىپ كېتەمدۇ؟ ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ قارىشىدا ئايلىنىپ

(1) «رەددۇلمۇھتار» 3 - توم، 344 - بەت.

كەتمەيدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن مۇھەممەدنىڭ قارىشىدا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

ئىگىدارچىلىق شېرىكچىلىكىگە كەلسەك، ئۆلۈم سەۋەبى بىلەن بۇزۇلمايدۇ. مال تىرىك كىشى بىلەن ئۆلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرى ئارىسىدا ئورتاق بولۇپ ئۆز پېتى قېلىۋېرىدۇ.

شېرىكچىلىك شېرىكچىلىكنى ئىنكار قىلىش بىلەنمۇ بۇزۇلىدۇ. ئىنكار قىلغۇچى يەنە بىرىنىڭ ھەسسىسىنى تۆلەيدۇ. چۈنكى ئامانەتدار كىشىنىڭ تېنىۋېلىشى بۇلاڭچىلىق قىلغان بىلەن باراۋەردۇر.

شېرىكچىلىك ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنىڭ بىكار قىلىشى بىلەنمۇ بۇزۇلىدۇ. ئەگەر دەسمايە سېلىنغان نەرسە مال بولغان تەقدىردىمۇ بۇزۇلىدۇ. بىرى مەبلەغ، يەنە بىرى كۆچ چىقىرىپ تۈزۈشكەن مۇئامىلە بۇنىڭ دەل ئەكسىچە بولىدۇ (يەنى بۇزۇلمايدۇ).

ئارىدىكى پەرق شۇكى، شېرىكچىلىك مەبلىغى ئىككىسىنىڭ قولىدا بىردەك بولىدۇ. تەسەررۇپ قىلىش ۋاكالىتىمۇ ئىككىسىگە بىردەك تاپشۇرۇلىدۇ. ھەربىرى شېرىكىنى نەق پۇل بولسۇن ياكى مال بولسۇن ئۆز مېلىنى تەسەررۇپ قىلىشتىن توسۇشقا ئىگە بولىدۇ. بىرى مەبلەغ، يەنە بىرى كۆچ چىقىرىپ تۈزۈشكەن مۇئامىلىدىكى مەبلەغ بۇنىڭ دەل ئەكسىچە بولىدۇ. ئۇ مۇئامىلىدە مەبلەغ مالغا ئۆرۈلگەندىن كېيىن كۆچ چىقارغۇچىنىڭ پايدىغا ھەقلىق بولۇشى بىلەن ئۇنىڭدىكى ھەققى ئىسپاتلىنىدۇ. ئۇ يالغۇز تەسەررۇپ قىلالايدۇ. شۇڭا مال ئىگىسى ئۇنى توسۇشقا ئىگە ئەمەس.

بىر تەرەپنىڭ بىكار قىلىشى بىلەن شېرىكچىلىكنىڭ بۇزۇلۇشى ئۈچۈن يەنە بىر تەرەپنىڭ بۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇشىغا باغلىق بولىدۇ. چۈنكى بۇ قەستەن ئايرىلىۋالغانلىق بولۇپ، كارى بولماي تاشلىۋېتىش ئىشلىرىدىن بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا قارشى تەرەپكە بولىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇنى بىلىشى شەرت قىلىنىدۇ.

شېرىكچىلىك بىر تەرەپنىڭ: مەن سەن بىلەن ئىش قىلمايمەن، دېيىشى بىلەنمۇ بىكار قىلىنىدۇ. ئەگەر ئىككىسى شېرىك بولغان ۋە مال سېتىۋالغاندىن كېيىن ئۇلاردىن بىرى: مەن سەن بىلەن شېرىك ئىش قىلمايمەن، دېسە ۋە ئارىدىن يوقاپ كەتسە، ئاندىن بار كىشى مالنى ساتسا، چىققان پايدا ساتقۇچىغا بولىدۇ. ئايرىلىپ چىقىپ كەتكۈچىگە مالنىڭ پۇلى قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ: مەن سەن بىلەن ئىش قىلمايمەن، دېگەن سۆزى ئۇنىڭ بىلەن بولغان شېرىكچىلىكنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. ئىككىسىنىڭ بىرى شېرىكچىلىكنى بۇزۇشقا ئىگىدۇر. گەرچە مەبلەغ مال بولغان تەقدىردىمۇ بۇزالايدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، بۇ بىرى مەبلەغ، يەنە بىرى كۆچ چىقىرىپ تۈزۈشكەن مۇئامىلىنىڭ دەل ئەكسىدۇر.

ئىككىسىنىڭ بىرىنىڭ ئەسلىگە كەلمەيدىغان دەرىجىدە ساراڭ بولۇپ قېلىشى بىلەنمۇ شېرىكچىلىك بۇزۇلىدۇ. لېكىن ساراڭ بولۇپ قالغۇچىنىڭ ساقايماس ساراڭلىق ئىكەنلىكى ئېنىق ئىسپاتلانغىچە شېرىكچىلىك داۋام قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىسپاتلىنىشى ئۈچۈن، بۇ ھەقتىكى ئىختىلاپقا ئاساسەن، بىر ئاي ياكى يېرىم يىل مۆلچەرلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى پايدا ئىشلىگۈچىنىڭ بولىدۇ. لېكىن ئۇ ساراڭنىڭ مەبلىغىنىڭ پايدىسىنى سەدىقە قىلىدۇ.

زاھىرىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئىككىسىنىڭ بىرى مەبلەغنى داۋام قىلىۋاتقان شېركەتنى بۇزغۇنچىلىققا ئۈچرىتىش يوللىرىغا ئىشلەتكەن تەقدىردىمۇ مۇشۇنداق ھۆكۈم قىلىش لازىم. پايدا ئىشلىگۈچىگە بولىدۇ. يەنە بىر شېرىكنىڭ مەبلىغىدىن ئالغان پايدىنى سەدىقە قىلىدۇ[1].

## تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى بىلەن مالنىڭ مەلۇم مىقداردا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكىدە شېرىكنىڭ تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقلىرى

تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى بىلەن مالنىڭ مەلۇم مىقداردا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكىدىكى ھەر بىر شېرىكنىڭ تىجارەتكە سېلىش ياكى مال مۈلكىنى ساقلىتىش ئۈچۈن ئادەم ئىجارىگە ئېلىش ھەققى بار. ھەر بىر شېرىكنىڭ يەنە پايدىنىڭ مال ئىگىسىگە بولۇش ۋە ئىشلىگۈچىگە ھېچنەرسە بېرىلمەسلىك شەرتى بىلەن مال - مۈلكىنى بىرەرسىنىڭ تىجارەتكە ئىشلىتىشىگە بېرىش، مال - مۈلكىنى ئامانەتكە قويۇش ۋە ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇش ھەققى بار. مەسىلەن شېرىكنىڭ بىرى (شېرىك) ئۇلاغنى ئۆتنىگە بەرگەن، ئاندىن ئۇ ئۇلاغ ئۆتنىگە ئالغان ئادەمنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، قىياس قائىدىسىگە ئاساسەن ئۇلاغنى ئۆتنىگە بەرگەن شېرىك يەنە بىر شېرىكىگە ئۇ شېرىكىنىڭ ئۇلاغدىكى يېرىم ھەسسىسىنى تۆلەپ بېرىدۇ. قىياس قائىدىسى بولسا ئەبۇھەنىفە، ئەبۇيۇسۇف ۋە مۇھەممەد قاتارلىق ئىماملار (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قائىدىسىدۇر. لېكىن مەن (يەنى شەيخ ئىبنى ئابىدىن) ئۇ شېرىكنىڭ يەنە بىر شېرىكىگە ئۇ شېرىكنىڭ ئۇلاغدىكى يېرىم ھەسسىسىنى تۆلەپ بەرمەسلىكىنى ياخشى دەپ قارايمەن. شېرىكنىڭ بىرى (ئىككى شېرىك ئارىسىدىكى شېرىك) كىيىم - كېچەكنى ياكى ئۆينى، ياكى خىزمەتچىنى ئۆتنىگە بەرگەن، ئاندىن ئۆتنىگە بېرىلگەن نەرسە زىيانغا ئۇچراپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ھۆكمىمۇ

(1) «رەددۇلمۇھتار» 3 - توم، 351 - بەت.

يۇقىرىدىكى مەسىلىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش.[1]

شېرىكنىڭ بىرى قولىدىكى (شېرىك) مەبلەغنى ئۆزىنىڭدىن ئالغان پايدىنى مەلۇم ھەسسىدىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىپ بىرەر كىشىنىڭ تىجارەت قىلىشى ئۈچۈن بېرەلەيدۇ. چۈنكى، ئالغان پايدىنى مەلۇم ھەسسىدىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىپ مالنى بىرەر كىشىنىڭ تىجارەت قىلىشى ئۈچۈن بېرىش ئىشى شېرىكچىلىك مۇئامىلىسىدىن تۆۋەن دەرىجىدىكى مۇئامىلىدۇر. شۇڭا شېرىكچىلىك ئۇ ئىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشىگە بېرىلگەن مال ـ مۈلۈكنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىگە ئەمەس مالنى بەرگەن شېرىكنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ.

ئەگەر شېرىكنىڭ بىرى ئالغان پايدىنى مەلۇم ھەسسىدىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىپ بىرەر ئادەمدىن مەبلەغ ئالغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ شېرىك ئالغان مەبلەغنى شېرىكى بىلەن قىلىۋاتقان تىجارەتنىڭ تۈرىدىن باشقا بىر تىجارەتكە ئىشلىتىپ پايدا ئالغان بولسا، ئالغان پايدىسى ئۆزىگە خاس بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ شېرىك ئۇ ئادەمدىن ئالغان مەبلەغنى يەنە بىر شېرىكى بار يەردە شېرىكى بىلەن قىلىۋاتقان تىجارەتكە ئىشلىتىپ پۇل تېپىش ئۈچۈن ئېلىپ پايدا تاپقان بولسا، ئالغان پايدىسى ئۆزىگە خاس بولىدۇ. ئەگەر ئۇ شېرىك ئۇ ئادەمدىن ئالغان مەبلەغنى يەنە بىر شېرىكى يوق يەردە شېرىكى بىلەن قىلىۋاتقان تىجارەتكە ئىشلىتىپ پۇل تېپىش ئۈچۈن ئالغان ياكى ئىشلىتىدىغان تىجارەتنىڭ تۈرىنى بايان قىلماستىن ئالغان ۋە پايدا تاپقان بولسا، ئۇ مەبلەغدىن ئېلىنغان پايدا ئىككى شېرىك ئارىسىدا ئورتاق بولىدۇ. مەبلەغنى ئېلىپ تىجارەتكە سالغان شېرىك ئۆزىگە تەقسىم بولغان پايدىنى ئىككىگە بۆلۈپ يېرىمىنى ئۆزى ئالىدۇ. قالغان يېرىمىنى مەبلەغ ئىگىسى ئالىدۇ.

ئىككى شېرىكتىن ھەر بىرى ئۈچىنچى بىرىنى مال سېتىش ۋە مال ئېلىشقا ۋەكىل قىلالايدۇ. چۈنكى ئېلىم ـ سېتىم تىجارەت ئىشلىرىدىندۇر. شېرىكچىلىك بولسا تىجارەت ئۈچۈن قۇرۇلغان مۇئامىلىدۇر. ئەمما پەقەت مال سېتىۋېلىش ئۈچۈنلا تەيىنلەنگەن ۋەكىل بىرەر نەرسە سېتىش ياكى سېتىپ ئېلىش ئۈچۈن يات بىرىنى ۋەكىل قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ۋەكىل پەقەت مال سېتىۋېلىش ئۈچۈنلا تەيىن قىلىندى. شۇڭا ئۇ باشقا بىرىنى ۋەكىل قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس.

ئەگەر شېرىكنىڭ بىرى يەنە بىر شېرىكنى بىرەر ئىشنى قىلىشتىن چەكلىسە، بۇ چەكلىمە كۈچكە ئىگە بولىدۇ. شېرىكلەرنىڭ بىرى يەنە بىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىش ھەققى بولغان بىرەر ئىشتىن چەكلىسە، چەكلەنگەن شېرىكنىڭ شۇ ئىشنى قىلماسلىقى لازىم. شېرىك قولىدىكى مالنى پايدىسىغىمۇ، زىيىنىغىمۇ ساتالايدۇ. يەنى خالىغان باھا بىلەن ساتالايدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار» 3 ـ توم، 344 ـ بەت.

ئەمما شېرىك مالنى پەقەت توغرا رەۋىشتە سېتىۋالالايدۇ. يەنى شېرىك مالنى خالىغان باھا بىلەن سېتىۋالالمايدۇ. ھەر ئىككىسى مالنى (سېتىپ ئېلىشنى) ئۇنىڭ (بازاردىكى) باھاسى بويىچە ۋە نەق پۇلغا ئېلىشقا خاسلاشتۇردى. بۇ ھەقتە پەتىۋا بۇ ھۆكۈم بويىچە بېرىلىدۇ.

ئەگەر شېرىكنىڭ بىرى مالنى ساتقان، كېيىن مال ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىلگەن ۋە ئۇ شېرىك مالنى قايتۇرۇپ ئالغان بولسا، (مالنىڭ قايتۇرۇپ بېرىلىشى ھەققىدە قازى تەرىپىدىن) ھۆكۈم چىقىرىلمىغان بولسىمۇ ئۇ شېرىكنىڭ مالنى قايتۇرۇپ ئېلىشى توغرىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر شېرىكنىڭ بىرى مالنىڭ باھاسىنى چۈشۈرگەن، ياكى مالدا بىرەر ئەيىپ كۆرۈلگەنلىكى سەۋەبى (مالنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن پۇلنى ئېلىشنى) كېچىكتۈرگەن بولسا، ئۇ شېرىكنىڭ قىلغان ئىشى كۈچكە ئىگە بولىدۇ. مالدا ئەيىپ كۆرۈلمىگەن ۋاقىتتا، مالنى ساتقان شېرىك (مالنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن مالنىڭ پۇلىدىن) پەقەت ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان قىسمىنى كېچىكتۈرەلەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە شېرىك مالدىن ئۆزىگە تەۋە قىسمىنى سوۋغات قىلىپ بېرەلەيدۇ. ئەگەر مالنى ساتقان شېرىك مالدا ئەيىپنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلسا، بۇ ئەيىپنىڭ زىيىنى ھەر ئىككى شېرىككە ئورتاق بولىدۇ.

شېرىكنىڭ ھەر بىرى مالنى نەق - نېسىيغا سېتىش ھوقۇقىغا ئىگىدۇر. ئەمما مال سېتىۋالغان ۋاقىتتا، مال سېتىۋالغان شېرىكنىڭ قولىدا شېرىكچىلىككە تەۋە پۇل بولمىغان ۋە مالنى ئۆزىنىڭ شەخسىي پۇلىغا سېتىۋالغان بولسا، سېتىۋېلىنغان مال ئۇ شېرىكنىڭ ئۆزىگە خاس بولىدۇ. چۈنكى ئۇ مال شېرىكچىلىككە تەۋە بولسا، شېرىكنىڭمۇ ئارتۇق مال قېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھالبۇكى، شېرىك دەسمايە مالغا ئارتۇق مال قېتىشنى خالىمايدۇ. بۇنىڭدىن شۇ مەلۇم بولىدۇكى، ئەگەر شېرىك (دەسمايە مالغا ئارتۇق مال قوشۇشقا) رازى بولسا، سېتىپ ئېلىنغان مال شېرىكچىلىككە تەۋە بولىدۇ. چۈنكى شېرىك يەنە بىر شېرىكنىڭ رۇخسىتى بىلەن قەرز ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگىدۇر (يەنى ئۇ شېرىكنىڭ يېنىدىن چىقىرىپ ئۇ مالغا بېرىپ قويغان پۇل قەرز ھېسابىدا بولىدۇ). ئەگەر شېرىكچىلىك مالنىڭ مەلۇم مىقدارىدا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكى بولغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما شېرىكچىلىك تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى بولغان بولسا، شېرىكنىڭ بىرى سېتىۋالغان مال (ئەگەر ئۇ شېرىك مالنى ئۆزىنىڭ شەخسىي پۇلىغا سېتىۋالغان بولسىمۇ) شەرتسىز ھالدا ئىككىسىگە تەۋە بولىدۇ.

مال مەيلى ئۇنى ئېلىپ مېڭىش ئۈچۈن چاپا - مۇشەققەت كېتىدىغان مال بولسۇن مەيلى ئۇنداق مال بولمىسۇن شېرىك قولىدىكى مالنى ئېلىپ سەپەر قىلالايدۇ. شېرىك سەپەردە يول كىراسى، ياتاق ۋە يېمەك - ئىچمەك قاتارلىقلار ئۈچۈن چىقىم قىلغان

پۇل دەسمايە مالدىن بولىدۇ. ئەگەر شېرىك (ئۆزى بىلەن بىللە ئىلىپ ماڭغان مالنى سېتىپ) پايدا ئالغان بولسا، ئۇ چىقىملار ئالغان پايدىدىن قىلىنىدۇ. ئەگەر شېرىك پايدا ئالالمىغان بولسا، چىقىملار دەسمايە مالدىن قىلىنىدۇ.

مالنىڭ مەلۇم مىقداردا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكىدىكى بىر شېرىك (ئۈچىنچى بىر ئادەمنى شېرىكچىلىككە قاتماقچى بولسا) پەقەت يەنە بىر شېرىكنىڭ رۇخستى بىلەنلا قاتالايدۇ. ئەگەر شېرىكنىڭ بىرى مالنىڭ مەلۇم مىقداردا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكىگە (ئۈچىنچى بىر ئادەمنى) شېرىك قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم سېتىۋالغان مالنىڭ يېرىمى ئۆزىگە، قالغان يېرىمى (ئەسلىدىكى) ئىككى شېرىككە تەۋە بولىدۇ. ئەسلىدىكى ئىككى شېرىكتىن ئۈچىنچى ئۇ ئادەمنى شېرىكچىلىككە قاتمىغان شېرىك بىرەر نەرسە سېتىۋالغان بولسا، سېتىۋېلىنغان ئۇ نەرسە ئۆزى بىلەن (ئەسلىدىكى) شېرىكنىڭ ئارىسىدا يېرىم - يېرىمدىن تەقسىم قىلىنىدۇ ۋە ئۇ نەرسىدىن ئۈچىنچى ئادەمگە ھېچ نەرسە تەگمەيدۇ.

شېرىك، شېركەتكە تەۋە نەرسە - كېرەكلەردىن مۇئەييەن بىر نەرسىنى پەقەت يەنە بىر شېرىكنىڭ رۇخستى بولغاندىلا، ياكى قەرز ئىلىپ ھۆججەت پۈتۈشكەن كىشى پەقەت ئۆزى بولغاندىلا ئاندىن گۆرۈگە قويالايدۇ. ئەگەر قەرز ئىلىپ ھۆججەت پۈتۈشكەن شېرىك (ئالغان قەرزگە بىرەر نەرسىنى گۆرۈ قويغان) شېرىكنىڭ ئۆزى بولسا، ئۇنىڭ گۆرۈگە قويغانلىق ۋە گۆرۈگە ئالغانلىق ھەققىدىكى ئېتىراپلىرى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەمما قەرزگە ھۆججەت پۈتۈشۈشكە باشقا بىرى ئىگە بولغان، ياكى ھەر ئىككى شېرىك ئىگە بولغان بولسا، بىرىنىڭ يەنە بىر شېرىكنىڭ ھەسسىسى ھەققىدە قىلغان ئېتىراپى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ  ھەسسىسى ھەققىدە قىلغان ئېتىراپىنىڭ قوبۇل قىلىنىش ياكى قوبۇل قىلىنماسلىقى ھەققىدە ئىماملار ئارىسىدا ئىختىلاپ بار.

بىر شېرىك يەنە بىر شېرىكنى يالغانچىغا چىقىرىش سەۋەبى بىلەن ئىككى شېرىك ئارىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلگەن بولسا، يالغانچىغا چىقىرىلغان شېرىكنىڭ (بىرەر ئىش ھەققىدە) قىلغان ئىقرارى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەگەر يالغانچىغا چىقىرىلغان شېرىك شىركەت ئۈچۈن ئالغان قەرز ئۈچۈن بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە قويغان بولسا، ئۇ شېرىكنىڭ ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە قويۇشى توغرا بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ شېرىك ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ شېرىك شىركەت نامىدىن بېرىلگەن قەرز ئۈچۈن قەرزداردىن بىرەر نەرسە گۆرۈگە ئالغان بولسا، گۆرۈگە ئېلىنغان نەرسە يەنە بىر شېرىكنىڭ نامىدىنمۇ گۆرۈگە ئېلىنغان ھېسابلانمايدۇ. يەنى ئۇ نەرسە پەقەت ئۇ شېرىكنىڭ ئۆز نامىدىن گۆرۈگە ئېلىنغان بولىدۇ.

ئەگەر گۆرۈگە ئېلىنغان نەرسە ئۇنى گۆرۈگە ئالغان شېرىكنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا زىيانغا ئۇچراپ كەتكەن، ئۇ نەرسىنىڭ قىممىتى بىلەن قەرزنىڭ مىقدارى تەڭ بولغان بولسا، (قەرزدار شىركەتكە بولغان قەرزنى ئادا قىلغان بولىدۇ) ۋە ئۇ نەرسىنى قولىدا ساقلىغان شېرىكنىڭ شىركەتتىكى ھەسسىسى تۈگەيدۇ. يەنە بىر شېرىك ئۆزىنىڭ ھەسسىسىنى خالىسا قەرزداردىن تەلەپ قىلىپ ئالىدۇ، قەرزدار ئۇنىڭغا تۆلەپ بەرگەن پۇلنى ئۇ نەرسىنى گۆرۈگە ئالغان شېرىكتىن تۆلىتىپ ئالىدۇ، خالىسا ئۆزىنىڭ شېرىكىدىن تەلەپ قىلىپ ئالىدۇ. چۈنكى گۆرۈگە ئېلىنغان نەرسىنىڭ ئۇ شېرىكنىڭ قولىدا زىيانغا ئۇچراپ كېتىشى ئۇنىڭ قەرزنى خۇددى تولۇق ئالغىنىغا ئوخشاش. (يەنى ئەگەر ئۇ شېرىك قەرزداردىن قەرزنى تولۇق ئالسا، يەنە بىر شېرىك ئۆزىنىڭ ھەسسىسىنى ئۇ شېرىكتىن تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭدەك گۆرۈگە ئېلىنغان نەرسە زىيانغا ئۇچراپ كەتكەن ۋاقىتىدىمۇ يەنە بىر شېرىك ئۆزىنىڭ ھەسسىسىنى ئۇ شېرىكتىن تەلەپ قىلىپ ئالىدۇ). بۇ ئەگەر شېرىكچىلىك مالنىڭ مەلۇم مىقدارىدا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكى بولسا، ئەھۋال ئاشۇنداق بولىدۇ. ئەمما شېرىكچىلىك تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى بولسا، ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكىدىكى شېرىككە يۈكلىنىدۇ.

ئەگەر تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكىدىكى شېرىك يەنە بىر شېرىكنىڭ رۇخستى بىلەن تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى قۇرغان بولسا، بۇ شېرىكچىلىك توغرا بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ شېرىكچىلىك يەنە بىر شېرىكنىڭ رۇخستىسىز بولغان بولسا، ئۇ تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى ئەمەس مالنىڭ مەلۇم مىقدارىدا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكى ھېسابلىنىدۇ. تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكىدىكى شېرىك ئالغان پايدىنى پەقەت ئۆزى ئېلىشنى دېگەن بولسىمۇ ئالغان پايدا ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر شېرىكنىڭ ئارىسىدا ئورتاق بولىدۇ.

شېرىكچىلىك مەيلى مالنىڭ مەلۇم مىقدارىدا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكى بولسۇن مەيلى تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى بولسۇن شېرىكلەرنىڭ بىرەرسىنىڭ شىركەتنىڭ ماللىرىدىن رەختكە ئوخشاش بىرەر نەرسىنى سوۋغات قىلىپ بېرىشى توغرا ئەمەس. يەنى رەختكە ئوخشاش نەرسە سوۋغات قىلىنسا، سوۋغات قىلىنغان نەرسىنى يەنە بىر شېرىكنىڭ ھەسسىسىگىمۇ ھېسابلاش توغرا ئەمەس. ئەمما شېرىك ئۆزىنىڭ ھەسسىسىدىن چىقىرىپ بىرەر نەرسىنى سوۋغات قىلغان بولسا، ئەگەر سوۋغات قىلىنغان نەرسىدە ئۇنى تەقسىم قىلىپ ئېلىپ سوۋغات قىلىنغان ئادەمگە تاپشۇرۇپ بەرگىلى بولىدىغانغا ئوخشاش شەرت تېپىلسا، ئۇ سوۋغات توغرا بولىدۇ. سېتىلغان نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە سوۋغات قىلىپ بېرىۋېتىش شەرتسىز توغرىدۇر. مەسىلەن: تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكىدىكى شېرىكنىڭ بىرى شىركەتكە تەۋە

مالدىن بىرەرسىنى ساتقان، ئاندىن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە سوۋغات قىلىپ بېرىۋاتقان، ياكى ئۆتنۈۋاتقان بولسا، ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشى توغرا بولغان بولىدۇ. لېكىن، ئۇ نەرسىنى سوۋغات قىلغان شېرىك يەنە بىر شېرىكىگە ئۇنىڭ ئۇ نەرسىدىكى ھەسسىسىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اﷲ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ شېرىكنىڭ ئۇنداق قىلىشى توغرا ئەمەس» دەيدۇ. ئەگەر ئۇ شېرىك سېتىلغان نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن باشقا بىر ئادەمگە سوۋغات قىلىپ بەرگەن بولسا، بارلىق ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدا بۇ سوۋغات ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىدىن پەقەت ئۇ شېرىككە تەۋە بولىدىغان ھەسسىدىنلا توغرا بولىدۇ.

شېرىكلەرنىڭ بىرەرسىنىڭ شىركەتنىڭ ماللىرىدىن گۆشكە، نانغا ۋە مېۋە ـ چېۋىلەرگە ئوخشاش يېيىلىدىغان ۋە ئادەتتە كىشىلەرگە سوۋغات قىلىپ بېرىلىدىغان نەرسىلەرنى سوۋغات قىلىپ بېرىشى توغرىدۇر. كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن شېرىكنىڭ بىرەرسى يەنە بىر شېرىكىنىڭ ئۇچۇق رۇخسىتى بولماي تۇرۇپ شىركەتنىڭ پۇلىدىن بىرەرسىگە قەرز بېرىپ تۇرالمايدۇ. ئەگەر ئىككى شېرىكنىڭ بىرى يەنە بىر شېرىكىگە: سەن شىركەتتە خالىغىنىڭچە ئىش قىلالايسەن، دېگەن بولسا، ئۇ شېرىك شىركەتكە تەۋە ماللاردىن خالىغىنىنى گۆرۈگە بېرەلەيدۇ، شىركەتنىڭ نامىدىن قەرزدارلاردىن گۆرۈگە نەرسە ئالالايدۇ، شىركەتنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي مال ـ مۈلكىگە قوشۇپ سەپەرگە چىقالايدۇ ۋە باشقا كىشىلەرنى شىركەتكە قوشالايدۇ. ئەمما شىركەتنىڭ ماللىرىدىن بىرەر نەرسىنى سوۋغات قىلىپ، ياكى قەرزگە بېرەلمەيدۇ. ئەگەر شېرىكنىڭ ئۇچۇق رۇخسىتى بولمىغان تەقدىردە يەنە بىر شېرىكنىڭ شىركەتنىڭ ماللىرىنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋاتىدىغان بىرەر ئىشنى قىلىشى، ياكى ماللارنى بەدەلسىز بىرەرسىگە بېرىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، شېرىكچىلىك پايدا ئېلىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان ئىشتۇر. شۇڭا شېرىكچىلىك كېلىشىمى شىركەتكە پايدا ئېلىپ كەلمەيدىغان ھەر قانداق ئىشنى قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.[1]

تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكىدىكى شېرىكنىڭ، ئوغلىغا ۋە دادىسىغا ئوخشاش ئۇ شېرىكنىڭ پايدىسى ئۈچۈن بېرىلگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدىغان كىشىلەرگە شىركەتنىڭ ماللىرىنى سېتىپ بېرىشى توغرىدۇر. بارلىق ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدا سېتىلغان ماللار شىركەتنىڭ نامىدىن سېتىلغان ھېسابلىنىدۇ. بىر قىسىم ئالىملار: «مالنىڭ مەلۇم مىقداردا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكىدىكى شېرىكنىڭ ھۆكمىمۇ تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكىدىكى شېرىكنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش. يەنى مالنىڭ مەلۇم مىقداردا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكىدىكى شېرىكنىڭمۇ ئوغلىغا ۋە دادىسىغا ئوخشاش ئۇ شېرىكنىڭ پايدىسى ئۈچۈن بېرىلگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدىغان

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 345 ـ بەت.

كىشىلەرگە شىركەتنىڭ ماللىرىنى سېتىپ بېرىشى توغرىدۇر» دەيدۇ.[1]

تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكىدىكى شېرىكنىڭ، ئوغلىغا ۋە دادىسىغا ئوخشاش ئۇ شېرىكنىڭ پايدىسى ئۈچۈن بېرىلگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدىغان كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ قەرزىنىڭ بارلىقى ھەققىدە قىلغان ئىقرارى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەمما مالنىڭ مەلۇم مىقداردا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكىدىكى شېرىكنىڭمۇ ئوغلىغا ۋە دادىسىغا ئوخشاش ئۇ شېرىكنىڭ پايدىسى ئۈچۈن بېرىلگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدىغان كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ قەرزىنىڭ بارلىقى ھەققىدە قىلغان ئىقرارى مۇنداق تەپسىلاتلارغا بۆلۈنىدۇ: ئەگەر مەزكۇر كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ قەرزىنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلغان شېرىك ئىقرارنى: ئۇ قەرز شىركەتنىڭ نامىدىن قىلىنغان تىجارەتكە ئالاقىدار قەرز ئىدى، دەپ ئىقرار قىلغان ۋە تىجارەتنى يەقەت قەرزنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلغان شېرىك ئۆزى ئىگە بولۇپ قىلغان بولسا، ئۇ قەرزنىڭ ھەممىسىنى ئۇ شېرىك ئۆزى تۆلەيدۇ. ئەگەر ئۇ شېرىك ئىقرارنى: شىركەتنىڭ نامىدىن قىلىنغان تىجارەتكە ھەم ئۆزىنىڭ ۋە ھەم يەنە بىر شېرىكنىڭ ئىگە بولغانلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسا، ئۇ شېرىك قەرزنىڭ يېرىمىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ شېرىك ئىقرارنى: شىركەتنىڭ نامىدىن قىلىنغان تىجارەتكە يەنە بىر شېرىكنىڭ ئىگە بولغانلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسا، قەرزنىڭ ھەممىسىنى يەنە بىر شېرىكى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەمما تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكىدە ئەھۋال بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. يەنى بۇ شېرىكچىلىكتە قەرز ھەر ئىككى شېرىككە تەڭ بولىدۇ.

مالنىڭ مەلۇم مىقداردا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكىدە ماددىي نەرسىنىڭ ھۆكمىمۇ قەرزنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش. مەسىلەن: مالنىڭ مەلۇم مىقداردا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكىدىكى بىر شېرىك قولىدىكى نەرسىنىڭ بىر ئادەمگە تەۋە نەرسە ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان بولسا، ئۇ نەرسە ئۈچۈن كېتىدىغان مال پەقەت ئۇ شېرىكنىڭ ئۆزىگە تەۋە ھەسسىسىدىن كېتىدۇ. يەنە بىر شېرىكنىڭ ھەسسىسىدىن بېرىلمەيدۇ.

ئەگەر شېرىكنىڭ بىرى شىركەتكە تەۋە ماللاردىن ساتقان، ياكى بىرەرسىگە قەرزگە پۇل بەرگەن بولسا، يەنە بىر شېرىكنىڭ بېرىپ مالنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن ئۇنىڭ پۇلىنى ئېلىش، ياكى دەۋالىشىش، ياكى قەرزدار بىلەن دەۋالىشىش ھەققى يوق. ئەگەر ئۇ شېرىك قەرزداردىن پۇل سوراپ كەلسە، قەرزدارنىڭ قەرزنى ئۇنىڭغا بېرىشنى قوبۇل قىلماسلىق ھەققى بار. ئەگەر قەرزدار قەرزنى ئۇ شېرىككە بەرسە، ئۇ شېرىكنىڭ قەرزدىكى ھەسسىسىدىن ئادا ـ جۇدا بولغان بولىدۇ. ئەمما قەرز بەرگەن شېرىكنىڭ قەرزدىكى ھەسسىسىدىن ئادا ـ جۇدا بولغان بولمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر قەرز

(1) «تەقرىراتۇر رافئىي»، 2 ـ توم، 72 ـ بەت.

بەرگەن ياكى شىركەتنىڭ نامىدىن مال ساتقان كىشى قەرزداردىن ياكى مال سېتىپ ئالغان ئادەمدىن پۇل تەلەپ قىلغان شېرىكنىڭ ئۆزى بولمىغان، ياكى شېرىكلەردىن باشقا بىرى بولغان بولسا، شېرىكنىڭ قەرزدارنىڭ ياكى مال سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۈستىدىكى قەرز پۇلنى كېچىكتۈرۈشى توغرا ئەمەس. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىمام ئەبۇيۈسۈف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر شېرىكلەرنىڭ بىرى قەرزدارنىڭ ياكى مالنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۈستىدىكى پۇلنى ئېلىشنى كېچىكتۈرۈۋەتسە، ئۇ پۇل ئۇ شېرىكنىڭ ئۆز ھەسسىسىگە ھېساب بولىدۇ» دېدى. ئەگەر پۇلنى ئېلىشنى كېچىكتۈرگەن كىشى قەرزدارغا قەرزنى بەرگەن، ياكى مالنى ساتقان شېرىك بولسا، ئېلىش كېچىكتۈرۈلگەن پۇل ھەم ئۇ شېرىككە ۋە ھەم يەنە بىر شېرىككە ھېساب بولىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۈسۈف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئېلىش كېچىكتۈرۈلگەن پۇل پەقەت پۇلنى ئېلىشنى كېچىكتۈرگەن شېرىككە ھېساب بولىدۇ» دېدى.

مالنىڭ مەلۇم مىقدارىدا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكىدىكى شېرىكلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ شىركەت ئېلىپ ـ ساتىدىغان نەرسىنىڭ تۈرىدىن باشقا نەرسىنى سېتىپ ئېلىش ھەققى بار. سېتىپ ئېلىنغان نەرسە ئۇنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسىنىڭ پۇلى ئۇنى سېتىپ ئالغان شېرىكتىن تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر شىركەتنىڭ پۇلىغا مال سېتىپ ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ شېرىكنىڭ سېتىپ ئالىدىغان نەرسىسى شىركەت ئېلىپ ـ ساتىدىغان نەرسىنىڭ تۈرىدىن بولغان نەرسە بولسىمۇ ئۇ نەرسىنى ئۆزى ئۈچۈن سېتىپ ئېلىش ھەققى بار. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك شىركەتچىلىك مال سېتىۋېلىشتىن ئىلگىرى ھەر ئىككى شېرىكنىڭ مەبلىغىنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى بىلەن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.[1]

# ئالغان پايدىنىڭ مىقدارىنى ئىقرار قىلىپ بولغاندىن كېيىن بۇ ئىقرارنىڭ خاتا بولۇپ قالغانلىقىنى دەۋا قىلىشنىڭ ھۆكمى

شېرىك، شىركەتكە تەۋە ماللار ھەققىدە ئىشەنچلىك ئادەم دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ قەسەم قىلىپ تۇرۇپ: مۇنچىلىك پايدا ئالدىم ياكى مۇنچىلىك زىيان تارتتىم ياكى تىجارەتتە بولمىسىمۇ مۇنچىلىك مالنى يۈتتۈرۈپ قويدۇم ياكى ھەممىسىنى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 351 ـ بەت.

يۇتتۇرۇپ قويدۇم، ياكى شېرىكىمگە مۇنچىلىك پۇل بەردىم، دېگەن سۆزلىرى قوبۇل قىلىنىدۇ.

ئەگەر شېرىكنىڭ بىرى دەسلەپ: مەن مۇنچىلىك پايدا ئالدىم، دەپ ئىقرار قىلغان، ئاندىن ئۇنىڭ خاتا بولۇپ قالغانلىقىنى دەۋا قىلىپ (ئالغان پايدىنىڭ ئۇ مىقداردىن ئاز ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان) بولسا، ئۇنىڭ ئۇ مىقدارنىڭ خاتا بولۇپ قالغانلىقىنى دەۋا قىلىپ دېگەن كېيىنكى سۆزى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، شېرىك بۇرۇنقى ئىقراردىن يېنىۋېلىش ئارقىلىق بىر - بىرىگە زىت ئىش قىلغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىقرارىنىڭ خاتا بولۇپ قالغانلىقىنى دەۋا قىلىپ دېگەن كېيىنكى سۆزى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇ شېرىك بۇ دەۋانى يەنە بىر شېرىكى ئۆلۈپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن قىلغان بولسىمۇ ئۇنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، خۇددى فىقھىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىدە بايان قىلىنغىنىدەك ئىنساندىن ئۇنىڭ قىلغان ئىقرارىغا ئاساسەن ھېساب ئېلىنىدۇ. فىقھىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىدە: <كىمكى پۈتۈپ بولغان بىر ئىشنى بۇزۇشقا تىرىشىدىكەن، ئۇنىڭ بۇ تىرىشچانلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ> دەپ بايان قىلىنغاندۇر. شۇڭا بىر ئادەم بىرەر ئىش ئۈستىدە ئىقرار قىلىپ بولۇپ كېيىن ئۇ ئىقرارىنىڭ خاتا بولۇپ قالغانلىقىنى دەۋا قىلغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ دەۋاسى قوبۇل قىلىنمايدۇ.[1]

ئەگەر بىر كىشى بىراۋ تەرىپىدىن بىرسىگە ئامانەتكە قويۇپ قويۇلغان بىرەر نەرسىنى ئۇنىڭدىن قايتۇرۇپ ئېلىشقا ۋەكىل قىلىنغان، ئاندىن ئۇ كىشىنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن ۋە ۋەكىل ئۆزىنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن كېلىپ: مەن ئامانەتكە قويۇپ قويۇلغان نەرسىنى مېنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان ئادەم ھايات ۋاقتىدا ئامانەتكە ئالغۇچىنىڭ قولىدىن ئالغان ئىدىم، لېكىن ئۇ نەرسە مېنىڭ قېشىمدا تۇرۇش جەريانىدا يوق بولۇپ كەتتى، دېگەن ۋە ئۇ ئادەمنىڭ مىراسخورلىرى ۋەكىلنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئىنكار قىلغان، ياكى ۋەكىل: مەن ئۇ نەرسىنى ئامانەتكە ئالغۇچىنىڭ قولىدىن ئېلىپ مېنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان ئۇ ئادەمگە تاپشۇرۇپ بەردىم، دېگەن بولسا، ۋەكىلنىڭ سۆزلىرى توغرا سۆز قاتارىدا قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى قەرزداردىن قەرزنى ئېلىشقا ۋەكىل قىلىنغان، ئاندىن ئۇ كىشىنى ۋەكىل قىلىپ تەيىنلىگەن ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن ۋە ئۇ كىشى ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن: مەن قەرزداردىن قەرزنى مېنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان ئادەم ھايات ۋاقتىدا ئالغان ئىدىم، لېكىن ئۇ قەرز مېنىڭ قېشىمدا تۇرۇش جەريانىدا يوق بولۇپ كەتتى، دېگەن ۋە ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان ئۇ ئادەمنىڭ مىراسخورلىرى ۋەكىلنىڭ ئۇ سۆزلىرىنى ئىنكار قىلغان، ياكى ۋەكىل:

(1) «شەرھۇل قەۋائىدىل فىقھىييەتى»، 475 - بەت.

مەن قەرزنى قەرزداردىن ئېلىپ مېنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان ئۇ ئادەمگە تاپشۇرۇپ بەرگەن ئىدىم، دېگەن بولسا، ۋەكىلنىڭ سۆزلىرى توغرا دەپ قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، ۋەكىل مەيلى ئامانەتكە قويۇپ قويۇلغان نەرسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشقا ۋەكىل قىلىنغان ۋەكىل بولسۇن مەيلى قەرزنى تاپشۇرۇپ ئېلىشقا ۋكىل قىلىنغان ۋەكىل بولسۇن قايتا قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان بىرەر ئىشنى دەۋا قىلدى. يەنى ۋەكىل مەيلى ئامانەتكە قويۇپ قويۇلغان نەرسە بولسۇن مەيلى قەرز بولسۇن ئۆزىنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان ئادەم هايات ۋاقتىدا ئۇ نەرسىنى ياكى قەرزنى تاپشۇرۇپ ئالمىغان ۋە ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ئامانەتكە ئالغۇچىدىن ئۇ نەرسىنى ياكى قەرزداردىن قەرزنى تاپشۇرۇپ ئالماقچى بولغان بولسا، ۋەكىل ئۇنداق قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئۇنى ۋكىللىككە تەيىن قىلغان ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ۋەكىل ۋەكىللىك ۋەزىپىسىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. كىمكى قايتا قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان بىرەر ئىشنى دەۋا قىلسا، ئەگەر ئۇ، باشقىلارغا تۆلەم تۆلەشكە سەۋەبچى بولىدىغان دەۋالاردىن بولسا، بۇ دەۋانى دەۋا قىلغان ئادەمنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇ، ئەڭ ئاددىيسى دەۋا قىلغان ئادەمنىڭ ئۆزىدىن تۆلەم تۆلەشنى بىكار قىلىۋاتىدىغان دەۋا بولسا، بۇ دەۋانى دەۋا قىلغان ئادەمنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ.

ئامانەتكە قويۇپ قويۇلغان نەرسىنى ئامانەتكە ئالغۇچىدىن قايتۇرۇپ ئېلىشقا تەيىن قىلىنغان ۋەكىلنىڭ سۆزىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، ۋەكىلنىڭ سۆزى ۋەكىلنىڭ ئۆزىدىن تۆلەم تۆلەشنى بىكار قىلىۋاتىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئەمما قەرزداردىن قەرزنى تاپشۇرۇپ ئېلىشقا تەيىن قىلىنغان ۋەكىلنىڭ سۆزىنىڭ قوبۇل قىلىنماسلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا، ۋەكىلنىڭ سۆزى ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان ئادەمگە تۆلەم تۆلەشنى لازىم قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇڭا ۋەكىلنىڭ: مەن قەرزداردىن قەرزنى مېنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان ئادەم هايات ۋاقتىدا ئالغان ئىدىم، لېكىن قەرز مېنىڭ قېشىمدا تۇرۇش جەريانىدا يوق بولۇپ كەتتى دېگەن، ياكى مەن قەرزنى قەرزداردىن ئېلىپ ئۇ ئادەمگە تاپشۇرۇپ بەرگەن ئىدىم، دېگەن سۆزى قەرزدارغا قارىتا توغرا بولغان سۆز دەپ قوبۇل قىلىنمايدۇ. يەنى ۋەكىلنىڭ ئۇ سۆزى بىلەن قەرزدار قەرزدىن ئادا - جۇدا بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ۋەكىلنىڭ سۆزى ئەگەر توغرا دەپ قوبۇل قىلىنسا، بۇ سۆز ۋەكىلنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان ۋە كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمگە تۆلەم تۆلەشنى لازىم قىلىدۇ. چۈنكى، قەرزگە بېرىلگەن ياكى ئېلىنغان نەرسىنىڭ ئۆزى يۈتۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوخشىشى تۆلەپ بېرىلىدۇ. ئەمما ۋەكىلنىڭ سۆزى ۋەكىلنىڭ ئۆزىگە قارىتا قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى، ۋەكىل ئىشەنچىلىك دەپ قارالغان كىشىدۇر. ۋەكىلنىڭ ۋەكىللىك ۋەزىپىسى گەرچە ئۇنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئەمەلدىن قالسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىشەنچىلىك

بولۇش سۈپىتى يوق بولۇپ كەتمەيدۇ. شۇڭا ۋەكىل تاپشۇرۇپ ئالغان قەرزنى (ئەگەر قەرز يوق بولۇپ كەتسە) تۆلەپ بەرمەيدۇ ۋە قەرزدار (قەرز ئىگىسىگە قايتا تۆلىگەن قەرزنى) ۋەكىلدىن ئالالمايدۇ.(1)

# شېرىكنىڭ بەلگىلىمىدىن ئېشىپ كېتىشىنىڭ ھۆكمى

شېرىكنىڭ شېرىكچىلىككە قوشقان مال - مۈلكى يەنە بىر شېرىكنىڭ قولىدا ئامانەت سۈپۈتىدە تۇرىدۇ. شۇڭا شېرىكلەرنىڭ بىرى يەنە بىر شېرىكنى مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشتىن چەكلىسە، ئۇ شېرىكنىڭ شۇ ئىشنى قىلماسلىقى لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئۇ شېرىك چەكلەنگەن ئىشنى قىلغان ۋە ئۇ ئىشنى قىلغانلىق سەۋەبى بىلەن بىرەر زىيان كۆرۈلگەن بولسا، بۇ زىياننى چەكلىمىنى بۇزغان ئۇ شېرىك تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئامانەتكە زىيانكەشلىك قىلغان ئادەمنىڭ ئۇنى تۆلەپ بېرىشى لازىم. مەسىلەن: شېرىك يەنە بىر شېرىكىگە: سەن بۇ مالنى ئېلىپ قەشقەرنىڭ چېگراسىدىن چىقىپ كەتمىگىن، دېگەن ئۇ شېرىك مالنى ئېلىپ قەشقەرنىڭ چېگراسىدىن چىقىپ كەتكەن ۋە بۇنىڭدىن بىرەر زىيان كېلىپ چىققان بولسا، ئۇ شېرىك يەنە بىر شېرىكنىڭ مالدىكى ھەسسىسىنى تۆلەپ بېرىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىگە: بۇ پۇلنى ئېلىپ تىجارەت قىلغىن ۋە چىققان پايدىنى يېرىم - يېرىمدىن ئالىمىز، لېكىن بىر شەرت سەن ئۇ پۇل بىلەن پالانى شەھەردە تىجارەت قىلسەن ۋە ئۇ شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمەيسەن، دېسە ئۇ كىشىنىڭ تىجارەتنى ئۇ شەھەردىلا قىلىشى لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى پۇلنى ئېلىپ ئۇ شەھەردىن باشقا شەھەرگە بېرىپ تىجارەت قىلغان ۋە بۇنىڭدىن بىرەر زىيان كۆرۈلگەن بولسا، كۆرۈلگەن زىياننى ئۇ كىشى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەمما پۇلنىڭ ئىگىسى ئۇ كىشىگە: بۇ پۇلنى ئېلىپ (شەرت دېگەن سۆزنى دېمەي) پالانى شەھەردە تىجارەت قىلغىن، دېگەن بولسا، ئۇ كىشى ئۇ پۇل بىلەن خالىسا ئۇ شەھەردە خالىسا باشقا شەھەردە تىجارەت قىلالايدۇ.

ئەگەر تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكىدىكى، ياكى مالنىڭ مەلۇم مىقدارىدا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكىدىكى شېرىكتىن بىرى ئۆلۈپ كەتكەن، شىركەتنىڭ مال - مۈلكى كىشىلەرگە بېرىلگەن ۋە ئۆلگەن ئۇ شېرىك قايسى كىشىلەردە قەرز پۇلىنىڭ بارلىقى ۋە قانچىلىك بارلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات قالدۇرمىغان بولسا، ھايات قالغان شېرىك ئۆلگەن شېرىكنىڭ ھەسسىسىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۆلۈپ كەتكەن

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 - توم، 346 - بەت.

شېرىكنىڭ مىراسخورلىرى يەنە بىر شېرىكنىڭ شىركەتتە قانچىلىك ھەسسىسىنىڭ بارلىقىنى بىلسە، شېرىكنىڭ مىراسخورلىرى (ئۇ شېرىكنىڭ ھەسسىلىرىنى تۆلەپ بەرمەي بەلكى) ئۇ ھەسسىلەرنىڭ ئۆزىنى بېرىدۇ. ئەگەر مىراسخور ئۆزىنىڭ يەنە بىر شېرىكنىڭ شىركەتتە قانچىلىك ھەسسىسىنىڭ بارلىقىنى بىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان ۋە ھايات شېرىك مىراسخورنىڭ ئۇنى بىلىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر مىراسخور: ئۆلگەن شېرىكنىڭ شىركەتتە مۇنچىلىك ھەسسىسى بار ئىدى، ئۇ ھەسسە زىيانغا ئۇچراپ كەتكەن، دېگەنگە ئوخشاش يەنە بىر شېرىكنىڭ شىركەتتە قانچىلىك ھەسسىسىنىڭ بارلىقىغا ئىزاھات بېرەلىسە، مىراسخورنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ.

ئەگەر شېرىكنىڭ بىرى يەنە بىر شېرىكنى شىركەتنىڭ ماللىرىنى نېسىيغا سېتىشتىن چەكلىگەن ۋە شېرىكى بۇنىڭغا قۇلاق سالماي ماللارنى نېسىي ساتقان بولسا، سودا پەقەت ماللاردىن ساتقۇچى شېرىككە تەۋە بولغان قىسمىدىلا كۈچكە ئىگە بولىدۇ. مالنىڭ يەنە بىر شېرىككە تەۋە بولغان قىسمىدا سودىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۇ شېرىكنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە باغلىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ شېرىك يەنە بىر شېرىكنىڭ مالنى نېسىيغا سېتىشىغا رۇخسەت قىلسا، ھەممە مال ئۈستىدە سودا كۈچكە ئىگە بولىدۇ ۋە چىققان پايدا ئىككى شېرىككە تەۋە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ شېرىك يەنە بىر شېرىكنىڭ مالنى نېسىيغا ساتقانلىقىغا رۇخسەت قىلمىسا، رۇخسەت قىلمىغان شېرىكنىڭ مېلى ئۈستىدە قىلىنغان سودا توغرا بولمىغان بولىدۇ.

بىر كىشى بىلەن ئالغان پايدىنى مەلۇم ھەسسىدىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىپ ئۇ كىشىنىڭ پۇلى بىلەن تىجارەت قىلىشقا ئادەمگە پۇل ئىگىسى: سەن بۇ پۇل بىلەن پەقەت پالانى شەھەردىلا تىجارەت قىلىسەن ياكى پالانى نەرسىنىلا ئېلىپ ساتىسەن، دېگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ بەلگىلىمىلەردىن چىقىپ كېتىشى توغرا ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ شەھەردىن چىقىپ كەتكەن، لېكىن ئۇ پۇلغا بىرەر نەرسە سېتىپ ئالمىغان بولسا، ئۇ پۇلنى (ئەگەر پۇل يوقاپ كەتسە) تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى ئۇ ئادەمگە يۈكلەنمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ شەھەردىن چىقىپ كەتكەن ۋە ئۇ پۇلغا بىرەر نەرسە سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ پۇلنى (ئەگەر پۇل يوقاپ كەتسە) تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى ئۇ ئادەمگە يۈكلىنىدۇ. شۇڭا پۇل ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە سېتىپ ئېلىشتىن بۇرۇن يوقاپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ پۇلنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئادەم چىقىپ كەتكەن شەھەردە پۇلغا بىر نەرسە سېتىپ ئالماي پۇلنى ئۆز پېتى قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ پۇل ئىگىسى بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىمى كۈچكە ئىگە ھالىتىدە ساقلىنىپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم چىقىپ كەتكەن شەھەردە پۇلغا بىر نەرسە سېتىپ ئالغان، ئاندىن قايتىپ كەلگەن بولسا، ئۇ ئادەم پۇل

ئىگىسىنىڭ سۆزىگە خىلاپلىق قىلغان ۋە پۇل (ئەگەر پۇل يۇتۇپ كەتسە) ئۇ ئادەمنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىگە ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ. پۇلنىڭ پۈتۈن مەسئۇلىيىتى ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم پۇلغا ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز نەرسە ـ كېرەك سېتىپ ئالدى. شۇڭا پۇلغا سېتىپ ئالغان نەرسىلەرنى سېتىپ تاپقان پايدىلار ئۇ ئادەمگە بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنىڭدىن كۆرۈلگەن زىيانمۇ ئۇ ئادەمگە بولىدۇ. ئەگەر پۇل يۇتۇپ كەتسە، پۇلنى ئۇ ئادەم تۆلەپ بېرىدۇ. لېكىن، ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىلەرنى سېتىپ ئالغان پايدا ھالال بولمايدۇ» دەيدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىلەرنى سېتىپ ئالغان پايدا ھالال بولىدۇ» دەيدۇ.

ئەگەر ئۇ ئادەم شەھەردىن چىقىپ كېتىپ پۇلنىڭ بىر قىسمىغا مال سېتىۋالغان ۋە قالغان قىسمىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كىرگەن بولسا، پۇلنىڭ مال سېتىۋالغان قىسمىنى (ئەگەر بۇ قىسمى يۇتۇپ كەتسە) تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. پۇلنىڭ مال سېتىۋالماي قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن قىسمىنى (ئەگەر بۇ قىسمى يۇتۇپ كەتسە) تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنمەيدۇ. كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن شىركەتنىڭ ھۆكمىمۇ يۇقىرىدىكى مەسىلىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش.[1]

شۇنىڭدەك يەنە بىر كىشى بىلەن ئالغان پايدىنى مەلۇم ھەسسىدىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىپ ئۇنىڭ پۇلى بىلەن تىجارەت قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ قەسەم قىلىپ تۇرۇپ: ئۇ پۇل بىلەن مۇنچىلىك پايدا ئالدىم ياكى مۇنچىلىك زىيان تارتتىم ياكى مۇنچىلىك مالنى يۇتتۇرۇپ قويدۇم ياكى ھەممىسىنى يۇتتۇرۇپ قويدۇم، ياكى شېرىكىمگە مۇنچىلىك پۇل بەردىم، دېگەن سۆزلىرىمۇ قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇلارنى دېگەن ۋاقتىدا ھەممىسىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ دېيىشىنىڭ ھاجىتى يوق.

ئەگەر شېرىكلەرنىڭ بىرى يەنە بىر شېرىكىنىڭ خىيانەت قىلغانلىقى ھەققىدە تەپسىلىي ئەمەس مۇجمەللە قىلىپ دەۋا قىلغان بولسا، ئەگەر خىيانەت قىلدى دەپ ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان شېرىك ئەسلىدە ئىشەنچىلىك دەپ تونۇلغان كىشى بولسا، بۇ كىشى ئۆزىنىڭ خىيانەت قىلغانلىقى ياكى قىلمىغانلىقى ھەققىدە قەسەم قىلىشقا بۇيرۇلمايدۇ. ئەگەر خىيانەت قىلدى دەپ ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان شېرىك ئىشەنچىلىك دەپ تونۇلمىغان كىشى بولسا، بۇ كىشى ئۆزىنىڭ خىيانەت قىلغانلىقى ياكى قىلمىغانلىقى ھەققىدە قەسەم قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 346 ـ بەت.

بىر كىشى بىلەن ئالغان پايدىنى مەلۇم ھەسسىدىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىپ ئۇنىڭ پۇلى بىلەن تىجارەت قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ، مەلۇم بىر كىشىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تەيىن قىلىنغان ئادەمنىڭ ۋە ۋەقپە قىلىنغان نەرسە ـ كېرەكلەرگە قارايدىغان ئادەمنىڭ ھۆكمىمۇ شېرىكنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش.

## ئىش شېرىكچىلىكىنىڭ بايانى

بۇ شېرىكچىلىك ھەم ھۈنەر شېرىكچىلىكى، تەن شېرىكچىلىكى ۋە قوبۇل قىلىش شېرىكچىلىكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بۇ شېرىكچىلىكتىن مەسىلەن: ئىككى سەيپۇڭنىڭ، ياكى بىر سەيپۇڭ بىلەن بىر بوياغچىنىڭ بىرەر ئىشنى قىلىشقا كېلىشىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار مەيلى تاپقان پۇلنى ئوخشاش ئېلىشنى شەرت قىلىشسۇن مەيلى بىرى كۆپرەك يەنە بىرى ئازراق ئېلىشنى شەرت قىلىشسۇن، مەيلى ئىشنى ئوخشاش قىلىشنى شەرت قىلىشسۇن مەيلى ئىشنى بىرى كۆپرەك يەنە بىرى ئازراق قىلىشنى شەرت قىلىشسۇن ئۇ ئىشنى قىلىش ئارقىلىق تاپقان پايدا ئۇلارنىڭ ئارىلىرىدا كېلىشكەن شەرت بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ.

بۇ شېرىكچىلىكنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ ۋە يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىپ (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ بىر ئادەم بىلەن چىغ يىغىشقا شېرىكلىشىشىدۇر. بۇ ھەقتە ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىپ (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ بەدىر غەنىمىتىدە بىر تۆگەم بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەنىمەتتىن كەلگەن يەنە بىر تۆگىنى بەردى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى فاتىمەگە ئۆيلەنمەكچى بولۇپ، تويلۇقۇمغا قوشۇمچە بولۇپ قالار دېگەن ئۈمىدتە بەنى قەينۇقالىق بىر زەرگەر بىلەن بىللە بېرىپ چىغ ئېلىپ كېلىپ زەرگەرلەرگە سېتىشقا كېلىشىپ تۆگىلىرىمنى بىر ئەنسارىنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىغا چۆكتۈرۈپ قويۇپ، ئۇلارغا كېرەكلىك بولغان تۇقام، سامان ۋە ئارغامچا قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقسام تۆگىلىرىمنىڭ لوكىلىرى كېسىلىپ، بېقىنى يېرىلىپ، جىگىرى سۇغۇرۇپ ئېلىنىپتۇ. بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىنى كۆرۈپ، كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. بۇنى كىم قىلدى؟ دەپ سورىسام ئۇلار: ھەمزە ئىبنى ئابدۇللا مۇتەللىپ قىلدى. ئۇ ھازىر مۇنۇ ئۆيدە ئەنسارىلار بىلەن ئىچىۋاتىدۇ»[1]دېيىشتى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا باردىم.

(1) بۇ ھاراق ھارام قىلىنىشتىن بۇرۇن بولغان ئىش ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا زەيد ئىبنى ھارىسە بار ئىكەن. پېشكەللىككە يولۇققانلىقىمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىرايىمدىن سىزىپ قېلىپ «ساڭا نېمە بولدى؟» دېدى. مەن ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بۇگۈنكىدەك بىر قورقۇنچلۇق كۈننى پەقەتلا كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. ھەمزە توگىلىرىمگە يامانلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ لوكىسىنى كېسىپ، بېقىنىنى يېرىۋېتىپتۇ. ھازىر ئۇ ئاۋۇ يەردە ئىچىشىۋاتىدۇ، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تونىنى ئەكەلدۈرۈپ كىيىپ ماڭدى. زەيد بىلەن مەنمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەينىدىن ماڭدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمزە ئولتۇرغان ئۆيگە كېلىپ كىرىشكە رۇخسەت سورىدى. ئۇلار كىرىشكە رۇخسەت قىلدى. ئۇلار ئىچىشىۋاتقان ئىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمزىگە قىلغان ئىشى توغرىلىق كايىشقا باشلىدى. ھەمزە مەست بولۇپ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. ھەمزە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشتىن ئايىغىغا بىر قۇر قاراپ چىقىپ سىلەر ئاتامنىڭ قۇللىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس سىلەر، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ مەست بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ، كەينىگە قايتىپ كەتتى. بىزمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە يېنىپ چىقتۇق.»[1]

ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئىش شېرىكچىلىكى توغرا ئەمەس. چۈنكى، بۇ شېرىكچىلىك، شېرىكچىلىكتىن كۆزدە تۇتۇلىدىغان مەقسەتنى ئوتتۇرغا چىقارمايدۇ. شېرىكچىلىكتىن كۆزدە تۇتۇلىدىغان ئەسلى مەقسەت بولسا پايدا تېپىشتۇر. پايدا تېپىش ئۈچۈن دەسمايە سېلىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى، پايدا دەسمايىدىن كېلىدۇ» دەيدۇ.

بۇ شېرىكچىلىكنى توغرا دەپ قارايدىغان ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، ئۇ شېرىكچىلىكتىن مەقسەت پۇل تېپىشتۇر. پۇل تېپىش شېرىكلەرنىڭ بىرى يەنە بىرىنى (ئىشقا) ۋەكىل قىلىپ قويۇش ئارقىلىق مۇمكىن بولىدۇ. چۈنكى، شېرىكلەرنىڭ بىرى شېرىك قىلىنغان ئىشنىڭ يېرىمىدا ئەسلى ئادەم ھېسابلانسا قالغان يېرىمىدە ۋەكىل قىلىنغۇچى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شېرىكلىشىپ قىلغان ئىشتىن تاپقان پۇلدا شېرىكچىلىك ۋۇجۇدقا چىققان بولىدۇ. يەنى ئىككى شېرىكنىڭ ھەر بىرى ئىشنى قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى شۇ ئىشتىن ئېرىشكەن پايدىغا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئىشنى ئۇلارنىڭ بىرى قىلغان بولسا، ئىشنى قىلغان ئادەم ئۆزىنىڭ شېرىكىگە ياردەم قىلغان ھېسابلىنىدۇ. بۇ توغرىدۇر. چۈنكى، شېرىكچىلىكتە شەرت قىلىنغان ئىش بولسا، ھەر بىر شېرىكنىڭ ئۆز ئىشنى ئۆزى قىلىشى ئەمەس (قىلىپ بەرمەكچى بولغان ئىشنى) قىلىپ بېرىشتۇر. شۇڭا ھۈنەرۋەنلەرنىڭ مەسىلەن سەيپۇڭنىڭ ئۆزى تىكىپ بېرىشكە ئالغان كىيىمنى دۇكىنىدا ئىشلىتىۋاتقان بىرىگە

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

تىكتۇرۇپ ئىگىسىگە بېرىپ ئۇنىڭ ئىش ھەققىنى ئېلىشى توغرىدۇر.

بىر ئادەم دۇكان چىقىرىپ ئۇنىڭدا بىر ھۈنەرۋەننى ئولتۇرغۇزۇپ بۇنىڭدىن ئالغان پايدىنى يېرىم يېرىمدىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىش ئىش شېرىكچىلىكىنىڭ تۈرلىرىدىن بىرىدۇر. قىياس قائىدىسىدا بىر ئادەم دۇكان چىقىرىپ ئۇنىڭدا بىر ھۈنەرۋەننى ئولتۇرغۇزۇپ بۇنىڭدىن ئالغان پايدىنى يېرىم يېرىمدىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىش توغرا ئەمەس. ئەمما ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن توغرىدۇر.[1]

شافىئىي مەزھەپىنىڭ ئىماملىرىدىن بولغان ئىمام نەۋەۋىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «تەن شېرىكچىلىكى (يەنى ئىش شېرىكچىلىكى) دىن تاپقان پۇلنى تەڭ بۆلۈشۈش شەرتى بىلەن، ياكى بىرى كۆپرەك يەنە بىرى ئازراق ئېلىش شەرتى بىلەن ئىككى ھۈنەرۋەننىڭ ھۈنەر قىلىپ پۇل تېپىشقا شېرىكلىشىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار مەيلى مەسىلەن ئىككى سەيپۇڭغا ئوخشاش ھەر ئىككىسى ئوخشاش ھۈنەرنى قىلىدىغان ئادەملەر بولسۇن مەيلى بىرى سەيپۇڭ يەنە بىرى خەرەتكە (ياغاچچىغا) ئوخشاش بىرى باشقا يەنە بىرى باشقا ھۈنەر قىلىدىغان ئادەملەر بولسۇن تەن شېرىكچىلىكى (يەنى ئىش شېرىكچىلىكى) توغرا ئەمەس. چۈنكى، شېرىكلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ تەنلىرى ۋە مەنپەئەتلىرى ئايرىم - ئايرىمدۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزى تاپقان پۇلغا ئۆزى ئىگە بولىدۇ. تەن شېرىكچىلىكى، چارۋىلاردىن ئېلىنغان سۈت ۋە نەسلى قاتارلىقلاردا ئورتاق بولۇشى ئۈچۈن چارۋىلىرى ئايرىم - ئايرىم ئىككى ئادەمنىڭ بىر - بىرى بىلەن شېرىكلىشىشىگە ئوخشاش ئىشتۇر. چارۋىلىرى ئايرىم - ئايرىم ئىككى ئادەمنىڭ كېلىشكەن بۇ شېرىكچىلىكى توغرا ئەمەستۇر. شۇنىڭدەك تەن شېرىكچىلىكىمۇ توغرا ئەمەستۇر. بۇ يەردە ئاجىز بىر قاراش بولۇپ بۇ قاراش شېرىكلىشىدىغانلار مەيلى ئوخشاش ھۈنەر قىلىدىغان ئادەملەر بولسۇن مەيلى باشقا - باشقا ھۈنەر قىلىدىغان ئادەملەر بولسۇن تەن شېرىكچىلىكىنى توغرا دەيدۇ. بۇ قاراشنى <شامىل> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ۋە يەنە بىر قىسىم ئالىملار (شافىئىي مەزھەپىدىكى) بىر خىل قاراش سۈپۈتىدە بايان قىلغان. بۇ ھەقتە توغرىسىنى اللہ تائالا بىلگۈچىدۇر. بۇ شېرىكچىلىك توغرا ئەمەس، دېگەن قاراش بويىچە: ئەگەر ئىككى ھۈنەرۋەن شېرىكلىشىپ پۇل تاپقان بولسا، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا قارىلىدۇ: ئەگەر ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئايرىم - ئايرىم ئىش بولسا، ھەر بىرىگە ئۆز ئىشىدىن كەلگەن پۇل تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئايرىم - ئايرىم بولمىسا، ئۇلارنىڭ شېرىكلىشىپ تاپقان پۇلى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆز ئارا كېلىشكەن شەرت بويىچە ئەمەس ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ كەسپىدىشىغا بېرىلىدىغان

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 5 - توم، 405 - بەت.

**ئىش ھەققىنىڭ مىقدارى بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ » دېدى.[1]**

**ئىش شېرىكچىلىكى ئارقىلىق شېرىكلىشىپ قىلىشقا بولىدىغان ئىشلار بولسا، ئىجارە مۇئامىلىسى بىلەن قىلىشقا بولىدىغان ئىشلاردۇر. يەنى بىر ئادەمنى ئىجارىگە ئېلىپ ئۇنىڭغا قىلدۇرۇشقا بولىدىغان ئىشلارنى ئىش شېرىكچىلىكى بىلەن شېرىكلىشىپ قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەمنىڭ خەت يېزىشنى ياكى قۇرئان ئوقۇشنى، ياكى ئىلىم ئۆگىتىپ قويۇشى ئۈچۈن ئۇنى ئىجارىگە ئېلىش توغرىدۇر. شۇنىڭدەك بىر ئادەمنىڭ ئىماملىق ياكى مۇئەززىنلىك قىلىپ بېرىشى ئۈچۈن ئۇنى ئىجارىگە ئېلىشمۇ توغرىدۇر. شۇڭا ئىككى ئادەمنىڭ مەزكۇر ئىشلاردا ئىش شېرىكچىلىكى بىلەن شېرىكلىشىشى توغرىدۇر. ئىككى ئادەمنىڭ بىدىكچىلىك قىلىشقا شېرىكلىششى توغرا ئەمەس. چۈنكى، بىدىكچىلىك ئىشى ئىجارە ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدىغان ئىشلاردىن ئەمەس. يەنى بىرەر نەرسە سېتىش، ياكى سېتىپ ئېلىش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ئىجارىگە ئېلىش، ئەگەر ئۇنىڭ قانچىلىك مۇددەتكىچە ئىجارىگە ئېلىنغانلىقى ئېنىق بايان قىلىنمىسا توغرا ئەمەس. شۇڭا ئىككى بىدىكنىڭ ئىش شېرىكچىلىكى بىلەن شېرىكلىشىپ پۇل تېپىشى توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ئىككى ناخشىچىنىڭ ئىش شېرىكچىلىكى بىلەن شېرىكلىششىمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى، ناخشا ئېيتىش ھارامدۇر. مەھكىمىگە بېرىپ گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن ئىش شېرىكچىلىكى بىلەن شېرىكلىشىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن بىرەرسىنى ئىجارىگە ئېلىش توغرا ئەمەس. قارىلارنىڭ ماتەملەردە قۇرئان ئوقۇش ئۈچۈن شېرىكلىششى توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك ۋائىزلارنىڭ شېرىكلىششىمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى، ۋائىزلىق قىلىپ تاپقان پۇل ھالال ئەمەس. تىلەمچىلەرنىڭ تىلەمچىلىك قىلىشتا شېرىكلىششىمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى، بىر تىلەمچىنىڭ يەنە بىر تىلەمچىنى تىلەمچىلىككە ۋەكىل قىلىشى توغرا ئەمەس. ۋەكىل قىلىش توغرا بولمايدىغان ئىشلاردا شېرىكلىششىمۇ توغرا ئەمەس.[2]**

**ئىش شېرىكچىلىكىدە قىلىنىدىغان ئىشنىڭ بىر تۈردىن بولۇشى ۋە ئىش قىلىنىدىغان ئورۇننىڭ بىر يەردە بولۇشى شەرت ئەمەس. چۈنكى، بۇ شېرىكچىلىكتىكى بىردىن بىر مەقسەت پايدا ئېلىشتۇر. ئىش مەيلى ئىككى دۇكاندا قىلىنسۇن مەيلى بىر دۇكاندا قىلىنسۇن، مەيلى بىر تۈردىن بولسۇن مەيلى باشقا ـ باشقا تۈردىن بولسۇن پايدا ئوخشاش ئېلىنىدۇ.**

**ئىش شېرىكچىلىكىدە شېرىكلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئىشنى قوبۇل قىلىشى ۋە**

(1) «رەۋ زەتۇت تالىبىين»، 3 ـ توم، 512 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 348 ـ بەت.

ئىش قىلىشى لازىم. شۇڭا ئۈچ دانە ھەممال بىرى خالتىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىشنى، ئىككىنچىسى ئۇنىڭغا نەرسە قاچىلاشنى ۋە ئۈچىنچىسى خالتىغا قاچىلانغان نەرسىنى كۆتۈرۈپ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىشنى شەرت قىلىشىپ بۇ ئىشتىن ئېرىشكەن پۇلنى تەڭ ئۈلۈشۈشكە كېلىشىپ شېرىكلەشكەن بولسا، بۇ توغرا بولمىغان شېرىكلىشىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ شېرىكچىلىكتە ھەمماللارنىڭ بىرىگە خالتىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىش، بىرىگە ئۇنىڭغا نەرسىنى قاچىلاش ۋە يەنە بىرىگە ئۇ نەرسىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىش شەرت قىلىندى. ئەسلىدە ھەمماللار ئىشتا ۋە بۇ ئىشنى قوبۇل قىلىشتا شېرىك بولۇشسا ئۇلارنىڭ شېرىكلىششى توغرا بولاتتى. ئەمما بىرى خالتىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىش، ئىككىنچىسى ئۇنىڭغا نەرسە قاچىلاش ۋە ئۈچىنچىسى خالتىغا قاچىلانغان نەرسىنى كۆتۈرۈپ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىش شەرتى بىلەن شېرىكلەشكەن ھەمماللارنىڭ شېرىكچىلىكىدە ئىشنى قوبۇل قىلىش ئىشى تىلغا ئېلىنمىدى. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغىنى پەقەت ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ قانداق ئىشنى قىلىدىغانلىقىدۇر.

شېرىكچىلىكتە شېرىكلەرنىڭ ئىشنى قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىشنى قىلىدىغانلىقى بىلەن ئىشنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئوچۇق سۆزلىششى شەرت ئەمەس. شۇڭا مەسىلەن ئىككى سەيپۇڭنىڭ بىرى كەلگەن ئىشنى قوبۇل قىلىپ ئېلىشقا، يەنە بىرى ئىشنى قىلىشقا (يەنى كىيىمنى تىكىشكە) ۋە تاپقان پۇلنى تەڭدىن ئۆلۈشۈشكە شېرىكلەشكەن، ياكى بىرى كەلگەن رەختنى قوبۇل قىلىپ ئېلىپ ئۇنى پىچىپ بېرىشكە، يەنە بىرى بولسا ئۇ رەختنى تىكىپ بېرىشكە ۋە تاپقان پۇلنى تەڭ ئۆلۈشۈشكە شېرىكلەشكەن بولسا، بۇ شېرىكلىشىش توغرىدۇر. شېرىكلەرنىڭ ئىچىدىن پەقەت ئىشنىلا قىلىش شەرت قىلىنغان ئادەم ئەگەر كەلگەن ئىشنى قوبۇل قىلسا، توغرا بولىدۇ. ئەگەر شېرىكلەرنىڭ ئىچىدىن پەقەت ئىشنىلا قىلىش شەرت قىلىنغان ئادەمگە كەلگەن ئىشنى قوبۇل قىلماسلىق شەرت قىلىنسا، بۇ توغرا بولمىغان شەرت ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇنىڭدىن شەرت قىلىنغان ئىشنىڭ شېرىكلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ كەلگەن ئىشنى قوبۇل قىلىشنى ياكى ئىش قىلىشنى ئوچۇق ئاشكارا تىلغا ئېلىش ئەمەس ئۇلارنىڭ بىرىگە ئىشنى قوبۇل قىلماسلىق شەرتىنىڭ قويۇلماسلىقى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بىرىگە كەلگەن ئىشنى قوبۇل قىلماسلىق شەرتى قويۇلماستىن ئەگەر ئۇلار بىرى كەلگەن ئىشنى قوبۇل قىلىشقا، يەنە بىرى ئىشنى قىلىشقا شېرىكلەشكەن بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى كەلگەن ئىشنى قوبۇل قىلىش ۋە ئىشنى قىلىش ھەققىگە ئىگىدۇر. چۈنكى، شېرىكچىلىك شېرىكلەرنىڭ بىرى يەنە بىرىنىڭ ئورنىدا ۋەكىل بولۇپ ئۇنىڭ ئىشىنى قىلىشنى ئۆز

ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى شېرىكلەرنىڭ ھەر بىرى يەنە بىرىنىڭ ئورنىدا ۋەكىل بولۇپ ئۇنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلىپ قويالايدۇ. يەنە بىر شېرىكىنىڭ قىلىدىغان ئىشنى قىلىشقا ۋەكىل قىلىنغان شېرىك مەيلى ئۇ ئىشنى ياخشى قىلالىسۇن مەيلى ياخشى قىلالمىسۇن شېرىكلەرنىڭ بىرىنىڭ يەنە بىرىنى ئۆز ئورنىدا ۋەكىل قىلىشى توغرىدۇر.

ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ھۈنەر قىلىدىغان سايمانلىرى بولغان يەنە بىر ئادەمنىڭ دۇكىنى بولغان ۋە ئۇلار شۇ سايمانلار بىلەن ئۇ دۇكاندا ھۈنەر قىلىپ تاپقان پۇلنى ئۆلۈشۈشكە شېرىكلەشكەن بولسا، بۇ شېرىكلىشىش توغرىدۇر. ھەر قانداق بىر ھۈنەر ـ كەسىپنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. ئەگەر ئىككى ئادەمنىڭ بىرى سايمان چىقارغان ۋە يەنە بىرى ئۇ سايمان بىلەن ھۈنەر قىلىپ (تاپقان پۇلنى ئۆلۈشۈشكە) شېرىكلەشكەن بولسا، بۇ شەرتىگە توشمىغان شېرىكلىشىش ھېسابلىنىدۇ. گەرچە بۇ شەرتىگە توشمىغان شېرىكلىشىش بولسىمۇ ئەگەر ئۇلار بۇ شېرىكچىلىك ئارقىلىق پۇل تاپقان بولسا، پۇل ئىش قىلغان ئادەمگە بېرىلىدۇ. سايماننىڭ ئىگىسىگە (ئادەتتە ئۇ سايمان قانچە پۇلغا ئىجارىگە ئېلىنسا) شۇ پۇل بېرىلىدۇ.[1]

شېرىكلەرنىڭ بىرى قوبۇل قىلىپ ئالغان ئىشنىڭ مەسئۇلىيىتى شېرىكلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. شۇڭا ئىش ئىگىسى ھەر بىر شېرىكتىن ئىشنى قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ۋە شېرىكنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئىش ئىگىسىدىن ئىشنىڭ ئىش ھەققىنى تەلەپ قىلىش ھەققى بار. كەلگەن ئىشنى قوبۇل قىلىپ ئالغان شېرىك ئۇنى يەنە بىر شېرىككە تاپشۇرۇپ بېرىش بىلەن ئىشنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر شېرىكنىڭ بىرى كېسەل بولغان ياكى سەپەرگە چىقىپ كەتكەن، ياكى قەستەن ئىشقا كەلمىگەن ۋە ئىشنى يەنە بىرى قىلغان بولسا، ئىشتىن كەلگەن پۇل ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كېلىشكەن شەرت بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ. چۈنكى، شېرىكچىلىكتە پەقەت ئىشنى قوبۇل قىلىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئىش قىلىشى ئەمەس ئىشنىڭ تەلەپكە ئۇيغۇن قىلىنىشى شەرتتۇر. شۇڭا شېرىكلەردىن ئىشقا كەلمىگەن شېرىك مەيلى بىرەر سەۋەب بىلەن كەلمىگەن بولسۇن مەيلى سەۋەبسىز كەلمىگەن بولسۇن ئىشنى شېرىكنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ قىلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ قىلىشىنىڭ ئارىسىدا پەرق يوق. يەنى ئىشنى مەيلى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى قىلسۇن مەيلى ئۇلارنىڭ بىرى قىلسۇن ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۇ ئىشتىن كەلگەن ئىش ھەققىگە ئىگە بولالايدۇ. چۈنكى، شېرىكچىلىكتە ئىشنى قوبۇل قىلىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئىش قىلىشى ئەمەس ئىشنىڭ تەلەپكە ئۇيغۇن

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 347 ـ بەت.

قىلىنىشى شەرتتۇر. ئىشنى بىرى قوبۇل قىلغان ۋە ئىشنى يەنە بىرى قىلغان بولسا، ئىش قىلغىنى ئۇنى قوبۇل قىلىپ ئالغان شېرىككە ياردەملەشكەن ھېسابلىنىدۇ.

بىر نەچچە ئادەم مەسىلەن ئۈچ ئادەم ئۆز ئارا شېرىكلەشمەستىن بىر ئىشنى قىلىپ بېرىشنى قوبۇل قوللىرىغا ئالغان، ئاندىن ئۇ ئىشنى ئۇلارنىڭ بىرى قىلىپ تۈگەتكەن بولسا، ئىشنى قىلىپ تۈگەتكەن ئادەمگە ئۇ ئىش ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئىش ھەققىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى بېرىلىدۇ. قالغان ئىككى ئادەمگە ئىش ھەققىدىن ھېچنەرسە بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆز ئارا شېرىكلەشمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئىش ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئىش ھەققىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى بېرىلىشى لازىمدۇر. (ئىشنى ئۇلارنىڭ بىرى قىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئۆز ھەققى بېرىلىدۇ. قالغان ئىككىسىگە ھېچنەرسە بېرىلمەيدۇ). چۈنكى، ئۇ ئۈچ ئادەمنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئېلىشقا تېگىشلىك ئىش ھەققى ئۇ ئىش ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئىش ھەققىنىڭ ئۈچتىن بىرىدۇر. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىشنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى يالغۇز قىلىۋاتسا، ئۇ ئادەم ئۇ ئىشنى ئۆز كۆڭلىدىن چىقىرىپ قىلىۋاتقان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىش ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئىش ھەققىنىڭ قالغان ئۈچتىن ئىككىسى ئۇ ئادەمگە بېرىلمەيدۇ. ھۆكۈمدە ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما دىيانەتتە ئۇ ئىش ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئىش ھەققىنىڭ ھەممىسى ئۇ ئادەمگە بېرىلىشى لازىم. چۈنكى، ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلغان ئادەم ئۇ ئىشنى ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە بېرىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ تۇرۇپ قىلغان بولۇشى ئېھتىمالدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ بۇ ئۈمىدى قۇرۇققا چىقماسلىقى لازىم.[1]

قېچىرى بار بىر ئادەم بىلەن تۈگىسى بار بىر ئادەم ئۇلاغلىرىنى كىراغا سېلىپ تاپقان پۇلنى تەڭ ئۈلۈشۈشكە شېرىكلەشكەن بولسا، بۇ شېرىكلىشىش توغرا بولمىغان بولىدۇ. چۈنكى، بۇ شېرىكلىشىشنىڭ مەنىسى ھەر بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە: كىرىم بولغان پۇلنىڭ ئارىمىزدا بۆلۈنۈشى ئۈچۈن سەنمۇ ئۆز ئۇلۇغىڭنىڭ مەنپەئەتىنى ساتقىن مەنمۇ ساتاي، دېگەندەك بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇ سۆزنى ئوچۇق ئاشكارا سۆزلەپ شېرىكلەشسە، بۇ شەرتىگە توشمىغان شېرىكلىشىش ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر ئۇلار شېرىكلىشىپ ئۇلاغنى مەلۇم ئىش ھەققى ئۈچۈن مۇئەييەن بىر ئىشقا كىراغا سالغان بولسا، ئىش ھەققى (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شەرت بويىچە ئەمەس) قېچىرىنىڭ ئىگىسىگە ئادەتتە قېچىرىنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن بېرىلىدىغان پۇل ۋە تۈگىنىڭ ئىگىسىگە ئادەتتە تۈگىنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن بېرىلىدىغان پۇل بېرىلىدۇ. چۈنكى، شېرىكلىشىش شەرتىگە توشمىغان شېرىكلىشىش بولسىمۇ ئەمما ئۇلاغلار

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 352 ـ بەت.

توغرا بىر شەكىلدە كىراغا سېلىنغانلىقى ئۈچۈن كىرادىن كىرىم بولغان پۇل ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇلاغلىرىنى كىراغا سالمىغان ئەمما نەرسە ـ كىرەكلەرنى قوبۇل قىلىپ ئېلىپ مەلۇم ئىش ھەققىنىڭ بەدىلىگە بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە يۆتكەپ بېرىشكە شېرىكلەشكەن بولسا، بۇ توغرا بولغان شېرىكلىشىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ قوبۇل قىلىش شېرىكچىلىكى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ تاپقان پۇلى ئارىلىرىدا ئوخشاش مىقداردا تەقسىم قىلىنىدۇ.

قوبۇل قىلىش شېرىكچىلىكى بىلەن شېرىكلەشكەن قېچىرنىڭ ئىگىسى بىلەن تۆگىنىڭ ئىگىسى ئۇلاغلىرى بىلەن نەرسە ـ كېرەك توشىغان ۋە ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىگە قارىغاندا ئۇلۇغىغا نەرسە ـ كېرەكنى ئارتۇق ئارتقان بولسا، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئۇلۇغىغا نەرسە ـ كېرەكنى ئارتۇق ئارتقانلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. يەنى ئۇنىڭغا ئىش ھەققى ئارتۇق بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، قوبۇل قىلىش شېرىكچىلىكىدە ئىككى شېرىكنىڭ بىرىنىڭ يەنە بىرىگە قارىغاندا ئىشنى ئارتۇق قىلىشى ھەق بېرىشتە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

قېچىرنىڭ ئىگىسى ياكى تۆگىنىڭ ئىگىسى ئەگەر ئۆز ئۇلۇغىنىلا كىراغا سالغان بولسا، بۇ كىرادىن كىرىم بولغان پۇلنىڭ ھەممىسى شۇ ئادەمگىلا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلۇغىنى كىراغا سالغان ئادەم شۇدۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا يەنە بىر ئادەم ياردەملىشىپ بەرگەن بولسا، ياردەملىشىپ بەرگەن ئادەمگە ئۇنىڭ تەخسۇشىگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. لېكىن، بۇ ئىش ھەققى ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆز قارىشىدا پۈتۈن ئىشقا بېرىلگەن ئىش ھەققىنىڭ يېرىمىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. ئەمما ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئىش ھەققى مەيلى پۈتۈن ئىشقا بېرىلگەن ئىش ھەققىنىڭ يېرىمىدىن ئېشىپ كەتسۇن مەيلى ئېشىپ كەتمىسۇن ياردەملىشىپ بەرگەن ئادەمگە ئۇنىڭ تەخسۇشىگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققى بېرىلىدۇ» دېدى.

بىر ئۇلاغنىڭ ئىگىسى ئۇلۇغىنى كىراغا سېلىپ پۇل تېپىش ۋە كىرادىن كىرىم بولغان پۇلنىڭ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئوخشاش تەقسىم قىلىنىشى ئۈچۈن بىر ئادەمگە بەرگەن بولسا، كىرادىن كىرىم بولغان پۇلنىڭ ھەممىسى ئۇلاغنىڭ ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ مەنىسى: سەن ئۇلۇغۇمنىڭ مەنپەئەتىنى ساتقىن ۋە بۇنىڭدىن كىرىم بولغان پۇل ئارىمىزدا ئوخشاش مىقداردا تەقسىم قىلىنسۇن، دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنىڭدىن كىرىم بولغان پۇلنىڭ ھەممىسى ئۇلاغنىڭ ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلاغنى كىراغا بەرگەن ئادەم ئۇنى ئىگىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كىراغا بەردى. شۇڭا ئۇلاغ ئۆز ئىگىسى نامىدىن كىراغا بېرىلگەن ھېسابلىنىدۇ. ئۇلاغنى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ نامىدا كىراغا بەرگەن ئادەمگە ئۇنىڭ تەخسۇشىگە بېرىلىدىغان ئىش

ھەققى بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ھەقسىز ئىشلەپ بېرىشكە رازى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمگە ئۇنىڭ تەگتۇشىگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. شۇ شەكىلدە كىراغا بېرىلگەن كىمنىڭ ياكى ئۆينىڭ ھۆكمىمۇ ئۇلاغنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش.

ئەگەر بىر ئۇلاغنىڭ ئىگىسى ئالغان پايدىنى تەڭ ئۈلۈشۈش شەرتى بىلەن يىمەك ـ ئىچمەك ساتىدىغان ئادەمگە يىمەك ـ ئىچمەكنى ئۇلاغدا كۆتۈرۈپ يۈرۈپ سېتىش ئۈچۈن ئۇلۇغىنى ئۇ ئادەمگە بېرىپ شېرىكلەشكەن بولسا، بۇ شەرتىگە توشمىغان شېرىكلىشىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىشتىن ئېلىنغان پايدا يىمەك ـ ئىچمەكنىڭ ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ. ئۇلاغنىڭ ئىگىسىگە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇلاغقا بېرىلىدىغان پۇل بېرىلىدۇ. ئەمما بۇ ئىشتىن ئېرىشكەن پۇل يىمەك ـ ئىچمەكنىڭ ئىگىسىگە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ پۇلغا ئۇنىڭ ھۈنىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئېرىشىلدى.

بىر ئادەمنىڭ ئۇلۇغى بولغان، يەنە بىر ئادەمنىڭ تۇلۇمى بولغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تۇلۇمنى ئۇلاغنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ سۇ توشۇپ پۇل تېپىشقا شېرىكلەشكەن بولسا، بۇ توغرا بولمىغان شېرىكچىلىك ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەم ئىمام شافىئىينىڭ ئىككى خىل كۆز قارىشىدىن ئەڭ كۈچلۈكىدۇر. ئىمام ئەھمەدنىڭ كۆز قارىشىمۇ شۇنداقتۇر. ئەمما ئۇ شېرىكچىلىك ئارقىلىق كىرىم قىلىنغان پۇل ئۇلاغ بىلەن سۇ توشۇغان ئادەمگە بېرىلىدۇ. ئەگەر سۇ توشۇغان ئادەم ئۇلاغنىڭ ئىگىسى بولغان بولسا، تۇلۇمنىڭ ئىگىسىگە ئۇنىڭ تەگتۇشىگە بېرىلىدىغان پۇل بېرىلىدۇ. (يەنى ئادەتتە تۇلۇمنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن قانچىلىك پۇل بېرىلسە، شۇنچىلىك پۇل بېرىلىدۇ). ئەگەر سۇ توشۇغان ئادەم تۇلۇمنىڭ ئىگىسى بولسا، ئۇلاغنىڭ ئىگىسىگە ئۇنىڭ تەگتۇشىگە بېرىلىدىغان پۇل بېرىلىدۇ. يەنى ئۇلاغنى ئىجارىگە ئالغاندا بېرىلىدىغان پۇل بېرىلىدۇ.[1]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، <مۇغنى> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ۋە ھەنبەلىي مەزھەپىنىڭ ئىماملىرىدىن بولغان ئىبنى قۇدامە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر بىر كىشى ئۇلۇغىنى تاپقان پايدىنى ئۈچتىن بىرى ياكى تۆتتىن بىرى دېگەنگە ئوخشاش مەلۇم مىقداردىن ئۈلۈشۈش شەرتى بىلەن يەنە بىر ئادەم بىلەن شېرىكلىشىپ ئۇ ئادەمنىڭ ئۇلاغنى كىراغا سېلىپ پۇل تېپىشى ئۈچۈن ئۇلاغنى ئۇ ئادەمگە بەرگەن بولسا، بۇ شېرىكلىشىش توغرىدۇر. ئەسرىم، ئىبنى ئەبۇھەرب ۋە ئىبنى سەئىد قاتارلىقلارنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە ئىمام ئەھمەد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇ ئۇنداق شېرىكچىلىكنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى دېگەن. ئىمام ئەۋزائىيدىنمۇ ئۇ شىرىكچىلىكنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان سۆزلەر رىۋايەت قىلىنغان. ئۇنى ئىمام ھەسەن ۋە ئىمام نەخەئىي قاتارلىقلار بايان

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 5 ـ توم، 411 ـ بەت.

قىلغان. ئەمما ئىمام شافىئىي، ئەبۇسەۋر، ئىبنى مۇنزىر ۋە ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر: ئۇ شېرىكچىلىك توغرا ئەمەس. شۇڭا ئۇ شېرىكچىلىكتىن ئېرىشىلگەن پۇلنىڭ ھەممىسى ئۇلاغنىڭ ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ پۇلغا نەرسە ـ كېرەكلەرنى شۇ ئۇلاغنىڭ توشۇشى بىلەن ئېرىشىلدى. ئۇلاغ بىلەن نەرسە توشۇغان ئادەمگە ئۇنىڭ تەڭتۇشىغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇلاغنىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇ شەكىلدە شېرىكلىشىشى توغرا دەپ ئېتىراپ قىلىنغان شېرىكلىشىشنىڭ تۈرلىرىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. ئەگەر ئۇ شېرىكلىشىش بىر كىشى بىلەن ئالغان پايدىنى مەلۇم ھەسسىدىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىپ ئۇنىڭ پۇلى بىلەن تىجارەت قىلىش (يەنى مۇزارەبە) سۈپىتىدە بولغان بولسا، ئۇ شېرىكلىشىش توغرا بولىدۇ. ئەمما (ئۇلاغقا ئوخشاش) مال ـ مۈلۈك بىلەن ئۇ تىجارەت سۈپىتىدە شېرىكلىشىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇ تىجارەت ماددىي نەرسىلەر بىلەن قىلىنىدۇ. ئۇ ماددىي نەرسىلەرنى سېتىش ۋە ئۇلارنى ئۆز ئىگىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن چىقىرۋېتىش توغرا ئەمەس، دەيدۇ. ھەنبەلىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا (ئۇلاغقا ئوخشاش) مال ـ مۈلۈكمۇ ماددىي نەرسىلەرنىڭ ئورنىدىدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن شېرىكچىلىك قىلىشقا بولىدۇ. ئىمام شافىئىي، ئەبۇسەۋر، ئىبنى مۇنزىر ۋە ھەنەفىي مەزھەپى قاتارلىقلارنىڭ <ئۇ شەكىلدە شېرىكلىشىشى توغرا دەپ ئېتىراپ قىلىنغان شېرىكلىشىشنىڭ تۈرلىرىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ> دېگەن سۆزىگە كەلسەك، ئۇ شەكىلدە شېرىكلىشىشى توغرا دەپ ئېتىراپ قىلىنغان شېرىكلىشىشنىڭ تۈرلىرىنىڭ ئىچىگە كىرمىسىمۇ، لېكىن ئۇ باغدىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ مەلۇم مىقدارىنىڭ بەدىلىگە باغقا قاراپ بېرىشكە كېلىشىشكە ۋە يەردىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ مەلۇم مىقدارىنىڭ بەدىلىگە يەرنى تېرىۋېلىشقا ئۆنى بىرىگە بەرگەنگە ئوخشاپ كېتىدۇ» دېدى.

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر: «ئىمام ئىبنى قۇدامەنىڭ يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن سۆزلىرى بىزنىڭ قارشىمىزغا پاكىت بولالمايدۇ. چۈنكى، ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر باغدىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ ئۈچتىن بىرى ياكى تۆتتىن بىرى دېگەنگە ئوخشاش مەلۇم مىقدارىنىڭ بەدىلىگە باغقا قاراپ بېرىشكە كېلىشىشنى ۋە يەردىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ ئۈچتىن بىرى ۋە تۆتتىن بىرى دېگەنگە ئوخشاش مەلۇم مىقدارىنىڭ بەدىلىگە يەرنى تېرىۋېلىشقا ئۆنى بىرىگە بېرىشنى توغرا دەپ قارىمايدۇ. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر ئۇنى توغرا دەپ قارايدىغان بولسا، ئۇنى بۇ ھەقتە ھەدىس بولغاچقا ھەدىسقا تايىنىپ تۇرۇپ قىياسقا زىت ھالدا توغرا دەپ قارىغان بولىدۇ. ئۇنداق قىلىش قىياسقا زىت بولغانلىقى ئۈچۈن باشقا ھۆكۈملەر ئۇنىڭغا قىياس قىلىنمايدۇ» دېدى.[1]

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 16 ـ توم، 178 ـ بەت.

# نوپۇز شېرىكچىلىكىنىڭ بايانى

نوپۇز شېرىكچىلىكىدىن ئىككى ئادەمنىڭ دەسمايە چىقارماستىن شېرىك بولۇپ ئۆزلىرىنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى نوپۇزىغا تايىنىپ تۇرۇپ نەرسىلەرنى نېسىيغا سېتىپ ئېلىپ تىجارەت قىلىشلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار نېسىيغا سېتىپ ئالغان نەرسىلەرنى سېتىپ ئۇ نەرسىلەرنىڭ پۇلىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن قالغان پۇل ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ. بۇ شېرىكچىلىكنىڭ <نوپۇز شېرىكچىلىكى> دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، شېرىكلەرنىڭ نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئۆزلىرىنىڭ نوپۇزىغا تايىنىپ تۇرۇپ ئالغانلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، كىشىلەر ئەگەر نەرسە ـ كېرەكلىرىنى سېتىپ ئالىدىغان ئادەم نوپۇزلۇق ۋە نۇمۇسلۇق كىشى بولمىسا، ئۇ نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا نېسىيگە بەرمەيدۇ.

بۇ شېرىكچىلىك ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا توغرىدۇر. ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بۇ شېرىكچىلىك توغرا ئەمەس. چۈنكى، شېرىكچىلىكتىن كېلىدىغان پايدا دەسمايىنىڭ مېۋىسىدۇر. ئەگەر شېرىكچىلىكتە دەسمايە بولمىسا، شېرىكچىلىك ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ» دېدى. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، پۇل تېپىش ئۈچۈن قىلىنىدىغان شېرىكچىلىك ئاساسلىق (شېرىكچىلىك) كېلىشىمگە تايىنىدۇ. (شۇڭا كېلىشىم بار يەردە شېرىكچىلىك ۋۇجۇدقا چىقىدۇ).

شافىئىي مەزھەپىنىڭ ئىماملىرىدىن بولغان ئىمام نەۋەۋىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نوپۇزلۇق شېرىكچىلىكى ھەققىدە مۇنداق دېدى: نوپۇز شېرىكچىلىكى مۇنداق بىر نەچچە خىل شەكىل بىلەن بولىدۇ:

1 ـ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى نوپۇزلۇق ئىككى كىشى شېرىكلىشىپ نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئۇلارنىڭ پۇلىنى مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن بېرىشكە پۈتۈشۈپ نېسىيغا سېتىپ ئالىدۇ. ئۇ نەرسىلەرنى ساتقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ پۇلىنى مال ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ ۋە قالغان پايدىنى ئارىلىرىدا بۆلۈشىدۇ. بۇ، نوپۇز شېرىكچىلىكىنىڭ ئەڭ مەشھۇر شەكلىدۇر.

2 ـ نوپۇزلۇق كىشى پۇلىنى مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن بېرىشكە پۈتۈشۈپ مالنى نېسىيغا سېتىپ ئالىدۇ. لېكىن، ئالغان پايدا ئارىلىرىدا ئورتاق بولۇش شەرتى بىلەن نوپۇزلۇق كىشى مالنى سېتىشنى نوپۇزسىز كىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

3 ـ دەسمايىسى يوق نوپۇزلۇق كىشى بىلەن دەسمايىسى بار نوپۇزسىز كىشى شېرىكلىشىدۇ. بۇ ھالدا تىجارەت نوپۇزلۇق كىشى تەرىپىدىن، دەسمايە بولسا نوپۇزسىز كىشى تەرىپىدىن بولىدۇ ۋە ئالغان پايدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ. لېكىن،

دەسمايە نوپۇزسىز كىشىنىڭ قولىدا بولىدۇ. بۇ كىشى دەسمايىنى نوپۇزلۇق كىشىگە تاپشۇرۇپ بەرمەيدۇ.

بۇ شېرىكچىلىكنىڭ مەزكۇر ئۈچ خىل شەكلىنىڭ ھەممىسى توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى، شېرىك بولغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلغىلى بولىدىغان ئورتاق دەسمايە مەۋجۇت ئەمەستۇر.[1]

نوپۇز شېرىكچىلىكىدە ئەگەر تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكىنىڭ شەرتلىرى تېپىلسا، نوپۇز شېرىكچىلىكى تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ شەرت بولسا، ھەر بىر شېرىكنىڭ كەلگەن ئىشنى تەڭ قوبۇل قىلىپ ئېلىشى، ئىشنى تەڭ قىلىشى، پايدا ـ زىياندا ئورتاق بولۇشى، ھەر بىر شېرىكنىڭ شىركەتكە يەنە بىر شېرىكنىڭ نامىدىن كېپىل بولۇشى ۋە پۈتۈشكەندە تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى بىلەن شېرىكلەشكەنلىكىنى بايان قىلىشىدۇر. بىز بۇ ھەقتە يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتتۇق.

ئەگەر نوپۇز شېرىكچىلىكىدە مەزكۇر شەرتلەر تېپىلمىسا، نوپۇز شېرىكچىلىكى مالنىڭ مەلۇم مىقداردا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھالدا بۇ شېرىكچىلىكتىن ئېرىشىلگەن پايدىنىڭ ئۈلارنىڭ ئارىسىدا ئۈلارنىڭ شېرىكچىلىككە قاتقان پېيىگە قارىتا تەقسىم قىلىنىشى ئۈچۈن پايدا ئۈلارنىڭ ئارىسىدا ئۆز ئارا كېلىشكەن شەرت بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىنغان ئەھۋال ئاستىدا بۇ شېرىكچىلىكتىكى شېرىك ئۆز مەسئۇلىيىتى ئۈستىگە ئالمىغان مالدىن كەلگەن پايدىنى ئېلىپ قالمايدۇ. يەنى نوپۇز شېرىكچىلىكى مالنىڭ مەلۇم مىقداردا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكى بولۇپ ھېسابلانغان چاغدا، بۇ شېرىكچىلىكتە پايدىنى ئۈنىڭغا قاتقان پېيىغا تەقسىم قىلىنىدىغان مىقداردىن ئارتۇق ۋە يا كەم ئېلىش توغرا ئەمەستۇر.

ئىككى شېرىك سېتىپ ئالماقچى بولغان نەرسىنىڭ پۇلىنى يېرىم ـ يېرىمدىن چىقىرىشنى، ياكى ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسىنى بىرى بىر ھەسسىسىنى يەنە بىرى چىقىرىشنى شەرت قىلىشقان بولسا، ئۇ نەرسىنى سېتىش ئارقىلىق تاپقان پايدىمۇ ئۈنىڭغا قاتقان پۇلغا قارىتا تەقسىم قىلىنىدۇ. يەنى شېرىكنىڭ بىرى پايدىنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسىنى يەنە بىرى بىر ھەسسىسىنى ئالىدۇ. بۇ شېرىكچىلىكتە شېرىكلەرنىڭ بىرىنىڭ (ئۇ نەرسىدىن كەلگەن پايدىنى ئۈنىڭغا قاتقان دەسمايىغا قارىتا ئەمەس) ئۈنىڭدىن ئارتۇق ئېلىشنى شەرت قىلىشى توغرا ئەمەس. نوپۇز شېرىكچىلىكىدە ئەھۋال شۇنداقتۇر. ئەمما مالنىڭ مەلۇم مىقداردا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكىدە ئەھۋال ئۇنداق ئەمەستۇر. بۇ خىل شېرىكچىلىكتە گەرچە ئىككى شېرىك دەسمايىنى ئوخشاش مىقداردا قاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۈلارنىڭ بىرى ئالغان پايدىنى ئارتۇق ئېلىشنى شەرت قىلسا،

(1) «رەۋ زەتۇت تالىبىين»، 3 ـ توم، 513 ـ بەت.

بۇ شەرت توغرا بولغان شەرت ھېسابلىنىدۇ.

بىرەر سودىدىن ئېلىنغان پايدىغا ئېرىشىش، ئۇ سودىغا دەسمايە قوشۇشقا ياكى ئۇنىڭدا ئىشلەشكە، ياكى سودىنى ئۆز مەسئۇلىيىتىگە ئېلىشقا ئوخشاش يوللارنىڭ بىرى بىلەن بولىدۇ. نوپۇز شېرىكچىلىكىدە پايدا ئۇ شېرىكچىلىكتە ئالغان مەسئۇلىيەتكە قارىتا تەقسىم قىلىنىدۇ. پايدىنى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئېلىش مەسئۇلىيىتىگە ئالمىغان نەرسىدىن پايدا ئېلىش ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداق قىلىش توغرا ئەمەستۇر. شۇڭا بىر ئادەم بىر كىشىگە: سەن ئۆز مال ـ مۈلكىڭ بىلەن تىجارەت قىلغىن، ئۇنىڭدىن ئالغان پايداڭنىڭ بىر قىسمى ماڭا بولسۇن، دېسە ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنىڭ ئالغان پايدىسىدىن ئازراقمۇ ئالالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمدە يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن يوللارنىڭ ھېچبىرى كۆرۈلمىدى.[1]

فىقھىنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرىنىڭ بىرى بولسا، <بىر نەرسىدىن پايدىلىنىش ئۇ نەرسىنى ئۆز مەسئۇلىيىتىگە ئېلىشنىڭ بەدىلىگە بولىدۇ> دېگەن قائىدىدۇر. يەنى بىر ئادەم بىرەر نەرسىدىن كەلگەن پايدىغا ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتىگە كىرگەندىن كېيىن ئېرىشەلەيدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتىگە كىرمىسە، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىدىن كەلگەن پايدىغا ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (بىر ئادەمنى ئۇنىڭ) مەسئۇلىيىتىگە كىرمىگەن نەرسىدىن كەلگەن پايدىنى ئېلىشنى چەكلىگەن.[2]

بىرەر نەرسىنىڭ پايدىسىدىن (ئەگەر ئۇ نەرسە ئادەم بولسا) ئۇنىڭ ھۈنىرىدىن كىرگەن پۇلغا ياكى ئۇنىڭغا بېرىلگەن سوۋغاتقا، ياكى سەدىقىغا ئوخشاش، (ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇلاغ ياكى ئۆي بولسا) ئۇنىڭ كىراسىدىن كەلگەن پۇلغا ئوخشاش ئۇ نەرسىدىن ئاجراپ تۇرىدىغان ۋە ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىدىن كېلىپ چىقمىغان نەرسىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىرەر نەرسىنى ئۆز مەسئۇلىيىتىگە ئالغان ئادەمگە ئۇ نەرسىدىن كەلگەن مەزكۇر نەرسىلەرگە ئوخشاش ئۇ نەرسىنىڭ پايدىسىنى ئېلىش ھالال بولىدۇ.

بۇ قائىدىگە ئاساسەن، ئىككى شېرىك سېتىپ ئالماقچى بولغان نەرسىنىڭ پۇلىنى يېرىم ـ يېرىمدىن ياكى ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسىنى بىرى بىر ھەسسىسىنى يەنە بىرى چىقىرىشىپ ئۇ نەرسىنى سېتىش ئارقىلىق تاپقان پايدىنى ئۇنىڭغا دەسمايىنى كۆپ قاتقىنى ئاز ئېلىشنى ۋە دەسمايىنى ئاز قاتقىنى كۆپ ئېلىشنى شەرت قىلىشقان بولسا، بۇ توغرا بولمىغان شەرت ھېسابلىنىدۇ.[3]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 349 ـ بەت.

(2) بۇ ھەدىسنى تەبرانىي <كەبىر> دېگەن كىتابىدا ھەكىم ئىبنى ھىزامدىن رىۋايەت قىلغان. ئىمام سۇيۇتىي ئۇنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىس ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلغان.

(3) «شەرھۇل قەۋائىدىل فىقھىييەتى»، 24 ـ بەت.

# شەرتىگە تونۇشمىغان شېرىكچىلىكتە پايدىنىڭ قانداق بۆلۈشلىدىغانلىقىنىڭ بايانى

شەرتىگە تونۇشمىغان شېرىكچىلىك دېگەنلىكتىن ھەر ئىككى تەرەپ دەسمايە قاتمىغان شېرىكچىلىك ياكى ھەر ئىككى تەرەپ دەسمايە قاتقان شېرىكچىلىك، ياكى بىر تەرەپ دەسمايە قاتقان يەنە بىر تەرەپ دەسمايە قاتمىغان شېرىكچىلىك كۆزدە تۇتۇلىشى مۇمكىن.

ئەگەر شەرتىگە تونۇشمىغان شېرىكچىلىك ھەر ئىككىلا تەرەپ دەسمايە قاتمىغان شېرىكچىلىك بولسا، بۇ شېرىكچىلىكتىن ئالغان پايدىنى تىجارەتنى ئۆزى بىر قوللۇق قىلغان شېرىك ئالىدۇ.

ئەگەر شەرتىگە تونۇشمىغان شېرىكچىلىك ھەر ئىككى تەرەپ دەسمايە قاتقان شېرىكچىلىك بولسا، بۇ شېرىكچىلىكتىن ئالغان پايدىنى ھەر بىر شېرىك شېرىكچىلىككە قاتقان دەسمايىسىگە قارىتا ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ پايدىنى ئارتۇق ئېلىش ئۈچۈن قويغان شەرتى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. يەنى ئۇنىڭغا پايدا ئارتۇق بېرىلمەيدۇ.

ئەگەر شەرتىگە تونۇشمىغان شېرىكچىلىك بىر تەرەپ دەسمايە قاتقان يەنە بىر تەرەپ دەسمايە قاتمىغان شېرىكچىلىك بولسا، بۇ شېرىكچىلىكتىن ئالغان پايدىنى پەقەت شېرىكچىلىككە دەسمايە قاتقان تەرەپلا ئالىدۇ. دەسمايە قاتمىغان تەرەپكە ئۇنىڭ تەختۇشىگە بېرىدىغان ئىش ھەققى بېرىلىدۇ.

ئوتۇن يىغىشقا، ئوت - چۆپ يىغىشقا، ئوۋ ئوۋلاشقا، سۇ ئېلىپ كېلىشكە، تاغدىن مېۋە توپلاشقا، يەر ئاستىدىكى بايلىقنى ۋە ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرىدە كۆمۈلۈپ قالغان بايلىقنى ئىزدەشكە ئوخشاش (ئىسلام دىنى ھەممە ئادەمنىڭ قىلىشىغا رۇخسەت قىلغان) ئىشلاردا كىشىلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن شېرىكلىشىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، شېرىكلىشىش شېرىكلەرنىڭ بىرىنىڭ يەنە بىرىنىڭ ئورنىدا ۋەكىل بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەزكۇر ئىشلارغا ئوخشاش ئىسلام دىنى ھەممە ئادەمنىڭ قىلىشىغا رۇخسەت قىلغان ئىشلارنى قىلىشتا بىرىنىڭ يەنە بىرىنى ۋەكىل قىلىشى توغرا ئەمەس. شۇڭا مەزكۇر ئىشلاردا شېرىكلىشىشمۇ توغرا بولمايدۇ.

بىر كىشى بىرەر نەرسىگە ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ ياردىمىسىز ئېرىشكەن بولسا، ئېرىشىلگەن ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگىلا تەۋە بولىدۇ. ئەگەر ئىككى ئادەم ئايرىم - ئايرىم بىر نەرسە توپلىغان، ئاندىن ئۇلار توپلىغان نەرسىلىرىنى بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ ساتقان بولسا، پۇل ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدا ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە

تەۋە نەرسىنىڭ كىلو مىقدارىغا ياكى ئۆلچىمىگە قارىتا تەقسىم قىلىنىدۇ. بۇ، ئەگەر ئۇلار كىلولىنىدىغان ياكى كەمچە بىلەن كەمچىلىنىدىغان نەرسىلەر بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار كىلولىنىدىغان ياكى كەمچە بىلەن كەمچىلىنىدىغان نەرسىلەر بولمىسا، پۇل ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدا ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە تەۋە نەرسىنىڭ بازاردىكى باھاسىغا قارىتا تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىلەرنىڭ كىمگە قانچىلىك تەۋە ئىكەنلىكى نامەلۇم بولسا، پۇل ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يېرىم - يېرىمدىن تەقسىم قىلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۇ نەرسىلەرنى بىللە توپلىغان ۋە توپلانغان نەرسە ئۇلارنىڭ قولىدىدۇر. شۇڭا ئۇ نەرسىلەرنىڭ پۇلى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوخشاش مىقداردا تەقسىم قىلىنىشى لازىم. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئۆزىگە تەۋە نەرسىنىڭ يەنە بىرىنىڭكىگە قارىغاندا كۆپرەك ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان، ئەمما قولىدا پاكىت بولمىغان ۋە يەنە بىرى ئۇ نەرسىنىڭ يېرىم - يېرىمدىن تەۋە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ يېرىم - يېرىمدىن تەۋە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان تەرەپنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىگە تەۋە قىسمىنىڭ كۆپرەك ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان تەرەپنىڭ قولىدا پاكىت بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ.

يۇقىرىدىكى مەسىلىدىن بىز تۆۋەندىكى مەسىلىنىڭ ھۆكمىنى بىلىۋالالايمىز: بىر ئايالنىڭ ئېرى بىلەن ئۇ ئايالنىڭ ئۇغلى بىر ئۆيدە ياشايدىغان، ئەر بىلەن ئۇغۇل ھۈنەرنى ئايرىم - ئايرىم قىلىپ كېيىن ھەممىسىنى توپلاپ بىللە ساتىدىغان ۋە كىمنىڭ قانچىلىك ھۈنەر قىلغانلىقى نامەلۇم بولغان بولسا، ھۈنەردىن كىرىم بولغان پۇل ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوخشاش مىقداردا تەقسىم قىلىنىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم ئۆلۈپ قالغان، ئۇ ئادەمنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مال - دۇنياسىنى ئۇنىڭ بالىلىرى بۆلۈشمەي تىجارەتكە سالغان ۋە ئۇ مال - دۇنيا كۆپەيگەن بولسا، ئۇلار گەرچە تىجارەت ئىشىدا ۋە پىكىر بېرىشتە ئوخشاش دەرىجىدە بولمىسىمۇ مال - دۇنيا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوخشاش تەقسىم قىلىنىدۇ. دادىسىدىن قالغان مال - دۇنيا بىلەن بالىلارنىڭ شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلىشى ئەگەر ئۇلار ئۇ شېرىكچىلىكنىڭ تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى ئىكەنلىكىنى ئوچۇق - ئاشكارا تىلغا ئالمىغان بولسا، ئۇ شېرىكچىلىك تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى ھېسابلانمايدۇ.

ئەگەر دادا بالىسى بىلەن بىرلىشىپ ھۈنەر قىلغان ۋە بالا دادىنىڭ پەرۋىشى ئاستىدا ياشاۋاتقان بولسا، ھۈنەردىن كىرىم بولغان پۇلنىڭ ھەممىسى دادىغا تەۋە بولىدۇ. بالا ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ بەرگەن بولىدۇ.

ئالىملار ئەر - خوتۇن بىرلىكتە ھۈنەر قىلىپ ياكى تىجارەت قىلىپ تاپقان پۇلنىڭ كىمگە تەۋە بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. بىر قىسىم ئالىملار:

« پۇل ئەرگە تەۋە بولىدۇ. ئايال ئۇنىڭغا يارەملىشىپ بەرگۈچى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئايالنىڭ قىلىدىغان ھۈنىرى ئايرىم بولسا، ئۇنىڭدىن كىرگەن پۇل ئايالنىڭ بولىدۇ » دېدى. يەنە بىر قىسىم ئالىملار: « پۇل ئەر ـ خوتۇنىنىڭ ئارىسىدا ئوخشاش تەقسىم قىلىنىدۇ » دېدى.

ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىگە تەۋە ئۆيىدە بەش ئوغلىنىڭ تويىنى قىلىپ بەرگەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇ ئادەمنىڭ پەرۋىشى ئاستىدا ياشىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇ ئۆينىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرى ھەققىدە ئىختىلاپ يۈز بەرگەن بولسا، ئۆينىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرى ئۇ ئادەمگە تەۋە بولىدۇ ۋە بالىلارنىڭ كىيىۋاتقان كىيىم ـ كېچەكلىرىلا بالىلارغا تەۋە بولىدۇ. ئەگەر بالىلار ياكى ئۇ ئادەمنىڭ ئايالى: بىز بۇ مال ـ دۇنيانى ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن تاپقان دېسە، بۇ سۆز قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر بالىلار ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن كۈندە شۇ مال ـ دۇنيالارنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلىشسا، مال ـ دۇنيا ئۇلارغا دادىدىن قالغان مىراس سۈپىتىدە تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ.[1]

بىر ئادەم ئوتۇن يېغىشقا، ئوت ـ چۆپ يېغىشقا ۋە ئوۋ ئوۋلاشقا ئوخشاش ئىسلام دىنى ھەممە ئادەمنىڭ قىلىشىغا رۇخسەت قىلغان بىرەر ئىشنى بىر كىشىنىڭ ياردىمى بىلەن قىلغان ۋە ياردەم قىلغان كىشى ئۇ ئادەمگە مەيلى ئۇ نەرسىنى توپلاشتا ياردەم قىلسۇن مەيلى ئۇنى يۆتكەشتە ياردەم قىلسۇن مەيلى تور باغلاپ بېرىشتە ياردەم قىلسۇن مەيلى سايمان بېرىپ ياردەم قىلسۇن بۇ ئىشلار ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە ئۇ ئادەمگە تەۋە بولىدۇ. ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ بەرگەن كىشىگە ئۇنىڭ تەختۇشىگە بېرىلگەن ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆز قارىشىدا، ئۇ كىشىگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققى يۇتۇن ئىشقا بېرىلگەن ئىش ھەققىنىڭ يېرىمىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. ئەمما ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): « ئىش ھەققى مەيلى پۈتۈن ئىشقا بېرىلگەن ئىش ھەققىنىڭ يېرىمىدىن ئېشىپ كەتسۇن مەيلى ئېشىپ كەتمىسۇن ياردەملىشىپ بەرگەن كىشىگە ئۇنىڭ تەختۇشىگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققى بېرىلىدۇ » دېدى. گەرچە ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى قىياس بولسىمۇ بۇ ھەقتە پەتىۋا ئۇنىڭ كۆز قارىشى بويىچە بېرىلىدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى ئىستىھساندۇر. مانا بۇ، قىياس قائىدىسىگە ئاساسلانغان ھۆكۈم ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسلانغان ھۆكۈمگە قارىغاندا كۈچلۈك دەپ قارىلىدىغان مەسىلىلەردىندۇر.[2]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 349 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 350 ـ بەت.

# شېرىكنىڭ شېرىكلىككە تەۋە نەرسىنىڭ ئېشنى قىلىشنىڭ بايانى

شېرىكلىككە تەۋە نەرسىنىڭ ئېشنى قىلغان شېرىككە ئىش ھەققى بېرىلمەيدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىنى مەلۇم مىقداردىكى ئاشلىقنى باشقا يەرگە يۆتكەپ بېرىشى ئۈچۈن ئاشلىقنىڭ يېرىمىنى بېرىش شەرتى بىلەن ئىجارىگە ئالغان بولسا، ئۇ كىشىگە ئىش ھەققى بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى (ئەگەر ئاشلىقنى يۆتكەپ بەرسە ئۇنىڭ يېرىمىغا ئىگە بولىدىغانلىقى سەۋەبى بىلەن) ئاشلىققا شېرىك كىشىگە ئايلاندى. چۈنكى، ئۇ كىشى شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە ئاشلىقنىڭ يېرىمىغا ئىگە بولغان بولىدۇ. ئاشلىق ئۇ ئادەم بىلەن ئۇ كىشى ئارىسىدا شېرىك نەرسىگە ئايلاندى. شۇڭا ئۇ كىشى ئىش ھەققىگە ھەقلىق بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى ئاشلىقنى يۆتكىسە، ئۇنى پەقەت شېرىكى ئۈچۈن ئەمەس ئۆزى ئۈچۈنمۇ يۆتكىگەن بولىدۇ. بۇ، ئەگەر قىلىنغان ئىش ئىككى شېرىككە تەۋە ئىش بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ.

ئەگەر قىلىنىدىغان ئىش ئىككى شېرىككە تەۋە ئەمەس بەلكى شېرىك ئەمەس بىر كىشىگە تەۋە ئىش بولسا، ئىشنى قىلغان تەرەپكە ئۇنىڭ تەختۇشىگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. مەسىلەن: ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدا شېرىك بىر ئۇلاغ بولغان، ئۇلارنىڭ بىرى كىرادىن كەلگەن پايدىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئۆزى، قالغان قىسمىنى يەنە بىر شېرىكى ئېلىش شەرتى بىلەن ئۇلاغنى ئۈچىنچى بىرىنىڭ كىراغا سېلىپ پۇل تېپىشى ئۈچۈن ئۇلاغنى ئۈچىنچى بىرىگە بەرگەن بولسا، ئۇلاغنى كىراغا سېلىپ پول تاپقىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ تەختۇشىگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. بۇ كۆپ كۆرىلىدىغان ئىشلاردۇر. بۇنىڭ شەرتىگە توشمىغان شېرىكچىلىك ئىكەنلىكىدە شەك يوقتۇر. چۈنكى، بىرەر نەرسىدىن كېلىدىغان مەنپەئەتتە شېرىكلىشىش توغرا ئەمەس. ئۇنداق ئىكەن ئۇلاغنى كىراغا سېلىش ئارقىلىق كىرىم قىلىنغان پۇل ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدا ئۇلارنىڭ ئۇلاغقا قاتقان پۇلىغا قارىتا تەقسىم قىلىنىدۇ. ئۇلاغنى كىراغا سېلىپ پۇل تاپقان ئادەمگە ئۇنىڭ تەختۇشىگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. شېرىك ئۇلاغنى شېرىكلەرنىڭ بىرىنىڭ كىراغا سېلىشى شېرىكنىڭ شېرىكلىككە تەۋە نەرسىنىڭ ئېشنى قىلىشىغا ئوخشىمايدۇ. ئەگەر شېرىكلىككە تەۋە ئۇلاغنى شېرىكلەرنىڭ بىرىنىڭ كىراغا سېلىشى شېرىكلەردىن بىرىنىڭ شېرىكلىككە تەۋە نەرسىنىڭ ئېشنى قىلىشىغا ئوخشاپ قالسا ئىدى، ئۇلاغنى كىراغا سالغان شېرىككە ئىش ھەققى بېرىلمىگەن بولاتتى. چۈنكى، شېرىكلىككە تەۋە ئۇلاغ بىلەن ئۆزلىرىگە تەۋە نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئەمەس باشقىلارغا تەۋە نەرسە ـ كېرەكلەرنى توشىدى.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 350 ـ بەت.

ئۆلاغ مەسىلىسى كۆنۈمىزدە كۆپ يۈز بېرىدىغان ماشىنىدا شېرىك بولۇش مەسىلىسىگە ئوخشىشىپ قالىدۇ. ئىككى ئادەم شېرىكلىشىپ ماشىنا سېتىپ ئالغان ئۆلارنىڭ بىرى ماشىنىنى ھەيدەپ پۇل تاپقان بولسا، پۇل ئۆلارنىڭ ئارىسىدا ئۆلارنىڭ ماشىنىغا قاتقان دەسمايىسىگە قارىتا تەقسىم قىلىنىشى ۋە ماشىنىنى ھەيدىگىنىگە ئادەتتە شوپۇرلارغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققى بېرىلىشى لازىم. چۈنكى، ماشىنىنى ھەيدىگەن شېرىك ماشىنا بىلەن ئۆزلىرىگە تەۋە نەرسە كېرەكلەرنى ئەمەس باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى توشۇيدۇ.

كېمىنىڭ ۋە ئۆينىڭ ھۆكمىمۇ ئۆلاغنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. مەسىلەن: بىر ئادەمنىڭ كېمىسى بولغان ۋە كېمىنى كىراغا سېلىپ تاپقان پۇلنى تەڭ ئۆلۈشۈش شەرتى بىلەن ئۆزىگە تۆت ئادەمنى شېرىك قىلغان بولسا، بۇ شېرىكچىلىك توغرا ئەمەستۇر. شۇڭا كېمىدىن كىرىم بولغان پۇل كېمىنىڭ ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ. قالغان تۆت كىشىگە كېمىدە ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلارنىڭ تەڭتۇشىگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققى بېرىلىدۇ.

ئۆلاغلىرىنى كىراغا سېلىپ پۇل تېپىش ئۈچۈن شېرىكلەشكەن ئىككى ئادەم ئۆلاغلىرىنى كىراغا سالغان ۋە ئۆلاغلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ھەيدىشىنى ۋە ئۆلارغا نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئارتىشىنى شەرت قىلىشقان بولسا، ئۆلاغلارنىڭ كىراسىدىن توپلانغان پۇل ئۆلارنىڭ ئارىسىدا ئادەتتە ئۆلارنىڭ ئۆلاغلىرىغا ئوخشاش ئۆلاغلارغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققىگە ۋە ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئۆلاغلارنى ھەيدەيدىغان ئادەمگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققىگە قارىتا تەقسىم قىلىنىدۇ.

بىر ئادەم پىلە بېقىش ئارقىلىق كىرىم بولغان پۇلنى تەڭ ئۆلۈشۈش شەرتى بىلەن پىلە قۇرتىنىڭ تۇخۇمىنى غازاڭ بىلەن بېقىش ئۈچۈن بىر كىشىگە بەرگەن بولسا، پىلە تۇخۇمىنىڭ ئىگىسى بولغان ئۇ ئادەمگە تەۋە بولىدۇ. چۈنكى، پىلە ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىگە بەرگەن تۇخۇمىدىن بولغاندۇر. ئۇنىڭغا غازاڭ بېرىپ باققان كىشىگە غازاڭنىڭ پۇلى ۋە ئادەتتە پىلە قۇرتىنى بېقىپ بەرگەن ئادەمگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققى بېرىلىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر كالىنىڭ ئىگىسى كالىدىن كىرىم بولغان پۇلنى تەڭ بۆلۈشۈش شەرتى بىلەن كالىنى ھەلەپ بېرىپ بېقىش ئۈچۈن بىر كىشىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسا، كالىدىن كىرىم بولغان پۇل كالىنىڭ ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ. كالىنى باققان كىشىگە كالىغا بەرگەن ھەلىپىنىڭ پۇلى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ھايۋان باقىدىغان كىشىگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققى بېرىلىدۇ.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 350 ـ بەت.

# قويدا شېرىكلىششىنىڭ ۋە بۇ شېرىكچىلىكنىڭ تۈرلىرىنىڭ ئىچىدىن توغرا بولغانلىرىنىڭ بايانى

بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەنلىرىگە ئاساسەن بەزى يەرلەردە كىشىلەر ئارىسىدا ئومۇملىشىپ كەتكەن قويدا شېرىكلىشىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. قويدا توغرا بولمىغان شەكىلدە شېرىكلىشىش مۇنداق ئىككى خىل شەكىل بىلەن بولىدۇ:

1 ـ بىر ئادەم بىر قۇتان قوينى سېتىپ ئېلىپ ھەر يىلدا قوينىڭ مېيىدىن، توغقان قوزىلىرىدىن ۋە يۇڭلىرىدىن مەلۇم مىقدارىنى قوينىڭ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىش ۋە قالغانلىرى قويلارنى باققان كىشىگە قېلىش شەرتى بىلەن قويلارنى بىر كىشىنىڭ بېقىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىشتۇر.

2 ـ بىر ئادەم بىر قۇتان قوينى سېتىپ ئالىدۇ. ئاندىن قويلارنى بېقىش ۋە قويلاردىن ئېلىنغان قوزا، سۈت ۋە يۇڭ قاتارلىقلارنى قوينىڭ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىش ۋە ئەگەر قوينى باققان كىشى قويلاردىن چىققان شۇ مەھسۇلاتلارنى قوي ئىگىسىگە تاپشۇرۇش ئارقىلىق قوينىڭ پۇلىنى قوي ئىگىسىگە تۆلەپ بېرىپ بولسا، قوي ئەسلىدىكى ئىگىسى بىلەن ئۇنى باققان كىشىنىڭ ئارىسىدا شېرىك مالغا ئايلىنىش شەرتى بىلەن قوي ئىگىسىنىڭ قويلارنى بىر كىشىگە تاپشۇرۇپ بېرىشىدۇر.

ئۇستازىم شەيخ مۇھەممەد ھامىد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) دىن قويلاردا مەزكۇر شەكىلدە شېرىكلىشىشنىڭ ھۆكمى ھەققىدە سۇئال سورالغاندا بۇ سۇئالنى سورىغۇچىغا جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: ھۆرمەتلىك قېرىندىشىم، بىلىپ قويغىنكى، كىشىلەرنىڭ كۈنۈمىزدە قىلىۋاتقان مۇئامىلىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئىسلام فىقھىسىنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن ۋە ئۇنىڭ پرىنسىپلىرىدىن يىراقتۇر. كۈنۈمىزدە كىشىلەرنىڭ قۇرغان شىركەتلىرىنىڭ كۆپۈنچىسى ئىسلام پرىنسىپلىرى ئاساسىغا قۇرۇلمىغاندۇر. مېنىڭچە قويلاردا توغرا شەكىلدە شېرىكلىشىش مۇنداق ئىككى خىل يول بىلەن بولىدۇ:

1 ـ قويلاردا شېرىكلەشمەكچى بولغان كىشىلەرنىڭ ھەر بىرى مەلۇم مىقداردا پۇل چىقىرىشىپ شۇ پۇل بىلەن شىركەت قۇرىدۇ. ئاندىن شىركەتنىڭ پۇلىغا خالىغانچە قوي سېتىۋالىدۇ.

2 ـ بىر ئادەم مەلۇم مىقداردا قوي سېتىپ ئېلىپ قوينىڭ يېرىمىنى (قوينىڭ ھەممىسىنى) سېتىپ ئالغان پۇلغا يەنە بىر كىشىگە ساتىدۇ. ئاندىن ئۇ ئادەم بىلەن

ئۇ كىشى قويدىن كەلگەن پايدىدا ئورتاق بولۇش شەرتى بىلەن (ئۇ كىشىگە سېتىلغان) قويدا شېرىكلىشىدۇ. بۇ ھەقىقەتتە پۇلدا قىلىشقان شېرىكچىلىك ھېسابلىنىدۇ.

مانا بۇ قويدا شېرىكلىشىش ھەققىدە مەن توغرا دەپ قارىغان يوللاردۇر. بىز نادانلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا قارىماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ كۆپ قىسمى شەرىئەتتە توغرا ئەمەستۇر.[1]

# شېرىكنىڭ مال - مۈلكىدىن زاكات ئايرىشنىڭ ھۆكمى

شېرىكلەرنىڭ بىرى يەنە بىر شېرىكنىڭ رۇخسىتىسىز شېرىكنىڭ مال - مۈلكىدىن زاكات ئايرىيالمايدۇ. چۈنكى، شېرىكلەرنىڭ ئارىسىدا بىر - بىرىنىڭ رۇخستىنى ئالماي تۇرۇپ قىلىش رۇخسەت قىلىنغان ئىش بولسا، پەقەت بىر - بىرىنىڭ مال - مۈلكى بىلەن تىجارەت قىلىش ئىشىدۇر. زاكات ئايرىش ئىشى تىجارەتنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. يەنە كېلىپ ئايرىلغان زاكاتنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن پۇل ئىگىسىنىڭ نىيىتى شەرتتۇر. مال - مۈلكىدىن زاكات ئايرىش ھەققىدە رۇخسەت بەرمىگەن شېرىكنىڭ زاكات ئايرىش نىيىتىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا يەنە بىر شېرىك ئەگەر ئۇ شېرىكنىڭ مال - مۈلكىدىن زاكات ئايرىپ قويغان تەقدىردىمۇ ئۇ شېرىكنىڭ زاكات ئايرىش نىيىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن زاكات ئادا بولمايدۇ. ئەگەر ئىككى شېرىكنىڭ ھەر بىرى زاكاتنى يەنە بىر شېرىكى يوق يەردە ئۆزىنىڭ ۋە شېرىكىنىڭ نامىدىن بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ زاكاتنى بەرگەن ۋاقتى بىرلا ۋاقىتقا توغرا كەلگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى يەنە بىر شېرىكىنىڭ نامىدىن زاكاتقا بەرگەن پۇلنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر شېرىكچىلىك تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى بولسا، شېرىكلەرنىڭ ھەر بىرى يەنە بىر شېرىكىگە تۆلەپ بېرىدىغان پۇلغا (شېرىكىنىڭ نامىدىن زاكات ئۈچۈن بەرگەن) پۇلنى ھېسابلايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر شېرىكچىلىك مالنىڭ مەلۇم مىقدارىدا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكى بولغان ۋە ھەر ئىككى تەرەپ ئوخشاش مىقداردا دەسمايە چىقارغان بولسا، شېرىكلەرنىڭ ھەر بىرى يەنە بىر شېرىكىگە تۆلەپ بېرىدىغان پۇلغا (شېرىكىنىڭ نامىدىن زاكات ئۈچۈن بەرگەن) پۇلنى ھېسابلايدۇ. ئەگەر شېرىكچىلىك مالنىڭ مەلۇم مىقدارىدا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكى بولغان، لېكىن بىرىنىڭ قاتقان دەسمايىسى يەنە بىرىنىڭكىگە قارىغاندا كۆپرەك بولغان بولسا، شېرىكلەرنىڭ ھەر بىرى يەنە بىر شېرىكىگە تۆلەپ بېرىدىغان پۇلغا (شېرىكىنىڭ نامىدىن زاكات ئۈچۈن بەرگەن) پۇلنى ھېسابلايدۇ ۋە دەسمايىنى ئازراق قاتقان شېرىك دەسمايىنى كۆپرەك قاتقان شېرىكىدىن بۇنىڭ نامىدىن زاكات

(1) «رۇدۇدۇن ئەلا ئەباتىل»، 1 - توم، 499 - بەت.

ئۇچۇن بەرگەن ئارتۇق پۇلنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ زاكاتنى بەرگەن ۋاقتى بىرلا ۋاقىتقا توغرا كەلمىگەن بولسا، يەنى زاكاتنى ئۇلارنىڭ بىرى بۇرۇن يەنە بىرى كېيىن بەرگەن بولسا، زاكاتنى كېيىن بەرگەن شېرىك يەنە بىر شېرىكىنىڭ زاكاتنى بېرىپ بولغانلىقىنى مەيلى بىلسۇن مەيلى بىلمىسۇن ئۇ شېرىكىنىڭ زاكات ئۇچۇن بەرگەن پۇلىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئۇ شېرىكىنىڭ ھۆكمى خۇددى بىر كىشىنىڭ نامىدىن زاكاتنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇلغان ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. ئەگەر ئۇ كىشى زاكاتنى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئادا قىلغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ زاكات ئۇچۇن بەرگەن پۇلنى ئۇ ئادەمگە تۆلەپ بېرىشى لازىمدۇر. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ زاكاتنى ئۆزىنىڭ ئادا قىلىشى ئۇ كىشىنى زاكاتنى ئادا قىلىش ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۋاتقانلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ كىشى ئەگەر زاكاتنى ئۇ ئادەم بېرىپ بولغاندىن كېيىن بەرگەن بولسا، ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنىڭ زاكاتنى بەرگەنلىكىنى مەيلى بىلسۇن مەيلى بىلمىسۇن ئۇ ئادەمگە زاكات ئۇچۇن بەرگەن پۇلنى تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشىدا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمگە زاكات ئۇچۇن بەرگەن پۇلنى تۆلەپ بېرىشى ئۇچۇن ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ زاكاتنى بۇرۇن ئادا قىلىپ بولغانلىقىنى بىلىشى شەرت. زاكات بېرىش ئۈچۈن ۋەكىل قىلىنغان ئادەمنىڭ ۋە بىرىنىڭ نامىدىن كاففارەت بېرىشكە بۇيرۇلغان ئادەمنىڭ ھۆكمىمۇ ئۇ كىشىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش.[1]

سېمونتقا، توكقا، دورىغا ۋە ماشىنىغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان شىركەتلەرنىڭ ئالغان ساپ پايدىسىغا زاكات بېرىشى لازىم. بۇ شىركەتلەر ئالغان پايدىدىن زاكات ئايرىيدۇ. بۇ شىركەتلەرگە زاكات بېرىشنىڭ لازىم بولۇشى شىركەتلەرنىڭ، ئىجارىگە بېرىش ئۈچۈن تەييارلانغان يەرگە قىياس قىلىنغانلىقىدۇر. شىركەتلەردىكى ئۈسكۈنىلەر ۋە سايمانلار خۇددى ئىجارىگە بېرىش ئۈچۈن تەييارلانغان يەرگە ئوخشاش. شىركەتلەردە ئىشلەپ چىقىرىلغان مەھسۇلاتلاردىن كىرىم بولغان پۇلدىن شىركەتنىڭ چىقىملىرى چىقىرۋېتىلگەندىن كېيىن قالغان پۇل خۇددى يەرنىڭ ئىجارىسىگە ئوخشاش بولىدۇ. شۇڭا يەردىن كىرىم بولغان پۇلغا زاكات بېرىش لازىم بولغىنىدەك شىركەتلەردە ئىشلەپ چىقىرىلغان مەھسۇلاتلاردىن كىرىم بولغان پۇلدىن شىركەتنىڭ چىقىملىرى چىقىرۋېتىلگەندىن كېيىن قالغان پۇلغا زاكات بېرىش لازىم بولىدۇ. ئەمما سېمونت، توك، دورا ۋە ماشىنا ئىشلەپ چىقىرىدىغان زاۋۇتنىڭ ئۈسكۈنىلىرىگە، كېرەكلىك سايمانلىرىغا، ئىشخانىلىرىغا ۋە بىنالىرىغا زاكات بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، بۇ نەرسىلەر خۇددى يەرگە ئوخشاش. يەرنىڭ ئۆزىگە زاكات بېرىش لازىم بولمىغىنىدەك

(1) «ئەلكىفايە ئەلالھىدايە»، 5 ـ توم، 413 ـ بەت.

زاۋۇتنىڭ ئۈسكۈنىلىرىگە، كېرەكلىك سايمانلىرىغا، ئىشخانىلىرىغا ۋە بىنالىرىغىمۇ زاكات بېرىش لازىم ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە خەرەتكە (ياغاچچىغا)، مۇزدوزغا، بوزچىغا، گىلەمچىگە ۋە تۆمۈرچىگە ئوخشاش ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ھۈنەر قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان سايمانلىرىغىمۇ زاكات بېرىش لازىم ئەمەس.

بۇ ئەگەر مەزكۇر شىركەتلەرگە پاي قوشقان شېرىك مەلۇم مۇددەتكىچە پېيىنى قايتۇرۇپ ئېلىۋالمايدىغان ۋە شىركەتتىن بۇ گۈن پاي سېتىپ ئېلىپ ئەتىسى ساتمايدىغان بولسا، ئەھۋال يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك بولىدۇ. چۈنكى، شىركەتكە بۇ شەكىلدە پاي قوشقان ئادەم شىركەتلەرنىڭ پايلىرىنىڭ بازاردا بولىۋاتقان باھالىرىدىن پايدىلىنالمايدۇ. ئۇ ئادەم پەقەت تىجارەت قىلىپ پايدا ئېلىش نىيىتى بىلەن ئۆزىنىڭ شىركەتتىكى پېيىنى ساقلاپ قېلىپ تىجارەتتىن ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان پايدىنى ئالىدۇ. بۇ پايدا شىركەتنىڭ پېيىنىڭ بازاردىكى باھاسىنىڭ بەزىدە كۆتۈرۈلۈپ كېتىش ۋە بەزىدە تۆۋەنلەپ كېتىش تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ.

ئەگەر مەزكۇر شىركەتلەرگە پاي قوشقان شېرىك شىركەتتىكى پېيىنى قايتۇرۇپ ئېلىۋالىدىغان، شىركەتتىن بۇ گۈن پاي سېتىپ ئېلىپ ئەتىسى ۋە ئەتىسى سېتىپ ئېلىپ ئۈنىڭ ئەتىسى كۈنى ساتىدىغان بولسا، ئۇ شېرىكنىڭ پېيىغا زاكات پاينىڭ مىقدارىغا قارىتا ئەمەس ئۇنىڭ بازاردىكى باھاسىغا قارىتا كېلىدۇ. چۈنكى، بۇ خىلدىكى شېرىك شىركەتتىكى پېيىدىن تىجارەت ئارقىلىق پايدا ئېلىشنى ئەمەس ئۇنىڭ ئۆزىنى سېتىپ يەنە تەكرار سېتىپ ئېلىپ پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. شېرىك شىركەتتىكى پېيىنى ساتقاندىمۇ بازاردىكى باھاسى بويىچە ساتىدۇ ۋە سېتىپ ئالغاندىمۇ بازاردىكى باھاسى بويىچە سېتىپ ئالىدۇ. شۇڭا زاكات ئۇنىڭ شىركەتتىكى پېيىغا پاينىڭ مىقدارىغا قارىتا ئەمەس ئۇنىڭ بازاردىكى باھاسىغا قارىتا كېلىدۇ.[1]

## شېرىكنىڭ پېيىنى سېتىشنىڭ ھۆكمى

بىر ئادەم مەسىلەن بىر ئات سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇنىڭغا بىر كىشى: «مېنى بۇ ئاتقا شېرىك قىلساڭ» دېگەن، ئۇ ئادەم: «شۇنداق قىلدىم» دېگەن ۋە ئۇ كىشى: «قوبۇل قىلدىم» دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنى ئاتنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن بۇرۇن شېرىك قىلغان بولسا، شېرىكچىلىك توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئادەم تېخى قولىدا تاپشۇرۇپ ئالمىغان نەرسىنى ساتقان بولىدۇ. قولىدا تاپشۇرۇپ ئالمىغان نەرسىنى سېتىش توغرا ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنى

(1) «بۇھۇسۇن فىل ئىقتىسادىل ئىسلامى».

ئاتنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن شېرىك قىلغان ۋە ئۇ كىشى شۇ ئورۇندا ئاتنىڭ پۇلىنىڭ قانچە پۇل ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا، ئۇ شېرىكچىلىك توغرا بولىدۇ. ئۇ كىشىگە ئاتنىڭ پۇلىنىڭ يېرىمىنى تۆلەپ بېرىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى، شېرىكچىلىك دېگەن يېرىم - يېرىمدىن بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ ئورۇندا ئۆزىنىڭ ئاتنىڭ يېرىمىغا ئەمەس ئۈچتىن بىرىگە ياكى تۆتتىن بىرىگە شېرىك بولىدىغانلىقىنى دېسە، ئۇ كىشىگە شۇنىڭغا تېگىشلىك بولىدىغان پۇلنى بېرىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئاتنىڭ پۇلىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى <مېنى بۇ ئاتقا شېرىك قىلساڭ> دېگەن ئورۇندا ئەمەس باشقا يەردە بىلگەن بولسا، ئۇ كىشىگە خالىسا ئاتقا شېرىك بولۇش، خالىسا شېرىك بولماسلىق ئىختىيارلىقى بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنى ئاتنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن شېرىك قىلغان، لېكىن ئاتنى ئۇ كىشىگە تاپشۇرۇپ بەرمىگەن ۋە ئات ئۆزىنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ كىشىگە ئاتنىڭ پۇلىدىن ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان قىسمىنى بېرىش لازىم ئەمەس. كىم بىرەر نەرسىنى سېتىپ ئېلىپ ئاندىن ئۇ نەرسىگە بىر كىشىنى شېرىك قىلغان بولسا، بۇنداق قىلىش ئۇ نەرسىنىڭ يېرىمىنى ئۇنى سېتىپ ئالغان پۇلنىڭ يېرىمىغا ساتقانلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇنىڭدا سودا - سېتىقنىڭ ھۆكۈملىرى تېپىلىدۇ. يەنى ئۇنىڭدا ئۇ كىشىگە ئەگەر ئۇ نەرسىدە بىرەر ئەيىپ كۆرۈلۈپ قالسا، ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى، ياكى ئۇ كىشى ئەگەر ئۇ نەرسىنى كۆرمەي سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنى خالىسا سېتىپ ئېلىش، خالىسا سېتىپ ئالماسلىق ھەققى بېرىلىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ يەنە سودا بولغان ئورۇندا ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىشى لازىمدۇر.

بىر كىشى بىرەر نەرسە سېتىپ ئالغان ئادەمگە: «مېنى ئۇ نەرسىگە شېرىك قىلغىن» دېگەن، ئۇ ئادەم: «بولىدۇ» دېگەن، ئاندىن ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا ئىككىنچى بىر كىشى كېلىپ ئۇنىڭغا: «مېنى ئۇ نەرسىگە شېرىك قىلغىن» دېگەن، ئۇ ئادەم بۇنىڭغىمۇ: «بولىدۇ» دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئىككىنچى كىشى ئۇ نەرسىگە ئۆزىنىڭ ئالدىدا بىر كىشىنىڭ شېرىك بولۇپ بولغانلىقىدىن خەۋىرى بولسا، ئىككىنچى كىشى ئۇ نەرسىنىڭ تۆتتىن بىرىگە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، ئىككىنچى كىشى ئۇ ئادەمدىن ئۇ نەرسىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە تەۋە قىسمىغا شېرىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ نەرسىنىڭ ئۇ ئادەمگە تەۋە بولغۇنى ئۇ نەرسىنىڭ يېرىمىدۇر. ئەگەر ئىككىنچى كىشى ئۇ نەرسىگە ئۆزىنىڭ ئالدىدا بىر كىشىنىڭ شېرىك بولۇپ بولغانلىقىدىن خەۋىرى بولمىسا، ئىككىنچى كىشى ئۇ نەرسىنىڭ يېرىمىغا ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، ئىككىنچى كىشى ئۇ ئادەمدىن ئۇ نەرسىگە تولۇق شەكىلدە شېرىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئىككىنچى كىشى ئۇ نەرسىنىڭ يېرىمىغا شېرىك بولسا، ئۇ

نەرسىگە تولۇق شەكىلدە شېرىك بولغان ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسىگە بىرىنچى قېتىم شېرىك بولغان كىشىنىڭ ئۇ نەرسىدىكى شېرىكچىلىكى ئەمەلدىن قالىدۇ. بۇنىڭ ئىگىدارچىلىق شېرىكچىلىك ئىكەنلىكى مەخپىي ئەمەستۇر. ئەگەر مالنىڭ مەلۇم مىقدارىدا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكى بىلەن شېرىك بولغان بىر شېرىك بىر نەرسە سېتىپ ئالغان، ئاندىن بىر كىشىگە: «مەن سېنى بۇ نەرسىنىڭ ماڭا تەۋە قىسمىغا شېرىك قىلىۋالدىم» دېگەن ۋە ئۇ كىشى بۇنى قوبۇل قىلغان بولسا، ئۇ كىشى ئۇ شېرىك ئۈچۈن ئىگىدارچىلىق شېرىكىگە ئايلىنىدۇ.[1]

شېرىكنىڭ ئۆز پېيىنى سېتىش ھەققى بار. شېرىكنىڭ يەنە بىر شېرىكنىڭ رۇخسىتى بولماستىن ئۇنىڭ پېيىنى سېتىش ھەققى يوق. چۈنكى، شېرىكلەر بىر نەرسىنى سېتىشتا ئەمەس سېتىپ ئېلىشتا بىر ـ بىرىگە شېرىكتۇر. بۇنىڭدىن بۇ شېرىكچىلىكنىڭ پۈتۈنلەي شېرىكچىلىكى ئەمەس ئىگىدارچىلىق شېرىكچىلىكى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. شەرىئەتتە ھېچبىر ئادەمنىڭ باشقىلارغا تەۋە نەرسىدە ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز تەسەررۇپ قىلىشى توغرا ئەمەس. فىقھىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسىدىمۇ <ھېچبىر ئادەمنىڭ باشقا بىرىگە تەۋە نەرسىدە ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز تەسەررۇپ قىلىشى توغرا ئەمەس> دەپ بايان قىلىنغاندۇر. يەنى ئۇ نەرسە مەيلى ئۇ ئادەمنىڭ خۇسۇسىي نەرسىسى بولسۇن مەيلى شېرىك نەرسىسى بولسۇن ھېچبىر كىشىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ رۇخسىتىسىز ئۇ نەرسىدە بىرەر تەسەررۇپ قىلىشى توغرا ۋە ھالال ئەمەس.[2]

# قەرز ئېلىشقا ۋەكىل قىلىشنىڭ ھۆكمى

ئىككى شېرىكنىڭ بىرى سەپەرگە چىقىپ كەتكەن، يەنە بىرى بولسا يۇرتتا قېلىپ شىركەتنىڭ ئىشلىرىنى ماڭدۇرغان، ئاندىن ئۇلار شىركەتنىڭ مال ـ مۈلكىنى تەقسىم قىلىشماقچى بولغان ۋە يۇرتتا قېلىپ شىركەتنىڭ مال ـ مۈلكىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرىۋاتقان شېرىك: «مەن پالانىدىن 1000 سوم قەرز ئالغان ئىدىم» دېگەن بولسا، بۇ شېرىكنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىشەنچلىك ئادەم دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ شىركەتنىڭ مۈلكىنىڭ ئىچىدىن 1000 سومنىڭ باشقىلارنىڭ ھەققى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلدى. بۇ ئەگەر شىركەتنىڭ مال ـ مۈلكى ئۇنىڭ قولىدا بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر شىركەتنىڭ مال ـ مۈلكى ئۇنىڭ قولىدا بولمىسا، ئۇ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 352 ـ بەت.

(2) «شەرھۇل قەۋائىدىل فىقھىييەتى»، 461 ـ بەت.

شېرىكنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇ، شېرىكنىڭ ئۈستىدە **1000** سوم قەرز پۇل بارلىقىنى دەۋا قىلغان بولىدۇ.

ئەگەر شېرىكنىڭ بىرى: «مېنىڭ قولۇمدىكى ماۋۇ مالنىڭ ئىچىدىن مۇنچىلىك مىقداردىكى مال مېنىڭدۇر» دېسە، ئۇنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ شېرىك: «مېنىڭ قولۇمدىكى ماۋۇ مالنىڭ ئىچىدىن مۇنچىلىك مىقداردىكى مال پالانىغا تەۋە» دېسە، ئۇنىڭ سۆزى يەنە قوبۇل قىلىنىدۇ. بىر قىسىم ئالىملار ئەگەر شىركەتنىڭ مۈلكىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرىۋاتقان شېرىك: «مەن شىركەت ئۈچۈن پالانىدىن مۇنچىلىك قەرز ئېلىپ كېيىن قەرزنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردىم» دېگەن ۋە قەسەم قىلغان بولسا، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغانلىقى ھەققىدە پەتىۋا بەرگەن. بۇ پەتىۋانى <ئەلھامىدىيە> دېگەن كىتابتا رىۋايەت قىلىنغان <مۇھتۇل سەرەخسىي> دىن نەقىل قىلىنغان بايانلارمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. چۈنكى، قەرز ئېلىش بىر مەنادا تىجارەت قىلىشتۇر ۋە پۇل ئالماشتۇرۇشتۇر. چۈنكى، بىرەرسىدىن پۇل قەرز ئالغان ئادەم ئۇ پۇلغا ئىگە بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۇ پۇلنىڭ مىقداردا پۇل قايتۇرۇپ بېرىش لازىم بولىدۇ. شۇڭا قەرز ئېلىش پۇلنى پۇلغا ئالماشتۇرۇشقا ياكى بىرەر نەرسە ئۆتنىگە ئېلىپ تۇرۇشقا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى شېرىكنىڭ قايسىسى بىرەر كىشىدىن قەرز ئالغان بولسا، ئۇ قەرزنى ھەر ئىككى شېرىكنىڭ تۆلەپ بېرىشى لازىم. لېكىن، <ئەلخانىيە> دېگەن كىتابتا مۇنداق بايان قىلىندى: ئەگەر مالنىڭ مەلۇم مىقداردا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكىدىكى شېرىكلەرنىڭ بىرى: «مەن تىجارەت ئۈچۈن پالانىدىن **1000** سوم قەرز ئالدىم» دېسە، ئۇ قەرزنى پەقەت ئۇ شېرىكنىڭ ئۆزى تۆلەپ بېرىدۇ. ئۇنى ئۇنىڭ يەنە بىر شېرىكىنىڭمۇ تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ شېرىكنىڭ <مەن تىجارەت ئۈچۈن پالانىدىن **1000** سوم قەرز ئالدىم دېيىشى> بىلەن قەرزنى يەنە بىر شېرىكنىڭ تۆلەپ بېرىشىنىمۇ لازىم قىلمايدۇ. ئەگەر ئىككى شېرىكنىڭ بىرى يەنە بىر شېرىكنى قەرز ئېلىشقا بۇيرۇسا، ئۇنىڭ بەرگەن بۇيرۇقى كۈچكە ئىگە بولمايدۇ ۋە يەنە بىر شېرىكنىڭ قەرزنى ئۆزىنى قەرز ئېلىشقا بۇيرۇغان شېرىكنىڭ نامىدىن ئېلىشى توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، قەرز ئېلىشقا بىرىنى ۋەكىل قىلىش توغرا ئەمەس. شۇڭا قەرز ئىگىسى قەرزنى پەقەت ئۆزىدىن قەرزنى ئالغان شېرىكتىن تەلەپ قىلىپ ئالىدۇ. ئەگەر قەرز ئېلىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەم قەرز بەرمەكچى بولغان كىشىدىن قەرزنى: «پالانى سىزدىن **1000** سوم قەرز سورايدۇ» دەپ ئالغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا قەرز ۋەكىلنىڭ ئەمەس ئۇنى قەرز ئېلىش ئۈچۈن ۋەكىل قىلغان ئادەمنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ. چۈنكى، ۋەكىل بۇ ھالدا قەرز ئېلىش ئۈچۈن ئەلچى بولغان ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر ئىككى شېرىكنىڭ ھەر بىرى يەنە بىر شېرىككە (شىركەتنىڭ نامىدىن)

قەرز ئېلىشقا رۇخسەت بەرسە، ئۇ قەرز پەقەت قەرزنى ئالغان شېرىكنىڭ ئۈستىگىلا يۈكلىنىدۇ. شۇڭا قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزنى يەنە بىر شېرىكتىن ئەمەس پەقەت قەرزنى ئالغان شېرىكتىنلا تەلەپ قىلىشى لازىم بولىدۇ. بۇ توغرا دەپ قارالغان قاراشتۇر. چۈنكى، بىرەرسىنى قەرز ئېلىشقا ۋەكىل قىلىش توغرا ئەمەس. شۇڭا شېرىكلەرنىڭ بىرىنىڭ يەنە بىرىگە قەرز ئېلىش ئۈچۈن رۇخسەت بېرىشى بىلەن رۇخسەت بەرمەسلىكىنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوقتۇر.

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن بۇ مەسىلىدە مۇنداق ئىككى خىل كۆز قاراشنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز:

1 ـ مالىنىڭ مەلۇم مىقداردا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكىدىكى شېرىكلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ يەنە بىر شېرىكىنىڭ نامىدىن قەرز ئېلىشىنىڭ توغرا بولۇشىدۇر. چۈنكى، قەرز ئېلىش بىر مەنادا پۇل ئالماشتۇرۇشتۇر.

2 ـ مالىنىڭ مەلۇم مىقداردا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكىدىكى شېرىكلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ يەنە بىر شېرىكىنىڭ نامىدىن ئۇ شېرىكى رۇخسەت قىلغان تەقدىردىمۇ قەرز ئېلىشىنىڭ توغرا بولماسلىقىدۇر.

ئىككىنچى قاراش بۇ ھەقتە توغرا دەپ قارالغان قاراشتۇر. چۈنكى، بۇ قاراش ئالىملارنىڭ: «بىرەرسىنى قەرز ئېلىشقا ۋەكىل قىلىش توغرا ئەمەس» دېگەن سۆزىگە ئۇيغۇندۇر.

بۇ ئىككى خىل كۆز قاراشقا ئاساسەن، ئەگەر شېرىكلەرنىڭ بىرى يەنە بىر شېرىكىنىڭ رۇخستى بىلەن بىر ئادەمدىن قەرز ئالغان ۋە قەرزگە ئالغان پۇل يۈتۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ پۇلنى بىرىنچى كۆز قاراشقا ئاساسەن ھەر ئىككى شېرىك ۋە ئىككىنچى كۆز قاراشقا ئاساسەن پەقەت قەرز ئېلىپ يۈتتۈرۈۋەتكەن شېرىك تۆلەپ بېرىدۇ.[1]

# شېرىكلىككە تەۋە نەرسىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەن يەرلىرىنى ئوڭشاش ۋە رېمونت قىلىش ئۈچۈن پۇل خەجلەشنىڭ ھۆكمى

شېرىكلىككە تەۋە تۈگمەنگە ياكى زاۋۇتقا ئوخشاش شېرىك ئارىسىدا تەقسىم قىلىشقا مۇمكىن بولمايدىغان نەرسىلەردە شېرىكلەشكەن شېرىكلەرنىڭ بىرى يەنە بىر شېرىكىگە: «سەن تۈگمەننىڭ ياكى زاۋۇتنىڭ بىنالىرىنى رېمونت قىلغىن» دېگەن ۋە

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 353 ـ بەت.

ئۇ شىركەت رېمىنت قىلغان، ئاندىن ئۇنى رېمىنت قىلىشقا بۇيرۇغان شىركەت: «سېنىڭ قىلغان رېمىنتلىرىڭنىڭ ماڭا ياقمىدى» دەپ تۆگمەننىڭ ياكى زاۋۇتنىڭ بىنالىرىنى ئۆزى قايتىدىن رېمىنت قىلغان بولسا، بۇ شىركەت تۆگمەننىڭ ياكى زاۋۇتنىڭ بىنالىرىنى قايتا رېمىنت قىلىش ئۈچۈن خەجلىگەن پۇلنى يەنە بىر شىركەتدىن ئالالمايدۇ. ئۇ شىركەت تۆگمەننىڭ ياكى زاۋۇتنىڭ بىنالىرىنى قايتا رېمىنت قىلىش ئۈچۈن خەجلىگەن پۇلنى كۆڭلىدىن چىقىرىپ خەجلىگەن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، تۆگمەننىڭ ياكى زاۋۇتنىڭ بىنالىرىنى قايتا رېمىنت قىلىش ئۈچۈن پۇل خەجلىمىگەن يەنە بىر شىركەت ئەسلىدە تۆگمەننىڭ ياكى زاۋۇتنىڭ بىنالىرىنى قايتا رېمىنت قىلىش ئۈچۈن پۇل خەجلەشكە مەجبۇر قىلىنىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە شىركەتلەرنىڭ بىرى شىركەتلىكتە تەۋە قۇلغا ياكى شىركەتلىكتە تەۋە ئۇزۇملەرگە خەجلىگەن پۇلنى يەنە بىر شىركەتدىن ئالالمايدۇ. بۇلار ئۈچۈن پۇل خەجلىگەن شىركەت پۇلنى كۆڭلىدىن چىقىرىپ خەجلىگەن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، قۇلغا ياكى شىركەت ئۇزۇملەرگە پۇل خەجلىمىگەن يەنە بىر شىركەت ئۇلار ئۈچۈن پۇل خەجلەشكە مەجبۇرلىنىدۇ.

بۇ ھەقتىكى قائىدە: <شىركەتلەرنىڭ ھەممىسى قىلىشقا ئوخشاش مەجبۇرلىنىدىغان شىركەتلىكتە تەۋە بىرەر ئىشنى شىركەتلەرنىڭ بىرى يەنە بىر شىركەتنىڭ رۇخسىتىنى ئالماستىن ئۆزى پۇل خەجلەپ قىلغان بولسا، شىركەت ئۇ ئىشقا پۇلنى كۆڭلىدىن چىقىرىپ خەجلىگەن ھېسابلىنىدۇ (يەنى پۇل خەجلىگەن شىركەت پۇلنى يەنە بىر شىركەتدىن ئالالمايدۇ). ئەگەر ئۇ ئىش شىركەتلەرنىڭ ھەممىسى قىلىشقا ئوخشاش مەجبۇرلىنىدىغان ئىش بولمىغان بولسا، شىركەت ئۇ ئىشقا پۇلنى كۆڭلىدىن چىقىرىپ خەجلىگەن ھېسابلانمايدۇ> دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

يەنى شىركەتلەرنىڭ بىرى شىركەتلىكتە تەۋە نەرسىگە يەنە بىر شىركەتنىڭ (ئۇ نەرسىگە پۇل خەجلەشكە قوشۇلمىغانلىقى سەۋەبى بىلەن) ئۆز ئالدىغا پۇل خەجلەشكە مەجبۇر بولۇپ قېلىپ پۇل خەجلىگەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ نەرسىگە پۇل خەجلەشكە قوشۇلمىغان شىركەت ئۇنىڭغا پۇل خەجلەشكە مەجبۇرلىنىدىغان شىركەت بولسا، ئۇ شىركەت ئۇ نەرسىگە پۇلنى كۆڭلىدىن چىقىرىپ خەجلىگەن ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئۇ شىركەت ئۇ نەرسىگە خەجلىگەن پۇلنى يەنە بىر شىركەتدىن ئالالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىگە پۇل خەجلىگەن شىركەت ئۇنىڭغا پۇل خەجلەشكە قوشۇلمىغان شىركەتنى قازىنىڭ ئۇنى ئۇ نەرسىگە پۇل خەجلەشكە مەجبۇرلىشى ئۈچۈن قازىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارالايتتى. (لېكىن، ئۇ شىركەت ئۇنداق قىلماي ئۇ نەرسىگە پۇلنى ئۆز ئالدىغا خەجلىدى. شۇڭا ئۇ شىركەت ئۇ نەرسىگە پۇلنى كۆڭلىدىن چىقىرىپ خەجلىگەن ھېسابلىنىدۇ). ئەگەر ئۇ نەرسىگە پۇل خەجلەشكە قوشۇلمىغان شىركەت ئۇنىڭغا پۇل خەجلەشكە مەجبۇرلانمايدىغان شىركەت

بولسا، ئۇ شېرىك ئۇ نەرسىگە پۇلنى كۆڭلىدىن چىقىرىپ خەجلىگەن ھېسابلانمايدۇ. يەنى ئۇ شېرىك ئۇ نەرسىگە خەجلىگەن پۇلنى يەنە بىر شېرىكىدىن ئالىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، قول ئاستىدىكى نەرسىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەن يەرلىرىنى ئوڭشاش ۋە رېمونت قىلىش ئۈچۈن كەتكەن چىقىملارنى پەقەت يېتىم بالىغا ۋە ئۇ بالىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىگە قاراشقا ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەم، ۋەقپە قىلىنغان يەرلەرگە قاراشقا تەيىن قىلىنغان ئادەم ۋە ئۆستەڭگە ياكى قودۇققا ياكى ئىشكاپقا ياكى كېمىگە ئوخشاش شېرىكلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىش قېيىن بولىدىغان نەرسىلەردە شېرىك بولغان ئادەملەرلا بېرىشكە مەجبۇرلىنىدۇ.

ئەگەر تام ھەر بىر شېرىك ئۆزىگە تەۋە قىسمىغا نىشان قويۇپ ئۇلىدىن تەقسىم قىلىنىدىغان شەكىلدە بولىدىغان بولسا، تامنى ئوڭشاشقا شېرىكلەر مەجبۇرلانمايدۇ. بۇ ھالدا شېرىكلەرنىڭ بىرى يەنە بىر شېرىكىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ پۇل خەجلەپ تامنى ئوڭشاتقان بولسا، يەنە بىر شېرىك تامغا كەتكەن چىقىملاردىن ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان مىقدارىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر تام ئۇلىدىن تەقسىم قىلىنمايدىغان بولسا، شېرىكلەر تامنى ئوڭشاشقا مەجبۇرلىنىدۇ. بۇ ھالدا شېرىكلەرنىڭ بىرى يەنە بىر شېرىكىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ پۇل خەجلەپ تامنى ئوڭشاتقان بولسا، ئۇ شېرىك تامغا كەتكەن چىقىملاردىن يەنە بىر شېرىكىگە تېگىشلىك بولغان مىقدارىنى ئۇنىڭدىن تۆلىتىپ ئالالمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە مۇنچىغا ۋە كارۋان سارايلىرىغا ئوخشاش شېرىكلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىشقا بولمايدىغان نەرسىلەرنىڭ ھۆكمىمۇ تەقسىم قىلىشقا بولمايدىغان تامنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش.[1]

شېرىكلىككە تەۋە ئۆي يېقىلىپ كەتكەن، ئۆينى ئوڭشاشقا شېرىكلەردىن بىرى ئۇنىمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ ئۆي شېرىكلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىشقا بولىدىغان ئۆي بولسا، ئۇ شېرىك ئۆينى ئوڭشاشنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلانمايدۇ ۋە ئۆي شېرىكلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆي شېرىكلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىشقا بولمايدىغان بولسا، يەنە بىر شېرىك قازىنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئۆينى ئوڭشايدۇ ۋە ئۆيگە خەجلىگەن پۇلنى چىقىرۋېلىش ئۈچۈن ئۆينى ئىجارىگە بېرىدۇ. بۇ مۇشۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلارنىڭ بىرىدۇر.

بۇ ھەقتىكى يەنە بىر كۆز قاراش بولسا، قازى يەنە بىر شېرىككە ئۆينى ئوڭشاش ئۈچۈن رۇخسەت بېرىدۇ. ئاندىن قازى ئۆينى ئوڭشاشنى قوبۇل قىلمىغان شېرىكنى ھەتتا ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان پۇلنى بەرگەنگە قەدەر ئۆيدىن پايدىلىنىشتىن چەكلەيدۇ. بۇ ھەقتە پەتىۋا ئىككىنچى كۆز قاراش بىلەن بېرىلىدۇ.

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 3 ـ توم، 355 ـ بەت.

# خىلمۇ خىل مەسىلىلەر

§ ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنى بىر كىشىنىڭ تىجارەتكە تەڭ بولۇش شىرىكچىلىكى بىلەن شېرىك قىلغانلىقىنى دەۋا قىلغان، ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنى تىجارەتكە شېرىك قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلغان ۋە تىجارەتنىڭ پۇلى ئۇ كىشىنىڭ قولىدا بولغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمنى تىجارەتكە شېرىك قىلغانلىقىنى قەسەم قىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلغانلىقى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئۇ ئادەمگە قىلغان دەۋاسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشى ئۈچۈن پاكىت كۆرسىتىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ئادەم ئۆزىنى ئۇ كىشىنىڭ تىجارەتكە شېرىك قىلغانلىقىنى ۋە ئۇ كىشىنىڭ قولىدىكى پۇلغا ئىگە بولۇشنى دەۋا قىلىدۇ. ئەمما ئۇ كىشى بۇنىڭغا ئىنكار قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ پاكىت كۆرسىتىشى لازىم.

§ ئەگەر تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى بىلەن شېرىك بولغان ئىككى شېرىكنىڭ بىرى ئۆلۈپ قالغان، پۇل ھايات قالغىنىنىڭ قولىدا بولغان، ئاندىن ئۆلۈپ كەتكەن شېرىكنىڭ مىراسخورلىرى ئۇ شېرىكنىڭ قولىدىكى پۇلنىڭ تەڭ بولۇش شېرىكچىلىككە تەۋە ئىكەنلىككە پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، مىراسخورلارغا ئۇ پۇلدىن ھېچقانداق نەرسە بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، مىراسخورلار پاكىتنى شېرىكلەرنىڭ بىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئەمەلدىن قالدىغان بىر ئىش ئۈستىدە كۆرسەتتى. چۈنكى، بۇرۇن بىر زاماندا ئۇ ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا شىرىكچىلىكنىڭ قورۇلغانلىقى تىرىك ئادەمنىڭ قولىدىكى بار پۇلنىڭ شىركەتنىڭ پۇلى ئىكەنلىككە دەلىل بولالمايدۇ. مىراسخورلارنىڭ ھايات شېرىكنىڭ قولىدىكى پۇلنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن شېرىك ھايات ۋاقتىدىمۇ شۇ شېرىكنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى، ياكى ئۇ پۇلنىڭ شىركەتنىڭ پۇلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ پاكىت كۆرسىتىشى لازىم. ئەگەر مىراسخورلار پاكىتنى بۇ شەكىلدە كۆرسەتسە، ئۆلار ئۇ پۇلنىڭ يېرىمىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن شېرىككە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مىراسخورلار ئۆلۈپ كەتكەن شېرىككە تەۋە پۇلغا ئىگە بولىدۇ.

§ ئەگەر شېرىكلەرنىڭ بىرى ئۆلۈپ كەتكەن، شىركەتنىڭ پۇلى ئۇنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ قولىغا قالغان، مىراسخورلار ئۇ پۇلنىڭ ئۆزلىرىگە مىراس قالغانلىقىنى دەۋا قىلىپ پاكىت كۆرسەتكەن ۋە ھايات قالغان شېرىك ئۇ پۇلنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم بىلەن قورغان تەڭ بولۇش شېرىكچىلىككە تەۋە پۇل ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىپ پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، مىراسخورلارنىڭ پاكىتىغا قارىغاندا ئۇ شېرىكنىڭ كۆرسەتكەن پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ. شۇڭا پۇلنىڭ يېرىمى ئۇ شېرىككە بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ شېرىكنىڭ كۆرسەتكەن پاكىتى ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم بىلەن ئۇ شېرىكنىڭ تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكتە شېرىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ پۇلنىڭ يېرىمىنىڭ ئۇ

شېرىككە بېرىلىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

§ بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۆزئۆم بېغى سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ باغنىڭ مېۋىلىرىنى ساتقان، مېۋىلەر سېتىلغان پۇلنى ساقلاش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن بىرىگە بەرگەن، ئاندىن ئۇ كىشى ئۇ پۇلنى قۇلۇپ بىلەن ئېتىپ ساقلىنىدىغان باغنىڭ ئىچىگە كۆمۈپ قويغان ۋە كېيىن ئۇ كىشى ئۇ پۇلنى تاپالمىغان بولسا، ئۇ كىشى پەقەت قەسەم قىلىدۇ. يەنى پۇلنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ پۇلنى ئۆزىگە تەۋە يەرگە كۆمۈپ ئۈستىگە نىشان قىلىپ قويغان بولسا، ئۇ كىشى ئۇ پۇلنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى پۇلنى كۆمۈپ ئۈستىگە نىشان قىلىپ قويمىغان بولسا، پۇلنى تۆلەپ بېرىدۇ.

§ بىر ئادەم بىر كىشىگە يېرىمىنى قەرز سۈپىتىدە قىلىپ مەلۇم مىقداردا پۇل بەرگەن، ئۇ ئادەم ئۇ پۇلنىڭ ھەممىسىگە ئۇ كىشىنى شېرىك قىلغان ۋە ئۇلار بىرلىكتە ئۇ پۇلغا مال سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ كىشىدىن ئۇنىڭغا قەرز سۈپىتىدە بەرگەن پۇلنى تەلەپ قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئەگەر ئۇ كىشى تاكى مالنى سېتىپ پۇلغا ئايلاندۇرغانغا قەدەر سەۋر قىلىپ تۇرالىسا، ئۇ ئادەم قەرزگە بەرگەن پۇلنى پۇل سۈپىتىدە ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم تاكى مالنىڭ پۇلغا ئايلىنىشىغا قەدەر سەۋر قىلىپ تۇرالمىسا، ئۇ ئادەم ئەگەر رازى بولسا پۇلغا ھېسابلاپ مال ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم پۇلغا ھېسابلاپ مال ئېلىشقا رازى بولمىسا، ئۇ كىشى ئۇنىڭغا ئۇ مالدىن باشقا نەرسە بېرىدۇ، ياكى قازى ئۇ كىشىنى مالنى سېتىپ ئۇ ئادەمنىڭ پۇلنى بېرىشكە بۇيرۇيدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىگە: بۇ پۇلنىڭ **500** سومى قەرز بولسۇن ۋە **500** سومى بىلەن تىجارەت قىلغىن ۋە تىجارەتتىن ئالغان پايدائنىڭ ھەممىسى ماڭا بولىدۇ، دەپ **1000** سوم پۇل بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىگە پۇلنى ئۇ شەكىلدە بېرىشى توغرىدۇر. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ مىڭ سوم پۇل بىلەن تىجارەت قىلغان ۋە پايدا ئالغان بولسا، ئۇ پايدا ئۇلار ئارىسىدا يېرىم ـ يېرىمدىن تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەگەر تىجارەتتىن زىيان چىقسا، زىيانمۇ ئۇلارغا ئورتاق بولىدۇ. چۈنكى، **1000** سوم پۇلنىڭ يېرىمى ئۇ كىشىگە قەرز سۈپىتىدە ۋە يېرىمى تىجارەت قىلىنىدىغان مال سۈپىتىدە بېرىلدى.

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىگە **500** سومى قەرز سۈپىتىدە بولۇپ **1000** سوم پۇل بەرگەن، ئۇ ئادەم بىلەن ئۇ كىشى ئالغان پايدىنى ئورتاق ئېلىش شەرتى بىلەن **1000** سوم پۇلدا شېرىكلەشكەن بولسا، بۇ شېرىكلىشىش توغرا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ قەرز پايدا ئېلىپ كەلگەن قەرز ھېسابلانمايدۇ.[1]

§ ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدىكى شېرىك ئۇلاغقا بىر شېرىك يەنە بىر شېرىكنىڭ

(1) «ئەددۇررۇلمۇختار»، 3 ـ توم، 353 ـ بەت.

بۆيرۈقى بىلەن يۆك ئارتقان، ئاندىن ئۇلاغ يولدا يىقىلىپ چۇشۇپ كەتكەن ۋە ئۇ شېرىك ئۇلاغنى بۇغۇزلىۋاتقان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ ئۇلاغنىڭ (يىقىلىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ) ياشاش ئېھتىمالى بولسا، ئۇ شېرىك ئۇلاغنىڭ پۇلىنى تۆلەيدۇ. ئەگەر ئۇلاغنىڭ ياشاش ئېھتىمالى بولمىسا، شېرىك ئۇلاغنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئەگەر ئۇلاغنى يات ئادەم بۇغۇزلىۋاتقان بولسا، مەيلى ئۇلاغنىڭ ياشاش ئېھتىمالى بولسۇن مەيلى ياشاش ئېھتىمالى بولمىسۇن ئۇ ئادەم ئۇلاغنى تۆلەپ بېرىدۇ. شېرىكلىككە تەۋە قوينىڭ ئەھۋالىمۇ مەزكۇر ئۇلاغنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش.

§ ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا شېرىك مال بولغان، ئۇلار ئۇ مالنى ئۇلاغقا ئارتىپ يولغا چىققان، يولدا ئۇلاغ ئۆلۈپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بىرى ئۇ مالنىڭ زىيانغا ئۇچراپ كېتىشىدىن ياكى ئازىيىپ كېتىشىدىن قورقۇپ يەنە بىر شېرىكى يوق ئەھۋالدا باشقا بىر ئۇلاغ ئىجارىگە ئېلىپ مالنى ئۇنىڭغا ئارتىپ يولنى داۋام قىلغان بولسا، ئۇ كىشى كېيىن ئىجارىگە ئالغان ئۇلاغقا بەرگەن پۇلنىڭ يېرىمىنى يەنە بىر شېرىكىدىن ئالىدۇ.

§ ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا شېرىكلىككە تەۋە ئۇلاغ بولغان، ئىككى شېرىكنىڭ بىرى يوق ۋاقىتتا ئۇلاغ كېسەل بولۇپ قالغان ۋە مال دوختۇرى يەنە بىر شېرىككە: ئۇلاغنى داغلاشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى دېگەن، ئۇ شېرىك ئۇلاغنى داغلىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلاغ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ شېرىككە ئۇلاغنى تۆلەش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ شېرىك ئۇلاغنى دوختۇرنىڭ سۆزىگە ئاساسەن داغلىدى. ئەگەر ئۇ شېرىك ئۇلاغنى (دوختۇرنىڭ كۆز قارىشىنى ئالمايلا) ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپلا داغلىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلاغ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، شېرىك ئۇ ئۇلاغنى تۆلەپ بېرىدۇ.

§ ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدىكى شېرىكلىككە تەۋە قورۇدا شېرىكلەرنىڭ بىرى ئولتۇرۇپ ئۇنى ۋەيران قىلىۋاتقان بولسا، شېرىك ئۇ قورۇنى تۆلەپ بېرىدۇ.

§ ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا يېرىم - يېرىمدىن شېرىك بىر پارچە يەرگە شېرىكلەرنىڭ بىرى يەنە بىرىنىڭ رۇخسىتىسىز زىرائەت تېرىغان، ئاندىن يەنە بىر شېرىك زىرائەت ئۈنۈپ چىقىشتىن بۇرۇن ئۇ يەرگەن تېرىلغان زىرائەتنىڭ ئارىلىرىدا ئورتاق بولۇش شەرتى بىلەن يەرگە كەتكەن ئۇرۇغنىڭ يېرىمىنى يەرنى تېرىدىغان شېرىكىگە بەرمەكچى بولغان بولسا، شېرىكنىڭ ئۇرۇغنى زىرائەت ئۈنۈپ چىقىشتىن بۇرۇن بېرىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، شېرىكنىڭ ئۇنداق قىلىشى تېخى ئۈنمىگەن زىرائەتنى (يەنى يوق نەرسىنى) سېتىپ ئالغانلىق ھېسابلىنىدۇ. يوق نەرسىنى سېتىپ ئېلىش بولسا توغرا ئەمەستۇر. ئەگەر شېرىك ئۇرۇغنى زىرائەت ئۈنۈپ بولغاندىن

كېيىن بەرگەن بولسا، بۇ توغرا بولىدۇ. ئەگەر يەرگە زىرائەت تېرىمىغان شېرىك يەرنى بۆلۈشۈش ئۈچۈن يەنە بىر شېرىكتىن يەرگە تېرىدىغان زىرائەتنى يۇلۇۋېتىشنى تەلەپ قىلغان بولسا، يەرگە زىرائەت تېرىدىغان شېرىك ئۇ شېرىككە تەۋە بولىدىغان يەردىكى زىرائەتنىلا يولىۋالىدۇ ۋە زىرائەت يولىنىش جەريانىدا يەرگە كەلگەن زىياننى زىرائەتنى يولىۋېلىشنى تەلەپ قىلغان شېرىكىگە تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ شېرىك يەرنى يەنە بىر شېرىكنىڭ رۇخسىتىسىز تېرىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋېلىپ تېرىغان ھېسابلىنىدۇ.

§ شېرىكلەرنىڭ بىرى شېرىكلىككە تەۋە ئۆلاغدىكى ئۆزىگە تەۋە پېيىنى ساتقان، ئۇ ئۆلاغنى يەنە بىر شېرىكنىڭ رۇخسىتىسىزلا سېتىپ ئالغۇچىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن ۋە ئۆلاغ سېتىپ ئالغۇچىنىڭ يېنىدا تۇرۇش جەريانىدا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، يەنە بىر شېرىك ئۆلاغدىكى پېيىنى خالىسا ئۆلاغنى ساتقان شېرىكىگە تۆلۈتىدۇ، خالىسا ئۆلاغنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە تۆلۈتىدۇ. ئەگەر ئۆلاغنى ساتقان شېرىك يەنە بىر شېرىكىگە تېگىشلىك پۇلنى تۆلەپ بەرسە، ئۆلاغنىڭ يېرىمى ئۆزىگە تەۋە بولىدۇ ۋە شېرىكىگە تۆلىگەن پۇلنى ھېچقانداق كىشىدىن ئالالمايدۇ. ئەگەر ئۇ شېرىككە تېگىشلىك پۇلنى ئۆلاغنى سېتىپ ئالغان ئادەم تۆلەپ بەرسە، بۇ ئادەم ئۇ شېرىككە تۆلىگەن پۇلنى ئۆزىگە ئۆلاغنى ساتقان شېرىكتىن قايتۇرۇپ ئالىدۇ. بۇنىڭدىن ئۆلاغنى ساتقان شېرىكنىڭ يەنە بىر شېرىكىگە تېگىشلىك پۇلنى تۆلەپ بېرىشىنىڭ لازىم بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇ شېرىكنىڭ ئۆلاغنى يەنە بىر شېرىكىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆلاغنى سېتىپ ئالغۇچىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىدۇر.

§ ئەگەر ئىككى شېرىكنىڭ بىرى شېرىكلىككە تەۋە ئۆيدە مەلۇم مۇددەت ئولتۇرغان بولسا، ئەگەر ئۆي ئىجارىگە بېرىپ پۇل تېپىشقا تەييارلانغان بولسىمۇ يەنە بىر شېرىكنىڭ ئۇ شېرىكتىن ئۆينىڭ ئىجارە ھەققىنى، ياكى ئۆيدە ئۆزىنىڭ ئولتۇرۇشىنى تەلەپ قىلىش ھەققى يوق. چۈنكى ئولتۇرغۇچى ئۇ شېرىك ئۇ ئۆيدە ئۇنى ئۆزىنىڭ مۈلكى دەپ قاراپ ئولتۇرغان. شۇڭا ئۇ شېرىككە ئۆينىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش لازىم ئەمەس. ئەگەر بىر ئادەم ۋەقپە قىلىنغان ئۆيدە، ياكى يېتىم بالىغا تەۋە ئۆيدە (ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز) ئولتۇرغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ ئۆي ئۈچۈن ئۇنىڭ تەختۇشىگە بېرىلىدىغان ئىجارە ھەققى بېرىدۇ. بۇ كېيىنكى دەۋردە كەلگەن ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. بۇ كۆز قاراش بۇ ھەقتىكى ئاساسلىق قاراشتۇر.[1]

§ ئىككى شېرىك شېرىكلىككە تەۋە بىر ئىتنى ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن قويۇپ بەرگەن بولسا، ئوۋلانغان ئوۋ ئۇ ئىككى كىشى ئارىسىدا ئورتاق بولىدۇ. ئەگەر ئىت ئىككى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 357 ـ بەت.

كىشىنىڭ بىرىگە تەۋە بولغان ۋە ئۇنى ئۇۋ ئوۋلاش ئۈچۈن ئىككى كىشى بىللە قويۇپ بەرگەن بولسا، ئوۋلانغان ئوۋ ئىتنىڭ ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ.[1]

## بىرى مەبلەغ، يەنە بىرى كۈچ چىقىرىپ تۈزۈشكەن مۇئامىلىنىڭ بايانى

بۇنىڭدىن بىرى مەبلەغ يەنە بىرى كۈچ چىقىرىپ، كۈچ چىقارغان كىشى ئۇ مەبلەغ بىلەن تىجارەت قىلىپ، ئالغان پايدىنى مەلۇم مىقداردىن ئۈلۈشۈشكە تۈزۈشكەن مۇئامىلە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بۇ مۇئامىلىدە چىقىرىلغان مەبلەغ دەسلەپ ئامانەتكە قويۇلغان پۇل بولىدۇ. تىجارەت باشلانغاندا بولسا مەبلەغنىڭ ئىگىسى كۈچ چىقارغان ئادەمنى تىجارەت قىلىشقا ۋەكىل قىلغان بولىدۇ. مەبلەغنىڭ ئىگىسى بىلەن كۈچ چىقارغان ئادەمنىڭ كېلىشىمى تىجارەتتە پايدا كۆرۈلگەن ۋاقىتدا شېرىكچىلىك ۋۇجۇدقا چىققان، تىجارەت قىلغان ئادەم شەرتلەرگە خىلاپلىق قىلغان ۋاقىتدا ئۇ مەبلەغنى ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋالغانلىق، ئەگەر ئېرىشىلگەن پايدىنىڭ ھەممىسى پۇل ئىگىسىگە بېرىلىش شەرت قىلىنسا، مەبلەغ مال سوپۇتىدە ئۇ ئادەمگە بېرىلگەن ۋە ئەگەر پايدىنىڭ ھەممىسى ئۇ ئادەمگە بېرىلىش شەرت قىلىنسا، مەبلەغ ئۇ ئادەمگە قەرز سوپۇتىدە بېرىلگەن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.[2]

بۇ مۇئامىلىدە تاكى تىجارەتتە پايدا كۆرۈلمىگەنگە قەدەر شېرىكچىلىك ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. بىرى مەبلەغ، يەنە بىرى كۈچ چىقىرىپ تۈزۈشكەن مۇئامىلە ئارقىلىق قىلىنغان تىجارەتتە پايدا كۆرۈلگەن ۋاقىتدا شېرىكچىلىك ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ ئىماملىرى بۇ شېرىكچىلىكنى نورمال شېرىكچىلىكلەرنىڭ قاتارىدىن سانىمىدى. بىز يۇقىرىدا شېرىكچىلىك مەبلەغدە ۋە پايدىدا شېرىك بولۇشقا تۈزۈشكەن بىر كېلىشىمدۇر، دەپ ئۆتتۇق. ئەمما بۇ، بىرى مەبلەغ، يەنە بىرى كۈچ چىقىرىشقا تۈزۈشكەن مۇئامىلىدۇر.

ئەگەر مەبلەغنىڭ ئىگىسى كۈچ چىقارغان ئادەم بىلەن بىللە تىجارەت قىلىشنى شەرت قىلغان بولسا، بۇ شەرتكە توشمىغان مۇئامىلە ھېسابلىنىدۇ. الله تائالا خالىسا بىز بۇ ھەقتە ئالدىمىزدا توختىتىلىپ ئۆتۈمىز.

(1) «فەتھۇل قەدىر»، 5 ـ توم، 411 ـ بەت.

(2) «ئەل تەئرىفات لىلجۇرجانىي».

# بۇ مۇئامىلىنىڭ ھۆكمى

بۇ مۇئامىلە مۇنداق تۆت تۈرلۈك بولىدۇ:

1 - تىجارەت باشلانغاندا مەبلەغنىڭ ئىگىسى كۈچ چىقارغان ئادەمنى تىجارەت قىلىشقا ۋەكىل قىلغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا كۈچ چىقارغان ئادەم ئەگەر تىجارەتتە بىرەر زىيانغا ئۇچرىسا، زىياننىڭ چىقىمىنى مەبلەغنىڭ ئىگىسىدىن ئالىدۇ.

2 - مەبلەغنىڭ ئىگىسى بىلەن كۈچ چىقارغان ئادەمنىڭ كېلىشىمى تىجارەتتە پايدا كۆرۈلگەن ۋاقىتدا ئاندىن شېرىكچىلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

3 - كۈچ چىقىرىپ تىجارەت قىلغان ئادەم ئۇ شېرىكچىلىكتە تۈزۈشكەن شەرتلەرگە خىلاپلىق قىلغان ۋاقىتدا، مەبلەغنى ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋالغۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كۈچ چىقارغان ئادەم شەرتلەرگە خىلاپلىق قىلىش ئارقىلىق مەبلەغنى ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋالغان ھېسابلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئەگەر مەبلەغنىڭ ئىگىسى يەنىلا ئۇ ئادەمنىڭ يەنە تىجارەتنى داۋام قىلىۋېرىشكە رۇخسەت قىلسا، تىجارەتتىن ئېلىنغان پايدىنى كۈچ چىقارغان ئادەم ئالىدۇ. لېكىن، ئۇ پايدا ھەر ئىككى تەرەپكە ھالال بولمايدۇ.

4 - بۇ مۇئامىلە ئەگەر شەرتىگە توشماي قالسا، شەرتىگە توشمىغان ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھالدا تىجارەتتىن ئېلىنغان پايدا كۈچ چىقارغان ئادەمگە بېرىلمەيدۇ. بەلكى ئۇ ئادەمگە مەيلى تىجارەتتىن پايدا ئېلىنسۇن مەيلى ئېلىنمىسۇن ئۇنىڭ تەختۇشىگە بېرىلگەن ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققى مەزكۇر مۇئامىلىگە كېلىشىم تۈزۈشكەن ۋاقىتدا ئۇنىڭغا بېرىلىش شەرت قىلىنغان ئىش ھەققى مىقدارىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللّٰه تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) لارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام مۇھەممەد، ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد قاتارلىقلار بۇ ھەقتە ئۇ ئىككى ئىمامنىڭ قارىشىغا قېتىلمايدۇ. ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشىچە، ئۇ ئادەمنىڭ تەختۇشىنىڭ ئىش ھەققىنىڭ مىقدارى مەيلى ئۇنىڭغا بېرىلىش شەرت قىلىنغان ئىش ھەققىنىڭ مىقدارىدىن ئېشىپ كەتسۇن مەيلى ئېشىپ كەتمىسۇن ئۇنىڭغا ئۇنىڭ تەختۇشىگە بېرىلگەن ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر شەرتىگە توشمىغان مەزكۇر مۇئامىلىدە پايدا ئېلىنمىسا، ھەتتا شەرتىگە توشمىغان مۇئامىلىنىڭ شەرتىگە توشقان مۇئامىلىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە ئۇنىڭ تەختۇشىگە بېرىلگەن ئىش ھەققى بېرىلمەيدۇ» دېدى. ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ: «ئۇ ئادەمگە ئۇنىڭ تەختۇشىگە بېرىلگەن

ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققى مەزكۇر مۇئامىلىگە كېلىشىم تۈزۈشكەن ۋاقىتتا ئۇنىڭغا بېرىلىش شەرت قىلىنغان ئىش ھەققى مىقدارىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم» دېگەن سۆزى تىجارەتتىن پايدا ئېلىنغان ھالەتكە خاستۇر. ئىمام مۇھەممەدنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزى ئومۇمىيدۇر.

ئەگەر بىر كىشى مەزكۇر مۇئامىلە سۈپىتىدە بىر ئادەمگە مەلۇم مىقداردا مال بەرگەن ۋە ئۇ ئادەمگە: «بۇ ماللارنى ساتقىن چىققان پايدىنى ئارىمىزدا ئۈچكە بۆلۈمىز (ئىككى قىسمىنى مەن ۋە بىر قىسمىنى سەن ئالغىن)» دېگەن ۋە ئۇ ئادەم ئۇ ماللارنى زىيىنىغا ساتقان بولسا، ئۇ مۇئامىلە توغرا بولمىغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمگە ئۇنىڭ تەختۈشىگە بېرىلگەن ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققى مەزكۇر مۇئامىلىدە كېلىشىم تۈزۈشكەن ۋاقىتتا ئۇنىڭغا بېرىلىش شەرت قىلىنغان پايدىنىڭ مىقدارىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم.

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىگە: «بۇنىڭ بىلەن تىجارەت قىلغىن، چىققان پايدىنى ئارىمىزدا يېرىم ـ يېرىمدىن بۆلۈشەيلى» دەپ ئۇنىڭغا مەلۇم مىقداردا مال بەرگەن ۋە ئۇ كىشى ئۇ مالنى ساتقان، لېكىن سودىدىن زىيان چىققان بولسا، زىيان ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ كىشىدىن زىياننى تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان، ئاندىن ئۇ كىشى زىياننى تۆلەپ بېرىشكە ئۇ ئادەم بىلەن كېلىشكەن بولسا، ئۇ كىشىگە زىياننى تۆلەپ بېرىش لازىم بولمايدۇ. ئەگەر ئۈچىنچى بىر ئادەم ئۇ كىشىنىڭ ئورنىدا زىياننى تۆلەپ بېرىشكە كېپىل بولغان بولسا، بۇ كېپىللىك توغرا بولمىغان كېپىللىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ ماللارنى ساتقان پۇل بىلەن تىجارەت قىلىپ پايدا تاپقان بولسا، پايدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كېلىشكەن شەرت بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىش باشتا بىرى مەبلەغ، يەنە بىرى كۈچ چىقىرىپ تۈزۈشكەن مۇئامىلە ئەمەس ماللارنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ كىشىنى ماللارنى سېتىشقا ۋەكىل قىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ماللار سېتىلىپ پۇلغا ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن بۇ ۋەكىللىك بىرى مەبلەغ، يەنە بىرى كۈچ چىقىرىپ تۈزۈشكەن شېرىكچىلىككە ئايلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ كىشىگە تىجارەتتە كۆرۈلگەن زىياننى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ كىشى ۋەكىللىك سۈپىتى بىلەن ئىشەنچلىك كىشى ھېسابلىنىدۇ. ماللار سېتىلىپ پۇلغا ئايلانغاندىن كېيىن ئۇ كىشى كۈچ چىقىرىپ تىجارەت قىلغان كىشىگە ئايلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا تىجارەتتىن ئېلىنغان پايدا كېلىشكەن شەرت بويىچە تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ.[1]

بىرەر يېتىم بالىنىڭ مال ـ مۈلكىگە قاراشقا تەۋسىيە قىلىنغان ئادەمنىڭ ئالغان

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 484 ـ بەت.

پايدىنى مەلۇم مىقداردىن بۆلۈشۈشكە يېتىم بالا بىلەن كېلىشىپ يېتىمنىڭ مال ـ مۈلكى بىلەن تىجارەت قىلىشى توغرىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ئادەمنىڭ يېتىمنىڭ مۈلكىنى يېتىمنىڭ ئورنىدا مەزكۇر مۇئامىلە بىلەن بىر كىشىگە بېرىشىمۇ توغرىدۇر.

ئەگەر يېتىمنىڭ مۈلكىگە قاراشقا تەۋسىيە قىلىنغان ئادەم يېتىمنىڭ مۈلكىنى مەزكۇر مۇئامىلە بىلەن (مەسىلەن: مەن بۇ قېتىمدىكى تىجارەتتىن كۆرۈلگەن پايدىدىن 100 سوم ياكى 200 سوم ئالىمەن دېگەنگە ئوخشاش) شەرتىگە توشمىغان ھالەتتە كېلىشىپ قولىغا ئېلىپ تىجارەت قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمگە ھېچنەرسە بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنداق قىلىش ئۇ ئادەم ئۆزىنى يېتىم بالىغا ئىجارىگە بەرگەن ھېسابلىنىدۇ ۋە بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەستۇر.

مەزكۇر مۇئامىلىدە خۇددى توغرا بولغان مۇئامىلىدىكى كۈچ چىقارغان ئادەمگە ئوخشاش شەرتىگە توشمىغان مۇئامىلىدىكى كۈچ چىقارغان ئادەمگىمۇ قولىغا ئالغان مەبلەغنى (ئەگەر يوقۇپ كەتسە ياكى زىيانغا ئۇچراپ كەتسە) تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى ئارتىلمايدۇ. چۈنكى، بۇ مۇئامىلىدە كۈچ چىقارغان ئادەم ئىشەنچىلىك دەپ قارىلىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم تىجارەتتىن ئېلىنغان پايدىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولۇش شەرتى بىلەن بىر كىشىگە مەبلەغ بەرگەن بولسا، مەبلەغ ئۇ كىشىگە مال سۈپۈتىدە بېرىلگەن بولىدۇ. ئۇ كىشى ئۇ ئادەم ئۈچۈن ھەقسىز ئىشلەپ بېرىدىغان ۋەكىل ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە تىجارەتتىن ئېلىنغان پايدىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇ كىشىگە تەۋە بولۇش شەرتى بىلەن مەبلەغ بەرگەن بولسا، مەبلەغ ئۇ كىشىگە قەرز سۈپۈتىدە بېرىلگەن بولىدۇ.

## مەزكۇر مۇئامىلىنىڭ ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ جازانە ئارىلاشمىغان شەكىلدە راۋاجلىنىشىدىكى مۇھىملىقى

بىرى مەبلەغ، يەنە بىرى كۈچ چىقىرىپ تۈزۈشكەن مۇئامىلە ئىسلام شەرىئەتىدە چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. چۈنكى، بۇ مۇئامىلىنىڭ ئىسلام ئىقتىسادىنىڭ جازانە ئارىلاشمىغان شەكىلدە راۋاج تېپىشى ئۈچۈن ئوينىغان رولى چوڭدۇر. چۈنكى، بۇ مۇئامىلىنىڭ ۋاستىسى بىلەن مەبلەغ ئىگىلىرى جازانە مۇئامىلىسى قىلىدىغان بانكىلارغا ئۇسۇمگە پۇل قويۇشتىن قۇتۇلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە كىشىلەر بانكىلاردىن ئۇسۇمگە قەرز ئېلىشتىن قۇتۇلىدۇ. بۇ مەبلەغ ئىگىلىرىنىڭ ئورنىدا، تىجارەت

قىلىدىغان كىشىلەرگە مەبلەغ تارقىتىدىغان ئىسلامىي بانكى قورۇپ چىقىش بىلەن بولىدۇ. بۇ بانكا مەبلەغ ئىگىلىرىدىن پۇل ئېلىپ كىشىلەرگە تارقىتىپ خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن پايدىدىن مەلۇم مىقداردا ئۆزى ئېلىپ قالىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ مەبلەغ ئىگىلىرىنىڭ ئورنىدا ئۇ مەبلەغ بىلەن تىجارەت قىلىشى ئىسلام قانۇنىدا بىرى مەبلەغ، يەنە بىرى كۈچ چىقىرىپ تۈزۈشكەن مۇئامىلىسى دەپ ئاتىلىدۇ. بىر قىسىم فىقھىشۇناسلار: ئۇنى قەرز بېرىپ تۇرۇش، دەپ ئاتايدۇ. گەرچە بۇ باشقا ـ باشقا ئىسىم بىلەن ئاتالسىمۇ ئەمما ماھىيىتى بىردۇر.

الله تائالا ئىنسانلارنى چۈشەنچە ـ تەپەككۇردا، قابىلىيەت ـ ئىقتىداردا پەرقلىق قىلىپ ياراتتى. الله تائالا ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى باي بەزىلىرىنى پېقىر، بەزىلىرىنى كۈچلۈك بەزىلىرىنى ئاجىز، بەزىلىرىنى ئەقىل ئىگىسى بەزىلىرىنى ساراڭ، بەزىلىرىنى ئويلاش ۋە تەدبىر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بەزىلىرىنى ئىشنى ئەپلەشتۈرۈپ قىلالمايدىغان ئىقتىدارسىز، بەزىلىرىنى تىجارەت قىلىش ئۈچۈن ئۇ يەر بۇ يەرگە بارالايدىغان، بەزىلىرىنى ئۇنداق قىلالمايدىغان، بەزىلىرىنى تىجارەتكە ئېپى بار بەزىلىرىنى تىجارەتكە ئەپى يوق ۋە بەزىلىرىنى قوللىرىدىكى مال ـ دۇنيانى گۈللەندۈرەلەيدىغان قىلىپ ياراتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى مەبلەغ ئىگىلىرى پۇلىنى تىجارەت قىلالايدىغان ئادەمگە بېرىش ئارقىلىق ئاۋۇتىشى ئۈچۈن مەزكۇر مۇئامىلىنى يولغا قويدى. شۇنىڭدەك يەنە بۇ مۇئامىلىدىن يېتىم باللارمۇ مال ـ دۇنياسىنى تىجارەتكە سېلىپ قويۇش ئارقىلىق پايدىلىنالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن يېتىملارنىڭ مال ـ مۈلكى زاكات تەرىپىدىن تۈگىتىۋېتىلمەي ساقلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر (يېتىم باللارنىڭ مال ـ مۈلكىگە زاكات كېلىپ) تاكى زاكات ئۇلارنىڭ مۈلكىنى تۈگىتىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن يېتىملارنىڭ مال ـ مۈلكىدە (الله تائالانىڭ رىزقىنى) تەلەپ قىلىڭلار (يەنى ئۇلارنىڭ ماللىرىنى تىجارەتكە سېلىڭلار).» دېگەن.

مەزكۇر مۇئامىلىنىڭ يولغا قويۇلىشى يېتىملار، ئەقلى ئاجىزلار، ياشىنىپ قالغان كىشىلەر، تىجارەت قىلىشقا ئېپى يوق ئىنسانلار ۋە تۇل قالغان ئاياللار ئۈچۈن بەك پايدىلىقتۇر. چۈنكى، بۇ كىشىلەر مەزكۇر مۇئامىلە ئارقىلىق مەبلەغلىرىنى تىجارەتكە قوشۇپ كۆپەيتەلەيدۇ ۋە ماللىرىنى تۈگەپ كېتىشتىن ساقلاپ قالالايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە مەزكۇر مۇئامىلە كۈچى بار ئەمما مەبلەغى يوق كىشىلەر ئۈچۈنمۇ پايدىلىقتۇر.

مەزكۇر مۇئامىلە تىرىكچىلىكنىڭ ئاساسى، ئىقتىسادنىڭ تۈۋرۈكى ۋە ئىنسانلارنىڭ پايدا ئېلىش يولى بولغان تىجارەتنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ۋاستىدۇر.

شۇنىڭدەك يەنە ئۇستازىم مۇھەممەد ئەلھامىد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت

قىلسۇن!) مۇ مەزكۇر مۇئامىلە بىلەن جازانىخورلۇقنىڭ ئارىسىنى سېلىشتۇرغان ۋاقتىدا ئۇ مەنانى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: «ئىسلام دىنىنىڭ جازانىخورلۇققا قارىتا قاتتىق مۇئامىلە قىلىشى جازانىخورلۇقنى يەر يۈزىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل يوقۇتۇش ۋە زېمىننى جازانىخورلۇقتىن پاكلاش نىشانى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، جازانىخورلۇق ئىنسانلارنىڭ قېنىنى شوراش ۋە ئۇلارنىڭ كۈچىدىن بەدەلسىز پايدىلىنىشتۇر. ئەسلىدە بىرەر ئىشتىن كەلگەن پايدا ئىشلەش، تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ۋە بەدەل تۆلەش يوللىرى بىلەن بولىدۇ. ئەمما مەزكۇر مۇئامىلىگە مەبلەغ سېلىش جازانىخورلۇققا مەبلەغ سېلىشقا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، مەزكۇر مۇئامىلىدە ئەگەر پايدا كۆرۈلسە، بۇ پايدىدىن ھەممە شېرىكلەر پايدىلىنىدۇ. ئەگەر شېرىكچىلىكتە زىيان كۆرۈلسە، بۇ زىيان پەقەت مەبلەغنىڭ ئىگىسىگە يۈكلىنىدۇ. ئەمما جازانىخورلۇق ئۈچۈن مەبلەغ بېرىش بولسا، تىجارەتنىڭ روھىنى ئۆلتۈرىدىغان، ھاياتتىكى ھەرىكەتنى كاساتلاشتۇرىدىغان ۋە ئىنسانلارنىڭ دىللىرىنى زەھەرلەيدىغان بىر زەھەردۇر. الله تائالا بىزنى بۇنىڭدىن ساقلىسۇن. ئامىن!

# بىرى مەبلەغ، يەنە بىرى كۈچ چىقىرىپ تۈزۈشكەن مۇئامىلىنىڭ شەرتلىرى

مەزكۇر مۇئامىلىنىڭ مۇنداق يەتتە خىل شەرتى بار:

1 ـ مۇئامىلىگە سېلىنغان دەسمايە پۇل بولۇشى لازىم. ئەگەر دەسمايە (قوي ـ كالىغا ۋە رەختكە ئوخشاش) مال بولغان، ئاندىن بۇ ماللار سېتىلىپ پۇلغا ئايلاندۇرۇلغان بولسا، يەنە ئۇ مۇئامىلە توغرا بولىدۇ.

2 ـ دەسمايىنىڭ مىقدارى ھەر ئىككى تەرەپكە ئېنىق بولۇشى لازىم. ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىگە: «يېرىمى (ساڭا قەرز سۈپىتىدە بېرىلگەن بولسۇن)، يېرىمى بىلەن تىجارەت قىلغىن، چىققان پايدىنى يېرىمدىن بۆلۈشەيلى» دەپ 1000 سوم بەرگەن بولسا، بۇنداق قىلىش توغرىدۇر. بۇ مەسىلە بىر كىشىگە، ئۇنىڭغا بېرىلگەن پۇلنىڭ ئىچىدىن مۇنچىلىكى ساڭا بېرىلگەن قەرز، دەپ قەرز بېرىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەگەر بىر كىشىگە يېرىمى قەرز سۈپىتىدە ۋە يېرىمى بىلەن تىجارەت قىلىشى ئۈچۈن 1000 سوم بېرىلسە، 1000 سوم پۇلنىڭ يېرىمى قەرزنىڭ ھۆكمىنى ۋە يېرىمى مەزكۇر مۇئامىلىنىڭ ھۆكمىنى ئالىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىگە: «يېرىمى (ساڭا قەرز سۈپىتىدە بېرىلگەن بولسۇن)،

يېرىمى بىلەن تىجارەت قىلغىن، چىققان پايدىنىڭ ھەممىسى ماڭا تەۋە بولسۇن» دەپ 1000 سوم بەرگەن بولسا، بۇنداق قىلىشمۇ توغرا، لېكىن مەكرۇھتۇر[1]. چۈنكى، ئۇ بۇ ھالدا مەنپەئەت ئېلىپ كەلگەن قەرز بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە: «يېرىمى (ساڭا قەرز سۈپىتىدە بېرىلگەن بولسۇن)، يېرىمى بىلەن تىجارەت قىلغىن، چىققان پايدا يېرىم - يېرىمدىن بولسۇن» دەپ 1000 سوم بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ شۇنداق قىلىشى توغرىدۇر. بۇنىڭ مەكرۇھ ياكى مەكرۇھ ئەمەسلىكى ھەققىدە بىر نەرسە دېيىلمىگەن. بەزى ئالىملار: «ئىمام مۇھەممەدنىڭ بۇ مەسىلە ھەققىدە بىر نەرسە دېمىگەنلىكى ئۇنىڭ مەكرۇھ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ» دېدى. <ئەلخانىيە> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: بىر ئادەم بىر كىشىگە: «يېرىمى (ساڭا قەرز سۈپىتىدە بېرىلگەن بولسۇن)، يېرىمى بىلەن تىجارەت قىلغىن، چىققان پايدىنىڭ ھەممىسى ماڭا تەۋە بولسۇن» دەپ 1000 سوم بەرگەن، ئاندىن ئۇلار چىققان پايدىنى تەڭ ئۈلۈشكەن، ئەگەر زىيان كۆرۈلگەن بولسا، زىياننى تەڭ كۆتۈرۈشكەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىگە پۇلنى ئۇ شەكىلدە بېرىشى توغرىدۇر، مەكرۇھ ئەمەستۇر. چۈنكى، ئۇ كىشى پۇلنىڭ يېرىمىنى قەرز سۈپىتىدە، يېرىمىنى بولسا مەزكۇر مۇئامىلە سۈپىتىدە تاپشۇرۇپ ئالدى. بىر قىسىم ئالىملار: «بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىگە پۇلنى ئۇ شەكىلدە بېرىشى مەكرۇھ بولىدۇ» دەيدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىگە: «يېرىمى ساڭا سوۋغات سۈپىتىدە بېرىلگەن بولسۇن، يېرىمى بىلەن تىجارەت قىلغىن، چىققان پايدىنى يېرىمدىن بۆلۈشەيلى» دەپ 1000 سوم بەرگەن ۋە ئۇ كىشى 1000 سوم پۇلدىن (سوۋغات سۈپىتىدە بېرىلگەننى ئايرىم ۋە تىجارەت ئۈچۈن بېرىلگەننى ئايرىم تاپشۇرۇپ ئالماستىن) ھەممىسىنى بىراقلا تاپشۇرۇپ ئالغان بولسا، ئۇ سوۋغات شەرتىگە توشمىغان سوۋغات ھېسابلىنىدۇ. ئەمما شېرىكلىشىشنىڭ ئۆزى توغرا بولىدۇ. ئۇ كىشى مەيلى تىجارەتنى باشلاشتىن بۇرۇن بولسۇن مەيلى كېيىن بولسۇن ئەگەر 1000 سوم پۇل ئۇ كىشىنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا يوق بولۇپ كەتكەن، ياكى يۇتۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ كىشى 1000 سوم پۇلدىن ئۆزىگە سوۋغات سۈپىتىدە بېرىلگەن 500 سومنىلا تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ مەسىلە، شەرتىگە توشمىغان سوۋغات ئارقىلىق بېرىلگەن نەرسىنىڭ (ئەگەر يۇتۇپ كەتسە) تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېچىگە كىرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەگەر مەبلەغنىڭ ئىگىسى بىلەن كۈچ چىقارغان ئادەم مەبلەغنىڭ مىقدارى ۋە سۈپىتى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان بولسا، كۈچ چىقارغان ئادەمنىڭ قەسەم قىلىپ تۇرۇپ دېگەن سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر مەبلەغنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدا پاكىتى بولسا، بۇ ھالدا مەبلەغنىڭ ئىگىسىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

---

(1) بۇ ھەقتە يەنە بىر رىۋايەت بولۇپ ئۇ رىۋايەت: ئۇنداق قىلىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى ۋە مەكرۇھ بولمايدىغانلىقىنى، دەيدۇ.

بىرەر ئادەمنىڭ ئۈستىدىكى قەرزنى مەزكۇر مۇئامىلىگە دەسمايىگە سېلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئەگەر ئۇ قەرز بۇ مۇئامىلىدە كۈچ چىقارماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئۈستىدە بولسا، بۇ ھالدا قەرزنى مەزكۇر مۇئامىلە ئۈچۈن دەسمايىگە سېلىش توغرىدۇر. ئەگەر قەرز ئۈچىنچى بىر كىشىنىڭ ئۈستىدە بولغان بولسا، مەسىلەن: مەبلەغنىڭ ئىگىسى كۈچ چىقارماقچى بولغان ئادەمگە: «سەن پالانى كىشىدىكى قەرز پۇلنى ئېلىپ تىجارەت قىلغىن، چىققان پايدىنى يېرىمدىن بۆلۈشەيلى» دېگەن ۋە ئۇ ئادەم ئۇ كىشىدىكى قەرز پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ تىجارەت قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ قەرز پۇلنى دەسمايىگە سېلىش توغرا، لېكىن مەكرۇھتۇر. بۇنىڭ مەكرۇھ بولۇشىدىكى سەۋەب بولسا، پۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ شېرىكچىلىك ۋۇجۇدقا چىقىشتىن بۇرۇن ئالىدىغان پايدىنى ئالدىن شەرت قىلىشىدۇر.

ئەگەر مەبلەغنىڭ ئىگىسى بىر ئادەمگە: «سەن پالانى كىشىدىكى قەرز پۇلنى ئېلىپ تىجارەت قىلغىن، چىققان پايدىنى يېرىمدىن بۆلۈشەيلى» دېگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قەرزداردىن قەرز پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئالمىغىچە تىجارەتنى باشلىشى توغرا ئەمەس.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمگە: «سەن مېنىڭ نانىمدا نېسىگە بىر نەرسە سېتىۋالغىن، ئاندىن ئۇ نەرسىنى ساتقىن، ئۇنىڭ پۇلى بىلەن تىجارەت قىلغىن، چىققان پايدىنى مەلۇم مىقداردىن بۆلۈشەيلى» دېگەن ۋە ئۇ ئادەم شۇنداق قىلغان بولسا، توغرا بولىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم مال ـ مۈلكىنى ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋالغان، ياكى مال ـ مۈلكى قېشىدا ئامانەتكە قويۇپ قويۇلغان كىشىگە: «سەن قولۇڭدىكى ماڭا تەۋە مۈلۈك بىلەن تىجارەت قىلغىن، چىققان پايدىنى يېرىمدىن بۆلۈشەيلى» دېگەن بولسا، بۇنداق قىلىشمۇ توغرىدۇر.

بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن مەسىلىلەردىن ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمگە (بوغداي ـ قوناققا ئوخشاش) مال بېرىپ ئۇنى سېتىپ ئۇنىڭ پۇلى بىلەن تىجارەت قىلغىن، چىققان پايدىنى مەلۇم مىقداردىن بۆلۈشەيلى» دېگەن بولسا، بۇنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ، ماللاردا مەزكۇر شەكىلدە مۇئامىلە تۈزۈشۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ھىلىدۇر.

ئىمام خەسساپ (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ماللاردا مەزكۇر شەكىلدە مۇئامىلە تۈزۈشۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان باشقا بىر ھىلىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «مالنىڭ ئىگىسى مېلىنى ئىشەنچلىك بىر كىشىگە سېتىپ پۇلىنى بىر ئادەمگە مەزكۇر مۇئامىلە بىلەن بېرىدۇ. ئاندىن بۇ ئادەم سېتىلغان مالنى ئۇ كىشىدىن تەكرار سېتىپ ئالىدۇ.»

3 ـ دەسمايىگە سېلىنغان مەبلەغ ئېنىق بولۇش لازىم. بۇ شەرت بىلەن ئىككىنچى شەرت بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ قالىدۇ.

4 ـ دەسمايە كۆچ چىقارغان ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرىلىشى لازىم. شۇنداق قىلىنغان ۋاقىتدا ئۇ ئادەم دەسمايە بىلەن خالىغان شەكىلدە تىجارەت قىلالايدۇ. ئەمما بۇ مۇئامىلىدىن باشقا شېرىكچىلىكتە شېرىكلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە دەسمايىنى تاپشۇرۇشى شەرت ئەمەس. چۈنكى، ئۇنىڭدىن باشقا شېرىكچىلىكلەردە شېرىكلەرنىڭ هەر بىرى تىجارەتكە ئۆزى قېتىلىدۇ. بىرى مەبلەغ، يەنە بىرى كۆچ چىقىرىپ تۈزۈشكەن مۇئامىلىدە ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى كۆچ چىقارغان ئادەم بىلەن بىللە تىجارەت قىلىدىغانلىقىنى شەرت قىلسا، مەبلەغ ئىگىسى مەيلى ئەقلى ـ هۇشى جايىدا كىشى بولسۇن مەيلى ئۇنداق بولمىسۇن ئۇ مۇئامىلە توغرا بولمايدۇ. مەسىلەن: بىر دادا كىچىك بالىسىنىڭ مۈلكىنى بىر ئادەمگە مەزكۇر مۇئامىلە بىلەن تىجارەت قىلىشقا بەرگەن ۋە تىجارەتكە كىچىك بالىنىڭمۇ قېتىلىدىغانلىقىنى شەرت قىلغان بولسا، بۇ مۇئامىلە توغرا بولمىغان بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئەگەر يېتىم بالىغا قارايدىغان بىر كىشى يېتىم بالىنىڭ مۈلكىنى بىر ئادەمگە مەزكۇر مۇئامىلە بىلەن بەرگەن ۋە تىجارەتكە يېتىم بالىنىڭمۇ قېتىلىدىغانلىقىنى شەرت قىلغان بولسا، بۇ مۇئامىلە توغرا بولمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر تەڭ بولۇش شېرىكچىلىكى ۋە مالنىڭ مەلۇم مىقداردا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكى بىلەن شېرىكلەشكەن شېرىكلەرنىڭ بىرى مۈلكىنى مەزكۇر مۇئامىلە بىلەن بىر ئادەمگە بەرگەن ۋە تىجارەتكە ئۆزىنىڭ يەنە بىر شېرىكىنىڭ قېتىلىدىغانلىقىنى شەرت قىلغان بولسا، ئۇ مۇئامىلە شەرتىگە توشمىغان مۇئامىلە هېسابلىنىدۇ.

5 ـ ئېلىنغان پايدىنىڭ تەقسىم قىلىنىشى (يۈزدىن مۇنچىسى ماڭا ۋە مۇنچىسى ساڭا) دېگەنگە ئوخشاش ئومۇمىي شەكىلدە بولۇشى لازىم. ئەگەر ئىككى تەرەپنىڭ بىرى (بۇ قېتىمدىكى تىجارەتتىن مەن **100** سوم ئالىمەن، دېگەنگە ئوخشاش) ئالىدىغان پايدىنىڭ مىقدارىنى ئېنىق تەيىن قىلسا، بۇ شېرىكچىلىك شەرتىگە توشمىغان هېسابلىنىدۇ.

6 ـ شېرىكلەشكەن ۋاقىتدا هەر ئىككى شېرىكنىڭ پايدىدىن ئالىدىغان پېيىنىڭ مىقدارى ئېنىق بولۇشى لازىم.

7 ـ كۆچ چىقارغان ئادەمگە بېرىلىدىغان پاي سېلىنغان دەسمايىدىن ئەمەس پايدىدىن بولۇشى لازىم. ئەگەر مەبلەغنىڭ ئىگىسى كۆچ چىقارغان ئادەمگە ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان پېيىنى دەسمايىدىن ياكى دەسمايە بىلەن پايدىدىن بېرىشنى شەرت قىلسا، ئۇ شەرتىگە توشمىغان مۇئامىلە هېسابلىنىدۇ. كۆچ چىقارغان ئادەمگە

بېرىلىدىغان پايدىنىڭ نامەلۇملىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان[1]، ياكى مۇئامىلىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان ھەر قانداق شەرت مەزكۇر مۇئامىلىنى بۇزىدۇ. ئەگەر شەرت كۈچ چىقارغان ئادەمگە بېرىلىدىغان پايدىنىڭ نامەلۇملىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارمىسا، ياكى مەزكۇر مۇئامىلىنى ئەمەلدىن قالدۇرمىسا، شەرتنىڭ ئۆزى ئەمەلدىن قالىدۇ. مەسىلەن: مەبلەغنىڭ ئىگىسى تىجارەتتىن چىققان زىياننى كۈچ چىقارغان ئادەمنىڭ تۆلەپ بېرىشىنى شەرت قىلغان بولسا، بۇ شەرت ئەمەلدىن قالىدۇ ۋە مۇئامىلە توغرا بولىدۇ. بۇ مۇئامىلىنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئۇ مۇئامىلىنىڭ ۋەكىللىككە قىياس قىلىنغانلىقىدۇر. ئەگەر كۈچ چىقارغان ئادەم مۇئامىلىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى دەۋا قىلسا، مەبلەغ ئىگىسىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى مۇئامىلىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى دەۋا قىلسا، كۈچ چىقارغان ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەسلىدە مۇئامىلىنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى كۈچ چىقارغان ئادەمگە: «مەن ساڭا ئون سوم كەم پايدىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى بېرىشنى شەرت قىلغان» دېگەن ۋە كۈچ چىقارغان ئادەم: «سەن ماڭا پايدىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى تولۇق بېرىشنى شەرت قىلغان» دېگەن بولسا، گەرچە مەبلەغ ئىگىسىنىڭ قىلغان دەۋاسى مۇئامىلىنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارسىمۇ مەبلەغ ئىگىسىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، مەبلەغ ئىگىسى كۈچ چىقارغان ئادەم دەۋا قىلىپ تەلەپ قىلغان **10** سوم ئارتۇق پۇلنى ئىنكار قىلىدۇ.[2]

# كۈچ چىقارغان ئادەمنىڭ تەسەررۇپلىرىنىڭ بايانى

ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى كۈچ چىقارغان ئادەمگە: «سەن بۇ مەبلەغ بىلەن پالانى يەردە ياكى پالانى چاغدا تىجارەت قىلىسەن» دەپ شەرت قويمىغان بولسا، كۈچ چىقارغان ئادەم ئۇ مەبلەغ بىلەن سېتىپ ئالغان نەرسىنى خالىسا نەق پۇلغا، خالىسا نېسىگە، خالىسا شەرتىگە توشمىغان سودا بىلەن ساتالايدۇ. گەرچە ئۇ ئادەمنىڭ مالنى شەرتىگە توشمىغان سودا بىلەن سېتىشى توغرا بولمىسىمۇ ئەگەر ئۇ ئادەم نەرسىنى شەرتىگە توشمىغان سودا بىلەن ساتسا، مەبلەغنىڭ ئىگىسى بىلەن تۈزۈشكەن شەرتكە خىلاپلىق

---

(**1**) مەسىلەن: مەبلەغنىڭ ئىگىسى كۈچ چىقارغان ئادەمگە: «سەن ئېلىنغان پايدىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى، ياكى يېرىمىنى ياكى تۆتتىن بىرىنى ئالىسەن» دېگەن يەنى ئۇلارنىڭ بىرىنى تەيىن قىلماي پايدا چىققاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىرىنى ئالىدىغانلىقىنى دېگەن بولسا، بۇ شەرت ئۇ مۇئامىلىنى بۇزىدۇ. ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى: «ئۇلارنىڭ ئىچىدىن مەسىلەن: سەن ئېلىنغان پايدىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئالىسەن» دېگەنگە ئوخشاش پەقەت بىرىنىلا دېگەن بولسا، بۇ شەرت مۇئامىلىنى بۇزمايدۇ. ت.

(**2**) «رەددۇلمۇھتار»، **4** ـ توم، **484** ـ بەت.

قىلغان بولمايدۇ. مەبلەغ ئۇنىڭ قولىدا ئامانەت سۈپىتىدە تۇرۇش ھالىتىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم مالنى توغرا بولمىغان سودا بىلەن ساتالمايدۇ.

كۆچ چىقارغان ئادەم خۇددى تىجارەت قىلىش ھەققىگە ئىگە بولغىنىدەك باشقا بىرىنى بىرەر نەرسە سېتىپ ئېلىشقا ياكى سېتىشقا ۋەكىل قىلىش ھەققىگىمۇ ئىگە بولالايدۇ. كۆچ چىقارغان ئادەم تىجارەتنى ئايالى، ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا بولغان چوڭ بالىسى ۋە ئاتا ـ ئانىسى قاتارلىقلاردىن باشقا ھەممە كىشى بىلەن قىلالايدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «كۆچ چىقارغان ئادەم تىجارەتنى ھەممە كىشى بىلەن قىلالايدۇ. كۆچ چىقارغان ئادەم شىركەتنىڭ نامىدىن بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە قويالايدۇ ۋە گۆرۈگە ئالالايدۇ» دەيدۇ.

ئەگەر كۆچ چىقارغان ئادەم (خورمىغا، ياكى ئالمىغا ئوخشاش) مېۋە دەرەخلىرىنى چىقىمنى ئۆزى چىقىرىپ ئۆلاش شەرتى بىلەن سېتىپ ئالغان بولسا، بۇنىڭغا كەتكەن چىقىمنى شېرىك مالدىن چىقىرىشى توغرا ئەمەس. ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى كۆچ چىقارغان ئادەمگە: «سەن خالىغىنىڭنى قىلغىن» دېگەن، ئاندىن ئۇ ئادەم شېرىكچىلىككە (يەنى تۈزۈلگەن مەزكۇر مۇئامىلىگە) تەۋە نەرسىنى گۆرۈگە بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىدىن نەرسىنىڭ پۇلىنى كېچىكتۈرۈپ ئالسا، پۇلنى كېچىكتۈرۈش ئىشى شىركەتكە تەۋە ئىش بولىدۇ ۋە پۇلنى ئېلىشنى كېچىكتۈرگەنلىك سەۋەبى بىلەن شىركەتكە بىر نەرسە تۆلىمەيدۇ. ئەمما ئۇنى خۇسۇسىي ۋەكىل تۆلەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم سېتىلغان نەرسىدە ئەيىپ كۆرۈلگەنلىك سەۋەبى بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىدىن ئازراق كەچۈرۈۋەتكەن، كەچۈرۈۋەتكەن پۇلنىڭ مىقدارى بىلەن ئۇ ئادەمگە پايدىدىن تەقسىم بولىدىغان پاينىڭ مىقدارى ئوخشاش ياكى ئازراق كۆپ بولسا، توغرا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم سېتىلغان نەرسىنىڭ ئەيىپلىك چىقىپ قالغانلىقى سەۋەبى بىلەن ئۇنى سېتىپ ئالغان كىشىدىن پۇلنى كەچۈرۈۋەتكەن ۋە كەچۈرۈۋەتكەن پۇلنىڭ مىقدارى ئادەتتە كەچۈرۈۋېتىلىدىغان مىقداردىن خېلىلا كۆپ بولغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ پۇلنى كەچۈرۈۋېتىشى توغرىدۇر. لېكىن، ئۇ ئادەم كەچۈرۈۋەتكەن پۇلنى مەبلەغ ئىگىسىگە ئۆزىنىڭ پۇلىدىن تۆلەپ بېرىدۇ. نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ ئۈستىدە قالغان پۇل شىركەتنىڭ دەسمايىسى بولىدۇ.

كۆچ چىقارغان ئادەمنىڭ مەبلەغ بىلەن زىيان چېكىش ئېھتىمالى بار تىجارەتلەرنى قىلىشى، ياكى ئادەتتە تىجارەتچىلەر قىلمايدىغان تىجارەتنى قىلىشى توغرا ئەمەس. ئەگەر كۆچ چىقارغان ئادەم ئىككى بولسا، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە نەرسىنى يەنە بىرىنىڭ رۇخسىتىسىز سېتىشى ياكى بىرەر نەرسە سېتىپ ئېلىشى توغرا ئەمەس. ئەگەر كۆچ چىقارغان ئادەم مۇئامىلىگە تەۋە مەبلەغ بىلەن كىشىلەر ئادەتتە

سېتىپ ئالمايدىغان بىرەر نەرسىنى سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇنىڭغا خالىغىنىڭنى قىلغىن، دېيىلگەن بولسىمۇ مەبلەغ ئىگىسىنىڭ شەرتىگە خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ. ئەگەر كۈچ چىقارغان ئادەم مۇئامىلىگە تەۋە نەرسىنى (يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن سېتىش توغرا بولمايدىغان) يەرگە ساتقان بولسا، بۇ سودا ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىچە توغرىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ قارىشىچە توغرا ئەمەستۇر.

ئەگەر كۈچ چىقارغان ئادەم بىرەر نەرسىنى ئۇنىڭ ئەسلىدىكى باھاسىدىن قىممەت سېتىپ ئالغان بولسا، باھادىكى ئارتۇقنى ئۇ ئادەم تۆلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ شەخسىي پۇلى بىلەن مۇئامىلىگە تەۋە پۇلنىڭ بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كېتىشى بىلەن ئۇ ئادەمگە بىر نەرسە تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. ئەگەر مۇئامىلىگە تەۋە پۇل كۆمۈشتىن سوقۇلغان بولسا، ئاندىن ئۇ ئادەم بىرەر نەرسىنى سومغا سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ نەرسە مۇئامىلىگە ئەمەس بەلكى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم سېتىپ ئالغان نەرسىنى ئالتۇندىن سوقۇلغان پۇلغا سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ نەرسە مۇئامىلىگە تەۋە بولىدۇ. چۈنكى، كۈمۈش بىلەن ئالتۇن بىر جىنستىندۇر.

كۈچ چىقارغان ئادەم مۇئامىلىگە تەۋە مەبلەغنى كۆتۈرۈپ قورۇقلۇق ۋە دېڭىز يولى بىلەن سەپەر قىلالايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە كۈچ چىقارغان ئادەم مەبلەغنى، مەبلەغنىڭ ئىگىسىگە بولسىمۇ مال سۈپۈتىدە بېرەلەيدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن مەزكۇر مۇئامىلە بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

كۈچ چىقارغان ئادەم مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە نەرسىنى ئامانەتكە ۋە گۆرۈگە قويۇش ھوقۇقىغا ئىگىدۇر. شۇنىڭدەك ئۇ ئادەم يەنە مەزكۇر مۇئامىلىنىڭ نامىدىن بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىش، ئىشلىتىش ئۈچۈن ئىشچى ئىجارىگە، نەرسە ـ كېرەكلەرنى ساقلاش ئۈچۈن ئامبار ۋە ئۆي ئىجارىگە، كېمىگە ۋە ئۇلاغقا ئوخشاش قاتناش قوراللىرىنى ئىجارىگە ئېلىش ھەققىگە ئىگىدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم زىرائەت تېرىش ياكى دەل ـ دەرەخ ۋە مېۋە تىكىش ئۈچۈن قۇرۇق بىر زېمىننى ئىجارىگە ئالسا، توغرا بولىدۇ. ئۇ ئادەم، بىرىنىڭ ئالدىغان پۇلى مەيلى باي كىشىنىڭ ئۈستىدە بولسۇن مەيلى نامرات كىشىنىڭ ئۈستىدە بولسۇن ئۇنىڭ ئۇ ئادەمگە قىلغان ھاۋالىسىنى قوبۇل قىلالايدۇ. چۈنكى، يوقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى تىجارەتچىلەر قىلىدىغان ئىشلاردۇر.

كۈچ چىقارغان ئادەم مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە مەبلەغ بىلەن مەزكۇر مۇئامىلىگە ئوخشاش يەنە بىر مۇئامىلە ۋە ئادەتتىكى شېرىكچىلىك قۇرالمايدۇ. مەزكۇر مۇئامىلىگە

تەۋە مەبلەغنى مەبلەغ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆزىنىڭ شەخسىي مەبلىغىگە، ياكى باشقا بىرىنىڭ مەبلىغىگە ئارىلاشتۇرالمايدۇ. بۇ ئەگەر تىجارەتچىلەر ئارىسىدا مەزكۇر ئىشلارنى قىلىش بىر ئادەت ھالىگە كەلمىگەن بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر تىجارەتچىلەر ئارىسىدا مەزكۇر ئىشلارنى قىلىش بىر ئادەت ھالىگە كەلگەن بولسا، ئۇ ئادەم مەبلەغ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز مەزكۇر ئىشلارنى قىلالايدۇ.

مەزكۇر مۇئامىلىدە قىلىنىدىغان ئىشلار مۇنداق ئۈچ خىل بولىدۇ:

1 ـ مەزكۇر مۇئامىلىنىڭ ئىچىدىن ياكى ئۇنىڭغا تەۋە بولغان ئىشلار. ئۇ ئادەم بۇ ئىشلارنى مەبلەغ ئىگىسى ئۇنىڭغا: «خالىغىنىڭنى قىلغىن» دېمىسىمۇ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگىدۇر. مەسىلەن: بىرەر نەرسىنى ئېلىپ ـ سېتىشقا بىرىنى ۋەكىل قىلىشقا، مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە نەرسىنى ئامانەتكە ۋە گۆرۈگە قويۇشقا، بىرەر نەرسىنى گۆرۈگە ئېلىشقا، ئىشچى، ئامبار، ئۆي ۋە قاتناش قوراللىرىنى ئىجارىگە ئېلىشقا ۋە مەبلەغنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ سەپەرگە چىقىشقا ئوخشاش. ئۇ ئادەم بۇ ئىشلارنى مەبلەغ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىزمۇ قىلالايدۇ.

2 ـ مەبلەغ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۇ ئادەمنىڭ قىلىش ھەققى يوق بولغان ئىشلار. مەسىلەن: ئۇ ئادەمنىڭ مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە مەبلەغنى مەزكۇر مۇئامىلىگە ئوخشاش يەنە بىر مۇئامىلىگە ۋە ئادەتتىكى شېرىكچىلىككە بېرىشكە، ئۆزىنىڭ شەخسىي مەبلىغىگە، ياكى باشقا بىرىنىڭ مەبلىغىگە ئارىلاشتۇرۇشقا ئوخشاش. ئۇ ئادەم بۇ ئىشلارنى مەبلەغ ئىگىسى ئۇنىڭغا: «خالىغىنىڭنى قىلغىن» دەپ رۇخسەت بېرىشتىن بۇرۇن قىلالمايدۇ.

3 ـ ئۇ ئادەم مەبلەغ ئىگىسى ئۇنىڭغا: «خالىغىنىڭنى قىلغىن» دەپ رۇخسەت بەرسىمۇ قىلالمايدىغان ئىشلار. بۇ مەزكۇر مۇئامىلىدىن ياكى ئۇنىڭغا تەۋە ئەمەس ئىشلاردۇر. مەسىلەن: مەزكۇر مۇئامىلىنىڭ نامىدىن قەرز ئېلىشقا، ياكى قەرز بېرىشكە ئوخشاش. ئۇ ئادەم مەبلەغ ئىگىسى ئۇنىڭغا: «خالىغىنىڭنى قىلغىن» دەپ رۇخسەت بەرسىمۇ مەزكۇر مۇئامىلىنىڭ نامىدىن قەرز ئالالمايدۇ. ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە: «سەن قەرز ئالساڭ ياكى بەرسەڭ بولىدۇ» دەپ ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ قەرز ئېلىشىغا، ياكى بېرىشىنى ئېنىق سۆز بىلەن ئىپادىلىسە، ئاندىن ئۇ ئادەم قەرز ئالالايدۇ، ياكى قەرز بېرەلەيدۇ. چۈنكى، قەرز بېرىش ياكى ئېلىش تىجارەتچىنىڭ ئىشى ئەمەستۇر.

ئەگەر بىر كىشى چىققان پايدىنى يېرىم ـ يېرىمدىن بۆلۈشۈش شەرتى بىلەن بىر ئادەمگە بۇرۇن 1000 سوم پۇل بەرگەن، ئاندىن ئۇ كىشى مەزكۇر شەرت بىلەن ئىككىنچى قېتىم يەنە 1000 سوم پۇل بەرگەن، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ ئىككى قېتىملىق

مەبلەغنى بىر ـ بىرىگە ئارىلاشتۇرغان بولسا، بۇ مۇنداق ئۈچ خىل شەكىلدە بولىدۇ:

1 ـ مەبلەغ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە ھەر قېتىم مەبلەغنى بەرگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭغا: «سەن بۇ مەبلەغ بىلەن خالىغىنىڭنى قىلغىن» دەيدۇ ياكى ئۇنداق دېمەيدۇ.

2 ـ مەبلەغ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە: «بۇ مەبلەغ بىلەن خالىغىنىڭنى قىلغىن» دېگەن سۆزنى ھەر ئىككى قېتىمدا دېمەيدۇ.

3 ـ مەبلەغ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە: «بۇ مەبلەغ بىلەن خالىغىنىڭنى قىلغىن» دېگەن سۆزنى ياكى بىرىنچى قېتىم مەبلەغ بەرگەن ۋاقىتتا قىلىدۇ، ياكى ئىككىنچى قېتىم بەرگەن ۋاقىتتا قىلىدۇ.

ئۇ ئادەمنىڭ بۇرۇن تاپشۇرۇپ ئالغان مەبلەغ بىلەن ئىككىنچى قېتىم تاپشۇرۇپ ئالغان مەبلەغنى بىر ـ بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىشى ياكى ھەر ئىككى قېتىملىق مەبلەغ بىلەن تىجارەتنى باشلاپ پايدا ئېلىشتىن بۇرۇن بولىدۇ، ياكى پايدا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن بولىدۇ، ياكى بىرى بىلەن پايدا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن بولىدۇ.

بىرىنچى شەكىل بويىچە ئۇ ئادەمگە بېرىلگەن ھەر قېتىملىق مەبلەغ ئۇنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىگە ئۆتۈپ كەتمەيدۇ.

ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆزىگە ئىككىنچى شەكىل بويىچە بېرىلگەن ئىككى قېتىملىق مەبلەغنى بىر ـ بىرىگە ئۇ مەبلەغنى تىجارەتكە سېلىپ پايدا ئېلىشتىن بۇرۇن ئارىلاشتۇرۋاتقان بولسا، بۇ ھالدىمۇ مەبلەغ ئۇنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىگە ئۆتۈپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم مەبلەغنى بىر ـ بىرىگە ئۇ مەبلەغنى تىجارەتكە سېلىپ پايدا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئارىلاشتۇرۋاتقان بولسا، ئىككى قېتىملىق مەبلەغ ۋە مەبلەغنى بىر ـ بىرىگە ئارىلاشتۇرۇش بۇرۇن ئېلىنغان پايدىدىن مەبلەغنىڭ ئىگىسىگە تەۋە بولىدىغان قىسمى ئۇنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ ئادەم ئەگەر مەبلەغنى بىر ـ بىرىگە ئۇ مەبلەغنىڭ بىرىنى تىجارەتكە سېلىپ پايدا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئارىلاشتۇرۋاتقان بولسا، پەقەت تىجارەتكە سېلىنمىغان مەبلەغلا ئۇنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئەگەر مەبلەغ ئۇ ئادەمگە ئۈچىنچى شەكىل بويىچە بېرىلگەن ۋاقىتتا، مەبلەغ ئىگىسى ئۇنىڭغا: «سەن خالىغىنىڭنى قىلغىن» دېگەن سۆزنى بىرىنچى قېتىملىق مەبلەغنى بەرگەن ۋاقىتتا قىلىدۇ، ياكى ئىككىنچى قېتىملىق مەبلەغنى بەرگەن ۋاقىتتا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۈچىنچى شەكىل مەبلەغ ئىگىسىنىڭ ئۇنىڭغا: «سەن خالىغىنىڭنى قىلغىن» دېگەن سۆزنى بىرىنچى قېتىملىق ۋە ئىككىنچى قېتىملىق مەبلەغنى بەرگەن ۋاقىتتا دېگەنلىك سەۋەبى بىلەن مۇنداق سەككىز خىل بولىدۇ:

مەبلەغ ئىگىسى ئۈنىڭغا: «سەن خالىغىنىڭنى قىلغىن» دېگەن سۆزنى بىرىنچى قېتىملىق مەبلەغنى بەرگەن ۋاقتىدا قىلغان، ئاندىن ئۈنىڭغا ئىككىنچى قېتىملىق مەبلەغنى بەرگەن، ئاندىن ئۇ ئادەم بۇرۇن تاپشۇرۇپ ئالغان مەبلەغ بىلەن ئىككىنچى قېتىم تاپشۇرۇپ ئالغان مەبلەغنى بىر ـ بىرىگە ھەر ئىككى قېتىملىق مەبلەغ بىلەن تىجارەتنى باشلاپ پايدا ئېلىشتىن بۇرۇن ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ، ياكى ھەر ئىككى قېتىملىق مەبلەغ بىلەن تىجارەتنى باشلاپ پايدا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ، ياكى بېرىنچى قېتىملىق مەبلەغ بىلەن تىجارەتنى باشلاپ پايدا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ، ياكى ئىككىنچى قېتىملىق مەبلەغ بىلەن تىجارەتنى باشلاپ پايدا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. مەبلەغ ئىگىسى ئۈنىڭغا: «سەن خالىغىنىڭنى قىلغىن» دېگەن سۆزنى (بىرىنچى قېتىملىقنى ئەمەس) ئىككىنچى قېتىملىق مەبلەغنى بەرگەن ۋاقتىدا قىلغان، ئاندىن ئۇ ئادەم بۇرۇن تاپشۇرۇپ ئالغان مەبلەغ بىلەن ئىككىنچى قېتىم تاپشۇرۇپ ئالغان مەبلەغنى بىر ـ بىرىگە ھەر ئىككى قېتىملىق مەبلەغ بىلەن تىجارەتنى باشلاپ پايدا ئېلىشتىن بۇرۇن ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ ياكى ھەر ئىككى قېتىملىق مەبلەغ بىلەن تىجارەتنى باشلاپ پايدا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ ياكى بېرىنچى قېتىملىق مەبلەغ بىلەن تىجارەتنى باشلاپ پايدا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ، ياكى ئىككىنچى قېتىملىق مەبلەغ بىلەن تىجارەتنى باشلاپ پايدا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنچى خىل بويىچە ئۇ ئادەمگە بېرىلگەن ھەر قېتىملىق مەبلەغ ئۈنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىگە ئۆتۈپ كەتمەيدۇ. يەنى مەبلەغ ئىگىسى ئۈنىڭغا: «سەن خالىغىنىڭنى قىلغىن» دېگەن سۆزنى بىرىنچى قېتىملىق مەبلەغنى بەرگەن ۋاقتىدا قىلغان، ئاندىن ئۈنىڭغا ئىككىنچى قېتىملىق مەبلەغنى بەرگەن، ئاندىن ئۇ ئادەم بۇرۇن تاپشۇرۇپ ئالغان مەبلەغ بىلەن ئىككىنچى قېتىم تاپشۇرۇپ ئالغان مەبلەغنى بىر ـ بىرىگە ھەر ئىككى قېتىملىق مەبلەغ بىلەن تىجارەتنى باشلاپ پايدا ئېلىشتىن بۇرۇن ئارىلاشتۇرۇۋاتقان بولسا، ھەر قېتىملىق مەبلەغ ئۈنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىگە ئۆتۈپ كەتمەيدۇ.

ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە: «سەن خالىغىنىڭنى قىلغىن» دېگەن تەقدىردىمۇ بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنۈمىزدەك، ئۇ ئادەمنىڭ مەبلەغ ئىگىسىنىڭ: «قەرز ئالغىن ياكى قەرز بەرگىن» دەپ ئوچۇق سۆز بىلەن رۇخسەت بەرمىسە، قەرز بېرىش ياكى قەرز ئېلىش ھەققى يوق. چۈنكى، قەرز بېرىش ياكى قەرز ئېلىش تىجارەتچىنىڭ ئىشى ئەمەس. شۇڭا بۇ ئىككى ئىش ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى ئۇلارغا رۇخسەت بەرگەنلىكىنى ئېنىق قىلىپ تىلغا ئالمىسا، خالىغىنىڭنى قىلغىن، دېگەن سۆز بىلەن بېرىلگەن ئومۇمىي رۇخسەتنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ.

كۆچ چىقارغان ئادەم (مالنىڭ بارىدىغان يېرىگە خاتىرجەم بېرىشىنى ئىشەنچىلىك قىلىش ئۈچۈن) قارشى تەرەپتىن مەلۇم مىقداردا پۇل ئالالمايدۇ. چۈنكى، بۇ قەرز ئالغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ياكى نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ ئىگىسىگە مەلۇم مىقداردا پۇل بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، بۇ باشقىلارغا قەرز بەرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر كۆچ چىقارغان ئادەم مەبلەغ ئىگىسىنىڭ ئېنىق قىلىپ بەرگەن رۇخسىتى بىلەن قەرز ئالغان بولسا، مەزكۇر مۇئامىلە نوپۇز شېرىكچىلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئادەم سېتىپ ئالغان نەرسە يېرىمدىن ئۇنىڭ بىلەن مەبلەغ ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ئادەم ئالغان قەرزمۇ يېرىمدىن ئۇلارغا تەۋە بولىدۇ. مەزكۇر مۇئامىلىنىڭ نوپۇز شېرىكچىلىكىگە ئايلىنىپ كېتىشى بىلەن مەزكۇر مۇئامىلىنىڭ ماھىيىتى ئۆزگۈرۈپ كەتمەيدۇ. شۇڭا تىجارەتتىن ئېلىنغان پايدا يەنە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا باشتا كېلىشكەن شەرت بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ.

ئەگەر كۆچ چىقارغان ئادەم مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە مەبلەغكە رەخت سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۆزى يېنىدىن پۇل چىقىرىپ رەختنى (بوياپ) قىسقارتقان، ياكى باشقا يەرگە يۆتكەتكەن بولسا، گەرچە ئۇ ئادەمگە خالىغىنىڭنى قىلغىن، دېيىلگەن بولسىمۇ ئۇ ئادەم رەختنى قىسقارتىش، ياكى باشقا يەرگە يۆتكەش ئۈچۈن خەجلىگەن پۇلنى كۆڭلىدىن چىقىرىپ خەجلىگەن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ (بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۇنىڭغا دېيىلگەن) خالىغىنىڭنى قىلغىن، دېگەن سۆزى بىلەن قەرز ئېلىش ھەققىگە ئىگە بولالمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم مەزكۇر سۆزگە ئاساسەن بىر كىشىدىن قەرز ئالغان بولسا، قەرز ئىگىسى قەرزنى مەبلەغ ئىگىسىدىن ئەمەس ئۇ ئادەمدىن ئالىدۇ. چۈنكى، كۆچ چىقارغان ئادەمنىڭ قەرز ئېلىش ھەققى يوق. ئەگەر ئۇ ئادەم قەرزنى قەرز بېرىدىغان كىشىگە: «مەبلەغ ئىگىسى سەندىن مۇنچىلىك قەرز تەلەپ قىلىدۇ» دەپ ئالغان بولسا، بۇ ھالدا ئېلىنغان قەرز ئۇ ئادەمگە ئەمەس مەبلەغ ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ.

كۆچ چىقارغان ئادەم مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە ماللارنى سېتىشقا چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ماللار سېتىلىپ پۇلغا ئايلىنىشتىن بۇرۇن مەبلەغ ئىگىسى ئۇ ئادەمنى ماللارنى نېسىيگە سېتىشتىن توسقان بولسا، ئۇنىڭ بۇ چەكلىمىسى كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ ھالەتتە مەبلەغ ئىگىسىنىڭ ئۇ ئادەمنى شېرىكچىلىكتىن ئېلىپ تاشلىۋېتىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەستۇر. ئەمما ئۇ ئادەم ئۇ مال بىلەن تىجارەت قىلىشنى باشلاشتىن بۇرۇن، ياكى تىجارەت قىلىشنى باشلاپ مال پۇلغا ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن مەبلەغ ئىگىسى ئۇ ئادەمنى مالنى نېسىيگە سېتىشتىن چەكلىگەن بولسا، ئۇنىڭ بۇ چەكلىمىسى كۈچكە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ھالەتتە مەبلەغ ئىگىسى ئۇ ئادەمنى شېرىكچىلىكتىن ئېلىپ تاشلىۋېتىش ھوقۇقىغا ئىگىدۇر.

كۈچ چىقارغان ئادەمنىڭ مەبلەغ ئىگىسى تىجارەت قىلىشنى بەلگىلەپ بەرگەن شەھەردىن باشقا شەھەرگە چىقىپ كېتىش، ياكى بەلگىلەپ بەرگەن مالدىن باشقا نەرسە ئېلىش، ياكى بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتتا تىجارەت قىلىش، ياكى بەلگىلەپ بەرگەن ئادەمدىن باشقا ئادەم بىلەن تىجارەت قىلىش ھەققىگە ئىگە ئەمەستۇر. چۈنكى، مەزكۇر مۇئامىلە ئەگەر شېرىكچىلىك ۋۇجۇدقا چىقىپ بولغاندىن كېيىن بولسىمۇ تىجارەت باشلىنىپ ئۇ مۇئامىلىگە تەۋە مەبلەغ مالغا ئايلىنىشتىن بۇرۇن قويۇلغان پايدىلىق شەرتنى قوبۇل قىلىدۇ.

ئەگەر شەرت پايدىلىق بولمىسا، ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. مەسىلەن: مەبلەغ ئىگىسى كۈچ چىقارغان ئادەمنى مالنى نەق سېتىشتىن چەكلىگىنىگە ئوخشاش. ئەگەر ئۇ ئادەم بۇ ھالەتتە مالنى نېسىيغا ساتىدىغان پۇلغا نەق ساتقان بولسا، سودا كۈچكە ئىگە بولىدۇ. پايدىلىق شەرت بولسا، شەھەرنىڭ بازىرىدا سېتىشنى شەرت قىلىشقا ئوخشاش. ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى پايدىلىق شەرتنى ئۇچۇق قويسا، شەرت ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. بولمىسا شەرت ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

ئەگەر كۈچ چىقارغان ئادەم ئۆزىگە قويۇلغان شەرتكە خىلاپلىق قىلغان بولسا، مەبلەغ ئۇ ئادەمنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇڭا مەبلەغ بىلەن سېتىپ ئېلىنغان نەرسە ـ كېرەكلەر ئۇ ئادەمگە تەۋە بولىدۇ. كۆرۈلگەن پايدا ياكى زىيانمۇ ئۇ ئادەمگە تەۋە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم تىجارەتتىن پايدا ئالسا، پايدىنى سەدىقە قىلىۋېتىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «پايدا ئۇ ئادەمگە ھالال بولىدۇ (شۇڭا ئۇنى سەدىقە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق).» دەيدۇ.

ئەگەر كۈچ چىقارغان ئادەم مەبلەغ ئىگىسى تونتىتىپ بەرگەن شەرتكە خىلاپلىق قىلغان، لېكىن تېخى مەبلەغنى ئىشلەتمىگەن ۋە شەرتتە كۆرسىتىلگەن يەرگە قايتقان بولسا، شېرىكچىلىك يەنە ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ. مەسىلەن: مەبلەغ ئىگىسى ئۇنىڭغا: «سەن نەرسە ـ كېرەكلەرنى خوتەننىڭ بازىرىدىن باشقا بازاردىن سېتىپ ئالمايسەن» دېگەن، ئاندىن ئۇ ئادەم نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلگەن، ئەمما قەشقەردىن بىر نەرسە سېتىۋالماي خوتەنگە قايتقان بولسا، مەزكۇر مۇئامىلە ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ ئادەم شەرتنىڭ بىر قىسمىنى ئورۇنلاپ بىر قىسمىنى ئورۇنلىمىسا، ئورۇنلىمىغان قىسمىدا خىلاپلىق قىلغان ۋە ئورۇنلىغان قىسمىدا مۇئامىلە ئۈستىدە بولغان ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۇ ئادەم نەرسە ـ كېرەكنىڭ بىر قىسمىنى قەشقەردىن قالغان قىسمىنى خوتەندىن ئالغان بولسا، قەشقەردىن ئالغان قىسمىدا خىلاپلىق قىلغان ۋە خوتەندىن ئالغان قىسمىدا خىلاپلىق قىلمىغان بولىدۇ.

چۈنكى، ئۇ ئادەم نەرسە - كېرەكنىڭ بەزىسىنى قەشقەردىن بەزىسىنى خوتەندىن سېتىپ ئالدى. شۇڭا بەزىسىدە خىلاپلىق قىلغان بەزىسىدە خىلاپلىق قىلمىغان ھېسابلىنىدۇ.

ئەسلىدە مەبلەغنى تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيەت ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ (بىرەر نەرسە سېتىپ ئالمىسىمۇ) شەرتكە پەقەت خىلاپلىق قىلىش بىلەنلا يۈكلىنىپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇ مەسئۇلىيەت ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ بىرەر نەرسە سېتىپ ئېلىش بىلەن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ بىرەر نەرسە سېتىپ ئېلىشتىن بۇرۇن قويۇلغان شەرتكە قايتىۋېلىش ئېھتىمالى باردۇر. يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۇ ئادەم مەبلەغكە تاكى بىرەر نەرسە سېتىپ ئالمىغىچە شەرتكە خىلاپلىق قىلغان ھېسابلانمايدۇ، دەپ بايان قىلىنىدى. توغرىسى بۇرۇنقى كۆز قارىشىدۇر. بۇ ئىككى خىل قاراشنىڭ پايدىسى ئەگەر ئۇ ئادەم نەرسە سېتىۋېلىش ئۈچۈن قەشقەرگە بېرىپ نەرسە - كېرەك سېتىۋېلىشتىن بۇرۇن مەبلەغ يۈتۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم مەبلەغنى بىرىنچى قاراشقا ئاساسەن تۆلەپ بېرىدۇ، ئىككىنچى قاراشقا ئاساسەن تۆلەپ بەرمەيدۇ.

كۆچ چىقارغان ئادەمنىڭ مەزمۇر مۇئامىلىگە تەۋە مەبلەغدىن قۇلنىڭ تويىنى قىلىپ قويۇش، ياكى مەبلەغ ئىگىسىنىڭ تۇغقىنى بولغانلىقى ئۈچۈن، ياكى ئۇنىڭ قىلغان قەسىمىنىڭ كەففارىتى ئۈچۈن ئازات قىلىنىپ كېتىدىغان قۇلنى سېتىپ ئېلىش ھەققى يوق. ئەمما بىرەر نەرسە سېتىپ ئېلىشقا ۋەكىل قىلىنغان ئادەم ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن كىشىنىڭ تۇغقىنى بولغانلىقى ئۈچۈن، ياكى ئۇنىڭ قىلغان قەسىمىنىڭ كەففارىتى ئۈچۈن ئازات قىلىنىپ كېتىدىغان قۇلنى سېتىپ ئالالايدۇ. ۋەكىللىك بىلەن مەزكۇر مۇئامىلىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا بىرەر نەرسىنى سېتىپ ئېلىشقا قىلىنغان ۋەكىللىكنىڭ مۇتلەق بولىشىدۇر. (شۇڭا ئۇ ۋەكىل بىلەن ھەممە نەرسىنى سېتىپ ئېلىشقا بولىدۇ). ئەمما مەزكۇر مۇئامىلە پەقەت پايدا چىقىدىغان نەرسىنى سېتىپ ئېلىشقا شەرتلىكتۇر. شۇڭا كۆچ چىقارغان ئادەم پايدا چىقمايدىغان بىرەر نەرسىنى سېتىپ ئېلىپ قالسا، كېلىشكەن شەرتكە خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ.

ئەگەر ۋەكىللىك ئۇنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن كىشى ئۇنىڭغا: «سەن ماڭا سېتىپ (پايدا ئالىدىغان)، ياكى خىزمىتىمگە سالىدىغان قۇل، ياكى جىنسىي - مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈدىغان چۆرە سېتىپ ئالغىن» دېگەنگە ئوخشاش شەرتلىك بولسا، بۇ ھالدا ۋەكىل ئۇنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن كىشىنىڭ تۇغقىنى بولغانلىقى ئۈچۈن، ياكى ئۇنىڭ قىلغان قەسىمىنىڭ كەففارىتى ئۈچۈن ئازات قىلىنىپ كېتىدىغان قۇلنى سېتىپ ئالالمايدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە كۆچ چىقارغان ئادەمنىڭ مەزكۇر مۇئامىلىدە كۆچ چىقارغان يەنە بىر ئادەم ئازات قىلىۋەتمەكچى بولغان قۇلنى سېتىپ ئېلىش ھەققى يوق. بۇ، ئەگەر مەزكۇر

مۇئامىلىگە تەۋە مالدا پايدا كۆرۈلىدىغان ۋە قۇلنىڭ باھاسى ئۇ مۇئامىلە ئىگىلىرىنىڭ ھەر بىرىگە تەۋە دەسمايىدىن كۆپ بولغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ.

ئەگەر كۆچ چىقارغان ئادەم مەزكۇر مۇئامىلىدە كۆچ چىقارغان يەنە بىر ئادەم ئازات قىلىۋاتماقچى بولغان قۇلنى سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ ئادەم قۇلنى ئۆزى ئۈچۈن سېتىپ ئالغان بولىدۇ. ئەگەر مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە مالدا پايدا كۆرۈلمىگەن بولسا، ئۇ قۇل مەزكۇر مۇئامىلىگە (يەنى شىركەتكە) سېتىپ ئېلىنغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر قۇل سېتىپ ئېلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە مالدا پايدا كۆرۈلگەن ۋە پايدىنىڭ مىقدارى قۇلنىڭ باھاسىدىن ئارتۇق بولغان بولسا، قۇلنىڭ (ئۇنى ئازات قىلىۋېتىش ئۇستىگە لازىم بولغان) ئادەمگە تېگىشلىك قىسمى ئازات بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ئادەم (قۇلنىڭ ئۇ ئادەمگە تېگىشلىك قىسمى ئازات بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن) مەبلەغ ئىگىسىنىڭ قۇلدىكى پېيى ئۈچۈن مال تۆلەپ بەرمەيدۇ. قۇل مەبلەغ ئىگىسىنىڭ پېيىنى ئۆزى ئىشلەپ ئادا قىلىشقا تىرىشىدۇ.

ئەگەر باشقا شېرىكچىلىكتىكى بىر شېرىك يەنە بىر شېرىك ئازات قىلىۋاتماقچى بولغان قۇلنى سېتىپ ئالغان بولسا، سودا قۇلنى سېتىپ ئالغان شېرىكنىڭ نامىدىن كۆچكە ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر دادا ياكى كىچىك بالىغا قاراشقا تەۋسىيە قىلىنغان بىر ئادەم كىچىك بالا ئازات قىلىۋاتماقچى بولغان بىر قۇلنى سېتىپ ئالغان بولسا، بۇ سودىمۇ سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ نامىدىن كۆچكە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر تىجارەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىلگەن بىر قۇل خوجايىنى ئازات قىلىۋاتماقچى بولغان بىر قۇلنى سېتىپ ئالغان بولسا، سودا توغرا بولغان بولىدۇ ۋە قۇل ئۇنى سېتىپ ئالغان قۇلنىڭ نامىغا ئازات بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ئەگەر قۇلنى ئازات قىلىۋاتقان قۇل قەرزگە بوغۇلۇپ كەتمەيدىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر قۇل قەرزگە بوغۇلۇپ كېتىدىغان بولسا، سېتىپ ئېلىنغان قۇل ئۇ قۇلنىڭ نامىدىن ئازات بولۇپ كەتمەيدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ بۇ قارىشىغا قېتىلمايدۇ.

## زەنجىرسىمان مۇئامىلە

مەزكۇر مۇئامىلىدە كۆچ چىقارغان ئادەم مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە مەبلەغنى مەزكۇر مۇئامىلىگە بىلەن (يەنى ئۇ ئادەم ئۆزىنى مەبلەغ ئىگىسىنىڭ ئورنىدا قويۇپ) يەنە بىر ئادەمگە بەرگەن بولسا، بۇ زەنجىرسىمان مۇئامىلە ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر بىرى مەبلەغ، يەنە بىرى كۈچ چىقىرىپ تۈزۈشكەن مۇئامىلىدە كۈچ چىقارغان ئادەم مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە مەبلەغنى مەبلەغ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز مەزكۇر مۇئامىلە سۈپۈتىدە يەنە بىر ئادەمگە بەرگەن بولسا، كۈچ چىقارغان ئىككىنچى ئادەم ئەگەر ئۇ مەبلەغ بىلەن تىجارەتنى باشلىمىغانلا بولسا، كۈچ چىقارغان بىرىنچى ئادەمگە مەبلەغنى ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئىككىنچى ئادەمگە بەرگەنلىكى سەۋەبى بىلەن مەبلەغنى تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى يۈكلەنمەيدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنىڭ ئەڭ كۈچلىكىدۇر. بۇ ھەم ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدۇر. چۈنكى، بىرىنچى ئادەمنىڭ مەبلەغنى ئىككىنچى ئادەمگە بېرىشى مەبلەغنى ئىككىنچى ئادەمگە ئامانەت قويۇپ قويغانلىق ھېسابلىنىدۇ. كۈچ چىقارغان ئادەم مەبلەغنى بىراۋغا ئامانەتكە بېرەلەيدۇ. ئەگەر ئىككىنچى ئادەم مەبلەغ بىلەن تىجارەت قىلىشنى باشلىسا، بىرىنچى ئادەمنىڭ مەبلەغنى ئىككىنچى ئادەمگە بېرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەزكۇر مۇئامىلىنىڭ ۋۇجۇدقا چىققانلىقى مەلۇم بولىدۇ. شۇڭا مەبلەغ بىرىنچى ئادەمنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەگەر ئىككىنچى مۇئامىلە شەرتىگە توشمىغان مۇئامىلە بولسا، ئىككىنچى ئادەم بۇ مۇئامىلە بىلەن مەبلەغنى تىجارەتكە سېلىپ پايدا ئالغان بولسىمۇ مەبلەغ بىرىنچى ئادەمنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىگە ئۆتۈپ كەتمەيدۇ. يەنى مەبلەغ بىرىنچى مۇئامىلىگە تەۋە ھالىتىدە قالىدۇ. شۇڭا ئىككىنچى ئادەمگە (مەبلەغ بىلەن تىجارەت قىلىپ پايدا تاپقانلىقى ئۈچۈن) ئۇنىڭ تەختۇشىگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. پايدا بىرىنچى ئادەم بىلەن مەبلەغ ئىگىسى ئارىسىدا بۇرۇن كېلىشكەن شەرت بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ.

ئەگەر مەزكۇر مۇئامىلىلەرنىڭ بىرى ياكى ھەر ئىككىسى شەرتىگە توشمىغان بولسا، مەبلەغ مەيلى بىرىنچى ئادەم بولسۇن مەيلى ئىككىنچى ئادەم بولسۇن ھېچبىرىنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىگە ئۆتۈپ كەتمەيدۇ. بىرىنچى ئادەمنىڭ ئىككىنچى ئادەمگە ئۇنىڭ تەختۇشىگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققىنى بېرىشى لازىم. بىرىنچى ئادەم ئىككىنچى ئادەمگە بەرگەن ئىش ھەققىنى مەبلەغ ئىگىسىدىن ئالىدۇ. بۇ مۇئامىلىدە كۆرۈلگەن زىيان مەبلەغ ئىگىسىگە بولىدۇ. ئەگەر بىرىنچى مۇئامىلە توغرا بولۇپ شەرتىگە توشمىغىنى ئىككىنچى مۇئامىلە بولسا، ئىككىنچى ئادەم مەبلەغ بىلەن تىجارەت قىلىپ پايدا تاپقانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۇنىڭ تەختۇشىگە بېرىلىدىغان پايدا بېرىلىدۇ ۋە پايدا بىرىنچى ئادەم بىلەن مەبلەغ ئىگىسى ئارىسىدا كېلىشكەن شەرت بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەگەر شەرتىگە توشمىغىنى بىرىنچى مۇئامىلە بولسا، بىرىنچى ئادەمگە ئۇنىڭ تەختۇشىگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققى بېرىلىدۇ.

ئەگەر ئىككىنچى ئادەم مەبلەغ بىلەن تىجارەتنى باشلاشتىن بۇرۇن مەبلەغ ئۇنىڭ

قولىدا تۇرۇش جەريانىدا يۇتۇپ كەتكەن بولسا، مەيلى بىرىنچى ئادەم بولسۇن مەيلى ئىككىنچى ئادەم بولسۇن مەبلەغنى تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى ھېچبىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر مەبلەغ ئىككىنچى ئادەمنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا بىر كىشى تەرىپىدىن ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋېلىنغان بولسا، مەيلى بىرىنچى ئادەم بولسۇن مەيلى ئىككىنچى ئادەم بولسۇن ھېچبىرى مەبلەغنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. مەبلەغنى تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى ئۇنى ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋالغان كىشىگە يۈكلىنىدۇ.

ئەگەر ئىككىنچى ئادەم مەبلەغنى ئىشلىتىۋاتقان، ياكى بىرىگە سوۋغات قىلىپ بېرىۋاتقان بولسا، مەبلەغنى پەقەت ئىككىنچى ئادەم تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ بىر خىل قاراشتۇر. بۇ ھەقتىكى ئەڭ مەشھۇر قاراش بولسا، مەبلەغ ئىگىسى مەبلەغنى خالىسا بىرىنچى ئادەمگە تۆلىتىدۇ، خالىسا ئىككىنچى ئادەمگە تۆلىتىدۇ.

ئەگەر ئىككىنچى ئادەم مەبلەغ بىلەن تىجارەتنى باشلاپ مەبلەغ بىرىنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىگە ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، مەبلەغ ئىگىسى مەبلەغنى خالىسا بىرىنچى ئادەمگە، خالىسا ئىككىنچى ئادەمگە تۆلىتىدۇ. ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى تىجارەتتىن ئېلىنغان پايدىنى ئېلىشنى ۋە ھەم مەبلەغنى ئۇلاردىن بىرىگە تۆلەتمەكچى بولسا، ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىش ھەققى يوق.

ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى مەبلەغنى بىرىنچى ئادەمگە تۆلەتتۇرگەن بولسا، بىرىنچى ئادەم بىلەن ئىككىنچى ئادەمنىڭ ئارىسىدىكى مەزكۇر مۇئامىلە توغرا بولغان بولىدۇ ۋە تىجارەتتە كۆرۈلگەن پايدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كېلىشكەن شەرت بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى مەبلەغنى ئىككىنچى ئادەمگە تۆلەتتۇرگەن بولسا، ئىككىنچى ئادەم مەبلەغ ئىگىسىگە تۆلەپ بەرگەن مەبلەغنى بىرىنچى ئادەمدىن ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى ئادەم بىلەن ئىككىنچى ئادەمنىڭ ئارىسىدىكى مەزكۇر مۇئامىلە توغرا بولغان بولىدۇ ۋە تىجارەتتە كۆرۈلگەن پايدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كېلىشكەن شەرت بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ. ئىككىنچى ئادەمگە تەقسىم قىلىنغان پايدا ھالال بولىدۇ. (يەنى ئۇ ئادەم ئۆزىگە تەقسىم بولغان پايدىنى ئۆزى ئۇچۇن ئىشلەتسە بولىدۇ). ئەمما بىرىنچى ئادەمگە تەقسىم قىلىنغان پايدا ھالال ئۇنىڭغا ئەمەس. بۇ ئادەمنىڭ پايدىنى ئۆزى ئىشلەتمەي سەدىقە قىلىۋېتىشى لازىم.

ئەگەر ئىككىنچى ئادەم مەبلەغنى مەزكۇر مۇئامىلە بىلەن ئۈچىنچى ئادەمگە بەرگەن، ئۈچىنچى ئادەم مەبلەغ بىلەن تىجارەت قىلىپ مەيلى پايدا ئالسۇن مەيلى زىيان تارتسۇن، مەبلەغ ئىگىسى مەبلەغنى خالىسا بىرىنچى ئادەمگە، خالىسا ئىككىنچى ئادەمگە، خالىسا ئۈچىنچى ئادەمگە تۆلىتىدۇ. ئەگەر مەبلەغنى ئۈچىنچى

ئادەم تۆلىگەن بولسا، ئۆچىنچى ئادەم تۆلىگەن مەبلەغنى ئىككىنچى ئادەمدىن ئالىدۇ، ئىككىنچى ئادەم بولسا بىرىنچى ئادەمدىن ئالىدۇ. بۇ ئەگەر بىرىنچى ئادەم مەبلەغنى ئىككىنچى ئادەمگە بەرگەن ۋاقتىدا ئۇنىڭغا: «سەن بۇ مەبلەغ بىلەن خالىغىنىڭنى قىلغىن» دېگەن بولسا، ئەھۋال يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك بولىدۇ. ئەگەر بىرىنچى ئادەم مەبلەغنى ئىككىنچى ئادەمگە بەرگەن ۋاقتىدا ئۇنىڭغا: «سەن بۇ مەبلەغ بىلەن خالىغىنىڭنى قىلغىن» دېمىگەن بولسا، مەبلەغ ئىگىسى مەبلەغنى خالىسا ئىككىنچى ئادەمگە، خالىسا ئۈچىنچى ئادەمگە تۆلىتىدۇ. بىرىنچى ئادەمگە تۆلەتمەيدۇ.

ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى بىرىنچى ئادەمگە مەبلەغنى: «الله تائالا رىزىق قىلىپ بەرگەن پايدا ئارىمىزدا يېرىمدىن تەقسىم قىلىنىدۇ» دەپ بەرگەن، ئاندىن مەبلەغ ئىگىسى بىرىنچى ئادەمنىڭ مەبلەغنى مەزكۇر مۇئامىلە بىلەن ئىككىنچى ئادەمگە بېرىشىگە رۇخسەت قىلغان، بىرىنچى ئادەم مەبلەغنى ئىككىنچى ئادەمگە چىققان پايدىدىن ئۈچتىن بىرىنى ئىككىنچى ئادەمنىڭ ئېلىش شەرتى بىلەن بەرگەن بولسا، تىجارەتتە كۆرۈلگەن پايدىنىڭ يېرىمى مەبلەغ ئىگىسىگە بېرىلىدۇ، قالغان يېرىمىنىڭ ئالتىدىن بىرى بىرىنچى ئادەمگە بېرىلىدۇ، ئۈچتىن بىرى ئىككىنچى ئادەمگە بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئىككىنچى ئادەمگە پايدىنىڭ ئۈچتىن بىرى بېرىلىشى شەرت قىلىنغاندۇر.

ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى مەبلەغنى بىرىنچى ئادەمگە بەرگەن ۋاقتىدا ئۇنىڭغا: «الله تائالا ساڭا رىزىق قىلىپ بەرگەن پايدا ئارىمىزدا يېرىمدىن تەقسىم قىلىنىدۇ» دەپ بەرگەن، ئاندىن مەبلەغ ئىگىسى بىرىنچى ئادەمنىڭ مەبلەغنى مەزكۇر مۇئامىلە بىلەن ئىككىنچى ئادەمگە بېرىشىگە رۇخسەت قىلغان، بىرىنچى ئادەم مەبلەغنى ئىككىنچى ئادەمگە چىققان پايدىدىن ئۈچتىن بىرىنى ئىككىنچى ئادەمنىڭ ئېلىش شەرتى بىلەن بەرگەن بولسا، تىجارەتتە كۆرۈلگەن پايدىنىڭ ئۈچتىن بىرى ئىككىنچى ئادەمگە بېرىلىدۇ، قالغان قىسمى بىرىنچى ئادەم بىلەن مەبلەغ ئىگىسىنىڭ ئارىسىدا يېرىمدىن تەقسىم قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى مەبلەغنى بىرىنچى ئادەمگە بەرگەن ۋاقتىدا ئۇنىڭغا: «سەن ئالغان پايدا، ياكى ساڭا تەۋە بولغان پايدا ئارىمىزدا يېرىمدىن تەقسىم قىلىنىدۇ» دەپ بەرگەن، ئاندىن مەبلەغ ئىگىسى بىرىنچى ئادەمنىڭ مەبلەغنى مەزكۇر مۇئامىلە بىلەن ئىككىنچى ئادەمگە بېرىشىگە رۇخسەت قىلغان، بىرىنچى ئادەم مەبلەغنى ئىككىنچى ئادەمگە چىققان پايدىدىن ئۈچتىن بىرىنى ئىككىنچى ئادەمنىڭ ئېلىش شەرتى بىلەن بەرگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ تىجارەتتە كۆرۈلگەن پايدىنىڭ ئۈچتىن بىرى ئىككىنچى ئادەمگە بېرىلىدۇ، قالغان قىسمى بىرىنچى ئادەم بىلەن مەبلەغ ئىگىسىنىڭ ئارىسىدا يېرىمدىن تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەگەر ئىككىنچى ئادەمگە (تىجارەتتە كۆرۈلگەن پايدىدىن ئۈچتىن بىرى ئەمەس) ئۇنىڭدىن چىقراق ياكى ئازراق بېرىش شەرت قىلىنغان بولسا، پايدىدىن

ئۇنىڭغا شەرت قىلىنغان مىقدارى بېرىلىدۇ، قالغان قىسمى مەبلەغ ئىگىسى بىلەن بىرىنچى ئادەمنىڭ ئارىسىدا يېرىمدىن تەقسىم قىلىنىدۇ.

ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى مەبلەغنى بىرىنچى ئادەمگە بەرگەن ۋاقتىدا ئۇنىڭغا: «سەن ئالغان پايدا ئارىمىزدا يېرىمدىن تەقسىم قىلىنىدۇ» دەپ بەرگەن، ئاندىن مەبلەغ ئىگىسى بىرىنچى ئادەمنىڭ مەبلەغنى مەزكۇر مۇئامىلە بىلەن ئىككىنچى ئادەمگە بېرىشىگە رۇخسەت قىلغان، بىرىنچى ئادەم مەبلەغنى ئىككىنچى ئادەمگە چىققان پايدىنى يېرىمدىن ئۈلۈشۈش شەرتى بىلەن بەرگەن بولسا، تىجارەتتە كۆرۈلگەن پايدىنىڭ يېرىمى ئىككىنچى ئادەمگە بېرىلىدۇ، قالغان يېرىمى بىرىنچى ئادەم بىلەن مەبلەغ ئىگىسىنىڭ ئارىسىدا يېرىمدىن تەقسىم قىلىنىدۇ. چۈنكى، بىرىنچى ئادەمنىڭ تىجارەتتىن ئالغان پايدىسى پەقەت پايدىنىڭ يېرىمىدۇر.

ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى مەبلەغنى بىرىنچى ئادەمگە بەرگەن ۋاقتىدا ئۇنىڭغا: «الله تائالا رىزىق قىلىپ بەرگەن پايدىنىڭ يېرىمى ماڭا تەۋە بولىدۇ، ياكى الله تائالانىڭ مەرھەمەتى بىلەن بېرىلگەن پايدا ئارىمىزدا يېرىمدىن تەقسىم قىلىنىدۇ» دەپ بەرگەن، ئاندىن مەبلەغ ئىگىسى بىرىنچى ئادەمنىڭ مەبلەغنى مەزكۇر مۇئامىلە بىلەن ئىككىنچى ئادەمگە بېرىشىگە رۇخسەت قىلغان، بىرىنچى ئادەم مەبلەغنى ئىككىنچى ئادەمگە چىققان پايدىنى يېرىمدىن ئۈلۈشۈش شەرتى بىلەن بەرگەن بولسا، تىجارەتتە كۆرۈلگەن پايدىنىڭ يېرىمى ئىككىنچى ئادەمگە بېرىلىدۇ، قالغان يېرىمى بولسا مەبلەغ ئىگىسىگە بېرىلىدۇ، بىرىنچى ئادەمگە پايدىدىن ھېچنەرسە بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، بىرىنچى ئادەم ئۆزىگە تەقسىم بولىدىغان پايدىنى ئىككىنچى ئادەمگە شەرت قىلىش يولى بىلەن بېرىۋەتتى.

ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى مەبلەغنى بىرىنچى ئادەمگە بەرگەن ۋاقتىدا ئۇنىڭغا: «الله تائالا رىزىق قىلىپ بەرگەن پايدىنىڭ يېرىمى ماڭا تەۋە بولىدۇ، ياكى الله تائالانىڭ مەرھەمەتى بىلەن بېرىلگەن پايدا ئارىمىزدا يېرىمدىن تەقسىم قىلىنىدۇ» دەپ بەرگەن، ئاندىن بىرىنچى ئادەم مەبلەغنى ئىككىنچى ئادەمگە چىققان پايدىنىڭ ئۈچتىن ئىككىنى ئىككىنچى ئادەمنىڭ ئېلىش شەرتى بىلەن بەرگەن بولسا، تىجارەتتە كۆرۈلگەن پايدىنىڭ يېرىمى مەبلەغ ئىگىسىگە بېرىلىدۇ، بىرىنچى ئادەم قالغان پايدىغا ئۆز يېنىدىن پۇل قوشۇپ ئۇنى پايدىنىڭ ئۈچنىڭ ئىككى قىسمىغا ئايلاندۇرۇپ ئىككىنچى ئادەمگە بېرىدۇ. چۈنكى، بىرىنچى ئادەم ئىككىنچى ئادەمگە پايدىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى بېرىشنى شەرت قىلغان.

ئەگەر كۈچ چىقارغان ئادەم مەبلەغ ئىگىسىگە پايدىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى، تىجارەتتە ئۆزىگە ياردەملىشىپ بېرىدىغان مەبلەغ ئىگىسىنىڭ قۇلىغا پايدىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى

بېرىشنى ۋە ئۆزىمۇ ئۆچتىن بىرىنى ئېلىشنى شەرت قىلغان بولسا، بۇ شەرت توغرا بولىدۇ. بۇ ھالدا ئۇ ئادەم مەبلەغ ئىگىسىگە خۇددى پايدىنىڭ ئىككى قىسمىنى بېرىشنى شەرت قىلغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، مەبلەغ ئىگىسىنىڭ قولىغا بېرىلىدىغان پايدا مەبلەغ ئىگىسىگە تەۋەدۇر.

ئەگەر تىجارەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىلگەن قول مەبلەغ چىقىرىپ يەنە بىر ئادەم كۆچ چىقىرىپ تىجارەت قىلىشقا كېلىشكەن (يەنى مەزكۇر مۇئامىلىگە كېلىشكەن) ۋە ئۇ قول ئۇ ئادەمنىڭ تىجارەتنى ئۆزىنىڭ خوجايىنى بىلەن بىللە قىلىشنى شەرت قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر قول باشقىلارغا قەرزدار بولمىسا، شەرت توغرا ئەمەس. چۈنكى، قولنىڭ قويغان شەرتى خۇددى مەبلەغ ئىگىسىنىڭ كۆچ چىقارغان ئادەم بىلەن بىللە تىجارەت قىلىشنى شەرت قىلغىنىغا ئوخشاش. چۈنكى، قولنىڭ تاپقان پۇلى خوجايىنىغا تەۋەدۇر. (مەبلەغ ئىگىسىنىڭ كۆچ چىقارغان ئادەم بىلەن تىجارەتنى بىللە قىلىشى توغرا ئەمەس). ئەگەر قول باشقىلارغا قەرزدار بولسا، شەرت توغرىدۇر. چۈنكى، بۇ ھالدا قولنىڭ تاپقان پۇلى خوجايىنىغا ئەمەس قەرز ئىگىلىرىگە تەۋە بولىدۇ.

مەبلەغ ئىگىسىنىڭ كۆچ چىقارغان ئادەم بىلەن تىجارەتنى بىللە قىلىشنىڭ شەرت قىلىنىشى مەزكۇر مۇئامىلىنى بۇزىدۇ. چۈنكى، ئۇ شەرت مەبلەغنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنىڭ كۆچ چىقارغان ئادەمگە پۈتۈنلەي بېرىلىشىگە تۇسالغۇ بولىدۇ. شۇڭا ئۇ شەرت مەزكۇر مۇئامىلىنى بۇزىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە كۆچ چىقارغان بىرىنچى ئادەمنىڭ ئىككىنچى ئادەم بىلەن تىجارەتنى بىللە قىلىشنى، ياكى مەبلەغ ئىگىسىنىڭ ئىككىنچى ئادەم بىلەن تىجارەتنى بىللە قىلىشنى شەرت قىلىنىشىمۇ مەزكۇر مۇئامىلىنى بۇزىدۇ. ئەگەر خوجايىنى بىلەن توختام تۈزۈشكەن (يەنى خوجىسىغا مۇئەييەن پۇل ـ مال تۆلەش شەرتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئازاد قىلىنىشىنى تىلەيدىغان) قول مەبلەغ چىقىرىپ يەنە بىر ئادەم كۆچ چىقىرىپ تىجارەت قىلىشقا كېلىشكەن (يەنى مەزكۇر مۇئامىلىگە كېلىشكەن) ۋە خوجايىنىنىڭ تىجارەتنى كۆچ چىقارغان ئادەم بىلەن بىللە قىلىشنى شەرت قىلغان بولسا، بۇ شەرت مەزكۇر مۇئامىلىنى بۇزمايدۇ. ئەگەر خوجايىنى بىلەن توختام تۈزۈشكەن قول خوجايىنى تىجارەتنى باشلاشتىن بۇرۇن (پۇلنى ئۆتەشتىن) ئاجىز كەلگەن ۋە ئۇنىڭ باشقىلارغا قەرزى بولمىغان بولسا، مەزكۇر مۇئامىلە ئەمەلدىن قالىدۇ.

ئەگەر ئىككىنچى ئادەم بىلەن مەزكۇر مۇئامىلىگە پۈتۈشكەن بىرىنچى ئادەم ئىككىنچى ئادەمگە، تىجارەتتىن ئېلىنغان پايدىلارنىڭ بىر قىسمىنى پېقىرلارغا ياكى مىسكىنلەرگە ياكى ھاجىلارغا ياكى بىرىنچى ئادەمنىڭ ئايالىغا ياكى ئۇنىڭ بىلەن توختام تۈزۈشكەن قولىغا بېرىشنى، ياكى قۇللارنى ئازات قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىشنى

شەرت قىلغان بولسا، مەزكۇر مۇئامىلە كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئەمما شەرت توغرا ئەمەس ۋە مەبلەغ ئىگىسىگە شەرت قىلىنغان پايدا بېرىلىدۇ. چۈنكى، بىرىنچى ئادەم ئىككىنچى ئادەمگە مەزكۇر كىشىلەرنىڭ تىجارەتنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە قىلىشنى شەرت قىلمىدى.

ئەگەر تىجارەتتىن ئېلىنغان پايدىنىڭ بىر قىسمى بىرىنچى ئادەم خالىغان كىشىگە بېرىلىش شەرت قىلىنغان، بىرىنچى ئادەم ئۇ پايدىنىڭ ئۆزىگە ياكى مەبلەغ ئىگىسىگە بېرىلىشىنى خالىغان بولسا، شەرت توغرا بولىدۇ. ئەگەر بىرىنچى ئادەم پايدىنىڭ يات بىرىگە بېرىلىشىنى خالىغان بولسا، شەرت توغرا بولمايدۇ.[1]

## مەزكۇر مۇئامىلىنىڭ ئەمەلدىن قېلىشىنىڭ بايانى

مەزكۇر مۇئامىلە ياكى مەبلەغ ئىگىسىنىڭ ياكى كۈچ چىقارغان ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئەمەلدىن قالىدۇ. چۈنكى، ئۇ مۇئامىلە بىر مەنادا ۋەكىللىك ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە مەزكۇر مۇئامىلە ئىككى ئادەمنىڭ بىرىنىڭ يەنە بىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى، ياكى بىرىگە (ئۇنىڭ تەسەررۇپ قىلىشلىرىغا) چەكلىمىگە قويۇلۇشى، ياكى بىرىنىڭ پۈتۈنلەي ساراڭ بولۇپ قېلىشى بىلەنمۇ ئەمەلدىن قالىدۇ.

ئەگەر مەبلەغ مالغا ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن كۈچ چىقارغان ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، مالنى ئۇ ئادەمنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تەيىن قىلىنغان كىشى ساتىدۇ. ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى مەبلەغ مالغا ئايلىنىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، كۈچ چىقارغان ئادەم مەبلەغ بىلەن تىجارەت قىلالمايدۇ. ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى مەبلەغ مالغا ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، كۈچ چىقارغان ئادەم مالنى مەبلەغ ئىگىسىنىڭ يۇرتىدىن باشقا يەرگە ئېلىپ چىقالمايدۇ. لېكىن ئۇ ئادەم مالنى خالىسا مالغا ياكى پۇلغا ساتالايدۇ.

مەزكۇر مۇئامىلە يەنە مەبلەغ ئىگىسىنىڭ (اللہ تائالا ساقلىسۇن!) ئىسلام دىنىدىن يېنىۋېلىپ كاپىرلارنىڭ يۇرتىغا كىرىپ كېتىشى بىلەنمۇ ئەمەلدىن قالىدۇ. ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى كاپىر يۇرتىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن مۇسۇلمانلىققا قايتىپ (ئۆزىنىڭ يۇرتىغا) يېنىپ چىققان بولسا، مەبلەغ ئىگىسىنىڭ كاپىر يۇرتىغا كىرىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە مەيلى ھۆكۈم چىقىرىلسۇن مەيلى ھۆكۈم چىقىرىلمىسۇن مەزكۇر مۇئامىلە بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىدۇ. ئەمما بىرىنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان ئادەم ئىسلام دىنىدىن يېنىۋېلىپ كاپىرلارنىڭ يۇرتىغا كىرىپ كەتكەن، ئاندىن

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 488 ـ بەت.

مۇسۇلمانلىقتا قايتىپ (ئۆزىنىڭ يۇرتىغا) يېنىپ چىققان بولسا، ۋەكىللىك بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتمايدۇ. بۇنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، بىرىنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان ئادەمنىڭ قولىدىن تەسەررۇپ قىلىش ھەققى چىقىپ كېتىدۇ. شۇڭا ۋەكىللىككە تەيىن قىلىنغان كىشىنىڭ تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقى يوق بولىدۇ. ئەمما كۈچ چىقارغان ئادەمنىڭ تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقى بار. شۇڭا مەبلەغ ئىگىسى مۇسۇلمانلىقتا قايتىپ يۇرتىغا يېنىپ چىقسا، مەزكۇر مۇئامىلە بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىدۇ.

ئەگەر كۈچ چىقارغان ئادەم ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغان بولسا، مەزكۇر مۇئامىلە بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن، ياكى ئۆلتۈرۈلگەن، ياكى ئىسلام دىنىدىن يېنىۋېلىپ كاپىر يۇرتىغا كىرىپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭ كاپىر يۇرتىغا كىرىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىلغان بولسا، مەزكۇر مۇئامىلە بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ (ئىسلامدىن يېنىۋالغان، لېكىن كاپىر يۇرتىغا كىرىپ كېتىشتىن بۇرۇن) قىلغان تەسەررۇپلىرى كۈچكە ئىگىدۇر. ئۇنىڭ (مال سېتىش ياكى ئېلىش جەريانىدا باشقىلار بىلەن تۈزۈشكەن) شەرتلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى مەبلەغ ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر.

ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغان، ئەمما تېخى كاپىر يۇرتىغا كىرىپ كەتمىگەن بولسا، كۈچ چىقارغان ئادەمنىڭ قىلغان تەسەررۇپلىرىنىڭ (كۈچكە ئىگە بولۇش ياكى بولماسلىقى) ئۇنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە باغلىقتۇر. ئايال كىشى مەيلى مەبلەغ ئىگىسى بولسۇن مەيلى كۈچ چىقارغان تەرەپ بولسۇن ئۇ ئايال كىشىنىڭ ئىسلام دىنىدىن يېنىۋېلىشى (مەزكۇر مۇئامىلىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىگە) تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. چۈنكى، ئايال كىشىنىڭ دىنىدىن يېنىۋېلىشى ئۇنىڭ مال - مۈلكىگە تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭ تەسەررۇپلىرىغىمۇ تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال ئۆلۈپ كەتكەن، ياكى ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغاندىن كېيىن كاپىر يۇرتىغا كىرىپ كەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كاپىر يۇرتىغا كىرىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىلغان بولسا، مەزكۇر مۇئامىلىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى كۈچ چىقارغان ئادەمنى مەزكۇر مۇئامىلىدىن چىقىرۋاتقان ۋە كۈچ چىقارغان ئادەم بۇ خەۋەرنى ئىككى كىشىدىن ياكى ئادىل بىر كىشىدىن، ياكى ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن بىر ئەلچىدىن ئاڭلىغان بولسا، ئۇ ئادەم مەزكۇر مۇئامىلىدىن چىقىپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ۋەكىلنىڭ ئورنىدىدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ مەزكۇر مۇئامىلىدىن چىقىرۋېتىلگەنلىكىنى ئاڭلىمىغان بولسا، ئۇ ئادەم مەزكۇر مۇئامىلىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ.

ئەگەر كۈچ چىقارغان ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇ مۇئامىلىدىن چىقىرۋېتىلگەنلىكىنى بىلگەن،

ئۇنىڭ چىقىرىۋېتىلىشى ھۆكمەن بولغان، يەنى مەبلەغ ئىگىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىك سەۋەبى بىلەن بولغان، ياكى دىندىن يېنىۋېلىپ كاپىر يۇرتىغا كىرىپ كەتكەن، ئاندىن بۇ ھەقتە ھۆكۈم چىقىرىلغانلىق سەۋەبى بىلەن مەزكۇر مۇئامىلە بۇزۇلۇپ كېتىپ ئۇ ئادەم ئۇ مۇئامىلىدىن چىقىرىۋېتىلگەن، ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا كىرگەن ۋاقىتدا مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە مەبلەغ كۈمۈشتىن ياسالغان پۇل بولغان ۋە ئۇنىڭدىن ھۆكمەن چىقىرۋېتىلگەن چاغدا ئۇنىڭ قولىدا ئالتۇندىن ياسالغان پۇل قالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن ئالتۇندىن ياسالغان پۇلغا كۈمۈشتىن ياسالغان پۇل سېتىپ ئالالايدۇ. چۈنكى، كۈمۈشتىن ياسالغان پۇل بىلەن ئالتۇندىن ياسالغان پۇل بىر جىنىستىندۇر. ئۇ ئادەمنىڭ چىقىرۋېتىلىشى ئالتۇندىن ياسالغان پۇلغا كۈمۈشتىن ياسالغان پۇلنى سېتىپ ئېلىشىغا توسالغۇ بولمايدۇ. لېكىن، ئۇ ئادەم كۈمۈشتىن ياسالغان پۇلنى سېتىپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ پۇلنى تەسەررۇپ قىلالمايدۇ. شۇنىڭدەك مەزكۇر مۇئامىلىنىڭ مەبلەغى كۈمۈشتىن ياكى ئالتۇندىن ياسالغان پۇل بولغان بولسا، ئۇنىڭدىن ھۆكمەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن كۈمۈشنى سېتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا كۆمۈش، ياكى ئالتۇن سېتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئالتۇن سېتىپ ئالالمايدۇ.

ئەگەر مەزكۇر مۇئامىلىدە مەبلەغ ئىگىسى كۈچ چىقارغان ئادەمگە مەلۇم مىقداردا تىللا بەرگەن، ئاندىن ئۇلار (بىر مۇددەتتىن كېيىن) مالنى ئارىلىرىدا تەقسىم قىلىشماقچى بولغان بولسا، مەبلەغ ئىگىسى، خالىسا بۇرۇن بەرگەن تىللالىرىنىڭ ئۆزىنى قايتۇرۇپ ئېلىۋالىدۇ، ئەگەر ئۇ تىللانىڭ ئۆزىنى ئەمەس باشقا مال ئالماقچى بولسا، تىللانىڭ قىممىتىدە باشقا مالدىن ئالىدۇ. تىللانىڭ قىممىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن تىللانى مەزكۇر مۇئامىلە ئۈچۈن بەرگەن ۋاقتىدىكى ئەمەس ئۇ مۇئامىلىگە تەۋە مالنى تەقسىم قىلىشقان ۋاقتىدىكى تىللانىڭ قىممىتى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. بۇ مۇھىم مەسىلىدۇر. چۈنكى، مەبلەغ ئىگىسى كۈچ چىقارغان ئادەمگە مەلۇم مىقداردا تىللا مەسىلەن **1000** تىللا بېرىدۇ، تىللانىڭ قىممىتى ئۆسۈپ كېتىدۇ، ئاندىن (ماللار تەقسىم قىلىنغان ۋاقتىدا) **1000** تىللانىڭ قىممىتىنى ئەمەس ئۇنىڭ ئۆزىنى ئالماقچى بولسا، شۇنداق قىلالايدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن مەسىلىلەردىن مەبلەغ ئىگىسى ئەگەر مەزكۇر مۇئامىلىگە قاتقان پۇلنىڭ مىقدارىنى ۋە ئۇنىڭ تۈرىنى ئېنىق بىلىدىغان بولسا، مەبلەغ ئىگىسى (ئۇ مۇئامىلىگە تەۋە ماللار تەقسىم قىلىنغان چاغدا خالىسا) ئۇ پۇلنىڭ ئۆزىنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. مەبلەغ ئىگىسى ئەگەر ئۇ پۇلنىڭ ئۆزىنى ئەمەس ئۇنىڭ قىممىتىدە مال ئالماقچى بولسا، مالنى ئۇ پۇلنىڭ ئۇلار ئايرىلىشقان كۈندىكى قىممىتىنى ئېتىبارغا ئېلىپ تۈرۈپ ھېسابلاپ ئالىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى مەزكۇر مۇئامىلىگە بەرگەن پۇلنىڭ تۈرىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى سەۋەبى

بىلەن پۇلىنىڭ ئۆزىنى ئەمەس ئۇنىڭ قىممىتىدە مال ئالماقچى بولسا، بۇ ھالدىمۇ مالنى ئۇ پۇلنىڭ ئۇلار ئايرىلىشقان كۈندىكى قىممىتىنى ئېتىبارغا ئېلىپ تۇرۇپ ھېسابلاپ ئالىدۇ.

مەبلەغ مالغا ئايلىنىپ مال ھالىتىدە تۇرىۋاتقان چاغدا مەبلەغ ئىگىسى مەزكۇر مۇئامىلىنى بۇزىۋاتالمايدۇ. چۈنكى، كۈچ چىقارغان ئادەمنىڭ ئۇ مالنى سېتىپ پايدا ئېلىش ھەققى بار. ھەتتا مەبلەغ ئىگىسىنىڭ مەبلەغ مالغا ئايلىنىپ مال ھالىتىدە تۇرىۋاتقان چاغدا كۈچ چىقارغان ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىشىغا چەكلىمە قويۇش ھەققىمۇ يوق. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىغا چەكلىمە قويۇش بىر مەنادا ئۇنى مەزكۇر مۇئامىلىدىن چىقىرىۋەتكەنلىكتۇر. ئەمما باشقا شېرىكچىلىك بىلەن شېرىكلەشكەن كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن مەبلىغى مالغا ئايلىنىپ مال ھالىتىدە تۇرىۋاتقان چاغدا شېرىكچىلىكنى بۇزماقچى بولغانلار بولسا، شېرىكچىلىكنى بۇزالايدۇ ۋە شۇنداق قىلىش توغرا بولىدۇ.

ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى بىلەن كۈچ چىقارغان ئادەم مەزكۇر مۇئامىلىدىن ئايرىلىپ كەتكەن، ئۇ مۇئامىلىگە تەۋە پايدا ۋە باشقىلاردىن ئالىدىغان قەرز پۇلى بولغان بولسا، كۈچ چىقارغان ئادەم ئۆزلىرىنىڭ باشقىلاردىكى قەرز پۇلىنى يىغىشقا مەجبۇرلىنىدۇ. چۈنكى، مەزكۇر مۇئامىلىدە كۈچ چىقارغان ئادەم خۇددى ئىجارىگە ئېلىنغۇچىغا ۋە ئۇ مۇئامىلىدىن ئېلىنغان پايدا خۇددى ئىجارىدىن كىرگەن كىرىمگە ئوخشاشتۇر. ئۇ ئادەمنىڭ كىشىلەرنىڭ ئۈستىدىكى مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە قەرز پۇلنى تەلەپ قىلىپ ئېلىشى ئۇ ئادەم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر. شۇڭا ئۇ ئادەم قەرز پۇللارنى سۈيلەپ ئېلىشقا مەجبۇرلىنىدۇ. ئەگەر مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە پايدا پۇل بولمىغان بولسا، ئۇ ئادەم كىشىلەردىكى مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە قەرز پۇللارنى سۈيلەپ ئېلىشقا مەجبۇرلانمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم بۇ ھالەتتە تىجارەتنى كۆڭلىدىن چىقىرىپ قىلىشىپ بەرگەن ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئادەم مەبلەغ ئىگىسىنى قەرز پۇلنى يىغىشقا ۋەكىل قىلىپ قويۇشقا بۇيرۇلىدۇ. سودا ـ سېتىق قىلىشقا تەيىن قىلىنغان ۋەكىل ۋە تىجارەتتە ئېلىنغان پايدىنىڭ ھەممىسى مال ئىگىسىگە بولۇش شەرتى بىلەن مال ئىگىسىدىن دەسمايە ئالغان كىشىمۇ مەبلەغ ئىگىسىنى قەرز پۇلنى يىغىشقا ۋەكىل قىلىپ قويۇشقا بۇيرۇلىدۇ.

ئەگەر مەزكۇر مۇئامىلىدە كۆرۈلگەن پايدا ئاز بولغان تەقدىردىمۇ كۈچ چىقارغان ئادەم كىشىلەردىكى قەرز پۇللارنى يىغىشقا مەجبۇرلىنىدۇ. قەرزنى سۈيلەپ يىغىش ئۈچۈن كەتكەن چىقىملار كۈچ چىقارغان ئادەمگە بولىدۇ. بۇ ئەگەر قەرز ئالغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شەھەردە بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر قەرزدارلار شەھەرنىڭ سىرتىدا ئولتۇرۇۋاتقان بولسا، قەرزنى يىغىش ئۈچۈن كەتكەن چىقىملار

مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە پۇللاردىن قىلىنىدۇ. كۆچ چىقارغان ئادەم قەرزلەرنى يېغىش ئۈچۈن نۇرغۇن سەپەر قىلىپ ۋە بارغان يەردە ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ قېلىپ چىقىم قەرز پۇلدىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، چىقىمغا كەتكەن پۇللار قەرز پۇلدىن تولۇقلىنىدۇ ۋە كەم قالغان قىسمىنى كۆچ چىقارغان ئادەم ئۆز يېنىدىن تولۇقلايدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ساتقۇچى بىلەن سېتىپ ئالغۇچىنىڭ ئارىسىدا ۋاستە بولغان بىدىك سېتىپ ئالغۇچىدىن پۇلنى ئېلىپ بېرىشكە مەجبۇرلىنىدۇ. دەللالمۇ شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىنىدۇ. چۈنكى، بۇلار ئىشنى ئىش ھەققى ئېلىپ قىلىدۇ.

بىر نەرسە ئېلىپ ـ سېتىش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ئىجارىگە ئېلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئېلىپ ـ سېتىش ئۇ ئادەمنىڭ قولىدىكى ئىش ئەمەس. ئېلىپ ـ سېتىش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ئىجارىگە ئېلىشنىڭ يولى بولسا، ئۇ ئادەم مەلۇم مۇددەت ئىشلەش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىنىدۇ، ئاندىن بىر نەرسە ئېلىپ ـ سېتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە مال يوقۇپ كەتكەن ياكى ئوغرىلىنىپ كېتىلگەن بولسا، زىيان پايدىدىن تۆلەپ بېرىلىدۇ. ئەگەر زىيان ئېلىنغان پايدىدىن كۆپ بولسا، زىيان مەيلى ئۇ ئادەمنىڭ ئادەتتە تىجارەتچىلەر قىلىدىغان ئىشلارنى قىلغانلىق سەۋەبى بىلەن كۆرۈلسۇن مەيلى باشقا ئىشلارنى قىلغانلىق سەۋەبى بىلەن كۆرۈلسۇن زىياننى كۆچ چىقارغان ئادەم تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئەگەر مەزكۇر مۇئامىلە شەرتىگە توشمىغان مۇئامىلە بولغان ئەھۋالدىمۇ زىياننى كۆچ چىقارغان ئادەم تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، كۆچ چىقارغان ئادەم ئىشەنچىلىك دەپ قارىلىدۇ.

ئەگەر مال كۆچ چىقارغان ئادەمنىڭ دۈشمەنلىك قىلىشى بىلەن يوقۇپ كەتكەن، ياكى ئوغرىلىنىپ كېتىلگەن بولسا، ئۇ ئادەم مالنى تۆلەپ بېرىدۇ.

ئەگەر تىجارەتتىن ئېلىنغان پايدا مەبلەغ ئىگىسى بىلەن كۆچ چىقارغان ئادەمنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىنغان ۋە مەزكۇر مۇئامىلە داۋام قىلىۋاتقان، ئاندىن ئۇ مۇئامىلىگە تەۋە مالنىڭ ھەممىسى ياكى بىر قىسمى زىيانغا ئۇچراپ كەتكەن بولسا، ئۇلار تەقسىم قىلىشقان پايدىنى قايتۇرۇپ بېرىشىدۇ، قايتۇرۇپ بېرىلگەن پۇلدىن مەبلەغ ئىگىسى دەسمايىنى ئېلىۋالىدۇ. مەبلەغ ئىگىسى دەسمايىنى ئېلىۋېلىپ بولغاندىن كېيىن ئېشىپ قالغان پۇل ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ پۇل مەبلەغ ئىگىسىنىڭ دەسمايىسىغا يەتمىسە، كەم قالغان قىسمىنى كۆچ چىقارغان ئادەم تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنۈمىزدەك كۆچ چىقارغان ئادەم ئىشەنچىلىك ئادەم دەپ قارىلىدۇ.

ئەگەر تىجارەتتىن ئېلىنغان پايدا مەبلەغ ئىگىسى بىلەن كۆچ چىقارغان ئادەمنىڭ

ئارىسىدا تەقسىم قىلىنغان ۋە مەزكۇر مۇئامىلە بۇزۇلۇپ كەتكەن، مەبلەغ كۈچ چىقارغان ئادەمنىڭ قولىدا قالغان، ئاندىن ئۇلار تەكرار مەزكۇر مۇئامىلىنى تۈزۈشكەن، ئاندىن ئۇ مۇئامىلىگە تەۋە مالنىڭ ھەممىسى ياكى بىر قىسمى زىيانغا ئۇچراپ كەتكەن بولسا، ئۇلار تەقسىم قىلىشىپ بولغان پايدىنى قايتۇرۇشمايدۇ ۋە مۇئامىلە داۋام قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ يېڭىدىن قۇرۇلغان مۇئامىلە ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر كۈچ چىقارغان ئادەم پايدا تەقسىم قىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن دەسمايىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەنلىك سەۋەبى بىلەن مەبلەغ ئىگىسىنىڭ تەقسىم قىلىنىپ بولۇنغان پايدىنى ئېلىۋېلىشىدىن قورقسا، پايدا تەقسىم قىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن مەزكۇر مۇئامىلىنى بۇزۇۋېتىپ ئۇنى يەنە تەكرار تۈزۈشۈش مەبلەغ ئىگىسىنىڭ تەقسىم قىلىنىپ بولۇنغان پايدىنى ئېلىۋېلىشىدىن قوتۇلۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ھىلىسىدۇر. بۇ ھىلىنىڭ توغرا بولۇشى كۈچ چىقارغان ئادەمنىڭ دەسمايىنى مەبلەغ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە قاراشلىق ئەمەستۇر.(1)

## مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە مەبلەغنى مەبلەغ ئىگىسىگە بېرىشنىڭ ھۆكمى

مەزكۇر مۇئامىلە، مەبلەغنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى مەبلەغ ئىگىسىگە ئۇ مۇئامىلىگە تەۋە مال سۇپۇتىدە ئەمەس (نورمال) مال سۇپۇتىدە بېرىش بىلەن بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر كۈچ چىقارغان ئادەم ئۇ مۇئامىلىگە تەۋە مەبلەغدىن مەبلەغ ئىگىسىگە نورمال مال سۈپۈتىدە بىر نەرسە بەرگەن، ئاندىن مەبلەغ ئىگىسى ئۇ مەبلەغ بىلەن بىر نەرسە سېتىپ ئېلىپ ئۇنى ساتقان بولسا، مەزكۇر مۇئامىلە بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئىماملارنىڭ قارىشىدۇر. ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ ئىماملىرىدىن ئىمام زۇپەر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): « مۇئامىلە بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، مەبلەغ ئىگىسى ئۆزىنىڭ مۈلكىدە تەسەررۇپ قىلغان بولىدۇ. مەبلەغ ئىگىسى ئۇ مالنى تەسەررۇپ قىلىشتا كۈچ چىقارغان ئادەمنىڭ ئورنىدا ۋەكىل بولالمايدۇ. شۇڭا مەبلەغ ئىگىسى ئۇ مەبلەغنى قولىغا ئېلىش بىلەن ئۇ مۇئامىلىگە تەۋە مەبلەغنى قايتۇرۇپ ئېلىۋالغان ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر مۇئامىلىدە مەبلەغ ئىگىسىنىڭ تىجارەتنى كۈچ چىقارغان ئادەم بىلەن بىللە قىلىشى شەرت قىلىنسا، مۇئامىلە توغرا بولمايدۇ » دېدى.

يۇقىرىدىكى ئىماملارنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، مەبلەغ ئىگىسى مەبلەغنى كۈچ

---

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 490 ـ بەت.

چىقارغان ئادەمگە تاپشۇرۇپ بەردى. مەبلەغنى ئىشلىتىش ھوقۇقى كۆچ چىقارغان ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. شۇڭا مەبلەغ ئىگىسى ئۇ مالنى تەسەررۇپ قىلىشتا كۆچ چىقارغان ئادەمنىڭ ئورنىدا ۋەكىل ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەبلەغ ئىگىسى مەبلەغنى قايتۇرۇپ ئېلىۋالغان ھېسابلانمايدۇ. ئەمما مەزكۇر مۇئامىلىدە مەبلەغ ئىگىسىنىڭ تىجارەتنى كۆچ چىقارغان ئادەم بىلەن بىللە قىلىشنى شەرت قىلىشى ئۇ مەسىلىگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، مەبلەغ ئىگىسىنىڭ تىجارەتنى كۆچ چىقارغان ئادەم بىلەن بىللە قىلىشنى شەرت قىلىشى مەبلەغنىڭ كۆچ چىقارغان ئادەمگە تولۇق تاپشۇرۇپ بېرىلىشىگە ۋە مەبلەغنى تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقىنىڭ كۆچ چىقارغان ئادەمنىڭ قولىغا تولۇق ئۆتۈشىگە توسالغۇ بولىدۇ. ئۇ مەسىلە يەنە ئۇ مۇئامىلىگە تەۋە مەبلەغنى مەبلەغ ئىگىسى بىلەن مەزكۇر شەكىلدە مۇئامىلە تۈزۈشۈپ مەبلەغ ئىگىسىگە بېرىش ئىشىغىمۇ ئوخشىمايدۇ. مەبلەغ ئىگىسى بىلەن مەزكۇر شەكىلدە مۇئامىلە تۈزۈشۈپ مەبلەغنى ئۇنىڭغا بېرىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، مەزكۇر مۇئامىلە بىرىنىڭ مەبلەغ چىقىرىش ۋە يەنە بىرىنىڭ كۆچ چىقىرىش ئاساسىغا قۇرۇلغاندۇر. ئەگەر ئۇ مۇئامىلىگە تەۋە مەبلەغ مەبلەغ ئىگىسى بىلەن مەزكۇر شەكىلدە مۇئامىلە تۈزۈشۈپ مەبلەغ ئىگىسىگە بېرىلسە، ئۇ مۇئامىلىنىڭ ئەسلى شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ مۇئامىلىگە تەۋە مەبلەغنى مەبلەغ ئىگىسى بىلەن مەزكۇر شەكىلدە مۇئامىلە تۈزۈشۈپ ئۇنىڭغا بېرىش توغرا بولمىسا، مەبلەغ ئىگىسىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى كۆچ چىقارغان ئادەمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قىلىنغان بولىدۇ. شۇڭا مەبلەغ ئىگىسىنىڭ كۆچ چىقارغان ئادەم بىلەن بۇرۇن تۈزۈشكەن مۇئامىلىسى بۇزۇلۇپ كەتمىگەن ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە مالنى كۆچ چىقارغان ئادەمنىڭ رۇخسىتىسىز ئېلىپ سېتىپ ئۇنىڭغا بىر نەرسە سېتىپ ئالغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى كۆچ چىقارغان ئادەمنىڭ رۇخسىتىسىز ئېلىۋالغان نەرسە نەق پۇل بولغان بولسا، مۇئامىلە بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، مەبلەغ ئىگىسى تىجارەتنى ئۆزى ئۈچۈن قىلغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى كۆچ چىقارغان ئادەمنىڭ رۇخسىتىسىز ئېلىۋالغان نەرسە مال بولغان بولسا، مۇئامىلە بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، مۇئامىلىنىڭ دەسمايىسى مالغا ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن مەبلەغ ئىگىسى ئۇ مۇئامىلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۋاتقانلىقىنى ئوچۇق دېسىمۇ ئۇ مۇئامىلە بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. شۇڭا مەبلەغ ئىگىسى كۆچ چىقارغان ئادەمنىڭ رۇخسىتىسىز ئېلىۋالغان نەرسە مال بولغان بولسا، ئەلۋەتتە مۇئامىلە بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى مۇئامىلىگە تەۋە مالنى نەق پۇلغا پايدىسىغا ساتقان، ئاندىن ئۇ پۇلغا مال سېتىپ ئېلىپ (ئۇنى يەنە پايدىسىغا ساتقان) بولسا، كۆچ چىقارغان ئادەمگە

بىرىنچى قېتىملىق پايدىدىن پېيى بۆلۈپ بېرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىككىنچى قېتىملىق پايدىدىن بۆلۈپ بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، مەبلەغ ئىگىسىنىڭ ئۇ مۇئامىلىگە تەۋە مالنى ئېلىۋېلىپ سېتىپ پۇلغا ئايلاندۇرۇشى مەزكۇر مۇئامىلىنى بۇزغانلىق بولىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئۇ پۇلغا سېتىۋالغان نەرسىسى ئۆزىگە تەۋە بولىدۇ. (شۇڭا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان پايدا مەبلەغ ئىگىسىنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ). ئەگەر ئۇ مۇئامىلىگە تەۋە مال كەمچە بىلەن كەمچىلىندىغان، ياكى تارازا بىلەن تارتىلىدىغان مال بولغان ۋە مەبلەغ ئىگىسى ئۇنى ئېلىۋېلىپ ئۆز خىلىدىكى مالغا پايدىسىغا ساتقان بولسا، بۇنىڭدىن ئېلىنغان پايدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كېلىشكەن شەرت بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ.[1]

# كۈچ چىقارغان ئادەمنىڭ سەپەردە كەتكەن چىقىمى

ئەگەر كۈچ چىقارغان ئادەم بىر كۈنلۈك بولسىمۇ شۇ كۈنى ئۆيىگە قايتىپ كېلەلمەيدىغان بىر يەرگە سەپەر قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمگە سەپەرنىڭ چىقىملىرى مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە مالدىن بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ سەپەردىن كېچىدە بولسىمۇ شۇ كۈنى قايتىپ كېلىشى مۇمكىن بولسا، ئۇ ئادەمگە سەپەرنىڭ چىقىملىرى ئۇ مۇئامىلىگە تەۋە مالدىن بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمگە سەپەرنىڭ چىقىمىنىڭ بېرىلىشى ئۇنىڭ ئۇ مۇئامىلىنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن باشقا يەردە قونۇپ قېلىشىدۇر. بۇ سەپەرنىڭ دىنىي سەپەر بولۇشى لازىم ئەمەس.

ئۇ ئادەمگە بېرىلىدىغان چىقىمنىڭ ئىچىگە ئۇنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرى، كىيىم ـ كېچەكلىرى، كىرا پۇللىرى ۋە ئادەتتە بىر تىجارەتچى ئېھتىياجلىق بولىدىغان ھەممە نەرسىنىڭ چىقىملىرى كىرىپ كېتىدۇ. بۇ ئەگەر مۇئامىلە توغرا شەكىلدە بولغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر مۇئامىلە شەرتىگە توشمىغان مۇئامىلە بولسا، ئۇ ئادەمگە سەپەرنىڭ چىقىملىرى بېرىلمەيدۇ. بۇ ھالدا ئۇ ئىجارىگە ئېلىنغان ئادەم ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ ھۆكمى ۋەكىلنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش بولىدۇ. شېرىكچىلىكتە سەپەر قىلغان شېرىكنىڭ چىقىملىرىنى شىركەتتىن بېرىش ياكى بەرمەسلىك ھەققىدە ئىختىلاپ بار. <ئەلنىھايە> دېگەن كىتابتا، شېرىكچىلىكتىمۇ سەپەر قىلغان شېرىككە چىقىملىرىنى بېرىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكى ئوچۇق بايان قىلىنىدى. ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بۇ ئىستىھسان قائىدىسىدۇر» دېدى. ئەگەر ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن شېرىكچىلىكتىمۇ سەپەر قىلغان شېرىككە چىقىملىرىنى بېرىش ۋاجىپ بولسا، بۇنىڭغا ئەمەل قىلىش

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 490 ـ بەت.

لازىمدۇر.

كۈچ چىقارغان ئادەم مەيلى شۇ يەردە تۇغۇلغان بولسۇن مەيلى ئۇ يەرگە كېيىن كەلگەن بولسۇن بىر شەھەرگە ئورۇنلاشقان بولسا، چىقىملىرىنى ئۆزىنىڭ يېنىدىن قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم بىر شەھەردە تۇرۇشنى نىيەت قىلغان، لېكىن ئۇ شەھەردە ئۆي تۇتمىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئۇ شەھەردە تۇرۇش جەريانىدا كەتكەن چىقىملار بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم مۇئامىلىگە تەۋە مەبلەغنى ئاشۇ شەھەردە تاپشۇرۇپ ئالغان بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ شەھەردە تۇرغان مۇددەت ئىچىدە چىقىم تۆلەپ بېرىلمەيدۇ.

ئەگەر كۈچ چىقارغان ئادەم خوتەنلىك بولۇپ مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە مەبلەغنى (مەبلەغ ئىگىسىدىن) قەشقەرگە كېلىپ ئېلىۋالغان بولسا، ئۇ ئادەم قەشقەردە تۇرغان مۇددەت ئىچىدە ئۇنىڭ چىقىملىرى مۇئامىلىگە تەۋە مەبلەغدىن بېرىلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم سەپەر قىلىپ خوتەنگە ماڭغان بولسا، ئۇنىڭغا خوتەنگە كېلىپ بولغىچە يولدا كېتىدىغان چىقىم بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ خوتەنگە سەپەر قىلىشى ئۇ مۇئامىلە ئۈچۈندۇر. ئۇ ئادەمنىڭ خوتەندە تۇرغان مۇددەت ئىچىدە كەتكەن چىقىملىرى بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، خوتەن ئۇ ئادەمنىڭ ئەسلى يۇرتىدۇر. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ خوتەندە تۇرۇشى مال ئۈچۈن ئەمەس ئۆزىنىڭ يۇرتى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئەگەر ئۇ ئادەم قەشقەرگە كېلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىققان بولسا، ئۇنىڭغا تاكى قەشقەرگە كېلىپ بولغىچە كېتىدىغان چىقىم تۆلەپ بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ قەشقەرگە كېلىشى مال ئۈچۈندۇر. ئۇ ئادەمگە تاكى خوتەنگە قايتقىچە قەشقەردە تورغان جەريانىدا كەتكەن چىقىملار تۆلەپ بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ (دەسلەپ) قەشقەردە تۇرۇشى (ئۇ يەردە ئورۇنلىشىپ قالغانلىق ئەمەس) ۋاقىتلىق تۇرۇش ئىدى. ئۇ ئادەم خوتەنگە قايتىپ كېلىش بىلەن بۇرۇن قەشقەردە تۇرغانلىقى ئىناۋەتسىز بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم قەشقەرگە تەكرار كەلگەن ۋە ئۇ يەردە تۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەۋە بىر ئورۇن بولمىسا، ئۇنىڭ قەشقەردە تۇرۇشى مال ئۈچۈن بولىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالايمىزكى، ئەگەر ئۇنىڭ قەشقەردە ئۆزىگە تەۋە بىر ئورۇنى بولسا، ئۇنىڭغا پەقەت خوتەن بىلەن قەشقەرنىڭ ئارىسىدىكى يولغا كەتكەن چىقىملارلا تۆلەپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭغا قەشقەردە تورغان جەريانىدا كەتكەن چىقىملار تۆلەپ بېرىلمەيدۇ.[1]

ئەگەر كۈچ چىقارغان ئادەم ئۆزىگە تەۋە مال بىلەن مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە مالنى ئېلىپ سەپەرگە چىققان، ياكى مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە مالنى مەبلەغ ئىگىسىنىڭ رۇخستى بىلەن، ياكى شۇنداق قىلىش ھەققىدە كىشىلەر ئارىسىدا ئومۇملىشىپ كەتكەن ئۆرپ ـ ئادەتكە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئارىلاشتۇرغان، ياكى ئىككى ئادەمنىڭ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 490 ـ بەت.

مال ـ مۈلكىنى بىر ـ بىرىگە ئارىلاشتۇرغان بولسا، كەتكەن چىقىملار مالغا تەقسىم قىلىنىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە تەۋە مالغا مۇئامىلىگە تەۋە مالنى ئارىلاشتۇرۇشى بىلەن مۇئامىلە ئىگىدارچىلىق شېرىكچىلىكىگە ئايلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنداق قىلىش مەزكۇر مۇئامىلىگە زىت ئەمەستۇر.

ئەگەر كۈچ چىقارغان ئادەم سەپەردە كەتكەن چىقىملارنى مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە پۇلدىن ئېلىۋېلىش ئۈچۈن چىقىمنى ئۆزىنىڭ يېنىدىن قىلغان بولسا، ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشمۇ توغرىدۇر. ئەگەر مۇئامىلىگە تەۋە مال زىيانغا ئۇچراپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم كەتكەن چىقىمنى مەبلەغ ئىگىسىدىن ئالالمايدۇ.

ئەگەر كۈچ چىقارغان ئادەم مەبلەغ ئىگىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن سەپەردىن قايتقان بولسا، ئۆزىنىڭ ۋە قۇلىنىڭ چىقىملىرىنى مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە مالدىن قىلسا بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى ئۇ ئادەمنى چىقىمنى مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە مالدىن قىلىشتىن چەكلەپ خەت يازغان بولسىمۇ ئۇ ئادەم چىقىمنى مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە مالدىن قىلسا بولىدۇ. چۈنكى، مەبلەغ نەق پۇلغا ئايلاندى ۋە ئۇ ئادەم سەپەردىن قايتىش ئۈچۈن كېتىدىغان چىقىمنى ئۇ مۇئامىلىگە تەۋە مەبلەغدىن قىلمىدى.

كۈچ چىقارغان ئادەم مەبلەغدىن قانچىلىك چىقىم قىلغان بولسا، مەبلەغ ئىگىسى ئېلىنغان پايدىدىن شۇنچىلىك ئېلىۋالىدۇ. ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى چىقىمغا كەتكەن پۇلنى پايدىدىن ئېلىۋېلىپ بولغاندىن كېيىن قالغان پايدا پۇلنى ئارىلىرىدا كېلىشكەن شەرت بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ. چۈنكى، كۈچ چىقارغان ئادەم چىقىم قىلغان پۇل خۇددى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن پۇلغا ئوخشاش. زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن پۇلنىڭ ئورنى پايدىدىن تولۇقلىنىدۇ. ئەگەر تىجارەتتىن پايدا ئېلىنمىسا، كۈچ چىقارغان ئادەمگە كەتكەن چىقىمنى ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. مەسىلەن: مەبلەغ ئىگىسى كۈچ چىقارغان ئادەمگە **1000** سوم بەرگەن، كۈچ چىقارغان ئادەم سەپەر چىقىمى ئۈچۈن **100** سوم خەجلىگەن ۋە تىجارەتتە **100** سوم پايدا تاپقان بولسا، مەبلەغ ئىگىسى مەبلەغدىن خەجلەنگەن **100** سومنىڭ ئورنىغا **100** سوم پايدا پۇلنى ئالىدۇ. ئەگەر تىجارەتتە **200** سوم پايدا كۆرۈلگەن بولسا، مەبلەغ ئىگىسى مەبلەغدىن خەجلەنگەن **100** سومنىڭ ئورنىغا **100** سوم پايدا پۇلنى ئالىدۇ ۋە قالغان **100** سومنى كۈچ چىقارغان ئادەم بىلەن كېلىشكەن شەرت بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ[1].

---

**(1)** «رەددۇلمۇھتار»، **4** ـ توم، **491** ـ بەت.

# مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە مالنى پايدا ئېلىپ سېتىپ بېرىش

ئەگەر كۈچ چىقارغان ئادەم مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە مالنى، مالنى يۆتكەش ئۈچۈن كەتكەن چىقىمغا، بىدىككە كەتكەن پۇلغا، (ئەگەر مال رەختكە ئوخشاش) كېسىلىدىغان ۋە بويۇلىدىغان نەرسە بولسا، ئۇنى كېسىش ۋە بوياش ئۈچۈن كەتكەن چىقىمغا ئوخشاش ئادەتتە سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنىڭ دەسمايە پۇلىغا قوشۇلىدىغان پۇلنى قوشۇپ ساتماقچى بولسا، بۇ مال ماڭا مۇنچە پۇلغا توختىدى، دەيدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزى ئۈچۈن خەجلىگەن پۇلنى ئەگەر ئادەت شۇنداق بولمىسا، مالنىڭ دەسمايە پۇلىغا قوشۇپ ھېسابلاش توغرا ئەمەس. ئەگەر تىجارەتچىلەرنىڭ ئادىتىدە ئۆزى ئۈچۈن خەجلىگەن پۇلنى دەسمايە پۇلغا قوشۇلۇدىغان بولسا، ئۇ پۇل دەسمايە پۇلغا قوشۇلىدۇ.

مەبلەغ ئىگىسى يېرىمدىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىپ كۈچ چىقارغان ئادەمگە 1000 سوم بەرگەن، كۈچ چىقارغان ئادەم ئۇ 1000 سومغا مەسىلەن بىر كىيىم سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ كىيىمنى 2000 سومغا ساتقان، ئۇ 2000 سومغا مەسىلەن بىر ئات سېتىپ ئالغان ۋە ئاتنىڭ ئىگىسىگە 2000 سومنى بېرىشتىن بۇرۇن 2000 سوم يۈتۈپ كەتكەن بولسا، 2000 سومنىڭ 500 سومىنى كۈچ چىقارغان ئادەم، 1500 سومنى مەبلەغنىڭ ئىگىسى تۆلەيدۇ. چۈنكى، 1000 سومغا سېتىپ ئېلىنىپ 2000 سومغا سېتىلغان كىيىمدىن كۈچ چىقارغان ئادەمگە 500 سوم پايدا كېلىدۇ. ئەگەر كۈچ چىقارغان ئادەم 2000 سومغا ئات ئالسا، ئات ئۇ ئادەم بىلەن مەبلەغ ئىگىسىنىڭ ئارىسىدا شېرىك ھېسابلىنىدۇ ۋە 2000 سومنىڭ 500 سومى كۈچ چىقارغان ئادەمگە ۋە 1500 سومى مەبلەغ ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىگە تېگىشلىك پۇلنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئاتنىڭ پۇلىنىڭ تۆتتىن بىرى يەنى 500 سومى كۈچ چىقارغان ئادەمنىڭ پۇلى ھېسابلىنىدۇ. بۇ پۇل مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە پۇلنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى، 500 سوم پۇل ئۇ ئادەمنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىگە ئۆتۈپ كەتكەندۇر. مۇئامىلىگە تەۋە مەبلەغ ئۇنىڭ قولىدا ئامانەت سۈپىتىدە تۇرىدىغان پۇلدۇر. ئامانەت ئۇنى ساقلاپ بېرىدىغان ئادەمنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىگە ئۆتۈپ كەتمەيدۇ. بۇ مۇئامىلىنىڭ دەسمايىسى مەبلەغ ئىگىسى بۇرۇن بەرگەن 1000 سوم ۋە كېيىن بەرگەن 1500 سوم بولۇپ جەمى 2500 سومدۇر. لېكىن، كۈچ چىقارغان ئادەم ئاتتىن كېلىدىغان پايدىنى 2000 سومغا چېچىپ ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئاتنى 2000 سومغا سېتىپ ئالدى.

ئەگەر ئات مەسىلەن 4000 سومغا سېتىلسا، بۇنىڭ 3000 سومى مەزكۇر

مۇئامىلىگە تەۋە بولىدۇ. چۈنكى، **4000** سومدىن **1000** سوم كۆچ چىقارغان ئادەمگە بېرىلىدۇ. **2500** سوم دەسمايە ھېسابلىنىدۇ ۋە قالغان **500** سوم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ.

# مەبلەغ ئىگىسىنىڭ كۆچ چىقارغان ئادەمدىن ياكى كۆچ چىقارغان ئادەمنىڭ مەبلەغ ئىگىسىدىن نەرسە سېتىپ ئېلىشىنىڭ ھۆكمى

ئەگەر كۆچ چىقارغان ئادەم مەبلەغ ئىگىسىدىن، ئۇ مەبلەغ ئىگىسى **500** سومغا سېتىپ ئالغان بىر ئۇلاغنى **1000** سومغا سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇلاغنى، ئۇنىڭ دەسمايىنى **500** سوم دەپ ئېتىبارغا ئېلىپ تۇرۇپ پايدىسىغا سېتىش سودىسى بىلەن ساتىدۇ. ئەگەر سېتىپ ئالغان تەرەپ مەبلەغ ئىگىسى بولغان بولسىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. يەنى ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى كۆچ چىقارغان ئادەم **500** سومغا سېتىپ ئالغان ئۇلاغنى **1000** سومغا سېتىپ ئالغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەم ئۇلاغنى، ئۇنىڭ دەسمايىنى **500** سوم دەپ ئېتىبارغا ئېلىپ تۇرۇپ پايدىسىغا سېتىش سودىسى بىلەن ساتىدۇ. بۇ ئەگەر ئۇلاغنىڭ باھاسى ئۇنىڭ پۇلى بىلەن ئوخشاش بولغان، ياكى ئارتۇقى پەقەت ئۇنىڭ باھاسىدا بولغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇلاغنىڭ باھاسى ئۇنىڭ پۇلى بىلەن ئوخشاش بولمىغان، ياكى ئارتۇقى پەقەت ئۇنىڭ پۇلىدا بولغان بولسا، ئۇلاغ كۆچ چىقارغان ئادەم سېتىپ ئالغان پۇل ۋە ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىكى پېيى ئېتىبارغا ئېلىنىپ پايدىسىغا سېتىش سودىسى بىلەن سېتىلىدۇ. بىز يۇقىرىدىكى بايانلاردىن مەبلەغ ئىگىسىنىڭ كۆچ چىقارغان ئادەمدىن ۋە كۆچ چىقارغان ئادەمنىڭ مەبلەغ ئىگىسىدىن بىر نەرسە سېتىپ ئېلىشىنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

ئەگەر كۆچ چىقارغان ئادەم چىققان پايدىنى يېرىمدىن ئېلىشقا كېلىشىپ ئالغان **1000** سومغا باھاسى **2000** سوملۇق بىر قۇلنى سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ قۇل بىر كىشىنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۆلتۈرۈلگەن كىشى ئۈچۈن تۆلەپ بېرىلىدىغان قان بەدىلىنىڭ (يەنى دىيەتىنىڭ) تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى مەبلەغ ئىگىسى ۋە قالغان بىر قىسمىنى كۆچ چىقارغان ئادەم تۆلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇل مەبلەغ ئىگىسىگە ئۈچ كۈن ۋە كۆچ چىقارغان ئادەمگە بىر كۈن خىزمەت قىلىدۇ. چۈنكى، **1000** سومغا سېتىپ ئېلىنغان قۇلنىڭ باھاسى **2000** سوم بولغان بولغاچقا، كۆرۈلگەن **1000** سوم پايدىنىڭ **500** سومى كۆچ چىقارغان ئادەمگە تەقسىم قىلىنىدۇ. قالغان **1500** سوم مەبلەغ ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ. ئۇلار قۇل ئۆلتۈرىۋەتكەن كىشىنىڭ

قان بەدىلىنى تۆلەپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن قۇل مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە مال بولۇشتىن چىقىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇلار قۇلنى ئۆزلىرى ئىشلىتىدۇ. چۈنكى، كۈچ چىقارغان ئادەمگە ئەسلىدە مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە مالنىڭ مەسئۇلىيىتى ئارتىلماسلىقى لازىم. ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى (قان بەدىلى بەرمەي ئۇنىڭ ئورنىغا قۇلنى) بېرىۋېتىشنى تاللىغان ۋە كۈچ چىقارغان ئادەم (قۇلدىن ئالىدىغان پايدىنى كۆزدە تۇتۇپ) قان بەدىلى بېرىشنى تاللىغان بولسا، مەبلەغ ئىگىسىنىڭ ئۆزى تاللىغاننى قىلىش ھەققى بار. چۈنكى، قۇلدىن ئېلىنىدىغان پايدا جەزمىلىك ئەمەستۇر.

ئەگەر كۈچ چىقارغان ئادەم مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە **1000** سومغا بىر قۇل سېتىپ ئالغان، پۇل قۇلنىڭ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىشتىن بۇرۇن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمگە پۇلنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئىشەنچلىك ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە يەنە **1000** سوم بەرگەن، ئۇمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن، ئاندىن يەنە **1000** سوم بەرگەن، ئۇمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن بولسا، مەبلەغ ئىگىسىنىڭ بەرگەن ھەممە پۇلى دەسمايە پۇل ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا تىجارەتتىن ئېلىنغان پايدا مەبلەغ ئىگىسى بۇرۇندىن تارتىپ بەرگەن ھەممە پۇلنى ئۇ پايدىدىن ئېلىۋالغاندىن كېيىن تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەگەر كۈچ چىقارغان ئادەم ئۇ قۇلنى پايدىسىغا سېتىش سودىسى بىلەن ساتماقچى بولسا، قۇلنىڭ پۇلى **3000** سوم ئەمەس **1000** سوم ھېسابلىنىدۇ. ۋەكىلنىڭ ئەھۋالى كۈچ چىقارغان ئادەمنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشمايدۇ. چۈنكى، ۋەكىلنىڭ (يۇقىرىقىدەك ئەھۋالدا) ئىككىنچى قېتىم ئالغان پۇلى قولىدا ئامانەت سۈپۈتىدە تۇرمايدۇ. ۋەكىلگە پۇل بىرەر نەرسە سېتىپ ئېلىشتىن بۇرۇن بېرىلگەن، ئاندىن ۋەكىل ئۇ پۇلنى يوقۇتۇپ قويغان بولسا، پۇلنى ئۆزىنى ۋەكىل قىلىپ تەيىن قىلغان كىشىدىن بىر نەچچە قېتىم ئەمەس پەقەت بىرلا قېتىم ئالالايدۇ. چۈنكى، ۋەكىلگە سودىدىن بۇرۇن بېرىلگەن پۇل ئۇنىڭ قولىدا ئامانەت سۈپۈتىدە تۇرىدۇ. بۇ پۇل سودىدىن كېيىنمۇ يەنە ئامانەت سۈپۈتىدە قالىدۇ. شۇڭا ئۇ پۇل ئەگەر يوقۇپ كەتسە، ۋەكىل ئۇ پۇلنى ئۆزىنى ۋەكىل قىلىپ تەيىن قىلغان كىشىدىن پەقەت بىرلا قېتىم ئالالايدۇ. ئەمما كۈچ چىقارغان ئادەمنىڭ قولىدا مەبلەغ ئامانەت سۈپۈتىدە تۇرىدۇ. شۇڭا كۈچ چىقارغان ئادەم پۇلنى قانچە قېتىم يوقىتىۋېتىپ قويسا، مەبلەغ ئىگىسىدىن شۇنچە قېتىم ئالالايدۇ.

ئەگەر ۋەكىل پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن پۇلنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۆزىنىڭ ئۈستىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇڭا پۇل ئەگەر يوقۇپ كەتسە، ئۇنى ۋەكىل تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ۋەكىلگە پۇل بىرەر نەرسە سېتىپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن بېرىلگەن، ئاندىن ۋەكىل ئۇ پۇلنى يوقۇتۇپ قويغان بولسا، پۇلنى ئۆزىنى ۋەكىل قىلىپ تەيىن قىلغان كىشىدىن تەكرار ئالالمايدۇ. چۈنكى، ۋەكىلگە ئۆزىنى ۋەكىل قىلىپ تەيىن قىلغان

كىشىدىن پۇلنى تەكرار ئېلىش ھەققى ۋەكىلنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىشى بىلەنلا بېرىلدى. پۇلنىڭ ۋەكىلگە ئۇ نەرسە سېتىپ ئېلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن بېرىلىشى بىلەن ۋەكىل پۇلنى تولۇق تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا پۇل ئەگەر يوتۇپ كەتسە، بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە زىيىنى ۋەكىلنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ[1].

**كۈچ چىقارغان ئادەم بىلەن مەبلەغ ئىگىسىنىڭ ئارىسىدا يۈزبەرگەن ئىختىلاپ**

كۈچ چىقارغان ئادەمنىڭ قولىدا مەسىلەن 2000 سوم بار بولۇپ ئۇ ئادەم مەبلەغ ئىگىسىگە: «سەن ماڭا 1000 سوم بەرگەن ئىدىڭ، ئۇنىڭ بىلەن تىجارەت قىلىپ 1000 سوم پايدا تاپتىم، شۇنىڭ بىلەن پۇل 2000 سوم بولدى» دېگەن ۋە مەبلەغ ئىگىسى ئۇنىڭغا: «مەن ساڭا 2000 سوم بەرگەن ئىدىم» دېگەن بولسا، كۈچ چىقارغان ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالغان تەرەپ كۈچ چىقارغان ئادەم بولغاچقا، مەيلى ئىشەنچلىك بولسۇن مەيلى ئىشەنچسىز بولسۇن تاپشۇرۇپ ئېلىنغان پۇلنىڭ مىقدارىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۇ ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر كۈچ چىقارغان ئادەم ئۆزىنىڭ پۇل ئالغانلىقىغا تېنىۋالغان بولسىمۇ ئۇنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

ئەگەر كۈچ چىقارغان ئادەم بىلەن مەبلەغ ئىگىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپ پۇلنىڭ مىقدارىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە بولۇش بىلەن بىرگە تىجارەتتىن ئېلىنغان پايدىنىڭ مىقدارى ھەققىدە بولسا، بۇ ھالدا مەبلەغ ئىگىسىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، تىجارەتتىن ئېلىنىدىغان پايدا پەقەت مەبلەغ ئىگىسىنىڭ سەۋەبى بىلەن بولىدۇ (يەنى ئۇنىڭ مەبلىغى بىلەن بولىدۇ). ئەمما ئىختىلاپ ئەگەر مەبلەغنىڭ مىقدارىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە بولسا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك كۈچ چىقارغان ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. بۇلارنىڭ قايسى بىرى ئۆزىنىڭ سۆزىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ پاكىت كۆرسەتسە، ئۇنىڭ پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ. يەنى پاكىت كۆرسەتكەن تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى پاكىت كۆرسەتسە، دەسمايىنىڭ 1000 سوم ئەمەس 2000 سوم ئىكەنلىكىدە مەبلەغ ئىگىسىنىڭ پاكىتى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، دەسمايىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتا مەبلەغ ئىگىسىنىڭ پاكىتى كۈچ چىقارغان ئادەمنىڭ پاكىتىغا قارىغاندا كۈچلۈك ھېسابلىنىدۇ. ئەمما تىجارەتتىن ئالغان پايدىنىڭ مىقدارىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىدە كۈچ چىقارغان ئادەمنىڭ پاكىتى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئېلىنغان پايدىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتا كۈچ چىقارغان ئادەمنىڭ پاكىتى مەبلەغ ئىگىسىنىڭ پاكىتىغا قارىغاندا كۈچلۈك ھېسابلىنىدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 492 ـ بەت.

ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى شېرىكچىلىكنىڭ بىرى مەبلەغ، يەنە بىرى كۆچ چىقىرىپ تۈزۈشكەن مۇئامىلە ئىكەنلىكىنى دۋا قىلغان، مەبلەغنى قولىدا تۇتۇپ تۇرىۋاتقان ئادەم ئۇنىڭ مالىنىڭ مەلۇم مىقدارىدا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكى ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭدا ئۆزىنىڭمۇ مەلۇم مىقداردا مەبلىغىنىڭ بارلىقىنى دەۋا قىلغان بولسا، مەبلەغنى قولىدا تۇتۇپ تۇرىۋاتقان ئادەمنىڭ قىلغان دەۋاسى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم مەبلەغنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ مەلۇم مىقداردا مەبلىغىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ئەگەر مەبلەغنى قولىدا ساقلىۋاتقان ئادەم: ئۇ مەبلەغنىڭ ئالغان پايدىنى يېرىمدىن ئۆلۈشۈش شەرتى بىلەن مەزكۇر مۇئامىلە سۈپىتىدە بېرىلگەنلىكىنى ۋە تىجارەتتە پايدا ئالغانلىقىنى دەۋا قىلغان، مەبلەغ ئىگىسى ئۇ مەبلەغنىڭ (مەزكۇر مۇئامىلە سۈپىتىدە ئەمەس) ئۇنىڭ بىلەن تىجارەت قىلغان ئادەمگە ھېچنەرسە بېرىلمەسلىك شەرتى بىلەن بېرىلگەنلىكىنى دەۋا قىلغان بولسا، مەبلەغ ئىگىسىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، مەبلەغ ئىگىسى (ئۇ مەبلەغنىڭ مەزكۇر مۇئامىلە سۈپىتىدە بېرىلگەنلىكىنى) ئىنكار قىلىدۇ. كۆچ چىقارغان ئادەم بولسا، تىجارەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىگە پايدىدىن تەقسىم قىلىپ بېرىلىشىنى، ياكى (مەبلەغنىڭ قانداق شەكىلدە بېرىلگەنلىكىنى تەيىن قىلىدىغان) شەرتىنىڭ ئۆزى تەرەپتىن قويۇلغانلىقىنى، ياكى شېرىكچىلىكنى داۋا قىلىدۇ. مەبلەغ ئىگىسى بۇ دەۋانى ئىنكار قىلىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر قولىدا مەبلەغنى تۇتۇپ تۇرىۋاتقان ئادەم تىجارەتتىن ئېلىنغان پايدىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە بولۇشى ئۈچۈن ئۇ مەبلەغنىڭ قەرز سۈپىتىدە بېرىلگەنلىكىنى دەۋا قىلغان، مەبلەغ ئىگىسى ئۇ مەبلەغنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تىجارەت قىلغان ئادەمگە ھېچنەرسە بېرىلمەسلىك شەرتى بىلەن، ياكى ئامانەت سۈپىتىدە مەزكۇر مۇئامىلە سۈپىتىدە بېرىلگەنلىكىنى دەۋا قىلغان بولسا، مەبلەغ ئىگىسىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ئادەم ئۇ مەبلەغكە ئىگە بولۇشنى دەۋا قىلىدۇ. مەبلەغ ئىگىسى بۇنىڭغا ئىنكار قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، كۆچ چىقارغان ئادەمنىڭ كۆرسەتكەن پاكىتى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەمما مەبلەغ ئىگىسى مەبلەغنىڭ كۆچ چىقارغان ئادەمگە قەرز سۈپىتىدە بېرىلگەنلىكىنى دەۋا قىلغان، كۆچ چىقارغان ئادەم مەبلەغنىڭ ئۆزىگە مەزكۇر مۇئامىلە سۈپىتىدە بېرىلگەنلىكىنى دەۋا قىلغان بولسا، بۇ ھالدا كۆچ چىقارغان ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، كۆچ چىقارغان ئادەم ئۇ مەبلەغنى تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىگە ئېلىشنى ئىنكار قىلىدۇ.

بىر قىسىم ئالىملار بۇ مەسىلىدە ئىككى خىل قاراشنىڭ بارلىقىنى، دەپ بۇ

ھەقتە (مۇھتۇل) سەرەخسىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى: مەبلەغ كۈچ چىقارغان ئادەمگە قەرز سۈپۈتىدە بېرىلگەنلىكىنى دەۋا قىلغان، كۈچ چىقارغان ئادەم: مەبلەغنىڭ ئۆزىگە مەزكۇر مۇئامىلە سۈپۈتىدە بېرىلگەنلىكىنى دەۋا قىلغان ۋە بۇ دەۋا كۈچ چىقارغان ئادەم مەبلەغنى ئىشلىتىشنى باشلاپ بولغاندىن كېيىن بولغان بولسا، مەبلەغ ئىگىسىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. پاكىتتىمۇ ئۇنىڭ كۆرسەتكەن پاكىتى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. مەبلەغ كۈچ چىقارغان ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ دەۋا كۈچ چىقارغان ئادەم مەبلەغنى ئىشلىتىشنى باشلاشتىن بۇرۇن بولغان بولسا، كۈچ چىقارغان ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇڭا كۈچ چىقارغان ئادەمگە پۇلنى تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى ئارتىلمايدۇ. چۈنكى، مەبلەغ ئىگىسىنىڭ سۆزى بىلەن كۈچ چىقارغان ئادەمنىڭ سۆزى مەبلەغنىڭ، ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخستى بىلەن ئېلىنغانلىقىدا بىر يەردىن چىقىدۇ. لېكىن، كۈچ چىقارغان ئادەم ئۇ مەبلەغنىڭ قەرز سۈپۈتىدە بېرىلگەنلىكىگە ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قايسىبىرى ئۆزىنىڭ سۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ پاكىت كۆرسەتسە، ئۇنىڭ پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى پاكىت كۆرسەتسە، مەبلەغ ئىگىسىنىڭ پاكىتى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.»

ئەگەر كۈچ چىقارغان ئادەم ئومۇملۇقنى دەۋا قىلغان، مەبلەغ ئىگىسى خۇسۇسلۇقنى دەۋا قىلغان بولسا، كۈچ چىقارغان ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى خۇسۇسلۇقنى دەۋا قىلغان، مەسىلەن: ئۇلارنىڭ بىرى مەبلەغ بىلەن كىيىم ـ كېچەك سودىسىنى قىلىدىغان بولۇشقانلىقىنى دەۋا قىلغان، يەنە بىرى بولسا، مەبلەغ بىلەن بۇغداي سودىسىنى قىلىدىغان بولۇشقانلىقىنى دەۋا قىلغان بولسا، مەبلەغ ئىگىسىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى خۇسۇسلۇقتا بىر يەردىن چىقتى. شۇڭا مەبلەغ ئىگىسىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر كۈچ چىقارغان ئادەم پاكىت كۆرسەتسە، ئۇنىڭ پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇ ئادەم پاكىتنى مەبلەغنىڭ ئۆزىنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىگە ئۆتمىگەنلىكىگە ئەمەس ئۆزىنىڭ قىلغان تەسەررۇپىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە كەلتۈرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ قىلغان تەسەررۇپلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكى ئىسپاتلانسا، مەبلەغ ئۇنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىگە ئۆتۈپ كەتمەيدۇ.

ئەگەر ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن پاكىتلىرىدا ۋاقىت يېزىپ قويۇلغان، مەسىلەن: مەبلەغ ئىگىسى كۈچ چىقارغان ئادەمگە: «مەن ساڭا بەشىنچى ئايدا مەبلەغنى ئالغان پايدىنى يېرىمدىن ئۆلۈشۈش ۋە سېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كىيىم ـ كېچەك سودىسىنى قىلىش شەرتى بىلەن بەرگەن ئىدىم» دېگەن ۋە كۈچ چىقارغان ئادەم مەبلەغ ئىگىسىگە: «سەن ماڭا ئالتىنچى ئايدا مەبلەغنى مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بۇغداي ـ قۇناق سودىسىنى

قىلىش شەرتى بىلەن بەرگەن ئىدىڭ» دېگەن ۋە ھەر ئىككىسى سۆزلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، پاكىتىغا ئالتىنچى ئاي يېزىپ قويۇلغان تەرەپنىڭ پاكىتى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، كېيىنكى شەرت بۇرۇن قويۇلغان شەرتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ پاكىتلىرىغا ۋاقىت يېزىپ قويۇلمىغان بولسا، مەبلەغ ئىگىسىنىڭ پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ[1].

## مەبلەغنى مەزكۇر مۇئامىلە سۈپىتىدە بانكىلاردا قويۇشنىڭ ھۆكمى

ئۇستازىم مۇھەممەد ئەلھامىد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) دىن، مەزكۇر مۇئامىلە سۈپىتىدە بانكىغا، بانكىنىڭ ئالغان پايدىدىن مەبلەغ ئىگىسىگە ھەر يىلنىڭ ئاخىرىدا مەلۇم پىرسەنت بېرىش شەرتى بىلەن مەبلەغ قويۇشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە سوئال سورالغاندا، ئۇستازىم بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: «مەزكۇر مۇئامىلىدە مەبلەغ بىر ئادەمدىن، كۈچ يەنە بىر ئادەمدىن چىقىرىلىپ پايدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كېلىشكەن شەرت بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەگەر تىجارەتتە زىيان كۆرۈلسە، زىيان پەقەت مەبلەغ ئىگىسىگىلا بولىدۇ. كۈچ چىقارغان ئادەمگە زىياندىن ئازراقمۇ ئارتىلمايدۇ. ئەگەر كۈچ چىقارغان ئادەمنىڭ زىياننى كۆتۈرۈپ بېرىشى شەرت قىلىنسا، ئۇ مۇئامىلە شەرتىگە توشمىغان مۇئامىلە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ مۇئامىلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش لازىم. ئەگەر شەرتىگە توشمىغان مۇئامىلىدە پايدا كۆرۈلگەن بولسا، پايدىنىڭ ھەممىسى مەبلەغ ئىگىسىگە بولىدۇ. كۈچ چىقارغان ئادەمگە ئۇنىڭ تەختۇشىگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. بانكىنىڭ مەبلەغ ئىگىسىگە ئالغان پايدىدىن ھەر يىلنىڭ ئاخىرىدا مەلۇم پىرسەنت بېرىش شەرتى بىلەن بانكىغا مەبلەغ قويۇش مەزكۇر مۇئامىلىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. بەلكى ئۇ پايدا ئېلىپ كېلىدىغان قەرز بولىدۇ. ئۇ ئېنىق جازانىخورلۇقتۇر. چۈنكى، بانكىغا مەزكۇر شەكىلدە مەبلەغ قويۇشنىڭ مەنىسى قەرز بېرىشتۇر. چۈنكى، ئامانەت قويۇشنىڭ شەرتى ئامانەتنى تاپشۇرۇپ ئالغان تەرەپنىڭ ئامانەتنى يېنىدىكى مال بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋاتماستىن ئايرىم ساقلىشى ۋە ئۇنى ساقلاشتا سەل قارىماسلىقى لازىم. ئەگەر ئامانەتكە قويۇپ قويۇلغان مەبلەغ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتسە، ئامانەتنى تاپشۇرۇپ ئالغان تەرەپ ئۇنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. بۇ ئەگەر ئۇنى تاپشۇرۇپ ئالغان تەرەپ ئۇنى ساقلاشتا سەل قارىمىغان، ياكى ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلمىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر مەبلەغنى ئالغان تەرەپ ئۇنى ساقلاشتا سەل قارىغان، ياكى ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلغان بولسا،

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 492 ـ بەت.

ئۇ تەرەپ مەبلەغنى تۆلەپ بېرىدۇ. مەبلەغنى ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز بىر ـ بىرىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئۆزىنىڭ مەبلىغىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىش بىر مەنادا ئۇ مەبلەغنى ھەقسىز يول بىلەن ئېلىۋالغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى ئۇنى تاپشۇرۇپ ئالغان تەرەپكە مەبلەغنى ئۆزىنىڭ مەبلىغىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىشىغا رۇخسەت قىلغان بولسا، ئۇ مەبلەغ (ئەگەر زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتسە) ئۇ تەرەپنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىگە ئۆتۈپ كەتكەن قەرز ھېسابلىنىدۇ. بانكىدىمۇ ئەھۋال شۇنداقتۇر. چۈنكى، بانكا ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن كىشىلەردىن ئالغان مەبلەغنى ئىگىسىنىڭ رۇخسىتى بىلەن قېشىدىكى مەبلەغكە ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ ۋە مەبلەغ ئىگىسىگە ھەر يىلى مەلۇم مىقداردا پايدا بېرىدۇ. مانا بۇ پايدا ئېلىپ كەلگەن قەرزدۇر. بۇ ئېنىق جازانىخورلۇقتۇر. ئىسلامدا جازانىخورلۇقنىڭ ھاراملىقى ھەممە ئادەمگە مەلۇمدۇر. بۇ ئىش بانكىغىلا خاس ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئىش ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن بولسىمۇ ئۇ ئىش يەنىلا ھارامدۇر. مەبلەغ ئېغىزدا مەزكۇر مۇئامىلە سۈپۈتىدە بېرىلگەن بولسىمۇ مەبلەغنىڭ ئۇ شەكىلدە بېرىلىشى جازانىخورلۇقتۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ روھى مەزكۇر مۇئامىلىنىڭ شەرتلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى، مۇئامىلىلەردا ئېتىبارغا ئېلىنىدىغىنى لەۋز ۋە تاشقىرى كۆرۈنۈش ئەمەس بەلكى ماھىيەت ۋە مەنىلەردۇر.

ئەگەر ئىككى تەرەپ مەزكۇر مۇئامىلىگە پۈتۈشكەن، مەبلەغ ئىگىسى كۈچ چىقارغان ئادەمگە ئادەتتە مەزكۇر مۇئامىلىدە بىرلەشكەن ئىككى تەرەپ ئارىلىرىدا تەقسىم قىلىشىدىغان پايدىنىڭ مىقدارىدىن ئارتۇق بېرىشنى شەرت قىلغان ۋە تىجارەتتىن پايدا پەقەت شۇ مىقداردا ئېلىنىدىغان بولسا، ئۇ شەرتكە توشمىغان مۇئامىلە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا كۈچ چىقارغان ئادەمگە ئۇنىڭ تەڭتۇشىغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. قالغان پايدا مەبلەغ ئىگىسىگە بولىدۇ. شۇڭا ئۇ مۇئامىلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش لازىم. چۈنكى، ئۇ شەرتكە توشمىغان مۇئامىلە ھېسابلىنىدۇ.[1]

## خىلمۇ ـ خىل مەسىلىلەر

§ يېتىم بالىغا قاراشقا تەۋسىيە قىلىنغان ئادەم، ئۇ بالىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۆزى تىجارەت قىلىش ئۈچۈن مەزكۇر شەكىلدە مۇئامىلە تۈزۈپ ئېلىۋالغان بولسا، توغرا بولىدۇ. بىر قىسىم ئالىملار: «ئۇ ئادەمنىڭ يېتىم بالىنى كۆزدە تۇتۇپ پايدىنى

(1) «رۇدۇد ئەلا ئەباتىل»، 2 ـ توم، 283 ـ بەت.

ئادەتتە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئادەم ئالىدىغان مىقداردىن ئارتۇق ئېلىشنى شەرت قىلماسلىقى لازىم» دەيدۇ. يەنە بىر قىسىم ئالىملار: «بۇنىڭغا ئوخشاش بۇزۇلۇپ كەتكەن زاماندا يېتىم بالىغا قارايدىغان ئادەمنىڭ بالىنىڭ مال ـ مۈلكىنى تىجارەت قىلىش ئۈچۈن مەزكۇر مۇئامىلە بىلەن ئۆزىنىڭ ئېلىۋېلىشى توغرا ئەمەس» دەيدۇ. ئالىملارنىڭ بۇ سۆزى يېتىم بالىغا قارايدىغان ئادەمنىڭ يېتىم بالىنىڭ مال ـ مۈلكىنى تىجارەت قىلىش ئۈچۈن مەزكۇر مۇئامىلە بىلەن ئېلىۋېلىشقا قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ[1]. بۇ ھەقتىكى كۈچلۈك قاراش بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ بالىنىڭ مال ـ مۈلكى بىلەن تىجارەت قىلىشىنىڭ بولماسلىقى زامانىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدۇر. ئەگەر زامان ھەممە ئادەم بىر ـ بىرىنىڭ ھەققىنى يەپ كەتمەيدىغان ھالەتتە ياخشى بولسا، يېتىم بالىغا قارايدىغان ئادەمنىڭ ئۇ بالىنىڭ مال ـ مۈلكى بىلەن تىجارەت قىلىشى توغرىدۇر.

§ كۈچ چىقارغان ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن ۋە ئارقىسىدا تاشلاپ كەتكەن مال ـ دۇنياسىنىڭ ئىچىدە مەبلەغ ئىگىسى مەزكۇر مۇئامىلە ئۈچۈن بەرگەن مەبلەغ تېپىلمىغان بولسا، مەبلەغ ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدە قەرز ھېسابىدا قالىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم قالدۇرۇپ قويۇپ كەتكەن مال ـ دۇنيانىڭ ئىچىدە قايسىسىنىڭ مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە مەبلەغ ئىكەنلىكى نامەلۇم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ مەبلەغ خۇددى ئۇ ئادەم تەرىپىدىن ئىشلىتىلىپ بولۇنغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ مەبلەغ ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدە قەرز ھېسابىدا بولۇپ ئۇنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ دۇنياسىدىن تۆلەپ بېرىلىدۇ.

§ كۈچ چىقارغان ئادەم باجچىغا ئۇنىڭدىن باج ئالماسلىقى ئۈچۈن بىر نەرسە بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەم باجچىغا بەرگەن پۇلنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، باجچىغا پۇل بېرىش تىجارەتكە ئالاقىدار ئىشلاردىن ئەمەستۇر. لېكىن، <مەجمەئۇل پەتاۋا> دېگەن ئەسەردە مۇنداق بايان قىلىندى: كۈنۈمىزدە ئەگەر كۈچ چىقارغان ئادەم باج ئالمىسۇن، دەپ باجچىغا بىر نەرسە بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەم باجچىغا بەرگەن نەرسىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. يېتىم بالىغا قاراشقا تەۋسىيە قىلىنغان ئادەممۇ شۇنداق قىلىدۇ. چۈنكى، كۈچ چىقارغان ئادەم بىلەن يېتىم بالىغا قاراشقا تەۋسىيە قىلىنغان ئادەم باجچىغا بىر نەرسە بېرىشتىن بىر پايدىنى مەقسەت قىلىدۇ.

§ كۈچ چىقارغان ئادەم مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە مەبلەغكە مال سېتىپ ئالغان، ھەتتا پايدا كۆپ چىققانغا قەدەر ئۇ مالنى ساتمايمەن، دەپ تۇرىۋالغان ۋە مەبلەغ ئىگىسى ئۇنى سېتىشنى خالايدىغان بولسا، بۇ ھالدا ئىش مۇنداق ئىككى خىل بولىدۇ:

1 ـ مەبلەغ ئىگىسىنىڭ رازىلىقى بولماستىن كۈچ چىقارغان ئادەمگە مالنى تۇتۇپ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 492 ـ بەت.

تۇرۇش توغرىسىدا ھەقنىڭ بېرىلىشى. ئۇ مالدا مەيلى پايدا چىقسۇن مەيلى چىقمىسۇن ئۇ ئادەم بۇ ھەق بېرىلمەيدۇ. ئۇ ئادەم مەبلەغ ئىگىسىگە ئەگەر ئۇ مالدا پايدا چىقمايدىغان بولسا مەبلىغىنى بەرسە، ئەگەر مالدا پايدا چىقىدىغان بولسا، مەبلىغى بىلەن چىققان پايدىدىن مەبلەغ ئىگىسىگە تەقسىم قىلىنىدىغان پېيىنى بەرسە، ئاندىن ئۇ ئادەمگە مالنى تۇتۇپ تۇرۇش ھەققى بېرىلىدۇ.

2 ـ كۈچ چىقارغان ئادەمنى مالنى تۇتۇپ تۇرماي سېتىشقا مەجبۇرلاش. ئەگەر مال سېتىلسا پايدا چىقىدىغان مال بولسا، ئۇ ئادەم مالنى سېتىشقا بۇيرۇلىدۇ. لېكىن، ئۇ ئادەم ئەگەر مەبلەغ ئىگىسىگە تەقسىم قىلىنىدىغان پايدا بىلەن مەبلەغنى بەرسە، مالنى سېتىشقا مەجبۇرلانمايدۇ. ئەگەر مال سېتىلسا پايدا چىقمايدىغان مال بولسا، ئۇ ئادەم مالنى سېتىشقا مەجبۇرلانمايدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ مەبلەغ ئىگىسىگە مەبلىغىنى ياكى مالنى قايتۇرۇپ بېرىشى لازىم.

ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى ئۇ مالنى ساتماي تۇتۇپ تۇرۇشنى خالايدىغان ۋە كۈچ چىقارغان ئادەم مالنى سېتىشنى خالايدىغان بولسا، ئۇ ئادەم مالنى ئەگەر مەبلەغ ئىگىسى ئۇنى مالنى سېتىشتىن چەكلەپ تۇرغان تەقدىردىمۇ ساتىدۇ. مەبلەغ ئىگىسىنىڭ سودىنى بۇزۇش، ياكى پالانى چاغدا ساتىسەن، دەپ بېرىلگەن رۇخسەتنى خاسلاشتۇرۇش ھەققى يوق.

§ مەبلەغ ئىگىسى بىر ئادەمگە 500 سومى سوۋغات سۈپىتىدە ۋە 500 سومى مەزكۇر مۇئامىلە سۈپىتىدە بولۇپ 1000 سوم بەرگەن، ئاندىن ئۇ 1000 زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم پەقەت سوۋغات قىلىپ بېرىلگەن 500 سومنىلا تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، سوۋغات سۈپىتىدە بېرىلگەننى ئايرىم ۋە مەزكۇر مۇئامىلە سۈپىتىدە بېرىلگەننى ئايرىم بېرىش مۇمكىن بولىدىغان مەبلەغنى ئايرىماستىن بۇنىڭ ئىچىدىن مۇنچىلىك قىسمى ساڭا سوۋغات دەپ بېرىش توغرا ئەمەس. شۇڭا مەبلەغنىڭ سوۋغات سۈپىتىدە بېرىلگەن قىسمى ئۇ ئادەمنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى ئىچىگە كىرىدۇ. بۇ ھەقتە باشقا بىر پەتىۋا بار بولۇپ ئۇ پەتىۋادا بايان قىلىنىشىچە: مەبلەغنىڭ مەيلى مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە قىسمى بولسۇن مەيلى سوۋغاتقا تەۋە قىسمى بولسۇن ئۇ ئادەمگە مەبلەغنىڭ ھېچبىر قىسمىنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، مەبلەغنىڭ مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە قىسمى ئادەمگە ئامانەت سۈپىتىدە بېرىلگەندۇر. سوۋغاتقا تەۋە قىسمىنىڭ تۆلەپ بېرىلمەسلىكىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇنىڭ شەرتىگە توشمىغان سوۋغات بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئاساسلىق پەتىۋاغا ئاساسەن، سوۋغات ئۇ ئادەمگە تاپشۇرۇلغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمگە سوۋغات سۈپىتىدە بېرىلگەن مەبلەغنى تۆلەپ بېرىش لازىم بولمايدۇ. بۇ <ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ سۆزى بولۇپ بۇ سۆزگە ئىبنى ئابىدىن ئىلاۋە قىلىپ مۇنداق دېگەن: « مەبلەغنىڭ

سوۋغات قىلىپ بېرىلگەن قىسمىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتۈش بىلەن ئۇنى تۆلەپ بېرىشنىڭ ئارىسىدا زىتلىق يوقتۇر. شۇڭا ئالىملار: ‹شەرتىگە توشمىغان هالەتتە بېرىلگەن سوۋغا ـ سالامىمۇ، سوۋغات بېرىلگەن ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ› دېگەن. شۇڭا بۇ هەقتە پەتىۋا بۇ قاراش بويىچە بېرىلىدۇ».

ئەگەر شەرتىگە توشمىغان هالەتتە بېرىلگەن سوۋغات زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن بولسا، مەبلەغنىڭ ئىگىسى سوۋغات بېرىلگەن ئادەم ئەگە ئارىسىدا نىكاھ چۈشمەيدىغان دەرىجىدە يېقىن ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرى بولسىمۇ سوۋغاتنى ئۇ ئادەمدىن قايتۇرۇپ ئېلىۋالىدۇ. چۈنكى، شەرتىگە توشمىغان هالەتتە بېرىلگەن سوۋغاتمۇ سوۋغات بېرىلگەن ئادەمنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەگەر سوۋغاتقا بېرىلگەن نەرسە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەندىن كېيىن بازاردىكى باهاسى بويىچە تۆلەپ بېرىلىدىغان بولسا، زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كېتىشتىن بۇرۇن قايتۇرۇپ بېرىلىشكە ئەلۋەتتە هەقلىقتۇر.

§ ئەگەر كۈچ چىقارغان ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۇستىدە قەرز پۇل ۋە مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە مەبلەغ بولغان ۋە قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ دۇنيانىڭ ئىچىدە قايسى مالنىڭ مەزكۇر مۇئامىلىگە تەۋە مەبلەغ ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان بولسا، مەبلەغ ئىگىسى باشقا قەرز ئىگىلىرىگە قارىغاندا ئۇ مال ـ دۇنيانىڭ ئىچىدىن ئۆزىنىڭ مەبلىغىنى ۋە ئۆزىگە تېگىشلىك پايدىنى ئېلىۋېلىشقا هەقلىقمۇ؟ دېگەن سوئال قويۇلسا، شۇنداق مەبلەغ ئىگىسى باشقا قەرز ئىگىلىرىگە قارىغاندا ئۇ مال ـ دۇنيانىڭ ئىچىدىن ئۆزىنىڭ مەبلىغىنى ۋە ئۆزىگە تېگىشلىك پايدىنى ئېلىۋېلىشقا ئەڭ هەقلىقتۇر، دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ.

§ ئەگەر ئىككى شېرىكنىڭ بىرى يەنە بىر شېرىكنىڭ شىركەتكە تەۋە مالنىڭ مەلۇم مىقدارىغا خىيانەت قىلغانلىقىنى دەۋا قىلغان، ئۇستىدىن دەۋا قىلىنغان شېرىك شىركەتنىڭ مۈلكىگە خىيانەت قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلغان بولسا، ئۇ شېرىك ئۆزىنىڭ خىيانەت قىلمىغانلىقى هەققىدە قەسەم قىلىدۇ. ئەگەر قەسەم قىلىپ بېرەلىسە، ئاقلانغان بولىدۇ. ئەگەر قەسەم قىلىشتىن باش تارتسا، ئۇنىڭ ئۇستىدىن قىلىنغان دەۋا هەقلىق بولغان بولىدۇ. ئەگەر دەۋا قىلغان شېرىك خىيانەت قىلىنغان مالنىڭ مىقدارىنى ئېنىق تەيىن قىلىپ بېرەلمىگەن تەقدىردىمۇ هۆكۈم شۇ بويىچە بولىدۇ. لېكىن بۇ هالدا ئۇستىدىن دەۋا قىلىنغان شېرىك ئەگەر قەسەم قىلىشتىن باش تارتسا، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قانچىلىك مالغا خىيانەت قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ قەسەم قىلىش لازىم بولىدۇ. ئۇنىڭ خىيانەت قىلغان مەبلەغنىڭ مىقدارى هەققىدە قەسەم قىلىپ تۇرۇپ دېگەن سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ شېرىكنىڭ ئۆزىنىڭ خىيانەت قىلمىغانلىقى هەققىدە قەسەم قىلىپ بېرىشتىن باش تارتىشى نامەلۇم بىر نەرسىنى

ئىقرار قىلىنىغا ئوخشاشتۇر. شۇڭا ئۇنىڭ خىيانەت قىلغان مەبلەغنىڭ مىقدارى ھەققىدە قەسەم قىلىپ تۇرۇپ دېگەن سۆزى كۈچكە ئىگە بولىدۇ. لېكىن، يەنە بىر شېرىك ئەگەر ئۇ شېرىكنىڭ خىيانەت قىلغان مەبلىغىنىڭ ئۇنىڭ دىگىنىدىنمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى پاكىت ئارقىلىق ئىسپاتلىسا، ئۇنىڭ خىيانەت قىلغان مەبلىغىنىڭ مىقدارى پاكىتتا ئىسپاتلانغىنى بولىدۇ.[1]

## شېرىكچىلىك بىلەن مەزكۇر مۇئامىلىنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ ھۆكمى

مەن ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ شېرىكچىلىك بىلەن مەزكۇر مۇئامىلىنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقى ياكى توغرا بولمايدىغانلىقى ھەققىدە بىر نەرسە دېگەنلىكىنى ئۇچراتمىدىم. ئەمما ھەنبەلىي مەزھەپىدىكىلەر: «شېرىكچىلىك بىلەن مەزكۇر مۇئامىلىنى بىرلەشتۈرۈش توغرا بولىدۇ» دېدى. بۇ ھەقتە ئىبنى قۇدامە ئەلمەقدەسي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئىككى ئادەم مەبلەغ چىقىرىپ تىجارەتنى ھەر ئىككىسى بىللە ئەمەس پەقەت ئۇلاردىن بىرىلا قىلىشقا شېرىكلىشىدۇ. مانا بۇ شېرىكچىلىك بىلەن مەزكۇر مۇئامىلىنى بىرلەشتۈرۈش ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق قىلىش توغرىدۇر. مەسىلەن: ئىككى كىشى شېرىكلىشىپ شېرىكچىلىككە ئۇلارنىڭ بىرى **1000** سوم يەنە بىرى **2000** سوم قاتقان، **2000** سومنىڭ ئىگىسى **1000** سومنىڭ ئىگىسىگە، چىققان پايدىنى يېرىمدىن ئۈلۈشۈشكە شېرىكلىشىپ **2000** سوم بىلەن تىجارەت قىلىشقا رۇخسەت قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ بۇ شەكىلدە شېرىكلىشىشى توغرا بولىدۇ. بۇ شېرىكچىلىكتىن ئېلىنغان پايدا دەسلەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ بىر قىسمىنى **1000** سومنىڭ ئىگىسى ئۆزىنىڭ قاتقان **1000** سوم پۇلىغا ھېسابلاپ ئالىدۇ. پايدىنىڭ قالغان ئىككى قىسمى تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. تۆتىنىڭ ئۈچ قىسمىنى **2000** سومنىڭ ئىگىسى ئالىدۇ ۋە قالغان بىر قىسمىنى **1000** سومنىڭ ئىگىسى تىجارەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئالىدۇ»[2].

ئاندىن ئىبنى قۇدامە ئەلمەقدەسي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) يەنە بىر مەسىلىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەبلەغ ئىگىسى كۈچ چىقارغان ئادەمگە مەزكۇر مۇئامىلە سۈپۈتىدە **1000** سوم بەرگەن، ئاندىن ئۇ ئادەمگە: سەن ئۇ پۇلغا يېنىڭدىن **1000** سوم قوشۇپ تىجارەت قىلغىن، چىققان پايدىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى ساڭا، بىرى ماڭا بولسۇن، دېگەن بولسا، بۇنداق قىلىش توغرىدۇر. بۇ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، **2** ـ توم، **493** ـ بەت.

(2) «ئەلمۇغنى»، **5** ـ توم، **27** ـ بەت.

ھەم شېرىكچىلىك ۋە ھەم مەزكۇر مۇئامىلە ھېسابلىنىدۇ. شافىئىي مەزھەپدىكىلەر: «شېرىكچىلىك بىلەن مەزكۇر مۇئامىلىنى بىرلەشتۈرۈش توغرا ئەمەس. چۈنكى، شېرىكچىلىك ئەگەر مەبلەغ ئۈستىگە قورۇلسا، شېرىكچىلىكتىن ئېلىنغان پايدا ئىشقا ئەمەس مەبلەغكە قاراشلىق بولىدۇ» دېدى. ئەمما بىز ھەنبەلىي مەزھەپدىكىلەرنىڭ شېرىكچىلىك بىلەن مەزكۇر مۇئامىلىنى بىرلەشتۈرۈش توغرا بولىدۇ، دېگەن سۆزىگە قارشى كەلتۈرۈدىغان دەلىلىمىز شۇكى، ھەر ئىككى ئادەم مەبلەغنى ئوخشاش چىقاردى. لېكىن، پەقەت ئۇلارنىڭ بىرى ئۇ مەبلەغ بىلەن تىجارەت قىلدى. (يەنى ئۇ شىركەتنىڭ ئىشىنى قىلدى). شۇڭا تىجارەتنىڭ ئىشىنى قىلغان تەرەپنىڭ يەنە بىرىگە قارىغاندا پايدىنى كۆپرەك ئېلىشى توغرىدۇر. تىجارەتنىڭ ئىشىنى قىلغان تەرەپنىڭ ئەگەر شېرىكچىلىككە مەبلەغ قاتمىغان بولسىمۇ ئىش قىلغانلىقى ئۈچۈنلا پايدىدىن ئېلىشى توغرا ئىدى. شافىئىيلارنىڭ: <شېرىكچىلىكتىن ئېلىنغان پايدا ئىشقا ئەمەس مەبلەغكە قاراشلىق بولىدۇ> دېگەن سۆزىگە قېتىلمايمىز. پايدا ھەم ئىشقا ۋە ھەم مەبلەغكە قاراشلىق بولىدۇ. چۈنكى، پايدا تېپىش ئۈچۈن مەبلەغنىڭ بولۇشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن تىجارەت قىلىنىشى لازىم. بۇ ئىككى ئىش بىرلەشمەستىن پايدا ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. ئەگەر شېرىكچىلىككە مەبلەغ قاتقان ئەمما تىجارەت قىلىشقا قېتىلمىغان تەرەپ پايدىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئۆزى ۋە بىر قىسمىنى تىجارەت قىلغان تەرەپنىڭ ئېلىشىنى شەرت قىلغان بولسا، بۇ شەرت توغرا ئەمەس. قازى: <ئۇ شەرت، مالنىڭ مەلۇم مىقداردا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكىدە ئىككى شېرىكنىڭ بىرىنىڭ پايدىنى كۆپ ئالسا بولىدىغانلىقىغا ئاساسەن توغرىدۇر> دېدى. ئەمما بىزنىڭ پاكىتىمىز بولسا، تىجارەت قىلىشقا قېتىلمىغان تەرەپ ھېچقانداق بەدەلسىز ئۆزىنىڭ پايدىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى ئېلىشنى شەرت قىلدى. شۇڭا ئۇ شەرت خۇددى چىققان پايدىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ ئېلىشىنى شەرت قىلسا توغرا بولمىغىنىدەك توغرا ئەمەس. بۇ ئىش مالنىڭ مەلۇم مىقداردا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكىگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، مالنىڭ مەلۇم مىقداردا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكىدە ھەر ئىككى شېرىك تىجارەتنىڭ ئىشلىرىغا قېتىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ تىجارەتتە كۆرۈلگەن پايدىدىن بىرىنىڭ كۆپ ۋە يەنە بىرىنىڭ ئاز ئېلىشنى شەرت قىلىشلىرى توغرىدۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بىرى تىجارەت ئىشلىرىنى يەنە بىرىدىن كۆپرەك قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا بىز ئۈستىدە توختىلىۋاتقان مەسىلە ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئەگەر ئىككى شېرىك چىققان پايدىنى يېرىمدىن ئۈلۈشۈشكە كېلىشكەن، لېكىن ئۇنىڭ مەزكۇر مۇئامىلە ئىكەنلىكىنى ئېنىق دېمىگەن بولسا، ئۇلارنىڭ تۈزۈشكەن بۇ شېرىكچىلىكى توغرىدۇر. ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭ مەزكۇر مۇئامىلە ئىكەنلىكىنى دېگەن بولسا، بۇ شەرتىگە توشمىغان شېرىكچىلىك ھېسابلىنىدۇ»[1].

(1) «ئەلمۇغنى»، 5 ـ توم، 27 ـ بەت.

# ھەسسدارلىق شىركىتى

بىز بۇ يەردە ھازىرقى دەۋردە كەڭ ئومۇملاشقان ۋە شىركەتلەرنىڭ بىر تۈرى بولغان ھەسسدارلىق شىركىتى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتۈشنى توغرا كۆردۇق.

بۇنىڭدىن بىر نەچچە كىشى مەلۇم مىقداردىن مەبلەغ چىقىرىشىپ تۈزۈشكەن شېرىكچىلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ شېرىكچىلىك ھەر بىر شېرىكنىڭ (شىركەتتىكى مەسئۇلىيىتىنىڭ) ئۇنىڭغا قوشقان پېيىغا قارىتا بولىدىغانلىق، شىركەتكە قېتىلغانلارنىڭ سانى بىر نەچچە ئادەمدىن ئاز بولماسلىق ۋە شىركەتنى ماڭدۇرۇش ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرىغا مەبلەغ ئىگىلىرى تەرىپىدىن ۋەكىل قىلىنىپ سايلانغان ئادەم ئىگە بولۇش ئاساسىغا قورۇلغاندۇر. بۇ شېرىكچىلىكتە شېرىكلەر شىركەتتىكى پېيىنى خالىسا باشقا بىرىگە ساتالايدۇ.[1]

شىركەتنىڭ بىر پېيى مەسىلەن 1000 سوم ياكى 5000 سوم دېگەنگە ئوخشاش مەلۇم سان بىلەن بولۇش لازىم. يەنى ئەگەر شىركەتنىڭ بىر پېيى مەسىلەن 1000 سومغا بېكىتىلسە، شىركەتكە 1000 سوم قاتقان ئادەم ئۇنىڭدا بىر پېيى بولغان، 2000 سوم قاتقان ئادەم ئۇنىڭدا ئىككى پېيى بولغان بولىدۇ. بۇ شىركەتكە قېتىلغان ئادەم خالىسا بىر، خالىسا ئون، خالىسا ئۇنىڭدىن چىق پاي بىلەن قېتىلسا بولىدۇ. بەزى شىركەتلەر شېرىكلەرنىڭ بەك كۆپ پاي قوشۇشى ئۈچۈن مەلۇم مىقدارنى شەرت قىلىپ توختىتىپ بېرىدۇ. (يەنى مەسىلەن مىڭ پاي ياكى ئىككى مىڭ پاي دېگەنگە ئوخشاش. شىركەتكە كۆپ پاي قوشماقچى بولغان ئادەم شۇ مىقداردىن ئېشىپ كېتىلمەيدۇ). بۇنىڭغا ئوخشاش بىر شەرتنى قويۇش خاتا ئەمەس.

شېرىكنىڭ ئەگەر شىركەتتىكى پېيىنى سېتىشنى خالاپ سېتىشقا چىقىرىشى ۋە ئۇنى ئەسلىدىكى، ياكى ئۇنىڭدىن ئەرزان ياكى قىممەت باھا بىلەن سېتىشى توغرىدۇر (يەنى پاينىڭ مىقدارى مەسىلەن 1000 سوم بولغان بولسا، ئۇنى 1000 سومغا، ياكى 900 سومغا، ياكى 1200 سومغا سېتىش توغرىدۇر). شېرىكلەرنىڭ بىرىنىڭ شىركەتتىكى پېيىنى سېتىش شىركەتكە ھېچقانداق يامان تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. پاينىڭ ئەرزان ياكى قىممەت سېتىلغانلىقى ئۇنىڭغا ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. سېتىلغان پاي شىركەتتىكى ئۆزىنىڭ سەۋىيەسىنى ۋە تەسىرىنى ساقلاپ قالىدۇ. چۈنكى، ئۇ پايغىمۇ شىركەتنىڭ باشقا پايلىرىغا تەقسىم قىلىنغان پايدا ياكى زىيان تەقسىم قىلىنىدۇ.

جازانىخورلۇقتىن ۋە ئىسلامنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە توغرا كەلمەيدىغان شەرتلەردىن

(1) «شىركەتۇل مۇساھەمە فىن نىزامىل سەئۇدىيە»

خالى ھالدا قورۇلغان ھەسسىدارلىق شىركىتى شەرىئەتنىڭ قارىشىچە خاتا ئەمەستۇر. ھەسسىدارلىق شىركىتى يېڭى پەيدا بولغان شىركەت بولۇپ ئۇ ياكى مالنىڭ مەلۇم مىقداردا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكىگە، ياكى مالنىڭ مەلۇم مىقداردا شېرىك بولۇش شېرىكچىلىكى بىلەن بىرى مەبلەغ، يەنە بىرى كۈچ چىقىرىپ تۈزۈشكەن مۇئامىلىگە ئوخشاش كېتىدۇ. ھەسسىدارلىق شىركىتىدە بۇرۇنقى شىركەتلەردە يوق بەزى شەرتلەر بار. ئەگەر ئۇلار ھارامنى ھالال قىلىدىغان، ياكى ھالالنى ھارام قىلىدىغان شەرتلەر بولمىسا، ئۇ شەرتلەرنى قويۇش خاتا ئەمەس. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇسۇلمانلار قويۇشقان شەرتلىرىنىڭ ئىچىدىن ھالالنى ھارام ياكى ھارامنى ھالال قىلىدىغان شەرتتىن باشقا شەرتلەرگە ئەمەل قىلىسا بولىدۇ» دېگەن[1].

شىركەتنىڭ ئىشلىرىدىن مۇئەييەن بىر ئىشنىڭ، ياكى شىركەتلەرنىڭ ئىچىدىن مەلۇم بىر شىركەتنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ھەققىدە ئايەت ياكى ھەدىس، ياكى شەرىئەتنىڭ باشقا مەنبەلىرىدىن دەلىل بولمىسا، شىركەت قورۇش توغرىدۇر. چۈنكى، شۇنداق قىلىش ئەسلىدە چەكلەنگەن بىر ئىش ئەمەستۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله نۇرغۇن پەرزلەرنى پەرز قىلىپ بېكىتتى. ئۇلارنى زايە قىلىۋەتمەڭلار. الله نۇرغۇن چەكلىمىلەرنى قىلدى. ئۇلاردىن ئۆتۈپ كەتمەڭلار. الله بەزى نەرسىلەرنى ھارام قىلدى. ئۇلارغا يېقىنلاشماڭلار. الله بەزى نەرسىلەر ئۈستىدە توختالمىدى. ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن ئەمەس بەلكى سىلەرگە رەھمەت قىلغانلىقتىن (شۇنداق قىلدى)، ئۇلار توغرىسىدا ئىزدەنمەڭلار (يەنى ئۇلارنى چۇخچۇلاپ ئۆزەڭلارغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇۋالماڭلار).»[2]

مانا بۇ <شىركەتۇل مۇساھەمە فىن نىزامىل سەئۇدىيە> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ھەسسىدارلىق شىركىتى ھەققىدە بايان قىلغانلىرىدۇر. ئاندىن مەزكۇر كىتابنىڭ ئاپتورى ھەسسىدارلىق شىركىتى ھەققىدە فىقھشۇناسلار ۋە ئالىملارنىڭ قاراشلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئۇلار ئىككى قىسىمغا ئايرىلغان بولۇپ ئۇلارنىڭ بىر قىسمى: «ھەسسىدارلىق شېرىكچىلىكى توغرا» دېسە، يەنە بىر قىسمى: «ئۇ شېرىكچىلىك توغرا ئەمەس» دەيدۇ. مەزكۇر ئاپتور كىتابىدا ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ دەلىل - پاكىتلىرىنى كەلتۈرۈپ ئۈستىدە مۇنازىرە ئېلىپ بېرىپ ھەسسىدارلىق شېرىكچىلىكى توغرا ئەمەس، دېگەن ئالىملارنىڭ دەلىللىرىگە رەددىيە بېرىدۇ.

(1) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلغان ۋە ئەبۇداۋۇد: ئۇ توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېگەن.

(2) بۇ، ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىس بولۇپ ئۇ ھەدىسنى دارى قۇتنىي ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

# ئورتاقچىلىقنىڭ بايانى

**زىرائەت تېرىشنىڭ ۋە مېۋىلىك دەل ـ دەرەخ تىكىشنىڭ ئىسلامدىكى پەزىلىتى:**

ئىسلام دىنى هايات قانۇنىدۇر. بىزنىڭ الله تائالاغا بويسۇنۇشىمىز ئارقىلىق بۇ زېمىننى گۈللەندۈرۈشىمىز، ئۇنىڭ قوينىدا يارىتىلغان بايلىقلاردىن پايدىلىنىشىمىز، ياشىشىمىزغا ۋە هايات كەچۈرشىمىزگە كېرەكلىك بولغان سەۋەبلەرنى (يەنى زىرقلارنى) قولغا كەلتۈرشىمىز ئۈچۈن الله تائالا بىزنى بۇ زېمىندا ئورۇن باسار قىلىپ ياراتتى. الله تائالا زېمىننى بىزنىڭ مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى) :الله سىلەرگە زېمىننى مېخشقا ئاسان قىلدى ،زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار .الله نىڭ) بەرگەن (رىزقىدىن يەڭلار ،سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر)

ئىمام بۇخارى (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) كىتابىنىڭ زىرائەت تېرىش ۋە ئورتاقچىلىق قىلىش بۆلۈمىدە: زىرائەت تېرىشنىڭ ۋە مېۋىلىك دەل ـ دەرەخ تىكىشنىڭ پەزىلىتى، دەپ بىر باب تۈزۈپ ئۇ بابتا دەسلەپ الله تائالانىڭ: »سىلەر تېرىغان زىرائەتنى دەپ بېقىڭلارچۇ. ئۇنى سىلەر ئۇندۇردۇڭلارمۇ ياكى بىز ئۇندۇرۇپ (دان چىقىدىغان زىرائەت قىلىپ ئۆستۈردۇقمۇ؟). ئەگەر بىز خالىساق ئەلۋەتتە ئۇنى دانسىز قۇرۇق چۆپكە ئايلاندۇراتتۇق ـ دە، سىلەر ئەجەپلىنىپ قايغۇراتتىڭلار[1]« دېگەن ئايىتىنى بايان قىلىدۇ، ئاندىن ئەنەس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ: «ئەگەر بىر مۇسۇلمان مېۋىلىك كۆچەت تىككەن، ئۇنىڭ مېۋىسىدىن قۇشلار ياكى ئىنسان ياكى هايۋان يېگەن بولسا، بۇ ئۇ مۇسۇلمان ئۈچۈن سەدىقە بولىدۇ» دېگەن سۆزىنى رىۋايەت قىلدى.

ئىمام بۇخارى كېيىن يەنە: دېهقانچىلىقنىڭ سايمانلىرى (يەنى دېهقانچىلىق) بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ياكى دېهقانچىلىق قىلىشتا رۇخسەت قىلىنغان چېگرادىن ئېشىپ كېتىشنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىدىن ساقلىنىشنىڭ لازىملىقى، دەپ بىر باب تۈزۈپ ئۇ بابتا تۆۋەندىكى ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى مۇھەممەد ئىبنى زىياد ئەلهانىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇئۇمامە ئەلباهىلىي بۇقۇسنى ياكى بىر قىسىم دېهقانچىلىق سايمانلىرىنى كۆرىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ: «بۇ (يەنى دېهقانچىلىق سايمانلىرى) كىرگەن ئۆيگە، الله تائالا خارلىقنى كىرگۈزىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئەبۇنۇئەيمنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق بايان قىلىندى: «ئۇلار (يەنى دېهقانچىلىق

[1] سۈرە مۇلك 15 ـ ئايەت.

سايمانلىرىنى ئۆيلىرىگە ئېلىپ كىرگەنلەر) ئۆزلىرىگە خارلىقنى ئېلىپ كىردى. ئۇ خارلىق تاكى قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئۇلاردىن چىقىپ (يەنى كۆتۈرلۈپ) كەتمەيدۇ».

بۇ خارلىقتىن مەسئۇل ئورۇنلار دېھقانلاردىن ئالىدىغان ئالۋاڭ - سېلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەرلەرنى ئورتاقچىلىق بىلەن تېرىشنى دەسلەپ (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە ياشايدىغان) كاپىرلار قىلغان ئىشتۇر. ساھابىلار ئۇرتاقچىلىق بىلەن يەر تېرىشنى ياقتۇرمايتتى.

ئىبنى ئەتتىن: «مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدىن خەۋەر بەرگەن غەيبلىرىدىندۇر. چۈنكى، ھازىر كۆرۈنىۋاتقان ئەھۋال، ئەڭ كۆپ زۇلۇم تارتقان كىشىلەر بولسا، دېھقانلاردۇر» دېدى.

ئىمام بۇخارى (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) زىرائەت تېرىشنىڭ ۋە مېۋىلىك دەل - دەرەخ تىكىشنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلغان ھەدىس بىلەن دېھقانچىلىق سايمانلىرى كىرگەن ئۆيگە خارلىقنىڭ كىرىدىغانلىقىنى بايان قىلغان ھەدىسنى بىر يەردە كەلتۈرۈپ بايان قىلىش ئارقىلىق، زىرائەت ۋە كۆچەت تېكىش بىلەن شۇغۇللانغان ئادەم شۇ ئىشلار بىلەن قاتتىق شۇغۇللىنىپ كېتىپ ئۇستۇدىكى دىنىي ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلالماي يامان ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىغا ياكى ئۇ ئادەمدە دېھقانچىلىك بىلەن قاتتىق شۇغۇللىنىپ كېتىپ ئۇستۇدىكى دىنىي ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلالمايدىغان ئەھۋال كۆرۈلمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئادەم دېھقانچىلىق قىلىشتا رۇخسەت قىلىنغان چېگرادىن ئېشىپ كېتىپ يامان ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلماقچىدۇر.

مەلۇم بولۇشچە، ئەبۇئۇمامە ئەلباھىلىينىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدىن دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى دېھقانچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئۆيلىرىگە ئېلىپ كىرگەن ئادەم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمما قولىدا ئىشلەيدىغان ئادەملىرى بار ۋە ساقلاش ئۈچۈن دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئۆيىگە ئېلىپ كىرگەن كىشى ئۇ ھەدىسنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ.

بۇ ھەدىسنى (دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى دېھقانچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئۆيلىرىگە ئېلىپ كىرگەن ئادەمنىمۇ ۋە ساقلاش ئۈچۈن ئۆيىگە ئېلىپ كىرگەن كىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان) ئومۇمىي مەنىگە قارىتىشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، خارلىق ئۇستىگە باشقىلار تەرىپىدىن ئالۋاڭ - سېلىق قويۇلۇشقا سەۋەبچى بولىدىغان نەرسىلەرنى ئۆيىگە ئېلىپ كىرگەن ھەممە ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خۇسۇسەن ئالۋاڭ - سېلىق قويۇدىغان تەرەپ مەسئۇل ئورۇنلار بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ.

ئەلداۋۇدىي: «بۇ خارلىق دۈشمەنى يېنىدا تۇرسىمۇ دۈشمەنگە قارىتا قارشى تۇرۇش پوزىسىيەدە بولماي دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەتكەن ئادەمگە بولىدۇ. چۈنكى،

دۈشمەنى يېنىدا بار ئادەم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانسا، ھەربىي مەشىقلەر بىلەن شۇغۇللىنالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەن ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلبە قىلىپ كېتىدۇ. شۇڭا زېمىنىنى دۈشمەن بېسىۋالغان ياكى بېسىۋالماقچى بولغان ئادەملەر (دېھقانچىلىق بىلەن ئەمەس ھەربىي مەشىقلەرگە ئوخشاش) دۈشمەنگە قارشى تۇرالايدىغان تاكتىكا ۋە بىلىملەر بىلەن شۇغۇللىنىش ۋە باشقىلارنىڭ ئۇ ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغانلارغا ياردەم قىلىشى لازىم» دەيدۇ.[1]

يۇقىرىدىكى ھەدىسنىڭ مەنىسىنى ماۋۇ ھەدىسمۇ كۈچلەندۈرىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ۋە ئىمام ئەبۇداۋۇد قاتارلىقلار ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىشىلەر بېخىللىق قىلىپ پۇل ـ ماللىرىنى (ياخشى يەرلەرگە خىراجەت قىلمىسا)، قىممەت سېتىپ ئەرزان ئېلىش سودىسى بىلەن سودا ـ سېتىق قىلسا ۋە كالىلارنىڭ قۇيرۇقلىرىغا ئەگىشىپ (يەنى دېھقانچىلىق بىلەن بولۇپ كېتىپ) الله تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىشنى تاشلىسا، الله تائالا ئۇلارغا شۇنداق بىر بالا چۈشۈرىدۇركى، ھەتتا ئۇلار (دىنلىرىنى ياخشى تونۇپ) دىنلىرىغا قايتمىغىچە الله تائالا ئۇلاردىن ئۇ بالانى كۆتۈرۈۋەتمەيدۇ».

بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇداۋۇد بۇ شەكىلدە رىۋايەت قىلغان: «ئەگەر سىلەر قىممەت سېتىپ ئەرزان ئېلىش سودىسى بىلەن سودا ـ سېتىق قىلساڭلار، كالىلارنىڭ قۇيرۇقلىرىغا ئەگىشىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا رازى بولۇپ الله تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىشنى تاشلىساڭلار، الله تائالا سىلەرگە شۇنداق بىر خارلىق چۈشۈرىدۇركى، ھەتتا سىلەر (دىنىڭلارنى ياخشى تونۇپ) دىنىڭلارغا قايتمىغىچە الله تائالا سىلەردىن ئۇ خارلىقنى كۆتۈرۈۋەتمەيدۇ».

## ئورتاقچىلىقنىڭ ئۇقۇمى

بۇنىڭدىن بىر ئادەمنىڭ يەردىن ئالغان مەھسۇلاتنى مەلۇم پىرسەنتتىن ئۆلۈشۈش شەرتى بىلەن ئۇ يەرنىڭ ئىگىسى بىلەن يەرنى تېرىشقا كېلىشىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئورتاقچىلىقنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۈچۈن يەردىن چىققان مەھسۇلاتقا يەرنى تېرىيدىغان ئادەم بىلەن يەر ئىگىسىنىڭ شېرىك بولۇشى شەرت. ئەگەر ئۇلار مەھسۇلاتقا شېرىك بولماي مەھسۇلاتنىڭ ھەممىسىنى يەر ئىگىسىنىڭ ياكى ئۇنى تېرىيدىغان ئادەمنىڭ ئېلىشى شەرت قىلىنسا، بۇ ئورتاقچىلىق ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، ھەمسۇلاتنىڭ

(1) سۈرە ۋاقىئە 63 ــــ 65 ـ ئايەتكىچە.

ھەممىسىنى يەر ئىگىسى ئالغاندا، ئۇنى تېرىغان ئادەم يەر ئىگىسىگە ياردەملىشىپ بەرگەن بولىدۇ. ھەمسۇلاتنىڭ ھەممىسىنى يەرنى تېرىيدىغان ئادەم ئالغاندا، يەر ئىگىسى يېرىنى تېرىۋېلىش ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە بېرىپ تۇرغان بولىدۇ.

ئورتاقچىلىق بىلەن يەرنى ئىجارىگە ئېلىشنىڭ ئارىسىدىكى پەرق شۇكى، ئورتاقچىلىقتا يەر ئۇنى تېرىيدىغان ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئېلىنىغان مەھسۇلات ئۇ ئادەم بىلەن يەر ئىگىسىنىڭ ئارىسىدا (مەلۇم پىرسەنتتىن) تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەمما يەرنى ئىجارىگە ئېلىش بولسا، بەدەل تۆلەش ئارقىلىق يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشتۇر. ئىجارە ھەتتا يەردىن قانداق پايدىلىنىدىغانلىق ۋە يەرگە بېرىلىدىغان ئىجارە ھەققىنىڭ مىقدارى ئېنىق بەلگىلەنمىگىچە توغرا بولمايدۇ. ئورتاقچىلىقتا يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلات ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەلۇم پىرسەنتتىن تەقسىم قىلىنىشى لازىم. مەيلى يەر ئىگىسى بولسۇن مەيلى يەرنى تېرىغان ئادەم بولسۇن ئۇلارنىڭ بىرىگە، ئەگەر يەردىن چىققان مەھسۇلاتتىن مۇئەييەن بىر مىقدار بېرىلىش شەرت قىلىنسا، ئورتاقچىلىق ئەمەلدىن قالغان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ شەرت بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان شېرىكچىلىك ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. (يەنى بىرمۇ يەردىن چىققان مەھسۇلاتتىن مۇنچە پىرسەنت ساڭا ۋە قالغىنى ماڭا دېمەي، بىرمۇ يەرنى تېرىغانلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا مۇنچە چارەك ئاشلىق بېرىمەن ياكى بىرمۇ يېرىڭنى بېرىپ تۇرغانلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا مۇنچە چارەك ئاشلىق بېرىمەن، دەپ شەرت قويۇشقان بولسا، بۇنىڭ بىلەن ئورتاقچىلىق ئەمەلدىن قالىدۇ).

## ئورتاقچىلىقنىڭ يولغا قويۇلىشى

ئورتاقچىلىقنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى ياكى قويۇلمىغانلىقى ھەققىدە ئىماملار ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «يەرنى ئورتاقچىلىق بىلەن تېرىش توغرا ئەمەس» دېدى. ئىمام ئەبۇھەنىفە يەرنى ئورتاقچىلىق بىلەن تېرىش توغرا ئەمەس دېسىمۇ، لېكىن ئورتاقچىلىققا ئالاقىدار نۇرغۇن مەسىلىلەرنى بايان قىلغان. ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «يەرنى ئورتاقچىلىق بىلەن تېرىش توغرىدۇر» دەيدۇ. بۇ ھەقتە بۇ ئىككى ئىمامنىڭ كۆز قارىشى بىلەن پەتىۋا بېرىلىدۇ. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ شۇنداق قىلىشقا ئېھتىياجى باردۇر.

ئورتاقچىلىق ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىچە، توغرا ئەمەس. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ

قارىشچە توغرىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەرنىڭ يەرلىرىنى، خورمىلۇق ۋە مېۋىلىك باغلىرىنى يەردىن ۋە باغلاردىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ يېرىمىنى ئۆزىگە تاپشۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن تېرىش ئۈچۈن خەيبەر ئەھلىگە بەرگەن. يەنە كېلىپ ئۇرتاقچىلىق بىر مەنادا شېرىكچىلىكتۇر. شۇڭا ئۇنى بىرى مەبلەغ، يەنە بىرى كۈچ چىقىرىپ تۈزۈشكەن مۇئامىلىگە قىياس قىلىپ توغرا دېيىشكە بولىدۇ. ھەر ئىككى شېرىكچىلىكنىڭ ئارىسىدىكى ئورتاقلىق كىشىلەرنىڭ شۇنداق شېرىكچىلىككە بولغان ئېھتىياجىدۇر. چۈنكى، مەيلى يەر بولسۇن مەيلى پۇل بولسۇن مەبلەغ ئىگىسى مەبلىغىنى ئىشلىتەلمەسلىكى مۇمكىن. مەبلەغ ئىشلىتەلەيدىغان كىشى مەبلەغ تاپالماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش شېرىكچىلىككە كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى بار. ئەمما قويغا، توخۇغا ۋە پىلە قۇرتىغا ئوخشاش نەرسىلەردە ئۇلاردىن ئېلىنغان مەھسۇلاتنى مەلۇم پىرسەنتتىن ئۈلۈشۈش شەرتى بىلەن ئورتاقچىلىق قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇ نەرسىلەرنى بېقىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەم ئۇلاردىن مەھسۇلات ئېلىش ئۈچۈن بىر ئىش قىلمايدۇ. (يەنى ئۇ نەرسىلەر مەھسۇلاتنى ئۆزلىرى چىقىرىدۇ). شۇڭا ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇلارنى قولىغا ئالغان ئادەمنىڭ ئارىسىدا شېرىكچىلىك ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ.

ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ پاكىتى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورتاقچىلىق قىلىشتىن توسقانلىقىدۇر. چۈنكى، ئورتاقچىلىق قىلىش يەرنى تېرىيدىغان ئادەمنى ئۇنىڭ ئىشلىشى ئارقىلىق ئېرىشىلگەن مەھسۇلاتنىڭ بىر قىسمىغا ئىجارىگە ئېلىش ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئىش ھەق نامەلۇمدۇر ياكى (ئەگەر زىرائەت بولماي قالسا) پۈتۈنلەي يوقتۇر. ئىش ھەققىنىڭ نامەلۇم بولۇشى ياكى پۈتۈنلەي يوق بولۇشى ئورتاقچىلىقنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەيبەرنىڭ يەرلىرىنى، خورمىلۇق ۋە مېۋىلىك باغلىرىنى يەردىن ۋە باغلاردىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ يېرىمىنى ئۆزىگە تاپشۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن تېرىش ئۈچۈن خەيبەر ئەھلىگە بېرىشى بولسا، ئورتاقچىلىق يولى بىلەن ئەمەس سۈلھى يولى بىلەن بولغاندۇر. بۇ توغرىدۇر.[1]

بۇ ھەقتە مەزكۇر ئىماملارنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپنىڭ سەۋەبى، ساھابىلار ۋە تابىئىنلاردىن بۇ ھەقتە رىۋايەت قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ بىر - بىرىگە زىت بولۇشىدۇر.

ئىمام بۇخارى (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) كىتابىنىڭ زىرائەت

(1) «پەتھۇلبارىي» 5 - توم، 5 - بەت.

تېرىش ۋە ئورتاقچىلىق قىلىش بۆلۈمىدە: يېرىمىدىن تەقسىم قىلىشىش شەرتى بىلەن ئورتاقچىلىق قىلىشىشنىڭ بابى، دەپ بىر باب تۈزۈپ ئۇ بابتا تۆۋەندىكى ئەسەرلەرنى بايان قىلدى:

قەيس ئىبنى مۇسلىم ئەبۇجەئپەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ھەر بىر ئائىلە (ئېلىنغان مەھسۇلاتنىڭ) ئۈچتىن بىرىنى ياكى تۆتتىن بىرىنى ئېلىش شەرتى بىلەن ئورتاقچىلىق قىلاتتى. (ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدىن) ئورتاقچىلىق قىلغانلار ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىپ ۋە ئائىلىسى، سەئد ئىبنى مالىك، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز، قاسىم، ئۇرۋە، ئەبۇبەكرىنىڭ ئائىلىسى، ئۆمەرنىڭ ئائىلىسى ۋە ئىبنى سىرىن ((الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) قاتارلىقلاردۇر. ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەسۋەد: <مەن يەر تېرىشتا ئابدۇرراھمان ئىبنى يەزىد بىلەن شېرىكلىشەتتىم> دېگەن. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): ئۆمەر ئىبنى خەتتاب كىشىلەر بىلەن ئەگەر ئۆمەر (يەنى ئۆزىنى دېمەكچى) ئۇرۇغنى ئۆزى ئېلىپ كەلسە، يەردىن چىققان مەھسۇلاتتىن ئۆمەرگە مۇنچىلىك بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇرۇغنى يەر ئىگىسى ئېلىپ كەلسە، مەھسۇلاتتىن ئۇنىڭغا مۇنچىلىك بېرىلىدۇ، دەپ ئورتاقچىلىق مۇئامىلىسىنى قىلغان. ھەسەن: <ئەگەر يەر بىر ئادەمگە تەۋە بولسىمۇ يەرگە كەتكەن چىقىمنى يەرنىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇنى تېرىغان ئادەم بىللە چىقىرىپ يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلاتنى ئارىلىرىدا بۆلۈشسىمۇ بولىدۇ> دېگەن».

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەرلىك كىشىلەر بىلەن مېۋە بولسۇن ياكى زىرائەت بولسۇن، چىققان مەھسۇلاتنىڭ يېرىمىنى تۆلەشكە كېلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىغا سەكسەن ۋەسەق خورما ۋە يىگىرمە ۋەسەق ئارپا بولۇپ يۈز ۋەسەق نەرسە بېرەتتى. ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) خەيبەرنى تەقسىم قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا يەر بىلەن سۇلارنى بۆلۈپ بېرىشنى، ياكى ئىلگىرىكىدەك يۈز ۋەسەقنى بېرىشنى تاللاشقا ئىختىيارلىق بەردى. ئۇلاردىن بەزىسى زېمىننى تاللىدى، بەزىسى ۋەسەقنى تاللىدى. ئائىشە زېمىننى تاللىدى.»[1]

مانا بۇ ھەدىسلەر ئورتاقچىلىقنى توغرا، دەپ قارايدىغان ئىماملار ۋە ئالىملارنىڭ تۇتقۇلىرىدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەردە شۇنداق قىلغان. خەيبەردىكى ئورتاقچىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب تاكى خەيبەردىن يەھۇدىلارنى قوغلاپ چىقارغانغا قەدەر داۋام

(1) «ئەلھىدايە» 4 ـ توم، 54 ـ بەت.

قىلغاندۇر. ئالىملار خەيبەرنىڭ يەرلىرىنىڭ ئۇ يەردىكى يەھۇدىيلارغا ئورتاقلىق بىلەن بېرىلگەنلىكىنى دەلىل - پاكىت قىلىپ تۇرۇپ دەل - دەرەختە ئورتاق بولۇشنىڭ (دەل - دەرەختىن چىققان مەھسۇلاتنى مەلۇم مىقداردىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىپ دەل - دەرەخنى پەرۋىش قىلىشى ئۈچۈن بىرىگە بېرىشكە ) بولىدىغانلىقىنى، دېدى. بۇ كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر.[1]

ئابدۇللاھ ئىبنى سائىب مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئابدۇللاھ ئىبنى مەئقەلنىڭ قېشىغا كىردۇق ۋە ئۇنىڭدىن ئورتاقچىلىقنىڭ ھۆكمى ھەققىدە سوئال سورىدۇق، ئۇ: <سابىت ئىبنى زاھھاك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەرنى ئورتاقچىلىققا بېرىشتىن توسقانلىقىنى ۋە ئىجارىگە بېرىشكە بۇيرۇغانلىقىنى گۇمان قىلىدۇ دەپ بولۇپ ئورتاقچىلىق قىلىش گۇناھ ئەمەستۇر> دېگەن»[2].

مانا بۇ ئورتاقچىلىق قىلىشنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق بايان قىلغان ھەدىستۇر. چۈنكى، ئۇ ھەدىستە يەر ئىگىسى يېرىنى ئورتاقچىلىققا بېرىشتىن مۇتلەق چەكلەندى ۋە ئۇنى ئىجارىگە بېرىشكە بۇيرۇلدى. بۇ ھەدىس، ئۇ چەكلىمىنىڭ يەرنى ئورتاقچىلىققا بېرىشنىڭ ھارام بولۇشىنى ئەمەس مەكرۇھ بولۇشىنى ئىپادىلەپ بېرىش ئېھتىمالىنى بىكار قىلىدۇ. چۈنكى، يەرنى ئورتاقچىلىققا بېرىش مەكرۇھ، دەپ قارايدىغانلارنىڭ قارىشىدا يەرنى ئورتاقچىلىققا بېرىش بىلەن ئۇنى ئىجارىگە بېرىشنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوقتۇر. مەزكۇر ھەدىس ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا پەرق بارلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەگەر ئەھۋال شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇ ھەدىس دەلىل - پاكىت بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقىسى پاكىت ھېسابلانمايدۇ.

ئەمما ئىمام مۇسلىم ۋە باشقىلار ئەبۇسەئىد، ئەبۇھۇرەيرە ۋە جابىر قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام <مۇھاقەلەدىن> توسقان دېگەن ھەدىسكە كەلسەك، <مۇھاقەلە> نىڭ مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەستۇر. چۈنكى، بىر قىسىم ھەدىس ئىماملىرى <مۇھاقەلە> نىڭ مەنىسى ھەققىدە جابىرنىڭ: «ئۇ تېخى ئورۇلمىغان زىرائەتنى مۆلچەرلەپ ئاشلىققا (يەنى تېخى باشاقتىكى بۇغداينى مۆلچەرلەپ باشاقتىن تازىلاپ بولغان بۇغدايغا ) سېتىشتۇر» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.[3] يەنە بىر قىسىم ھەدىس ئىماملىرى <مۇھاقەلە> نىڭ مەنىسى ھەققىدە جابىرنىڭ: «ئۇ يەرنى ئىجارىگە بېرىشتۇر» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.[4] شۇنىڭدەك ئىمام مۇسلىم يەنە ئىبنى ئابباس ۋە ئەبۇسەئىد قاتارلىقلارنىڭ يەرنى

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(2) «پەتھۇلبارىي» 5 - توم، 13 - بەت.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(4) بۇ ئەسەرنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

ئىجارىگە بېرىشتىن توسقانلىقنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىش شۇنداق بولغان ئىكەن <مۇھاقەلە> دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىدە ئېنىقسىزلىق كۆرۈلگەن بولدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام <مۇھاقەلەدىن> توسقان دېگەن ھەدىس پاكىت بولۇش دەرىجىسىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ھەدىستىن يەرنى ئىجارىگە بېرىشتىن توسالغان، دېگەن مەنا كۆزدە تۇتۇلسا، ئۇ ھەدىستىن يەرنى مۇتلەق ئىجارىگە بېرىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ياكى بەزى شەكىلدە ئىجارىگە بېرىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى كۆزدە تۇتۇلامدۇ؟ بۇ تۇقتا ئېنىق بىلىنمەيدۇ. شۇڭا ئۇ ھەدىس پاكىت بولۇش دەرىجىسىدىن چۈشۈپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ.[1]

ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) <ئەلئاسەر> دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: « ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بىزگە: ھەممادنىڭ تاۋۇس ۋە سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ قاتارلىقلاردىن يەرگە ئۇنىڭدىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ ئۈچىنىڭ ياكى تۆتىنىڭ بىرىگە ئورتاقچىلىق بولۇشنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىدىن سورىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممادقا: ئۇنداق قىلىش خاتا ئەمەس، دەپ جاۋاپ بەرگەنلىكىدىن، ھەممادنىڭ بۇنى ئىبراھىم نەخەئىيگە سۆزلەپ بەرگەندە، ئىبراھىم نەخەئىينىڭ يەرگە ئورتاقچىلىق بولۇشنى يامان كۆرگەنلىكىدىن ۋە تاۋۇسنىڭ يەرگە ئورتاقچىلىق قىلىش بولىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، تاۋۇسنىڭ زېمىنى بولۇپ ئۇنى ئورتاقچىلىققا بېرەتتى، دېگەنلىكىدىن خەۋەر بەرگەن. شۇڭا ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ ھەقتە ئىبراھىم نەخەئىينىڭ سۆزىنى تۇتۇپ (يەرنى ئورتاقچىلىققا بېرىشنى) يامان كۆرەتتى ۋە بىز بولساق سالىم بىلەن تاۋۇسنىڭ سۆزىنى تۇتۇپ يەرنى ئورتاقچىلىققا بېرىش خاتا ئەمەس، دەيتتۇق ».

بۇنىڭغا <ئىئلائۇسسۇنەن> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئىلاۋە قىلىپ: « بۇنىڭدىن ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىدا يەرنى ئۇنىڭدىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ ئۈچىنىڭ ياكى تۆتىنىڭ بىرىگە ئورتاقچىلىققا بېرىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى چىقمايدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) يەرنى ئورتاقچىلىققا بېرىشنى خۇددى ئىبنى ئۆمەر ۋە ئىبراھىم نەخەئىي قاتارلىقلارغا ئوخشاش تەقۋالىق قىلىش يۈزىسىدىن يامان كۆرگەن. توغرىسىنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر » دېدى[2].

(1) بۇ ئەسەرنىمۇ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(2) «ئىئلائۇسسۇنەن» 17 ـ توم، 36 ـ بەت.

# ئورتاقچىلىقنىڭ ئاساسلىرى ۋە ھۆكمى

ئورتاقچىلىقنىڭ ئاساسلىرى زېمىندىن، ئورۇغدىن، ئەمگەكتىن ۋە زىرائەت تېرىغىلى بولىدىغان كالىدىن ئىبارەت تۆتتۇر. كالىنىڭ زىرائەت تېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە يارىتىلغانلىقىنى تۆۋەندىكى ھەدىستىن كۆرۈۋالالايمىز. ئەبۇھۇرەيرە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(كىشىلەرنىڭ) ئىچىدىن بىر ئادەم كالىسىغا مىنمەكچى بولغان ئىدى، كالا ئۇنىڭغا قاراپ: مەن بۇنىڭ ئۈچۈن يارىتىلمىغان، مەن زىرائەت تېرىشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن يارىتىلغان، دېگەن» دېدى. (بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر ھەيران قېلىپ <سۇبھانەللاھ> دېگەن ئىدى)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇنىڭغا (يەنى كالىنىڭ گەپ قىلالايدىغانلىقىغا) مەن، ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر قاتارلىقلار ئىشىنىمىز» دەپ بولۇپ (سۆزىنى داۋام قىلىپ)، بۆرە كېلىپ (پادىنىڭ ئىچىدىن) بىر قوينى تۇتۇپ ماڭدى، بۆرىنىڭ ئارقىسىدىن پادىچى قوغلىغان ئىدى، بۆرە ئۇنىڭغا: مەن قوينى تۇتۇش ئۈچۈن كەلگەن ۋە مەندىن باشقا پادىچى يوق كۈندە قوينى كىم قوتۇلدۇرۇۋالىدۇ، دېگەن» دېدى. (بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر ھەيران قېلىپ <سۇبھانەللاھ> دېيىشتى)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇنىڭغا (يەنى بۆرىنىڭ گەپ قىلالايدىغانلىقىغا) مەن، ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر قاتارلىقلار ئىشىنىمىز» دېدى. بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغانلارنىڭ بىرى بولغان ئەبۇسەلىمە: «ئۇ كۈنى ئەبۇبەكرى بىلەن ئۆمەر كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا يوق ئىدى» دېدى.[1]

كۈنۈمىزدە زىرائەت تېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا ۋە تىراكتورلار كالىنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ.

ئورتاقچىلىقنىڭ ھۆكمى ھازىرنىڭ ئۆزىدە يەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش ۋە كېيىنچە يەردىن چىققان مەھسۇلاتقا شېرىك بولۇشتۇر.

ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدا ئورتاقچىلىققا كېلىشىم تۈزۈلۈپ بولۇنغاندىن كېيىن ئورۇغ چىقارمىغان ئادەم ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش لازىمدۇر. شۇڭا ئۇ ئادەم ئورتاقچىلىقنى سەۋەبسىز بۇزالمايدۇ. ئورۇغنى چىقارغان ئادەمگە تاكى ئورۇغنى يەرگە سالغانغا قەدەر ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش لازىم بولمايدۇ. ئەگەر ئورۇغنىڭ ئىگىسى ئورۇغنى يەرگە سېلىپ بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئورۇغ ئىگىسىگە ئورتاقچىلىققا رىئايە قىلىش لازىم بولىدۇ. ئورۇغ ئىگىسى ئورۇغنىڭ بىكار بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەگەر خالىسا ئورتاقچىلىقنى سەۋەبسىز بۇزالايدۇ. چۈنكى، ئورۇغ ئىگىسى ئورۇغنى يەرگە سالسا ئۇنىڭ ئۈنۈدىغان ياكى ئۈنمەيدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بۇ خۇددى تامنىڭ ئىگىسى تېمىنى

(1) «ئىلائۇسسۇنەن» 17 ـ توم، 50 ـ بەت.

يىقتۇرۇش ئۇچۇن بىر كىشىنى ئىجارىگە ئېلىپ بولۇپ كېيىن تامنى يىقتۇرۇشتىن ۋازكەچكىنىگە ئوخشاش. (تامنىڭ ئىگىسى ئەگەر خالىسا تېمىنى يىقتۇرۇشتىن سەۋەبسىز ۋازكېچەلەيدۇ. شۇڭا تامنى ئۇ كىشىگە يىقتۇرۇشقا مەجبۇرلانمايدۇ). ئەگەر تام ئىگىسىنىڭ ئۇ كىشىگە تامنى يىقتۇرۇشتىن باش تارتىشى تامنىڭ ئىگىسى تامنى ئۇ كىشىدىنمۇ ئەرزەنراق باھاغا يىقىپ بېرىدىغان بىرىنى تاپقانلىقى ياكى تامنى ئۆزى يىقماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن بولغان بولسا، تام ئىگىسى تامنى تاسلەپ ئىجارىگە ئالغان كىشىگە يىقتۇرۇشقا مەجبۇرلىنىدۇ. چۈنكى، تامنى يىقتۇرۇشتىن ۋازكېچىشى ئۈچۈن باشقا بىر سەۋەب يوق. ئەگەر تام ئىگىسى تامنى يىقتۇرۇشتىن ۋازكەچمىگەن لېكىن ئۇنى يىقتۇرۇش ئۈچۈن بۇرۇن ئىجارىگە ئالغان كىشىدىن ئەرزەنراق بىرىنى تاپقان ياكى ئۆزى يىقماقچى بولغان بولسا، بۇ ھالدا تام ئىگىسى مەجبۇرلانمايدۇ. ئۇ كىشىنى تام ئىگىسىنىڭ تامنى يىقتۇرۇشتىن ۋازكەچكەنلىكى ھەققىدە قەسەم قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ. چۈنكى، تام ئىگىسىنىڭ نىيىتى دېگەن گېپىدىن باشقا بولۇشى مۇمكىن.

ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدا ئورتاقچىلىق تۈزۈلۈپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۇرۇغ ئىگىسى دېھقانچىلىق قىلىشتىن باش تارتسا، دېھقانچىلىق قىلىشقا مەجبۇرلانمايدۇ. چۈنكى، ئۇرۇغ ئىگىسى ئەگەر كېلىشىمدە داۋام قىلىپ بولۇپ ئاندىن ۋازكەچمەكچى بولسا، ئۇنىڭغا زەرەر كېلىدۇ (يەنى ئۇرۇغ بىكار بولۇپ كېتىدۇ). ئەگەر دېھقانچىلىق قىلىشتىن باش تارتقان تەرەپ ئۇرۇغ چىقارمىغان ئادەم بولسا، قازى ئۇنى دېھقانچىلىق قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. چۈنكى، بۇ ئادەمگە ئەگەر دېھقانچىلىقتا داۋام قىلسا بىرەر زەرەر كەلمەيدۇ. شۇڭا ئورتاقچىلىققا تۈزۈشكەن كېلىشىمگىمۇ خۇددى ئىجارىگە ئوخشاش ئەمەل قىلىش لازىم. ئىجارە بۇزۇلىدىغان سەۋەبلەر بىلەن ئورتاقچىلىقمۇ بۇزۇلىدۇ.

# ئورتاقچىلىقنىڭ شەرتلىرى

ئورتاقچىلىقنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ تېپىلىشى لازىم:

**1** ـ يەرنىڭ زىرائەت تېرىشقا بولىدىغان يەر بولۇشى لازىم. شۇڭا يەر ئەگەر شورلۇق ياكى سۇلۇق بولسا، ئۇ يەر ئۈستىدە تۈزۈشكەن ئورتاقچىلىق توغرا ئەمەس. يەر ئەگەر كېلىشىم تۈزۈشكەن ۋاقتىدا يەرنىڭ سۈيىنىڭ توختاپ قالغىنىغا ۋە قىش پەسلى كېلىپ قالغىنىغا ئوخشاش مەلۇم بىر سەۋەب بىلەن زىرائەت تېرىشقا بولمايدىغان، لېكىن ئۇ سەۋەب ئۇزۇن داۋام قىلمايدىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ يەر ئۈستىدە قىلىشقان كېلىشىم توغرا بولىدۇ.

**2** ـ كېلىشىم تۈزۈشكەن ئىككى تەرەپنىڭ كېلىشىم تۈزۈشۈشكە سالاھىيىتى بار

ئادەملەر بولۇشى لازىم. مەسىلەن: ئىككى تەرەپنىڭ ئازات ۋە بالاغەتكە يەتكەن ئادەملەر بولۇشى لازىم. ئەگەر ئىككى تەرەپنىڭ كېلىشىم تۈزۈشكە سالاھىيىتى بولمىسا، ئۇلارنىڭ يەر ئۈستىدە تۈزۈشكەن كېلىشىمى توغرا بولمايدۇ.

3 ـ زىرائەتنى قاچان تېرىپ قاچان يىغىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش لازىم. ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ بىلدۈرۈلمىسىمۇ كېلىشىم توغرا بولىدۇ» دېدى. ئەگەر زىرائەتنى قاچان تېرىپ قاچان يىغىۋېلىنىدىغانلىقى بىلدۈرۈلمىگەن چاغدا، ئورتاقچىلىق كېلىشىمى (يەرگە تېرىلىدىغان) تۇنجى زىرائەتتىن تارتىپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) زىرائەتنىڭ قاچان تېرىلىپ قاچان يىغىۋېلىنىدىغانلىقىنى كۆپىنچە ئوخشاش زىرائەت تېرىشنىڭ ۋە ئۇنى يىغىشنىڭ ئېنىق ۋاقتى يوق يەرلەردە شەرت قىلغان. چۈنكى، بۇ يەرلەردە زىرائەت تېرىلىدىغان ۋە يىغىۋېلىنىدىغان ۋاقىت ئېنىق بولمايدۇ.

4 ـ سۆز ئىشارىتى بىلەن بولسىمۇ ئۇرۇقنى كىمنىڭ چىقىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش لازىم. مەسىلەن: يەر ئىگىسى قارشى تەرەپكە: «زېمىننى سېنىڭ مەن ئۈچۈن تېرىپ بېرىشىڭگە بەردىم ياكى زېمىننى ساڭا ئىجارىگە بەردىم، ياكى سېنىڭ زېمىندا ئىشلىشىڭ ئۈچۈن مەن سېنى ئىجارىگە ئالدىم» دېسە، بۇ سۆزلەر ئۇرۇقنى زېمىن ئىگىسىنىڭ چىقىرىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. ئەگەر زېمىن ئىگىسى قارشى تەرەپكە: «مەن يەرنى ساڭا ئۆزەڭ ئۈچۈن زىرائەت تېرىۋېلىشىڭ ئۈچۈن بەردىم» دېگەن بولسا، بۇ ئۇرۇقنى يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەمنىڭ چىقىرىدىغانلىقىغا ئىشارەتتۇر. ئەگەر مەزكۇر سۆزلەردىن ئۇرۇقنى كىمنىڭ چىقىرىدىغانلىقى بىلىنمىسە، ئۇنى كىمنىڭ چىقىرىدىغانلىقىنى ئۆرپ ـ ئادەت بەلگىلەيدۇ. ئەگەر ئورتاقچىلىقتا ئۇرۇقنى كىمنىڭ چىقىرىدىغانلىقىنى ئۆرپ ـ ئادەت بەلگىلىگەن ۋە بۇنىڭغا ھەر ئىككى تەرەپ قوشۇلغان بولسا، ئورتاقچىلىق توغرا بولىدۇ. ئەگەر بۇ ھەقتە كىشىلەر ئارىسىدا تۇتقۇ قىلغىلى بولىدىغان بىرەر ئۆرپ ـ ئادەت بولمىغان ۋە كېلىشىمدە ئۇرۇقنى كىمنىڭ چىقىرىدىغانلىقى ئېنىق بولمىغان بولسا، ئورتاقچىلىق شەرتىگە توشمىغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇرۇقنى ئەگەر يەر ئىگىسى چىقارسا، يەر ئىگىسى قارشى تەرەپتىكى ئادەمنى ئىشلەپ بېرىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇرۇقنى يەنە بىر ئادەم چىقارسا، بۇ ئادەم يەرنى ئىجارىگە ئالغان بولىدۇ. ئەگەر كىمنىڭ نېمىنى ئىجارىگە ئالغانلىقىدا ئىختىلاپ كۆرۈلسە، كىمنىڭ نېمىنى ئىجارىگە ئالغانلىقى ئېنىق بايان قىلىنىش لازىم.

5 ـ ئۇرۇقنىڭ نېمىنىڭ ئۇرۇقى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش لازىم. چۈنكى، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئالىدىغان ئىش ھەققى يەردىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ ئۆزىدۇر. كېلىشىمنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارغا بېرىلىدىغان ھەقنىڭ ئېنىق بولۇشى لازىم. ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققىنىڭ ئېنىق بولۇشى ئۈچۈن ئۇرۇقنىڭ نېمىنىڭ ئۇرۇقى ئىكەنلىكى

ئېنىق بولۇشى شەرت. يەنە كېلىپ بەزى ئۇرۇغلار يەرگە زىيان سېلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇرۇغنىڭ نېمىنىڭ ئۇرۇغى ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىسا، بۇ هالدا ئەگەر ئۇرۇغنى يەرنىڭ ئىگىسى چىقارغان بولسا، كېلىشىم يەنە توغرا بولىدۇ. چۈنكى، ئىش ھەققى يەرگە ئۇرۇغنى سېلىشتىن بۇرۇن ئېنىق بولمايدۇ. ئۇرۇغ يەرگە سېلىنغاندىن كېيىن ئىش ھەققى ئېنىق بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇرۇغنى يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەم چىقارغان بولسا، ئورتاقچىلىق توغرا بولمايدۇ. لېكىن يەرنىڭ ئىگىسى قارشى تەرەپكە يەرنى تاپشۇرۇپ بەرگەندە، سەن يەرگە خالىغان زىرائەتنى تېرىغىن، دېگەن بولسا، بۇ هالدا ئورتاقچىلىق توغرا بولىدۇ. ئەگەر يەرنىڭ ئىگىسى قارشى تەرەپكە يەرنى تاپشۇرۇپ بەرگەندە، ئۇنداق دېمىگەن بولسا، ئورتاقچىلىق شەرتىگە توشمىغان بولىدۇ. ئەگەر يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەم (گەرچە ئورتاقچىلىق شەرتىگە توشمىغان بولسىمۇ) يەرگە زىرائەت تېرىسا، ئورتاقچىلىق توغرا ئورتاقچىلىققا ئايلىنىدۇ. <مۇنيەتۇلمۇفتى> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: «يەرنىڭ ئىگىسى قارشى تەرەپكە: ئەگەر سەن يەرگە بۇغداي تېرىساڭ، چىققان مەھسۇلاتنىڭ مۇنچە پىرسەنتىنى بېرىسەن، ئەگەر ئارپا تېرىساڭ، مۇنچە پىرسەنتىنى بېرىسەن، دېگەن بولسا، بۇ ئورتاقچىلىق توغرا بولىدۇ. ئەگەر يەرنىڭ ئىگىسى قارشى تەرەپكە: سەن ئۇنىڭ بىر قىسمىغا بۇغداي ۋە يەنە بىر قىسمىغا ئارپا تېرىغىن، دېگەن بولسا، بۇ ئورتاقچىلىق توغرا بولمايدۇ».

6 - ئۇرۇغ چىقارمىغان تەرەپنىڭ ئىش ھەققى ئېنىق بايان قىلىنىشى لازىم. چۈنكى، ئۇرۇغ چىقارمىغان تەرەپنىڭ ئالىدىغان ئىش ھەققى ياكى ئەمگىكى ئۈچۈن ياكى يېرىنىڭ ھەققى ئۈچۈندۇر. شۇڭا ئۇ تەرەپكە بېرىلىدىغان ئىش ھەققى ئېنىق بايان قىلىنىشى شەرت. ئەگەر ئەمگەك قىلغان تەرەپنىڭ ئىش ھەققى بايان قىلىنغان ۋە ئۇرۇغ ئىگىسىنىڭ ئىش ھەققى توغرىسىدا بىر نەرسە دېيىلمىگەن بولسا، ئورتاقچىلىق توغرا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇرۇغ ئىگىسى ئىش ھەققىنى ئەمگەك قىلغانلىق سەۋەبى بىلەن ئەمەس ئۇرۇغ بەرگەنلىك سەۋەبى بىلەن ئالىدۇ. ئەگەر ئۇرۇغ ئىگىسىنىڭ ئىش ھەققى بايان قىلىنغان ۋە ئەمگەك قىلغان تەرەپنىڭ ئىش ھەققى توغرىسىدا بىر نەرسە دېيىلمىگەن بولسا، ئورتاقچىلىق توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، ئەمگەك قىلغان تەرەپ ئىش ھەقنى ئەمگەك قىلغانلىق سەۋەبى بىلەن ئالىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئىش ھەققى ئېنىق بولۇش شەرت. بۇ قىياس قائىدىسىدۇر. ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن ئورتاقچىلىق توغرىدۇر. چۈنكى، ئۇرۇغ ئىگىسىنىڭ ئىش ھەققى بايان قىلىنغان بولغاچقا، ئۇنىڭدىن قالغان قىسمى ئەمگەك قىلغان ئادەمگە بولىدۇ. گەپنىڭ قىسقىسى مەيلى ئوچۇق هالەتتە بولسۇن مەيلى ئىشارەت بىلەن بولسۇن ئۇرۇغ چىقارمىغان تەرەپنىڭ ئىش ھەققى ئېنىق بايان قىلىنىشى لازىم.

7 - يەرنىڭ قارشى تەرەپكە تولۇق تاپشۇرۇپ بېرىلىشى لازىم. بۇ يەر ئىگىسىنىڭ

قارشى تەرەپكە: «مەن ساڭا زېمىننى تاپشۇرۇپ بەردىم» دېيىشى بىلەن بولىدۇ. يەرنىڭ ئىگىسىنىڭ ئەمگەكنى قارشى تەرەپ بىلەن بىللە قىلىشنى شەرت قىلغىنىغا ئوخشاش يەرنىڭ تولۇق تاپشۇرۇپ بېرىلىشىگە توسالغۇ بولىدىغان ھەر قانداق بىر ئىش ئورتاقچىلىقنىڭ توغرا بولماسلىقىغا سەۋەبچى بولىدۇ. زېمىننىڭ تولۇق تاپشۇرۇپ بېرىلىشى ئۈچۈن زېمىننىڭ قورۇق بولۇشى (يەنى ئۇنىڭ ئۈستىدە زىرائەت بولماسلىقى) لازىم. ئەگەر يەردە زىرائەت بولۇپ ئۇ زىرائەت ئۈنۈپ بولغان بولسا، يەرنىڭ ئۈستىدە قىلىنغان كېلىشىم توغرا بولىدۇ. بۇ ھالدا ئۇ، ئورتاقچىلىققا ئەمەس چىققان مەھسۇلاتنى مەلۇم مىقداردىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىپ زىرائەتنى پەرۋىش قىلىشقا كېلىشىش ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر يەردىكى زىرائەت پىشىش ئالدىدا تۇرغان بولسا، يەر ئۈستىدە قىلىنغان كېلىشىم توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، پىشىش ئالدىدا تۇرغان زىرائەت پەرۋىش قىلىنىشقا مۇھتاج ئەمەس. شۇڭا ئۇ چىققان مەھسۇلاتنى مەلۇم مىقداردىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىپ زىرائەتنى پەرۋىش قىلىشقا كېلىشىشمۇ ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئۇرۇقنى يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەم چىقارغان بولسا، ئۇنىڭغا يەرنىڭ تولۇق تاپشۇرۇپ بېرىلىشى ئەلۋەتتە شەرتتۇر. چۈنكى، ئۇ ئادەم يەرنى ئىجارىگە ئالغان بولىدۇ. ئەسلىدە ئۇرۇق چىقارغان تەرەپ قارشى تەرەپنى ئىجارىگە ئالغان ھېسابلىنىدۇ.

**8** ـ چىققان مەھسۇلاتقا شېرىك بولۇشۇش. چۈنكى، ئورتاقچىلىق مەھسۇلات ئېلىنغاندىن كېيىن شېرىكچىلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا شېرىكچىلىكنى بۇزۇدىغان ئىشنىڭ ئۆزى ئورتاقچىلىقنى بۇزىدۇ.

بىر قىسىم ئالىملار: «ئەمگەك قىلىدىغان تەرەپكە بېرىلىدىغان ئىش ھەققىنىڭ ئېنىق بايان قىلىنىشى شەرت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۇ شەرتنىڭ قويۇلۇشىغا ھاجەت يوق ئىدى» دەيدۇ.(1)

ئەگەر ئىككى تەرەپنىڭ بىرىگە مەسىلەن: **40** چارەك ياكى **50** چارەك دېگەنگە ئوخشاش يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلاتتىن مەلۇم مىقدار بېرىلىش شەرت قىلىنسا، ئورتاقچىلىق ئەمەلدىن قالىدۇ. چۈنكى، بۇنداق شەرت قىلىنىش بىلەن شېرىكچىلىك ئەمەلدىن قالىدۇ. چۈنكى، يەردىن پەقەت شۇ مىقداردا مەھسۇلات ئېلىنىشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇرۇق ئىگىسى يەردىن چىققان مەھسۇلاتتىن ئۇرۇقىغا كەتكەن مىقداردا ئاشلىق ئېلىۋېلىشنى ۋە قالغان مەھسۇلاتنى تەڭ بۆلۈشۈشنى شەرت قىلغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئورتاقچىلىق توغرا ئەمەس. چۈنكى، بۇنىڭغا ئوخشاش شەرت مەھسۇلاتنىڭ بەزى قىسمىدا ياكى ھەممىسىدە شېرىكچىلىكنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. چۈنكى، يەردىن شۇ مىقداردىن ئارتۇق مەھسۇلات ئېلىنماسلىقى مۇمكىن. ئەمما ئۇرۇق

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ئىگىسى يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلاتنىڭ ئوندىن بىرىنى ئۆزى ياكى قارشى تەرەپ ئېلىشنى ۋە قالغان قىسمىنى ئارىلىرىدا بۆلۈشۈشنى شەرت قىلىشقان بولسا، بۇنىڭ بىلەن ئورتاقچىلىق بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، بۇ ئاشلىقنى يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلاتنىڭ ئومۇمىدىن بېرىشنى شەرت قىلىش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ شەرت ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شېرىكچىلىكنى بۇزىۋەتمەيدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇلار، بىرىنىڭ ئۆستەڭ ـ ئېرىقلارنىڭ قىرغاقلىرىغا تېرىلغان زىرائەتنى ئېلىشنى شەرت قىلىشقان بولسا، ئورتاقچىلىق يەنە توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بىرىگە مۇئەييەن بىر يەرنىڭ زىرائەتنىڭ بېرىلىشىنىڭ شەرت قىلىنىشى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شېرىكچىلىكنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. چۈنكى، زىرائەت باشقا يەردىن چىقماي پەقەت ئاشۇ يەردىنلا چىقىشى مۇمكىن. يەرنىڭ بىر تەرىپىدىن چىققان زىرائەتنى بىرى، يەنە بىر تەرىپىدىن چىققان زىرائەتنى يەنە بىرى ئېلىشنى شەرت قىلىشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش.[1]

# ئورتاقچىلىقتا تېرىغان يەردىن چىققان سامانىنىڭ ھۆكمى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسى زىرائەتتىن ئېلىنغان ئاشلىق ھەققىدىدۇر. زىرائەتنىڭ سامىنى ھەققىدە ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. ئەگەر ئۇلار يەردىن چىققان ئاشلىقنى بىرى، زىرائەتنىڭ سامىنىنى يەنە بىرى ئېلىشنى شەرت قىلىشقان بولسا، بۇ شەرت ئورتاقچىلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. چۈنكى، بۇ شەرت (ئورتاقچىلىقتىن كۆزدە تۇتۇلىدىغان) ئاشلىقتا شېرىك بولۇش ئىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. چۈنكى، زىرائەتكە بىرەر ئاپەت كېلىپ يەردىن پەقەت سامانلا چىقىشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك يەنە ئورتاق ئەمەس يات بىر ئادەمگە يەردىن ئېلىنغان ئاشلىقنىڭ يېرىمى بىلەن سامانىنىڭ يېرىمى بېرىلىش شەرت قىلىنسا، بۇ شەرتمۇ ئورتاقچىلىقنى بۇزىدۇ. چۈنكى، بۇ شەرت ئورتاقچىلىققا زىتتۇر. يەنە كېلىپ بۇ شەرت ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شېرىكچىلىكنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە سامانىنى يېرىمىدىن ۋە ئاشلىقنى ئۇلارنىڭ بىرى ئېلىش شەرت قىلىنسا، بۇ شەرتمۇ ئورتاقچىلىقنى بۇزىدۇ.

ئەگەر ئاشلىقنىڭ يېرىمى ۋە سامانىنىڭ يېرىمى ئۇرۇغ ئىگىسىگە ۋە ئۇلارنىڭ يېرىمى ئەمگەك قىلغان ئادەمگە بېرىلىش شەرت قىلىنغان بولسا، ئورتاقچىلىق توغرا بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئاشلىقنى يېرىمدىن ئېلىش شەرت قىلىنغان، لېكىن سامانىنى كىمنىڭ ئالىدىغانلىقى ھەققىدە بىر نەرسە دېيىلمىگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئورتاقچىلىق

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 175 ـ بەت.

توغرا بولىدۇ. لېكىن سامان ئۇرۇغ ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ. سامان ئۇلارغا يېرىمدىن بۆلۈپ بېرىلىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار. بەزى ئالىملار: «يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلاتنىڭ تۆتتىن بىرىگە يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەمگە ساماندىن بېرىلمەيدۇ ۋە ئۈچتىن بىرىگە يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەمگە ساماننىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ» دېدى. بۇ ئالىملارنىڭ سۆزى ئەگەر شۇنداق قىلىش شەرت قىلىنغان ياكى ئۆرپ ـ ئادەت شۇنداق بولغان ھالەتكە قارىتىلىدۇ. بولمىسا ئەسلىدە يەردىن ئېلىنغان ھەممە نەرسىگە ئىككى تەرەپ شېرىك بولىدۇ.

بەلەخنىڭ ئالىملىرى (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «ئەگەر ساماننىڭ كىمگە بېرىلىدىغانلىقى ئېنىق بايان قىلىنمىسا، ئۆرپ ـ ئادەتنى ئېتىبارغا ئېلىپ تۇرۇپ سامان ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ. چۈنكى، سامان بوغدايغا قاراشلىقتۇر».

ئەگەر ئۇلار يەردىن چىققان ئاشلىقنى يېرىمدىن ئۆلۈشۈشنى ۋە ساماننى ئۇرۇغ ئىگىسىنىڭ ئېلىشىنى شەرت قىلىشقان بولسا، ئورتاقچىلىق توغرا بولىدۇ. چۈنكى، شەرت بۇ ھەقتە تۈزۈشكەن كېلىشىمگە ئوخشاش. ئەگەر ساماننى ئۇرۇغ ئىگىسىنىڭ ئەمەس ئەمگەك قىلغان ئادەمنىڭ ئېلىشى شەرت قىلىنسا، ئورتاقچىلىق بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، بۇ شەرت شېرىكچىلىكنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. چۈنكى، يەردىن ساماندىن باشقا بىر نەرسە چىقماسلىقى مۇمكىن. ئەگەر ئۇنداق بولسا ئۇ ئادەم سامانغا شەرت بىلەن ئىگە بولغان بولىدۇ.

## توغرا بولىدىغان ئورتاقچىلىق ۋە توغرا بولمايدىغان ئورتاقچىلىقنىڭ بايانى

ئورتاقچىلىق مەيلى ئۇنىڭ توغرا بولىدىغان ھالىتى بولسۇن مەيلى توغرا بولمايدىغان ھالىتى بولسۇن بىر قائىدە ئۈستىگە قورۇلغان بولۇپ ئۇ قائىدە بولسا، ئورتاقچىلىق ئىجارە سۈپۈتىدە باشلىنىپ مەھسۇلات ئېلىنغاندىن كېيىن شېرىكچىلىك سۈپۈتىدە تاماملىنىدۇ، دېگەندىن ئىبارەتتۇر. ئورتاقچىلىق پەقەت يەرنىڭ ياكى ئەمگەك قىلغان ئادەمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن تۈزۈلگەن ئىجارە ھېسابلىنىدۇ. ئورتاقچىلىق زىرائەتنى تېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن كالا (كۈنۈمىزدە تىرەكتۇر) ۋە ئۇرۇغنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن تۈزۈلگەن ئىجارە ھېسابلانمايدۇ.

توغرا بولىدىغان ئورتاقچىلىق مۇنداق تۆت خىل بولىدۇ:

1 ـ ئەگەر يەر بىلەن ئۇرۇغ بىر ئادەمگە ۋە كالا بىلەن ئەمگەك قىلىش يەنە بىر ئادەمگە تەۋە بولسا، ئورتاقچىلىق توغرا بولىدۇ. چۈنكى، كالا دېھقانچىلىق ئۈچۈن

ئىشلىتىلىدىغان نەرسىدۇر. بۇ خۇددى تىككۈچىنى كىيىم تىكىش يىخىنىسى بىلەن ئىجارىگە ئالغانغا ئوخشاش.

**2** ـ ئەگەر يەر بىر ئادەمگە، ئەمگەك قىلىش، كالا ۋە ئۇرۇغ بىر ئادەمگە تەۋە بولسا، ئورتاقچىلىق توغرا بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ئورتاقچىلىق يەرنى ئۇنىڭدىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ مەلۇم بىر قىسمىغا ئىجارىگە ئېلىش ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق قىلىش خۇددى يەرنى پۇلغا ئىجارىگە ئېلىش توغرا بولغىنىغا ئوخشاش توغرىدۇر.

**3** ـ ئەگەر يەر، ئۇرۇغ ۋە كالا بىر ئادەمگە، ئەمگەك بىر ئادەمگە تەۋە بولسا، ئورتاقچىلىق توغرىدۇر. چۈنكى، بۇ ئەمگەك قىلىدىغان ئادەمنى ئۇنىڭ ئىشلىشى ئۈچۈن سايمانلارنى ئۆزى بېرىپ ئىجارىگە ئېلىشتۇر. بۇ خۇددى كىيىمنى تىكتۈرۈش ئۈچۈن ماشىنا ۋە يىخىنىنى ئۆزى چىقىرىپ تىككۈچىنى ئىجارىگە ئالغانغا ئوخشاشتۇر.

**4** ـ ئەگەر يەر ۋە كالا بىر ئادەمگە، ئەمگەك بىر ئادەمگە تەۋە بولسا، ئورتاقچىلىق توغرا بولمايدۇ. بۇ كۆچلۈك دەپ قارالغان قاراشتۇر. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بۇ ئورتاقچىلىقمۇ توغرا بولىدۇ. چۈنكى، ئورتاقچىلىقتا بىر ئادەمگە ئۇرۇغ ۋە كالا چىقىرىش شەرت قىلىنسا، ئورتاقچىلىق توغرا بولاتتى، شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەمگە پەقەت كالا ياكى ئۇرۇغ چىقىرىشلا شەرت قىلىنسا، ئورتاقچىلىق توغرا بولىدۇ» دېدى.

كۆچلۈك دەپ قارالغان قاراشتىكىلەرنىڭ پاكىتى بولسا، كالىنىڭ كەلتۈرىدىغان پايدىسى بىلەن يەرنىڭ كەلتۈرىدىغان پايدىسى بىر جىنستىن ئەمەس. چۈنكى، يەرنىڭ كەلتۈرىدىغان پايدىسى ئۇنىڭ تەبىيىتىدە بار بولغان بىر كۈچ بولۇپ ئۇ كۈچنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۈسۈملۈكلەر ئۈنىدۇ. كالىنىڭ پايدىسى ئۇنىڭ بىلەن زىرائەت تېرىغىلى بولۇشىدىدۇر. مەيلى يەردىن كېلىدىغان پايدا بولسۇن مەيلى كالىدىن كېلىدىغان پايدا بولسۇن ئۇ پەقەت الله تائالانىڭ ياردىمى بىلەن بولغاندۇر. لېكىن كالىنىڭ پايدىسى بىلەن يەرنىڭ پايدىسى بىر جىنستىن ئەمەستۇر. شۇڭا كالىنىڭ پايدىسىنى يەرنىڭ پايدىسىغا باغلاش توغرا ئەمەس. ئەمما كالىنىڭ پايدىسىنى ئەمگەك قىلىدىغان ئادەمنىڭ پايدىسىغا باغلاشقا بولىدۇ. چۈنكى، ئەمگەك قىلىدىغان ئادەمنىڭ پايدىسى بىلەن كالىنىڭ پايدىسى بىر جىنستىندۇر. شۇڭا كالىنىڭ پايدىسىنى ئەمگەك قىلىدىغان ئادەمنىڭ پايدىسىغا باغلاش توغرىدۇر.[1]

توغرا بولمايدىغان ئورتاقچىلىق تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

**1** ـ ئەگەر يەر بىلەن كالا بىر ئادەمگە، ئۇرۇغ بىلەن ئەمگەك يەنە بىر ئادەمگە تەۋە

(1) «ئەلھىدايە» 4 ـ توم، 55 ـ بەت.

بولسا، ئورتاقچىلىق توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ ھالدا ئۇرۇغ ئىگىسى يەرنى ئىجارىگە ئالغان ۋە يەر ئىگىسىگە كالىسىنى بېرىشنى شەرت قىلغان بولىدۇ. يەرنى ئىجارىگە ئېلىش ئۆچۈن ئۇنىڭ ئىگىسىگە كالىسىنى بېرىشنى شەرت قىلىش ئىجارىنى بۇزىدىغان ئىشتۇر. چۈنكى، كالىنىڭ پايدىسى بىلەن يەرنىڭ پايدىسى باشقا ـ باشقا بولغانلىقى ئۈچۈن كالىنى يەرگە باغلاش توغرا ئەمەس. چۈنكى، يەرنىڭ پايدىسى ئۇنىڭغا تېرىلغان زىرائەتنى ئۇندۇرۇشتۇر. كالىنىڭ پايدىسى بولسا يەرگە زىرائەت تېرىش ئۈچۈندۇر.

2 ـ ئەگەر كالا بىلەن ئۇرۇغ بىر ئادەمگە، يەر بىلەن ئەمگەك يەنە بىر ئادەمگە تەۋە بولسا، ئورتاقچىلىق توغرا ئەمەس. چۈنكى، يەرنى ئەمگەككە باغلاش توغرا ئەمەس.

3 ـ كالا بىر ئادەمگە، يەر، ئۇرۇغ ۋە ئەمگەك يەنە بىر ئادەمگە تەۋە بولسا، ئورتاقچىلىق توغرا ئەمەس.

ئەگەر بىر كىشى: ئەسلىدە بۇ قىسىمدىكى ئورتاقچىلىق يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككىنچى قىسىمدىكى ئورتاقچىلىققا قىياس قىلىنىپ تۇرۇپ توغرا بولۇشى لازىم ئىدى. چۈنكى، يەر بىر ئادەمگە، ئەمگەك قىلىش، كالا ۋە ئۇرۇغ بىر ئادەمگە تەۋە بولسا، ئورتاقچىلىق توغرا بولاتتى، دېسە، ئۇ كىشىگە مۇنداق جاۋاپ بېرىلىدۇ: ئورتاقچىلىق قىياس قائىدىسىگە ئاساسەن توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئورتاقچىلىقتا يەر ئۇنىڭدىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ مەلۇم قىسمىغا ئىجارىگە ئېلىنىدۇ. بىر نەرسىنى ئۇنىڭدىن كېلىدىغان كىرىمنىڭ بىر قىسمىغا ئىجارىگە ئېلىش توغرا ئەمەس. لېكىن يەرنى ئورتاقچىلىققا ئېلىشقا بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئەسەر كەلگەنلىكى ئۈچۈن قىياس قائىدىسىگە ئەمەل قىلىنماي ئەسەرگە ئەمەل قىلىنىدى. ئۇ ئەسەر پەقەت ئەمگەك قىلىدىغان ئادەمنى ياكى يەرنى ئىجارىگە ئېلىشنىڭ بولىدىغانلىقىنىلا كۆرسىتىپ كەلگەندۇر. شۇڭا ئەمگەك ياكى يەر بىر ئادەمگە تەۋە ۋە قالغان ئىشلار بىر ئادەمگە تەۋە بولغاندا، توغرا بولغان ئورتاقچىلىققا باشقا شەكىلدىكى ئورتاقچىلىقلار قىياس قىلىنمايدۇ.

4 ـ ئۇرۇغ بىر ئادەمگە، يەر، كالا ۋە ئەمگەك يەنە بىر ئادەمگە تەۋە بولسا، ئورتاقچىلىق توغرا ئەمەس. چۈنكى، يەرنى ئەمگەككە باغلاش توغرا ئەمەس.

ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) <ئەلئەسار> دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: « ئابدۇرراھمان ئەلئەۋزائىي بىزگە ۋاسىل ئىبنى ئەبۇجەمىلدىن مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: <پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا تۆت ئادەمدىن بىرى ئۇرۇغ، يەنە بىرى ئەمگەك، يەنە بىرى كالا بىلەن دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە يەنە بىرى يەر چىقىرىپ شېرىكلىشىپ (زىرائەت تېرىيدۇ). كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەر ئىگىسىگە يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلاتتىن ھېچنەرسە بەرمەيدۇ. كالا بىلەن دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى چىقارغان ئادەمگە

بېرىشكە تېگىشلىك ئىش ھەققىنى بېرىدۇ. ئەمگەك قىلغان ئادەمگە ھەر كۈنلۈكى ئۈچۈن بىر دەرھەمدىن ئىش ھەققى ۋە يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلاتنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈغ ئىگىسىگە بېرىدۇ>. ئورتاقچىلىقنى توغرا دەپ قارايدىغانلار ئۇ ئەسەرنى تۆتىدۇ ۋە: <بۇ شەكىلدە ئورتاقلىششش شەرتىگە توشمىغان ئورتاقلىشىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ئورتاقچىلىقتا كالا بىلەن دىھقانچىلىق سايمانلىرىنى بىر ئادەمنىڭ چىقىرىشى ۋە پەقەت ئۆزۈغنىلا ئورتاقچىلىققا بېرىش شەرت قىلىنغاندۇر. بۇ ئىككى ئىشنىڭ ھەر بىرى ئورتاقچىلىقنى شەرتىگە توشمىغان ئورتاقچىلىق قىلىدىغان ئىشتۇر ».

شەرتىگە توشمىغان ئورتاقچىلىقتىن ئېلىنغان مەھسۇلاتنىڭ ھەممىسى ئۆزۈغ ئىگىسىگە بولىدۇ. چۈنكى، مەھسۇلات ئۆزۈغدىن ئېلىنغاندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ يەر ئىگىسىگە مەھسۇلاتتىن ھېچنەرسە بەرمەستىن ئۇنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈغ ئىگىسىگە بەرگەن.[1]

# ئورتاقچىلىقتا ئىككىدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ شېرىك بولۇشىنىڭ ھۆكمى

ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدىكى ئورتاقچىلىققا ئۈچىنچى ياكى تۆتىنچى ئادەم پاي بىلەن كىرسە، ئۇ شەرتىگە توشمىغان ئورتاقچىلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىرى پەقەت ئەمگەك قىلىش، بىرى پەقەت كالا ۋە بىرى پەقەت ئۆزۈغ چىقىرىش شەرتى بىلەن ئۈچ ياكى تۆت كىشى ئورتاقلاشقان بولسا، بۇ شەرتىگە توشمىغان ئورتاقچىلىق بولىدۇ. چۈنكى، ئۆزۈغ ئىگىسى يەرنى ئىجارىگە ئالغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا يەر ئۆزۈغ ئىگىسىگە تاپشۇرۇلۇپ بېرىلىشى لازىم. ئەمەلىيەتتە بولسا يەر ئۆزۈغ ئىگىسىنىڭ قولىغا ئەمەس ئەمگەك قىلىدىغان ئادەمنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ. شۇڭا بۇ شەرتىگە توشمىغان ئورتاقچىلىق ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر ئورتاقچىلىقتا ئۆزۈغ بىلەن يەرنى بىر ئادەم، كالىنى ئىككىنچى ئادەم چىقارغان ۋە ئەمگەكنى ئۈچىنچى ئادەم ئۈستىگە ئالغان بولسا، بۇمۇ شەرتىگە توشمىغان ئورتاقچىلىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ئورتاقچىلىقتا كالىنى يەردىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ مەلۇم بىر قىسمىغا ئىجارىگە ئېلىش ئىشى كۆرۈلىدۇ. كالىنى يەردىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ مەلۇم بىر قىسمىغا ئىجارىگە ئېلىش ھەققىدە ھېچقانداق بىر ئەسەر كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئورتاقچىلىقنىڭ پەقەت كالىغا تەقسىم قىلىنىدىغان قىسمىلا شەرتىگە توشمىغان بولىدۇ. كالىغا تەقسىم قىلىنىدىغان قىسمى

(1) «ئەلھىدايە» 4 ـ توم، 55 ـ بەت.

**شەرتىگە توشمىغان بولغانلىقى ئۈچۈن ئورتاقچىلىقنىڭ قالغان قىسمىلىرىمۇ شەرتىگە توشمىغان بولىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «پەقەت كالىغا تەقسىم قىلىنىدىغان قىسمىلا شەرتىگە توشمىغان بولىدۇ ۋە باشقا قىسمىلىرى ئۆز ھالىتىدە قېلىپ قالىدۇ» دېدى.**

**يەرنىڭ ئىگىسى يېرىنى بىر ئادەمگە كالىنى ۋە ئۇرۇقنى ئۆزى چىقىرىپ تېرىش شەرتى بىلەن ئورتاقچىلىققا بەرگەن، ئاندىن يەرنىڭ ئىشلىرىنى ئۈچىنچى بىر كىشىنىڭ قىلىشى ۋە يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلات ئۈچكە بۆلۈنۈپ ئۈچ كىشىنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىشقا شەرت قىلىنغان بولسا، بۇ ئۈچ كىشىنىڭ ئارىسىدا قىلىنغان ئورتاقچىلىق ئەمەس ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا قىلىنغان ئورتاقچىلىق ھېسابلىنىدۇ. مەھسۇلاتنىڭ ئۈچتىن بىرى يەر ئىگىسىگە، ئىككى قىسمى كالا بىلەن ئۇرۇقنىڭ ئىگىسىگە بېرىلىدۇ. يەرنىڭ ئىشلىرىنى قىلغان ئۈچىنچى كىشىگە ئۇنىڭ تەختۇشىگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇرۇقنى يەرنىڭ ئىگىسى چىقارغان بولسا، ئورتاقچىلىق ئۈچ كىشىنىڭ ئارىسىدا قىلىنغان بولاتتى.**

# شەرتىگە توشمىغان ئورتاقچىلىقنىڭ ھۆكمى

**ئەگەر يەر شەرتىگە توشمىغان ئورتاقچىلىق بىلەن ئورتاقچىلىققا ئېلىنغان بولسا، يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلاتنىڭ ھەممىسى ئۇرۇغ ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ. چۈنكى، زىرائەت ئۇرۇغنىڭ مەھسۇلاتىدۇر. ئەسلىدە ئۇرۇغ ئىگىسى سۆزدە تەيىن قىلىنغان ئىش ھەققىگە ھەقلىق بولاتتى. ئەمما سۆز بىلەن تەيىن قىلىنغان ئىش ھەققى ئورتاقچىلىقنىڭ شەرتىگە توشمىغانلىقى سەۋەبى بىلەن ئەمەلدىن قالغانلىقى ئۈچۈن يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلاتنىڭ ھەممىسى ئۇرۇغ ئىگىسىگە بولىدۇ.**[1]

**ئەگەر ئۇلار يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلاتنىڭ ھالال شەكىلدە بولۇشىنى خالىسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى مەھسۇلاتتىن ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان پېيىنى ئايرىدۇ. ئاندىن ئۇلار شۇ پايغا ئۆز ئارا كېلىشىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇنداق قىلمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇرۇغنى چىقارغان ئادەم يەرنىڭ ئىگىسى بولغان بولسا، ئۇرۇغنىڭ ئىگىسى يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلاتتىن ھېچنەرسىنى سەدىقە قىلىۋەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇرۇغنى يەرنىڭ ئىگىسى ئەمەس باشقا تەرەپ چىقارغان بولسا، بۇ ئادەم يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلاتتىن كەتكەن چىقىمغا تېگىشلىك بولغان قىسمىنى ئېلىپ قېلىپ قالغان قىسمىنى سەدىقە**

(1) «ئەلمەبسۇت» 17 ـ توم، 50 ـ بەت.

قىلىۋاتىدۇ. ئۆزىنىڭ ئىش ھەققىنى ھېسابلىمايدۇ. چۈنكى، ئورتاقچىلىق ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈستىدە ئەمەس (ئۈرۈغ ئۈستىدە) قىلىنغان. شۇڭا ئۇ ئادەم يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلاتتىن ئۈرۈغقا كەتكەن چىقىملارغا تېگىشلىك بولغان قىسمىنىلا ئالىدۇ.

ئەگەر شەرتىگە توشمىغان ئورتاقچىلىق بىلەن ئېلىنغان يەردىن ھېچقانداق مەھسۇلات چىقمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۈرۈغنى ئەمگەك قىلىشنى ئۈستىگە ئالغان ئادەم چىقارغان بولسا، بۇ ئادەمگە يەرگە ۋە كالىغا بېرىلمەكچى بولغان ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۈرۈغنى يەرنىڭ ئىگىسى چىقارغان بولسا، يەرنىڭ ئىگىسىگە ئەمگەك قىلىشنى ئۈستىدە ئالغان ئادەمگە بېرىلمەكچى بولغان ئىش ھەققى بېرىلىدۇ.

# يەرنى ئۆزىنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز تېرىشنىڭ ھۆكمى

ئىمام تەھاۋىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) <ئەلئەسار> دېگەن كىتابىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى كىشىلەرنىڭ يەرلىرىنى ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز تېرىسا، تېرىغۇچىغا (يەرنى تېرىش ئۈچۈن كەتكەن) چىقىملار بېرىلىدۇ ۋە يەردىن چىققان مەھسۇلاتتىن ھېچنەرسە بېرىلمەيدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «كىشىلەرنىڭ يەرلىرىنى ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز تېرىغان ئادەم يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلاتتىن ھېچنەرسە ئالمايدۇ. ئۇ ئادەم پەقەت يەرنى تېرىش ئۈچۈن كەتكەن چىقىملارنى ۋە ئۈرۈغىنى ئېلىۋالىدۇ. مەھسۇلاتنىڭ قالغان قىسمىنى سەدىقە قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر يەرگە تېرىلغان زىرائەت يەرگە زىيان يەتكۈزگەن بولسا، ئۇ ئادەم يەر ئىگىسىگە يەرنىڭ زىيىنىنى تۆلەپ بېرىدۇ. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرى ئۈرۈغ، يەنە بىرى ئەمگەك، يەنە كالا بىلەن دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە يەنە بىرى يەر چىقىرىپ شېرىكلەشكەن تۆت كىشىدىن يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلاتتىن يەر ئىگىسىگە ھېچنەرسە بەرمەي مەھسۇلاتنىڭ ھەممىسىنى ئۈرۈغ ئىگىسىگە بەرگەنلىكىمۇ كۆچلەندۈرىدۇ».[1]

# ئورتاقچىلىقنى بۇزۇشنىڭ بايانى

ئورتاقچىلىقنى قازىنىڭ ھۆكۈمىسىز ۋە قارشى تەرەپنىڭ رازىلىقىسىز بۇزۇش توغرىدۇر. ئورتاقچىلىقنى بۇزۇشتا بىر رىۋايەتتە ئىككى ئادەمنىڭ بىرىنىڭ بولۇشى شەرت. بۇ قاراشنى بەزى ئالىملار قوبۇل قىلدى. يەر ئىگىسى ئۈرۈغنى چىقارغان ۋە

(1) «ئەلھىدايە» 4 ـ توم، 56 ـ بەت.

ئەمگەك قىلىشنىمۇ ئۈستىگە ئالغان ئادەمگە ئۇنىڭ ئۆزۈغىنى تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىدۇر. ئىمام مۇھەممەد (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «يەر زىرائەت تېرىلمىغان ھالىتىدە بىر قېتىم ۋە زىرائەت تېرىلغاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم باھالىنىدۇ. يەر ئىگىسى ئىككى قېتىملىق باھانىڭ ئارىسىدىكى پەرقنى ئۆزۈغ ئىگىسىگە تۆلەپ بېرىدۇ» دېدى.

ئەگەر يەر ئىگىسى ئورتاقچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇشتىن باش تارتقان، ئەمگەكنى ئۈستىگە ئالغان ئادەم يەرگە ئىشلەپ جاپا تارتقان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ جاپا تارتقانلىقى ئۈچۈن ھۆكمەن (يەنى قازىنىڭ چىقىرىدىغان ھۆكمىگە ئاساسەن) بىر نەرسە بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ جاپا تارتىپ قوشقان پايدىسى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. لېكىن دىيانەت جەھەتتىن ئۇ ئادەم رازى قىلىنىدۇ. يەنى ئۇ ئادەمگە ئۇنىڭ تەختۇشىگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم يەر ئىگىسى تەرىپىدىن ئالدىنىپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ.

يەر ئىگىسى قەرزدار بولۇپ قېلىپ يەرنى سېتىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان، يەر ئىگىسىنىڭ يەردىن باشقا مال دۇنياسى بولمىغان ۋە زىرائەت تېخى ئۈنۈپ بولمىغان بولسا، ئورتاقچىلىق بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئەمگەكنى ئۈستىدە ئالغان ئادەم يەردە ئىشلىگەن بولسا، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك ئۇنى دىيانەت جەھەتتىن رازى قىلىش لازىم. ئەمما زىرائەت ئۈنۈپ بولغان، لېكىن ئۇرۇيدىغان يەرگە يەتمىگەن بولسا، يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەمنىڭ زىرائەتكە ھەققى ئۆتۈپ بولغانلىقى ئۈچۈن يەر سېتىلمايدۇ. ئەگەر ئۆزۈغنى چىقارغان تەرەپ ئەمگەكنى ئۈستىگە ئالغان ئادەم بولسا، بۇ ئادەمگە ھېچنەرسە بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم يەرنى ئىجارىگە ئالغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئورتاقچىلىق ھەققىدە تۈزۈلگەن كېلىشىم ئۇ ئادەم ئۈستۈدە ئەمەس يەر ئۈستىدە بولغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يەر ئىگىسىگە ئۇ ئادەمگە بىر نەرسە بېرىشى لازىم ئەمەس. ئەگەر ئۆزۈغنى چىقارغان تەرەپ يەر ئىگىسى بولسا، ئەمگەكنى قىلغان ئادەمگە ئۇنىڭ تەختۇشىگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. چۈنكى، بۇ ھالدا يەر ئىگىسى ئۇ ئادەمنى ئىجارىگە ئالغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئورتاقچىلىق ھەققىدە تۈزۈلگەن كېلىشىم ئۇ ئادەم ئۈستىدە بولغان بولىدۇ ۋە يەر ئىگىسىگە ئۇ ئادەم ئۈچۈن ئىش ھەققى بېرىش لازىمدۇر.

يەرگە تېرىلغان زىرائەت پىشىشتىن بۇرۇن يەرنىڭ مۇددىتى تۈگىگەن بولسا، ئەمگەكنى ئۈستىگە ئالغان ئادەم تاكى زىرائەتنىڭ پىشىدىغان ۋاقتى كېلىپ بولغىچە يەردىن ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان قىسمىغا ئۇ يەرنىڭ تەختۇشىگە بېرىلىدىغان ئىجارە ھەققى تۆلەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم تاكى زىرائەت پىشىپ بولغىچە يەردىن پايدىلىنىدۇ. (يەر ئىگىسى ئىجارە ھەققى تۆلىمەيدۇ. چۈنكى، يەر ئۆزىنىڭكىدۇر). ئەمما زىرائەتنى

سۈغۇرۇش، ئۇنى ساقلاش، ئورۇش، خامانغا ئېلىپ كېلىش ۋە سۇقۇپ سامان بىلەن داننى ئايرىش ئۇچۇن كەتكەن چىقىملارنى يەر ئىگىسى بىلەن ئۇ ئادەم تەڭ كۆتۈرەيدۇ.

ئەگەر زىرائەت پىشىشتىن بۇرۇن ئىككى تەرەپنىڭ بىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، تېرىلغان ئۇ زىرائەت تاكى پىشىپ بولغىچە يەردە قالىدۇ. يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان تەرەپكە ياكى (ئەگەر ئۆلۈپ كەتكىنى ئۇ بولسا) ئۇنىڭ مىراسخورىغا (يەرنىڭ ئىجارىسى ئۇچۇن) بىر نەرسە بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئىككى تەرەپنىڭ بىرى ئۆلۈپ كەتكەن ھالەتتە كېلىشىم بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. بۇ ئىستىھسان قائىدىسىدۇر. شۇڭا يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان تەرەپكە يەرنىڭ ئىجارىسىگە ھېسابلاپ بىر نەرسە بېرىش لازىم ئەمەس.

يەر ئىگىسى يېرىنى ئۇرۇغنى تەڭ چىقىرىش ۋە يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلاتنىمۇ تەڭ بۆلۈشۈش شەرتى بىلەن بىر ئادەمگە ئۇ ئادەمنىڭ يەرنى كالىسى بىلەن تېرىشى ئۇچۇن ئورتاقچىلىققا بەرگەن ۋە يەرگە زىرائەت تېرىغان بولسا، بۇ شەرتىگە توشمىغان ئورتاقچىلىق ھېسابلىنىدۇ. يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلات ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يېرىمدىن تەقسىم قىلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۇرۇغنى يېرىمدىن چىقارغاندۇر. لېكىن يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەمنىڭ يەر ئىگىسىگە يەرنىڭ يېرىمى ئۇچۇن ئۇنىڭ تەڭتۇشىگە بېرىلگەن ئىجارە ھەققى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئورتاقچىلىق شەرتكە توشمىغاندۇر. ئۇ ئادەم گەرچە ئورتاقچىلىق شەرتكە توشمىغان بولسىمۇ يەردىن پايدىلاندى. شۇڭا ئۇنىڭغا يەرنىڭ ئىجارە ھەققىنى بېرىش لازىم بولىدۇ.

ئەگەر يەر دۆلەتنىڭ بولسا، يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلاتتىن يەرنىڭ ئىجارە ھەققى دۆلەتكە بېرىلىدۇ، ئاندىن قالغان مەھسۇلات ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يېرىمدىن تەقسىم قىلىنىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئىككى تەرەپنىڭ بىرى ئۇرۇغنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ۋە يەنە بىرى ئۇرۇغنىڭ بىر قىسمىنى چىقىرىشقان ۋە يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلاتنى چىقىرىشقان ئۇرۇغقا قارىتا ئېلىشنى شەرت قىلىشقان بولسا، بۇ ئورتاقچىلىقمۇ شەرتىگە توشمىغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ئورتاقچىلىقتا يەرنىڭ بىر قىسمىنىڭ يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەمگە ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇش شەرت قىلىنغاندۇر. بۇ ئورتاقچىلىقتا يەر ئىگىسى ئۇنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەمگە: سەن يەرنى مېنىڭ ئۇرۇغىم بىلەن ئۇنىڭدىن ئېلىنغان مەھسۇلاتنىڭ ھەممىسىنىڭ ماڭا بولۇش شەرتى بىلەن ۋە يەرنى سېنىڭ ئۇرۇغىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن ئېلىنغان مەھسۇلاتنىڭ ھەممىسىنىڭ ساڭا بولۇش شەرتى بىلەن تېرىغىن، دېگەندەك بولىدۇ. شۇڭا بۇ شەرتىگە توشمىغان ئورتاقچىلىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك يەرنىڭ يېرىمىنى

يەرنى تېرىدىغان ئادەمگە ئۆتنىگە بېرىش شەرتى بىلەن قىلىنغان ئورتاقچىلىق بولىدۇ. ئورتاقچىلىق شەرتىگە توشمىغانلىقى ئۈچۈن يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلات ئۇلارنىڭ قاتقان ئۇرۇغىغا قارىتا تەقسىم قىلىنىدۇ. يەر ئىگىسى تەقسىم قىلىنغان ئاشلىقنىڭ ھەممىسىنى ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئاشلىق ئۇنىڭ ئۇرۇغىنىڭ مەھسۇلاتىدۇر. يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەم تەقسىم قىلىنغان ئاشلىقتىن پەقەت ئۇرۇغنى، يەرنىڭ يېرىمىنىڭ ئىجارىسى ۋە يەرنى تېرىش ئۈچۈن كەتكەن چىقىملارنىلا ئالىدۇ. بۇلاردىن ئېشىپ قالغان قىسمىنى سەدىقە قىلىۋاتىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ ئاشلىققا باشقىلارنىڭ يېرىدىن شەرتىگە توشمىغان كېلىشىم ئارقىلىق ئېرىشكەن.

ئەگەر يەر ئۇلارنىڭ بىرىگە تەۋە بولغان ۋە ئۇرۇغنى ھەر ئىككى تەرەپ چىقارغان ۋە يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلاتنى يېرىمدىن بۆلۈشۈش شەرتى بىلەن زىرائەتنىڭ ئىشلىرىنى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قىلىشى شەرت قىلىنىپ ئورتاقچىلىق تۈزۈشكەن بولسا، بۇ توغرا بولغان ئورتاقچىلىق بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى يەرنى ئۆزىنىڭ ئۇرۇغى بىلەن تېرىغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ يەرنى (قارشى تەرەپنىڭ يەر ئىگىسىگە) ئىشلەپ بېرىش شەرتى بىلەن ئەمەس نورمال ھالدا ئۆتنىگە بېرىش ھېسابلىنىدۇ.[1]

ئەگەر ئورتاقچىلىققا كېلىشىپ بولۇنغاندىن كېيىن زىرائەتنى تېرىشقا كېتىدىغان چىقىملارنى يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەمنىڭ كۆتۈرۈشى شەرت قىلىنسا، ئورتاقچىلىق شەرتىگە توشمىغان بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئەگەر چىقىملار يەر ئىگىسىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنسىمۇ ئورتاقچىلىق يەنە شەرتىگە توشمىغان بولىدۇ. بۇ كۆپچىلىك دەپ قارالغان قاراشتۇر. بۇنىڭ ئەكسىنى توغرا دەيدىغان قاراشمۇ بار. ئەگەر يەر ئىگىسى ئۆلۈپ كەتكەن ۋە يەرگە تېرىلغان زىرائەت ئوت ـ ياش[2] بولغان بولسا، يەرنىڭ ئەمگىكىنى قىلىش يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەمنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۆلۈپ كەتكەن تەرەپ يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەم بولغان ياكى ھەر ئىككى تەرەپ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، يەرنىڭ ئىشلىرىنى يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەمنىڭ مىراسخورى قىلىدۇ. چۈنكى، ئورتاقچىلىق كېلىشىمىنىڭ مۇددىتى توگەپ كەتمىگەندۇر. شۇڭا ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن ئورتاقچىلىق كېلىشىمى داۋام قىلىدۇ.

ئەگەر يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەم يەرنى تېرىشتىن بۇرۇن يەر ئىگىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئورتاقچىلىق ئەمەلدىن قالىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ تارتقان جاپالىرى

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن» 17 ـ توم، 51 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 178 ـ بەت.

ئۇچۇن بەدەل تۆلەپ بېرىلمەيدۇ.

ئورتاقچىلىقتا كېلىشىپ بولۇنغاندىن كېيىن زىرائەتنى ئۇرۇشقا، ئۇنى ئېرىپ دېنىنى سامىنىدىن ئايرىشقا ئوخشاش ئىشلارنى يەرنى ئورتاقچىلىقتا ئالغان ئادەمنىڭ قىلىشى شەرت قىلىنسا، بۇ توغرا بولغان شەرت ھېسابلىنىدۇ. يەنى مەزكۇر ئىشلارنى ئۇ ئادەمنىڭ قىلىشى لازىم بولىدۇ. بۇ، بۇ ھەقتىكى توغرا قاراش بولۇپ پەتىۋا ئۇ قاراش بىلەن بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمگە مەزكۇر ئىشلارنى قىلىش شەرتى قويۇلمىسا، ئۇ ئىشلارنى ھەر ئىككى تەرەپ قىلىدۇ. بۇ خۇددى شەھەرنىڭ ئىچىدە ئۆتۈن سېتىش ئىشىغا ئوخشايدۇ. مەسىلەن: بىر ئوتۇنچى شەھەرنىڭ ئىچىدە ياشايدىغان بىر ئادەمگە ئوتۇن ساتقان بولسا، ئوتۇنچىغا ئوتۇننى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىش لازىم ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئادەم ئوتۇنچىغا ئوتۇننى ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىشنى شەرت قىلسا، ئوتۇنچىنىڭ ئوتۇننى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىشى لازىم بولىدۇ. چۈنكى، ئۆرپ ـ ئادەت شۇنداقتۇر. ئەگەر دەل ـ دەرەختىكى ئورتاقچىلىقتا دەل ـ دەرەخنىڭ ئىگىسى ئۇنى ئورتاقچىلىقتا ئالغان ئادەمگە مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مېۋىلىرىنى ئۈزۈپ بېرىشنى شەرت قىلسا، بۇ توغرا بولمىغان شەرت ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، دەل ـ دەرەخنى ئورتاقچىلىقتا ئالغان ئادەمنىڭ مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مېۋىلىرىنى ئۈزۈپ بېرىدىغان ئىش ئۆرپ ـ ئادەتتە يوقتۇر.

نەسرى ئىبنى يەھيا ۋە مۇھەممەد ئىبنى سەلەمەلەر: «مەيلى شەرت قىلىنسۇن مەيلى شەرت قىلىنمىسۇن زىرائەتنى ئۇرۇشقا، ئۇنى ئېرىپ دېنىنى سامىنىدىن ئايرىشقا ئوخشاش ئىشلارنى يەرنى ئورتاقچىلىقتا ئالغان ئادەمنىڭ قىلىشى لازىم. چۈنكى، ئۆرپ ـ ئادەت شۇنداقتۇر» دېدى. ئىمام سەرەخسىي (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ ئىككى ئالىمنىڭ دېگەن سۆزلىرى بىزنىڭ يۇرتلىرىمىزغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئەگەر مەزكۇر ئىشلارنىڭ بەزىلىرىنى يەر ئىگىسىنىڭ قىلىشى شەرت قىلىنسا، ئورتاقچىلىق ئەمەلدىن قالىدۇ. چۈنكى، بۇ ئۆرپ ـ ئادەتكە زىتتۇر» دېدى.[1]

# ئورتاقچىلىقتا يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلاتنىڭ ھۆكمى

ئورتاقچىلىق مەيلى شەرتىگە توشقان ئورتاقچىلىق بولسۇن مەيلى شەرتىگە توشمىغان ئورتاقچىلىق بولسۇن يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلات يەرنى ئورتاقچىلىقتا ئالغان ئادەمنىڭ قولىدا ئامانەت سۈپىتىدە تۇرىدۇ. شۇڭا مەھسۇلات ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ

(1) ئوت ـ ياشنىڭ ئىچىگە سەۋزىگە، تەرخەمەككە، تاۋۇزغا، ئانارغا، قورغۇنغا ۋە ئەنچۈرگە ئوخشاش سەي ـ كۆكتات ۋە مېۋىلەر كىرىدۇ. ت.

قولىدا تۇرۇش جەريانىدا ئۇنىڭ قەستەنلىكى بولمىغان ھالدا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ مەھسۇلاتنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. ھەر ئىگىسىنىڭ مەھسۇلاتتىكى ھەسسىسىگە بىرىنى كېپىل قىلىش توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك ھەر ئىگىسى ئەگەر مەھسۇلاتتىكى ھەسسىسىگە بىرىنى كېپىل قىلغان بولسا، ئۇرۇغنى مەيلى ھەر ئىگىسى چىقارغان بولسۇن مەيلى يەرنى ئۇرتاقچىلىققا ئالغان ئادەم چىقارغان بولسۇن ئەگەر مەھسۇلاتتىن ھەر ئىگىسىگە تەۋە بولغان قىسمى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتسە ئۇنى كېپىل تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، ھەر ئىگىسىنىڭ ھەسسىسى يەرنى ئۇرتاقچىلىققا ئالغان ئادەمنىڭ قولىدا ئامانەت سۈپىتىدۇر.

ئەگەر ئۇرتاقچىلىقتا بىرىنى كېپىل قىلىش شەرت قىلىنسا، ئۇرتاقچىلىق شەرتىگە توشمىغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىر كىشى شەرت قىلىنماستىن يەرنى ئۇرتاقچىلىققا ئالغان ئادەمنىڭ ھەسسىسىگە ياكى ھەر ئىگىسىنىڭ ھەسسىسىگە كېپىل بولۇپ ئۇ ھەسسىنى ئىشلەتكەن بولسا، ئۇرتاقچىلىق توغرا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ كېپىل بولۇشى شەرت ئارقىلىق بولغان بولسا، ئۇرتاقچىلىق توغرا بولمىغان بولىدۇ.

دەل ـ دەرەختە ئۇرتاقچىلىق بولۇشنىڭ ھۆكمىمۇ يەردە ئۇرتاقچىلىق بولۇشنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. يەنى ئۇرتاقچىلىققا ئېلىنغان دەل ـ دەرەختىن ئېلىنغان مەھسۇلاتتىن دەل ـ دەرەخنىڭ ئىگىسىگە تېگىشلىك بولغىنى دەل ـ دەرەخنى ئۇرتاقچىلىققا ئالغان ئادەمنىڭ قولىدا ئامانەت سۈپىتىدە تۇرىدۇ.

ئەگەر يەرنى ئۇرتاقچىلىققا ئالغان ئادەم يەرنى سۇغۇرۇشقا سەل قارىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن زىرائەت قۇرۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم زىرائەتنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. بۇ ئەگەر ئۇرتاقچىلىق شەرتىگە توشمىغان ئۇرتاقچىلىق بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇرتاقچىلىق شەرتىگە توشقان ئۇرتاقچىلىق بولسا، ئۇ ئادەم زىرائەتنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، زىرائەتنىڭ ئىشلىرىنى قىلىش ئۇ ئادەمنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. زىرائەت ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا ئامانەت سۈپىتىدىدۇر. شۇنىڭدەك زىرائەت ئۇ ئادەمنىڭ زىرائەتنىڭ ئىشلىرىغا سەل قارىشى بىلەن زىيانغا ئۇچراپ كەتسە، ئۇ ئادەمگە زىياننى تۆلەپ بېرىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم زىرائەتنى قەستەن سوغارمىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن زىرائەت قۇرۇپ كەتكەن بولسا، زىرائەتنى سۇغۇرۇشنى قەستەن تاشلىغان ۋاقتىدا زىرائەت قانچە پۇلغا يارايدىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ شۇ پۇلنى تۆلەپ بېرىشى لازىم. ئەگەر ئۇ چاغدا زىرائەت تېخى پۇلغا يارىغىدەك بولمىغان بولسا، يەر زىرائەت تېرىلغان ھالىتىدە بىر قېتىم زىرائەت تېرىلمىغان ھالىتىدە بىر قېتىم باھالىنىدۇ. ئاندىن ئۇ ئادەم ئارىلىقتىكى پۇلنىڭ يېرىمىنى تۆلەپ بېرىدۇ.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 178 ـ بەت.

# ئورتاقچىلىقتا يەرنىڭ باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قېلىشىنىڭ ھۆكمى

ئەگەر ئورتاقچىلىقتا ئېلىنغان يەر ئىشلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن ۋە زىرائەت تېرىلىشتىن بۇرۇن باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالسا، يەرنى ئورتاقچىلىقتا ئېلىپ ئىشلىگەن ئادەمگە ھېچقانداق ئىش ھەققى بېرىلمەيدۇ. ئەگەر زىرائەت دان چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن يەر باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغان بولسا، زىرائەتنىڭ ئىشلىرىنى قىلغان ئادەمگە ئۇنىڭ تەختۇشىگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم زىرائەتكە ھەتتا زىرائەت دان تۇتقانغا قەدەر ئىشلىگەن بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئىش ھەققى بېرىش لازىم بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر يەر ئىگىسى ئوت ـ ياش تېرىلغان يېرىنى بىر ئادەمگە بەرگەن، ئۇ ئادەم ئۇ يەرگە ئىشلىگەن، ئاندىن يەر ئىگىسى بىلەن ئورتاقچىلىق كېلىشىمى تۈزۈشكەن، ئاندىن يەر باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم خالىسا يۇلۇۋېتىلغان مەھسۇلاتنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ، خالىسا يەرنىڭ ئىگىسىدىن ئۆزىنىڭ تەختۇشىگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققىنى ئالىدۇ.

ئەگەر يەر ئىگىسى يېرىنى ئورتاقچىلىق كېلىشىمى بىلەن بىر ئادەمگە بەرگەن، ئۇرۇقنى يەر ئىگىسى چىقارغان، ئۇ ئادەم يەرنى تېرىغان، زىرائەت ئۈنۈپ چىققان، ئاندىن يەر ئۇنىڭغا تېرىلغان زىرائەتنىڭ ئورۇلىدىغان ۋاقتى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم خالىسا يۇلۇۋېتىلگەن مەھسۇلاتنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ، خالىسا يەرنىڭ ئىگىسىدىن ئۆزىنىڭ تەختۇشىگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققىنى ئالىدۇ. بەزى ئالىملار: «ئۇ ئادەم يەردىن ئۆزىگە تەقسىم قىلىنىدىغان زىرائەتنىڭ باھاسى بويىچە پۇل ئالىدۇ» دەيدۇ.

يەر ئىگىسى يېرىنى بىر ئادەمگە ئورتاقچىلىقتا بەرگەن، ئۇ ئادەم ئۇرۇقنى ئۆزى چىقىرىپ يەرگە ئوت ـ ياش تېرىغان، ئاندىن يەر باشقا بىر كىشىگە تەۋە چىقىپ قالغان بولسا، ئۇ كىشى يەرنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. ئۇ كىشى ئۇلارنى يەرگە تېرىغان ئوت ـ ياشلىرىنى يۇلىۋېلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئوت ـ ياشلارنى يۇلدۇرۇش ئۇچۇن كەتكەن چىقىملارنى يەرنى ئورتاقچىلىققا بەرگەن ئادەم بىلەن ئۇنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەم يېرىمدىن تۆلەيدۇ. يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەم خالىسا يۇلۇۋېتىلگەن ئوت ـ ياشنىڭ يېرىمىنى ئېلىشقا رازى بولىدۇ ۋە يەرنى ئورتاقچىلىققا بەرگەن ئادەمدىن بىر نەرسە ئالمايدۇ، خالىسا ئوت ـ ياشتىن ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان قىسمىنى يەرنى ئورتاقچىلىققا بەرگەن ئادەمگە بېرىدۇ ۋە ئۇ ئادەمدىن ئۇ ئوت ـ ياشنىڭ بازاردىكى باھاسى بويىچە پۇل ئالىدۇ. ئەگەر ئۇرۇقنى يەرنى ئورتاقچىلىققا بەرگەن ئادەم چىقارغان

بولسا، يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەم خالىسا يۇلۇۋېتىلگەن ئوت - ياشنىڭ يېرىمىنى ئېلىشقا رازى بولىدۇ، خالىسا ئۇنى ئۇ ئادەمگە قايتۇرۇپ بېرىپ ئەمگەك قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئادەمدىن ئۇزىنىڭ تەختۇشىگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققىنى ئالىدۇ.[1]

## خىلمۇ - خىل مەسىلىلەر

§ دەل - دەرەخنى ياكى يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەم زىرائەتنى سۇغۇرۇشنى نورمال كېچىكتۈرگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن زىرائەت قۇرۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ زىرائەتنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم زىرائەتنى سۇغۇرۇشنى بەك كېچىكتۈرۋەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن زىرائەت قۇرۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم زىرائەتنى تۆلەپ بېرىدۇ.

§ يەر ئىگىسى يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەمگە يەرگە تېرىلغان زىرائەتنى ئورۇشنى شەرت قىلغان، ئاندىن ئۇ ئادەم زىرائەتنى ئورۇشنى كېچىكتۈرگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن زىرائەتنىڭ دېنى تۆكۈلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ زىرائەتنىڭ زىيىنىنى تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ ئەگەر ئورتاقچىلىق شەرتىگە توشقان ئورتاقچىلىق بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم زىرائەتنى ئورۇشنى نورمال كېچىكتۈرگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن زىرائەتنىڭ دېنى تۆكۈلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇ زىرائەتنى تۆلەپ بەرمەيدۇ.

§ يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەم زىرائەتكە ياخشى قارىمىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن زىرائەتنى ھايۋانلار يەپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم زىرائەتنى تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ ئەگەر زىرائەت ئورۇلىدىغان يەرگە كەلمىگەن بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر زىرائەت ئورۇلىدىغان يەرگە كەلگەن، ئۇ ئادەم زىرائەتكە ياخشى قارىمىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن زىرائەتنى ھايۋانلار يەپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ زىرائەتنى تۆلەپ بەرمەيدۇ.

§ يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەم زىرائەتكە چۈشكەن چېكەتكىلەرنى يوقاتمىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن چېكەتكىلەر زىرائەتنى يەپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ زىرائەتنى تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ ئەگەر چېكەتكىلەرنى زىرائەتتىن قوغلاش مۇمكىن بولىدىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر چېكەتكىلەرنى زىرائەتتىن قوغلاش مۇمكىن بولمايدىغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ زىرائەتنى تۆلەپ بەرمەيدۇ.

§ بىر ئادەم بىر پارچە يەرنى ئۇ يەرنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ تېرىغان، يەرنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمدىن يەرنىڭ ئۇ مەلۇم ھەسسىسىنى بېرىشنى تەلەپ

[1] «رەددۇلمۇھتار»، 5 - توم، 179 - بەت.

قىلغان ۋە شۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە يەرگە ئۇنىڭدىن ئېلىنغان مەھسۇلاتنىڭ قانچىدىن قانچە پىرسەنتىنى بېرىش ئېنىق بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ يەر ئىگىسىگە شۇ پىرسەنتنى بېرىشى لازىم بولىدۇ.

§ ئىككى ئادەم بىرلىشىپ يەر تېرىغان، يەرنى سۇغۇرىدىغان ۋاقتىدا ئۇ ئىككى شېرىكنىڭ بىرى يەرنى يەنە بىر شېرىكى بىلەن بىللە سۇغۇرۇشقا ئۇنىمىغان بولسا، قازى ئۇ شېرىكنى يەنە بىر شېرىكىگە ياردەملىشىپ يەرنى سۇغۇرۇشقا مەجبۇرلايدۇ. بۇ، بۇ ھەقتىكى ئىككى خىل قاراشنىڭ بىرىدۇر. يەنە بىر خىل قاراشچە، قازى ئۇ شېرىكنى مەجبۇرلىمايدۇ ۋە يەرنى سۇغۇرىدىغان شېرىككە: سەن يەرنى سۇغۇرۇۋەرگىن ۋە يەرنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن كەتكەن چىقىمنىڭ يېرىمىنى ئۇ شېرىكتىن ئالغىن، دەيدۇ. ئەگەر يەرنى سۇغارغان شېرىك يەنە بىر شېرىكنىڭ يەرنى سۇغۇرۇشقا ئۇنىمىغانلىقىدىن قازىنىڭ ئالدىغا شىكايەت قىلىپ بېرىشتىن بۇرۇن يەردىكى زىرائەت بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، يەرنى سۇغۇرۇشقا ئۇنىمىغان شېرىككە زىرائەتنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. ئەگەر يەرنى سۇغارغان شېرىك يەنە بىر شېرىكنىڭ يەرنى سۇغۇرۇشقا ئۇنىمىغانلىقىنى قازىنىڭ ئالدىغا شىكايەت قىلىپ بارغان، قازى ئۇ شېرىكنى يەنە بىر شېرىك بىلەن يەرنى بىللە سۇغۇرۇشقا بۇيرۇغان، لېكىن ئۇ شېرىك قازىنىڭ بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلمىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن زىرائەت بۇزۇلۇپ (يەنى قۇرۇپ) كەتكەن بولسا، يەرنى سۇغۇرۇشقا ئۇنىمىغان شېرىك ئۇ زىرائەتنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، قازىنىڭ ئۇ شېرىكنى يەرنى يەنە بىر شېرىك بىلەن سۇغۇرۇشقا بۇيرىشى بىلەن ئۇ شېرىكنىڭ يەرنى سۇغۇرىشى لازىم ھالىتىگە كېلىدۇ. ئۇ شېرىك قازىنىڭ بۇيرۇقىغا پىسەنت قىلماي يەرنى سۇغارمىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن زىرائەت قۇرۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ شېرىك زىرائەتنى قەستەن قۇرۇتىۋاتقان بولىدۇ. شۇڭا ئۇ شېرىك يەنە بىر شېرىكنىڭ زىرائەتتىكى ھەسسىسىنىمۇ تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، زىرائەت ئۆلارنىڭ ئارىسىدا ئورتاقتۇر. يەنە بىر شېرىكنىڭ يەر سۇغارغاندا پەقەت ئۆزىنىڭ ھەسسىسىنىلا سۇغۇرىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ شېرىككە ئۆزى يالغۇز زىرائەتنىڭ ھەممىسىنى سۇغۇرىشىمۇ لازىم ئەمەس. ئەگەر زىرائەت يۇلۇلمىسا زىرائەتنى ئۆلارنىڭ ئارىسىدا مەيلى مەجبۇريي بولسۇن مەيلى رازىلىق بىلەن بولسۇن تەقسىم قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

§ ئورتاقچىلىقتا ئۇرۇغنى يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەمنىڭ چىقىرىشى شەرت قىلىنغان، ئاندىن ئۇرۇغنى يەرنىڭ ئىگىسى چىقىرىپ يەرنى تېرىغان بولسا، بۇ ھالدا يەرنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇرۇغنى چىقىرىشى ئۇ ئادەمگە ياردەم قىلىش سۈپىتى بىلەن بولسا، ئورتاقچىلىق بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر يەرنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇرۇغنى چىقىرىشى ئۇ ئادەمگە ياردەم قىلىش سۈپىتى بىلەن بولمىغان بولسا، بۇنداق

قىلىش يەر ئىگىسىنىڭ ئورتاقچىلىقنى بۇزۇش ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇرۇغنى يەرگە ئۇرۇغ چىقارماقچى بولغان تەرەپ ئەمەس يەنە بىر تەرەپ چىقىرىپ يەرنى تېرىغان، زىرائەت مەيلى ئۈنگەن بولسۇن مەيلى ئۈنمىگەن بولسۇن ئۇرۇغ چىقارمىغان تەرەپ تاكى زىرائەت پىشقانغا قەدەر زىرائەتكە پەرۋىش قىلغان بولسا، يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلات ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يېرىمدىن تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇرۇغنى يەر ئىگىسى چىقارماقچى بولغان، يەر ئىگىسى ئۇرۇغنى چىقىرىپ يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەمنىڭ رۇخسىتىسىز تېرىغان ۋە زىرائەت ئۈنگەن، ئاندىن يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەم يەرگە پەرۋىش قىلغان بولسا، يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلاتنىڭ ھەممىسى يەر ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ.

§ ئىجارىگە بېرىلگەن يەرنى، يەرنىڭ ئىگىسى ئۇ يەرنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمگە ئورتاقچىلىققا بەرگەن ۋە ئۇ ئادەم ئۇرۇغنى ئۆزى چىقىرىپ يەرنى تېرىغان بولسا، بۇ ئورتاقچىلىق توغرا بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇرۇغنىمۇ يەر ئىگىسى چىقارغان ۋە ئىشنىمۇ يەر ئىگىسى قىلغان بولسا، بۇ يەردە يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەمنىڭ قىلىدىغان ھېچقانداق ئىشى قالمىغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئورتاقچىلىقنىڭ مەنىسى بۇزۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ. يەنى ئورتاقچىلىق بۇزۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇرۇن: «ئۇرۇغ مەيلى يەر ئىگىسىدىن بولسۇن مەيلى يەرنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمدىن بولسۇن ئورتاقچىلىق توغرا بولىدۇ» دېگەن بولۇپ كېيىن بۇ سۆزىدىن يېنىۋالغان. چۈنكى، بۇ يەرنى ئىجارىگە ئالغان ئادەمنى يەردىن چىقىدىغان مەھسۇلاتنىڭ بىر قىسمىغا ئىجارىگە ئېلىش ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. ئەگەر يەر ئىگىسى ئۇ ئادەمنى يەردىن چىقىدىغان مەھسۇلاتنىڭ بىر قىسمىغا ئەمەس بەلكى پۇلغا ئىجارىگە ئېلىپ يەردە ئىشلەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئورتاقچىلىق توغرا بولىدۇ.

§ بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئالغان، ئاندىن ئۇ كىشى ئۇ يەرنى ئۇ ئادەمدىن ئىجارىگە ئالغان بولسا، بۇ ئىجارە توغرا بولىدۇ. بۇ ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ يەرنى ئورتاقچىلىقتىن باشقا ئىش ئۈچۈن ئىشلەتسە، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ يەرنى ئورتاقچىلىق ئۈچۈن ئىشلەتسە، ئىجارە توغرا بولمايدۇ.

§ مېۋىلىك باغقا ئورتاقچىلىق بولغان ئادەم باغقا ياخشى قارىمىغان، شۇنىڭ بىلەن باغنى سۇ بېسىپ كېتىپ باغدىكى كۆچەتلەرنى ۋە باغنىڭ تاملىرىنى ۋەيران قىلىۋاتقان بولسا، ئۇ ئادەم باغنىڭ تاملىرىنى ئەمەس كۆچەتلىرىنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ۋەزىپىسى كۆچەتلەرگە ياخشى قاراشتۇر. ئەگەر كۆچەتلەر غورا چىقارغان بولسا، ئۇ ئادەم غورىلارنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر كۆچەتلەردىكى غورا پىشىپ

مېۋە بولۇپ بولغان بولسا، ئۇ ئادەم پىشىپ بولغان مېۋىلەرنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، مېۋىلەر پىشىپ ئەڭ ئاخىرقى ھالىتىگە كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا قاراش پەقەت ئۇ ئادەمنىڭلا ئەمەس ھەم باغ ئىگىسىنىڭ ۋە ھەم ئۇ ئادەمنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. ئۇ ئادەم پەقەت كۆچەتلەرنىلا تۆلەپ بېرىدۇ. شۇڭا كۆچەتلەر مېۋىسىز ھالىتى بويىچە بىر قېتىم ۋە مېۋىلىك ھالىتى بىلەن بىر قېتىم باھالىنىدۇ. ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ ئىككى قېتىملىق باھانىڭ ئارىسىدىكى ئارتۇق پۇلنى باغ ئىگىسىگە تۆلەپ بېرىدۇ. بىر قىسىم ئالىملار: «ئۇ ئادەم باغ ئىگىسىگە مېۋىلەرنىڭ ئۇنىڭغا تېگىشلىك بولىدىغان قىسمىنى تۆلەپ بېرىدۇ» دېدى.

§ ئورتاق ئىككى ئادەمنىڭ بىرى يەنە بىرىنىڭ رۇخسىتىسىز ۋە قازىنىڭ بۇيرۇقىسىز ئارىلىرىدىكى ئورتاق نەرسىگە پۇل چىقىم قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ پۇلنى كۆڭلىدىن چىقىرىپ خەجلىگەن ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئۇ ئادەم ئۇ پۇلنى قارشى تەرەپتىن ئالالمايدۇ. بۇ ئەگەر قارشى تەرەپ ھايات بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر قارشى تەرەپ ئۆلۈپ كەتكەن، ئۇ ئادەم ئورتاق نەرسىگە قازىنىڭ بۇيرۇقىسىز پۇل چىقىم قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم بۇ پۇلنى كېيىن قايتۇرۇپ ئېلىۋالىدۇ. مەسىلەن: باغنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن ۋە باغ ئىگىسى قازىنىڭ بۇيرۇقىسىز باغقا پۇل چىقىم قىلغان بولسا، باغ ئىگىسى بۇ پۇلنى كۆڭلىدىن چىقىرىپ خەجلىگەن ھېسابلانمايدۇ. باغ ئىگىسى ئۇ پۇلغا ھېسابلاپ باغدىن چىققان مېۋىلەردىن ئېلىۋالىدۇ. ئەگەر ئورتاقچىلىق باغدا ئەمەس زىرائەتتە بولغان بولسىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر باغنى ياكى يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەم يوق بولۇپ كەتكەن، ئاندىن باغ ئىگىسى ياكى يەر ئىگىسى ئورتاق نەرسىگە قازىنىڭ بۇيرۇقىسىز پۇل خەجلىگەن بولسا، باغ ئىگىسى ياكى يەر ئىگىسى بۇ پۇلنى كۆڭلىدىن چىقىرىپ خەجلىگەن ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئۇ پۇلغا ھېسابلاپ مېۋە ياكى ئاشلىقتىن ئېلىۋالالمايدۇ.

§ يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭ مىراسخورى يەر ئىگىسىگە: زىرائەتنىڭ ئىشلىرىنى تاكى زىرائەت پىشقانغا قەدەر مەن قىلىمەن، دەپ زىرائەتكە قاراشنى تەلەپ قىلغان بولسا، يەر ئىگىسى ئۇ ئادەمنىڭ مىراسخورىنىڭ زىرائەتنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشىغا قوشۇلمىسىمۇ مىراسخور زىرائەتنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشقا ھەققى بولىدۇ. چۈنكى، ئورتاقچىلىق ئۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەنلا بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

§ بىر ئادەم بىر پارچە يەرنى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز تېرىغان، زىرائەت پىشىپ ئورۇيدىغان يەرگە كەلگەندە يەر ئىگىسى ئۇ ئادەمگە: «مەن سېنى يەردە ئىشلەش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان ئىدىم، سەن بۇ يەرنى مېنىڭ ئۇرۇغۇم بىلەن تېرىدىڭ» دېگەن، ئۇ ئادەم يەر ئىگىسىگە: «مەن بۇ يەرنى ئورتاقچىلىققا ئېلىپ

ئۇرۇغنى ئۆزەم چىقىرىپ تېرىدىم» دېگەن بولسا، يەر ئىگىسىنىڭ ئەمەس بەلكى ئۇ ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، يەر ئىگىسىنىڭ سۆزىدىن ۋە ئۇ ئادەمنىڭ سۆزىدىن يەرگە ئۇرۇغنى ئۇ ئادەمنىڭ سالغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

§ بىر ئادەم ئۆلۈپ قالغان، ئۇ ئادەم ئارقىسىدا كىچىك ـ چوڭ بولۇپ بىر نەچچە بالا ۋە بىر ئايال قالدۇرۇپ كەتكەن، بالىلارنىڭ چوڭلىرى (چوڭ بالىلار مەيلى ئۇ ئايالدىن بولغان بالىلار بولسۇن مەيلى باشقا ئايالدىن بولغان بالىلار بولسۇن) باشقا بىرى بىلەن شېرىك يەرگە ياكى باشقا بىرىگە تەۋە يەرگە زىرائەت تېرىغان، مەيلى چوڭلىرى بولسۇن مەيلى كىچىكلىرى بولسۇن بالىلارنىڭ ھەممىسى ئۇ ئايالنىڭ تەربىيىسى ئاستىدا بىر ئۆيدە ياشايدىغان ۋە ئائىلىنىڭ كىرىم ـ چىقىمىنىڭ ھەممىسى ئورتاق بولىدىغان بولسا، يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلاتمۇ بالىلارنىڭ ئارىسىدا ئورتاق بولىدۇ. بۇ ئەگەر يەرنى تېرىغان بالىلار ئىچىدە يەرنى تېرىشقا قېتىلمىغان بالىلار چوڭ بولسا يەرنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ رۇخسەت بېرىشى بىلەن تېرىغان، ئەگەر كىچىك بولسا ئۇلارغا قارايدىغان ئادەمنىڭ رۇخسەت بېرىشى بىلەن تېرىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر يەرنى تېرىغان بالىلار يەرنى باشقا بالىلارنىڭ رۇخسىتىنى ئالماستىن ئۆزلىرىگە تەۋە ئۇرۇغ بىلەن ياكى ئۆيگە تەۋە ئورتاق ئۇرۇغ بىلەن تېرىغان بولسا، يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلات پەقەت يەرنى تېرىغان بالىلارغىلا تەۋە بولىدۇ.[1]

# دەل ـ دەرەختە ئورتاق بولۇششنىڭ بايانى

دەل ـ دەرەختە ئورتاق بولۇشتىن دەل ـ دەرەختىن چىققان مەھسۇلاتنى مەلۇم مىقداردىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىپ دەل ـ دەرەخنى پەرۋىش قىلىشى ئۈچۈن بىرەر ئادەمگە كۆتۈرە بېرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئىچىگە مېۋىلىك دەرەخ، مېۋىسىز دەرەخ ۋە ئۆت ـ ياشلارنىڭ ھەممىسى كىرىدۇ. دەل ـ دەرەختە ئورتاقلاشقان ئادەم ئەگەر دەل ـ دەرەخ مېۋىلىك بولسا، ئۇنىڭدىن چىقىدىغان مېۋىلەردە، ئەگەر دەل ـ دەرەخ مېۋىسىز بولسا، ئۇنىڭدىن چىقىدىغان قەۋزاق ۋە شاخ ـ شۇمبۇللاردا ئورتاقلىشىدۇ.

بۇ ئورتاقچىلىقنىڭ ئىچىگە ھايۋانلاردا ئورتاقلىشىش كىرمەيدۇ. شۇڭا بىر ئادەم قويۇنى ياكى توخۇسىنى ئۇنىڭدىن چىقىدىغان نەرسىنى مەلۇم مىقداردىن ئۆلۈشۈشكە كېلىشىپ بىر كىشىگە كۆتۈرە بەرگەن بولسا، بۇنداق قىلىش توغرا بولمايدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 182 ـ بەت.

ئەگەر پىلە قۇرتىنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭدىن چىققان مەھسۇلاتنى يېرىمدىن ئۆلۈشۈشكە كېلىشىپ بىر كىشىنىڭ پەرۋىش قىلىشىغا ۋە بېقىشىغا كۆتۈرە بەرسە، ئۇنىڭدىن چىققان مەھسۇلات قۇرتنىڭ ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ. ئۇنىڭغا غازاڭ تاشلاپ بېرىپ باقىقان ئۇ ئادەمگە غازىڭىنىڭ پۇلى ۋە ئۇ ئادەمنىڭ تەڭتۇشىگە بېرىلگەن ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. ئەگەر پىلە قۇرتىنىڭ ئورنىدا باشقا ھايۋان بولسىمۇ بۇ ھايۋاننىڭ ھۆكمىمۇ پىلە قۇرتىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش.[1]

## دەل ـ دەرەختە ئورتاق بولۇشنىڭ يولغا قويۇلىشى

ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ ئىماملىرى بۇ ئورتاقچىلىقنىڭمۇ يولغا قويۇلغانلىقى ياكى قويۇلمىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «دەل ـ دەرەخنى ئۇنىڭدىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ بىر قىسمىغا پەرۋىش قىلىپ قاراپ بېرىشكە ئېلىش توغرا ئەمەس» دەيدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر دەل ـ دەرەخنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەمنىڭ دەل ـ دەرەخكە قارايدىغان مۇددىتى، ئۇ ئادەمگە دەل ـ دەرەختىن ئېلىنغان مەھسۇلاتتىن قانچىلىك پىرسەنت بېرىلىدىغانلىقى ئېنىق بايان قىلىنسا ۋە مەھسۇلاتتىن ئۇنىڭغا بېرىلمەكچى بولغان مىقدار (مەسىلەن: مۇنچە توپ ياكى ماۋۇ ـ ماۋۇ دەرەخنىڭ مېۋىلىرى دېگەنگە ئوخشاش) مۇئەييەن مىقداردا بولماي پۈتۈن مەھسۇلاتنىڭ مۇنچە پىرسەنتى دېگەنگە ئوخشاش ئومۇمىي مەھسۇلاتتىن مەلۇم مىقدار بولسا، ئۇ ئورتاقچىلىق توغرا بولىدۇ» دەيدۇ.

ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىقى توغرىدۇر» دېگەن.[2]

دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىقىنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ كۆپ قىسمى يەر ئورتاقچىلىقىنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئىمام شافىئىينىڭ قارىشىدىكى دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىقىنىڭ مەنىسى بىلەن ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ قارىشىدىكى دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىقىنىڭ مەنىسى باشقا ـ باشقىدۇر. بۇ ھەقتە شافىئىي مەزھەپىنىڭ ئىماملىرىدىن بولغان ئىمام نەۋەۋىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئىمام شافىئىينىڭ قارىشىدا دەل ـ دەرەختە ئورتاق بولۇش مۇئامىلىسى پەقەت خورما بىلەن ئۈزۈمدىلا ئەمەلىيىشىدۇ. يەنى پەقەت

(1) «رەددۇلمۇھتار»، **5** ـ توم، **180** ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، **5** ـ توم، **181** ـ بەت.

خورما بىلەن ئۈزۈمدە ئورتاقچىلىق مۇئامىلىسىنى قىلىش توغرىدۇر» دېدى.[1]

ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىقىنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىغا تۆۋەندىكى ھەدىسنى پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەرنى پەتھى قىلغاندا، خەيبەر ئەھلىگە خەيبەرنىڭ يەرلىرىنى، خەيبەر ئەھلىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىلكىدىكى بارلىق ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئۆزىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى شەرت قىلدى. خەيبەر ئەھلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: بىز يەرنىڭ ئىشلىرىنى سىلەردىن ياخشى بىلىمىز. شۇڭا يەرنى ۋە (خورمىلارنى پەرۋىش قىلىشنى) بىزگە بەرگىن، ئۇلاردىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ يېرىمى سىلەرگە ۋە يېرىمى بىزگە بولسۇن، دەپ (يەر بىلەن خورمىلارنى پەرۋىش قىلىشنى ئۆزلىرىدە ئېلىپ قالدى). ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ (يەر بىلەن خورمىلارنى) ئۇ شەرت بىلەن شۇنداق بېرىۋاتقانلىقىدىن گۇمان قىلىشتى. خورما پىششىقا يېقىن قالغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خورمىلارنى بۇداش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قېشىغا ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھەنى ئەۋەتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە خورمىلارنى بۇداپ ماۋۇ خورما دەرىخىدىن مۇنچىلىك خورما چىقىدۇ، ماۋۇ خورما دەرىخىدىن مۇنچىلىك خورما چىقىدۇ، دېدى. ئۇلار ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھەگە: ئى ئابدۇللاھ! كۆپ بۇدىۋەتتىڭ، دېدى. ئابدۇللاھ: خورمىلارنى مەن بۇدايمەن ۋە بۇداپ توختاتقان مىقدارنىڭ يېرىمىنى سىلەرگە بېرىمەن، دېدى. ئۇلار: مانا بۇ ئادىللىقتۇر. ئاسمان ـ زېمىن ئاشۇ ئادىللىق ئۈستىگە قورۇلغاندۇر. سەن بۇداپ توختىتىپ بەرگەن مىقدارنى ئېلىشقا رازىمىز، دېدى.»[2]

مانا بۇ ھەدىس دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىقىنى توغرا، دەيدىغان ئىمام ئەبۇيۇسۇف، ئىمام مۇھەممەد ۋە كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ تۇتقا قىلغان دەلىل ـ پاكىتىدۇر. ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بۇ ھەدىستە دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىقىنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان دەلىل ـ پاكىت يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەيبەر ئەھلى بىلەن شۇنداق توختاملىششى ئورتاقچىلىق يولى بىلەن ئەمەس كېلىشىم يولى بىلەن بولغان. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئۇلارنى خالىغان ۋاقىتتا (خەيبەردىن) چىقىرۋېتىدىغانلىقىنى شەرت قىلغان. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلار بىلەن تۈزۈشكەن مۇئامىلىسى ئورتاقچىلىق يولى بىلەن قىلىنغان مۇئامىلىلەردىن ئەمەستۇر» دېدى.

<ئىئلائۇسسۇنەن> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ گۇمانىمچە

(1) «ئەلھىدايە» 4 ـ توم، 59 ـ بەت.

(2) «رەۋزەتۇل تالىبىن» 4 ـ توم، 227 ـ بەت.

ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىقىنى پۈتۈنلەي توغرا ئەمەس، دەپ قارىمىغان. بەلكى ئۇنى پەقەت تەقۋالىق يۈزىسىدىن يامان كۆرگەن بولۇپ دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىق مۇئامىلىسىنى قىلىشتىن قاتتىق يۈسۈندا توسۇپ كەتمىگەن. ئۇنى پەقەت يەر ئورتاقچىلىقى قىلىشنى يامان كۆرگەندەكلا يامان كۆرگەن. چۈنكى، دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىقى ئىجارە ئىشلىرىدا توغرا دەپ بىرلىككە كەلگەن قائىدىگە خىلاپتۇر. ئىمام ئەبۇھەنىفە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەيبەر ئەھلى بىلەن قىلىشقان مۇئامىلىسىنى دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىقى بىلەن تۈزۈشكەن مۇئامىلە، دەپ قارىماي پەقەت يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك كېلىشىم يولى بىلەن تۈزۈشكەن مۇئامىلە، دەپ قارىغان.»[1]

## دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىقىنىڭ شەرتلىرى ۋە سۈپەتلىرى

يەر ئورتاقچىلىقىدا تېپىلىش لازىم بولغان پۈتۈن شەرتلەرنىڭ ئۆزىنىڭ دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىقىدا تېپىلىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىقىدا ئۇ شەرتلەرنىڭ بەزىلىرىگە ھاجەت يوق. مەسىلەن: دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىقىدا ئۇرۇغنىڭ نېمىنىڭ ئۇرۇغى ئىكەنلىكىنى، ئۇرۇغنى قايسى تەرەپنىڭ چىقىرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇ يەرنىڭ تېرىشقا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلىشتەك ئىشلار شەرت ئەمەس. يەنى دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىقىدا ئۇ شەرتلەرنىڭ قويۇلۇشىغا ئېھتىياج يوق. شۇنىڭدەك يەنە مۇددەتنى بايان قىلىشمۇ شەرت ئەمەس.

يەر ئورتاقچىلىقىدا بايان قىلىنغان شەرتلەرنىڭ ئىچىدىن دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىقى ئۈچۈن پەقەت تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭلا تېپىلىشى لازىم:

1 ـ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا ئادەملەردىن بولۇشى.

2 ـ دەل ـ دەرەخنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەمگە بېرىلىدىغان ھەسسىنىڭ مىقدارىنىڭ بايان قىلىنىشى.

3 ـ دەل ـ دەرەخلەر ئۇلارنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرىلىشى.

4 ـ دەل ـ دەرەختىن ئېلىنغان مەھسۇلاتقا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ شېرىك بولۇشى ۋە دەل ـ دەرەخنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەمگە بېرىلمەكچى بولغان ھەسسىنىڭ مۇئەييەن بىر يەردىن ئەمەس ئومۇمىي مەھسۇلاتتىن بولۇشى.

5 ـ ئورتاقچىلىق كېلىشىمى، دەل ـ دەرەخنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەمنىڭ

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى ۋە ھەدىسنىڭ دەرىجىسى ھەققىدە بىر نەرسە دېمىدى.

**ئەمگەك قىلىشى بىلەن مەھسۇلات قوشۇلىدىغان دەل ـ دەرەخ بولۇشى لازىم.**

**ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىقىدا ئورتاقچىلىقنىڭ مۇددىتىنى بايان قىلىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇنىڭ مۇددىتى ئادەتتە مەلۇمدۇر.**

**ئورتاقچىلىقنىڭ سۈپۈتىگە كەلسەك، ئورتاقچىلىق ئىككى تەرەپتىن كۆچگە ئىگە بولىدىغان ئىشتۇر. ئەمما يەر ئورتاقچىلىقى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، يەر ئورتاقچىلىقىدا ئەگەر ئۇرۇغ ئىگىسى ئۇرۇغنى يەرگە سېلىشتىن بۇرۇن ئورتاقچىلىقتىن يېنىۋالسا، ئۇرۇغ ئىگىسى بۇ ئورتاقچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇرلانمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم بۇ ھالەتتە زەرەر كۆرگەن بولىدۇ. ئەگەر دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىقىدا ئورتاقچىلىق مۇددىتى تۈگەپ كەتسە، مېۋىلەر دەل ـ دەرەختە تاكى پىشقانغا قەدەر بەدەلسىز قالىدۇ. دەل ـ دەرەخنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەم دەرەختىكى مېۋىلەر تۈگۈگەنگە قەدەر دەل ـ دەرەخكە قارايدۇ. ئەمما ئۇ ئادەمگە ئۇنىڭ بۇ ئىشى ئۈچۈن ئىش ھەققى بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، دەرەخنى ئىجارىگە بېرىشنىڭ ئۆزى توغرا ئەمەس. ئەمما يەر ئورتاقچىلىقىدا ئەگەر ئورتاقچىلىق مۇددىتى تۈگەپ كەتكەن ئەمما زىرائەت تېخى پىشمىغان بولسا، زىرائەت پىشقانغا قەدەر يەردە قويۇپ قويۇلىدۇ ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەمگىمۇ مۇددەت توشۇپ بولغاندىن كېيىن زىرائەتكە قارىغانلىقى ئۈچۈن ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. چۈنكى، يەرنى ئىجارىگە بېرىش توغرىدۇر. زىرائەتنىڭ ئىشلىرىنى قىلىش ھەر ئىككى تەرەپكە زىرائەتتىكى ھەسسىسىگە قارىتا لازىم بولىدۇ. يەنى زىرئەتتىكى ھەسسىسى كۆپ بولسا ئىشنى چىق قىلىش، ئاز بولسا ئاز قىلىش لازىم. ئەگەر يەر ئىگىسى يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەمگە ئىش ھەققى بەرسە، يەر ئىگىسىگە زىرائەتنىڭ ئىشلىرىنى قىلىش لازىم ئەمەس.**

**يەرنى ئورتاقچىلىققا ئېلىش ئىشىدا ئەھۋال شۇنداقتۇر. ئەمما دەل ـ دەرەخنى ئورتاقچىلىققا ئېلىشتا دەل ـ دەرەخنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى قىلىش دەل ـ دەرەخنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەم قىلىدۇ. چۈنكى، دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىقىدا دەل ـ دەرەخنىڭ ئىگىسىگە ئورتاقچىلىق مۇددىتى توشۇشتىن بۇرۇنمۇ دەل ـ دەرەخنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەمگە ئىش ھەققى بېرىش لازىم ئەمەس. شۇڭا مۇددەت تۇشۇشتىن بۇرۇنمۇ دەل ـ دەرەخنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەمنىڭ دەل ـ دەرەخنىڭ ئىشلىرىنى قىلىشى لازىم بولىدۇ.**

**ئەگەر ئورتاقچىلىققا ئېلىنغان دەل ـ دەرەخ باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالسا، بۇ ھالدا ئەگەر دەل ـ دەرەخ مېۋىلىك دەرەخ بولۇپ ئۇنىڭدا مېۋە بولسا، دەل ـ دەرەخنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەمگە ئۇنىڭ تەختۇشىگە بېرىلگەن ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. ئەگەر دەل ـ دەرەخنىڭ مېۋىسى بولمىسا، ئۇ ئادەمگە ھېچقانداق ئىش ھەققى بېرىلمەيدۇ.**

# دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىقىدا مۇددەت توختىتىشنىڭ ھۆكمى

بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنۈمىزدەك ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىقىدا مۇددەت توختىتىش شەرت ئەمەس. بۇ ئورتاقچىلىقتا مۇددەت ئادەتتە ئېنىقتۇر. چۈنكى، مېۋىلەرنىڭ قاچان پىشىدىغانلىقى ئېنىقتۇر. مېۋىلەرنىڭ پىشىش ۋاقتى بەزى بىر ۋاقىتلاردا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قالىدۇ. زىرائەتنىڭ ئىشى مېۋىلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. زىرائەت ئەگەر بالدۇر تېرىلسا، بۇرۇن پىشىدۇ. كېيىن تېرىلسا، كېيىن پىشىدۇ. چۈنكى، زىرائەتلەرنى كۈزدە تېرىشقىمۇ، ئەتىيازدا تېرىشقىمۇ ۋە يازدا تېرىشقىمۇ بولىدۇ. ئەگەر كىشىلەر ئارىسىدا زىرائەتنىڭ قاچان تېرىلىدىغانلىقى ئېنىق بولسا، ئۇ ۋاقىتنى ئېتىبارغا ئېلىش توغرا بولىدۇ. ئەگەر دەرەخ بىر يىلدا ئىككى قېتىم مېۋە بېرىدىغان بولغان، ئۇ مېۋە ئورتاقچىلىقىدا مۇددەت توختىتىلمىغان بولسا، ئورتاقچىلىق شۇ يىلى ئېلىنىدىغان تۇنجى مېۋە ئۈستىدە بولغان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ مېۋىنىڭ ئېلىنىدىغانلىقى ئېنىقتۇر. ئۇنىڭدىن كېيىنكى قېتىملىقى بولسا شەكلىكتۇر.

ئوت ـ ياشنىڭ ئىگىسى ئوت ـ ياشنى بىر ئادەمگە ئورتاقچىلىققا بەرگەن بولسا، بۇ ئورتاقچىلىقنىڭ قاچانغىچە بولۇش مۇددىتىنى بايان قىلىش لازىم ئەمەس. بۇ ئورتاقچىلىق تاكى ئوت ـ ياشنىڭ (ئەگەر ئوت ـ ياش سەۋزە ۋە چامغۇردەك يەر ئاستىدىكى قىسمى مەقسەت قىلىنىدىغان نەرسە بولسا ) كۆكى ئەمەس يەر ئاستىدىكى قىسمى تولۇق قېزىۋېلىنغانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ. چۈنكى، بۇلارنىڭ ھۆكمىمۇ زىرائەتلەرنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. ئەگەر ئوت ـ ياش يەر ئاستىدىكى قىسمى ئەمەس (كۈدىگە ئوخشاش) كۆكى مەقسەت قىلىنىدىغان نەرسە، ئورتاقچىلىق تاكى يەر ئاستىدىكى قىسمى قېزىۋېلىنغانغا قەدەر ئەمەس ئۇنى تۇنچى قېتىم ئورۇۋېلىنغانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ.

ئەگەر دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىقىدا مېۋىلەرنىڭ پىشىپ بولۇشىغا يېتەرلىك بولمايدىغان بىر مۇددەت بايان قىلىنسا، ئۇ شەرتىگە توشمىغان ئورتاقچىلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئورتاقچىلىقتا مەلۇم بىر مۇددەت شەرت قىلىنغان بولۇپ ئۇ مۇددەت ئىچىدە مېۋىلەرنىڭ پىشىش ئېھتىماللىمۇ بار ۋە پىشماسلىق ئېھتىماللىمۇ بار بولسا، ئورتاقچىلىق توغرا بولغان بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ئورتاقچىلىقتا ئۇنىڭدىن كۆزدە تۇتۇلىدىغان مەقسەتنىڭ ۋۇجۇدقا چىقماسلىقى چوقۇم ئەمەس، ئەكسىچە ئېھتىمالدۇر. بۇ ئېھتىماللىق ئورتاقچىلىق مەيلى دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىقى بولسۇن مەيلى زىرائەت ئورتاقچىلىقى بولسۇن ھەممە ئورتاقچىلىقتا مەۋجۇتتۇر. مەسىلەن: زىرائەت بىرەر تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچراپ كېتىپ زىرائەتتىن كۆزدە تۇتۇلغان مەقسەتنىڭ ۋۇجۇدقا

چىقماسلىق ئېھتىمالى بولىدۇ. ئەگەر مېۋىلەر شەرت قىلىنغان ئۇ مۇددەت ئىچىدە پىشىپ بولسا، ئورتاقچىلىق توغرا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ شەرت كۈچگە ئىگە بولىدۇ. بۇ ئەگەر مېۋىلەر بازىرى ئىتتىك مېۋىلەر بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر مېۋىلەر بازىرى يوق مېۋىلەر بولسا، ئۇ شەرت توغرا بولمىغان بولىدۇ. بازىرى يوق نەرسىنىڭ بولغىنى بىلەن بولمىغىنىنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق. ئەگەر ئۇ مۇددەت ئىچىدە مېۋىلەرنىڭ بەزىلىرى پىشقان، بەزىلىرى پىشمىغان بولسا، دەل ـ دەرەخنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەم پىشقان مېۋىلەردىن ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان قىسمىنى ئالىدۇ، ئۇ مۇددەتتىن كېيىن پىشقان مېۋىلەردىن ئالمايدۇ. ئەگەر مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇ مۇددەتنىڭ ئىچىدە پىشماي كېچىككەن بولسا، ئۇ ئادەم دەل ـ دەرەخكە تاكى مېۋىلەر پىشقانغا قەدەر قارايدۇ ۋە ئۇ ئادەمگە ئۇنىڭ تەڭتۇشىغە بېرىلگەن ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. چۈنكى، ھەممە مېۋىلەرنىڭ ئۇ مۇددەت ئىچىدە پىشىپ بولالمىغانلىقى سەۋەبى بىلەن ئۇ مۇددەتنىڭ شەرت قىلىنىشىنىڭ خاتا بولۇپ قالغانلىقى ئېنىق بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئورتاقچىلىق شەرتىگە توشمىغان ھېسابلىنىدۇ. ئەمما مېۋىلەر ئۇ مۇددەت ئىچىدە پەقەتلا پىشىپ بولالمىغان بولسا، بۇ ھالدا مېۋىلەرنىڭ بولماسلىقى ئۇ مۇددەتنىڭ خاتا بەلگىلىنىپ قالغانلىق سەۋەبى بىلەن ئەمەس تەبىئىي بىر ئاپەت سەۋەبى بىلەن بولغان بولىدۇ. بۇ ھالدا ئورتاقچىلىق كۈچگە ئىگە پېتى قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەيلى دەل ـ دەرەخنىڭ ئىگىسى بولسۇن مەيلى دەل ـ دەرەخنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەم بولسۇن ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىگە بىر نەرسە بېرىش لازىم بولمايدۇ.[1]

ئەگەر بىر كىشى تېخى مېۋە بېرىش ھالىتىگە يەتمىگەن كۆچەتلەرنى ئۇلاردىن ئېلىنغان مېۋىلەرنى يېرىمدىن بۆلۈشۈش شەرتى بىلەن بىر ئادەمنىڭ قارىشىغا ئورتاقچىلىققا بەرگەن بولسا، بۇ ئورتاقچىلىق ئەگەر ئۇنىڭدا مەلۇم بىر نەچچە يىل مۇددەت بايان قىلىنمىسا شەرتىگە توشمىغان ئورتاقچىلىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، كۆچەتلەرنىڭ تىز يېتىلىپ مېۋە بېرىشى يەرنىڭ كۈچلۈك ياكى كۈچلۈك بولماسلىقىغا باغلىقتۇر. شۇڭا ئۇ كۆچەت ئۈستىدە تۈزۈلگەن ئورتاقچىلىقنى كۆچەتتىن ئېلىنىدىغان تۇنجى مېۋىگىلا قارىتىشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئورتاقچىلىقتا ئۇنىڭ كۆچەتتىن تۇنجى مېۋە ئېلىنىدىغان قەدەر مۇددەتكىچە كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقى شەرت قىلىنسا، بۇ ئورتاقچىلىق توغرا بولىدۇ. ئەگەر كۆچەتلەر مېۋە بېرىدىغان ھالەتتە بولغان، لېكىن ئورتاقچىلىق مۇئامىلىسى تۈزۈلگەن ۋاقىتدا كۆچەتلەردە تېخى مېۋە بولمىغان بولسا، ئورتاقچىلىق ئۇنىڭدا مەلۇم مۇددەت بايان قىلىنمىغان ئەھۋالدىمۇ يەنىلا كۈچكە ئىگە بولىدۇ. يەنى بۇ ئورتاقچىلىق كۆچەتلەر بېرىدىغان تۇنجى مېۋە ئۈستىدە بولغان

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن» 17 ـ توم، 55 ـ بەت.

ئورتاقچىلىق بولىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە بىر كىشى يېرىگە تېرىلغان ئوت ـ ياشنى ھەتتا ئوت ـ ياشنىڭ كۆكى ۋە يەر ئاستىدىكى قىسمى قېزىۋېلىنغانغا قەدەر قاراپ بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن چىققان مەھسۇلاتنى يېرىمدىن بۆلۈشۈش شەرتى بىلەن بىر ئادەمگە بەرگەن بولسا، بۇ شەرتىگە توشمىغان ئورتاقچىلىق ھېسابلىنىدۇ. باشقا مېۋىلىك دەل ـ دەرەخنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. چۈنكى، ئوت ـ ياشنىڭ كۆكىنىڭ ۋە يەر ئاستىدىكى قىسمىنىڭ قاچان قېزىۋېلىنىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس. شۇڭا بۇ ئورتاقچىلىق ئۈچۈن بايان قىلىنغان مۇددەت ئېنىق بولمىغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئورتاقچىلىق شەرتىگە توشمىغان ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر ئۇ كىشى ئوت ـ ياشنى ئورتاقچىلىققا بەرگەن ۋە ئۇنىڭغا قاراپ بېرىدىغان ئادەمگە: «سەن ئۇنىڭغا ھەتتا ئوت ـ ياشنىڭ كۆكى ۋە يەر ئاستىدىكى قىسمى قېزىۋېلىنغانغا قەدەر قاراپ بېرىسەن» دېمىگەن، لېكىن بۇ ئورتاقچىلىق ئۈچۈن مەلۇم مۇددەت بايان قىلىنمىغان بولسا، ئورتاقچىلىق توغرا بولىدۇ ۋە ئۇ ئورتاقچىلىق ئوت ـ ياشتىن ئېلىنىدىغان تۇنجى مەھسۇلاتقا قارىتىلىدۇ. بۇ ئەگەر ئوت ـ ياشنىڭ قاچان قېزىۋېلىنىدىغانلىقى ئېنىق بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئوت ـ ياشنىڭ قاچان قېزىۋېلىنىدىغانلىقى ئېنىق بولمىسا، ئورتاقچىلىق ئۇنىڭ ئۈچۈن مەلۇم مۇددەت بايان قىلىنمىغىچە توغرا بولمايدۇ.

بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مېۋە بەرمەيدىغان دەل ـ دەرەخلەر ئۈستىدىمۇ ئورتاقچىلىق مۇئامىلىسى تۈزۈش توغرا بولىدۇ. كۆچلۈك قاراشقا ئاساسەن مېۋە بەرمەيدىغان دەل ـ دەرەخنىڭ ھۆكمى ئوت ـ ياشلارنىڭ ھۆكمىگە ئوخشايدۇ. شۇڭا مېۋە بەرمەيدىغان دەل ـ دەرەخ ئۈستىدە تۈزۈلگەن ئورتاقچىلىقتا مۇددەت بايان قىلىنمىسىمۇ ئورتاقچىلىق يەنىلا توغرا بولىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ئوت ـ ياشنى بىر قېتىم ئورۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يەر ئاستىدا قالغان ئۇرۇغىنى يېرىمدىن ئېلىش شەرتى بىلەن مۇددەت بايان قىلماستىنلا ئۇنىڭغا قاراش ئىشىنى بىر ئادەمگە بەرگەن بولسا، بۇ ئورتاقچىلىق توغرا بولىدۇ. بۇ ئەگەر ئۇرۇغ كىشىلەر قىزىدىغان نەرسە بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. بۇ ھالەتتە ئۇرۇغ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يېرىمدىن تەقسىم قىلىنىدۇ. ئۇرۇغدىن ئۈنگەن ئوت ـ ياش ئۇرۇغ ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئوت ـ ياشنىمۇ ئارىلىرىدا يېرىمدىن بۆلۈشۈشنى شەرت قىلىشقان بولسا، ئورتاقچىلىق توغرا بولمىغان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئورتاقچىلىقتا ئۇ ئادەمنىڭ ئەمگىكى بىلەن ئەمەس ئۆزىچە ئۆسۈپ چوڭىيىدىغان نەرسىدە شېرىك بولۇشۇشنى شەرت قىلىشتى.

ئۈزۈمگە، دەل ـ دەرەخكە، ئۈت ـ چۆپكە، مېۋىگە، سەي ـ كۆكتاتقا ۋە پىتنىڭگانغا ئوخشاش نەرسىلەردە ئورتاقچىلىق مۇئامىلىسى تۈزۈش توغرىدۇر. دەل ـ دەرەخ ئەگەر مېۋىلىك دەل ـ دەرەخ بولسا، ئۇنىڭدىكى مېۋىلەر تېخى پىشمىغان بولۇشى لازىم. (چۈنكى پىشىپ بولغان مېۋىلەرنى ساقلاشنىڭ ھاجىتى يوق). ئەگەر ئۈزۈملۈك باغنىڭ ئىگىسى باغنى بىر ئادەمگە ئورتاقچىلىققا بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە باغنى ساقلاشتىن باشقا ئىشلارنى قىلىش لازىم ئەمەس. ئۈزۈملۈك باغ ئۈستىدە قىلىنغان ئورتاقچىلىق ئەگەر باغدىكى ئۈزۈملەر تېخى پىشمىغان ۋە باغقا بىرى قارىمىسا بولمايدىغان ھالەتتە بولسا توغرا بولىدۇ. بۇ ھالەتتە باغنى ساقلاپ بەرگەنلىك ئۈزۈمنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈن ئىش قىلىشىپ بەرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر باغدىكى ئۈزۈملەر بىرىنىڭ ساقلىشىغا ئېھتىياجى يوق ھالەتتە بولسا، ئورتاقچىلىق توغرا بولمايدۇ. شۇڭا ئۈزۈملەرگە قارىغان ئادەمگە ھېچنەرسە بېرىلمەيدۇ. ئەگەر مېۋىلەر پىشىپ بولغان بولسا، ئورتاقچىلىق توغرا ئەمەس. چۈنكى، پىشىپ بولغان مېۋىلەرنى بىرىنىڭ ساقلىشى لازىم ئەمەس.

ئەگەر خورمىنىڭ ئىگىسى چېچەكلىگەن خورمىسىنى ئورتاقلىق مۇئامىلىسى بىلەن قاراش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئېلىنغان مەھسۇلاتنى يېرىمدىن بۆلۈشۈش شەرتى بىلەن بىر ئادەمگە بەرگەن بولسا، ئورتاقچىلىق توغرا بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر خورمىنىڭ ئىگىسى غورۇلىرى يېشىل ياكى قىزىل ھالىتىگە كەلگەن، لېكىن چوڭىيىشتىن پۈتۈنلەي توختاپ قالمىغان خورمىسىنى بىر ئادەمگە ئورتاقچىلىققا بەرسە، بۇ ئورتاقچىلىقمۇ توغرا بولىدۇ. ئەگەر خورما پۈتۈنلەي چوڭىيىشتىن توختىغان بولۇپ بۇنىڭدىن كېيىن ئازراقمۇ چوڭىمايدىغان ھالەتكە كېلىپ بولغان لېكىن تېخى ساغارمىغان بولسا، ئورتاقچىلىق شەرتىگە توشمىغان ئورتاقچىلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ھەتتا خورمىلار پىشقانغا قەدەر خورمىلارغا قارىغان بولسا، خورمىلاردىن ئېلىنغان مەھسۇلات خورمىلارنىڭ ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ. ئۇ ئادەمگە ئۇنىڭ تەختۇشىگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. باشقا مېۋىلەرنىڭ ھۆكمىمۇ مۇشۇ بويىچە بولىدۇ.

زىرائەتنىڭ ئەھۋالىمۇ خورمىغا ئوخشاش. يەرنى زىرائەتنىڭ ئىگىسى تېخى ئورۇيدىغان ھالىتىگە يەتمىگەن زىرائەتنى ئورتاقچىلىققا بېرەلەيدۇ. ئەگەر زىرائەت ئورۇيدىغان ھالەتكە يېتىپ بولغان بولسا، ئۇنى ئورتاقچىلىققا بېرىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، زىرائەتنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەم ئۇنىڭدىن ئۆزىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلىدىغان ئاشلىقنى ئەمگەك قىلغانلىقى ۋە تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن ئالىدۇ. ئورۇيدىغان ھالىتىگە يېتىپ بولغان زىرائەتنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ ئەمگىكىگە ئېھتىياجى يوق. ئەگەر ئورۇيدىغان ھالىتىگە يېتىپ بولغان زىرائەتنى ئورتاقچىلىققا بېرىش توغرا بولىدۇ، دەپ قارايدىغان بولساق، ئۇ ئادەم زىرائەتتىن ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان ئاشلىقنى ھېچقانداق ئىش

قىلماستىن ئالغان بولىدۇ. بۇنداق قىلىش شەرىئەتتە توغرا ئەمەس.

ئۆزۈملۈك بېغىنى ئورتاقچىلىققا بەرگەن كىشىنىڭ باغدا ئىشلەيدىغان ئادەمنى سەۋەبسىز ئىشتىن چىقىرۋېتمەسلىكى لازىم. چۈنكى، ئۇ ئادەمدىن ئۇ كىشىگە ھېچقانداق زىيان كەلمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە باغدا ئىشلەيدىغان ئادەمنىڭمۇ ئىشنى سەۋەبسىز تاشلاپ چىقىپ كەتمەسلىكى كېرەك.[1]

## قۇرۇق يەرنى ئورتاقچىلىققا بېرىشنىڭ ھۆكمى

بۇنىڭدىن يەر بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلگەن كۆچەتلەر، يەر ئىگىسى بىلەن ئۇنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەم ئارىسىدا ئورتاق بولۇش ئۈچۈن ھېچنەرسە تىكىلمىگەن يەرنى بىر ئادەمگە ئورتاقچىلىققا بېرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ شەرتىگە توشمىغان ئورتاقچىلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ شەرتىگە توشمىغان ئورتاقچىلىق بولۇشىدا مۇنداق بىر نەچچە خىل سەۋەب بار:

1 ـ ئىككى تەرەپنىڭ يەردە شېرىك بولۇشىنى شەرت قىلغانلىقىدۇر. يەر بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلگەن كۆچەتلەرنىڭ يەر ئىگىسى بىلەن ئۇنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەم ئارىسىدا ئورتاق بولۇشى ئۈچۈن ھېچنەرسە تىكىلمىگەن يەرنى بىر ئادەمگە ئورتاقچىلىققا بېرىش خۇددى رەختنىڭ ئىگىسى بويالغان رەختنى بوياغچى بىلەن تەڭدىن ئېلىش شەرتى بىلەن رەختنى بوياش ئۈچۈن رەڭنى ئۆزى چىقىرىپ بوياغچىنى ئىجارىگە ئالغانغا ئوخشاش. (بوياغچىنى بۇ شەكىلدە ئىجارىگە ئېلىشمۇ توغرا ئەمەس). چۈنكى، يەرگە كۆچەت تىكىشمۇ خۇددى بوياش ئىشى رەختنى چىرايلىقلاشتۇرغانغا ئوخشاش يەرنى كۆچەتلەشتۈرۈپ يەرنى بوستانلىققا ئايلاندۇرىدۇ. ئەگەر ئورتاقچىلىق شەرتىگە توشمىغان بولسا، يەرگە تىكىلگەن كۆچەتلەر، ئەگەر ئۇلار مېۋە بەرگەن بولسا مېۋىلەر يەر ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ. يەر ئۇنىڭغا كۆچەت تىكىلمىگەن ھالىتىدە بىر قېتىم ۋە كۆچەت تىكىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن بىر قېتىم باھالىنىدۇ. يەر ئىگىسى بۇ ئىككى قېتىملىق باھانىڭ ئارىسىدا كۆرۈلگەن پەرق پۇلنى يەرگە كۆچەت تىككەن ئادەمگە بېرىدۇ. بېرىلگەن ئۇ پۇل كۆچەتنىڭ پۇلى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئادەمگە يەنە يەرگە كۆچەت تىككەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ تەختۇشىگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققى بېرىلىدۇ.

2 ـ يەرنىڭ يېرىمى يەرگە كۆچەت تىكىلگەنلىكىنىڭ ۋە يەردىن ئېلىنىدىغان مەھسۇلات بولسا ئۇ ئادەمنىڭ ئىش قىلغانلىقىنىڭ بەدىلى قىلىپ بېرىلدى. بۇ

---

[1] «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 182 ـ بەت.

هالەتتە ئۇ ئادەم يەرنىڭ يېرىمىنى ئۇنىڭغا قانچىلىك دەرىجىدە ئاينىشى نامەلۇم بىر كۆچەت تىكىپ بېرىشكە سېتىپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئورتاقچىلىق شەرتىگە توشمىغان بولىدۇ. ئەگەر يەرنى ئۇ شەكىلدە ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەم يەرگە ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىرەر نەرسە تېرىسا، يەرنى خۇددى ئۇنىڭ ئىگىسى تېرىغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇ شەرتىگە توشمىغان ئورتاقچىلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يەر ئىگىسىنىڭ ئۇ ئادەمگە ئۇنىڭ كۆچەتلىرىنىڭ پۇلىنى ۋە ئۇنىڭ تەشتۇشلىرىگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققىنى بېرىشى لازىم بولىدۇ.[1]

ئەگەر يەر ئىگىسى قورۇق يەرنى (يەرنى ئەمەس) ئۇنىڭدىن چىققان مەھسۇلاتنى يېرىمدىن بۆلۈشۈش شەرتى بىلەن بىر ئادەمگە مەلۇم مۇددەت توختىتىپ بەرگەن بولسا، بۇ توغرا بولغان ئورتاقچىلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئورتاقچىلىق ئۈچۈن مۇددەت توختىتىلمىغان بولسا، ئۇ شەرتىگە توشمىغان ئورتاقچىلىق ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم يەرگە تىكىلگەن كۆچەتلەردىن ئېلىنىدىغان مەھسۇلاتنى يېرىمدىن ئېلىش شەرتى بىلەن يەرگە كۆچەت تىكىش ئۈچۈن ئۇ يەرنى بالىسىغا بەرگەن، لېكىن بۇنىڭغا مۇئەييەن بىر مۇددەت توختاتمىغان، ئۇ بالا ئۇ يەرگە كۆچەت تىككەن، ئاندىن ئۇ ئادەم كەينىدە ئۇ بالىنى ۋە باشقا مىراسخورلىرىنى قالدۇرۇپ قويۇپ ئۆلۈپ كەتكەن، ئاندىن مىراسخورلار ئۇ يەرنى ئارىلىرىدا تەقسىم قىلىشنى ئۈچۈن ئۇ بالىنى يەردىكى كۆچەتلەرنى يۇلۇۋېلىشقا بۇيرۇغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر يەر ئۇنىڭغا تىكىلگەن كۆچەتلەر يۇلۇۋېتىلمىسىمۇ تەقسىم قىلىش مۇمكىن بولىدىغان بولسا، يەر مىراسخورلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىۋېرىدۇ، ئۇ بالا باشقا مىراسخورلىرىغا تەقسىم قىلىنغان يەردىكى كۆچەتلىرىنى يۇلۇۋالىدۇ، ئەگەر ئۇلار ئۇ بالىدىن يەرلىرىنى تۈزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا ئۇ بالا يەرنى تۈزلەپ بېرىدۇ. ئەگەر يەرنى ئۇنىڭغا تىكىلگەن كۆچەتلەر يۇلۇۋېتىلمىسا تەقسىم قىلغىلى بولمايدىغان بولسا، ئۇ بالا ھەممە كۆچەتلەرنى يۇلۇۋېلىشقا بۇيرۇلىدۇ.[2]

ئەگەر بۇ شەكىلدە تۈزۈلگەن ئورتاقچىلىق شەرتىگە توشمىغان بولسا، يەرگە تىكىلگەن كۆچەتلەر، ئەگەر ئۇلار مېۋە بەرگەن بولسا، ئۇلارنىڭ مېۋىلىرى يەر ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ. يەرگە كۆچەت تىككەن ئادەمگە ئۇنىڭ تەشتۇشىگە بېرىلگەن ئىش ھەققى ۋە كۆچەتلەرگە ئۇلارنىڭ تىكىلگەن كۈنىدىكى باھاسى بويىچە پۇل بېرىلىدۇ.

(1) «ئەلھىدايە» 4 ـ توم، 60 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 183 ـ بەت.

# دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىقىنىڭ ئەمەلدىن قېلىشى ۋە ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىش

دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىقىمۇ خۇددى يەر ئورتاقچىلىقىغا ئوخشاش ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىش سەۋەبى بىلەن ياكى بەلگىلەنگەن ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كېتىش سەۋەبى بىلەن ئەمەلدىن قالىدۇ. بۇ ئەگەر مېۋىلەر پىشمىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ.

ئەگەر ئۆلۈپ كەتكەن تەرەپ يەرنىڭ ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالغان ئادەم بولسا، ئۇنىڭ مىراسخورلىرى يەرنىڭ ئىشلىرىنى ئۇنىڭ ئورنىدا قىلىدۇ. بۇ گەرچە ئورتاقچىلىق ئۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئەمەلدىن قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا كېلىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇ ئورتاقچىلىقنىڭ ھۆكمەن قالدىغانلىقىنى كۆرستىپ بېرىدۇ. ئورتاقچىلىق ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن ھۆكمەن قالىدۇ.[1]

فىقھىنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرىنىڭ بىرى <زىيان يوقىتىلىدۇ> دېگەن قائىدىدۇر. يەنى بىر كىشىگە بىر ئادەم تەرىپىدىن سېلىنىپ قېلىنغان زىياننى يوقىتىش لازىم.[2]

مەسىلەن: يەر ئىگىسى يېرىنى بىر ئادەمگە ئۇنىڭغا كۆچەت تىكىپ يۆغىنىۋېتىلىش ئۈچۈن مەلۇم مۇددەتكىچە ئۆتنىگە بېرىپ تۇرغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ يەرگە كۆچەت تىككەن، كېيىن يەر ئىگىسى مۇددەت توشۇشتىن بۇرۇن يەرنى قايتۇرۇۋالماقچى بولغان بولسا، يەر ئىگىسى ئۇ ئادەمنى يەرگە تىككەن كۆچەتلىرىنى يۇلىۋېلىشقا بۇيرۇيدۇ. يەر ئىگىسى ئۇ ئادەمگە كۆچەتنى مۇددەتتىن بۇرۇن يۇلىۋېلىش بىلەن ئۇنى مۇددەت توشقاندىن كېيىن يۇلىۋېلىشنىڭ ئارىسىدا كۆرۈلىدىغان پەرق پۇلنى تۆلەپ بېرىدۇ. يەنى مۇددەت توشۇشتىن بۇرۇن يۇلىۋېتىلگەن كۆچەت باھالىنىدۇ، ئاندىن كۆچەتلەرنىڭ مۇددەت توشقانغا قەدەر قويۇپ قويۇلغاندىن كېيىن بولىدىغان ھالى باھالىنىدۇ. يەر ئىگىسى ئۇ ئادەمگە كۆچەتكە مەلۇم مۇددەت توختىتىپ بېرىپ كېيىن يېنىۋېلىپ ئۇ ئادەمنى گوللىغانلىقى ئۈچۈن كۆچەتنى مۇددەتتىن بۇرۇن يۇلىۋېلىش بىلەن ئۇنى مۇددەت توشقاندىن كېيىن يۇلىۋېلىشنىڭ ئارىسىدا كۆرۈلىدىغان پەرق پۇلنى تۆلەپ بېرىدۇ. مەسىلەن: كۆچەتلەر ئەگەر مۇددەت توشقانغا قەدەر قويۇپ قويۇلسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىر تۈپ كۆچەت **10** سومغا يارايدىغان ھالەتتە بولىدىغان، لېكىن شۇ ۋاقىتتا

(1) «رەددۇلمۇھتار»، **5** ـ توم، **183** ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، **5** ـ توم، **184** ـ بەت.

ئۆلارنىڭ ھەر بىر تۈپ كۆچەت بەش سومغا يارايدىغان ھالەتتە بولسا، يەر ئىگىسى ئۇ ئادەمگە ھەر بىر تۈپ كۆچەت ئۈچۈن بەش سوم تۆلەپ بېرىدۇ.[1]

مېۋىلىك باغنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەم مېۋىلەر تېخى غورا ھالىتىدە تۇرغاندا ئۆلۈپ كەتكەن، ئاندىن ئۇ ئادەمنىڭ مىراسخورلىرى ئۇ ئادەمنىڭ ئورنىدا مېۋىلەر پىشقانغا قەدەر باغقا قاراشنى خالىسا، ئەگەر باغ ئىگىسى مىراسخورلارنىڭ باغقا قارىشىنى ياقتۇرمىسىمۇ ئۆلار شۇنداق قىلىش ھوقۇقى بار. ئەگەر مىراسخورلار مېۋىلەرنى غورا ھالىتىدە يۇتىۋالماقچى بولسا، باغنىڭ ئىگىسى مىراسخورلارنى باغقا قاراشقا مەجبۇرلىمايدۇ. ئەكسىچە باغ ئىگىسى مىراسخورلارغا: «غورىلارنى بۇرۇن كېلىشكەن شەرتكە ئاساسەن بۆلۈشۈش ياكى غورىلارنىڭ ئۆلارغا تېگىشلىك بولغان قىسمىنىڭ پۇلىنى ئېلىش، ياكى تاكى مېۋىلەر پىشقانغا قەدەر باغقا كېتىدىغان پۇتۇن چىقىملارنى ئۆز يېنىدىن چىقىم قىلىپ بۇنىڭغا كەتكەن پۇلغا ھېسابلاپ ئۆلارغا تېگىشلىك بولغان مېۋىلەردىن ئېلىۋېلىشقا قوشۇلۇش ئىختىيارلىقىنى بېرىدۇ.

ئەگەر باغ ئىگىسى ئۆلۈپ كەتسە، باغنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەم ئەگەر باغ ئىگىسىنىڭ مىراسخورلىرى ئۇنىڭ باغقا قارىشىنى ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن باغقا قاراشنى داۋام قىلىدۇ.

ئەگەر باغ ئىگىسى بىلەن ئۇ ئادەم تەڭلا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، باغنىڭ ئىشلىرىنى قانداق قىلىش ئىشلىرى ئۇ ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ ئىختىيارلىقىغا تاپشۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ مىراسخورلىرى باغقا قاراشقا قوشۇلمىسا، باغ ئىگىسىنىڭ مىراسخورلىرى ئۆلارغا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ خىل ئىختىيارلىقنىڭ بىرىنى تاللاشنى سۇنىدۇ.

ئەگەر ئۆلارنىڭ ھېچبىرى ئۆلۈپ قالمىغان، لېكىن توختىتىلغان مۇددەت مېۋىلەر پېشىشتىن بۇرۇن تۈگەپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا باغنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەم خالىسا مېۋىلەر پىشقانغا قەدەر ئىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ، لېكىن ئۇ ئادەمگە ئىش ھەققى بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، دەرەخنى ئىجارىگە بېرىش توغرا ئەمەس. يەر ئورتاقچىلىقى بولسا بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. يەر ئورتاقچىلىقىدا ئەگەر مۇددەت تۈگەپ كەتكەن ۋە زىرائەت تېخى پىشمىغان بولسا، زىرائەت پىشقانغا قەدەر يەردە قويۇپ قويۇلىدۇ ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. چۈنكى، يەرنى ئىجارىگە بېرىش توغرىدۇر. زىرائەتنىڭ ئىشلىرىنى قانچىلىك قىلىش ھەر ئىككى تەرەپكە زىرائەتتىكى ھەسسىسىگە قارىتا لازىم بولىدۇ. يەنى زىرئەتتىكى ھەسسىسى كۆپ بولسا ئىشنى كۆپ قىلىش، ئاز بولسا ئاز قىلىش لازىم بولىدۇ. ئەمما دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىقىدا

(1) «شەرھۇل قەۋائىدىل فىقھىيە»، 179 ـ بەت.

ئىشلارنى قىلىش پەقەت دەل ـ دەرەخنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەمنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. توختىتىلغان مۇددەت توشۇپ كەتكەندىن كېيىن ئەگەر باغنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەم باغقا قاراش ئىشلىرىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇشتىن باش تارتسا، باغ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە مەزكۇر ئۈچ خىل ئىختىيارلىقنى بېرىدۇ.

ئەگەر باغقا قارايدىغان ئادەم باغنىڭ ئىشلىرىنى بىر نەچچە كۈن قىلغاندىن كېيىن ئىشنى تاشلاپ كەتكەن، ئاندىن مېۋىلەر پىشقاندىن كېيىن كېلىپ ئۆزىنىڭ باغدىكى ھەسسىنى تەلەپ قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ ئادەم باغنى مېۋىلەر پۈلغا يارايدىغان ھالەتكە كېلىپ بولغاندىن كېيىن تاشلاپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ باغدىكى ھەسسىنى تەلەپ قىلغانلىقى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم باغنى مېۋىلەر پۇلغا يارايدىغان ھالەتكە كېلىشتىن بۇرۇن تاشلاپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ باغدىكى ھەسسىسىنى تەلەپ قىلغانلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.[1]

دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىقىمۇ خۇددى يەر ئورتاقچىلىقىغا ئوخشاش ئۈنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان بىرەر سەۋەبنىڭ تېپىلىشى بىلەن ئەمەلدىن قالىدۇ.

دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن قازىنىڭ بۇ ھەقتە ھۆكۈم چىقىرىشى كېرەك بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئىككى خىل قاراش بولۇپ قاراشلارنىڭ بىرىدە ئورتاقچىلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن قازىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى كېرەك ئەمەس، يەنە بىر قاراشچە بولسا بۇ ھەقتە قازىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى لازىم، دېيىلگەن. باغدا ئىشلەيدىغان ئادەمنىڭ سەپەر قىلىپ كېتىشى ئورتاقچىلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان سەۋەب ھېسابلىنىش ياكى ھېسابلانماسلىق ھەققىدىمۇ ئىككى خىل قاراش بار. ئۇ ئادەمنىڭ سەپەر قىلىپ كېتىشى قاراشلارنىڭ بىرىدە ئورتاقچىلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان سەۋەب ھېسابلىنىدۇ، يەنە بىر قاراشتا ئۇنداق ھېسابلانمايدۇ، دېيىلگەن. بۇنىڭ توغرىسى مۇنداقتۇر: ئەگەر ئۇ ئادەم باغنىڭ ئىشلىرىنى پەقەت ئۆزىنىڭلا قىلىدىغانلىقىنى شەرت قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ سەپەر قىلىپ كېتىشى ئورتاقچىلىقنى بۇزۇدىغان بىر سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم باغنىڭ ئىشلىرىنى پەقەت ئۆزىنىڭ قىلىدىغانلىقىنى شەرت قىلمىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ سەپەر قىلىپ كېتىشى ئورتاقچىلىقنى بۇزۇدىغان بىر سەۋەب ھېسابلانمايدۇ. بۇنىڭغا ئۇ ئادەمنىڭ كېسەل بولۇپ قالغاندىكى ئەھۋالىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇ ئادەم ئاجىزلاپ كېتىپ ئىش قىلالمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قېلىش ياكى ئوغرى چىقىپ قېلىش قاتارلىقلارمۇ ئورتاقچىلىقنى بۇزۇدىغان سەۋەبلەردىندۇر.

(1) «شەرھۇل قەۋائىدىل فىقھىيە»، 182 ـ بەت.

# دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىقىدا قىلىنىدىغان ئىشلارنىڭ بايانى

دەل ـ دەرەخنى سۇغۇرۇشقا، مېۋىلەرنى ئۈلاشقا ۋە ئۈلارنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىش باغنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەمنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. ئەمما دەل ـ دەرەخلەرگە قىغ ۋە ئوغۇت بېرىش، باغنىڭ ئىچىگە كەپە تىكىش ۋە كۆچەت تىكىش قاتارلىق ئەسىرى ئورتاقچىلىق تۈگىگەندىن كېيىنمۇ قالىدىغان ئىشلارنى ئۇ ئادەمنىڭ قىلىشىنى شەرت قىلىش ئورتاقچىلىقنى شەرتىگە توشمىغان ئورتاقچىلىققا ئايلاندۇرىدۇ. مېۋىلەرنى ئۇ ئادەمنىڭ ئۈزۈشىنى شەرت قىلىشمۇ ئورتاقچىلىقنى شەرتىگە توشمىغان ئورتاقچىلىققا ئايلاندۇرىدۇ. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا يولغا قويۇلۇپ كېلىۋاتقان ئورپ ـ ئادەتتە مېۋىلەرنى ئۇ ئادەم ئۈزمەيدۇ. ئەمما بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنۈمىزدەك يەر ئورتاقچىلىقىدا زىرائەتنى ئورۇشقا ۋە ئۇنى يۇمشىتىشقا ئوخشاش ئىشلارنى يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەمنىڭ قىلىشىنى شەرت قىلىشقا بولىدۇ. بۇ ئەڭ توغرا دەپ قارالغان قاراشتۇر. پەتىۋا بۇ قاراش بويىچە بېرىلىدۇ. ئەگەر يەر ئورتاقچىلىقىدا مەزكۇر ئىشلارنى ئۇ ئادەمنىڭ قىلىشى شەرت قىلىنمىسا، ئۇ ئىشلارنى يەر ئىگىسى بىلەن ئۇ ئادەم تەڭ قىلىدۇ.

## خىلمۇ ـ خىل مەسىلىلەر

§ شامال كىلىپ بىر ئادەمگە تەۋە مېۋە ئۈرۈغىنى ئۈچۈرۈپ ئېلىپ بېرىپ باشقا بىر كىشىنىڭ بېغىغا تاشلىغان ۋە ئۇ ئۈرۈغدىن كۆچەت ئۈنۈپ چىققان بولسا، بۇ كۆچەت ئۈرۈغنىڭ ئىگىسىگە ئەمەس باغنىڭ ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ. چۈنكى، بۇ مەسىلىدە ئۈرۈغ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەمنىڭ بىر دانە شاپتۇلى باشقا بىر كىشىنىڭ يېرىگە چۈشۈپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭدىن شاپتۇل كۆچىتى ئۈنۈپ چىققان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۈنۈپ چىققان شاپتۇل كۆچىتى يەر ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ. ئەمما توخۇغا ۋە كەپتەرگە ئوخشاش بىر ئادەمگە تەۋە قوشلار باشقا بىر كىشىنىڭ يېرىگە كىرىپ چۆچىلىگەن ياكى تۇخۇم قۇيغان بولسا، ئۇنىڭ چىقارغان چۆچىسى ياكى تۇخۇمى يەر ئىگىسىگە ئەمەس قوشنىڭ ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ. چۈنكى، قوش يەرنىڭ جىنسىدىن ئەمەس.

§ باغنىڭ ئىگىسى باغدىن چىققان مەھسۇلاتنى يېرىمدىن ئۆلۈشۈش شەرتى بىلەن بېغىنى بىر ئادەمگە ئورتاقچىلىققا بەرگەن، ئاندىن ئۇ ئىككىسىدىن بىرى قارشى تەرەپنىڭ ھەسسىسىنى ئاۋۇتۇپ بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر قارشى تەرەپنىڭ

ھەسسىسىنى ئاۋۇتۇپ بەرگەن تەرەپ باغ ئىگىسى بولسا، بۇ ئاۋۇتۇپ بېرىش توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، باغ ئىگىسىنىڭ قارشى تەرەپنىڭ ھەسسىسىنى ئاۋۇتۇپ بېرىشى تەقسىم قىلغىلى بولىدىغان ئومۇمىي نەرسىنى سوۋغات قىلىپ بەرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر قارشى تەرەپنىڭ ھەسسىسىنى ئاۋۇتۇپ بەرگەن تەرەپ باغقا قارايدىغان ئادەم بولسا، ئۇ ئاۋۇتۇپ بېرىش توغرا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ قارشى تەرەپنىڭ ھەسسىسىنى ئاۋۇتۇپ بېرىشى ئۆزىنىڭ ھەسسىسىنى ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر مېۋىلىك دەرەخنىڭ مەسىلەن: ئالما دەرىخىنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭدىن ئېلىنىغان مەھسۇلاتنى يېرىمدىن ئۆلۈشۈش شەرتى بىلەن ئۇنى بىر ئادەمگە قاراشقا بەرگەن، ئالما مېۋىسى بولۇشقا باشلىغان، لېكىن ئالمىنىڭ يۇغىنىشى تېخى توختاپ بولمىغان بولسا، مەيلى ئالمىنىڭ ئىگىسى بولسۇن مەيلى ئۇنىڭغا قارايدىغان ئادەم بولسۇن قارشى تەرەپنىڭ ھەسسىسىنى ئاۋۇتۇپ بېرىشى توغرىدۇر. ئەگەر ئالمىنىڭ يوغىنىشى توختاپ بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئالمىنىڭ ئىگىسىنىڭ ھەسسىسىنى ئاۋۇتۇپ بېرىشى توغرىدۇر. ئەمما ئالمىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ ھەسسىسىنى ئاۋۇتۇپ بېرىشى توغرا ئەمەس. يەر ئورتاقچىلىقىمۇ بۇ ھەقتە دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىقىغا ئوخشاش.

§ ئىككى ئادەم باغدىن ئېلىنىغان مەھسۇلاتنى يېرىمدىن بۆلۈشىش شەرتى بىلەن شېرىكلەشكەن، ئاندىن ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىر شېرىكىگە باغنى ئورتاقچىلىققا بەرگەن بولسا، باغنى ئورتاقچىلىققا بەرگەن شېرىك ئۇنى ئورتاقچىلىققا ئالغان شېرىككە مەھسۇلاتنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى بېرىشنى شەرت قىلغان بولسا، ئۇ شەرتىگە توشمىغان ئورتاقچىلىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، شېرىككە ئۇنىڭ باغنىڭ ئىشلىرىنى قىلغانلىقى ئۈچۈن ئىش ھەققى بېرىلمەيدۇ. ئەگەر ئورتاقچىلىق شەرتىگە توشمىغان ئورتاقچىلىق ھېسابلانسا، گەرچە باغنىڭ ئىشلىرىنى ئۇلاردىن بىرى قىلسىمۇ باغدىن ئېلىنىغان مەھسۇلات قىلىنىغان شەرت بويىچە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يېرىمدىن تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى باغدىن ئېلىنىغان مەھسۇلاتنى (خۇددى شېرىكچىلىكتە كېلىشكەن شەرت بويىچە) يېرىمدىن ئېلىش شەرتى بىلەن باغنى يەنە بىرىگە ئورتاقچىلىققا بەرگەن بولسا، بۇ ئورتاقچىلىق توغرا بولىدۇ. دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىقىدا ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئورتاقچىلىق يەر ئورتاقچىلىقى بولسىمۇ، بۇ ئورتاقچىلىق يەنە توغرا بولىدۇ. چۈنكى، يەردە ۋە ئۇرۇغدا شېرىكلەشكەن ئىككى ئادەم ئارىسىدا يەر ئورتاقچىلىقى قىلىش كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن توغرىدۇر. دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىقى بىلەن يەر ئورتاقچىلىقىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىقىدا ئىجارىنىڭ مەنىسى شېرىكچىلىكنىڭ مەنىسىگە قارىغاندا

كۆچلۈكتۇر. ئەمما يەر ئورتاقچىلىقىدا شېرىكچىلىكنىڭ مەنىسى ئىجارىنىڭ مەنىسىگە قارىغاندا كۆچلۈكتۇر.

§ ئىككى شېرىكنىڭ بىرى باغدىكى ھەسسىسىنى يەنە بىر شېرىكنىڭ رۇخسىتىسىز باشقا بىر ئادەمگە ئورتاقچىلىققا بەرگەن بولسا، ئۇ ئورتاقچىلىق توغرا بولمايدۇ.

§ دەل ـ دەرەختنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەمنىڭ دەل ـ دەرەختنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۇ دەل ـ دەرەخلەرنى باشقا بىرىگە ئورتاقچىلىققا بېرىشى توغرا ئەمەس. دەل ـ دەرەختنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمنىڭ دەل ـ دەرەختنى باشقا بىرىگە ئورتاقچىلىققا بېرىشىگە قوشۇلسا، ئاندىن ئۇ ئورتاقچىلىق توغرا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم دەل ـ دەرەختنى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز بىرىگە ئورتاقچىلىققا بەرگەن بولسا، دەل ـ دەرەختىن ئېلىنغان مەھسۇلاتنىڭ ھەممىسى دەل ـ دەرەختنىڭ ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ. دەل ـ دەرەختنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئىككىنچى ئادەمگە ئۇنىڭ تەخىتۇشىگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققى بېرىلىدۇ. ئۇ ئادەمگە بۇ ئىش ھەققىنى دەل ـ دەرەختنى بېرىنچى قېتىم ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەم بېرىدۇ. بىرىنچى ئورتاقچىغا ھېچقانداق ئىش ھەققى بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، بىرىنچى ئورتاقچىنىڭ دەل ـ دەرەخلەرنى ئۆزى بىلگەنچە باشقا بىرىگە ئورتاقچىلىققا بېرىش ھەققى يوق. بىرىنچى ئورتاقچىنىڭ دەل ـ دەرەخلەرنى باشقا بىرىگە ئورتاقچىلىققا بېرىشى باشقا بىرىنى يەنە باشقا بىرىنىڭ مال ـ مۈلكىگە شېرىك قىلىش ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى ئورتاقچىنىڭ دەل ـ دەرەخكە قارىشى بىرىنچى ئورتاقچىنىڭ قارىغىنىغا تەۋە بولمايدۇ. شۇڭا بىرىنچى ئورتاقچىغا ھېچقانداق ئىش ھەققى بېرىلمەيدۇ.

ئەگەر دەل ـ دەرەخلەر ئىككىنچى ئورتاقچىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن دەل ـ دەرەخلەردىكى مېۋىلەر زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن، لېكىن بۇنىڭدا ئىككىنچى ئورتاقچىنىڭ ھېچقانداق تەسىرى بولمىغان بولسا، ئىككىنچى ئورتاقچى مېۋىلەرنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئەگەر مېۋىلەر ئىككىنچى ئورتاقچىنىڭ قىلىپ قويغان بىرەر ئىشنىڭ سەۋەبى بىلەن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭ قىلغان بۇ ئىشى بىرىنچى ئورتاقچىنىڭ قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىن بولمىسا، مېۋىنىڭ ئىگىسى مېۋىلىرىنى ئىككىنچى ئورتاقچىغا تۆلۈتىدۇ. ئەگەر ئىككىنچى ئورتاقچىنىڭ قىلغان ئۇ ئىشى بىرىنچى ئورتاقچىنىڭ قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىن بولسا، مېۋىنىڭ ئىگىسى مېۋىلىرىنى خالىسا بىرىنچى ئورتاقچىغا، خالىسا ئىككىنچى ئورتاقچىغا تۆلۈتىدۇ. ئەگەر مېۋىنىڭ ئىگىسى مېۋىلىرىنى ئىككىنچى ئورتاقچىغا تۆلەتسە، ئىككىنچى ئورتاقچى مېۋىلەرگە تۆلىگەن پۇلنى بىرىنچى ئورتاقچىدىن ئالىدۇ. ئورتاقچىلىق دەل ـ دەرەخ ئورتاقچىلىقى بولسا ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئورتاقچىلىق يەر ئورتاقچىلىقى بولسا، بۇ ئورتاقچىلىق ئۈچۈن ئالىملار

مۇنداق ئىككى خىل قاراشنى بايان قىلدى:

1 ـ ئەگەر ئۇرۇغنى يەر ئىگىسى چىقارغان بولسا، يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەمنىڭ زىرائەتنى (رۇخسەت ئىشارەت ئارقىلىق بولسىمۇ) يەرنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز باشقا بىرىگە ئورتاقچىلىققا بېرىش ھەققى يوق. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ زىرائەتنى يەر ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز باشقا بىرىگە ئورتاقچىلىققا بېرىشى يەر ئىگىسىنىڭ مال ـ مۈلكىگە ئۇنىڭ رازىلىقىسىز باشقا بىرىنى شېرىك قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە توغرا ئەمەس.

2 ـ ئەگەر ئۇرۇغنى يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەم چىقارغان بولسا، ئۇ ئادەم زىرائەتنى يەر ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىزمۇ باشقا بىرىگە ئورتاقچىلىققا بېرەلەيدۇ. چۈنكى، بۇ ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىگە باشقا بىرىنى شېرىك قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ.[1]

# تەقسىم قىلىشنىڭ بايانى

بۇنىڭدىن بىر نەچچە ئادەمنىڭ ئارىسىدىكى شېرىك نەرسىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

# تەقسىم قىلىشنىڭ يولغا قويۇلىشى

شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىش قۇرئان، ھەدىس ۋە ئالىملارنىڭ بىرلىكى بىلەن يولغا قويۇلغاندۇر.

اللہ تائالا مۇنداق دېدى: »تەقسىمات ۋاقتىدا (ۋارىس ئەمەس) تۇغقانلار، (تۇغقان ئەمەس) يېتىملەر ۋە مىسكىنلەر ھازىر بولسا، ئۇلارغا بۇنىڭدىن (يەنى تەرەكىدىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر ئاز نەرسە) بېرىڭلار، ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىڭلار (يەنى بۇ كىچىكلەرنىڭ مېلى، بىزنىڭ ئەمەس دېگەنگە ئوخشاش ئۆزرىنى ئېيتىڭلار)[2] «. سۇنىڭ ئۇلار بىلەن تۆگىنىڭ ئارىسىدا بۆلۈنگەنلىكىنى، قايسىسىنىڭ نۆۋىتى كەلسە شۇنىڭ ھازىر بولىدىغانلىقىنى ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ قويغىن[3]« .

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 185 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 184 ــ 186 بەتكىچە.

(3) سۈرە نىسا 8 ـ ئايەت.

**پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام (بەزىدە) ئولجىلارنى ۋە مىراسلارنى ئۆزى قول تىقىپ تەقسىم قىلغان ۋە (ۋاقتىنى) ئاياللار ئارىسىدا تەقسىم قىلاتتى.**

**ئۇقبە ئىبنى ئامىر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇقبەگە (يەنى ئۆزىنى دېمەكچى) ساھابىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىشىم ئۈچۈن قويلارنى بەرگەن ئىدى. ئۇقبە قويلارنى تەقسىم قىلىپ بىر ئوغلاق قالغاندا ئۇقبە ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇنى ئۆزۈڭ قۇربانلىق قىل» دېدى.[1]**

**پۈتۈن ئالىملار شېرىكچىلىككە تەۋە نەرسىنى تەقسىم قىلىشنىڭ يولغا قويۇلغان ئىش ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلدى. چۈنكى، ھەر بىر ئادەمنىڭ بۇنىڭغا ئېهتىياجى بار. چۈنكى، ھەر بىر ئىنسان ئۆزىگە تەۋە نەرسىنى ئۆز ئالدىغا خاس ھالەتتە ئىشلىتىشنى ۋە ئۇنىڭدا باشقىلارنىڭ قولىنىڭ بولماسلىقىنى خالايدۇ.**

# شېرىكچىلىككە تەۋە نەرسىنى تەقسىم قىلىش ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان سەۋەبلەر ۋە شەرتلەر

**شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىش ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان سەۋەب بولسا، شېرىكلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ياكى بەزىسىنىڭ شېرىك نەرسىدىكى ھەسسىسىنى ئۆز ئالدىغا خۇسۇسىي ھالەتتە ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىشىدۇر. چۈنكى، شېرىكچىلىككە تەۋە نەرسە شېرىكلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىشتىن بۇرۇن ھەر بىر شېرىك يەنە بىر شېرىكنىڭ ئۇ نەرسىدىكى ھەسسىسىدىن پايدىلىنىدۇ. شېرىكلەر ئارىسىدىكى نەرسىدىكى ھەسسىسىنى ئۆز ئالدىغا ئىشلەتمەكچى بولۇپ ۋە ئۇنىڭدا باشقىلارنىڭ قولىنىڭ بولماسلىقىنى خالاپ شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان شېرىك بۇ تەلىۋىنى قازىغا يەتكۈزىدۇ. ئەگەر شېرىكلەرنىڭ بىرى قازىدىن شۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلسا، قازىنىڭ ئۇنىڭ تەلىۋىنى ئورۇنلىشى لازىم.[2] ئەگەر شېرىكلەرنىڭ بىرەرسىدىن شېرىكچىلىككە تەۋە نەرسىنى تەقسىم قىلىپ بېرىش تەلىۋى ئوتتۇرغا قويۇلمىسا، شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىش توغرا ئەمەس.**

**شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىشتا مۇنداق بىر نەچچە شەرتنىڭ تېپىلىشى لازىم. ئۇ شەرتلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:**

(1) سۈرە قەمەر 28 ـ ئايەت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

1 - شېرىكلەرنىڭ بىرىدىن شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىش تەلىۋى ئوتتۇرغا قويۇلغان بولۇشى لازىم.

2 - شېرىككە شېرىكچىلىككە تەۋە نەرسىدىكى ھەسسىسى تەقسىم قىلىپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۇ ھەسسىنىڭ ئۇنىڭدىن پايدىلانغىلى بولىدىغان ھالەتتە بولۇشىدۇر. شۇڭا بىر نەچچە كىشى ئارىسىدىكى شېرىك تاملار تەقسىم قىلىپ بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، شېرىكنىڭ بىرىگە تامدىكى ھەسسىسى تەقسىم قىلىپ بېرىلسە، ئۇ شېرىك تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن تامدىن پايدىلىنالمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭغا تامنى تەقسىم قىلىپ بېرىش ئۈچۈن تامنى يىقىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئەگەر باشقا شېرىكلەر تامنى تەقسىم قىلىشقا رازى بولمىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر باشقا شېرىكلەر تامنى تەقسىم قىلىشقا رازى بولسا، تام ئۈستىدە قىلىنغان تەقسىمات توغرا بولىدۇ.

3 - شېرىك نەرسىدىن تەقسىم قىلىنغان پارچە ئۇ نەرسىنىڭ باشقا پارچىلىرى بىلەن ئوخشاش جىنستىن بولۇشى لازىم. مەسىلەن: بۇغداينىڭ ئىچىدىن بىر نەچچە كەمچە بۇغداينى، ئالمىنىڭ ئىچىدىن بىر نەچچە كىلو ئالمىنى، تۇخۇمنىڭ ئىچىدىن بىر نەچچە دانە تۇخۇمنى ۋە رەختتىن بىر پارچە رەختنى تەقسىم قىلىپ بەرگەنگە ئوخشاش. ئەگەر تەقسىم قىلىنىدىغان نەرسە مەزكۇر مىساللاردا بايان قىلىنغىنىدەك ئوخشاش جىنستىن بولسا، ئۇ نەرسە باشقا شېرىكلەر رازى بولمىغان ئەھۋالدىمۇ شېرىكلەر ئىچىدىن بىرىنىڭ تەلىۋى بىلەنمۇ تەقسىم قىلىنىدۇ.

ئەگەر تەقسىم قىلىنىدىغان شېرىك نەرسە قوي بىلەن كالىغا ياكى بۇغداي بىلەن قوناققا ياكى بۇغداي بىلەن تۇخۇمغا، ياكى بۇغداي بىلەن رەختكە ئوخشاش باشقا - باشقا جىنستىكى نەرسىلەردىن بولسا، قازىنىڭ ئۇ نەرسىنى شېرىكلەرنىڭ بىرىنىڭ تەلىۋى بىلەنلا تەقسىم قىلىۋېتىشى توغرا ئەمەس. ئۇ نەرسىنى تەقسىم قىلىش ئۈچۈن ھەممە شېرىكنىڭ رازىلىقى تېپىلىشى لازىم. چۈنكى، ئۇ نەرسە باشقا - باشقا جىنستىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى تەقسىم قىلىشتا ھەقسىزلىق كۆرۈلۈپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇ نەرسىنى تەقسىم قىلىش ئۈچۈن باشقا شېرىكلەرنىڭمۇ رازىلىقى ئېنىلىشى لازىم.

4 - تەقسىم قىلىنىدىغان نەرسە ماددىي نەرسە بولۇش لازىم. شۇڭا شېرىكلەر شېرىك پۇلنى بىرىگە قەرزگە بەرگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ئۇ پۇلنى قەرزداردىن ئېلىشلىرىدىن بۇرۇن ئارىلىرىدا تەقسىم قىلىۋېتىشى توغرا ئەمەس.

5 - تەقسىم قىلىنغان ھەسسىنى باشقا ھەسسىلەردىن ئايرىپ ئېلىش. چۈنكى، شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىشتىكى مەقسەت شېرىكلەرنىڭ بىرىگە ئۇ نەرسىدىن ئۆزىگە تەقسىم قىلىنىدىغان ھەسسىسىنى ئۇنىڭدا ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ قولى

بولماستىن ئۆز ئالدىغا ئىشلىتىشىدۇر.

6 ـ تەقسىم قىلىپ بېرىلىدىغان نەرسە تەقسىم قىلىپ بېرىلىدىغان چاغدا شېرىكلەرگە تەۋە بولغان نەرسە بولۇشى لازىم. ئەگەر ئۇ نەرسە تەقسىم قىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن قىسمىنىڭ شېرىكلەردىن باشقا بىر ئادەمگە تەۋە ئىكەنلىكى ئاشكارلانسا، ئۇ تەقسىمات كۆچكە ئىگە بولمايدۇ. چۈنكى، تەقسىمات ئەگەر كۆچكە ئىگە بولىدىغان بولسا، شېرىكلەردىن تەقسىماتقا ئېرىشكۈچى ئادەم ئۆزىگە تەۋە نەرسىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

7 ـ تەقسىماتنىڭ ئادىل بولۇشى لازىم. شېرىك نەرسە شېرىكلار ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن تەقسىم قىلىنىشى لازىم. ئەمما تەقسىماتتا كۆرۈلگەن ئازراق ئىگىز ـ پەسلىكنىڭ ھېچقانداق زىيىنى يوق. چۈنكى، بۇنىڭدىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس. يەنە كېلىپ كىشىلەر ئادەتتە تەقسىماتتا كۆرۈلگەن ئازراق ئىگىز ـ پەسلىككە رازى بولۇپ كېتىدۇ.

# تەقسىماتنىڭ ھۆكمى

تەقسىماتنىڭ ھۆكمى بولسا، شېرىكلەرنىڭ ھەر بىرىگە ئۆلارنىڭ شېرىك نەرسىدىكى ھەسسىسىنى ئېنىق قىلىپ تەيىن قىلىپ بېرىشتۇر.

تەقسىم قىلىنىدىغان نەرسىلەر مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1 ـ ئوخشىشى بار نەرسىلەر. بۇ تۈرنىڭ ئىچىگە بۇغداي ـ قوناققا ئوخشاش كەمچە بىلەن كەمچىلىنىدىغان، تېخى بىرەر نەرسە ياسىلىپ بولۇنمىغان ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ئوخشاش تارازى بىلەن تارتىلىنىدىغان، ياڭاققا ۋە توخۇمغا ئوخشاش چوڭ ـ كىچىكلىكتە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان نەرسىلەر كىرىدۇ.

2 ـ باھالىق نەرسىلەر. بۇ تۈرنىڭ ئىچىگە پۈتۈن ھايۋانلار، رەختكە ئوخشاش گەزلىنىدىغان (يەنى مېتىرلىنىدىغان)، بىلەيزۈك ـ ئۈزۈككە ئوخشاش بىرەر جابدۇق ياسىلىپ بولۇنغان ئالتۇن ـ كۈمۈشتەك تارازى بىلەن تارتىلىنىدىغان، ئانارغا، ئالمىغا ۋە ئامۇتقا ئوخشاش چوڭ ـ كىچىكلىكتە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدىغان نەرسىلەر كىرىدۇ.

ئەگەر شېرىك نەرسە بىرىنچى تۈردىن بولسا، ئۇ نەرسىنى تەقسىم قىلماقچى بولغان شېرىك ئۆزىنىڭكى ھەسسىسىنى باشقا شېرىكلەر شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە ھازىر بولمىسىمۇ بۆلۈپ ئالالايدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىدە ئىگىز ـ پەسلىك يوق. ئەگەر

شېرىك نەرسە ئىككىنچى تۇردىن بولسا، ئۇ نەرسىنى تەقسىم قىلماقچى بولغان شېرىك ئۇنىڭدىكى ھەسسىسىنى باشقا شېرىكلەر شۇ يەردە ھازىر بولمىسا بۆلۈپ ئالالمايدۇ.

ئەگەر شېرىكلەرنىڭ بىرى شېرىكلىككە تەۋە قولىدىكى نەرسىدىكى ھەسسىسىنى باشقا شېرىكلەر يوق يەردە تەقسىم قىلىپ ئالغان بولسا، ئۇ شېرىك ئەگەر باشقا شېرىكلەرنىڭ ھەسسىسىنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بەرسە، تەقسىمات كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئۇ شېرىك ئەگەر باشقا شېرىكلەرنىڭ ھەسسىسىنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بەرمىسە، تەقسىمات كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە باشقا شېرىكلەرنىڭ قولىغا يېتىپ بولغىچە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ (يەنى ئوغرىلىنىپ ياكى يوقۇپ) كەتكەن بولسا، تەقسىمات يەنە كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. ئەكسىچە تەقسىمات ئەمەلدىن قالىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسىنىڭ يوقۇپ كەتكەن قىسمىنىڭ زىيىنى ھەممە شېرىككە ئورتاق بولىدۇ ۋە ئۇ شېرىكنىڭ قولىدا قالغان ئۇ نەرسىنىڭ قىسمىغا ھەممە شېرىكلەر تەڭ شېرىك بولىدۇ.

ئەگەر يەر ئىگىسى يەرنى ئورتاقچىلىققا ئالغان ئادەمنى يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلاتنى تەقسىم قىلىشقا بۇيرۇغان، ئۇ ئادەم يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلاتنى يەر ئىگىسى يوق يەردە ئۆزى بىلەن يەر ئىگىسىنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلغان، ئاندىن ئۇ ئادەم مەھسۇلاتنىڭ يەر ئىگىسىگە تەۋە قىسمىنى ئۆيىگە بۇرۇن ئاپىرىپ قويغان ۋە ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ كېلىش جەريانىدا مەھسۇلاتنىڭ ئۆزىگە تەۋە قىسمى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن بولسا، بۇ زىياننى ھەم ئۇ ئادەم ھەم يەر ئىگىسى تەڭ كۆتۈرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆيىگە ئۆزىگە تەۋە قىسمىنى بۇرۇن ئاپارغان ۋە ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ كېلىش جەريانىدا مەھسۇلاتنىڭ يەر ئىگىسىگە تەۋە قىسمى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن بولسا، بۇ زىياننى يەقەت يەر ئىگىسىلا تۆلەيدۇ.

ئەگەر ئۇ ئادەم يەردىن ئېلىنغان مەھسۇلاتنى (يەر ئىگىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەمەس بەلكى ئۆزلىگىچە) يەر ئىگىسى يوق يەردە تەقسىم قىلغان، ئاندىن مەھسۇلاتنىڭ يەر ئىگىسىگە تەۋە قىسمى يەر ئىگىسىنىڭ قولىغا تېگىشتىن بۇرۇن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتكەن بولسا، تەقسىمات ئەمەلدىن قالىدۇ ۋە يەر ئىگىسى ئۇ ئادەم ئۆزىگە تەقسىم قىلىپ ئالغان مەھسۇلاتنىڭ يېرىمىنى ئۇنىڭدىن قايتۇرۇپ ئالىدۇ. ئەگەر مەھسۇلاتنىڭ ئۇ ئادەمگە تەۋە قىسمى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتسە، تەقسىمات ئەمەلدىن قالمايدۇ. يەنى ئۇ ئادەم يەر ئىگىسىگە تەقسىم قىلىنغان مەھسۇلاتنىڭ يېرىمىنى قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ مەھسۇلات ئۇ ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 161 ـ بەت.

# تەقسىم قىلىشنىڭ تۈرلىرى

شېرىكلىككە تەۋە نەرسىنى تەقسىم قىلىش مۇنداق ئۈچ خىل ھالەتتە بولىدۇ:

1 ـ شېرىكلىككە تەۋە نەرسىنى تەقسىم قىلىشقا قوشۇلمىغان تەرەپ تەقسىم قىلىشقا مەجبۇرلانمايدىغان ھالەت. مەسىلەن: شېرىكلىككە تەۋە باشقا ـ باشقا تۈردىكى نەرسىلەرنى تەقسىم قىلىشقا ئوخشاش.

2 ـ شېرىكلىككە تەۋە نەرسىنى تەقسىم قىلىشقا قوشۇلمىغان تەرەپ تەقسىم قىلىشقا مەجبۇرلىنىدىغان ھالەت. مەسىلەن: ئوخشىشى بار نەرسىلەرنى تەقسىم قىلىشقا ئوخشاش.

3 ـ شېرىكلىككە تەۋە نەرسىنى تەقسىم قىلىشقا قوشۇلمىغان تەرەپ تەقسىم قىلىشقا مەجبۇرلىنىسىغان ھالەت. مەسىلەن: بىر تۈردىن بولغان رەختكە، كالىغا ۋە قويغا ئوخشاش باھالىق نەرسىلەرنى تەقسىم قىلىشقا ئوخشاش.

بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك مەسلىھەت قىلىۋېلىش بولسا، مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى، كۆرۈپ مەسلىھەت قىلىش ۋە سېتىلغان نەرسىدە كۆرۈلگەن ئەيىپ سەۋەبى بىلەن بېرىلگەن مەسلىھەت قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.

ئەگەر تەقسىم قىلىنغان شېرىك نەرسە باشقا ـ باشقا تۈردىكى نەرسىلەردىن بولسا، شېرىكلەرگە مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەقلىرىنىڭ ھەممىسى بېرىلىدۇ. ئەگەر تەقسىم قىلىنغان نەرسە ئوخشىشى بار نەرسىلەردىن بولسا، شېرىكلەرگە پەقەت كۆرۈپ مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققى بېرىلىدۇ. ئەگەر تەقسىم قىلىنغان نەرسە بىر تۈردىن بولغان رەختكە، كالىغا ۋە قويغا ئوخشاش باھالىق نەرسىلەردىن بولسا، شېرىكلەرگە پەقەت ئەيىپ سەۋەبى بىلەن بېرىلگەن مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققى بېرىلىدۇ. توغرا قاراشقا ئاساسەن شېرىكلەرگە مەسلىھەت قىلىۋېلىش شەرتى ۋە كۆرۈپ مەسلىھەت قىلىۋېلىش ھەققى قاتارلىقلارمۇ بېرىلىدۇ.[1]

ئەگەر شېرىك نەرسە ئوخشىشى بار نەرسىلەردىن ۋە باشقا ـ باشقا تۈردىكى نەرسىلەردىن بولمىغان بولسا، ئۇ نەرسىنى تەقسىم قىلمايمىز، دەپ دەۋا قىلغان شېرىك ئۇنى تەقسىم قىلىششقا مەجبۇرلىنىدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 161 ـ بەت.

# شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىدىغان ئادەمنىڭ ئىش ھەققى ۋە ئۇ ئادەمنىڭ سۈپىتى

مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقىنىڭ ياكى قازىنىڭ دۆلەت خەزىنىسىدىن پۇل ئاجرىتىپ شېرىكلىككە تەۋە نەرسىنى شېرىكلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىپ بېرىدىغان ئادەم تەيىنلىشى لازىم. بۇ ئادەمگە دۆلەت خەزىنىسىدىن بېرىلىدىغان مال كاپىرلار ئىسلام دۆلىتىگە تۆلىگەن يەر بېجى ۋە باش بېجى قاتارلىقلاردىن بولۇشى لازىم. ئۇ ئادەمگە خەزىنىگە كەلگەن مەزكۇر تۆردىكى ماللاردىن باشقا ماللاردىن بېرىلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم خەزىنىگە كەلگەن باشقا ماللاردىن ئالماقچى بولسا، ئۇ ماللارنى ئىش ھەققى سۈپۈتىدە ئەمەس قەرز سۈپۈتىدە ئالىدۇ.

قازىنىڭ شېرىكلىككە تەۋە نەرسىنى ئىش ھەققى ئېلىپ تەقسىم قىلىپ بېرىشىمۇ توغرىدۇر. چۈنكى، شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىش قازى قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلانمايدۇ. قازىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىشى پەقەت ھۆكۈم چىقىرىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قازى شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىپ قويغانلىقىغا ئىش ھەققى ئالسا توغرا بولىدۇ. قازىنىڭ پەقەت شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىشنى قوبۇل قىلمىغان تەرەپنى مەجبۇرلاش ۋەزىپىسىلا بار. ئەمما قازىنىڭ ئىش ھەققى ئالماسلىقى ياخشىدۇر. چۈنكى، شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىش بىر تەرەپتىن ھۆكۈم چىقىرىشقا ئوخشىشىپ قالىدۇ. چۈنكى، قازى شېرىك نەرسىنى ئۆزىنىڭ قازىلىق سۈپۈتىگە ئاساسەن تەقسىم قىلىدۇ. چۈنكى، يات ئادەم شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىشنى قوبۇل قىلمىغان شېرىكنى ئۇنى تەقسىم قىلىشنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىيالمايدۇ. شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىش بىر تەرەپتىن ھۆكۈم چىقىرىشقا ئوخشىشىپ قالىدىغان بولغاچقا قازىنىڭ شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئىش ھەققى ئالماسلىقى ياخشى، دەپ قارىلىدۇ.

شېرىكلەرنىڭ شېرىك نەرسىدىكى پېيى مەيلى ئوخشاش مىقداردا بولسۇن مەيلى بىرىنىڭ كۆپ ۋە بىرىنىڭ ئاز بولسۇن، شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىشنى مەيلى ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەلەپ قىلغان بولسۇن مەيلى ئۇلارنىڭ بىرى تەلەپ قىلغان بولسۇن ئۇ نەرسىنى تەقسىم قىلىدىغان ئادەمگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققى شېرىكلەرنىڭ شېرىك نەرسىدىكى پېيىغا قارىتا ئەمەس بەلكى شېرىكلەرنىڭ سانىغا قارىتا چېچىلىدۇ. ئۇ نەرسىنى تەقسىم قىلىدىغان ئادەمنىڭ سانى مەيلى بىر بولسۇن مەيلى بىردىن چىق بولسۇن ھۆكۈم ئوخشاش ھالەتتە بولىدۇ.

ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «شېرىك نەرسىنى

تەقسىم قىلغان ئادەمگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققىنى پەقەت ئۇ نەرسىنى تەقسىم قىلىشنى تەلەپ قىلغان شېرىكلا تۆلەيدۇ. چۈنكى، بۇنىڭ پايدىسىنى كۆرىدىغىنى ئۇ شېرىكتۇر. شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىشنى خالىمايدىغان شېرىكلەر ئۇنى تەقسىم قىلغان ئادەمنىڭ ئىش ھەققىنى بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، زىيان تارتىدىغىنى بۇ شېرىكلەردۇر » دېدى. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): « شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىدىغان ئادەمنىڭ ئىش ھەققى شېرىكلەرنىڭ ئۇ نەرسىدىكى پېيىنىڭ مىقدارىغا قارىتا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققى ئۇ نەرسىنى تەقسىم قىلىشتا تارتقان جاپا - مۇشەققەتنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلىدۇ » دېدى. ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ دەلىل - پاكىتى بولسا، ئۇ ئادەمگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققى ھەر بىر شېرىكنىڭ ئۇ نەرسىدىكى پېيىنى ئايرىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈندۇر. شېرىك نەرسىدە پاي مىقدارى ئاز بولسا، ئۇنى ئايرىش قېيىن بولىدۇ. چىق بولسا ئايرىش ئاسان بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققىنى بېرىشتە شېرىكلەرنىڭ شېرىك نەرسىدىكى پېيىنى ئېتىبارغا ئېلىش ياخشى ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەقتە پەقەت ئايرىشلا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

شېرىك نەرسىنى شېرىكلەر ئارىسدا تەقسىم قىلىپ بېرىدىغان ئادەمگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققىنىڭ مەسىلىسى شۇنداق بولىدۇ. ئەمما شېرىك نەرسىنى ئۆلچەپ بېرىدىغان ياكى تارتىپ بېرىدىغان ئادەمگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققى بارلىق ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىچە شېرىكلەرنىڭ سانىغا قارىتا ئەمەس ئۇلارنىڭ شېرىك نەرسىدىكى پېيىغا قارىتا چېچىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە شېرىك ماللارغا قاراپ بەرگەن ياكى شېرىك نەرسىنى ئۇ يەردىن - بۇ يەرگە يۆتكەپ بەرگەن ياكى شېرىك نەرسىنى ساقلاپ بەرگەن ياكى شېرىك تامنى سالغان ياكى شېرىك ئۆگزىگە لاي تۆكۈپ بەرگەن ياكى ئۆستەڭنى چېپىپ بەرگەن، ياكى بۇزۇلۇپ كەتكەن سۇ ئېغىزلىرىنى ئوڭشاپ بەرگەن ئادەمگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققىمۇ شېرىكلەرنىڭ سانىغا قارىتا ئەمەس ئۇلارنىڭ ئۇ نەرسىدىكى پېيىغا قارىتا چېچىلىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىشلار شېرىك نەرسىدىكى پاينىڭ مىقدارىنىڭ ئاز - كۆپلىكى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئەمما شېرىك نەرسىنى شېرىكلەر ئارىسدا تەقسىم قىلىش پەقەت بىر ئىش بىلەنلا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

ئىمام سەرەخسىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: « بىر قىسىم ئىماملىرىمىز: <شېرىك نەرسىنى ئۆلچەپ بېرىدىغان ياكى تارتىپ بېرىدىغان ئادەمگە بېرىلىدىغان ئىش ھەققىدىمۇ مەزكۇر ئۈچ ئىمام ئارىسدا ئىختىلاپ بار. چۈنكى، شېرىك نەرسىنى ئۆلچەش ۋە ئۇنى تارتىشمۇ ئۇنى تەقسىم قىلىش ئىشىدىن

ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسىنى ئۆلچەيدىغان ۋە تارتىدىغان ئادەم خۇددى ئۇ نەرسىنى تەقسىم قىلىدىغان ئادەمنىڭ ئورنىدىدۇر> دېدى». كۆچلۈك رىۋايەتتە بايان قىلىنىشىچە، ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) شېرىك نەرسىنى ئۆلچەيدىغان ياكى ئۇنى تارتىدىغان ئىش بىلەن ئۇنى شېرىكلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىدىغان ئىشنىڭ ئارىسىنى پەرقلەندۈرىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: «شېرىك نەرسىنى ئۆلچەيدىغان ياكى تارتىدىغان ئادەم ئىش ھەققىگە ئۇ نەرسىنى ئۆلچۈگەنلىك ياكى تارتقانلىق سەۋەبى بىلەن ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنى ئۆلچەيدىغان ياكى تارتىدىغان ئادەم ئۇنى ئۆلچەش ياكى تارتىش ئۈچۈن شېرىكلەردىن ياردەم سورىغان ۋە شېرىكلەر ئۇنىڭغا ئۇ نەرسىنى ئۆلچۈشىپ ياكى تارتىشىپ بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئىش ھەققى بېرىلمەيدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۆلچەش ياكى تارتىش ئۈچۈن شېرىك نەرسىدە پېيىنىڭ مىقدارى كۆپ شېرىك ئۈچۈن كۆپ ئىش قىلىش، ئاز شېرىك ئۈچۈن ئاز ئىش قىلىشى لازىم بولىدۇ. شۇڭا شېرىك نەرسىنى ئۆلچۈگەن ياكى تارتقان ئادەمگە ئىش ھەققى شېرىكلەرنىڭ سانىغا قارىتا ئەمەس ئۇلارنىڭ ئۇ نەرسىدىكى پېيىغا قارىتا چىچىلىدۇ. شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىدىغانلارنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ»[1]

قازىنىڭ شېرىكلەر ئارىسىدا نەرسىلەرنى تەقسىم قىلىش ئۈچۈن ئادىل، ئىشەنچلىك ۋە تەقسىمات ئىشلىرىنى ياخشى بىلىدىغان بىر ئادەمنى تەيىنلىشى لازىم. چۈنكى، شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىش گەرچە قازىنىڭ ۋەزىپىسى بولمىسىمۇ قازىنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئادىل ئەمەس پاسىق ئادەم شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىشتا بەزى شەرتلەردە لاياقەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىشقا توختىتىپ قويماسلىق ۋاجىپتۇر. پاسىق ئادەمنى شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىشقا توختىتىپ قويغان كىشى گۇناھكار بولىدۇ.

بىر ئادەم ئىش ھەققى ئىشلىرىغا ھۆكۈمران بولىۋالماسلىقى ئۈچۈن شېرىكلەر شېرىك نەرسىسىنى پەقەت بىرلا ئادەمگە تەقسىم قىلدۇرۇشقا مەجبۇرلانمايدۇ. شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىدىغان ئادەملەر ئۆز ـ ئارا شېرىكلەشمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆز ـ ئارا شېرىكلەشسە ئۇلار بىرلىشىپ ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۋېلىش ئېھتىمالى باردۇر. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شېرىكلىشىش بولمىسا، ھەر بىر ئادەم شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىش ئىشى قولىدىن چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئىش ھەققىنى ئەرزان قىلىپ ئىشنى قولغا كىرگۈزۈشكە تىرىشىدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 162 ـ بەت.

# رازى بولۇشۇپ قىلىشقان تەقسىمات

شېرىكلەر ئارىسىدا *رازى بولۇشۇپ* قىلىشقان تەقسىمات كۈچكە ئىگە بولىدۇ. لېكىن شېرىكلەر ئىچىدە ئورنىدا ئىشلىرىنى قىلىپ قويىدىغان ئادىمى يوق كىچىك بالا ياكى ئېلىشىپ قالغان كىشى، ياكى ۋەكىل تەيىن قىلىپ قويماي يوق بولۇپ كەتكەن ئادەم بولغان بولسا، گەرچە تەقسىمات شېرىكلەرنىڭ رازى بولۇشىشى بىلەن قىلىنغان بولسىمۇ يەنىلا كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. بۇ تەقسىماتنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن (ئېلىشىپ قالغان كىشىنىڭ ئورنىدا) قازىنىڭ ياكى يوق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە ياكى كىچىك بالىنىڭ بالاغەتكە يېتىشىگە قاراشلىقتۇر. ئەگەر يوق بولۇپ كەتكەن ئادەم ياكى كىچىك بالا ئۆلۈپ كەتكەن، ئاندىن ئۇنىڭ مىراسخورلىرى شېرىكلەرنىڭ قىلماقچى بولغان تەقسىماتىغا رۇخسەت قىلغان بولسا، تەقسىمات كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام ئەبۇيۈسۈف (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما بۇ قاراشقا ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) قوشۇلمايدۇ.

تەقسىمات ئوچۇق ـ *ئاشكارا* قىلىنغان رۇخسەت بىلەن كۈچكە ئىگە بولغىنىدەك ئىشارەت بىلەن قىلىنغان رۇخسەت بىلەنمۇ كۈچكە بولىدۇ. مەسىلەن: بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالا بىلەن بالاغەتكە يەتكەن بىر بالا ئارىلىرىدىكى شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىشقان، كىچىك بالا بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئۇ نەرسىدىن ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغىنىنى ئىشلەتكەن ياكى ساتقان بولسا، بۇنداق قىلىش ئۇ بالىنىڭ بۇ تەقسىماتقا رۇخسەت قىلغانلىقى ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر شېرىكلەر مىراس مۈلكىدە شېرىكلەشكەنلەر (يەنى مىراسخورلار) بولسا، تەقسىماتنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى قازىنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە باغلىقتۇر. ئەگەر ئۇلارنىڭ شېرىكچىلىكى مىراس مۈلكىدىن باشقا نەرسىدە بولسا، تەقسىمات كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. يەنى تەقسىمات ھەتتا قازى رۇخسەت بەرگەن تەقدىردىمۇ كۈچكە ئىگە بولمايدۇ.

ئەگەر مىراسخورلار مىراسنى قازىنىڭ رۇخسىتىسىز تەقسىم قىلىشقان، مىراسخورلارنىڭ ئىچىدە بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالا ياكى ئۇ يەردە ئۆزى يوق بىر ئادەم بولغان بولسا، بۇ تەقسىمات *توغرا* بولمايدۇ. ئەگەر قازى ئۇلارنى تەقسىمات قىلىشقا بۇيرىغان بولسا، تەقسىمات ئاندىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

# مۇقىم ئەمەس مۈلۈكنى تەقسىم قىلىشنىڭ بايانى

مۇقىم ئەمەس مۈلۈكتىن ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكۈلىدىغان نەرسە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىر نەچچە ئادەم ئۆزلىرىنىڭ ئارىلىرىدا مىراس ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان نەرسە ياكى <سېتىپ ئالدىم> ياكى <سوۋغات قىلىپ بېرىلدى> دېگەنگە ئوخشاش ئىگە بولۇش سەۋەبلىرىدىن بىرەرسىنى بايان قىلماستىنلا ئۆزلىرىنىڭ مۈلكى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان نەرسە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ. مۇقىم ئەمەس مۈلۈك مەيلى سېتىپ ئېلىنغان بولسۇن مەيلى مىراس قىلىپ بېرىلگەن بولسۇن مەيلى باشقا يول بىلەن ئىگە قىلىپ بېرىلگەن بولسۇن ھەممە ئىمامىلارنىڭ بىردەك قارىشىچە ئىقرار قىلىنىش بىلەنلا تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ.

مۇقىم ئەمەس مۈلۈكلەرنىڭ ئىچىگە بىنالار ۋە دەل ـ دەرەخلەرمۇ كىرىدۇ. ئەگەر مۇقىم ئەمەس مۈلۈكلەر تەقسىم قىلىنىش بىلەن ئۇنىڭدىن كېلىدىغان مەنپەئەت ئۆزۈلۈپ قالمىسا (يەنى ئۇلار پايدىسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالمىسا)، شېرىكلەر ئارىسىدا مەجبۇري تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەگەر مۇقىم ئەمەس مۈلۈكلەر تەقسىم قىلىنىش بىلەن ئۇنىڭدىن كېلىدىغان مەنپەئەت ئۆزۈلۈپ قالسا، ئۇنى شېرىكلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىش توغرا ئەمەس. مەسىلەن: قۇدۇقلا، تامغا، مۇنچىغا ئوخشاش تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىن مەنپەئەتى ئۆزۈلۈپ قالىدىغان نەرسىلەرنى شېرىكلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىش توغرا ئەمەس. يەنى ئۇ نەرسىلەر تەقسىم قىلىنمايدۇ.

ئەگەر ئىككى كىشى شېرىكلىشىپ بىر ئادەمنىڭ يېرىگە ئۇ ئادەمنىڭ رۇخستى بىلەن بىنا سالغان، يەر ئىگىسى مەيلى بار بولسۇن مەيلى يوق بولسۇن ئۇ كىشىلەر رازىلىق بىلەن بىنانى ئارىلىرىدا تەقسىم قىلىشماقچى بولغان بولسا، ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىش ھوقۇقى بار. ئەگەر ئۇ ئىككى كىشىنىڭ بىرى بىنانى تەقسىم قىلىشتىن باش تارتسا، تەقسىم قىلىششقا مەجبۇرلانمايدۇ.[1] تەقسىم قىلىششقا قوشۇلمىغان تەرەپنىڭ مەجبۇرلانماسلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا، بىنا سېلىنغان يەر مەيلى ئۇلار ئۇ يەرنى ئىجارىگە ئالغان بولسۇن مەيلى ئۆتنىگە ئالغان بولسۇن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئورتاق مۈلۈكتۇر. ئەگەر بىنا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىنسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە يەنە بىر شېرىكىنىڭ بىنادىكى ھەسسىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق قىلىشتىن ئۇلارغا زىيان كېلىدۇ. شۇڭا تەقسىم قىلىشنى قوبۇل قىلمىغان تەرەپ تەقسىم قىلىششقا مەجبۇرلانمايدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۆز رازىلىقى بىلەن تەقسىم قىلىشسا بولىدۇ. <ئەلھامىدىيە> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى بىر ئادەم بىلەن

(1) «تەقرىراتۇر رافئىي»، 2 ـ توم، 295 ـ بەت.

ۋەقپە قىلىنغان يەرگە قارايدىغان ئادەم شىرىكلىشىپ ۋەقپە قىلىنغان يەرگە تىككەن دەل ـ دەرەخلەرنى تەقسىم قىلىشماقچى بولغان ۋە ئۇلارنىڭ بىرى بۇنىڭغا قوشۇلمىغان بولسا، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەجبۇرىي تەقسىم قىلىنىدىغانلىقىغا پەتىۋا بەرگەن.[1]

# مۈقىم مۈلۈكلەرنى تەقسىم قىلىشنىڭ بايانى

بۇنىڭدىن يەرگە ئوخشاش مۈلۈكلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىر نەچچە ئادەم سېتىپ ئالغانلىقلىرىنى ياكى ئۆزلىرىنىڭ مۈلكى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان نەرسە، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىنسا، بۇ تەقسىمات كۆچكە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇ نەرسىنىڭ بىر كىشىدىن مىراس قالغان نەرسە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلسا، ئۇ نەرسە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەتتا ئۇلار ئۇ كىشىنىڭ ھەقىقەتەن ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ۋە مىراسخورلارنىڭ سانىنىڭ قانچە كىشى ئىكەنلىكى ھەققىدە پاكىت كۆرسەتمىگىچە تەقسىم قىلىنمايدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): « مىراس ئىكەنلىكى دەۋا قىلىنغان ئۇ نەرسە خۇددى مۈقىم ئەمەس مۈلۈككە ئوخشاش ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇلارنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئىقرار قىلىشى بىلەنلا تەقسىم قىلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسە ئۇلارنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئۇ نەرسىنىڭ ئۇلارنىڭ ئىلكىدە بولغانلىقى ئۇ نەرسىنىڭ شەكسىز ئۇلارنىڭ مۈلكى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل ـ پاكىتىدۇر » دېدى.

ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، ئۆلگەن ئادەم قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ مۈلۈك مىراسخورلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىشتىن بۇرۇن ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا تەۋە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۆلگۈچىنىڭ قەرزلىرى بولسا ئۇ مال ـ مۈلۈككە قوشۇلغان پايدىلاردىن ئۇنىڭ قەرزلىرى تۆلەپ بېرىلىدۇ ۋە ئۇ ئادەمنىڭ پۇل بېرىشكە ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ كەتكەن كىشىلەرگە پۇل بېرىلىدۇ. مال ـ مۈلۈك مىراسخورلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىش بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ مال ـ مۈلۈكتىكى ھەققى تۈگىگەن بولىدۇ. ئەگەر تەقسىم قىلىنماقچى بولغان نەرسە ئۇلارنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئىقرار قىلىشى بىلەنلا تەقسىم قىلىنسا، بۇ ئۇلارنىڭ ئىقرارى بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقارغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىقرار بولسا يېتەرسىز پاكىتتۇر. شۇڭا ئىقرار

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 163 ـ بەت

بىلەن بىللە يەنە باشقا ھۆججەت ـ پاكىتلارنىڭ بولۇشى لازىم. مۇقىم ئەمەس مۈلۈكنىڭ مەسىلىسى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. يەنى مۇقىم ئەمەس مۈلۈك پاكىت كۆرسىتىلمىسىمۇ تەقسىم قىلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىنىدۇ.

ئەگەر ئىككى ئادەم مۇقىم مۈلۈكنىڭ مەسىلەن: زېمىننىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئىكەنلىكىگە پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، ئۇ مۈلۈك تاكى ئۇلار ئۇ مۈلۈكنىڭ ئۆزلىرىگە تەۋە ئىكەنلىكىگە ئېنىق پاكىت كۆرسەتمىگىچە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىنمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىگە پاكىت كۆرسىتىشى بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ ئۇلارغا تەۋە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسە ئۇلارنىڭ قولىدا ئىجارىگە ياكى ئۆتنىگە بېرىلگەن نەرسە سۈپىتىدە تۇرغان بولىشىمۇ مۇمكىندۇر. ئۇ نەرسە ئۇلارنىڭ قولىدا ئىجارىگە ياكى ئۆتنىگە بېرىلگەن نەرسە سۈپىتىدە تۇرغان ۋاقىتىدا ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىنسا، بۇ خۇددى ئۇ نەرسىنى ساقلاش ئۈچۈنلا تەقسىم قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. زېمىنغا ئوخشاش مۇقىم مۈلۈك ئۆزىنى ئۆزى ساقلىيالايدۇ. بىرەر نەرسىنى ساقلاش ئۈچۈن تەقسىم قىلىش خۇددى نەرسىلەرنى ئامانەتكە ئالغان كىشىلەر ئۇلارنى ساقلاش ئۈچۈن ئارىلىرىدا تەقسىم قىلىشقانغا ئوخشاش قولىدا بار نەرسىنى ساقلاش ۋە مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن تەقسىم قىلىشتۇر. ئەمما ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكەن نەرسىنى تەقسىم قىلىش ئۇنى ساقلاش ئۈچۈن ئەمەس ئۇنىڭدىن ئۆز ئالدىغا پايدىلىنىش ئۈچۈن بولىدۇ.

ئەگەر ئىككى ئادەم مال ـ ئىگىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگە، مىراسخورلارنىڭ سانىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىگە ۋە زېمىننىڭ ئۆزلىرىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىگە پاكىت كۆرسەتكەن، مىراسخورلارنىڭ ئىچىدە يەنە كىچىك بالا ياكى يوق بولۇپ كەتكەن ئادەم بولغان بولسا، مال ھەممىسىنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ. مىراسخورلارنىڭ ئىچىدىكى كىچىك بالا ياكى يوق بولۇپ كەتكەن ئادەم كۆزدە تۇتۇلۇپ تەقسىم قىلىنغان مالنى ئۇلارنىڭ نامىدىن ئېلىپ قويىدىغانغا مەخسۇس ئادەم تەيىن قىلىنىدۇ. يەنى مالنى كىچىك بالىنىڭ نامىدىن ئۇنىڭغا قاراشقا تەۋسىيە قىلىنغان ئادەم ۋە يوق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ نامىدىن بۇ ئادەمنىڭ ۋەكىلى ئالىدۇ. يەر قازىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى بىلەن تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەگەر يەر قازىنىڭ ھۆكۈمىسىز تەقسىم قىلىنسا، بۇ تەقسىمات كۈچكە ئىگە بولمىغان بولىدۇ. تەقسىماتنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن يوق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ كېلىپ ياكى كىچىك بالىنىڭ بالاغەتكە يېتىپ يەرنىڭ تەقسىم قىلىنغانلىقىغا قوشۇلىشى لازىم. ئەگەر ئۇلار مىراسخورلار بولماي شېرىكلىشىپ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىلەر بولغان ۋە ئۇلارنىڭ بىرى يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىنمايدۇ.

چۈنكى، سېتىپ ئېلىش بىلەن شېرىكلەشكەن نەرسىنى تەقسىم قىلىشىش ئۈچۈن ئۇ يەردە بار ئادەم ئۇ يەردە يوق ئادەمنىڭ ئۈستىدىن دەۋاگەر بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولالمايدۇ. بىر نەرسىدە مىراس يولى بىلەن شېرىكلىشىش بىلەن ئۇنى سېتىپ ئېلىش يولى بىلەن شېرىكلىشىشنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، بىر نەرسىگە مىراس ئارقىلىق ئىگە بولۇش ئۇ نەرسىگە ئورۇنباسارلىق (يەنى ئۇنىڭغا ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئورنىدا) ئىگە بولۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم سېتىپ ئالغان نەرسىدە بىرەر ئەيىپ كۆرۈلسە، ئۇ ئادەمنىڭ مىراسخورى ئۇ نەرسىنى ساتقۇچىغا قايتۇرۇپ بېرەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مىراسخورلارنىڭ ئىچىدىكى كىچىك بالىنىڭ ياكى يوق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ نامىدىن مالنى ئېلىپ قويۇشقا مەخسۇس ئادەم تەيىن قىلىپ قويۇپ ئاندىن مال تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەمما بىر نەرسىگە ئۇنى سېتىپ ئېلىش ئارقىلىق ئىگە بولۇش بولسا ئۇنىڭغا يېڭىدىن ئىگە بولغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بىر نەرسىنى بىر كىشىدىن سېتىپ ئالغان ئادەم ئەگەر ئۇ نەرسىدە بىرەر ئەيىپنى كۆرسە، ئۇ نەرسىنى ئۇ كىشىگە ساتقان ئادەمگە قايتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سېتىپ ئېلىش ئارقىلىق شېرىكلەشكەن نەرسىنى تەقسىم قىلىش ئۈچۈن بار بولغان ئادەمنىڭ يوق ئادەمنىڭ ئورنىغا بىرىنى تەيىن قىلىشى توغرا ئەمەس.

ئەگەر مال ئىگىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگە، مىراسخورلارنىڭ سانىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىگە ۋە زېمىننىڭ ئۇلارنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىگە ئىككى ئادەم ئەمەس پەقەت بىرلا ئادەم پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، زېمىن مىراسخورلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىنمايدۇ. چۈنكى، بىر ئادەم ھەم دەۋاگەر ۋە ھەم ئۈستىدىن داۋا قىلىنغان، شۇنىڭدەك زېمىننى ھەم بۆلۈپ ئالغۇچى ھەم بۆلۈپ بەرگۈچى تەرەپ بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋاگەرلەر ئۆلاردىن بىرى كىچىك بالا ياكى ئۇنىڭغا قاراشقا تەۋسىيە قىلىنغان ئادەم بولسىمۇ ئەڭ ئاز دېگەندە ئىككى ئادەم بولۇش لازىم. چۈنكى، كىچىك بالىغا قاراشقا تەۋسىيە قىلىنغان ئادەم مىراسخورنىڭ ئورنىدا پاكىت كۆرسەتكەن كىشىنىڭ شېرىكىگە ئايلىنىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى بىلىۋېلىشىمىز لازىمكى، قازى كىچىك بالىغا قاراشقا تەۋسىيە قىلىنغان ئادەمنى تەقسىم قىلىنغان مىراسنى كىچىك بالىنىڭ نامىدىن ئېلىش ئۈچۈن ئۇ بالا مىراس تەقسىم قىلىنىدىغان يەردە بار بولغان ھالدا بولسا، تەيىن قىلىدۇ. ئەگەر كىچىك بالا ئۇ يەردە بولمىسا، قازى ئۇ ئادەمنى مىراسنى كىچىك بالىنىڭ نامىدىن ئېلىشقا تەيىن قىلمايدۇ. چۈنكى، زۆرۈرىيەت تېپىلمىغان ھالدا يوق ئادەمنىڭ نامىدىن دەۋاگەر تەيىن قىلىنمايدۇ.[1]

---

(1) «تەقرىراتۇر رافئىي»، 2 ـ توم، 296 ـ بەت.

ئەگەر ئىككى شېرىك ئارىسىدىكى شېرىك نەرسە قورۇ بىلەن زېمىن ياكى قورۇ بىلەن دۇكان بولسا، شېرىكلەر ئارىسىدا ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئايرىم ـ ئايرىم تەقسىم قىلىنىدۇ. چۈنكى، قورۇ بىلەن زېمىن ياكى قورۇ بىلەن دۇكان باشقا ـ باشقا تۈردىكى نەرسىلەردىندۇر. لېكىن ئىماملار دۇكاننىڭ ئىجارە ھەققى ئۈچۈن قورۇدىن پايدىلىنىشۋېلىش ئۈچۈن قورۇنى بېرىشنى توغرا ئەمەس، دەپ قارىدى. مانا بۇ قورۇ بىلەن دۇكاننىڭ بىر تۈردىكى نەرسىلەردىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا بۇ مەسىلىدە ئىككى خىل قاراش بولۇشى ياكى دۇكاننىڭ ئىجارىسى ئۈچۈن قورۇدىن پايدىلىنىشۋېلىش ئۈچۈن قورۇنى بېرىشنىڭ توغرا بولماسلىقى گەرچە ئۇلارنىڭ بىر تۈردىكى نەرسىلەردىن بولۇشى چوقۇم بولمىسىمۇ بىر تۈردىن بولۇپ قېلىش ئېھتىمالىغا يېقىن دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن.[1]

ئەگەر بىر مىراسخورنىڭ قولىدا بىر پارچە يەر بولغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇ يەرگە شېرىك بىر كىچىك بالا ياكى يوق بولۇپ كەتكەن بىر كىشى ياكى يوق بولۇپ كەتكەن كىشىنىڭ ئامانەتلىرىنى ساقلاپ بېرىدىغان ئادەم ياكى ئۇ يەردە يوق بولغان كىچىك بالىنىڭ ئانىسى بولغان بولسا، ئۇ يەر مىراسخور بىلەن يەرگە شېرىك كىچىك بالىنىڭ ياكى يوق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىنمايدۇ. ئەگەر مىراسخور ئىشەنچلىك ئادەم بولسىمۇ يەر يەنىلا تەقسىم قىلىنمايدۇ. چۈنكى، بۇ ھالدا يەرنى تەقسىم قىلىش كىچىك بالا ياكى يوق بولۇپ كەتكەن ئادەم تەرىپىدىن بىر دەۋاگەر تەيىن قىلىنماي تۇرۇپ كىچىك بالىنىڭ ياكى يوق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقارغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ نەرسىنىڭ مىراس ئىكەنلىكىگە ھۆججەت كەلتۈرۈش بىلەن كەلتۈرمەسلىكنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوقتۇر. بەزىلەر: پەرق بار دېگەن قاراشنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. لېكىن توغرىسى بۇرۇنقى قاراشتۇر.

شېرىكلىككە تەۋە قورۇلار ياكى شېرىكلىككە تەۋە قورۇ بىلەن يەر ياكى شېرىكلىككە تەۋە قورۇ بىلەن دۇكان شېرىكلەر ئارىسىدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تەقسىم قىلىنىدۇ. يەنى يەر مېتىرلىنىدۇ ئاندىن تەقسىم قىلىنىدۇ. ئۆي، قورۇ ۋە دۇكان قاتارلىقلار بولسا، باھالىنىدۇ ئاندىن تەقسىم قىلىنىدۇ. بۇ ئەگەر ئۇ مۈلۈكلەر باشقا ـ باشقا مەھەللىدە ياكى باشقا ـ باشقا شەھەردە بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى، مۈلۈكلەر بۇ ھالدا باشقا ـ باشقا تۈردىكى ياكى ئۇنىڭ ھۆكمىدىكى نەرسىلەر ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ مۈلۈكلەر بىر مەھەللىدە ياكى بىر شەھەردە بولسا، ئۇلارنى قانداق تەقسىم قىلىش ئىشى قازىغا تاپشۇرۇلىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما شېرىك ئۆيلەر مەيلى بىر ـ بىرىگە تۇتاش بولسۇن مەيلى ئايرىم ـ ئايرىم بولسۇن ھەممىسى

(1) «تەقرىراتۇر رافىئىي»، 4 ـ توم، 164 ـ بەت.

بىراقلا تەقسىم قىلىنىدۇ.

ئىبنى ئابىدىن (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇنىڭغا ئىلاۋە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: « شېرىك ئۆيلەر مەيلى بىر ـ بىرىگە تۇتاش بولسۇن مەيلى ئايرىم ـ ئايرىم بولسۇن ھەممىسىنىڭ بىر قېتىمدىلا تەقسىم قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، بۇ سۆزنى بايان قىلغان ئىمامنىڭ زامانىدا ئۆيلەرنىڭ ئىچى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. بۇنىڭ دەلىلى ئىماملارنىڭ: ئۆيلەر ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىشتە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا ئۆيلەر ھەممە يۇرتتا ئوخشاش باھادا ئىجارىگە قويۇلىدۇ، دېگەن سۆزىدۇر. ئەمما زامانىمىزدا ئۆيلەرنىڭ ئىچى بىر ـ بىرىدىن كۆپ پەرقلىقتۇر ».[1]

<ئەلھىدايە> دېگەن كىتابتا مۇنداق بايان قىلىندى: شېرىكلىككە تەۋە قورۇلارنىڭ ھەممىسى بىر شەھەردە بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تەقسىم قىلىنىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد: « ئەگەر ئۆيلەرنى (ئايرىم ـ ئايرىم ئەمەس) بىراقلا تەقسىم قىلىش شېرىكلەر ئۈچۈن پايدىلىق بولسا، ئۆيلەر بىراقلا تەقسىم قىلىنىدۇ » دېدى. شۇنىڭدەك يەنە شېرىكلىككە تەۋە ئەمما پارچە ـ پارچە يەرمۇ مەزكۇر ئىختىلاپ بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ. بۇ ئىككى ئىمامنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى ئىسىمدە بولسۇن شەكىلدە بولسۇن بىرجىنستىن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئولتۇرۇش ئۈچۈن بىنا قىلىنغاندۇر. ئۇلاردىن كۆزلىنىدىغان مەقسەتكە ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش يوللىرىغا قارالغاندا ئۆيلەر باشقا ـ باشقا جىنستىندۇر. شۇڭا ئۆيلەرنى بىر جىنستىن ياكى باشقا ـ باشقا جىنستىن دەپ ئېتىبارغا ئېلىش ياكى ئالماسلىق قازىنىڭ قارىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) دەلىلى بولسا، ئۆيلەرنى تەقسىم قىلىدىغان چاغدا ئۇلاردىن كۆزلىنىدىغان مەقسەت ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. يەنى ئۆيلەرنى باشقا ـ باشقا جىنستىن دەپ قاراش لازىم. بۇ بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە، بىر مەھەللىدىن يەنە بىر مەھەللىگە، قولۇم ـ قوشنىغا، مەسچىت ۋە سۇغا يېقىن ـ يىراقلىقىغا قاراپ پەرقلىنىدۇ. شۇڭا ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى بىرگە تەقسىم قىلىنغان ۋاقىتىدا، ئۇلارنى ئادىللىق بىلەن تەقسىم قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن (كۆرمىگەن) بىر ئۆينى سېتىپ ئېلىشقا بىر ئادەمنى ۋەكىل قىلىش توغرا ئەمەس.

شۇنىڭدەك يەنە بىر ئايالنىڭ تويلۇقىغا نامەلۇم بىر قورۇنى سېلىپ ئۇ ئايالنى نىكاھىغا ئالغان بولسا، ئۇ ئايالغا بېرىلمەكچى بولغان تويلۇق توغرا بولمىغان

(1) «ئەلھىدايە»، 4 ـ 47 ـ بەت.

تويلۇق بولىدۇ. بۇ ھەقتە رەختنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنداقتۇر. ئەمما قورۇنىڭ بىر نەچچە ئېغىز ئۆيلىرى بولغان ۋە ھەر بىرى بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولغان بولسا، ئۇ ئۆيلەر (ئايرىم - ئايرىم ئەمەس) بىرگە تەقسىم قىلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم تەقسىم قىلىش زىيان ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا بىر قورۇنىڭ ئىچىدىكى ئۆيلەر بىرگە تەقسىم قىلىنىدۇ.

## مەجبۇري تەقسىم قىلىش

ئەگەر شېرىكلىككە تەۋە نەرسە تەقسىم قىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن ھەر بىر شېرىك ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان پېيىدىن پايدىلىنىدىغان بولسا، ئۇ نەرسە شېرىكلەر ئارىسىدا ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ تەلىۋى بىلەنمۇ مەجبۇري تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەگەر شېرىكلەر ئۇ نەرسە تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان پېيىدىن پايدىلىنالمايدىغان بولسا، ئۇ نەرسە شېرىكلەرنىڭ بىرىنىڭ تەلىۋى بىلەن ئەمەس، بەلكى كۆپ قىسمىنىڭ تەلىۋى بىلەن تەقسىم قىلىنىدۇ. يەنى ئۇ نەرسىدىن پايدىلىنىدىغان تەرەپ تەقسىم قىلىشنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇ نەرسە ئۇنىڭدىن پايدىلانمايدىغان ئەمما ئۇنى تەقسىم قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئاز قىسىم شېرىكلەرنىڭ تەلىۋى بىلەن تەقسىم قىلىنمايدۇ.

<ئەلھىدايە> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى بۇنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق بايان قىلدى: «تەقسىم قىلىشنى تەلەپ قىلغان تەرەپ ئۇ نەرسىنى تەقسىم قىلىشتىن پايدا كۆرىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ تەلىۋى قوبۇل قىلىنىدۇ. قارشى تەرەپ بۇنىڭ ئۈچۈن قىيىنچىلىق چىقىرىشنى خالايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ تەلىۋى قوبۇل قىلىنمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇ نەرسىنى تەقسىم قىلىشنى تەلەپ قىلغان تەقدىردىمۇ ئەگەر تەقسىماتتىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى زىيان كۆرسە قازى ئۇ نەرسىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلمايدۇ. بۇ ھالدا قازى ئۇلارنى ئۇ نەرسىنى نۆۋەتلىشىپ ئىشلىتىشكە بۇيرۇيدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىدىغان ۋاقىت ۋە يەر توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، قازى ئۇلارنى بۇ ھەقتە ئۆز ئارا كېلىشىپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ.»

ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا شېرىك بىر دۇكان بولۇپ ئۇلار ئۇ دۇكاندا ئىش قىلىدىغان، ئاندىن ئۇلارنىڭ بىرى دۇكاننى تەقسىم قىلىشنى تەلەپ قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇلار دۇكان تەقسىم قىلىپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۇ دۇكاندا بۇنىڭدىن بۇرۇن قىلالمايدىغان ئىشنى قىلالايدىغان بولسا، دۇكان ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئىش ئۇنداق بولمايدىغان بولسا، دۇكان ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىپ بېرىلمەيدۇ.

#ماللارنى تەقسىم قىلىشنىڭ بايانى

بۇ ماللاردىن تۆگە، كالا، قوي، كىيىم ـ كېچەك، ئۇلاغ، بۇغداي ۋە ئارپىغا ئوخشاش نەرسىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر بۇلاردىن تەقسىم قىلىنىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش جىنستىن (مەسىلەن: قوي ياكى كالا) بولسا، ئۇلار شېرىكلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ. چۈنكى، شېرىكلىككە تەۋە نەرسىنى تەقسىم قىلىش شېرىكلەرگە ئۇ نەرسىدىكى ھەققىنى ئايرىپ بېرىش بىلەن بولىدۇ. بۇنداق قىلىش ئوخشاش تۈردىكى نەرسىلەردە مۇمكىندۇر. شۇڭا مەزكۇر نەرسىلەردىن ھەر تۈر كىشىلەر ئارىسىدا ئايرىم ـ ئايرىم تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەمما باشقا ـ باشقا تۈردىكى نەرسىنى (مەسىلەن: قوي بىلەن كالىنى) بىر ـ بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئۇلارنى شېرىكلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىش مەسىلەن: بىر شېرىككە بىر كالا يەنە بىرىگە ئىككى قوي بېرىش قازىنىڭ مەجبۇرلىشىغا ئەمەس ئۇلارنىڭ رازىلىقىغا قارىتا بولىدۇ. يەنى ئىككى تۈردىكى نەرسىنى بىر ـ بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ تەقسىم قىلىشقا شېرىكلەرنىڭ رازى بولۇشى شەرتتۇر. چۈنكى، ئىككى تۈردىكى نەرسىنى بىر ـ بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ تەقسىم قىلىش شېرىكلەرنىڭ ئۇ نەرسىدىكى ھەققىنى ئايرىپ بېرىش ئەمەس ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى بىر ـ بىرىگە ئالماشتۇرۇپ بېرىش ھېسابلىنىدۇ. قازىنىڭ ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى بىر ـ بىرىگە ئالماشتۇرۇپ بېرىدىغان ھالەتتە ئۇلارنى مەجبۇرلاش ھەققى يوق.

# تەقسىم قىلىنمايدىغان نەرسىنىڭ بايانى

قۇل، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن بىللە (ئۇلاغقا ياكى رەختكە ئوخشاش) بىرەر نەرسە بولمىسا، قۇل شېرىكلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىنمايدۇ. چۈنكى، ئادەملەر ئارىسىدا پەرق بەك چوڭدۇر. شۇڭا ئۇلارنى تەڭشەش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئادەمدىن ئۇنىڭ ئەقلى، زېرەكلىكى، سەۋرچانلىقى، چىداملىق بولۇشى، چوڭ سۈپەتلىكلىكى، راستچىللىقى، باتۇرلۇقى ۋە ۋاپادارلىقى مەقسەت قىلىنىدۇ. ئادەمدە بۇلارنىڭ بار يوقلۇقىنى ئېنىقلىماق قىيىندۇر. شۇڭا ئادەملەر باشقا ـ باشقا جىنست ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە مىڭ ئادەمدىن ياخشىراق بىر ئادەم بولۇشىمۇ مۇمكىن.

بۇ ھەقتە بىر شائىر مۇنداق دېگەن:
كۆرمىدىم ھېچبىر مەخلۇق ئىچىدە
ئىنسانغا ئوخشاش بىر ـ بىرىدىن پەرقلىقنى

كۆردۈم ئەمما كۆرمىگ ئىنسان ئىچىدە
مىگ ئىنساندىن ئەۋزەل بولغان بىرىنى

ئەمما باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ ئوخشاش جىنستىلىكلىرى ئىچىدە پەرق چوڭ ئەمەس. شۇڭا ئىنسانلارنىڭ ئەركەكلىرى بىلەن چىشىلىرى ئىككى جىنست ھېسابلانسا، ھايۋانلارنىڭ ئەركەكلىرى بىلەن چىشىلىرى بىر جىنست ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر قۇل بىلەن بىللە ئۇلاغ ياكى باشقا نەرسە بولسا، ھەممە ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدا قازى قۇلنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بار نەرسىنى شېرىكلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. ئەگەر شېرىكلىككە تەۋە قۇللار پەقەت ئەر ياكى پەقەت ئاياللارلا بولسا، ئۇلار شېرىكلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەگەر شېرىكلىككە تەۋە قۇللارنىڭ بەزىلىرى ئەر، بەزىلىرى ئايال بولسا، ئۇ قۇللار شېرىكلەر ئارىسىدا پەقەت شېرىكلەرنىڭ رازىلىقى بىلەن تەقسىم قىلىنىدۇ.

گەپنىڭ خۇلاسى شۇكى، ئەگەر شېرىكلىككە تەۋە قۇل بىلەن بىللە ھايۋانغا ياكى رەختكە ئوخشاش باشقا بىر نەرسە بولمىسا، ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا قۇل شېرىكلەر ئارىسىدا مەجبۇري ھالدا تەقسىم قىلىنمايدۇ. ئەگەر قۇل بىلەن بىللە باشقا بىر نەرسە بولسا، ئۇ نەرسە شېرىكلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ.

ئەبۇبەكرى رازىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇنىڭ مەنىسى: قازى قۇلنى شېرىكلەرنىڭ رازىلىقى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىدۇ. ئەگەر شېرىكلەرنىڭ ئىچىدە تەقسىماتنى ياقتۇرمايدىغانلار بولسا، قازى قۇلنى تەقسىم قىلالمايدۇ» دېدى.

كۈچلۈك قاراشقا ئاساسەن ئەگەر قۇل بىلەن بىللە باشقا نەرسە بولسا، شېرىكلەر ئارىسىدا قۇل ئۇ نەرسىگە قوشۇمچە قىلىنىپ مەجبۇري ھالدا تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەسلىدە ئۇ نەرسە مەجبۇري تەقسىم قىلىنغان ۋە قۇل ئۇنىڭغا قوشۇمچە ھالدا تەقسىم قىلىنغان ھېسابلىنىدۇ.

زىبۇ ـ زىننەتلەرمۇ شېرىكلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىنمايدۇ. چۈنكى، زىبۇ ـ زىننەتلەرنىڭمۇ بىر ـ بىرىنىڭ ئارىسىدا كۆپ پەرق بار. مۇنچا، قۇدۇق، تۈگمەن ۋە كىتاب قاتارلىقلار تەقسىم قىلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىن ئىشلەتكىلى بولماي شېرىكلەرگە زىيان ئېلىپ كېلىدىغان نەرسىلەر شېرىكلەرنىڭ رازىلىقىسىز تەقسىم قىلىنمايدۇ. مەسىلەن: شېرىكلىكتىكى بىر پارچە رەخت شېرىكلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىنمايدۇ. چۈنكى، ئەگەر رەخت شېرىكلەر ئارىسىدا

تەقسىم قىلىنسا، بۇنىڭدىن ھەر بىر شېرىككە زىيان كېلىدۇ. چۈنكى، رەختنى پارچە - پارچىگە ئايرىماي تەقسىم قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇنى پارچە - پارچىگە ئايرىش جەريانىدا رەختنىڭ بىر قىسمى كېسىلىپ كېرەكسىز لاتىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ زىيىنى ھەممىسىگە تەڭ كېلىدۇ. يولنى تەقسىم قىلىش ئەگەر شېرىكلەرگە زىيان ئېلىپ كېلىدىغان ئىش بولسا، يولمۇ تەقسىم قىلىنمايدۇ.

ئەگەر مۈنچا تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىن شېرىكلەر ئۇنىڭدىن بۇرۇنقىدەك پايدىلىنالمايدىغان دەرىجىدە بولسا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك ئۇمۇ شېرىكلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىنمايدۇ. ئەگەر مۈنچا چوڭ بولۇپ تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىنمۇ ھەر بىر شېرىك ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان قىسمىدىن بۇرۇنقىدەك پايدىلىنالايدىغان بولسا، ئۇ ھالدا مۈنچا شېرىكلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەگەر تۆگمەت ئىككى تاشلىق بولسا، ھەر بىر شېرىككە بىر تاشتىن بېرىلىپ ئۇلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر جۇۋازخانىدا ئىككى دانە جۇۋاز بولسا، جۇۋازخانا ئىككى شېرىك ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ.

ئەگەر شېرىكلەرنىڭ بىرى شېرىك نەرسىنى ساتماقچى بولغان، يەنە بىرى بۇ سېتىشقا قوشۇلمىغان بولسا، قوشۇلمىغان تەرەپ ئۇنى سېتىشقا مەجبۇرلانمايدۇ. ئەمما ئىمام مالىك (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ نەرسىنى سېتىشقا قوشۇلمىغان تەرەپ مەجبۇرلىنىدۇ» دەيدۇ.

مىراس كىتاب مىراسخورلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىنمايدۇ. لېكىن ھەر بىر مىراسخور ئۇ كىتابتىن نۆۋەت بويىچە پايدىلىنىدۇ. ئەگەر مىراسخورلار رازى بولغان تەقدىردىمۇ كىتاب ۋاراق - ۋاراقلارغا بۆلۈنۈپ ئۇلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىنمايدۇ. يەنى قازى مىراسخورلار ئارىسىدا كىتابنى ۋاراق - ۋاراقلارغا بۆلۈپ تەقسىم قىلىپ بەرمەيدۇ. ئەگەر مىراسخورلار كىتابنى ۋاراق - ۋاراقلارغا بۆلۈپ ئارىلىرىدا ئۆزلىرى تەقسىم قىلماقچى بولسا، قازى ئۇلارنى ئۇنداق قىلىشتىن چەكلىمەيدۇ. ئەگەر كىتاب بىر نەچچە توملۇق بولۇپ مىراسخورلار كىتابنىڭ ھەر بىر تومىنىڭ باھاسىنى توختىتىپ ھەر بىر مىراسخور شۇ باھا بويىچە كىتابتىن ئالماقچى بولغان ۋە بۇنىڭغا باشقا مىراسخورلار رازى بولغان بولسا، كىتابنى بۇ خىل بىلەن تەقسىم قىلىشىش توغرا بولىدۇ. ئەگەر باشقا مىراسخورلار بۇنىڭغا رازى بولمىسا، كىتابنى تەقسىم قىلىشىش توغرا ئەمەس.

ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدا شېرىك قورۇ ياكى دۇكان بولغان ۋە ئۇنى تەقسىم قىلغىلى بولمايدىغان بولغان بولسا، ئۇلار بىرى: مەن ئۇنى ئىجارىگىمۇ بەرمەيمەن ۋە ئۆزەممۇ ئۇنىڭدىن پايدىلانمايمەن، دەپ يەنە بىرى: مەن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىمەن،

دەپ دەۋا قىلىشىپ قازىنىڭ ئالدىغا بارىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قازى ئۇلارنى قورۇنى ياكى دۇكاننى نۆۋەت بىلەن ئىشلىتىشكە بۇيرۇيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى خالىمىغان شېرىككە: سېنىڭ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش نۆۋىتىڭ كەلگەن ۋاقىتدا، خالىساڭ ئۇنىڭدىن پايدىلان، خالىساڭ ئىشىكىگە قولۇپ سېلىپ قويغىن، دېيىلىدۇ.[1]

## شېرىكلىككە تەۋە نەرسىنىڭ تەقسىم قىلىنىش شەكلى

شېرىكلىككە تەۋە نەرسىنى تەقسىم قىلىشنى باشلىغان ۋاقىتدا، ئۇ نەرسىدە پالانىنىڭ پېيى مۇنچىلىك ۋە پۇستانىنىڭ پېيى مۇنچىلىك، دەپ قەغەزگە يېزىش لازىم بولىدۇ. بۇنى يېزىشتىكى مەقسەت ئەگەر قازى شېرىكلەر ئارىسىدا چەك تاشلىماقچى ۋە ئادىللىق بىلەن تەقسىم قىلماقچى بولۇپ بۇ مەسىلە قازىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەن ۋاقىتدا، ئۇ نەرسىدە كىمنىڭ قانچىلىك پېيىنىڭ بارلىقى ئېنىق بولۇشى ئۈچۈندۇر.

ئەگەر شېرىك نەرسە قورۇغا ۋە ئۆيگە ئوخشاش بىنا بولسا، بىنا تەقسىم قىلىنىش ئۈچۈن باھالىنىدۇ. چۈنكى بىنانىڭ يۈز ئۆلچىمىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۇنى گەزلەش (يەنى مېترلەش) بىلەن ۋە ئۇنىڭ پۇلىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۇنى باھالاش بىلەن بولىدۇ. شۇڭا بىنانى ئادىللىق بىلەن تەقسىم قىلىش ئۈچۈن ھەم ئۇنى مېترلاش ۋە ھەم باھالاش لازىم. شۇنىڭدەك يەرنىمۇ باھالاش لازىم.

ئەگەر شېرىك نەرسە يەر بولۇپ ئۇ شېرىكلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىنسا، ئەگەر مۇمكىن بولسا ھەر بىر شېرىككە ئۇنىڭ يېرىگە بارىدىغان يول ۋە ئېرىق قاتارلىقلارمۇ بەلگىلىنىپ بېرىلىشى لازىم. ئەگەر ئۇنداق قىلىش مۇمكىن بولمىسا، ئۇلارغا يەرلىرىگە بارىدىغان يول ۋە ئېرىق قاتارلىقلار بەلگىلىنىپ بېرىلمىسىمۇ تەقسىمات توغرا بولىدۇ.

شېرىك نەرسە تەقسىم قىلىنىدىغان چاغدا ئۇ بىر نەچچە پايغا تەقسىم قىلىنىدۇ. ھەر بىر پايغا بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى . . . دەپ نومۇر قويۇلىدۇ. ئاندىن شېرىكلەرنىڭ ئىسىملىرى بىر قەغەزگە يېزىلىپ ئۇلار ئارىسىدا چەك تاشلىنىدۇ. لېكىن ئۇلار ئارىسىدا چەك تاشلاش ۋاجىپ ئەمەس. شۇڭا قازى ئەگەر ھەر بىر شېرىككە ئۇنىڭ پېيىنى چەك تاشلىماستىن تەيىن قىلىپ بەرسىمۇ تەقسىمات يەنىلا توغرا بولىدۇ. چۈنكى، شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىش بىر ھېسابتا ھۆكۈم چىقىرىش مەناسىدىدۇر. شۇڭا قازى شېرىكلەر ئارىسىدا چەك تاشلىمايلا ئۇلارنىڭ شېرىك

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 166 ـ بەت

نەرسىدىكى پېيىلىرىنى تەيىن قىلىپ بېرىش ھوقۇقىغا ئىگىدۇر.

ئەگەر قازى ياكى ئۇنىڭ ئورۇنباسارى (يەنى نائىبى) شېرىك نەرسىنى شېرىكلەر ئارىسىدا چەك تاشلاپ تەقسىم قىلغان بولسا، ھەر بىر شېرىككە ئۇنىڭ پېيى چىقىپ بولغاندىن كېيىن شېرىكلەرنىڭ ئىچىدىن بىر ياكى ئىككىسىنىڭ بۇ تەقسىماتنى قوبۇل قىلماي تۇرۇۋېلىش ھەققى يوق. شۇنىڭدەك يەنە چەك چىقىشتىن بۇرۇن شېرىكلەرنىڭ بىر ياكى ئىككىسىنىڭ تەقسىماتقا قوشۇلمىغانلىقىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەگەر تەقسىمات شېرىكلەرنىڭ رازىلىقى بىلەن بولغان ۋە ھەر بىر شېرىكنىڭ پېيى چىقىپ بولمىغان بولسا، شېرىكلەرنىڭ ئىچىدىن بىرەرسى يېنىۋالماقچى بولسا ئۇنىڭ يېنىۋېلىش ھەققى بار. ئەگەر پەقەت بىرلا پاي چىقماي قالغان ھەممە پاي چىقىپ بولغان بولسا، چىقمىغان پاينىڭ ئۇنىڭغا تەۋە بولىدىغانلىقى ئېنىق بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ تەقسىماتتىن يېنىۋېلىش ھەققى يوق. چۈنكى، تەقسىمات تاماملىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن ھېچبىر شېرىك ئۇنىڭدىن يېنىۋالالمايدۇ.

كىمنىڭ ئىسمى بىرىنچى بولۇپ چىقسا، ئۇنىڭغا بىرىنچى پاي بېرىلىدۇ. ئىككىنچى بولۇپ ئىسمى چىققان شېرىككە ئىككىنچى پاي، ئۈچىنچى بولۇپ چىققانغا ئۈچىنچى پاي بېرىلىدۇ. مەسىلەن: ئۈچ ئادەمنىڭ ئارىسىدا شېرىك بىر پارچە يەر بولغان، ئۇلارنىڭ بىرى ئۇ يەرنىڭ ئالتىدىن بىرىگە، بىرى يېرىمىغا، يەنە بىرى ئۈچتىن بىرىگە شېرىك بولغان بولسا، يەر ئالتە پايغا بۆلۈنىدۇ. ئاندىن بىرىنچى پايدىن ئالتىنچى پايغىچە ئىسىم قويۇلىدۇ. ئاندىن شېرىكلەرنىڭ ئىسىملىرى چەك قەغىزىگە يېزىلىپ تاشلىنىدۇ. شېرىكلەر چەكنى بىر ـ بىرلەپ ئالىدۇ. ئىسمى دەسلەپ چىققان ئادەمگە بىرىنچى پاي بېرىلىدۇ. ئەگەر دەسلەپ ئىسمى چىققان ئادەم يەرنىڭ ئالتىدىن بىرىگە شېرىك بولغان ئادەم بولسا، ئۇنىڭغا بىرىنچى پاي بېرىلىدۇ. ئەگەر دەسلەپ ئىسمى چىققان ئادەم يەرنىڭ ئۈچتىن بىرىگە شېرىك بولغان ئادەم بولسا، ئۇنىڭغا بىرىنچى ۋە ئىككىنچى پاي بېرىلىدۇ. ئەگەر دەسلەپ ئىسمى چىققان ئادەم يەرنىڭ يېرىمىغا شېرىك بولغان ئادەم بولسا، ئۇنىڭغا بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى پايلار بېرىلىدۇ.[1]

# ئالتۇن ـ كۈمۈش پۇللارنى تەقسىم قىلىشنىڭ بايانى

شۇنى بىلىش لازىمكى، مۇقىم (ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكەلمەيدىغان) مۈلۈكنىڭ ياكى مۇقىم ئەمەس (ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكىلىدىغان) مۈلۈكنىڭ تەقسىماتىنىڭ ئىچىگە كۈمۈشتىن سوقۇلغان پۇللار كىرمەيدۇ. يەنى كۈمۈش پۇللار ئۇ مۈلۈكلەر

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 166 ـ بەت

بىلەن بىللە قوشۇلۇپ تەقسىم قىلىنمايدۇ. ئەگەر كۈمۈش پۇللارنى ئۇ مۇلۇكلەرگە قوشۇپ بىللە تەقسىم قىلىشقا شېرىكلەر رازى بولۇپ كۈمۈش پۇللار ئۇ مۇلۇكلەرنىڭ ئىچىگە قوشۇلسا، كۈمۈش پۇللار ئۇ مۇلۇكلەرگە قوشۇلۇپ تەقسىم قىلىنىدۇ.

ئەگەر شېرىك نەرسە يەر بىلەن بىنا بولسا، ھەر ئىككىسىنىڭ باھاسى ئېتىلىپ ئاندىن تەقسىم قىلىنىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «(يەرنى بىرى ۋە بىنانى بىرى) ئالىدۇ، يەرنىڭ باھاسى بىنانىڭ باھاسىدىن ئارتۇق بولسا، يەرنى ئالغان تەرەپ بىنانى ئالغان تەرەپكە يەردىن ئارتۇقىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەگەر بىنانىڭ باھاسى يەرنىڭ باھاسىدىن ئارتۇق بولۇپ ئۇنى تەڭشەش مۇمكىن بولمايدىغان بولسا، بىنانى ئالغان تەرەپ بىنانىڭ ئارتۇقى ئۈچۈن يەرنى ئالغان تەرەپكە پۇل قايتۇرۇپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشى زۆرۈردۇر. <ئەلئىختىيار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ قارىشىچە، بىنانى ئالغان تەرەپنىڭ بىنانىڭ ئارتۇقى ئۈچۈن يەرنى ئالغان تەرەپكە پۇل قايتۇرۇپ بېرىشى ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن توغرىدۇر. چۈنكى، بۇ قاراش ھەنەفىي فىقھىسىنىڭ تېكىستلىرى يېزىلغان كىتابلاردىكى كۆز قاراشقا ئۇيغۇندۇر.

ئىمام رافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «ئالىملار كۈمۈش پۇللارنىڭ تەقسىم قىلىنماسلىقىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: <كۈمۈشتە شېرىكچىلىك يوق. يەنە كېلىپ كۈمۈشنى تەقسىم قىلىدىغان ۋاقىتتا ئۇنىڭدا ئادىللىق قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بەزىلەرنىڭ كۈمۈش پۇللىرى شۇ ۋاقىتتا ئۇ يەردە بار مال - مۇلۇككە تەڭلىشىپ قالىدۇ. بەزىلىرىنىڭ گەردىنىدە قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كېتىش ئەندىشىسى تۇغۇلىدۇ. چۈنكى، شېرىك ئەمما باشقا - باشقا تۈردىكى نەرسىلەر بىرگە تەقسىم قىلىنمايدۇ. ئەھۋال ئۇنداق ئىكەن شېرىكچىلىك ئىچىگە كىرمەيدىغان نەرسە ئەلۋەتتە تەقسىم قىلىنمايدۇ> ».

شېرىك نەرسە شېرىكلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىش بىلەنلا ھېچبىر شېرىك ئۇنىڭدىن تەقسىم قىلىنغان پايغا ئىگە بولالمايدۇ. شېرىكلەر پەقەت تەقسىم قىلىنغان پايغا ياكى پاينى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىش بىلەن ياكى قازىنىڭ بۇ ھەقتە ھۆكۈم چىقىرىشى بىلەن ياكى چەك تاشلاش بىلەن ياكى شېرىكلەر پاينى ھەر بىر شېرىككە تەيىن قىلىپ بېرىش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ۋەكىل قىلىش بىلەن ئىگە بولىدۇ.

ئەگەر مىراس ماللارنىڭ ئىچىدە تۆگە، كالا ۋە قويغا ئوخشاش ھايۋانلار بولغان، ئاندىن ئۇلار تۆگىنى بىر گۇرۇپ، كالىنى بىر گۇرۇپ ۋە قوينى بىر گۇرۇپ قىلغان

ۋە تۆگە چىققان تەرەپ كالا چىققان تەرەپكە ۋە قوي چىققان تەرەپكە يېرىمدىن مەلۇم مىقداردا پۇل قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولغان بولسا، تۆگە چىققان تەرەپنىڭ شۇنداق قىلىشى توغرىدۇر. چۈنكى، مىراسلارنى بۇ شەكىلدە تەقسىم قىلىش ئۇنى ئۇلارنىڭ رازىلىقى بىلەن تەقسىم قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۆگىنى ئالغان تەرەپ ئۇنىڭ يېرىمىنى ئۆزىنىڭ مىراستىكى ھەققى بىلەن ۋە قالغان يېرىمىنى پۇل بىلەن ئالغان ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق قىلىش توغرىدۇر.

ئەگەر شېرىك نەرسىدىكى پايلار تەقسىم قىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن شېرىكلەرنىڭ بىرى پۇشايمان قىلسا، پۇشايمان قىلغان شېرىك تەقسىماتنى ئەمەلدىن قالدۇرالمايدۇ. چۈنكى، تەقسىمات تاماملىنىپ بولدى. ھەر بىر شېرىكنىڭ پېيى بەلگىلىنىپ بولدى. ئەگەر ئۇ شېرىك پايلار بەلگىلىنىپ بولۇشتىن بۇرۇن تەقسىماتتىن يېنىۋالماقچى بولسا، ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشى توغرىدۇر. چۈنكى، ئۇ ھالەتتە تەقسىمات تېخى تاماملىنىپ بولمىغاندۇر. شۇنىڭدەك يەنە شېرىك نەرسە ئۈچ پايغا بۆلۈنگەن ئۇنىڭ بىر پېيىغا چەك تاشلىنىپ بولغان، ئىككى پېيى قالغان بولسا، پۇشايمان قىلغان شېرىك تەقسىماتنى ئەمەلدىن قالدۇرالايدۇ. چۈنكى، بۇ ھالدىمۇ تەقسىمات تېخى تاماملىنىپ بولغان ھېسابلانمايدۇ.

ئەگەر شېرىك نەرسىنىڭ ئىككى پېيىغا چەك تاشلىنىپ بولغان ۋە بىر پېيى قالغان بولسا، پۇشايمان قىلغان شېرىك تەقسىماتنى ئەمەلدىن قالدۇرالمايدۇ. چۈنكى، بۇ ھالەتتە تەقسىمات تاماملىنىپ بولغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئىككى شېرىكنىڭ ئالىدىغان پېيى ئېنىق بولۇپ بولغاچقا، چەك چىقماي قالغان پاينىڭ پۇشايمان قىلغان شېرىككە تەۋە بولىدىغانلىقى ئېنىقتۇر.

شېرىكلىككە تەۋە بىر پارچە يەرنىڭ يېرىمى ۋەقپە ۋە يېرىمى مۇقىم مۈلۈك بولغان، ئۇ يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ئادەم ئۇ يەرنى بۇرۇن ۋەقپە قىلىپ بەرگەن ئادەمنىڭ ئۆزى بولغان بولسا، بۇ تەقسىمات توغرا بولىدۇ. ئۇ ئادەم ۋەقپە يەرنى قولىغا ئالغان ۋە ۋەقپە ئەمەس يەرنى شېرىكىدىن سېتىپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ئادەم ئۇ يەرنى ۋەقپە قىلىپ بەرگەن ئادەمنىڭ ئۆزى بولماي باشقا بىرى بولغان بولسا، بۇ تەقسىمات توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇنداق قىلىش ۋەقپە قىلىنغان يەرنىڭ بىر قىسمىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ۋەقپە يەر ۋەقپە ھالىتىدە قالىدۇ. سېتىپ ئالغان يەر مۈلۈك سۈپىتىدە قالىدۇ ۋە بۇ ھەرگىز ۋەقپە يەرگە ئايلانمايدۇ.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 167 ـ بەت

# ھەق ـ ھوقۇقنى تەقسىم قىلىشنىڭ بايانى

ئىككى شېرىك ئارىسىدىكى شېرىك يەر تەقسىم قىلىنغان، يەر تەقسىم قىلىنغان ۋاقىتدا ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ يېرىگە سۇ كېلىدىغان ئېرىق ۋە يول بولسا يەنە بىرىنىڭ يېرىدىن ئۆتۈپ كېلىدىغان شەكىلدە تەقسىم قىلىنىپ قالغان، لېكىن تەقسىماتتا ئۇنداق قىلىش شەرت قىلىنمىغان بولسا، ئۇ شېرىك يېرىگە سۇنى يەنە بىر شېرىكنىڭ يېرىدىن ئۆتكۈزۈپ ئېلىپ كېلىدۇ. يول ئۇچۇنمۇ يەنە بىر شېرىنىڭ يېرى ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئەگەر شۇنداق قىلىش مۇمكىن بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ شېرىكنىڭ يېرىگە سۇنى يەنە بىر شېرىكنىڭ يېرىدىن ئۆتكۈزۈپ ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن بولمىسا، بارلىق ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىچە ئۇ تەقسىمات ئەمەلدىن قالىدۇ. ئاندىن ئۇ يەر ھەر بىر شېرىكنىڭ يېرىگە سۇ كېلىدىغان سۇ ئېغىزى ۋە يول بولىدىغان شەكىلدە تەكرار تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەگەر يەر بۇ شەكىلدە تەقسىم قىلىنسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شېرىكچىلىك پۈتۈنلەي ئايرىلىدۇ.

ئەگەر يەر تەكرار تەقسىم قىلىنغان تەقدىردىمۇ ھەر بىر شېرىكنىڭ يېرىگە سۇ كېلىدىغان سۇ ئېغىزى ۋە يول بولىدىغان شەكىلدە تەقسىم قىلىش مۇمكىن بولمىسا، بۇ ھالدا ئۇ يەرنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟

كۆچلۈك دەپ قارالغان قاراشقا ئاساسەن ئۇ يەر يېرىنىڭ سۇ ئېغىزى ۋە يولى يەنە بىر شېرىكنىڭ يېرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدىغان شېرىكنىڭ سۇ ئېغىزىنى ۋە يولنى ئىشلىتىش شەرتى بىلەن تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار سۇ ئېغىزى بىلەن يولنى بۇرۇنقىدەك بىللە ئىشلىتىشنى شەرت قىلىشقان بولسا، ئۇ تەقسىمات ئەمەلدىن قالمايدۇ. ئۇلار سۇ ئېغىزى بىلەن يولنى بۇرۇنقىدەك شېرىك ھالىتىدە ئىشلىتىدۇ.

ئەگەر شېرىك بىر قورۇنى تەقسىم قىلىشماقچى بولغان شېرىكلەر قورۇنىڭ يولنى قورۇ بىلەن بىللە تەقسىم قىلىش ياكى قىلماسلىق ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، مەسىلەن شېرىكلەرنىڭ بەزىلىرى: «يول تەقسىم قىلىنمايدۇ. يول بۇرۇنقىدەك شېرىك ھالىتىدە قېلىپ قالىدۇ» دېسە، قازى قورۇنىڭ ئەمەلى ئەھۋالىغا قارايدۇ. ئەگەر قورۇدىن ھەر بىر شېرىككە تەقسىم قىلىنغان قىسمىغا ئۇ شېرىكلەرنىڭ ئۆزلىرىگە خاس يول ئېلىشى مۇمكىن بولسا، قازى ھەر بىر شېرىك ئۆزىگە خاس يول ئېچىپ پايدىلانسۇن، دەپ شېرىك يولنىمۇ تەقسىم قىلىۋېتىدۇ. ئەگەر قورۇدىن ھەر بىر شېرىككە تەقسىم قىلىنغان قىسمىغا ئۇ شېرىكلەرنىڭ

ئۆزلىرىگە خاس يول ئېلىشى مۇمكىن بولمىسا، قازى قورۇنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىللە ئىشلىتىشى ئۈچۈن بىر يول ئېچىپ قويۇپ تەقسىم قىلىدۇ.

ئەگەر ئۇلار شېرىك يولنىڭ قانچىلىك كەڭلىكتە ۋە ئېگىزلىكتە بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، يولنىڭ كەڭلىكى دەرۋازىنىڭ كەڭلىكىدىن ئازراق كەڭ بولىدۇ. بۇ بىر قىسىم ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. يەنە بىر قىسىم ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشى باشقىچىدۇر. ئەگەر ئۇلار يولنىڭ قورۇنىڭ ئىشكىنىڭ ئېگىزلىكىنىڭ ئۈستىدىكى قىسمىنىڭ قانچىلىك ئېگىزلىكتە بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، يولنىڭ ئىشكىنىڭ ئۈستۈن قىسمى كالىنىڭ بويىنىڭ مىقدارىدا قىلىپ ئۆلچۈلىدۇ. شۇڭا ھەر بىر ئادەم ئىشكىنىڭ ئۈستىدىكى بوش يەرگە بالكۇن چىقىرالايدۇ. ئەمما يولنىڭ ئىشكىنىڭ ئېگىزلىگىچە بولغان بوشلۇققا ئىشىكى ئۇ يولغا قارايدىغان ھەر بىر ئادەم شېرىكتۇر. شۇڭا ئۇ بوشلۇققا بالكۇن ياكى ئۆي سالماقچى بولغان ئادەم باشقىلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشى لازىم. ئۇ ئادەم ئۇ بوشلۇققا باشقىلارنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ ئۆي سالالمايدۇ.

گەرچە شېرىكلەرنىڭ قورۇدىكى پېيى ئوخشاش بولسىمۇ ئەگەر ئۇلار يولنى بەزىلىرى چىق ۋە بەزىلىرى ئاز ئېلىشنى شەرت قىلىشسا، توغرا بولىدۇ. چۈنكى، جازانە ماللىرىدىن باشقا ماللارنى تەقسىم قىلىشقان ۋاقتىدا شېرىكلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇ ماللاردىن ئاز، بەزىلىرى چىق ئالسا خاتا بولمايدۇ. شۇڭا سامانلارنى بىر يۇدۇم - بىر يۇدۇمگە بۆلۈپ تەقسىم قىلىش توغرىدۇر. چۈنكى، ھەر بىر يۇدۇمنىڭ ئارىسىدىكى پەرق ئانچە كۆپ بولمايدۇ. ئەمما ئۈزۈمنى سۈۋەتتە تەقسىم قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۈزۈم كەمچىلەر بىلەن كەمچىلىنىدىغان ئەمەس تارازىدا تارتىلىنىدىغان نەرسىدۇر.

## شېرىكلىككە تەۋە ئۈستۈن قەۋەتنى ۋە شېرىكلىككە تەۋە ئاستىن قەۋەتنى تەقسىم قىلىشنىڭ ھۆكمى

ئۈستۈن قەۋەت بىلەن ئاستىن قەۋەتتىكى شېرىكچىلىك مۇنداق بىر نەچچە شەكىلدە بولىدۇ:

1 - ئىككى قەۋەت ئۆينىڭ ھەر ئىككى قەۋىتىگە شېرىك بولۇش.

2 - ئۈستى شېرىك ئەمەس ئاستىن قەۋىتى ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدا شېرىك بولۇش.

**3 ـ ئۈستى قەۋەتى ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدا شېرىك ئاستى قەۋەتى شېرىك بولماسلىق.**

ئىككى قەۋەت شېرىك ئۆي شېرىكلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىنماقچى بولسا، ھەر بىر قەۋەت ئۆي ئۆز ئالدىغا باھالىنىدۇ، ئاندىن تەقسىم قىلىنىدۇ. بۇ ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۆيلەر گەزلىنىدۇ (يەنى مېترلىنىدۇ) ئاندىن تەقسىم قىلىنىدۇ» دەيدۇ. ئىمام مۇھەممەدنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، ئۆينىڭ ئاستىن قەۋەتىدە ئۇنىڭ ئۈستۈن قەۋەتىدە يوق ئالاھىدىكلەر بار. مەسىلەن: ئۆينىڭ ئاستىن قەۋەتىگە قۇدۇق كولىغىلى بولىدۇ. ئېغىل قورغىلى بولىدۇ. شۇڭا ئۆينىڭ ئاستىن قەۋەتى بىلەن ئۈستۈن قەۋەتىنى مېترلاش ئارقىلىقلا ئادىللىق بىلەن تەقسىم قىلىشقا بولمايدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ دەلىل ـ پاكىتى ئۆينى مېترلاپ مېترگە قارىتا تەقسىم قىلىش ئەسلى قائىدىدۇر. چۈنكى، شېرىكچىلىك ئەسلىدە ئۆينىڭ باھاسىدا ئەمەس ئۇنىڭ مېترىدىدۇر. ئۆينى مېترلاپ تەقسىم قىلىش مۇمكىندۇر. شۇڭا ئۆي مېترلاپ تەقسىم قىلىنىدۇ. ئۆيدە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغىنى ئۆينىڭ ھەر خىل ئىشلاردا ئەمەس ئولتۇرۇش ئىشلىرىدا ئوخشاش بولىشىدۇر. بۇ ئىككى ئىمام ئۆينى مېترلاپ تەقسىم قىلىشتا بىر پىكىرگە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار قانداق شەكىلدە تەقسىم قىلىش ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۈستۈن قەۋەتنىڭ ئىككى مېترىگە ئاستىن قەۋەتتىن بىر مېتىر بېرىلىدۇ» دېدى. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بىر مېترگە بىر مېتىر بېرىلىدۇ» دېدى.

بەزى ئالىملار: «بۇ ئىككى ئىمامنىڭ ئىختىلاپىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ بۇ مەسىلىگە ئۆز زامانىسىنىڭ ۋە ئۆز يۇرتىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە قارىتا جاۋاب بېرىشىدۇر. چۈنكى، بەزى يەردە بەزى ۋاقىتتا ئاستىن قەۋەت ئۈستۈن قەۋەتتىن ئارتۇق ھېسابلىنىدۇ. بەزى ۋاقىتتا ھەر ئىككىسى ئوخشاش ھېسابلىنىدۇ. بەزى ۋاقىتتا ئۈستۈن قەۋەت ئاستىن قەۋەتتىن ئارتۇق ھېسابلىنىدۇ» دېدى.

ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، ئاستىن قەۋەتتىن كېلىدىغان مەنپەئەت ئۈستۈن قەۋەتكە قارىغاندا ئارتۇقتۇر. چۈنكى، ئاستىن قەۋەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈستۈن قەۋەت يىقىلىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ داۋام قىلىدۇ. ئەمما ئۈستۈن قەۋەتنىڭ مەنپەئەتى ئاستىن قەۋەت يېقىلىپ كەتكەندىن كېيىن داۋام قىلمايدۇ. يەنە كېلىپ ئاستىن قەۋەتتىن ھەم ئولتۇرۇش ئۈچۈن ھەم باشقا ئىش ئۈچۈن پايدىلانغىلى بولىدۇ. ئەمما ئۈستۈن قەۋەتتىن پەقەت ئولتۇرۇش

ئۇچۇنلا پايدىلانغىلى بولىدۇ. چۈنكى، ئۈستۈن قەۋەتكە بىرەر ئىغىز ئۆي سېلىشتا ئاستىن قەۋەتنىڭ ئىگىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش لازىم بولىدۇ. شۇڭا ئۈستۈن قەۋەتنىڭ ئىككى مېترى ئاستىن قەۋەتنىڭ بىر مېترىگە تەڭ كېلىدۇ، دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، مەيلى ئاستىن قەۋەت بولسۇن مەيلى ئۈستۈن قەۋەت بولسۇن ئۆيدىن پەقەت ئولتۇرۇش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئولتۇرۇش ئۇچۇن پايدىلىنىشقا ئاستىن قەۋەت بىلەن ئۈستۈن قەۋەت ئوخشاشتۇر. شۇڭا بىر مېتىر بىر مېترگە تەڭ كېلىدۇ. ھەر بىر قەۋەت ئىگىسىنىڭ باشقا قەۋەتنىڭ ئىگىسىگە زىيان يېتىپ قالمايدىغان دەرىجىدە ئىش قىلىشى لازىم.

ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، ئۆيدىن ئېلىنىدىغان مەنپەئەت ئۆينىڭ ئىسسىق ۋە سوغۇق بولۇشى بىلەن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا ئۆينى ئادىللىق بىلەن تەقسىم قىلىش مېتىر بىلەن ئەمەس ئۇنىڭ باھاسى بىلەن بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەتتۇر. كۆنۈمىزدە بۇ ھەقتە پەتىۋا ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشى بويىچە بېرىلىدۇ.(1)

بۇ ئەگەر ئىختىلاپ ئۆينىڭ كۆلۈمى ھەققىدە كۆرۈلسە، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئىختىلاپ ئۆينىڭ كۆلۈمىدە ئەمەس ئۆينىڭ قورۇلىشىدا بولسا، ھەممە ئىماملارنىڭ قارىشىچە ئۆينىڭ قورۇلىشى باھالىنىپ ئاندىن تەقسىم قىلىنىدۇ.

## شېرىكلەرنىڭ ئىختىلاپ قىلىشىنىڭ بايانى

شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىشقان شېرىكلەر بىر ئىش ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان، ئاندىن ئۇ نەرسىنى تەقسىم قىلغان ئىككى كىشى ئۇ ئىش ئۈستىدە گۇۋاھلىق بەرگەن بولسا، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىچە ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، بۇ مەزكۇر ئىككى كىشىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا ئۆزلىرى گۇۋاھلىق بېرىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىمام شافىئىينىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشى ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشى بىلەن ئوخشاش.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 167 ـ بەت

ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ ئىماملىرىدىن بولغان ئىمام خەسساپ (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئىمام مۇھەممەدنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشى ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ قارىشى بىلەن ئوخشاش. ئىككى ئىمامنىڭ قارىشىچە، ئۇ نەرسىنى تەقسىم قىلغان ئىككى كىشىنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى گۇۋاھلىقىنىڭ شېرىكلەرنىڭ ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغانلىقى ھەققىدە بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇ مەزكۇر كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا ئۆزلىرى گۇۋاھلىق بېرىش ئەمەس باشقىلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا گۇۋاھلىق بېرىشى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ كىشىلەرنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ» دەيدۇ.

ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ ئىماملىرىدىن ئىمام تەھاۋىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىشقان ئىككى كىشى ئەگەر ئۇ نەرسىنى ئىش ھەققى ئېلىپ تەقسىم قىلىشقان بولسا، ئىماملارنىڭ بىردەك قارىشىچە ئۇلارنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، بۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئۆزلىرىنىڭ ئىش ھەققى ئېلىپ قىلغان تەقسىماتنى تولۇق قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقى كۆرۈنۈشتە گۇۋاھلىق، ماھىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئىشنى تولۇق قىلغانلىقىنى دەۋا قىلغانلىق بولىدۇ» دېدى. بىر قىسىم ئىماملار ئىمام تەھاۋىينىڭ بۇ سۆزلىرىنى توغرا دەپ قارىدى. لېكىن بىز (يەنى ھەنەفىي مەزھەپىدىكى باشقا ئىماملار) مۇنداق دەيدۇ: «گۇۋاھلىق بەرگەن كىشىلەر بۇ گۇۋاھلىق بىلەن ئۆزلىرىگە بىرەر مەنپەئەت ئېلىپ كەلگەن بولمايدۇ. چۈنكى، شېرىكلەر ئۇ كىشىلەرنىڭ تەقسىماتنى ياخشى قىلغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەندۇر. شېرىكلەرنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىختىلاپ پەقەت شېرىكلەرنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئۆز پېيىنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىق ياكى ئالمىغانلىق ھەققىدىدۇر. شۇڭا ئۇ كىشىلەر گۇۋاھلىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن بەرگەن ھېسابلىنىدۇ، دېگەن قاراش ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ».

ئەگەر گۇۋاھلىق بەرگەن كىشى ئىككى كىشى بولماي بىر كىشى بولغان بولسا، چۈنكى، بىر ئادەمنىڭ باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەگەر قازى قول ئاستىدىكى ئىشەنچلىك ئادىمىنى مال ـ مۈلۈكنى بىر كىشىگە بېرىشكە بۇيرۇغان، (كېيىن ئۇنىڭ مالنى بەرگەنلىك ياكى بەرمىگەنلىك ھەققىدە ئىختىلاپ كۆرۈلگەن) ۋە ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ مالنى ئۇنىڭغا بەرگەنلىكىنى دېسە، ئۇنىڭ بۇ سۆزى پەقەت ئۇ مالنى تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىنىڭ ئۆزىگە يۈكلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىشىدىلا قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر مالنى تاپشۇرۇپ ئېلىۋالدىغان كىشى مالنى ئالغانلىقنى ئىنكار قىلىپ تۇرسا، ئۇ ئادەمنىڭ سۆزى ئۇ كىشىنىڭ مالنى

چوقۇم ئالغانلىقى توغرىسىدا قوبۇل قىلىنمايدۇ.[1]

شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىشقان شېرىكلەرنىڭ ئىختىلاپ قىلىشىپ قېلىشلىرى مۇنداق بىر نەچچە خىل شەكىلدە بولىدۇ:

1 ـ بەزى شېرىكلەر شېرىك نەرسىدىكى پېيىنى ئالغانلىقىغا ئىنكار قىلىدۇ ۋە ئۇ نەرسىنى تەقسىم قىلغان كىشىلەر ئۇ شېرىكنىڭ ئۇ نەرسىدىكى پېيىنى تولۇق ئالغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ كىشىلەر ئۇ نەرسىنى ئىش ھەققى ئېلىپ تەقسىم قىلغان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشىلەر ئۇ شېرىكنىڭ ئۇ نەرسىدىكى پېيىنى تولۇق تاپشۇرۇپ ئالغانلىقى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەردى. بۇ گۇۋاھلىق ئۇزلىرى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى باشقىلارنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن بەرگەن گۇۋاھلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ گۇۋاھلىق قوبۇل قىلىنىدۇ. ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ كىشىلەر ئۇ نەرسىنى مەيلى ئىش ھەققى ئېلىپ تەقسىم قىلسۇن مەيلى ئىش ھەققى ئالماي تۇرۇپ تەقسىم قىلسۇن ئۇلارنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار گۇۋاھلىقنى ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن بەرگەن ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار شېرىك نەرسىنى ئىش ھەققى ئېلىپ تەقسىم قىلغان ۋاقتىدا، ئەگەر تەقسىمات كۆچكە ئىگە بولسا، ئۇلارغا مەنپەئەت (ئىش ھەققى) كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ مەنپەئەت ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. (شۇڭا ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ)» دېدى.

2 ـ شېرىكلەرنىڭ بىرى شېرىك نەرسىدىكى پېيىنى تولۇق ئالغانلىقىنى، لېكىن ئۇ پايىنىڭ خاتالىشىپ باشقا بىر شېرىكنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ. ئۇ شېرىكنىڭ بۇ دەۋاسى ياكى بۇ ھەقتە پاكىت كۆرسىتىشى بىلەن ياكى ئۇستىدىن دەۋا قىلىنغان شېرىكنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ خاتالىشىپ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئىقرار قىلىشى بىلەن ياكى بۇ ھەقتە قەسەم قىلىشتىن باش تارتىشى بىلەن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر شېرىكلەر ئىككىدىن ئارتۇق كىشى بولغان، ئۇستىدىن دەۋا قىلىنغان شېرىك دەۋاگەرنىڭ پېيىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان بولسا، ھەر ئىككى شېرىكنىڭ قولىدىكى نەرسىلەر توپلىنىپ ئۇلار ئارىسىدا شېرىك نەرسىدىكى پايلىرىغا قارىتا تەقسىم قىلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ شېرىكنىڭ ئىنكار قىلىشى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن پاكىت ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىككى شېرىككە ئۇلارنىڭ گۇمانىغا قارىتا تەقسىم قىلىنىدۇ. بەزى قاراشتا: ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنماسلىقى لازىم، دېيىلىدۇ.

ئەگەر دەۋاگەر شېرىك: «ماڭا شېرىك نەرسىدىكى پېيىم تولۇق تەقسىم قىلىپ

(1) «ئەلھىدايە»، 4 ـ توم، 48 ـ بەت.

بېرىلدى، لېكىن مەن ئۇنىڭ بىر قىسمىنى قولۇمغا تاپشۇرۇپ ئالدىم، (قالغان قىسمى باشقا شېرىكنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ)» دېگەن ۋە ئۇستىدىن دەۋا قىلىنغان شېرىك بۇنىڭغا ئىنكار قىلغان بولسا، ئىنكار قىلغۇچى شېرىكنىڭ قەسەم قىلىپ تۇرۇپ دېگەن سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، بىرىنچى شېرىك ئۆزىنىڭ پېيىنى ئىككىنچى شېرىكنىڭ ئېلىۋالغانلىقىنى دەۋا قىلىدۇ. ئىككىنچى شېرىك بۇنىڭغا ئىنكار قىلىدۇ. بۇ ھالدا ئىنكار قىلغان تەرەپنىڭ قەسەم قىلىپ تۇرۇپ دېگەن سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

ئەگەر دەۋاگەر شېرىك: «ئۇ شېرىك مېنى پالانى يەرگە ئېلىپ باردى، لېكىن ئۇ نەرسىدىن ماڭا تېگىشلىك بولغان پاينى تاپشۇرۇپ بەرمىدى» دېگەن ۋە ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىدىكى پېيىنى ئالغانلىقىنى ئىقرار قىلمىغان، ئىككىنچى شېرىك ئۇنىڭ بۇ دەۋاسىنى ئىنكار قىلغان بولسا، ئۇلار قەسەم قىلىشىدۇ ۋە تەقسىمات ئەمەلدىن قالىدۇ. چۈنكى بۇ ئىختىلاپ داۋاگەر شېرىككە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن نەرسىنىڭ مىقدارىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە كۆرۈلگەن ئىختىلاپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خۇددى سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنىڭ مىقدارىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە كۆرۈلگەن ئىختىلاپقا ئوخشاش. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىختىلاپى شېرىك نەرسىنىڭ باھاسىدا بولغان (يەنى شېرىكلەرنىڭ بىرى ئۇ نەرسىنى باھالىغان ئۇ ئادەم ئۇنى كەم ياكى ئارتۇق باھالىدى، دېگەن، يەنە بىرى بولسا ئۇنداق قىلمىدى، دېگەن) بولسا، ئۇلارنىڭ بۇ ئىختىلاپىغا قارالمايدۇ. چۈنكى، بۇ شېرىكنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ ئالدىنىپ كەتكەنلىكىنى دەۋا قىلىش ھېسابلىنىدۇ. ئۆزىنىڭ ئالدىنىپ كەتكەنلىكىنى دەۋا قىلىش سودا ـ سېتىقتىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، شۇنىڭدەك تەقسىماتتىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، تەقسىمات شېرىكلەرنىڭ رازىلىقى بىلەن بولغاندۇر. ئەگەر تەقسىمات قازىنىڭ ھۆكۈمى بىلەن بولغان ۋە دەۋا قىلغان شېرىك بەك ئېغىر ئالدىنىپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ دەۋاسىغا قۇلاق سېلىنىدۇ. چۈنكى، قازىنىڭ ھۆكۈمىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ھۆكۈمىنىڭ ئادىل بولغان بولۇشىغا باغلىقتۇر.

ئەگەر ئىككى شېرىك ئايرىلىرىدىكى شېرىك قورۇنى تەقسىم قىلىشىپ قورۇنىڭ بىر قىسمىنى بىرى، يەنە بىر قىسمىنى يەنە بىرى ئالغان، ئاندىن ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىنىڭ قولىدىكى بىرەر ئېغىز ئۆيىنىڭ ئەسلىدە ئۆزىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ئۆي ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان، بۇنى قارشى تەرەپ ئىنكار قىلغان بولسا، دەۋا قىلغان شېرىكنىڭ پاكىت كۆرسىتىشى لازىم. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، دەۋا قىلىنغان ئۆي قولىدا بولمىغان شېرىكنىڭ قىلغان دەۋاسى كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

ئەگەر ئۇلار بۇ دەۋانى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەقسىم قىلىنغان نەرسىنى قولىغا

تاپشۇرۇپ ئالغانلىقىغا گۇۋاھچى تۇرغۇزۇشتىن بۇرۇن قىلىشقان بولسا، ئۇلار قەسەم قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ ۋە قەسەم قىلىپ بولۇشقاندىن كېيىن تەقسىم قىلىپ قولىدىكى ئالغان نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ بېرىشىدۇ. ئەگەر ئۇلار قورۇدىن ئۆزلىرىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن قىسمىنىڭ چەك ـ چېگراسىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان ۋە ھەر بىرى ئۆزلىرىنىڭ دەۋاسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە قورۇنىڭ قارشى تەرەپنىڭ قولىدىكى قىسمى بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ قولىدا پاكىت بولمىسا، ئۇلار قەسەم قىلىشىشقا بۇيرۇلىدۇ.[1]

## شېرىك نەرسە تەقسىم قىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۇ نەرسىنىڭ ئۇلارنىڭ بىرىگە تەقسىم قىلىنغان قىسمىنىڭ ياكى ھەر ئىككىسىگە تەقسىم قىلىنغان قىسمىنىڭ باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قېلىشىنىڭ بايانى

شېرىك نەرسە تەقسىم قىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۇ نەرسىنىڭ شېرىكلەرنىڭ بىرىگە تەقسىم قىلىنغان قىسمىنىڭ مۇئەييەن بىر پارچىسى بىر ئادەمگە تەۋە چىقىپ قالسا، تەقسىمات ئەمەلدىن قالمايدۇ. ئۇ شېرىك ئۇ نەرسىنىڭ يەنە بىر شېرىككە تەقسىم قىلىنغان قىسمىدىن ئۆزىگە تېگىشلىك بولغانىنى ئالىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىچە ئۇ تەقسىمات ئەمەلدىن قالىدۇ.

<ئەلھىدايە> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئىمام مەرغىنانىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «شېرىك نەرسىنىڭ شېرىكلەرنىڭ بىرىگە تەقسىم قىلىپ بېرىپ بولۇنغان قىسمىنىڭ مۇئەييەن بىر پارچىسى باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغان ۋاقىتتا تەقسىماتنىڭ ئەمەلدىن قالىدىغانلىقى ياكى قالمايدىغانلىقى ھەققىدە ئىماملار ئارىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلدى. <ئەلئەسرار> دېگەن كىتابتىمۇ شۇنداق بايان قىلىندى. توغرىسى بۇ ئىختىلاپ شېرىكلەرنىڭ بىرىگە تەقسىم قىلىپ بېرىپ بولۇنغان قىسمىنىڭ مۇئەييەن بىر پارچىسى ئەمەس ئۇنىڭ مەلۇم بىر پارچىسى باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغاندىدۇر. (يەنى بۇ ھالەتتە تەقسىمات ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ قارىشىدا ئەمەلدىن قالىدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشىدا ئەمەلدىن قالمايدۇ). ئەمما شېرىكلەرنىڭ بىرىگە

(1) «ئەلھىدايە»، 4 ـ توم، 48 ـ بەت.

تەقسىم قىلىپ بىرىپ بولۇنغان قىسمىنىڭ مۇئەييەن بىر پارچىسى باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالسا، بارلىق ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىچە تەقسىمات ئەمەلدىن قالمايدۇ. ئەگەر شېرىك نەرسىنىڭ ئومۇمىيسىدىن مەلۇم بىر پارچىسى بىرىگە تەۋە چىقىپ قالسا، ھەممە ئىمامنىڭ بىردەك قارىشىچە تەقسىمات ئەمەلدىن قالىدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، شېرىك نەرسىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنىڭ باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قېلىشى بىلەن ئۇ نەرسىدە شېرىكچىلىكى بار ئۈچىنچى شېرىك مەيدانغا چىققان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسە ئەگەر ئۈچىنچى شېرىكنىڭ رازىلىقىسىز تەقسىم قىلىنسا، تەقسىمات ئەمەلدىن قالىدۇ. ئۇ نەرسىنىڭ ھەر بىر شېرىككە تەقسىم قىلىنغان قىسمىنىڭ مەلۇم بىر پارچىسمۇ باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغان بولسىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنىڭ مەلۇم بىر پارچىسىنىڭ باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قېلىشى بىلەن تەقسىماتنىڭ مەنىسى ئەمەلدىن قالىدۇ. چۈنكى، ئۆزىگە تەۋە قىسمىنىڭ مەلۇم بىر پارچىسى باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغان شېرىك ئۇ نەرسىدىن ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان قىسمىنى يەنە بىر شېرىككە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن قىسمىنىڭ مەلۇم بىر پارچىسىدىن  قايتۇرۇپ ئېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەمما ئۇ شېرىككە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن قىسمىنىڭ مۇئەييەن بىر پارچىسى باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغان ۋاقىتدا ئەھۋال ئۇنداق بولمايدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر.

ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ شېرىكلەرنىڭ بىرىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن مەلۇم بىر پارچىسىنىڭ باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قېلىشى بىلەن تەقسىماتنىڭ ئەسلى مەنىسى ئەمەلدىن قالمايدۇ. شېرىك نەرسىنى دەسلىۋىدىن باشلاپ بۇ شەكىلدە تەقسىم قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: شېرىك بىر قورۇنىڭ باشقا قىسمىغا ئاساسلىق ئىككى ئادەم ۋە ئۈچىنچى بىر ئادەم شېرىك بولغان ۋە ئاياغ قىسمىغا ئۇ ئىككى ئادەم شېرىك بولغان، ئاندىن ئۇ ئىككى ئادەم ئۇ قورۇنى قورۇنىڭ باش قىسمىدىن ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان ھەققى ۋە ئاياغ قىسمىدىن تۆتتىن بىرى ئۇلارنىڭ بىرىگە بېرىلىش شەرتى بىلەن تەقسىم قىلىشقان بولسا، بۇ تەقسىمات توغرا بولغان ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ شەكىلدىكى تەقسىمات ئىشنىڭ ئاخىرىسىدا بولسىمۇ يەنە توغرا بولىدۇ. بۇ خۇددى شېرىكلەرنىڭ بىرىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن قىسمىنىڭ مۇئەييەن بىر پارچىسى باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغىنىغا ئوخشاش. ئەمما شېرىك نەرسە ئىككى شېرىككە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەندىن كېيىن ھەر ئىككى شېرىككە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن قىسمىنىڭ مەلۇم مىقدارى باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالسا، تەقسىمات

ئەمەلدىن قالىدۇ. چۈنكى، بۇ ھالەتتە تەقسىمات ئەمەلدىن قالماي كۆچىگە ئىگە بولۇپ كەتسە، ئۈچىنچى كىشى زىيان تارتىدۇ. ئەمما يۇقىرىدىكى مەسىلىدە ئەھۋال ئۇنداق ئەمەستۇر.

ئىككى شېرىكنىڭ بىرى شېرىك قورۇنىڭ باشقا قىسمىنى ۋە يەنە بىرى ئاياغ قىسمىنى ئالغان مەسىلىنىڭ شەكلى مۇنداقتۇر. ئىككى شېرىكنىڭ بىرى قورۇنىڭ باش قىسمىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى يەنە بىرى ئاياغ قىسمىنىڭ ئۈچتىن ئىككىنى ئالغان ۋە ھەر بىر شېرىككە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن قىسىم باھا جەھەتتىن ئوخشاش بولغان، ئاندىن قورۇنىڭ باش قىسمىنىڭ يېرىمى باشقا بىر ئادەمگە تەۋە چىقىپ قالغان بولسا، ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشىچە قورۇنىڭ باش قىسمىنى ئالغان شېرىك خالىسا تەقسىماتنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، خالىسا (تەقسىماتنى ئەمەلدىن قالدۇرماي) قورۇنىڭ ئاياغ قىسمىنى ئالغان شېرىكنىڭ قولىدىكى قورۇنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. چۈنكى، ئەگەر قورۇنىڭ باش قىسمىنىڭ ھەممىسى باشقا بىر ئادەمگە تەۋە چىقىپ قالسا، باش قىسمىنى ئالغان شېرىك قورۇنىڭ ئاياغ قىسمىنى ئالغان شېرىكنىڭ قولىدىكى قورۇنىڭ يېرىمىنى قايتۇرۇپ ئالاتتى. شۇڭا قورۇنىڭ باش قىسمىنىڭ يېرىمى بىرىگە تەۋە چىقىپ قالسا، قورۇنىڭ ئاياغ قىسمىنى ئالغان شېرىكنىڭ قولىدىكى قورۇنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. ئەگەر قورۇنىڭ باش قىسمىنى ئالغان شېرىك ئۇنىڭ يېرىمىنى ساتقان، ئاندىن قالغان يېرىمىنىڭ مەلۇم قىسمى باشقا بىر ئادەمگە تەۋە چىقىپ قالغان بولسا، ئۇ شېرىك قورۇنىڭ ئاياغ قىسمىنى ئالغان شېرىكنىڭ قولىدىكى قورۇنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى مەجبۇرىي قايتۇرۇپ ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇ شېرىك قورۇنىڭ باش قىسمىنىڭ يېرىمىنى سېتىش بىلەن ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئىختىيارلىق ئەمەلدىن قالىدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «قورۇنىڭ ئاياغ قىسمىنى ئالغان شېرىكنىڭ قولىدىكى قورۇ ئىككى شېرىك ئارىسىدا يېرىمدىن تەقسىم قىلىنىدۇ. قورۇنىڭ باش قىسمىنى ئالغان شېرىك يەنە بىر شېرىككە ساتقان قىسمىنىڭ يېرىمىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، بۇ ھالەتتە تەقسىمات شەرتىگە توشمىغان ھېسابلىنىدۇ. شەرتىگە توشمىغان مۇئامىلە بىلەن قولغا ئېلىنغان نەرسىمۇ ئۇنى قولغا ئالغان ئادەمنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا قورۇنىڭ باش قىسمىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ساتقان شېرىكنىڭ سودىسى كۈچكە ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ شېرىك يەنە بىر شېرىككە ساتقان قىسمىنىڭ يېرىمىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىدۇ» دەيدۇ.[1]

ئەگەر شېرىك نەرسىنىڭ ھەر بىر شېرىككە تەقسىم قىلىنغان قىسمىنىڭ مەلۇم

(1) «ئەلھىدايە»، 4 ـ توم، 50 ـ بەت.

قىسمى باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالسا، باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغان ھەر ئىككى شېرىكنىڭ قولىدىكى قىسىم مەيلى ئوخشاش مىقداردا بولسۇن (مەسىلەن: يېرىم - يېرىمدىن بولسۇن) مەيلى بىرىنىڭ چىق يەنە بىرىنىڭ ئاز بولسۇن (مەسىلەن: بىر شېرىك قولىدىكى قىسمىنىڭ تۆتتىن بىرى، يەنە بىر شېرىكنىڭ قولىدىكى قىسمىنىڭ يېرىمى تەۋە چىقىپ قالغان بولسۇن) تەقسىمات يەنىلا ئەمەلدىن قالىدۇ.

ئەگەر شېرىك نەرسىنىڭ ھەر بىر شېرىككە تەقسىم قىلىنغان قىسمىنىڭ مۇئەييەن بىر پارچىسى بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغان، ھەر بىر شېرىكنىڭ قولىدىكى باشقىسىغا تەۋە پارچە تۆت مېتىر - تۆت مېتىردىن ياكى بەش مېتىر - بەش مېتىردىن بولغىنىدەك ئوخشاش مىقداردا بولغان بولسا، تەقسىمات ئەمەلدىن قالمايدۇ ۋە شېرىكلەرنىڭ بىرى باشقا بىرىگە تەۋە بولۇپ چىقىپ كەتكەن يەرنى يەنە بىر شېرىككە تەقسىم قىلىنغان يەردىن چىقىرىۋالمايدۇ. ئەگەر ھەر بىر شېرىكنىڭ قولىدىكى باشقىسىغا تەۋە پارچە بىرىنىڭ  تۆت مېتىر، يەنە بىرىنىڭ بەش مېتىر بولغىنىغا ياكى بىرىنىڭ بەش مېتىر، يەنە بىرىنىڭ ئالتە مېتىر بولغىنىغا ئوخشاش پەرقلىق مىقداردا بولسا، بۇ ھالەتتىمۇ تەقسىمات ئەمەلدىن قالمايدۇ. چۈنكى، تەقسىمات ئەمەلدىن قالمىسىمۇ شېرىكلەرنىڭ يەرلىرىدە ھەققى بار ئادەم زىيان تارتمايدۇ. پەقەت يېرىدىن بىر مېتىر يەر ئارتۇق چىقىپ كەتكەن شېرىك ئۇ بىر مېتىر يەرنى يەنە بىر شېرىكنىڭ يېرىدىن ئېلىۋالىدۇ.

ئەگەر ئىككى شېرىكنىڭ ئارىسىدا ئايرىم - ئايرىم ئىككى پارچە يەر بولغان، ئۇلار ئۇ يەرلەرنى تەقسىم قىلىشىپ ھەر بىرى بىر پارچىدىن ئېلىپ ئۇ يەرگە ئۆي سالغان، ئاندىن شېرىكلەرنىڭ بىرىنىڭ قولىدىكى يەر بىر ئادەمگە تەۋە چىقىپ قالغان بولسا، ئۇ شېرىك ئۆيگە كەتكەن چىقىمنىڭ يېرىمىنى يەنە بىر شېرىكتىن ئالىدۇ. كۆچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن بۇ ھەممە ئىمامنىڭ كۆز قارىشىدۇر. بۇ پەقەت ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر، دېگەنلەرمۇ بار. چۈنكى، ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىچە ئىككى قورۇ مەجبۇرىي ھالدا تەقسىم قىلىنمايدۇ. شۇڭا ئۇ تەقسىمات سودا - سېتىقنىڭ مەنىسىدىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر تەقسىمات ئىككى قورۇ ئۈستىدە بولغان ۋە شېرىكلەرنىڭ بىرىگە تەقسىم قىلىنغان قورۇ باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغان بولسا، ئۇ شېرىك ئۇنىڭ يېرىم پۇلىنى يەنە بىر شېرىكتىن ئالىدۇ. ئەگەر تەقسىمات بىر قورۇ ئۈستىدە بولغان ۋە قورۇنىڭ شېرىكلەرنىڭ بىرىگە تەقسىم قىلىنغان قىسمى باشقا بىرىگە تەۋە چىقىپ قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ شېرىك ئۇنىڭ يېرىم پۇلىنى يەنە بىر شېرىكتىن ئالالمايدۇ.

# مىراس، مىراسخورلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن مىراستا قەرزگە ئېلىنغان نەرسىنىڭ بارلىقىنىڭ ئاشكارىلىنىشىنىڭ بايانى

مىراس، مىراسخورلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن تەقسىم قىلىنىپ بولۇنغان مىراسنىڭ ئىچىدە بىرەرسىنىڭ قەرزىنىڭ بارلىقى ئوتتۇرىغا چىقسا، مىراستىكى تەقسىمات ئەمەلدىن قالىدۇ. ئەمما مىراسخورلار ئەگەر ئۇ قەرزنى تەقسىماتتىن بۇرۇن تۆلىۋاتقان ياكى قەرز ئىگىلىرى قەرزىدىن ئۆتىۋاتقان ياكى مىراس ماللىرىدىن قەرزلەرگە بەرگىدەك قالغان بولسا، بۇ ھالدا تەقسىمات ئەمەلدىن قالمايدۇ. چۈنكى، تەقسىماتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىدىغان ھېچقانداق سەۋەب قالمىدى.[1]

ئەگەر مىراسخورلار ئارىسىدا مىراس تەقسىم قىلىپ بولۇنغان، ئاندىن ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن قالغان مىراسنىڭ ھەممىسىگە تەڭ كەلگىدەك قەرزى بارلىقى ئاشكارىلانغان بولسا، تەقسىمات ئەمەلدىن قالىدۇ. چۈنكى، مىراس ماللىرىنىڭ ئىچىدە قەرزنىڭ بولۇپ قېلىشى تەقسىم قىلىنغان مىراسنىڭ مىراسخورلارنىڭ مۈلكى بولۇشىغا توسالغۇ بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ قەرزى ئۇنىڭ پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى ئەمەس مال ـ مۈلۈكنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان دەرىجىدە بولسا، بۇ ھالدىمۇ تەقسىمات ئەمەلدىن قالىدۇ. چۈنكى، مىراس ماللىرىنىڭ ئىچىدە قەرز ئىگىلىرىنىڭمۇ ھەققى بار. لېكىن مىراس ماللىرىدىن قەرزلەرگە بەرگىدەك قالغان بولسا، تەقسىمات ئەمەلدىن قالمايدۇ. چۈنكى، قەرز ئىگىلىرىنىڭ قەرزى تۆلەپ بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن تەقسىماتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىدىغان ھېچقانداق ئامىل قالمىدى. قەرز مەيلى ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ مۈلۈكنىڭ ھەممىسىنى قاپسايدىغان دەرىجىدە بولسۇن مەيلى ئۇنىڭدىن ئاز بولسۇن ئەگەر قەرز ئىگىلىرى قەرزىدىن ئۆتىۋاتسا ياكى مىراسخورلار قەرزنى ئۆز ماللىرىدىن تۆلىۋەتسە، تەقسىمات كۈچكە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، تەقسىماتنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشىغا توسالغۇ بولىدىغان ئامىل يوقالدى.

ئەگەر شېرىكلەرنىڭ بىرى شېرىك نەرسىدە بىرسىنىڭ قەرزىنىڭ بارلىقىنى دەۋا قىلسا، ئۇنىڭ دەۋاسى كۈچكە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ دەۋاسى بىلەن شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىشنىڭ ئارىسىدا زىتلىق يوقتۇر. چۈنكى، قەرز ئادەمنىڭ زىممىسىگە باغلىق بولىدۇ. شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىش بولسا شەكىلگە باغلىق بولىدۇ.

ئەگەر شېرىكلەرنىڭ بىرى قايسى سەۋەب بىلەن بولسا بولسۇن مەلۇم بىر

(1) «ئەلھىدايە»، 4 ـ توم، 51 ـ بەت.

نەرسىنىڭ باشقا بىرىگە تەۋە نەرسە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلسا، ئۇنىڭ دەۋاسىغا قۇلاق سېلىنمايدۇ. چۈنكى، شېرىكلەرنىڭ شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىشقا قەدەم قويغانلىقى ئۇ نەرسىنىڭ ھەممە شېرىك ئارىسىدا ئورتاق بولغان نەرسە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىدۇر.[1]

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر مىراس تەقسىم قىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن مىراستىن مەلۇم مىقداردا پۇل بېرىلىشكە تەۋسىيە قىلىپ قويۇلغان ئادەمنىڭ بارلىقى ئوتتۇرىغا چىققان بولسا، بۇ ھالدىمۇ تەقسىمات ئەمەلدىن قالىدۇ. ئەگەر مىراسخورلار ئۇ ئادەمنىڭ ھەققىنى ئادا قىلسا، تەقسىمات ئەمەلدىن قالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ھەققى مەلۇم مىقداردىكى مالدىدۇر. ئەگەر مىراس تەقسىم قىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن بىر مىراسخور ياكى مىراسنىڭ ئۈچتىن بىرى ياكى تۆتتىن بىرى بېرىلىش تەۋسىيە قىلىنغان ئادەم ئوتتۇرىغا چىققان ۋە مىراسخورلار: «تەقسىماتنى ئەمەلدىن قالدۇرماستىن ئۇنىڭ ھەققىنى بېرەيلى» دېگەن بولسا، تەقسىماتنىڭ ئەمەلدىن قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مىراسخورلار بەرمەكچى بولغان نەرسىنى ئېلىشقا رازى بولۇشى شەرتتۇر. چۈنكى، مەيلى ئوتتۇرىغا كېيىن چىققان مىراسخور بولسۇن مەيلى مىراستىن بېرىلىش تەۋسىيە قىلىنغان ئادەم بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەققى مىراس مېلىنىڭ ئۆزىگە باغلىقتۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەققى مىراس مېلىدىن باشقا مالغا يۆتكىلىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ رازىلىقىنىڭ بولۇشى شەرتتۇر. بۇ ئەگەر تەقسىمات قازىسىز بولغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر تەقسىمات قازىنىڭ ۋاستىسى بىلەن بولغان، ئاندىن بىر مىراسخور تەقسىماتتىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان، قازى مىراسلارنى تەقسىم قىلغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ پېيىنى ئايرىپ قويغان بولسا، تەقسىمات ئەمەلدىن قالمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن مىراستىن بېرىلىش تەۋسىيە قىلىنغان ئادەم ئوتتۇرىغا چىققان ۋە قازى مىراسلارنى تەقسىم قىلغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ پېيىنى ئايرىپ قويغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ تەقسىمات ئەمەلدىن قالمايدۇ.[2]

ئەگەر ئىككى مىراسخور دادىسىدىن قالغان مىراسنى بۆلۈشكەن، ئاندىن ئۇلارنىڭ بىرى مۇئەييەن بىر نەرسىنى دادىسىنىڭ ئۆزىگە بەرگەنلىكىنى دەۋا قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ مىراسخور: «دادام بۇنى ماڭا مەن كىچىك ۋاقتىمدا بەرگەن» دېگەن بولسا، ئۇنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ مىراسخور: «(كىچىك ياكى چوڭ بولغان ۋاقتىمدا دېمەستىن) مۇتلەق قىلىپ دادام ماڭا بەرگەن» دېگەن بولسا، ئۇنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 7 ـ توم، 169 ـ بەت

(2) «ئەلھىدايە»، 4 ـ توم، 51 ـ بەت.

شېرىكلەر بىر پارچە يەرنى تەقسىم قىلىشقان، ئاندىن شېرىكلەرنىڭ بىرى يەنە بىر شېرىككە تەقسىم قىلىنغان يەرگە سېلىنغان بىنانى ئۆزىنىڭ سالغانلىقىنى ياكى تىكلىگەن دەرەخنى ئۆزىنىڭ تىككەنلىكىنى گۇمان قىلىپ تۇرۇپ بىنانىڭ ياكى دەرەخنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلسا، ئۇنىڭ دەۋاسى ۋە كۆرسەتكەن پاكىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، بىنا ياكى دەرەخ قوشۇمچە نەرسە سۈپىتىدە يەرنىڭ تەقسىماتىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. يەرنىڭ ئورنىدا قورۇ بولغان بولسىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ.

ئەگەر شېرىكلەر دەرەخنى ياكى بىنانى تەقسىم قىلىشقان، ئاندىن ئۇلارنىڭ بىرى دەرەخ ياكى بىنا سېلىنغان يەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ياكى بىر قىسمىنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان بولسا، دەۋا قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى، بىناغا ياكى دەرەخكە يەرسىزمۇ شېرىكلىشىش مۇمكىن بولغانلىقى ئۈچۈن يەر ئۇنىڭغا سېلىنغان بىناغا ياكى تىكىلگەن دەرەخكە قاراشلىق بولمايدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ ئىلكىدىكى مېۋە دەرەخنىڭ ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان، ئاندىن ئۇ كىشى: «ئۇ ئادەم ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىلىرى توغرىسىدا مەن بىلەن سودىلاشقان ياكى ئۇنىڭ مېۋىلىرىنى سېتىپ ئالغان» دېگەن بولسا، ئۇ دەرەخنى ئۇ ئادەمگە بەرگەنلىك ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، دەرەخ ئۇ كىشىگە، مېۋىلىرى باشقا بىرىگە تەۋە بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئەمەلىيەتتە كۆرۈلىدىغان ۋە شۇ بويىچە پەتىۋا بېرىلىپ كېلىۋاتقان ئىشتۇر.

شېرىكلەرنىڭ بىرىگە تەقسىم قىلىنغان دەرەخنىڭ شاخ - پۇتاقلىرى ئىككىنچى بىر شېرىككە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن يەرگە ساڭگىلاپ تۇرىدىغان بولسا، ئىككىنچى شېرىكنىڭ ئۇ شېرىكنى دەرەخنىڭ شاخلىرىنى كېسىۋېتىشكە مەجبۇرلاش ھەققى يوق. بۇ ھەقتە پەتىۋا شۇ بويىچە بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ شېرىك ئۇ دەرەخنى ئاشۇ ھالىتىدە قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر شېرىكلەرنىڭ بىرىگە تىگى ئىككىنچى شېرىكنىڭ يېرىگە كىرىپ كەتكەن بىر تام تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن بولسا، ئىككىنچى شېرىكنىڭ ئۇ شېرىكنى تامنى يىقىۋېتىشكە بۇيرۇش ھەققى يوق.

## تەقسىماتتا قاتتىق ئالدىنىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئاشكارىلىنىشىنىڭ بايانى

ئەگەر تەقسىماتتا بىر تەرەپنىڭ قاتتىق ئالدىنىپ كەتكەنلىكى بىلىنگەن بولسا، مەسىلەن: ئۇ تەرەپكە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن نەرسە **1000** سوم دەپ باھالانغان، ئەمەلىيەتتە ئۇ **500** سوملۇق نەرسە بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر تەقسىمات قازىنىڭ ھۆكۈمى

بىلەن بولسا، تەقسىمات بارلىق ئىمامىلارنىڭ كۆز قارىشىچە ئەمەلدىن قالىدۇ. چۈنكى، قازىنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ئۇ ھۆكۈمنىڭ ئادىل بولغان بولۇشى شەرت. ئەمما قازىنىڭ تەقسىمات ھەققىدە چىقارغان ھۆكمى ئادىللىق بىلەن بولمىدى. شۇڭا تەقسىمات ئەمەلدىن قالىدۇ. ئەگەر تەقسىمات ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقى بىلەن بولغان بولسا، كۆپلۈك قاراشقا ئاساسەن تەقسىمات يەنىلا ئەمەلدىن قالىدۇ. چۈنكى، ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقى بىلەن قىلىنغان تەقسىماتنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈنمۇ تەقسىماتنىڭ ئادىل بولغان بولۇشى شەرتتۇر. ئۇ تەقسىماتتا بۇ ئادىللىق تېپىلمىدى. شۇڭا ئۇ تەقسىمات كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. ئالدىنىپ كەتكەن تەرەپ ئەگەر پېيىنى تولۇق ئالغانلىقىنى ئىقرار قىلمىغانلا بولسا، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىنىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە قىلغان دەۋاسىغا قولاق سېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ پېيىنى تولۇق ئالغانلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىنىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە قىلغان دەۋاسىغا قولاق سېلىنمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ قىلغان ئىقرارى بىلەن دەۋاسى بىر ـ بىرىگە زىتتۇر. ئەگەر ئۇ تەرەپ پېيىنى تولۇق ئېلىپ بولغانلىقىغا ئىقرار قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى باشقا بىرىنىڭ ناھەق ئېلىۋالغانلىقىنى دەۋا قىلغان بولسا، ئۇنىڭ دەۋاسىغا قولاق سېلىنىدۇ.

# شېرىك يەرگە ئۆي سېلىشنىڭ ۋە دەل ـ دەرەخ تىكىشنىڭ ھۆكمى

شېرىكنىڭ بىرى ئىككىنچى شېرىكنىڭ رۇخسىتىسىز شېرىك يەرگە ئۆي سالغان، ئاندىن ئىككىنچى شېرىك ئۇ شېرىكتىن ئۆيىنى يېقىۋېتىشنى تەلەپ قىلغان بولسا، شېرىك يەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۆي تەقسىم قىلىنغان يەرنىڭ ئۆيىنى سالغان شېرىككە بۆلۈپ بېرىلگەن قىسمىغا توغرا كەلسە، بۇ ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. ئەگەر ئۆي تەقسىم قىلىنغان يەرنىڭ ئىككىنچى شېرىككە بۆلۈپ بېرىلگەن قىسمىغا توغرا كەلسە، ئۆي ئىگىسى بولغان شېرىك ئۇنى يېقىۋالىدۇ، ياكى يەرنىڭ باھاسى بويىچە پۇل بېرىپ ئىككىنچى شېرىكنى رازى قىلىدۇ. باشقا بىرىنىڭ يېرىگە ئۆي سالغان، ياكى دەل ـ دەرەخ تىككەن ئادەم ئۆيىنى يېقىۋېلىشقا، ياكى دەل ـ دەرەخنى قومۇرۇۋېلىشقا بۇيرۇلىدۇ. ئەگەر دەل ـ دەرەخنى قومۇرۇۋېلىش ياكى ئۆيىنى يېقىۋېلىش جەريانىدا يەر زىيانغا ئۇچرايدىغان ئىش بولسا، يەر ئىگىسىنىڭ ئۆينىڭ ياكى دەل ـ دەرەخنىڭ پۇلىنى ئۇنىڭ ئىگىسىگە بېرىشى لازىم. يەنى دەسلەپ يەر ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئۆيىسىز ياكى دەل ـ دەرەخسىز بۇدىلىدۇ، ئاندىن يەر ئۈستىدىكى يېقىشقا تېگىشلىك ئۆي ياكى يۇلۇۋېلىشقا تېگىشلىك دەل ـ دەرەخ بىلەن بىرگە يەنە بىر قېتىم بۇدىلىدۇ. بۇ ئىككى بۇداشنىڭ ئارىسىدىن چىققان پەرق پۇلنى

يەر ئىگىسى ئۆيىنىڭ ياكى دەل ـ دەرەخنىڭ ئىگىسىگە بېرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم ئۆزى ئۈچۈن بىر يەرگە ئۇ يەرنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخستى بىلەن ئۆي سالغان بولسا، بۇنىڭ ھۆكمىمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ يەرگە ئۆي سالغان ئادەم يەر ئىگىسىنىڭ پېيىنى ئۆتنىگە ئېلىپ تۇرغان بولىدۇ. شۇڭا يەر ئىگىسى خالىغان ۋاقىتتا يەرنى ئۇ ئادەمدىن قايتۇرۇۋالالايدۇ. ئەگەر ئىككى شېرىكنىڭ بىرى يەنە بىر شېرىككە شېرىكلىككە تەۋە يەرگە ئۆي سېلىشقا رۇخسەت بەرگەن بولسا، رۇخسەت بەرگەن شېرىك ئۇ شېرىكتىن يەردىن پەقەت ئۆزىنىڭ پېيىنىلا قايتۇرۇپ ئالالايدۇ. يەرگە دەل ـ دەرەخ تىكىشنىڭ ھۆكمىمۇ ئۇنىڭغا ئۆي سېلىشنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش.

# تەقسىماتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشنىڭ ھۆكمى

تەقسىماتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقىمۇ بولىدۇ. شېرىكلەر شېرىك نەرسىنى ئارىلىرىدا تەقسىم قىلىشىپ ھەر بىرى ئۆزلىرىنىڭ پېيىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن تەكرار شېرىكلىشىشكە رازى بولۇشقان بولسا، بۇ شېرىكلىشىش توغرا بولىدۇ. شېرىكلىشىش مەيلى يەر ئۈستىدە بولسۇن مەيلى باشقا نەرسە ئۈستىدە بولسۇن بۇرۇنقىدەك كۆچگە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، شېرىك نەرسىنى رازىلىق بىلەن تەقسىم قىلىشىش مال ـ مۈلۈكنى بىر ـ بىرىگە ئالماشتۇرۇشۇش ھېسابلىنىدۇ. بۇ تەقسىماتنى يەنە رازىلىق بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىدۇر.

بۇ ئەگەر شېرىك نەرسە ئوخشىشى بار نەرسە بولمىسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر شېرىك نەرسە ئوخشىشى بار نەرسە بولغان، ئاندىن ئۇ نەرسە تەقسىم قىلىنغان بولسا، بۇ تەقسىمات شېرىكلەرنىڭ تەقسىماتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا رازى بولۇشىشى بىلەنلا ئەمەلدىن قالمايدۇ. چۈنكى، ئوخشىشى بار شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىشىش مال ـ مۈلۈكنى بىر ـ بىرىگە ئالماشتۇرۇشىش ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، ئوخشىشى بار نەرسىدە ئۇنى ئايرىپ چىقىرىش تەرىپى ئېغىردۇر. ئەگەر شېرىكلەر تەقسىم قىلىشقان ئوخشىشى بار نەرسىنى ئۆز رازىلىقلىرى بىلەن بىر ـ بىرىگە ئارىلاشتۇرغان بولسا، بۇ شېرىكلىشىش يېڭى شېرىكلىشىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىر نەچچە ئادەمگە بىر پارچە يەر ۋەقپە قىلىپ بېرىلگەن، ئۇلار ئۇ يەرنى ئۆز رازىلىقلىرى بىلەن تەقسىم قىلىشقان، ئاندىن ئۇلارنىڭ بىرى بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن تەقسىماتنى ئەمەلدىن قالدۇرماقچى بولغان بولسا، ئۇ ئادەم تەقسىماتنى ئەمەلدىن قالدۇرالايدۇ. چۈنكى، ۋەقپە قىلىنغان يەرنى ئۇ يەر ۋەقپە قىلىنغان ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا

تەقسىم قىلىش توغرا ئەمەس.

ئەگەر بىر پارچە يەر شېرىكلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىنغان، ئاندىن شېرىكلەرنىڭ بىرى يەردىن ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان قىسمىغا رازى بولمىغان، ئاندىن ئۇنىڭغا زىرائەت تېرىغان بولسا، ئۇ شېرىكنىڭ تەقسىماتقا رازى بولمىغانلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، تەقسىمات ئۇنى ئوچۇق ـ ئاشكارا رەت قىلىش بىلەن ئەمەلدىن قالىدۇ. (زىرائەت تېرىغانلىقى تەقسىماتنى قوبۇل قىلغانلىق مەناسىغا كىرىدۇ).

## شەرتىگە توشمىغان تەقسىمات بىلەن تەقسىم قىلىنغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشنىڭ ھۆكمى

تەقسىم قىلىنغان نەرسىدىن سوۋغات قىلىپ بېرىشنى ياكى سەدىقە قىلىپ بېرىشنى، ياكى سېتىپ بېرىشنى شەرت قىلغانغا ئوخشاش شەرتىگە توشمىغان تەقسىمات بىلەن تەقسىم قىلىنغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىش بىلەن ئۇ نەرسە شۇ ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى خالىغان شەكىلدە تەسەررۇپ قىلالايدۇ. ئۇ نەرسە خۇددى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن سېتىپ ئېلىنغان نەرسىگە ئوخشاش ئەگەر يوقىلىپ كېتىلسە ياكى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كېتىلسە پۇلى تۆلەپ بېرىلىدۇ.

شەرتىگە توشمىغان تەقسىمات بىلەن تەقسىم قىلىنغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىش بىلەن ئۇ نەرسە شۇ ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتۈپ كەتمەيدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار. بۇ ھەقتىكى توغرا قاراش بولسا، شەرتىگە توشمىغان تەقسىمات بىلەن تەقسىم قىلىنغان نەرسىنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىش بىلەن ئۇ نەرسە شۇ ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ، دېگەن قاراشتۇر. چۈنكى، ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كىتابلىرىدا بۇ ھەقتە شۇنداق نەقىل قىلىنغاندۇر.[1]

## شېرىك نەرسىنى نۆۋەتلىشىپ ئىشلىتىشنىڭ بايانى

بۇنىڭدىن شېرىكلەرنىڭ شېرىك نەرسىدىن نۆۋەتلىشىپ پايدىلىنىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.[2]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 170 ـ بەت

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 170 ـ بەت

ئەگەر شېرىك نەرسە ئىشلىتىلىش بىلەن يوق بولۇپ كەتمەيدىغان نەرسە بولسا، ئۇنىڭدىن شېرىكلەرنىڭ نۆۋەتلىشىپ پايدىلىنىشى توغرىدۇر. شېرىكلەرنىڭ شېرىك نەرسىدىن ئۇ شەكىلدە پايدىلىنىشقا ئېهتىياجى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۇ نەرسىدىن نۆۋەتلىشىپ پايدىلىنىشى ئىستىهسان قائىدىسىگە ئاساسەن توغرىدۇر. چۈنكى، شېرىكلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇ نەرسىدىن بىرلا ۋاقىتتا پايدىلىنىشى قىيىن بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا شېرىك نەرسىدىن نۆۋەتلىشىپ پايدىلىنىش بىر ھېسابتا شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىشقا ئوخشاپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خۇددى شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىشتا بولغىنىدەك شېرىك نەرسىدىن نۆۋەتلىشىپ پايدىلىنىشتىمۇ قازىنىڭ مەجبۇرلىشى كۈچكە ئىگە بولىدۇ. يەنى قازى شېرىكلەرنى شېرىك نەرسىدىن نۆۋەتلىشىپ پايدىلىنىشقا مەجبۇرلىيالايدۇ. لېكىن شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىش ئۇنى نۆۋەتلىشىپ ئىشلىتىشكە قارىغاندا ياخشىراقتۇر. چۈنكى، شېرىك نەرسە تەقسىم قىلىنغان ۋاقىتتا ھەر بىر شېرىك ئۇنىڭدىن ئۆز ئالدىغا خالىغان ۋاقىتتا خالىغانچە پايدىلىنالايدىغانلىقى ئۈچۈن شېرىك نەرسىنى نۆۋەتلىشىپ ئىشلىتىشكە قارىغاندا ئۇنى تەقسىم قىلىپ ئىشلىتىشنىڭ پايدىسى كۆپتۇر. ئەمما شېرىكلەرنىڭ نۆۋەتلىشىپ ئىشلىتىلىدىغان شېرىك نەرسىدىن بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى پايدىلىنالايدۇ. شۇڭا شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىش ئۇنى نۆۋەتلىشىپ ئىشلىتىشكە قارىغاندا ياخشىراقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر شېرىكلەرنىڭ بىرى شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىشنى يەنە بىرى ئۇنى نۆۋەتلىشىپ ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلسا، قازى ئۇ نەرسىنى شېرىكلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. چۈنكى، شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىشنىڭ پايدىسى ئۇنى نۆۋەتلىشىپ ئىشلىتىشنىڭ پايدىسىغا قارىغاندا ياخشىراقتۇر.

شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىش ئۈچۈن ۋاقىت بەلگىلەنگەن، ئاندىن شېرىكلەرنىڭ بىرى ئۇنى (ۋاقىت يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن) تەقسىم قىلىشنى تەلەپ قىلغان بولسا، ئۇ نەرسە تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ.[1]

ئىككى شېرىك ئارىسىدىكى شېرىك بىر قورۇدا ئۇ ئىككى شېرىك نۆۋەتلىشىپ ئولتۇرماقچى بولسا، شېرىكلەرنىڭ بىرى قورۇنىڭ بىر قىسمىدا يەنە بىرى قورۇنىڭ يەنە بىر قىسمىدا ئولتۇرىدۇ ياكى شېرىكلەرنىڭ بىرى قورۇدا بىر ئاي، يەنە بىرى ئۇنىڭدا بىر ئاي ئولتۇرىدۇ. ئەگەر شېرىك قورۇ ئىككى بولسا، ھەر بىر شېرىك بىر قورۇدا ئولتۇرىدۇ. ئەگەر شېرىك نەرسە بىر دانە قۇل بولسا، ئۇ قۇل بىر شېرىككە بىر كۈن، يەنە بىر شېرىككە بىر كۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئەگەر قۇل ئىككى بولسا، ھەر بىر قۇل بىر شېرىكنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ. ئەگەر شېرىك نەرسە بىر قورۇ

(1) «تەئرىفاتۇل جۇرجانىي».

بولۇپ ئىجارىگە قويۇپ قويۇلغان بولسا، ئۇنىڭ ئىجارىسىنى بىر شېرىك مەلۇم مۇددەت، يەنە بىر شېرىك مەلۇم مۇددەت ئالىدۇ. ئەگەر قورۇ ئىككى دانە بولسا، ھەر بىر شېرىك بىر قورۇنىڭ ئىجارىسىنى ئالىدۇ. مەزكۇر نەرسىلەرنى شېرىكلەرنىڭ نۆۋەتلىشىپ ئىشلىتىشى ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن بارلىق ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىچە توغرىدۇر. كۈچلۈك قاراشقا ئاساسەن قازى شېرىكلەرنىڭ بىرىنىڭ شېرىك نەرسىنى نۆۋەتلىشىپ ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىشى بىلەن ئۇ نەرسىنى شېرىكلەرنىڭ نۆۋەتلىشىپ ئىشلىتىشىگە ھۆكۈم قىلىدۇ، يەنە بىر شېرىكنى بۇ ھۆكۈمنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ.

نۆۋەتلىشىش بەزى ۋاقىتتا زامان بىلەن بولىدۇ، بەزى ۋاقىتتا ماكان بىلەن بولىدۇ. شېرىك نەرسە بىر دانە قول ياكى كىچىك ئۆي بولسا، ئۇنىڭدا نۆۋەتلىشىش زامان بىلەن بولىدۇ. يەنى ئۇ نەرسىنى شېرىكلەرنىڭ بىرى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىرى ئىشلىتىدۇ. ئەگەر شېرىك نەرسە ئىككى دانە قولغا ياكى چوڭ قورۇغا ئوخشاش نەرسە بولسا، ئۇنىڭدا نۆۋەتلىشىش ماكان بىلەن بولىدۇ. يەنى ھەر بىر شېرىك بىر قۇلنى خىزمىتىگە سالىدۇ ياكى قورۇنىڭ بىر قىسمىدا بىر شېرىك يەنە بىر قىسمىدا يەنە بىر شېرىك ئولتۇرىدۇ. ئەگەر شېرىك نەرسە ھەم زامان بىلەن نۆۋەتلىشىشكە بولىدىغان ھەم ماكان بىلەن نۆۋەتلىشىشكە بولىدىغان نەرسە بولۇپ شېرىكلەر ئۇنىڭدىن زامان بىلەن نۆۋەتلىشىپ پايدىلىنىش بىلەن ماكان بىلەن نۆۋەتلىشىپ پايدىلىنىش ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، قازى شېرىكلەرنى كېلىشىپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ. چۈنكى، شېرىك نەرسىدىن ماكان بىلەن پايدىلىنىش ئادىلراقتۇر. چۈنكى، ئۇنىڭدىن ھەر بىر شېرىك بىرلا ۋاقىتتا پايدىلىنالايدۇ. ئۇنىڭدىن زامان بىلەن پايدىلىنىش ياخشىراقتۇر. چۈنكى، ھەر بىر شېرىك ئۇنىڭدىن زامان بىلەن پايدىلانغان ۋاقىتدا ئۇ نەرسىنىڭ ھەممىسىدىن پايدىلىنالايدۇ. شۇڭا شېرىكلەر ئۇنىڭدىن زامان بىلەن پايدىلىنىش بىلەن ماكان بىلەن پايدىلىنىش ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، قازى ئۇلارنى بۇ ھەقتە بىر قارارغا كېلىشىپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ. ئەگەر شېرىكلەر ئۇنىڭدىن زامان بىلەن پايدىلىنىشقا قارار قىلسا، كېيىنچە بىرەر تۆھمەتنىڭ كېلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن چەك تاشلىنىدۇ.

ئەگەر شېرىك نەرسىدىن پايلىنىش ماكان بىلەن بولسا، شېرىكلەرنىڭ بىرى ئۇنىڭ يېرىمىدىن يەنە بىرى ئۇنىڭ قالغان يېرىمىدىن پايدىلىنىش بىلەن ھەر بىر شېرىك ئۇنىڭدىن بىرلا ۋاقىتتا ئوخشاش پايدىلىنىدۇ. ئەگەر شېرىك نەرسىدىن پايدىلىنىش زامان بىلەن بولسا، ھەر بىر شېرىك ئۇنىڭدىن بىرى پايدىلىنىپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىرى پايدىلىنىدۇ.

ئەگەر شېرىك نەرسىدىن ماكان بىلەن پايدىلانماقچى بولغان، شېرىكلەر ئارىسىدا

ئۇ نەرسىنىڭ قايسى يېرىنى قايسى شېرىكنىڭ ئېلىشى، قايسى يېرىنى قايسى شېرىكنىڭ ئېلىشى ھەققىدە ئىختىلاپ كۆرۈلگەن بولسا، بۇ ھەقتە شېرىكلەر ئارىسىدا چەك تاشلىنىدۇ.

ئەگەر شېرىكلەر شېرىك نەرسىدىن زامان بىلەن پايدىلانماقچى بولغان، ئۇلارنىڭ بىرى: «ئۇ نەرسىدىن ھەر بىرىمىز بىر يىلدىن پايدىلىنىمىز» دېسە، يەنە بىرى: «ئۇنىڭدىن ھەر بىرىمىز بىر ئايدىن پايدىلىنىمىز» دەپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەرگەن بولسا، كۈچلۈك قاراشچە بۇ ئىش ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىش مەسىلىسى قازىغا تاپشۇرۇلىدۇ. بۇ ھالدا قازى ئۇلارنى بىر قارارغا كېلىشىپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ، دەپ قارالمايدۇ. ئۇ نەرسىدىن بىر يىلدىن پايدىلىنىش بىلەن ئۇنىڭدىن بىر ئايدىن پايدىلىنىشنىڭ قايسىسى ياخشى بولسا، ئۇ نەرسىدىن شۇ بويىچە پايدىلىنىدۇ، دېيىش توغرىراقتۇر.[1]

ئەگەر ئىككى شېرىك ئىككى قۇلنىڭ بىرى بىر شېرىككە، يەنە بىرى يەنە بىر شېرىككە خىزمەت قىلىشقا كېلىشكەن بولسا، بۇ توغرىدۇر. چۈنكى، قازىنىڭ قۇللارنى ئۇ شەكىلدە مەجبۇرىي ياكى ئۇلارنىڭ رازىلىقى بىلەن تەقسىم قىلىشى ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدا كۈچگە ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئىككى شېرىكنىڭ ئىككى قۇلنىڭ بىرىنىڭ بىر شېرىككە، يەنە بىرىنىڭ يەنە بىر شېرىككە خىزمەت قىلىشقا كېلىشىشىمۇ كۈچگە ئىگە بولىدۇ.

ئەگەر ئىككى شېرىك ئىككى قۇلنى نۆۋەت بىلەن خىزمەتكە سالماقچى بولغان ۋاقتىدا ھەر بىر شېرىك قولىغا ئالغان قۇلنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى ئۆزى كۆتۈرۈشكە كېلىشكەن بولسا، بۇ ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن توغرىدۇر. چۈنكى، قۇللارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىدە كەڭ قوللۇق قىلىنىدۇ. ئەگەر شېرىكلەر ئىككى قۇلنى نۆۋەت بىلەن خىزمەتكە سالماقچى بولغان ۋاقتىدا ھەر بىر شېرىك قولىغا ئالغان قۇلنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئۆزى كۆتۈرۈشكە كېلىشكەن بولسا، بۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى، قۇللارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىدە كەڭ قوللۇق قىلىنمايدۇ.

## نۆۋەتلىشىش توغرا بولىدىغان ۋە توغرا بولمايدىغان ئىشلارنىڭ بايانى

بىر قۇلنى نۆۋەتلىشىپ خىزمەتكە سېلىش ۋە بىر قورۇدا نۆۋەتلىشىپ ئولتۇرۇش توغرىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە شېرىك نەرسە بىر خىلدىكى ئەمەس باشقا ـ باشقا خىلدىكى نەرسىلەر بولسا، مەسىلەن: شېرىك نەرسىلەرنىڭ بىرى قورۇ يەنە

(1) «ئەلھىدايە»، 4 ـ توم، 51 ـ بەت.

بىرى قۇل بولغان، شېرىكلەرنىڭ بىرى قورۇنى بىر يىل ئىشلىتىشكە يەنە بىرى قۇلنى بىر يىل ئىشلىتىشكە كېلىشكەن بولسا، بۇمۇ توغرىدۇر. شېرىك نەرسىنى ئىجارىگە بېرىپ ئۇنىڭ ئىجارىسىنى نۆۋەتلىشىپ ئېلىش ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا توغرا ئەمەس. ئەمما بۇ ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدا توغرىدۇر.

ئەگەر ئىككى شېرىك بىر ياكى ئىككى قۇلنىڭ ئىجارىسىدە نۆۋەتلەشكەن، ياكى بىر ياكى ئىككى ئۇلاغنىڭ ئىجارىسىدە نۆۋەتلەشكەن، ياكى بىر ياكى ئىككى ئۇلاغنى مىنىپ ئىشلىتىشتە نۆۋەتلەشكەن، ياكى شېرىك بىر تۇپ دەرەخنىڭ مېۋىلىرىنى يىغىشتا ياكى بىر قويىنىڭ سۈتىدىن پايدىلىنىشتا نۆۋەتلەشكەن بولسا، مەزكۇر نەرسىلەردە نۆۋەتلىشىش ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدا توغرا ئەمەس. ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا ئىككى قۇلنىڭ ئىجارىسىدە ياكى ئىككى ئۇلاغنىڭ ئىجارىسىدە ياكى بىر ياكى ئىككى ئۇلاغنى مىنىپ ئىشلىتىشتە نۆۋەتلىشىش توغرا ئەمەس.

بىر قۇل ياكى بىر ئۇلاغنىڭ ئىجارىسىدە نۆۋەتلىشىشنىڭ توغرا بولماسلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئىككى شېرىك قۇل ياكى ئۇلاغنىڭ ئىجارىسىنى بىرىنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىرى ئالىدۇ. ئۇلار ئىجارىنى بىرلا ۋاقىتتا ئالالمايدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتتا مەيلى ئۇلاغ بولسۇن مەيلى قۇل بولسۇن جانلىقلاردا بىر ۋاقىت بىلەن يەنە بىر ۋاقىتنىڭ ئارىسىدا ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرىدۇ. يەنى جانلىقلار بۇ كۈنى باشقا ھالەتتە بولسا ئەرتىسى باشقا ھالەتتە بولىدۇ. شۇڭا شېرىكلەرنىڭ قۇلدىن ياكى ئۇلاغدىن كىرىم قىلىدىغان ئىجارىسى ئوخشاش مىقداردا بولماي قېلىشى مۇمكىن. يەنى بىرىنىڭ نۆۋىتى كەلگەندە قۇل ياكى ئۇلاغ ياخشى ھالەتتە بولۇپ پۇلنى چىق تاپسا، يەنە بىرىنىڭ نۆۋىتى كەلگەندە ئۇلار ياخشى ھالەتتە بولماي پۇلنى ياخشى تاپالماسلىقى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن شېرىكلەرنىڭ ئۇلاردىن كىرىم قىلىدىغان پۇلدا ئادىللىق بولماي قالىدۇ. ئەمما ئىككى شېرىكنىڭ بىر قورۇنىڭ ئىجارىسىنى نۆۋەتلىشىپ ئېلىشى توغرىدۇر. چۈنكى، قورۇدا بىر ۋاقىت بىلەن يەنە بىر ۋاقىتنىڭ ئارىسىدا ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرمايدۇ.

ئىككى قۇل ياكى ئىككى ئۇلاغنىڭ ئىجارىسىدە نۆۋەتلىشىشنىڭ توغرا بولماسلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئىككى قۇل ياكى ئىككى ئۇلاغنى تەقسىم قىلىششقا بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى خىزمىتىگە سېلىشىش ئۈچۈن نۆۋەتلىششكە زۆرۈرىيەت تېپىلغانلىقى ئۈچۈن توغرىدۇر. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىجارىسىدە نۆۋەتلىششنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق. چۈنكى، ئىجارىنى شېرىكلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىشقا بولىدۇ.

بىر ياكى ئىككى ئۇلاغنى مىنىش ئۇچۇن ئىشلىتىشتە نۆۋەتلىشىشنىڭ توغرا بولماسلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدا ئۇلاغنى ئىشلىتىشتە پەرق بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن قازى ئۇلارنى ئۇلاغنى نۆۋەنلىشىپ مىنىشكە مەجبۇرلىمايدۇ.

بىر تۈپ دەرەخنىڭ مېۋىلىرىنى يىغىشتا ياكى بىر قوينىڭ سۈتىدىن پايدىلىنىشقا نۆۋەتلىشىشنىڭ توغرا بولماسلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا، نۆۋەتلىشىشنىڭ مەنپەئەتكە خاس بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، مەنپەئەتنى تەقسىم قىلىشقا بولمايدۇ.

ئەگەر ئىككى شېرىككە تەۋە ئىككى چۆرە بولغان، شېرىكلەرنىڭ بىرى ئۇلارنىڭ بىرىنى بالىسىنى ئېمىتىشكە يەنە بىر شېرىك يەنە بىرىنى بالىنى ئېمىتىشكە ئالغان بولسا، توغرا بولىدۇ. چۈنكى، ئادەمنىڭ سۈتى سېتىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئېتىبارى يوق.

بىر تۈپ دەرەخنىڭ مېۋىلىرىنى يىغىشتا ياكى بىر قوينىڭ سۈتىدىن پايدىلىنىشقا نۆۋەتلىشىشنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن شېرىكلەرنىڭ بىرى يەنە بىر شېرىكنىڭ دەرەختىكى ياكى قويدىكى پېيىنى دەسلەپ سېتىپ ئالىدۇ، ئاندىن ئۆزىنىڭ نۆۋىتى توشقاندىن كېيىن ئۇ شېرىك دەرەختىكى ياكى قويدىكى پېيىنى ۋە يەنە بىر شېرىكتىن سېتىپ ئالغان پاينى يەنە بىر شېرىككە سېتىپ بېرىدۇ ياكى يەنە بىر شېرىكنىڭ پېيىغا ھېسابلاپ سۈتتىن مەلۇم مىقداردا قەرز ئېلىپ ئۆزىنىڭ نۆۋىتى توشقانغا قەدەر ئىشلىتىدۇ، ئاندىن قوينى يەنە بىر شېرىككە بېرىدۇ، ئۇ شېرىك قويدىن تاكى شۇ مىقداردىكى سۈتنى ئالغانغا قەدەر قوينى سېغىپ ئىشلىتىدۇ. چۈنكى، شېرىكلەر ئارىسىدا ئومۇمىي بولغان نەرسىنى قەرز بېرىش توغرىدۇر.

ئەگەر ئىككى شېرىك ئورتاق بىر كالىنى ئون بەش كۈندىن نۆۋەتلىشىپ سېغىپ ئىشلىتىشكە كېلىشكەن بولسا، بۇ توغرا بولمىغان نۆۋەتلىشىش ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر شېرىكلەرنىڭ بىرى سۈتنىڭ يەنە بىرىگە ئارتۇق كېتىپ قېلىشىغا رازى بولغان تەقدىردىمۇ سۈتنىڭ بىرىگە ئارتۇق كېتىپ قېلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇنداق قىلىش تەقسىم قىلىشقا بولىدىغان ئومۇمىي نەرسىنى سوۋغات قىلىپ بېرىش ھېسابلىنىدۇ. لېكىن سۈت ئىشلىتىپ بولۇنغان بولسا، بۇ ھالدا شېرىكلەرنىڭ بىرىنىڭ سۈتنى يەنە بىرىگە سوۋغات قىلىپ بېرىشى توغرىدۇر.

ئەگەر ئىككى شېرىك ئارىلىرىدىكى شېرىك كىيىم - كېچەكنى نۆۋەتلىشىپ كىيىشمەكچى بولغان بولسا، بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا توغرا بولمىغان نۆۋەتلىشىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى،

كېيىم ـ كېچەك كىيىشتە بىر ئادەم بىلەن يەنە بىر ئادەمنىڭ ئارىسىدا پەرق بار. ئەمما ئۇ نۆۋەتلىشىش ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدا توغرىدۇر.[1]

## نۆۋەتلىشىشنىڭ ئەمەلدىن قېلىشىنىڭ بايانى

شېرىك نەرسىنى نۆۋەتلىشىپ ئىشلىتىش بىر ياكى ئىككى شېرىكنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئەمەلدىن قالمايدۇ. چۈنكى، نۆۋەتلىشىش ئەمەلدىن قالسا، ئۇنى قازى تەكرار يېڭىلايدۇ. نۆۋەتلىشىشنىڭ شېرىكلەرنىڭ بىرىنىڭ ياكى ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئەمەلدىن قېلىپ تەكرار قازى تەرىپىدىن يېڭىلىنىشىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. شۇڭا ئۇ نۆۋەتلىشىش ئەمەلدىن قالمايدۇ.

ئەگەر ئىككى شېرىك ھەر بىرى بىر قۇلنى خىزمەتكە سالماقچى بولۇپ شېرىكلىككە تەۋە ئىككى قۇلنى ئىشلىتىشكە كېلىشكەن، ئاندىن قۇللارنىڭ بىرى ئۆلۈپ كەتكەن ياكى قېچىپ كەتكەن بولسا، نۆۋەتلىشىش ئەمەلدىن قالىدۇ. ئەگەر شېرىكلەرنىڭ بىرى قولىدىكى قۇلنى بىر ئاي ئىشلەتمەكچى بولۇپ 27 كۈن ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ قۇل ئۆلۈپ كەتكەن ياكى قېچىپ كەتكەن بولسا، يەنە بىر شېرىكمۇ قولىدىكى قۇلنى 27 كۈن ئىشلىتىدۇ. ئەگەر ئۇ قۇل 33 كۈن ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن، ياكى قېچىپ كەتكەن بولسا، يەنە بىر شېرىك قولىدىكى قۇلنى بىر ئايدىن ئارتۇق ئىشلەتمەيدۇ. يەنى 33 كۈن ئىشلەتمەي پەقەت 30 كۈن ئىشلىتىدۇ.

ئەگەر شېرىكنىڭ بىرىنىڭ قولىدىكى قۇل پۈتۈن بىر ئاي قېچىپ كەتكەن، يەنە بىر شېرىك قولىدىكى قۇلنى بىر ئاي ئىشلەتكەن بولسا، قۇلنى ئىشلەتكەن شېرىككە قۇل ئۈچۈن ئىش ھەققى بېرىش ۋە ئۇنى (يۈتۈپ كەتسە) تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىش لازىم بولمايدۇ.

ئەگەر قۇللارنىڭ بىرى زەخىملىنىپ كەتكەن ياكى شېرىك ئۆي ئولتۇرۇش جەريانىدا ئۆرۈلۈپ كەتكەن، ياكى ئۇچاققا قالىغان ئوتنىڭ سەۋەبى بىلەن كۆيۈپ كەتكەن بولسا، قۇلنى خىزمەتكە سېلىۋاتقان ياكى ئۆيدە ئولتۇرۋاتقان شېرىككە قۇلنى ياكى ئۆينى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس.

ئەگەر تەقسىم قىلغىلى بولىدىغان، لېكىن شېرىكلەر نۆۋەتلىشىپ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 170 ـ بەت

ئىشلىتىۋاتقان شېرىك نەرسىنى شېرىكلەرنىڭ بىرى تەقسىم قىلىشنى تەلەپ قىلسا، نۆۋەتلىشىش ئەمەلدىن قالىدۇ. ئەگەر شېرىك نەرسىنى شېرىكلەرنىڭ بىرى نۆۋەتلىشىپ ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلغان، يەنە بىرى تەقسىم قىلىشنى تەلەپ قىلغان بولسا، ئۇ نەرسە شېرىكلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ.

ئەگەر شېرىكلەر نۆۋەتلىشىپ ئىشلىتىش ئۈچۈن قولغا ئالغان قورۇنى ئىجارىگە بەرگەن، ئاندىن شېرىكلەرنىڭ بىرى نۆۋەتلىشىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ قورۇنى تەقسىم قىلماقچى بولسا، ئىجارىنىڭ ۋاقتى تۈگىگەندىن كېيىن ئۇ شېرىك قورۇنى تەقسىم قىلالايدۇ.

ئەگەر شېرىك نەرسىنى نۆۋەت بىلەن ئىشلىتىش شېرىكلەر ئارىسىدا ئۇلارنىڭ ئۆز - ئارا رازى بولۇشى بىلەن بولغان بولسا، كۆچلۈك قاراشقا ئاساسەن ھەر بىر شېرىكنىڭ سەۋەبسىز بولسىمۇ نۆۋەتلىشىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى بار. بۇ ئەگەر ئۇ شېرىك ئۆز پېيىمنى ساتمەن ياكى ئۇنى تەقسىم قىلمەن دېسە، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى، شېرىك نەرسىنى شېرىكلەرنىڭ ئۆز - ئارا رازى بولۇشى بىلەن نۆۋەتلىشىشى ئادىللىق بىلەن بولماي قېلىشىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا ئۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ئادىللىق بىلەن تەقسىم قىلىنىشقا مۇھتاج. ئادىللىق بىلەن قىلىنىدىغان تەقسىمات بولسا، قازىنىڭ تەقسىماتىدۇر. ئەگەر شېرىك نەرسىنى نۆۋەت بىلەن ئىشلىتىش قازىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى بىلەن بولغان بولسا، شېرىكلەر ئۆز - ئارا كېلىشمىگىچە ئۇلاردىن بىرەرسىنىڭ نۆۋەتلىشىشنى ئۆز ئالدىغا ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى بولمايدۇ. بۇ ئەگەر ئۇ شېرىك نۆۋەتلىشىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىكى مەقسىتىم ئۆز پېيىمنى سېتىش ياكى ئۇنى تەقسىم قىلىش ئۈچۈندۇر دېسە، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ نۆۋەتلىشىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىكى مەقسىتى شېرىك نەرسىدىن بۇرۇنقىدەك ھەممىسى شېرىك ھالدا پايدىلىنىش بولسا، نۆۋەتلىشىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلمايدۇ.(1)

# خىلمۇ خىل مەسىلىلەرنىڭ بايانى

§ س: سېلىنىدىغان سېلىق مال - مۈلۈكنىڭ مىقدارىغا قارىتا قويۇلامدۇ ياكى ئادەم بېشىغا قارىتا قويۇلامدۇ؟

بۇ سۇئالنىڭ جاۋابى ھەققىدە مۇنداق ئۈچ خىل قاراش بار:

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 171 ـ بەت

1 ـ ئەگەر سىلىق مال ـ مۈلۈكنى ساقلاش ئۈچۈن قويۇلغان بولسا، سىلىق مال ـ مۈلۈكنىڭ مىقدارىغا قارىتا قويۇلىدۇ. ئەگەر سىلىق ئادەمنىڭ جانلىرىنى ساقلاش ئۈچۈن قويۇلغان بولسا، ئادەم بېشىغا قارىتا قويۇلىدۇ.

2 ـ سىلىق مەيلى مال ـ مۈلۈكنى ساقلاش ئۈچۈن قويۇلغان بولسۇن مەيلى جاننى ساقلاش ئۈچۈن قويۇلغان بولسۇن پەقەت مال ـ مۈلۈكنىڭ مىقدارىغا قارىتا قويۇلىدۇ.

3 ـ سىلىق مەيلى مال ـ مۈلۈكنى ساقلاش ئۈچۈن قويۇلغان بولسۇن مەيلى جاننى ساقلاش ئۈچۈن قويۇلغان بولسۇن پەقەت ئادەم بېشىغا قارىتا قويۇلىدۇ.

ئەگەر سىلىق ياكى مال ـ مۈلۈكنى ساقلاش مەقسىتى بىلەن ياكى جاننى ساقلاش مەقسىتى بىلەن بولمىغان بولسا، (مەسىلەن كۈنۈمىزدىكى سىلىقلار ئاشۇنداقتۇر. چۈنكى، زالىملار دېھقانلاردىن، ھۈنەرۋەنلەردىن ۋە تىجارەتچىلەردىن رەتلىك، رەتسىز، يوللۇق ۋە يولسىز ئايدا سىلىق ئېلىپ تۇرىدۇ). بۇ سىلىقنىڭ مال ـ مۈلۈككە قارىتا ئېلىنىدىغانلىقى ياكى ئادەم بېشىغا قارىتا ئېلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ئوچۇق بىر جاۋاب يوق. لېكىن <ئەلفەتەۋا ئەلھامىدىيە> دېگەن كىتابتا بۇ ھەقتە مۇنداق بايان قىلىنىدى: «ئەگەر ئوغرىلىققا ياكى قاتىللىققا ئوخشاش بىرەر جىنايەت سەۋەبى بىلەن كىشىلەردىن ئېلىنىدىغان سىلىق ۋە زالىملارنىڭ خەلقتىن ئايدا ئالىدىغان سىلىق پەقەت خەلقنىڭ ئىچىدىكى ئەر كىشىلەرنىڭ بېشىغا قارىتا قويۇلىدۇ. بۇ سىلىق ئاياللاردىن ۋە كىچىك بالىلاردىن ئېلىنمايدۇ. ئەمما ئېلىنىدىغان سىلىق سامان، بۇغداي، ئارپا، ئۇتۇن، كۆمۈر قاتارلىق نەرسە ـ كېرەكلەر بولسا، سىلىق پەقەت مال ـ مۈلۈكنىڭ مىقدارىغا قارىتا ئېلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئېلىنغان سىلىق كىشىلەرنى ئۇلارغا كېلىدىغان بىرەر ئاپەتتىن قوغداش ئۈچۈن ئېلىنغان سىلىق بولسا، ئۇمۇ خەلقنىڭ ئىچىدىكى ئەرلەردىن ئېلىنىدۇ. ئاياللاردىن ياكى كىچىك بالىلاردىن ئېلىنمايدۇ. ئەگەر ئېلىنغان سىلىق مال ـ مۈلۈكنى قوغداش ياكى ئۇنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەن يەرلىرىنى ئوڭشاش ئۈچۈن ئېلىنغان بولسا، بۇ سىلىق مال ـ مۈلۈكنىڭ مىقدارىغا قارىتا ئېلىنىدۇ.

§ ئەگەر كېمىنىڭ چۆكۈپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىنغان، ئاندىن كېمىدىكىلەر كېمىنىڭ ئۈستىدىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنى تاشلىۋېتىشكە قارار قىلىپ تاشلىۋەتكەن بولسا، تاشلىۋېتىلگەن نەرسىگە تۆلەپ بېرىلىدىغان پۇل كېمىدىكى ئادەم بېشىغا چېچىلىدۇ. چۈنكى، كېمىنىڭ ئۈستىدىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنى تاشلىۋېتىش ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئادەملەرنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈندۇر. ئەگەر ئۇلار

كېمىنىڭ ئۈستىدىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنى تاشلىۋېتىشقا قارار قىلمىغان، لېكىن ئۇلارنىڭ بىرى ئۇنىڭ ئۈستىدىكى نەرسىنى تاشلىۋەتكەن بولسا، تاشلىۋېتىلگەن نەرسىگە تۆلەپ بېرىلىدىغان پۇل ئادەم بېشىغا ئەمەس پەقەت ئۇنى تاشلىۋەتكەن ئادەمگىلا يۈكلىنىدۇ.

ئەگەر كېمە چۆكۈپ كېتىشكە ئاز قالغان، ئاندىن كېمىدىكى كىشىلەردىن بىرى باشقا بىرىنىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى تاشلىۋەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن كېمە يەڭگىللەپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسە ـ كېرەكنىڭ ئىگىسىگە ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى باھاسى بويىچە پۇل تۆلەپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن ئەگەر كېمىدە نەرسە ـ كېرەكلىرى بار ئەمما ئۆزى كېمىدە يوق ئادەم كېمىدىكى نەرسە ـ كېرەكلىرىنى تاشلىۋېتىشكە رۇخسەت قىلمىسا، ئۇنىڭغا ھېچنەرسە تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. كېمىدە نەرسە ـ كېرەكلىرى بار ئەمما ئۇنىڭدا ئۆزى يوق ئادەم ئەگەر كېمە يۈك ئېغىر كىلىپ قېلىپ چۆكۈپ كېتىدىغان ھالەت بولۇپ قالسا، ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى تاشلىۋېتىڭلار، دەپ رۇخسەت بەرگەن بولسا، ئۇنىڭ رۇخستى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. يەنى ئۇنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرى تاشلىۋېتىلىدۇ.

ئەگەر كېمىدىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنى تاشلىۋېتىشتىكى مەقسەت ئۇنىڭدىكى ئادەملەرنى قوتۇلدۇرۇپ قېلىش بولسا، تاشلىۋېتىلگەن نەرسە ـ كېرەكلەرگە تۆلەپ بېرىلىدىغان پۇل ئادەم بېشىغا قارىتا چېچىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنى تاشلىۋېتىشتىكى مەقسەت ئادەملەرنىڭ غەرق بولۇپ كېتىشىدىن ئەمەس نەرسە ـ كىرەكلەرنىڭ غەرق بولۇپ كېتىشىدىن قورققانلىق ئۈچۈن بولسا، مەسىلەن: كېمە چۆكۈپ كەتسە ئادەم ئۆلۈپ كەتمەيدىغان ئەمما نەرسە ـ كېرەكلەر سۇغا چۆشۈپ كېتىپ بۇزۇلۇپ كېتىدىغان ئەھۋالدا بولسا، تاشلىۋېتىلگەن نەرسە ـ كېرەكلەرگە تۆلەپ بېرىلىدىغان پۇل كېمىدىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ مىقدارىغا قارىتا چېچىلىدۇ.

ئەگەر كېمىدىكىلەر ھەم مال ـ مۈلۈكلىرىنىڭ غەرق بولۇپ كېتىشىدىن، ھەم ئۆزلىرىنىڭ غەرق بولۇپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ھەم ئۆزلىرىنى ۋە ھەم مال ـ مۈلۈكلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا قارار قىلىپ بولغاندىن كېيىن كېمىدىن بەزى نەرسىلەرنى تاشلىۋەتكەن بولسا، تاشلىۋېتىلگەن نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ پۇلى ھەم ئادەم بېشىغا قارىتا ۋە ھەم مال ـ مۈلۈككە قارىتا چېچىلىدۇ. مەسىلەن: كېمىدە مال ـ مۈلكى بار ئەمما ئۆزى يوق ئادەمنىڭ پۇل پەقەت مال ـ مۈلكىگە چېچىلىدۇ. كېمىدە ئۆزىمۇ بار مال ـ مۈلكىمۇ بار ئادەمنىڭ پۇل ھەم ئۆزىگە ۋە ھەم مال ـ مۈلكىگە چېچىلىدۇ.

§ ئىككى ئادەم ئارىسىدىكى شېرىك قورۇ يېقىلىپ چۈشۈپ كەتكەن، ئاندىن ئۈلارنىڭ بىرى قورۇنى قايتا سالدۇرماقچى بولغان يەنە بىرى بۇنىڭغا قوشۇلمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر قورۇ تەقسىم قىلىشقا بولىدىغان بولسا، قورۇنى قايتا سالدۇرۇشقا قوشۇلمىغان شېرىك ئۇنى قايتا سالدۇرۇش ئۈچۈن مەجبۇرلانمايدۇ ۋە قورۇ ئىككى شېرىك ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەگەر قورۇ تەقسىم قىلىشقا بولمايدىغان بولسا، قورۇنى قايتا سالدۇرماقچى بولغان شېرىك ئۇنى ئۆزى سالدۇرىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا كەتكەن پۇلنى چىقىرىۋالغۇچىلىك مۇددەتتە ئۇ قورۇنى ئىجارىگە بېرىدۇ. بۇ ئەگەر ئۇ شېرىك قورۇنى قازىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قايتا سالغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ شېرىك قورۇنى قازىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سالمىغان بولسا، قورۇنى يەقەت قورۇ يۇتۇپ چىققان ۋاقىتتىدا ئۇنى قانچە پۇلغا سېتىپ ئېلىنىدىغان بولسا شۇ پۇلنى چىقىرىۋالغۇچىلىك مۇددەتتە ئىجارىگە بېرىدۇ.

بىر قىسىم ئالىملار مەزكۇر مەسىلىنىڭ ئىچىگە تۆۋەندىكى مەسىلە كىرمەيدۇ، دەيدۇ: «ئىككى يېتىم بالىغا تەۋە بىر تام بولغان، ئۇ تامنىڭ يېقىلىپ چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىنىدىغان، ئۇ تامنى شۇ ھالەتتە قويۇپ قويۇش ئۇ بالىلارغا زىيان ئېلىپ كېلىدىغان، ئۇ بالىلارنىڭ ھەر بىرىگە قارايدىغان بىردىن ئىككى ئادەم بولغان بولۇپ ئۇ ئادەملەرنىڭ بىرى تامنى ئوڭشاشقا قوشۇلغان يەنە بىرى قوشۇلمىغان بولسا، قوشۇلمىغان ئادەم قوشۇلغان ئادەم بىلەن بىللە تامنى ئوڭشاشقا مەجبۇرلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەملەرنىڭ بىرىنىڭ تامنى ئوڭشاشقا قوشۇلماسلىقى بىلەن زىيان ئۆلارغا ئەمەس يېتىم بالىلارغا بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم تامنى ئوڭشاشقا مەجبۇرلىنىدۇ.» يۇقىرىدىكى مەسىلىدە قوشۇلمىغان ئادەم مەجبۇرلانمايدۇ. چۈنكى، زىيان ئۇنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ. ۋەقپە قىلىنغان قورۇنىڭ ھۆكمىمۇ يېتىم بالىلارغا تەۋە تامنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

§ شېرىك تۈگمەنخانا ياكى مۇنچاخانا يېقىلىپ چۈشۈپ كەتكەن، شېرىكلەرنىڭ بىرى ئۇنى قايتىدىن ئوڭشاشقا قوشۇلمىغان بولسا، ئۇ شېرىك ئۇنى قايتىدىن ئوڭشاشقا مەجبۇرلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ شېرىك پېقىر بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن پۇلنى قەرز ھېسابىدا يەنە بىر شېرىك خەجلەپ قويىدۇ. بۇ ئەگەر تۈگمەنخانا ياكى مۇنچاخانا يېقىلىپ چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئازراق بولسىمۇ ئەسەر قالغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما تۈگمەنخانىنىڭ ياكى مۇنچاخانىنىڭ ھەممىسى يېقىلىپ چۈشۈپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ئەسەر قالمىغان بولسا، ئۇ شېرىك ئۇنى قايتىدىن ئوڭشاشقا مەجبۇرلانمايدۇ.

ئەگەر شېرىكلەرنىڭ بىرى شېرىك زىرائەتنى سۇغۇرۇشتىن باش تارتقان بولسا،

زىرائەتنى سوغورۇشقا مەجبۇرلىنىدۇ. «ئەلفەتاۋا» دېگەن كىتابتا: ئۇ شېرىك مەجبۇرلانمايدۇ، لېكىن يەنە بىر شېرىككە: سەن زىرائەتنى سۇغۇرۇۋەرگىن، بۇنىڭ ئۈچۈن كېرەكلىك چىقىملارنى قىلغىن ۋە كەتكەن چىقىملارنىڭ يېرىمىنى زىرائەتنى سۇغۇرۇشتىن باش تارتقان شېرىكتىن ئالغىن دېيىلىدۇ، دەپ بايان قىلىنغاندۇر.

§ ئىككى شېرىك ئارىسىدىكى شېرىك بىر پارچە يەردە زىرائەت بولغان، ئاندىن ئۇلار يەرنى ئەمەس زىرائەتنى تەقسىم قىلىشنى تەلەپ قىلغان بولسا، بۇ هالدا ئەگەر زىرائەت ئوت ـ ياش بولۇپ ئۇلار ئۇنى يۇلۇۋېلىشقا قارار قىلىشقان بولسا، تەقسىمات توغرا بولىدۇ. ئەگەر ئىككى شېرىكنىڭ هەر ئىككىسى ياكى بىرى يەردىكى ئوت ـ ياشنى يۇلۇۋالماي قويۇپ قويۇشنى شەرت قىلغان بولسا، ئوت ـ ياش پىشىپ بولغان بولسىمۇ تەقسىمات توغرا بولمايدۇ. ئەگەر يەرگە تېرىلغىنى بۇغداي ـ قوناقتا ئوخشاش نەرسە بولغان، ئۇلار ئۇنى ئورۇۋېلىشنى شەرت قىلىشقان بولسا، تەقسىمات ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىچە توغرىدۇر. ئەگەر ئۇلار زىرائەتنى ئورىماي قالدۇرۇپ قويۇشنى شەرت قىلغان بولسا، تەقسىمات ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ قارىشىدا توغرا ئەمەس. ئەمما ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشىدا توغرىدۇر. خورما چېچەكلىرىنىڭ هۆكمىمۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شەكىل بىلەن بولىدۇ.

ئەگەر ئۇلار زىرائەتنى تەقسىم قىلىپ قويۇشنى زىرائەتنى قويۇپ قويۇش شەرتى بىلەن قازىدىن تەلەپ قىلسا، قازى زىرائەتنى ئۇ شەرت بىلەن تەقسىم قىلىپ قويالمايدۇ. ئەگەر ئۇلار يەرگە تېرىلغان ئوت ـ ياشنى ـ ياشلارنى يۇلۇۋاتماي يەردە قويۇپ قويۇش شەرتى بىلەن تەقسىم قىلىپ قويۇشنى قازىدىن تەلەپ قىلغان بولسا، بىر رىۋايەتكە ئاساسەن قازى ئوت ـ ياشنى تەقسىم قىلىپ قويىدۇ، يەنە بىر رىۋايەتكە ئاساسەن تەقسىم قىلىپ قويالمايدۇ. ئەگەر زىرائەتنى تەقسىم قىلىپ قويۇشنى شېرىكلەرنىڭ هەر ئىككىسى ئەمەس بىرى تەلەپ قىلسا، قازى ئۇنى مۇتلەق تەقسىم قىلىپ قويالمايدۇ.[1]

فىقھىنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرىنىڭ بىرى «(باشقىلار تەرىپىدىن) زىيان كۆرۈشمۇ يوق ۋە (باشقىلارغا) زىيان سېلىشمۇ يوق»[2] دېگەن قائىدىدۇر.

بۇ قائىدىنىڭ ئىچىگە قاتىلدىن ئېلىنىدىغان قىساس، زىناخورلۇق ۋە ئوغرىلىق جىنايەتلىرىگە بېرىلىدىغان جازالار كىرمەيدۇ. قاتىلدىن قىساس ئېلىش ۋە مەزكۇر جىنايەتلەرگە جازا بېرىش كۆرۈنۈشتە باشقىلارغا زىيان بېرىشتەك

(1) «رەددۇلمۇهتار»، 5 ـ توم، 171 ـ بەت

(2) «رەددۇلمۇهتار»، 5 ـ توم، 172 ـ بەت

كۆرۈنگەنلىكى بىلەن ھەقىقەتتە ئۇ جازالار مەزكۇر جىنايەتلەردىن كېلىدىغان يامانلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان پايدىلىق ئىشلاردۇر. يامان ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش (ئۇ يامان ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق) قولغا كېلىدىغان پايدىنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ. يەنى بىرەر ياخشى ئىش قىلىنماقچى بولغان، ئۇ ئىش قىلىنىش جەريانىدا بىرەر يامان ئىش مەيدانغا چىقىدىغان بولسا، يامان ئىشنىڭ مەيدانغا چىقىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇ ياخشى ئىش ھەم قىلىنمايدۇ.

ئالىملار مەزكۇر قائىدە ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرنى بايان قىلىدۇ. ئۇ مەسىلىلەرنىڭ ئىچىدىن شېرىكلەرنىڭ بىرى ئەگەر يېقىلىپ كەتكەن شېرىك قورۇنى ياساشنى قوبۇل قىلمىسا، قوبۇل قىلمىغان شېرىك تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئورۇندا مەجبۇرلىنىدۇ:

1 ـ ئىككى يېتىم ئارىسىدا شېرىك قورۇ ياكى تام بولغان ۋە ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە قارايدىغان بىردىن ئىككى ئادەم بولغان، قورۇ ياكى تام يېقىلىپ كەتكەن ۋە يېتىملەرنىڭ بىرىگە قارايدىغان ئادەم ئۇنى ئوڭشاشنى قوبۇل قىلمىغان بولسا، ئۇ ئادەم تامنى ياكى قورۇنى ئوڭشاشنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىنىدۇ.

2 ـ ۋەقپە قىلىنغان قورۇ ياكى سارايلارغا قارايدىغان ئادەم قورۇ ياكى سارايىنىڭ يېقىلىپ كەتكەن يەرلىرىنى ئوڭشاشنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇ ئادەم ئۇ يەرلەرنى ئوڭشاشقا مەجبۇرلىنىدۇ.

3 ـ شېرىك نەرسىنى تەقسىم قىلىشقا بولمايدىغان ھالەتتە ئۇ نەرسىنى ئوڭشاشنى قوبۇل قىلمىغان شېرىك ئۇنى ئوڭشاشنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىنىدۇ.

چۈنكى، بۇزۇلۇپ كەتكەن شېرىك نەرسىنى ئوڭشاشنى قوبۇل قىلمىغان شېرىكنى مەجبۇرلاش ئۇ نەرسىنىڭ بۇزۇلۇپ خاراپلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغاندۇر.[1]

§ بىر ئادەمگە تەۋە نەرسە ـ كېرەككە قوشنا بولۇپ ئولتۇرغان كىشى زىيان تارتىسمۇ، كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسە ـ كېرەكلىرىدىن خالىغان شەكىلدە پايدىلىنىش ھەققى بار. بۇ بىر كۆز قاراش بولۇپ بۇ قاراش بىلەن پەتىۋا بېرىش ھەققىدە ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. بىر قىسىم ئالىملار: «پەتىۋا ئۇ قاراش بىلەن بېرىلىدۇ» دېدى. يەنە بىر قىسىم

(1) بۇ قائىدە ئىبنى ماجە بىلەن دارى قۇتنىي قاتارلىقلار ئەبۇسەئىد خۇدرىي، ئىبنى ئابباس ۋە ئۇبادە ئىبنى سامىت (اللە تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستىن چىقىرىلغاندۇر.

ئالىملار: «بۇ ھەقتە پەتىۋا ئۇ قاراش بىلەن بېرىلمەيدۇ» دېدى. بۇ ھەقتە كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسلىنىش لازىم. بەزى ئالىملار: «بۇ ئەبۇھەنىفە، ئەبۇيۈسۈف ۋە مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىق ئۈچ ئىمامنىڭ كۆز قارىشىدۇر» دېدى. <ئەلئۇمادىيە> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىدىن قوشنىسى زىيان تارتقان تەقدىردىمۇ خالىغان شەكىلدە پايدىلىنىش ھەققىنىڭ بولۇشى قىياسقا تايانغان مەسىلىدۇر، دەپ بايان قىلىپ بولۇپ لېكىن، قىياس ئاساس قىلىنغان مەسىلىدە باشقىلارغا ئوچۇق زىيان سېلىپ قويىدىغان ھۆكۈم چىقىرىلىپ قېلىنسا، قىياسقا ئەمەل قىلىنمايدۇ. بۇ كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. بۇ ھەقتە پەتىۋا بۇ كۆز قاراش بويىچە بېرىلىدۇ» دېدى. بۇ ھەقتە كېيىنكى دەۋردىكى ئالىملارنىڭ قارىشى بولسا، ئىنسان قوشنىسىغا ئوچۇق ـ ئاشكارە زىيان سالمىسىلا ئۆزىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىدىن خالىغانچە پايدىنىلالايدۇ. ئوچۇق ـ ئاشكارە زىياندىن قوشنىسىنىڭ ئۆيلىرىنى ئۆرۈۋېتىشكە ياكى بىنالىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىشكە ياكى قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە پەقەت كۈن نۇرى كىرىشكە توسالغۇ بولۇشقا سەۋەبچى بولىدىغان ئامىللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىنسان قوشنىسىغا ئوچۇق ـ ئاشكارە زىيان سالمىسىلا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىدىن خالىغانچە پايدىلىنىشى ئىستىھسان قائىدىسى بولۇپ مۇفتى ئەبۇسسۇد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ ھەقتە پەتىۋانى ئۇ قاراش بويىچە بەرگەن. زامانىمىزدىمۇ ئىشلار ئۇ پەتىۋا بويىچە ئەمەل قىلىنىدۇ. ئەگەر بىر ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرى ئۈستىدە قىلغان ئىشنىڭ قوشنىسىغا زىيان بېرىدىغانلىقى ياكى بەرمەيدىغانلىقى ئېنىق بولمىسا، بۇ ھالەتتە ئۇ ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئىشلىتىش ياكى ئىشلەتمەسلىك ھەققىدە ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. <ئەلئەشباھ> دېگەن كىتابنىڭ ئىزاھاتىنى بەرگەن ئالىم بۇ ھالەتتىمۇ ئۇ ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئىشلىتىشىنىڭ توغرا بولمايدىغانلىق تەرىپىنى كۈچلەندۈردى. بۇ ئالىمنىڭ دەلىل ـ پاكىتى قىياستۇر.[1]

§ ئىككى ئادەم ئارىسىدا ئىگىزلىكى ئادەم بويى شېرىك بىر تام بولغان، ئۇلارنىڭ بىرى تامنى ئۇنىڭدىن ئىگىز كۆتۈرۈشنى خالىسا، يەنە بىرى بۇنىڭغا قوشۇلمىسا، قوشۇلمىغان تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. بۇ ئەگەر ئۇ يەردە تام ئادەتتە ئۇنىڭدىن ئارتۇق كۆتۈرۈلمەيدىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى، تامنى ئۇنىڭدىن ئارتۇق كۆتۈرۈۋېتىش شېرىك نەرسىدە ھېچقانداق ھاجەتسىز خىراجەت قىلىش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا تامنى كۆتۈرۈشكە قوشۇلمىغان

(1) <شەرھۇل قەۋائىدۇل فىقھىيە>، 167 ـ بەت.

تەرەپنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

§ مۇنچىغا ئوخشاش شېرىكلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىشقا بولمايدىغان شېرىك نەرسە يېقىلىپ كەتكەن، شېرىكلەرنىڭ بىرى ئۇنى ئوڭشاشقا قوشۇلمىغان بولسا، قازى قوشۇلمىغان ئۇ شېرىككە بېسىم قىلىپ ئۇنى ئوڭشاشقا ماقۇل كەلتۈرىدۇ. بۇ ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشىنىڭ بىرىدۇر. يەنە بىر قاراشچە يەنە بىر شېرىك مۇنچىنى ئوڭشاش ئۈچۈن كېتىدىغان پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى چىقىرىدۇ ۋە ئوڭشاشقا قوشۇلمىغان شېرىكنى تاكى ئۇنىڭغا كەتكەن چىقىمنىڭ يېرىمىنى تۆلەپ بەرمىگىچە مۇنچىدىن پايدىلىنىشنى چەكلەيدۇ. بۇ ھەقتە پەتۋا ئاخىرقى قاراش بويىچە بېرىلىدۇ. ئەگەر مۇنچا پۈتۈنلەي يىقىلىپ كېتىپ ئورنى قورۇق يەرگە ئايلىنىپ قالغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ يەر ئۈستىدە يۇقىرىدىكى ئىختىلاپ كۆرۈلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ يەر شېرىكلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ.

§ ئىككى قەۋەتلىك ئۆينىڭ ئاستىن قەۋىتى ئاستىن قەۋىتىدە ئولتۇرۇۋاتقان ئادەمنىڭ بىرەر ئىش قىلغانلىق سەۋەبى بىلەن ئەمەس ئۆزلىكىدىن يېقىلىپ چۈشكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئاستىن قەۋەتنى قايتىدىن سېلىشقا مەجبۇرلانمايدۇ. ئۈستۈن قەۋەتنىڭ ئىگىسىگە: «خالىساڭ ئاستىن قەۋەتنى سېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈستۈن قەۋەتنى سېلىپ مەقسىتىڭگە يېتىش ئۈچۈن پۇل چىقىرىپ ئاستىن قەۋەتنى ئۆزەڭ سالغىن» دېيىلىدۇ. ئەگەر ئۈستۈن قەۋەتنىڭ ئىگىسى ئاستىن قەۋەتنى قازىنىڭ رۇخسىتى ياكى ئاستىن قەۋەتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سالغان بولسا، ئۈستۈن قەۋەتنىڭ ئىگىسى ئاستىن قەۋەتنىڭ ئىگىسىدىن ئاستىن قەۋەتنى سېلىش ئۈچۈن كەتكەن چىقىمنى ئالىدۇ. ئەگەر ئۈستۈن قەۋەتنىڭ ئىگىسى ئاستىن قەۋەتنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن سالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۈستۈن قەۋەتنىڭ ئىگىسى ئاستىن قەۋەتنىڭ ئىگىسىدىن ئاستىن قەۋەت پۈتۈپ چىققان ۋاقىتدا ئۇنى نەچچە پۇلغا ئالىدىغان بولسا، شۇ پۇلنى ئالىدۇ. ئۈستۈن قەۋەتنىڭ ئىگىسى ئاستىن قەۋەتنىڭ ئىگىسىدىن تاكى شۇ پۇلنى ئالغانغا قەدەر ئاستىن قەۋەتتىن پايدىلىنىشنى چەكلەيدۇ. ئەگەر ئۆينىڭ ئاستىن قەۋىتى ئاستىن قەۋىتىدە ئولتۇرۇۋاتقان ئادەمنىڭ بىرەر ئىش قىلغانلىق سەۋەبى بىلەن يېقىلىپ چۈشكەن بولسا، بۇنىڭ جازاسى ۋە ئۈستۈن قەۋەتتىكى ئادەممۇ ئۈستۈن قەۋەتتىن پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئۇ ئادەم ئاستىن قەۋەتنى سېلىشقا مەجبۇرلىنىدۇ. بۇ، بۇ ھەقتە پەتۋا بېرىشكە ئەڭ توغرا دەپ قارالغان كۆز قاراشتۇر.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 173ـ بەت

# يېمەك ـ ئىچمەكلەر

## مال سويۇش، قۇربانلىق قىلىش، ئوۋ ئوۋلاش قاتارلىقلارنىڭ بايانى

## مال سويۇش

### مال سويۇشنىڭ ئۇقۇمى:

سويۇلغان مالنىڭ گۆشىنى يېيىشنىڭ ھالال بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈش شەرت قىلىنىدۇ. چۈنكى اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: «لېكىن بوغۇزلىغىنىڭلار ھالال بولىدۇ»[1]. بوغۇزلاش بىلەن پاسكىنا قان پاكىز گۆشتىن ئايرىلىدۇ. مالنى بوغۇزلاش بىلەن ئۇنىڭ ھالاللىقى ئىسپاتلانغىنىدەك، ئۇنى يېمىكلىكلەرگە ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئىشلىتىش ئۈچۈنمۇ پاكىزلانغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ. بىرەر نەرسىنى پاكىزلاش ئۇنىڭ پاكلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دېگەن: «زېمىننىڭ قورۇشى ئۇنىڭ پاكىزلانغانلىقىدۇر»[2].

## مال سويۇشنىڭ تۈرلىرى

مال سويۇش ئىختىيارىي ۋە مەجبۇرىيدىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

ئىختىيارىي مال سويۇش مالنىڭ بوغۇزىغا پىچاق سۈرۈپ بوغۇزلاشنى كۆرسىتىدۇ. «ئەلجامىئ ئەسسەغىر» ناملىق كىتابتا: بويۇننىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن، ئوتتۇرسىدىن، تۆۋەن تەرىپىدىن، دېمەك ھەممە يېرىدىن بوغۇزلاشقا بولىدۇ، دېيىلگەن. بۇنىڭ ئەسلى دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماۋۇ سۆزىدۇر: «مال بويۇننىڭ نەرىدىن بوغۇزلانسا بولىۋېرىدۇ». چۈنكى بويۇن قان تومۇرلىرىنىڭ بىرىكىش نوقتىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا پىچاق سۈرۈش بىلەن قاننى ئەڭ مۇكەممەل رەۋىشتە چىقارغىلى بولىدۇ.

مەجبۇرىي مال سويۇش مالنىڭ قايسى يېرىدىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يارىلاندۇرۇپ

---

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 174- بەت

(2) سۈرە مائىدە، 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قان چىقىرىشنى كۆرسىتىدۇ. مال سويغۇچى بىرىنچى تۇرلۇك مال سويۇش ئۇسۇلىدىن ئاجىز كەلگەندىلا ئاندىن ئىككىنچى تۇرلۇك مال سويۇش ئۇسۇلىن قوللىنىدۇ. بۇ، بوغۇشلاشقا بەدەل ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بىرىنچىسىدە قاننى تولۇق چىقارغىلى بولىدۇ. ئىككىنچىسىدە قان تولۇق چىقمايدۇ. شۇڭا مال بوغۇزلاشتا ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە بىرىنچى خىل ئۇسۇل بىلەن كۇپايىلىنىش كېرەك[1].

ئىمام بۇخارى سەھىھ بۇخارىنىڭ «مال سويۇش ۋە ئوۋ ئوۋلاش» بۆلۈمىنىڭ «ئۇچى يوق ئوق تېگىپ ئۆلتۇرۇلگەن ھايۋان» ھەققىدىكى بابتا ھەسەن ۋە ئىبراھىمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: «ئوۋلانغان ھايۋانغا ئوق تېگىپ، ئۇنىڭ قولى ياكى پۇتى ئاجراپ كەتكەن بولسا، ئاجراپ كەتكەن قىسمىنى يېمەي، قالغان قىسمىنى يېگىن». ئىبراھىم مۇنداق دېگەن: «ئوۋ ھايۋىنىنىڭ گەردىنىگە ياكى بېلىگە ئېتىپ ئۇنى ئۆلتۇرسەڭ، گۆشىنى يېگىن».

ئەئمەش زەيدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئابدۇللاھنىڭ جەمەتىدىن بىر ئادەمنىڭ ئېشىكى قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم جەمەتىدىكىلەرنى قولىغا چىققان نەرسە بىلەن ئېشەكنى ئۇرۇپ ئۆلتۇرۇشكە بۇيرۇدى ۋە: «ئۇنىڭ تېنىدىن ئاجراپ كەتكەن نەرسىنى تاشلىۋېتىپ، قالغىنىنى يەڭلار» دېدى[2].

رافىئ ئىبنى خەدىجتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «چىش ۋە تىرناقتىن باشقا نەرسە بىلەن قېنى چىقىرىلغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېگىن»[3].

رافىئ ئىبنى خەدىجنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىز زۇلھۇلەيفە دېگەن جايدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسلام بىلەن بىرگە ئىدۇق. قوشۇندىكىلەر ئارىسىدا ئاچارچىلىق يۈز بەردى. كېيىن بىز بىر قىسىم تۆگە ۋە قوي ـ ئۆچكىلەرنى غەنىمەت ئالدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇننىڭ ئارقا قىسمىدا ئىدى. ئالدىدىكىلەر قول ـ قولچە تۇتۇپ قازانلارنى ئاستى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ قېشىغا يېتىپ كېلىپ، قازانلارنى كۆمتۈرۋېتىشكە بۇيرىدى. ئاندىن غەنىمەتلەرنى ئون قوينى بىر تۆگىنىڭ قىممىتىگە تەڭ قىلىپ تەقسىم قىلدى. شۇ ئەسنادا تۆگىلەردىن بىرى قېچىپ كەتتى. قوشۇندىكىلەر ئىچىدە بىرقانچە ئاتلىقلار بار ئىدى. ئۇلار تۆگىنى قوغلىدى، بىراق تۆگە ئۇلارنى ھاردۇرىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ئادەم ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق ئاتتى. الله نىڭ ئىزنى بىلەن ئوق ئۇنىڭغا تەگدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

(1) بۇ ھەدىس تاھارەت بابىدا بايان قىلىنغان.

(2) «ئەلھىدايە»، 4 ـ توم، 62 ـ بەت.

(3) ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ئېشەك گۆشىنى يېيىش ھالال ئىدى. بۇ ۋەقە شۇ ۋاقىتلاردا يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. ت.

«شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ ھايۋانلار ئىچىدىن ياۋايى ھايۋانلارغا ئوخشاش ياۋايىلىشىپ كېتىدىغانلىرى چىقىدۇ. ھايۋىنىڭلاردىن بىرى قېچىپ كەتسە، ئۇنى مۇشۇنداق قىلىڭلار» دېدى.

رافىئ: «بىز كەلگۈسىدە دۈشمەنگە ئۇچراپ قالىدىغان ئەھۋالدا بولساق، بىزدە پىچاق بولمىسا، (مالنى) قومۇش بىلەن بوغۇزلىساق بولامدۇ؟» دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللە نىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىپ قېنى چىقىرىلغان ھايۋاننى يېگىن، (قان چىقارغۇچى ئەسۋاب) چىش ۋە تىرناقتىن باشقا نەرسە بولسۇن، سىلەرگە شۇنى دەپ بېرەيكى، چىش سۆڭەكتۇر، تىرناق ھەبەشىلەرنىڭ پىچىقىدۇر» دېدى[1].

«قازانلارنى كۆمتۈرۈۋېتىشكە بۇيرىدى» دېگەن جۈملە قازانلارنى بىكارلاپ كۆمتۈرۈپ قويۇشقا بۇيرىدى، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئالىملار بۇ يەردە بىرى: قازانلاردىكى نەرسىنى (يەنى شورپىنى) تۆكۈۋېتىشنىڭ سەۋەبى، يەنە بىرى بولسا گۆشنى تاشلىۋەتتىمۇ ياكى تاشلىۋەتمىدىمۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىككى ئىش ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى.

قازانلاردىكى نەرسىنى (يەنى شورپىنى) تۆكۈۋېتىشنىڭ سەۋەبى ھەققىدە قازى ئىياز مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئىسلام يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ بولغان ئىدى. ئۇ، ئورتاق بولغان غەنىمەت مالدىن يېيىش دۇرۇس بولمايدىغان، پەقەت تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىن ئاندىن يېسە بولىدىغان ئورۇن ئىدى. غەنىمەت مالنى تەقسىم قىلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭدىن يېيىش دۇرۇس بولىدىغان ئورۇن بولسا، پەقەت ئارىلىرىدا ئۇرۇش بولىۋاتقان كاپىرلارنىڭ يۇرتىدۇر. (شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قازانلاردىكى شورپىلارنى تۆكۈۋېتىشقا بۇيرىغان.»

بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئۇ مالنى تەڭ تەقسىم قىلىپ ئالماستىن ئۆزلىرى خالىغانچە ئېلىۋالغانلىقى، ۋە ئېھتىياجغا چۇشلۇق ئالمىغانلىقى بولۇشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىندۇر. يەنە بىر سەھىھ ھەدىستە ئۇنىڭ شۇنداق بولغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بىر ۋەقەلىك يۈز بەرگەن بولۇپ، ئىمام ئەبۇ داۋۇد ئەنسارىلاردىن بىر ئادەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: كىشىلەرگە ئاچارچىلىق ۋە قاتتىق قىيىنچىلىق يەتتى. شۇ ئەسنادا ئۇلار بىر قىسىم قوي ـ ئۆچكىلەرنى غەنىمەت ئالدى. ئاندىن غەنىمەتتىن ئۆزلىرى خالىغانچە ئېلىشتى. شۇنداق قىلىپ قازانلىرىمىز گۆشلەر بىلەن قايناۋاتقان بىر پەيتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئات ئۈستىدە يېتىپ كەلدى ۋە ئېتى بىلەن ئايلىنىپ قازانلىرىمىزنى ئۆرۈۋەتتى، گۆشلەرنى توپىغا مىلىۋەتتى، ئاندىن: «بۇلاپ ئېلىۋالغان ھايۋاننىڭ گۆشى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ گۆشىدىنمۇ بەكرەك ھارامدۇر» دېدى.

(1) سەھىھ بۇخارى، 5506 ـ ھەدىس.

مانا بۇ شۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئالدىراڭغۇلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مەقسىتىنىڭ دەل ئەكسىچە مۇئامىلە قىلغان. بۇ ئىش (ئۆلسە مىراس ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىدىن بىرەرسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن) قاتىلنىڭ ئۇنىڭدىن مىراس ئېلىشتىن چەكلەنگەنلىكىگە ئوخشايدۇ.

گۆشنى تاشلىۋەتكەن ياكى تاشلىۋەتمىگەنلىك ھەققىدىكى قاراشنى ئىمام نەۋەۋىي ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «قازانلاردىكى نەرسىنى تۆكۈۋېتىشكە بۇيرۇشتىكى مەقسەت پەقەت ئۇلارنى جازالاش يۈزىسىدىن شورپىنى ئىچكۈزمەسلىك ئىدى. ئەمما گۆشكە كەلسەك، ئۇلارنى ئۇنى زىيانغا ئۇچراتمىغان. بەلكى بۇنى: گۆش يىغىۋېلىنىپ، غەنىمەت مالغا قايتۇرۇپ كېلىنگەن دەپ چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مال ـ مۈلۈكنى ئىسراپ قىلىشتىن چەكلىگەن تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ گۆشنى زىيانغا ئۇچرىتىشقا بۇيرۇشى ئەقىلغا سىغمايدۇ. بۇ مال غەنىمەت ئالغۇچىلارنىڭ مېلىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە گۆشنى پىشۇرۇش جىنايىتى بۇ غەنىمەتكە ھەقلىق كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدىن سادىر بولمىغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە گۆش پىشۇرمىغانلارمۇ، غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىر ئۈلۈشىگە ھەقلىق كىشىلەرمۇ بار ئىدى.

ئەگەر بىرى: «ئۇلارنىڭ گۆشنى غەنىمەتكە قاتقانلىقى نەقىل قىلىنمىغانغۇ» دەپ سوئال قويسا، بىز بۇنىڭغا: «ئۇلارنىڭ گۆشنى كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكى ياكى يوقاتقانلىقىمۇ نەقىل قىلىنمىغان، شۇڭا ئۇنىڭ قائىدە ـ پرىنسىپقا مۇۋاپىق ھالدا چۈشەندۈرۈش لازىم» دەپ جاۋاب بېرىمىز.

«ئاندىن غەنىمەتلەرنى ئون قوينى بىر تۆگىنىڭ قىممىتىگە تەڭ قىلىپ تەقسىم قىلدى» دېگەن جۈملىگە كەلسەك، بۇ شۇ ۋاقىتتىكى قوينىڭ قىممىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇ ۋاقىتتا تۆگە ئاز ياكى قىممەت باھالىق بولۇشى، قوي كۆپ ۋە ئورۇق بولۇشى، بىر تۆگىنىڭ قىممىتى ئون قوينىڭ قىممىتىگە تەڭ بولۇپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ ۋەقەلىك قۇربانلىقتىكى، بىر تۆگە يەتتە قوينىڭ ئورنىدا كۇپايە قىلىدۇ، دېگەن قائىدىگە زىت ئەمەس. چۈنكى ئۇ كۆپىنچە ئەھۋال ئاستىدا ئوتتۇرا ھال قوي بىلەن ئوتتۇرا ھال تۆگىنىڭ قىممىتىگە قارىتىلىدۇ.

ئەمما بۇ تەقسىماتقا كەلسەك، ئۇ شۇ چاغدىكى ئەمەلىي ۋەزىيەتكە ئۇيغۇن ئىدى. شۇڭا ئون قوينى بىر تۆگىنىڭ قىممىتىگە تەڭ قىلىشتىكى سەۋەب تۆگىنىڭ سەرخىل بولۇشى، قوينىڭ سۈپەت جەھەتتە ناچار بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىندۇر.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان جابىرنىڭ ھەدىسىمۇ ئۇنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدا جابىر مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى قۇربانلىق قىلىشتا

**ھەر يەتتىمىز بىر تۆگىگە ياكى بىر كالىغا شېرىك بولۇشىمىزنى بۇيرۇغان ئىدى».**

**رافىئىنىڭ ھەدىسىدە ئوق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋاننى، ئۇنىڭ ياۋايى ھايۋان ياكى ياۋايىلىشىپ كەتكەن ھايۋان بولۇشى شەرتى ئاستىدا، ئوق ئۇنىڭ قەيىرىگە تېگىشىدىن قەتئىينەزەر يېيىشنىڭ دۇرۇسلىقى كۆرسىتىلىدۇ[1].**

**«ئەلھىدايە» ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۆي ھايۋانلىرىدىن كۆندۈرۈۋېلىنغانلىرىنى بوغۇزلاش بىلەن گۆشى ھالال بولىدۇ. ئۆي ھايۋانلىرىدىن ياۋايىلىشىپ كەتكەنلىرىنى ئېتىش ۋە يارىدار قىلىش بىلەن گۆشى ھالال بولىدۇ. چۈنكى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، ئىختىيارىي مال سويۇشتىن ئاجىز كەلگەندىلا ئاندىن مەجبۇرىي مال سويۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ئاجىزلىق بىرىنچى ھالەتتە ئەمەلىيلىشىدۇ، ئىككىنچى ھالەتتە ئەمەلىيلەشمەيدۇ. شۇنداقلا بىرەر ھايۋان قۇدۇققا چۈشۈپ كەتسە، ئۇنى ئىختىيارىي بوغۇزلاشتىن ئاجىز كېلىش ھالىتى مەيدانغا كېلىدۇ»[2].**

**كۆندۈرۈلگەن ئۆي ھايۋانلىرىنى چوقۇم بوغۇزلاپ سويۇش لازىم. ئىختىيارىي مال سويۇشتىن ئاجىز كەلگەندىلا ئاندىن مەجبۇرىي مال سويۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ياۋايىلىشىپ كەتكەن تۆگە ۋە كالىنى يارىلاندۇرۇش كۇپايە قىلىدۇ. بوغۇزلاش قىيىن بولۇپ قالغان ھايۋان ئۆي ھايۋىنىغا ئوخشاش يارىلاندۇرۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن، قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەن ھايۋاننى ئالساق، (ئۇنىڭغا ئوق ياكى بىسلىق نەرسە ئېتىلغان تەقدىردە) ئەگەر ئۇنىڭ يارىلاندۇرۇش بىلەن ئۆلگەنلىكى مەلۇم بولسا ياكى ئۇنى بىلىش قىيىن بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ گۆشى يېيىلىدۇ. چۈنكى، زاھىرىي جەھەتتىن ئالغاندا ئۇ شۇ يارىلاندۇرۇشتىن ئۆلگەن ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئۇ يارىلاندۇرۇشتىن ئۆلمىگەنلىكى مەلۇم بولسا، گۆشى يېيىلمەيدۇ. شۇنىڭدەك، بىرەر توخۇ دەرەخقە ئېسىلىپ قالغان تەقدىردە، ئۇنىڭ ئۆلۈپ قېلىش خەۋپى بولسا، ئۇنى يارىلاندۇرۇپ ئۆلتۈرۈش ئۇنى بوغۇزلىغانلىق بولىدۇ[3].**

## بوغۇزلانغان ھايۋان قاچان ھالال بولىدۇ؟

**ئىختىيارىي مال سويۇش ئۇسۇلىدا قىزىلئۆڭگۈچ، كاناي ۋە ئىككى جان تومۇردىن ئىبارەت تۆت تومۇر كېسىلىدۇ. يۇقىرىدا ئۆتۈپ كەتكەن بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قانداق قىلساڭ قىلىپ جان تومۇرلارنى**

---

(1) سەھىھ بۇخارى، **5498** ـ ھەدىس.

(2) «فەتھۇلبارى»، **9** ـ توم، **629** ـ بەت.

(3) «ئەلھىدايە»، **4** ـ توم، **66** ـ بەت.

ئۆزنۈەتكىن »[1]. ئۇبايە ئىبنى رۇفائەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇنىڭ بوۋىسى: ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! بىزنىڭ پىچاقلىرىمىز يوق دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللہ نىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىپ، چىش ۋە تىرناقتىن باشقا نەرسە بىلەن قېنى چىقىرىلغان هايۋاننى يېگىن، ئەمما تىرناق ھەبەشلەرنىڭ پىچىقىدۇر، چىش سۆڭەكتۇر » دېگەن.

بىر تۆگە قېچىپ كەتتى. ئادەملەر ئۇنى ئوق ئېتىپ توختاتتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك ـ شۇبھىسىزكى، بۇ هايۋانلار ئىچىدىن ياۋايى هايۋانلارغا ئوخشاش ياۋايىلىشىپ كېتىدىغانلىرى چىقىدۇ. هايۋىنىڭلاردىن بىرى قېچىپ كەتسە، ئۇنى مۇشۇنداق قىلىڭلار » دېدى[2].

بەنى سەلىمە جەمەتىدىن بىر ئادەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: « سەلئە[3] تېغىنىڭ ئېدىرلىقىدا كەئب ئىبنى مالىكنىڭ قويىنى باقىدىغان ئۇنىڭ بىر دېدىكى بار ئىدى. توساتتىن بىر قويغا پېشكەللىك كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دېدەك بىر تاشنى سۇندۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇ قوينى بوغۇزلىدى. ساهابىلار بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى قوينىڭ گۆشىنى يېيىشكە بۇيرىدى »[4].

تومۇرلاردىن مەيلى قايسىسى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۈچ تومۇر كېسىلىپ بوغۇزلانغان هايۋان هالالدۇر. چۈنكى كۆپ قىسمى كېسىلسە، ھەممىسى (كېسىلگەنلىكنىڭ) ھۆكمى بېرىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىدا ئۆتۈپ كەتكەن سۆزىدىمۇ: «قانداق قىلساڭ قىلىپ جان تومۇرلارنى ئۆزنۈەتكىن » دېيىلگەن[5].

تۆت تومۇرنىڭ ھەر بىرىدىن كۆپ قىسمىنى ئۆزنۈەتسە كۇپايە قىلامدۇ؟ بۇ ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشىدۇر. ئالدىنقىسى ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قارىشىدۇر. ئەبۇ يۇسۇفتىن ئۈچىنچى قاراش رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، كاناي بىلەن يەنە ئىككى تومۇرنى ئۈزۈش شەرت قىلىنغان.

ئىمام بەززازى قىزىلئۆڭگۈچ بىلەن كانايىنىڭ ھەممىسىنى ۋە جان تومۇرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۈزۈش قارىشىدا بولغان. «ئەددۇررۇلمۇختار » ناملىق كىتابتىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. ئىبنى ئابىدىن بەززازىنىڭ سۆزىگە ئىلاۋە قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئۇنىڭ

---

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 192 ـ بەت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى «ئەلئەۋسەت» ناملىق كىتابىدا ئەبۇ ھۇزەيفەدىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ لەۋزى مۇنداق: «جان تومۇرلارنى ئۈزەلەيدىغان ھەرقانداق نەرسە بىلەن مال بوغۇزلاڭلار، پەقەت چىش ۋە تىرناق بىلەن بوغۇزلاشقا بولمايدۇ».

(3) سەھىھ بۇخارى، 5503 ـ ھەدىس.

(4) مەدىنە ئەتراپىدىكى بىر تاغنىڭ ئىسمى.

(5) سەھىھ بۇخارى، 5502 ـ ھەدىس.

سۆزى بىزنىڭ مەزھىپىمىزدىكى كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتە بەرگەن ئەڭ توغرا جاۋابىدۇر. چۈنكى قىزىلئۆڭگۈچ بىلەن كانايىنىڭ ھەممىسى ۋە ئىككى جان تومۇردىن ھەر بىرىنىڭ كۆپ قىسمى كېسىلىش بىلەن ئۇنىڭ گۆشى يېيىلىدۇ. ئۇنداق بولمىسا گۆشى يېيىلمەيدۇ.»[1]

«ئەلجامىئ ئەسسەغىر» ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەگەر قىزىلئۆڭگۈچنىڭ ۋە تومۇرلارنىڭ يېرىمى كېسىلسە، يېيىلمەيدۇ. ئەگەر جېنى چىقىشتىن بۇرۇن تومۇر بىلەن قىزىلئۆڭگۈچنىڭ كۆپ قىسمى كېسىلسە، يېيىلىدۇ». بۇ مەسىلە ھەققىدە ھەرخىل قاراشلار رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئاپتور بۇ ھەقتە توختالمىغان.

قىسقىسى، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىدا قايسى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۈچ تومۇر كېسىلسە، ھايۋان ھالال بولىدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇفمۇ دەسلەپتە مۇشۇ قاراشتا ئىدى، بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان قاراشقا كېيىن يېنىۋالغان.

ئىمام مۇھەممەد (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ ھەر بىر تومۇرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ كېسىلىشىنى ئېتىبارغا ئالىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭمۇ (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) يەنە بىر قارىشىدا مۇشۇنداق قارايدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. چۈنكى ھەر بىر تومۇر ئۆز ئالدىغا ئايرىم بولغانلىقى ۋە ئۇنى كېسىشكە بۇيرۇق قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر تومۇر ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ھەر بىر تومۇرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ كېسىلىشى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق قارايدۇ: «ئىككى جان تومۇرنى كېسىشتىن مەقسەت قاننى چىقىرىشتۇر. شۇڭا ئىككىسىنىڭ بىرى يەنە بىرىنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. چۈنكى ھەر ئىككىلىسى قان تومۇردۇر. ئەمما قىزىلئۆڭگۈچ كانايدىن ئايرىم بولغان بىر ئەزا بولۇپ، قىزىلئۆڭگۈچ ئوزۇقلۇق يولى، كاناي بولسا نەپەس يولىدۇر. شۇڭا ئۇ ئىككىسىنى چوقۇم ئۈزۈش كېرەك.»

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق قارايدۇ: «نۇرغۇن ھۆكۈملەردە كۆپ قىسمى ھەممىنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. ئۇ تۆت تومۇردىن قايسى ئۈچىنى ئۈزۈۋەتسە، كۆپ قىسمىنى ئۈزۈۋەتكەن بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەقسەت ھاسىل بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئاقىدىغان قاننى چىقىرىش ۋە جانىنى تېز چىقىرىشقا ئالدىراشتىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى ھايۋان نەپەس يولىنى ياكى ئوزۇقلۇق يولىنى كېسىۋەتكەندىن كېيىن ھايات قالمايدۇ. قان ئىككى جان تومۇردىن بىرىنى كېسىش بىلەن چىقىدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 187 ـ بەت.

**شۇڭا جانىۋارنىڭ كۆپ قىينىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىرنى تولۇق كېسىش بىلەن كۇپايىلىنىش كېرەك. ئەكسىچە ئۇنىڭ بىرىنىڭ يېرىمىنى كېسىش توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇ هالدا قان تومۇرنىڭ كۆپ قىسمى ساق قالغان بولىدۇ. شۇڭا هايۋاننىڭ هارام بولۇپ قېلىشىدىن ئېهتىيات قىلغان ئاساستا، ئۇنىڭغا هېچ نەرسىنى كەسمىگەننىڭ هۆكمى بېرىلىدۇ[1]. »**

**بۇ يەردە شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، تۆگە ئەسلىدە تۆش بىلەن بويۇننىڭ تۇتاشقان قىسمىدىن بوغۇزلىنىدۇ. تۆگىدىن باشقا هايۋانلار بوغۇزدىن بوغۇزلىنىدۇ. ئىبنى جۇرەيج مۇنداق دېدى: ئەتائ: « سويۇلىدىغان مال پەقەت بوغۇزدىن ياكى تۆش بىلەن بويۇننىڭ تۇتاشقان قىسمىدىن بوغۇزلىنىدۇ » دېدى. مەن ئۇنىڭدىن: « بوغۇزىدىن بوغۇزلىنىدىغان هايۋانلارنى تۆش بىلەن بويۇننىڭ تۇتاشقان قىسمىدىن بوغۇزلىسام كۇپايە قىلامدۇ؟ » دەپ سورىسام، ئۇ: « هەئە، الله كالىنىڭ بوغۇزىدىن بوغۇزلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ئەگەر سەن تۆش بىلەن بويۇننىڭ تۇتاشقان قىسمىدىن بوغۇزلىنىدىغان بىرەر هايۋاننى بوغۇزىدىن بوغۇزلىساڭمۇ توغرا بولىدۇ. لېكىن مېنىڭچە ئۇنى تۆش بىلەن بويۇننىڭ تۇتاشقان قىسمىدىن بوغۇزلاش ياخشىدۇر. مال بوغۇزلاش تومۇرلارنى كېسىشتىن ئىبارەتتۇر » دېدى. مەن: « تومۇرلارنىڭ ئارقىدىن يۇلۇنىمۇ كېسىلىپ كەتسىچۇ؟ » دېسەم، ئۇ: « هېچ ۋەقەسى يوق » دېدى.**

**نافىئ ماڭا ئابدۇللاه ئىبنى ئۆمەرنىڭ يۇلۇننى ئۈزۈشنى چەكلەپ: « سۆڭەكتىن باشقا يەر كېسىلىدۇ. ئاندىن جېنى چىققىچە تاشلاپ قويۇلىدۇ » دېگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن.**

**الله تائالا كالىنىڭ بوغۇزىدىن بوغۇزلىنىدىغانلىقى هەققىدە مۇنداق دەيدۇ: « ئۆز ۋاقتىدا، مۇسا ئۆز قەۋمىگە: « الله هەقىقەتەن سىلەرنى بىر كالا بوغۇزلاشقا بۇيرۇيدۇ » دېگەن ئىدى. ئۇلار: « بىزنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟ » دېدى. مۇسا: « جاهىللاردىن (يەنى مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن) بولۇپ قېلىشتىن الله غا سېغىنىپ پاناه تىلەيمەن » دېدى. ئۇلار: « بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىنكى، بىزگە قانداق كالا ئىكەنلىكىنى بايان قىلسۇن » دېدى. مۇسا: « الله ئۇنى قېرىمۇ ئەمەس، ياشمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا ياش بولسۇن دەپ ئېيتتى، سىلەر بۇيرۇلغاننى قىلىڭلار » دېدى. ئۇلار: « بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىنكى، بىزگە ئۇنىڭ رەڭگىنى بايان قىلسۇن » دېدى. مۇسا ئېيتتىكى، « الله هەقىقەتەن ئۇنىڭ رەڭگى قارىغۇچىلارنى زوقلاندۇرىدىغان ساپسېرىق بولسۇن دېدى ». ئۇلار: « پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىن، ئۇنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىزگە بايان قىلسۇن، (يەنى دېهقانچىلىققا ئىشلىتىلگەن كالىمۇ، ياكى**

(1) «رەددۇلمۇهتار»، 5 ـ توم، 53 ـ بەت.

سەمرىتىش ئۇچۇن بېقىلغان كالىمۇ؟) بۇ بىزگە مۇجمەل بولۇپ قالدى (بۇ ئېنىق بولىدىغان بولسا) خۇدا خالىسا (ئۇنى) بىز چوقۇم تاپىمىز» دېدى. مۇسا: «الله ئۇنىڭ يەر ھەيدەپ، ئېكىن سۇغىرىپ كۆندۈرۈلگەن بولماسلىقىنى، بېجىرىم، ئالىسى يوق (يەنى رەڭگىدە سېرىقلىقتىن باشقا رەڭ يوق) بولۇشىنى ئېيتتى» دېدى. ئۇلار: «ئەمدى تولۇق بايان قىلدىڭ» دېدى. ئۇلار كالىنى (تېپىپ كېلىپ) بوغۇزلىدى، (ئۇلار سۇئال سوراۋەرگەنلىكتىن) بۇنى ئورۇنلىيالمىغىلى تاس قالدى»[1].

سەئىد ئىبنى جۇبەير ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببا سنىڭ: «ھايۋانلار بوغۇز ۋە بويۇنلىرىدىن بوغۇزلىنىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئابباس ۋە ئۆمەر قاتارلىقلار: «باشنى ئۈزۈۋەتسىمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق» دېگەن[2].

ئىبنى ھەجەر (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېگەن: «تۆش بىلەن بويۇننىڭ تۇتاشقان قىسمىدىن بوغۇزلاش تۆگىگە خاستۇر. ئەمما تۆگىدىن باشقا ھايۋانلار بوغۇزىدىن بوغۇزلىنىدۇ».

تۆگىنىڭ بوغۇزىدىنمۇ بوغۇزلانغانلىقى، تۆگىدىن باشقا ھايۋانلارنىڭ تۆش بىلەن بويۇننىڭ تۇتاشقان قىسمىدىنمۇ بوغۇزلانغانلىقى ھەققىدە ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان. ئىبنى تىين مۇنداق دېگەن: «تۆگە ئەسلىدە تۆش بىلەن بويۇننىڭ تۇتاشقان قىسمىدىن بوغۇزلىنىدۇ. قوي ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ھايۋانلار ئەسلىدە بوغۇزىدىن بوغۇزلىنىدۇ. ئەمما كالىنىڭ بوغۇزدىن بوغۇزلىنىدىغانلىقى قۇرئاندا بايان قىلىنغان. تۆش بىلەن بويۇننىڭ تۇتاشقان قىسمىدىن بوغۇزلىنىدىغانلىقى بولسا سۈننەتتە بايان قىلىنغان. ئالىملار تۆش بىلەن بويۇننىڭ تۇتاشقان قىسمىدىن بوغۇزلىنىدىغان ھايۋاننىڭ بوغۇزىدىن بوغۇزلىنىشى، بوغۇزىدىن بوغۇزلىنىدىغان ھايۋاننىڭ تۆش بىلەن بويۇننىڭ تۇتاشقان قىسمىدىن بوغۇزلىنىشى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشقان بولۇپ، كۆپچىلىك ئالىملار دۇرۇس دەپ قارىغان، ئىبنى قاسىم مۇنداق قىلىشنى چەكلىگەن....»[3].

## مال بوغۇزلايدىغان ئەسۋابلار

تومۇرلارنى ئۈزۈپ، قان ئېقىتالايدىغان پۈتۈن نەرسىلەر بىلەن مال بوغۇزلاش ھالالدۇر. كۆك قومۇشنىڭ پوستى، پىچاققا ئوخشاش ئىتتىك تاش قاتارلىق نەرسىلەر بىلەنمۇ مال بوغۇزلاشقا بولىدۇ. پەقەت ئەسلى ئورنىدا تۇرىۋاتقان (يەنى تەندىن

(1) «ئەلھىدايە»، 5 ـ توم، 65 ـ بەت.

(2) سۈرە بەقەرە، 67 ــ 71 ـ ئايەتكىچە.

(3) سەھىھ بۇخارى، 5509 ـ ھەدىس.

چىقىرىۋېتىلمىگەن) چىش ۋە تىرناق بىلەن مال بوغۇزلاشقا بولمايدۇ. ئەگەر چىش ۋە تىرناق ئورنىدىن چىقىرىۋېتىلگەن بولسا، بىزنىڭ مەزھىپىمىزدە ئۇلار بىلەن مال بوغۇزلاش مەكروھلۇق بىلەن توغرا بولىدۇ. چۈنكى ئۇ، گال پىچاقتا مال بوغۇزلاشنىڭ مەكروھ بولغىنىغا ئوخشاش هايۋاننى قىيناپ قويىدۇ. لېكىن ئورنىدىن چىقىرىۋېتىلگەن چىش بىلەن تىرناقتا بوغۇزلانغان مالنىڭ گۆشىنى يېيىشكە بولىدۇ.[1]

رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز بىر سەپەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئىدۇق. شۇ ئەسنادا تۆگىلەردىن بىرى قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ئادەم ئۇنى ئېتىپ توختاتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ هايۋانلار ئىچىدىن ياۋايى هايۋانلارغا ئوخشاش ياۋايىلىشىپ كېتىدىغانلىرى بولىدۇ. هايۋىنىڭلاردىن بىرى قېچىپ كەتسە، ئۇنى مۇشۇنداق قىلىڭلار» دېدى. مەن: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! بىز غازات يۈرۈشلىرىدە ۋە سەپەرلەردە بولىمىز، مال سويۇپ يېمەكچى بولغىنىمىزدا بوغۇزلايدىغان پىچاق تېپىلماي قالسا، قانداق قىلىمىز؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللّٰه نىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىپ قېنى چىقىرىلغان هايۋاننى يېگىن، (قان چىقارغۇچى ئەسۋاب) چىش ۋە تىرناقتىن باشقا نەرسە بولسۇن، چىش سۆڭەكتۇر، تىرناق ھەبەشلەرنىڭ پىچىقىدۇر» دېدى[2].

تىرناق، چىش ۋە مۈڭگۈز بىلەنمۇ، ئەگەر ئەسلى ئورنىدىن چىقىرىۋېتىلگەن بولسا، مال بوغۇزلاشقا بولىدۇ. بۇ نەرسىلەر بىلەن بوغۇزلانغان هايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىشنىڭ ھېچ ۋەقەسى يوق. پەقەت بۇ نەرسىلەر بىلەن مال بوغۇزلاش مەكروھتۇر. ئىمام شافىئى (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەپ قارايدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «تىرناق ۋە چىشتىن باشقا نەرسە بىلەن قېنى چىقىرىلغان ۋە تومۇرلىرى ئۈزۈلگەن هايۋاننىڭ گۆشىنى يېگىن. (چىش سۆڭەكتۇر) تىرناق ھەبەشلەرنىڭ پىچىقىدۇر» دېگەنلىكى ئۈچۈن بۇ نەرسىلەر بىلەن بوغۇزلانغان هايۋان ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋان بىلەن ئوخشاش ھۆكۈمدىدۇر. چۈنكى ئۇ شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئىش ئەمەس. شۇڭا ئۇ نەرسىلەر بىلەن بوغۇزلانغان هايۋان خۇددى ئەسلى ئورنىدىن چىقىرىۋېتىلمىگەن نەرسە بىلەن بوغۇزلانغان هايۋانغا ئوخشاشتۇر.»

بىزنىڭ مەزھەپىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قانداق قىلساڭ قىلىپ قان ئېقىتقىن» دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ. بۇ ھەدىس يەنە بىر رىۋايەتتە: «قانداق قىلساڭ قىلىپ جان تومۇرلارنى ئۈزىۋەتكىن» دەپ رىۋايەت قىلىنغان. ئىمام شافىئى

(1) «فەتھۇلبارى»، 9 ـ توم، 641 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 188 ـ بەت.

دەلىل قىلغان ھەدىس ئەسلى ئورنىدىن چىقىرىۋېتىلمىگەن چىش ۋە تىرناققا قارىتىلىدۇ. ھەبەشىلەر شۇنداق قىلاتتى. چىش ۋە تىرناق ئادەتتە يارىلاندۇرىدىغان نەرسە بولۇپ، قان چىقىرىشتىن ئىبارەت مەقسەت ئۇنىڭ بىلەن ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا ئۇ تاش ۋە تۆمۈرگە ئوخشاپ قالىدۇ. لېكىن ئورنىدىن چىقىرىۋېتىلمىگەنلىرى بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن مال بوغۇزلاش كۈچگە تايىنىدۇ. شۇڭا ئۇ بۇغۇپ ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن مال ئۆلتۈرۈش مەكروھتۇر. چۈنكى ئۇنىڭدا ئادەمنىڭ مەلۇم پارچىسى ئىشلىتىلىدۇ. ھايۋان قىينىلىپ ئۆلىدۇ. بىز ھەقىقەتەن مالنى ياخشى رەۋىشتە بوغۇزلاشقا بۇيرۇلغان[1].

شۇنىڭ ئۈچۈن مال بوغۇزلىغۇچى پىچىقىنى ئىتتىك بىلىشى ۋە بوغۇزلىغان مالنى قىيناپ قويماسلىقى كېرەك. شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس شەرىپتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق ئىككى ئىشنى ياد ئېلىۋالغان ئىدىم: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللہ پۈتۈن نەرسىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنى پۈتتۈۋەتتى. ئەگەر ئادەم (يەنى ئۆلتۈرۈشكە تېگىشلىك ئادەمنى) ئۆلتۈرسەڭلار ياخشى رەۋىشتە (يەنى ياخشى چارە ۋە ياخشى ئۇسۇل بىلەن) ئۆلتۈرۈڭلار، مال بوغۇزلىساڭلار ياخشى رەۋىشتە بوغۇزلاڭلار. سىلەرنىڭ بىرىڭلار پىچىقىنى ئىتتىك بىلىسۇن ۋە بوغۇزلىغان مېلىنى راھەتكە چىقارسۇن»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بوغۇزلىغان مېلىنى راھەتكە چىقارسۇن» دېگەن سۆزى پىچاقنى ئىتتىك بىلەشنى، تېز سۈرۈشنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. پىچاقنى بوغۇزلىنىدىغان مالنىڭ ئالدىدا بىلىمەسلىك، بىر مالنى يەنە بىر مالنىڭ ئالدىدا بوغۇزلىماسلىق ۋە مالنى بوغۇزلايدىغان جايغا سۆرەپ ئېلىپ بارماسلىق مۇستەھەپتۇر. بۇلارنى ئىمام نەۋەۋي سەھىھ مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدە بايان قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوق ياكى شۇنىڭدەك نەرسە بىلەن ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ھايۋانلارنى تىرىك ھالەتتە سولىۋېلىپ نىشان قىلىشنى چەكلىگەن. زەيد ئىبنى ئەنەستىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن بوۋام ئەنەس ئىبنى مالىك بىلەن ھەكەم ئىبنى ئەييۇبنىڭ ئۆيىگە كىرسەم، ئادەملەر بىر توخۇنى سولىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئوق ئېتىۋاتقان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بوۋام ئەنەس: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايۋانلارنى سولىۋېلىپ نىشان قىلىشتىن چەكلىگەن، دېدى.»

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ يەھيا

(1) سەھىھ بۇخارى، 5544 ـ ھەدىس.

(2) «ئەلھىدايە» 4 ـ توم، 65 ـ بەت.

ئىبنى سەئىدنىڭ ئۆيىگە كىرسە، يەھيانىڭ باللىرىدىن بىر ئوغۇل بالا بىر توخۇنى نىشان قىلىپ ئوق ئېتىش ئۈچۈن باغلاۋاتقان ئىكەن. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر دەرھال توخۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى يېشىۋەتتى. ئاندىن توخۇنى ۋە ئۇ بالىنى ئېلىپ كېلىپ: « بۇ قۇشنى نىشان قىلىپ ئۆلتۈرۈشتىن بالاڭلارنى توسۇڭلار، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايۋان ياكى باشقا جانلىقنى نىشان قىلىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈشتىن چەكلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم » دېدى. ئىككىنچى بىر رىۋايەتتە ھەدىسنىڭ لەۋزى: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايۋانىنىڭ قۇلاق ـ بۇرۇنلىرىنى كەسكەن كىشىگە لەنەت قىلغان » دەپ بايان قىلىنغان[1].

بۇ ھەدىس بۇقا سوقۇشتۇرغۇچىلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا بۇقىلار بىكاردىن بىكارغا قىينىلىدۇ. ئەگەر بۇ ھايۋان بوغۇزلاشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ قالسا، گۆشى ھالال بولمايدۇ. شۇڭا نىشان قىلىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن قۇش، توشقان ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ھارام بولۇشىدىكى ئەسلى دەلىل شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايۋانلارنى نىشان قىلىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈشنى توسۇپ: « جېنى بار نەرسىنى قارىغا ئاتىدىغان نىشان قىلماڭلار » دېگەن.

سەئىد بۇ ھەقتە ئەبۇ دەردائىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نىشان قىلىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ھەرقانداق قۇش ياكى ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىشنى چەكلىگەن. »

ئۇ يەنە مۇجاھىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نىشان قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن ھەر قانداق قۇش ۋە توشقاننىڭ گۆشىنى[2]، تۆگە ۋە كالىغا ئوخشاش بوغۇزلىماستىن يېگىلى بولمايدىغان ھەر قانداق كۆندۈرۈلگەن ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىشنى چەكلىگەن. »[3]

« ئەددۇررۇلمۇختار » ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: « مال بوغۇزلىغۇچىنىڭ مالنى يېنىچە ياتقۇزۇشتىن بۇرۇن پىچىقىنى ئىتتىك بىلىشى مۇستەھەپتۇر. يېنىچە ياتقۇزۇپ بولغاندىن كېيىن بوغۇزلايدىغان جايغا پۇتىدىن سۆرىگەنگە ئوخشاش رەۋىشتە ئېلىپ كىلىش مەكروھتۇر. شۇنداقلا گەردىنىدىن بوغۇزلىغان تەقدىردە جېنى چىقىپ بولغۇچە تومۇرلار كېسىلسە، گۆشى مەكروھتۇر، ئۇنداق بولمىسا (يەنى جېنى

(1) سەھىھ مۇسلىم، 1955 ـ ھەدىس.

(2) سەھىھ بۇخارى، 5515 ـ ھەدىس.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ھاكىم ئىبنى ئابباستىن مۇنۇ لەۋزى بىلەن رىۋايەت قىلغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تولۇمنىڭ ئاغزىدىن سۇ ئىچىشنى، تېزەك يەيدىغان ئۆلاغقا مىنىشنى، نىشان قىلىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ھەر قانداق قۇش ياكى ھايۋاننىڭ گۆشنى يېيىشنى چەكلىگەن».

چىقىپ بولغۇچە تومۇرلار كېسىلمىسە)، بوغۇزلىماستىن ئۆلۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن هالال بولمايدۇ... بېشىنى ئالدىراپ ئۈزىۋەتكەنگە ۋە پۈتى تېپىرلاشتىن توختاشتىن بۇرۇن تېرىسىنى سويۇشقا باشلىغانغا ئوخشاش ئورۇنسىز هالدا قىيناشنىڭ هەممە تۈرلىرى مەكروهتۇر»[1].

# تىرىك هايۋاندىن كېسىۋېلىنغان گۆشنىڭ هۆكمى

تىرىك هايۋاندىن كېسىۋېلىنغان گۆش ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋانغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇ گۆشنى يېيىش دۇرۇس بولمايدۇ. ئىمام هاكىم «مۇستەدرەك» ناملىق هەدىس كىتابىدا ئەبۇ سەئىد خۇدرىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام تۆگىنىڭ لوكىسىنى، قوينىڭ ساغرىسىنى كېسىش هەققىدە سورالغاندا: «تىرىك هايۋاندىن كېسىلگەن گۆش ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋاننىڭ گۆشىگە ئوخشايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئىمام هاكىم بۇ هەدىسنى تەهقىقلەپ: «بۇ هەدىسنىڭ شەرتى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ هەدىس قوبۇل قىلىش شەرتلىرىگە توشىدۇ، لېكىن بۇ ئىككى ئىمام ئۇ هەدىسنى رىۋايەت قىلمىغان» دېگەن[2].

ئۇۋچى ئوۋ هايۋىنىغا ئوق ئاتقاندا ئۇ هايۋاننىڭ بىرەر ئەزاسى ئاجراپ كەتسە، يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، ئۇۋۇنىڭ گۆشى يېيىلىدۇ، ئەمما ئاجراپ كەتكەن ئەزانىڭ گۆشى يېيىلمەيدۇ. ئىمام شافىئى (الله ئۇنىڭغا رەهمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئوۋ شۇ قېتىملىق ئوقتا ئۆلسە، هەر ئىككىلىسى يېيىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئەزا مەجبۇرىي مال سويۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن هايۋاندىن ئاجراپ كەتكەن. شۇڭا ئاجراپ كەتكەن ئەزا ۋە ئۇ هايۋان هالالدۇر. مەسىلەن، ئىختىيارىي مال سويۇش ئۇسۇلىدا بوغۇزلاش بىلەن تەڭ باش ئاجراپ كەتسە، هالال بولىدۇ. چۈنكى باش بوغۇزلاش بىلەن ئاجراپ كەتتى. ئەمما هايۋان شۇ بوغۇزلاش بىلەن ئۆلمىسە، ئۇنى يېيىش هالال بولمايدۇ.»

بىزنىڭ مەزهەپىمىز پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ: «تىرىك هايۋاندىن ئاجراپ كەتكەن نەرسە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋانغا ئوخشايدۇ» دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ. بۇ هەدىستە تىرىك هايۋاننى شەرتسىز بايان قىلدى. شۇڭا مۇشۇ سۈپەت بىلەن ئاجراپ كەتكەن ئەزا ئەمەلىيەتتىمۇ ۋە هۆكۈم جەهەتتىمۇ تىرىك هايۋاننىڭ بىر پارچىسى هېسابلىنىدۇ. چۈنكى هايۋاندا هاياتلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئاجراپ كەتكەن

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 17 ـ توم، 203 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇهتار»، 5 ـ توم، 188 ـ بەت.

نەرسە ئەمەلىيەتتە تىرىك ھېسابلىنىدۇ. ھۆكۈم جەھەتتىمۇ شۇنداق بولىدۇ. نېمىشقا دېگەندە ئۇ ھايۋاننىڭ مۇشۇ يارىلىنىشتىن ساقىيىپ كېتىش ئېھتىمالى باردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن شەرىئەت ئۇنى تىرىك ھېسابلايدۇ. ئەگەر ھايۋان مۇشۇ سۈپەت بىلەن تىرىك ھالەتتە سۇغا چۈشۈپ كەتسە ھارام بولىدۇ.

ئىمام شافىئىينىڭ «بوغۇزلاش بىلەن ئاجراپ كەتتى» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىمىز: باش ئاجراپ كەتكەن ۋاقىتتا تەننىڭ قالغان قىسمىدا تېخى ھاياتلىق بولغانلىقى ئۈچۈن بوغۇزلاش ھۆكمى چۈشمەيدۇ. تەندىن جان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن جان چىقىش ھۆكمى ئاجراپ كەتكەن ئەزاغا چۈشمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا ھاياتلىق يوق. ئاجراپ كېتىش جاننىڭ چىقىپ كېتىش رولىنى ئالالمايدۇ. شۇڭا ئاجراپ كەتكەن بۇ ئەزا ئەسلىدىكى ھالغا ئايلىنىپ قالىدۇ. چۈنكى تىرىك ھايۋاندىن ئەمەلىيەتتىمۇ ۋە ھۆكۈمدىمۇ ئاجراپ كەتكەن نەرسە ھالال ئەمەس. تىرىك ھايۋاندىن ھۆكۈم جەھەتتە ئەمەس پەقەت شەكىل جەھەتتە ئاجراپ كەتكەن ئەزا ھالال بولىدۇ. مەسىلەن، ئاجراپ كەتكەن ئەزادا بوغۇزلانغان ھايۋاندا بولىدىغان ھاياتلىق مىقدارى ھاياتلىق بولسا، ئۇ ئەزا ئۇ ھايۋاندىن ھۆكۈم جەھەتتە ئەمەس، شەكىل جەھەتتە ئاجراپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئەزا مۇشۇنچىلىك مىقداردىكى ھاياتلىق بىلەن سۇغا چۈشۈپ كەتسە، ياكى تاغدىن دومىلاپ كەتسە ۋەياكى ئۆگزىدىن چۈشۈپ كەتسە، ئۇ ئەزانى يېيىش ھارام بولمايدۇ[1].

كېسىلگەن قۇلاق ۋە چۈشۈپ كەتكەن چىشقا ئوخشاش ئەمەلىيەتتىمۇ ۋە ھۆكۈم جەھەتتىمۇ تىرىك ھايۋاندىن ئاجراپ كەتكەن نەرسە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋانغا ئوخشايدۇ. لېكىن ئاجراپ كەتكەن ئۇ نەرسە خېلى كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ (يەنى چوڭلۇقى بىر تەڭگىنىڭ مىقدارىدىن چوڭ بولغان تەقدىردىمۇ) ئۆز ئىگىسى ئۈچۈن پاك ھېسابلىنىدۇ. (يەنى ئۇنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ئۆزى بىلەن بىللە كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇسا بولىدۇ). لېكىن بوغۇزلانغان ھايۋاندىن ئۇ ھايۋاننىڭ جېنى چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئاجراپ كەتكەن نەرسە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋانغا ئوخشىمايدۇ. شۇڭا ئۇ ھايۋان ئەگەر گۆشى يېيىلىدىغان ھايۋانلاردىن بولسا، ئۇنىڭدىن ئاجراپ كەتكەن ئۇ نەرسىنى يېيىشقا بولىدۇ. چۈنكى بىر ھايۋان بوغۇزلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭدا قالغان ھاياتلىق ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. لېكىن ئۇنى يېيىش مەكروھتۇر.[2]

ئەگەر بىر ئادەم ھايۋاننىڭ بىرەر ئەزاسىنى كەسكەن، لېكىن ئۇنى پۈتۈنلەي ئاجرىتىۋەتمىگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئەزانىڭ ئەگەر قايتا تۇتۇپ قېلىش ئېھتىمالى

(1) «ئىنلائۇسسۇنەن»، 17 ـ توم، 203 ـ بەت.

(2) «ئەلھىدايە» 4 ـ توم، 123 ـ بەت.

بولسا، ئۇ ئەزا يېيىلىدۇ. ئۇنداق بولمىسا يېيىلمەيدۇ. ئەگەر ئوق ئاتقۇچى هايۋاننى (ئوق ئېتىپ) ئۈچ پارچە قىلىۋەتكەن ۋە ئەڭ چوڭ پارچە هايۋاننىڭ ئارقا تەرىپى بولغان ياكى بېشىنىڭ يېرىمىنى ئۈزگەن ياكى كۆپ قىسمىنى ئۈزگەن، ياكى ئىككى پارچە قىلىۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭ هەممىسى يېيىلىدۇ. چۈنكى بۇ هالەتلەردە ئۇ هايۋاندىكى هاياتلىق بوغۇزلانغان بىر هايۋاندىكى (تاكى ئۇ هايۋان ئۆلۈپ بولغىچە بولغان ئارىلىقتىكى) هاياتلىققا ئوخشاش. بۇ ئەهۋالنى مەزكۇر هەدىس (يەنى <تىرىك هايۋاندىن كېسىلگەن گۆش ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋاننىڭ گۆشىگە ئوخشايدۇ> دېگەن هەدىس) ئۆز ئىچىگە ئالمىغان. ئەگەر ئوق ئاتقۇچى هايۋاننى (ئوق ئېتىپ) ئۈچ پارچە قىلىۋەتكەن ۋە ئەڭ چوڭ پارچە هايۋاننىڭ باش تەرىپى بولغان بولسا، ئۇنىڭ گۆشى يېيىلمەيدۇ. چۈنكى هەدىستە تىرىكلىك شەرتىسىز بايان قىلىنغان. شۇڭا پارچىلانغان چوڭ پارچە هايۋاننىڭ باش تەرىپىدە بولغان هايۋان ئەمەلىيەتتىمۇ ۋە هۆكۈم جەهەتتىمۇ تىرىكنىڭ هۆكمىدە بولىدۇ. ئەمما يۇقىرىدىكى هايۋاننىڭ تىرىكلىكى هۆكۈم جەهەتتە ئەمەس، شەكىل جەهەتتە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ هايۋاننىڭ ئاشۇنداق يارىدار بولغاندىن كېيىن هايات قېلىش ئېهتىمالى يوقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ هايۋان ئاشۇنچىلىك مىقداردىكى هاياتلىق بىلەن سۇغا چۈشۈپ كەتسە ياكى تاغدىن دومىلاپ كەتسە، ياكى ئۆگزىدىن چۈشۈپ كەتسە، ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىش هارام ئەمەس.[1]

## مال بوغۇزلىغۇچىدا بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەر

بوغۇزلانغان مالنىڭ هالال بولۇشى ئۈچۈن بوغۇزلىغۇچى مۇسۇلمان بولۇشى، ئەگەر بوغۇزلىماقچى بولغان هايۋان ئوۋ هايۋىنى بولسا، ئوۋلىغۇچى ئېهرامدا بولماسلىقى ۋە ئوۋلىنىدىغان هايۋاننىڭ هەرەم چېگراسىنىڭ سىرتىدا بولۇشى كېرەك. بۇ سۆزدىن ئوۋ هايۋانلىرى بولمىغان قوي ۋە كالىغا ئوخشاش ئۆي هايۋانلىرىنى بوغۇزلىغۇچى مەيلى ئېهرامنىڭ ئىچىدە بولسۇن ياكى ئېهرامنىڭ سىرتىدا بولسۇن، مەيلى هەرەمنىڭ چېگراسى ئىچىدە بولسۇن ياكى ئۇنىڭ سىرتىدا بولسۇن ئۆي هايۋانلىرىنى بوغۇزلىسا، ئۇ هايۋاننى يېيىش هالالدۇر.

هەرەمنىڭ ئوۋ هايۋانلىرىنى هەرەمدە بوغۇزلاش ئۇ هايۋاننى هالال قىلمايدۇ. بوغۇزلىغۇچى مەيلى ئېهرامدا بولسۇن ياكى ئېهرامدا بولمىسۇن بەرىبىردۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئېهرامدىكى كىشىنىڭ ئوۋ هايۋىنىنى مەيلى هەرەمدە ياكى هەرەمنىڭ چېگراسىنىڭ سىرتىدا بوغۇزلىشى بىلەن ئۇنىڭ گۆشى هالال بولمايدۇ.

(1) «ئەددۇررۇلمۇختار» 5 ـ توم، 197 ـ بەت.

**مال بوغۇزلىغۇچى ئەھلى كىتابتىن بولغان زىممىي بولسۇن ياكى ئۇلاردىن بولغان ئۇرۇش ھالىتىدىكى كاپىر بولسۇن، (ئۇنىڭ بوغۇزلىغان مېلىنى يېيىش ئۈچۈن) دىنىغا ئەمەل قىلىشى شەرت قىلىنىدۇ (يەنى بۇرۇنقى شەرىئەت بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ كەلگەن بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ). ئەھلى كىتابقا يەھۇدىيلارنىڭ سامىرە پىرقىسىمۇ كىرىدۇ. چۈنكى ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىگە ئېتىقاد قىلىدۇ. خىرىستىيانلارنىڭ ئىچىگە ياۋرۇپالىقلار ۋە ئەرمەنلەرمۇ كىرىدۇ.**

**يەھۇدىينىڭ مال بوغۇزلىشى ئۈچۈن ئىسرائىل دىنىغا (يەنى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا) ئېتىقاد قىلغان بولۇشى، خىرىستىياننىڭ مال بوغۇزلىشى ئۈچۈن ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلماسلىقى شەرت قىلىنامدۇ؟**

**«ئەلھىدايە» ناملىق كىتابنىڭ ۋە باشقا كىتابلارنىڭ مەزمۇنىنىڭ تەقەززاسى ئۇنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. بەزى ئالىملار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان يەھۇدىيلار ھەققىدە مۇشۇنداق پەتىۋا بەرگەن. «ئەلمۇستەسفا» ناملىق كىتابتا خىرىستىيانلار بىلەن نىكاھلىنىشنىڭ ھالال بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۇنداق ئېتىقاد قىلماسلىقى شەرت قىلىنغان. «ئەلمەبسۇت» ناملىق كىتابتا: ئەگەر ئەھلى كىتابلاردىن خىرىستىيانلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنى، يەھۇدىيلار ئۇزەيرنى ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلغان تەقدىردە، ئۇلار بوغۇزلىغان ماللارنىڭ گۆشىنى مۇسۇلمانلارنىڭ يېمەسلىكى، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى بىلەن نىكاھلانماسلىقى ۋاجىپتۇر، دەپ كۆرسىتىلگەن. لېكىن «مەبسۇت» ناملىق كىتابتا خىرىستىياننىڭ بوغۇزلىغان مېلى، مەيلى ئۇ ئىسا ئۈچ ئىلاھنىڭ ئۈچىنچىسىدۇر، دېگەن ياكى ئۇنداق دېمىگەن تەقدىردىمۇ، شەرتسىز ھالالدۇر، دەپ كۆرسىتىلگەن.**

**دەلىللەر ئۇلار بوغۇزلىغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ بوغۇزلىغان مېلىنى يېمەسلىك، زۆرۈر بولۇپ قالمىسا ئاياللىرىنى ئالماسلىق ياخشىدۇر. كەمال ئىبنى ھەمام تەتقىق قىلىش ئارقىلىق شۇنداق يەكۈن چىقارغان. لېكىن، خىرىستىيانلار ھەققىدە يۇقىرىقىدەك شەرتلەرنى قىلىش بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسىگە خىلاپتۇر[1].**

**ئەگەر خىرىستىيان دىنىدىكى بىر زىممىينىڭ مال بوغۇزلىغان چاغدا ئىسا ئەلەيھىسسالامنى تىلغا ئالغانلىقى ئاڭلىنىپ قالسا، ئۇ بوغۇزلىغان ھايۋاننىڭ گۆشى يېيىلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ الله نىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغان، بىراق بۇنىڭ بىلەن ئىسا ئەلەيھىسسالامنى مەقسەت قىلغانلىقى بىلىنگەن تەقدىردە، ئالىملار: «ئۇنىڭ گۆشى يېيىلىدۇ» دېدى. لېكىن، ئۇ خىرىستىيان مال بوغۇزلىغاندا: «الله نىڭ ئىسمى بىلەن**

(1) «رەددۇلمۇھتار» **5** ـ توم، **305** ـ بەت.

بوغۇزلايمەنكى ئۇ ئۇچ ئىلاھنىڭ ئۈچىنچىسىدۇر» دەپ ئوچۇق تىلغا ئالسا، ئۇ مالنىڭ گۆشى يېيىلمەيدۇ. بىر خىرىستىيان كۆز ئالدىمىزدا يالغۇز الله تائالانىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ بوغۇزلىسا ئۇ مالنىڭ گۆشىنى يېگىلى بولغىنىدەك، بوغۇزلانغان ھالەتتە كەلگەن گۆشنى يېيىشكىمۇ بولىدۇ.[1]

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بۈگۈن سىلەرگە پاك نەرسىلەر ھالال قىلىندى، كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) نىڭ تامىقى سىلەرگە ھالالدۇر ۋە سىلەرنىڭ تامىقىڭلار ئۇلارغا ھالالدۇر»[2]. الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۇرۇش ھالىتىدىكى ئەھلى كىتاب كاپىرلىرىدىن زىممىنى ئايرىمىدى، ياغىدىن گۆشنىمۇ ئايرىمىدى. ياغنىڭ ئەھلى كىتابقا ھارام بولۇشى بىزگە ئالاقىسىزدۇر. چۈنكى ئۇ ئۇلارغا ھارام بولغان بىلەن، بىزگە ھارام ئەمەس. ئۇلارنىڭ بوغۇزلىغان ماللىرىنىڭ بىزگە ھالال ئىكەنلىكى مۇقەررەرلەشكەندىن كېيىن شۇنى ئېنىق بىلدۇرۇپ قويۇش لازىمكى، بىزنىڭ شەرىئىتىمىز ئۇلارغا ھارام بولغان نەرسىنىڭ بىزگە ھارام ئىكەنلىكى توغرىلىق ئېغىز ئاچمىدى. شۇڭا ئۇ ئەسلىدىكى مۇباھ ھالىتىدە بولىدۇ.

زۆھرى مۇنداق دەيدۇ: «ئەرەب خىرىستىيانى بوغۇزلىغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىشكە بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ھايۋاننى الله تىن باشقا نەرسىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ بوغۇزلىغانلىقىنى ئاڭلىساڭ، ئۇ ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېمىگىن. ئەگەر ئۇنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى ئاڭلىمىساڭ، الله ئۇنى ساڭا ھەقىقەتەن ھالال قىلىپ بەردى. ئۇلارنىڭ كۇفرىنى الله ئۆزى ئوبدان بىلىدۇ».

ئابدۇرراززاق مۇئەممەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن زۆھرىدىن ئەرەب خىرىستىيانىنىڭ بوغۇزلىغان ماللىرىنى يېيىشكە بولامدۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلدى ۋە ئاخىرىدا: «ئۇنىڭ الله تىن باشقا نەرسىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ بوغۇزلىشى: <مەسىھنىڭ (يەنى ئىسانىڭ) ئىسمى بىلەن بوغۇزلايمەن> دېيىشىدىن ئىبارەتتۇر، دېگەنلەرنى قوشۇپ قويدى.

ئىمام شافىئىمۇ شۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئۇلار الله تىن باشقا نەرسىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ مال بوغۇزلىسا، مەسىلەن، ئىسانىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالسا، مالنىڭ گۆشى ھالال بولمايدۇ. ئەگەر ئىسانى دۇرۇدنىڭ ئورنىدا تىلغا ئالسا، گۆش ھارام بولمايدۇ».

ئىمام بەيھەقى ھەلىمىنىڭ بىر ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەھلى كىتابلار ھەقىقەتەن الله تائالانىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 188 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 188 ـ بەت.

مال بوغۇزلايدۇ. ئۇلارنىڭ دىنىنىڭ ئەسلى الله تىن باشقىغا ئىبادەت قىلىشنى مەقسەت قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى مەقستى شۇ بولغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ بوغۇزلىغان ماللىرى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇلاردىن: ئىسانىڭ ئىسمى بىلەن بوغۇزلايمەن، دېگۈچىلەرنىڭ سۆزىنىڭ ھېچ زىيىنى يوق. چۈنكى، ئۇنداق دەيدىغانلار ئۇ سۆزى بىلەن پەقەت الله نى ئىرادە قىلىدۇ. ئەمما ئۇلار بۇ ئېتىقاد بىلەن كاپىر ھېسابلىنىدۇ»[1].

ھۆكۈمگە ئۇيغۇن ھالدا مال بوغۇزلىيالايدىغان خوتۇن كىشىنىڭ بوغۇزلىغان مېلىمۇ يېيىلىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئاتىسى ئۇنىڭغا مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەن: ئۇلارنىڭ بىر چۆرىسى سىلئ تېغىدا قوي باقاتتى. بىر كۈنى ئۇ چۆرە ماللارنىڭ ئارىسىدىن بىر قوينىڭ ئۆلۈپ قالاي دېگەنلىكىنى كۆرۈپ، تاشتىن بىرنى سۇندۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇ قوينى بوغۇزلايدۇ. ئۆمەر ئائىلىسىدىكىلەرگە: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن بۇ ھەقتە سورىمىغىچە ياكى ئۇنىڭدىن بۇ ھەقتە سوراپ كېلىدىغان بىرىنى ئەۋەتىپ ھۆكۈمنى بىلمىگىچە سىلەر ئۇنىڭ گۆشىنى يېمەي تۇرۇڭلار، دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئۆزى بارىدۇ ياكى بىرىنى ئەۋەتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ قوينىڭ گۆشىدىن يېيىشكە بۇيرۇيدۇ.

يەنە بىر رىۋايەتتە بەنى سەلىمە جەمەتىدىن بىر ئادەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «سەلئ تېغىنىڭ ئېدىرلىقىدا كەئب ئىبنى مالىكنىڭ قوينى باقىدىغان ئۇنىڭ بىر چۆرىسى بار ئىدى. توساتتىن بىر قوي يىقىلىپ چۈشۈپ جان تالاشقىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چۆرە بىر تاشنى سۇندۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇ قوينى بوغۇزلىدى. ساھابىلار بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى قوينىڭ گۆشىنى يېيىشكە بۇيرۇدى»[2].

الله نىڭ ئىسمىنى ئاتاشنى بىلمەيدىغان كىچىك بالىنىڭ بوغۇزلىغان مېلى يېيىلمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ساراڭ ۋە مەستنىڭ بوغۇزلىغان مېلىمۇ يېيىلمەيدۇ. ئەمما ئەھمەق ۋە (ساراڭ دەرىجىسىگە يېتىپ قالمىغان) ئەقلى ئاجىز كىشىنىڭ بوغۇزلىغان مېلى يېيىلىدۇ. گاچىنىڭ بوغۇزلىغان مېلىمۇ يېيىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ «بىسمىللاھ» دېيەلمەسلىكى ئۇنى توغرا رەۋىشتە مال بوغۇزلاشقا، خۇددى ناماز ئوقۇشقا توسالغۇ بولمىغىنىدەك توسالغۇ بولمايدۇ.

بۇتپەرەس، ئوتپەرەس ۋە مۇرتەدلەردىن ئىبارەت ئەھلى كىتاب بولمىغان كىشىلەرنىڭ بوغۇزلىغان مېلىنىڭ گۆشلىرى ھالال ئەمەس. مۇرتەدنىڭ دىنى يوق. ئۇ ئۆزىگە

(1) سۇرە مائىدە، 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) «فەتھۇلبارى» 9 ـ توم، 637 ـ بەت.

يېتىپ كەلگەن دەلىللەرنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئوتپەرەس (ھەممە تەرەپتىن) مۇرتەدكە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئوتپەرەسلەرگە ئەھلى كىتابقا تۇتقان يولنى تۇتۇڭلار، پەقەت ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنى ئالماڭلار، بوغۇزلىغان ماللىرىنى يېمەڭلار». مۇرتەد تەۋھىدنى دەۋا قىلمايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ دىنى ئېتىقاد ۋە دەۋا جەھەتتىن بۇزۇلىدۇ[1].

«ئەلمۇلتەقىت» ناملىق كىتابتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىنلارنىڭ بوغۇزلىغان ماللىرىنى يېيىشتىن توسقان، دەپ بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن جىننىڭ بوغۇزلىغان مېلى ھالال بولمايدۇ. زاھىرىي جەھەتتىن ئالغاندا جىن ئادەم سۈرىتىگە كىرمەستىن مال بوغۇزلىغان بولسا، ئۇلارنىڭ بوغۇزلىغان ماللىرىنىڭ گۆشلىرى يېيىلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلار ئادەم سۈرىتىگە كىرىپ مال بوغۇزلىسا، سۈرەتنىڭ زاھىرىنى نەزەرگە ئېلىپ تۇرۇپ ئۇلار بوغۇزلىغان ماللارنىڭ گۆشلىرى ھالال بولىدۇ.

شۇنداقلا دەرزى[2]لەرنىڭ بوغۇزلىغان مېلى ھالال بولمايدۇ. بۇنى شافىئى مەزھەپىدىن ھىسنى ئىسىملىك ئالىم ئوچۇق كۆرسىتىپ: «ئۇلارنىڭ بوغۇزلىغان ماللىرىنىڭ قېرىنلىرىدا قۇرۇتۇلغان سۆزمىلەر ھالال ئەمەس» دېگەن. بىزنىڭ قائىدە پرىنسىپىمىز ئۇنىڭ بۇ قارىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. چۈنكى دەرزىلەرنىڭ ئاسماندىن نازىل بولغان كىتابى يوق. ئۇلار الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرمەيدۇ. ئەھلى كىتاب بولسا پەيغەمبەرلەردىن بىرەرسىگە ئىمان كەلتۈرىدۇ ۋە كىتابلاردىن بىرەرسىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

دەرزىلەرنىڭ يۇرتلىرىدا خىرىستىيانلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن سۆزمىلەرگە، دەرزى بوغۇزلىغان مالنىڭ قېرىنىدا قۇرۇتۇلغانلىقى بىلىنمىگەن تەقدىردە، ھالال ئەمەس دەپ ھۆكۈم قىلىنىشتا بولمايدۇ. چۈنكى سۆزمە قېرىندىن باشقا نەرسىدىمۇ قۇرۇتۇلىدۇ. خىرىستىيانمۇ مال بوغۇزلايدۇ.

بۇ كىتابنىڭ ئاخىرقى قىسمىنىڭ ئوۋ بۆلۈمىدە مال بوغۇزلىغۇچىنىڭ مال بوغۇزلاش سالاھىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىش شەرت ئەمەس، دېگەن مەسىلىنىڭ بايانى كېلىدۇ. شۇ يەردە الله تائالا خالىسا بۇ مەسىلە تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ[3].

جەبرىيە پىرقىسىگە تەۋە كىشىلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمۇ جەبرىيە پىرقىسىگە تەۋە بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ بوغۇزلىغان مېلى ھالال بولىدۇ. ئۇلار زىممىيلارغا ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى دىندىن بۇزۇلۇپ كەتكەنلەر بولسا، ئۇلارنىڭ

(1) سەھىھ بۇخارى، 5502 ـ ھەدىس.

(2) «ئەلھىدايە» 4 ـ توم، 62 ـ بەت. مەزكۇر ھەدىس «ئىئلائۇسسۇنەن» نىڭ 17 ـ توم، 95 ـ بېتىدە بايان قىلىنغان.

(3) دەرزى شىئە مەزھىبىنىڭ ئىسمائىلىيە پىرقىسىگە تەۋە بىر پىرقە بولۇپ، قۇرغۇچىسى ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇللاھ دەرزىدۇر.

بوغۇزلىغان مېلى ھالال ئەمەس. چۈنكى ئۇلار مۇرتەدلەرنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. ئۇلار خرىستىيان دىنىنى قوبۇل قىلغان يەھۇدىي ياكى ئوتپەرەسنىڭ ئەكسىچە مۇرتەدكە ئوخشاش بولۇپ كېتىدۇ. بىزنىڭ مەزھەپىمىزدە خرىستىيان دىنىنى قوبۇل قىلغان يەھۇدىي ياكى ئوتپەرەس ئۆزىگە يېتىپ كەلگەن نەقلىي دەلىلنى قوبۇل قىلىدۇ. مانا بۇ، مال بوغۇزلاشتا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

ئەگەر يەھۇدىي ئوتپەرەسلىكنى قوبۇل قىلسا، ئۇنىڭ بوغۇزلىغان مېلى ھالال بولمايدۇ. مۇشرىك بىلەن ئەھلى كىتابتىن تۇغۇلغان بالا ئەھلى كىتابنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ، نىكاھ بۆلىمىدە: «بالا ئاتا ـ ئانىدىن زىيىنى يېنىكرەك بولغانغا تەۋە بولىدۇ» دەپ بايان قىلىنغىنىدەك، زىيىنى يېنىكرەك ھېسابلىنىدۇ. كىتابقا ئىمان كەلتۈرگەن كىشىنىڭ زىيىنى، گەرچە ئۇ، ئەمەل قىلىشتىن قالدۇرۇلغان كىتاب بولسىمۇ، بۇتلارغا چوقۇنىدىغان مۇشرىكنىڭ زىيىنىدىن يېنىكرەك بولىدىغانلىقىدا ھېچ شەك يوق. چۈنكى مۇشرىكنىڭ بېشىغا كۆن چۈشكەندە بۇتقا يالۋۇرۇشى شۈبھىسىزدۇر. ئەمما ئەھلى كىتاب ئۇنداق قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ دىنى ئەمەلدىن قېلىشتىن بۇرۇن ھەق دىن ئىدى[1].

## >بىسمىللاھ< دېمەستىن مال بوغۇزلىغان كىشىنىڭ مېلىنىڭ ھۆكمى

>بىسمىللاھ< دېمەستىن مال بوغۇزلىغان كىشىنىڭ مېلى يېيىلمەيدۇ. چۈنكى ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۆمىنلەر) ﷲ نىڭ ئىسمى ئېيتىلماي بوغۇزلانغان (يەنى بىسمىللا دەپ زەبھى قىلىنمىغان) ھايۋانلارنى يېمەڭلار، ئۇنى يېيىش ئەلۋەتتە گۇناھتۇر. شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۆز دوستلىرىنى (يەنى مۇشرىكلارنى) سىلەر بىلەن دەتالاش قىلىشقا ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، سىلەر چوقۇم مۇشرىك بولۇپ قالىسىلەر»[2].

>بىسمىللاھ< دېيىشنى ئۇنتۇپ قالغۇچى پاسىق ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئۇنتۇپ قېلىپ بىسمىللاھ دېمىگەن بولسا، بوغۇزلانغان مال ھالال بولىدۇ. مال بوغۇزلىغاندا بىسمىللاھ دېيىشنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن كىشىمۇ ئۇنتۇپ قالغۇچىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. ئەگەر مال بوغۇزلىغۇچى بىر مالنى بوغۇزلىغاندا >بىسمىللاھ< دەپ بوغۇزلىسا، ئاندىن يەنە بىر مالنى بوغۇزلاپ، شۇ بىر قېتىم >بىسمىللاھ< دېيىش بۇنىڭغىمۇ كۇپايە قىلىدۇ، دەپ ئويلىسا، كېيىنكى مال ھالال بولمايدۇ. >بىسمىللاھ<

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 189 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 190 ـ بەت.

دېيىشنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن كىشى بىلەن ئۇنى بىلگەن كىشىنى پەرقلەندۈرۈش مۇمكىن بولىدۇ. شۇڭا ئالدىنقى كىشىنىڭ ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنىدۇ، كېيىنكى كىشى <بىسمىللاھ> دېيىشنىڭ ئەسلى شەرت ئىكەنلىكىنى، <بىسمىللاھ> دېيىش مالنى بوغۇزلىغان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە شەرت ئىكەنلىكىنى، بىرىنچى مالنى بوغۇزلاش بىلەن تەڭ ئۇ شەرتنىڭ دەرھال ئۈزۈلىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئىككىنچى مالنى بوغۇزلىغاندىمۇ <بىسمىللاھ> دېيىشنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۇ ھەقتە ئالدىمىزدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

لېكىن «ئەلبەدائىئ» ناملىق كىتابتا مۇئەللىپ مال بوغۇزلىغۇچىنىڭ بىرىنچى مالغا <بىسمىللاھ> دېيىشنىڭ ئىككىنچى مالغىمۇ كۇپايە قىلىدىغانلىقىنى ئويلىغانلىقىنى ئۇنتۇلۇشقا ئوخشاش ئۆزرە ھېسابلانمايدىغانلىقىنى بايان قىلغان. چۈنكى ئۇ شەرئەتنىڭ ھۆكمىنى بىلمىگەنلىكتۇر. ئۇ ئۆزرە ئەمەس. ئۇنتۇلۇش بۇنىڭ ئەكسىدۇر. مەسىلەن، ئۇنتۇپ قېلىپ يەپ قىلىش روزىنى بۇزمايدىغانلىقىغا ئوخشاش[1].

ئىبنى ئابباس: «كىمكى بىسمىللاھ دېيىشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا، ھېچ ۋەقەسى يوق» دېگەن. ئۇنى ئىمام بۇخارى سەھىھ بۇخارىدا رىۋايەت قىلغان. ئۇ ھەدىسنى ئىمام دارۇقۇتنىمۇ رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىبنى ئابباس <بىسمىللاھ> دېيىشنى ئۇنتۇپ قېلىپ مال بوغۇزلىغان مۇسۇلمان ھەققىدە سورالغاندا، ئۇ: «ئۇنىڭ ھېچ ۋەقەسى يوق» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىبنى ئابباسنىڭ يەنە <بىسمىللاھ> دېيىشنى ئۇنتۇپ قېلىپ مال بوغۇزلىغان كىشى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «گەرچە مۇسۇلمان اللہ نىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمىغان بولسىمۇ، اللہ نىڭ ئىسمى ئۇنىڭ دىلىدا باردۇر». بۇ ھەدىسنىڭ سەنىدى سەھىھتۇر. ئۇنى ئىمام مالىكمۇ ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلغان...

ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە تەبەرى ئۇ ھەدىسنى ئىبنى ئابباستىن باشقا بىر سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇ مۇنداق دېگەن: «يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: سەن بىز ئۆلتۈرگەن ھايۋاننى يەپ، اللہ ئۆلتۈرگەن ھايۋاننى يېمەيدىكەنسەن دېگەن. شۇنىڭ بىلەن: «(ئى مۆمىنلەر) اللہ نىڭ ئىسمى ئېيتىلماي بوغۇزلانغان (يەنى بىسمىللا دەپ زەبھى قىلىنمىغان) ھايۋانلارنى يېمەڭلار، ئۇنى يېيىش ئەلۋەتتە گۇناھتۇر. شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۆز دوستلىرىنى (يەنى مۇشرىكلارنى) سىلەر بىلەن دەتالاش قىلىشقا ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارغا ئىتائەت قىلساڭلار،

(1) سۈرە ئەنئام، **121** - ئايەت.

سىلەر چوقۇم مۇشرىك بولۇپ قالىسىلەر »[1] دېگەن ئايەت چۈشكەن.

ئىمام تەبەرى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تەلھە ئارقىلىق ئىبنى ئابباسنىڭ يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى قىلغانلىقىنى ۋە مەزكۇر ئايەتنى ئوقۇپ ئۇ ئايەتنى: ئەگەر سىلەر ئۇلارغا مەن سىلەرنى چەكلىگەن نەرسىلەرنى يېگۈزسەڭلار، سىلەر چوقۇم مۇشرىك بولۇپ قالىسىلەر، دەپ شەرھىلىگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

ئىمام تەبەرى يەنە مۇئەممەردىن قەتادىنىڭ: « شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۆز دوستلىرىنى (يەنى مۇشرىكلارنى) سىلەر بىلەن دەتالاش قىلىشقا ۋەسۋەسە قىلىدۇ » دېگەن ئايەت ھەققىدە: « مۇشرىكلار مۆمىنلەر بىلەن بوغۇزلانغان مال ھەققىدە دەتالاش قىلدى » دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئۇلاپ يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى بايان قىلغان.

ئىمام تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: « كىمكى <قايسى بىر مۇسۇلمان اللہ نىڭ ئىسمىنى ئاتاشنى ئۇنتۇپ قېلىپ بوغۇزلىغان مال ھارامدۇر> دېسە، ئۇ توغرىلىقتىن تولىمۇ ئۇزاقلىشىپ كەتكەن بىر قاراشتۇر. چۈنكى ئۇنداق دەپ قاراش ناھايىتى ئاز ساندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ پىكرى ھېسابلىنىدۇ ۋە مۇسۇلمانلار جامائەتچىلىكى تۈتقا قىلغان قاراشتىن چىقىپ كەتكەنلىك بولىدۇ ». ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: « اللہ تائالانىڭ « ئۇنى يېيىش ئەلۋەتتە گۇناھتۇر » دېگەن سۆزىگە كەلسەك، اللہ نىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنماي بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋاننىڭ گۆشىنى ۋە اللہ تىن باشقا نەرسىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ بوغۇزلىغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىش گۇناھتۇر ». ئىمام تەبەرى بۇ قاراشقا بىرەر كىشىنىڭ قارشى چىققانلىقىنى رىۋايەت قىلمىغان[2].

ئىمام شافىئىنىڭ قارىشى بويىچە مال بوغۇزلىغاندا، ئۇۋغا ئوق ئاتقاندا ۋە ئوۋ ئىتىنى قويۇپ بەرگەندە <بىسمىللاھ> دېيىش مۇستەھەپتۇر. ئەگەر قەستەن ياكى سەۋەنلىكتىن <بىسمىللاھ> دېمىگەن بولسا، مال ھالال بولىۋېرىدۇ. لېكىن توغرا قاراشقا ئاساسلانغاندا ئۇنى قەستەن دېمەسلىك مەكروھتۇر[3].

ئەگەر اللہ نىڭ ئىسمى بىلەن باشقا بىر نەرسىنىڭ ئىسمىنى بىرگە تىلغا ئالغان تەقدىردە، جۈملىنى باغلىغۇچىسىز ئۇلىسا مەكروھتۇر. مەسىلەن، اللہ نىڭ ئىسمى بىلەن بوغۇزلايمەن ئى اللہ بۇنى پالانىدىن قوبۇل قىلغىن، دېگەنگە ياكى مەندىن قوبۇل قىلغىن، دېگەنگە ئوخشاش. يەنە بىر مىسال شۇكى، اللہ نىڭ ئىسمى بىلەن بوغۇزلايمەن مۇھەممەد اللہ نىڭ ئەلچىسىدۇر، دېگەنگە ئوخشاش. لېكىن جۈملىنى

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 190 ـ بەت.

(2) سۇرە ئەنئام، 121 ـ ئايەت.

(3) «فەتھۇلبارى» 9 ـ توم، 624 ـ بەت.

مۇنداق ئۆلاش مەكروهتۇر. ئەگەر جۈملىگە باغلىغۇچى ئىشلەتسە، مەنە جەھەتتىن بىرەر مەسىلە كۆرۈلمەسلىكى لازىم. ئەگەر: الله نىڭ ئىسمى بىلەن بوغۇزلايمەن الله مۇھەممەدكە رەھمەت يوللىسۇن! دېسە، ئۇ هايۋاننىڭ گۆشى هالال بولىدۇ. بىراق مۇنداق قىلماسلىق ئەۋزەلدۇر. ئەگەر باغلىغۇچى هەرپ «ۋە» نى ئىشلىتىپ: الله نىڭ ئىسمى بىلەن بوغۇزلايمەن ۋە الله مۇھەممەدكە رەھمەت يوللىسۇن! دېسە، ئۇنى يېيىش هالالدۇر[1].

ئەگەر باغلىغۇچى ئىشلىتىپ: الله نىڭ ئىسمى بىلەن ۋە پالانىنىڭ ئىسمى بىلەن بوغۇزلايمەن، دېسە هارام بولىدۇ. چۈنكى ئۇ الله تىن باشقا نەرسىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ بوغۇزلىغان بولىدۇ. الله تائالا ئۆچۈن بوغۇزلاش پەقەت ئۇنىڭ ئىسمىنى يالغۇز تىلغا ئېلىش، ئۇنىڭغا هېچ نەرسىنى شېرىك قىلماسلىق بىلەن بولىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «الله سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆشىنى، الله دىن غەيرىينىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان هايۋاننى يېيىشنى هارام قىلدى. كىمكى ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجسىزلىقتىن (يۇقىرىقى هارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) هاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە، ئۇنىڭغا هېچ گۇناھ بولمايدۇ. ھەقىقەتەن الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»[2]. يەنى بۇ ئايەت: الله تائالادىن باشقا نەرسىگە ئاتاپ بوغۇزلانغان مال سىلەرگە هارام بولىدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىسلام دىنى بۇتپەرەسلىكنىڭ پۈتۈن شەكىللىرىگە ۋە پۈتۈن كۆرۈنۈشلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىدۇ. الله تائالادىن باشقا نەرسىگە ئاتاپ مال بوغۇزلاش شېرىكلىك ۋە بۇتپەرەسلىكنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇنىڭدا الله تائالادىن باشقا نەرسە ئۇلۇغلىنىدۇ، الله تائالانىڭ نېمەتلىرى ۋە پەزلى مەرھەمەتلىرىگە تۇزكورلۇق ھەمدە كۇفرىلىق قىلغانلىق بولىدۇ. الله سۇبھانەهۇ ۋەتائالا يېگانە ياراتقۇچىدۇر، ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر. بۇ هايۋانلارنى ئۇ هالال قىلىپ بەردى ۋە ئۇلارنى بىزگە بويسۇندۇرۇپ بەردى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۆمىنلەر) الله نىڭ ئىسمى ئېيتىلماي بوغۇزلانغان (يەنى بىسمىللا دەپ زەبھى قىلىنمىغان) هايۋانلارنى يېمەڭلار، ئۇنى يېيىش ئەلۋەتتە گۇناھتۇر. شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۆز دوستلىرىنى (يەنى مۇشرىكلارنى) سىلەر بىلەن دەتالاش قىلىشقا ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، سىلەر چوقۇم مۇشرىك بولۇپ قالىسىلەر»[3].

ئامىر ئىبنى ۋاسىلەدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەلى

(1) «رەۋزەتۇتتالىبىين» 2 ـ توم، 473 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇهتار» 5 ـ توم، 190 ـ بەت.

(3) سۈرە بەقەرە، 173 ـ ئايەت.

ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ يېنىدا ئىدىم. ئۇنىڭ قېشىغا بىر ئادەم كېلىپ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساڭا نېمىلەرنى يوشۇرۇن سۆزلەپ بەرگەن ئىدى؟ دېدى. ئەلى بۇنى ئاڭلاپ غەزەپلەندى ۋە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماڭا ھېچ نەرسىنى كىشىلەردىن يوشۇرۇپ سۆزلەپ بەرگىنى يوق، ئۇ ماڭا پەقەت تۆت جۈملە سۆزنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى دېدى. ئۇ ئادەم: ئى مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى! ئۇ قايسى سۆزلەر ئىدى؟ دېدى. ئەلى مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاتا ـ ئانىسىغا لەنەت قىلغان كىشىگە الله لەنەت قىلىدۇ، الله تىن باشقا نەرسىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ مال بوغۇزلىغان كىشىگە الله لەنەت قىلىدۇ، جىنايەتچىنى يوشۇرغان كىشىگە الله لەنەت قىلىدۇ، يول بەلگىلىرىنى ئۆزگەرتكەن كىشىگە الله لەنەت قىلىدۇ» دېگەن ئىدى[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «چۈشكۈرگەن ۋە مال بوغۇزلىغان چاغدىن ئىبارەت ئىككى ئورۇندا مەن تىلغا ئېلىنمايمەن». مانا بۇ ھەدىستىن مال بوغۇزلىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشنىڭ هاراملىقى چىقىدۇ. بىز يۇقىرىدا تەپسىلىي بايان قىلغىنىمىزدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىش بىلەن مال هارام بولۇپ كېتىدۇ ـ دە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋاننىڭ هۆكمىدە بولۇپ قالىدۇ. چۈشكۈرگەندىمۇ هۆكۈم شۇنداق بولامدۇ ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىش ئالدىنقى هۆكۈمنىڭ ئەكسىچە بولامدۇ؟ بۇ مەسىلە ئىزدىنىشكە قالدۇرۇلىدۇ[2].

الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشقا نەرسىنىڭ ئارىسىنى شەكىل جەھەتتە ياكى مەنە جەھەتتە ئايرىسا، مەسىلەن، مالنى ياتقۇزۇشتىن بۇرۇن دۇئا قىلغان، <بىسمىللاھ> دېيىشتىن بۇرۇن دۇئا قىلغان ياكى بوغۇزلاپ بولغاندىن كېيىن دۇئا قىلغان بولسا، بۇنىڭ ھېچ گۇناھى يوق. چۈنكى ئىككىسىنىڭ ئارىسى ئەسلا يېقىن بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مال بوغۇزلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «ئى الله! بۇنى مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتى ئىچىدىن سېنىڭ بار ۋە بىر ئىكەنلىكىڭگە ھەمدە مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى يەتكۈزگەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بەرگەن كىشىلەرنىڭ نامىدىن قوبۇل قىلغىن».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مال بوغۇزلىماقچى بولغاندا: «ئى الله! بۇ سەن تەرەپتىندۇر ۋە سەن ئۈچۈندۇر، مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۈچۈندۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، مەن شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلاردىنمەن، بىسمىللاھى ۋەللاھۇ ئەكبەر» دەيتتى،

(1) سۈرە ئەنئام، 121 ـ ئايەت.

(2) سەھىھ مۇسلىم، 1978 ـ ھەدىس.

ئاندىن مالنى بوغۇزلايتتى. بۇ، ئەلى (اللە ئۇنىڭ يۈزىنى نۇرلاندۇرىۋەتسۇن!) دىن مۇشۇنداق رىۋايەت قىلىنغان[1].

ئابدۇرراززاق ئۆزىنىڭ كىتابىدا ئەبۇھۇرەيرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇربانلىق قىلماقچى بولسا، چوڭ، سېمىز، چوڭ مۈڭگۈزلۈك، ئاق ئىككى ئېرىك سېتىۋالاتتى. بىرىنى ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ نامىدا، يەنە بىرىنى ئۈممىتى ئىچىدىن اللە نىڭ بار ۋە بىرلىكىگە ھەمدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى يەتكۈزگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەن كىشىلەرنىڭ نامىدا بوغۇزلايتتى». بۇ ھەدىسنى ئىمام ئىبنى ماجە ئابدۇرراززاقتىن رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد ئۇ ھەدىسنى باشقا بىر يول بىلەن جابىردىن مۇنداق رىۋايەت قىلغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چوڭ مۈڭگۈزلۈك، ئاق ئىككى ئېرىكنى بوغۇزلىدى»[2].

## <بىسمىللاھ> دېيىشنىڭ شەرتلىرى

بىسمىللاھنى دۇئا ۋە باشقا نەرسىگە ئارىلاشتۇرماي خالىس تىلغا ئېلىش شەرت قىلىنىدۇ. اللە نىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن قايسى ئىسمىنى تىلغا ئالسا بولىۋېرىدۇ. اللە نىڭ ئىسمىغا بىرەر سۈپەتنى قوشۇپ: <اللە ئەكبەر> دېسىمۇ ياكى <اللە ئەجەل> دېسىمۇ ۋەياكى <اللە ئەئزەم> دېسىمۇ، يا سۈپەت قوشماي: <اللە ئەررەھمان> دېسىمۇ ياكى <لا ئىلاھە ئىلللەللاھۇ> دېسىمۇ ۋەياكى <سۇبھانەللاھ> دېسىمۇ بولىۋېرىدۇ. بىسمىللاھنىڭ مەنىسىنى بىلسۇن ياكى بىلمىسۇن، ئەرەبچە دېيىشكە قادىر بولغان تەقدىردە ئەرەبچە دېسە، قادىر بولالمىسا خالىغان تىلدا دېسە ئوخشاشتۇر.

بىسمىللاھنى باشقا ئادەم ئەمەس، پەقەت مال بوغۇزلىغۇچىنىڭ ئۆزى دېيىشى، ئۇنى دېيىش بىلەن بىرەر مەخلۇقنى ئۇلۇغلاشنى مەقسەت قىلماسلىقى شەرت قىلىنىدۇ. ئەگەر بىرەر باشلىقنىڭ كېلىشىگە ياكى شۇنىڭدەك بىر ۋەقەگە ئاتاپ مال بوغۇزلىسا، گەرچە اللە نىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغان تەقدىردىمۇ، ھارام بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئالدىمىزدا تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمىز.

«ئى اللە! ماڭا مەغپىرەت قىلغىن» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى دەپ (مال

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 191 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 191 ـ بەت.

بوغۇزلاش) بىلەن مال ھالال بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ سۆزلەر دۇئا ۋە تىلەكتۇر. ئەگەر الله نىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشنى نىيەت قىلىپ (مالنى) <ئەلھەمدۇلىللاھى> ياكى <سۇبھانەللاھ> دەپ تۇرۇپ بوغۇزلىسا، مال ھالال بولىدۇ. ئەگەر ئۇ سۆزلەر بىلەن الله نىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشنى نىيەت قىلمىسا، گۆش يېيىلمەيدۇ. چۈنكى بۇ سۆزلەر الله نىڭ ئىسمىنى ئاتاشنى ئۇچۇق بىلدۈرمەيدۇ. ئۇچۇق بولغىنى پەقەت <بىسمىللاھ> دېگەن سۆزدۇر. شۇنداق بولغاندا ئۇ سۆزلەر كىنايە ئورنىدا ئىشلىتىلگەن بولىدۇ. كىنايە سۆز ئوچۇق سۆزنىڭ ئورنىدا پەقەت نىيەت بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، تالاقنىڭ كىنايە سۆزلىرىگە ئوخشاش.

ئەگەر مال بوغۇزلىماقچى بولغاندا چۈشكۈرسە ۋە <ئەلھەمدۇلىللاھ> دېسە، الله نىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىش مەقسەت قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن توغرا قاراشقا ئاساسەن گۆش ھالال بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ چۈشكۈرگەنلىكى ئۈچۈن ھەمدى ئېيتىشنى نىيەت قىلدى. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ ھەمدىنى مال بوغۇزلاش ئۈچۈن نىيەت قىلغان بولسا، گۆش ھالال بولىدۇ. بۇنىڭ دەل ئەكسىچە، ئەگەر خەتىپ مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ چۈشكۈرسە ۋە <ئەلھەمدۇلىللاھ> دېسە، ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ ئىككى قارىشىنىڭ بىرىگە ئاساسەن شۇ ھەمدى بىلەن جۈمە نامىزى دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى جۈمە نامىزىدا الله تائالانىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىش شەرتسىز بۇيرۇلغان. ئەمما مال بوغۇزلىغاندا الله تائالانىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىش شەرتتۇر. لېكىن جۈمە نامىزى ھەققىدە توختالغاندا يەنە بىر رىۋايەت بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇ بەكراق توغرىدۇر. ئەگەر خەتىپ چۈشكۈرگەنلىكى ئۈچۈن <ئەلھەمدۇلىللاھ> دېسە، ئۇ ھەمدى ھەنەفى مەزھەپىگە ئاساسەن جۈمەنىڭ خۇتبىسىدىكى ھەمدىنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ[1].

باغلىغۇچى ھەرپ <ۋە> نى ئىشلەتمەستىن، <بىسمىللاھى ئاللاھۇ ئەكبەر> دېيىش مۇستەھەپتۇر. <ۋە> نى ئىشلىتىش (يەنى بىسمىللاھى ۋەللاھۇ ئەكبەر دېيىش) مەكروھتۇر. چۈنكى <ۋە> بىسمىللاھنىڭ ئارىسىنى ئۈزۈۋېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن <ۋە> ھەرپى بىلەن نەقىل قىلىنغان. ئەلى ۋە ئىبنى ئاببىاستىنمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلىنغان. ئىبنى ئابباس ئۇنى الله تائالانىڭ: «ئۇلارنى قاتار قىلىپ تۇرغۇزۇپ (يەنى ئۇلارنىڭ ئالدى سول پۇتىنى باغلاپ، ئۈچ پۇت بىلەن تۇرغۇزۇپ بوغۇزلىغىنىڭلاردا) الله نىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىڭلار (يەنى بىسمىللاھ دەڭلار)»[2] دېگەن سۆزىنىڭ تەپسىرىدە ئېيتقان.

ئەگەر: <بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم> دېسە، ياخشى بولىدۇ.

(1) «فەتھۇلبارى» 10 ـ توم، 10 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 191 ـ بەت.

<الله> تىكى <ھې> ھەرپىنى تولۇق چىقىرىپ تەلەپپۇز قىلىش لازىم. ئەگەر ئۇنى چىقارمىغان تەقدىردە، الله نى تىلغا ئېلىشنى نىيەت قىلسا، ھالال بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى نىيەت قىلماي، <ھې> ھەرپىنى تاشلىۋېتىشنى نىيەت قىلسا، ھالال بولمايدۇ. مال بوغۇزلاش ئۈچۈن <بىسمىللاھ> دېيىشنى نىيەت قىلماستىن <بىسمىللاھ> دېسىمۇ، ھالال بولىدۇ. ئەكسىچە، ئەگەر ئىشنى باشلاشتا <بىسمىللاھ> بىلەن بەرىكەت تىلەشنى نىيەت قىلسا ياكى ئۇنىڭ بىلەن باشقا بىر ئىشنى نىيەت قىلسا، توغرا بولمايدۇ ھەمدە ھالال بولمايدۇ. مەسىلەن، ناماز ئوقۇماقچى بولغان كىشى مۇئەززىنگە ئەگىشىپ: <الله ئەكبەر> دېسە، ئۇ ئادەم نامازنى باشلىغۇچى ھېسابلانمايدۇ.

ئىختىيارىي مال سويۇش ئۇسۇلىدا مال بوغۇزلىغۇچى ئۇنى بوغۇزلىغان ۋاقىتتا <بىسمىللاھ> دېيىش شەرت قىلىنىدۇ. مەجبۇرىي مال سويۇش ئۇسۇلىدا ئوق ئاتقان، ئوۋ ھايۋانلىرىنى قويۇپ بەرگەن چاغدا <بىسمىللاھ> دېيىش شەرت قىلىنىدۇ. ئەگەر قوينى ياتقۇزۇپ، ئاندىن <بىسمىللاھ> دەپ، شۇ <بىسمىللاھ> بىلەن ئۇ قويدىن باشقا قوينى بوغۇزلىسا، ئۇنداق قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر <بىسمىللاھ> دەپ، بىر ئوۋغا ئوق ئاتسا، ئوق ئۇنىڭدىن باشقا بىرىگە تەگسە، ھالال بولىدۇ. ئوۋ ھايۋىنىنى قويۇپ بەرگەندىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ.

ئەگەر بىر قوينى ياتقۇزۇپ ۋە <بىسمىللاھ> دېگەن، ئاندىن پىچاقنى تاشلىۋېتىپ، باشقا بىر پىچاق بىلەن بوغۇزلىغان بولسا، سويۇلغان مالنىڭ گۆشى يېيىلىدۇ. ئەگەر بىر ئوقىا <بىسمىللاھ> دېگەن، ئاندىن ئوۋغا باشقا بىر ئوقنى ئاتقان بولسا، ئۇ ئوۋنىڭ گۆشى يېيىلمەيدۇ. ياۋايى ئېشەكنى ئوۋلاش ئۈچۈن تۆمۈر توزاقنى قويغاندا <بىسمىللاھ> دېيىش شەرت قىلىنىدۇ. ياۋايى ئېشەكنى ئوۋلاش ئۈچۈن ئورغاقتەك بىسلىق نەرسە قويغان بولسا، ئاندىن ئېشەكنى ئۆلۈك تاپسا، مەقسىتىگە يېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىشەك ھالال بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنى قويغاندا <بىسمىللاھ> دېيىشنىڭ پايدىسى يوق.

<بىسمىللاھ> دېگەندىن كېيىنلا ئورۇننى ئۆزگەرتىشتىن ئىلگىرى بوغۇزلاش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئەگەر ئىككى قوينى ئۈستى ـ ئۈستىگە ياتقۇزۇپ، بىر قېتىم <بىسمىللاھ> دەپ، ئىككىسىنى بىراقلا بوغۇزلىسا، ھەر ئىككىلىسى ھالال بولىدۇ. ئەكسىچە، ئىككىسىنى ئارقا ـ ئارقىدىن بوغۇزلىسا، ھالال بولمايدۇ. چۈنكى بوغۇزلاش ئىشى تەكرارلانغانلىقى ئۈچۈن <بىسمىللاھ> دېيىشمۇ تەكرارلىنىشى لازىم.

ئەگەر <بىسمىللاھ> دەپ بولۇپ، بىر ـ ئىككى ئېغىز سۆز قىلغان ياكى ئازراق سۇ ئىچكەن ياكى بىرەر لوقما يېمەك يېگەن ۋەياكى پىچاقنى ئازراق بىلىگەنگە ئوخشاش

**ئىشلار بىلەن شۇغۇللانسا، ئاندىن بوغۇزلىسا، ھالال بولىدۇ. ئەگەر شۇغۇللانغان ئىش ئۇزۇراپ كەتسە، ھالال بولمايدۇ. چۈنكى مالنى بوغۇزلاش <بىسمىللاھ> بىلەن ئۇلۇنۇپ كېلىشى لازىم. <بىسمىللاھ> بىلەن مال بوغۇزلاشنىڭ ئارىسىدا بىرەر نەرسىنىڭ توسالغۇ بولۇشى توغرا ئەمەس. شۇڭا ئورۇن تۇتۇشۇپ تۇرۇش ئورنىدا بولىدۇ. ئازراق ئىش ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى ئۈزۈۋەتمەيدۇ، كۆپ ئىش ئۈزۈۋېتىدۇ. ئەگەر مال بوغۇزلىغۇچى <بىسمىللاھ> دېگەن، ئاندىن يېمەك يېيىش ياكى بىرەر نەرسە ئىچىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاندىن مالنى بوغۇزلىغان تەقدىردە، ئەگەر ئۇ ئىش ئۇزۇنغا سوزۇلغان ۋە شۇنىڭ بىلەن دەرھاللىق ئۈزۈلۈپ قالغان بولسا، ھارام بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا ھارام بولمايدۇ. ئۇزۇراپ كېتىشنىڭ چېكى قارىغۇچىغا نىسبەتەن ئۇزۇن بىلىنىپ كېتىش بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئەگەر پىچاقنى ئۇزۇن بىلىگەن بولسىمۇ، دەرھاللىق ئۈزۈلۈپ قالىدۇ[1].**

**ئاخىرىدا شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىككى ئادەم بىرلىكتە بىر قوينى بوغۇزلىسا، ئاندىن ئىككىسىدىن بىرى <بىسمىللاھ> دېمىگەن بولسا، قوي تاشلىۋېتىلىدۇ ۋە يېيىلمەيدۇ.**

# ﷲ نىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ياكى ئېلىنمىغانلىقى بىلىنمىگەن گۆشنىڭ ھۆكمى

**ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ساھابىلار: ئى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! جاھىلىيەت دەۋرىدىن ئەمدىلا قۇتۇلغان بەزى بىر كىشىلەر بىزگە گۆش ئېلىپ كېلىدۇ. بىز ئۇنىڭغا ﷲ نىڭ ئىسمى ئاتالغان ياكى ئاتالمىغانلىقىنى بىلمەيمىز. ئۇنى يېسەك بولامدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ﷲ نىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ يەڭلار» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد ۋە مالىك رىۋايەت قىلغان. لەۋزى ئىمام ئەبۇ داۋۇدنىڭ بولۇپ، رىۋايەتچىلەر ناھايىتى ئىشەنچلىكتۇر[2].**

**ئىمام بۇخارىنىڭ لەۋزىدە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: بەزى كىشىلەر بىزگە گۆش ئېلىپ كېلىدۇ، بىز مال ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقىتتا ﷲ نىڭ ئىسمى ئاتالغان ياكى ئاتالمىغانلىقىنى بىلمەيمىز، دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر ئۇنىڭغا بىسمىللاھ**

(1) سۈرە ھەج، 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 192 ـ بەت.

دەپ، ئاندىن يەڭلار» دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: گۆش ئېلىپ كېلىدىغانلار كۇفرىدىن ئەمدىلا قۇتۇلغان كىشىلەر ئىدى[1].

ئىبنى تىين مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يەردە گۆشنى يېگەن ۋاقىتتا بىسمىللاھ دېيىشنىڭ كۆزدە تۇتۇلىشى ئېھتىمالغا يېقىندۇر. ئىمام نەۋەۋىي بۇنى جەزىملەشتۈرگەن».

ئەمما بىر كىشىلەردىن باشقىلار مال بوغۇزلىغان، بىراق ئۇ كىشىلەر مال بوغۇزلىغانلارنىڭ (<بىسمىللاھ> نى دېگەن ياكى دېمىگەنلىكىنى) بىلمىگەن بولسا، ئۇ مالنىڭ گۆشىگە بىسمىللاھ دېيىشكە كەلسەك، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا <بىسمىللاھ> دېيىشى ھاجەتسىزدۇر. پەقەت ئۇنىڭ ئەكسى يەنى <بىسمىللاھ> دېمىگەنلىك مەلۇم بولغان تەقدىردە، ئاندىن گۆشنى يېيىشكە بولمايدۇ. ئۇ ھەدىس ئەگەر مال بوغۇزلىغۇچى <بىسمىللاھ> دېگەن تەقدىردە بوغۇزلىغان مېلى ھالال بولىدىغان كىشىلەردىن بولسا، سىلەر الله نىڭ ئىسمى ئاتالغان ياكى ئاتالمىغانلىقىنى بىلمىگەن گۆشنى يېيىشنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى يېگەن ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە <بىسمىللاھ> دېسەڭلار بولىدۇ، دېگەن مەنىنى كۆرسىتىشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىندۇر.

مەزكۇر ھەدىس مۇسۇلمانلارنىڭ بازارلىرىدىكى ھەرقانداق گۆشنى[2] يېيىش ھالالدۇر، دېگەن چۈشەنچىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شۇنداقلا چۆللەردە ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلار بوغۇزلىغان مالمۇ ھالالدۇر. چۈنكى ئۇلار كۆپىنچە ئەھۋالدا <بىسمىللاھ> دېيىشنى بىلىدۇ. ئاخىرقى بۇ قاراشنى ئىبنى ئابدۇلبەر جەزىملەشتۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «مەزكۇر ھەدىس مۇسۇلمان كىشى بوغۇزلىغان مالنىڭ گۆشنى يېيىشنىڭ ھالاللىقىنى كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇ كىشىنىڭ <بىسمىللاھ> دېيىشى ئېھتىمالغا يېقىندۇر، دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانغا قارىتا ھەرقانداق ئىشتا ئۇنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ خاتالىقى ئايدىڭلاشقانغا قەدەر ياخشى گۇماندا بولۇش لازىم»[3].

مەزكۇر ھەدىس يەنە مۇنداق گۆشنى مۇسۇلمان ئېلىپ كەلسە، مۇسۇلمانغا ياخشى گۇماندا بولۇش ۋە ئۇنىڭ قىلغان ئىشىنى توغرا رەۋىشتە چۈشۈنۈش لازىم بولۇدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى يېيىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بەزى ئالىملار بۇ ھەدىسنى مالنى بوغۇزلىغاندا <بىسمىللاھ> دېيىشنىڭ ۋاجىپلىقى ئۈچۈن دەلىل قىلسا، يەنە بەزى ئالىملار ئۇنى <بىسمىللاھ> دېمىسىمۇ بولىدىغانلىقى ئۈچۈن دەلىل قىلغان. توغرىسى شۇكى، ئۇ ھەدىستە ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ئوچۇق دەلىل يوق. ئىمام مالىك «مۇۋەتتەئ» ناملىق كىتابىنىڭ 182 ـ بېتىدە ئۇ ھەدىسنى مۇنداق

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن» 17 ـ توم، 77 ـ بەت.

(2) سەھىھ بۇخارى، 5507 ـ ھەدىس.

(3) كاپىرلار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان يۇرتلاردىن ئىمپورت قىلىنمىغان بولۇشى كېرەك.

چۇشەندۇرگەن: ئۇ ئەھۋال ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بولغان ئىدى. شۇڭا بۇ ھەدىس الله نىڭ ئىسمى ئاتالماي بوغۇزلانغان مالنىڭ هارام ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئايەت چۈشكەندىن كېيىنكى ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ، دېيىش توغرا ئەمەس. بۇنى ئوبدان مۇلاھىزە قىلىش لازىم[1].

# بوغۇزلانغان ھايۋاننىڭ قورسىقىدىن چىققان بالىسىنىڭ ھۆكمى

ئەگەر ئۇنىڭ قورسىقىدىن چىققان بالىسى دەرھال بوغۇزلانسا ھالال بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا، قورساقتىن ئۆلۈك چىققان تەقدىردىمۇ، ئانىسىنىڭ بوغۇزلانغانلىقى ئۇنىڭ بوغۇزلانغانلىقىغا ھېساب بولمايدۇ.

كىمكى بىر تۆگە ياكى كالىنى بوغۇزلىسا، ئۇنىڭ قورسىقىدىن بالىسى ئۆلۈك چىقسا، ئۇنىڭغا تۈك چىققان بولسۇن ياكى تۈك چىقمىغان بولسۇن يېيىلمەيدۇ. بۇ، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ، شۇنداقلا زۇفەر بىلەن ھەسەن ئىبنى زەيياد (الله ئۇ ئىككىسىگە رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىدۇر.

ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە مۇھەممەد (الله ئۇ ئىككىسىگە رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئۇنىڭ ئەزالىرى تولۇق يارىتىلىپ بولغان بولسا، يېيىلىدۇ». ئىمام شافىئى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «تۆرەلمىنى بوغۇزلاش ئانا ھايۋاننى بوغۇزلاش بىلەن بولىدۇ»[2] دېگەن سۆزىگە ئاساسلىنىپ شۇنداق قارىغان. چۈنكى ئۇ ھەقىقەتتە ئانا ھايۋاننىڭ بىر پارچىسىدۇر. نېمىشقا دېگەندە ئۇنىڭ كىندىكى ئۈزۈلگەنگە قەدەر ئانىسىغا چاپلىشىپ تۇرىدۇ، ئانىسىنىڭ ئوزۇقلىقى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، ئانىسىنىڭ نەپىسى بىلەن نەپەس ئالىدۇ. شۇنداقلا ھۆكۈم جەھەتتە ئانىسى سېتىلغان سودىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. ئۇ ئانا ھايۋاننىڭ بىر پارچىسى بولغان ئىكەن، ئۇنى بوغۇزلاشتىن ئاجىز كەلگەن چاغدا ئانىسىنى بوغۇزلاش ئۇنىمۇ بوغۇزلىغانلىق بولىدۇ. ئوۋدىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئەسلىدە ئۇ تىرىك ھايۋاندۇر. ھەتتا ئانىسى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ھايات قېلىشى تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنى ئايرىم بوغۇزلاشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تۆرەلمىگە ئايرىم دىيەت تۆلەش لازىم بولىدۇ. ئۇ قېنى بار ھايۋاندۇر. بوغۇزلاشتىن مەقسەت گۆشنى قاندىن ئايرىشتۇر. بۇ مەقسەت ئانا ھايۋاننى بوغۇزلاش بىلەنلا ھاسىل بولمايدۇ. ئانا ھايۋاننىڭ قېنى

(1) «فەتھۇلبارى» 9 ـ توم، 635 ـ بەت.

(2) «ئىلائۇسسۇنەن» 17 ـ توم، 77 ـ بەت.

چىقىشى تۆرەلمىنىڭ قېنىنىڭ چىقىشىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. شۇڭا تۆرەلمە ئانا هايۋانغا تەۋە قىلىنمايدۇ. ئوۋدا ئانا هايۋاننى يارىلاندۇرۇش ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. چۈنكى ئوۋلاش قاننىڭ كەم چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆزرىلىك هالەتتە تولۇق چىققانغا هېساب بولىدۇ. ئانا هايۋاننىڭ سودىسىغا تۆرەلمىنىڭ كىرىشى سودىنىڭ دۇرۇس بولىشىغا، ئۇنى ئايرىۋېلىش بىلەن سودىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكىگە هېرىسمەن بولغانلىقىدىندۇر.

ئالىملار: «تۆرەلمىنى بوغۇزلاش ئانا هايۋاننى بوغۇزلاش بىلەن بولىدۇ» دېگەن هەدىسنىڭ مەنىسى هەققىدە ئوخشىمىغان چۈشەنچىدە بولغان. ئىمام ئەبۇ هەنىفە مۇنداق دەيدۇ: «تۆرەلمىنى بوغۇزلاش ئانا هايۋاننى بوغۇزلاشقا ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇ ئانا هايۋانغا ئوخشاش مۇستەقىل بوغۇزلانمىسا هالال بولمايدۇ».

ئىمام ئەبۇ يۈسۈف ۋە مۇهەممەد مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ هەدىس ئانا هايۋاننى بوغۇزلاش تۆرەلمىنى بوغۇزلاشنىڭ ئۆزىدۇر، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا ئۇنى ئايرىم بوغۇزلاش هاجەتسىزدۇر». بۇ ئىككى ئىمامنىڭ سۆزى هەدىسنىڭ لەۋزىگە يېقىنراقتۇر. لېكىن ئىمام ئەبۇ هەنىفەنىڭ سۆزى هەدىسنىڭ مەنىسىگە يېقىنراقتۇر. چۈنكى تۆرەلمە ئانىسىدىن ئايرىم بىر جاندۇر. ئۇنىڭ ئاقىدىغان قېنى بار. ئەهۋال بۇ تۇرسا، مال بوغۇزلاشتا تۆرەلمىنى قانداقمۇ ئانىسىغا تەۋە قىلغىلى بولسۇن؟ شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبراهىم نەخەئى مۇنداق دېگەن: «بىر جاننى بوغۇزلاش ئىككى جاننى بوغۇزلاشقا كۇپايە قىلمايدۇ». ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئىمام مۇهەممەد «ئەلئاسار» ناملىق كىتابىدا ئىمام ئەبۇ هەنىفەدىن رىۋايەت قىلغان.

مەزكۇر هەدىس تۆرەلمىنى ئانا هايۋانغا تەۋە قىلىشقا دەلىل بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئوخشىتىش ئارقىلىق چۈشەندۇرۇش ئېهتىماللىقىمۇ بار. شۇڭا ئۇ هەدىس بىلەن قىياس تاشلاپ قويۇلمايدۇ. ئۇ هەدىسكە هەممە دەلىللەرنى بىرلەشتۇرۇدىغان بىر شەكىلدە مەنا بېرىش لازىم.

ئىمام ئەبۇ هەنىفىنىڭ قارىشى ئۈچۈن يەنە ئەدىي ئىبنى هاتەمدىن رىۋايەت قىلىنغان تۆۋەندىكى هەدىس دەلىل قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇ هەدىستە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئوقۇڭ تەككەن ئوۋ سۇغا چۈشۈپ كەتسە، ئوۋنىڭ گۆشىنى يېمىگىن. چۈنكى سەن ئۇنى سۇ ئۆلتۈرگەن ياكى ئوقۇڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلمەيسەن». سەهىه بۇخارى ۋە سەهىه مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان.

بۇ هەدىسنى دەلىل قىلىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام جاننىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولىدىغان نەرسىدە شەك توغۇلغان ئەهۋال ئاستىدا ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىشنىڭ هالال بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئەگەر سەن ئانا هايۋاننى بوغۇزلىساڭ،

تۆرەلمە ئۇنىڭ قورسىقىدىن ئۆلۈك چىقسا، سەن ئۇنىڭ ئانىسىنى ئۆلتۈرۈش بىلەن ئۆلگەن ياكى نەپەس ئالالماي ئۆلگەنلىكىنى بىلمەيسەن. شۇڭا بۇ يەردە شەك تۇغۇلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ هالال بولمايدۇ. ئەمما بۇ ئاجىز قاراشتۇر. چۈنكى مەقسەت تۆرەلمىنىڭ ئانا هايۋاننى بوغۇزلاشتىن بۇرۇن ئۆلگەن ياكى كېيىن ئۆلگەنلىكىنى بىلمىگەنلىك بولسا، ئۇنىڭدىكى زاهىرىي سەۋەب ئانا هايۋاننى بوغۇزلاشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆلۈش مەسىلىسى ئوچۇقتىن ئوچۇق ئەقلىي ئېھتىماللىق بولۇپ، زاهىرىي سەۋەبكە زىت كېلىپ قالمايدۇ. ئەگەر مەقسەت ئانا هايۋان بوغۇزلانغاندىن كېيىنمۇ تۆرەلمىنىڭ ساق بولۇشى، لېكىن ئۇنىڭ شۇنىڭدىن كېيىن ئۆلۈشىنىڭ سەۋەبى بوغۇزلاش ياكى نەپەس ئالالمىغانلىقتىن ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىك بولسا، ئۇنىڭدا تۆرەلمىنىڭ ئۆلۈشىگە بوغۇزلاشنىڭ ئۆزىلا سەۋەب بولالمايدۇ. بەلكى ۋاستە ئارقىلىق ئۆلگەن بولىدۇ. شۇڭا بۇ قاراش ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئانا هايۋاننى بوغۇزلاش تۆرەلمىنى بوغۇزلىغانلىق بولىدۇ، دېگۈچىلەرنىڭ قارىشىمۇ تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. شۇڭا بىزنىڭ قارىشىمىز توغرا قاراشتۇر.

ئەگەر: ئىمام مالىك «مۇۋەتتەئ» ناملىق كىتابىنىڭ **182** ـ بېتىدە نافىئتىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ: «ئەگەر تۆگە بوغۇزلانسا، ئۇنىڭ قورسىقىدىكى تۆرەلمىنىڭ ئەزالىرى تولۇق يارىتىلىپ بولغان ۋە تۈك چىققان تەقدىردە، ئۇنى بوغۇزلاشقا ئانىسىنى بوغۇزلاش كۇپايە قىلىدۇ، ئەگەر ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن تىرىك چىقسا، قورسىقىدىكى قانىنىڭ چىقىپ كېتىشى ئۈچۈن بوغۇزلىنىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان دېسەڭ، بۇ ھەدىس ئوخشىتىشنى ئوچۇق رەت قىلىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ[1].

## باشلىق ۋە شۇنىڭدەك بىرەر ئادەمنىڭ كەلگەنلىكىگە ئاتاپ مال بوغۇزلاشنىڭ هۆكمى

باشلىق ۋە شۇنىڭدەك چوڭلاردىن بىرىنىڭ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئاتاپ مال بوغۇزلاش هارامدۇر. چۈنكى ئۇ، گەرچە الله تائالانىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان تەقدىردىمۇ، الله تىن باشقا نەرسە ئۈچۈن ئاتاپ مال بوغۇزلىغانلىق بولىدۇ. مېھمانغا ئاتاپ مال سويسا هارام بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ، الله نىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدۇر. مېھماننى هۆرمەتلەش الله تائالانى هۆرمەتلىگەنلىك بولىدۇ. ئارىدىكى پەرق شۇكى، مېھمانغا ئاتاپ سويۇلغان مال ئۇنىڭ يېيىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇلغانلىقى سەۋەبىدىن الله غا ئاتاپ بوغۇزلانغانلىق بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا مەنپەئەت مېھمان

(1) ئۇ ھەدىسنى ئىمام دارىقۇتنى رىۋايەت قىلغان. «ئىئلائۇسسۇنەن» 17 ـ توم، 71 ـ بەت.

ئۇچۇن ياكى توي ئۇچۇن ۋەياكى گۆشىنى سېتىپ پايدا ئېلىش ئۇچۇن بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى مېھمانىنىڭ يېيىشى ئۇچۇن ئۇنىڭ ئالدىغا تارتماستىن، بەلكى باشقا بىرىگە بېرىۋەتسە، الله تىن باشقا نەرسىنى ئۇلۇغلىغانلىق بولىدۇ. شۇڭا ئۇ هارام بولىدۇ. مانا بۇ ئارىدىكى پەرقىنىڭ شەرتلىرى بولۇپ، ئاتاپ بوغۇزلانغان كىشىگە ياكى بوغۇزلىغۇچىدىن باشقا بىرىگە بىرىۋېتىشلا شەرت قىلىنمايدۇ. چۈنكى بوغۇزلىغۇچى ئۇنى تاشلاپ كېتىدۇ ياكى ھەممىسىنى ئېلىۋالىدۇ ۋەياكى مەلۇم قىسمىنى ئېلىۋالىدۇ.

بىلىش كېرەككى، بۇ مەسىلە مالنى بوغۇزلىماقچى بولغان ۋاقىتتىكى مەقسەتكە باغلىق بولىدۇ. شۇڭا مېھمانىنىڭ ئالدىغا، ئۇنىڭغا ئاتىغان مالنىڭ گۆشىدىن باشقا نەرسىنى قويسا، ئاتىغان مالنىڭ گۆشى هالال بولمايدۇ، دېيىش لازىم ئەمەس. چۈنكى ساھىبخان مالنى بوغۇزلىغان چاغدا مېھماننى ئۇلۇغلاشنى مەقسەت قىلماستىن، بەلكى، ئۇنىڭغا مالنىڭ گۆشىدىن يېگۈزۈپ ئۇنىڭ ئىززىتىنى قىلىشنى مەقسەت قىلغان. شۇڭا ئۇنىڭ ئالدىغا شۇ مالنىڭ گۆشىدىن باشقا گۆشنى قويسىمۇ، ئۇنىڭ ئىززىتىنى قىلغانلىق بولىدۇ. ئەگەر ساھىبخانىنىڭ ئۆيىگە بىرەر باشلىق مېھمان بولۇپ كەلسىمۇ، بۇ ئەھۋال نامايەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇ كەلگەندە ئۇنى چوڭ بىلىشنى نىيەت قىلىپ مال بوغۇزلىسا، گەرچە شۇ مالنىڭ گۆشى بىلەن ئۇنى مېھمان قىلغان تەقدىردىمۇ، هالال بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنى مېھمان قىلىشنى نىيەت قىلسا، گەرچە ئۇنى ئۇ مالنىڭ گۆشىدىن باشقا نەرسە بىلەن مېھمان قىلسىمۇ هالال بولىدۇ.

شۇنداق مال بوغۇزلىغۇچى (يەنى باشلىققا ئۇنى چوڭ بىلىپ مال بوغۇزلىغۇچى) ئۆزى بىلەن الله تائالا ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتە كاپىر بولغان بولامدۇ؟

ج: بىر مۇسۇلمانىنىڭ قىلغان سۆزىنى ياكى ئىشىنى ياخشىلىققا قارىتىش ئىمكانىلا بولىدىكەن ۋەياكى ئۇنى كاپىر دېيىشتە ئىختىلاپ بولىدىكەن، ئۇنىڭ كاپىرلىقىغا پەتىۋا بېرىشكە بولمايدۇ.

«ئەلمەنىيىيە» ناملىق كىتابنىڭ ئىۋۋ ئىۋۋلاش مەۋزۇسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇنداق كىشى كاپىر بولمايدۇ ئەمما يامان كۆرۈلىدۇ. چۈنكى بىز: ئۇ بۇ مالنى ئىبادەت شەكلىدە بوغۇزلاش بىلەن ئىنسانغا يېقىنچىلىق قىلدى، شۇڭا ئۇ كاپىر بولىدۇ دېگەن ئوي بىلەن بىر مۇسۇلمانغا يامان گۇماندا بولساق بولمايدۇ. مۇنداق ئىش مۇسۇلمانىنىڭ هالىدىن تولىمۇ يىراقتۇر. زاھىرىي جەھەتتىن ئالساق، ئۇ مال بوغۇزلاش بىلەن مۇھەببەت ئىزهار قىلىش ئارقىلىق مال ـ دۇنياغا ئېرىشىشنى ياكى شۇ باشلىققا ياخشىچاق بولۇشنى مەقسەت قىلغان. لېكىن ئۇنىڭدا شۇ باشلىقنى چوڭ بىلىش بولۇپ قالسا، هۆكۈم جەھەتتە بىسمىللاھ دېيىش يالغۇز الله تائالا ئۇچۇن بولغان بولمايدۇ. مەسىلەن، ئۇ: الله نىڭ ئىسمى بىلەن ۋە پالانىنىڭ ئىسمى بىلەن بوغۇزلايمەن دېسە، مال

هارام بولىدۇ. مالنىڭ هارام بولۇشى بىلەن مال بوغۇزلىغۇچىنىڭ كاپىر بولۇشىنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن هېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق»[1].

شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇستازىم شەيخ مۇهەممەد هامىد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەهمەت قىلسۇن!) «هاجىلارنىڭ كېلىشىگە ئارىلىشىپ كەتكەن كۆرۈنۈش ۋە بىدئەتلەر» ناملىق ماۋزۇدا بۇ مەسىلىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «هاجىلارنىڭ ياكى باشلىقلارنىڭ كېلىشىگە ئاتاپ بوغۇزلانغان قويلار شەرىئەت هۆكمى بويىچە ئالغاندا هارامدۇر. ئۇنى يېيىش دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ الله تائالادىن باشقا نەرسىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ بوغۇزلىغانلىققا ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزى ئۆلۈپ قالغان قويلارنىڭ هۆكمىدە بولىدۇ. الله تائالا ئۆزىدىن باشقا نەرسىنىڭ ئىسمى ئاتىلىپ بوغۇزلانغان مالنى يېيىشنى هارام قىلىپ مۇنداق دېدى: «سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋان، قان، چوشقا گۆشى، الله دىن غەيرىيىنىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان هايۋان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن هايۋان، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن هايۋان، (ئېگىزدىن) يىقىلىپ ئۆلگەن هايۋان، هايۋانلار (تەرىپىدىن ئۈسۈپ) ئۆلتۈرۈلگەن هايۋان، يىرتقۇچ هايۋانلار يېرىپ ئۆلتۈرۈپ يېگەن هايۋان (نىڭ گۆشىنى يېيىش) هارام قىلىندى»[2]. يەنى هەيكەل ياكى بۇتقا ئوخشاش نەرسىلەرگە ئاتاپ بوغۇزلانغان مال هارامدۇر.

مالنى پەقەت چارۋىلارنى ياراتقان ۋە ئۇنى بىزگە مۇباھ قىلىپ بەرگەن الله تائالا ئۈچۈن ئاتاپ بوغۇزلاش لازىم. مال بوغۇزلاشتا الله تائالانىڭ رازىلىقى نىيەت قىلىنىشى، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ كاتتا ئىسمىنى تىلغا ئېلىش ئەڭ ھەقلىقتۇر. الله تائالا بۇ هەقتە مۇنداق دەيدۇ: «هەر ئۈممەت، الله ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋىلارنى (شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن قۇربانلىق قىلغانلىرىدا) الله نىڭ ئىسمىنى ئېيتسۇن دەپ، ئۇلارغا قۇربانلىقنى بەلگىلىدۇق»[3]، «(ئى مۆمىنلەر) الله نىڭ ئىسمى ئېيتىلماي بوغۇزلانغان (يەنى بىسمىللا دەپ زەبھى قىلىنمىغان) هايۋانلارنى يېمەڭلار، ئۇنى يېيىش ئەلۋەتتە گۇناھتۇر. شۈبهىسىزكى، شەيتانلار ئۆز دوستلىرىنى (يەنى مۇشرىكلارنى) سىلەر بىلەن دەتالاش قىلىشقا ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، سىلەر چوقۇم مۇشرىك بولۇپ قالىسىلەر»[4].

بىزنىڭ فىقهىشۇناسلىرىمىز (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) بىرەر باشلىقنىڭ كەلگەنلىكىگە ئاتاپ مال سويۇشنىڭ مالنى هارام قىلىپ قويىدىغانلىقىنى ئوچۇق

---

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن» 17 ـ توم، 71 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇهتار» 5 ـ توم، 197 ـ بەت.

(3) سۈرە مائىدە، 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(4) سۈرە هەج، 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**كۆرسەتكەن. گەپنىڭ مېغىزىغا كەلسەك، مال بوغۇزلاش بىلەن مېھماننى ھۆرمەتلەشنى نىيەت قىلىش ئۇنى يېيىشنى چەكلەپ قويمايدۇ. الله تىن باشقا نەرسىنى ئۇلۇغلاش نىيىتى بىلەن بوغۇزلانغان مال ھارام بولىدۇ. ئارىدىكى پەرق ناھايىتى نازۇك، توساق ناھايىتى نېپىزدۇر. شۇڭا ھەممىدىن خەۋەردار، ھەممىگە كۆيۈمچان الله نىڭ ئالدىدا توغرا مۇئامىلىدە بولۇشقا دىققەت قىلىش لازىم. بىر كىملەرنىڭ كېلىشىگە ئاتاپ مال سويۇش سويۇلغان ماللارنى ھارام قىلىپ، كىشىلەرنى گۇناھكار قىلىۋېتىدۇ. كەلگۈچىنى ھۆرمەتلەش ئەمەس، ئۇنى ئۇلۇغلاش نىيىتى بىلەن بوغۇزلانغان ھەرقانداق مال الله تائالانىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان تەقدىردىمۇ ھالال بولمايدۇ. كەلگۈچىگە مۇشۇ نىيەتتە مال بوغۇزلىغۇچى كاپىر بولامدۇ ياكى بولمامدۇ، دېگەن مەسىلىدە فىقھشۇناسلار ئىختىلاپ قىلىشقان. بىز بولساق ئۇنىڭ كاپىر بولمايدىغانلىقى ھەققىدىكى قاراشنى قوبۇل قىلىمىز»[1].**

## بوغۇزلانغان مالنىڭ بوغۇزلىغان چاغدا تىرىك ئىكەنلىكىنى بىلىش

**بوغۇزلانغان مالنى يېيىشنىڭ ھالال بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ بوغۇزلىغان چاغدا تىرىك بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. بوغۇزلانغان مالدا پۈت تېپىرلاتقىدەك ھاياتلىق بولسا يېتەرلىك بولىدۇ. ئەگەر قوي كېسەل بولۇپ، ئۇنىڭدا بوغۇزلانغان مال پۈت تېپىرلاتقىدەك مىقداردا ھاياتلىق بولمىسا، ئىمام ئەبۇيۈسۈپ ۋە مۇھەممەدنىڭ قارىشىدا ھالال بولمايدۇ.**

**توغرا قاراش شۇكى، بوغۇزلىغان چاغدا تىرىك بولغان ھەرقانداق مال ھالالدۇر. پەتىۋا مۇشۇ قاراش بويىچە بېرىلىدۇ. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «لېكىن بوغۇزلىغىنىڭلار ھالال بولىدۇ»[2]. ئايەتتە بۇنىڭدىن ئارتۇق تەپسىلات يوق.**

**ئالىملار مال بوغۇزلىغاندا ئۇنىڭ تىرىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئالامەتلەرنى بايان قىلغان. «ئەددۇررۇلمۇختار» ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «مەسىلەن، بىر قوي بوغۇزلاندى. بىراق ئۇنىڭ تىرىك ئىكەنلىكىنى بوغۇزلىغان ۋاقىتتا بىلگىلى بولمىدى. ئۇ ھەرىكەتمۇ قىلمىدى، ئۇنىڭدىن قانمۇ چىقمىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئەگەر قوي ئاغزىنى ئاچسا، يېيىلمەيدۇ، ئاغزىنى يۇمسا يېيىلىدۇ. كۆزىنى ئاچسا يېيىلمەيدۇ، كۆزىنى يۇمسا يېيىلىدۇ. پۇتىنى سۇنسا يېيىلمەيدۇ، پۇتىنى يىغسا يېيىلىدۇ. تۈكى تىك تۇرمىسا يېيىلمەيدۇ، تىك تۇرسا يېيىلىدۇ. چۈنكى ھايۋان ئۆلسە، ئەزالىرىنى قويۇپ بېرىدۇ. ئېغىز ۋە كۆزنىڭ ئېچىلىشى، پۇتنىڭ سوزۇلىشى، تۈكنىڭ**

---

(1) سۈرە ئەنئام، **121** ـ ئايەت.

(2) «رەددۇلمۇختار ئەلا ئەددۇررۇلمۇختار» **1** ـ توم، **116** ـ بەت.

تىك تۇرماسلىقى ئۆلگەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرىدۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى مالنىڭ تىرىك ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمىغاندا تايىنىدىغان ئالامەتلەردۇر. ئەگەر ئۇنىڭ تىرىك ئىكەنلىكى بىلىنسە، گەرچە بوغۇزلىغان چاغدا جېنى ئاز قالغان بولسىمۇ، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا شەرتسىز يېيىلىدۇ»[1].

ئىبنى ئابباس الله تائالانىڭ: «سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان، چوشقا گۆشى، الله دىن غەيرىينىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، (ئېگىزدىن) يىقىلىپ ئۆلگەن ھايۋان، ھايۋانلار (تەرىپىدىن ئۈسۈپ) ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، يىرتقۇچ ھايۋانلار يېرىپ ئۆلتۈرۈپ يېگەن ھايۋان (نىڭ گۆشىنى يېيىش) ھارام قىلىندى. لېكىن (يۇقىرىقى بەش تۈرلۈك ھايۋاندىن جېنى چىقمىغان چاغدا) بوغۇزلىغانلىرىڭلار ھالال بولىدۇ ھەمدە بۇتلارغا ئېلىپ بېرىلىپ ئۇنىڭ يېنىدا بوغۇزلانغان ھايۋانلار ھارام قىلىندى. ئەزلام (يەنى جاھىلىيەت دەۋرىدە پال ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئۈچ پارچە ياغاچ) بىلەن پال سېلىشىڭلار ھارام قىلىندى، بۇ گۇناھتۇر، كاپىرلار بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلار (نى يوقىتىش) دىن ئۈمىدىنى ئۈزدى، ئۇلاردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار»[2] دېگەن سۆزى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «الله تائالانىڭ: «ئى مۆمىنلەر! ئەھدىلەرگە (يەنى الله بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ۋە سىلەرنىڭ ئۆز ئاراڭلاردىكى ئەھدىلەرگە) ۋاپا قىلىڭلار...»[3] دېگەن سۆزىدىكى ئەھدە الله سىلەرگە ھالال قىلغان نەرسىنى ھالال، ھارام قىلغان نەرسىنى ھارام بىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئېگىزدىن يىقىلىپ ئۆلگەن ھايۋان، ھايۋانلار تەرىپىدىن ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان قاتارلىقلاردىن قايسىبىرىنى قۇيرۇقى ياكى كۆزى مىدىرلاۋاتقان ھالدا تاپساڭ، ئۇنى بوغۇزلىغىن ۋە گۆشىنى يېگىن»[4].

ئىبنى ھەجەر (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېگەن: ئىمام بەيھەقى يۇقىرىدىكى ھەدىسنىڭ ئاخىرىنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تەلھە ئارقىلىق ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىبنى ئابباس ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېگەن: «بۇ ھايۋانلاردىن قۇيرۇقى ياكى كۆز كىرپىكلىرى مىدىرلاۋاتقان بىرىنى بوغۇزلىۋېلىشقا ئۈلگۈرسەڭ، ئۇنى الله نىڭ ئىسمىنى ئاتاپ بوغۇزلىغىن. شۇنداق قىلساڭ ئۇ ھالالدۇر»[5].

(1) سۈرە مائىدە، 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) «ئەددۇررۇلمۇختار» 5 ـ توم، 196 ـ بەت.
(3) سۈرە مائىدە، 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) سۈرە مائىدە، 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(5) ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

# خىلمۇ خىل مەسىلىلەر

§ تۇتۇلغان بېلىقنىڭ ئىچىدە يەنە بىر بېلىق بولۇپ، ئىچىدىكى بېلىق ساغلام بولسا، ھەر ئىككىلىسى ھالال بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، يۇتىۋالغۇچى بېلىق ھالال بولىدۇ، يۇتۇلغۇچى بېلىق ھالال بولمايدۇ.

§ ئەگەر بېلىقچى بېلىقنىڭ ئىچىدە مەرۋايىت تېپىۋالسا، ئۇ مەرۋايىت ئۇنىڭغا ھالال بولىدۇ. ئەگەر بېلىقچى بېلىقنى سېتىۋەتسە، مەرۋايىتقا سېتىۋالغۇچى ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. ئەگەر مەرۋايىت قۇلۇلە قېپىنىڭ ئىچىدە بولمىسا، بېلىقچىنىڭ بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا ئۇ مەرۋايىت تېپىۋېلىنغان نەرسە بولىدۇ. چۈنكى زاھىرىي جەھەتتىن ئالغاندا مەرۋايىت بېلىققا كىشىلەرنىڭ قولىدىن يەتكەن بولىدۇ. ئەگەر بېلىقنىڭ ئىچىدە ئۈزۈك ياكى تىللا تېپىلسا، بېلىقچى ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلالمايدۇ. ھالبۇكى، ئۇ تېپىۋېلىنغان نەرسىدۇر. بۇ ھالدا ئۇ موھتاجلاردىن بولسا، تونۇتقاندىن كېيىن (يەنى ئىگىسىنىڭ تېپىلىشى ئۈچۈن ئېلان قىلغاندىن كېيىن) ئۆزى ئىشلىتىۋەتسە بولىدۇ. ئەگەر باي بولسا، ئۆزىگە ئىشلەتمەيدۇ.

§ بالا ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىشنىڭ ھالال بولۇشى ياكى ھارام بولۇشىدا ئانا ھايۋانغا تەۋە بولىدۇ. شۇڭا قوي بۆرە تۇغسا، ئانىسىنى ئېتىبارغا ئالغانلىقتىن ئۇ بۆرىنى يېيىش ھالالدۇر. ئاتتىن تۇغۇلغان قېچىرنىڭ گۆشى ھالالدۇر. ئەگەر ئۇنىڭ ئانىسى مادا بولسا، ئالىملارنىڭ ئىتتىپاق قارىشىدا يېيىلمەيدۇ. گەرچە ئۇنىڭ گۆشى ھالال بولسىمۇ، ئۇنى يېيىش ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە مۇھەممەدنىڭ قارىشىدا مەكرۇھتۇر.

§ ئەگەر ئىت ئۆچكىگە سەكرەپ قويۇپ، ئۆچكىنى ئېلىندۇرۇپ قويغان تەقدىردە، ئۆچكە بېشى ئىتقا ئوخشايدىغان ئوغلاق تۇغسا، ئوغلاقنىڭ نېمە بىلەن ئوزۇقلىنىدىغانلىقىغا قارىلىدۇ. ئەگەر ئوغلاق گۆش يېسە، ئىتتۇر. ئەگەر ئوت ـ چۆپ يېسە، بېشىنى ئۈزۈپ تاشلىۋېتىپ، قالغان قىسمىنى يېيىشكە بولىدۇ. ئاۋازمۇ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ قاۋىسا، يېيىلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ مەرىسە، بېشىنى تاشلىۋېتىپ قالغان قىسمىنى يېسە بولىدۇ. ئەگەر ئىتقا ئوخشاش قاۋىدىمۇ ياكى ئۆچكىگە ئوخشاش مەرىدىمۇ، بۇنى بىلگىلى بولمىسا، بوغۇزلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ قېرىنى چىقسا، ئۆچكىدۇر، قېرىنى بولمىسا ئىتتۇر.

بۇ ئىشلار يۇقىرىدىكى تەرتىپ بويىچە ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. گۆش ياكى ئوت ـ چۆپ يېيىش ئالامىتى ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن ئاۋاز ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئاۋاز ئالامىتى ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن قورساقتىكى نەرسە (يەنى قېرىن) ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇ گۆش يېگەن، لېكىن مەرىگەن ۋە ئىچىدىن قېرىنى چىققان تەقدىردە يېيىلمەيدۇ. ئەگەر

ئۇ ئوت ـ چۆپ يېگەن، لېكىن قاۋىغان ياكى ئۆچەيلىرى چىققان تەقدىردە يېيىلىدۇ.

§ گۆشىنى يېگىلى بولىدىغان هايۋاندىن مۇنداق يەتتە نەرسىنى يېگىلى بولمايدۇ: ئېقىتىلغان قان، ئەركەك هايۋاننىڭ جىنسىي ئەزاسى، تاشاق، ماتكا، بەز، دوۋساق ۋە ئۆت[1].

§ ئەگەر گۆشى يېيىلمەيدىغان هايۋان بوغۇزلانسا، ئۇنىڭ تېرىسى ۋە گۆشى پاكىز بولىدۇ، پەقەت ئادەمنىڭ ۋە چوشقىنىڭ پاكىز بولمايدۇ. ئۇ ئىككىسىنى بوغۇزلاشنىڭ ئەهمىيىتى يوق. ئەمما ئادەم ئۇلۇغ ۋە هۆرمەتلىك قىلىپ يارىتىلغان. چوشقا ۋە ئۇنىڭ تېرىسى نىجىس بولغانلىقتىن پاكىز بولمايدۇ.

ئىمام شافىئى (الله ئۇنىڭغا رەهمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بوغۇزلاش بۇلارنىڭ هەممىسىدە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئەسلىدە گۆشىنى يېيىشكە بولىدىغانلىقىغا تەسىر كۆرستەلمەيدۇ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ گۆشىنىڭ پاك بولۇشى ۋە تېرىنىڭ پاك بولۇشىغىمۇ تەسىر كۆرستەلمەيدۇ. ئەسلىگە تەسىر كۆرستەلمىگەن نەرسە ئەگەشكۈچىسىگە تېخىمۇ تەسىر كۆرستەلمەيدۇ. شۇنداق بولغاندا گۆشى يېيىلمەيدىغان هايۋاننى بوغۇزلاش ئوتپەرەسنىڭ بوغۇزلىغىنىغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ».

بىزنىڭ مەزهەپىمىز مۇنداق دەپ قارايدۇ: بوغۇزلاش نەملىكنى ۋە سويۇق قاننى تۈگىتىش ئۈچۈن تەسىر كۆرستىدۇ. نەملىك ۋە سويۇق قان نىجىستۇر، لېكىن تېرە ۋە گۆشنىڭ ئۆزى نىجىس ئەمەس. شۇ نىجىس نەرسە تۈگىسە، تېرە خۇددى ئاشلانغان تېرە پاكلانغاندەك پاكلىنىدۇ. بۇ هۆكۈم تېرىگە قارىتىلىدۇ. ئوتپەرەسنىڭ قىلىقى شەرئەتتە (مالنى بوغۇزلاش ئەمەس ئۇنى) ئۆلتۈرۈش هېسابلىنىدۇ. شۇڭا تېرە چوقۇم ئاشلىنىشى كېرەك. گۆشىنىڭ پاك بولغىنىدەك، يېغىمۇ پاك بولىدۇ. ئەگەر سۇغا ئازراق ياغ چۈشۈپ كەتسە، سۇ پاسكىنا بولمايدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇ هەنىفە پاسكىنا بولۇپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئۇنىڭ يېغىنى يېيىلىدىغان نەرسىلەردىن باشقا نەرسىلەرگە ئىشلىتىش دۇرۇس بولامدۇ؟ بەزىلەر: يېيىشنى ئېتىبارغا ئالغان ئاساستا (باشقا نەرسىلەرگە ئىشلىتىشمۇ) دۇرۇس بولمايدۇ، دەپ قارىغان. يەنە بەزىلەر: ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋاننىڭ يېغى سۇ يېغىغا ئارىلاشتۇرۇلغان ۋە سۇ يېغىنىڭ مىقدارى كۆپ بولغان تەقدىردە ئۇ ياغدىن يېيىلىدىغان نەرسىلەردىن باشقا نەرسىلەر ئۈچۈن پايدىلىنىشقا بولىدۇ، دەپ قارىغان[2].

(1) «فەتھۇلبارى» 9 ـ توم، 599 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇهتار» 5 ـ توم، 197 ـ بەت.

# قۇربانلىق قىلىش

## قۇربانلىقنىڭ ئۇقۇمى

قۇربانلىق لۇغەتتە قۇربان ھېيت كۈنلىرى سويۇلىدىغان مالنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم بولۇپ كېلىدۇ. شۇڭا قۇربانلىققا ئاتالغان مالنى بوغۇزلىسا، قۇربانلىق قىلدى، دېيىلىدۇ.

شەرىئەتتە تۈرى ۋە يېشى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ھايۋاننى مەخسۇس ۋاقىت ئىچىدە اللّٰه غا يېقىنلىق ئىزدەش نىيىتى بىلەن بوغۇزلاشتىن ئىبارەتتۇر. يېقىنلىق ئىزدەش نىيىتىنى قىلماستىن قۇربانلىق قىلىش كۇپايە قىلمايدۇ. چۈنكى بوغۇزلانغان ھايۋان گۆش قىلىش ئۈچۈنمۇ، يېقىنلىق ئىزدەش ئۈچۈنمۇ بوغۇزلىنىدۇ. يېقىنلىقنى نىيەت قىلماستىن قىلىنغان ئەمەل يېقىنلىق ئۈچۈن بولغان بولمايدۇ.

يېقىنلىق ئىزدەش بەھرىمان ھەجى (يەنى ھەجى تەمەتتۇئ)، جۈپ ھەج (يەنى ھەجى قىران)، ئىھسار (يول ئۈستىدە توسۇلۇپ قېلىش) ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت بىرقانچە تۈرلۈك بولۇپ، قۇربانلىق پەقەت ئۇنى نىيەت قىلىش بىلەن مۇئەييەنلىشىدۇ.

دىلى بىلەن نىيەت قىلغان نەرسىنى تىلى بىلەن ئېيتىش، خۇددى نامازدا شەرت قىلىنغىنىدەك شەرت قىلىنمايدۇ. سېتىۋالغان مالنى نىيەت قىلماستىن بوغۇزلىغان تەقدىردە، سېتىۋالغان چاغدا قىلغان نىيەت كۇپايە قىلغانلىقتىن دۇرۇس بولىۋېرىدۇ.

«ئەلبەدائىئ» ناملىق كىتابتا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «قۇربانلىقنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى شۇكى، نامازدا نىيەت نامازنى باشلىغان ۋاقىتتا قىلىنغىنىدەك قۇربانلىقتىمۇ نىيەت مالنى بوغۇزلاش ئالدىدىلا قىلىنىش لازىم. چۈنكى نىيەت مۇھىم ئېتىبارغا ئىگە. زۆرۈرىيەتلا بولۇپ قالمىسا، قۇربانلىق نىيىتىنىڭ مالنى بوغۇزلايدىغان ۋاقىتقا يېقىن بولۇش ئېتىبارى ساقىت بولمايدۇ. ئەگەر زۆرۈرىيەت بولۇپ قالسا نىيەت ئىبادەتنى باشلىغان ۋاقىتقا يېقىن بولمىسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، روزىدا روزىنى باشلاش ۋاقتىغا نىيەتنى يېقىن قىلىش تەس بولۇپ قالغانلىقتىن زۆرۈرىيەت ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا روزىنىڭ نىيىتىنى بۇرۇنراق قىلىسىمۇ بولىدۇ»[1].

«ئەتتەئرىفات» ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «قۇربانلىق قۇربان ھېيت كۈنى اللّٰه تائالاغا يېقىنلىق ئىزدەش نىيىتى بىلەن بوغۇزلىنىدىغان مالنى كۆرسىتىدىغان ئىسىمدۇر».

[1] «ئەلھىدايە» 4 ـ توم، 69 ـ بەت.

# قۇربانلىقنىڭ شەرتلىرى

قۇربانلىق قىلغۇچى مۇسۇلمان بولۇش، مۇقىم تۇرغان (يەنى سەپەر ئۈستىدە ئەمەس) كىشى بولۇش ۋە كۈچى يېتىدىغان كىشى يەنى پېترى سەدىقىسىنى بېرىش گەردىنىگە ۋاجىپ بولغان كىشى بولۇش شەرت قىلىنىدۇ. گەرچە بۇ شەرتلەر دەسلەپكى ۋاقىتتا تېپىلمىسىمۇ، قۇربان ھېيت كۈنىگە يېقىن قالغان ۋاقىتتا تېپىلسا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

مۇساپىرغا قۇربانلىق قىلىش ۋاجىپ بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ نەپلە قۇربانلىق قىلسا، ئادا بولىۋېرىدۇ. بۇ پەقەت (قۇربانلىق ئۈچۈن) مال سېتىۋېلىشتىن ئىلگىرى سەپەر قىلغان كىشى ئۈچۈندۇر. ئەگەر قۇربانلىق ئۈچۈن مال سېتىۋالغان، ئاندىن سەپەر قىلغان بولسا، «ئەلمۇنتەقا» ناملىق كىتابتا: «ئۇ ئۇ مالنى سېتىۋېتىدۇ، قۇربانلىق قىلمايدۇ، يەنى قۇربانلىق قىلىش ئۇنىڭغا ۋاجىپ بولمايدۇ» دېيىلگەن. ئىمام مۇھەممەدنىڭمۇ مۇشۇنداق قارايدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

بەزى ئالىملار ئۇنى تېخىمۇ تەپسىلىيرەك قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئۇ باي بولسىمۇ قۇربانلىق قىلىش ئۇنىڭغا ۋاجىپ بولمايدۇ، لېكىن ۋاجىپ بولۇش ئۇنىڭ سەپەر قىلىشى بىلەنلا ساقىت بولۇپ كەتمەسلىكى لازىم ئىدى». ئەگەر ۋاقىت كىرگەندىن كېيىن سەپەر قىلسىچۇ؟ دېگەن مەسىلىگە ئۇلار: «جاۋاب يۇقىرىقىدەك بولۇشى لازىم» دەپ جاۋاب بەرگەن.

قۇربانلىق قىلىشقا كۈچى يېتىدىغان كىشىدىن **200** تەڭگىگە (يەنى دەرھەمگە) ياكى تۇرالغۇ جايى، كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە ئېھتىياجلىق مال ـ مۈلۈكلىرىدىن سىرت شۇ **200** تەڭگە قىممىتىدە بايلىقى ئىگە بولغان كىشى مەقسەت قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ پايدىلىنىدىغان زېمىنى بولسا، بەزىلەر: «ئەگەر ئۇنىڭ قىممىتى زاكات نىسابىغا يېتىپ قالسا، قۇربانلىق قىلىش لازىم بولىدۇ» دېگەن. يەنە بەزىلەر: «ئەگەر ئۇنىڭ يىللىق تەمىناتى شۇ زېمىندىن كىرسە، قۇربانلىق قىلىش لازىم بولىدۇ» دېگەن. يەنە بەزىلەر: «ئۇنىڭ ئايلىق تەمىناتى شۇ زېمىندىن كىرسە، قۇربانلىق قىلىش لازىم بولىدۇ» دېگەن.

دېمەك، مال ـ دۇنياسى قاچانكى نىسابتىن ئاشسا، گەرچە زېمىن ۋەقپە بولغان تەقدىردىمۇ، قۇربانلىق قىلىش لازىم بولىدۇ. مېلىنىڭ نىسابى قۇربان ھېيت كۈنلىرىدە شۇ نىسابقا يېتىپ قالسا، قۇربانلىق قىلىش لازىم بولىدۇ. تۆت قۇر كىيىمى بار كىشىنىڭ تۆتىنچى قۇرى نىسابقا يېتىپ قالسا، باي ھېسابلىنىدۇ. ئۈچ قۇر كىيىم بىلەن باي ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى بىر قۇر كىيىم ئۆي ئىچى ئۈچۈن، يەنە بىر قۇر كىيىم خىزمەت

ئۈچۈن، ئۈچىنچىسى يىغىلىش، مېھماندارچىلىق ۋە ھېيت ـ بايراملار ئۈچۈن بولىدۇ. خوتۇن كىشى نەق بېرىلگەن مەھرى بىلەن، ئەگەر ئېرى باي بولغان تەقدىردە، باي ھېسابلىنىدۇ، ئايال كىشى كېچىكتۈرۈلگەن مەھرى بىلەن باي ھېسابلانمايدۇ. ئېرى بىلەن بىرگە ئولتۇرىۋاتقان ئۆيى بولسىمۇ، ئەگەر ئېرى ئۇنى ئۆي بىلەن تەمىنلەشكە قادىر بولغان ئەھۋال ئاستىدا باي ھېسابلىنىدۇ. ھەسسىدار بولغۇچىسىنى ياكى شېرىكىنىڭ قولىدا كۆپ مېلى بار، ئۆزىنىڭمۇ قولىدا ئالتۇن ۋە كۈمۈش بار ياكى قۇربانلىق قىلىشقا يېتەرلىك مال ـ بىساتى بار كىشىنىڭمۇ قۇربانلىق قىلىشى لازىم بولىدۇ[1].

كىچىك بىر بالىنىڭ نىسابىغا يەتكەن مال ـ دۇنياسى بولسا، ئۇ بالىنىڭ دادىسى ئۇ بالىنىڭ نامىدا ئۇنىڭ مېلىدىن قۇربانلىق قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ساراخسىنىڭ ھۆكمىمۇ كىچىك بالىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئەبۇيۇسۇفنىڭ قارىشىدا بالاغەتكە يېتىش ۋە ئەقلى ھوشى جايىدا بولۇش قۇربانلىق قىلىشنىڭ ۋاجىپ بولۇش شەرتلىرىگە كىرمەيدۇ. ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشىدا ئۇلار شەرتلەرنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. شۇڭا بالاغەتكە يەتمىگەن بالا ۋە ئەقلى ھوشى جايىدا بولمىغان كىشى باي بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارغا قۇربانلىق قىلىش ۋاجىپ بولمايدۇ.

ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئەبۇيۇسۇفنىڭ قارىشىدا ئاتا ياكى يېتىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەم كېپىل بولمايدۇ. ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشىدا كېپىل بولىدۇ.

بەزىدە كېسەلى تۇتۇپ، بەزىدە ئوڭشىلىپ قالىدىغان تۇتقاقلىق كېسەلى بار كىشىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھالى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ھېيت كۈنلىرى ساراڭ بولسا، ئالىملار بۇ مەسىلە ھەققىدە ھەرخىل قاراشلاردا بولغان. ئەگەر ئۇ كىشى ھېيت كۈنلىرى (ساراڭ ئەمەس) ئەقلى ـ ھوشىدا بولغان بولسا، ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشىدا ئۇنىڭغا قۇربانلىق قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. توغرا قاراشقا ئاساسلانغاندا قۇربانلىق قىلىش كىچىك بالىغىمۇ، ساراڭغىمۇ شۇ ئىككىسىنىڭ مېلىدىن ۋاجىپ بولىدۇ. قائىدە ـ پرىنسىپلار مۇشۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى قۇربانلىق قىلىش ئىبادەتتۇر. مۇشۇ كىشىلەرنىڭ مېلىدىن زاكات بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ، دېگەن قاراش بىلەن ئۇنىڭ مېلىدىن قۇربانلىق قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ، دېگەن قاراشنىڭ ئارىلىقىدا ھېچقانداق پەرق يوق. قۇربانلىقنىڭ گۆشىدىن كىچىك بالىمۇ يەيدۇ. ئۇنىڭ ئېھتىياجىغا چۈشلۇق ئېلىپ قويىلىدۇ. قالغان گۆشنى نان ۋە شۇنىڭدەك تۈگەپ كېتىدىغان نەرسىگە ئەمەس، كىيىم ـ كېچەككە ئوخشاش شۇ كىچىك بالىغا پايدىلىق بولغان نەرسىلەرگە

(1) «رەددۇلمۇھتار» **5** ـ توم، **198** ـ بەت.

ئالماشتۇرۇلىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسىدە چوڭ دادا ۋە ئۇ بالىغا قاراشقا ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەم ئۇ بالىنىڭ دادىسىغا ئوخشاش ھوقۇققا ئىگىدۇر[1].

# قۇربانلىق قىلىشنى لازىم قىلىدىغان سەۋەب

قۇربانلىق قىلىشنى لازىم قىلىدىغان سەۋەب بولسا ۋاقىتنىڭ كېلىشى بولۇپ، ئۇ ۋاقىت قۇربان ھېيت كۈنلىرىدۇر. چۈنكى سەۋەب ھۆكۈمنى ئۇنىڭغا نىسبەت بېرىش بىلەن ۋە شۇ ھۆكۈمنى سەۋەبكە باغلاش بىلەن تونۇلىدۇ. ئەسلىدە بىر نەرسىنىڭ يۈزبېرىشى ئىككىنچى بىر نەرسىگە باغلانسا، ئىككىنچى نەرسە سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، ھۆكۈم سەۋەبنى لازىم تۇتسا، سەۋەبنىڭ تەكرارلىنىشى بىلەن ھۆكۈممۇ تەكرارلىنىدۇ. شۇڭا ۋاقىتنىڭ تەكرارلىنىشى بىلەن قۇربانلىق قىلىشنىڭ ۋاجىپ بولۇشىمۇ تەكرارلىنىدۇ. ئۇ ئەمەلىيەتتە شۇنداق ئوچۇق يۈز بەرمەكتە. ھۆكۈمنىڭ سەۋەبكە نىسبەت بېرىلىشى بىلەن: جۈمە كۈنى، ھېيت كۈنى دېيىلگەنگە ئوخشاش، قۇربانلىق كۈنى دېيىلىدۇ. ئەسلىدە پېشىن نامىزى دېگەنگە ئوخشاش ھۆكۈمنى سەۋەبىگە نىسبەت بېرىش بولسىمۇ، بەزىدە جۈمە كۈنى دېگەنگە ئوخشاش، ئۇنىڭ دەل ئەكسىچىمۇ بولىدۇ.

ۋاقىتنىڭ سەۋەب ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى شۇكى، نامازنى ئۇز ۋاقتىدىن ئىلگىرى ئوقۇشقا بولمىغىنىدەك، قۇربانلىقنىمۇ قۇربانلىق قىلىنىدىغان ۋاقىتتىن ئىلگىرى قىلىشقا بولمايدۇ. گەرچە سەۋەب تېپىلغان تەقدىردىمۇ، قۇربانلىق قىلىش كەمبەغەلگە ئۇنىڭدا باي بولۇشتىن ئىبارەت شەرت تېپىلمىغانلىقى ئۈچۈن ۋاجىپ بولمايدۇ.

# قۇربانلىق قىلىشنىڭ ئاساسى

تۆگە، كالا ۋە قوي - ئۆچكىلەردىن بوغۇزلاشقا بولىدىغان ماللار قۇربانلىق قىلىنىدۇ. مېكيان ۋە خورازنى قۇربانلىق قىلىش نىيىتى بىلەن بوغۇزلاش مەكروھتۇر. چۈنكى ئۇنداق قىلىش ئۆتپەرەسنىڭ قىلىقىغا ئوخشاپ قالىدۇ. بۇ مەكروھلۇق ھارامغا يېقىن مەكروھلۇقتۇر. ئۇنىڭ ئىللىتىمۇ شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ قۇربانلىق قىلىش ۋاجىپ بولمىغان كىشى ھەققىدىدۇر. ئۇنداق بولمىغاندا ئىش ناھايىتى ئوچۇقتۇر. چۈنكى بىر نەرسىنىڭ بارپا بولۇشى ئىككىنچى بىر نەرسىگە قاراشلىق بولسا، ئىككىنچى نەرسە ئۇ

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 - توم، 198 - بەت.

نەرسىنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. قۇربانلىق پەقەت قۇربانلىق قىلىش بىلەن ئادا تاپىدۇ. شۇڭا قۇربانلىق قىلىش قۇربانلىقنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

## قۇربانلىق قىلىشنىڭ ھۆكۈملىرى

ھۆر، سەپەر ئۈستىدە بولمىغان، باي ھەرقانداق مۇسۇلمانغا قۇربان ھېيت كۈنى ئۆزىنىڭ ۋە كىچىك بالىسىنىڭ نامىدا قۇربانلىق قىلىش ۋاجىپتۇر. <ۋاجىپ> دېگەن بۇ ھۆكۈم ئىمام ئەبۇھەنىفە، مۇھەممەد، زۇفەر ۋە ھەسەن قاتارلىقلارنىڭ قارىشىدۇر ۋە ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ ئىككى قارىشىنىڭ بىرىدۇر. (اللہ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە رەھمەت قىلسۇن!) ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ يەنە بىر قارىشىدا قۇربانلىق قىلىش سۈننەتتۇر. ئىمام شافىئى (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇ سۈننەت دەپ قارايدۇ. ئىمام تەھاۋىي (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېگەن: «ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىدا ۋاجىپتۇر، ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە مۇھەممەد (اللہ ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىدا تەكىتلەنگەن سۈننەتتۇر». يەنە بەزى ئالىملارمۇ ئارىدىكى بۇ ئىختىلاپنى مۇشۇنداق بايان قىلغان.

سۈننەت بولۇشىنىڭ دەلىلى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن كىمكى قۇربانلىق قىلماقچى بولسا، چېچى ۋە تىرنىقىدىن ھېچ نەرسىنى ئالمىسۇن!» سەھىھ مۇسلىمدا ئۇممۇ سەلىمەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «زۇلھەججە ئېيىنىڭ دەسلەپكى ئونى كىرسە ۋە سىلەردىن كىمكى قۇربانلىق قىلماقچى بولسا، چېچى ۋە بەدىنىدىن ھېچ نەرسىگە تەگمىسۇن!»[1]

«قىلماقچى بولسا» دېگەن سۆز قۇربانلىقنىڭ ۋاجىپ بولۇشىغا زىت كېلىدۇ. چۈنكى ئۇ مۇقىمغا ۋاجىپ بولغان تەقدىردە، ئەلۋەتتە مۇساپىرغىمۇ ۋاجىپ بولاتتى. چۈنكى زاكاتقا ئوخشاش مالىي ۋەزىپىلەردە ئۇ ئىككىسىنىڭ ھۆكمى پەرقلەنمەيدۇ.

ۋاجىپ بولۇشىنىڭ دەلىلى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بايلىققا ئىگە بولۇپ تۇرۇپمۇ قۇربانلىق قىلمىسا، نامازگاھىمىزغا يېقىنلاشمىسۇن!»[2]

بۇنىڭغا ئوخشاش ئاگاھلاندۇرۇشلار ۋاجىپ بولغان ئىبادەتلەرنى قىلمىغانلىق ئۈچۈن كېلىدۇ. چۈنكى قۇربانلىق قىلىش يېقىنلىق ئىزدەيدىغان ئىبادەت بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ۋاقتى نىسبەت بېرىلىدۇ ۋە: قۇربانلىق كۈنى دېيىلىدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ ۋاجىپ

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 201 ـ بەت.

(2) سەھىھ مۇسلىم، 1977 ـ ھەدىس.

ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى نىسبەت بېرىش ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما ئۇنى ئادا قىلىش سەۋەبكە باغلىق بولغانلىقتىن مۇساپىرغا قۇربانلىقنى تەييارلاش قىيىن بولۇپ قالىدۇ. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن قۇربانلىقنى ئادا قىلىشمۇ بىكار بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا مۇساپىرغا جۈمە نامىزى ۋاجىپ بولمىغىنىدەك قۇربانلىق قىلىشمۇ ۋاجىپ بولمايدۇ...

بىز يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، قۇربانلىق قىلغۇچىغا ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ نامىدا قۇربانلىق قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى ئۇ قۇربانلىقنىڭ ۋاجىپ بولۇشىدىكى ئاساسىي كىشىدۇر. ئاندىن كىچىك بالىسىنىڭ نامىدىمۇ قۇربانلىق قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئورۇنباسارىدۇر. شۇڭا بالىغا تېگىشلىك ۋاجىپ، خۇددى سەدىقە پىتىرگە ئوخشاش، ئاتىغا يۈكلىنىدۇ. ھەسەن (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) دىن شۇنداق رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ مۇنداق دەپ قارايدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان: «بالىسىنىڭ نامىدا قۇربانلىق قىلىش ۋاجىپ بولمايدۇ. زاھىرىي رىۋايەتلەر شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بالىنىڭ نامىدا سەدىقە پىتىر بېرىش ئۇنىڭ دەل ئەكسىچە بولىدۇ. چۈنكى سەدىقە پىتىردە ئاتا بالىنى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەش ۋە ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى سەۋەب بار. قۇربانلىق قىلىش پەقەت يېقىنلىق ئىزدەش ئۈچۈن بولۇپ، يېقىنلىق ئىزدەش ئىبادىتى ئەسلىدە بىراۋنىڭ سەۋەبى بىلەن باشقا بىراۋغا ۋاجىپ بولماسلىقى كېرەك»[(1)].

قۇربانلىق قىلىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر دەلىل شۇكى، ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ئون يىل تۇردى. ئۇ ھەر يىلى قۇربانلىق قىلغانىدى». ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى ۋە باشقىلار بەرائىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇ بۇردە قۇربانلىقنى ھېيت نامىزىدىن ئىلگىرى بوغۇزلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرىنى قۇربانلىق قىلغىن» دېدى. ئۇ: مېنىڭ ئالتە ئايلىق بولغان بىر ئوغلىقىمدىن باشقا مېلىم يوق، لېكىن ئۇ بىر يىللىق ئۆچكىدىن ياخشى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى ئۇنىڭ ئورنىغا قۇربانلىق قىلغىن، يىلغا توشمىغان ئوغلاقنى قۇربانلىق قىلىش سېنىڭدىن كېيىن ھېچكىمدىن ئادا بولمايدۇ» دېدى[(2)].

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئىبنى ماجە، ئەھمەد، ئىبنى ئەبۇ شەيبە، ئىسھاق ئىبنى راھۋەيھى، ئەبۇ يەئلا مەۋسلى، دارۇقۇتنى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. «ئىئلائۇسسۇنەن» 17 ـ توم، 215 ـ بەت.

(2) «ئەلھىدايە» 4 ـ توم، 71 ـ بەت.

ئىمام نەۋەۋىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېگەن: «قۇربانلىق قىلىش تەكتىلەنگەن سۈننەتتۇر، دىنىنىڭ ئاشكارا بەلگىسىدۇر. ئۇنىڭغا قادىر بولالىغان كىشىنىڭ ئۇنى ئادا قىلىشى كېرەك. ئەگەر قۇربانلىق قىلىشنى نەزىر قىلغان (يەنى ئۆز ئۈستىگە يۈكلىگەن) بولسا، نەزىرگە ۋاپا قىلىش لازىم بولىدۇ»[1].

## قۇربانلىق قىلىشنىڭ ۋاجىپ بولۇش پرىنسىپى

قۇربانلىق قىلىش يەنى قادىر بولۇش ئىمكانى يارىتىلغاندا ئېتىقادىي جەھەتتە ئەمەس، ئەمەلىي جەھەتتە قان ئېقىتىش ۋاجىپ بولىدۇ. ئەگەر ھايۋاننىڭ ئۆزىنى سەدىقە قىلىۋەتسە، قۇربانلىق دۇرۇس بولمايدۇ. قۇربانلىق مالنى سويغاندىن كېيىن ئۇنىڭ گۆشىنى سەدىقە قىلىش ۋاجىپ ئەمەس مۇستەھەپتۇر.

پەرز، كەسكىن دەلىل بىلەن ئىسپاتلانغان، ھېچقانداق شۈبھە بولمىغان ئەمەلدۇر. مەسىلەن، ئىمان ۋە ئۇنىڭ قالغان تۆت ئاساسى پرىنسىپلىرىغا ئوخشاش. پەرزنىڭ ھۆكمى چوقۇم بىلىشنى يەنى ئۇنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنىڭ قەتئىي ھالدا ئىسپاتلانغانلىقىنى بىلىشنى، دىل بىلەن تەستىقلاشنى يەنى ئۇنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى چوقۇم ئېتىقاد قىلىشنى ۋە جىسمانىي جەھەتتە ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. پەرزنى ئىنكار قىلغۇچى كاپىر بولىدۇ، ئۆزرىسىز ھالدا تاشلاپ قويغۇچى پاسىق بولىدۇ.

ۋاجىپ، باشقا ئېھتىماللىقمۇ بار بولغان دەلىل بىلەن ئىسپاتلانغان ئەمەلدۇر. مەسىلەن، سەدىقە پىتىر بېرىش ۋە قۇربانلىق قىلىشقا ئوخشاش. ئۇنىڭ ھۆكمى باشقا ئېھتىماللىقمۇ بولغانلىقى ئۈچۈن كەسكىن ھالدا بىلىشنى تەلەپ قىلماستىن، چوقۇم ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنى ئىنكار قىلغۇچى كاپىر بولمايدۇ، لېكىن قۇربانلىق قىلىش ئىشنى باشقىچە چۈشىنىپ قالمىغان ھالەتتە تۇرۇپ قۇربانلىق قىلىشنى تاشلاپ قويغۇچى پاسىق ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ ئەمەللەر پەرقلىق مەرتىۋىلەردە بولۇپ، بەزىسى بەزىسىدىن بەكرەك تەكىتلەنگەن. تىلاۋەت سەجدىسىنى قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقى سەدىقە پىتىرنى بېرىشنىڭ ۋاجىپلىقىدىن بەكرەك تەكىتلەنگەن بولسا، سەدىقە پىتىر بېرىشنىڭ ۋاجىپلىقى قۇربانلىق قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقىدىن بەكرەك تەكىتلەنگەن. مۇنداق بولۇشى دەلىللەرنىڭ كۈچىنىڭ پەرقلىق بولۇشىدىن كېلىپ چىققان.

قادىر بولۇش ئىمكانى. ئۇ، قىلىش ئىمكانى تۇغۇلغان ھامان ۋاجىپ بولىدىغان

[1] «ئەلمۇسۇئەتۇل فىقھىييە» 17 ـ توم، 225 ـ بەت.

ئەمەلدۇر. ۋاجىپلىقنىڭ داۋام قىلىشى ئۇچۇن ئىمكانىيەتنىڭ داۋام قىلىشى شەرت قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇ نۇقۇل شەرت بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىللەت مەنىسى يوق. قادىر بولۇشقا ئادا قىلىش ئاسان كېلىدىغان بىر ھالەتتە بولۇش ئەمەس شەرتنىڭ نۇقۇل ھالدا مەۋجۇت بولۇشى، شەرت قىلىنغان نەرسىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئايلىنىشىغا كۇپايە قىلىدۇ. قۇربانلىق قىلىش، ئۇنى ئادا قىلىش ئاسان كېلىدىغان بىر ھالەتتە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىمكان يارىتىلغاندىن كېيىن ۋاجىپ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋاجىپلىقنى قىيىنلىقتىن ئاسانلىققا ئۆزگەرتىدۇ. بۇ چاغدا قادىر بولۇشنىڭ داۋام قىلىشى شەرت قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىللەت مەنىسىدىكى شەرتتۇر. شۇڭا ئىللەت تەسىر كۆرسىتىدۇ. ۋاجىپلىق پەقەت قۇربانلىقنى ئادا قىلىش ئاسان كېلىدىغان بىر ھالەتتە بولۇش سۈپىتى بىلەن يولغا قويۇلىدۇ. ۋاجىپلىق قۇربانلىقنى ئادا قىلىش ئاسان كېلىدىغان بىر ھالەت تېپىلماستىن داۋام قىلمايدۇ.

قۇربانلىق قىلىش كۈنلىرى ئۆتۈپ كەتكەندە مالنىڭ ئۆزىنى ياكى ئۇنىڭ قىممىتىنى سەدىقە قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقى قادىر بولۇش ئىمكانى يارىتىلغاندا قۇربانلىق قىلىشنىڭ ۋاجىپ بولىدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. باي كىشى قۇربانلىقنىڭ دەسلەپكى كۈندە قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن بىر قوي سېتىۋالغان بولۇپ، ئۇنى قۇربانلىق قىلماستىن قۇربان كۈنلىرىنى ئۆتكۈزىۋەتىپ قالغان، ئاندىن بۇ ئارىدا كەمبەغەل بولۇپ قالغان بولسا، شۇ قۇربانلىق مالنىڭ ئۆزىنى سەدىقە قىلىش لازىم بولىدۇ. كەمبەغەل بولۇپ قېلىشى بىلەن قۇربانلىق قىلىش ئۇنىڭ گەردىنىدىن ساقىت بولمايدۇ. قۇربانلىق قىلىش قۇربانلىقنى ئادا قىلىش ئاسان كېلىدىغان بىر ھالەتتە بولۇش بىلەن ۋاجىپ بولغان تەقدىردە ئۇ ھالەتنىڭ داۋام قىلىشى شەرتتۇر. زاكات، ئۆشرە ۋە يەر بېجى (يەنى خىراج) قاتارلىقلاردىمۇ شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى بىر ئىنساننىڭ ئۇلارنى ئادا قىلىش ئاسان كېلىدىغان بىر ھالەتتە بولۇشىنىڭ قولدىن كېتىشى مال ھالاك بولۇپ كەتكەندىن كېيىن بولىدۇ.

## قۇربانلىقنىڭ مىقدارى

ئۇ، بىر قويدۇر ياكى تۆگە ۋە كالىنىڭ يەتتىدىن بىرىدۇر. قوي بىر ئادەمگە كۇپايە قىلىدۇ. تۆگە ۋە كالا يەتتە ئادەمگە كۇپايە قىلىدۇ. قىياسقا ئاساسلانغاندا تۆگە ۋە كالىمۇ پەقەت بىر ئادەمگە كۇپايە قىلىدۇ. چۈنكى اللە غا يېقىنلىق ئىزدەش ئۈچۈن پەقەت بىر جاننىڭ قېنى تۆكۈلىدۇ. ئەمما بىز ھەدىسكە ئاساسلىنىپ قىياسنى بىر چەتكە قايرىپ قويدۇق. جابىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى تۆگە ۋە كالىدا يەتتە ئادەمدىن شېرىك بولۇشقا بۇيرۇغان ئىدى».

بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تۆگە ۋە كالىدا يەتتە كىشى شېرىك بولۇڭلار». ئىمام بۇرقانى بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ھەدىس قوبۇل قىلىش شەرتى ئاساسىدا رىۋايەت قىلغان.

جابىر بىر رىۋايەتتە يەنە مۇنداق دېگەن: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە قىلغان ھەج ۋە ئۆمرىدە ئىچىمىزدىن ھەر يەتتە ئادەم بىر تۆگىگە شېرىك بولاتتۇق». بۇنى ئاڭلىغان بىر ئادەم جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: كالىغىمۇ تۆگىگە شېرىك بولغاندەك شېرىك بولسا بولامدۇ؟ دېۋىدى، ئۇ: «كالىمۇ تۆگە بىلەن تەڭ ھېسابلىناتتى» دېدى. ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

جابىر رەزىيەللاھۇئەنھۇ باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېگەن: «ھۇدەيبىيە سۇلھىسى بولغان يىلى بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە تۆگىنى يەتتە ئادەم، كالىنى يەتتە ئادەم شېرىك بولۇپ قۇربانلىق قىلغان ئىدۇق»[(1)].

قوي ھەققىدە ئۇچۇق دەلىل بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ھۆكمى ئەسلى قىياسقا ئاساسەن قېلىنىۋېرىدۇ.

ئەگەر مەلۇم يەتتە كىشىنىڭ بىرى تۆگە ياكى كالىنىڭ يەتتىدىن بىرىنىڭ ئازراقىغا شېرىك بولسا، ئۇنىڭ قۇربانلىقى كۇپايە قىلمايدۇ. بۇ قۇربانلىق يەتتە ئادەمنىڭ ھەر بىرىدىن يېقىنلىق ئىزدەش نىيىتى بىلەن قىلىنغاندا، گەرچە يېقىنلىق ئىزدەش يوللىرى ھەر تۈرلۈك بولسىمۇ، ئاندىن يەتتىسىنىڭ نامىدىن ئادا بولىدۇ.

بىر تۆگە ياكى كالىغا يەتتىدىن ئاز ئادەم شېرىك بولسا، تېخىمۇ ئەۋزەل ئادا بولىدۇ. ئەگەر يەتتە ئادەم بەش ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ كالىدا شېرىك بولسا، دۇرۇس بولىۋېرىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر كالىنىڭ يەتتىدىن بىرىگە شېرىك بولغان بولىدۇ. يەتتە ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ كالىدا سەككىز ئادەم شېرىك بولسا بولمايدۇ. چۈنكى ھەر بىر كالىنى سەككىز ئۈلۈش قىلىشقا توغرا كېلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر بىرى يەتتىدىن ئازراقىغا شېرىك بولۇش كېلىپ چىقىدۇ.

ئەگەر يەتتە ئادەم يەتتە قويغا شېرىك بولسا، قىياسقا ئاساسەن ئۇلارنىڭ قۇربانلىقى ئادا بولمايدۇ. چۈنكى ھەر بىر قوي ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەتتە ئۈلۈشكە ئايرىلىدۇ. ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن ئادا بولىدۇ. ئىككى ئادەم ئىككى قويغا شېرىك بولسىمۇ شۇنداق بولىدۇ[(2)].

(1) «رەۋۋزەتۇتتالىبىين» 2 ـ توم، 461 ـ بەت.

(2) «ئىئلائۇسسۇنەن» 17 ـ توم، 206 ـ بەت.

ئەگەر بىراۋ بىر كالىنى ئۆزىنىڭ نامىدا قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن سېتىۋالسا، ئاندىن ئۇنىڭغا يەنە ئالتە ئادەم شېرىك بولسا، ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن دۇرۇس بولىدۇ. ئەمما قىياسقا ئاساسەن دۇرۇس بولمايدۇ. ئىمام زۇفەرمۇ دۇرۇس بولمايدۇ، دەپ قارىغان. چۈنكى سېتىۋالغۇچى دەسلەپتە ئۇنى اللە غا يېقىنلىق ئىزدەش ئۈچۈن تەييارلىدى. شۇڭا ئۇنى ئۆزىنىڭ مۈلكىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇلۇشلارغە ئايرىغان هالدا سېتىشقا بولمايدۇ. شېرىك بولۇش مەزكۇر سۈپەتلەر بويىچە بولىدۇ.

ئىستىھسان شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بىر كىشى سېمىز بىر كالىنى ئۇچرىتىپ ئۇنى سېتىۋاپتۇ. سودىلاشقاندا شېرىك بولىدىغان ئادەم تاپالماپتۇ. ئۇ پەقەت سودىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن شېرىك ئىزدەپتۇ. مۇشۇنداق قىلىشقا قاتتىق ئېھتىياجلىق بولغانلىقتىن، بىز ئارىدىكى دىشۋارلىقنى كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ئۇنى دۇرۇس دەپ قارىدۇق. شۇنداق قىلغاندىلا قۇربانلىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئاسانچىلىق يارىتىلىدۇ. چۈنكى قۇربانلىق قىلىشقا شېرىك بولۇش سودىنىڭ توغرا بولۇشىغا توسالغۇ بولمايدۇ. لېكىن ئارىدىكى ئىختىلاپتىن يىراق بولۇش، شۇنداقلا خۇددى يېقىنلىق ئىزدەش نىيىتىدىن يېنىۋالغاندەك تويغۇ بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن مالنى سېتىۋېلىشتىن ئىلگىرى شېرىك تېپىش تېخىمۇ ياخشىدۇر. بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ مالنى سېتىۋالغاندىن كېيىن شېرىك قىلىشنى مەكرۇھ دەپ قارايدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان[1].

تۆگە ياكى كالىنىڭ گۆشى شېرىكلەر ئارىسىدا تەخمىنەن پارچىلاپ ئەمەس، تارتىپ تەقسىم قىلىنىدۇ. چۈنكى تەقسىماتتا ئالماشتۇرۇش مەنىسى بار. گەرچە بەزىلەر بەزىلەرگە ئۆتۈپ كەتكەن ھەققىگە رازى بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، گۆش جازانە ۋە ئۆسۈم مېلى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنى تەخمىنەن پارچىلاپ بۆلۈشۈش توغرا بولمايدۇ.

رازىلىشىپ كېتىش بىلەنمۇ تەخمىنەن پارچىلاپ بۆلۈشۈشنىڭ توغرا بولماسلىقىغا كەلسەك، جازانە ۋە ئۆسۈمنىڭ رازىلىشىش بىلەن ھالال بولۇش ئېھتىمالى يوق. چۈنكى ئۇ سوۋغات مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. تەقسىم قىلىش ئېھتىمالى بولغان نەرسىنى سوۋغا قىلىش توغرا بولمايدۇ. پەقەت گۆشكە كاللا ـ پاقالچاق ياكى تېرە قوشۇپ بېرىلسە، مەسىلەن، بىرى مەلۇم گۆش بىلەن كاللا ـ پاقالچاق ئالسا، يەنە بىرى قالغان گۆش بىلەن تېرىنى ئالسا، كاللا ـ پاقالچاق ۋە تېرە گۆشتىن ئايرىم نەرسىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن دۇرۇس بولىدۇ[2].

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 201 ـ بەت.

(2) «ئەلھىدايە» 4 ـ توم، 72 ـ بەت.

# قۇربانلىق قىلىش ۋاقتى

قۇربانلىق كۈنى كۈننىڭ چىقىشى بىلەن تەڭ قۇربانلىق قىلىش ۋاقتى كىرىدۇ. لېكىن شەھەر ئەھلىنىڭ ئىمام ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ بولمىغىچە قۇربانلىق قىلىشى توغرا بولمايدۇ. ئەمما يېزا ـ قىشلاق ئەھلى تاڭ يورىغاندىن كېيىن قۇربانلىق قىلىۋېرىدۇ.

بەرائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بۇ كۈنىمىزدە ئالدى بىلەن ناماز ئوقۇيمىز، ئاندىن قايتىپ كېلىپ قۇربانلىق قىلىمىز. كىمكى شۇنداق قىلسا، سۈننىتىمىزنى توغرا رەۋىشتە قىلغان بولىدۇ. كىمكى مېلىنى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بوغۇزلىسا، ئۇ گۆش ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن بوغۇزلىغان گۆش بولىدۇ. قۇربانلىقتىن ھېچ نېسىۋىسى بولمايدۇ». ئەبۇ بۇردە ئىبنى نەييار قۇربانلىقنى ھېيت نامىزىدىن ئىلگىرى بوغۇزلىغان ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ: مېنىڭ ئالتە ئايلىق بولغان بىر ئوغلىقىمدىن باشقا مېلىم يوق، دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى قۇربانلىق قىلغىن، يىلىغا توشمىغان ئوغلاقنى قۇربانلىق قىلىش سېنىڭدىن كېيىن ھېچكىمدىن ئادا بولمايدۇ» دېگەن.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى قۇربانلىقنى ھېيت نامىزىدىن ئىلگىرى بوغۇزلىسا، ئۆزىگە بوغۇزلىغان بولىدۇ. كىمكى ھېيت نامىزىدىن كېيىن بوغۇزلىسا، قۇربانلىقى تاماملانغان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ تۇتقان يولىنى تۇتقان بولىدۇ»[1].

قۇربانلىق قىلىش مۇددىتى ئۈچ كۈندۇر. بىرىنچى كۈنى قىلىش ئەڭ ئەۋزەلدۇر. شۇنداقلا تەشرىق كۈنلىرىمۇ ئۈچ كۈندۇر (يەنى قۇربانلىقنىڭ بىرىنچى كۈندىن كېيىنكى ئۈچ كۈن تەشرىق كۈنلىرى دېيىلىدۇ). ھەممىسى بولۇپ تۆت كۈن ئۆتىدۇ. بىرىنچى كۈن مەخسۇس قۇربانلىق كۈنىدۇر. ئاخىرقى كۈن مەخسۇس تەشرىق كۈنىدۇر. ئوتتۇرىدىكى ئىككى كۈن ھەم قۇربانلىق، ھەم تەشرىق كۈنلىرىدۇر. بۇ، دەسلەپتىكى كېچىدە ئەمەس، ئاخىرقى ئىككى كېچىدە قۇربانلىق قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. كېچە ھەر ۋاقىت كېلىۋاتقان كۈندۈزگە تەۋەدۇر. پەقەت قۇربانلىق كۈنلىرى ئۇنداق ئەمەس. ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن كۈندۈزگە تەۋەدۇر.

ئىمام مالىكنىڭ نافىئدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دېگەن: «قۇربانلىق قىلىش قۇربان ھېيت كۈنىدىن كېيىن يەنە ئىككى كۈن داۋام قىلىدۇ». ئىمام مالىك «مۇۋەتتەئ» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ماڭا

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 202 ـ بەت.

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭمۇ شۇنداق قارايدىغانلىقى خەۋەر قىلىندى». بۇ مەسىلىدە مەزكۇر ھەدىسلەر دەلىلدۇر. چۈنكى ئۇ ھەدىسلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. چۈنكى مۇنداق مەسىلە كۆزقاراش بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلمايدۇ.

ئىمام شەۋكانى «نىيلۇلئەۋتار» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «ئىمام نەۋەۋي: بۇ قاراش ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئەلى، ئىبنى ئۆمەر ۋە ئەنەستىن رىۋايەت قىلىنغان دېگەن». ئىبنى قەييۇم ئىمام ئەھمەدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرقانچە ساھابىلىرىنىڭ قارىشىدۇر». ئەسرەم ئۇ قاراشنى ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلغان. «ئەلبەھر» ناملىق كىتابتىمۇ ئۇ قاراش ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنغان. ئۇ، ئىمام ئەبۇھەنىفە، ئەھمەد ۋە مالىكنىڭ قارىشىدۇر[1].

قۇربانلىق قىلىشنىڭ ۋاجىپ بولۇشى ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى ۋاقىت ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئاخىرقى ۋاقىتتا قۇربانلىق قىلىش شارائىتىگە ئىگە بولسا ياكى مۇسۇلمان بولسا ياكى ئازات بولسا، ياكى مۇقىم بولسا (يەنى سەپىرى تۈگىسە) ئۇنىڭ قۇربانلىق قىلىشى لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئاخىرقى ۋاقىتتا مۇرتەد بولسا ياكى قۇربانلىق قىلىش شارائىتى يوققا چىقسا ۋەياكى سەپەرگە چىقسا، ئۇنىڭغا قۇربانلىق قىلىش لازىم بولمايدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ۋاقىت چىقىپ كەتكەندىن كېيىن كەمبەغەل بولۇپ قالسا، قۇربانلىق قىلىشقا يارايدىغان بىر قوينىڭ قىممىتى ئۇنىڭ گەردىنىگە قەرز چۈشىدۇ. ئەگەر باي قۇربانلىق كۈنلىرىدە ئۆلۈپ كەتسە، قۇربانلىق ئۇنىڭدىن ساقىت بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا قۇربانلىق ۋاجىپ بولمايدۇ.

ئەگەر كەمبەغەل قۇربانلىق كۈنلىرى قۇربانلىق قىلسا، ئاندىن قۇربانلىق كۈنلىرىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا باي بولۇپ قالسا، توغرا قاراشقا ئاساسەن ئۇ قۇربانلىقنى قايتا قىلىدۇ. چۈنكى ئالدىنقىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن نەپلە قۇربانلىق بولىدۇ. لېكىن كېيىنكى زامانىنىڭ ئالىملىرى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭغا قايتا قۇربانلىق قىلىش لازىم بولمايدۇ». بىز مۇشۇ قاراشنى تۇتقا قىلىمىز[2].

قۇربانلىق قىلماستىن قۇربانلىق قىلىش كۈنلىرى ئۆتۈپ كەتكەن تەقدىردە، ئەگەر ئۇ ئۆزىگە قۇربانلىق قىلىشنى ۋاجىپ قىلغان ياكى كەمبەغەل بولغان، لېكىن قۇربانلىقنى ئاللىبۇرۇن سېتىۋالغان بولسا، ئۇنى تىرىك سەدىقە قىلىۋېتىدۇ. ئەگەر باي

(1) سەھىھ بۇخارى، 5545 ـ ۋە 5546 ـ ھەدىسلەر.

(2) «ئىئلائۇسسۇنەن» 17 ـ توم، 233 ـ بەت.

بولسا ئاللىبۇرۇن سېتىۋالغان ياكى تېخى سېتىۋالمىغان قوينىڭ قىممىتىنى سەدىقە قىلىدۇ. چۈنكى قۇربانلىق قىلىش بايغا نىسبەتەن ۋاجىپتۇر. بىزنىڭ مەزھەپىمىزدە كەمبەغەل ئەگەر قۇربانلىق قىلىش نىيىتى بىلەن مال سېتىۋالغان بولسا، ئۇنىڭغا ئۇ مالنى قۇربانلىق قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. ئەگەر ۋاقىت ئۆتۈپ كەتسە، زىممىسىدىن ئۇ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنى سەدىقە قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. بۇ خۇددى جۈمە نامىزى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن پېشىننى قازا ئورنىدا ئوقىغانغا، روزا تۇتۇشتىن ئاجىز كەلگەندىن كېيىن فىدىيە بەرگەنگە ئوخشايدۇ[1].

شەھەردە قۇربانلىق قىلماقچى بولغان كىشىگە قۇربانلىق قىلىشنىڭ دەسلەپكى ۋاقتى ئەڭ بالدۇر ئوقۇلۇپ بولۇنغان ھېيت نامىزىدىن كېيىنلا كىرىدۇ. خۇتبىدىن ئىلگىرى بولۇپ قالسىمۇ بولىۋېرىدۇ. لېكىن خۇتبىدىن كېيىن قۇربانلىق قىلىش ياخشىراقتۇر.

قۇربانلىق ئەگەر مەسچىت ئەھلى نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن قىلىنسا، سەھرا ئەھلى تېخى ئۇ چاغقىچە ھېيت نامىزىنى ئوقۇمىغان بولسىمۇ، ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن شەھەردىكى كىشىنىڭ قۇربانلىقى قوبۇل بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئوقۇغىنىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان نامازدۇر. ھەتتا سەھرالىقلار شۇ ناماز بىلەن كۇپايىلەنسىمۇ، ئۇلارغا كۇپايە قىلىدۇ. ئەكسىچە بولسىمۇ (يەنى سەھرا ئەھلى ناماز ئوقۇپ بولغان، بىراق مەسچىت ئەھلى تېخى ناماز ئوقۇمىغان بولسىمۇ) شۇنداق بولىدۇ.

بەزى رىۋايەتكە ئاساسەن، تەشەھھۇدنىڭ مەلۇم قىسمىدا ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن قۇربانلىق قىلسا، دۇرۇس بولمايدۇ. بەزى ئالىملار دۇرۇس بولىدۇ، بىراق ياخشى ئەمەس، دەپ قارىغان. ئۇ قاراش ئىمام ئەبۇيۇسۇفتىن رىۋايەت قىلىنغان.

ئىمام ھەسەننىڭ مۇنداق قارايدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئەگەر خۇتبىنى تۈگىتىشتىن بۇرۇن قۇربانلىق قىلسا، ياخشى ئەمەس. ئەگەر مەلۇم سەۋەب تۈپەيلى مۇسۇلمانلار ھېيت نامىزىنى ئوقۇيالمىغان تەقدىردە ھېيت نامىزىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەندىن كېيىن قۇربانلىق قىلىش دۇرۇس بولىدۇ».

(ئەگەر ھېيت نامىزى ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى ئەمەس) ئەتىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۈندە ئوقۇلىدىغان بولسا، قۇربانلىقنى ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن قىلىشمۇ توغرىدۇر. چۈنكى بىرىنچى كۈندىن كېيىنكى كۈنلەردە ئوقۇلغان ناماز ئادا قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، قازاسىنى قىلىش ئۈچۈن ئوقۇلىدۇ.

ئەگەر ئىمام ھېيت نامىزىنى كېچىكتۈرىۋەتسە، كۈن چۈش بولمىغىچە قۇربانلىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئىمام مەلۇم ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ ھېيت نامىزنى

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 201 ـ بەت.

ئوقۇمىسا ياكى ئۇنى قەستەن تەرك ئەتسە، نەتىجىدە كۆن قايرىلىپ كەتسە، قۇربانلىق قىلىش كۆنلىرىنىڭ ھەممىسىدە ھېيت نامىزىنى ئوقۇماستىن قۇربانلىق قىلىش دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى كۆن قايرىلىش بىلەن نامازنىڭ ۋاقتى تۈگەيدۇ. ئىمام ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى كۈنى قازاسىنى قىلىش ئۈچۈن چىقىدۇ. ئىبادەتلەرنى تەرتىپ بىلەن قىلىش ئادا قىلىشتا شەرتتۇر، قازاسىنى قىلىشتا شەرت ئەمەستۇر.

قۇربانلىق كۈنى مىنادا تۇرغۇچىلارنىڭ ھېيت نامىزىنى ئوقۇش مەجبۇرىيىتى يوق. چۈنكى ئۇلار ناماز ئوقۇلىدىغان پەيتتە ھەج پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىش بىلەن مەشغۇلدۇر. تاڭ يورىغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قۇربانلىق قىلىشى خۇددى يېزا ـ قىشلاق ئەھلىنىڭ قۇربانلىق قىلىشى دۇرۇس بولغاندەك دۇرۇس بولىدۇ[1].

قۇربانلىق قىلىش ئورنى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. يېزا ـ قىشلاقلاردا ۋە شەھەرنىڭ قۇربانلىق قىلىش ئورنىدا ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن قۇربانلىق قىلىنىشمۇ دۇرۇس بولىۋېرىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا دۇرۇس بولمايدۇ. بالدۇر قۇربانلىق قىلىشنى كۆزلەپ ھىيلە ئىشلەتكەن شەھەرلىك قۇربانلىقنى شەھەرنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ، ئاندىن تاڭ يورىغاندا قۇربانلىق قىلسا بولىدۇ.

ئىمامنىڭ ھېيت نامىزىنى تاھارەتسىز ئوقۇغانلىقى مەلۇم بولسا، ناماز قايتا ئوقۇلىدۇ. ئەمما بۇ ئارىدا قىلىنىۋېتىلگەن قۇربانلىق ئۈچۈن قايتا قۇربانلىق قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئىمام ئۆزىنىڭ تاھارەتسىز ناماز ئوقۇغانلىقىنى جامائەت تارقاپ كېتىشتىن ئىلگىرى بىلسە، نامازنى ئۇلار بىلەن قايتا ئوقۇيدۇ. ھەممە رىۋايەتلەر مۇشۇنىڭغا ئىتتىپاق كەلگەن.

نامازنى قايتا ئوقۇشتىن ئىلگىرى قىلىنغان قۇربانلىق دۇرۇس بولامدۇ؟ بەزى رىۋايەتلەردە دۇرۇس بولىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ، بەزى فىقھشۇناسلار دۇرۇس دەپ قارايدىغان نامازدىن كېيىن قىلىنغان قۇربانلىقتۇر. ئىمام شافىئى شۇنداق قارايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قارىشىدا ئىمامنىڭ نامىزىنىڭ بۇزۇلىشى ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ نامىزىنىڭ بۇزۇلىشىنى لازىم قىلمايدۇ. شۇڭا ئۇ ناماز ئىقتىدا قىلغۇچىنىڭ قارىشىدا ھېساب بولىۋېرىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، نامازنى ئىمام ئۆزى يالغۇز قايتا ئوقۇيدۇ، جامائەت قايتا ئوقۇمايدۇ. ئۇ ئىستىھسان قائىدىسى ئاساسىدا شۇنداق بولىدۇ.

ئەگەر ئىمام جامائەتنى نامازنى قايتا ئوقۇش ئۈچۈن چاقىرسا، بۇنى بىلىشتىن ئىلگىرى قۇربانلىق قىلغان كىشىنىڭ قۇربانلىقى دۇرۇس بولىۋېرىدۇ. كىمكى ئىمامنىڭ شۇنداق چاقىرغانلىقىنى بىلسە، ئۇنىڭ كۆن قايرىلىشتىن بۇرۇن قۇربانلىق قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ. كۆن قايرىلغاندىن كېيىن دۇرۇس بولىدۇ.

(1) «ئەلھىدايە» 4 ـ توم، 73 ـ بەت.

ئۇرۇش بولىۋاتقان يۇرتتا كىشىلەر ھېيت نامىزىنى ئوقۇمىسا ۋە تاڭ يورىغاندىن كېيىن قۇربانلىق قىلسا دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى بۇ يۇرت بۇ ھۆكۈمدە يېزا ـ قىشلاقنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئەگەر ئىمام نامازنى قەستەن تەرك ئەتمەكچى بولسا، بىرىنچى كۈنى كۈن قايرىلمىغىچە قۇربانلىق قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر جامائەت بۇ كۈننىڭ ھېيت كۈنى ئىكەنلىكىگە ئىمامنىڭ ئالدىدا گۇۋاھلىق بەرسە ۋە ناماز ئوقۇسا، ئاندىن قۇربانلىق قىلسا، ئۇلارنىڭ نامىزىمۇ، قۇربانلىقىمۇ ئادا بولىدۇ. چۈنكى مۇنداق خاتالىقتىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ جامائەت بىلەن ئوقۇغان نامىزىنى ھىمايە قىلغان ئاساستا ئۇنىڭ دۇرۇسلىقىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

ئەگەر جامائەت چۈشتىن كېيىن بۇ كۈننىڭ زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇلارنىڭ قىلىپ بولغان قۇربانلىقى دۇرۇس بولىدۇ. ئىمام ھېيت نامىزىنى ئوقۇغىلى ئەتىسى چىقىدۇ ۋە جامائەت بىلەن ھېيت نامىزىنى ئوقۇيدۇ. ئەگەر بۇ كۈننىڭ ھېيت كۈنى ئىكەنلىكى چۈشتىن بۇرۇن بىلىنسە، ئىمام بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ياكى ھېيت كۈنى ئىكەنلىكىنى بىلمەي قالغان بولۇپ، نامازغا چىقمىسا ۋە بىرەر كىشىنى جامائەت بىلەن ھېيت نامىزىنى ئوقۇشقا بۇيرۇمىسا، كۈن قايرىلغانغا قەدەر ئىمام ئۇلار بىلەن ھېيت نامىزىنى ئوقۇمىغىچە ھېچكىمنىڭ قۇربانلىق قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ. ئىمام نامازغا چىقىشتىن بۇرۇن كۈن قايرىلىپ كەتسە، كىشىلەر قۇربانلىق قىلسا بولىۋېرىدۇ. ئەمما بىرى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى قۇربانلىق قىلسا، دۇرۇس بولمايدۇ.

ئەگەر ئەرەفات كۈنى كۈن قايرىلغاندىن كېيىن قۇربانلىق قىلسا، ئاندىن ئۇنىڭ قۇربانلىق كۈنى ئىكەنلىكى ئايدىڭلاشسا، بىزنىڭ مەزھەپىمىزدە دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ۋاقىتدا قىلىنغان قۇربانلىق قۇربانلىق ھېسابلىنىدۇ. خاتالىشىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بولغانلىقى ئۈچۈن كېچىدە قۇربانلىق قىلىش ھالالغا يېقىن مەكروھ ھېسابلىنىدۇ[1].

# نەزىر قىلىنغان قۇربانلىقلار

اللە غا يېقىنلىق ئىزدەش تىلىكى بىلەن قىلىنغان باشقا ئىبادەتلەرگە ئوخشاش، قۇربانلىق قىلىشنى نەزىر قىلسا (يەنى اللە نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئاتاپ قۇربانلىق قىلىشنى ئۈستىگە يۈكلىسە)، قۇربانلىق قىلىش لازىم بولىدۇ. نەزىر بىلەن ۋاجىپ بولغان قۇربانلىقتا بايمۇ، كەمبەغەلمۇ ئوخشاشتۇر. ئەگەر نەزىر قىلغۇچى قۇربانلىق قىلىش كۈنلىرىنى قۇربانلىق قىلماستىن ئۆتكۈزىۋەتسە، قۇربانلىقنى

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 202 ـ بەت.

تىرىك ھالدا سەدىقە قىلىدۇ.

ئەگەر بىر باي قۇربانلىق قىلىش كۈنلىرىدە بىر قوينى قۇربانلىق قىلىشنى نەزىر قىلسا، بىزنىڭ مەزھەپىمىزدە ئۇنىڭ ئىككى قوينى قۇربانلىق قىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ. ئىككى قويدىن بىر قوي نەزىر ئۈچۈن ھېساب بولىدۇ، يەنە بىر قوي باشتىنلا شەرىئەت ھۆكمىنىڭ تەلىۋىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بولىدۇ. لېكىن ئۇ باي بىر قوي نەزىر قىلماقچى بولغانلىقى بىلەن ئۈستىدىكى ۋاجىپ قۇربانلىقنى خەۋەر قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا پەقەت بىرنىلا قۇربانلىق قىلىدۇ. ئەگەر قۇربانلىق قىلىش كۈنلىرىدىن ئىلگىرى نەزىر قىلغان بولسا، ئىككى قوينى قۇربانلىق قىلىش لازىم بولىدۇ. بۇنىڭدا ھېچ ئىختىلاپ يوق. چۈنكى ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆزى ۋاجىپ قۇربانلىقنى قىلىدىغانلىقنى خەۋەر قىلىش ئېھتىماللىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. نېمىشقا دېگەندە ۋاقىت كېلىشتىن ئىلگىرى قۇربانلىق قىلىش ۋاجىپ بولمايدۇ. شۇنىڭدەك نەزىر قىلغۇچى قۇربانلىق قىلىش شارائىتى يوق كىشى بولۇپ، قۇربانلىق كۈنلىرى قۇربانلىق قىلىش شارائىتىگە ئىگە بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئىككى قوي قۇربانلىق قىلىشى لازىم بولىدۇ.

قىسقىسى، باي كىشى قۇربانلىق قىلىش كۈنلىرىدە قۇربانلىق قىلىشنى نەزىر قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ۋاجىپ قۇربانلىقنى خەۋەر قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولسا، ئەمەلىيەتتە ئۇ نەزىر بولمايدۇ. بۇ چاغدا شەرىئەتنىڭ ھۆكمى بويىچە بىر قوينى قۇربانلىق قىلىش ئۇنىڭ گەردىنىگە ۋاجىپ بولىدۇ. ئەمما خەۋەر قىلىشنى مەقسەت قىلماستىن، شەرتسىز ھالدا نەزىر قىلغان بولسا ياكى قۇربانلىق كۈنلىرىدىن ئىلگىرى نەزىر قىلغان بولسا ۋەياكى نەزىر قىلغاندا كەمبەغەل بولۇپ، قۇربانلىق كۈنلىرى باي بولۇپ قالسا، گەرچە نەزىر قىلىش بىلەن ئۇنىڭغا باشقا بىر قوينى قۇربانلىق قىلىش لازىم بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قۇربانلىق ئىلگىرى ئۇنىڭغا ۋاجىپ ئەمەس ئىدى. بەلكى ئۇنىڭغا ۋاجىپ بولغىنى باشقا قوي ئىدى. شۇڭا نەزىر قىلغىنى ھەقىقىي نەزىر بولىدۇ. دېمەك، بۇ ھالدا قۇربانلىق ۋاجىپ بولۇشتىن ئىلگىرى ھەقىقىي نەزىر يوق. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئەگەر ئۇ خەۋەر قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولسا، ئۇ قۇربانلىقنىڭ گۆشىدىن يېسە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ قۇربانلىق نەزىر بىلەن لازىم بولغان قۇربانلىق ئەمەس.

ئەگەر ئۇ: الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بىر قوي قۇربانلىق قىلىشنى ئۈستۈمگە ئالىمەن، دەپ نەزىر قىلغان، ئاندىن تۆگە ياكى كالا قۇربانلىق قىلغان بولسا، دۇرۇس بولىۋېرىدۇ.

ئەگەر قۇربانلىق تاشلاپ قويۇلۇپ، ئۇنى قۇربانلىق قىلىدىغان كۈنلەر ئۆتۈپ

**كەتسە، نەزىر قىلغۇچى ئۇنى تىرىك سەدىقە قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ باي بولۇپ، نەزىر قىلغان مالنى قۇربانلىق قىلغان بولسا، ئۇنىڭ گۆشىنى سەدىقە قىلىدۇ. ئەگەر بوغۇزلاش بىلەن ئۇنىڭ قىممىتى چۈشۈپ كەتسە، مەسىلەن، ئۇنى بوغۇزلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قىممىتى ئۇنى بوغۇزلاشتىن ئىلگىرىكىدىن تۆۋەنلەپ كەتسە، تۆۋەنلەپ كەتكەن مىقداردىكى قىممەتنىمۇ قوشۇپ سەدىقە قىلىدۇ. نەزىر قىلغۇچى ئۇنىڭ گۆشىدىن يېمەيدۇ. ئەگەر يەپ قالسا، يېگەن گۆشنىڭ قىممىتىنى سەدىقە قىلىدۇ.**

**ئەگەر كەمبەغەل قۇربانلىق قىلىشنى نەزىر قىلىپ مال سېتىۋالغان بولسا، گەرچە ئۇنى قۇربانلىق قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇمۇ ئۇنىڭ گۆشىدىن يېمەيدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بىر قوي بولغان، ئاندىن ئۇنى قۇربانلىق قىلىشنى نىيەت قىلغان ياكى ئۇنى سېتىۋالغان، لېكىن سېتىۋالغان چاغدا قۇربانلىق قىلىشنى نىيەت قىلمىغان، ئەمما كېيىن نىيەت قىلغان بولسا، ئۇ قوينى قۇربانلىق قىلىش ۋاجىپ بولمايدۇ. چۈنكى نىيەت قوينى سېتىۋالغان چاغدا قىلىنمىدى. شۇڭا ئۇ نىيەت ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ[1].**

**ئەگەر كەمبەغەل قۇربانلىق قىلىنىدىغان كۈنلەردە نەزىر قۇربانلىق ئۈچۈن قوي سېتىۋالسا، ئۇنى سېتىۋېلىش بىلەن قۇربانلىق قىلىش گەردىنىگە ۋاجىپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى سەدىقە قىلىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ ئۇ قوينى سېتىشى توغرا بولمايدۇ. بۇ، بۇ ھەقتىكى كۈچلۈك دەپ قارالغان رىۋايەتتۇر. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ قوينى سېتىۋېلىشى ۋاجىپنىڭ ئورنىدا بولىدۇ. ئۇ ئۆرپ ـ ئادەتتە نەزىر قۇربانلىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ قوينى قۇربانلىق كۈنلىرىدىن بۇرۇن سېتىۋالسا، قۇربانلىق قىلىش ۋاجىپ بولمايدۇ.**

**نەزىر قىلىنغان قۇربانلىق قوينىڭ قۇربانلىق قىلىشقا سالاھىيىتى بولۇشى يەنى بىر يىلنى تولدۇرۇپ، ئىككىنچى يىلغا قەدەم قويغان بولۇشى ياكى يىلنىڭ كۆپرەكىنى تولدۇرغان بولۇپ، ئەگەر بىر يىلنى تولدۇرغان قويلارنىڭ ئارىسىغا قويۇۋېتىلسە، چوڭلۇقىدىن ئۇلاردىن پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە سېمىز ۋە چوڭ بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ.**

**قۇربانلىق نەزىر قىلغۇچى ئايال قۇربانلىقنى ئۆلتۈرۈپ كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرىش ئۈچۈن باشقا بىرىنى ۋەكىل قىلىشى كېرەك. ئەمما ئۇ قوينى سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىنى تارقىتىپ بېرىش بىلەن قىلىنغان نەزىر ئادا تاپمايدۇ ۋە نەزىرگە كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇ، ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى، پەرزەنتلىرى، ئېرى، قىزلىرى ۋە قىزلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى قاتارلىق بىرقانچە تۇرلۇك كىشىلەر ئۇ قۇربانلىقتىن يېسە بولمايدۇ[2].**

---

(1) «رەددۇلمۇھتار» **5** ـ توم، **203** ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» **5** ـ توم، **203** ـ بەت.

# قۇربانلىق مالنىڭ ياش ئۆلچىمى

قوي ۋە ئۆچكىدىن ئالتە ئايلىق بولغان قوزا ۋە ئوغلاقنى، ئەگەر ئۇنى چىش ئالغان قوي ـ ئۆچكىلەرگە ئارىلاشتۇرۇۋەتسە پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە چوڭ بولسا، قۇربانلىق قىلىشقا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كىچىك بولسا، دۇرۇس بولمايدۇ. پەقەت بىر يىلنى تولدۇرۇپ، ئىككىنچى يىلغا كىرگەن بولسا ئاندىن دۇرۇس بولىدۇ. جابىردىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يىلغا يەتكەن مالنى قۇربانلىق قىلىڭلار. بىراق سىلەرگە قىيىن بولۇپ قالسا، ئالتە ئايلىق بولغان قوزا ياكى ئوغلاقنى قۇربانلىق قىلىڭلار». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە تىرمىزىدىن باشقا ھەدىسشۇناسلار رىۋايەت قىلغان.

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئالتە ئايلىق قوزا ياكى ئوغلاق نېمىدېگەن ياخشى قۇربانلىق ھە!» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان[1].

بەرائ ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مېنىڭ ئانا تەرەپ تاغام ئەبۇ بۇردە قۇربانلىقنى ھېيت نامىزىدىن ئىلگىرى قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «بوغۇزلىغان قويۇڭنىڭ گۆشى يېيىلىش ئۈچۈن بوغۇزلانغان قوي بوپتۇ» دېدى. ئۇ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ ئۆيدە باققان ئالتە ئايلىق بىر ئوغلىقىم بار، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى قۇربانلىق قىلغىن، ئالتە ئايلىق بولمىغان ئوغلاقنى قۇربانلىق قىلىش سەندىن باشقا ھېچكىمگە دۇرۇس بولمايدۇ» دېدى، ئاندىن مۇنداق دېدى: «كىمكى قۇربانلىقنى ھېيت نامىزىدىن ئىلگىرى بوغۇزلىسا، ئۆزىگە بوغۇزلىغان بولىدۇ. كىمكى ھېيت نامىزىدىن كېيىن بوغۇزلىسا، قۇربانلىقى تاماملانغان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ سۈننىتىنى قىلغان بولىدۇ»[2].

قۇربانلىق ئۈچۈن تۆگە بەش ياشقا كىرگەن، كالا ئىككى ياشقا كىرگەن، قوي ۋە ئۆچكە (نورمال ئەھۋالدا) بىر يىلنى تولدۇرغان بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. ئەگەر بۇ ياشتىن كىچىك مالنى قۇربانلىق قىلسا دۇرۇس بولمايدۇ. بۇنىڭدىن چوڭ مالنى قۇربانلىق قىلسا ئەۋزەل ھالدا دۇرۇس بولىدۇ.

قوزا، موزاي ۋە بوتىلاقلارنى قۇربانلىق قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى شەرىئەت

(1) «رۇدۇدۇن ئەلا ئەباتىل» 1 ـ توم، 36 ـ بەت.

(2) «ئىئلائۇسسۇنەن» 17 ـ توم، 245 ـ بەت.

مەزكۇر ياش چەكلىمىسىنى بەلگىلىدى. سۇ كالىسى كالىنىڭ تۇرىگە كىرىدۇ. شۇنداقلا ئۆچكە قوينىڭ تۇرىگە كىرىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، ئۇلار زاكاتتا شۇنداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

ئۆي هايۋانلىرى بىلەن ياۋايى هايۋانلار ئارىسىدىن توغۇلغان هايۋان ئانىسىغا تەۋە قىلىنىدۇ. ئەگەر ياۋايى بۇقا ئۆي كالىسىغا سەكرەپ قويغان بولۇپ، ئىنەكتىن تۇغۇلغان موزاي ئىككى ياشقا كىرسە، قۇربانلىق قىلىشقا بولىدۇ. ئەگەر ئۆي بۇقىسى ياۋايى كالىغا سەكرەپ قويغان، ئاندىن ئۇ كالىدىن تۇغۇلغان مۇزاي ئىككى ياشقا كىرگەن بولسا، ئۇ مۇزاينى قۇربانلىق قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ. ئانا هايۋاندىن كېلىپ چىققان ئۇ موزاي سودىغا يارايدىغان هايۋان بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك هۆكۈملەر بار. ئاتا هايۋاندىن پەقەت مەنىي قوشۇلغان بولىدۇ خالاس. شۇڭا بالا قۇل ياكى ئازات بولۇش مەسىلىسىدە ئانىنىڭ هۆكمىگە تەۋە بولىدۇ.[1]

## قۇربانلىق قىلىشقا دۇرۇس بولىدىغان ۋە دۇرۇس بولمايدىغان هايۋانلار

مۈڭگۈزى پەقەت يوق هايۋاننى، شۇنىڭدەك يەنە سونۇپ كەتكەنلىك ياكى باشقا بىر سەۋەب بىلەن مۈڭگۈزىنىڭ مەلۇم قىسمى يوق هايۋاننى قۇربانلىق قىلىش دۇرۇس بولىدۇ. ئەگەر مۈڭگۈزىنىڭ سونۇقى يىلىككە، ياكى باش سۆڭەككە يەتكەن بولسا، ئۇ هايۋاننى قۇربانلىق قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ.

پىچىۋەتكەن مالنى قۇربانلىق قىلىشقا بولىدۇ. ئەبۇهۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قۇربانلىق قىلماقچى بولسا، چوڭ، سېمىز، چوڭ مۈڭگۈزلۈك، ئاق ئىككى ئېرىكنى سېتىۋالاتتى. ئاندىن بىرىنى مۇھەممەدنىڭ ۋە مۇھەممەد ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ نامىدا، يەنە بىرىنى ئۇممىتى ئىچىدىن اللە نىڭ بار ۋە بىرلىكىگە، ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى يەتكۈزگەنلىكىگە گۇۋاهلىق بەرگەنلەرنىڭ نامىدا قۇربانلىق قىلاتتى.» بۇ ھەدىسنى ئىمام ئىبنى ماجە ئابدۇررازاقنىڭ سەنەدى بىلەن رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەبۇ داۋۇد بۇ ھەقتە جابىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام چوڭ مۈڭگۈزلۈك، ئاق ئىككى ئېرىكنى قۇربانلىق قىلدى». مانا بۇ ھەدىس پىچىۋېتىلگەن مالنى قۇربانلىق قىلىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بەزى ئالىملار ئۇنى ئۇنىڭ ئەزاسىنىڭ كەم بولغانلىقى ئۈچۈن مەكروه دەپ قارىغان. ئەمما بۇ ئەيىب ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى پىچىۋېتىلىشنىڭ

(1) سەھىھ بۇخارى، 5556 ـ ھەدىس.

گۆشىنىڭ تەملىك بولۇشىغا پايدىسى بولىدۇ، ئۇنىڭدىكى بەتبۇي ۋە سېسىق پۇراقنى تۈگىتىدۇ[1].

ساراڭ بولۇپ قالغان مالنى، ئەگەر ئۇ ئوتلاش ۋە يايلاش ئىقتىدارىدىن ئايرىلىپ قالمىغان بولسا، قۇربانلىق قىلىش دۇرۇس بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ھايۋان ئوتلاش ۋە يايلاش ئىقتىدارىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسا، ئۇنى قۇربانلىق قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ. قوتۇر كېسەلگە گىرىپتار بولغان تۆگىمۇ سېمىز بولسا دۇرۇس بولىدۇ، ئورۇق بولسا دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى قوتۇر گۆشىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

قارىغۇ، يەكچەشمە، سۆڭەكىدە يىلىك قالمىغان دەرىجىدە بەك ئورۇق مالنى قۇربانلىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئورۇق بولسىمۇ، بىرئاز يېغى بولسا، دۇرۇس بولىدۇ. بۇ قاراش ئىمام مۇھەممەدتىن رىۋايەت قىلىنغان.

ئوبەيدۇللاھ ئىبنى فىيروزنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن بەرائ ئىبنى ئازىپتىن: قانداق ھايۋانلارنى قۇربانلىق قىلىشقا بولمايدۇ؟ دەپ سورىدىم. ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارىمىزدا ئۆرە تۇراتتى. مېنىڭ بارماقلىرىم ئۇنىڭ بارماقلىرىدىن، مېنىڭ بارماقلىرىمنىڭ ئۇچى ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۇچىدىن ئۇزۇن ئىدى. ئۇ: «قارىغۇ ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان قارىغۇ، كېسەللىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان كېسەل، ئاقساقلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان توكۇر ۋە يىلىكى قالمىغان قېرى مالدىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك مالنى قۇربانلىق قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن ئىدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

بەرائ ئىبنى ئازىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ ھەدىسى قۇربانلىقتا كۆرۈلگەن يەڭگىل ئەيىبنىڭ ئەپۇ قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھەدىسكە نەزەر سالىدىغان بولساڭ: «قارىغۇ ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان، كېسەللىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان، ئاقساقلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان . . .» دېگەن سۆز ئىبارىلىرى ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرىسەن. كىچىك ئەيىب بولسا بىلىنمەيدۇ. شۇڭا ئۇ ئەپۇ قىلىنىدۇ.

ئىمام نەۋەۋىي مۇنداق دېگەن: «ئالىملار بەرائىنىڭ ھەدىسىدە بايان قىلىنغان تۆت ئەيىبنىڭ بىرى بار مالنى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان ئەيىب بار مالنى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ئەيىبى بار، مەسىلەن، قارىغۇ، پۇتى كېسىلىپ كەتكەن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاپ كەتكەن مالنى قۇربانلىق قىلسا، قۇربانلىقنىڭ ئادا بولمايدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن»[2].

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 205 ـ بەت.

(2) «فەتھۇلبارى» 10 ـ توم، 10 ـ بەت.

قۇربانلىق قىلىنىدىغان ئورۇنغا توكۇر پۇتى بىلەن مېڭىپ بارالمايدىغان، پەقەت ئۈچ پۇتى بىلەن ماڭىدىغان مالنى قۇربانلىق قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر توكۇر پۇتىنى (يەنى تۆتىنچى پۇتىنى) يەرگە تەككۈزۈپ، ئۇنىڭ ياردىمىدە ماڭىدىغان مال بولسا، ئۇنى قۇربانلىق قىلىش دۇرۇس بولىدۇ. شۇنداقلا قۇلىقىنىڭ ياكى قۇيرۇقىنىڭ كۆپرەكى كېسىلىپ كەتكەن ۋەياكى كۆزىنىڭ نۇرىنىڭ كۆپرەكى كېتىپ قالغان مالنى قۇربانلىق قىلىشمۇ دۇرۇس بولمايدۇ.

مەزھەپىمىزنىڭ ئالىملىرى ئاز ئەيىب بىلەن كۆپ ئەيىبنىڭ چېگراسىنى بەلگىلەشتە ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان. ئىمام ئەبۇھەنىفەدىن بۇ ھەقتە تۆت خىل قاراش رىۋايەت قىلىنغان... توغرا قاراش شۇكى، ئۈچتىن بىرى ياكى ئۇنىڭدىن ئازراقى ئاز ئەيىب، ئۇنىڭدىن كۆپرەكى كۆپ ئەيىب ھېسابلىنىدۇ. پەتىۋا مۇشۇ قاراشقا ئاساسەن بېرىلگەن.

ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە مۇھەممەد مۇنداق دەيدۇ: «ئەيىبلىك ئەزانىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى سالامەت بولسا، قۇربانلىق قىلىشقا بولىدۇ». فىقھشۇناس ئالىم ئەبۇلەيسمۇ مۇشۇ قاراشنى تاللىغان. ئىمام ئەبۇيۇسۇف مۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇ قارىشىمنى ئىمام ئەبۇھەنىفەگە ئېيتىپ بەرگەن ئىدىم، ئۇمۇ: مېنىڭ قارىشىممۇ سېنىڭ قارىشىڭغا ئوخشاش دېگەن ئىدى». بەزىلەر: «ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ بۇ قارىشى ئۇنىڭ ئەبۇيۇسۇفنىڭ قارىشىغا قايتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ» دېسە، يەنە بەزىلەر: «ئۇنىڭ بۇ قارىشى <مېنىڭ قارىشىم سېنىڭ قارىشىڭغا يېقىندۇر> دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ» دېگەن.

ساغرىسىنىڭ كۆپ قىسمى كېسىلىپ كەتكەن، چىشلىرى چۈشۈپ كەتكەن مالنى قۇربانلىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئەمما ئۇ ئەزالاردىن كۆپ قىسمى ساق بولسا دۇرۇس بولىدۇ. ئوت يېيەلىگىدەك چىشى بولسا دۇرۇس بولىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار. تۇغۇلۇشتىنلا قۇلىقى يوق مالنى قۇربانلىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ قۇلۇقى تۇغۇلۇشتىنلا كىچىك بولسا دۇرۇس بولىدۇ. ئەمچىكىنىڭ ئۈچى كېسىلىپ كەتكەن ياكى ئەمچىكى قۇرۇپ قالغان مالنىمۇ قۇربانلىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئەمچىكى كىچىك ۋەياكى داۋالاش سەۋەبىدىن ئەمچىكىنىڭ سۈتى قۇرۇپ كەتكەن بولسا، قۇربانلىق قىلسا بولىدۇ.

ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ قارىشىدا قۇلىقى ۋە ساغرىسى ئەسلا بولمىسىمۇ قۇربانلىق قىلىش دۇرۇس بولىدۇ. ئەمما ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشىدا تۇغۇلۇشتىنلا قۇلىقى ۋە ساغرىسى يوق مالنى قۇربانلىق قىلىشقا بولمايدۇ. لېكىن تۇغۇلۇشتىنلا قۇلىقى كىچىك بولسا، شۇنداقلا ساغرىسى قۇيرۇققا ئوخشاش كىچىك (يەنى ئىنچىكە) بولسا،

قۇربانلىق قىلىش دۇرۇس بولىدۇ.

ئەركەك ياكى چىشىلىقى ئىنىق ئەمەس يەنى بىر قاراشقا ئەركەكتەك، يەنە بىر قاراشقا چىشىدەك مالنىمۇ قۇربانلىق قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنداق مالنىڭ گۆشى پىشمايدۇ. پوقتىن باشقا نەرسىنى يېمەيدىغان، تېنى يىراپ قالغان مالنىمۇ گۆشى پاكىزلانغۇچە سولاپ قويماستىن قۇربانلىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر پوقتىن باشقا نەرسە يېمەيدىغان هايۋان تۆگە بولسا، گۆشىنىڭ پاكىزلىنىشى ئۈچۈن **40** كۈن، كالا بولسا **20** كۈن، قوي بولسا **10** كۈن سولاپ قويۇلىدۇ.

جۈپلىشىشكە ئاجىز كېلىدىغان ئەركەك مالنى، كۆك يۆتەل بولۇپ قالغان مالنى، قېرىپ كەتكەنلىكتىن تۇغالماس بولۇپ قالغان مالنى، داغلاپ ئەن سېلىنغان مالنى، تىلى يوق قوينى قۇربانلىق قىلىشقا بولىدۇ. تىلى يوق كالىنى قۇربانلىق قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى كالا ئوتنى تىلى بىلەن يەيدۇ. قوي چىشى بىلەن يەيدۇ. ئەگەر قوينىڭ تىلىنىڭ ئۈچتىن بىرىنىڭ كۆپرەكى كېسىلىپ كەتكەن بولسا، ئۇنى قۇربانلىق قىلىشقا بولمايدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار.

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: تىلنى قۇلاق ۋە قۇيرۇققا قىياس قىلساق مەسىلە ئوچۇقلىشىدۇ. بەلكى ئۇنىڭغا قىياس قىلىش ئەۋزەلدۇر. چۈنكى تىل ئوت يەيدىغان ئەزادۇر. تىلى ئوت يېيىش جەريانىدا كېسىلىپ (يەنى ئۈزۈلۈپ) كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

قۇلىقى ئۇزۇنىسىغا تىلىۋېتىلگەن، قۇلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تېشىۋېتىلگەن، قۇلىقىنىڭ تۈۋىدىن كېسىپ ساڭگىلىتىپ قويۇلغان، قۇلىقىنىڭ ئۈچىدىن كېسىپ ساڭگىلىتىپ قويۇلغان قوينى قۇربانلىق قىلىشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى بۇ ھەقتىكى چەكلىمە مۇستەھەپكە قارىتىلىدۇ. قۇلىقى كۆپرەك تېشىپ ئېلىۋېتىلگەن قوينىڭ مەسىلىسىنىڭ كۆپلۈك مىقدارىنىڭ قانچىلىك بولۇشى ھەققىدە بىز يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك ئوخشىمىغان قاراشلار بار.

ئالغاي مالنى، يۇڭى قىرقىۋېتىلگەن مالنى قۇربانلىق قىلىشمۇ دۇرۇس بولىدۇ. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ يەردىكى دۇرۇس بولۇش مەكروھلۇق بىلەن ئادا تاپىدىغان دۇرۇسلۇقتۇر. چۈنكى ئۇ مۇستەھەپنىڭ ئەكسىدۇر.

ئەگەر قۇربانلىق سېتىۋېلىنغاندا ساغلام بولۇپ، كېيىن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان چەكلىمىلەردىن بىرەر چەكلىمىلىك ئەيىپكە مۇبتىلا بولسا، ئەگەر قۇربانلىق قىلماقچى بولغان ئادەم باي بولغان تەقدىردە ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا مالنى قۇربانلىق قىلىشى لازىم. ئەگەر كەمبەغەل بولسا، ئاشۇنى قۇربانلىق قىلىشى كۇپايە قىلىدۇ. چۈنكى ئۇنى سېتىۋېلىش بىلەن ئۇزىنىڭ نامىدىكى قۇربانلىق مۇئەييەنلىشىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ

ئۆزىگە ئۆنىڭدىن (يەنى نورمال قۇربانلىقتىن) باشقا بىر مالنى قۇربانلىق قىلىشنى ۋاجىپ قىلىۋالسا، ئاندىن ساغلام مالنى سېتىۋالسا، ئاندىن ئۇ مال ئۆزىنىڭ قولىدا ئەيىبلىك بولۇپ قالسا، ئاندىن ئۇنى قۇربانلىق قىلسا، ئۆزىگە ۋاجىپ قىلىۋالغان قۇربانلىق ئۇنىڭ گەردىنىگە خۇددى بايىغا ئوخشاش كامىل ۋاجىپ بولغانلىقتىن ئۇنىڭ گەردىنىدىن ساقىت بولمايدۇ.

شۇنداقلا ئۇنى سېتىۋالغان ۋاقىتتا ئەيىبلىك بولغان ۋە بۇ ئەيىب داۋام قىلىۋەرگەن تەقدىردىمۇ قۇربانلىق ساقىت بولمايدۇ. ئەگەر بۇ ئەيىب تۈگىسە باينىڭ گەردىنىدىنمۇ ئادا بولىدۇ. سېتىۋالغان چاغدا ئورۇق بولۇپ، كېيىن سەمرىپ كەتسە، دۇرۇس بولىدۇ.

بوغۇزلايدىغان ۋاقىتتا تىپىرلاپ ئەيىبلىك بولۇپ قالسا، بۇنىڭ ھېچ زىيىنى بولمايدۇ. شۇنداقلا مۇشۇ ھالەتتە ئەيىبلىك بولغان ۋە قېچىپ كەتكەندىن كېيىن دەرھال تۇتىۋېلىنسىمۇ ھېچ زىيىنى بولمايدۇ. ئىمام مۇھەممەدمۇ ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ قارىشىغا قارشى ھالدا: دەرھال تۇتىۋېلىنسا ھېچ زىيىنى يوق، چۈنكى بوغۇزلاشنىڭ ئالدىدا بەجا كەلتۈرۈلىدىغان ئىشلار ھاسىل بولۇپ بولدى، دەپ قارايدۇ.

ئەگەر قۇربانلىق قىلماقچى بولغان مال ئۆلۈپ قالسا، بايغا باشقا بىر مالنى قۇربانلىق قىلىش لازىم بولىدۇ، كەمبەغەلگە لازىم بولمايدۇ. ئەگەر ئۆلۈپ قالغان مال نەزىر قىلىنغان قۇربانلىق بولسىمۇ، كەمبەغەلگە لازىم بولمايدۇ. چۈنكى نەزىر قىلىنغان قۇربانلىق ئۆلۈپ قالسا ياكى يۈتۈپ كەتسە، نەزىر قىلغانلىق سەۋەبىدىن قۇربانلىق ساقىت بولىدۇ. پەقەت باي بولسا، نەزىر بىلەن ئەمەس، شەرىئەتنىڭ باشتىنلا ئۇنىڭغا قۇربانلىقنى ۋاجىپ قىلىشى بىلەن باشقا بىر مالنى قۇربانلىق قىلىشى لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كەمبەغەل بولسا، ئەسلىدىنلا ئۇنىڭ گەردىنىگە قۇربانلىق قىلىش لازىم بولمايدۇ.

ئەگەر قۇربانلىق يۈتۈپ كەتسە ياكى ئوغرىلانسا، ئاندىن يەنە بىر مالنى سېتىۋالسا، ئاندىن ئالدىنقى قۇربانلىق تېپىلىپ قالسا، باي يۇقىرىدىكى تەپسىلاتقا ئاساسەن ئىككىسىنىڭ بىرىنى قۇربانلىق قىلىدۇ. ئەگەر ئالدىنقىسىنى قۇربانلىق قىلسا ئادا تاپىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ قىممىتى ئىككىنچىسىنىڭ قىممىتىدىن تۆۋەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ گەردىنىگە باشقا نەرسە ۋاجىپ بولمايدۇ. ئەگەر ئىككىنچىسىنى قۇربانلىق قىلسا، ئۇنىڭ قىممىتى بىرىنچىسىنىڭ قىممىتىدىن تۆۋەن بولغان تەقدىردە، ئارتۇقىنى سەدىقە قىلىدۇ. لېكىن بىرىنچىسىنىمۇ قۇربانلىق قىلىۋەتسە، سەدىقە ساقىت بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئەسلى قۇربانلىقنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلغان بولدى. شۇڭا ئورنىغا قىلىنغان قۇربانلىق ساقىت بولىدۇ. كەمبەغەل ھەر ئىككىلىسىنى قۇربانلىق قىلىشى كېرەك.

## تۆگە ياكى كالىغا شېرىك بولغۇچىلاردىن بىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى

ئەگەر تۆگە ياكى كالىغا شېرىك بولغان يەتتە كىشىدىن بىرى ئۆلۈپ كەتسە ۋە مىراسخورلارنىڭ چوڭى: (قالغان ئالتە كىشىگە) تۆگىنى ياكى كالىنى ئۇنىڭ ۋە ئۆزەڭلارنىڭ نامىدا بوغۇزلاڭلار، دېسە ھەممىسىنىڭ مەقستى الله غا يېقىنلىق ئىزدەش بولغانلىقى ئۈچۈن ئىستىھسانغا ئاساسەن ھەممىسىنىڭ قۇربانلىقى ئادا تاپىدۇ. چۈنكى ئۆلۈم مېيىتنىڭ الله غا يېقىنلىق ئىزدىشىگە توسقۇنلۇق قىلمايدۇ. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، ئۇنىڭ نامىدا سەدىقە بېرىلسە ۋە ھەج قىلىنسا دۇرۇس بولىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى ئېرىكنىڭ بىرىنى ئۆزىنىڭ نامىدا يەنە بىرىنى ئۈممىتىدىن قۇربانلىق قىلالمىغانلارنىڭ نامىدا قۇربانلىق قىلغان ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قۇربانلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنلەرمۇ بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ.

ئەگەر قالغان شېرىكلەر مىراسخورلارنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ ئۇ مالنى بوغۇزلىۋەتسە، قۇربانلىق توغرا بولمىغان بولىدۇ. چۈنكى قۇربانلىقنىڭ مەلۇم قىسمى يېقىنلىق ئىزدەش ئۈچۈن بولماي قالىدۇ. شۇڭا قان ئېقىتىشنى پارچىلىغىلى بولمىغانلىق سەۋەبىدىن ھەممىسىنىڭ قۇربانلىقى يېقىنلىق ئىزدەش ئۈچۈن بولمىغان بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ھەممىسىنىڭ يېقىنلىق ئىزدەشنى نىيەت قىلىشى شەرتتۇر. بۇ شەرت مۇنۇلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇكى، ئەگەر بىرى بۇ يىلنىڭ قۇربانلىقىنى قىلماقچى، قالغان شېرىكلىرى ئۆتكەن يىلنىڭ قۇربانلىقىنى قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ قۇربانلىقى دۇرۇس بولىدۇ، شېرىكلىرىنىڭ نىيىتى باتىلدۇر. شۇڭا ئۇلار نەپلە قۇربانلىق قىلغان بولىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭ گۆشىنى سەدىقە قىلىشى، شۇ بىر كىشىمۇ سەدىقە قىلىشى كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭ نېسىۋىسىدە باشقا شېرىكلىرىنىڭ ھەققى بولۇپ، زاھىريي جەھەتتىن ئالغاندا ئۇنىڭ ئۇ گۆشتىن يېيىشى دۇرۇس بولمايدۇ.

بۇ شەرت يەنە ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ياكى بەزىسىدىن يېقىنلىق ئىزدەش ۋاجىپ بولغان قۇربانلىقنى، مەيلى ئۇنىڭ تۈرلىرى ئىتتىپاق بولسۇن ياكى ئىتتىپاق بولمىسۇن، ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، نورمال قۇربانلىق، توسۇلۇپ قالغان قۇربانلىق، ئېھرامدا ئوۋ ئوۋلىغانلىقنىڭ جازاسى ئۈچۈن ۋاجىپ بولغان قۇربانلىق، ئېھرامدا تۇرۇپ چاچ چۈشۈرگەنلىكنىڭ جازاسى ئۈچۈن ۋاجىپ بولغان قۇربانلىق، بەھرىمەن بولۇش ھەججىنىڭ قۇربانلىقى ۋە قوش (يەنى قىران) ھەججىنىڭ قۇربانلىقى قاتارلىقلارغا ئوخشاش. چۈنكى ھەممىسىدىن يېقىنلىق ئىزدەش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئەمما ئىمام زۇفەرنىڭ قارىشى بۇنىڭ ئەكسىدۇر.

شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بىرى بۇنىڭدىن ئىلگىرى توغۇلغان بالىسىنىڭ ئەقىقىسىنى قىلماقچى بولسا، يۇقىرىدىكى شەرت ئۇنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى ئۇ، بالا بېرىلگەنلىك نېمىتىگە شۈكۈر قىلىش بىلەن يېقىنلىق ئىزدەش ھېسابلىنىدۇ. بۇنى ئىمام مۇھەممەد بايان قىلغان. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى توي زىياپىتى بېرىشنى نىيەت قىلسا، گەرچە زىياپەتنى تىلغا ئالمىغان بولسىمۇ، دۇرۇس بولۇشى لازىم. چۈنكى ئۇ زىياپەت نىكاھلىنىش نېمىتىگە ئاتاپ الله تائالاغا شۈكۈر قىلىش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە توي زىياپىتىنى قىلىش سۈننەتتۇر. ئەگەر ئۇ شۇ زىياپەت بىلەن شۈكۈر قىلىشنى ۋە سۈننەتنى ئادا قىلىشنى نىيەت قىلسا، الله غا يېقىنلىق ئىزدەشنى نىيەت قىلغان بولىدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشچە، ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) قۇربانلىق قىلىش تۈرلىرى ھەرخىل بولغاندا ئۇنىڭدا شېرىك بولۇشنى مەكروھ دەپ قارىغان ۋە: «مەنچە قۇربانلىقنىڭ تۈرى بىر بولسا، شېرىك بولۇش ئەڭ ياخشىدۇر» دېگەن. ئىمام ئەبۇيۇسۇفمۇ مۇشۇنداق دېگەن.

كىمكى بىرەر مېيىتنىڭ نامىدا مال ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ نامىدا قۇربانلىق قىلغاندا سەدىقە قىلغان ۋە يېگەنگە ئوخشاش قىلسا، ئەجرى مەيىت ئۈچۈن، ئىگىدارچىلىق مال ئۆلتۈرگۈچى ئۈچۈن بولىدۇ. ئەگەر ئۇ بۇنى مېيىتنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن قىلغان بولسا، ئۇنىڭ گۆشىدىن يېمەيدۇ. ئۇنداق بولمىسا، يېسە بولىدۇ.

ئەگەر ئالتە شېرىكنىڭ يەتتىنچىسى خىرىستىيان بولسا ياكى پەقەت گۆش ئېلىشنىلا نىيەت قىلسا، ھېچبىرىدىن قۇربانلىق ئادا تاپمايدۇ. چۈنكى قان ئېقىتىش ئىشى پارچىلانمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ قۇربانلىقنىڭ مەلۇم قىسمى يېقىنلىق ئىزدەش ئۈچۈن بولمىغان بولىدۇ[1].

# قۇربانلىق گۆشنى تەسەررۇپ قىلىش

قۇربانلىق قىلغۇچى قۇربانلىق گۆشتىن ئۆزى يەيدۇ، باي بولسىمۇ مېھمانلارغا يېگۈزىدۇ ۋە مەلۇم قىسمىنى (ساقلاپ يېيىش ئۈچۈن) ئېلىپ قالىدۇ. سەلىمە ئىبنى ئەكۋەئتىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەردىن كىمكى قۇربانلىق قىلسا، ئۈيىدە ئۇنىڭ گۆشىدىن مەلۇم نەرسە قالغان ھالدا ئۈچىنچى كۈننى تاڭ ئاتقۇزمىسۇن (يەنى ئۈچىنچى كۈنىگىچە ساقلىمىسۇن)!» دېگەن. ساھابىلار كېيىنكى يىلى ھەج مەۋسۇمىدە: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! قۇربانلىقنىڭ

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن» 17 ـ توم، 242 ـ بەت.

(گۆشىنى) بۇ يىلمۇ ئۆتكەن يىلى قىلغاندەك قىلىمىزمۇ؟ (يەنى ئۈچىنچى كۈنگىچە ساقلىمايمىزمۇ؟) دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «يەڭلار، يېگۈزۈڭلار ۋە ئېلىپ قويۇڭلار. ئۆتكەن يىلى كىشىلەرگە ئاچارچىلىق ئاپىتى يەتكەن بولغاچقا مەن قۇربانلىق گۆشى بىلەن ئۇلارغا ياردەمدە بولۇشۇڭلارنى كۆزلىگەن ئىدىم» دەپ جاۋاب بەرگەن[1].

ئابىس ئىبنى رەبىيئەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهاغا: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلاپ يېيىشنى توسقانمۇ؟ دېسەم، ئۇ: ئۇنداق قىلغىنى يوق، پەقەت كىشىلەر ئارىسىدا ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن بىر يىلى شۇنداق قىلغان ئىدى. ئۇ بۇنىڭ بىلەن باينىڭ قۇربانلىق گۆشىدىن كەمبەغەلگە يېگۈزىشنى كۆزلىگەن ئىدى، دەپ جاۋاب بەردى.

ئىمام تاھاۋىمۇ بۇ ھەدىسنى مۇشۇ يول بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهاغا: ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلانغان قۇربانلىق گۆشى ھارام بولامتى؟ دەپ سوئال قويۇلغاندا، ئۇ: «ياق، لېكىن ئۇ چاغدا قۇربانلىق قىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قۇربانلىق قىلغانلارنىڭ قۇربانلىق گۆشىدىن قۇربانلىق قىلمىغانلارغا يېگۈزىشى ئۈچۈن شۇنداق قىلغان ئىدى» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرنى پەقەت ئالدىراپ يولغا چىققان موهتاجلارنىڭ تاشلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن مەنئى قىلغان ئىدىم. قۇربانلىق گۆشىنى سەدىقە قىلىڭلار ۋە (ساقلاپ يېگىلى) ئېلىپ قېلىڭلار».

بۇ ھەدىسنىڭ بېشى ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق باشلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ زامانىدا قۇربانلىقنى ھازىر قىلغان سەھرالىق كىشىلەر ئالدىراپ يولغا چىقىشتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئۈچ كۈنلۈك ئېلىپ قېلىڭلار، قالغىنىنى سەدىقە قىلىڭلار» دېدى. شۇ يىلىدىن كېيىنكى يىلى ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! كىشىلەر قۇربانلىق گۆشلىرىدىن پايدىلىناتتى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «مەن سىلەرنى پەقەت ئالدىراپ يولغا چىققان موهتاجلارنىڭ تاشلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن مەنئى قىلغان ئىدىم. قۇربانلىق گۆشىنى يەڭلار، سەدىقە قىلىڭلار ۋە (ساقلاپ يېگىلى) ئېلىپ قېلىڭلار» دېدى.

ئالىملار بۇ ھەدىسلەرنىڭ مۇتلەق بايان قىلىنغانلىقىنى باشقىلارغا يېگۈزىدىغان

(1) «رەددۇلمۇهتار» 5 ـ توم، 208 ـ بەت.

گۆشىنىڭ مىقدارىنى مۇئەييەنلەشتۈرمەسلىككە دەلىل قىلغان.

قۇربانلىق قىلغۇچىنىڭ قۇربانلىق گۆشتىن مەلۇم مىقداردا يېيىشى، قالغىنىنى باشقىلارغا سەدىقە ۋە ھەدىيە قىلىپ يېگۈزۈشى مۇستەھەپتۇر.

ئىمام شافىئى مۇنداق دەپ قارايدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «يەڭلار، سەدىقە قىلىڭلار ۋە يېگۈزۈڭلار»[1] دېگەنلىكى ئۈچۈن قۇربانلىقنى ئۈچكە بۆلۈپ تەقسىم قىلىش مۇستەھەپتۇر.

سەدىقە قىلىنىدىغان قىسمى قۇربانلىقنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن كەملەپ كەتمەسلىكى سۈننەتتۇر. ئۈچتىن بىرىنى سەدىقە قىلىش، ئۈچتىن بىرىنى تۇغقانلىرىنى ۋە دوستلىرىنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىش، قالغان ئۈچتىن بىرىنى ساقلاپ يېيىش ئۈچۈن ئېلىپ قويۇش ئەۋزەلدۇر. ئۇنىڭ گۆشىدىن ئۆزى يېيىش مۇستەھەپتۇر. ئەگەر ھەممىسىنى ئۆزى ئۈچۈن ئېلىپ قالسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى يېقىنلىق ئىزدەش قان تۆكۈشتە بولىدۇ. گۆشنى سەدىقە قىلىش نەپلە ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ.

جەمەتلىك، لېكىن ھالى ـ كۈنى ياخشى ئەمەس كىشىنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بىرئاز بولسىمۇ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن سەدىقە قىلماسلىقى ياخشىدۇر.

قۇربانلىقنىڭ تېرىسى سەدىقە قىلىنىدۇ ياكى ئۆتكەمە، تۇلۇم، داستىخان، چېلەك قاتارلىق نەرسىلەرگە ئىشلەتسىمۇ ۋە ياكى پايدىلىق نەرسىگە تېگىشىپ ئىشلەتسىمۇ، تېگىشلىگەن نەرسە تېرىنىڭ ئورنىدا قالغانلىقى ئۈچۈن بولىۋېرىدۇ. گويا ئۇ تېرە ئۆز پېتى ساقلانغاندەك بولىدۇ. لېكىن ئۇنى ئىستېمال قىلىنىدىغان (يەنى يېيىلىدىغان) نەرسىگە تېگىشىشكە بولمايدۇ.

شۇنداقلا ئۇنىڭ جابدۇقلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئېسىلغان، قۇربانلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بەلگىلەر سەدىقە قىلىنىدۇ. ئەگەر كالا قۇربانلىق قىلماقچى بولسا، ئۇنى جابدۇش ۋە بەلگە ئېسىش مۇستەھەپتۇر. ئۇنى قۇربانلىق قىلغاندىن كېيىن ئۇ نەرسىلەرنى سەدىقە قىلىدۇ.

ئەگەر گۆشنى ياكى تېرىنى ئىستېمال قىلىنىدىغان (يەنى يېيىلىدىغان) نەرسىگە ياكى پۇلغا ساتسا، ئۇنىڭ پۇلىنى سەدىقە قىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇ سودا مەكرۇھلۇق بىلەن دۇرۇس بولىدۇ. ئۇ، ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە مۇھەممەدنىڭ قارىشىدۇر. ئۇلارنىڭ قارىشىدا بۇ سودا ئىگىدارچىلىق قىلىشنى ئىدارە قىلغانلىق ۋە تاپشۇرۇپ بېرىشكە قادىر بولغانلىق تەرەپتىن دۇرۇس بولىدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ قارىشىدا بۇ سودا توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى ئۇ ۋەقپە قىلىنغان مۈلۈككە ئوخشايدۇ.

[1] سەھىھ بۇخارى، 5569 ـ ھەدىس.

ئەگەر قۇربانلىق قىلماقچى بولغان ئادەم مالنى سويۇشنى بىلسە، قۇربانلىقنى ئۆز قولى بىلەن قىلىش سۈننەتتۇر. ئەگەر بىلمىسە، ئۇنى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان مالغا ئوخشاش قىلىپ قويماسلىقى ئۈچۈن بىلىدىغان بىرىنى بوغۇزلاشقا بۇيرۇيدۇ ۋە ئۆزى ئۇنىڭ ئۈستىدە قاراپ تۇرىدۇ.

قاسساپنىڭ ھەققىنى قۇربانلىق گۆشتىن بەرمەيدۇ. چۈنكى ئۇنداق قىلىش گۆشنى ساتقانلىق بولۇپ قالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «كىمكى قۇربانلىقنىڭ تېرىسىنى ساتسا، قۇربانلىق قىلغان بولمايدۇ».

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ئۆزىنىڭ نامىدا قۇربانلىق قىلىدىغان تۆگىلىرىنى قۇربانلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىشىمغا، گۆشىنى، تېرىلىرىنى ۋە جابدۇقلىرىنى سەدىقە قىلىشىمغا، قاسساپنىڭ ئىش ـ ھەققى ئۈچۈن قۇربانلىقنىڭ گۆشىدىن بەرمەسلىكىمگە بۇيرۇدى، دېگەن ۋە سۆزىنى داۋام قىلىپ: قاسساپنىڭ ھەققىنى ئۆزىمىزنىڭ يېنىدىن بېرىمىز، دېگەن. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان[1].

مەزكۇر نەرسىلەرنى سەدىقە قىلىش ھەققىدىكى بۇيرۇق سۈننەت ئىكەنلىكىگە قارىتىلىدۇ. چۈنكى شەرىئەت بەلگىلىگۈچى قۇربانلىقنىڭ ئىگىسىگە ئۇنىڭ گۆشىدىن ۋە تېرىسىدىن مەنپەئەتلىنىشنى مۇباھ قىلدى. شۇڭا ئۇنىڭ جابدۇقلىرىدىن پايدىلىنىش تېخىمۇ مۇباھ بولىدۇ.

ئەمما قاسساپقا ئۇنىڭ گۆشىدىن بېرىشكە كەلسەك، ئۇ دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنداق قىلىش ساتقانلىققا ئوخشاپ قالىدۇ[2]. ئەگەر قۇربانلىق قىلغۇچى قۇربانلىقنىڭ تېرىسىنى ئۆيدە پايدىلىنىدىغان، داۋاملىق تۇرىدىغان مۇئەييەن نەرسىگە ئالماشتۇرسا، ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن دۇرۇس بولىدۇ. بۇ ھالدا ئۇ گويا تېرىنىڭ ئۆزىدىن پايدىلانغانداك بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى ئىستېمال قىلىش بىلەن پايدىلىنىدىغان، بىراق ئىشلىتىلىپ تۈگىتىۋېتىدىغان بىرەر نەرسىگە ئالماشتۇرسا، ئۇنىڭ قىممىتىنى سەدىقە قىلىش ئۇنىڭ گەردىنىگە ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى قۇربانلىقنىڭ تېرىسىنى ساتسا، قۇربانلىق قىلغان بولمايدۇ» دېگەن. بۇ ھەدىسنى ئىمام ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

ئەگەر قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى سېتىپ، پۇلىنى سەدىقە قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ مۇنداق قىلىش ھەققى يوق. ئۇنىڭ پەقەت ئۇنى يېگۈزۈش ياكى ئۆزى يېيىشلا ھەققى بار.

(1) «فەتھۇلبارى» 10 ـ توم، 27 ـ بەت.

(2) «ئىنائۇسسۇنەن» 17 ـ توم، 263 ـ بەت.

ئەگەر گۆشكە كىيىم سېتىۋالغان بولسا، كىيىمنى ئۆزى كىيسە ھېچقىسى يوق. ئەگەر ئۇنىڭ گۆشىگە يەيدىغان نەرسە سېتىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى يېسە، ئىستىھسانغا ئاساسەن، ئۇنىڭ قىممىتىنى سەدىقە قىلىش ئۇنىڭ گەردىنىگە ۋاجىپ بولمايدۇ.

ئەگەر ئۇنىڭ گۆشىنى زاكات ئورنىدا كەمبەغەلگە بەرسە، زاھىرىي رىۋايەتكە ئاساسەن گۆش زاكاتقا ھېساب بولمايدۇ. لېكىن ئۇنى بىرەر بايغا بەرسە، ئاندىن ئۇ باي ئۇ كەمبەغەلگە زاكات نىيىتى بىلەن بەرسە، گۆش زاكاتقا ھېساب بولىدۇ[1].

قۇربانلىقتىن كاپىرغا يېگۈزسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ. بۇ، ئىمام ھەسەن بەسرى، ئەبۇسەۋر، ئەبۇھەنىفە، ئەبۇيۇسۇف ۋە مۇھەممەدنىڭ قارىشىدۇر. ئىمام مالىك: «بىزگە نىسبەتەن كاپىرلاردىن باشقىلارغا يېگۈزۈش ياخشىدۇر» دېگەن. بىزنىڭ مەزھەپىمىزدە قۇربانلىقنىڭ گۆشىدىن كاپىرغا يېگۈزۈشنىڭ دۇرۇسلىقى بىزگە نىسبەتەن مۇسۇلمانغا يېگۈزۈش ياخشى ئەمەس، دېگەنلىك بولمايدۇ. ئۇ بىر يېمەكلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن كاپىر يېسىمۇ بولىدۇ. شۇڭا زىممىگە ئۇنىڭدىن يېگۈزۈش باشقا تۇرلۇك يېمەكلىكلەرنى يېگۈزگەنگە ئوخشايدۇ. چۈنكى قۇربانلىقنىڭ گۆشى نەپلە سەدىقىدۇر. شۇڭا ئۇنى زىممىگە ۋە ئەسىرگە باشقا تۇرلۇك سەدىقىلەرنى يېگۈزسە دۇرۇس بولغىنىدەك دۇرۇس بولىدۇ. ئەمما نەزىر قىلىنغان قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى ۋاجىپ سەدىقىلەرگە ئوخشاش كاپىرغا بېرىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ بىر ۋاجىپ سەدىقە بولغانلىقى ئۈچۈن زاكاتقا ۋە قەسەمنىڭ كاففارىتىگە ئوخشاش بېرىلىشكە تېگىشلىك كىشىلەردىن باشقىلارغا بېرىلمەيدۇ.

ئەگەر كەمبەغەل كىشى نەپلە قۇربانلىق قىلسا، ئۇ ئۇنىڭ گۆشىدىن يەمدۇ؟ ئەگەر ئۇ قۇربانلىقتا نەزىر قىلىش ئالامىتى تېپىلمىسا ۋە ئۇنى قۇربانلىق ئۈچۈن سېتىۋالمىغان بولسا، يېسە بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا ئۇنى ۋاجىپ قىلىش سەۋەبى ۋە ئۇنىڭ شەرتى مەۋجۇت ئەمەس[2].

## قۇربانلىق مالنى بوغۇزلاشتىن بۇرۇن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنىڭ ھۆكمى

قۇربانلىق مالنى بوغۇزلاشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ يۇڭىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇنى قىرقىۋېلىش مەكرۇھتۇر. ئەگەر ئۇنى قىرقىۋالسا، يۇڭىنى سەدىقە قىلىش لازىم. ئۇنى بوغۇزلاپ بولغاندىن كېيىن يۇڭىنى قىرقىۋېلىش مەكرۇھ ئەمەس. چۈنكى قۇربانلىق قىلىنىدىغان ھايۋاندىن كۆزدە تۇتۇلغان مەقسەت ھاسىل بولۇپ بولدى.

(1) «ئەلئۇسسۇنەن» 17 ـ توم، 263 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 209 ـ بەت.

ئەگەر قۇربانلىق مالنى ئىجارىگە بەرگەن بولسا، ئىجارە ھەققىنى سەدىقە قىلىدۇ. ئەمما ئۇنى مىنگەن ياكى ئۇنىڭغا يۈك ئارتقان بولسا، كېمىيىپ كەتكىنى (يەنى ئورۇقلاپ كەتكەن مىقدارى) ئۇچۇن سەدىقە بېرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ تېرىسىنى تولۇم ياساپ، ئاندىن ئۇنى ئىجارىگە بەرسە، دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلسا، ئىجارە ھەققىنى سەدىقە قىلىشى لازىم. چۈنكى قۇربانلىقنىڭ پۈتۈن ئەزالىرى بىلەن يېقىنلىق ئىزدەشنى ۋۇجۇدقا ئېلىپ چىقىش لازىم بولىدۇ.

خۇددى ئۇنى بوغۇزلاشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ يۇڭىدىن پايدىلىنىش مەكرۇھ بولغىنىدەك، سۈتىدىن پايدىلىنىشمۇ مەكرۇھتۇر. ئەگەر قۇربانلىق قىلىش ۋاقتى يېقىن بولسا، ئۇنىڭ ئەمچىكىگە سوغۇق سۇ چېچىپ قويۇش كېرەك. ئەگەر ۋاقتى خېلى بولسا، ئۇنى سېغىپ، سۈتنى سەدىقە قىلىش كېرەك.

بەزى ئالىملار باي ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ يۇڭى ۋە سۈتىدىن باينىڭمۇ پايدىلىنىشى دۇرۇس، چۈنكى ئۇنىڭ گەردەنىگە ۋاجىپ بولۇشى تېخى مۇئەييەنلەشمىگەن دەپ قارايدۇ. بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ: قۇربانلىق ئۇچۇن سېتىۋېلىنغان مال ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر مالنى تەيىن قىلمىغىچە يېقىنلىق ئىزدەش ئۇچۇن قۇربانلىق قىلىنىدىغانلىقى مۇئەييەنلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ مۇئەييەنلىكى داۋام قىلغان مۇددەت ئىچىدە قۇربانلىق قىلغۇچى ئۇنىڭدىن پايدىلانسا ھالال بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇنى قۇربانلىق قىلىدىغان ۋاقتى كېلىشتىن بۇرۇن بوغۇزلىۋەتكەن تەقدىردە، ئۇنىڭ گۆشى ئۇنىڭغا ھالال بولمايدۇ[1].

## باشقا بىرىنىڭ قۇربانلىقىنى ئۇنىڭ ئىزنىسىز بوغۇزلىۋەتكەن كىشىنىڭ ھۆكمى

ئەگەر ئىككى كىشى خاتالىشىپ، ھەر بىرى يەنە بىرىنىڭ قۇربانلىقىنى ئۆزىنىڭ نامىدا بوغۇزلىۋېتىپ قالسا، ھەر ئىككىلىسىنىڭ نامىدا دۇرۇس بولىدۇ ۋە ھەر ئىككىلىسىنىڭ نامىدىن ئادا تاپىدۇ. بۇ، ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن شۇنداق بولىدۇ. ئەسلى پرىنسىپقا ئاساسەن، باشقا بىرىنىڭ قۇربانلىقىنى ئۇنىڭ ئىزنىسىز بوغۇزلىۋەتسە، ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشى ھالال بولمايدۇ. شۇڭا ئۇنداق قىلغان ئادەم ھايۋاننىڭ قىممىتىنى تۆلەپ بېرىشى كېرەك. قىياسقا ئاساسەن، ئۇ مال قۇربانلىققا كۇپايە قىلمايدۇ. ئىمام زۇفەر (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇشۇنداق قارايدۇ. ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن دۇرۇس بولىدۇ. بوغۇزلىغۇچىنىڭ تۆلىشى كېرەك ئەمەس. بۇ بىزنىڭ قارىشىمىزدۇر.

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 20 ـ بەت.

قىياسقا ئاساسەن، ئەگەر بىراۋ باشقا بىراۋنىڭ قويىنى ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز بوغۇزلىۋەتسە، خۇددى قاسساپ سېتىۋالغان قويىنى بوغۇزلىۋەتسە، ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلىگەنگە ئوخشاش پۇلىنى تولەيدۇ.

ئىستىھسانغا ئاساسەن، ئۇنىڭ قۇربانلىققا تەيىنلەنگەنلىكى ئۈچۈن بوغۇزلاش مۇئەييەنلىشىدۇ ـ دە، قۇربانلىق قىلىش كۈنلىرى قۇربانلىق قىلغۇچىغا ئاشۇ قۇربانلىقنى قۇربانلىق قىلىش ئۇنىڭغا ۋاجىپ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا مالنى ئالماشتۇرۇش مەكروھ بولىدۇ. شۇڭا مال ئىگىسى قۇربانلىقنى بوغۇشلاش سالاھىيىتىگە ھەر جەھەتتىن ئىگە بولغان كىشىدىن ياردەم ئېلىشى ۋە ئۇنىڭ مالنى بوغۇزلىشىغا ئىزىن بېرىشى كېرەك. چۈنكى قۇربانلىق قىلىش كۈنلىرىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن ۋاقىت چەقىپ كېتىپ قالىدۇ. قۇربانلىق مالنىڭ ئىگىسى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى قۇربانلىقنى جايىدا بوغۇزلاپ بىر تەرەپ قىلالماي قالسا قۇربانلىق مال خۇددى قاسساپ پۈت ـ قولىنى بۇغۇپ ئۆلتۈرگەن قويغا ئوخشاش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن[1].

ئەگەر بىرىنىڭ قۇربانلىقنى يەنە بىر ئادەم قەستەن ئۆزىنىڭ نامىدا بوغۇزلىۋالسا، قۇربانلىق قۇربانلىقنىڭ ئىگىسىنىڭ نامىدا ئادا بولمايدۇ. ئەگەر سەۋەنلىكتىن بوغۇزلىغان بولسا، قۇربانلىقنىڭ ئىگىسىنىڭ نامىدا ئادا بولىدۇ. قەستەنلىك سەۋەنلىككە ئوخشىمايدۇ. ئەگەر قەستەنلىك بىلەن بوغۇزلىغان قۇربانلىقنىڭ قىممىتىنى قۇربانلىقنىڭ ئىگىسىگە تۆلەپ بەرسە، قەستەن بوغۇزلىغۇچىنىڭ نامىدا ئادا بولىدۇ. ئەگەر قۇربانلىق كۈنى ئىگىسى تېخى بۇيرۇمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قۇربانلىقنى ئۇنىڭ نامىدا قەستەن بوغۇزلىۋەتسە، ئىستىھسانغا ئاساسەن دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى ئۇ بوغۇزلاش ئۈچۈن تەييارلانغاندۇر.

ئەگەر مال قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن تەيىنلەنگەن بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ تەيىنلەنمىگەن مال بولسا، ئادا تاپمايدۇ. شۇڭا ئۇنى تۆلىشى كېرەك. ئەگەر بەش دانە قوي سېتىۋالغان بولۇپ، ئۇلاردىن بىرىنى قۇربانلىق قىلىشنى نىيەت قىلغان، لېكىن قايسىسىنى قىلىشنى تېخى تەيىنلىمىگەن بولسا، ئاندىن بىر ئادەم قۇربانلىق كۈنى قۇربانلىقنىڭ ئىگىسىنىڭ بۇيرۇقىنى ئالماي تۇرۇپ ئۇلاردىن بىرىنى قويلارنىڭ ئىگىسىنىڭ نىيىتى بىلەن بوغۇزلىۋەتسە، ئۇنى تۆلەيدۇ.

بىر قويىنى بۇلاپ كېلىپ، ئاندىن ئۇنى ئۆزىنىڭ نامىدا قۇربانلىق قىلسا، ئۇ ئۆزىنىڭ مۈلكى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئادا بولمايدۇ، رۇخسەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئىگىسىنىڭ نامىدىمۇ ئادا بولمايدۇ. كېيىن قوينىڭ ئەسلى ئىگىسى قويىنى بوغۇزلانغان ھالەتتە ئېلىپ كەتكەن ۋە كېمىنى تۆلەتكەن تەقدىردىمۇ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ نامىدا ئادا بولمايدۇ. شۇڭا ھەر بىرى باشقا قوي قۇربانلىق قىلىشى كېرەك. ئەگەر قويىنى بولاپ كەتكەن ئادەم قوي

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 209 ـ بەت.

تىرىك چاغدا ئۇنىڭ قىممىتىنى ئىگىسىگە تۆلەپ بەرسە، بوغۇزلىغۇچىنىڭ نامىدا ئادا تاپىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۇنى بۇلاپ كەتكەن ۋاقىتتىن باشلاپ ھۆججەت يولى ئارقىلىق تۆلەپ بېرىش بىلەن ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكەن قوينى بوغۇزلىغان بولىدۇ ۋە قۇربانلىقى ئادا تاپىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئىشىنىڭ باشلىنىشى چەكلەنگەن ئىشنى قىلىش بىلەن باشلانغانلىقى ئۈچۈن گۇناھكار بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ تەۋبە قىلىشى ۋە ئىستىغپار ئېيتىشى لازىم بولىدۇ.

ئامانەت قويۇلغان قوينى قۇربانلىق قىلسا، گەرچە ئۇنى تۆلەپ بەرگەن تەقدىردىمۇ ئادا تاپمايدۇ. چۈنكى بۇ يەردە ئۇنى تۆلەپ بېرىش سەۋەبى بوغۇزلىغانلىقتۇر. سەۋەب تاماملانغاندىن كېيىن ئىگىدارچىلىق ئىسپاتلىنىدۇ. ئۇ بولسىمۇ بوغۇزلاشتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا ئۇ ئىگىدارچىلىقىدا بولمىغان مالنى بوغۇزلىغان بولىدۇ. بۇنىڭ ھۆكمى بۇلاپ ئېلىپ كېلىپ بوغۇزلانغان مالنىڭ ھۆكمىگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى بۇلانغان مالدا ھۆججەتلىشىش يولى بىلەن ئىگىدارچىلىق ھاسىل بولىدۇ. ئارىيەتكە ئېلىنغان ۋە گۆرۈگە قويۇلغان قويمۇ قەرزنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن بۇلانغان قويغا ئوخشايدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا شېرىك قويمۇ شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى شېرىكنىڭ نېسىۋىسى ئۇنىڭ قولىدا ئامانەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئامانەت ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئامانەت قويۇلغان قويغا ئوخشاش ئادا تاپمايدۇ. شۇمۇ ئېنىق بولۇشى كېرەككى، بۇ يەردىكى شېرىكچىلىكتىن شېرىك بىر قوي كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر ئىككى ئادەم ئىككى قويغا شېرىك بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى ئىككىلى قوينى بوغۇزلىسا، دۇرۇس بولىدۇ(1).

تىجارەت مېلىنى ساقلىغۇچى، گۆرۈگە ئالغۇچى، قوينى سېتىشقا ۋەكىل بولغۇچى، مېلىنى ساقلاشقا ۋەكىل بولغۇچى قاتارلىقلارنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنداق بولىدۇ (يەنى ئادا تاپمايدۇ). ئەگەر ۋەكىل بولغۇچى ۋەكىل قىلغۇچىسىنىڭ قويىنى تۆلەپ بەرسە، ئېرى ياكى خوتۇنى يولدىشىنىڭ رۇخسىتىسىز بوغۇزلىۋاتقان قويىنى تۆلەپ بەرسە، ئادا تاپىدۇ.

## ئون مال قۇربانلىق قىلىشنى نەزىر قىلغان كىشىنىڭ ھۆكمى

بەزى ئالىملار: ئون مال قۇربانلىق قىلىشقا نەزىر قىلغان كىشىگە ئىككى مال قۇربانلىق قىلىش لازىم بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. توغرا قاراش شۇكى، ھەممىنى تولۇق قىلىش ئۇنىڭغا ۋاجىپ بولىدۇ. ئۇ ناھايىتى ئوچۇق ئىش بولۇپ، ئۇنىڭ قۇربانلىق قىلىش كۈنلىرىدە ئون مالنى قۇربانلىق قىلىشى لازىم بولىدۇ. ئەگەر قۇربانلىق كۈنلىرى ئۆتۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ھەممىسىنى تىرىك سەدىقە قىلىدۇ.

(1) «ئەلھىدايە» 4 ـ توم، 77 ـ بەت.

ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ كىتابلىرى باينىڭمۇ، كەمبەغەللىنىڭمۇ قۇربانلىق نەزىر قىلىشىنىڭ توغرىلىقىنى كۆرسىتىدىغان باياناتلار بىلەن تولۇپ كەتكەن. بىز يۇقىرىدا ئەگەر باي نەزىر قۇربانلىق بىلەن ئۇستىدىكى ۋاجىپ قۇربانلىقنى خەۋەر قىلىشنى مەقسەت قىلسا ۋە ئۇ ۋاقىت قۇربانلىق قىلىش كۈنلىرى بولسا، ئۇنىڭغا بىر قوي قۇربانلىق قىلىش لازىم بولىدىغانلىقىنى، ئەگەر ۋاقىتتىن ئىلگىرى بولسا، ئىككى قوي قۇربانلىق قىلىش لازىم بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. شۇمۇ ئېنىق بولۇشى كېرەككى، قۇربانلىق دېگەن سۆز، مەيلى ۋاجىپ بولسۇن، ياكى نەپلە بولسۇن، قۇربانلىق كۈنلىرىدە بوغۇزلىنىدىغان مالنى كۆرسىتىدىغان ئىسىمدۇر. ئەگەر قۇربانلىق قىلىشنى نەزىر قىلسا، بۇ نەزىر بىلەن ۋاجىپ قۇربانلىقنى خەۋەر قىلىشنى نىيەت قىلمىغانلا بولسا، ئۇ ئۇنىڭغا ئەسلىدە ۋاجىپ بولغان قۇربانلىقتا ئۆزگىرىپ قالمايدۇ. مەسىلەن، بىرى: «الله ئۈچۈن مېنىڭ ئۈستۈمگە ھەج قىلىش بار» دېسە، ئۇنىڭغا ئىسلامدىكى ئۆمرىدە بىر قېتىملىق ھەجنى قىلىش لازىم بولىدۇ.

زەيلئى مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئۇ شۇنداق دېگەن بولسا، يەنە بىر قېتىم ھەج قىلىش لازىم بولىدۇ. پەقەت ئۇ سۆزى بىلەن ئۇستىدىكى ۋاجىپ ھەجنى (يەنى ئۆمرىدە بىر قېتىم قىلىدىغان پەرز ھەجنى) مەقسەت قىلغان بولسا، يەنە بىر قېتىم ھەج قىلىش لازىم بولمايدۇ».

ئەگەر بىرى ئون قوي قۇربانلىق قىلىشنى نەزىر قىلسا، ئۇنىڭ سۆزىدىن ۋاجىپ قۇربانلىقتىن خەۋەر بېرىش ئېھتىمالى بولمايدۇ. ئەگەر باي كىشى قۇربانلىق كۈنلىرىدىن ئىلگىرى بىر قوي قۇربانلىق قىلىشنى نەزىر قىلسا، ئىككى قوي قۇربانلىق قىلىشى لازىم بولىدۇ. بىرى نەزىر ئۈچۈن، يەنە بىرى باي بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇنىڭغا قۇربانلىق قىلىش ۋاجىپ بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى قۇربانلىق ۋاقتتىن ئىلگىرى ۋاجىپ بولمىغاچقا، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ۋاجىپ قۇربانلىقتىن خەۋەر بېرىش ئېھتىمالى يوق. ئەگەر قۇربانلىق قىلىشنى نەزىر قىلىپ، ئاندىن باي بولۇپ قالسىمۇ شۇنداق بولىدۇ (يەنى ئىككى قوي قۇربانلىق قىلىدۇ).

شۇنىڭدەكلا، بۇ يەردىمۇ ئون قوي قۇربانلىق قىلىش ۋاجىپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئون قوي قۇربانلىق قىلىشنى نەزىر قىلغان كىشىنىڭ ئون قوي قۇربانلىق قىلىشى لازىم بولىدۇ. چۈنكى ئۇ قۇربانلىق تىپىدىكى ۋاجىپ ئىبادەتتۇر. لېكىن بىراۋ: «الله ئۈچۈن مېنىڭ ئۈستۈمگە ئىككى قېتىم ئىسلامنىڭ ھەججىنى قىلىش بار» دېسە، يۇقىرىدىكى ھۆكۈمنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ (يەنى ئىككى قېتىم ھەج قىلىش لازىم بولمايدۇ). چۈنكى <ئىسلام ھەججى> دېگەن سۆز پەرز ئاساسدا قىلىنىدىغان مەخسۇس ئەمەلنىڭ ئىسمىدۇر. ئەگەر ئۇ: «بىر قېتىم ھەج قىلىمەن» دېسە، ياكى: «ئىككى قېتىم ھەج قىلىمەن» دېسە، ئىككىنچى قېتىم ھەج قىلىش لازىم بولمايدۇ. چۈنكى بىر قېتىملىق ھەج قىلىش نەزىر

قىلىشتىن ئىلگىرىلا ئۇنىڭغا قىلىش لازىم بولغان ھەجدۇر. ئىككىنچى قېتىملىق ھەجنى ئۆمۈردە بىر قېتىم قىلىدىغان پەرز ھەج قىلغىلى بولمايدۇ. بىر رامىزان روزا تۇتۇشنى ياكى ئىككى رامىزان روزا تۇتۇشنى نەزىر قىلىشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان مەسىلىدۇر. ۋاجىپ ۋە نەپلە قۇربانلىقنى بىلدۈرىدىغان قۇربانلىق بىلەن ئىسلام ھەججىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق كۆندەك ئايدىڭدۇر. مەسىلەن، روزا تۇتۇش، ناماز ئوقۇش ۋە ھەج قىلىش بىلەن رامىزاننىڭ روزىسىنى تۇتۇش، پېشىن نامىزىنىڭ پەرزىنى ئوقۇش دېگەنلەرگە ئوخشاش.

بىلگىنىڭدەك، <قۇربانلىق> دېگەن سۆز مەخسۇس ۋاقىتتا بوغۇزلىنىدىغان مالنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم بولۇپ، قۇربانلىقتا ۋاقىتنى بىكار قىلىش مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭا قۇربانلىق قىلىشنى نەزىر قىلغان كىشىگە شۇ ۋاقىتتا ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم بولىدۇ. ئۇنداق قىلمايدىكەن، نەزىرىنى ئادا قىلغان بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ شۇ ۋاقىتتىن كېيىن قۇربانلىق دەپ ئاتالمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ۋاقتى چىقىپ كەتكەن تەقدىردە، بىز يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، ئۇنى تىرىك سەدىقە قىلىش لازىم. ئەكسىچە، مەلۇم بىر ۋاقىتتا بىر قوي ئۆلتۈرۈشنى نەزىر قىلغان بولسا، ۋاقىتنى تىلغا ئېلىش ئېتىبارسىزدۇر. چۈنكى ئۇ، نەزىرگە ئاتالغان قويغا قويۇلغان ئارتۇقچە سۈپەتتۇر. شۇڭا ئالىملىرىمىز زامان ۋە ماكاننى تەيىن قىلىشنى بىكار قىلغان. بىراق قۇربانلىق بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ۋاقىت قۇربانلىق چۈشەنچىسىنىڭ بىر پارچىسى قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئېتىبارغا ئېلىش لازىم بولىدۇ.

بۇنىڭغا ئوخشاش مىسالدىن بىرى شۇكى، ئەگەر بىرى بىر تەڭگىنى مەككە كەمبەغەللىرىگە سەدىقە قىلىشنى نەزىر قىلغان بولسا، ئۇ تەڭگىنى ئۇلاردىن باشقىلارغا سەدىقە قىلىسىمۇ بولىۋېرىدۇ. ئەمما مەككىگە ئېلىپ بېرىپ قىلىنىدىغان قۇربانلىقنىڭ مەككىگە ئاپىرىدىغان قۇربانلىققا خاس ئىسىم بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇنى مەككىدە سەدىقە قىلىدۇ. قۇربانلىقتا ماكانمۇ زامانغا ئوخشاشلا قۇربانلىق چۈشەنچىسىنىڭ بىر پارچىسى قىلىندى. شۇڭا ئۇنى مەككىدىن باشقا ئورۇندا سەدىقە قىلسا، نەزىرىنى ئادا قىلغان بولمايدۇ. ئەكسىچە بىر تەڭگىنى مەككىدە سەدىقە قىلىشنى نەزىر قىلغان بولسا، نەزىر قىلىش ئىشى قۇربانلىق ئىشىغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئورۇن تەڭگە چۈشەنچىسىنىڭ بىر پارچىسى قىلىنمايدۇ. تەڭگە مەيلى مەككىدە سەدىقە قىلىنسۇن، مەيلى مەككىدىن باشقا يەردە سەدىقە قىلىنسۇن، بەربىر تەڭگىدۇر. ئەمما قۇربانلىق بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئون قوي قۇربانلىق قىلىشنى نەزىر قىلىشنىڭ توغرىلىقى ۋە شۇ ئون قوينى قۇربانلىق كۈنلىرىدە بوغۇزلاشنىڭ لازىملىقى ئايدىڭلىشىدۇ[1].

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 211 ـ بەت.

# خىلمۇ ـ خىل مەسىلىلەر

§ ئۈچ نەپەر كىشى بولۇپ، ھەر بىرى بىردىن قۇربانلىق قوي سېتىۋالغان، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەر بىرى قۇربانلىق قويغا مەلۇم پۇلنى بەرگەن، مەسىلەن، ئۇلارنىڭ بىرى **10** تەڭگە، يەنە بىرى **20** تەڭگە، ئۈچىنچىسى **30** تەڭگە بەرگەن، بىراق ھەر بىر قوينىڭ قىممىتى يەنە بىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، قويلار ئارىلىشىپ كەتكەن، مەسىلەن، ئۇلار كېچە قاراڭغۇلۇقىدا سېتىۋالغان بولۇپ، ھېچكىم ئۆزىنىڭ قويىنىڭ ئۆزىنى تونىيالمىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىردىن قويىنى قۇربانلىق قىلىشقا كېلىشكەن بولسا، ھەممىسىنىڭ قۇربانلىقى ئادا بولىدۇ. ئەمما **30** تەڭگىنىڭ ئىگىسى **10** تەڭگىگە سېتىۋېلىنغان قويىنى قۇربانلىق قىلىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغانلىقى ئۈچۈن **20** تەڭگە، **20** تەڭگىنىڭ ئىگىسى **10** تەڭگە سەدىقە قىلىدۇ. ئۇ ئىككىسىنىڭ شۇنداق قىلىشى ئۆزلىرىگە يۈكلەنگەن ۋاجىپنى ئىشەنچلىك ھالدا ئادا قىلغان بولۇشى ئۈچۈندۇر. **10** تەڭگىنىڭ ئىگىسى ھېچ نەرسە سەدىقە قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۇستىدىكى ۋاجىپنى ئىشەنچلىك ھالدا ئادا قىلغان بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا ئۇلارنىڭ ھەر بىرى يەنە بىرىنىڭ قويىنى شۇ قوينىڭ ئىگىسىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە بوغۇزلىغان بولىدۇ.

§ قۇربانلىقنى بۇيرۇقىا بىنائەن ئەھلى كىتابتىن بىر كىشىنىڭ بوغۇزلىشى مەكروھتۇر. چۈنكى قۇربانلىق قىلىش يېقىنلىق ئىزدەيدىغان ئىبادەتتۇر. شۇڭا دىنىي ئىشلاردا كاپىرلاردىن ياردەم ئېلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ بوغۇزلاپ سالسا، دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى ئۇ اللہ نىڭ ئىسمىنى ئاتاپ مال بوغۇزلىغۇچىلاردىندۇر. ئۆتپەرەس بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۇ بوغۇزلىغان مال ھارام بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ مال بوغۇزلاش سالاھىيتى يوق. مۇرتەدمۇ ئۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

§ ئەڭ ئەۋزەل قۇربانلىق مېلى ئاق، چوڭ مۈڭگۈزلۈك ئېرىك قويدۇر. بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان ھەدىس شەرىپتىمۇ شۇنداق كۆرسىتىلگەن.

§ قۇربانلىق قانچىلىك قىممەت بولسا، قۇربانلىق قىلغۇچىنى شۇنچىلىك كۆپ ساۋابقا ئېرىشتۈرىدۇ. ئەگەر ئىككى قۇربانلىقنىڭ قىممىتى تەڭ بولسا، گۆشى جىق چىققىنى كۆپ ساۋابقا ئېرىشتۈرىدۇ. ئەگەر ئىككىسىنىڭ گۆشىمۇ تەڭ بولۇپ قالسا، گۆشى ياخشى چىققىنى كۆپ ساۋابقا ئېرىشتۈرىدۇ. بىزنىڭ مەزھەپىمىزدە تۆگە ئەڭ ئەۋزەل قۇربانلىق ھېسابلىنىدۇ، ئاندىن قالسا كالا، ئاندىن قالسا قوي، ئاندىن قالسا ئۆچكىدۇر. ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە مۇھەممەد شۇنداق دېگەن. ئىمام مالىك: «ئەڭ ئەۋزەل قۇربانلىق قوي ياكى ئۆچكىدۇر، ئاندىن قالسا كالا، ئاندىن قالسا تۆگىدۇر» دېگەن[1].

(**1**) «رەددۇلمۇھتار» **5** ـ توم، **212** ـ بەت.

§ قۇربانلىقنى سېتىۋالغان ۋە ئۇنى بوغۇزلاشقا بىر ئادەمنى بۇيرۇغان، ئۇ ئادەم: «مەن بىسمىللاھ دېيىشنى قەستەن تەرك ئەتتىم» دېگەن تەقدىردە، بۇيرۇلغۇچى قويىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىدۇ. بۇيرۇغۇچى ئۇ پۇل بىلەن يەنە بىر قۇربانلىق سېتىۋالىدۇ، ئاندىن ئۇنى قۇربانلىق قىلىدۇ ۋە گۆشىنى سەدىقە قىلىدۇ، باي بولغان ۋە قۇربانلىق كۈنلىرى تېخى داۋام قىلىۋاتقان تەقدىردىمۇ ئۆزى يېمەيدۇ. ئەگەر قۇربانلىق كۈنلىرى ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، تۆلەتكەن پۇلغا باشقا قۇربانلىق سېتىۋالماستىن، پۇلنى كەمبەغەللەرگە سەدىقە قىلىدۇ. چۈنكى قۇربانلىق كۈنلىرىدە قان ئېقىتىش يېقىنلىق ئىزدەش بولۇپ بەلگىلەنگەن.

§ ئىككى كىشىنىڭ شېرىك ئىككى قويى بولۇپ، ئۇلار ھەر ئىككىلىسىنى قۇربانلىق قىلسا، دۇرۇس بولىدۇ. ئەمما قۇل ئازاد قىلىش ھۆكمى بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. چۈنكى قوينى تەقسىم قىلغىلى بولىدۇ، قۇلنى تەقسىم قىلغىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئىككى ئادەمنىڭ شېرىك ئىككى قۇلى بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىگە كاففارەت بېرىشكە توغرا كەلسە، ئاندىن ئۇ ئىككىسى شۇ ئىككى قۇلنى كاففارەتلىرى ئۈچۈن ئازاد قىلسا، دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى ئىككى قويدا ھەر بىرىنىڭ نېسىۋىسى بىرلىشىدۇ، قۇلدا بىرلەشمەيدۇ. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، قويلاردا شېرىكلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۆتۈپ كەتكەن ھەققىنى قوينىڭ گۆشلىرىدىن بېرىش بىلەن تولۇقلىۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما قۇلدا ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ.

§ ئەگەر باي بىر ئادەم ئۆزىنىڭ نامىغا خاس ھالدا بىر تۆگىنى قۇربانلىق قىلسا، ئۇ تۆگىنىڭ يەتتىدىن بىرى ئەمەس، ھەممىسى ۋاجىپ قۇربانلىق ئۈچۈن بولىدۇ. ئەگەر بىر باي ئىككى قوينى قۇربانلىق قىلسا، پۈتۈن ئالىملارنىڭ قارىشىدا ئارتۇقى نەپلە قۇربانلىق بولىدۇ. ئارىدىكى پەرق شۇكى، ئىككى قوينى قۇربانلىق قىلىش ئايرىم ئىككى ئىش بىلەن ۋە ئىككى جاننىڭ قېنىنى ئېقىتىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا ئىككىسىنىڭ بىرى ۋاجىپ قۇربانلىق بولىدۇ. ئارتۇقى نەپلە قۇربانلىق بولىدۇ. ئەمما تۆگە بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۇ بىر ئىش بىلەن ۋە بىر جاننىڭ قېنىنى ئېقىتىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ھەممىسى ۋاجىپ قۇربانلىق بولىدۇ.

§ قۇربانلىق قىلماقچى بولۇپ، قولىنى قۇربانلىققا قاسساپنىڭ قولى بىلەن بىرلىكتە قويسا ۋە قۇربانلىقنى بوغۇزلاشتا قاسساپقا ياردەملەشسە، ھەر بىرىنىڭ بىسمىللاھ دېيىشى ۋاجىپتۇر. ئەگەر ئىككىسىنىڭ بىرى بىسمىللاھ دېيىشنى تەرك ئەتسە ياكى بىرىنىڭ بىسمىللاھ دېيىشى كۇپايە قىلىدۇ، دېسە، قۇربانلىق ھارام بولىدۇ[1].

§ ئەگەر مېيىتنىڭ ۋارىسى ئۇنىڭ نامىدا مېيىتنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن قۇربانلىق

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن» 17 ـ توم، 288 ـ بەت.

قىلسا، ئۇنىڭغا ئۇ قۇربانلىقنى سەدىقە قىلىش، ئۇنىڭ گۆشىدىن يېمەسلىك لازىم بولىدۇ. ئەگەر بىرەر قۇربانلىقنى مېيىتنىڭ نامىدا ئىئانە قىلسا، ئۇنىڭدىن يېسە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ بوغۇزلىغۇچىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئادا تاپىدۇ، ساۋاب مېيىتكە بولىدۇ.

§ ئەگەر بىرىگە بىر قوينى سوۋغات قىلسا، سوۋغاتنى ئالغۇچى ئۇنى قۇربانلىق قىلسا، ئاندىن سوۋغات قىلغۇچى يېنىۋالسا، زاھىري رىۋايەتكە ئاساسەن ئۇنىڭ يېنىۋېلىشى توغرا بولىدۇ. ئەمما قۇربانلىق ئۇنى بوغۇزلىغۇچىنىڭ نامىدا ئادا بولىدۇ.

## ھەرەمگە ئېلىپ بېرىلىدىغان قۇربانلىق

ھەرەمدە قۇربانلىق قىلىپ اللە غا يېقىنلىق ئىزدەش ئۈچۈن ھەرەمگە ئېلىپ بېرىلىدىغان تۆگە، كالا ۋە قوي ـ ئۆچكىلەر «ھەرەمگە ئېلىپ بېرىلىدىغان قۇربانلىق» دەپ ئاتىلىدۇ.

«ھەرەمگە» دېگەن سۆز بىلەن ھەرەمدىن باشقا جايلارغا ئېلىپ بېرىلىدىغان قۇربانلىقلار ئۇنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

«تۆگە، كالا ۋە قوي ـ ئۆچكىلەر» دېگەن سۆز بىلەن ھەرەمگە ئېلىپ بېرىلغان باشقا ھايۋانلار ئۇنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىدۇ. فىقھشۇناسلارنىڭ قەسەم ۋە نەزىر بۆلۈمىدە بۇ ھايۋانلاردىن باشقا ھايۋانلارنىمۇ «قۇربانلىق» دەپ ئاتىشى ئۇنىڭ كۆچمە مەنىسىنى كۆزدە تۇتقانلىقتىن بولغان.

«اللە غا يېقىنلىق ئىزدەش» يەنى ھەرەمدە قېنىنى ئېقىتىش ئارقىلىق يېقىنلىق ئىزدەش، دېگەن سۆز بىلەن ھەرەمدە بىرەر ئادەمگە سوۋغا قىلىنغان تۆگە، كالا ۋە قوي ـ ئۆچكىلەر چىقىپ كېتىدۇ.

بۇ قۇربانلىقتىمۇ چوقۇم نىيەت قىلىش لازىم. بۇ قۇربانلىق نىيەت بىلەن ياكى نىيەت قىلمىغان بولسىمۇ، ئىستىھسانغا ئاساسەن، تۆگىنى ھەرەم تەرەپكە ھەيدەش بىلەن ئېنىق بەلگىلىنىدۇ. چۈنكى ھەرەمگە ئېلىپ بېرىلىدىغان قۇربانلىقنىڭ نىيىتى ئۆرپ ـ ئادەتتە مۇقىملىشىپ كەتكەن بولىدۇ. ئۆرپ ـ ئادەتتە تۆگىنى ھەرەمگە ھەيدەپ مېڭىش ئۇنى مىنىش ياكى تىجارەت قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، قۇربانلىق ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنى پەقەت ھەرەمگە ئېلىپ مېڭىشلا ئەمەس، ئۇنىڭغا قۇربانلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بەلگىلەرنى ئاسقاندىن كېيىن ھەيدەپ مېڭىش ئۇنىڭ قۇربانلىق ئىكەنلىكىنى كەسكىن ھالدا بىلدۈرىدۇ.

ئۇ قۇربانلىقنىڭ ئەڭ تۆۋىنى بىر قويدۇر. ئەڭ يۇقىرىسى بىر تۆگە ياكى بىر كالىدۇر.

تۆگە ياكى كالىدىن ئەڭ تۆۋەننىڭ ھۆكمى يەتتىدىن بىرىدۇر. ئەڭ تۆۋىنى دېگەن ھۆكۈمگە ئاساسەن، ئەگەر بىرى نىيەت قىلماستىن: «الله ئۈچۈن ھەرەمگە بىر قۇربانلىق ئېلىپ بېرىش مېنىڭ ئۈستۈمگىدۇر» دېسە، ئۇنىڭغا بىر قوي ئېلىپ بېرىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئەڭ تۆۋىنىدۇر. ئەگەر ئۇ بىرەر مالنى مۇئەييەنلەشتۈرسە، شۇنى ئېلىپ بېرىش لازىم بولىدۇ. بىر رىۋايەتكە ئاساسەن، ئەگەر ھەرەمگە ئۇنىڭ قىممىتىنى ئېلىپ بارسا، دۇرۇس بولىدۇ، دېيىلگەن. يەنە بىر رىۋايەتكە ئاساسەن، دۇرۇس بولمايدۇ، دېيىلگەن. بۇ قاراش كۈچلۈكرەكتۇر. ئەگەر ھەرەمگە قۇربانلىق ئۈچۈن ئاتىغان نەرسە قېنى ئېقىتىلمايدىغان، لېكىن ئېلىپ بارغىلى بولىدىغان نەرسە بولسا، بۇلىۋېرىدۇ. ئەگەر ھەرەمگە ئېلىپ بارغىلى بولمايدىغان نەرسە بولسا، ئۇنىڭ قىممىتىنى ھەرەمدە ياكى ھەرەمدىن باشقا جايدا سەدىقە قىلىدۇ.

بۇ تۈردىكى قۇربانلىقنى ئەرەفاتقا ئېلىپ بېرىش ياكى بەلگە ئېسىپ مەشھۇر قىلىش ۋاجىپ بولمايدۇ، بەلكى جۈپ (يەنى قىران) ھەججى بىلەن بەھرىمەن بولۇش ھەججىنىڭ قۇربانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلىش سۈننەتتۇر. نەپلە قۇربانلىق ۋە نەزىر قىلىنغان قۇربانلىق ئۈچۈنمۇ بەلگە ئېسىش سۈننەتتۇر. ئەگەر يولدا توسۇلۇپ قالغان (يەنى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى ھەرەمگە بارالمىغان يېرىم يولدا قالغان) ھەجدىكى قۇربانلىققا ۋە جازا ئۈچۈن كەلگەن (يەنى ئېھرامدا چەكلەنگەن بىرەر ئىشنى قىلغانلىق جىنايىتى ئۈچۈن كەلگەن) قۇربانلىققا بەلگە ئېسىپ قويسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ. بۇنىڭ ھېچ ۋەقەسى يوق.

ھەرەمگە ئېلىپ بېرىلىدىغان قۇربانلىقتىمۇ پەقەت نورمال قۇربانلىقتا (يەنە ھەرەمدىن باشقا جايلاردا قىلىنىدىغان قۇربانلىقتا) دۇرۇس بولغان ھايۋانلار دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى ئۇمۇ نورمال قۇربانلىققا ئوخشاشلا قان ئېقىتىشقا ئالاقىدار بولغان يېقىنلىق ئىزدەش ھېسابلىنىدۇ.

الله غا يېقىنلىق ئىزدەش نىيىتى بىلەن ھەرەمدە قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن سېتىۋېلىنغان بىر تۆگە ياكى كالىغا ئالتە ئادەمنىڭ شېرىك بولۇشى، گەرچە قۇربانلىق تۈرلىرى ھەرخىل بولسىمۇ، دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى نورمال قۇربانلىقتا مۇنداق قىلىش دۇرۇستۇر. شۇڭا ھەرەمگە ئېلىپ بېرىلغان قۇربانلىقتىمۇ دۇرۇس بولىدۇ. ئەگەر بەھرىمەن بولۇش ھەججىدە قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن بىر تۆگە سېتىۋالغان بولۇپ، ئۇنى ئۆزىگىلا خاس ۋاجىپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا يەنە ئالتە ئادەم شېرىك بولسا، دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۇنى ئۆزىگە ۋاجىپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ بولغان بولىدۇ. مەلۇم قىسمى شەرىئەتنىڭ ۋاجىپ قىلىشى بىلەن، قالغان قىسمى ئۆزىنىڭ ۋاجىپ قىلىشى بىلەن ۋاجىپ بولدى. ئەگەر باشقىلارنى شېرىك قىلسا، ئۇنىڭ قىممىتىنى سەدىقە قىلىشى لازىم.

ئەگەر ئۇ دەسلەپتىلا ئالتە ئادەمنى ئۆزىگە توگىدە شېرىك قىلىشنى نىيەت قىلغان بولسا، دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى ئۇ توگىنى سېتىۋالغان چاغدا ھەممىنى ئۆزىگە ۋاجىپ قىلمىدى. گەرچە ئۇ توگىنى سېتىۋالغان چاغدا شېرىك قىلىشنى نىيەت قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەممە ئۆلۈشنى ئۆزىگە ۋاجىپ قىلمىغانلىقى ئۈچۈن يەنە ئالتە ئادەمنى ئۇنىڭغا شېرىك قىلسا، دۇرۇس بولىدۇ. لېكىن ئەۋزەلى شېرىكلەرمۇ باشتىنلا بىرلىكتە سېتىۋېلىشى ياكى ئۇلارنىڭ بىرى قالغانلىرىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن سېتىۋېلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا باشتىن تارتىپلا شېرىكچىلىك مەيدانغا كېلىدۇ.

<ئۆزىگە ۋاجىپ قىلىش> نىڭ مەنىسى ئۇنى ئۆزىگە ئاتاپ سېتىۋېلىشى ياكى سېتىۋالغاندىن كېيىن يېقىنلىق ئىزدەشنى نىيەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ھەج پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىش جەريانىدا خاتالاشقان پۈتۈن جىنايەت ئۈچۈن قوي ئۆلتۈرۈش دۇرۇس بولىدۇ. پەقەت جۇنۇپ ھالەتتە ياكى ھەيزدار ھالەتتە كەبىنى تاۋاپ قىلغان ۋە ئەرەفاتتا تۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، باشنى چۈشۈرۈشتىن ئىلگىرى جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولغان جىنايەتلەر ئۈچۈن قوي ئۆلتۈرۈش دۇرۇس بولمايدۇ. بۇ ھۆكۈم ھەجنىڭ ھۆكۈملىرىدە بايان قىلىنغان.

ھەرەمگە ئېلىپ بېرىلغان قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى يېيىش دۇرۇستۇر. بەلكى نەپلە ئۈچۈن، بەھرىمەن بولۇش ھەججى ئۈچۈن ۋە جۈپ ھەججى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان قۇربانلىقنىڭ گۆشىدىن يېيىش نورمال قۇربانلىقنىڭ گۆشىدىن يېيىشكە ئوخشاشلا سۈننەتتۇر. ئەگەر بۇ ئۈچ تۈرلۈك قۇربانلىقتىن باشقا قۇربانلىقنىڭ گۆشىدىن يېسە، مەسىلەن، كاففارەتلەرنىڭ ھەممە تۈرلىرى ئۈچۈن قان قىلىنغان، نەزىر ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن، يېرىم يولدا توسۇلۇپ قالغان ھەجنىڭ قۇربانلىقى، ھەرەمگە يېتىپ بارالمىغان نەپلە قۇربانلىق قاتارلىقلارنىڭ گۆشىدىن يېسە، شۇنداقلا ئۇنى بايغا يېگۈزسە، يېگەن گۆشنىڭ قىممىتىنى تۆلەيدۇ(1).

## ھەرەمگە ئېلىپ بېرىلغان قۇربانلىقنى بوغۇزلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ گۆشىنى سەدىقە قىلىش ھۆكمى

ئىگىسىگە گۆشىنى يېيىش دۇرۇس بولغان قۇربانلىقنىڭ ھەممە تۈرلۈكىنى بوغۇزلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ گۆشىنى سەدىقە قىلىش ئۇنىڭغا ۋاجىپ بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنى سەدىقە قىلىش ئۇنىڭغا ۋاجىپ بولسا ئىدى، ئۇنىڭ ئۇنى يېيىشى ئەلۋەتتە دۇرۇس

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 212 ـ بەت.

بولمىغان بولاتتى. چۈنكى ئۇنى يېيىش كەمبەغەللەرنىڭ ھەققىگە قول ئۇزاتقانلىق بولىدۇ. ئىگىسىگە گۆشنى يېيىش دۇرۇس بولمىغان قۇربانلىقنى ۋە باشقا سەۋەبلەر ئۈچۈن قان قىلىنغان مالنى بوغۇزلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ گۆشنى سەدىقە قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى ئۇنى يېيىش دۇرۇس بولمىغان تەقدىردە سەدىقىمۇ قىلمىسا، مالنى زىيانغا ئۇچراتقانلىق بولىدۇ.

ئەگەر ئۆلتۈرۈلگەن مال بوغۇزلانغاندىن كېيىن زىيانغا ئۇچرىسا، ھەر ئىككىلى تۈردە (يەنى ئىگىسىگە گۆشنى يېيىش دۇرۇس بولغان تۈرى ۋە دۇرۇس بولمىغان تۈردە) ئىگىسىگە ئۇنى تۆلەش مەسئۇلىيىتى كەلمەيدۇ. چۈنكى گۆشنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى ئۇنىڭ سەۋەبىدىن بولمىغاندۇر. ئەگەر ئۇنى بوغۇزلىغاندىن كېيىن ئۇنى ئىشلىتىۋاتقان تەقدىردە گۆشنى سەدىقە قىلىش ۋاجىپ بولغان تۈردىن بولسا، ئۇنىڭ قىممىتىنى تۆلەيدۇ ۋە ئۇنى سەدىقە قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ كەمبەغەللەرنىڭ ھەققىگە ئالاقىدار بولغان مالدۇر. ئۇنى ئىشلىتىش ئۇلارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغانلىق بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇ سەدىقە قىلىش ۋاجىپ بولمىغان تۈردىن بولسا، ھېچ نەرسە تۆلىمەيدۇ.

ئەگەر ئۇنىڭ گۆشنى ساتسا، ھەر ئىككىلى تۈردىكى مالنىڭ گۆشنى سېتىش دۇرۇستۇر. چۈنكى ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقى داۋام قىلماقتىدۇر. پەقەت ئىگىسىگە گۆشنى يېيىش دۇرۇس بولمىغان تۈردىكى مالنىڭ گۆشنى ساتقان پۇلنى سەدىقە قىلىش ۋاجىپتۇر. ئۇنىڭ پۇلنى سەدىقە قىلىدۇ. چۈنكى سېتىلغان گۆشنىڭ پۇلنىمۇ سەدىقە قىلىش ۋاجىپتۇر[1].

## ئەقىقە

ئۇ يېڭى تۇغۇلغان بالا ئۈچۈن اللّٰه غا شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن سويۇلىدىغان مالنى كۆرسىتىدىغان ئىسىمدۇر.

فىقھشۇناسلار ئۇنىڭ ھۆكمى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان. بىزنىڭ فىقھشۇناسلىرىمىزنىڭ ئىككى خىل قارىشى بولۇپ، بىرى مۇباھتۇر، يەنە بىرى نەپلە ئىبادەتتۇر. ئىبنى ئابىدىن ئۇ ئىككى قاراشنى كىتابىنىڭ قۇربانلىق بۆلۈمىدە بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: «بالىسى تۇغۇلغان كىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمىنى يەتتىنچى كۈنى قويۇش، چېچىنى چۈشۈرۈش، چۈشۈرۈلگەن چېچىنىڭ ئېغىرلىقىدا كۈمۈش ياكى ئالتۇن سەدىقە قىلىش ئۇچلى ئىمامنىڭ (يەنى ئىمام ئەبۇھەنىفە، ئەبۇيۇسۇف ۋە

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 250 ـ بەت.

مۇھەممەدنىڭ) قارىشىدا مۇستەھەپتۇر. ئاندىن مەھبۇبىنىڭ «ئەلجامىئ» ناملىق كىتابىدىكى باياناتقا ئاساسەن بالىنىڭ چىچىنى چۈشۈرگەن كۈنى بىر قوي ئۆلتۈرۈپ ئەقىقىسىنى قىلىشقا بولىدۇ ياكى «شەرھۇتتەھاۋىي» ناملىق كىتابتىكى باياناتقا ئاساسەن ئەقىقە قىلىش نەپلە ئىبادەتتۇر. ئەقىقە قۇربانلىق قىلىشقا سالاھىيىتى توشىدىغان بىر قويىنى بوغۇزلاش بولۇپ، ئۇ ئوغۇل ۋە قىز بالا ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ گۆشىنى مەيلى خام پارچىلىسۇن، مەيلى ئاچچىق ـ چۈچۈك نەرسىلەر بىلەن پىشۇرسۇن، مەيلى ئۇنىڭسىز پىشۇرسۇن، مەيلى ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىنى چاقسۇن ياكى چاقمىسۇن، مەيلى مېھمان چاقىرسۇن ياكى چاقىرمىسۇن بولىدۇ. ئىمام مالىكمۇ مۇشۇ قاراشنى (يەنى ئەقىقە قىلىشنىڭ مۇباھ ياكى نەپلە ئىبادەت ئىكەنلىكىنى) ئوتتۇرىغا قويغان. ئىمام شافىئى ۋە ئەھمەد: ئەقىقە قىلىش تەكىتلەنگەن سۈننەت بولۇپ، ئوغۇل بالا ئۈچۈن ئىككى قوي، قىز بالا ئۈچۈن بىر قوي سويۇلىدۇ، دەپ قارايدۇ[1].

ئىمام بۇخارى سەھىھ بۇخارىدا بۇ مەسىلىگە مەخسۇس بىر بۆلۈم ئاجرىتىپ: «يېڭى تۇغۇلغان بالىسى ئۈچۈن ئەقىقىسىنى قىلمايدىغان كىشىنىڭ شۇ ۋاقىتتىلا بالىغا ئىسىم قويۇشى ۋە ئۇنى ئېغىزلاندۇرۇشى» دەپ ئاتىغان ۋە ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «بىر ئوغلۇم تۇغۇلدى. مەن ئۇنى ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئىبراھىم دەپ ئىسىم قويۇپ بەردى، ئاندىن ئۇنى خورما بىلەن ئېغىزلاندۇردى، ئاندىن ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلدى ۋە ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بەردى». ئۇ بالا ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ چوڭ بالىسى ئىدى[2].

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «مەن ئۇنى ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئىبراھىم دەپ ئىسىم قويۇپ بەردى، ئاندىن ئۇنى خورما بىلەن ئېغىزلاندۇردى» دېگەن سۆزى ئۇنىڭ ئوغلىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ناھايىتى تېز ئەكەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۇنى ئىسىم قويغاندىن كېيىن ئېغىزلاندۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ يەنە بالىغا تېز ئىسىم قويۇشنىڭ لازىملىقىنى، يەتتىنچى كۈنىنى كۈتۈپ تۇرماسلىقنى ئوچۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە بەيھەقى قاتارلىقلار سەمۇرەنىڭ ئەقىقە ھەققىدىكى ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «ئۇنىڭ ئۈچۈن يەتتىنچى كۈنى قوي ئۆلتۈرۈلىدۇ ۋە ئىسىم قويۇلىدۇ».

(1) «تەقرىرات ئەررافىئىي» 1 ـ توم، 174 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 213 ـ بەت.

ئىسىم قويۇش يەتتىنچى كۈنىگىلا خاس بىر ئىش ئەمەس. چۈنكى يۇقىرىدا، نىكاھ بۆلۈمىدە ئەبۇئۇسەيدنىڭ ھەدىسى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ئوغلى تۇغۇلغان ۋاقتتا ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنزىر دەپ ئىسىم قويۇپ بەرگەن. ئىمام مۇسلىم ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ كېچە بىر ئوغلۇم تۇغۇلدى. ئۇنىڭغا چوڭ بوۋامنىڭ ئىسمى بىلەن ئىبراھىم دەپ ئىسىم قويدۇم» دېگەن. ئىمام بەيھەقى مۇنداق دېگەن: «بالا تۇغۇلغاندىلا ئىسىم قويۇش ھەققىدىكى ھەدىسلەر يەتتىنچى كۈنى ئىسىم قويۇش ھەققىدىكى ھەدىسلەردىن توغرىراقتۇر.

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: بۇ ھەقتە مەزكۇر ھەدىسلەردىن باشقىمۇ ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان. ئىمام بەززار، ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسەن ۋە ھۈسەيننىڭ ئەقىقىسىنى يەتتىنچى كۈنى قىلدى ۋە ئۇلارغا ئىسىم قويدى». ئىمام تىرمىزى ئەمر ئىبنى شۇئەيبنىڭ چوڭ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى بالىغا يەتتىنچى كۈنى ئىسىم قويۇشقا بۇيرۇدى»[1].

# ئوۋ ئوۋلاش

## ئوۋنىڭ ئۇقۇمى

جۇرجانى «ئەتتەئرىفات» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «ئوۋ ئولاش، مەيلى گۆشى يېيىلسۇن ياكى يېيىلمىسۇن، قاناتلىرى ياكى پۇتلىرى بىلەن قېچىپ ياۋايىلىشىپ كېتىدىغان، پەقەتلا ھىيلە ئىشلىتىپ تۇتقىلى بولىدىغان جانلىقلارنى تۇتۇشنى كۆرسىتىدۇ».

دېمەك، تۇتۇش مۇمكىن بولمىغان، تەبىئى ھالدا ياۋايى، پەقەت ھىيلە ئىشلىتىپ تۇتقىلى بولىدىغان ھەر قانداق جانلىقلارنى ئوۋلاشقا بولىدۇ.

<تۇتۇش مۇمكىن بولمىغان> دېگەن سۆزدىن توخۇ ۋە ئۆدەككە ئوخشاش جانلىقلار چىقىپ كېتىدۇ. چۈنكى مەزكۇر ئۇقۇم پۇتلىرى ياكى قاناتلىرى بىلەن خالىغان تەرەپكە قېچىپ كېتەلەيدىغان جانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

<ياۋايى> دېگەن سۆزدىن كەپتەرگە ئوخشاش جانلىقلار مەزكۇر ئۇقۇمنىڭ

(1) «سەھىھ بۇخارى» 5467 ـ ھەدىس.

ئىچىدىن چىقىپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇقۇم كېچە ـ كۈندۈز ئىنسانلاردىن يىراق ياشايدىغان جانلىقلارنى كۆرستىدۇ.

<تەبىئى هالدا> دېگەن سۆزدىن ياۋايىلىشىپ كەتكەن ئۆي هايۋانلىرى ئۇقۇمدىن چىقىپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇنداق هايۋانلارنى ئوۋلاش هالال ئەمەس. ئۇنداق هايۋانلارغا مەجبۇرىي بوغۇزلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىمدۇر.

بۇ ئۇقۇمغا كىيىككە ئوخشاش پەقەت هيلە بىلەنلا تۇتقىلى بولىدىغان، كېيىن ئىنسانلارغا كۆندۈرۈلىدىغان هايۋانلارمۇ كىرىدۇ. كىيىك گەرچە تۇتۇلغاندىن كېيىن كۆنىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇنى ئوۋلاش هالال بولىدۇ[1].

## ئوۋ ئوۋلاشنىڭ هۆكمى

شىكار قىلغۇچىنىڭ هەرخىل بولىشىغا ئەگىشىپ ئوۋ ئوۋلاشمۇ هەرخىل بولىدۇ. ئۇ ئەسلىدە كەسىپ ۋە هۈنەر قىلىۋالغان كىشى ئۈچۈن قىلسا بولىدىغان ئىشتۇر. ئېهرامدىكى كىشىلەرنىڭ ئوۋ ئوۋلىشى ۋە باشقىلارنىڭ هەرەمدە ئوۋ ئوۋلىشى هارام بولىدۇ. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئەهدىلەرگە (يەنى الله بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ۋە سىلەرنىڭ ئۆز ئاراڭلاردىكى ئەهدىلەرگە) ۋاپا قىلىڭلار. سىلەرگە (بۇ سۈرىدە تۆۋەندە) ئوقۇپ بېرىلىدىغانلاردىن باشقا، هايۋانلار (يەنى تۆگە، كالا، قويلار) نىڭ هەممىسى (زەبهى قىلىنغاندىن كېيىن يېيىش) هالال قىلىندى. لېكىن سىلەر ئېهرام (ياكى هەرەم) دە بولغىنىڭلاردا شىكارنى هالال سانىماڭلار، شۈبهىسىزكى، الله (هالال ـ هارام توغرۇلۇق) خالىغان نەرسىنى هۆكۈم قىلىدۇ. ئى مۆمىنلەر! الله نىڭ دىنىنىڭ ئالامەتلىرىنى (يەنى هەجدە تائەتنىڭ بەلگىسى هېسابلانغان ئىشلارنى) (تەرك ئېتىش بىلەن) شەهرى هەرام (دا ئۇرۇش قىلىش) نى، هەدىينى (يەنى كەبىگە ئاتالغان قۇربانلىققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىشنى)، قەلادە (يەنى هەجدە قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن هايۋانغا ئېسىپ قويۇلغان نەرسە) لەرگە (چېقىلىشنى)، پەرۋەردىگارىنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەپ بەيتۇللاغا (هەج ئۈچۈن ياكى ئۆمرە ئۈچۈن) كەلگۈچىلەرگە (چېقىلىشنى) هالال سانىماڭلار، ئېهرامدىن چىققان چېغىڭلاردا شىكار قىلساڭلار بولىدۇ، بىرەر قەۋم (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ سىلەرنى مەسجىدى هەرام (زىيارىتى) دىن توسقانلىقتىن ئىبارەت دۈشمەنلىكى هەرگىزمۇ سىلەرنىڭ ئۇلارغا چېقىلىشىڭلارغا سەۋەبچى بولمىسۇن، ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناهقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار،

(1) «فەتهۇلبارى» 9 ـ توم، 589 ـ بەت.

الله (نىڭ ئازابى) دىن قورقۇڭلار، الله نىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىق »[1].

الله تائالانىڭ بۇ ئايەتتىكى: «شىكار قىلساڭلار بولىدۇ» دېگەن سۆزى ئوۋ ئوۋلاشنىڭ مۇباھ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئېھرامغا كىرمىگەن كىشىنىڭ قۇرۇقلۇقتا، ھەرەمنىڭ سىرتىدا ئوۋ ئوۋلىشى مۇباھتۇر. ئەمما ئېھرامغا كىرگەن كىشىنىڭمۇ دېڭىز ھايۋانلىرىنى ئوۋلىشى ھالالدۇر. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئوۋلىغان ھايۋانلارنى ئېھرامدا ياكى ھەرەمدە تۇرۇپ ئۆلتۈرمەڭلار. سىلەردىن كىمكى ئۇنى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئىشىنىڭ ۋابالىنى تېتىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ جازاسى ئىككى ئادىل كىشىنىڭ باھالىشى بويىچە ھېلىقى ئۆلتۈرۈلگەن ئوۋغا ئوخشاش ئۆي ھايۋانلىرىدىن بىرنى كەبىگە ئېلىپ بېرىپ قۇربانلىق قىلىشتۇر، ياكى كەففارەت بېرىش يۈزىسىدىن مىسكىنلەرگە ئاش بېرىشتۇر، ياكى ھەر مىسكىنگە بېرىدىغان ئاشنىڭ باراۋىرىگە بىر كۈن روزا تۇتۇشتۇر. ئۆتكەنكى گۇناھنى (يەنى بۇ ئايەت چۈشۈشتىن بۇرۇن ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئۆلتۈرگەن بولساڭلار، بۇنى) الله ئەپۇ قىلدى، كىمكى قايتا گۇناھ ئۆتكەزسە (يەنى قايتىدىن ئوۋ ئۆلتۈرسە)، الله ئۇنى جازالايدۇ، الله غالىبتۇر، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى) جازالىغۇچىدۇر. سىلەرنىڭ ۋە يولۇچىلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن سىلەرگە دېڭىز ھايۋانلىرى، دېڭىزدىن چىقىدىغان يېمەكلىكلەر ھالال قىلىندى، مادامىكى سىلەر ئېھرامدا ياكى ھەرەمدە ئىكەنسىلەر، قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىنى ئوۋلاش سىلەرگە ھارام قىلىندى، سىلەر (قىيامەت كۈنى) دەرگاھىغا توپلىنىدىغان الله دىن قورقۇڭلار »[2].

ئەدىي ئىبنى ھاتەم (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مىئراز[3] بىلەن ئوۋلىغان ئوۋ ھەققىدە سورىدىم. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئۇنىڭ بېسى تەككەن ئوۋنى يېگىن، توغرىسى تەككەن ئوۋ تاياق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋانغا ئوخشاشتۇر». مەن يەنە ئۇنىڭدىن ئىت بىلەن ئوۋلىغان ئوۋ ھەققىدە سورىدىم. ئۇ: «ئىت ئوۋنى سەن ئۈچۈن تۇتقان بولسا، يېگىن! چۈنكى (ئوۋغا ئۆگىتىلگەن) ئىتنىڭ تۇتقىنى بوغۇزلىغانلىق بولىدۇ. ئەگەر (ئوۋنىڭ بېشىدا) ئىتىڭ بىلەن (ياكى ئىتلىرىڭ بىلەن) باشقا بىر ئىتنى تاپساڭ، ئوۋنى ئىتىڭنىڭ شۇ ئىت بىلەن بىللە تۇتقان ۋە ئۇنى شۇ ئىتنىڭ ئۆلتۈرۈپ قويغان بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىسەڭ، يېمىگىن! سەن ئۆزەڭنىڭ ئىتىنى <بىسمىللاھ> دەپ قويۇپ بەردىڭ، ئەمما يەنە بىر ئىتقا <بىسمىللاھ> دېمىدىڭ» دېدى[4].

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 213 ـ بەت.

(2) سۈرە مائىدە، 1 ــ 2 ـ ئايەتلەر.

(3) سۈرە مائىدە، 95 ــ 96 ـ ئايەتلەر.

(4) مىئراز ــ ئۇچى يوق، بىسمۇ يوق ئۇزۇن ئوقتۇر. خەتتابى: «ئۇ بىسى ۋە ئۇچى يوق، بىراق ئېغىر ۋە بېسىملىق ئوقتۇر» دېگەن.

ئوۋ ئوۋلاشنىڭ مۇباھ ئىكەنلىكىگە پۈتۈن ئالىملار بىرلىككە كەلگەن. چۈنكى ئۇ كەسىپ قىلىش ۋە پايدىلىنىشنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئوۋ ھايۋانلىرى شۇنىڭ ئۈچۈن يارىتىلغان. ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنغۇچى شىكار قىلىش ئارقىلىق تۇرمۇشىنى قامداپ، تەكلىپ قىلىنغان ئىبادەتلەرنى ئورۇنداش ۋە ئۇنى جايىدا ئادا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئوتۇنچىلىق كەسپىگە ئوخشاش قىلسا بولىدىغان ئىشلاردىندۇر.[1]

ھەۋەس ئۈچۈن ئوۋ ئوۋلاش مەكروھتۇر. چۈنكى ئۇ الله تائالانى ئەسلەشتىن غەپلەتتە قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بەدىۋى بولسا، جاپا چېكىدۇ. كىمكى ئوۋنىڭ ئىزىغا چۈشسە، غاپىل قالىدۇ. كىمكى پادىشاھنىڭ دەرۋازىلىرىنى چەكسە، پىتنىگە قالىدۇ»[2].

مەقسەت، قەلبى ئوۋ ئوۋلاشقا بېرىلىپ كەتكەن كىشى، ئوۋ بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالىدۇ، نەتىجىدە غەپلەتتە قېلىش كېلىپ چىقىدۇ. بۇنى تېخىمۇ ئاشكارا تىل بىلەن ئىپادىلىسەك، الله نى زىكىر قىلىشتىن ۋە ئىبادەتتىن غەپلەتتە قالىدۇ. زاھىرىي جەھەتتىن ئالساق، ئوۋ ئوۋلاشنى كەسىب قىلىش باشقا مۇباھ ئىشلارغا سېلىشتۇرۇلغاندا ياخشىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى بەدىۋى بولسا، جاپا چېكىدۇ» دېگەن سۆزى كىمكى سەھرالاردا ئولتۇراقلاشسا، سەھرالىقلار چېكىدىغان جاپالارغا قالىدۇ، يالغۇز ۋە يەۋايىدەك ياشىغانلىقى، ئىنسانلار بىلەن ئاز ئارىلاشقانلىقى ئۈچۈن تەبىئىتى قوپاللىشىپ كېتىدۇ.

شەرىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى بىرەر قۇچقاچ چاغلىق جانلىقنى بىھۇدە ئۆلتۈرسە، قىيامەت كۈنى ئۇ جانلىق الله غا ئەرز قىلىپ ناھايىتى يۇقىرى ئاۋازدا: <ئى پەرۋەردىگارىم! پالانى مېنى بىھۇدە ئۆلتۈردى، ئۇ مېنى مەنپەئەتلىنىش ئۈچۈن ئۆلتۈرمىدى> دەپ توۋلايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم[3].

ئېھرامدا ئەمەس كىشى ئوۋلىغان ھالال ئوۋدىن ئېھرامدىكى كىشىنىڭ يېيىشى مۇباھتۇر. چۈنكى ئەبۇ قەتادىدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە مۇنداق بىر

بەزىلەر: «ئۇ ئىككى ئۈچى ئىنچىكە، ئوتتۇرىسى توم ياغاچتۇر» دېسە، يەنە بەزىلەر: «ئۇ ئېغىر، ھاسا شەكىللىك، بېشىغا تىغ بېكىتىلگەن ياغاچتۇر، بەزىدە تىغ بېكىتىلمەيدۇ» دېگەن... «فەتھۇلبارى» 9 ـ توم، 600 ـ بەت.

(1) سەھىھ بۇخارى، 5475 ـ ھەدىس.

(2) «ئەلھىدايە» 4 ـ توم، 115 ـ بەت.

(3) ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.

ۋەقە بايان قىلىنىدۇ: ئەبۇ قەتادە مەككە سەپىرىنىڭ بىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدى. ئۇ يولدا ئېھرامدىكى بەزى ھەمراھلىرى بىلەن ئارقىدا قالدى. ھالبۇكى، ئۇ ئېھرامسىز ئىدى. ئۇ بىر ياۋايى ئېشەكنى كۆردى ـ دە، ئېتىغا مىندى. ئاندىن ھەمراھلىرىدىن قامچىسىنى سۇنۇپ بېرىشنى سورىدى. ئۇلار ئۇنىمىدى. ئۇ ئۇلاردىن نەيزىسىنى سۇنۇپ بېرىشنى سورىدى. ئۇلار يەنە ئۇنىمىدى. (يەنە بىر رىۋايەتتە ئۇلار: <بىز سىنىڭ ئۇ ئوۋنى ئوۋلىشىڭغا ياردەم قىلالمايمىز> دېگەن). شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەيزىسىنى ئۆزى ئېلىپ، ئېشەككە قارىتىپ ئاتتى. نەتىجىدە ئۇنى ئۆلتۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى ساھابىلىرى ئۇنىڭدىن يېدى، يەنە بەزىلەر يېگىلى ئۇنىمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېتىشكەن چاغدا، ئۇنىڭدىن ئۇ ھەقتە سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « ئۇنى ھەقىقەتەن الله سىلەرگە يېمەك قىلىپ بېرىپتۇ » دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە ئۇ: « سىلەردە ئۇنىڭ گۆشىدىن بارمۇ؟ » دەپ سورىدى. ئۇلار: ھەئە دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « ئۇنى يەڭلار » دېدى[1].

# ئوۋ ئوۋلاشنىڭ شەرتلىرى

ئوۋ ئوۋلاشنىڭ مۇباھ بولۇشى ئۈچۈن ئوۋچىدا، ئوۋ ئىتىدا ۋە ئوۋنىڭ ئۆزىدە بولۇشقا تېگىشلىك بىر قىسىم شەرتلەر بار.

ئوۋچىدا بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەرگە كەلسەك، ئالدى بىلەن ئۇ مال بوغۇزلاش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغۇچىلاردىن بولۇشى، ئاندىن ئوقنى ئۆزى ئاتقان ياكى ئوۋ ئىتىنى ئۆزى قويۇپ بەرگەن بولۇشى، ئوۋچىنىڭ ئوقنى ئېتىشىغا ياكى ئوۋ ئىتىنى قويۇپ بېرىشىگە ئوۋلىغان ئوۋى ھالال بولمايدىغان كىشى شېرىك بولماسلىقى، بىسمىللاھ دېيىشنى قەستەن تاشلاپ قويماسلىقى ۋە بىسمىللاھ دېيىش بىلەن ئوق ئېتىش ياكى ئوۋ ئىتىنى قويۇپ بېرىش ئارىسىدا باشقا بىر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىپ قالماسلىقى شەرت قىلىنىدۇ.

ئوۋ ئىتىدا بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەرگە كەلسەك، ئۇ شەرتلەر بەش خىل بولۇپ، ئىت ئوۋ ئوۋلاشقا ئۆگىتىلگەن بولۇشى، ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن قويۇپ بېرىلگەن تەرەپكە بېرىشى، ئۇنىڭ ئوۋنى ئوۋلىشىغا ئوۋلىغان ئوۋى ھالال بولمايدىغان نەرسىنىڭ شېرىك بولماسلىقى، ئوۋنى يارىلاندۇرۇپ ئۆلتۈرۈشى ۋە ئۇنى يېمىگەن بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ.

---

(1) ئىمام نەسائى ۋە ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان.

ئوۋدا بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەرگە كەلسەك، ئۇ شەرتلەرمۇ بەش خىل بولۇپ، ئوۋلىنىدىغان ئوۋ ھاشارەتلەر ئائىلىسىگە ئائىت بولماسلىقى، سۇ ھايۋانلىرىدىن بېلىقتىن باشقىسى بولماسلىقى، ئىككى قانىتى ياكى پۇتلىرى بىلەن قېچىپ كېتىپ قوغدىنىدىغان بولۇشى، قوزۇق (يەنى مەگەن) چىشلىرى ياكى يىرتقۇچ تىرناقلىرى بىلەن خىرىس قىلىدىغان ھايۋان بولماسلىقى ۋە بوغۇزلاشقا ئۇلگۇرۇشتىن ئىلگىرى ئوۋ سەۋەبى بىلەن ئۆلگەن بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ.

بۇ شەرتلەرنىڭ ھەممىسى گۆشى يېيىلىدىغان، ئەمما تىرىك تېپىلمىغان ھايۋانلار ئۈچۈندۇر[1].

# ئوۋ ئوۋلاشنىڭ تۈرلىرى

تور ۋە شۇنىڭدەك ئەسۋابلار بىلەن، ئوۋغا ئۆگىتىلگەن قارچىغا ۋە ئىتقا ئوخشاش جانىۋارلار بىلەن ۋە ئوق بىلەن ئوۋ ئوۋلاشقا بولىدۇ.

## تور ۋە شۇنىڭدەك ئەسۋابلار بىلەن ئوۋ ئوۋلاش

ئەگەر تورنى قۇرۇتۇشنى مەقسەت قىلماستىن تور تارتىپ قويغان بولسا، ئاندىن ئۇنىڭغا ئوۋ ئىلىنىپ قالسا، مەيلى شۇ تور بىلەن ئوۋ ئوۋلاشنى مەقسەت قىلسۇن ياكى مەقسەت قىلمىسۇن، تورغا چۈشكەن ئوۋغا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر تورنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن تارتىپ قويغان بولسا، ئۇنىڭغا چۈشكەن ئوۋغا ئىگە بولمايدۇ.

ئەگەر ئوۋ ئوۋلاشنى مەقسەت قىلىپ چېدىر تارتىپ قويسا، ئۇنىڭغا چۈشۈپ قالغان ئوۋغا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى مەقسەت قىلمىغان بولسا، ئىگە بولمايدۇ. چۈنكى چېدىر (ئادەتتە) ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن قويۇلغان ئەمەس.

ئىگىدارچىلىق قىلىش سەۋەبلىرى مۇنداق ئىككى خىل بولىدۇ:

بىرىنچىسى سېتىشقا ۋە بەرگەنگە ئوخشاش، ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىدىن يەنە بىر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىغا يۆتكەش سەۋەبىدۇر.

ئىككىنچىسى بىرىنچى سەۋەبنىڭ دەل ئەكسى بولۇپ، مىراسخورلۇق قىلىش ۋە ئەسلىدىن ئىگىدارچىلىق قىلىش سەۋەبىدۇر. ئۇ قولنى قويۇش بىلەن ھەقىقىي

(1) سەھىھ بۇخارى، 5490 ـ ھەدىس.

ئىگىدارچىلىق قىلىشتۇر ياكى تەييارلاش بىلەن ھۆكۈم جەھەتتە ئىگىدارچىلىق قىلىشتۇر. مەسىلەن، تورنى قۇرۇتۇشنى كۆزلەپ ئەمەس، ئوۋلاش مۇباھ بولغان ۋە باشقا بىر كىشىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن خالىي بولغان ئوۋنى كۆزلەپ تارتىپ قويۇشقا ئوخشاش.

ئەگەر دالىدا باشقا بىرىنىڭ ئوتۇنىغا ئىلىشىپ قالغان ئوۋنى تۇتىۋالسا، تۇتىۋالغۇچى ئۇنىڭغا ئىگە بولالمايدۇ. ئەگەر بىرەر ئوۋ ھايۋىنى بىرىنىڭ قوروسىغا كىرسە، ئۆي ئىگىسى ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن دەرۋازىنى تاقاپ، ئۇنىڭغا تور تاشلامدۇ ياكى ئوق ئاتامدۇ، ئىشقىلىپ بىر ئامال بىلەن ئۇنى تۇتىۋالسا، ئۇنىڭغا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر دەرۋازىنى تاقىغاندىمۇ، ئۇنى تۇتۇشنى بىلمىسە، ئۇنىڭغا ئىگە بولمايدۇ.

ئەگەر قۇرۇپ قويغان ئارغامچىغا ئوۋ چۈشۈپ قالغان، ئاندىن ئۇنى ئۈزۈۋېلىپ قېچىپ كەتكەن، ئاندىن ئۇنى باشقا بىرى تۇتىۋالغان بولسا، تۇتىۋالغۇچى ئۇنىڭغا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئارغامچىنىڭ ئىگىسى ئۇنى تۇتقىلى كەلسە ۋە ئۇنى تۇتىۋالغىدەك دەرىجىدە يېقىنلاشسا، ئاندىن ئۇ قېچىپ كەتسە، ھېلىقى تۇتىۋالغۇچى ئۇنىڭغا ئىگە بولالمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش يەنە تورغا چۈشكەن بېلىق تورنى سۇدىن چىقىرىشتىن ئىلگىرى توردىن قېچىپ كەتسە، ئاندىن ئۇنى باشقا بىرى تۇتىۋالسا، تۇتىۋالغۇچى ئۇنىڭغا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى سۇنىڭ تېشىغا، تۇتىۋالغىدەك جايغا ئاتقان، ئاندىن ئۇ سۇغا چۈشۈپ كەتكەن تەقدىردە، ھېلىقى تۇتىۋالغۇچى ئۇنىڭغا ئىگە بولالمايدۇ[1].

## ئوۋغا ئۆگىتىلگەن جانىۋارلار بىلەن ئوۋ ئوۋلاش

ئۆگىتىلگەن ئىت، يىلپىز، قارچىغا قاتارلىق جانىۋارلار بىلەن ۋە باشقا ئۆگىتىلگەن جانىۋارلار بىلەن ئوۋ ئوۋلاش دۇرۇستۇر. «ئەلجامىئ ئەسسەغىر» ناملىق كىتابتا: «يىرتقۇچ ھايۋانلار ئىچىدىن قوزۇق (يەنى مەگەن) چىشلىرى بار، قۇشلار ئىچىدىن يىرتقۇچ تىرناقلىق ھەرقانداق جانىۋار بىلەن ئوۋ ئوۋلاشنىڭ ھېچ يامىنى يوق. ئۇنىڭدىن باشقىسىدا ياخشىلىق يوق، پەقەت بوغۇزلاشقا ئۈلگۈرسە، دۇرۇس بولىدۇ» دېيىلگەن.

بۇنىڭ دەلىلى اللہ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن ئۆزلىرىگە (يېمەك-ئىچمەكتىن) نېمىلەرنىڭ ھالال قىلىنغانلىقىنى سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «سىلەرگە پاك نەرسىلەر ۋە (ئىت قارچىغا، قۇشقا ئوخشاش) شىكارغا ئۆگىتىلگەن،

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 297 ـ بەت.

سىلەر الله نىڭ ئۆزەڭلارغا ئۆگەتكىنى بويىچە ئۆگەتكەن ئوۋچى جانىۋارلارنىڭ شىكار قىلغان نەرسىلىرى ھالال قىلىندى، ئۇلارنىڭ سىلەر ئۈچۈن ئوۋلىغان نەرسىلىرىدىن يەڭلار (ئوۋچى جانىۋارلارنى شىكارغا قويۇپ بەرگەن چېغىڭلاردا) الله نىڭ نامىنى ياد قىلىڭلار (يەنى بىسمىللاھ دەڭلار)، الله (نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىش) تىن ساقلىنىڭلار، الله ھەقىقەتەن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر»»[1].

بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئوۋچى جانىۋارلار ئوۋغا ئۆگىتىلگەن جانىۋارلارنىڭ ھەممىسىنى ئامىباب ھالدا ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنى بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان ئەدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىمۇ ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھەتتا ئۆگىتىلگەن شىرمۇ شۇ ئوۋچى جانىۋارلارنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. ئىمام ئەبۇ يۇسۇف (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) تىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، شىر ۋە ئېيىق ئۇ ئومۇملۇقنىڭ ئىچىگە كىرمەيدىكەن، چۈنكى ئۇ ئىككىسى باشقىلار ئۈچۈن ئوۋ ئوۋلىمايدىكەن، شىر ئالىي ھىممەتلىك بولغانلىقى، ئېيىق پەس خاراكتېرلىق بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىكەن. بەزى ئالىملار تۈرنىنى ئۇنىڭمۇ تەبىئىتى پەس بولغانلىقى ئۈچۈن شىر ۋە ئېيىق قاتارىغا قوشۇۋەتكەن.

توڭگۇز ئۇ ئومۇملۇقتىن مۇستەسنادۇر. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزى نىجىستۇر. شۇڭا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش دۇرۇس بولمايدۇ.

بۇ قاراشقا ئاساسەن، بەزى ئالىملار، ئىتنىڭ ئۆزىمۇ نىجىس بولغانلىقى ئۈچۈن ئىتنىڭ ئوۋ ئوۋلىشى دۇرۇس بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن بۇ قاراشتىكىلەرگە مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ: ئىت ھەققىدە دەلىل بايان قىلىنغان. ئۇ دەلىل ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە، شۇنداقلا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىنغان تۆۋەندىكى ھەدىس شەرىپتە تىلغا ئېلىندى. ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى ئوۋ ئوۋلاش ئۆگىتىلگەن ئىتتىن ياكى چارۋا ـ ماللارنى قوغداش ئۈچۈن باققان ئىتتىن باشقا ئىت باقىدىكەن، ھەر كۈنى ئۇنىڭ ئەجرىدىن ئىككى قىيرات كەملەپ كېتىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. يەنە بىر رىۋايەتتە: «ھەر كۈنى ئۇنىڭ ئەمەلىدىن ئىككى قىيرات كەملەپ كېتىدۇ» دېيىلگەن[2].

شۇنىمۇ تىلغا ئېلىش كېرەككى، ھەۋەس ئۈچۈن ئىت بېقىش مەكروھتۇر. سالىم ئاتىسى ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئوۋ ئىتىدىن ياكى چارۋا ـ ماللارنى قوغداش ئۈچۈن باققان ئىتتىن باشقا ئىت

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 298 ـ بەت.

(2) سۈرە مائىدە، 4 ـ ئايەت.

باقىدىكەن، ھەر كۈنى ئۇنىڭ ئەجرىدىن بىر قىيرات كەملەپ كېتىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىبنى ئەبۇ شەيبە سەھىھ سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان ۋە مۇنداق دېگەن: «ئەبۇ ھەنىفەنىڭ: <ھەۋەس ئۈچۈن ئىت باقسا، ھېچ ۋەقەسى يوق> دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ، مەن: <ئۇ خاتا رىۋايەتتۇر، چۈنكى ئەبۇھەنىفەنىڭ مەزھەپىدە ھەۋەس ئۈچۈن ئىت بېقىش مەكروھتۇر، پەقەت مال ـ مۈلۈكنى ياكى جاننى ياكى يۈز ـ ئابرۇينى (يەنى ئاياللار ئەگەر ئۆزلىرىنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنى قوغداش ئۈچۈن ئىتكە مۇھتاج بولۇپ قالىدىغان ھالەتتە بولسا، ئۇنى ئىت ئارقىلىق) قوغداش ۋەياكى ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن ئىت بېقىش دۇرۇستتۇر، ھەدىسنىڭ تەقەززاسىمۇ شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ> دەپ قارايمەن»[1].

## ئوۋچى جانىۋارلارنىڭ ئوۋلىغان ئوۋلىرىنىڭ ھالال بولۇشىنىڭ شەرتلىرى

ئوۋچى جانىۋارلارنىڭ ئوۋلىغان ئوۋىنىڭ ھالال بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئوۋ ئوۋلاشقا ئۆگىتىلگەن بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. شۇڭا پەقەت ئوۋغا ئۆگىتىلگەن جانىۋارنىڭلا ئوۋلىغان ئوۋى ھالال بولىدۇ. چۈنكى بىز يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن ئۆزلىرىگە (يېمەك ـ ئىچمەكتىن) نېمىلەرنىڭ ھالال قىلىنغانلىقىنى سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «سىلەرگە پاك نەرسىلەر ۋە (ئىت قارچىغا، قۇشقا ئوخشاش) شىكارغا ئۆگىتىلگەن، سىلەر اللە نىڭ ئۆزەڭلارغا ئۆگەتكىنى بويىچە ئۆگەتكەن ئوۋچى جانىۋارلارنىڭ شىكار قىلغان نەرسىلىرى ھالال قىلىندى، ئۇلارنىڭ سىلەر ئۈچۈن ئوۋلىغان نەرسىلىرىدىن يەڭلار (ئوۋچى جانىۋارلارنى شىكارغا قويۇپ بەرگەن چېغىڭلاردا) اللە نىڭ نامىنى ياد قىلىڭلار (يەنى بىسمىللاھ دەڭلار)، اللە (نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىش) تىن ساقلىنىڭلار، اللە ھەقىقەتەن تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر» »[2].

اللە تائالانىڭ: «سىلەر اللە نىڭ ئۆزەڭلارغا ئۆگەتكىنى بويىچە ئۆگەتكەن ئوۋچى جانىۋارلارنىڭ» دېگەن سۆزىدىن سىلەر ئوۋ ئوۋلاشنى ئۆگەتكەن ۋە تەربىيىلىگەن ئوۋچى جانىۋارلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەدىي ئىبنى ھاتەمنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىسىمۇ بۇنىڭ دەلىلىدۇر. مەزكۇر ھەدىسنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «ئوۋغا ئۆگىتىلگەن ئىتلىرىڭنى <بىسمىللاھ> دەپ قويۇپ

(1) سەھىھ بۇخارى، 5481 ـ ھەدىس.

(2) «ئىئلائۇسسۇنەن» 17 ـ توم، 466 ـ بەت.

بەرسەڭ، ئۇ ساڭا تۇتۇپ بەرگەن ئوۋنى يېگىن...»

ئىبنى ئابباس مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئىت ئوۋنى يەپ سالسا، ئۇنىڭ ھالاللىقىنى بوزۇپ قويىدۇ. چۈنكى ئۇ ئوۋنى ئۆزى ئۈچۈن تۇتقان بولىدۇ. الله تائالا: «سىلەر الله نىڭ ئۆزەڭلارغا ئۆگەتكىنى بويىچە ئۆگەتكەن ئوۋچى جانىۋارلارنىڭ» دېدى. شۇڭا سەن ئۇنى ئۇرۇپ، ئوۋلىغان ئوۋىغا چېقىلماسلىقنى ئۆگىتىسەن».

ئەگەر ئىت شۇنداق قىلسا، ئۇ يامان ئادىتىنى تاشلىتىش ئۈچۈن ئۇنى ئۇرۇش لازىم. يەنى ئىتنى ئۇ يامان قىلىقنى تاشلاپ، ئىگىسى كەلگىچە ئوۋنى يېمەستىن، سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشقا ئادەتلەندۈرۈش كېرەك[1].

ئىتنىڭ ئوۋنى يېمەستىن ئىگىسى ئۈچۈن ئۈچ قېتىم ساقلىشى ئۇنىڭ ئوۋغا ئۆگىتىلگەنلىكىنىڭ ئىسپاتىدۇر. قارچىغىنىڭ ئىگىسى چاقىرغاندا ئاۋازنى ئاڭلاپ دەرھال قايتىپ كېلىشى ئۇنىڭ ئوۋغا ئۆگىتىلگەنلىكىنىڭ ئىسپاتىدۇر. بۇ قاراش ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببياس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان. چۈنكى قارچىغىنىڭ تېنى تاياق كۆتۈرەلمەيدۇ. ئىتنىڭ تېنى تاياق كۆتۈرىدۇ. شۇڭا ئىتقا ئوۋغا چېقىلماسلىقنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئىت ئۇرۇلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئوۋغا ئۆگەنگەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئادەتتە ئۆزى يەيدىغان نەرسىنى ئىگىسى ئۈچۈن ساقلىشىدۇر. قارچىغا بولسا ئىنساندىن قاچىدىغان ياۋايى جانىۋاردۇر. شۇڭا ئۇنىڭ چاقىرغاندا كېلىشى ئوۋغا ئۆگەنگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئىت گەرچە كۆنۈك ھايۋان بولسىمۇ، نەرسىلەرنى ئېلىپ قېچىپ يەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئوۋغا ئۆگەنگەنلىكىنىڭ ئالامىتى يەيدىغان نەرسىسىنى يېمەسلىكىدۇر.

ئىتنىڭ ئوۋنى يېمەستىن ئىگىسى ئۈچۈن ئۈچ قېتىم ساقلىشى شەرت قىلىنىدۇ. بۇ، ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە مۇھەممەدنىڭ قارىشىدۇر. ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇ بىر رىۋايەتتە مۇشۇ قاراشتا بولغان. ئەگەر ئۈچ قېتىمدىن تۆۋەن بولسا، ئېھتىماللىقتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئىت قورسىقى توق بولغانلىقى ئۈچۈن ئوۋنى بىرەر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم يېمەسلىكى مۇمكىن. ئەگەر ئۇ ئۈچ قېتىم يېمىسە، بۇ ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ[2].

<ئۈچ قېتىم> دېگەن سۆزدىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قېتىم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىت توق ئەمەس، ئاچ تۇرسىمۇ ئوۋنى چوقۇم يېمەسلىكى كېرەك. بۇ يېيىش تېرە، سۆڭەك، قانات، تىرناق ۋە باشقىلارنى ئومۇمەن ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما ئوۋنىڭ قېنىنى ئىچىش ئوۋنىڭ ھالاللىقىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. بۇ مەسىلە ئالدىمىزدا بايان

(1) سۈرە مائىدە، 4 ـ ئايەت.

(2) «فەتهۇلبارى» 9 ـ توم، 610 ـ بەت.

قىلىنىدۇ.

قارچىغا قانچە قېتىم كەلسە، ئۇۋغا ئۆگىتىلگەن بولىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنمىدى. شۇڭا ئۇ ئىت ھەققىدە بايان قىلىنغان پەرقلىق قاراشلار ئاساس بولۇشى كېرەك. ئەگەر: بىر قېتىم چاقىرغاندا كەلسە، ئۇۋغا ئۆگەنگەن بولىدۇ دېيىلسە، بۇ بىر تەرەپلىمە قاراش بولىدۇ. چۈنكى قورقۇنچ ئۇنى قاچۇرىۋېتىدۇ. ئىت بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ئەگەر قارچىغا ئىگىسىدىن قېچىپ كەتسە، ئاندىن ئىگىسى ئۇنى چاقىرغاندا كەلمىسە، ئۇۋغا ئۆگەنمىگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىگىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكەندىن كېيىن ئۇچ قېتىم ئۇنىڭ چاقىرىشىنى ئاڭلاپ كەلسە، ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە مۇھەممەدنىڭ قارىشىدا ئۇنىڭ ئۇۋغا ئۆگەنگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

قارچىغىنىڭ ئوۋنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى يېمەسلىكى ئۇنىڭ ئۇۋغا ئۆگەنگەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئەمەس. بەلكى ئۇ ئىگىسى چاقىرغاندا دەرھال كېلىشى كېرەك. بۇ ھالدا ئۇ ئوۋدىن يېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئۇۋلىغان ئوۋى يېيىلىدۇ. بەزى ئالىملار: «ئەگەر ئىگىسى چاقىرغاندا چاقىرىپ كۆندۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن گۆش تەمە قىلماستىن (يەنى ئىگىسىنىڭ قولىدىن گۆش يېيىشنى تەمە قىلماستىن) كەلسە، ئاندىن ئۇنىڭ ئوۋى يېيىلىدۇ. ئەمما پەقەت گۆشنى تەمە قىلىپ كەلسە، بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۇۋغا ئۆگىتىلگەن بولمايدۇ» دېدى.

ئەگەر قارچىغا ئۇۋلىغان ئوۋدىن يېگەن تەقدىردىمۇ، ئوۋ يېيىلىدۇ. چۈنكى ئۇنى ئوۋ ئۇۋلاشقا ئۆگىتىش ئۇنىڭ ئوۋنى يېمەسلىكى ئەمەس. ئەگەر ئىت ۋە شۇنىڭدەك ئوۋچى ھايۋانلار ئوۋدىن يېسە، مەيلى ئۇنىڭ يېيىشى ناھايىتى ئاز يۈز بەرسىمۇ ياكى ئادەت بولسىمۇ، ھەنەفىي مەزھەپىدە ئۇ ئوۋ مۇتلەق يېيىلمەيدۇ. ئارىدىكى پەرق بىز بايان قىلغىنىمىزدەك، ئۇۋغا ئۆگىتىش ئالامىتىنىڭ پەرقلىق بولۇشىدۇر. ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ بۇ قاراشىنى ئەدىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان ھەدىسى كۈچلەندۈرىدۇ.

ئەگەر ئىت بىرقانچە ئوۋ ئۇۋلىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن يېمىگەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئوۋ ئۇۋلاپ، ئۇنىڭدىن يېگەن تەقدىردە، يېيىلگەن بۇ ئوۋ يېيىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇنداق قىلغانلىق ئىتنىڭ ئوۋ ئۇۋلاشنى بىلمىگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇۋلىغان ئوۋمۇ، تاكى ئىت ئۇۋغا ئۆگىتىلگەن بولغانغا قەدەر يېيىلمەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىن ئىلگىرى تۇتقان مەزكۇر ئوۋلاردىن يېمىگەنلا بولسا، ھاراملىقى ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا ئۇنى ھارام دېيىشنىڭ ھېچ سەۋەبى يوق.

ئەگەر قارچىغا ئىگىسىدىن قېچىپ كېتىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئوۋ ئۇۋلىسا، ئۇنىڭ ئوۋى يېيىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆگىتىلگەن نەرسىنى تاشلىۋەتكەن

بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۇۋدىن يېگەن ئىتقا ئوخشاش ئۇۋ ئۇۋلاشنى بىلمەيدىغانلىقى بىلەن ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

ئەگەر ئۇۋغا ئۆگىتىلگەن جانىۋارنىڭ ئۇۋلىغان ئۇۋنى ئىگىسى ئېلىۋالغان، ئاندىن ئۇنىڭدىن بىر پارچە كېسىپ، ئۇۋچى جانىۋارغان تاشلاپ بەرگەن، جانىۋار ئۇنى يېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇۋنىڭ قالغىنى يېيىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۇۋ (ئىگىسىنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن) ئۇۋ ھالىتىنى ساقلاپ قالمايدۇ. شۇڭا ئۇۋچى جانىۋارغا ئۇۋدىن باشقا يېمەكلىكنى تاشلاپ بەرگەندەك بولىدۇ.

ئەگەر ئىت ئۇۋنى تۇتىۋالغان، ئاندىن ئىگىسى ئۇنى ئۇنىڭدىن ئېلىۋالغان، ئاندىن ئىت ئۇنىڭدىن يېگەن تەقدىردىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى ئۇ بۇ ۋاقىتتا ئۇۋدىن يېگەن ھېسابلانمايدۇ. ئەسلىدە ئۇۋدىن يېمەسلىك شەرت قىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ كېيىنكى يېيىشى ئىگىسىنىڭ قويىغا خىرىس قىلغانغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەگەر ئىگىسى ئۇۋنى ئېلىۋېلىشتىن ئىلگىرى شۇنداق قىلسا، ھۆكۈم ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. چۈنكى ئۇۋ تېخى ئۇۋ ھالىتىدە بولغان بولىدۇ.

ئەگەر ئىت ئۇۋنى چىشلەپ، ئۇنىڭدىن بىر چىشلەم ئۈزىۋالسا ۋە ئۇنى يەۋەتسە، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇۋنى تۇتىۋېلىپ ئۆلتۈرگەن، لېكىن ئۇنىڭدىن يېمىگەن تەقدىردىمۇ ئۇۋ يېيىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئىت ئۇۋدىن يەپ سالغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئۇۋ ئۇۋلاشنى بىلمەيدىغان ئىتنىڭ ئۇۋى ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر ئىت چىشلەپ ئۈزىۋالغان نەرسىنى تاشلىۋېتىپ، ئۇۋنى قوغلىغان ۋە ئۇنى ئۆلتۈرگەن، ئۇنىڭدىن يېمىگەن، ئىگىسى كېلىپ ئۇنى ئالغان، ئاندىن ئىت تاشلىۋەتكەن شۇ بىر چىشلەم گۆشنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ئۇنى يېگەن تەقدىردە، ئۇۋ يېيىلىدۇ. چۈنكى ئۇ بۇ ھالەتتە ئۇۋنىڭ ئۆزىدىن يېسىمۇ ھالال ـ ھاراملىقىغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەگەر ئىت ئۇۋدىن ئاجراپ كەتكەن ئەزادىن يېگەن تەقدىردە، ئىگىسىگە شۇ ئەزانىڭ ھالال بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئالدىنقى قاراشقا قارىغاندا ئۇۋ تېخىمۇ ھالال بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۇنى ئۇۋلاش ھالىتىدە يېگەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىت ئۇۋ ئۇۋلاشنى بىلمىگەن ۋە ئۇۋنى ئۆزى ئۈچۈن تۇتقان ھېسابلىنىدۇ. ئىمىشقا دېگەندە، ئۇۋدىن بىر چىشلەم ئۈزۈۋېلىشنىڭ، ئۇنى يېيىش ئۈچۈن بولغانلىقىنىڭمۇ ياكى ئۇۋ ئۇۋلاشتا ھىيلە ئىشلىتىپ، ئۇنىڭ بەدىنىدىن چىشلەپ ئۈزۈۋېلىش بىلەن ئۇنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن بولغانلىقىنىڭمۇ ئېھتىمالى بولىدۇ. شۇڭا ئۇنى تۇتىۋېلىشتىن ئىلگىرى يېيىش ئالدىنقى قاراشنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنى تۇتىۋالغاندىن كېيىن يېيىش ئىككىنچى قاراشنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۇۋ ئۇۋلاشنى بىلمىگەنلىك ھېسابلانمايدۇ.

ئەگەر ئىت ئۇۋنىڭ قېنىدىن ئىچسە، لېكىن گۆشىدىن يېمىسە، ئۇۋ يېيىلىدۇ.

چۈنكى ئىت ئۇ ئوۋنى ئىگىسى ئۈچۈن تۇتقان بولىدۇ. ئىتنىڭ ئىگىسىگە پايدىلىق بولمىغان قاننى ئىچىپ، ئۇنىڭغا پايدىلىق بولغان گۆشنى ئۇنىڭغا ساقلىشى ئۇنىڭ ئوۋغا غايەت زور دەرىجىدە ئۇستا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ[1].

ئوۋچى جانىۋارلار ئوۋلىغان ئوۋنىڭ ھالال بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى قويۇپ بەرگۈچىنىڭ مۇسۇلمان ياكى ئەھلى كىتاب بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنى قويۇپ بەرگۈچى ئوتپەرەس ياكى بۇتپەرەس ياكى مۇرتەد، ياكى ئېھرامدىكى مۇسۇلمان بولسا، ئوۋلانغان ئوۋ ھالال بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار مال بوغۇزلاش سالاھىيىتىگە ئىگە كىشىلەردىن ئەمەس.

ئەگەر ئوۋغا ئۆگىتىلگەن بىرەر قارچىغا ئوۋنى تۇتقاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈپ قويغان تەقدىردە، ئۇنى ئىنسان قويۇپ بەرگەن ياكى ئىنسان قويۇپ بەرمىگەنلىكى مەلۇم بولمىسا، ئۇنى قويۇپ بېرىشتە شەك تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن ئوۋلانغان ئوۋ يېيىلمەيدۇ. ئۇنى ئىنسان قويۇپ بەرگەنلىك ئىسپاتلانماي تۇرۇپ، ئوۋنىڭ مۇباھلىقى ئىسپاتلانمايدۇ.

ئەگەر بىر مۇسۇلمان ئىتنى قويۇپ بەرگەن، ئاندىن ئۇنى بىر ئوتپەرەس توسىۋالغان، ئۇنىڭ توسۇشى بىلەن ئىتمۇ توختىغان بولسا، ئىتنىڭ ئوۋلىغان ئوۋنى يېيىشنىڭ ھېچ يامىنى يوق. بۇ يەردىكى «توسىۋالغان» دېگەن سۆز ئىتقا تولۇق ئالداشنى، «ئىتمۇ توختىغان» دېگەن سۆز تەلەپنىڭ تېخىمۇ زىيادە بولۇشىنى ئىزھار قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنى مۇنداق چۈشەندۈرۈش كېرەككى، ئىش ـ ھەرىكەت يۇقىرىغا قاراپ كۆتۈرۈلىدۇ ياكى ئوخشاشلىقنى ساقلاپ قالىدۇ. مەسىلەن، ئايەتلەرنىڭ مەنسۇخ بولۇشىغا ئوخشاش. بۇ يەردىكى توسۇش ئۇنى قويۇپ بەرگەندىن كېيىن شۇ قويۇپ بېرىشكە بىنائەن بولىدۇ.

ئەگەر ئىتنى بىر ئوتپەرەس قويۇپ بەرگەن، ئاندىن ئۇنى بىر مۇسۇلمان توسىۋالغان، ئۇنىڭ توسۇشى بىلەن ئىتمۇ توختىغان بولسا، ئۇ ئىت ئوۋلىغان ئوۋ يېيىلمەيدۇ. چۈنكى بۇ يەردىكى توسۇش قويۇپ بەرگەندىن كېيىن ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ھاراملىقى ھەققىدە شۈبھە تۇغۇلمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ھالاللىقىنىڭ ئىسپاتلانماسلىقى تېخىمۇ ئەۋزەلدۇر.

مۇرتەد، ئېھرامدىكى مۇسۇلمان ۋە بىسمىللاھنى قەستەن تەرك قىلغۇچى قاتارلىقلارغا ئوخشاش مال بوغۇزلاش سالاھىيىتىگە ئىگە ئەمەس كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ مەسىلىدە ئوتپەرەسنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ.

(1) «ئەلھىدايە» 4 ـ توم، 116 ـ بەت.

ئەگەر ئىتنى ھېچكىم قويۇپ بەرمىگەن بولۇپ، ئۇنى بىر مۇسۇلمان تۇسىۋالغان، ئىتمۇ توختىغان، ئاندىن مۇسۇلمان ئوۋنى ئۇنىڭدىن ئېلىۋالغان تەقدىردە، ئۇنى يېيىشنىڭ ھېچ يامىنى يوق. چۈنكى توسۇش قېچىپ كېتىش ھۆكمىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. گەرچە توسۇش قېچىپ كېتىشتىن تۆۋەن تۇرسىمۇ، ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنغۇچى ئىنساننىڭ قىلغان ئىشى بولغانلىقى ئۈچۈن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ھۆكۈم جەھەتتە تەڭلىشىدۇ. شۇڭا ئىلگىرىكى ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولىدۇ[1].

## بىسمىللاھ دېيىشنىڭ شەرتى

پۈتلىرىغا ياكى قاناتلىرىغا تايىنىپ قېچىپ كېتىشكە قادىر ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاش ئۈچۈن ئوۋچى جانىۋارنى قويۇپ بەرگەندە، گەرچە ھۆكۈم جەھەتتە بولسىمۇ <بىسمىللاھ> دېيىش شەرت قىلىنىدۇ. <بىسمىللاھ> دېيىشنى ئۇنتۇپ قالغۇچى ھۆكۈم جەھەتتە <بىسمىللاھ> دېگۈچى ھېسابلىنىدۇ. <بىسمىللاھ> دېيىش بىلەن تەڭ قويۇپ بېرىش شەرتتۇر. ئەگەر ئۇنى قويۇپ بەرگەندە <بىسمىللاھ> دېيىشنى قەستەن تەرك ئەتكەن، ئاندىن ئۇنى <بىسمىللاھ> دېيىش بىلەن توسقان، ئىتمۇ توختىغان تەقدىردە، ئۇ تۇتقان ئوۋ يېيىلمەيدۇ. مەجبۇرىي بوغۇزلاش ئۇسۇلىدا تۇتقان ۋاقىتتا <بىسمىللاھ> دېيىش ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئىختىيارىي بوغۇزلاش ئۇسۇلىنىڭ دەل ئەكسىدۇر. نېمىشقا دېگەندە بۇنىڭدا <بىسمىللاھ> ئوۋچى جانىۋارغا ياكى ئەسۋابقا ئەمەس، بوغۇزلانماقچى بولغان مالغا دېيىلىدۇ. ئەگەر قوينى ياتقۇزۇپ بولۇپ، <بىسمىللاھ> دېگەن ئاندىن ئۇنى قويۇۋېتىپ، باشقا بىر قوينى ئالدىنقى <بىسمىللاھ> دېيىش بىلەن بوغۇزلىسا، دۇرۇس بولمايدۇ.

ئەگەر ئوۋغا ئوق ئاتقان ياكى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئىت قويۇپ بەرگەن تەقدىردە، ئوق باشقا بىر ئوۋغا تېگىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويسا، ئوۋ يېيىلىدۇ. ئەگەر بىر قوينى ياتقۇزۇپ <بىسمىللاھ> دېگەن، ئاندىن پىچاقنى تاشلىۋېتىپ باشقا بىر پىچاقنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇ قوينى بوغۇزلىغان تەقدىردە، قوي يېيىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بىر ئوققا <بىسمىللاھ> دېگەن، ئاندىن باشقا بىر ئوقنى ئاتقان تەقدىردە، ئوۋ يېيىلمەيدۇ.

شۇنداقلا ئوۋغا ئۆگىتىلگەن ئىتنىڭ ئوۋنى ياردار قىلىشىغا ئوۋغا ئۆگىتىلمىگەن ئىت، ئوتپەرەسنىڭ ئىتى، ئىگىسى تەرىپىدىن قويۇپ بېرىلمىگەن ئىت، <بىسمىللاھ> دېيىلمەي قويۇپ بېرىلگەن ئىت قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئوۋى يېيىلمەيدىغان ئىتنىڭ

(1) «ئەلھىدايە» 4 ـ توم، 117 ـ بەت.

شېرىك بولماسلىقى شەرت قىلىنىدۇ. ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئىتىڭنى <بىسمىللاھ> دەپ قويۇپ بەرسەڭ، ئاندىن ئۇ ئىت ئوۋ تۇتسا ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويسا، سەن ئۇنى يېگىن. ئەگەر ئىتنىڭ ئۆزى ئوۋدىن يېگەن بولسا، سەن يېمىگىن. بۇ ھالدا ئۇ ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن تۇتقان بولىدۇ. ئەگەر <بىسمىللاھ> دېيىلمىگەن ئىتلار ئارىلىشىپ قېلىپ، ئۇلار ئوۋنى تۇتقان ۋە ئۆلتۈرۈپ قويغان تەقدىردە يېمىگىن. سەن بۇ ھالدا ئوۋنى ئۇ ئىتلارنىڭ قايسىسى ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلمەي قالىسەن. ئەگەر ئوۋغا ئوق ئاتساڭ، ئاندىن ئۇنى بىر كۈن ياكى ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆلۈك تاپساڭ، ئۇنىڭدا سېنىڭ ئوقۇڭنىڭ ئىزىدىن باشقا ئىز بولمىسا، ئۇنى يېگىن. ئەگەر ياردار ئوۋ سۇغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغان بولسا، يېمىگىن»[1].

ئىمام تىرمىزى، نەسائى ۋە تاھاۋى سەئىد ئىبنى جۇبەير ئارقىلىق ئەدىي ئىبنى ھاتەمدىن رىۋايەت قىلغان ئۇ ھەدىستە مۇنداق سۆزلەر زىيادە بايان قىلىنغان: «ئاندىن ئوۋنى ئوقۇڭ تەككەن ھالدا تاپساڭ، ئەمما ئۇنىڭدا يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ ئىزىنى تاپمىساڭ ۋە ئۇنى ئوقۇڭنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى بايقىساڭ، ئۇنىڭدىن يېگىن».

رافىئى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىستىن، ئەگەر ئوۋنى يارىلاندۇرسا، ئاندىن ئۇ يوشۇرۇپ كەتسە، ئاندىن ئۇنى ئۆلۈك تاپسا، ھالال بولمايدۇ دېگەن ھۆكۈم ئېلىنىدۇ. ئىمام شافىئىمۇ <ئەلمۇختەسەر> ناملىق كىتابىدا ئۇنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويغان». ئىمام نەۋەۋي: «ھالاللىق دەلىل بولۇپ قالدى» دېگەن.

ئىمام بەيھەقى <ئەلمەئرىفە> ناملىق كىتابىدا ئىمام شافىئىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ: «ئىت سېنىڭ كۆز ئالدىڭدا ئۆلتۈرگەن ئوۋنى يېگىن، سېنىڭ كۆز ئالدىڭدىن يوقاپ كېتىپ ئۆلگەن ئوۋنى يېمىگىن» دېگەن سۆزى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ دەلىلدىن باشقىسى مېنىڭ قارىشىمدا توغرا ئەمەس، لېكىن بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەنلىرى توغرىدۇر. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپ بولغان ھەرقانداق نەرسە بىكار قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ سۆزى بار يەردە كۆزقاراش ۋە قىياس دەلىل بولالمايدۇ». ئىمام بەيھەقى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ مەسىلە ھەققىدە ھەدىس رىۋايەت قىلىندى. شۇڭا ئىمام شافىئىنىڭ سۆزى تۇتقا قىلىنىشى كېرەك».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئەگەر ياردار ئوۋ سۇغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغان بولسا، يېمىگىن» دېگەن سۆزىدىن ئالدىنقىسىغا قارىغاندا بۇنى يېيىشنى مەنئى قىلىشنىڭ سەۋەبى چىقىپ تۇرىدۇ. چۈنكى بۇ چاغدا ئۇنى ئوق ئۆلتۈردىمۇ

(1) «ئەلھىدايە» 4 ـ توم، 120 ـ بەت.

**ياكى سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلدىمۇ؟ دېگەن ئىككىلىنىش تۇغۇلىدۇ. ئەگەر ئۇنى ئوق تېگىپ ئۆلتۈرگەنلىكى، ئۇنىڭ ئوق ئۆلتۈرگەندىن كېيىن سۇغا چۈشۈپ كەتكەنلىكى ئېنىقلانسا، ئۇنى يېيىش ھالال بولىدۇ. ئىمام نەۋەۋىي سەھىھ مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئوۋ سۇغا غەرق بولغان ھالدا تېپىلسا، پۈتۈن ئالىملارنىڭ ئىتتىپاق قارىشىدا ئۇ ھارام بولىدۇ».**

**رافىئى ئۇنى مۇنداق ئوچۇقلاشتۇردى: ئۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئوۋ شۇ يارىدارلىق ھالىتىدە بوغۇزلانغان مالنىڭ ھەرىكەت دەرىجىسىگە يەتمىدى. ئەگەر كانايىنى كېسىش بىلەن، مەسىلەن، شۇ دەرىجىگە يەتسە ئىدى، ئۇنى بوغۇزلاش تاماملانغان بولاتتى. ئۇ قاراشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىمام مۇسلىم رىۋايىتىدىكى مۇنۇ سۆزى كۈچلەندۈرىدۇ: «ئۇنى سۇ ئۆلتۈردىمۇ ياكى ئوقۇڭمۇ؟ سەن بۇنى بىلمەيسەن». مانا بۇ، ئەگەر ئۇنى ئوق ئۆلتۈرگەنلىكى بايقالسا، ئۇنىڭ ھالال بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.**

**ئىمام مۇسلىمنىڭ ئەبۇسەئلەبەدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئوقۇڭنى ئاتساڭ، ئاندىن ئوۋ كۆزۈڭدىن غايىب بولسا، ئاندىن سەن ئۇنى تېپىۋالساڭ، ئۇ پۇراپلا قالمىغان بولسا، ئۇنى يېگىن». ئوۋنى ئۈچ كۈندىن كېيىن تاپقان كىشى قانداق قىلىدۇ؟ دېگەن سۇئالغا جاۋاب بېرىلگەن ھەدىسنىڭ لەۋزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «پۇراپلا قالمىغان بولسا يېگىن». ئىمام ئەبۇ داۋۇدمۇ ئەمر ئىبنى شۇئەيبنىڭ چوڭ دادىسىنىڭ سەنىدى بىلەن ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان[1].**

**ئەگەر ئوۋغا ئۆگىتىلگەن بىرەر قارچىغا ئوۋنى تۇتقاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈپ قويغان تەقدىردە، ئۇنى ئىنسان قويۇپ بەرگەن ياكى ئىنسان قويۇپ بەرمىگەنلىكى مەلۇم بولمىسا، ئۇنى قويۇپ بېرىشتە شەك تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن ئوۋ يېيىلمەيدۇ. ئۇنى ئىنسان قويۇپ بەرگەنلىك ئىسپاتلانماي تۇرۇپ، ئوۋنىڭ مۇباھلىقى ئىسپاتلانمايدۇ[2].**

**قىسقىسى، ئوۋغا ئۆگىتىلگەن جانىۋارغا ئوۋنى تۇتۇش ۋە ئۇنى يارىلاندۇرۇشتا ئوۋغا ئۆگىتىلمىگەن جانىۋار شېرىك بولسا، ئوۋلانغان ئوۋ ھالال بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنى پەقەت تۇتۇشتا شېرىك بولسا، مەسىلەن، ئوۋ بىرىنچى جانىۋاردىن قېچىپ كەتكەن بولۇپ، ئىككىنچى جانىۋار ئۇنى يارىلاندۇرماستىن بىرىنچى جانىۋارغا توسۇپ بەرسە، ئۇ بىرىنچى جانىۋارنىڭ يارىلاندۇرۇشى بىلەن ئۆلسە، توغرا قاراشقا ئاساسەن، ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىش ھارامغا يېقىن مەكروھتۇر. بەزىلەر: «ئۇ ھالالغا يېقىن مەكروھتۇر» دېگەن.**

---

(1) سەھىھ بۇخارى، **5484** ـ ھەدىس.

(2) «فەتھۇلبارى» **9** ـ توم، **611** ـ بەت.

ئۇنىڭ دەل ئەكسىچە، ئۇ ئوۋنى بىر ئوتپەرەس ئۆزىنىڭ كۈچى بىلەن ئۇنىڭغا توسۇپ بەرسە، ئۇنى يېيىش مەكروھ بولمايدۇ. چۈنكى ئوتپەرەسنىڭ ئۇنى توسۇش ھەرىكىتى ئىتنىڭ ھەرىكىتىنىڭ تىپىدىن ئەمەس. شۇڭا بۇ يەردە شېرىكچىلىك ئەمەلىيلەشمەيدۇ. ئىككى ئىتنىڭ ھەرىكىتى بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى ئىككىنچى ئىت بىرىنچى ئىتقا توسۇپ بەرمىسە، لېكىن بىرىنچى ئىتقا ئۇنى تىزگىنلەش قىيىن بولۇپ قېلىپ، شۇ سەۋەبتىن بىرىنچى ئىت ئوۋغا قاتتىقلىق ئىشلىتىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويسا، ئۇنى يېيىشنىڭ ھېچ يامىنى يوق. ئەگەر ئۇۋ ئوۋلاشنى ئۆگىتىش ئىمكانى بار بىرەر يىرتقۇچ ھايۋان ياكى يىرتقۇچ تىرناقلىق قۇش ئوۋنى ئۇ ئىتقا توسۇپ بەرسە، ھايۋانلىق تىپىدا ئوخشاشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھۆكمى ئوۋنى توسۇپ بەرگەن ئىتنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى ئۇنىڭغا كالا ۋە تۆگىگە ئوخشاش ئۇۋ ئوۋلاش ئىمكانى بولمىغان ھايۋان توسۇپ بەرسە، ئۇنىڭ ھۆكمى دەل ئەكسىچە بولىدۇ (يەنى يېيىلمەيدۇ). قارىچىغىمۇ بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسىدە ئىتقا ئوخشايدۇ[1].

مۇئەييەن بىر ئىتنى قويۇپ بەرگەندىن كېيىن ئوۋنىڭ شۇ قويۇپ بېرىشتە ئوۋلانغان بولۇشى ئۈچۈن ئۇ ئىت ئارىدا ئۇزاق دەم ئېلىۋالماسلىقى كېرەك. ئەگەر قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن نان يېسە ياكى سىيسە، ياكى شۇنچىلىك باشقا بىر ئەمەل بىلەن مەشغۇل بولسا، ئۇنىڭ ئوۋلىغان ئوۋى يېيىلىدۇ. ئەگەر ئىت ئوۋنى ياكى سولغا بۇرۇلۇپ ياكى ئوۋنى قوغلاشتىن باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرگەن، ئۆزىنىڭ يولىغا ئالدىرىمىغان، ئاندىن ئوۋنى قوغلاپ، ئۇنى تۇتىۋالغان تەقدىردە، ئوۋنىڭ گۆشى يېيىلمەيدۇ، پەقەت ئىتنى يېڭىلاپ قويۇپ بەرگەن ۋە ئۇنى ئىگىسى توسقان چاغدىلا ئاندىن يېيىلىدۇ. ئەگەر ئىت خۇددى يىلپىز ئۆزىنى دالدىغا ئالغىنىدەك دەم ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ھىيلە ئىشلىتىش ئۈچۈنلا ئۆزىنى دالدىغا ئالسىمۇ يېيىلىدۇ.

شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئالىملار يىلپىزنىڭ نۇرغۇن خىسلەتلىرىنىڭ بارلىقىنى، ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ ئۇنىڭدىن ئۇ خىسلەتلەرنى ئۆگىنىشىنىڭ لازىملىقىنى بايان قىلغان. ئۇ خىسلەتلەردىن بىرى شۇكى، يىلپىز ئوۋنى تۇيدۇرماي تۇتىۋېلىش ئۈچۈن يوشۇرۇنۇشنى بىلىدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ ئوۋ ئۈچۈن ئىشلەتكەن ھىيلىسىدۇر. شۇڭا ئەقىللىق كىشى ئۆزىنىڭ دۈشمىنىگە قارشى ئىكەنلىكىنى ئاشكارا جاكارلىماسلىقى، كۆپ جاپا تارتماستىن مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئەپلىك پۇرسەت كۈتۈشى كېرەك.

ئۇ خىسلەتلەردىن يەنە بىرى شۇكى، يىلپىز ئوۋ ئوۋلاشنى تاياق يەپ ئۆگەنمەيدۇ.

(1) «ئەلھىدايە» 4 ـ توم، 120 ـ بەت.

لېكىن ئىت ئوۋنى يېگەن تەقدىردە يىلپىزنىڭ ئالدىدا ئۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يىلپىز ئوۋ ئوۋلاشنى ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئەقىللىق ئىنسان باشقىلارغا قىلىنغان ۋەز ـ نەسىھەتتىن ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدۇ. شۇڭا بەختلىك كىشى باشقىلارغا (قىلىنغان نەسىھەت بىلەن) ۋەز ـ نەسىھەت ئالغان ئادەمدۇر، دېگەن سۆز بار.

ئۇ خىسلەتلەردىن يەنە بىرى شۇكى، يىلپىز مەينەت نەرسىنى يېمەيدۇ. شۇڭا ئۇ ئىگىسىدىن پەقەت پاكىز گۆش تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئەقىللىق كىشىمۇ پەقەتلا پاكىز نەرسىنى يېيىشى كېرەك.

ئۇ خىسلەتلەردىن يەنە بىرى شۇكى، يىلپىز ئوۋغا ئۈچ قېتىم ياكى بەش قېتىم ئېتىلىدۇ. ئەگەر تۇتالمىسا، تەرك ئېتىدۇ ۋە: باشقىلارغا ئىشلەيمەن دەپ ئۆزەمنى ئۆلتۈرمەيمەن، دەيدۇ. ھەر بىر ئەقىللىق كىشىمۇ مۇشۇنداق بولۇش كېرەك (يەنى قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشنى قىلىمەن، دەپ ئۇنىڭغا چىڭ ئىسلىۋالماسلىقى لازىم)[1].

ئەگەر ئىت ئوۋنى يارىلاندۇرماستىن، بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويسا، ئوۋ يېيىلمەيدۇ. چۈنكى بىز يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، زاھىري رىۋايەتكە ئاساسەن ئوۋنى يارىلاندۇرۇش شەرت قىلىنىدۇ. مانا بۇ ساڭا شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ئوۋ بىرەر ئەزانى سۇندۇرۇپ ئۆلتۈرۈش بىلەنمۇ ھالال بولمايدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ مۇنداق قارايدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئەگەر ئوۋنى ئۇنىڭ بىرەر ئەزاسىنى سۇندۇرۇپ ئۆلتۈرسە، ئۇنى يېيىشنىڭ ھېچ يامىنى يوق. چۈنكى ئۇ ئىچىدىن يارىلاندۇرۇش بولۇپ، سىرتقى تەرەپتىن يارىلاندۇرۇشقا ئوخشايدۇ». ئالدىنقى قاراشنىڭ دەلىلى شۇكى، ئوۋدا ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان نەرسە يارىلاندۇرۇش بولۇپ، ئۇ قاننىڭ ئېقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بىرەر ئەزانى سۇندۇرۇش بىلەن قان ئېقىشى ھاسىل بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ بوغۇپ ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاپ قالىدۇ[2].

## تىرىك ئوۋنى بوغۇزلاشنىڭ ۋاجىپلىقى

ئەگەر ئوۋ ئوۋلايدىغان جانىۋارنى قويۇپ بەرگۈچى ئادەم ئوۋلانغان ئوۋنىڭ قېشىغا بارغان ۋاقىتىدا ئۇ ئوۋ تىرىك ھالەتتە بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئوۋنى بوغۇزلىشى ۋاجىپ بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ ئوۋنى بوغۇزلىمىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئوۋ ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئوۋ يېيىلمەيدۇ. قارچىغا تۇتقان ۋە ئوق تەككەن ئوۋمۇ شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 300 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 301 ـ بەت.

ئوۋچى بۇ ۋەزىيەتتە بەدەل قىلىپ بېكىتىلگەن مەقسەتتىن ئىلگىرى ئەسلى بېكىتىلگەن مەقسەتكە ئېرىشىشكە قادىردۇر. ئۇ مەقسەت بولسىمۇ، ئوۋنى مۇباھ قىلىشتۇر. ئوۋنىڭ ئۆلىشىدىن ئىلگىرى ئۇ مەقسەت ھاسىل بولمىغانلىقى ئۈچۈن بەدەل ھۆكمى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ھۆكۈم ئوۋنى بوغۇزلاشقا قادىر بولغان ۋەزىيەتكە قارىتىلىدۇ. ئەمما ئوۋ ئوۋچىنىڭ قولىغا تىرىك چۈشكەندىن كېيىن ئۇنىڭ جېنى بوغۇزلاشقا تېگىشلىك ھايۋاننىڭ جېنىدىن كۆچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن ئوۋچى ئۇنى بوغۇزلىيالمىسا، كۆچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن يېيىلمەيدۇ.

ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئەبۇيۇسۇف (اللّٰه ئۇ ئىككىسىگە رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ: «ئۇ ھالال بولىدۇ» دەپ قارايدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. ئۇ ئىمام شافىئى (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭمۇ قارىشىدۇر. چۈنكى ئوۋچى ئەسلى بېكىتىلگەن مەقسەتكە قادىر ئەمەس. شۇڭا ئۇ خۇددى سۇنى كۆرگەن، لېكىن ئۇنى ئىشلىتىشكە قادىر بولالمىغان كىشىنىڭ تەيەممۇم قىلغىنىغا ئوخشاش، چارىسىز ھېسابلىنىدۇ.

بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرساق، ئوۋچى ئېتىبار جەھەتتە قادىر بولدى. چۈنكى ئۇنىڭ قولى بوغۇزلىنىدىغان يەرگە تەگدى. ھالبۇكى، ئۇ ئوۋنى بوغۇزلاش ئىمكانىيىتى يارىتىلغان بىر جايدا تۇرغان بولىدۇ. لېكىن بۇنى ئېتىبارغا ئېلىش مۇمكىن ئەمەس. نېمىشقا دېگەندە، ئۇنىڭغا چوقۇم يېتەرلىك ۋاقىت بولۇشى كېرەك. ئىنسانلار ئاقلانىلىك ۋە مال بوغۇزلاش ئىشىدا پەرقلىق بولىدۇ. شۇڭا ھۆكۈم بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان بويىچە بولىدۇ. پەقەت ئۇنىڭدا بوغۇزلانغان ھايۋاندا بولغىنىدەك جان بولمىسا، ھۆكۈم ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ھۆكۈم جەھەتتە ئۆلۈك ھېسابلىنىدۇ. شۇنى ئېنىق بىلىسەنكى، ئەگەر ئۇ مۇشۇ ھالەتتە سۇغا چۈشۈپ كەتسە، ھارام بولمايدۇ. مەسىلەن، ئۇ ئۆلۈك ھالەتتە چۈشۈپ كەتسىمۇ ھارام بولمايدۇ. ئوۋ جەريانىدا ئۆلۈپ قالغان ھايۋان بوغۇزلانمايدۇ.

بەزى ئالىملار بۇ مەسىلىدە تەپسىلىي توختالغان بولۇپ، ئەگەر بوغۇزلايدىغان ئەسۋاب بولمىغانلىقى ئۈچۈن بوغۇزلىيالمىسا، يېيىلمەيدۇ. ۋاقىت قىس بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ بوغۇزلىيالمىسا، ئىمام شافىئى (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىغا خىلاپ ھالدا، ھەنەفىي مەزھەپىدە يېيىلمەيدۇ. چۈنكى ئوۋ ئوۋچىنىڭ قولىغا چۈشسە، ئوۋ ئوۋلانغانلىق ھالىتىدە قالمايدۇ. شۇڭا مەجبۇرىي بوغۇزلاش ئۇسۇلى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ھۆكۈم قولىغا چۈشكەن چاغدا جېنى بار ئوۋغا قارىتىلىدۇ.

ئەگەر ئوۋنىڭ قارنىنى يېرىپ، ئۇنىڭ قورسىقىدىكى نەرسىلەرنى چىقارغان، ئاندىن ئوۋ ئوۋچىنىڭ قولىغا چۈشكەن بولسا، ئۇنى يېيىش ھالال بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا قالغان ھەرىكەت بوغۇزلانغان ھايۋاندا قالغان ھەرىكەتنىڭ ئورنىدىدۇر. شۇڭا

ئۇ ھەرىكەت ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. مەسىلەن، بوغۇزلانغاندىن كېيىن سۇغا چۈشۈپ كەتكەن قويمۇ شۇنداق بولىدۇ. بۇ، ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە مۇھەممەدنىڭ قارىشىدۇر، دېيىلگەن. ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىدا ئۇمۇ يېيىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئوۋ ئوۋچىنىڭ قولىغا تىرىك چۈشتى. شۇڭا ئۇ پەقەت ئىختىيارىي مال بوغۇزلاش ئۇسۇلى بىلەنلا ھالال بولىدۇ[1].

ئەگەر كېسەل بولۇپ قالغان قوينى بوغۇزلىغان چاغدا ئۇ قوي پۇتىنى سۇنغانغا ياكى كۆزىنى ئاچقانغا ئوخشاش تىرىكلىكنى بىلدۈرىدىغان ھەرىكەتلەردىن باشقا ھەرىكەتلەر بىلەن ئۆزلىگىدىن مىدىرلىسا، ياكى ئۇنىڭدىن قان چىقسا، تىرىكلىكنىڭ ئالامىتى تېپىلغانلىقى ئۈچۈن ھالال بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا ھالال بولمايدۇ. ئەگەر بوغۇزلىغان چاغدا ئۇنىڭ تىرىكلىكى بىلىنمىسە، ھالال بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ تىرىكلىكى بىلىنسە، گەرچە ھەرىكەت قىلمىغان ۋە قان چىقمىغان تەقدىردىمۇ، شەرتسىز ھالدا ھالال بولىدۇ. چۈنكى ھەر قانداق نەرسىنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىدە قېلىشى ئاساس قائىدىدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ جېنىنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىگە شەك بىلەن ھۆكۈم قىلىنمايدۇ.

بۇ ھۆكۈم بوغۇلۇپ قالغان، كېسەل بولۇپ قالغان، ئېگىزدىن دۇمىلاپ كەتكەن، مۈڭگۈزلۈك ھايۋان ئۈسسۈەتكەن ۋە بۆرە قارنىنى يېرىۋەتكەن ھايۋانلارغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ ھايۋانلار گەرچە جېنى قالغان چاغدا بوغۇزلانسىمۇ، ھالال بولىدۇ. پەتىۋا مۇشۇنداق بېرىلگەن. چۈنكى اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، (ئېگىزدىن) يىقىلىپ ئۆلگەن ھايۋان، ھايۋانلار (تەرىپىدىن ئۈسسۈپ) ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، يىرتقۇچ ھايۋانلار يېرىپ ئۆلتۈرۈپ يېگەن ھايۋان (نىڭ گۆشىنى يېيىش) ھارام قىلىندى. لېكىن (يۇقىرىقى بەش تۈرلۈك ھايۋاندىن جېنى چىقمىغان چاغدا) بوغۇزلىغانلىرىڭلار ھالال بولىدۇ»[2]. بۇ ئايەت جاننىڭ ئاز ياكى تولۇق بولۇشىنى تەپسىلىي بايان قىلماستىن ھۆكۈم قىلدى.

بوغۇزلانغان، لېكىن بوغۇزلىغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ تىرىكلىكى بىلىنمىگەن، بوغۇزلانغان ۋاقىتتا بوغۇزلانغان ھايۋانغا ئوخشاش تىپىچەكلەش ھەرىكىتىنى قىلمىغان، پەقەت كۆزىنى يۇمۇش، پۇتىنى قويۇپ بېرىش ھەرىكىتىنى قىلغان، قان چىقمىغان قويغا كەلسەك، ئەگەر ئۇ ئاغزىنى ئاچسا، يېيىلمەيدۇ، يۇمسا، يېيىلىدۇ. ئەگەر كۆزىنى ئاچسا، يېيىلمەيدۇ، يۇمسا، يېيىلىدۇ. ئەگەر پۇتىنى سۇنسا، يېيىلمەيدۇ، پۇتىنى يىغسا، يېيىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ تۈكى يېتىۋالسا، يېيىلمەيدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ تۈكى

---

(1) «ئەلھىدايە» 4 ـ توم، 120 ـ بەت.

(2) «ئەلھىدايە» 4 ـ توم، 118 ـ بەت.

هۆر پىرىپ تۇرسا، يېيىلىدۇ. چۈنكى هايۋان ئۆلۈش بىلەن تەڭ ئۆزىنى قويىۋېتىدۇ. شۇڭا ئېغىز ۋە كۆزنى ئېچىش، پۇتنى سۇنۇش ۋە تۈكنىڭ يېتىۋېلىشى ئۆلگەنلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى قويىۋەتكەنلىكتۇر. ئۇنىڭ ئەكسىدىكى هەرىكەتلەر تىرىكلىككە خاس بولۇپ، ئۇنىڭ تىرىكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئالامەتلەرنىڭ هەممىسى هايۋاننىڭ تىرىكلىكىنى بىلگىلى بولمىغاندا تۇتقا قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ تىرىكلىكى بىلىنسە، گەرچە ئۇنىڭ جېنى بوغۇزلىنىدىغان ۋاقىتتا ئاز قالغان بولسىمۇ، مەزكۇر ئالامەتلەر تېپىلسۇن ياكى تېپىلمىسۇن، شەرتسىز هالدا يېيىلىدۇ[1].

# ئوق بىلەن ئوۋ ئوۋلاش

ئوق بىلەن ئوۋلانغان ئوۋ مۇنداق تۆت شەرت ئاستىدا هالال بولىدۇ:

1 ـ بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئوقنى ئاتقاندا <بىسمىللاھ> دېيىلگەن بولۇشى كېرەك.

2 ـ بوغۇزلاش مەنىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئوق ئوۋنى يارىلاندۇرۇشى كېرەك. مالنى بوغۇزلاشتىن مەقسەت قاننى چىقىرىش بىلەن گۆشنى پاكىزلاش بولۇپ، يارىدار قىلىش ئۇنىڭ ئورنىدا بېكىتىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوۋ ئوۋلاش ئەسۋابلىرىنىڭ يارىلاندۇرغۇچى بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. ئەدىي ئىبنى هاتەم رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنغان هەدىس شەرىپتە، ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن: مىئراز بىلەن ئوۋلىغان ئوۋ هەققىدە سورىدىم. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئۇنىڭ بېسى تەككەن ئوۋنى يېگىن، ئۇنىڭ توغرىسى تەككەن ئوۋ تاياق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن هايۋانغا ئوخشاشتۇر».

مەن يەنە ئۇنىڭدىن ئىت بىلەن ئوۋلىغان ئوۋ هەققىدە سورىدىم. ئۇ: «ئىت ئوۋنى سەن ئۈچۈن تۇتقان بولسا، يېگىن! چۈنكى (ئوۋغا ئۆگىتىلگەن) ئىتنىڭ تۇتقىنى بوغۇزلىغانلىق بولىدۇ. ئەگەر (ئوۋنىڭ بېشىدا) ئىتىڭ بىلەن (ياكى ئىتلىرىڭ بىلەن) باشقا بىر ئىتنى بىرلىكتە ئۇچراتساڭ، ئوۋنى ئىتىڭنىڭ شۇ ئىت بىللە بىلەن تۇتقان ۋە ئۇنى شۇ ئىتنىڭ ئۆلتۈرۈپ قويغان بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىسەڭ، يېمىگىن! سەن ئۆزەڭنىڭ ئىتىنى <بىسمىللاھ> دەپ قويۇپ بەردىڭ، ئەمما يەنە بىر ئىتقا <بىسمىللاھ> دېمىدىڭ» دېدى[2].

بىز يۇقىرىدا مىئرازنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇق. ئۇ ئېغىر، بىر

(1) سۈرە مائىدە، 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) «رەددۇلمۇهتار» 5 ـ توم، 196 ـ بەت.

تەرىپى ھاسىغا ئوخشايدىغان تاياقتۇر.

ھەدىس شەرىپتە «ئۇنىڭ توغرىسى تەككەن ئوۋ تاياق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋانغا ئوخشاشتۇر» دېيىلدى. يەنە بىر رىۋايەتتە «ئۇنىڭ توغرىسى تېگىپ ئۆلتۈرۈپ قويسا، ئۇ تاياق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋانغا ئوخشاشتۇر، شۇڭا ئۇنى يېمىگىن» دېيىلگەن. بۇ، ھاسا، تاش ۋە شۇنىڭدەك بىسى يوق نەرسىلەر بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقىرىدىمۇ الله تائالانىڭ: «سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان، چوشقا گۆشى، الله دىن غەيرىينىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، (ئېگىزدىن) يىقىلىپ ئۆلگەن ھايۋان، ھايۋانلار (تەرىپىدىن ئۈسۈپ) ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، يىرتقۇچ ھايۋانلار يېرىپ ئۆلتۈرۈپ يېگەن ھايۋان (نىڭ گۆشىنى يېيىش) ھارام قىلىندى. لېكىن (يۇقىرىقى بەش تۈرلۈك ھايۋاندىن جېنى چىقمىغان چاغدا) بوغۇزلىغانلىرىڭلار ھالال بولىدۇ»[1] دېگەن سۆزى بايان قىلىندى.

ئەگەر مىئرازنىڭ ئۇچىدا بىس بولغان تەقدىردە، ئوۋغا ئۇنىڭ بىسى تېگىپ ئۇنى يارىلاندۇرسا، ئوۋلانغان ئوۋ ھالال بولىدۇ.

ئەگەر ئوۋغا قىلىچ ياكى پىچاق ئاتسا، ئوۋغا ئۇ نەرسىلەرنىڭ بىسى تېگىپ يارىلاندۇرسا، ئوۋ ھالال بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا پىچاقنىڭ دەستىسى ياكى قىلىچنىڭ تۇتقۇچى تەگسە، ئوۋ ھالال بولمايدۇ. چۈنكى ئوۋ ئوۋلىغۇچى ئۇنى ئۇرۇش بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويغان بولىدۇ. بۇ مەسىلىدە تۆمۈر ۋە باشقا نەرسىلەر ئوخشاشتۇر.

بۇ مەسىلىلەردە ئوۋنىڭ ئۆلۈشى قەتئىي ئىشەنچ بىلەن يارىدار بولۇشقا باغلىق بولسا، ھالال بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئۆلۈشى قەتئىي ئىشەنچ بىلەن بېسىمغا باغلىق بولسا، ھارام بولىدۇ. ئەگەر ئارىدا شەك تۇغۇلۇپ، ئۇنىڭ يارىدار بولۇش بىلەن ئۆلگەنلىكى ياكى بېسىم بىلەن ئۆلگەنلىكى بىلىنمىسە، ئېھتىيات قىلىش يۈزىسىدىن ھارام بولىدۇ[2].

3 ـ ئەگەر ئوۋچى ئوۋنى ئاتقاندىن كېيىن ئوۋ ئۇنىڭ ئوقىنى تىنىدە يۈدىگەن ھالدا كۆزدىن غايىب بولسا، ئوۋچى ئۇنى ئىزدەشتىن توختاپ قالماستىن، بەلكى ئىزچىل ھالدا ئىزدىشى لازىم. ئۇنى توختىماستىن ئىزدەپ تاپسا، ئۇ ئوۋ ھالال بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇنىڭ بەدىنىدە ئۆزىنىڭ ئوقى يارىلاندۇرغان جايدىن باشقا بىرەر يارىلانغان جايىنى بايقىسا، ئۇ ئوۋ ھالال بولمايدۇ. ئەدىي ئىبنى ھاتەمنىڭ ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئوۋغا ئوق ئاتساڭ، ئاندىن ئۇنى بىر كۈن ياكى ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆلۈك تاپساڭ، ئۇنىڭدا سېنىڭ ئوقۇڭنىڭ ئىزىدىن

(1) سەھىھ بۇخارى، 5475 ـ ھەدىس.

(2) سۈرە مائىدە، 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

باشقا ئىز بولمىسا، ئۇنى يېگىن. ئەگەر ياردار ئوۋ سۇغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغان بولسا، يېمىگىن».

يەنە ئەدىي ئىبنى هاتەمدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا: ئوۋچى ئوۋنى ئاتىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ ئىككى كۈن ياكى ئۈچ كۈن ئىزدەيدۇ. نەتىجىدە ئۇنى ئۆلۈك هالدا تاپىدۇ، ئۇنىڭدا ئوۋچىنىڭ ئوقى تېپىلىدۇ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئەگەر خالىسا، ئۇنى يەيدۇ» دېگەن[1].

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ: «ئەگەر ئوۋغا ئوق ئاتساڭ، ئاندىن ئۇنى بىر كۈن ياكى ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆلۈك تاپساڭ، ئۇنىڭدا سېنىڭ ئوقۇڭنىڭ ئىزىدىن باشقا ئىز بولمىسا، ئۇنى يېگىن» دېگەن سۆزىنىڭ چۈشەنچىسى بولسا، ئەگەر ئۇنىڭدا ئۇنىڭ ئوقىنىڭ ئىزىدىن باشقا ئىز تېپىلسا، ئۇنى يېمەيدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئىمام تىرمىزى، نەسائى ۋە تەهاۋى قاتارلىقلار سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ سەندى ئارقىلىق ئەدىي ئىبنى هاتەمدىن رىۋايەت قىلغان بۇ هەدىستە مۇنداق جۈملە زىيادە بايان قىلىنغان: «ئەگەر ئۇنىڭدا ئۆزەڭنىڭ ئوقىنىڭ ئىزىنى تاپقان، يىرتقۇچ هايۋاننىڭ ئىزىنى تاپمىغان ۋە ئۇنى ئۆزەڭنىڭ ئوقى ئۆلتۈرگەنلىكىنى بايقىساڭ، ئۇنى يېگىن»[2].

ئەگەر ئوق ئوۋغا تەگسە، ئوۋ ئوقنى يۈدىگەن هالدا ئۇنىڭ كۆزىدىن غايىب بولغان تەقدىردە، ئوۋچى ئىزچىل هالدا ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ، نەتىجىدە ئۇنى ئۆلۈك تاپسا، ئوۋ يېيىلىدۇ. ئەگەر ئۇنى ئىزدەشتىن توختاپ قېلىپ، كېيىن ئۇنى ئۆلۈك تاپسا، يېيىلمەيدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ ئوۋچىنىڭ كۆزىدىن غايىب بولغان ئوۋنى يېيىشنى يامان كۆرگەن ۋە: «ئۇنى زېمىننىڭ هايۋاناتلىرى ئۆلتۈرۈپ قويغان بولۇشى مۇمكىن» دېگەن. نېمىشقا دېگەندە، بۇ يەردە ئۇنىڭ باشقا بىرەر سەۋەب بىلەن ئۆلۈپ قېلىش ئېهتىماللىقى هەم بولىدۇ. شۇڭا ئۇنى يېيىش هالال بولماسلىقى لازىم. چۈنكى بۇ مەسىلىدىكى دېلىغۇللۇق بىز يۇقىرىدا رىۋايەت قىلغان هەدىس بولغانلىقى ئۈچۈن ئېنىقلانغان نەرسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن ئوۋچى ئۇنى ئىزچىل هالدا ئىزدىگەن تەقدىردە ئوۋچىلىق هالىتى ئۇنىڭدىن ئايرىلمىغانلىقى ئۈچۈن بىز ئۇنى زۆرۈرىيەت دەپ قاراپ نەزەردىن ساقىت قىلدۇق. ئەگەر ئۇ ئۇنى ئىزدەشتىن توختىۋالسا، ئۇنىڭدا زۆرۈرىيەت مەۋجۇت بولمايدۇ.

ئەگەر ئوۋچى ئوۋنى ئاتقاندىن كېيىن ئوۋ سۇغا چۈشۈپ كەتسە ياكى ئۆگزە ئۈستىگە چىقىۋالسا ۋە ياكى تاغ ئۈستىگە چىقىۋالسا، ئاندىن ئۇنىڭدىن يەرگە ئېغىناپ چۈشۈپ كەتسە، يېيىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئىگىزدىن يىقىلىپ كەتكەن هېسابلىنىدۇ. ئۇ قۇرئان

(1) «ئەلهىدايە» 4 ـ توم، 123 ـ بەت.

(2) سەهىه بۇخارى، 5485 ـ هەدىس.

كەرىمنىڭ دەلىلى بىلەن هارامدۇر. نىمشقا دېگەندە، ئۇنىڭ ئوقتىن باشقا سەۋەب بىلەن ئۆلگەن بولۇش ئېهتىماللىقى بار. چۈنكى سۇ غەرق قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئىگىزدىن چۈشۈپ كېتىشمۇ ئۆلتۈرىدۇ. بۇ قاراشنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئەدىي رەزىيەللاهۇ ئەنهۇغا دېگەن مۇنۇ سۆزى كۈچلەندۈرىدۇ: «ئەگەر سەن ئاتقان ئوۋ سۇغا چۈشۈپ كەتسە، ئۇنى يېمىگىن. چۈنكى سەن ئۇنى سۇ ئۆلتۈرگەن ياكى ئوقۇڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلمەي قالىسەن».

ئەگەر ئوۋ باشتىنلا يەرگە يىقىلسا، يېيىلىدۇ. چۈنكى ئۇ يەرگە يىقىلىشتىن هەرگىز ساقلىنىپ قالالمايدۇ. ئۇنىڭ يەرگە يىقىلىشىنى ئېتىبارغا ئېلىش (يەنى ئۇنى هارام دەپ قاراش) ئوۋچىلىقنىڭ دەرۋازىسىنى توسۇپ قويىدۇ. شۇڭا هارام ۋە هالال بولۇش سەۋەبى بىرلەشكەن، هەمدە هارام بولۇش سەۋەبىدىن ساقلىنىش مۇمكىنچىلىكى بولغان تەقدىردە، ئېهتىيات قىلىش يۈزىسىدىن هاراملىق تەرىپى كۈچلەندۈرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ هارام بولۇش سەۋەبىدىن ساقلىنىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان هايۋانلاردىن بولسا، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مەۋجۇت بولمىغانىنىڭ ئورنىدا قويۇلىدۇ. چۈنكى شەرىئەت تەكلىپلىرى تاقەتنىڭ يېتىشىگە قارىتا بولىدۇ.

ئەگەر ئوۋ يەرگە يىقىلىشتىن ساقلىنىش مۇمكىن بولغان هايۋانلاردىن بولۇپ، دەرەخقە ياكى تامغا چىقىۋالسا، ئاندىن يەرگە چۈشۈپ كەتسە، ياكى ئۇ تاغ ئۈستىدىكى چاغدا ئوۋچى ئۇنى ئاتسا، شۇنىڭ بىلەن تۇرغان يېرىدىن دۇمىلاپ، ئۇ يەر بۇ يەرگە سوقۇلۇپ تۈزگە ئېغىناپ چۈشسە، ياكى ئۇنى ئاتقاندا يەرگە تىكلەپ قويغان نەيزىگە ۋە ياكى تىك تۇرغان قومۇش ئۈستىگە چۈشۈپ كەتسە، بۇ نەرسىلەرنىڭ بىسى ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇش ئېهتىماللىقى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئوۋ يېيىلمەيدۇ.

ئەگەر ئوۋ يەرگە يىقىلىشتىن ساقلىنىش مۇمكىن بولمىغان هايۋانلاردىن بولۇپ، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، يەرگە يىقىلسا ياكى تاغ، ئۆينىڭ ئۈستى، تىزىپ قويۇلغان خىش ئۈستى ۋە قورام تاش ئۈستى قاتارلىقلارغا ئوخشاش يەرنىڭ مەنىسىدىكى نەرسىلەر ئۈستىگە يىقىلسا هەمدە ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ قالسا، ئوۋ يېيىلىدۇ. چۈنكى ئوۋنىڭ ئۇ نەرسىلەر ئۈستىگە يىقىلىشى بىلەن يەرگە يىقىلىشى ئوخشاشتۇر[1].

4 ـ فىقهشۇناسلار يارىلانغان جاينىڭ قانىشىنى شەرت قىلىشتا ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. بەزىلەر: «قانىمىغان تەقدىردە پاسكىنا هېسابلانغان قاننى چىقىرىشتىن ئىبارەت بوغۇزلاشنىڭ مەنىسى ۋۇجۇدقا چىقمىغانلىقى ئۈچۈن ئوۋ هالال بولمايدۇ» دېگەن. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قان چىقىرىشنى شەرت قىلىپ: «قانداق قىلساڭ قىلىپ قان ئېقىتقىن» دېگەن. يەنە بەزىلەر: «ئەگەر يارىلانغان جاي

(1) «فەتهۇلبارى» 9 ـ توم، 611 ـ بەت.

چوڭ بولسا، قان چىقمىسىمۇ هالال بولىدۇ، ئەگەر كىچىك بولسا، هالال بولمايدۇ» دېگەن. ئەگەر ئوق ئوۋنىڭ تۇۋىقىغا ياكى مۈڭگۈزىگە تېگىپ، ئۇنى قانىتىۋەتسە هالال بولىدۇ. ئەگەر قانىتالمىسا، هالال بولمايدۇ. بۇ قاراش ئالدىنقى قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ[1].

ئەگەر ئوۋنى ئاتقان، ئوق ئوۋنى يارىلاندۇرغان ۋە ئۇ شۇ يارىلىنىش بىلەن ئۆلگەن تەقدىردە، ئەگەر يارىلانغان جاي قانىغان بولسا، پۈتۈن ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىدا هالال بولىدۇ. كېيىن كەلگەن بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىدا، ئەگەر قانىمىغان بولسىمۇ، يارىلانغان جاي مەيلى چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن، ئوۋ هالال بولىدۇ. چۈنكى قان ئوق تېشىپ ئۆتكەن تۆشۈكنىڭ تار بولغانلىقى ياكى قاننىڭ ئۆزىنىڭ قويۇق ئىكەنلىكى تۈپەيلىدىن توسۇلۇپ ئاقالماي قېلىشى مۇمكىن. يەنە بەزى ئالىملار پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ: «قان چىققان، تومۇرلار ئۈزۈۋېتىلگەن مالنى يېگىن» دېگەن سۆزىنى تۇتقا قىلىپ، قان چىقىشنى شەرت قىلىدۇ. چۈنكى بۇ هەدىستە قان چىقىش شەرت قىلىندى. يەنە بەزى ئالىملار: «ئەگەر يارىلانغان جاي چوڭ بولسا، قان چىقمىسىمۇ هالال بولىدۇ، ئەگەر كىچىك بولسا، چوقۇم قان چىقىشى كېرەك» دېگەن.

ئەگەر بىر قوينى بوغۇزلىغان ۋە ئۇنىڭدىن قان چىقمىغان تەقدىردە، بەزىلەر: «هالال بولمايدۇ» دېگەن. يەنە بەزىلەر: «هالال بولىدۇ» دېگەن. بۇ ئىككى قاراشمۇ بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان: «ئەگەر ئوق ئوۋنىڭ تۇۋىقىغا ياكى مۈڭگۈزىگە تېگىپ، ئۇنى قانىتىۋەتسە هالال بولىدۇ. ئەگەر قانىتالمىسا، هالال بولمايدۇ» دېگەن قاراشنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. بۇ قاراش بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان قاراشلاردىن بىرىنى كۈچلەندۈرىدۇ[2].

## مىلتىقنىڭ يۇمىلاق ئوقى ۋە قوغۇشۇن ئوق بىلەن ئوۋلانغان ئوۋنىڭ هۆكمى

مىلتىقنىڭ يۇمىلاق ئوقى، تاش، مىئراز، هاسا ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەر بىلەن ئوۋلانغان ئوۋ، گەرچە يارىلانغان بولسىمۇ، هالال بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ نەرسىلەر تېشىپ كىرەلمەيدۇ. لېكىن ئۇ نەرسىلەرگە تىغ بېكىتىلگەن ۋە ئوقيا ئوقىغا ئوخشاش سوزۇلغان هەمدە ئۇنى ئاتقىلى بولغان تەقدىردە، ئوۋنى بىسى بىلەن تېشەلىسە، ئۇنى يېيىش هالال بولىدۇ. ئەمما قاتتىق تەككەنلىكتىن ئىچىدىن قېقىپ يارىلاندۇرىدىغان نەرسىلەرگە كەلسەك، ئۇ سىرتتىن تېشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن هالال بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا قان ئېقىتىش مەقسىتى هاسىل بولمايدۇ. تۆمۈرنىڭ ئېغىرلىقى ۋە تۆمۈردىن

(1) «ئەلهىدايە» 4 ـ توم، 122 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇهتار» 5 ـ توم، 304 ـ بەت.

**باشقا نەرسە ئېغىرلىق جەھەتتە ئوخشاش بولۇپ، ئەگەر تېشىپ كىرەلىسە، هالال بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا، هالال بولمايدۇ.**

**ئەسلى قائىدىگە ئاساسەن، ئوۋنىڭ يارىلاندۇرۇش بىلەن ئۆلگەنلىكى ئېنىق بولسا، ئوۋ هالال بولىدۇ. ئەگەر بېسىم بىلەن ئۆلگەن بولسا ياكى ئۇنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىدە شەك تۇغۇلسا، ئېھتىيات قىلىش يۈزىسىدىن چوقۇم هالال بولمايدۇ. شۇمۇ ئېنىق بولۇشى كېرەككى، قوغۇشۇن ئوق بىلەن يارىلاندۇرۇش بولسا، پەقەت كۆيدۈرۈش ۋە قاتتىق ئېتىلىپ چىقىش ۋاستىسىدە سىلكىپ قېقىلىشتىن هاسىل بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئوقنىڭ بىسى بولمىسا، ئوۋ هالال بولمايدۇ. ئىبنى نەجىم مۇشۇنداق پەتىۋا بەرگەن[1].**

**خادىمى <پەتاۋا ئەلا ئەفەندى> ناملىق كىتابىنىڭ شەرھىسى <هەۋاشىددۇرەر> ناملىق كىتابتا ئۇنىڭ هالال بولىدىغانلىقىنى نەقىل قىلغان ۋە: «هايۋاندا ئوق بوغۇزلاش ئىشىنى قىلىدۇ، ئەگەر ئوق بوغۇزلىنىدىغان جايىنى تېشىۋەتكەن، نەتىجىدە تومۇرلار كۆيۈپ كەتكەن تەقدىردە يېيىلىدۇ» دەپ چۈشەندۈرگەن. لېكىن بۇ چۈشەنچە قانىنىڭ ئېقىشىغا قارىتىلىشى كېرەك. ئەگەر قان ئۇيۇپ قېلىپ ئاقمىسا، ئوۋ هالال بولمايدۇ.**

**ئۇ كىتابقا شەرھى يازغۇچى جىنايەتلەر قىسمىدا: «مىلتىق ئوقى بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش قەستەنلىكتۇر، چۈنكى ئۇ تۆمۈر تىپىدىن ھېسابلىنىدۇ ۋە يارىلاندۇرىدۇ. شۇڭا قاتىلدىن قىساس ئېلىنىدۇ» دېگەن. لېكىن ئىمام تاھاۋىنىڭ رىۋايىتىگە ئاساسەن، ئەگەر ئوق يارىلاندۇرمىسا، قىساس ئېلىنمايدۇ. بۇ قاراش مىلتىق ئوقى بىلەن ئوۋلانغان ئوۋنىڭ هالال ئىكەنلىكىنى تەقەززا قىلىدۇ. سۈندى بۇ يەردە تىلغا ئالغان قاراشمۇ ئۇنىڭ هالاللىقىنى، ئۇنىڭدا هېچ شۈبھىنىڭ يوقلىقىنى كۈچلەندۈرىدۇ.**

**بىراق، <ئەلهىدايە> ناملىق كىتابتا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كىتابلاردا: «ئوۋنىڭ ئۆلۈشى قەتئىي ئىشەنچ بىلەن يارىدار بولۇشقا باغلىق بولسا، هالال بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئۆلۈشى قەتئىي ئىشەنچ بىلەن بېسىمغا باغلىق بولسا، هارام بولىدۇ. ئەگەر ئارىدا شەك تۇغۇلۇپ، ئۇنىڭ يارىدار بولۇش بىلەن ئۆلگەنلىكى ياكى بېسىم بىلەن ئۆلگەنلىكى بىلىنمىسە، هارام بولىدۇ» دېيىلگەن. بۇ قاراش ئۇنىڭ هارام بولىدىغانلىقىنى تەقەززا قىلىدۇ[2].**

**ئۇستازىم شەيخ مۇھەممەد هامىد (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەپ قارايتتى: «بۇ يەردە ئوۋنىڭ ئۆلۈشى بېسىم بىلەن هاسىل بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ هالال**

(1) «ئەلهىدايە» **4** ـ توم، **123** ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» **5** ـ توم، **304** ـ بەت.

ئەمەسلىكىگە پەتىۋا بېرىلىدۇ. چۈنكى مىلتىق ئوقى بۇرما شەكلى بىلەن ئېتىلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تېزلىك سۈرئىتى ئاشىدۇ. ئۇ ئوۋغا تەككەن چاغدا، ئۇنىڭ قاتتىق ئېتىلىپ چىقىشىدىن ھاسىل بولغان ئېغىر بېسىم نەتىجىسىدە ئوۋنىڭ تېرىسىنى يىرتىۋېتىدۇ».

# ئوق ئاتقۇچىنىڭ بىرقانچە بولۇشىنىڭ ھۆكمى

كىمكى بىرەر ئوۋنى ئاتقان، ئوق ئوۋغا تەككەن، لېكىن ئۇنى ئېغىر يارىلاندۇرالمىغانلىقتىن ئوۋنىڭ قېچىپ كېتىشىنى توسۇپ قالالمىغان تەقدىردە، ئۇنى باشقا بىرى ئېتىپ ئۆلتۈرسە، ئوۋ ئىككىنچى ئوۋچىنىڭ بولىدۇ ۋە يېيىلىدۇ. چۈنكى ئۇنى ئۇ تۇتقان ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «ئوۋ ئۇنى تۇتقان كىشىنىڭ بولىدۇ» دېگەن.

ئەگەر بىرىنچى ئوۋچى ئۇنى ئېغىر يارىلاندۇرغان، ئىككىنچى ئوۋچى ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن تەقدىردە، ئوۋ بىرىنچىسىنىڭ بولىدۇ. لېكىن ئىككىنچىسىنىڭ ئوقى بىلەن ئۆلۈش ئېھتىمالى بولغانلىقى ئۈچۈن ئوۋ يېيىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئىختىيارىي بوغۇزلاش ئۇسۇلىغا قادىر بولغانلىقى ئۈچۈن بوغۇزلاش ھېسابلانمايدۇ. ئەمما ئالدىنقى ھۆكۈم بۇنىڭ دەل ئەكسىچىدۇر. ئەگەر ئوۋ بىرىنچى ئوقتىن قۇتۇلۇپ كېتىش ھالىتىدە بولغاندا ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ (يەنى يېيىلمەيدۇ). چۈنكى بۇ چاغدا ئوۋنىڭ ئۆلۈشى ئىككىنچى ئوققا باغلىق بولۇپ قالغان بولىدۇ. ئەگەر ئوۋ بىرىنچى ئوقتىن سالامەت قالمايدىغان ھالەتتە بولسا، يەنى ئۇنىڭ جېنى پەقەت بوغۇزلانغان مالنىڭ بېشى ئاجرىتىۋېتىلگەندىن كېيىن قالغانچىلىكلا ئاز قالغان بولسا، ئوۋ ھالال بولىدۇ. چۈنكى ئوۋنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى ئۆلۈشى ئىككىنچى ئوققا باغلىق ئەمەس. نېمىشقا دېگەندە ئوۋنىڭ ھايات بارلىقى بىلەن يوقلىقى ئوخشاش بىر دەرىجىگە چۈشۈپ قالغان.

ئەگەر ئوۋ بىرىنچى ئوق تەككەندىن كېيىن ئۇزاق ياشىيالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان، بىراق ئۇنىڭدا بوغۇزلانغان ھايۋاندا بوغۇزلانغاندىن كېيىن قالغان ھاياتلىقتىن جىقراق ھاياتلىق بولغان بولسا، يەنى بىر كۈن ياكى ئۇنىڭدىن ئازراق ياشايدىغان ئەھۋالدا بولسا، ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىغا ئاساسەن، ئۇ ئوۋ ئىككىنچى ئوق بىلەن ھارام بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قارىشىدا ئۇنچىلىك ھاياتلىق ئېتىبارسىزدۇر. ئىمام مۇھەممەد (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىدا ھارام بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قارىشىدا ئۇنچىلىك ھاياتلىقنىڭمۇ ئېتىبارى بار. شۇنداق بولغاندا بۇ قاراشنىڭ جاۋابى ۋە: «ئەگەر

ئوۋ بىرىنچى ئوقتىن سالامەت قالمايدىغان ھالەتتە بولسا» دېگەن قاراشنىڭ جاۋابى ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ، نەتىجىدە ئوۋ ھالال بولمايدۇ.

ئىككىنچى ئوۋچى ئوۋنىڭ بىرىنچى ئوق بىلەن يارىلانغانلىق سەۋەبىدىن كېمىيىپ كەتكەن قىممىتىدىن باشقا قىممىتىنى بىرىنچى ئوۋچىغا تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ بىرىنچى ئوۋچىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتۈپ كەتكەن ئوۋنى ئېتىش بىلەن زىيانغا ئۇچراتتى. نېمىشقا دېگەندە ئوۋ ئېغىر يارىلاندۇرۇش بىلەن بىرىنچى ئوۋچىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇ يەنە يارىلانغانلىق سەۋەبىدىن ئەسلى قىممىتىدىن تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ئۇچرىغان زىياننىڭ قىممىتى زىيانغا ئۇچرىغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ[1].

ئۇنى مۇنداق چۈشەندۈرۈش لازىم: بىرىنچى ئوۋچى ئون تەڭگىگە توغرا كېلىدىغان بىر ئوۋنى ئاتقان، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قىممىتىدىن ئىككى تەڭگە كېمىيىپ كەتكەن، ئاندىن ئۇنى ئىككىنچى ئوۋچى ئاتقان، بۇنىڭ بىلەنمۇ ئۇنىڭ قىممىتىدىن ئىككى تەڭگە كېمىيىپ كەتكەن، ئاندىن ئوۋ ئۆلۈپ قالغان تەقدىردە، ئىككىنچى ئوۋچى سەككىز تەڭگە تۆلەيدۇ. ئۇنىڭ گەدىنىدىن ئوۋنىڭ ئىككى تەڭگىلىك قىممىتى ساقىت بولىدۇ. چۈنكى ئىككى تەڭگىلىك زىيان بىرىنچى ئوۋچىنىڭ يارىدار قىلىشى بىلەن ئۇچرىغان زىياندۇر. ئەگەر ئوۋنىڭ ئىككىنچى ئوق بىلەن ئۆلگەنلىكى ئېنىق بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئۆلۈشى ھەر ئىككىلى يارىدارلىقتىن كېلىپ چىققانلىقى ئېنىقلانسا ياكى قايسى يارىدارلىقتىن ئۆلگەنلىكى بىلىنمىسە، <ئەلھىدايە> ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ سۆزىگە ئاساسەن، تۆلەپ بېرىش ھۆكمى پەرقلىق بولىدۇ. ئەمما ئىمام زەيلئىي ئارىدا پەرق يوقلۇقنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئەگەر ئوۋنى ئىككىسى بىرلىكتە ئاتقان، بىراق بىرىنىڭ ئوقى يەنە بىرىنىڭكىدىن بالدۇر تېگىپ، ئۇنى ئېغىر يارىلاندۇرغان، ئاندىن يەنە بىرىنىڭ ئوقى تەككەن، ياكى ئۇنى ئىككىسىنىڭ بىرى بالدۇراق ئاتقان، ئاندىن ئىككىنچىسى بىرىنچىسىنىڭ ئوقى تېگىشتىن بۇرۇن ياكى بىرىنچىسىنىڭ ئوقى تەككەندىن كېيىن، بىراق ئۇنى ئېغىر يارىلاندۇرۇشتىن بۇرۇن ئاتقان، دېمەك، بىرىنچىسىنىڭ ئوقى ئوۋغا تېگىپ، ئۇنى ئېغىر يارىلاندۇرغان، ئاندىن ئۇنىڭغا ئىككىنچىسىنىڭ ئوقى تېگىپ، ئۆلتۈرگەن تەقدىردە، ئوۋ بىرىنچىسىنىڭ بولىدۇ ۋە يېيىلىدۇ. بۇ قاراش ھەنەفىي ئىماملىرىنىڭ ئىچىدىن ئىمام زۇپەردىن باشقا ئىماملارنىڭ قارىشىدۇر.

ئەگەر ئۇنى ئىككىسى بىرلىكتە ئاتقان، ئىككىلا ئوق بىراقلا تەككەن ۋە بۇ ئىككى ئوقنىڭ تەسىرىدە ئۆلگەن بولسا، ئوۋ ئىككىسىگە تەڭ تېگىدۇ.

(1) «تەقرىيرات ئەررافئىي» 2 ـ توم، 315 ـ بەت.

**بۇ مەسىلىدە ئوۋ هايۋانلىرىمۇ ئوققا ئوخشايدۇ. نەتىجىدە ئوۋغا ئېغىر يارىلاندۇرۇش بىلەن ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. يارىدار قىلماستىن تۇتىۋېلىش ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەگەر بىر ئوۋچى قارچىغىسىنى قويۇپ بەرگەن، قارچىغا ئوۋنى تىرناقلىرى بىلەن تۇتقان، لېكىن ئۇنى يارىدار قىلمىغان، شۇ ئەسنادا يەنە بىر ئوۋچى قارچىغىسىنى قويۇپ بەرگەن، نەتىجىدە بۇ قارچىغا ئوۋنى ئۆلتۈرۈپ قويغان تەقدىردە، ئوۋ ئىككىنچىسىنىڭ بولىدۇ ۋە هالال بولىدۇ. چۈنكى بىرىنچى قارچىغىنىڭ قولى ئىگىسىنىڭ قولىنىڭ ئورنىغا تۇرغۇزۇلغان ساقلىغۇچى قول هېسابلانمايدۇ.**

**ئەگەر ئوۋچى بىرىنچى ئوقنى ئېتىپ، ئوۋنى يارىدار قىلغان، ئاندىن ئىككىنچى ئوقنى ئېتىپ ئۇنى ئۆلتۈرگەن بولسا، ئوۋ هارام بولىدۇ. ئەگەر ئوۋچى ئوۋغا ئىككى ئىت قويۇپ بەرگەن بولۇپ، ئىككىسىنىڭ بىرى ئوۋنى تالاپ يىقىتسا، يەنە بىرى ئۇنى تالاپ ئۆلتۈرسە، ئوۋ يېيىلىدۇ(1).**

## خىلمۇ ـ خىل مەسىلىلەر

**§ گۆشى يېيىلىدىغان هايۋاننى ئوۋلاش هالالدۇر، شۇنداقلا گۆشى يېيىلمەيدىغان هايۋاننىمۇ ئۇنىڭ تېرىسىدىن، يۇڭىدىن، پەيلىرىدىن پايدىلىنىش ياكى ئۇنىڭ يامانلىقىدىن قوغدىنىش ئۈچۈن ئوۋلاش دۇرۇستۇر. ئوۋ ئوۋلاش ھەققىدىكى دەلىل شەرتسىز بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوۋلاش شەرىئەتتە يوللۇقتۇر.**

**§ مۇشۇك ۋە ئىتنى مەلۇم مەنپەئەت ئۈچۈن، گەرچە كىچىككىنە مەنپەئەت بولسىمۇ، بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈش دۇرۇستۇر. ئەگەر مۇشۇك زىيان سالغۇچى بولسا، ئۇنى ئۇرۇشقا ۋە قۇلىقىنى ئېزىۋېتىشكە بولمايدۇ، بەلكى بوغۇزلىنىدۇ. ئەگەر ئىت سەكراتقا چۈشۈپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ ئاغرىقىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن بوغۇزلىۋېتىش ياخشىدۇر.**

**§ ئۆزى نىجىس ئەمەس هايۋاننى ئوۋلاش ۋە بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈش بىلەن ئۇنىڭ گۆشى پاكلىنىدۇ. ئەمما چوشقا ئەسلا پاكلانمايدۇ. ئۇنىڭ نە تېرىسى، نە گۆشى، نە هېچقاندان يېرى پاك ئەمەس. بەزىلەر: «ئۇنىڭ تېرىسى پاكلىنىدۇ، گۆشى پاكلانمايدۇ» دېگەن. بۇ ئەڭ توغرا پەتىۋادۇر. گۆشى يېيىلمەيدىغان هايۋاننى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈش بىلەن ئۇنىڭ يېغى، گۆشى ۋە تېرىسى پاكلىنىدۇ (يەنى يېمەستىن، پاكىز نەرسە سۈپىتىدە ئىشلەتسە بولىدۇ).**

(1) «ئەلهىدايە» **4** ـ توم، **125** ـ بەت.

يۇقىرىدا، تاھارەتنىڭ بايانىدا بۇ قاراشنىڭ ئەكسى كۆچلەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنداق ھايۋانلارنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈش بىلەن گۆشى پاك بولمايدۇ، لېكىن تېرىسى پاك بولىدۇ، دەپ بايان قىلىنغان.

**ئالىملار:** «ئوتپەرەسنىڭ ۋە <بىسمىللاھ> دېيىشنى قەستەن تەرك قىلغۇچىنىڭ بوغۇزلىغان مېلى توغرا قاراشقا ئاساسەن پاكىز ئىكەنلىكىنى (يەنى يېمەستىن، پاكىز نەرسە سۈپىتىدە ئىشلەتسە بولىدىغانلىقىنى) ۋاجىپ قىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. ئەمما ئادەم ۋە چوشقا بوغۇزلانسىمۇ پاكلانمايدۇ. ئادەم پاكلانغان تەقدىردىمۇ، ھۆرمەتلىك قىلىپ يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەزالىرىنى ئىشلىتىش دۇرۇس ئەمەس. چوشقا ئەسلا ئىشلىتىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ مەڭگۈ نىجىس ھالىتىدە قالىدۇ. نېمىشقا دېگەندە، ئۇنىڭ ھەممە ئەزالىرى نىجىستۇر[1].

§ قۇشلارنى كېچىدە تۇتۇش مۇباھتۇر. لېكىن ئۇنداق قىلماسلىق ئەۋزەلدۇر.

§ قارچىغىنى ئوۋغا ئۆگەتكەندە تىرىك قۇشلارنى تۇتقۇزۇپ ئۆگىتىش مەكروھتۇر. چۈنكى ئۇلارنى قىيناپ قويىدۇ.

§ ئەگەر ئوۋچى بىرەر ئىنساننىڭ ياكى ئات ۋە قويغا ئوخشاش ئوۋلاش ھالال بولمايدىغان ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق ئاتقان، ئوق بىرەر ئوۋ ھايۋىنىغا تەككەن تەقدىردىمۇ ئوۋ ھالال بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنى ئېتىش ئوۋلاش نىيىتى بىلەن بولمىغان. ئەگەر شەپىسى ئاڭلانغان نەرسىنى ئادەم، دەپ گۇمان قىلىپ ئوق ئاتقان، ئوق تەككەن، لېكىن ئوق تەككەن نەرسە ئوۋ بولۇپ چىققان بولسا، ئوۋ ھالال بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ گۇمانى بىلەن تەيىن قىلىشى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. بەزىلەر: «ئوۋ مۇنداق ئىككى سەۋەبتىن ھالال بولىدۇ؛ بىرى، ئۇ ئادەم ئۇنى ئوۋ دېگەن مەقسەتتە ئېتىشى كېرەك. يەنە بىرى، ئۇ مەقسەت قىلغان، شەپىسىنى ئاڭلىغان ۋە ئاتقان نەرسە، مەيلى گۆشى يېيىلىدىغان بولسۇن ياكى يېيىلمەيدىغان بولسۇن، ئوۋ بولۇشى كېرەك» دەيدۇ. بۇ قاراش بەكرەك ئورۇنلۇقتۇر.

ئۇلار يەنە مۇنۇلارنى تىلغا ئالغان: «ئەگەر ئۇ دەرەخ ياكى ئىنسان، دەپ گۇمان قىلىپ ئوق ئاتقان بولۇپ، نەتىجىدە ئوۋ بولۇپ چىقسا، ئوۋ يېيىلىدۇ». بۇ توغرا قاراشتۇر.[2]

§ ئوۋچى بىر كىيىكنى ئاتقان، ئوق ئۇنىڭ مۈڭگۈزىگە ياكى تۇۋىقىغا تەككەن، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆلۈپ قالغان تەقدىردە، ئەگەر ئوق ئۇنى قاناتقان بولسا، يارىلاندۇرۇش ۋۇجۇدقا چىققانلىقى ئۈچۈن يېيىلىدۇ. قاناتمىغان بولسا، يېيىلمەيدۇ. چۈنكى قاننىڭ

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 305 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 196 ـ بەت.

مەۋجۇت بولۇشى يارىلىنىشنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ دەلىلىدۇر. بىراق، يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، ئوقتىن باشقا تۇرلۇك ئوۋلاش ئۇسۇللىرىدا قانىتىش شەرت قىلىنمايدۇ.

§ ئوۋچىنىڭ ئوق ئاتقان ھالىتى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئوقنى ئېتىپ بولغاندىن كېيىن، ئوق ئوۋغا تېگىشتىن بۇرۇن ياكى تېگىپ بولغاندىن كېيىن دىندىن يېنىۋالغان بولسىمۇ، ئوۋ ھالال بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئوق ئاتقان چاغدا مۇسۇلمان ئىدى. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، ئەگەر ئوۋغا ئوق ئاتسا، شۇ ئەسنادا ئوۋ باشقا بىر سەۋەب بىلەن ئوۋلىق ھالىتىدىن چىقىپ كەتسە، ئاندىن ئۇنىڭغا ئوق تەگسە، ئوۋ ھالال بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئوق ئېتىلغان چاغدا ئوۋلىق ھالىتىدە ئىدى. ئەگەر ئوۋنى بىر مۇرتەد ئاتسا ئاندىن مۇسۇلمان بولسا، ئوۋ ھالال بولمايدۇ.

ئەگەر ئوۋغا ئېھرامدا تۇرۇپ ئوق ئاتسا، ئۇ ئېھرامدىن چىققان ھامان جازا (يەنى قان قىلىش) ۋاجىپ بولىدۇ. ئەگەر ئېھرامغا كىرمەي تۇرۇپ ئاتقان بولسا، ئاندىن ئېھرامغا كىرىش بىلەن جازا كەلمەيدۇ. ئەگەر ئېھرامغا كىرمەي تۇرۇپ ئاتقان بولۇپ، ئوق ئوۋغا ھەرەم[1]نىڭ سىرتىدا تەگسە، لېكىن ئوۋ ھەرەمنىڭ ئىچىدە ئۆلۈپ قالسا ياكى ھەرەمدە تۇرۇپ ئاتسا، ئوق ئوۋغا ھەرەمنىڭ سىرتىدا تەگسە ۋە شۇ جايدا ئۆلسە، ئوۋ ھالال بولمايدۇ. ئىككىنچىسىدە ئۇنىڭغا جازا كېلىدۇ، بىرىنچىسىدە جازا كەلمەيدۇ.

يۇقىرىدىكىلەردىن ئىمام مۇھەممەد (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بايان قىلغان مۇنداق بىر مەسىلە مۇستەسنادۇر: «ئېھرامغا كىرمىگەن كىشى ئوۋغا ئوق ئاتقان بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى ھەرەمنىڭ سىرتىدا بولسا، شۇ پەيتتە ئوۋ ھەرەمنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتسە، ئاندىن ئوق ئۇنىڭغا تەگسە ۋە ھەرەمنىڭ ئىچىدە ياكى ھەرەمنىڭ سىرتىدا ئۆلسە، ئوۋ يېيىلمەيدۇ». بۇ مەسىلىدىن باشقا مەسىلىلەردە ئوۋنى يېيىش مەسىلىسى ئۈچۈن ئوق ئېتىلغان ھالەت ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەمما ئىگىدارچىلىق مەسىلىسى ئۈچۈن ئوقنىڭ تەككەن ۋاقتى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر بىرى ئوۋغا ئوق ئاتسا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى يەنە بىرى ئاتسا، ئۇنىڭغا ئىككىنچىسىنىڭ ئوقى تەگسە ۋە بىرىنچىسىنىڭ ئوقىدىن ئىلگىرى ئۇنى ئېغىر يارىدار قىلسا، ئوۋ ئىككىنچىسىنىڭ بولىدۇ.

§ ئەگەر ئۈگىتىلگەن قارچىغا ئوۋنى تۇتۇپ، ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويسا، ئۇنى ئىنسان قويۇپ بەرگەن ياكى ئىنسان قويۇپ بەرمىگەنلىكى مەلۇم بولمىسا، ئۇنى قويۇپ بېرىشتە شەك تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇلغان ئوۋ يېيىلمەيدۇ. قويۇپ بەرگەنلىك ئېنىق

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 306 ـ بەت.

بولمىسا، ئوۋ مۇباھ بولمايدۇ.

ئەگەر قارچىغىنى ئىگىسى قويۇپ بەرگەن بولسا، ئوۋ ئۇنىڭ مۈلكىدۇر. شۇڭا ئۇنى ئىگىسىنىڭ ئىزنىسىز ئىشلىتىش دۇرۇس بولمايدۇ.

§ بىر ئادەم قوينى بېغىدا بوغۇزلانغان ھالەتتە تاپسا، ئۇنىڭغا ئۇنى يېيىش ھالال بولامدۇ ياكى ھالال بولمامدۇ؟ بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان ھۆكۈملەرنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئالغاندا، ئۇ قوينى بوغۇزلىغۇچىنىڭ بوغۇزلىغان مېلى ھالال بولىدىغان كىشى ياكى ھالال بولمايدىغان كىشى ئىكەنلىكىدە، شۇنداقلا ئۇنىڭ <بىسمىللاھ> دېگەن ياكى دېمىگەنلىكىدە شەك تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى يېيىش ھالال بولمايدۇ. تەبىئىتى ئوۋ ئوۋلاش بولغان قارچىغىنىڭ ئوۋغا قويۇپ بېرىلگەن بولماسلىق ۋە بىراۋنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولماسلىق ھالىتى بۇنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەكسىچە ئۇ قوينى بوغۇزلىغۇچى ئىسلام يۇرتىدا بولسا، زاھىري جەھەتتىن ئالغاندا ئۇنىڭ بوغۇزلىغان مېلى ھالال ۋە <بىسمىللاھ> دېگەن ھېسابتا بولىدۇ. <بىسمىللاھ> دېمەسلىك ئېھتىمالى بازاردا سېتىلغان گۆشلەردە مەۋجۇتتۇر. ئۇ ئېھتىماللىق قەتئىي ھارام قىلىش ھۆكمىدە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

§ مەلۇم كىشىلەر سەھرا يولىدا بوغۇزلاپ تاشلاپ قويۇلغان بىر تۆگىنى ئۇچراتقان تەقدىردە، ئەگەر تۆگە سۇغا يېقىن بولمىغان ۋە مەيدىسىچە يېقىلغان بولسا، ئۇنى كىشىلەرگە مۇباھ قىلىش ئۈچۈن ئىگىسى شۇنداق قىلغان بولۇپ، ئۇنى ئېلىۋېلىش ۋە يېيىشنىڭ ھېچ يامىنى يوق. بىز ھەقىقەتەن ھەج يولىدا شۇ مەقسەتتە تۆگە بوغۇزلاپ قويىدىغان كىشىلەرنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. چۈنكى دالالەتتە ئىسپاتلانغان نەرسە ئوچۇق سۆزدە ئىسپاتلانغان نەرسىگە ئوخشاشتۇر. شۇڭا ئۇ، تۆگىنىڭ ئىگىسىنىڭ: «مەن ئۇنى ئېلىۋالىدىغان كىشىگە مۇباھ قىلدىم» دەپ ئوچۇق ئېيتقىنىغا ئوخشاشتۇر. بولۇپمۇ، ھەج پائالىيەتلىرى كۈنلىرىدە مىنادا تېپىلىدىغان بوغۇزلانغان ماللار شۇنداق بولىدۇ.

§ ئەگەر يولدىن تېپىۋالغان بالىنى بىرەر زىممىي مېنىڭ بالام دەپ دەۋا قىلسا، بالىنىڭ نەسەبى ئۇنىڭغا نىسبەت بېرىلىدۇ. لېكىن بالا زىممىيلارنىڭ مەھەللىسى ياكى ئىبادەتخانىسى ۋە ياكى چىركاۋنىغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ جايلىرىدا تېپىلمىسا، مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ.

§ بىر قوينى ئوغرىلاپ، ئاندىن ئۇنى <بىسمىللاھ> دەپ بوغۇزلىغان بولسا، ئاندىن ئۇنى ئىگىسى تېپىۋالسا، يېيىلەمدۇ؟ ئىگىدارچىلىقىدا بولماي تۇرۇپ ۋە شەرىئەتكە ئۇيغۇن رۇخسەت ئالماي تۇرۇپ، قەتئىي ھارام قىلىنغان نەرسىگە <بىسمىللاھ> دېگەنلىكى سەۋەبىدىن توغرا قاراشقا ئاساسەن ئۇ نەرسە يېيىلمەيدۇ.

§ گۆشىدىن يىگۈزۈش ئۈچۈن ئىت ۋە مۈشۈكنى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىش توغرىدۇر. ئەمما ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى ئېلىپ بېرىپ ئىتقا ياكى مۈشۈككە يېگۈزۈش دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى ئۇ ھايۋان پاسكىنا ۋە ھارام نەرسىدۇر.

§ ئەگەر قۇچقاچ ئىگىسى: «مەن ئۇنى ئېلىۋالغان كىشىگە بېرىۋەتتىم» دېسە، ئۇنى تېپىۋالغۇچىنىڭ ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىشى دۇرۇستۇر. ئەگەر ئىگىسى ئۇنداق دېمىگەن بولسا، ئىگىسىنىڭ ئۇنى ئېلىۋالغان كىشىدىن ياندۇرۇپ ئېلىۋېلىشى دۇرۇستۇر. ئەگەر ئىككىسى ئۇنى مۇباھ قىلىش مەسىلىسىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، ئىگىسى ھېلىقىدەك سۆز قىلمىغان تەقدىردە ئۇنىڭ قەسەم قىلىشى بىلەن قۇچقاچ ئۆز ئىگىسىنىڭ بولىدۇ[1].

# يېيىش ھالال بولغان ۋە ھارام بولغان نەرسىلەر

ئالىملار ناپاك نەرسىلەرنىڭ كەسكىن دەلىل بىلەن ھارام قىلىنغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن. ئۇ دەلىل اللە تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: «ئۇلارغا ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ»[2]. ئەرەبلەر پاك ھېسابلايدىغان نەرسىلەر ھالالدۇر. چۈنكى اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ»[3]. ئەرەبلەر ناپاك ھېسابلايدىغان نەرسىلەر مەزكۇر دەلىل بىلەن ھارامدۇر.

پاك ھېسابلاشتا يۇرتلار ئىچىدىن ھىجاز ئەھلى (يەنى مەككە، مەدىنە ۋە شۇ ئەتراپتا ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر) ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىم شۇلارغا نازىل بولغان ۋە شۇلارغا خىتاب قىلغان. سەھرالاردا ۋە چۆللەردە ياشايدىغانلار ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇلار زۆرۈرىيەت ۋە ئاچلىق سەۋەبىدىن تاپقان نەرسىلىرىنى يەۋېرىدۇ. مۇسۇلمان يۇرتلىرىدا تېپىلىدىغان، لېكىن ھىجاز ئەھلى بىلمەيدىغان نەرسىلەر ھىجاز زېمىنىدىكى ئوخشاشلىقى ئەڭ يېقىن بولغان نەرسىلەرگە سېلىشتۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىلەر ھىجاز زېمىنىدىكى ھايۋانلاردىن بىرەرسىگە ئوخشىمىسا، بۇ ھالدا ئۇ اللە تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى ئىچىگە كىرگەنلىكى ئۈچۈن مۇباھتۇر: «(ئى مۇھەممەد! مەككە كۇففارلىرىغا) ئېيتقىنكى، ماڭا ۋەھيى قىلىنغان ئەھكاملار ئىچىدە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان نەرسە ياكى ئېقىپ چىققان قان ۋە

(1) بۇ يەردىكى «ھەرەم» سۆزى ھەرەم چېگرىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەممە جاينى كۆرسىتىدۇ. مۇنداق ئەھۋاللار ئاساسەن ھەرەمنىڭ چېگرىلىرى ئەتراپىدا يۈز بېرىدۇ. ــ ت

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 307 ـ بەت.

(3) سۈرە ئەئراف، 157 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ياكى چوشقا گۆشى ـ چوشقا نىجىس يېمەكلىكلەرگە ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن چوشقا گۆشى پاسكىنىدۇر ـ ۋە الله دىن غەيرىينىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان گۇناھ مالدىن غەيرىينى ھەر قانداق ئادەم ئۈچۈن ھارام كۆرمەيمەن. كىمكى ئۆلاردىن (يەنى يۇقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) نائىلاج ۋە ئىختىيارسىز ھالدا ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە (ھېچ گۇناھ بولمايدۇ)، چۈنكى پەرۋەردىگارىڭ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «الله تىلغا ئالمىغان نەرسىلەر الله ئەپۇ قىلغان نەرسىلەردىن ھېسابلىنىدۇ»[2].

قوزۇق (يەنى مەگەن) چىشلىرى ياكى تىرناقلىرى بىلەن ئوۋ ئوۋلاپ يەيدىغان ھايۋاننى يېيىش ھالال بولمايدۇ. ئەبۇسۆئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس شەرىپتە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن ھەرقانداق قوزۇق (يەنى مەگەن) چىشلىق ھايۋاننى يېيىشنى توسقان».[3]

ئىمام مۇسلىم ئۇ ھەدىسنى باشقا بىر سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ لەۋزى مۇنداق: «يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن ھەرقانداق قوزۇق چىشلىق ھايۋاننى يېيىش ھارامدۇر».

ئىمام مۇسلىم يەنە مەيمۇن ئىبنى مىھراندىن ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن ھەرقانداق قوزۇق چىشلىق ھايۋاننى، قۇشلاردىن ھەرقانداق يىرتقۇچ تىرناقلىق قۇشنى يېيىشنى چەكلىگەن». قۇشنىڭ يىرتقۇچ تىرنىقى يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ قوزۇق چىشىغا باراۋەردۇر.

ئىمام تىرمىزى جابىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېشەكنى، قېچىر گۆشىنى، يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن ھەر قانداق قوزۇق چىشلىق ھايۋاننى، قۇشلاردىن ھەر قانداق يىرتقۇچ تىرناقلىق قۇشنى يېيىشنى چەكلىگەن». ئىمام تىرمىزى بۇ ھەدىسنى يەنە ئىرباز ئىبنى سارىيەدىن ئوخشاش لەۋزى بىلەن رىۋايەت قىلغان ۋە: «خەيبەر كۈنى» دېگەن سۆزنى زىيادە بايان قىلغان.

بۇ ھايۋانلارنى ھارام دېگۈچىلەر قوزۇق چىشلىق دېگەن سۆزنىڭ قانداق ھايۋاننى كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشقان. بەزىلەر: «ئۇ چىشلىرى بىلەن كۈچلىنىدىغان، باشقا نەرسىلەرگە قوغلاپ يېتىشىۋالىدىغان، ئوۋلاپ يەيدىغان، كۆپىنچە

(1) سۈرە ئەئراف، 157 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) سۈرە ئەنئام، 145 ـ ئايەت.

(3) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 194 ـ بەت.

هاللاردا شىر، يىلپىز، قارچىغا ۋە بۈركۈت قاتارلىقلارغا ئوخشاش ھۇجۇم قىلىش تەبىئىتىگە ئىگە بولغان ھايۋانلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما سىرتلان ۋە تۈلكىگە ئوخشاش ھۇجۇم قىلالمايدىغان ھايۋانلار، گەرچە قوزۇق چىشلىق بولسىمۇ، ئۇ ھايۋانلارنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ». ئىمام شافىئى، لەيسى ۋە ئۇ ئىككىسىگە ئەگەشكەنلەر مۇشۇ قاراشتا بولغان. سىرتلاننىڭ ھالال ئىكەنلىكى ھەققىدە ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان. ئەمما تۈلكىنىڭ ھارام ئىكەنلىكى ھەققىدە خۇزەيمە ئىبنى جۇزئىنىڭ ھەدىسى بولۇپ، ئۇنى ئىمام تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان، لېكىن ئۇ ھەدىس ئاجىزدۇر[1].

قوزۇق چىشلىق ھايۋان يەر يۈزىدە يۈرۈپ تۇتۇپ قاچىدىغان، ئادەتتە يارىلاندۇرغۇچى ۋە ئۆلتۈرگۈچى ھايۋاندۇر. يىرتقۇچ تىرناقلىق قۇش ھاۋادىن كېلىپ تۇتۇپ قاچىدىغان، ئادەتتە ئۇمۇ يارىلاندۇرغۇچى ۋە ئۆلتۈرگۈچى قۇشتۇر.

ھاشارەتلەرنى يېيىشكە بولمايدۇ. ئۇلار يەر يۈزىدە يۈرىدىغان كىچىك جانلىقلار بولۇپ، ھەرە، بۈرگە، پىت، چىۋىن، پاشا، كانا، پاقا، يىلان، كىرپە، چاچقان، پاتمىچۇق قاتارلىق جانلىقلارنى ۋە چايانغا ئوخشاش زەھەرلىك، چېقىپ ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان جانلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[2].

ئېشەك گەرچە ياۋايىلىشىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنى يېيىش ھارام بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ياۋايى ئېشەك كۆندۈرۈلگەن ۋە ئۇستىگە مۆلە توقۇلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزى ۋە سۈتى ھالالدۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەر كۈنى ئېشەك گۆشىنى يېيىشنى چەكلىگەن».

ئەبۇسۆئلەبەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېشەك گۆشىنى ھارام قىلدى»[3].

ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىدا ئات گۆشىنى يېيىش مەكرۇھتۇر. ئىمام مالىكمۇ شۇنداق قارايدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف، مۇھەممەد ۋە شافىئى (اللہ ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) ئات گۆشىنى يېيىش ھېچ گۇناھ ئەمەس، دەپ قارىغان. چۈنكى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەر كۈنى ئېشەك گۆشىنى يېيىشنى چەكلىدى. ئەمما ئات گۆشىنى يېيىشكە رۇخسەت قىلدى».

ئەسمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

(1) سەھىھ بۇخارى، 5530 ـ ھەدىس.

(2) «فەتھۇلبارى» 9 ـ توم، 658 ـ بەت.

(3) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 193 ـ بەت.

زامانىدا ئات ئۆلتۈرۈپ يېدۇق »[1].

بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: « ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋاپات بولۇشتىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى ئاتنى هارام دېيىشتىن يېنىۋالغان ». يەتۇۋا مۇشۇ قاراشقا ئاساسەن بېرىلىدۇ. ئۇ مەكروھ تەنزىھىدۇر. زاھىرى رىۋايەتكە ئاساسەن شۇنداق بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنى هارامغا يېقىن مەكرۇھ دەپ قارىغان. بۇ ئىختىلاپ قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان ئاتلارغا قارىتىلىدۇ. ئەمما دېڭىز ئاتلىرى ئالىملارنىڭ ئىتتىپاق قارىشىدا يېيىلمەيدۇ[2].

ئېشەكتىن تۇغۇلغان قېچىر يېيىلمەيدۇ. ئەگەر قېچىرنىڭ ئانىسى كالا بولسا، ئالىملارنىڭ ئىتتىپاق قارىشىدا يېيىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئانىسى ئات بولسا، ئانىسىنىڭ هۆكمى بېرىلىدۇ. چۈنكى هالال ۋە هاراملىقتا ئانا هايۋان ئېتىبارغا ئېلىنىپ، يېيىلىدىغان هايۋاندىن ياكى يېيىلمەيدىغان هايۋاندىن تۇغۇلغانلىقىغا قارىلىدۇ.

توشقاننى يېيىشنىڭ هېچ گۇناهى يوق. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كاۋاپ قىلىنغان توشقان ھەدىيە قىلىنغان چاغدا ئۇ ئۇنىڭدىن يېگەن ۋە ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنى ئۇنى يېيىشكە بۇيرۇغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە توشقان يىرتقۇچ هايۋانلاردىن ئەمەس، تاپ يەيدىغان هايۋانلاردىنمۇ ئەمەس. شۇڭا ئۇ كىيىككە ئوخشاش هۆكۈمدە بولىدۇ[3].

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە ئۇ مۇنداق دېگەن: « بىز مەررۇززەهران دېگەن جايدا بىر توشقاننى ئۈركۈتتۇق ۋە ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ قوغلىدۇق. مەن ئۇنى تۇتىۋالدىم. ئاندىن مەن ئۇنى ئەبۇتەلھەنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدىم. ئۇ ئۇنى بوغۇزلىدى. ئاندىن توشقاننىڭ ئىككى ساغرىسىنى ياكى ئىككى يوتىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتتى. ئۇ ئۇنى قوبۇل قىلدى »[4].

بۇ ھەدىس توشقاننى يېيىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشىدۇر. پەقەت ساھابىلەر ئىچىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ، تابىئىنلار ئىچىدە ئىكرەمەنىڭ، فىقهىشۇناسلار ئىچىدە مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇلەيلانىڭ ئۇنى مەكروھ دەپ قارايدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

سىرتلان ۋە تۈلكە يېيىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئىككىسى قوزۇق چىشلىرى بىلەن ئوۋ تۇتۇپ يەيدۇ. شۇڭا ئۇلار يۇقىرىدا ئۆتكەن « قوزۇق چىشلىق » دېگەن ھەدىسنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. ئۇ ئىككىسىنىڭ مۇباھ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ رىۋايەت قىلىنغان

(1) سەھىھ بۇخارى، 5521 ـ ۋە 5527 ـ ھەدىسلەر.

(2) سەھىھ بۇخارى، 5520 ـ ۋە 5519 ـ ھەدىسلەر.

(3) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 193 ـ بەت.

(4) «ئەلھىدايە» 4 ـ توم، 69 ـ بەت.

ھەدىسلەر ھارام بولۇشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىتقا قارىتىلىدۇ، دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. چۈنكى ئەسلى قائىدىگە ئاساسەن ئىككى دەلىل قاچان بىر ـ بىرىگە زىت كېلىپ قالسا، ھاراملىق ھەققىدىكى ھۆكۈم مۇباھلىق ھەققىدىكى ھۆكۈمنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدۇ[1].

سىرتلان ھەققىدە جابىر ئىبنى ئابدۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس بولۇپ، ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سىرتلان ھەققىدە سورىدىم. ئۇ: «ئۇ ئوۋدۇر. ئەگەر ئۇنى ئېھرامدىكى كىشى ئوۋلىسا، گەردىنىگە بىر قوچقار قان قىلىش جازاسى كېلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان، لېكىن باھا بەرمىگەن.

ئىمام تىرمىزى ئىبنى ئەبۇئەممارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: مەن جابىردىن «سىرتلان ئوۋمۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «ھەئە» دېدى. مەن: «ئۇنى يېسەم بولامدۇ؟» دېدىم. ئۇ: «ھەئە» دېدى. مەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەنمۇ؟» دېدىم. ئۇ: «ھەئە» دېدى. ئىمام تىرمىزى بۇ ھەدىسنى ھەسەن ۋە سەھىھ دەرىجىسىگە يېتىدۇ، دېگەن[2].

قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزغا ئائىت تاش پاقىلار يېيىلمەيدۇ. ئالا قاغا ۋە تاپ يەيدىغان قاغا يېيىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ پاسكىنا نەرسىلەر قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. قاغا ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، بىر تۈرى دان تېرىپ يەيدۇ، تاپ يېمەيدۇ. ئۇنى يېيىش مەكرۇھ ئەمەس. يەنە بىر تۈرى تاپتىن باشقا نەرسە يېمەيدۇ. ئۇنى يېيىش مەكرۇھتۇر. ئۈچىنچى تۈرى بەزىدە داننى، يەنە بەزىدە تاپنى ئارىلاشتۇرۇپ يەيدۇ. بۇ تۈرلۈك قاغا كىتابتا تىلغا ئېلىنمىغان بولۇپ، ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ قارىشىدا ئۇنى يېيىش مەكرۇھ ئەمەس. ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ قارىشىدا مەكرۇھتۇر.

قاغا شەكىللىك، پەيلىرى قويۇق، قاناتلىرى چوڭ بۈركۈت، پىل ۋە كېلە (كىچىك تىمساھ) يېيىلمەيدۇ. كېلەنىڭ يېيىلگەنلىكى ھەققىدە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگە، الله تائالانىڭ: «ئۇلارغا ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ»[3] دېگەن سۆزى نازىل بولۇشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىتقا قارىتىلىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كېلەنى مەن يېمەيمەن، ھارام دەپمۇ قارىمايمەن».

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، خالىد ئىبنى ۋەلىد مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە مەيمۇنەنىڭ

(1) سەھىھ بۇخارى، **5535** ـ ھەدىس.

(2) «رەددۇلمۇھتار» **5** ـ توم، **194** ـ بەت.

(3) «ئەئلاتۇسسۇنەن» **17** ـ توم، **164** ـ بەت.

**ئۆيىگە كىردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قىزىتىلغان تاشقا يېقىپ كاۋاپ قىلىنغان كېلە گۆشى كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزارتىۋىدى، ئاياللاردىن بىرى: ﷲ نىڭ پەيغەمبىرىگە ئۇ يېمەكچى بولغان گۆشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار، دېدى. ئۇلار: ئى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ كېلە گۆشىدۇر، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى دەرھال تارتىۋالدى. مەن: ئى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ ھاراممۇ؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، لېكىن ئۇ جانىۋار مەن ياشاپ ئۆسكەن يەردە تېپىلمىغانلىقى ئۈچۈن مەن ئۇنى ياقتۇرمايمەن» دېدى. خالىد بۇ ھەدىسنى سۆزلەپ بېرىۋېتىپ مۇنداق دېگەن: «ئاندىن مەن ئۇنى ئالدىمغا تارتىپ ئېلىپ يېدىم، ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاراپ تۇراتتى»[1].**

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلەنى يېيىشتىن توسقانلىقى رىۋايەت قىلىنغان... ئۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇداۋۇد ئىشەنچلىك يول بىلەن رىۋايەت قىلغان... ئىمام ئەبۇداۋۇد يەنە ئابدۇرراھمان ئىبنى ھەسەنىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «بىز كېلەلەر ناھايىتى كۆپ بىر جايغا چۈشكۈن قىلدۇق...» ئۇ ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇلار كېلە گۆشىنى پىشۇرغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بەني ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر ئۇممەت كىشىلەر يەر يۈزىدە ئۆمۈلەپ يۈرىدىغان جانلىقلارغا ئۆزگەرتىۋېتىلدى. مەن كېلەنىڭ شۇلاردىن بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن، ئۇنى تۆكۈۋېتىڭلار» دېگەن. ئۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ھىببان ۋە تاھاۋىي رىۋايەت قىلغان...**

**گەرچە ئالدىنقى ھەدىسلەر كېلەنىڭ ھالال ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ياكى ئىشارەت بىلەن دەلىللىك ياكى سۈكۈتلۈك ھالدا كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ھەدىسلەر بىلەن بۇ ھەدىسنى بىرلەشتۈرۈشكە كەلسەك، كېلەنى يېيىشنى چەكلىگەن ھەدىس ئۇنىڭ ئىنساندىن ئۆزگەرتىلگەن جانلىق بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان دەسلەپكى ھالەتكە قارىتىلىدۇ. شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قازانلاردىكى گۆشنى تۆكۈۋېتىشكە بۇيرۇغان. بۇ ھالەتتىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلە گۆشىنى يېيىشكە بۇيرۇماستىن، ئۇنى يېيىشتىنمۇ توسماستىن، بەلكى سۈكۈت قىلغان. ئۇنى يېيىشكە بېرىلگەن رۇخسەت سۈرىتى ئۆزگەرتىلگەن ئىنسانلارنىڭ ھېچ نەسلى قالمىغانلىقى بىلىنگەندىن كېيىنكى ئىككىنچى ھالەتكە قارىتىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى مەينەت دەپ قارايتتى. شۇڭلاشقا ئۇنى يېمەيتتى، لېكىن ھاراممۇ دېمەيتتى، ئەكسىچە كېلە ئۇنىڭ داستىخىنىدا يېيىلگەن ئىدى. مانا بۇ ئۇنىڭ مۇباھ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇنى مەينەت دەپ قارايدىغان كىشىلەر ھەققىدە مەكرۇھ تەنزىھى ھۆكمى بېرىلىدۇ. شۇڭا مۇباھ بولۇش ھۆكمى ئۇنى مەينەت دەپ**

(1) سۈرە ئەئراف، **157** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قارىمايدىغان كىشىلەرگە قارىتىلىدۇ. بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى شەرتسىز ياقتۇرمايدىغانلىقى چىقمايدۇ[1].

ئۇچار چاشقان يېيىلمەيدۇ. بۇ جانلىق چاشقانغا ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ قۇيرۇقى ۋە ئىككى قۇلىقى ئۇزۇنراق كېلىدۇ. ئىككى پۇتىمۇ زىراپەنىڭ دەل ئەكسىچە ئىككى قولىدىن ئۇزۇن كېلىدۇ. شۇنىڭدەكلا ئاغمىخان ۋە غىجىر سالۋا قاتارلىقلارمۇ يېيىلمەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى يىرتقۇچ جانلىقلار قاتارىغا كىرىدۇ.

شەپەرەڭدە ئىختىلاپ بار. بەزىلەر: «ئۇ ھالال بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ قوزۇق چىشلىق جانىۋاردۇر» دېگەن. ئۇ سۆزنى قىلغان كىشى قازىخان بولۇپ، ئۇ <غۇرەرۇلئەفكار> ناملىق كىتابتا مۇنداق دېگەن: «بىزدە قارلىغاچ ۋە ھۆۋقۇش يېيىلىدۇ».

ھۆپۆپنى يېيىش مەكروھتۇر. ئەمما سېغىزخان، ئاق تۇرنا قاتارلىقلار ئەسلىدە ھالال بولسىمۇ، ئىنسانلار ئۇنى يېگەن كىشى ھادىسىگە ئۇچرايدۇ (يەنى ئۇنىڭدىن شۇملۇق كېلىدۇ) دەپ قارايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى يېيىش ياخشى ئەمەس. ئىمام شافىئى: «قارلىغاچ، شاتۇتى، توز ۋە ھۆپۆپ قاتارلىقلارنى يېيىش ھارام» دەپ قارىغان[2].

داندىن باشقىنى يېمەيدىغان قاغىنى (يەنى زىرائەت قاغىسىنى) يېيىش ھالالدۇر. ئۆي مۈشۈكى، ياۋا مۈشۈك، قارا بۆلگۈن، تىيىن ۋە بۆلەك قاتارلىقلار يېيىلمەيدۇ[3].

شۇنداقلا ئىت، ئېيىق، مايمۇن، ئادەمسىمان مايمۇن، قارا بۆلگۈن (ئۇ مۈشۈككە ئوخشاپ كېتىدىغان قورۇقلۇق ھايۋىنى بولۇپ، ئۇنىڭ تېرىسى يۇمران، يېنىك، ئىسسىق ۋە چىرايلىق بولغانلىقى ئۈچۈن جۇۋا تىكىلىدۇ)، تىيىن (ئۇ ئۇچار چاشقانغا ئوخشاپ كېتىدىغان جانلىق بولۇپ، ئۇنىڭ تۈكى ئىنتايىن يۇمران بولغانلىقى ئۈچۈن جۇۋا تىكىلىدۇ)، مولۇن (ئۇ تۆتىلى پۇتى قىسقا ھايۋان بولۇپ، قۇيرۇقى ئۇزۇن، چاشقان ۋە يىلاننى تۇتۇپ يەيدۇ) قاتارلىقلار يېيىلمەيدۇ.

زامانىسىدا دەمەشىق مۇپتىلىكى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن رەھمەتلىك مەھمۇد ئەپەندى ھەمزىنىڭ ئوۋ ھەققىدە يازغان بىر كىتابى بولۇپ، ئۇ بۇ كىتابتا يېيىش ھالال بولغان ۋە ھارام بولغان ئوۋ ھايۋانلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بەرگەن. ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان ھايۋانلار ئىبنى ئابىدىننىڭ شەرھىسىدە بايان قىلىنغان ئوۋ ھايۋانلىرىدىن ئازراق كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ خۇلاسىسىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىمىز:

(1) سەھىھ بۇخارى، 5535 ـ ۋە 5537 ـ ھەدىسلەر.

(2) «فەتھۇلبارى» 9 ـ توم، 666 ـ بەت.

(3) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 194 ـ بەت.

## يېيىش ھالال بولغان ئوۋ ھايۋانلىرى

**گۆشىنى يېيىش ھالال بولغان ئوۋ ھايۋانلىرى: تاغ تېكىسى، كىيىك، ئاق كىيىك (ئاق بۆكەن)، بۇغا ـ مارال، جەرەن، ياۋا ئېشەك، ياۋا كالا، ياۋا كالا موزىيى، توشقان، غاز، ئۆردەك، ساقا ئۆردەك، تۆگە قۇشى، بوز تورغاي، كەپتەر، دەمدە، پاختەك، كەكلىك، ئولا، لايخورەك، تۇرنا، سۇر تۇرنا، قارلىغاچ، سۇ توخۇسى، سۇ خورىزى، يۇنۇس بېلىقى، زىرائەت قاغىسى، تۆمۈر تۇمشۇق، بۆدۇنە، قۇشقاچ، قارا قۇشقاچ، قۇلۇلە، قىرغاۋۇل، توز، ھۆپۈپ قاتارلىقلار.**

## يېيىش ھالال ئەمەس ئوۋ ھايۋانلىرى

**گۆشىنى يېيىش ھالال ئەمەس ئوۋ ھايۋانلىرى: شىر، يولۋاس، يىلپىز، ئېيىق، بۆرە، چىل بۆرە، پىل، مايمۇن، تۈلكە، كىرپە، چوڭ كىرپە، ئۈچار چاشقان، غېجىر سالۋا، تاش پاقا، قارا بۇلغۇن، مۇشۇك، تىيىن، سىرتلان، پاقا، ھاڭگىت، سار، قارچىغا، بۈركۈت، لاچىن، قۇرغۇي، قۇزغۇن، قاغا، تاز قارا ۋە مولۇن قاتارلىقلار.**

## گۆشىنى يېيىش ياكى يېمەسلىك ھەققىدە ئىختىلاپ بار ھايۋانلار

**ئۈلار: ھۇۋقۇش، شەپەرەڭ، زىراپە، تاپ بىلەن دانىنى ئارىلاشتۇرۇپ يەيدىغان قاغا قاتارلىقلار. كېلەنى يېيىش مەكروھ دەپ قارىلىدۇ. ھادىسىگە ئۈچراش خەۋپىدىن ئەنسىرەپ يېيىلمەيدىغان ھايۋانلار: ھۆپۈپ، پاختەك، سېغىزخان قاتارلىقلار[1].**

**ھەرە ۋە چىۋىندىن باشقا قان چىقمايدىغان پۈتۈن جانلىقنى يېيىش مەكروھتۇر. پەقەت چېكەتكە مەكروھ ئەمەس. ھەرىنىڭ كۆنىكىسىدىكى تۇخۇمىنى جان كىرىشتىن ئىلگىرى يېسە، ھېچ ۋەقەسى يوق. چۈنكى جېنى يوق نەرسە ئۆلۈك ھېسابلانمايدۇ. ئۇنىڭدىن مۇنداق ھۆكۈم ئېلىشقا بولىدۇكى، سۈزمە ياكى سىركە ۋەياكى مېۋە يېيىش ئۇنىڭ تۇخۇمىنى ئېچىتىپ يېگەنگە ئوخشاش بولۇپ، ئەگەر ئۇنىڭغا جان كىرگەن بولسا، ئۇنى يېيىش دۇرۇس بولمايدۇ[2].**

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 194 ـ بەت.

(2) «ھامىشۇلھەدىيىيە» 225 ـ بەت.

# سۇ هايۋانلىرىنى يېيىشنىڭ هۆكمى

بىرەر هادىسە بىلەن ئۆلگەن بېلىقتىن باشقا سۇ هايۋانلىرىنى يېيىش هالال بولمايدۇ. ئەگەر بېلىق پاسكىنا سۇدا تۇغۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ هالاللىقىنى كۆرسىتىدىغان ئوچۇق دەلىل بولغانلىقى ئۈچۈن هازىرقى هالىتىنى كۆزدە تۇتۇپ يېيىشنىڭ هېچ يامىنى يوق. ئۇنىڭ پاسكىنا نەرسىلەرنى ئوزۇقلۇق قىلىشى هالاللىقىنى چەكلەپ قويمايدۇ. ئەگەر ئۇ پۇراپ قالمىغان بولسا، ئەهۋال مۇشۇنداق بولىدۇ. ئەگەر پۇراپ قالغان چاغدا ئۇنى يېيىش هالال بولمايدۇ.

بۇنىڭدا پوق يەپ تىنى پۇراپ قالغان تۆگە، كالا ۋە توخۇغا ئىشارەت بار بولۇپ، ئۇ، ئىمام ئەبۇهەنىفە توختاپ قالغان ۋە: «ئۇنى يېيىشنىڭ قاچان پاك بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن» دېگەن مەسىلىلەردىن بىرىدۇر. ئالىملار ئۇنداق هايۋانىنى، گۆشىنى يېيىشنىڭ هالال بولۇشى ئۈچۈن قانچىلىك مىقداردا سولاپ قويۇش هەققىدە هەرخىل قاراشلاردا بولغان. توغرا قاراش شۇكى، ئۇنىڭغا ۋاقىت بەلگىلىمەستىن، ئۇنىڭدىكى سېسىق پۇراق يوقالغىچە ئۇنى سولاپ قويۇش لازىم.

پوق يېگەنلىكتىن يېقىن كەلسە پۇرايدىغان هايۋاننى يېيىشكە، سۈتىنى ئىچىشكە ۋە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئۇ شۇنداق هالدىلا ئىكەن، ئۇنى سېتىشقىمۇ، سوۋغات قىلىپ بېرىشكىمۇ بولمايدۇ. بەزى ئالىملار ئۇنداق هايۋاننىڭ تەرى نىجىس هېسابلىنىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. توخۇنى يېيىش، گەرچە ئۇ نىجاسەت يېگەن تەقدىردىمۇ، مەكروھ ئەمەس[1].

بېلىق سۇدا هادىسە بىلەن ئۆلۈپ قالسا، يېيىلىدۇ. هادىسىسىز ئۆلۈپ قالسا، يېيىلمەيدۇ. هېچقانداق هادىسىگە ئۇچرىماستىن ئۆزى ئۆلۈپ قېلىپ سۇ ئۈستىگە لەيلەپ قالغان بېلىق يېيىلمەيدۇ. بۇ يەردىكى لەيلەپ قېلىشتىن ئوڭدىسىغا لەيلەپ قېلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر دۈمبىسى ئۈستى تەرەپتە بولسا، لەيلەپ قالغان بولمايدۇ، شۇڭا ئۇ يېيىلىدۇ. سۇ يۈزىدە لەيلەپ قالغان بېلىقنىڭ قورسىقىدىن چىققان بېلىق، ئەگەر ئۇ ساغلام بولسا (يەنى زەخىملەنمىگەن بولسا)، ئورۇنىنىڭ تارلىقى تۈپەيلى ئۆلۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن يېيىلىدۇ.

ئىمام مۇهەممەد مۇنداق دەپ قارىغان: «ئىتنىڭ قورسىقىدىن چىققان بېلىق بېلىقلىق هالىتىدىن ئۆزگۆرۈپ كەتمىگەن بولسا، ئۇنى يېيىشنىڭ هېچ يامىنى يوق. ئەگەر بېلىقنىڭ قورسىقىدا چېكەتكە تېپىلسا ياكى چېكەتكىنىڭ قورسىقىدا بېلىق تېپىلسا، هالال بولىدۇ». سۇنىڭ هارارىتى ياكى سوغۇقلىقى سەۋەبىدىن ۋە سۇدا

(1) «رەددۇلمۇهتار» 5 ـ توم، 194 ـ بەت.

(توردەك بىرەر نەرسىگە) باغلىنىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن ئۆلۈپ قالغان بېلىق يېيىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ھادىسە بىلەن ئۆلگەن بولىدۇ. شۇنداقلا تورغا چۈشۈپ قېلىپ، قۇتۇلۇش ئىمكانى بولمىغانلىقتىن ئۆلگەن بېلىق، سۇغا تاشلانغان نەرسىنىڭ زەربىسى بىلەن ئۆلگەن بېلىق، ئەگەر ئۇنىڭ شۇ نەرسە بىلەن ئۆلىدىغانلىقى ئېنىق بولسا ۋە شۇ نەرسە سەۋەبىدىن ئۆلسە، يېيىلىدۇ. ئەگەر بېلىقچى بېلىقنى چىقىپ كېتەلمەيدىغان بىرەر ئۆرەككە سولىۋالغان بولۇپ، ئۇ ئۇنى ئوۋلىماستىن تۇتالايدىغان ھالەتتە بولسا، ئاندىن بېلىق ئۆلۈپ قالسا، يېيىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ئورۇننىڭ تارلىقى سەۋەب بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۇنى ئوۋلىمىسا تۇتقىلى بولمايدىغان ھالەتتە بولغان تەقدىردە، ئەگەر بېلىق ئۆزى ئۆلۈپ قالسا، يېيىلمەيدۇ. ئەگەر سۇ مۇز تۇتۇپ كەتكەن بولۇپ، بېلىق مۇزنىڭ ئارىسىدا قالغان تەقدىردە، ئەگەر ئۇ بېشى سۇنىڭ سىرتىدا بولغان ھالەتتە ئۆلۈپ قالسا، يېيىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بېشى سۇنىڭ ئىچىدە قېلىپ، يېرىمىنىڭ كۆپرەكى ياكى ئازراقى سۇنىڭ سىرتىدا بولسا، يېيىلمەيدۇ، ئۇنداق بولمىسا، يېيىلىدۇ.

سۇ ھايۋانلىرىدىن بېلىقتىن باشقىسى يېيىلمەيدۇ. ئىمام مالىك (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ۋە بىر قىسىم ئىلىم ئىگىلىرى: «دېڭىزدىكى پۈتۈن جانلىقلارنى يېگىلى بولىدۇ» دېگەن. بەزى ئالىملار ئۇنىڭ ئىچىدىن دېڭىز چوشقىسىنى، دېڭىز ئىتىنى ۋە ئادەمسىمان دېڭىز ھايۋىنىنى مۇستەسنا قىلغان. ئىمام شافىئى (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ دېڭىز ھايۋانلىرىنىڭ ھەممىسىنى يېگىلى بولىدۇ، دەپ قارايدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

ئالىملار ئارىسىدىكى پىكىر ئوخشىماسلىقى يېيىش ۋە سېتىش ھۆكمى جەھەتتە بىردۇر. يۇقىرىدىكى قاراشتىكىلەرنىڭ دەلىلى اللە تائالانىڭ: «سىلەرگە دېڭىز ھايۋانلىرى ھالال قىلىندى»[1] دېگەن سۆزى بولۇپ، بۇ ئايەتتە دېڭىز ھايۋانلىرىدىن نېمىنىڭ يېيىلىدىغانلىقى، نېمىنىڭ يېيىلمەيدىغانلىقى تەپسىلىي بايان قىلىنمىغان. ئۇلار يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «دېڭىزنىڭ سۈيى پاكىز ۋە ئۆلۈكى ھالالدۇر» دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ. چۈنكى دېڭىز ھايۋانلىرىنىڭ قېنى يوق. نېمىشقا دېگەندە، قان چىقىدىغان ھايۋانلار دېڭىزدا ياشىمايدۇ. ھارام بولغان نەرسە قاندۇر. شۇڭا دېڭىز ھايۋانلىرىمۇ بېلىققا ئوخشاپ كېتىدۇ.

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ دەلىلى اللە تائالانىڭ: «ئۇلارغا ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ»[2] دېگەن سۆزىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پاقىدىن ياسالغان

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 195 ـ بەت.

(2) سۈرە مائىدە، 96 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دورىنى ئىشلىتىشنى مەنئى قىلغان. ئۇ يەنە قىسقۇچ پاقىنى سېتىشنى مەنئى قىلغان. ئالدىنقى قاراشتىكىلەر دەلىل قىلغان ئايەت دېڭىز ھايۋانلىرىنى ئوۋلاشقا قارىتىلىدۇ. ئۇ، گۆشىنى يېيىش ھالال بولمىغان دېڭىز ھايۋانلىرىنى ئوۋلاش مۇباھتۇر، دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇلار دەلىل قىلغان ھەدىستىكى «ئۆلۈپ قالغان ھايۋان» دېگەن سۆزمۇ بېلىقنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ھالال بولۇپ، دېڭىز ھايۋانلىرى ئىچىدىن مۇستەسنا قىلىنىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىزگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ئىككى ھايۋان ۋە ئىككى قان ھالال قىلىندى؛ ئىككى ھايۋان بولسا بېلىق بىلەن چېكەتكىدۇر. ئىككى قان بولسا جىگەر بىلەن تالدۇر».

ئىبنى ھەجەر مۇنداق دېگەن: «ئالىملار ئارىسىدا بېلىقنىڭ ھەر تۈرلىرىنىڭ ھالال ئىكەنلىكىدە ئىختىلاپ يوق. پەقەت ئادەم، ئىت، چوشقا ۋە تۈلكىگە ئوخشاش قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىغا ئوخشاپ قالىدىغان دېڭىز ھايۋىنى ھەققىدە ئىختىلاپ بار. ھەنەفى مەزھەپىدىكىلەر بېلىقتىن باشقا ھايۋانلار ھارام دەپ قارىغان (شافىئى مەزھەپىدىكىلەرنىڭ بىر قارىشى مۇشۇنداق). ئۇلار بۇنىڭغا جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى دەلىل قىلغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزدىن 300 كىشىلىك ئۇلاغلىق قوشۇن تەشكىللەپ، يۇرۇشكە ئەۋەتتى. بىزنىڭ قوماندانىمىز ئەبۇئۇبەيدە بولۇپ، قۇرەيش كارۋىنىنى كۈزۈتىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرىۋالغان ئىدۇق. ئوزۇقلۇقىمىز تۈگەپ كېتىپ، قاتتىق ئاچارچىلىقتا قالدۇق. ھەتتا دەرەخ غازاڭلىرىنى يەپ كۈن ئۆتكۈزدۇق. شۇ سەۋەبتىن بىزنىڭ قوشۇن <غازاڭ قوشۇنى> دەپ ئاتالغان ئىدى. بىر كۈنى دېڭىز بىر كىتنى قىرغاققا چىقىرىۋېتىپتۇ. بىز ئۇنى يېرىم ئاي يېدۇق. يېغىدا ياغلاندۇق. نەتىجىدە بەدەنلىرىمىز خېلى ئەسلىگە كەلدى (يەنى خېلى سەمىرىپ قالدۇق). ئەبۇئۇبەيدە ئۇنىڭ قوۋۇرغىلىرىدىن بىرنى ئېلىپ تىكلىدى. ئۇنىڭ تېگىدىن بىر ئاتلىق كىشى ئۆتتى. ئارىمىزدا بىر ئادەم بولۇپ، قاتتىق ئاچارچىلىق يۈز بەرگەندە ئۈچ تۆگە ئۆلتۈردى. ئاندىن ئۇ يەنە ئۈچ تۆگە ئۆلتۈردى. ئاندىن ئۇنى ئەبۇئۇبەيدە توسۇپ قالدى»[1]. بۇ ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان كىت <بېلىق> دەپ ئاتالمايدۇ. ئۇنىڭغا ئىنچىكىلەپ قاراش كېرەك. ھەدىس ھەقىقەتەن كىت ھەققىدە ئوچۇق دەلىل بىلەن بايان قىلىندى.

شافىئى مەزھەپىدىكىلەردىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەڭ توغرا دەلىللەرگە ئاساسلانغاندا دېڭىز ھايۋانلىرى شەرتسىز ھالالدۇر. ئۇ مالىكى مەزھەپىدىكىلەرنىڭمۇ قارىشى بولۇپ، بىر رىۋايەتتە پەقەت دېڭىز چوشقىسى ھارامدۇر. ئۇلارنىڭ دەلىلى ﷲ تائالانىڭ: «سىلەرگە دېڭىز ھايۋانلىرى ھالال قىلىندى» دېگەن سۆزى ۋە: «دېڭىزنىڭ سۈيى پاكىز ۋە ئۆلۈكى ھالالدۇر» دېگەن ھەدىستۇر. بۇ ھەدىسنى ئىمام

(1) سۈرە ئەئراف، 157 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مالىك، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ئىبنى خۇزەيمە ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

شافىئى مەزھەپىدىكىلەردىن رىۋايەت قىلىنىشچە، دېڭىز ھايۋانلىرىدىن قۇرۇقلۇقتا يېيىلىدىغان ھايۋانلارغا ئوخشايدىغانلىرى ھالالدۇر، ئوخشىمايدىغانلىرى ھالال ئەمەس. توغرا قاراشقا ئاساسلانغاندا، ئۇلار دېڭىزدا ھەم قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ھايۋاننى دېڭىز ھايۋانلىرىدىن مۇستەسنا قىلغان:

بىرىنچى تۈرى، پاقىغا ئوخشاش يېيىش مەنئى قىلىنغانلىقى ئالاھىدە بايان قىلىنغان ھايۋاندۇر. ئىمام ئەھمەد ئۆلتۈرۈش چەكلەنگەن ھايۋاننىمۇ مۇستەسنا قىلغان. ئۇ چەكلىمە ئابدۇرراھمان ئىبنى ئوسمان تەيمىنىڭ ھەدىسىدە بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنى ئىمام ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان. ئۇ ھەدىسنى ئىبنى ئۆمەردىن مۇشۇ مەزمۇندا رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىس كۈچلەندۈرىدۇ. ئۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى «ئەلئەۋسەت» ناملىق كىتابتا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنۇ جۈملە زىيادە بايان قىلىنغان: «ئۇنىڭ چىللىشى ھەقىقەتەن تەسبىھتۇر...»

تىمساھمۇ قوزۇق چىشى بىلەن ھۇجۇم قىلىدىغان ھايۋان بولغانلىقى ئۈچۈن مۇستەسنا قىلىنغان ھايۋانلارنىڭ قاتارىدىندۇر. ئۇ ئىمام ئەھمەدنىڭ بىر رىۋايىتىدە مۇستەسنا قىلىنىدۇ. تۇزلۇق دېڭىزدا ياشايدىغان دېڭىز ئىتىمۇ ھۆكۈمدە تىمساھقا ئوخشاشتۇر[1].

قالقانسىمان قارا بېلىق ۋە يىلانسىمان بېلىق ھالالدۇر. چېكەتكە ئۆزلىگىدىن ئۆلۈپ قالغان تەقدىردىمۇ، بېلىق ۋە بېلىق تۈرلىرىنىڭ ھۆكمىنىڭ ئەكسىچە، ئۇنى بوغۇزلىماستىن يېيىش ھالالدۇر. چۈنكى «بىزگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ئىككى ھايۋان ۋە ئىككى قان ھالال قىلىندى؛ ئىككى ھايۋان بولسا بېلىق بىلەن چېكەتكىدۇر. ئىككى قان بولسا جىگەر بىلەن تالدۇر»[2] دېگەن ھەدىس ئۇنىڭ دەلىلىدۇر. بۇ ھەدىس ناھايىتى مەشھۇر بولۇپ، ئۇنى پۈتۈن ئالىملارنىڭ بىرلىككە كېلىشىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ.

بۇ ھەدىس بىلەن قۇرئان كەرىمنى خاسلاشتۇرۇپ، اللە تائالانىڭ: «سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان ھارام قىلىندى»[3] دېگەن سۆزىنى اللە تائالانىڭ: «اللە سىلەرنى دېڭىزنىڭ يېغى گۆشلىرى (يەنى بېلىقلىرى)نى يېيىشۇن دەپ، سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى»[4] دېگەن سۆزى بىلەن بېلىقنىڭ ھالاللىقى شەرتسىز

(1) سەھىھ بۇخارى، **5494** ـ ھەدىس.

(2) «فەتھۇلبارى» **9** ـ توم، **619** ـ بەت.

(3) ئۇ ئىبنى ئۆمەرنىڭ ھەدىسى بولۇپ، ئىمام ئەھمەد ۋە دارۇقۇتنى رىۋايەت قىلغان. «فەتھۇلبارى» **9** ـ توم، **621** ـ بەت.

(4) سۇرە مائىدە، **3** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىسپاتلانغان ئايەتكە قارىتىش جايىزدۇر. بىلىق تۇرلىرىدىن باشقا ئادەمسىمان دېڭىز هايۋىنى ۋە دېڭىز چوشقىسىغا ئوخشاش دېڭىز هايۋانلىرى ناپاكتۇر. شۇڭا ئۇ هايۋانلار هارام هۆكۈمىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ[1].

ئىبنى ئەبۇئەيفا رەزىيەللاهۇ ئەنهۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىلەن ئالتە ياكى يەتتە غازاتقا چىققان بولۇپ، چېكەتكىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەيتتۇق »[2].

# ئىچىملىكلەر

## ئۇقۇمى

ئىچىملىك، لۇغەتتە مەيلى سۇ بولسۇن ياكى سۇدىن باشقا نەرسە بولسۇن، مەيلى هالال بولسۇن ياكى هارام بولسۇن، ئىچىلىدىغان سۇيۇقلۇقنى كۆرسىتىدىغان ئىسىمدۇر. شەرىئەت ئاتالغۇسىدا مەست قىلىدىغان سۇيۇقلۇقنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئىچىملىكنىڭ ئىچىگە مەست قىلغۇچى سۇيۇقلۇقلارنىڭ هەممىسى كىرىدۇ.

## مەست قىلغۇچى ئىچىملىكنىڭ هاراملىقى

ئىسلام دىنى مەست قىلغۇچى سۇيۇقلۇقلارنى ئىچىشنى، مەيلى ئۇ ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، قەتئىي هارام قىلدى. ئائىشە رەزىيەللاهۇ ئەنهادىن رىۋايەت قىلىنغان هەدىس شەرىپتە، ئۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام هەسەل هارىقى (هەسەل ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەنگەن هاراق) هەققىدە سورالغان ئىدى. يەمەنلىكلەر ئۇنى ئىچەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ سۇئالغا مۇنداق جاۋاب بەردى: « مەست قىلىدىغان هەرقانداق ئىچىملىك هارامدۇر »[3].

ئىمام ئەبۇداۋۇد، نەسائى ۋە ئىبنى هەببان جابىر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « مەست قىلىدىغان ئىچىملىكنىڭ ئازراقمۇ هارامدۇر ».

(1) سۇرە نەهل، 14 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) «رەددۇلمۇهتار» 5 ـ توم، 195 ـ بەت.

(3) سەهىھ بۇخارى، 5495 ـ هەدىس.

**ئىمام نەسائى ئەمر ئىبنى شۇئەيبنىڭ چوڭ دادىسىدىن ئۇنىڭغا ئوخشاش ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان.**

**ئىمام ئەبۇداۋۇد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: «مەست قىلغۇچى ھەرقانداق نەرسە ھارامدۇر. بىر فەرق[1] ئىچكەندە مەست قىلىدىغان نەرسىدىن بىر يۇتۇم ئىچىشمۇ ھارامدۇر».**

**دېمەك، بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنىڭ ھاراملىقى ھەققىدىكى ھۆكۈمنىڭ ئەكسىچە قاراشتا بولۇشى دۇرۇس ئەمەس. ئۇ ھەدىسلەر كەسكىن دەلىللەر ھېسابلىنىدۇ[2].**

**ئىمام مۇھەممەد ھەسەلدىن، ئەنجۈردىن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش خورمىدىن، ئۈزۈمدىن ۋە قۇرۇق ئۈزۈمدىن ئىشلەنگەن ھاراقنى مەيلى ئاز بولسۇن، مەيلى جىق بولسۇن، شەرتسىز ھالدا ھارام قىلدى. پەتىۋا مۇشۇ قاراشقا ئاساسەن بېرىلىدۇ. ئىمام مالىك، شافىئى ۋە ئەھمەدتىن ئىبارەت ئۈچ ئىمامنىڭ قارىشىمۇ مۇشۇنداقتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەست قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسە ھاراقتۇر، مەست قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسە ھارامدۇر» دېگەن. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «كۆپ ئىچكەندە مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ ئازراقىمۇ ھارامدۇر». بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ھەببان ۋە دارۇقۇتنى رىۋايەت قىلغان.**

**ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ مۇنداق قارايدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئەگەر بىرى مەست قىلىدىغان نەرسىنى ئىچمەكچى بولسا، ئۇنىڭ ئازارقىمۇ، كۆپرەكىمۇ ھارامدۇر. ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇش ھارامدۇر، ھاراق ئېلىش ئۈچۈن مېڭىشمۇ ھارامدۇر»[3].**

# مەست قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ تۈرلىرى

**مەست قىلىدىغان نەرسىلەر ئىككى قىسىم بولۇپ، بىرى ھاراقتۇر. يەنە بىرى ھاراقتىن باشقا مەست قىلغۇچى نەرسىلەردۇر.**

(1) سەھىھ بۇخارى، **5586** ـ ھەدىس.

(2) فەرق ئەينى زاماندا ئىشلىتىلگەن ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، ھەر يۇرت ئۆزىگە خاس ئۆلچەم سۈپىتىدە ئىشلەتكەن. شۇڭا ئۇنىڭ سىغىمچانلىقى پەرقلىق بولۇپ، كىچىكى تەخمىنەن **10** كىلوگىرام ئاتراپىدا بولسا، چوڭى نەچچە مىڭ كىلوگىرام كېلىدىكەن.

(3) «فەتھۇلبارى» **10** ـ توم، **43** ـ بەت.

# هاراق

هاراق، تېخى چېكىلمىگەن ئۈزۈم سۈيىنى ئېچىتىپ، مەست قىلغۇدەك دەرىجىدە كۆچلەندۈرۈپ، كۆپۈكلىرىنى ئايرىۋېتىپ ساپلاشتۇرغان سۇيۇقلۇقنى كۆرسىتىدۇ.

ئىمام ئەبۇيۇسۇپ ۋە مۇھەممەد ئۇنىڭ كۆپۈكلىرىنى ئايرىشنى شەرت قىلمىغان. ئىمام مالىك، شافىئى ۋە ئەھمەدتىن ئىبارەت ئۈچ ئىماممۇ مۇشۇنداق دېگەن. «ئەددۇررۇلمۇختار» ناملىق كىتابتا مۇشۇنداق بايان قىلىنغان.

## ئۈزۈم ھارىقى ۋە باشقا تۈرلۈك ھاراقلار

‹هاراق› دېگەن سۆز بەزىدە كۆچمە مەنە بويىچە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىچىملىكتىن باشقا نەرسىگىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئەسلىدە تىلشۇناسلارنىڭ بىردەك قارىشىدا ‹هاراق› دېگەن ئىسىم پەقەت مەزكۇر ئىچىملىككىلا خاس قىلىنغان. شۇڭا مەست قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى ئەقىلنى كەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈنلا ھاراق دېيەلمەيمىز. چۈنكى تىلدا قىياس قىلىش ئاقمايدۇ.

ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەست قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسە ھاراقتۇر، مەست قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسە ھارامدۇر» دېگەن سۆزىگە ۋە: «هاراق بۇغدايدىنمۇ ئىشلىنىدۇ، ئارپىدىنمۇ ئىشلىنىدۇ، قۇرۇق ئۈزۈمدىنمۇ ئىشلىنىدۇ، ھەسەلدىنمۇ ئىشلىنىدۇ» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق بولىدۇ: «هاراق دېگەن سۆز ئەمەلىيەتتە بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان نەرسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلەپ چىقىرىلغان سۇيۇقلۇقلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىسمى بار. مەسىلەن، مۇسەللەس، قىيام، شەربەت ۋە باشقىلارغا ئوخشاش. باشقا نەرسىلەرگە هاراق ئىسمىنى قوللىنىش كۆچمە مەنىدە كېلىدۇ. مەزكۇر ھەدىسمۇ شۇنىڭغا قارىتىلىدۇ ياكى ھۆكۈمنى بايان قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەرسىلەرنىڭ ھەقىقىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، ھۆكۈمنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن»[1].

ئىمام رافىئى ‹تەقرىرات› ناملىق كىتابىدا ئىبنى ئابىدىن ئوتتۇرىغا قويغان قاراشنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئىبنى ئابىدىننىڭ ‹تىلدا قىياس قىلىش ئاقمايدۇ› دېگەن سۆزىگە كەلسەك، رەھمەتى، ئىبنى كەمالدىن نەقىل قىلىپ:

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 295 ـ بەت.

<تىلدا قىياس قىلىش ئاقمايدۇ> دېگەن سۆزنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق دېگەن. چۈنكى سەن دەۋاگەرنىڭ تۈتقۇ قىلىۋاتقىنىنىڭ بۇ ئەمەسلىكىنى بىلىسەن. ھاراقنىڭ ھەقىقىي مەنىسى يۇقىرىدىكى ئۇقۇمدا تىلغا ئېلىنغان نەرسىنى كۆرسىتىدىغان بولۇشى قايىل بولىدىغان سۆز ئەمەس. <قامۇس> تا: <ھاراق ئۈزۈم سۈيىدىن ئىشلەنگەن مەست قىلغۇچى نەرسىنى كۆرسىتىدۇ ياكى ئۇ ئەقىلنى كەتكۈزىدىغان سۈيۇقلۇقنى ئومۇمەن ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ> دېيىلگەن. ئۇنىڭ ئومۇملۇق مەنىسىنى ئېلىش ئەڭ توغرىدۇر. چۈنكى ھاراق ھارام قىلىنغان چاغدا مەدىنىدە ئۈزۈم ھارىقى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ ھارىقى پەقەت خورما غورىسى ۋە خورمىدىن ئىشلىنەتتى.

ئىبنى ئابىدىنىنىڭ: <ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلەپ چىقىرىلغان سۈيۇقلۇقلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىسمى بار> دېگەن سۆزىگە كەلسەك، ھاراقنىڭمۇ نۇرغۇن ئىسىملىرى بار، بۇ ئىسىملارنى ئۈزۈم ھارىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھەقىقىي مەنە سۈپىتىدە ئىشلىتىشنىڭ ھېچقانداق توسالغۇسى يوق، شۇنداقلا ئىبنى ئابىدىن تىلغا ئالغان ئىسىملارغا ھاراق دېگەن سۆزنى ھەقىقىي مەنە سۈپىتىدە ئىشلىتىشنىڭمۇ ھېچقانداق توسالغۇسى يوق، دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ. ھەدىستە ھاراق سۆزىنى ئىشلىتىشتىكى ئەسلى مۇددىئاغا كەلسەك، ئۇ ھەقىقىي مەنە سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. چۈنكى بىرەر سۆزنى ھەقىقىي مەنىسىدە ئىشلىتىش ئىمكانى بولغان يەردە كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلمەيدۇ.

سۈننەت قۇرئان كەرىمنىڭ مەنىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئەگەر ھاراق دېگەن سۆز لۇغەتتە ئۈزۈم ھارىقىنىلا كۆرسىتىدۇ، دېگەن قاراشقا قايىل بولغان تەقدىردە، شەرىئەت بەلگىلىگۈچى باشقا نەرسىدىنمۇ ھاراق ئىشلىنىدىغانلىقىنى ئەلۋەتتە بايان قىلىپ بەرگەن بولاتتى. ئەگەر ھۆكۈم ئومۇمەن بايان قىلىنغان قەتئىي دەلىلگە ۋە تەپسىلىي بايان قىلىنغان زەننى دەلىلگە نىسبەت بېرىلسە، ئۇنىڭ بەلگىلىنىشى قەتئىي دەلىلدىن كېلىپ چىققان بولىدۇ. بەلكى ئۇ ئومۇمەن بايان قىلىنغان دەلىل ھېسابلانمايدۇ (يەنى تەپسىلىي بايان قىلىنغان ھېسابلىنىدۇ).

<ھاراق> دېگەن سۆز لۇغەتتە ۋە شەرىئەتتە مەست قىلىدىغان سۈيۇقلۇقنىڭ ئورتاق ئىسمىدۇر. قامۇستا شۇنداق بايان قىلىنغان. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: <ھاراق ھارام قىلىنغان چاغدا مەدىنىدە ئۈزۈم ھارىقى يوق ئىدى>. ئۇ بۇ سۆزى بىلەن مەدىنىدە ھارام قىلىنغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆكۈۋېتىشكە بۇيرۇغان ھاراقنىڭ ئۈزۈم ھارىقى ئەمەسلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاراقنىڭ پۈتۈن تۈرلىرىنىڭ، مەيلى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ھەممە قايسى شەكىلدە

بولسۇن، ھارام ئىكەنلىكىگە پەتىۋا بېرىلىدۇ»[1].

يۇقىرىدا ئىشارەت قىلىنغان بىرىنچى ھەدىس «مەست قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسە ھاراقتۇر، مەست قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسە ھارامدۇر» دېگەن ھەدىستۇر. ئىككىنچى ھەدىس ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس بولۇپ، ئۇ مۇنداق دېگەن: «ھاراق (ئۈزۈم ھارىقىنى دېمەكچى) ھارام قىلىنغاندا مەدىنىدە ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە يوق ئىدى».

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن قىلىنغان ئىككىنچى رىۋايەتتە، ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئۆمەر مۇنبەرگە چىقىپ: <ھاراقنىڭ ھارام قىلىنغانلىق ھۆكمى نازىل بولدى. ئۇ ئۈزۈم، خورما، ھەسەل، بۇغداي ۋە ئارپىدىن ئىبارەت بەش نەرسىدىن ئىشلىنىدۇ. ئەقىلنى كەتكۈزگەن نەرسىنىڭ ھەممىسى ھاراقتۇر> دېدى»

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىزگە ھاراق ھارام قىلىندى. ھاراق ھارام قىلىنغان چاغدا مەدىنىدە ئۈزۈم ھارىقىنى ناھايىتى بەك ئاز ئۇچرىتاتتۇق. بىزنىڭ ھاراقلىرىمىزنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خورمىنىڭ غورىسىدىن ۋە خورمىدىن ئىشلىنەتتى»[2].

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «بىزنىڭ ھاراقلىرىمىزنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك» دېگەن سۆزى ھاراققا ئايلىنىدىغان ئىچىتما ئۈچۈن كۆپىنچە خورمىنىڭ غورىسى ۋە خورما ئىشلىتىلەتتى، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ[3].

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھاراق خورما دەرىخى ۋە تالدىن ئىبارەت ئەنە شۇ ئىككى دەرەختىن چىقىدۇ»[4].

## ھاراقنىڭ ھۆكۈملىرى

ھاراق مۇنداق ئون ھۆكۈمگە يىغىنچاقلىنىدۇ:

1 ـ پۈتۈن ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشى بىلەن ھاراقنى مەست قىلىش سەۋەبى ئۈچۈن ئەمەس، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئىچىش، مەيلى ئۇنى ئاز ئىچسۇن ياكى جىق ئىچسۇن،

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 208 ـ بەت.

(2) «تەقرىيرات ئەررافىئى» 2 ـ توم، 313 ـ بەت.

(3) سەھىھ بۇخارى، 5579 ـ، 5580 ـ ۋە 5581 ـ ھەدىسلەر.

(4) «فەتھۇلبارى» 10 ـ توم، 36 ـ بەت.

هارام قىلىندى. شۇڭا ئۇنىڭدىن بىر تامچە ئىچىشمۇ هارامدۇر. چۈنكى الله تائالا بۇ هەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! هاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان هاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە الله نى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (هاراقتىن، قىماردىن) يانامسىلەر؟ »[1].

بۇ ئايەتتە هاراقنىڭ هاراملىقىغا مۇنداق ئون دەلىل بار: الله تائالا هاراقنى قىمارنىڭ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش بايان قىلغان يامان ئىشلارنىڭ قاتارىغا تىزدى. ئۇنى پاسكىنا قىلىق دەپ ئاتىدى. شەيتاننىڭ ئىشى قاتارىدىن سانىدى. ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇدى. بەختكە ئېرىشىشنى ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇشقا باغلىق قىلدى. شەيتاننىڭ ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت تۇغدۇرىدىغانلىقىنى، الله تائالانى ياد ئېتىشتىن ۋە ناماز ئوقۇشتىن توسىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. هاراقتىن يېنىشنى تەھدىد ئارىلاشقان سوراق جۈملىسى بىلەن ناهايىتى ۋايىغا يەتكۈزۈپ بايان قىلدى.

2 ـ هاراق نىجىستۇر. ئۇ سىيدۈك ۋە تۆكۈلگەن قانغا ئوخشاش ئېغىر نىجاسەت هېسابلىنىدۇ. چۈنكى الله تائالا ئۇنى پاسكىنا دەپ ئاتىدى.

3 ـ هاراقنى هالال سانىغۇچى كاپىر بولىدۇ. چۈنكى ئۇ قەتئىي دەلىلنى ئىنكار قىلغان بولىدۇ. مۇئتەزىلە پىرقىسىنىڭ: «كۆپ ئىچكەندە مەست قىلىدىغان ئىچىملىك هارامدۇر، ئازراقى هارام ئەمەس» دېگەن سۆزى كۇفرىلىقتۇر. چۈنكى ئۇلار قەتئىي دەلىلنى ئىنكار قىلغانلىق بولۇپ، قۇرئانغا تانغانلىق هېسابلىنىدۇ. الله تائالا ئۇنى <پاسكىنا> دەپ ئاتىدى. ئۆزى هارام بولغان نەرسە پاسكىنىدۇر. هاراق هەققىدە مۇتەۋاتىر هەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام هەققەتەن هاراقنى هارام قىلغان ۋە پۈتۈن ئالىملار ئۇنىڭ هارام ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن.

4 ـ مۇسۇلمان ئۈچۈن هاراقنىڭ قىممىتى يوقتۇر. ئەمما زىممىي ئۈچۈن چوشقىغا ئوخشاش هاراق قىممەتلىك هېسابلىنىدۇ. هەتتا ئۇنىڭ هاراقنى سېتىشىمۇ دۇرۇستۇر. ئەگەر ئۇنىڭ هارىقىنى ئىمام (خەلىپە) دىن ياكى ئۇ بۇيرۇغان ئادەمدىن باشقا بىرى زىيانغا ئۇچراتسا، تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ مەسىلە بۇلاڭچىلىق هۆكمىنىڭ ئاخىرىدىمۇ بايان قىلىنغان ئىدى. توغرا قاراشقا ئاساسلانغاندا، هاراقنىڭماللىق سۈپىتى يوققا چىقىرىلمايدۇ. چۈنكى مال كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىدۇر. مالنى سەرپ قىلىش ۋە مەنئى

[1] سەھىھ مۇسلىم، 1985 ـ هەدىس.

قىلىش جارى بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا هاراقمۇ مال هېسابلىنىدۇ. لېكىن ئۇ، يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، مۇسۇلمان ئۈچۈن قىممەتكە ئىگە ئەمەستۇر.

5 ـ هاراقتىن پايدىلىنىش هارامدۇر. ئۇلاغ سۇغۇرۇش، لاي ئېتىش، دورا ئۈچۈن ئىشلىتىش، مايلاش، تاماقتا ئىشلىتىش ۋە شۇنىڭدەك ئاياللارنىڭ چېچىنى تېخىمۇ پارقىرىتىشى ئۈچۈن ئىشلىتىشى، سۈرمە تارتىش، ئوكۇلغا ئىشلىتىش، ئەرنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ تۆشۈكىگە تېمىتىشقا ئوخشاش ئىشلاردىمۇ پايدىلىنىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ هاراقتىن پايدىلانغانلىق بولۇپ قالىدۇ. ئۇنى ئىشلىتىش هارامدۇر. پەقەت مەزكۇر ئىشلارغا ئىشلەتكۈچى ئىچمىگەنلىكى ئۈچۈن جازاغا تارتىلمايدۇ (يەنى دەررە ئۇرۇلمايدۇ).

هاراق بىلەن پايدىلىنىش تۈرلىرىدىن بىرەر نەرسىنى مەست قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىش مۇستەسنادۇر. بۇنى ئالدىمىزدا بايان قىلىپ ئۆتىمىز. ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كېتىش خەۋپى تۇغۇلغاندا زۆرۈرىيەت مىقدارى ئىشلىتىشمۇ مۇستەسنادۇر. مەسىلەن، ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلەي دەپ قالغان، ئۇسسۇزلۇقنى بېسىش ئۈچۈن هاراقتىن باشقا نەرسە تاپالمىغان ئەهۋال ئاستىدا ئۇنى زۆرۈرىيەت مىقدارى ئىچسە بولىدۇ. ئەگەر زۆرۈرىيەت مىقدارىدىن جىق ئىچىپ مەست بولۇپ قالسا، دەررە ئۇرۇلىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇسسۇزلۇقنى بېسىپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئىچسە، دەررە ئۇرۇلىدۇ. زۆرۈرىيەت مىقدارىدىن كۆپ ئىچىشتە مەست بولۇش شەرت قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئۇسسۇزلۇقنى باسقىدەك ئىچكەندىن كېيىن يەنە ئىچسە، مەست بولمىغان تەقدىردىمۇ دەررە ئۇرۇش لازىم بولىدۇ. شۇنداقلا ئىختىيارى هالەتتە مۇشۇ مىقدارچىلىك هاراق ئىچسە، مەست بولمىغان تەقدىردىمۇ دەررە ئۇرۇلىدۇ[1].

6 ـ هاراق ئىچكۈچى مەست بولمىغان تەقدىردىمۇ دەررە ئۇرۇلىدۇ. هاراقتىن باشقا نەرسىنى ئىچكۈچى مەست بولۇپ قالغان تەقدىردە دەررە ئۇرۇلىدۇ. هاراقنى قايىنتىش ئۇنىڭ هاراملىق هۆكمىگە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. دەلىلگە ئاساسەن، هاراقنى ئازراق ئىچكۈچىمۇ، جىق ئىچكۈچىمۇ دەررە ئۇرۇلىدۇ. هاراق هەققىدىكى پەتىۋا مۇشۇنداق بېرىلىدۇ. هاراقنى قايىنتىپ، هاراق تېپىدىن باشقا نەرسىگە ئۆزگەرتىۋېتىشمۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن هاراق ئۆز تېپىدىن چىقىپ، سۇغا ئايلانغان تەقدىردىمۇ، توختاپ قالغان سۇغا ياكى شۇ سۇنىڭ هۆكمىدىكى سۇغا بىر تامچە چاغلىق چۈشۈپ كەتسە، سۇنى پاسكىنا قىلىپ قويىدۇ. ئەگەر بىر تامچە هاراق بىر قازان تاماقتا چۈشۈپ كەتسە، گەرچە ئۇ تاماقتا ئايلىنىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، خۇددى بىر قازان تاماقتا بىر تامچە سۈيدۈك چۈشۈپ كەتكەندەك، تاماقنى پاسكىنا

(1) سۈرە مائىدە، 90 ـــ 91 ـ ئايەتلەر.

قىلىۋېتىدۇ.

7 ـ هاراقنى سېتىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن تىجارەت قىلىش دۇرۇس ئەمەس. ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس شەرىپتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىدە خۇتبە ئوقۇۋېتىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «ئى خالايىق! شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا پات ـ يېقىندا ھاراق ھەققىدە توختىلىدۇ. پات يېقىندا ئۇ ھاراق ھەققىدە بۇيرۇق نازىل قىلىشى مۇمكىن. كىمدە ھاراق بولسا، ئۇنى دەرھال سېتىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلانسۇن».

ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: شۇنىڭدىن كېيىن ئازغىنا ۋاقىت ئۆتىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا ھاراقنى ھارام قىلدى. كىمكى بۇ ئايەتنى ئاڭلىغان ھامان، ئۆزىدە ھاراق بولسا ئۇنى ئىچمىسۇن ۋە ساتمىسۇن!» شۇنداق قىلىپ، كىشىلەر ئۆزلىرىدە بار ھاراقلارنى مەدىنىنىڭ كوچىلىرىغا ئېلىپ چىقىپ تۆكىۋەتتى[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھاراق ھەققىدە توختىلىدۇ» دېگەن سۆزى ئۇنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بۇرۇتىپ ئۆتىدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇرۇتىپ ئۆتۈش ئوچۇق ئېيتىشنىڭ ئەكسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزدە تۇتقىنى الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى بولۇشى مۇمكىن: «(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا: «بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنا ماددى) پايدىمۇ بار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ» دېگىن، ئۇلار سەندىن نېمىنى سەدىقە قىلىش توغرۇلۇق سورايدۇ، «(ئېھتىياجدىن) ئارتۇقىنى (سەدىقە قىلىڭلار)» دېگىن. (دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىنى) تەپەككۇر قىلىشىڭلار ئۈچۈن الله ئۆز ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ»[2].

بۇ ئايەت سۈرە مائىدىدىكى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان، ھاراقنىڭ ھارام قىلىنغانلىقىنى قەتئىي بايان قىلىپ كەلگەن ئايەتتىن ئىلگىرى نازىل بولغان ئىدى. مىسىرلىق ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەئلە ئىسىملىك بىر ئادەم ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن: ئۈزۈمدىن سىقىپ چىقىرىلغان سۇيۇقلۇقنىڭ ھۆكمى نېمە؟ دەپ سورىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئۇنىڭ سۇئالىغا مۇنداق جاۋاب بەردى: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر تۇلۇم ھاراق ھەدىيە قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «الله نىڭ ئۇنى ھارام قىلغانلىقىنى بىلمەمسەن؟» دېدى. ئۇ: ياق، دېدى.

---

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 289 ـ بەت.

(2) سەھىھ مۇسلىم، 1578 ـ ھەدىس.

ئاندىن ئۇ بىر ئادەمنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇنىڭ قۇلىقىغا نېمە دەپ پىچىرلىدىڭ؟» دېدى. ئۇ: ئۇنى ئۇ ھاراقنى سېتىۋېتىشقا بۇيرۇدۇم دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى ئىچىشنى ھارام قىلغان زات الله تائالا سېتىشنىمۇ ھارام قىلدى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋەتتى. نەتىجىدە ھاراق ئۇنىڭدىن تۆكۈلۈپ تۈگىدى[1].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرىدىكى جازانە ۋە ئۆسۈمگە مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر نازىل بولغان چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدكە چىقىپ، ئۇ ئايەتلەرنى جامائەتكە ئوقۇپ بەردى. ئاندىن ئۇلارنى ھاراق تىجارىتى قىلىشتىن چەكلىدى»[2].

8 ـ ھاراق ئىشلەنگەن نەرسىلەرنىڭ قالدۇقلىرىدىن تەپچىرەپ چىققان سۇيۇقلۇقنىڭ ھۆكمىمۇ ھاراقنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. بۇ خىل سۇيۇقلۇقنى ئازغىنا ئىچكەن كىشىگە دەررە ئۇرۇش ياكى ئۇرماسلىق ھۆكمىدە ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت. ئەمما ئۇنىڭ نىجىسلىقتا ئەسلى ھاراققا ئوخشاش نىجىس ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ھاراملىق دەرىجىسى ھاراقنىڭ ھاراملىق دەرىجىسىگە ئوخشاش ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭدا ئىختىلاپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ھالال سانىغۇچىغا كاپىرلىق ھۆكمى بېرىلمەيدۇ.

9 ـ ھاراقنى دورا سۈپىتىدە ئىشلىتىش دۇرۇس بولمايدۇ. ئۇكۇل سېلىش ياكى ئەرنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ تۆشۈكىگە تېمىتكەنچىلىك رەۋىشتە ئىشلىتىشكىمۇ بولمايدۇ. بىر ھەدىس شەرىپتە مۇنداق بايان قىلىنىدۇكى، تارىق ئىبنى سۇۋەيد جەئفىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھاراق ھەققىدە سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ھاراقنى ئىشلىتىشتىن توستى ياكى ئۇنىڭ ھاراق ئىشلەپ چىقىرىشنى يامان كۆردى. ئۇ: مەن ئۇنى پەقەت دورا سۈپىتىدە ئىشلىتىش ئۈچۈن ئىشلەپ چىقىرىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ھەرگىز دورا بولمايدۇ، ئەكسىچە كېسەل پەيدا قىلىدۇ» دېدى[3]. بىز يۇقىرىدا، جازانە ۋە ئۆسۈم مەسىلىلىرىنى بايان قىلغاندا ھەنەفىي مەزھەپىدە ھارام نەرسىنى كېسەل داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىقىنى، پەقەت زۆرۈرىيەت بولۇپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇنىڭدىن باشقا نەرسە تېپىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن.

10 ـ ھاراققا تۇز، سۇ، بېلىق قاتارلىق نەرسىلەردەك بىرەر نەرسە قېتىپ، ئۇنى سىركىگە ئۆزگەرتىش دۇرۇس بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى ئوت قالاپ ياكى كۈنگە تۇتۇپ

(1) سۈرە بەقەرە، 219 ـ ئايەت.

(2) سەھىھ مۇسلىم، 1579 ـ ھەدىس.

(3) سەھىھ مۇسلىم، 1580 ـ ھەدىس.

ئۆزگەرتىشكىمۇ بولىدۇ. ئەگەر سىركىنى هاراققا ئارىلاشتۇرسا ۋە سىركە چوڭچۇمەل بولۇپ كەتسە، هاراقلىقى بېسىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ هالال بولىدۇ. ئەگەر چوڭچۇمەللىكى يېنىك بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئاچچىقلىقى تامامەن تۈگىمىگىچە ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ قارىشىدا سىركە بولمايدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن مۇھەممەدنىڭ قارىشىدا سىركە بولۇۋېرىدۇ. ئەگەر هاراق سىركىگە ئايلانغان تەقدىردە، قاچىنىڭ ئىچىدىكىسى پاك بولىدۇ. ئەمما قاچىنىڭ ئۈستىدىكىسىگە كەلسەك، بىر قاراشتا: «قاچىنىڭ ئىچىدىكىگە ئاساسەن پاك بولىدۇ» دېيىلگەن. يەنە بىر قاراشتا: «پاك بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ قۇرۇپ قالغان. پەقەت ئۇنى سىركە بىلەن يۇسا، شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ سىركە هېسابلىنىدۇ ۋە پاك بولىدۇ» دېيىلگەن. بىراق پەتىۋا ئالدىنقى قاراش بويىچە بېرىلىدۇ[1].

## هاراقنى سىركىگە ئۆزگەرتىشنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى

ئەگەر هاراق سىركىگە ئايلاندۇرۇلسا، مەيلى ئۇ هاراقنىڭ ئۆزى بىلەن سىركىگە ئايلانسۇن، مەيلى بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان نەرسىلەردىن بىرىنى قېتىش بىلەن سىركىگە ئايلانسۇن، هالال بولىدۇ. ئۇنى سىركىگە ئايلاندۇرۇش مەكروھ ئەمەس.

ئىمام شافىئى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «هاراقنى سىركىگە ئايلاندۇرۇش مەكروھتۇر». ئۇنىڭ قارىشىدا، هاراقتىن ئۆزگەرتىلگەن سىركە، ئەگەر هاراققا بىرەر نەرسە قېتىش بىلەن ئۆزگەرتىلگەن بولسا، كەسكىن هالدا هالال بولمايدۇ. ئەگەر هاراققا بىرەر نەرسە قاتماستىن سىركىگە ئۆزگەرتىلگەن بولسا، بۇ ھەقتە ئۇنىڭ ئىككى خىل قارىشى بار. ئۇنىڭ قارىشىچە، هاراقنى سىركىگە ئۆزگەرتىش مالغا ئۆزگەرتىش ئاساسىدا هاراققا يېقىنلاشقانلىق بولىدۇ. هاراق هارام قىلىنغان ئايەتتىكى هاراقتىن يىراق تۇرۇشقا قىلىنغان بۇيرۇق ئۇنىڭغا زىت كېلىپ قالىدۇ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام هاراقنى سىركە قىلىشقا بولامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، ئۇ: «ياق» دېگەن[2].

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس شەرىپتىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ: «سىركە

(1) سەھىھ مۇسلىم، 1984 ـ ھەدىس.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 290 ـ بەت.

نېمىدېگەن ياخشى تېتىتقۇ ـ ھە!›› جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىلىسىدىكىلەردىن تېتىتقۇ سورىغاندا، ئۇلار: بىزدە پەقەت سىركىلا بار، دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئەكەلدۈرۈپ، نان چىلاپ يېگەن ۋە: ‹‹سىركە نېمىدېگەن ياخشى تېتىتقۇ ـ ھە! سىركە نېمىدېگەن ياخشى تېتىتقۇ ـ ھە!›› دېگەن[1].

ئەبۇ تالىبنىڭ قىزى ئۇممۇ ھانى رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېشىمىزغا كىرىپ: ‹‹سىلەردە يېگىدەك بىرەر نەرسە بارمۇ؟›› دېدى. مەن: بىر پارچە قاتتىق نان ۋە سىركىدىن باشقا نەرسە يوق، دېدىم. ئۇ: ‹‹ئۇنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭ! سىركە بار ئۆي تېتىتقۇغا موھتاج بولۇپ قالمايدۇ›› دېدى[2]. تېتىتقۇ نان چىلاپ يېيدىغان ئاچچىق ـ چۈچۈك نەرسىدۇر.

ئالىملار ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدىكى ھاراقنى سىركىگە ئۆزگەرتىش چەكلىمىسىنى چۈشەندۈرۈشتە ھەرخىل قاراشلاردا بولغان. ئىمام ئەبۇھەنىفە مۇنداق دەيدۇ: ‹‹ئۇ ھاراق ھارام قىلىنغان دەسلەپتىكى چاغ بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھاراقنى ئېلىپ قېلىش ۋە ئۇنى ئىچىشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ھىيلە ئىشلىتىپ، سىركىگە ئايلاندۇرىۋالماسلىقى يۈزىسىدىن بۇيرۇق چىقىتىلغان ئىدى. كېيىن ئۇ بۇيرۇقنىڭ چىقلىقى بىكار بولغاندىن كېيىن مەزكۇر چەكلىمىمۇ ئەمەلدىن قالدى››.

باشقىلار: ‹‹ئۇ چەكلىمە شۇ پېتى قالىدۇ›› دەيدۇ. ئۇلار يەنە ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشقان بولۇپ، بەزىلەر: ‹‹ھاراقنى سىركىگە ئايلاندۇرۇش مەنئى قىلىنغاندۇر. لېكىن بىراۋ ئۇنى سىركىگە ئۆزگەرتسە، پاكىز ھەم ھالال بولىدۇ›› دەيدۇ. يەنە بەزىلەر: ‹‹ئۇ پاكىزمۇ بولمايدۇ، ھالالمۇ بولمايدۇ. بەلكى پاسكىنا ۋە ھارام ھالىتىدە قېلىۋېرىدۇ›› دەيدۇ. سىركىنىڭ پاسكىنا ۋە ھارام بولىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ قاراشتىكىلەرنىڭ مەزكۇر ھەدىستە ھېچقانداق دەلىلى يوق. چۈنكى ئۇ چەكلىمە پەقەت ھاراقنى سىركىگە ئۆزگەرتىش ھەققىدىدۇر، ئۆزگەرتكەندىن كېيىن ھاسىل بولغان سىركە ھەققىدە ئەمەس. ئۇنىڭ پاسكىنا ۋە ھاراملىقىغا ئەقلىي جەھەتتىمۇ ھېچقانداق دەلىل يوق. چۈنكى ئۇنىڭ پاسكىنىلىقى ۋە ھاراملىقى ھاراق بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئىدى. ھاراقلىقى يوقالغاندىن كېيىن پاسكىنىلىقى ۋە ھاراملىقىمۇ يوقىلىدۇ. خۇددى ئۇنىڭ ئۆزلىكىدىن سىركىگە ئايلىنىپ كەتكىنىگە ئوخشاش. شۇڭا ئارىدىكى ئىختىلاپ مەزكۇر چەكلىمىنىڭ ئەمەلدىن قالغان ياكى قالمىغانلىقىدا قالىدۇ.

ئىمام ئەبۇھەنىفە مۇنداق دەلىل كەلتۈرىدۇ: ‹‹ھاراقنى سىركىگە ئۆزگەرتىش

(1) سەھىھ مۇسلىم، 1983 ـ ھەدىس.

(2) سەھىھ مۇسلىم، 2051 ـ ۋە 2052 ـ ھەدىسلەر.

هاراقنى يوقاتقانلىق بولىدۇ. هاراقنى يوقىتىش چەكلەنگەن ئەمەس. شۇڭا ئۇ چەكلىمە دەسلەپكى دەۋردىكى بۇيرۇقنىڭ چىڭلىقىغا قارىتىلىدۇ ۋە ئۇ چىڭلىقنىڭ بىكار بولۇشى بىلەن چەكلىمىمۇ ئەمەلدىن قالىدۇ»[1].

هاراقنى سىركىگە ئۆزگەرتىش قارىشىنى توغرا رەۋىشتە قىلىنغان قىياسمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. هاراق ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋاندىنمۇ پاسكىنا ئەمەس. شەرىئەت ئۇنىڭ تېرىسىدىن ئاشلىغاندىن كېيىن پايدىلىنىشنى مۇباھ قىلدى. شۇنىڭدەك هاراقنىمۇ سىركىگە ئۆزگەرتكەندىن كېيىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. بىز يۇقىرىدا تاھارەت ھەققىدە توختالغىنىمىزدا ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋاننىڭ تېرىسىنى ئاشلاپ پاكىزلىغىلى بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدۇق. ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: مەيمۇنەنىڭ دېدەكلىرىگە بىر قوي ھەدىيە قىلىندى. كېيىن قوي ئۆلۈپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوينىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «ئۇنىڭ تېرىسىنى ئېلىۋېلىپ، ئاشلىغاندىن كېيىن پايدىلانساڭلار بولماستى؟» دېدى. ئەتراپتىكى كىشىلەر: ئۇ ئۆزى ئۆلۈپ قالغان دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله تائالا پەقەت ئۇنى يېيىشنى هارام قىلدى» دېدى[2].

# مۇسەللەسنىڭ ھۆكمى

بىز يۇقىرىدا هاراقنى قايىنىتىش ئۇنىڭ هاراملىقىنىڭ يوقىلىشىغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، دېگەن ئىدۇق. ئۇنىڭدىن ئۈزۈم مۇسەللىسى مۇستەسنا قىلىنىدۇ (يەنى مۇئەييەن مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلەتسە بولىدۇ). ئۈزۈم سۈيى قايىنىتىلىپ، ئۈچتىن ئىككى قىسمى تۈگىسە، قالغان ئۈچتىن بىر قىسمى مۇسەللەس بولىدۇ. ئۇنى تاماققا تەم قېتىش، داۋالىنىشقا ئىشلىتىش ۋە الله تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن كۈچلىنىش مەقسىتىدە ئىستېمال قىلسا، دۇرۇس بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى ئويۇن ـ تاماشا ئۈچۈن ئىستېمال قىلسا، پۈتۈن ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشىدا هالال بولمايدۇ[3]. مۇسەللەس بۈگۈنكى كۈندە <شرنه> دەپ ئاتىلىدۇ.

مۇسەللەسنى قايناتقاندا توختاتماي قايىنىتىش شەرت قىلىنىدۇ. ئەگەر قايىنىتىش ئارىدا توختاپ قالغان تەقدىردە، چۈچۈمەللىكنىڭ ۋە باشقا تەمنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ئۆزگىرىش هاسىل بولسا، هالال بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا هارام بولىدۇ. پەتىۋا

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
(2) «ئىئلائۇسسۇنەن» 18 ـ توم، 39 ـ بەت.
(3) سەھىھ مۇسلىم، 363 ـ ھەدىس.

مۇشۇنداق بېرىلىدۇ. توغرا قاراشقا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى قايناپ تۈگىشى كېرەك. ئەگەر ئۈزۈم بىلەن خورمىنى ئارىلاشتۇرۇپ قايناتسا، ئۇنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى تۈگىمىگىچە ھالال بولمايدۇ. ئېھتىيات قىلىش يۈزىسىدىن ئۈزۈم تەرىپى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئۈزۈم سۈيى بىلەن خورما سۈيىنى ئارىلاشتۇرۇپ قايناتسىمۇ ھۆكۈم شۇنداق بولىدۇ.

قاينىتىپ ئۈچتىن ئىككى قىسمى تۈگىگەندىن كېيىن سۈيۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۈستىگە سۇ قاتقان، ئاندىن يەنە قايناتقان تەقدىردە، ئۇنىڭ ھۆكمى مۇسەللەسنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. ئەمما ئۈزۈم سۈيىگە سۇ قېتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئومۇمىي ھەجمىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى تۈگىگەنگە قەدەر قايناتسا، مۇسەللەسنىڭ ھۆكمىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. چۈنكى سۇ ساپ بولغانلىقى ئۈچۈن قايناتقاندا بالدۇر تۈگەپ كېتىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن پەقەت سۇ قىسمى تۈگىگەن بولىدۇ. نەتىجىدە ئۈزۈم سۈيىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى تۈگىگەن بولمايدۇ. شۇڭا ھالال بولمايدۇ.

## گۆشى يېيىلىدىغان ھايۋاننىڭ سۈتىنىڭ ھۆكمى

ئەسلىدە گۆشى يېيىلىدىغان ھايۋاننىڭ سۈتى ھالالدۇر. پەقەت ئۇ كۈچلىنىپ كەتسە، يەنى ئۇنىڭدا مەست قىلىش كۈچى پەيدا بولسا، ھالال بولمايدۇ. >ئەددۇررۇلمۇختار< ناملىق كىتابتا تۆگە سۈتى كۈچىيىپ كەتسە، ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشىدا ھالال بولمايدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئەبۇيۇسۇفنىڭ قارىشىدا ھالال بولىدۇ. تۆگە سۈتىدىن كېلىپ چىققان مەستلىك ئىختىلاپسىز ھالدا ھارامدۇر. ئەمما دەررە ئۇرۇش ۋە تالاقنىڭ چۈشۈشى مەسىلىسىدە ئىختىلاپ بار. ئات سۈتىمۇ ئىمام ئەبۇھەنىفىنىڭ قارىشىغا ئاساسەن پۈتۈن ھەنەفى ئالىملىرىنىڭ قارىشىدا ھارامغا يېقىن مەكروھتۇر.

ئەگەر مىخدىۋانە ۋە ئات سۈتى ئىچىپ ئەقلى ـ ھوشىنى يوقاتسا، ئۇنىڭ شۇ ھالەتتە قىلغان ئىشلىرى ئىناۋەتكە ئېلىنمايدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە ئەگەر ئۇ ئىچكەن نەرسىسىنىڭ مىخدىۋانە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىچسە، قىلغان تالىقى چۈشىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ مىخدىۋانە ئىكەنلىكىنى بىلمەي ئىچسە، تالىقى چۈشمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە مۇھەممەدنىڭ قارىشىدا تالاق چۈشمەيدۇ. بۇ ئىككى ئىمامنىڭ قارىشى توغرا قاراشتۇر.

ئەگەر تاتلىق ئىچىملىك ئىچكەن تەقدىردە ئۆزىنى يوقىتىپ قويسا ۋە ئەقلى كېتىپ قالسا، ئاندىن خوتۇنىنى تالاق قىلسا، ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشىدا تالاق چۈشمەيدۇ. پەتىۋا مۇشۇ قاراش بويىچە بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ شۇ تاتلىق نەرسىنى ئويۇن

ـ تاماشا ۋە گۇناھ ـ مەسىيەتنى كۆزلەپ ئىستېمال قىلىنغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ (يەنى قىلغان تالىقى چۈشمەيدۇ). ئۇنداق بولمايدىكەن، قىلغان تالىقى چۈشىدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ قارىشىدا ئەگەر ئىچكۈچى مەست بولۇشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭ ئازراقىمۇ ۋە جىقىمۇ هارامدۇر. ئۇنى ئىچىش ئۈچۈن ئولتۇرۇشمۇ هارامدۇر، ئۇنى ئېلىش ئۈچۈن مېڭىشمۇ هارامدۇر. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن مەست بولۇپ قالسا، دەررە ئۇرۇلىدۇ[1].

## قاپاق، كورا ۋە تەڭنە قاتارلىقلارغا چىلانغان مېۋە سۈيىنىڭ هۆكمى

ئىنسانلار ئادەتتە خورما ياكى ئەنجۈرنى ۋەياكى قۇرۇق ئۈزۈمنى تاتىقى چىقسۇن ۋە تاتلىق ئىچىملىككە ئايلانسۇن، دەپ قاچىلارغا چىلاپ قويىدۇ. جاھىلىيەت دەۋرىدە مەزكۇر قاچىلاردا هاراق ساقلىناتتى ۋە جايدىن جايغا يۆتكىلەتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام هاراق چەكلەنگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۇ قاچىلارغا مېۋە چىلاشنى مەنئى قىلغان. چۈنكى مېۋە سۈيى ئۇ قاچىلاردا باشقا قاچىلارغا قارىغاندا بەكرەك ئېچىپ، مەست قىلىش كۈچى پەيدا بولۇپ قالاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ قاچىلارنىڭ ئىگىلىرى هارام ئىچىملىكنى ئىچىپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كېلەتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر هەدىس شەرىپتە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قاپاق، كورا، (سۇ ئۆتمەسلىك ئۈچۈن) قارىمايدا مايلاپ ياسالغان قاچا ۋە تەڭنىنى ئىشلىتىشنى، شۇنداقلا تومۇق مېۋە بىلەن ئەمدى پىشقان مېۋىنى ئارىلاشتۇرۇشنى مەنئى قىلغان»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ تومۇق مېۋە بىلەن ئەمدى پىشقان مېۋىنى ئارىلاشتۇرۇشتىن توسۇشىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭدا مەست قىلىش كۈچىنىڭ تېز پەيدا بولۇش ئېھتىماللىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ئەبۇقەتادىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەمدىلا پىشقان مېۋە بىلەن تومۇق مېۋىنى بىرگە چىلىماڭلار. قۇرۇق ئۈزۈم بىلەن خورمىنى بىرگە چىلىماڭلار. هەر بىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم چىلاڭلار»[3].

ئىمام بۇخارى <سەھىھ بۇخارى> ناملىق كىتابىدا بۇ مەسىلە ئۈچۈن مەخسۇس بىر باب ئاجرىتىپ، <پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ بەزى قاچىلاردا مېۋە سۈيى چىلاشنى

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 292 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 293 ـ بەت.

(3) سەھىھ مۇسلىم، 1995 ـ هەدىس.

مەنئى قىلغاندىن كېيىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ ئۇلارنى ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىشى» دەپ ئاتىغان ۋە بۇ بابتا جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى قاچىلاردا مېۋە سۈيى چىلاشنى مەنئى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەنسارىلار: «بىزنىڭ ئۇ قاچىلارنى چوقۇم ئىشلەتمەي چارىمىز يوق» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «رۇخسەت يوق» دېدى[1].

ئىبنى بەتتال مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ قاچىلاردا مېۋە سۈيى چىلاشنى توسۇش پەقەت كېلىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىدى. ئەنسارىلار: بىزنىڭ مېۋە سۈيىنى ئۇ قاچىلارغا چىلىماي چارىمىز يوق دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «چىلاڭلار، لېكىن ھەرقانداق مەست قىلغۇچى نەرسە ھارامدۇر» دېگەن.

باشقا نەرسىنى كۆزدە تۇتۇپ مەنئى قىلىنغان ھەممە نەرسىنىڭ ھۆكمى مۇشۇنداق بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ھۆكۈم زۆرۈرىيەت تېپىلغاندا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. مەسىلەن، يول ئۈستىلىرىدە ئولتۇرۇشنى مەنئى قىلغانغا ئوخشاش. ساھابىلار: بىز يول ئۈستىلىرىدە چوقۇم ئولتۇرۇپ قالىمىز، دېگەن چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق بولسا يولنىڭ ھەققىنى بېرىپ ئولتۇرۇڭلار» دېگەن.

خەتتابى مۇنداق دەيدۇ: «كۆپچىلىك ئالىملار مەزكۇر قاچىلاردا مېۋە سۈيى چىلاش دەسلەپتە مەنئى قىلىنغان، كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان دەپ قارايدۇ. بىر قىسىم ئالىملار ئۇ قاچىلاردا مېۋە سۈيى چىلاشنى مەنئى قىلىش مەڭگۈ داۋام قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىبنى ئۆمەر ۋە ئىبنى ئابباسلارمۇ شۇلاردىندۇر. ئىمام مالىك، ئەھمەد ۋە ئىسھاق قاتارلىقلارمۇ شۇنداق دەپ قارىغان. لېكىن ئاۋۋالقى قاراش بەكرەك توغرىدۇر»[2].

# خورما چىلانغان سۇنىڭ ھۆكمى

خورما ۋە باشقا مېۋىلەر چىلانغان سۇنى، ئەگەر ئۇ ئۇزاق تۇرۇپ قېلىپ ئېچىپ مەست قىلىدىغان ھالەتكە يېتىپلا قالمىسا، ئىچىش ھالالدۇر. چۈنكى ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبۇ ھازىمدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن سەھلىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى ئاڭلىغانىدىم: «ئەبۇئۇسەيد سائىدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنى تويىغا چاقىردى. ئۇنىڭ خوتۇنى (يەنى تويى بولغان ئايال) ئۇلارغا خىزمەت قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئايال مۇنداق دېدى: مېنىڭ پەيغەمبەر

(1) سەھىھ مۇسلىم، 1988 ـ ھەدىس.

(2) سەھىھ بۇخارى، 5592 ـ ھەدىس.

ئەلەيھىسسالامغا نېمىنىڭ سۈيىنى بەرگەنلىكىمنى بىلەمسىلەر؟ ئۇنىڭغا كېچىدىن بېرى قۇتىغا چىلاپ قويغان خورمىنىڭ سۈيىنى بەردىم»[1].

ئەشئەسنىڭ ئەبۇسەرىر ئارقىلىق جابىردىن قىلغان رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇلۇمدا مېۋە چىلاپ بېرىلەتتى. ئەگەر تۇلۇم بولمىسا، قۇتىدا مېۋە چىلاپ بېرىلەتتى». بۇ ھەدىسنى ئىنى ئەبۇشەيبە رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى خورما سۈيىنىڭمۇ مېۋە سۈيى ئىچىگە كىرىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلغان. شۇڭا ھەدىسلەردىكى مېۋە سۈيى خورما سۈيىنى كۆرسىتىدۇ. ئاندىن ئۇ ئاز ئۆتكەندىن كېيىن بىر بابنى <خورما سۈيى مەست قىلمىسا> دەپ ئاتىغان. مەھلەب مۇنداق دەيدۇ: «خورما سۈيى كۈچلىنىپلا كەتمىسە، ھالالدۇر. ئەگەر كۈچلىنىپ كەتسە ۋە ئېچىپ كەتسە، ھارام بولىدۇ. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر ھارام بولۇش ئۈچۈن كۆپۈك ـ مازغاپلىرىنى ئېلىپ تاشلانغان بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. ئەگەر كېچىسى چىلاپ قويۇپ، كۈندۈزى ئىچسە، ياكى ئۇنىڭ دەل ئەكسىچە قىلسا، ئېچىپ كەتمەيدۇ». بۇ ھەقتە ئائىشەنىڭ ھەدىسى بولۇپ، ئىمام مۇسلىم ئائىشەدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇلۇمغا مېۋە چىلاپ، ئاغزىغا بوغقۇچ بېكىتىپ قوياتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەچ ۋاقتىدا ئۇنىڭدىن ئىچەتتى. ئۇ كەچ ۋاقتى چىلاپ قويغان مېۋە سۈيىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئىچەتتى»[2].

تاھارەت ھۆكمى ھەققىدە <ئەددۇررۇلمۇختار> ناملىق كىتابتا تىلغان ئېلىنغان: «مېۋىدىن سىقىپ چىقىرىلغان سۇنىڭ ھۆكمى سۇنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ» دېگەن مەسىلىنىمۇ ئەستە تۇتۇش لازىم.

## ھاراقنىڭ دوغىسىنى ئىچىش ۋە ئۇنى ئىستېمال قىلىشنىڭ ھاراملىقى

ھاراقنىڭ دوغىسىنى ئىچىش ھارامدۇر. دوغ دېگىنىمىز ھاراقنىڭ تېگىدە قالغان قىسمىدۇر. ئۇنى چاچ تارىغاندا ئىشلىتىشمۇ ھارامدۇر. ئۇنى چاچ تارىغاندا ئىشلىتىشنىڭ ھاراملىقى بۇ يەردە مەخسۇس تىلغا ئېلىندى. چۈنكى ئۇ چاچنىڭ ياخشىلىنىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ دوغىسىدا ھاراق تەركىبى بولغاچقا، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك، ئۇنى ئاز ئىشلىتىش بىلەن جىق ئىشلىتىشنىڭ ھۆكمى ئوخشاشتۇر. لېكىن ئۇنى ئىچكۈچى مەست بولۇپلا قالمىسا، ھەنەفىي مەزھەپىدە

(1) «فەتھۇلبارى» 10 ـ توم، 58 ـ بەت.

(2) سەھىھ بۇخارى، 5591 ـ ھەدىس.

دەررە ئۇرۇلمايدۇ. مەست بولۇپ قالسا، پۈتۈن ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشىدا دەررە ئۇرۇلىدۇ.

ئىمام شافىئىي مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنى ئىچكۈچى مەست بولۇپ قالمىسىمۇ دەررە ئۇرۇلىدۇ. چۈنكى ئۇ ھاراقنىڭ مەلۇم قىسمىنى ئىچكەن بولىدۇ». لېكىن ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر مۇنداق دەپ قارايدۇ: «ئۇنى ئازراق ئىچىش جىق ئىچىشكە ئېلىپ بارمايدۇ. چۈنكى كىشىنىڭ تەبىئىتى ئۇنىڭدىن يىرگىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ھاراقتىن تۆۋەن تۇرىدۇ. نەتىجىدە ھاراقتىن باشقا ئىچىملىكلەرگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇنى ئىچكۈچى مەست بولۇپلا قالمىسا، دەررە ئۇرۇلمايدۇ. نېمىشقا دېگەندە، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى تەسىر قىلىش كۈچى قالمىغان نەرسىدۇر. شۇڭا ئۇ سۇ ئارىلىشىپ، كۆپ قىسمىنى سۇ تەشكىل قىلغان ھاراققا ئوخشاپ قالىدۇ»[1].

## زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئىستېمال قىلىشنىڭ ھاراملىقى

مىڭدىۋانە، كەندىر ۋە ئەپيۈن ياپراقلىرىنى يېيىش ھارامدۇر. چۈنكى ئۇلار ئەقىلنى كەتكۈزىدۇ، الله نى ياد ئېتىشتىن ۋە نامازدىن توسۇپ قويىدۇ. ھەتتا ئۇنى يېگەن كىشى ھاياسىزلىق ۋە بۇزۇقچىلىققا گىرىپتار بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى فىقھشۇناسلارنىڭ قارىشىچە مەست قىلغۇچى ماددىلاردۇر. ئۇلارنىڭ بۇ يەردىكى «مەست قىلغۇچى» دېگەن سۆزى قاتتىق دەلدەڭشىشنى ئەمەس، ئەقىلنى قايمۇقتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى قاتتىق دەلدەڭشىتىش مەست قىلغۇچى سۇيۇقلۇقلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىندۇر. ئۇنىڭ زەھەرلىك چېكىملىك دەپ ئاتىلىشى ھاراقنىڭ ھۆكمىگە زىت كېلىپ قالمايدۇ. ھەر ئىككىلىسىنىڭ شەرىئەت بەلگىلىگۈچى ھەمىشە ساغلام قېلىشىنى مەقسەت قىلغان ئەقىلنى كەتكۈزۈشتە ئورتاقلىقى بولغانلىقى ئۈچۈن ھاراق ھەققىدە كەلگەن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش زەھەرلىك چېكىملىككىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇ.

كېيىز چېچىكىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشايدۇ. چۈنكى ئۇ قاتتىق خۇشخۇي قىلىش رولىغا ئىگە بولۇپ، تېببىي ساھەسىدە يېزىلغان كىتابلاردىن <ئەتتەزكىرە> ناملىق كىتابتا كۆرسىتىلگىنىدەك، مەست قىلىش دەرىجىسىگە يېتىدۇ. بۇ ماددىلارنى ۋە بۇلارغا ئوخشاش ماددىلارنى مەست بولۇپ قالغىدەك مىقداردا ئىشلىتىش ھارامدۇر. <ئەتتەزكىرە> ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنۇلارنى بايان قىلغان: «زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇش بەدەننى ۋە ئەقىلنى بۇزىدۇ، تاماق ئىشتىھاسىنى ۋە

(1) «فەتھۇلبارى» 10 ـ توم، 56 ـ بەت.

جىنسىي ھەۋەسنى تۆۋەنلىتىدۇ، چىرايىنى بۇزىدۇ، كۈچ ـ قۇۋۋەتنى كېمەيتىدۇ ۋە جۇدىتىدۇ». ھازىر ئۇنىڭ زىيىنىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكى ئىسپاتلانماقتا[1].

ھەنەفىي ۋە شافىئى مەزھەپىدىن ئىبارەت ئىككى مەزھەپنىڭ ئالىملىرى زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ ھاراملىقىغا، ئۇنى ساتقۇچىنى جازالاشنىڭ لازىملىقىغا پەتىۋا بەرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ پەتىۋاسى زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئىستېمال قىلغۇچىنىڭ قىلغان تالىقىنىڭ چۈشىدىغانلىقىغا ئىتتىپاق كەلگەن. ھەتتا ئۇلار مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۇنى ھالال دېسە، زىندىقتۇر ۋە بىدئەتچىدۇر».

ئۇلارنىڭ بەزىلىرى زەھەرلىك چېكىملىكنى ئىستېمال قىلغۇچىنى كاپىر دېيىش ھۆكمىگە: ئۇنىڭ ھاراملىق دەرىجىسى ھاراقنىڭ ھاراملىق دەرىجىسىدىن تۆۋەن تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇنى ھالال سانىغۇچى كاپىر بولمايدۇ. زىندىق ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ تەۋبىسى قوبۇل بولمايدۇ، دەپ ئېتىراز بىلدۈرگەن. ئۇلارغا شەيخ ئىبنى ئابىدىن رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېگەن: «مەن ئىبنى ھەجەرنىڭ <ئەززەۋاجىر> ناملىق كىتابىدا: قەرافى ۋە ئىبنى تەيمىييە زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ ھاراملىقىغا پۈتۈن ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكىنى ئېيتقان، دەپ يازغانلىقىنى ۋە: كىمكى ئۇنى ھالال سانىسا، كاپىر بولىدۇ دېگەنلىكىنى كۆردۈم. بىراق مەشھۇر تۆت ئىمام ئۇ ھەقتە توختالمىغان. چۈنكى ئۇلارنىڭ زامانىدا زەھەرلىك چېكىملىك يوق ئىدى. زەھەرلىك چېكىملىك ھىجرىيە يىلى بويىچە يەتتىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە سەككىزىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، تاتار دۆلىتى (يەنى مۇڭغۇل دۆلىتى) ئوتتۇرىغا چىققان ۋاقىتتا پەيدا بولغان»[2].

قىسقىسى، زەھەرلىك چېكىملىكنى مەست قىلغۇدەك دەرىجىدە كۆپ ئىستېمال قىلىش مۇتلەق ھارامدۇر. ئەگەر ئاز مىقداردا ئىستېمال قىلىشمۇ ئويۇن ـ تاماشا ئۈچۈن بولسا ھارامدۇر. ئەگەر ئۇنىڭدىن مەست بولۇپ قالسا، تالىقى چۈشىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىشلىتىش چەكلەنگەن ماددىدۇر. ئەگەر ئۇنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلەتسە ۋە ئۇنىڭدىن مەستلىك ھاسىل بولسا، تالاق چۈشمەيدۇ. بىز بۇ ھەقتە ئالدىمىزدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

زەھەرلىك چېكىملىككە ئۆگىنىپ قالغان كىشى ئۇنى ئىستېمال قىلىشنى ئاز ـ ئازدىن كېمەيتىپ، ئاخىرىدا پۈتۈنلەي قول ئۈزۈشى كېرەك. ئىبنى ھەجەر مەككى: «ئەپيۇنغا ئوخشاش ماددىلارنى يېيىشكە ئۆگىنىپ قالغان، ئەگەر ئۇنى يېمىسە ئۆلىدىغان ھالغا يېتىپ قالغان كىشى قانداق قىلىدۇ؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «ئەگەر ئۇ ئۇنى يېمىگەن تەقدىردە ئۆلىدىغانلىقىنى كەسكىن ھالدا

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 294 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 295 ـ بەت.

بىلسە، ئۇ ئۇنىڭغا ھالال بولىدۇ. بەلكى ئۇنى يېيىش ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىشكە مەجبۇر بولغان كىشىدەك، جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇنى يېيىشكە مەجبۇردۇر. ھەمدە ئۇنىڭ ئۇنى يېيىشنى تەدرىجى ھالدا كېمەيتىپ، ئاستا ـ ئاستا ئاشقازىنىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان خۇمارلىقىنى ھېس قىلماستىن تۈگىتىشى ۋاجىپتۇر. ئەگەر ئۇ ئۇنداق قىلمىسا، گۇناھكار ۋە پاسىق بولىدۇ»[1].

مىڭدىۋاننى ئوپېراتسىيە قىلىش جەريانىدا ئىشلىتىش دۇرۇستۇر. ئالىملار ئادەم ئەزالىرىدىن بىرەر ئەزانىڭ كېسەلگە گىرىپتار بولغان ۋە ئۇنىڭ بەدەننىڭ قالغان يەرلىرىگە تاراپ كېتىش خەۋپى تۇغۇلغان ئەھۋال ئاستىدا شۇ ئەزانى كېسىۋېتىش ئۈچۈن مەست قىلغۇچى ماددىنى ئەس ـ ھوشنى يوقاتقىدەك مىقداردا ئىستېمال قىلىشنىڭ گۇناھى بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. لېكىن ئۇلار بۇ يەردە ئىستېمال قىلىنىدىغان نەرسىنىڭ ھاراقتىن باشقا ماددا بولۇشىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن.

# تاماكا چېكىشنىڭ ھاراملىقى

مۇسۇلمانلار يۇرتلىرىدا ھىجرىيە ئىككىنچى مىڭ يىلنىڭ باشلىرىدا تاماكا چېكىش ئىشى كەڭ تاراپ كەتتى. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئۇنىڭ ھۆكمى ھەققىدە ئالىملار ھەرخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بەزىلەر ئۇنى مەكروھ، دەپ ھۆكۈم قىلدى. يەنە بەزىلەر ئۇنى ھارام، دەپ ھۆكۈم قىلدى ۋە يەنە بەزىلەر ئۇنى مۇباھ، دەپ قارىدى. ئۇستازىم شەيخ مۇھەممەد ھامىد (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۇنىڭ ھۆكمى ھەققىدە سورالغاندا، ئۇنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە پەتىۋا بەردى.

ئۇ تاماكىنى مۇباھ دېگۈچىلەرگە رەددىيە بەرگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى: بىرەر نەرسىگە پەتىۋا بېرىشتە شۇ نەرسىنىڭ زىيانلىق ياكى زىيانلىق ئەمەسلىكىگە تايىنىش كېرەك. قاچانكى ئۇنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلانسا، ئۇنى ئىستېمال قىلىش ھارام بولىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە مەلۇم كىشىلەرگە زىيان قىلىپ، قالغانلارغا زىيان قىلمىسا، زىيان قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشى ھارام بولىدۇ، قالغانلارغا ھارام بولمايدۇ. ئەگەر زىيان قىلىش ئېھتىماللىقى كۆچلۈكرەك بولسا، توق قورساققا ئازراق ئارتۇق يېيىش مەكروھ بولغىنىدەك، مەكروھ بولىدۇ. لېكىن توق قورساققا ئازراق ئارتۇق يېيىش زىيان قىلمايدۇ. سۇ ئىچىشمۇ مۇشۇ ئاساستا بولىدۇ.

سىلەرنىڭ سورىغان سۇئاللىرىڭلارغا كەلسەك، ئۇ ھەقتە نۇرغۇن ئايەتى كەرىملەر ۋە ھەدىس شەرىپلەر بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن مەن ئۇنى ھارام دېيىشكە مايىلمەن. تاماكا

---

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 295 ـ بەت.

پاسكىنا نەرسىدۇر. ئۇنىڭغا خۇمار بولۇپ قېلىش كىشىنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. تاماكا تىنچلاندۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئۇنىڭ ئۇنى چەكمىگەن ۋاقىتتىكى نورمال مىجەزنى پەسكويغا چۈشۈرگەنلىكى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ھازىرقى زامان دوختۇرلىرى ئۇنىڭ ئىنتايىن زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بايقاپ چىقتى. تەجرىبە ئۇسكۇنىلىرى چىقارغان نەتىجىلەر بۇ ھەقتە سۆزلىگۈچىلەرنىڭ سۆزىنى كېسىپ تاشلىدى. شەيخ قەليۇنى بۇ زىيانلارنى خېلى زامان بۇرۇنلا بايقاپ، تاماكىنى ھارام قىلغان ئىدى. ئۇ كىشى دىنىي ئالىم بولۇش بىلەن بىرگە تېۋىپ ئىدى.

ئېيتقىنكى، تاماكىغا ئۆگىنىپ قالغانلار ئەگەر قادىر بولالىسا، ئۇنىڭدىن بالدۇرراق قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. بۇ پەقەت ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىگە تاماكىنىڭ قاتتىق زىيان قىلغانلىقىنى ھېس قىلغانلىقىدىن بولغان. بۇ زىيانغا ئۇنىڭ ئىقتىسادىي زىيىنى قېتىلىدۇ. بىر ئادەمنىڭ تاماكىغا كەتكەن ئىقتىسادىنى ھېكمەتلىك ئۇسۇلدا خەجلىسە، بىر دېدەكنىڭ ئۆمۈر بويى تۇرمۇش خىراجىتى ئۈچۈن يېتىدۇ.

مەن ئۆزەمگە شۇنى تۇتقۇ قىلدىمكى، مەن مېھمىنىمنىڭ ئالدىغا تەركىبىدە تۈتۈن بار ھېچ نەرسىنى قويمايمەن ۋە ئۇنىڭ زەھەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆزرەمنى بايان قىلىمەن. مېھمىنىمنى زەھەرلەشنى ھەرگىز خالىمايمەن. بەزىلەر مەندىن تاماكا چېكىش ئۈچۈن ئىزنى سورايدۇ. مەن مۇنداق ئىزنىنى قەتئىي رەت قىلىمەن. مەن خېلى زاماندىن بېرى مۇنبەر ئۈستىدە تاماكىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى، دەپ كەلدىم. مەن ئىلگىرى ھاياتىنى تاماكا چېكىپ ئۆتكۈزگەن، لېكىن ئاللابۇرۇن الله تائالانىڭ رەھمىتىگە كېتىپ بولغان ئالىملارنى ۋە ياخشى كىشىلەرنى ئەيىبلىمەيمەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ قارىشىدا تاماكىنىڭ زىيىنى ئىسپاتلانمىغان. ئۇلار ئۇنىڭ شەرئىي ھۆكمىنى بىلىش ئۈچۈن ئىجتىھاد قىلغان ۋە ھالال تەرىپى كۈچلۈك كەلدى، دەپ قوبۇل قىلغاندۇر. الله ئۇلارغا مەغپىرەت قىلسۇن!

بۇندىن تەخمىنەن **40** يىل ئىلگىرى بىر قىسىم ئالىملار بىلەن دەمەشقتىن ھەماتقا كەلگەن كاتتا ھەدىسشۇناس شەيخ بەدرۇددىن ھەسەنى ھەمىشە ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئۇلار دەمەشقتىن ئىلمىي تەتقىقات ساياھىتى بىلەن كەلگەن ئىدى. ئۇلار تاماكا چېكىشنىڭ ھاراملىقىنى جاكارلىغان ئىدى. بۇ تەشۋىقاتنى ھەممىدىن بەك تەشۋىق قىلغانلارنىڭ ئىچىدە شەيخ ھاشىم خەتىب ۋە شەيخ ئەلى دەقۇر بولۇپ، ئۇلار مەسجىدلەردە ئومۇمىي خەلققە تەبلىغ قىلغاندا بۇ مەسىلىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ۋەز ـ نەسىھەتلەر نۇرغۇن كىشىلەرگە قاتتىق تەسىر قىلغان ئىدى. كاشكى، بۇ تەبلىغ يەنە داۋام قىلغان بولسا ـ ھە!

تاماكا ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ئومۇملۇشۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ھۆكمىنى يېنىك

قاراشقا بولمايدۇ. قارىمامسەنكى، مۇئامىلە ئىشلىرىدىكى ئومۇمىي جازانە ئۇنى هالاللىيالمايدۇ. بىر ھەدىس شەرىپتە: «ئىنسانلارغا كەلگۈسىدە جازانە يەيدىغان زامان كېلىدۇ» دېيىلگەن. بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلارنىڭ ھەممىسى جازانە يەمدۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى يېمىگەن كىشىنىڭ ئاغزىغىمۇ ئۇنىڭ چاڭ ـ توزۇڭى كىرىپ كېتىدۇ» دېگەن. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

ئەگەر ھازىر ياشاۋاتقان فىقھشۇناسلار ئۇنىڭ ھارامىلىقىغا پەتىۋا بەرگەن، ئۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن يىراق تۇتقان ۋە ئىنسانلارنى ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇشقا ئۈندىگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ياخشى ئۇلگە بولغان، ئىنسانلارمۇ ئۇلارنىڭ يېتەكلىشى ئاستىدا بەختكە ئېرىشكەن بولاتتى. الله ئۆزى خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ.

ئاخىرىدا شەيخ مۇھەممەد ھامىد (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) تاماكا ھەققىدىكى قارىشىنى تاماكىنىڭ بەزى زىيانلىرىنى بايان قىلىش بىلەن تەكىتلەپ، <ساڭا تاماكىدا پايدا بارمۇ؟> ناملىق كىتابنى ئوقۇغانلىقىنى، ئۇ كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ ئىسمى ھارد شىرايا ئىكەنلىكىنى، ئۇستاز ئىبراھىم ناسىر سۇۋەيدانىنىڭ ئۇنىڭ مەلۇم بۆلۈملىرىنى تاللاپ تەرجىمە قىلغانلىقىنى تىلغا ئالغان»[1].

# ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈرۈش

## (بوز يەر ئېچىش)

### مۇقەددىمە

بوز يەر ئېچىپ، ئۇنىڭغا زىرائەت تېرىش ئىسلامدا يولغا قويۇلغان ئىشلارنىڭ بىرى بولۇپ، زىرائەت تېرىش ۋە زىرائەتلەرنى قانداق سۇغۇرۇش ھۆكمىدە بايان قىلغىنىمىزدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى زىرائەت تېرىشقا رىغبەتلەندۈرگەن. فىقھشۇناسلارمۇ تاشلىنىپ قالغان يەرلەرنى ئېچىش ھۆكۈملىرى ئۈچۈن ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، مەخسۇس بۆلۈملەرنى ئاجراتقان. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئاساسىي ۋە شاخچە ھۆكۈملىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بەرگەن. بىز يۇقىرىدا ھۆكۈمرانلىق نىزامنامىسى ھەققىدە توختالغىنىمىزدا يەر ـ زېمىننىڭ قانچە قىسىم

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 297 ـ بەت.

بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنى بايان قىلغانىدا ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈرۈش (يەنى بوز يەر ئېچىش) توغرىسىدىمۇ قىسقىچە توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇ يەردە بولسا ئۇنىڭ تەپسىلىي ھۆكۈملىرىنى بايان قىلىمىز.

## ئۆلۈك زېمىننىڭ ئۇقۇمى

ئۆلۈك زېمىندىن ئىگىسىز ۋە تاشلاندۇق زېمىن كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسى <ئاۋات زېمىن> دەپ ئاتىلىدۇ[1]. سۇ بولمىغانلىقى ياكى سۇ بېسىپ كەتكەنلىكى ۋەياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان، زىرائەت تېرىشقا توسالغۇ بولىدىغان سەۋەبلەر بولغانلىقى تۈپەيلىدىن پايدىلىنىش ئىمكانى بولمىغان تاشلاندۇق يەرلەر <ئۆلۈك زېمىن (يەنى بوز يەر)> دەپ ئاتىلىدۇ[2].

## يەنى بوز يەر ئېچىش

ئۆلۈك زېمىننى تىرىلدۈرۈش، تاشلىنىپ قالغان ئۆلۈك يەرلەرنى تىرىلدۈرۈپ مۇنبەتلەشتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. يەرلەرنىڭ مۇنبەتلىشىشى جانلىقلارنىڭ ئوزۇقلۇقىنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ.

زېمىننى ئېچىش ئۇنىڭغا كېلىدىغان كەلكۈن سۈيىنى توسۇش ئۈچۈن توسمىلارنى بەرپا قىلىش ياكى ئۇنىڭغا كۆچەت تىكىش، ئاغدۇرۇش ۋە سۇغۇرۇشتەك ئىشلار بىلەن بولىدۇ. ئەگەر يەرنىڭ ئاغدۇرۇلغان ياكى ئۇنى كەلكۈن سۈيىدىن قوغداش ئۈچۈن توسمىلار قۇرۇلغان ياكى ئۇنىڭغا ئۆستەڭ ئېلىنغان ۋەياكى ئۇرۇق چېچىلغان بولۇشى ئۇنى ئاچقانلىق بولىدۇ.

## بوز يەر ئېچىشنىڭ يولغا قويۇلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بوز يەرلەرنى تىرىلدۈرۈشنى يولغا قويغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىراۋنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولمىغان زېمىننى گۈللەندۈرسە،

(1) «زۇدۇدۇن ئەلا ئەباتىل» 1 ـ توم، 648 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 277 ـ بەت.

ئۇ ئادەم ئۇ يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىشقا ئەڭ ھەقلىقتۇر ». ئۇرۋە مۇنداق دەيدۇ: « ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىك قىلغان دەۋرىدە مۇشۇ ھەدىسنىڭ روھى بويىچە ھۆكۈم قىلغان »[1].

ئىمام بۇخارى سەھىھ بۇخارىدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: « كىمكى بوز يەر ئاچسا، ئۇ يەر شۇ ئادەمنىڭ بولىدۇ ». ئەمرى ئىبنى ئەۋفىنىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا بىرەر مۇسۇلماننىڭ ھەققى بولمىغان زېمىن ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: « بىراۋ ئىلگىرى ئېچىپ بولغان زېمىننى باشقا بىرىنىڭ ئىگەللىۋېلىش ھەققى يوق ».

بۇ مەسىلە ھەققىدىكى ھۆكۈم جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان. ئىمام ئەھمەد ئۆز سەنىدى بىلەن جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: « كىمكى بىرەر بوز يەرنى ئاچسا، ئۇنىڭغا ئەجىر بولىدۇ. شۇ زېمىندىن قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرى يېگەن نەرسە ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭغا سەدىقە ئەجرى بولىدۇ ». بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى باشقا بىر سەنەد بىلەن ھىشامدىن مۇنداق رىۋايەت قىلغان: « كىمكى بوز يەر ئاچسا، ئۇ يەر شۇ ئادەمنىڭ بولىدۇ »[2].

خەلىپىنىڭ بوز يەرلەرنى ئۇنى ئېچىشنى خالايدىغان كىشىلەرگە بۆلۈپ بېرىشى دۇرۇستۇر. چۈنكى ۋائىل ئىبنى ھىجرىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بوز يەرنى بۆلۈپ بەرگەن، ئاندىن مۇئاۋىيەنى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەۋەتىپ: « ئۇ يەرنى ئۇنىڭغا بەرگىن ياكى ئۇنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويغىن » دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىلال ئىبنى ھارىس مۇزەنىگە ۋە ئەبيەز ئىبنى ھەممال مەئرەبىگە يەر بۆلۈپ بەرگەن. زۇبەيرىگىمۇ ئېتى چېپىپ بارالىغان يەرگىچە يەر بۆلۈپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن زۇبەيرە ئېتىنى ھېرىپ قېلىپ تۇرىۋالغۇچە چاپتۇرغان ۋە (تېخىمۇ كۆپ يەرگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن) قامچىسىنى ئاتقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « ئۇنىڭغا قامچىسى چۈشكەن يەرگىچە بېرىڭلار » دېگەن. بۇ ھەدىسنى سەئىد ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ئىمام بۇخارى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسارىلارغا بەھرەيندىن يەر بۆلۈپ بېرىش ئۈچۈن ئۇلارنى چاقىردى. ئۇلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر شۇنداق قىلماقچى بولساڭ،

---

(1) « ئەلھىدايە » 4 ـ توم، 98 ـ بەت.

(2) سەھىھ بۇخارى، 2335 ـ ھەدىس.

قۇرەيشلەردىن بولغان قېرىنداشلىرىمىزغىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش يەر بېرىپ خەت يېزىپ بەرگىن دېيىشتى ».

رىۋايەت قىلىنىشچە، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھقا يەر بۆلۈپ بەرگەن. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن زۇبەيرە، سەئىد، ئىبنى مەسئۇد، ئۇسامە ئىبنى زەيد ۋە خەبباب ئىبنى ئەرەت قاتارلىق بەش ساھابىگە يەر بۆلۈپ بەرگەن. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەبۇئوبەيدە <ئەلئەمۋال (مال ـ مۈلكلەر)> ناملىق كىتابتا رىۋايەت قىلغان[1].

# بوز يەر ئېچىشنىڭ ھۆكمى

بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان ھەدىس شەرىپنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، بوز يەر ئېچىشنىڭ ھۆكمى ئۇ يەرنىڭ ئۇنى ئاچقان كىشىگە ئىگە قىلىنىپ بېرىلىشىدۇر.

ئەگەر بىرى بىرەر يەرنى ئاچقان، ئاندىن ئۇنى تاشلىۋەتكەن، ئاندىن ئۇنى باشقا بىرى تېرىغان بولسا، بەزىلەر: « ئۇ يەرگە ئىگە بولۇشقا ئىككىنچى كىشى ھەقلىقتۇر، چۈنكى بىرىنچى كىشى ئۇ يەرنىڭ تېگىگە ئەمەس، كۆكىدىن پايدىلىنىشقا ئىگىدارچىلىق قىلغان ئىدى. ئەگەر بىرىنچى كىشى ئۇنى تاشلىۋەتسە، ئۇنىڭغا ئىككىنچى كىشى ئەڭ ھەقلىقتۇر » دېگەن. لېكىن توغرا قاراش شۇكى، بىرىنچى كىشى ئۇ يەرنى ئىككىنچى كىشىدىن قايتۇرۇپ ئېلىۋالىدۇ. چۈنكى بىرىنچى كىشى مەزكۇر ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن ئۇ زېمىننى ئېچىش بىلەن ئۇنىڭغا ئىگە بولغان بولىدۇ. سەۋەب شۇكى، بىر ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتۈپ بولغان مۈلۈك ئۇنى تاشلاپ قويۇش بىلەنلا ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ.

كىمكى بىرەر بوز يەرنى ئاچسا، ئاندىن ئارقا ـ ئارقىدىن تۆت نەپەر كىشى ئۇنىڭ تۆت تەرىپىنى قورشاپ ئاچسا، ئىمام مۇھەممەد (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىدا دەسلەپكى كىشىنىڭ ماڭىدىغان يولى تۆتىنچى بولۇپ يەر ئاچقان كىشىنىڭ يېرىدىن بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ يولى شۇ يەردىن بولۇشى تەيىنلىشىپ قالىدۇ ۋە تۆتىنچى كىشى (دەسلەپ يەر ئاچقان كىشىنىڭ يېرى ئەتراپىدىن ئەڭ ئاخىرىدا يەر ئاچقان كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن) ئۇنىڭ ھەققىنى بىكار قىلىشنى كۆزلىگۈچى بولۇپ قالىدۇ[2].

زىممىيمۇ ئۆزى ئاچقان يېرىگە خۇددى مۇسۇلمان ئۆزى ئاچقان يەرگە ئىگىدارچىلىق

(1) «فەتھۇلبارى» 5 ـ توم، 19 ـ بەت.

(2) «ئىلائۇسسۇنەن» 18 ـ توم، 14 ـ بەت.

قىلغاندەك ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. چۈنكى يەر ئېچىش ئىگىدارچىلىق قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان ئىشتۇر. لېكىن ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىدا بۇنىڭغا خەلىپىنىڭ رۇخستى بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. مۇسۇلمان ۋە زىممىي بوز يەر ئېچىش ھوقۇقىدا باراۋەردۇر.

كىمكى بىرەر زېمىنغا (ئىگىدارچىلىق قىلماقچى بولۇپ) تاشلار بىلەن ئۇ يەرگە بەلگە قىلىۋالغان، لېكىن ئۈچ يىلغىچە ئۇنى گۈللەندۈرمىگەن (يەنى ئۇنىڭغا بىر نەرسە تېرىمىغان ياكى تىكمىگەن) بولسا، خەلىپە ئۇ يەرنى ئۇ ئادەمدىن ئېلىۋېلىپ، باشقا بىرىگە بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ يەرنى بىرىنچى كىشىگە بېرىشتىن مەقسەت ئۇنى گۈللەندۈرۈشتۇر. ئۇ يەردىن ئېلىنىغان ئۆشۈر ياكى خىراج (يەنى بەر بېجى) بىلەن مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈلىدۇ. ئەگەر كۆزلەنگەن بۇ مەقسەت ھاسىل بولمىسا، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خەلىپە ئۇ يەرنى باشقا بىرىگە بېرىدۇ. بىرەر يەرنىڭ ئەتراپىغا تاشقا ئوخشاش نەرسىلەرنى تىزىپ قويۇش ئۇ يەرنى ئېچىش بولۇپ ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇ يەرنى ئېچىش ئۇنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. تاشقا ئوخشاش نەرسىلەرنى تىزىۋېلىش بولسا ئۇ يەرنىڭ ئىگىسى بار دېگەنلىكنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر.

توغرا قاراشقا ئاساسەن، مۇنداق يەر ئىگىسىز ھالەتتە قېلىۋېرىدۇ. لېكىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «تاشقا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن بەلگە قىلىۋالغۇچىنىڭ ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۇ يەردە ھەققى يوق» دېگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى بىرىگە بېرىۋەتمەستىن ئۈچ يىل تاشلاپ قويىلىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئۇ يەرگە بەلگە قىلىۋالسا، يۇرتىغا قايتىپ بېرىپ، ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاندىن شۇ جايغا قايتىپ كېلىشىگە يېتەرلىك ۋاقىت كېتىدۇ. بىز بۇ ۋاقىتنى ئۈچ يىل قىلىپ بەلگىلىدۇق (چۈنكى بۇرۇن قاتناش ھازىرقىدەك قۇلايلىقى بولمىغانلىقتىن، يىراق جايلار كۆزدە تۇتۇلۇپ شۇنداق بەلگىلەنگەن). چۈنكى ئۇنىڭدىن ئاز ۋاقىت ئۇ ئادەمنىڭ تولۇق تەييارلىق قىلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەس. ئەگەر ئۇ بۇ ۋاقىت تۈگەپ كەتكىچە كەلمىسە، ئۇنىڭ ئۇ يەرنى تاشلىۋەتكەنلىكى ئېنىق بولىدۇ.[1]

يەرنىڭ ئىگىسى بارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىغا تاشلارنى قويۇپ قويۇش، تىكەنلىك شاخلارنى ۋە باشقا چۆۋا ـ چاتقاللارنى قويۇپ ئۈستىگە توپا تاشلاپ بەلگە قىلىش، قۇرۇق شاخلار بىلەن قاشا قىلىش، يەردىكى ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى تازىلاش، ئۇنى كۆيدۈرۈش ۋە شۇنىڭدەك ئىشلارنى قىلىش لازىم[2].

(1) «ئەلھىدايە» 4 ـ توم، 99 ـ بەت.

(2) «ئەلھىدايە» 4 ـ توم، 99 ـ بەت.

# بوز يەر ئېچىشنىڭ شەرتلىرى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھۆكۈملەردىن بوز يەر ئېچىشنىڭ شەرتلىرىنىڭ بارلىقى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

**1** ـ ئېچىلىدىغان يەر مەلۇم بىر مۇسۇلمان ياكى زىممىيگە تەۋە بولماسلىقى كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭ ئىگىسى بارلىقى مەلۇم بولمىسا، تېپىۋالغان نەرسىنىڭ ھۆكمىدە بولۇپ، خەلىپە ئۇنى ھەقىقىي بوز يەر سۈپىتىدە ئەمەس، بوز يەرنى ئىشلىتىش شەكلىدە ئىشلىتىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ بارلىقى ئوتتۇرىغا چىقىپ قالسا، ئۇ يەر ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئۇ يەرنى تېرىغۇچى ئەگەر زىرائەت تېرىش بىلەن ئۇنىڭغا نوقسان يەتكۈزگەن بولسا، سېلىنغان زىيان ئىگىسىگە تۆلەپ بېرىلىدۇ.

**2** ـ ئېچىلىدىغان يەر گۈللەندۈرۈلگەن يەرلەردىن يىراق بولغان بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، ئاۋازى يۇقىرى بىرەر كىشى گۈللەندۈرۈلگەن يەرنىڭ ئەڭ چېتىدە تۇرۇپ توۋلىسا، ئىمام ئەبۇيۇسۇپنىڭ قارىشىدا ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمىغىدەك يىراق يەردە بولۇشى لازىم. چۈنكى زاھىرىي جەھەتتىن ئالغاندا يېزا ئەھلىنىڭ قوشنىدارچىلىقىنى كۆزدە تۇتقانلىقتىن يېزىلارغا يېقىن يەرلەر بۆلۈپ بېرىلمەيدۇ. شۇڭا ھۆكۈم بۇ پرىنسىپقا ئاساسەن بولىدۇ. بۇ تاللانغان قاراشتۇر.

ئىمام مۇھەممەد يېزا ئەھلىنىڭ گۈللەندۈرۈلگەن يەر بىلەن بولغان قوشنىدارچىلىقىنى ئېتىبارغا ئالغان. ئىمام مالىك، شافىئى ۋە ئەھمەدمۇ مۇشۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. زاھىرىي رىۋايەتتە مۇشۇنداق كۆرستىلگەن بولۇپ پەتىۋامۇ مۇشۇ بويىچە بېرىلىدۇ. ئىمام مۇھەممەد بۇ مەسىلىدە ھۆكۈمنى مەيلى يىراق ياكى يېقىن بولسۇن، ھەقىقىي پايدىلىنىشقا قاراتقان. شۇڭا گۈللەندۈرۈلگەن يەرگە يېقىن بوز يەرلەرنى ئېچىش دۇرۇس بولمايدۇ. بەلكى ئۇ يەرلەر ئۇلارنىڭ ئۇلاغ بېقىشى ۋە خامان قىلىشى ئۈچۈن تاشلاپ قويۇلىدۇ. چۈنكى ئۇ يەرلەردە ئۇلارنىڭ يېقىنلىق ھەققى بار. شۇڭا ئۇ يەرلەر بوز يەر ھېسابلانمايدۇ. ئورمانلىق يەرلەرمۇ مۇشۇنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ[1].

**3** ـ خەلىپە (يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى) ئۇنىڭغا ئۇ يەرنى ئېچىشقا رۇخسەت قىلغان بولۇشى كېرەك. ئۇ ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ قارىشىدۇر. ئىككى ئىمام (ئەبۇيۇسۇف ۋە مۇھەممەد): «ئۇنى ئاچقان كىشى ئۇنىڭغا رۇخسەتسىزمۇ ئىگە بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئەگەر بوز يەرنى ئاچقۇچى مۇسۇلمان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئۇ يەرنى ئاچقۇچى زىممىي (يەنى ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە ياشايدىغان كاپىر) بولسا، ھەممە ئىمامنىڭ بىردەك قارىشىدا ئۇ يەرنى ئېچىش ئۈچۈن

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 278 ـ بەت.

باشلىقنىڭ رۇخسىتى شەرتتۇر. ئەگەر ئۇ يەرنى ئاچقۇچى پاناھلانغۇچى بولسا، ئۇ يەرگە ھەرگىز ئىگىدارچىلىق قىلالمايدۇ.

ئىككى ئىمامنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى بوز يەرنى ئاچسا، ئۇ يەر شۇ ئادەمنىڭ بولىدۇ» دېگەن سۆزىدۇر. چۈنكى ئۇ يەر مۇباھ مال بولۇپ، ئۇنى ئاچقۇچى بالدۇر ئىگىلىگەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا خۇددى ئوتۇن ۋە ئوۋغا ئىگە بولغاندەكلا ئىگە بولالايدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھەرقانداق كىشى خەلىپىنىڭ چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ بەرگەن نەرسىسىگىلا ئىگە بولالايدۇ» دېگەن سۆزىدۇر. ئىككى ئىمام رىۋايەت قىلغان ھەدىس شەرىئەتتىن نېسۋىسى يوق كىشىلەر ئۈچۈن بېرىلگەن رۇخسەتكە قارىتىلىدۇ. نېمىشقا دېگەندە ئۇ يەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئات - تۆگىلەرنى چاپتۇرۇشى ئارقىلىق قولغا كەلگەن غەنىمەت مال ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ھۆكۈم جەھەتتە باشقا غەنىمەتلەرگە ئوخشاش بولۇپ، ھېچكىمنىڭ ئۇنى خەلىپىنىڭ رۇخسىتىسىز ئىگەللىۋېلىشى توغرا بولمايدۇ[1].

مەزكۇر ئىختىلاپتىن مۇنۇلار كېلىپ چىقىدۇ: ئەگەر خەلىپە مەلۇم ئادەمنى بىرەر بوز يەرنى ئېچىپ گۈللەندۈرۈپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا بۇيرۇغان، لېكىن ئۇنىڭغا مۈلۈك قىلىپ بېرىۋەتمىگەن تەقدىردە، ئۇ ئادەم ئۇ زېمىننى ئاچسا، ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ قارىشىدا ئۇ ئادەم ئۇ زېمىنغا ئىگە بولالمايدۇ. چۈنكى بۇ، ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ قارىشىدا توغرا شەرتتۇر. ئەمما ئىككى ئىمامنىڭ قارىشىدا ئۇ ئادەم ئۇ يەرگە ئىگە بولالايدۇ. قويۇلغان ئۇ شەرت بولسا ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. بۇ ئىختىلاپ بىلمەستىن رۇخسەت سورىمىغان ئەھۋالغا قارىتىلىدۇ. بىراق ئۇ خەلىپىگە سەل قاراپ روخسەت سورىمىغان بولسا، ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشىدا خەلىپە ئۇ يەرنى ئۇنىڭدىن مەجبۇرىي تارتىۋېلىش ھەققىگە ئىگە[2].

ئەگەر بىر ئادەمنى بوز يەرنى ئېچىشقا ۋەكىل قىلغان بولسا، ئۇ يەرنى ئېچىش ئوتۇن ۋە ئوت - چۆپ يىغىش ھۆكمىگە ئوخشاش، ئۇ يەر ۋەكىلنىڭ بولامدۇ ياكى باشقا ئىشلارغا ئوخشاش ۋەكىل قىلغۇچىنىڭ بولامدۇ؟ ئىمام ئەبۇھەنىفە بۇ مەسىلىگە: «ئەگەر خەلىپە ۋەكىل قىلغۇچى ئۈچۈن ئۇ يەرنى ئېچىشقا رۇخسەت بەرگەن بولسا، يەر ۋەكىل قىلغۇچىنىڭ بولىدۇ» دېگەن. ئىككى ئىمام: ۋەكىل ئۇ يەرگە خەلىپىنىڭ رۇخسىتىسىز ئىگە بولىدۇ» دېگەن.

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 - توم، 278 - بەت.

(2) «ئەلھىدايە» 4 - توم، 99 - بەت.

# يەرلەرنى بۆلۈپ بېرىش

خەلىپە بەزى يۇقىرالىرىغا بوز يەرلەرنى بۆلۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەرلەر ئۇلارنىڭ خۇسۇسى مۈلكى بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر بىرى ئۇ يەرلەرنى ئېچىشقا قەدەم باسمىغانلا بولسا، بۆلۈپ بېرىلگۈچىلەر ئۇ يەرنى ئېچىشقا ئەڭ ھەقلىقتۇر. شافىئى مەزھەپىدىكىلەرنىڭ سۆزى بويىچە بولغاندا، بوز يەرلەرنى بەزى يۇقىرالارغا خۇسۇسى قىلىپ بۆلۈپ بېرىشنىڭ توغرا بولۇشى ئالىملار بىرلىككە كەلگەن مەسىلىسىدۇر.

قازى ئىياز مۇنداق بايان قىلىدۇ: «بۆلۈپ بېرىش خەلىپىنىڭ ئىشى بولۇپ، ئۇ الله نىڭ مېلىدىن مەلۇم نەرسىنى ئۇنىڭغا ئېرىشىشكە لايىق دەپ قارىغان كىشىگە بۆلۈپ بېرىدۇ. بۆلۈپ بېرىش سۆزى كۆپىنچە ئەھۋاللاردا زېمىن قاتارلىق نەرسىلەرنى بۆلۈپ بېرىشكە ئىشلىتىلىدۇ»[1].

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە ئۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسارىلارغا بەھرەيندىن يەر بۆلۈپ بەرمەكچى بولدى. ئۇلار: بىزگە بۆلۈپ بەرگەن يەرگە ئوخشاش يەردىن مۇھاجىر قېرىنداشلىرىمىزغىمۇ بۆلۈپ بەرگىن، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەندىن كېيىن شەخسىيەتچىلىكلەرنى كۆرىسىلەر. ماڭا مۇلاقات بولغۇچە سەۋر قىلىڭلار» دېدى[2].

بىز يۇقىرىدا جىھاد ۋە ھۆكۈمرانلىق نىزامىنىسى ماۋزۇسى ھەققىدە توختالغىنىمىزدا ئىسلامدا خەلىپىنىڭ مۇجاھىدلار ۋە ئالىملارغا ئوخشاش ئېھتىياجى بار كىشىلەرگە بوز يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى، شۇنداقلا بىرەر كىشىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولمىغان ھەرقانداق نەرسىنى بۆلۈپ بېرىدىغانلىقى، زېمىن بۆلۈپ بېرىلگەن كىشى ئۇ زېمىنگە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن ئىدى.

خەلىپە مۇسۇلمانلارنىڭ ئېھتىياجى بولغان ئوچۇق كان بايلىقلىرىنى بۆلۈپ بېرەلمەيدۇ. كان بايلىقلىرى بولسا تۇز كانلىرى، كۆمۈر كانلىرى، قاراماي، نېفىت، ئىنسانلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان، بىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولمىغان قۇدۇق قاتارلىقلارغا ئوخشاش الله تائالا زېمىن قاتلاملىرىدا خەزىنە قىلىپ ساقلىغان بايلىقلاردۇر. چۈنكى بىز يۇقىرىدا: «مۇسۇلمانلار سۇ، ئوت ـ چۆپ ۋە ئوتتىن ئىبارەت ئۈچ نەرسىدە بىر ـ بىرى بىلەن شېرىكتۇر» دېگەن ھەدىسنى بايان قىلغانىدۇق[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەئرەب زېمىنىدىكى تۇز چىقىدىغان بىر جاينى ئەبيەز

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 278 ـ بەت.

(2) «فەتھۇلبارى» 5 ـ توم، 47 ـ بەت.

(3) سەھىھ بۇخارى، 2376 ـ ھەدىس.

ئىبنى ھەممالغا بۆلۈپ بەرگەن چاغدا، ساھابىلار: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنىڭغا ئېقىپ تۇرىدىغان سۇنى بۆلۈپ بەردىڭ، دېگەن. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەرنى ئۇنىڭدىن قايتۇرۇپ ئېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر زېمىننى ۋە بىر پارچە خورمىلىق باغنى بۆلۈپ بەرگەن[1].

## چېگرىلىنىپ قوغدىلىدىغان جايلار

چىگرىلىنىپ قوغدىلىنىدىغان دېگەننىڭ مەنىسى شۇكى، خەلىپە بوز يەرلەردىن مەلۇم جاينىڭ ئوت ـ چۆپلىرىدە كىشىلەرنىڭ ئۇلاغ بېقىشىنى مەنئى قىلىپ ئۇنى ئۆزىگە خاس جاي قىلىش ئۈچۈن ئۇ يەرنىڭ ئەتراپىغا چېگرا سوقۇپ قوغداش، دېگەنلىك بولىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە سەئب ئىبنى جۇساسە مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جايلار پەقەت اللە ۋە اللە نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ يولدا ئىشلىتىش ئۈچۈنلا چېگرىلىنىپ قوغدىلىدۇ» دېدى. سەئب ئىبنى جۇساسە سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بىزگە يېتىپ كېلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەقىيئ[2]نى ئەتراپىغا جىگرا سوقۇپ قوغدىغان. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شەرەپ ۋە رەبزە دېگەن جايلارنى ئەتراپىغا چېگرا سوقۇپ قوغدىغان». يەنە بىر رىۋايەتتە: «زاكات چارۋىلىرىنى بېقىش ئۈچۈن قوغدىلىدىغان جايلار» مۇ دېيىلىدۇ[3].

## جاي ۋە نەرسىلەرنىڭ تەۋەلىك دائىرىسى

ئىگىسى بار بولغان جاي ۋە نەرسىلەرنىڭ ئەتراپىدىكى ئىگىسى بولمىغان مەلۇم دائىرىدىكى جاي <تەۋەلىك دائىرىسى> دېيىلىدۇ[4].

ئەگەر بىر ئادەم مەلۇم بىر پارچە بوز يەردە بىر يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ قارىشى بويىچە خەلىپىنىڭ رۇخستى بىلەن، ئىككى ئىمامنىڭ قارىشى بويىچە خەلىپىنىڭ رۇخستىسىز بىر قۇدۇق كولىسا، ئۇ قۇدۇقنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرگە ئۇ يەرلەرنىڭ ئۇ قۇدۇققا تەۋەلىك دائىرىسى سۈپىتىدە ئىگىدارچىلىق قىلىش

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد مۇسنەدىدە رىۋايەت قىلغان. ئۇنى ئىبنى ماجەمۇ رىۋايەت قىلغان.

(2) ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. «ئىلائۇسسۇنەن» **18** ـ توم، **15** ـ بەت.

(3) مەدىنە مۇنەۋۋەردىن **20** پەرسەخ (تەخمىنەن **124,80** كىلومېتىرغا تەڭ) ئۇزاقلىقتىكى بىر جاينىڭ ئىسمى.

(4) سەھىھ بۇخارى، **2370** ـ ھەدىس.

ھەققى بولىدۇ. بىراۋنىڭ ئۇ جايغا باشقا بىر قۇدۇق كولاشقا ھەققى بولمايدۇ. ئۇنداق قىلسا، ئالدىنقى كىشىنىڭ قۇدۇقىنىڭ سۈيى تارتىلىپ كېتىپ زىيانغا ئۇچرايدۇ. قۇدۇق كولىغۇچى قۇدۇقىنىڭ ئەتراپىدىكى جايغا ئىگىدارچىلىق قىلمىسا، ئۇ قۇدۇقتىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگىمۇ ئىگە بولالمايدۇ.

قۇدۇققا تەۋەلىك دائىرىسى سۈپۈتىدە بولىدىغان جاينىڭ قانچىلىك دائىرىدە بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەشتە ئالىملار بىر نەچچە قاراشلاردا بولغان.

ئەگەر قۇدۇق ئەتراپىدا تۆگىلەر چۆكىدىغان جاي بولسا، ئۇنىڭ تەۋەلىك دائىرىسى **40** گەز بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر قۇدۇق كولىسا، چارۋا ـ ماللىرىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەتراپىدىن **40** گەز جايدا ھەققى بولىدۇ»[1]. بەزىلەر: تۆت ئەتراپىدىن **40** گەز بولىدۇ، دەپ قارىغان. توغرا قاراش شۇكى، تۆت ئەتراپىدىن **40** گەزدىن بولىدۇ.

ئۇلاغ كۈچى بىلەن سۇ تارتىپ چىقىرىدىغان قۇدۇقنىڭ تەۋەلىك دائىرىسى **60** گەز بولىدۇ. بۇ، ئىككى ئىمامنىڭ قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىدا **40** گەز بولىدۇ. ئىككى ئىمامنىڭ دەلىلى بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: «بۇلاقنىڭ تەۋەلىك دائىرىسى **500** گەز، تۆگە سۇغۇرىلىدىغان قۇدۇقنىڭ تەۋەلىك دائىرىسى **40** گەز، ئۇلاغ كۈچى بىلەن سۇ تارتىپ چىقىرىدىغان قۇدۇقنىڭ تەۋەلىك دائىرىسى **60** گەز بولىدۇ»[2].

ئۇلاغ كۈچى بىلەن سۇ تارتىپ چىقارغۇچى سۇ تارتىش ئۈچۈن ئۇلاغلىرىنى قۇدۇق ئەتراپىدا ئايلاندۇرۇشقا مۇھتاج بولىدۇ. سۇ تارتىدىغان ئارغامچا ئۇزۇن بولۇشىمۇ مۇمكىن. تۆگە سۇغۇرىلىدىغان قۇدۇقنىڭ سۈيىنى قول بىلەن تارتقىلى بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياج ئاز بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئارىدا چوقۇم مەلۇم پەرق بولۇشى كېرەك.

ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ دەلىلى بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان مەزكۇر ھەدىس بولۇپ، ئۇنى تەپسىلىي بايان قىلمىغان. ئۇنىڭ قارىشىچە: قوبۇل قىلىش ۋە ئەمەل قىلىشتا ئىختىلاپلىشىپ قېلىنغان خاسلاشتۇرۇلغان دەلىلدىن قوبۇل قىلىش ۋە ئەمەل قىلىشتا ئىختىلاپ يوق ئومۇمىي دەلىلگە ئەمەل قىلىش ياخشىدۇر. چۈنكى قىياس تەۋەلىك دائىرىسى سۈپىتىدىكى يەرلەرنى ئىگەللىۋېلىشنى رەت قىلىدۇ. سەۋەبى شۇكى، ئۇنىڭ ئەمەلى قۇدۇق كولاش ۋە ئۇ جايغا ئىگە بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. تۆگە سۇغۇرىلىدىغان

(1) «رەددۇلمۇھتار» **5** ـ توم، **279** ـ بەت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئەھمەدمۇ مۇشۇ مەزمۇندا ئەبۇ ھۇرەيرىدىن بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان. «ئىئلائۇسسۇنەن» **18** ـ توم، **7** ـ بەت.

قۇدۇقتىن ئۇلاغ كۆچى بىلەن سۇ تارتىشقا، شۇنداقلا ئۇلاغ كۆچى بىلەن سۇ تارتىدىغان قۇدۇقتىن قول كۆچى بىلەن سۇ تارتىشقا مۇمكىن بولىدۇ. شۇڭا ھەر ئىككىلىسىگە بولغان ئېھتىياج ئوخشاش دەرىجىدىدۇر[1].

بۇ مەسىلىدە ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ قارىشى بويىچە پەتىۋا بېرىلىدۇ. ئەللامە قاسىم <مۇختارات ئەننەۋازىل> ناملىق كىتابتىن مۇنداق نەقىل قىلغان: «توغرا قاراش شۇكى، قۇدۇقنىڭ ھەر تەرىپىدىن بەلگىلەشتە ئېھتىياجنىڭ مىقدارىنى ئېتىبارغا ئېلىش كېرەك»[2].

مەزكۇر قاراشلار ئىچىدىن ھازىرقى دەۋرىمىزگە ئەڭ مۇناسىپ بولغىنى قۇدۇقنىڭ ھەر تەرىپىدىن بەلگىلەشتە ئېھتىياج مىقدارىنى ئېتىبارغا ئېلىش قارىشى ئېھتىمالغا يېقىندۇر. چۈنكى ھازىر قۇدۇق كولاش ۋە قۇدۇقلاردىكى سۇلارنى تېزگىنلەش ئۇسكۈنىلىرى ئىنتايىن ئىلغارلىشىپ كەتتى. شۇڭا تەۋەلىك دائىرىسىنى بۇ ساھەدە يېتىشكەن تەجرىبىلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېھتىياج مىقدارىنى ئېنىقلىشى ئاستىدا ئېلىپ بېرىشى لازىم.

مەزكۇر ھەدىستە بايان قىلىنغىنىدەك، بۇلاق سۈيىنىڭ تەۋەلىك دائىرىسى ھەر تەرەپتىن 500 گەزدۇر. تۆت تەرەپنىڭ ھەممىسىدىن 500 گەز بولىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار.

قۇدۇقنى دەسلەپتە كولىغۇچى كىشى تەۋەلىك دائىرىسى ئىچىدە باشقىلارنى قۇدۇق كولاش ۋە باشقا ئىشلارنى قىلىشتىن توسىدۇ. چۈنكى ئۇ يەر ئۇ كىشىگە تەۋە مۈلۈكتۇر. ئەگەر ئىككىنچى بىر كىشى ئۇ جايغا قۇدۇق كولىسا، ئۇنىڭ ئىككىنچى كىشىنى توسۇش ھەققى بولىدۇ. ئەمما بۇ ئارىدا كۆرۈلگەن زىياننى ئىككىنچى كىشىگە تۆلەتمەيدۇ. لېكىن ئۇنى كولىغان يەرنى تىندۇرۇشقا بويرىدۇ. چۈنكى كولىغان جاينى تىندۇرۇش لازىمدۇر. مەسىلەن، بۇ خۇددى بىرىنىڭ قوروسىغا ئەخلەت چۈشۈرۈۋەتسە، ئۇنى ئۇ ئەخلەتلەرنى ئېلىۋېتىشقا بويرۇغانغا ئوخشاش. بەزىلەر: «ئىككىنچى كولىغۇچىغا زىياننى تۆلىتىدۇ. ئاندىن كولانغان جاينى ئۆزى تىندۇرىدۇ. مەسىلەن، باشقا بىرىنىڭ تېمىنى ئۆرۈۋەتسە، شۇنداق قىلىدىغۇ! دەپ قارايدۇ». ئۇ توغرا قاراشتۇر[3].

بىرىنچى كىشىنىڭ كولىغان قۇدۇقى سەۋەبىدىن بۇزۇلۇپ كەتكەن نەرسە تۆلىتىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ قۇدۇق گەرچە خەلىپىنىڭ رۇخسىتىسىز كولانغان بولسىمۇ، ئۇ ئادەم باشقىلارنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلغان ھېسابلانمايدۇ. بۇ، ئىككى

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇ يۈسۈف «كىتابۇلخاراج» ناملىق كىتابىدا ھەسەن ئىبنى ئەممارە ئارقىلىق زۆھرىدىن رىۋايەت قىلغان. «ئىئلائۇسسۈنەن» 18 ـ توم، 11 ـ بەت.

(2) «ئەلھىدايە» 4 ـ توم، 100 ـ بەت.

(3) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 279 ـ بەت.

ئىمامنىڭ قارىشى ناھايىتى ئېنىقتۇر (يەنى ئۇ ئۆزىنىڭ مۈلكىدۇر). ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ قارىشى بويىچە بولغاندا ئۇ قۇدۇق كولاشنى يەر ئىگەللەشنىڭ ئالامىتى قىلغان. گەرچە ئۇ ئادەم ئۇ يەرگە رۇخسەتسىز ئىگىدارچىلىق قىلالمايدىغان بولسىمۇ، ئۇ ئۇنى ئىگەللەش ئۈچۈن رۇخسەتسىز قەدەم باسقان ھېسابلىنىدۇ. بىراق، ئىككىنچى كىشىنىڭ كولىغان قۇدۇقى سەۋەبىدىن بۇزۇلۇپ كەتكەن نەرسە، باشقا بىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى يەردە قۇدۇق كولاش بىلەن ئۇنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلغانلىقى ئۈچۈن تۆلىتىلىدۇ.

شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەگەر بىراۋ باشقا بىرىنىڭ تېمىنى ئۆرىۋەتسە، تامنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە تامنى سالدۇرماستىن، تامنىڭ قىممىتىگە قارىتا ئۇنىڭدىن پۇل ئالىدۇ. بۇ توغرا قاراشتۇر. لېكىن ئۆرۈلگەن تام يېڭى سېلىنغان تام بولسا، ئۇنى قايتا سالدۇرسا بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇ مەسجىدنىڭ تېمى بولسا، ئۆرىۋەتكۈچى ئۇنى قايتا سېلىپ بېرىشكە شەرتسىز بۇيرۇلىدۇ.

ئەگەر ئىككىنچى كىشى بىرىنچى كىشىنىڭ قۇدۇقىنىڭ تەۋەلىك دائىرىسى بولىدىغان يەرنىڭ تۈگىشىدە خەلىپىنىڭ رۇخسىتى بىلەن قۇدۇق كولىغان تەقدىردە بىرىنچى قۇدۇقنىڭ سۈيى تارتىلىپ، ئىككىنچى قۇدۇققا يىغىلىۋالسا، بۇنىڭغا ھېچ جازا كەلمەيدۇ. چۈنكى ئىككىنچى قۇدۇق ئىگىسى تاجاۋۇزچى ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، زېمىن ئاستىدىكى سۇ بىرىگە تەۋە بولمايدۇ. شۇڭا بۇ ھەقتە دەۋالىشىش توغرا ئەمەس. بۇ مەسىلە باشقا بىرىنىڭ دۇكىنىنىڭ يېقىنىغا دۇكان سالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ دۇكىنىنىڭ بازىرىنى كاساتلاشتۇرۇپ قويغان كىشىنىڭ مەسىلىسىگە ئوخشايدۇ. ئىككىنچى قۇدۇقنى كولىغۇچىنىڭ تەۋەلىك دائىرىسى سۈپىتىدىكى يېرى ئۈچ تەرەپتىن بولىدۇ. بىرىنچى قۇدۇقنىڭ ئىگىسى ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى بالدۇر قولغا كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەۋە بولغان تەرەپتىن ئىككىنچى قۇدۇق ئىگىسىگە تەۋەلىك يەر بولمايدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەگەر ئۈچىنچى كىشى قۇدۇق كولىسا، ئۇنىڭ تەۋەلىك دائىرە يېرى ئىككى تەرەپتىن بولىدۇ[1].

## ئېرىقنىڭ تەۋەلىك دائىرىسى

ئېرىق، يەرگە سۇ باشلاش ئۈچۈن چېپىلىدۇ. ئالىملار چېپىلغان ئېرىقنىڭ تەۋەلىك دائىرىسى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشقان. <ئەددۇررۇلمۇختار> ناملىق كىتابتا: « ئۇنىڭ تەۋەلىك دائىرىسى ئېرىق چاپقاندا لېيىنى ۋە كولانغان يەردىن چىقىرىلغان باشقا

(1) «ئەلھىدايە» 4 - توم، 101 - بەت.

نەرسىلەرنى تاشلاشقا يەتكىدەك مىقداردىكى بوش ئورۇن بولۇشى لازىم» دېيىلگەن. ئىمام مۇھەممەدنىڭ: «ئۇنىڭ تەۋەلىك دائىرىسى قۇدۇققا ئوخشايدۇ (يەنى تەۋەلىك دائىرىسى 40 گەز بولىدۇ)، ئەگەر ئېرىق (ئېگىدىن) سۇ چىقىپ تۇرىدىغان بولسا، بۇلاققا ئوخشايدۇ (يەنى تەۋەلىك دائىرىسى 500 گەز بولىدۇ)» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. <ئەلئىختىيار> ناملىق كىتابتا: «ئەگەر يەر خەلىپىنىڭ رۇخستى بىلەن ئېچىلغان يەر بولسا، ئۇ مەسىلە خەلىپىنىڭ كۆز قارىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ رۇخستىسىز بولسا، بوز يەر ئاچقۇچىنىڭ ھېچ نەرسىدە ھەققى بولمايدۇ. چۈنكى ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ قارىشىدا بوز يەر ئېچىش ئۈچۈن خەلىپىنىڭ رۇخستى بولۇشى شەرتتۇر. ئۇنىڭ رۇخستى بولمىسا، بوز يەر ئاچقۇچى ئاچقان يېرىگە ئىگە بولالمايدۇ ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىك دائىرىسىگىمۇ ھەقلىق بولالمايدۇ» دېيىلگەن.

ئىبنى ئابىدىن ئۇ مەسىلىگە چۈشەنچە بەرگەن ۋە مۇنداق دېگەن: «بەزى ئالىملار ئېرىق ھەققىدىكى ئەسلى ھۆكۈم ئىككى ئىمامنىڭ قارىشىدا قۇدۇقنىڭ ھۆكمىگە ئوخشايدۇ. ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قارىشىدا ئېرىقنىڭ تەۋەلىك دائىرىسى بولمايدۇ. چۈنكى ئېرىق، ئەگەر يەر يۈزىگە سۇ چىقىپلا تۇرمىسا، ئۆستەڭنىڭ ئورنىدىدۇر. ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ قارىشىدا ئۆستەڭنىڭ تەۋەلىك دائىرىسى بولمايدۇ. ئەگەر ئېرىقتىن سۇ چىقىپ تۇرسا، بۇلدۇقلاپ سۇ چىقىپ تۇرىدىغان بولاقنىڭ ھۆكمىدە بولۇپ، ئۇنىڭ تەۋەلىك دائىرىسى 500 گەز بولىدۇ، دەپ قارايدۇ»[1].

## دەرەخنىڭ تەۋەلىك دائىرىسى

ئېچىلغان بوز يەرگە تىكىلگەن دەرەخنىڭ تەۋەلىك دائىرىسى ھەر تەرەپتىن بەش گەز بولىدۇ. باشقا بىرىنىڭ ئۇ بەش گەز يەرنىڭ ئىچىگە كۆچەت تىكىش ھەققى يوق. چۈنكى ئالدىنقى دەرەخنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ مېۋىسىنى ئۈزۈپ، ئۇ جايغا قويۇشقا مۇھتاج بولىدۇ. بۇ ھەقتە ھەدىس بايان قىلىنغان[2]. <ئەلكىفايە> ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «بىر ئادەم چۆل زېمىندا بىر تۈپ دەرەخ تىكتى. ئاندىن يەنە بىر ئادەم كېلىپ، ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ يېنىغا يەنە بىر تۈپ دەرەخ تىكمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئالدىنقى دەرەخنىڭ ئىگىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شىكايەت قىلدى. نەتىجىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بىر تۈپ دەرىخىنىڭ تەۋەلىك دائىرىسىنى بەش گەز قىلىپ بەلگىلەپ بەردى. ئىككىنچى كىشىگە شۇ

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 280 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 280 ـ بەت.

بەش گەز يەردىن كېيىنكى يەرنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ ھەدىس سەھىھ ۋە مەشھۇردۇر (ھەدىس ئىلمىدە). شەيخۇلئىسلامنىڭ <مەبسۇت> ناملىق كىتابىدىمۇ شۇنداق بايان قىلىنغان».

مېنىڭ قارىشىم مۇنداق: ئۇ ھەدىس بۇ سەنەد بىلەن غەرىپ ھەدىستۇر. ئۇنى ئىمام ئەبۇداۋۇد ۋە تەھاۋى ئەبۇسەئىد خۇدرىدىن، ھاكىم ئوبادە ئىبنى سامىتتىن، تەبەرى ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئەبۇداۋۇد يەنە ئۇ ھەدىسنى <ئەلمەراسىل> ناملىق كىتابتا ئۇرۋەدىن يۇقىرقى سەنەدتىن باشقا بىر سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان. ئالىملار ئۇچۇن ئۇ ھەدىس دەلىل بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ يەردە دەرەخ شاخلىرىنىڭ تەۋەلىك دائىرىسىنى ياكى خورما دەرىخىنىڭ تەۋەلىك دائىرىسىنى بەلگىلىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. نېمىشقا دېگەندە، ئىككى ئادەم مۇشۇ ھەقتە دەۋالىشىپ قالغان ئىدى...

ئەگەر ئۇ ھەدىس <مەبسۇت> ناملىق كىتابنىڭ سەنىدى بويىچە ئالغاندا سەھىھ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدا دەلىل يوق. چۈنكى ئۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈز بەرگەن خۇسۇسىي بىر ئىشتا تەۋەلىك دائىرىسىنى بەش گەز قىلىپ بەلگىلىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بۇ پۈتۈن ھۆكۈمنى كۆرسەتمەيدۇ. بۇ مەسىلىدىكى توغرا بولغىنى شۇكى، تەۋەلىك دائىرىنى بەلگىلىمەستىن ئۇنى ئىجتىھادقا قالدۇرۇش كېرەك. چۈنكى دەرەخلەر چوڭ ـ كىچىكلىكتە، كېڭىيىش ۋە كېڭەيمەسلىكتە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىقتۇر. شۇڭا تىكىلگەن دەرەخكە ۋە تىكىلمەكچى بولغان دەرەخكە قاراپ چىقىپ، ئىككىسىدىن ھەربىرىنىڭ تەۋەلىك دائىرىسىنى شۇ دەرەخ تىپىنىڭ تەلەپى بويىچە بەلگىلەش لازىم. توغرىسىنى الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر[1].

# ئۆستەڭنىڭ تەۋەلىك دائىرىسى

بىراۋنىڭ باشقا بىرىنىڭ زېمىنىدىن ئۆتىدىغان ئۆستىڭى بولسا، ئۇ كىشىنىڭ تەۋەلىك دائىرىسىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىلى بولمىغان تەقدىردە، ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىدا ئۇ ئۆستەڭنىڭ تەۋەلىك دائىرىسى بولمايدۇ. ئىككى ئىمامنىڭ قارىشىدا ئۆستەڭنىڭ ئىككى قېشى مېڭىش ئۈچۈن ۋە ئۆستەڭدىن چىقىرىلغان لايىنى تاشلاش ئۈچۈن تەۋەلىك دائىرە ھېسابلىنىدۇ[2].

(1) «ئەلھىدايە» 4 ـ توم، 100 ـ بەت.

(2) «ئىلائۇسسۇنەن» 5 ـ توم، 11 ـ بەت.

دىجلە ۋە فۇرات دەريالىرىدىن (بۇ پەقەت مىسال ئۈچۈن ئېلىنغان دەريا ئىسىملىرىدۇر) دەرەخ تىككىلى بولمايدىغان جايلارمۇ بوز يەر قاتارىدا بولۇپ، ئەگەر ئۇ جايلار بىرەر گۈللەندۈرگۈچىنىڭ تەۋەلىك دائىرىسىدە بولمىسا، ئۇنى ئېچىش دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى ئۇ پايدىلانمايدىغان زېمىن قاتارىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ مۇئەييەن ئىگىسى يوق. ئەگەر ئۇ جايلار بىرىنىڭ تەۋەلىك دائىرىسىدە بولسا ياكى ئۇنىڭغا دەرەخ تىككىلى بولسا، ئۇنى ئېچىش دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ يەر بۇ ئەھۋالدا بوز يەر قاتارىدىن ھېسابلانمايدۇ. بۇنى دەرەخ تىكىش ئۈچۈن مەخسۇس بىر ۋاقىت كەتمەيدىغان ئەھۋالغا قارىتىش كېرەك. چۈنكى <ئەلخانىيە> ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئامۇ دەرياسى قىرغىقىدا ئەتىياز كۆنلىرى سۇ يىغىلىپ قالىدىغان، كېيىن ئۇ سۇ تۈگەپ كېتىدىغان بىر جىلغا بولۇپ، مەلۇم كىشىلەر ئۇ جىلغىغا زىرائەت تېرىغان. زىرائەت ھوسۇل بېرىپ تەييار بولغاندا، ئەبۇلقاسىم بۇ مەسىلىگە پەتىۋا بېرىپ: <ھوسۇل ئۈرۈق چاچقۇچىنىڭ بولىدۇ، جىلغىنىڭ تىگى بولسا بۇ جىلغىغا بۇرۇندىن ئىگىدارچىلىق قىلىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ بولىدۇ. ئەگەر جىلغىنىڭ ئىگىسى بولمىسا، جىلغا ئۇنى ئاچقان كىشىنىڭ بولىدۇ> دېگەن. بۇ مەسىلە شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، ئەگەر ئۇنداق جايلارغا دەرەخ تىكىش ئۈچۈن مەخسۇس بىر ۋاقىت كەتسىمۇ، ئۇ جاينى ئېچىش يەنىلا دۇرۇس بولىدۇ».

باشقا بىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغان ئۆستەڭنىڭ تەۋەلىك دائىرىسى بولمايدۇ. ئۇنىڭ تەۋەلىك دائىرىسى بولۇشى ئۈچۈن ئېنىق دەلىل بولۇش كېرەك. ئىككى ئىمام مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭچە، سۇ توسۇلۇپ قالغاندا سۇنى ئاقتۇرۇش ۋە ئۆستەڭنىڭ لېيىنى چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن ئۆستەڭنىڭ ئىككى قىرغىقى ئۇنىڭ تەۋەلىك دائىرىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ».

ئۆستەڭنىڭ ئىگىسىنىڭ سۇنى تۇتۇپ قېلىش ھەققىنىڭ بارلىقىدا تالاش-تارتىش يوق. تالاش - تارتىش پەقەت ئۆستەڭنىڭ ئەتراپىغا جىرىم تىككىلى بولىدىغان جاي ھەققىدىدۇر. ئىمام مۇھەممەد ئۇنى ئۆستەڭنىڭ ھەر تەرىپىدىن ئۆستەڭنىڭ توغرىسى يەنى ئۆستەڭنىڭ ئىچىنىڭ توغرىسى مىقدارى بويىچە بەلگىلىگەن. چۈنكى ئۆستەڭ دېگەن سۆز چېپىلغان يەرنى بىلدۈرىدىغان ئىسىمدۇر. ئىمام ئەبۇيۇسۇف ئۇنى ئۆستەڭنىڭ ئىچىنىڭ يېرىمى مىڭدارى بويىچە بەلگىلىگەن. پەتىۋا ئىمام ئەبۇيۇسۇپنىڭ كۆز قارىشى بويىچە بېرىلىدۇ[1].

«باشقا بىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۆستەڭنىڭ تەۋەلىك دائىرىسى

(1) «ئەلھىدايە» 4 - توم، 102 - بەت.

بولمايدۇ » دېگەن جۈملە ھەققىدە بەزىلەر مۇنداق دېگەن: « بۇ مەسىلە بوز يەردە ئۆستەڭ چاپقان كىشىگە قارىتىلغان بولۇپ، ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ قارىشىدا ئۇ بۇ ئۆستەڭنىڭ تەۋەلىك دائىرىسىگە ئىگە بولۇش ھەققىگە ئىگە ئەمەس. بىراق ئىككى ئىمامنىڭ قارىشىدا ئۇ بۇنىڭغا ھەقلىق بولىدۇ. بۇ، پۈتۈن ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشىدىكى توغرا قاراشتۇر. شۇڭا بوز يەردە چېپىلغان ئۆستەڭنىڭ تەۋەلىك دائىرىسى بولىدۇ. بۇنىڭغا ئالىملار ئىتتىپاق كەلگەن. ئارىدىكى ئىختىلاپ قىرغىقى كىمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئىكەنلىكى بىلىنمىگەن، شۇنداقلا زېمىن بىلەن تەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىگىز بولمىغان ئۆستەڭ ھەققىدىدۇر. ئەگەر ئۆستەڭ بىلەن زېمىننىڭ ئارىلىقىدا تام ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن بىنا قىلىنغان پاسىل بولغان بولسا، پۈتۈن ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىدا ئۆستەڭنىڭ قىرغىقى ئۆستەڭ ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ. ئەگەر ئىككى قىرغاقنىڭ بىرىگە كۆچەت تىكىلگەن ياكى ئۆستەڭنىڭ توپىسى چىقىرىلغان بولسا، ئالىملارنىڭ ئىتتىپاق قارىشىدا ئۇ قىرغاق ئەمگەك قىلغۇچىغا تەۋە بولىدۇ[1].

بۇ ماۋزۇنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولغان مەسىلىلىرى:

§ چۆل - باياۋاندا قەسىر سالغان كىشى تەۋەلىك دائىرىگە ئىگە بولالمايدۇ. ئۇنىڭ ئېھتىياجى پەقەت ئەخلەت - چاۋىلارنى تاشلىغىدەك جاي بولسىلا بولىدۇ.

§ ئىككى كىشىنىڭ بىرى قۇدۇقنى، يەنە بىرى ئۇنىڭ تەۋەلىك دائىرىسىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن كېلىشىپ، بىر قۇدۇق كولاش ئۈچۈن ئىككىسى تەڭ مەبلەغ ئاجراتسا، ئۇنداق قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ. قۇدۇق كولاش چىقىمى ۋە قۇدۇق ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا تەڭ بولۇش لازىم. ئەگەر ئىككىسى مەبلەغنى بىرىنىڭ چىقراق چىقىرىشىغا، ئەمما قۇدۇق ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا تەڭ بولۇشقا كېلىشسە، دۇرۇس بولمايدۇ. چىقراق مەبلەغ چىقارغان كىشى يېرىمىدىن ئارتۇقنى يەنە بىر ئادەمدىن قايتۇرۇۋېلىشى كېرەك. ئەگەر ئىككىسى ئۆستەڭنىڭ ئۆلاردىن بىرىگە تەۋە بولۇشى، زېمىننىڭ يەنە بىرىگە تەۋە بولۇشى ئۈچۈن كېلىشىپ ئۆستەڭ چاپماقچى بولسا، كېتىدىغان چىقىم ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوخشاش مىقداردا بولمىغىچە ئۇ كېلىشىم دۇرۇس بولمايدۇ. كۆپ چىقىم قىلغان كىشى ئارتۇقنى قارشى تەرەپتىن قايتۇرۇۋېلىشى كېرەك[2].

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 - توم، 281 - بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 - توم، 280 - بەت.

# تەقسىم قىلىنغان سۇ

**(ئەششىربۇ)**

## ئۇنىڭ ئۇقۇمى

**ئۇ سۆز لۇغەتتە: <سۇ> <سۇدىن مەلۇم ئۈلۈش> <سۇ بويى> ۋە <سۇ ئىچىش ۋاقتى> قاتارلىق مەنىلەردە كېلىدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭ <سۇدىن مەلۇم ئۈلۈش> مەنىسى كۆزدە تۇتىلىدۇ. مۇشۇ مەنىدە الله تائالا مۇنداق دېگەن: «سۇنىڭ ئۇلار بىلەن تۆگىنىڭ ئارىسىدا بۆلۈنگەنلىكىنى، قايسىسىنىڭ نۆۋىتى كەلسە شۇنىڭ هازىر بولىدىغانلىقىنى ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ قويغىن»[1] يەنى ئۇلارغا بىلدۈرۈپ قويغىنكى، سۇ ئۇ چىشى تۆگىگە بىر كۈن، سىلەرگە بىر كۈن تەقسىم قىلىنغاندۇر. قايسىسىنىڭ نۆۋىتى كەلسە، سۇغا شۇ هازىر بولىدۇ. الله تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: «سالىھ ئېيتتى: بۇ چىشى تۆگە (سۈيىڭلاردىن بىر كۈن) ئىچىدۇ، سىلەرمۇ مۇئەييەن بىر كۈن ئىچىسىلەر»[2].**

**شەرىئەتتە: زىرائەت سۇغۇرۇش ۋە چارۋا ـ ماللارنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن سۇدىن پايدىلىنىش نۆۋىتىنى يەنى ۋاقتى ۋە زامانىنى كۆرسىتىدۇ[3]. ئۇ لۇغەت مەنىلىرىدىن بىرىدۇر.**

**<ئەتتەئرىيفات> ناملىك كىتابتا: «ئۇ يەر ـ زېمىن ۋە باشقا نەرسىلەر ئۈچۈن تەقسىم قىلىنغان سۇ» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ خىل چۈشەندۈرۈلۈش تېخىمۇ ئىنچىكە مەنىگە ئىگە.**

**ئەگەر سۇ <ئەششەفە> دېگەن تەلەپپۇزدا كەلسە، ئىنسانلار ۋە هايۋانلارنىڭ ئىستېمال قىلىدىغان سۈيىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئىستېمال قىلىدىغان سۈيى دېگىنىمىزدىن ئۇلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇش، تاماق ئېتىش، تاھارەت ئېلىش، كىيىملىرىنى يۇيۇش قاتارلىق ۋە شۇنىڭدەك ئىشلىرىغا ئىستېمال قىلىدىغان سۇنى كۆرسىتىدۇ. هايۋانلارنىڭ ئىستېمال قىلىدىغان سۈيى دېگىنىمىزدىن ئۇنى سۇغۇرۇش ۋە شۇنىڭدەك هايۋانلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا ئىشلىتىدىغان سۇنى كۆرسىتىدۇ.**

---

**(1)** «رەددۇلمۇھتار» **5** ـ توم، **280** ـ بەت.

**(2)** سۈرە قەمەر، **28** ـ ئايەت.

**(3)** سۈرە شۇئەرا، **155** ـ ئايەت.

# سۇنىڭ تۈرلىرى ۋە ھەر بىر تۈرنىڭ ھۆكمى

سۇ مۇنداق تۆت تۈرلۈك بولىدۇ:

1 ـ دېڭىز سۈيى بولۇپ، ھەرقانداق ئىنساننىڭ ئۇ سۇنى ئىستېمال قىلىش ۋە يەر ـ زېمىنلىرىنى سۇغۇرۇش ھەققى بار. ھەتتا بىر ئادەم ئۆستەڭ چېپىپ، ئۇنىڭدىن يېرىگە سۇ باشلىسا، بۇنداق قىلىشتىن مەنئى قىلىنمايدۇ. دېڭىز سۈيىدىن پايدىلىنىش كۈن، ئاي ۋە ھاۋادىن پايدىلىنىشقا ئوخشايدۇ. شۇڭا دېڭىز سۈيىدىن قايسى ھالەتتە پايدىلانغان بولۇشتىن قەتئىينەزەر مەنئى قىلىنمايدۇ.

2 ـ ئامۇ، سىر، دىجلە ۋە فۇرات دەريالىرىغا ئوخشاش چوڭ دەريالارنىڭ سۇلىرى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئۇ سۇنى ئىستېمال قىلىش ۋە يەر ـ زېمىنلىرىنى سۇغۇرۇشتا شەرتسىز ھەققى بار. ئەگەر بىر ئادەم بوز يەرنى ئېچىپ ئۇنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن دەريادىن ئۆستەڭ چاپسا، بۇ ئىش ئومۇمىي خەلق مەنپەئەتىگە زىيانلىق بولمىغان ۋە ئۆستەڭ بىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى جايدىن چېپىلمىغان تەقدىردە، ئۇ ئادەمنىڭ شۇنداق قىلىش ھەققى بار. چۈنكى ئۇ سۇ ئەسلىدە مۇباھتۇر. بىر ئادەمنىڭ سۇنى تىزگىنلىشى باشقا بىرىنىڭ تىزگىنلىۋېشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئۆستەڭ چېپىشى ئومۇمىي خەلق مەنپەئەتىگە زىيانلىق بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆستەڭ چېپىش ھەققى يوق. چۈنكى ئۇمۇمغا بولىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋاجىپتۇر. مەسىلەن، سۇ ئۇنىڭ چاپقان ئۆستىڭى تەرەپكە ئۇلغىيىپ كەتكەن تەقدىردە ئۆستەڭ قىرغىقى يا ئېلىپ كەتسە، ئەتراپتىكى يېزىلار ۋە يەر ـ زېمىنلارنى سۇ بېسىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دەريادىن ئۆستەڭ چېپىپ سۇ باشلىغاندا سۇ مەلۇم مىقداردىن ئۇلغىيىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىش كېرەك.

3 ـ تەقسىماتلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ بولغان سۇ بولۇپ، ئۇنى ئىنسانلار ۋە ھايۋانلار ئۈچۈن ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەسلى دەلىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئىنسانلار سۇ، ئوت ـ چۆپ ۋە ئوتتىن ئىبارەت ئۈچ نەرسىدە شېرىكتۇر» دېگەن سۆزىدۇر. يەر ـ زېمىن سۇغۇرىدىغان سۇنى نىزاملاشتۇرۇش كېرەك. ئىنسانلار ۋە ھايۋانلار ئۈچۈن ئىستېمال قىلىدىغان سۇ بۇ نىزام ئىچىگە كىرمەيدۇ.

قۇدۇق سۈيى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر ئىگەللەش ئۈچۈن قويۇلغان. ئەسلىدە مۇباھ نەرسىگە ئىگەللىمەي تۇرۇپ ئىگىدارچىلىق قىلغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، ياۋايى ھايۋاننى تۇتۇش ئۈچۈن ئۆزىگە تەۋە زېمىندا سېلىپ قويغان قوتانغا چۈشۈپ قالغان كىيىككە ئوخشاش (يەنى ئۇ كىيىك قوتانغا چۈشۈپ قېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلغىلى بولمايدۇ).

ئىنسانلار ۋە ھايۋانلار ئۈچۈن ئىستېمال قىلىدىغان سۇنى نىزام ئىچىگە كىردۈرمەسلىك زۆرۈرىيەت ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ بارغان ھەممىلا يېرىگە سۇ ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار ئۆزلىرى ۋە ئۇلاغلىرى ئۈچۈن سۇغا موھتاج. ئەگەر ئۇلارنىڭ سۇ ئىستېمال قىلىشى ھەرجايدا چەكلەنسە، ئېغىر قىيىنچىلىقلار تۇغۇلىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئۆستەڭدىكى سۇ بىلەن ئۆزى ئاچقان يەرنى سۇغۇرماقچى بولسا، مەيلى ئۇ ئۆستەڭ ئىگىلىرىگە زىيانلىق بولسۇن ياكى زىيانلىق بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ ئۇ ئادەمنى مەنئى قىلىش ھەققى بار. چۈنكى ئۇ سۇ ئۇلارغا خاس بولۇپ، يەر سۇغۇرۇش زۆرۈرىيەت ئەمەس. ئەگەر بىز ئۇ سۇنىمۇ مۇباھ قىلىۋەتسەك، ئەلۋەتتە يەر - زېمىن سۇغۇرۇش مەنپەئەتى يوقالغان بولاتتى.

4 ـ قاچىلاردا ئىگەللەنگەن سۇ بولۇپ، ئۇ سۇ قاچىلىنىش بىلەن قاچىلىغۇچىنىڭ مۈلكىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ ئەھۋالدا باشقىلارنىڭ ھەققى ئۇ سۇدىن ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. بۇ خۇددى تۇتىۋېلىنغان ئوۋنىڭ ھۆكمىگە ئوخشايدۇ. لېكىن بىز يۇقىرىدا رىۋايەت قىلغان ھەدىسنىڭ دەلىلىگە نەزەر سالساق، بۇ يەردىمۇ شېرىكچىلىك شۈبھىسى تۇغۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇ قىيىنچىلىقى بار يەردە بىرەر ئادەم سۇ ئوغرىلىسا، ئوغرىلانغان سۇنىڭ قىممىتى ئوغرىلىق جازاسىنىڭ نىسابىغا يېتىپ قالغان تەقدىردىمۇ، قولى كېسىلمەيدۇ[1].

قىسقىسى، ئالدىنقى ئىككى تۈرلۈك سۇدا ھەر ئادەمنىڭ ئىستېمال قىلىش ۋە يەر - زېمىننى سۇغۇرۇش ھەققى بار. ئۈچىنچى تۈردە پەقەت ئىستېمال قىلىش ھەققى بار. تۆتىنچى تۈردە ئۇنىڭ ئىگىسىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەسىلىدىن شۇنداق بىر مەسىلە شاخلاپ چىقىدۇكى، ئەگەر بىر ئىنسان سۇنى تۇلۇم، كوزا، سۇ تۇڭى، مەسجىدنىڭ مەخسۇس ياسالغان كۆلى قاتارلىقلارغا ئوخشاش قاچىلارغا قاچىلىغانلىقى سەۋەبتىن ئېقىۋاتقان سۇ توختاپ قالغان تەقدىردىمۇ، قاچىلىغۇچى قاچىلانغان سۇغا ئىگە بولىدۇ. بۇ يەردە <ئېلىش> دېگەن سۆزنى ئىشلەتمەستىن، «قاچىلاش» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشتىكى مەقسەت شۇكى، ئەگەر بىر ئادەم قۇدۇقتىن چېلەككە سۇ ئېلىپ، ئاندىن ئۇنى قۇدۇق بېشىدىن يىراقلاشتۇرمىسا، ئىككى ئىمامنىڭ قارىشىدا ئۇ ئادەم چېلەكتىكى ئۇ سۇغا ئىگە بولالمايدۇ. دېمەك، <قاچىلاش> دېگەن سۆز بىرەر نەرسىنى بىر جايغا مەھكەم قويۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆزدە تۇتۇلغان يەنە بىر مەقسەت شۇكى، ئەگەر ئۇ ئادەم مۇنچىنىڭ سۇ كۆلچىكىدىن مۇنچىنىڭ قاچىسى بىلەن سۇ ئالسا، ئۇ سۇ مۇنچا ئىگىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا قېلىۋېرىدۇ. لېكىن ئۇ ئادەم ئۇ سۇغا باشقىلارغا

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 281 ـ بەت.

قارىغاندا بەكرەك ھەقلىقتۇر[1].

دېمەك، ھەربىر ئىنسان ئۆزىنىڭ يەر ـ زېمىننى دېڭىزدىن، شۇنداقلا دىجلە، فۇرات، سىر ۋە ئامۇ دەريالىرىغا ئوخشاش دەريالاردىن سۇغۇرۇش ھەققى بار. چۈنكى ئىگىدارچىلىق قىلىش ئىگەللەش ئارقىلىق بىلەن بولىدۇ. بۇ دەريالارنى ئىگەللىگىلى بولمايدۇ. چۈنكى سۇنى تېزگىنلەش باشقىلارنىڭ تېزگىنلىشىنى توسۇپ قويىدۇ. شۇڭا بىز يۇقىرىدا شەرت قىلغىنىمىزدەك، سۇنى تېزگىنلەش ئومۇمىي خەلق مەنپەئەتىگە زىيانلىق بولماسلىقى كېرەك. ئەگەر سۇ تېشىپ كېتىپ، ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتلىرىگە زىيان سالسا ياكى چوڭ دەريانىڭ سۈيى توختاپ قالسا ۋەياكى كېملەرنىڭ مېڭىشىغا توسالغۇ بولسا، مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى زىممىي بولسۇن، مەيلى مۇكاتەب[2] بولسۇن، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۇنى مەنئى قىلىشى كېرەك.

ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئېھتىياجىنى ۋە ئۇلاغلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئىگىدارچىلىق تەقسىماتى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن سۇدىن ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىستېمال قىلىش ھەققى بار. لېكىن يەر ـ زېمىننى سۇغارمىغان ۋە شۇنىڭدەك ئىشلارغا ئىشلەتمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلاغنىڭ كۆپلىكىدىن ئۆستەڭنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىش خەۋپى بولسا، ئۇ سۇنى ئىستېمال قىلالمايدۇ. ئەگەر ئىنسانلار ۋە ھايۋانلار ئۈچۈن ئىستېمال قىلغاندا سۇنىڭ ھەممىسى تۈگەپ كەتسە، مەسىلەن، ئۆستەڭ كىچىك بولۇش ۋە ئۇنىڭدىن سۇ ئىچىدىغان ھايۋانلارنىڭ كۆپ بولۇشى سەۋەبىدىن سۇ توختاپ قالسا، بەزىلەر: «مۇنداق ئەھۋالدىمۇ مەنئى قىلىنمايدۇ» دېگەن. يەنە بەزىلەر: «زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەنئى قىلىنىدۇ» دېگەن[3].

# ئارتۇق سۇنىڭ ھۆكمى

ئىمام بۇخارى سەھىھ بۇخارىدا مەخسۇس بىر باب ئاجرىتىپ، ئۇنى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئارتۇق سۇ مەنئى قىلىنمايدۇ» دېگەنلىكى ئۈچۈن سۇ ئىگىسى سۇغا قاندۇرۇلغانغا قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ ھەقلىق بولغان كىشىدۇر» دەپ ئاتىغان، ئاندىن ئۆزىنىڭ سەنەدى بىلەن ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «ئوت ـ چۆپنى مەنئى قىلىش ئۈچۈن سۇنىڭ ئارتۇقى مەنئى قىلىنمايدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

(1) «ئەلھىدايە» 4 ـ توم، 104 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 282 ـ بەت.

(3) ئۆزىنىڭ قۇللۇقتىن ئازاد بولۇشى ئۈچۈن خوجايىنى بىلەن مۇئەييەن مىقداردا پۇل تېپىپ بېرىشكە توختاملاشقان قۇل ـــ ت.

ئىككىنچى رىۋايەتتە: «ئوت ـ چۆپنى مەنئى قىلىش ئۈچۈن سۈننەت ئارتۇقنى مەنئى قىلماڭلار» دېگەن[1]. سۇ ئىگىسىنىڭ سۇغا قاندۇرۇلغانغا قەدەر ئۈنىڭغا ئەڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىدە ئالىملار ئارىسىدا ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق.

ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام بۇخارىنىڭ ئىككىنچى رىۋايەتنى كەلتۈرۈشىدىكى سىر ئۈنىڭدىكى «مەنئى قىلماڭلار» دېگەن ئوچۇق چەكلىمىنىڭ كېلىشىدۇر. سۈننەت ئارتۇقى دېگەن سۆز ئېھتىياجدىن ئارتۇق سۇنى كۆرسىتىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئوبەيدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ سەنەدى بىلەن ئەبۇھۇرەيرىدىن: «ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئېشىپ قالغان سۇ (نى باشقىلارنىڭ ئىشلىتىشى) مەنئى قىلىنمايدۇ» دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدا ئىگىدارچىلىق ئاستىدىكى زېمىندا، شۇنداقلا بوز يەردە، ئەگەر ئىگىدارچىلىق قىلىشنى كۆزلىگەن بولسا، كولانغان قۇدۇقنىڭ سۈيىگە قارىتىلىدۇ.

شافىئى مەزھەپىدىكىلەرنىڭ توغرا قارىشى شۇكى، ئىمام شافىئى ئىلگىرى بۇ مەسىلە ھەققىدە توختىلىپ: «قۇدۇق كولىغۇچى ئۇنىڭ سۈيىگە ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. ئەمما بوز يەرلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش مەقسىتىدە ئەمەس، چۈشكۈن قىلغاندا پايدىلىنىش مەقسىتىدە كولانغان قۇدۇقتا كەلسەك، ئۇنى كولىغۇچى ئۇنىڭ سۈيىگە ئىگىدارچىلىق قىلالمايدۇ. بەلكى ئۇ شۇ يەردىن كەتكىچە ئۇنىڭ سۈيىدىن پايدىلىنىشقا ئەڭ ھەقلىق كىشىدۇر. لېكىن قۇدۇق كولىغۇچىنىڭ ھەر ئىككىلى ھالەتتە ئېھتىياجدىن ئارتۇق سۇنى باشقىلارغا بېرىشى ۋاجىپتۇر» دېگەن. ئېھتىياج ئۆزىنىڭ، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ، زىرائىتىنىڭ ۋە ئۇلاغلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ، شافىئى مەزھەپىدىكىلەر ئىچىدە توغرا، دەپ قارالغان قاراشتۇر.

مالىكى مەزھەپىدىكىلەر بۇ ھۆكۈمنى بوز يەرگە كولانغان قۇدۇققا قاراتقان. ئۇلار ئىگىدارچىلىقتىكى قۇدۇق ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇنىڭ ئۆز ئېھتىياجىدىن ئاشقان سۇنى باشقىلارغا بېرىشى ۋاجىپ ئەمەس».

قاچىلارغا قاچىلانغان سۇغا كەلسەك، توغرا قاراش شۇكى، سۈننەت ئارتۇقنى سۇ ئىچمىسە بولمايدىغان ھالغا كېلىپ قالغان ئادەمدىن باشقىلارغا بېرىش ۋاجىپ بولمايدۇ... ئىمام مالىكنىڭ قارىشىغا ئىمام مۇسلىم جابىردىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىس دەلىل قىلىنغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈننەت ئارتۇقنى سېتىشنى توسقان». لېكىن بۇ ھەدىس شەرتسىزدۇر. شۇڭا ئۇ ئەبۇھۇرەيرىنىڭ ھەدىسىدىكى

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 282 ـ بەت.

شەرتكە قارىتىلىدۇ[1].

ئەگەر سۇ ئۆز ئىگىسىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئاشسا، ھۆكۈم مۇشۇنداق بولىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، سۇ ئۆز ئىگىسىنىڭ ئىشلىتىشىگە قالدۇرۇلىدۇ. ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز مەلۇم بىر سەپەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدۇق. توساتتىن بىر ئادەم ئۇلىغى ئۇستىدە كېلىپ، ئۆزى موھتاج بولىۋاتقان نەرسىنى ئىزدەپ ئۇياق - بۇياققا قارىغىلى تۇردى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «كىمدە ئارتۇق ئۇلاغ بولسا، ئۇنى ئۇلىغى يوق كىشىگە بېرىپ تۇرسۇن، كىمدە ئارتۇق ئوزۇق - تۈلۈك بولسا، ئۇنى ئوزۇق - تۈلۈكى يوق كىشىگە بېرىپ تۇرسۇن...»

ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ قاتاردا مال - مۈلۈكنىڭ نۇرغۇن تۈرلىرىنى بايان قىلدى. ھەتتا بىز بىرەرسىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ ئارتۇق نەرسىسىدە ھەققى يوق ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدۇق»[2].

بۇ ھەدىستە بايان قىلىنغان ھۆكۈم، خۇددى مەزمۇنىدىن چىقىپ تۇرغىنىدەك، زۆرۈرىيەت ھالىتىگە قارىتىلىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق ئىنساننىڭ باشقىلارنىڭ ئۆستىڭى، ئېرىقى ۋە قۇدۇقىدىن يەر - زېمىنىنى، بېغىنى ھەمدە زىرائەتلىرىنى ئۇلاردىن رۇخسەت ئالماي تۇرۇپ سۇغۇرۇش ياكى سۇ چىقىرىش ئۇچۇن چاقپەلەك ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەرنى ئورنىتىش ھەققى يوق. چۈنكى ئۇ باشقىلارنىڭ ھەققىدۇر. شۇڭا چوقۇم ھەق ئىگىسىنىڭ رۇخستى ئېلىنغان بولۇشى كېرەك. مەلۇم كىشىلەرگە خاس ئۆستەڭ ئىگىلىرىدىن رۇخسەت ئالماي تۇرۇپ باشقىلارنىڭ ئۇ سۇ بىلەن باغلىرىنى ۋە يەر - زېمىنلىرىنى سۇغۇرىشىغا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلار رۇخسەت بەرگەن تەقدىردىمۇ، پەقەت ئۇلار ئىچىدىن بىر ئادەم رۇخسەت بەرمىسە ياكى ئۇلار ئىچىدە كىچىك بالا بولسا ۋەياكى بىرەر ئادەم يوق بولسا، بىراۋنىڭ ئۇ سۇدىن زىرائەتلىرىنى ياكى يەر - زېمىنلىرىنى سۇغۇرۇشىغا بولمايدۇ. توغرا قاراشقا ئاساسەن، ھويلىدىكى دەرەخ ياكى چىملارنى چېلەك ۋە سۇغىلاردا سۇ توشۇپ سۇغارسا بولىدۇ. بەزىلەر: «بۇنىمۇ رۇخسەت ئالماي تۇرۇپ قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن. بۇمۇ توغرا قاراشتۇر. دېمەك، ھەر ئىككىلىسى توغرا قاراشتۇر[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مۇسۇلمانلار سۇ، ئوت - چۆپ ۋە ئوتتىن ئىبارەت ئۈچ

(1) سەھىھ بۇخارى، 2353 - ۋە 2354 - ھەدىسلەر.

(2) «فەتھۇلبارى» 5 - توم، 32 - بەت.

(3) سەھىھ مۇسلىم، 2728 - ھەدىس.

نەرسىدە شېرىكتۇر» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇ يەردىكى شېرىكلىك ئىگىدارچىلىق شېرىكلىكىنى ئەمەس، مۇباھلىق شېرىكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. كىمكى بۇ نەرسىلەرنى بىرىنى قاچىغا ۋە شۇنىڭدەك نەرسىگە بالدۇر قاچىلاپ ئىگەللىۋالسا، قاچىلىۋالغۇچى ئۇنىڭغا ئەڭ ھەقلىقتۇر. بۇ ھالدا ئۇ نەرسە قاچىلىغۇچىنىڭ مۈلكى بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا باشقىلارنىڭ ئۇنىڭدا ھەققى يوق. ئۇ ئۇنىڭغا ئىگە قىلىشنىڭ پۈتۈن يوللىرى بىلەن باشقىلارنى ئىگە قىلسا، دۇرۇس بولىدۇ. ئۇ ئۇنىڭدىن مىراس قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۇ نەرسە ھەققىدە ۋەسىيەت قالدۇرۇشمۇ دۇرۇس بولىدۇ. ئەگەر بىر كىشى ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىدىن ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ئېلىۋالسا، ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى ئۇنى تۆلىتىدۇ. ئەگەر ھېچكىم ئۇنى بالدۇر ئىگەللىۋالمىسا، ئۇ پۈتۈن مۇسۇلمانلار جامائىتى ئۈچۈن مۇباھتۇر. ھېچكىمنىڭ ئۇ نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ ياكى ئۇلاغلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئىستېمال قىلىش ئۈچۈن ئالغان كىشىنى توسۇش ھەققى يوق.

ئوت ـ چۆپلەردىن ئۆزلىكىدىن ئۈنۈپ قالغان، سۇغارغۇچىسى بولمىغان چىمەن، ئوت، چىغ ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئۆسۈملۈكلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دەرەخ بولسا سۇغارغۇچىسى بار بولغان ئۆسۈملۈكنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، تىكەنلىك ئۆسۈملۈك دەرەختىن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ سۇغارغۇچىسى بولىدۇ. بەزى ئالىملار مۇنداق دېگەن: «تۆگە يەيدىغان يۇمشاق ۋە كۆك تىكەنلىك ئۆسۈملۈكلەر ئوت ـ چۆپ، قىزىل تىكەنلىك ئۆسۈملۈكلەر رەسمىي دەرەخ تېپىدىن ھېسابلىنىدۇ...»

ئوت ـ چۆپ ھەققىدىكى سۆز مۇنداق بىرقانچە تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچىسى ئاممىۋى بولۇپ، ھېچكىمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولمىغان جايلاردا ئۆسكەن ئوت ـ چۆپلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسانلار ئۇنىڭغا ئۇلاغ بېقىش ۋە ئورۇپ يىغىۋېلىشتا خۇددى دېڭىز سۈيىگە شېرىك بولغانغا ئوخشاش شېرىكتۇر. ئىككىنچىسى ئۇنىڭدىن خاسراق بولۇپ، ئىگىدارچىلىق ئاستىدىكى زېمىندا ئىگىسىنىڭ ئۆستۈرىشى بىلەن ئەمەس، ئۆزلىگىدىن ئۈنۈپ قالغان ئوت ـ چۆپلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىمۇ ئىنسانلار شېرىكتۇر. پەقەت يەر ئىگىسى باشقىلارنى يېرىگە كىرىشتىن مەنئىي قىلالايدۇ. ئۈچىنچىسى تېخىمۇ خاسراق بولۇپ، ئورۇپ يىغىۋالغان ياكى زېمىنىدا ئۆستۈرگەن ئوت ـ چۆپنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئوت ـ چۆپلەر ئىگىسىنىڭ مۈلكىدۇر. ئىگىسى ئۇنىڭغا ئەجىر سىڭدۈرۈپ ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن ھېچكىمنىڭ ئۇنى ئېلىۋېلىش ھەققى يوق.

دېمەك، ئوت ـ چۆپنىڭ ھۆكمى سۇنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر. شۇڭا ئىگىدارچىلىق ئاستىدىكى يەرلەرگە يېقىن مۇباھ زېمىندا ئوت ـ چۆپ تېپىلمىغان تەقدىردە، ئۇ يەرنىڭ ئىگىسىگە: «يېرىڭدىكى ئوت ـ چۆپنى ئورۇپ، ئاندىن ئۇنى ئېھتىياجلىق كىشىگە بەرگىن ياكى بولمىسا موھتاج كىشىنى ئېھتىياجىغا چۈشلۇق ئېلىۋېلىشىغا يول

قويغىن » دېيىلىدۇ.

ئالىملارنىڭ ئۆز مۈلكىدە يېقىلغان ئوت ھەققىدىكى سۆزىنىڭ زاھىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ ھۆكمى سۇ ۋە ئوت ـ چۆپنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاپ كېتىمەيدۇ. شۇڭا ئوت ئىگىسىنىڭ ئۇنى تەلەپ قىلغۇچىغا ئوت چىقىرىپ بېرىشى ۋاجىپ ئەمەس. مېنىڭچە ئاردىكى پەرق شۇكى، شېرىكچىلىك سۇ بىلەن ئوت ـ چۆپنىڭ ئۆزىدە ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. لېكىن چوغنىڭ ئۆزىدە شېرىكچىلىك بولمايدۇ. شۇڭا ئوت ئىگىسىگە باشقا بىرىنىڭ ئىسسىنىۋېلىشى ئۈچۈن چوغ چىقىرىپ بېرىش ۋاجىپ بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا باشقا بىرىنىڭ ھەققى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن قىممىتى بار چوغنىڭ ئىگىسى ئۇنى ئېلىۋالغان كىشىدىن قايتۇرۇۋېلىش ھەققى بار. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىگەللىۋېلىنمىغان ئوت ـ چۆپ ۋە سۇنى، ئەگەر بىراۋ ئۇ ئىككىسىنى ئۇنىڭ زېمىنىدىن ئېلىۋالغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن قايتۇرۇۋالمايدۇ. چۈنكى شېرىكچىلىك ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۆزىدە بولىدۇ. ئوت جەۋھەرىي جىسىم بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدا ئىسپاتلىغان شېرىكچىلىك بولسا، ئوتۇن ۋە كۆمۈر ئەمەس، ئۇنىڭ ئىسسىقىدۇر. پەقەت قىممىتى يوق ئوتۇن ـ كۆمۈردە شېرىكچىلىككە ئەمەل قىلسا بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەتتە مەنئى قىلىنمايدۇ. بۇ ھالدىمۇ مەنئى قىلىش ئۆزىنى ئاۋارە قىلغانلىقتۇر[1].

## سۇ تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قېلىشنىڭ ھۆكمى

ئەگەر ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆزىگە ۋە ئۇلىغىغا خەۋپ يېتىپ قېلىش ھالىتىدىكى كىشى سۇدىن مەنئى قىلىنغان تەقدىردە، سۇ ئىگىسى بىلەن قورال كۆتۈرۈپ ئۇرۇشسا بولىدۇ. چۈنكى بۇ ھەقتە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ئەسەر بولۇپ، ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ <خاراج> ناملىق كىتابىدا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: بىر قىسىم كىشىلەر مەلۇم بىر سۇ بويىغا يېتىپ كېلىدۇ ۋە سۇنىڭ ئىگىلىرىدىن ئۆزلىرىنى قۇدۇق بېشىغا باشلاپ بېرىشنى سورايدۇ. سۇ ئىگىلىرى ئۇلارنى قۇدۇق بېشىغا باشلاپ بېرىشقا ئۇنىمايدۇ. ئۇلار: « بىزنىڭ گەردەنلىرىمىز ۋە ئات ـ ئۇلاغلىرىمىزنىڭ گەردەنلىرى ئۇسسۇزلۇقتىن ئۈزۈلۈپ كېتەي دەپ قالدى » دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇ ئىگىلىرى ئۇلارنى قۇدۇق بېشىغا باشلاپ بارىدۇ. لېكىن ئۇلار: « بىزگە سۇ تارتقىلى چېلەك بېرىڭلار » دېگەندە، سۇ ئىگىلىرى چېلەك بەرگىلى ئۇنىمايدۇ. كېيىن ئۇلار بۇ ئەھۋالنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يەتكۈزىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ: « ئۇلارغا قورال كۆتۈرسەڭلار بولماسمىدى! » دەيدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 282 ـ بەت.

ئەگەر سۇ قاچىلارغا قاچىلانغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا خۇددى ئاچ قالغان كىشى تاماق ئۈچۈن جېدەل قىلغاندەك، ئۇ سۇ ئىگىسى بىلەن قورالسىز جېدەل قىلسا بولىدۇ. ئېلىۋالغان سۇنىڭ قىممىتىنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى مەجبۇر بولۇپ قالغاندا ئېلىۋېلىشنىڭ ھالال بولۇشى ئۇنى تۆلەپ بېرىشكە زىت كېلىپ قالمايدۇ[1].

فىقھىنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرىدىن بىرىدە: «بىر نەرسىنى ئېلىشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىش باشقىلارنىڭ ھەققىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ» دېيىلگەن. بۇ مەجبۇرلۇق مەيلى ئاچلىققا ئوخشاش ساماۋىي بۇيرۇق (يەنى الله نىڭ بۇيرۇقى) بىلەن بولسۇن، مەيلى زورلانغان پاناھلىققا ئوخشاش غەيرى ساماۋىي بولسۇن، بەربىر ئوخشاش بولۇپ، ھەر ئىككىلى ھالەتتە ھەق تۆلەپ بېرىلىدۇ. ئەگەر بىر كىشى ھەقىقەتەن مەجبۇرىي ھالەتتە قالسا، بۇ مەجبۇرلۇق شۇ نەرسىنى ئېلىشقا قەدەم بېسىشنىڭ ھالال ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇكى ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ ھەققىنى بىكار قىلىۋېتىش ۋە تۆلەپ بېرىشنى كۆتۈرۈۋېتىشنى كۆرسەتمەيدۇ[2].

## دەريا ۋە ئۆستەڭلەرنى چېپىش

دەريا ۋە ئۆستەڭلەرنى چېپىشتىن مەقسەت، ئۇنىڭ لېيىنى ۋە باشقا نەرسىلىرىنى چىقىرىۋېتىش ئارقىلىق سۇنىڭ ئېقىشىنى راۋانلاشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. دەريا ۋە ئۆستەڭلەرنىڭ تۈرلىرىنىڭ ھەرخىل بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ھۆكمىمۇ ھەرخىل بولىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، دەريا ۋە ئۆستەڭلەر مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچى، فۇرات ۋە باشقا دەريالارغا ئوخشاش ھېچكىمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولمىغان ۋە سۈيىمۇ تەقسىمات ئىچىگە كىرمىگەن دەريادۇر.

ئىككىنچى، ئىگىدارچىلىق ئاستىدا بولغان، سۈيىمۇ تەقسىمات ئىچىگە كىرگەن، لېكىن ئومۇمىي خەلق پايدىلىنىدىغان ئۆستەڭدۇر.

ئۈچىنچى، ئىگىدارچىلىق ئاستىدا بولغان، سۈيىمۇ تەقسىمات ئىچىگە كىرگەن ۋە خۇسۇسىي بولغان ئۆستەڭلەردۇر.

بىرىنچى خىل دەرياغا كەلسەك، ئۇنى پادىشاھ مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلەت خەزىنىسىدىن مەبلەغ ئاجرىتىپ چاپىدۇ. چۈنكى دەريا ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن چېپىلىدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 283 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 283 ـ بەت.

شۇڭا ئۇنىڭغا كېتىدىغان چىقىم ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. ئۇنىڭغا خىراج ۋە جىزيە ئۈچۈن يىغىلغان مەبلەغنى ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. لېكىن ئۆشرە ۋە زاكاتنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۆشرە ۋە زاكات كەمبەغەللەرنىڭ ھەققىدۇر. خىراج ۋە جىزيە دۆلەت خادىملىرىنىڭ مائاشى ئۈچۈندۇر. ئەگەر دۆلەت خەزىنىسىدە ئۇنىڭغا ئاجراتقۇدەك يېتەرلىك مەبلەغ بولمىسا، خەلىپە پۇقرالارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇلارنى دەرياني چېپىشقا مەجبۇرلايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۇنى ئۆزلىكىدىن رېمونت قىلمايدۇ. مۇشۇنداق مەسىلە ھەققىدە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سىلەر ئۆز ئىختىيارىڭلارغا قويۇپ بېرىلسەڭلار، ئەلۋەتتە پەرزەنتلىرىڭلارنى ساتاتتىڭلار». لېكىن خەلىپە ھاشارغا يارامىلىق ئادەملەرنى چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئوزۇقلۇقىنى ئۆزلىرى ھاشارغا چىقىشقا يارىمايدىغان بايلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەيدۇ.

ئىككىنچى خىل ئۆستەڭگە كەلسەك، ئۇنى شۇ ئۆستەڭنىڭ ئىگىلىرى چاپىدۇ. دۆلەت خەزىنىسىدىن ئۇنىڭغا مەبلەغ ئاجرىتىلمايدۇ. چۈنكى مەنپەئەت ۋە مۈلۈك ئۇلارنىڭدۇر. شۇنداقلا ئۆستەڭنىڭ پايدىسى ئۇلارغىلا خاس ۋە خۇسۇسىيدۇر. ئۇلاردىن ئۆستەڭ چېپىشقا چىقمىغانلار كۆپچىلىككە يېتىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەجبۇري ئېلىپ چىقىلىدۇ. چۈنكى ئۇ باشقا شېرىكلەرنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالغانلىق بولىدۇ. چىققىلى ئۇنىمىغان كىشىنىڭ ئۆزىگىمۇ زىيىنى يېتىدۇ. ئورنىغا باشقا بىر ئادەمنى چىقارتىسىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدا ھېچ قارشىلىق بولمايدۇ. ئەگەر كۆپچىلىك ئۆستەڭنى يا ئېلىپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ تېخىمۇ پۇختا قىلماقچى بولسا، چىقىشقا ئۇنىمىغان كىشىمۇ مەجبۇرلىنىدۇ. چۈنكى ئۆستەڭ يا ئېلىپ كەتسە، يەرلەرنى ئېقىتىپ كەتكەن، يوللارنى بۇزىۋەتكەنگە ئوخشاش ئومۇمىي خەلققە زىيان كېلىدىغان ئاقىۋەت يۈز بېرىدۇ. ئەگەر مۇنداق خەۋپ ئېھتىمالى بولمىسا، مەجبۇرلانمايدۇ. چۈنكى ئۇ يۈز بېرىشى ئېنىق بولمىغان ئىشتۇر. ئەمما ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۆستەڭ چېپىش ئېنىق ئىشتۇر.

ئۈچىنچى خىل ئۆستەڭگە كەلسەك، ئۇمۇ ھەر تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا خۇسۇسىيدۇر. بىز يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، ئۇنىمۇ ئۆز ئىگىلىرى چاپىدۇ. بەزىلەر: «ئۇنى چېپىش ئۈچۈن چىققىلى ئۇنىمىغانلار ئىككىنچى خىل ئۆستەڭگە مەجبۇرلانغاندەك مەجبۇرلىنىدۇ» دېگەن. يەنە بەزىلەر: «مەجبۇرلانمايدۇ» دېگەن. چۈنكى ئىككىلىسىدىكى زىياننىڭ ھەربىرى خاستۇر. ئەگەر ئۆستەڭ چېپىش قارزىنىڭ بۆيرۇقىغا ئاساسەن بولغان تەقدىردە، ئۇلار ئۆستەڭگە قىلغان چىقىمنى چىققىلى ئۇنىمىغان كىشىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەش بىلەن ئۇلارنىڭ گەردىنىدىن ساقىت قىلىش مۇمكىن بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھۆكۈمنىڭ ئەكسىچە ئىككى تەرەپ تەڭ بولىدۇ.

ئەگەر ئۆزلىرى ۋە ھايۋانلىرى ئۈچۈن سۇ ئىستېمال قىلغان كىشىلەر ئۆستەڭ چېپىشقا چىققىلى ئۇنىمىغان تەقدىردە، ئۇلار مەجبۇرلانمايدۇ.

ئورتاق ئۆستەڭنى چېپىش چىقىمى ئۆستەڭنىڭ يۇقىرىسىدىن باشلاپ ئۆستەڭ ئىگىلىرىنىڭ گەردىنىگە يۈكلىنىدۇ. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ يېرىدىن ئۆتۈپ كەتسە، تۆۋەن تەرىپىنىڭ چىقىمى ئۇ ئادەمنىڭ گەردىنىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىدۇر. بىراق ئىككى ئىمام مۇنداق دەيدۇ: «ئۆستەڭنىڭ چىقىمى ئۇنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە پايدىلىنىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە يەر ـ زېمىنلىرىنىڭ مىقدارىغا قارىتا ئوخشاش تەقسىم قىلىنىدۇ»[1].

# ئەسكەرتىش

§ ئۆتمۈشتىن تارتىپ رىئايە قىلىنىپ كېلىۋاتقان ئادەتكە ئاساسەن، دەمەشقىنىڭ يەرلىرىنى سۇغۇرىدىغان ۋە كۆپىنچە ئۆيلىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان ئۆستەڭلەرنى ئۆي ئىگىلىرى چاپماي پەقەت يەر ئىگىلىرىلا چېپىپ كەلمەكتە. لېكىن ھەربىر ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۇ ئۆستەڭلەردىن مەلۇم دەرىجىدە پايدىلىنىش ھەققى بار. ئۇ سۇدىن ساتىدۇ ۋە سېتىۋالىدۇ. ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ۋە ھايۋانلىرىنى مۇباھ يولى بىلەن سۇغۇرۇش ھەققى بولماستىن، يەر ـ زېمىننى سۇغۇرۇش ھەققىگە ئوخشاپ كەتكەن ھەققىدۇر. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆستەڭ چېپىشتا يەر ئىگىلىرىگە ئورتاق بولۇشىنىڭ لازىملىقىنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەسىلىدىن شۇنى ئېنىق كۆرىۋالغىلى بولىدۇ[2].

§ ئۆستەڭنى چېپىپ چىقىرىلغان توپا ئۆستەڭنىڭ ئىككى قىرغىقىغا تاشلىنىدۇ. بەزىلەر: «ئەگەر ئۆستەڭگە زىيانلىق بولمىغان تەقدىردە، توپىنى ئۆستەڭ قىرغىقىغا چىقارغان كىشىنىڭ ئۇ توپىنى ئېلىپ كېتىش ھەققى بار» دېگەن. يەنە بەزىلەر: «توپا ئۆستەڭ ئەھلىنىڭ ئارىسىدا ئورتاقتۇر» دېگەن. يەنە بەزىلەر: «ئەگەر ئۆستەڭگە زىيانلىق بولمىغان تەقدىردە، ھەرقانداق كىشىگە ئۇنى ئېلىپ كېتىش مۇباھتۇر. چۈنكى ئۆستەڭنى چاپقۇچى ئۇنىڭ توپىسىغا ئىگىدارچىلىق قىلىشنى مەقسەت قىلمايدۇ. شۇڭا ئۇ كىشى خۇددى سۇنىڭ راۋان ئېقىشى ئۈچۈن ئۆستەڭنىڭ ئوت ـ چۆپلىرىنى ئورىۋالغان كىشىگە ئوخشايدۇ. ئۇ ناھايىتى ياخشى ئىشتۇر» دېگەن[3].

(1) «شەرھۇل قەۋائىدىل فىقھىييە» **213** ـ بەت.

(2) «ئەلھىدايە» **4** ـ توم، **105** ـ بەت.

(3) «رەددۇلمۇھتار» **5** ـ توم، **285** ـ بەت.

# يەر - زېمىن سۇغۇرۇش ھەققى دەۋاسى

ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن زېمىنى بولمىسىمۇ، يەر - زېمىن سۇغۇرۇش ھەققىنىڭ بارلىقىنى دەۋا قىلىش توغرا بولىدۇ. ئۇ قىلىشقا تېگىشلىك ۋە پايدىلىق ئىشتۇر. زېمىنسىز تۇرۇپمۇ يەر - زېمىن سۇغۇرۇش ھەققىگە مىراس ۋە ۋەسىيەت ئارقىلىق باشقىلارنى ئىگە قىلىش مۇمكىندۇر. بۇ مەسىلە ھەققىدە ئالدىمىزدا توختىلىمىز.

زېمىننىلا سېتىپ، يالغۇز يەر - زېمىن سۇغۇرۇش ھەققىنى ئېلىپ قېلىشقىمۇ بولىدۇ. قىياسقا ئاساسلانغاندا ئۇنى دەۋا قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇ نامەلۇم نەرسە بولۇپ، ئېنىق بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ.

ئەگەر بىر ئادەمنىڭ زېمىنى بولۇپ، شۇ زېمىندا يەنە بىر ئادەمنىڭ ئۆستىڭى بولسا ۋە زېمىن ئىگىسى ئۇ ئۆستەڭنى زېمىنىدىن ئاقتۇرماسلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىش ھەققى بولمايدۇ. شۇڭا ئۆستەڭ باشقا ئادەمنىڭ قولىدىلا بولمىسا، زېمىن ئىگىسى ئۇ ئۆستەڭنى ئۆز ھالىتىدە قويۇشى كېرەك. ئۆستەڭنىڭ ئىگىدارچىلىق ھەققىنىڭ ئالامىتى ئۇنى چېپىش، ئىككى تەرىپىگە دەرەخ تىكىش ۋە باشقا ئىشلىرىنى قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇ زېمىندا سۇ ئاقتۇرۇشتىنلا ئىبارەت ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئۆستەڭنىڭ تېگى ئۆزىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلسا، بۇنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل كەلتۈرۈشى، ئەگەر ئۇ ئۆستەڭدە سۇ ئۆتكۈزۈش ھەققىنىڭ بارلىقىنى دەۋا قىلسا، بۇنى ئىسپاتلايدىغانغىمۇ دەلىل كەلتۈرۈشى كېرەك.

ئۆستەڭنىڭ ئاخىرى قويۇلىدىغان جاي، ئۇستىدىن سۇ ئۆتكۈزۈش، نو ۋە ئۆتۈش يولى قاتارلىقلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئاساسەن بولىدۇ. ئەگەر ئۆزىنىڭ قولىدا بولمىغان ۋە دەۋالاشقان چاغدا سۇ ئاقمىغان ھەمدە يولدا ماڭمىغان، شۇنداقلا ئىلگىرى بۇ ھەقتە پۈتۈشمىگەن تەقدىردە، ئۆستەڭنىڭ ئاخىرى قويۇلىدىغان جاي، نو ۋە ئۆتۈش يولى قاتارلىقلار ئۆزىنىڭ مۈلكى ئىكەنلىكىگە ياكى نودىن سۇ ئۆتكۈزۈش ۋە يولدىن مېڭىش ھەققىنىڭ بارلىقىغا چوقۇم پاكىت كۆرسىتىشى كېرەك.

ئەبۇ لەيسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئەگەر ئۇنىڭ ئۇستى سۇ ئۆتكۈزۈش يولى بىر ئادەمنىڭ ھويلىسىدىن ئۆتكەن تەقدىردە، ئۇنىڭ ئۇستى سۇ ئۆتكۈزۈش يولىدا بۇرۇنلا قويۇلغان نورى بولسا، ھويلا ئىگىسىنىڭ ئۇنى مەنئى قىلىش ھەققى يوق. بۇ ئىستىھسان قائىدىسى بولۇپ، كىشىلەر شۇنداق ئادەتلەنگەن. ئەمما بىزنىڭ ھەمسۆھبەت ئالىملىرىمىز قىياس ھۆكمىنى ئېلىپ: ‹ئۇنىڭ سۇ ئۆتكۈزۈش ھەققى يوق، پەقەت سۇ ئۆتكۈزۈش ھەققىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل

كەلتۈرگەن تەقدىردە سۇ ئۆتكۈزسە بولىدۇ› دېگەن ». پەتىۋا ئەبۇ لەيس بايان قىلغان ھۆكۈم بويىچە بېرىلىدۇ. بىزمۇ ئۇ ھۆكۈمنى ئالىمىز. ئۇ بولسا فىقھى قائىدىلىرىدىن «بۇرۇنتىن بار نەرسە ئۆز ھالىتىدا قالدۇرۇلىدۇ» دېگەن قائىدىگە ئۇيغۇندۇر[1].

## يەر - زېمىن سۇغۇرۇش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش ھەققىدە چىققان ئىختىلاپ

مەلۇم كىشىلەر ئارىسىدا ئورتاق بىر ئۆستەڭ بولۇپ، ئۇلار يەر سۇغۇرۇشتا جېدەللىشىپ قالغان، بۇندىن ئىلگىرى قانداق باشقۇرۇپ كېلىنگەنلىكى بىلىنمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، يەر سۇغۇرۇش ھەققى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەرلىرىنىڭ مىقدارىغا قارىتا تەقسىم قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۆستەڭگە ئىگىدارچىلىق قىلىشتىكى مەقسەت يەرنى سۇغۇرۇش بىلەن پايدىلىنىشتۇر. شۇڭا ئۇنى يەرنىڭ مىقدارىغا قارىتا بەلگىلەش لازىم. ئەگەر ئۇلار يول ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، ھۆكۈم ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار يولغا ئىگىدارچىلىق قىلىشتا تەڭ ھوقۇقلۇق بولۇپ، قورۇنىڭ كەڭ ياكى تارلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، بۇيەردە يول مېڭىش مەقسەت قىلىنىدۇ. يول كەڭرى قوروغىمۇ، تار قوروغىمۇ بىرلا شەرت ئاستىدا بولىدۇ. شۇڭا يول قورو بېشىغا قارىتا تەقسىم قىلىنىدۇ. قورونىڭ ھويلىسى ھەققىدىكى ئىختىلاپلارمۇ مۇشۇ بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

ئۆستەڭنىڭ شېرىكلىرىدىن بىرىنىڭ ئۆستەڭگە ياكى سۇغا زىيانلىق بىرەر ئىشنى قىلىش ھەققى يوق. ئۆستەڭگە زىيانلىق ئىشنى قىلىش بىز يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، ئۇنىڭ قىرغىقىنى بۇزىۋېتىشقا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. سۇغا زىيانلىق ئىشنى قىلىش ئۇنىڭ ئېقىۋاتقان يۆلۈنىشىنى ئۆزگەرتىۋېتىشتۇر. مەسىلەن، سۇنى يېرىنىڭ دۆڭ يېرىگە چىققىچە تۇتۇۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى يېرىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن قويۇپ بەرگەنگە ئوخشاش. چۈنكى مۇنداق قىلىش شېرىكلىرىنىڭ ھەققىنىڭ ئۇ شېرىكلەرگە يېتىپ بېرىش مۇددىتىنى كېچىكتۈرۈپ قويىدۇ ۋە سۇنى كېمەيتىۋېتىدۇ.

ئۆستەڭنىڭ شېرىكلىرىدىن بىرىنىڭ ئورتاق ئۆستەڭ ئۈستىگە تال ئارتىش، سۇ چىقىرىش ماشىنىسى قۇرۇش، كۆۋرۈك سېلىش، ئۆستەڭنىڭ ئېغىزىنى كېڭەيتىۋېتىش، ئەسلىدىكى سۇ تەقسىماتىنى ئۆلچەش ئۈسكۈنىسىنى بىكار قىلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سۇنى كۈنلەرگە بۆلۈپ تەقسىم قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىش ھەققى يوق. بۇ يەردە ھەق مەسلىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەسلىدىكى ھالەت شۇ پېتى داۋام قىلدۇرۇلىدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 - توم، 288 - بەت.

(ياكى ئۇ ئىشلار شېرىكلەرنىڭ قوشۇلىشى بىلەن قىلىنىدۇ).

ئۇنىڭ يەنە بىر زېمىنىغا بولغان سۇ نېسىۋىسىنى شۇ ئۇستەڭدىن سۇغۇرۇش ھەققى بولمىغان باشقا بىر زېمىنىغا ئاپىرىش ھەققى يوق. چۈنكى بۇ ئىش مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، كېيىنچە ئۇ ئۇنى ئۆزىنىڭ ھەققى ئىكەنلىكىگە دەلىل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىككى زېمىننى بىراقلا سۇغۇرۇش ھەققىنىڭ بارلىقىغا ھۆكۈم قىلىش لازىم بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى، سۇغۇرۇش ھەققى نامەلۇم بولۇپ قالغاندا، بىز يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، سۇنى زېمىنغا قارىتا تەقسىم قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەگەر ئۇ سۇنى بېشىدىكى ئېتىزىدىن ئاخىرىدىكى ئېتىزىغىچە بىراقلا قويماقچى بولسا، ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. چۈنكى ئۇ مۇنداق قىلسا، سۇنى ئەسلىدىكى تېگىشلىك ھەققىدىن ئارتۇق ئېلىۋېلىش كېلىپ چىقىدۇ. نېمىشقا دېگەندە، سۇ باشتىكى ئېتىزدىن كىرىپ ئايىغىدىكى ئېتىز تولغىچە مەلۇم مىقداردا سۇ قوراپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ باشتىكى ئېتىزىغا سۇ ئېچىپ، ئاندىن ئۇستەڭدىن ئېتىزىغا سۇ كىرىش ئېغىزىنى ئېتىۋەتسە، بۇ سۇ بىلەن باشقا ئېتىزىنى سۇغۇرۇش ھەققى بار. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۆز ھەققىدىن ئارتۇق سۇ ئېلىۋالغان بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئۇستەڭدىن ئېتىزىغا سۇ كىرىش ئېغىزىنى ئېتىۋەتمىسە، ئايىغىدىكى ئېتىزغا سۇ ئېچىش ھەققى يوق.

ئۇستەڭنىڭ شېرىكلىرىدىن بىرىنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان نەرسىلەرنىڭ ھېچبىرىدە ئۆز ئالدىغا بىر ئىش قىلىش ھەققى يوق. پەقەت شېرىكلىرى رازى بولغاندىلا ئاندىن ھەققى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ مەزكۇر ئىشلاردىن بىرىدە ئۇنىڭغا ئىجازەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن يېنىۋېلىش ھەققى بار. ئۇلاردىن كېيىن ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرىمۇ يېنىۋالالايدۇ. چۈنكى ئۇ يەر ـ زېمىن سۇغۇرۇش ھەققىنى قايتۇرۇۋالغانلىق بولىدۇ. يەر ـ زېمىن سۇغۇرۇش ھەققىنى يەنە بىر يەر ـ زېمىننى سۇغۇرۇش ھەققىگە ئالماشتۇرۇش خاتا ئىشتۇر.

ئۇستەڭنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى كىشىلەرنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ يۇقىرى تەرىپىدىكى كىشىلەرنىڭ، گەرچە ئۇلار يېرىگە تۇغانسىز سۇ ئاچالمايدىغان تۇرسىمۇ، ئۇستەڭگە تۇغان (يەنى سۇنى تۇتۇپ قالىدىغان بىرەر نەرسە) تۇتۇش ھەققى يوق. چۈنكى مۇنداق قىلىش قالغانلارنىڭ ھەققىنى بىكار قىلىۋەتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇستەڭنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكىلەر يۇقىرى تەرىپىدىكىلەرنىڭ ئۆز نېسىۋىسى بىلەن يېرىنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن تۇغان تۇتۇشىغا رازى بولسا ياكى ئۇلار ھەربىرىنىڭ ئۆز نۆۋىتى كەلگەندە ئۇستەڭگە تۇغان تۇتۇپ ئادەتلەنگەن بولسا، يۇقىرىدىكىلەرنىڭ تۇغان تۇتۇشى دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۇلارنىڭ ھەققىدۇر. لېكىن ئۇستەڭنىڭ

يۇقىرى تەرىپىدىكى كىشى ئۆستەڭنى پۈتۈنلەي ئېتىۋالماستىن، تۇغاننى شال بىلەن تۇتسا دۇرۇس بولىدۇ. ئەمما توپا ۋە شۇنىڭدەك نەرسە بىلەن ئۆستەڭنى پۈتۈنلەي ئېتىۋالسا، دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۇنداق قىلسا، تۇغان ئارىسىدىن چىققان سۇنىمۇ ئېتىۋالغانلىقتىن باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈپ قويىدۇ. لېكىن تۆۋەن تەرەپتىكىلەر رازى بولسا، بۇمۇ دۇرۇس بولىدۇ.

ئۇلاردىن بىرى ئۇچۇن تۇغان تۇتماستىن يېرىنى سۇغۇرۇش ئىمكانى بولمىسا ۋە ئۇلار بۇنىڭغا ئادەتلەنمىگەن بولسا، ئۇلار سۇغا قانغانغا قەدەر سۇ تۆۋەن تەرەپتىن باشلاپ تۇتۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن يۇقىرى تەرەپتىكىلەر سۇنى ئېتىۋالسا بولىدۇ. بۇ، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ سۆزىنىڭ مەنىسىدۇر: « ئۆستەڭنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى كىشىلەر سۇغا قانغانغا قەدەر يۇقىرى تەرىپىدىكى كىشىلەرنىڭ باشلىقلىرى ھېسابىدىدۇر ». چۈنكى ئۇلار يۇقىرى تەرەپتىكىلەرنىڭ سۇنى ئېتىۋېلىشىنى توساش ھەققىگە ئىگە. يۇقىرى تەرەپتىكىلەرنىڭمۇ بۇ ھەقتە ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشى لازىم بولىدۇ. نېمىشقا دېگەندە، سېنىڭ ئىتائەت قىلىشىڭ لازىم بولغان كىشى باشلىقىڭ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار مەزكۇر ئىشلارغا ئادەتلەنمىگەن ۋە سۇغا تۇغان تۇتماستىن پايدىلىنالمايدىغان ئەھۋال بولسا، خەلىپە سۇنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۈنگە بۆلۈپ تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. ئاندىن ھەربىر كىشى ئۆزىنىڭ نۆۋىتى كەلگەن كۈندە سۇنى ئېتىۋالسا بولىدۇ.

ئەگەر دەمەشقنىڭ بەردا دەرياسىدىن كەلگەن ئۆستەڭلىرىگە تۇغان تۇتقاندەك، كىشىلەر ئۆتمۈشتىن تارتىپلا ئۆستەڭگە تۇغان تۇتۇپ ئادەتلەنگەن بولسا، بەزى يىللىرى سۇ ئازلاپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۆستەڭنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى كىشىلەرنىڭ تۇغان تۇتۇشى بىلەن تۆۋەن تەرىپىدىكى كىشىلەر زىيان تارتىپ قالىدۇ. شۇڭا: « مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ بۇ ئىش بۇرۇنتىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئادەت بويىچە قالامدۇ؟ » دېگەن سوئال ئوتتۇرىغا چۈشكەن بولۇپ، ئالىملار ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەرگەن: « كىشىلەر ئارىسىدىكى ئورتاق بولغان ئۆستەڭگە شېرىكلەرنىڭ رازىلىقىسىز مۇنداق تۇغان تۇتۇش شەرئىي جەھەتتە چەكلىنىدۇ. بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ رازى بولۇشى كېيىن ئۆتكەنلەرنىڭمۇ رازى بولۇشىنى لازىم قىلمايدۇ. شۇڭا سۇ تۆۋەن تەرەپتىن باشلاپ تۇتۇلىدۇ. ئاندىن يۇقىرى تەرەپتىكىلەر تۇتىدۇ »[1].

ئورتاق يولنىڭ مەسىلىسىمۇ ئۆستەڭ مەسىلىسىگە ئوخشاش بولۇپ، يولغا شېرىك بولغانلاردىن بىرى باشقا بىر قورو ئۈچۈن شۇ يولغا قارىتىپ دەرۋازا ئاچقان تەقدىردە، ئۇ قورودا ئولتۇرغۇچى يولغا ئېچىلغان دەرۋازىسى بار قورودا ئولتۇرمايدىغان كىشى

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 285 ـ بەت.

بولسا، مەسىلەن، بىراۋنىڭ ئىككى قوروسى بولۇپ، بىرىنىڭ دەرۋازىسى خۇسۇسىي يولغا ئېچىلغان ۋە ئۇ شۇ قورودا ئولتۇرغان، ئىككىنچى قورونىڭ دەرۋازىسى باشقا يولغا ئېچىلغان ۋە بۇ قورونىڭ ئارقىسى بىرىنچى يولغا قارايدىغان، ئىگىسى ئۇنى باشقا بىر ئادەمگە ئىجارىگە ياكى ئارىيەتكە بېرىپ ئولتۇرغۇزغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ بىرىنچى قورونىڭ يولىغا قارىتىپ ئىككىنچى قورو ئۈچۈن دەرۋازا ئېچىش ھەققى يوق. چۈنكى ئۇ مۇنداق قىلسا، يول ئىگىلىرىنىڭ رازىلىقىنى ئالماستىن، ئىككىنچى قورودا ئولتۇرىدىغان، بۇ خۇسۇسىي يولدا مېڭىش ھەققى يوق كىشىدىن بىرنى زىيادە قىلىپ قويغانلىق ئىشىنى سادىر قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ھەر ئىككىلى قورودا ئوخشاش بىر ئادەم ئولتۇرسا، ئۇنىڭ يەنە بىر يولغا قارىتىپ دەرۋازا ئېچىشى مەنئى قىلىنمايدۇ. چۈنكى بۇ ھالدا يولدا ماڭغۇچىلارنىڭ سانى ئاۋۇپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ يولدا ئۆتۈش ھەققى بار ۋە ئۆزىگە خاس بولغان مۈلكىدە خالىغانچە تەسەررۇپ قىلالايدۇ.

ئەگەر ئۇنىڭ ئۆستەڭنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە سۇ ئېچىش ئېغىزى بولۇپ، ئۇنى ئېتىۋېتىپ يۇقىرى تەرىپىدىن باشقا بىر ئېغىز ئاچماقچى بولسا، ئۇنىڭ مۇنداق قىلىش ھەققى يوق. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئەگەر قوروسىنىڭ دەرۋازىسىنى يولنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە، ئۇچۇق بولمىغان جايغا يۆتكىمەكچى بولسا، دۇرۇس بولىدۇ. ئەگەر ئۇ سۇنى تېخىمۇ ئۇلۇق ئېچىش ئۈچۈن سۇ ئېچىش ئېغىزىنى ئۆستەڭنىڭ ئاستى تەرىپىگەرەك قويماقچى بولسا ۋە بۇنىڭ بۇرۇن شۇنداق ئىكەنلىكىنى، كېيىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلسە، ئۇنىڭ شۇنداق قىلىش ھەققى بار. شۇنداقلا ئۇ سۇنى سەل ئاز ئېچىش ئۈچۈن ئېغىزنى كۆتۈرۈپ قويماقچى بولسا، بۇنى قىلىشقىمۇ ھەققى بار[1].

## يەر - زېمىننى سۇغۇرۇش ھەققى مىراس قالدۇرۇلامدۇ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ھەققى ۋەسىيەت قىلىنامدۇ؟ شۇنداقلا ئۇ ھەق سېتىلامدۇ؟

يەر - زېمىننى سۇغۇرۇش ھەققى مىراس قالدۇرۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ھەققى ۋەسىيەت قىلىنىدۇ. چۈنكى مىراس بىلەن ئېرىشكەن ئىگىدارچىلىق مۇددىئا جەھەتتە ئەمەس، ھۆكۈم جەھەتتە ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. گەرچە بىرەر نەرسىنى مۇددىئا جەھەتتە ئىسپاتلاش دۇرۇس بولمىسىمۇ، ھۆكۈم جەھەتتە ئىسپاتلاش دۇرۇس بولىدۇ. مەسىلەن، ھاراققا ئوخشاش نەرسىگە، گەرچە ئىگىدارچىلىق قىلىشنىڭ باشقا سەۋەبلىرى بىلەن مۇددىئا جەھەتتە ئىگىدارچىلىق قىلغىلى بولمىسىمۇ، ھۆكۈم جەھەتتە مىراس يولى بىلەن ئىگىدارچىلىق قىلغىلى بولىدۇ. مىراسخورلۇق قىلىش دۇرۇس بولىدىغان نەرسىدە ۋەسىيەت قالدۇرۇشمۇ دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى مىراس بىلەن

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 - توم، 286 - بەت.

ۋەسىيەت ئىككىسى بىر تۇغقاندۇر. ۋەسىيەت قالدۇرۇش مەسىلىسىدە شۇ نەرسىنىڭ ئۈچتىن بىرى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

بەزى ئالىملار مۇنداق دېگەن: «شۇ جاينىڭ ئىگىلىرىدىن باھالىغۇچىلار تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئەگەر ئالىملار ئۇ جاينى يالغۇز سېتىشنىڭ دۇرۇسلىقىدا بىرلىككە كەلگەن تەقدىردە، قانچە پۇلغا سېتىۋېلىشقا بولىدۇ؟ ئەگەر ئۇلار: ئۇنى 100 تەڭگىگە سېتىۋېلىشقا بولىدۇ، دېسە خوجايىنى: <مەن ئۆلگەندىن كېيىن سەن ئازادسەن> دېگەن قۇلنىڭ زىيانغا ئۇچراتقان نەرسىسىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش، ئۈچتىن بىرى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ».

كۆپ ساندىكى ئالىملار مۇنداق دېگەن: «بۇ سۇغۇرۇش ھەققىگە ئەڭ يېقىن جايدىن ئۇزۇنلۇقى 60 گەز، كەڭلىكى 60 گەز يەر قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئاندىن ئۇ يەر بىلەن قانچە پۇلغا سېتىۋېلىنىدىغانلىقى، ئۇ يەرسىز قانچە پۇلغا سېتىۋېلىنىدىغانلىقىغا قارىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئارتۇق يەر سۇغۇرۇش ھەققىنىڭ قىممىتى بولۇپ قالىدۇ.»

<ئەلفەتاۋا ئەلھىندىييە> ناملىق كىتابتا: «زېمىننى ۋەسىيەت قالدۇرماستىن، سۇغۇرۇش ھەققىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى الله يولىدا ياكى ھەج قىلىش يولىدا ۋەياكى قۇل ئازاد قىلىش يولىدا ۋەسىيەت قالدۇرسا، ئۇنى سېتىش بىلەن ۋەسىيەت ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى ئۇ شۇ ئىشلارغا پەقەت ئۇنىڭ پۇلىنى ئالغاندىلا ئاندىن قادىر بولىدۇ» دېيىلگەن.

سۇغۇرۇش ھەققى بىر كۈنلۈك ياكى بىرقانچە كۈنلۈك ئۈچۈن سېتىلمايدۇ. ئەگەر ساتسا، سودا بۇزۇلىدۇ. ئىمام مۇھەممەد شۇنداق دېگەن. چۈنكى ئۇ ئىگىدارچىلىق ئاستىدىكى نەرسە بولمىغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى نامەلۇم بولغانلىقىدىندۇر. ئەگەر ئىگىدارچىلىق ئاستىدا بولمىسا، سېتىش ئەسلا دۇرۇس بولمايدۇ.

توغرا قاراشقا ئاساسەن سۇغۇرۇش ھەققىنى زېمىنغا تەۋە قىلىپ تۇرۇپ سېتىش دۇرۇس بولىدۇ. مەسىلەن: «مەن بۇ زېمىننى ساڭا ساتتىم، ئۇنى سۇغۇرۇش ھەققىنىمۇ ساڭا ساتتىم» دېسە، دۇرۇس بولىدۇ. بەزىلەر: «سۇغۇرۇش ھەققىنى سېتىش دۇرۇس بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ سېتىشتىكى بىر مۇددىئاغا ئايلىنىپ قالىدۇ» دېگەن. يەنە بەزىلەر: «دۇرۇس بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ پۇلى تىلغا ئېلىنمىسىلا، ئۇنىڭ زېمىنغا تەۋە ئىكەنلىكى ھۆكمىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ پۇلى زېمىن بىلەن بىرلىكتە تىلغا ئېلىنغان تەقدىردە دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئۇ ھەر جەھەتتىن ئەسلى مۈلۈككە ئايلىنىپ قالىدۇ» دېگەن.

ئەگەر زېمىننى باشقا زېمىننى سۇغۇرۇش ھەققى بىلەن بىرلىكتە ساتسا، دۇرۇس

بولىدۇ. ئەگەر ئىجارىگە بەرسە، دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى سۇغۇرۇش ھەققى سېتىلىشتا ئۆز ئالدىغا باھالىنىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەسلى بار مال ھېسابلىنىدۇ. ئەسلى بار نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈن تەۋەلىكى بولغان مال ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ تەۋەلىكى كۆزدە تۇتۇلغاندا زېمىنسىز سېتىشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئەسلى مال ئىكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلغاندا قانداق زېمىن بىلەن بىرلىكتە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سېتىش دۇرۇس بولىدۇ. بىراق ئىجارە ئىشلىرىدە ھەر جەھەتتىن تەۋەلىك ھۆكمىنى ئالىدۇ.

ئەمما شۇرۇنبۇلالى ئىسمىلىك ئالىم ئۆزىنىڭ <يەر - زېمىننى سۇغۇرۇش ھەققى> ناملىق رىسالىسىدە بىر جەدۋەلدە بۇ مەسىلىنىڭ توغرا بولغان ۋە توغرا بولمىغان ھەممە شەكىللىرىنى بايان قىلغان. ئۇ بۇ رىسالىسىدە سۇغۇرۇش ھەققىنى ئىجارىگە بەرگىلى بولمىغىنىغا ئوخشاش سېتىشقىمۇ بولمايدىغانلىقىنى توغرا بولغان شەكىلدە بايان قىلغان(1).

سۇغۇرۇش ھەققى سوۋغات قىلىپ بېرىلمەيدۇ. ئىجارىگە بېرىلمەيدۇ ۋە ئۇنى سەدىقە قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ قىممىتى بار مالدىن ئەمەس. ئەگەر ئۇ زىيانغا ئۇچرىسا، تۆلەپ بېرىلمەيدىغانلىقىغا پەتىۋا بېرىلگەن. لېكىن زىيانغا ئۇچرىغاندا تۆلەپ بەرمەسلىك ئۇنىڭ قىممىتى بار مال بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا قىممىتى يوق مال قاتارىدا پەتىۋا بېرىلىدۇ.

ئۇنى سېتىشقا، سوۋغات قىلىشقا ۋە سەدىقە قىلىپ بېرىشكە ۋەسىيەت قىلغىلى بولمايدۇ. بىرەر نەرسىگە قاچىلانمىغان سۇغۇرۇش ھەققى سۈيىنى خۇلئى (يەنى خوتۇن كىشىنىڭ ئېرىگە مال بېرىش بەدىلىگە خېتىنى تەلەپ قىلىشى) ئۈچۈن بەدەل قىلىپ بېرىشكە بولمايدۇ. يەر - زېمىن سۇغۇرۇش ھەققىدىن ھېچ نەرسىنى خۇلئى ئۈچۈن ھېسابلاشقا بولمايدۇ. شۇڭا خوتۇن كىشى ئېرىدىن ئالغان مەھرى ھەققىنى نەق قايتۇرۇشى كېرەك. چۈنكى ئۇ خوتۇن مەھرى ھەققىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن ئەرنى ئالداپ قويغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ خوتۇن ئۆيىدە بار مال - مۈلكىنىڭ ھەممىسىنى بېرىش بەدىلىگە خۇلئى قىلغان تەقدىردە، ئۇنىڭ ئۆيىدە ھېچ نەرسە بولمىسىمۇ، سۇغۇرۇش ھەققىنى بۇ بەدەلگە بېرىش دۇرۇس بولمايدۇ. سۇغۇرۇش ھەققىنى مەھرى ھەققى قىلىپ بېرىشكىمۇ بولمايدۇ. مۇنداق ھالدا ئۇ ئايالغا ئۆزى بىلەن تەڭتۇش ئايالنىڭ مەھرىنى بېرىش بەلگىلىنىدۇ. يەر - زېمىن سۇغۇرۇش ھەققىنى قەرز بېرىش، گۆرۈگە قويۇش ۋە ئارىيەت بېرىش ئىشلىرىنى قىلىشقىمۇ بولمايدۇ.

يالغۇز يەر - زېمىن سۇغۇرۇشنىڭ ئۆزىگە ھېچبىر سەۋەب بىلەن ئىگىدارچىلىق قىلغىلى بولمايدۇ. ھەتتا ئۇ ئۆلۈپ قالغان ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە قەرز بولغان تەقدىردىمۇ،

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 - توم، 286 - بەت.

**سۈغۇرۇش ھەققى زېمىندىن ئايرىم سېتىلمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ زېمىنى بولمىغان تەقدىردە قانداق قىلىدۇ؟ دېسە، بەزىلەر: «ئۇنىڭ ھەر قېتىملىق نۆۋىتىدىكى سۇنى بىر كۆلگە يىغىپ، ئاندىن شۇ سۇ ئۇنىڭ قەرزى تۈگىگەنگە قەدەر سېتىلىدۇ» دېگەن. يەنە بەزىلەر: «خەلىپە سۈغۇرۇش ھەققى يوق بىر زېمىننى ئىزدەپ تېپىپ، ئاندىن سۈغۇرۇش ھەققىنى شۇ زېمىنغا قوشۇپ، ئاندىن ئۇ زېمىننى ئىگىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ تۇرۇپ ساتىدۇ. خەلىپە زېمىنىنىڭ سۈغۇرۇش ھەققىنى قاتماستىن بۇرۇنقى قىممىتىگە قارايدۇ، ئاندىن قاتقاندىن كېيىنكى قىممىتىگە قارايدۇ. ئاندىن ئارىدىكى قىممەت پەرقىنى شۇ مېيىتنىڭ قەرزىنى ئۆتەشكە ئىشلىتىدۇ» دېگەن.**

**<ئەلھىدايە> ناملىق كىتابتا مۇشۇ قاراش توغرا دەپ قوبۇل قىلىنغان ۋە: «ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان زېمىنمۇ تېپىلمىسا، مېيىت قالدۇرۇپ كەتكەن مال - مۈلۈك ھېسابىدا سۈغۇرۇش ھەققى يوق بىر زېمىن سېتىۋېلىنىدۇ. ئاندىن سۈغۇرۇش ھەققىنى ئۇ زېمىنغا قوشۇپ، زېمىن سېتىلىدۇ. سېتىلغان پۇل سېتىۋېلىنغان زېمىنىنىڭ پۇلىغا ئىشلىتىلىدۇ، ئېشىپ قالغىنى قەرز ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ» دېيىلگەن.**

**بەلەخ[1] يۇرتىنىنىڭ بەزى ئالىملىرى بەلەخ ئەھلىنىڭ شۇنداق مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ سۈغۇرۇش ھەققىنى سېتىشنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغان. (ئۇنداق قىلىشنى بولمايدۇ، دېگەن) قىياس قائىدىسىگە بەلەخ ئەھلىنىڭ شۇنداق قىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەمەل قىلىنمايدۇ. بۇنىڭغا، ئۇ پەقەت مۇئەييەن بىر يۇرتنىڭ مۇئامىلە ئىشلىرى ئىكەن، دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈلىشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇ ئايرىم ئىجتىھادلىق ئوتتۇرىغا چىققان مەسىلە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى سېتىشنىڭ توغرىلىقى ھەققىدىكى ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىدۇ. ئەمما ھازىرقى كۈندە قازى ئۆز مەزھەپىگە تايانماي تۇرۇپ ئۇنىڭ ھۆكمىنى ئىجرا قىلمايدۇ[2].**

## يەر - زېمىن سۈغۇرۇش ھەققىنى تۆلەش ھۆكمى

**كىمكى يېرىنى ياكى زىرائىتىنى باشقا بىرىنىڭ سۈغۇرۇش ھەققى بىلەن ئۇنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ سۇغارسا، تۆلىمەيدۇ. ئۇ ئۇنى مۇنداق ئىككى سەۋەبتىن تۆلىمەيدۇ:**

**بىرىنچى، ئۇ كىشى ئۇ سۇنى ئادەم ۋە ھايۋانلارنى سۈغۇرۇش بىلەن تۈگىتىش ھەققىگە ئىگىدۇر. كىمكى بىرەر نەرسىنى مەلۇم ئىش بىلەن تۈگىتىش ھەققىگە ئىگە**

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 - توم، 287 - بەت.

(2) بەلخ ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان بىر ۋىلايەت. ت.

بولغان تەقدىردە، ئۇنى باشقا بىر ئىشقا ئىشلىتىپ تۈگىتىۋەتسە، تۆلىمەيدۇ. مەسىلەن، ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرغان بىر كاپىر يۇرتىغا كىرگەن، ئاندىن شۇ جايدىكى ھايۋانلار يەم ـ خەشەكلىرىنى تۈگىتىۋەتكەن كىشىگە ئوخشاش. چۈنكى ئۇ ئۇ يەم ـ خەشەكلەرنى ئۆلىغىغا بېرىپ تۆگىتىۋېتىش ھەققىگە ئىگىدۇر.

ئىككىنچى، سۇنى قاچىلارغا قاچىلىۋېلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا مەلۇم بىرى ئىگە بولغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ بىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولمىغان نەرسىنى زىيانغا ئۇچراتقان ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر ئۇ سۇدىن ئۆسكەن نەرسىنى ۋە ئۇنىڭ ھوسۇلىنى سەدىقە قىلىۋەتسە، ئۇنىڭغا ھارام سۇ ئارىلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن سەدىقە قىلىۋەتكەنلىكى ياخشى بولىدۇ. بىراق يەم ـ خەشەكنىڭ ھۆكمى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ئەگەر ھايۋان ئۇ يەم ـ خەشەك بىلەن سەمىرسە، قان، ژىن، گۆش ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەرگە ئۆزگىرىپ، ئەسلى ھالىتى قالمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدىن ئۇنى سەدىقە قىلىۋېتىش تەلەپ قىلىنمايدۇ.

ئەگەر ئۇ كىشى يېرىنى باشقىلارنىڭ سۈيىدە سۇغۇرۇش ئىشىنى تەكرارلىسا، يەنى يەنە بىر قېتىم شۇنداق ئىش قىلسا، يەنە تۆلىمەيدۇ. لېكىن خەلىپە پايدىلىق دەپ قاراپ قالسا، ئۇنى ئۇرۇش ۋە سولاپ قويۇش بىلەن ئەدەپلەپ قويىدۇ. ئىمام ناسىھى ئۇ ئادەم ئۇنى تۆلەيدۇ، دەپ پەتىۋا بەرگەن.

يۇقىرىدا ئۇنىڭ تۆلىمەيدىغانلىقىغا پەتىۋا بېرىلگەنلىكى بايان قىلىندى. چۈنكى ئۇنى قىممەتكە سۇندۇرغىلى بولمايدۇ. بىراق ئىمام ناسىھى ئۇنى تۆلەيدىغانلىقىغا پەتىۋا بەرگەن. لېكىن <ئەننىقايە> ناملىق كىتابتا ۋە <ئەلھىدايە> ناملىق كىتابنىڭ ئېلىم ـ سېتىم بابىدا بۇ مۇپتىنىڭ پەتىۋاسىنىڭ ئەكسىچە ھۆكۈم بايان قىلىنغان[1].

ئەگەر بىرى ئۆز يېرىگە تولغۇچە سۇ ئاچقانلىقتىن سۇ قوشنىسىنىڭ يېرىگە تېشىپ كەتسە ياكى ئۇنى سۇ بېسىپ كەتسە، تۆلىمەيدۇ. چۈنكى ئۇ قەستەنلىكتىن بولمىغاندۇر. ئۇ بۇ ھالدا قۇدۇق كولىغۇچى ۋە ئۆز زېمىنىغا تاش قويغۇچى كىشىگە ئوخشاش بولۇپ، بۇ سەۋەب بىلەن ئۇچرىغان زىياننى تۆلىمەيدۇ. دېمەك، ئۇ كىشى يېرىگە ئادەتتە يېرى سىڭدۈرەلەيدىغان نورمال ھالەتتە سۇ ئاچسا، تۆلىمەيدۇ. ئۇنداق بولمىسا تۆلەيدۇ. پەتىۋا مۇشۇنداق بېرىلگەن. شۇنداقلا بىرى قورۇسىدا ئوت قالىغان تەقدىردە ئۇ ئوت ئادەتتە قالايدىغان ئوتتىن ئۇلۇغ بولسا، ئاندىن ئۇ ئوت بىلەن قوشنىسىنىڭ ئۆيى كۆيۈپ كەتسە، تۆلەيدۇ. ئەگەر سۇ ئاچقان يەردە تۆشۈك بولۇپ، بۇ تۆشۈكتىن چىققان سۇ قوشنىسىنىڭ يېرىنى بېسىپ كەتكەن تەقدىردە، ئەگەر يەر ئىگىسى ئۇ تۆشۈكنىڭ بارلىقىنى بىلسە، تۆلەيدۇ. ئەگەر تۆشۈكنىڭ بارلىقىنى بىلمىسە، تۆلىمەيدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 288 ـ بەت.

**تۆلىمەسلىك ھۆكمى سۇنى ئۆز نۆۋىتىدە نورمال سۇغۇرىدىغان ھەققىنىڭ مىقدارى سۇغارغان كىشىگە قارىتىلىدۇ. ئەمما باشقا بىرىنىڭ نۆۋىتىدە سۇغارسا ياكى نورمال ھەققىدىن زىيادە سۇ ئاچسا، ئالىملارنىڭ بىرىنىڭ قارىشىغا ئاساسەن تۆلەيدۇ. كۆپچىلىك ئالىملار يەنىلا ئالدىنقى قاراشتىدۇر. نورماللىق ئۇچۇن ئادەتتە كىشىلەر يەر سۇغۇرۇپ ئادەتلەنگەن ئەھۋال ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان پرىنسىپلار ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ[1]. توغرىسىنى الله ياخشى بىلگۈچىدۇر.**

# چەكلەنگەن ۋە مۇباھ بولغان ئىشلار

## بۇ بابنىڭ مۇقەددىمىسى

**بەزى ئالىملار بۇ بابنى <چەكلەنگەن ۋە مۇباھ بولغان ئىشلار> دەپ ئاتىغان. <ئەلجامىئ ئەسسەغىر> ۋە <ئەلھىدايە> ناملىق كىتابلاردا <چەكلەنگەن> دېگەن سۆز <مەكروھ بولغان> دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن. <ئەلمەبسۇت> ۋە <ئەززەخىيرە> ناملىق كىتابلاردا <مۇباھ بولغان> دېگەن سۆز <ياخشى دەپ قارال ئىشلار > دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن.**

**بۇ كىتابنىڭ مەسىلىلىرى ھەر خىل مەسىلىلەردىن بولغاچقا، بۇ بابقا مەزكۇر ئىسىم بېرىلدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئومۇمىي مەسىلىرىدە مەكروھ ۋە چەكلەنگەن، مۇباھ ۋە ياخشى ئىشلار قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ.**

**بەزىلەر ئۇ بابنى: <زاھىدلىق ۋە پەرھىزگارلىق بۆلۈمى> دەپ ئاتىغان. چۈنكى ئۇنىڭدا نۇرغۇن مەسىلىلەر بولۇپ، شەرىئەت ئۇ مەسىلىلەرنى شۇ ئىسىملار بىلەن ئاتىغان. زاھىدلىق ۋە پەرھىزگارلىق ئۇ ئىشنى قىلماسلىق كېرەكلىكىنى لازىم قىلىدۇ[2].**

## چەكلەنگەن ۋە مۇباھ بولغان ئىشلارنىڭ ئۇقۇمى

**چەكلەش لۇغەتتە <مەنئى قىلىش> ۋە <توسۇش> مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. الله تائالا مۇشۇ مەنىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە**

(1) «رەددۇلمۇھتار» **5** ـ توم، **288** ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» **5** ـ توم، **288** ـ بەت.

پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنىدىن بېرىمىز. پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاتا قىلغىنى (ھېچ ئادەمدىن) مەنئى قىلىنمايدۇ»[1] يەنى پەرۋەردىگارىڭ بەرگەن رىزىق ياخشى ئادەمدىنمۇ، يامان ئادەمدىنمۇ مەنئى قىلىنمايدۇ.

چەكلەش شەرىئەتتە ئىستېمال قىلىنىشى شەرىئەت تەرىپىدىن مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ سۆزگە <ئەتتەئرىيفات> ناملىق كىتابتا: «چەكلەش قىلماسلىق بىلەن ساۋابقا ئېرىشكىلى بولىدىغان، قىلىش بىلەن جازاغا تارتىلىدىغان ئىشتۇر» دەپ ئۇقۇم بېرىلگەن.

مۇباھ، ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنغۇچى ئۇچۇن قىلىش بىلەن قىلماسلىق ئىختىيارلىقىغا ئىگە قىلىنغان، ساۋاب ۋە ئازابقا تېگىشلىك بولمىغان ياكى ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنغۇچى قىلىش بىلەن قىلماسلىق ئىختىيارلىقىغا ئىگە بولغان ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. فىقھى ئومۇمىي قائىدىلىرىدىن بىرىدە «شەيئىلەر ئەسلىدە مۇباھتۇر» دەپ كۆرسىتىلگەن. ئۇ قوشۇمچە قائىدە ـ پرىنسىپلاردىن بىرى بولۇپ، ئۇنى شەيخ مۇستەفا زەرقا (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) قوشۇمچە قىلغان. ئۇنىڭ شۇنداق قىلغانلىقى «ئەلمەدخەلىل فىقھىييل ئام» ناملىق كىتابىدا بايان قىلىنغان[2].

## مەكروھنىڭ ئۇقۇمى

مەكروھ، رازىلىقىنىڭ بولماسلىقى بولۇنمىغان مەنىسىدىدۇر. بۇ بىزنىڭ ئۇقۇمىمىزدۇر. ئەمما مۇئتەزىلە فىرقىسى: «مەكروھ، ئىرادە قىلماسلىق» دېگەنلىكتۇر، دەپ ئۇقۇم بەرگەن.

مەكروھ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇلار مەكروھ تەھرىمى (ھارامغا يېقىن مەكروھ) ۋە مەكروھ تەنزىھى (ھالالغا يېقىن مەكروھ) دىن ئىبارەتتۇر.

ھەرقانداق مەكروھ تەھرىمى ھارامدۇر يەنى قىلغۇچىسىنى دوزاخ ئازابىغا تېگىشلىك قىلىدىغان ھارام ئىشلارنىڭ دەرىجىسىدە ھارامدۇر. ئىمام مۇھەممەدنىڭ ھەرقانداق مەكروھ نەرسە ھارامدۇر، دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. لېكىن ئۇ بۇ مەسىلە ھەققىدە كەسكىن دەلىلگە ئىگە بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئىشقا كەسكىن قىلىپ <ھارام> لەۋزىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئەگەر بىرەر نەرسىنىڭ ھارام ياكى ھالال ئىكەنلىكىنى كەسكىن كۆرسىتىدىغان دەلىل بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئۇنداق دەلىل بولمىسا، ھالاللىقا ھۆكۈم بېرىش ئۈچۈن <ھېچ يامىنى يوق>، ھاراملىقىغا ھۆكۈم بېرىش ئۈچۈن <مەن مەكروھ دەپ قارايمەن> دېيىش لازىم. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 213 ـ بەت.

(2) سۈرە ئىسرا، 20 ـ ئايەت.

ۋە ئەبۇ يۇسۇف (الله ئۇ ئىككىسىگە رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ: «ئۇ ئىش هارامغا يېقىندۇر» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان[1].

ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشىدا مەكروھ تەھرىمى ھەقىقىي هارام مەرتىۋىسىدە ئەمەس. بەلكى ئۇ دوزاخ ئازابىنى لازىم قىلىش تەرىپىدىن ھەقىقىي هارامغا ئوخشاپ كېتىدۇ. گەرچە مەكروھ تەھرىمىگە بېرىلىدىغان ئازاب قەتئىي هارام نەرسىگە بېرىلىدىغان ئازابتىن تۆۋەنرەك بولسىمۇ، ئىمام مۇھەممەدنىڭ: <ئۇ هارامدۇر> دېگەن سۆزى ئازابقا دۇچار بولۇشتا مەلۇم دەرىجىدە ئورتاقلىقنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئەبۇيۇسۇفنىڭ سۆزى كەسكىن دەلىل بىلەن ھەقىقىي مەنىسىگە قارىتىلغان. چۈنكى ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشىدا: ۋاجىپ ئىش بىلەن مەكروھ ئىشنى ئىنكار قىلغۇچىغا بېرىلگەن كاپىرلىق ھۆكمى پەرز ئىش بىلەن هارام ئىشنى ئىنكار قىلغۇچىغا بېرىلگەن كاپىرلىق ھۆكمى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە ئەمەس. دېمەك، ئەسلىدە ئىمام مۇھەممەد بىلەن ئىككى ئىمامنىڭ ئارىسىدا مەنە جەھەتتە كىشىلەر گۇمان قىلىنغاندەك چوڭ ئىختىلاپ يوق[2].

ئىمام مۇھەممەد <ئەلمەبسۇت> ناملىق كىتابىدا ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ ئىمام ئەبۇھەنىفىگە: «بىرەر نەرسە ھەققىدە مەن ئۇنى مەكروھ دەپ قارايمەن دېسەم، سەن بۇ ھەقتە قانداق قارايسەن؟ دېگەندە، ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ: هارام دەپ قارايمەن، دېگەنلىكىنى» بايان قىلغان. شۇنداق تۇرسىمۇ، ئىمام ئەبۇھەنىفە ئىشنىڭ مەكرۇھلىقىنى ئىنكار قىلغان كىشىگە (پەرزنى ئىنكار قىلغۇچىغا بەرگەن) كاپىرلىق ھۆكمىنى بەرمەيدۇ.

شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، چەكلەنگەن ۋە مۇباھ بولغان ئىشلارغا <مەكرۇھ> سۆزى ئىشلىتىلسە، ئۇ سۆزدىن هارامغا يېقىن مەكرۇھ كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مەكروھ تەنزىھى ئۆلارنىڭ ئىتتىپاق قارىشىدا هالالغا يېقىن ئىشنى كۆرسىتىدۇ يەنى ئۇنىڭ قىلغۇچىسى ئەسلا ئازابقا دۇچار بولمايدۇ. لېكىن بىر مەكرۇھ ئىشنى قىلمىغان ئادەمگە بەك ئاز بولسىمۇ ساۋاب بېرىلىدۇ. زاھىرىي جەھەتتىن ئالغاندا ئۇ هالال ئەمەس. ئۇنىڭ هالال بولماسلىقى ئۇنىڭ هارام ياكى مەكروھ تەھرىمى بولۇشىنى لازىم قىلمايدۇ. چۈنكى مەكرۇھ تەنزىھى ئەسلىدە قىلىش ياخشى بولغان ئىشلارنى قىلماي تاشلاپ قويۇلغانغا قارىتىلىدۇ.

بۇ ئىككى مەكروھنىڭ ئارىسىدىكى پاسىل شۇكى، ئەگەر ئۇ ئىش ئەسلىدە هارام بولۇپ، ئومۇمىي ئەھۋال كۆزدە تۇتۇلغان سەۋەبتىن هاراملىقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان

(1) «ئەلمەدخەلىل فىقھىييىل ئام» 2 ـ توم، 1085 ـ بەت، دەمەشقتىكى «دارۇلقەلەم» باسما زاۋۇتى.

(2) «ئەلھىدايە» 4 ـ توم، 78 ـ بەت.

بولسا، مەكروھ تەنزىھى بولىدۇ. مەسىلەن، مۈشۈك ئىچىپ قويغان سۇغا ئوخشاش. ئۇنداق بولمىسا مەكروھ تەھرىمى بولىدۇ. مەسىلەن، ئىشەك گۆشىگە ئوخشاش. ئەگەر ئەسلى ھۆكمى مۇباھ بولۇپ، ئۇنى مۇباھلىق ھۆكمىدىن چىقىرىپ تاشلايدىغان بىرەر نەرسە ئارىلىشىپ قالغان تەقدىردە، كۆڭۈلگە ھاراملىق شۈبھىسى بەكرەك كۈچلۈك كەلسە، مەكروھ تەھرىمى بولىدۇ. مەسىلەن، پوق يەيدىغان كالىنىڭ ئىچىپ قويغان سۈيىگە ئوخشاش. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا (يەنى كۆڭۈلگە ھاراملىق شۈبھىسى بەكرەك كۈچلۈك كەلمىسە)، مەكروھ تەنزىھى بولىدۇ. مەسىلەن، يىرتقۇچ قۇشلار ئىچىپ قويغان سۇغا ئوخشاش[1].

## نەقلىي دەلىللەر

نەقلىي دەلىللەر قۇرئان كەرىمدە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدە تىلغا ئېلىنغان دەلىللەرنى كۆرسىتىدۇ. ئالىملار بۇ دەلىللەرنى دالالەت قىلىش كۈچىگە قارىتا مۇنداق تۆت تۈرگە بۆلگەن:

بىرىنچى، كېلىش يولىمۇ جەزمىلىك ۋە دالالەتىمۇ جەزمىلىك بولغان دەلىل. مەسىلەن، قۇرئاننىڭ تەپسىر قىلىنغان ياكى مۇھكەم (يەنى ئۆزگەرمەس) ئايەتلىرىگە ۋە مەنىسى ئېنىق ۋە جەزمىلىك بولغان مۇتەۋاتىر سۈننەتكە ئوخشاش.

ئىككىنچى، كېلىش يولى جەزمىلىك، لېكىن دالالەتى جەزمىلىك بولمىغان دەلىل. مەسىلەن، تەۋىل قىلغىلى (يەنى باشقىچە چۈشەندۈرگىلى) بولىدىغان ئايەتلەرگە ئوخشاش.

ئۈچىنچى، دالالەتى جەزمىلىك، لېكىن كېلىش يولى جەزمىلىك بولمىغان دەلىل. مەسىلەن، چۈشەنچىسى كەسكىنلىكنى ئىپادىلەيدىغان ئاھاد ھەدىسلەرگە ئوخشاش.

تۆتىنچى، كېلىش يولىمۇ جەزمىسىز ۋە دالالەتىمۇ جەزمىسىز بولغان دەلىل. مەسىلەن، چۈشەنچىسى ئېھتىماللىقنى ئىپادىلەيدىغان ئاھاد ھەدىسلەر.

بىرىنچى تۈردىكى دەلىل پەرزلەرنى ۋە ھارام ئىشلارنى ئىسپاتلايدۇ. ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى تۈردىكى دەلىللەر ۋاجىپ ئىشلارنى ۋە مەكروھ تەھرىمى بولغان ئىشلارنى ئىسپاتلايدۇ. تۆتىنچى تۈردىكى دەلىل سۈننەت ۋە مۇستەھەب بولغان ئىشلارنى ئىسپاتلايدۇ[2].

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 213 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 214 ـ بەت.

# تەكتلەنگەن سۈننەتنى تەرك ئېتىشنىڭ جازاسى نېمە؟

سۈننەتنى تەرك ئېتىش هارام ئىشنى قىلغانغا يېقىندۇر. لېكىن كەسكىن هارامدىن ئەمەس. بۇ يەردىكى <هارام ئىشنى قىلغانغا يېقىن> دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئۇنىڭ دوزاخ ئازابىغا تېگىشلىك بولمايدىغان، لېكىن چەكلەنگەن ئىشقا باغلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ ۋە قىيامەت كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتىدىن مەھرۇم قېلىشقا تېگىشلىك بولۇپ قالىدۇ.

تەكتلەنگەن سۈننەت جامائەت نامىزىغا چىقىش، ئەزان ئېيتىش، تەكبىر چۇشۇرۇش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئوچۇق كۆرستىلگەن سۈننەتلەرنى كۆرستىدۇ. ئۇنى تەرك ئەتكۈچى ئازغۇندۇر ۋە مالامەتكە ئۇچرىغۇچىدۇر. بۇ يەردىكى تەرك ئېتىش ئۆزرىسىز هالەتتە داۋاملىق تەرك ئېتىشتە چىڭ تۇرۇشنى كۆرستىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەكتلەنگەن سۈننەتلەرنى داۋاملىق تەرك ئەتكەن جامائەتكە قارشى ئۇرۇش قىلىنىدۇ. چۈنكى تەكتلەنگەن سۈننەت دىنىنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. ئۇنى تەرك ئېتىشتە چىڭ تۇرۇش دىنغا سەل قارىلغانلىقتۇر. شۇڭا بۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىنىدۇ. بۇ مەسئۇلىيەت ئىش ئۈستىدىكىلەرنىڭ (يەنى باشلىقلارنىڭ) ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ.

ئۇ سۈننەتنى ئەسلىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىش ئۇ سۈننەتنىڭ ۋاجىپ دەرىجىسىدە ئىكەنلىكىگە دەلىل ئەمەس.

شاپائەتتىن مەھرۇم قېلىش جەننەتتىكى مەرتىۋىلەرنىڭ يۇقىرى بولۇشى ئۈچۈن شاپائەت قىلىش ياكى دوزاختىن چىقىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى دوزاخقا كىرىپ قالماسلىق ئۈچۈن شاپائەت قىلىنىشتىن مەھرۇم قېلىشنى، ياكى شاپائەتتىن ۋاقىتلىق مەھرۇم قېلىنىشنى ۋەياكى شاپائەتتىن مەھرۇم قېلىشقا ھەقىقەتەن تېگىشلىك بولۇشنى كۆرستىدۇ. شۇڭا شاپائەتتىن مەھرۇم قېلىش شاپائەتنىڭ ئەمەلىيلىشىگە زىت كېلىپ قالمايدۇ. چوڭ گۇناھ قىلغۇچىدىن يۇقىرى گۇناھ قىلغۇچىغا شاپائەت قىلىنمايدىغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ شاپائەت قىلىنىش ئۈچۈن كۆرستىلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ شاپائىتىم ئۈممىتىم ئىچىدىكى چوڭ گۇناھ قىلغۇچىلارغا بولىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى خۇزەيمە، ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

سەھىھ بۇخارىنىڭ دۇئالار بۆلۈمىدە ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ قىلسا ئىجابەت بولىدىغان دۇئاسى بار. مەن بۇ خىل دۇئايىمنى ئاخىرەتتە ئۈممىتىمگە

شاپائەت قىلىش ئۈچۈن ساقلاپ قويدۇم »[1].

مۇشۇ سەۋەبتىن ئىمام مۇھەممەد بىلەن ئەبۇھەنىفە ۋە ئەبۇيۇسۇف ئارىسىدا ئىختىلاپ چىققان. بۇ ئىختىلاپنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، ئىمام مۇھەممەد مەكروھ نەرسىنى، ئۇنىڭ ھالال ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان كەسكىن دەلىل بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھارام دەپ بەلگىلىگەن. ئىككى چوڭ ئىمام ئۇنى، ئۇنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان كەسكىن دەلىل بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھالال، دەپ بەلگىلىگەن. چۈنكى نەرسىلەر ئەسلىدە ھالالدۇر. بىر نەرسىدە كۆرۈلگەن مەكروھلۇق ئۇ نەرسىنىڭ ھالاللىقىغا زىت كېلىپ قالمايدۇ. ھەرقانداق مۇباھ نەرسە ھالالدۇر. ئۇ ھەرگىزمۇ ئەكسىچە بولمايدۇ. مەسىلەن، ئەزان چىقىۋاتقاندا قىلىنغان سودا. ئۇ سودا مۇباھ بولمىغان ھالال نەرسىدۇر. چۈنكى ئۇ مەكروھتۇر.

<ئەتتەلۋىيھ> ناملىق كىتابتا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «قىلماسلىق ئەۋزەل بولغان نەرسىنى قىلىش كەسكىن دەلىل بىلەن مەنئى قىلىنغان بولسا، ئۇ نەرسە ھارام بولغان بولىدۇ. ئېھتىماللىقى بار دەلىلى بىلەن مەنئى قىلىنغان بولسا، مەكروھ تەھرىمى بولىدۇ. مەنئى قىلىنمىغان نەرسە، مەكروھ تەنزىھى بولىدۇ. بۇ، ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشىغا ئاساسەندۇر. ئىككى چوڭ ئىمامنىڭ قارىشىدا قىلماسلىق ئەۋزەل بولغان نەرسىنى قىلىش مەنئى قىلىنغان بولسا، ھارام بولىدۇ. مەنئى قىلىنمىغان بولسا، ھالالغا يېقىن بولغان تەقدىردە، مەكروھ تەنزىھى بولىدۇ. ھارامغا يېقىن بولغان تەقدىردە، مەكروھ تەھرىمى بولىدۇ». بۇ، ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشىچە بولغاندا مەكروھ ئىشنى قىلىشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقىنى، ئەمما ئىككى ئىمامنىڭ قارىشىدا بولسا مەنئى قىلىنمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەكروھ، دەپ قارالغان ئىشنىڭ ئىككى ئىمامنىڭ قارىشىدا تەكىتلەنگەن سۈننەتكە ئۇدۇل ئىكەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ. چۈنكى بۇنىڭدا جازا بىلەن شاپائەتتىن مەھرۇم قېلىش بىرلىشىدۇ[2].

## يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ ھۆكۈملىرى ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى

ئوزۇقلۇق ئۈچۈن يېيىش، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىچىش، ئەگەر زۆرۈرىيەت تېپىلغاندا ھارام نەرسە ياكى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان گۆشى بولسىمۇ ۋەياكى باشقىلارنىڭ مېلى بولسىمۇ، ئۇنى كېيىن تۆلەپ بەرگەن تەقدىردە يېيىش پەرز بولۇپ، ھەدىسنىڭ ھۆكمى بويىچە ئۇنداق قىلغۇچىغا ساۋاب بېرىلىدۇ. شۇنىڭدەكلا،

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 214 ـ بەت.

(2) سەھىھ بۇخارى، 6304 ـ ھەدىس.

ئەۋرەتنى يېپىش، ئىسسىق ۋە سوغۇقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كىيىم كىيىشمۇ پەرزدۇر.

ئەگەر ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈش خەۋپى بولۇپ، يېنىدا ھاراق بولسا، ھاراقنىڭ ئۇسسۇزلۇقنى باسىدىغانلىقىنى بىلگەن تەقدىردە، ھاراقتىن ئۇسسۇزلۇقنى باسقىدەك مىقداردا ئىچىش رۇخسەتتۇر. ھاراق زۆرۈرىيەت سەۋەبىدىن ئىچىشكە بولۇش مەرتىۋىسى جەھەتتە سۈيدۈكنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ. بۇ مەسىلە ئالدىمىزدا بايان قىلىنىدۇ.

بىز يۇقىرىدا مەجبۇرىي مۇباھ بولغان نەرسە تۆلەپ بېرىشكە زىت كېلىپ قالمايدۇ، دېگەن ئىدۇق. ئەگەر ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىش خەۋپى بولغان ۋە ھەمراھىدا يەيدىغان نەرسە بولغان تەقدىردە، ھەمراھىدىن ئاچلىقىغا دال بولغىدەك مىقداردىكى ئوزۇقلۇقنى ئۇنىڭ (بازاردىكى) باھاسى بويىچە سېتىپ ئالىدۇ. شۇنداقلا ئۇسسۇزلۇقنى باسقىدەك سۇنىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. ئەگەر ھەمراھى ئۇنى بەرگىلى ئۇنىمىسا، ئۇنىڭ بىلەن قورالسىز ئۇرۇشىدۇ. ئەگەر ھەمراھىمۇ ئاچلىق ياكى ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقسا، ئۇنىڭغا يېرىمىنى قالدۇرۇپ قويىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا باشقا بىرى: «قولۇمنى كېسىپ، ئۇنى يېگىن» دېسە، ئۇنداق قىلىش ھالال بولمايدۇ. چۈنكى ئىنسان شەرەپلىك قىلىپ يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ گۆشى مەجبۇرىي ھالغا چۈشۈپ قالغاندىمۇ مۇباھ بولمايدۇ.

ھەدىسنىڭ ھۆكمى بويىچە يېگەن ۋە ئىچكەنگە ساۋاب بېرىلىدۇ. مۇسنەدى ئەھمەدتە سەئد ئىبنى ئەبۇۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانغا ھەيرانمەن! ئەگەر ئۇنىڭغا ياخشىلىق يەتسە، اللە غا ھەمدى ئېيتىدۇ ۋە شۈكۈر قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا يامانلىق يەتسە، ساۋاب ئۈمىد قىلىپ سەۋر قىلىدۇ. مۇسۇلمانغا بارلىق ئىشلىرىدا، ھەتتا ئاغزىغا سالغان بىر لوقما يېمەككىمۇ ساۋاب بېرىلىدۇ».

ئەگەر يېمەي ۋە ئىچمەي ئۆلۈپ قالسا، گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ئۆزى ھالاكەتكە تاشلىغانلىق بولىدۇ. مۇنداق قىلىش قۇرئان كەرىمدە چەكلەنگەندۇر. بۇنىڭ ئەكسىچە، بىرەر داۋا ياكى داۋالىنىشنىڭ شىپا بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالمىغانلىقتىن داۋالانغىلى ئۇنىماي ئۆلۈپ كەتسە، گۇناھكار بولمايدۇ.

ئىنساننىڭ ئۆز جېنىنى ساقلىغىدەك مىقداردا يېيىشى پەرزدۇر. ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش قاتارلىق ئىبادەتلەرنى بەجا كەلتۈرەلىگىدەك قۇۋۋەتكە ئېرىشتۈرىدىغان مىقداردا يېيىش كىشىنى ئەجىرگە ئېرىشتۈرىدۇ.

كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ئېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن تويغىچە يېيىش مۇباھتۇر. تويۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئۈستىگە يېيىش ھارامدۇر. بەزى ئالىملار: «تويغاننىڭ ئۈستىگە يېيىش مەكروھتۇر» دېگەن. چۈنكى ئۇ مالنى زايە قىلغانلىق ۋە ئۆزىنى

**كېسەلگە گىرىپتار قىلغانلىق بولىدۇ. مىقداد ئىبنى مەئدى كەرىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس شەرىپتە ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «ئىنسان قورساقتىن يامان قاچىنى تولدۇرمايدۇ. ئىنسانغا ئۇمۇرتقىسىنى (يەنى تىنىنى) ئۆرە تۇرغۇزغۇدەك يېيىشىنىڭ ئۆزى يېتەرلىكتۇر. ئەگەر يېمىسە بولمايدىغان ئىش بولسا، قورسىقىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى تاماققا، ئۈچتىن بىرىنى ئىچىدىغانغا، قالغان ئۈچتىن بىرىنى نەپەس ئالىدىغانغا ئايرىسۇن»[1].**

**بەزى ئالىملار يەپ ـ ئىچىش ئۈچۈن يەنە مۇنداق ئىككى مەرتىۋىنى زىيادە بايان قىلغان:**

**بىرىنچى، نەپلە ئىبادەتلەرنى جايىدا ئادا قىلىش، ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش ئۈچۈن تويغۇچە يېيىش سۈننەتتۇر.**

**ئىككىنچى، تويغاننىڭ ئۈستىگە ئازراق زىيادە يېيىش، زىيان قىلمىغان تەقدىردىمۇ، مەكرۇھتۇر. بۇنىڭغا ئاشقازاننى بۇزۇپ قويارمىكىن دېگەن گۇمانى كۈچلۈك كەلگەن تاماقنى يېيىش، شۇنداقلا ئۇنداق سۇنى ئىچىشمۇ قوشۇلىدۇ. پەقەت ئەتىلىك روزا ئۈچۈن قۇۋۋەتلىنىش ياكى مېھمىنىنىڭ تارتىنىپ قالماسلىقى ۋەياكى شۇنىڭدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تويغاننىڭ ئۈستىگە ئازراق يەپ قويۇش مەكرۇھ ئەمەس.**

**دائىم ئىبادەت قىلىش بىلەن بولىدىغان ئادەمنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكتىكى مەرتىۋىسى سۈننەت بولغان يېيىش بىلەن مۇباھ بولغان يېيىشنىڭ بىرىنى تاللاشتۇر. بۇنىڭ بىلەن ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن قۇۋۋەتلىنىشنى نىيەت قىلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئىتائەت قىلغۇچى بولىدۇ. يەپ ـ ئىچىشتىن لەززەت ئېلىش ۋە ھۇزۇرلىنىشنى كۆزلىمەسلىك كېرەك. الله تائالا كاپىرلارنىڭ بەھرىمەن بولۇش ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئېلىش ئۈچۈن يەيدىغانلىقىنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيدۇ: «كاپىرلار (ھاياتىي دۇنيادا ئۇنىڭ لەززەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولىدۇ ۋە چاھارپايلاردەك يەپ ـ ئىچىدۇ، (ئاخىرەتتە) ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ»[2].**

**نافىئتىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئۆزى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يەيدىغان بىرەر مىسكىن كەلمىگىچە تاماق يېمەيتتى. بىر قېتىم مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە تاماق يېيىيش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ئېلىپ كىردىم. ئۇ كۆپ يېدى. بۇنى كۆرگەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ماڭا: ئى نافىئ! بۇ ئادەمنى**

(1) «رەددۇلمۇھتار» **5** ـ توم، **215** ـ بەت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. لېكىن ئىبنى ماجەنىڭ لەۋزىدە: «ئەگەر ئىنساننىڭ بەك يېگىسى كېلىپ كەتسە، قورسىقىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى تاماققا ئايرىسۇن» دېيىلگەن. «تەرغىيبۇن ۋەتەرھىيبۇن» **3** ـ توم، **136** ـ بەت.

ئىككىنچى مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ كىرمىگىن. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «مۆمىن بىر ئۈچىيگە، كاپىر يەتتە ئۈچىيگە يەيدۇ».

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم تاماقنى كۆپ يەيتتى. كېيىن ئۇ مۇسۇلمان بولدى. ئاندىن ئۇ ئاز تاماق يەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈلگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، مۆمىن بىر ئۈچىيگە، كاپىر يەتتە ئۈچىيگە يەيدۇ» دېدى[1].

بۇ ھەدىستە <يەتتە> دېگەن ساننى ئىشلىتىش بولسا، مۇبالىغىلەشتۈرۈش ۋە جىقلىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. بەزى ئالىملار مۇنداق دېگەن: «ئۇ بىر مىسال بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى مۆمىن ۋە ئۇنىڭ مال ـ دۇنياغا قىزىقمايدىغانلىقى، كاپىر ۋە ئۇنىڭ مال ـ دۇنياغا ھېرىسمەن ئىكەنلىكى ئۈچۈن مىسال قىلىپ كۆرسەتكەن. مۆمىن تاماقنى يېتىلىش ۋە قۇۋۋەتلىنىش ئۈچۈن يەيدۇ. كاپىر بولسا نەپسىنى ۋە ھېرىسمەنلىكىنى قاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىپ لەززەتلىنىش ئۈچۈن يەيدۇ. شۇڭا مۆمىننىڭ يېيىشى ئازغا، كاپىرنىڭ يېيىشى جىققا ئوخشاپ كېتىدۇ»[2].

ئىبنى ھەجەر مۇنداق دېگەن: ئالىملار بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشتى. بەزىلەر: «ئۇنىڭ زاھىرىي مەنىسى كۆزدە تۇتۇلمايدۇ. ئۇ پەقەت بىر مىسال بولۇپ، مۆمىن ۋە ئۇنىڭ مال ـ دۇنياغا قىزىقمايدىغانلىقى، كاپىر ۋە ئۇنىڭ مال ـ دۇنياغا ھېرىسمەن ئىكەنلىكى ئۈچۈن مىسال كۆرسىتىلگەن. گويا مۆمىننىڭ مال ـ دۇنياسى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن بىر ئۈچىيگە يەيدىغانلىقى، كاپىرنىڭ مال ـ دۇنياغا ۋە ئۇنى كۆپ توپلاشقا قاتتىق ھېرىس بولغانلىقى ئۈچۈن يەتتە ئۈچىيگە يەيدىغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ يەردە نە ھەقىقىي ئۈچەيلەر، نە يېيىشنىڭ خاسلىقى كۆزدە تۇتۇلماستىن، پەقەت مال ـ دۇنيانى ئاز توپلاش ياكى كۆپ توپلاش مەسىلىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. گويا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مال ـ دۇنياغا ئېرىششنى يېيىشكە، ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۈچىيگە ئوخشاتقان. ئارىدىكى ئوخشاشلىق ئالاقىسى ناھايىتى ئوچۇقتۇر» دېگەن.

يەنە بەزىلەر: «بۇ ھەدىس مۆمىن ھالال نەرسىلەرنى يەيدۇ، كاپىر ھارام نەرسىلەرنى يەيدۇ. ھالال نەرسىلەرنىڭ تېپىلىشى ھارام نەرسىلەرنىڭ تېپىلىشىغا قارىغاندا ئازدۇر» دېگەن.

(1) سۈرە مۇھەممەد، 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) سەھىھ بۇخارى، 5393 ـ ۋە 5397 ـ ھەدىسلەر.

بەزى ئالىملار: «بۇ ھەدىس مال ـ دۇنياغا بېرىلىپ كېتىشنى كۆرسىتىدۇ» دەپ چۈشەندۈرگەن. مەسىلەن، سەن: «پالانى دۇنياغا تويمايدۇ» دېيسەن. يەنى ئۇ دۇنياغا قىزىقىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قاتتىق بېرىلىپ كېتىدۇ. دېمەك، مۆمىن بىر ئۈچەيگە يەيدۇ، دېگەننىڭ مەنىسى: ئۇ مال ـ دۇنياغا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدۇ، ئۇنىڭغا پەقەت ئازراق ئېرىشىدۇ دېگەنلىكنى، كاپىر يەتتە ئۈچەيگە يەيدۇ، دېگەننىڭ مەنىسى: مال ـ دۇنياغا ۋە ئۇنى كۆپ يىغىشقا بېرىلىپ كېتىدۇ، دېگەنلىكنى ئىپادىلەيدۇ.

يەنە بەزىلەر: «بۇ ھەدىس مۆمىننى ئاز يېيىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئەگەر ئۇ كۆپ يېيىش كاپىرنىڭ سۈپىتى ئىكەنلىكىنى بىلسە، ئاز يېيىشكە ئادەتلىنىدۇ. چۈنكى مۆمىننىڭ كۆڭلى كاپىرنىڭ سۈپىتى بىلەن سۈپەتلىنىپ قېلىشتىن نەپرەتلىنىدۇ. كۆپ يېيىش كاپىرنىڭ سۈپىتى ئىكەنلىكىنى الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى كۆرسىتىپ بېرىدۇ: «كاپىرلار (ھاياتىي دۇنيادا ئۇنىڭ لەززەتلىرىدىن) بەھرىمەن بولىدۇ ۋە چاھارپايلاردەك يەپ ـ ئىچىدۇ، (ئاخىرەتتە) ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ»[1] دېگەن».

يەنە بەزىلەر: «ئۇ ھەدىس زاھىرىي مەنىنى ئىپادىلەيدۇ» دېگەن. ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭ زاھىرىي مەنىسى ھەققىدە مۇنداق بىرقانچە قاراشلارغا ئىختىلاپ قىلىشقان:

بىرىنچى، بۇ ھەدىس مۇئەييەن بىر شەخس ھەققىدە كەلگەن. بۇ قاراشنى ئىبنى ئابدۇلبەر جەزىملەشتۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «ئۇ ھەدىسنىڭ مەنىسىنى ئومۇملۇققا قارىتىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق. چۈنكى ئەمەلىي ئىسپاتلار ئۇنى رەت قىلىدۇ. نۇرغۇن كاپىرلار مۆمىنلەردىن ئاز تاماق يەيدۇ. ئەكسىچە، نۇرغۇن مۇسۇلمانلار تاماقنى كۆپ يەيدۇ. نۇرغۇن كاپىرلار ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىنمۇ، ئۇلارنىڭ تاماق يېيىش ئۆلچىمى ئۆزگەرمەيدۇ. شۇڭا ئەبۇھۈرەيرەنىڭ ئۇ ھەدىسى مۇئەييەن بىر ئادەم ھەققىدە كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ...»

ئىككىنچى، بۇ ھەدىس ھەقىقىي سانىنى ئەمەس، ئاشۇرما مەنىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئېيتىلغان. <يەتتە> دېگەن سانىنى ئىشلىتىش بولسا، مۇبالىغىلەشتۈرۈش ۋە جىقلىقنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر. الله تائالانىڭ: «دېڭىز (سىيا) بولغان، ئۇنىڭغا يەنە يەتتە دېڭىز (نىڭ سىياسى) قوشۇلغان تەقدىردىمۇ»[2] دېگەن سۆزىدىمۇ مۇشۇ ئۇسلۇب ئىشلىتىلگەن. ھەدىسنىڭ مەنىسى: مۆمىن ھەر تۈرلۈك ئىبادەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى، شەرىئەتنىڭ مەقسىتى قورساقنىڭ ئاچلىقىنى باسقىدەك، بەدەننى تىك تۇتۇپ تۇرغىدەك، ئىبادەتكە ياردىمى بولغىدەكلا يېيىش ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن ئارتۇق يېگەننىڭ ھېسابىنى بېرىشتىن قورقىدىغانلىقى ئۈچۈن ئاز يېيىشكە

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 216 ـ بەت.

(2) سۈرە مۇھەممەد، 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئادەتلىنىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ.

ئۈچىنچى، بۇ ھەدىستىكى مۆمىندىن (ئادەتتىكى مۆمىن ئەمەس) ئىمانى تولۇق بولغان مۆمىن مەقسەت قىلىنىدۇ. چۈنكى كىمنىڭ ئىسلامى ياخشى، ئىمانى كامىل بولسا، ئۇنىڭ پىكرى ـ خىيالى ئۆلۈم ۋە ئۆلگەندىن كېيىن نەگە بارىدىغانلىقى ھەققىدە مەشغۇل بولىدۇ. ئاخىرەت ھەققىدىكى قاتتىق قورقۇنچ، كۆپ پىكىر يۈرگۈزۈش، ئۆزىنىڭ ئازابقا دۇچار بولۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ ھاۋايى ھەۋىسىنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتمەسلىك قاتارلىقلار ئۇنى نۇرغۇن يامان ئىشلاردىن توسۇپ قالىدۇ...

تۆتىنچى، بۇ ھەدىستىن مۆمىن تاماق يېگەن ۋە سۇ ئىچكەن چاغدا الله تائالانىڭ ئىسمىنى ئاتايدۇ (يەنى بىسمىللاھ دەيدۇ). بۇنىڭ بىلەن شەيتان ئۇنىڭ تامىقىغا شېرىك بولالمايدۇ. نەتىجىدە ئاز تاماقمۇ ئۇنىڭغا يېتىدۇ. ئەمما كاپىر الله تائالانىڭ ئىسمىنى ئاتىمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن شەيتان ئۇنىڭ تامىقىغا شېرىك بولىدۇ، دېگەن مەنە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. سەھىھ مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان بىر مەرفۇئ ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، شەيتان الله تائالانىڭ ئىسمى ئاتالمىغان (يەنى بىسمىللاھ دېيىلمىگەن) تاماقنى ئۆزىگە ھالال سانايدۇ».

بەشىنچى، مۆمىننىڭ تاماققا بولغان ھېرىسمەنلىكى ئاز بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ يېگەن تامىقىغا بەرىكەت بېرىلىدۇ. نەتىجىدە ئازراق تاماقمۇ تويىدۇ. ئەكسىچە كاپىر ھايۋانغا ئوخشاش يەيدىغان نەرسىگە كۆز يۈگۈرتۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئاسان تويمايدۇ[1]...

تاماقنى نورمال يېيىش ئادىتىدىن ئازلىتىش ئۈچۈن چېنىقىش دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى مۇنداق قىلغاندا پەرز ئىبادەتلەرنى جايىدا ئادا قىلىشتىن ئاجىز كېلىپ قالىدۇ. ئەگەر جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىزلاپ كەتمەيدىغان رەۋىشتە ئازلىتىش مۇباھتۇر.

ھەر تۈرلۈك مېۋىلەرنى يېيىشنىڭ ھېچ يامىنى يوق. لېكىن الله تائالانىڭ ئالدىدىكى بەندىلىك مەرتىۋىسىنىڭ كەملەپ كەتمەسلىكى ۋە الله تائالانىڭ: «سىلەر لەززەتلىرىڭلارنى ھاياتىي دۇنيادا بەھرىمەن بولۇپ تۈگەتتىڭلار»[2] دېگەن سۆزىنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن كۆڭلى تارتقان ھەرقانداق مېۋىنى يەۋېرىشنى تاشلاش ياخشىدۇر.

ياخشىلىقنى كۆپەيتىش ئۈچۈن ئارتۇق تاماقنى سەدىقە قىلىش ئەۋزەلدۇر. تاماق ئېتىش ئىسراپچىلىقتۇر. پەقەت تائەت ـ ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن قۇۋۋەتلىنىشنى ياكى مېھمان چاقىرىشنى مەقسەت قىلىپ تاماق ئەتسە، ئىسراپچىلىق قىلغان بولمايدۇ.

(1) سۈرە لوقمان، 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) «فەتھۇلبارى» 9 ـ توم، 539 ـ بەت.

نانىنى ئېھتىياجىدىن ئارتۇق يېقىشمۇ ئىسراپچىلىقتۇر.

تاماق يېيىشنىڭ سۈننەتلىرى: باشلىغاندا بىسمىللاھ دېيىش، ئاخىرىدا ئەلھەمدۇلىللاھ دېيىش، تاماق يېيىشتىن بۇرۇن ۋە يەپ بولغاندىن كېيىن قولنى يۇيۇش لازىم. تاماق يېيىشتىن ئىلگىرى قولغا سۇ بەرگەندە ياشلارنىڭ قولىغا دەسلەپ سۇ بېرىش لازىم. چۈنكى ياشلار كۆپرەك، ياشانغانلار بولسا سەل ئازراق يەيدۇ. تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن دەسلەپتە ياشانغانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىش لازىم. چۈنكى بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «كىچىكلىرىمىزگە رەھىم، چوڭلىرىمىزغا ھۆرمەت قىلمىغانلار بىزدىن ئەمەس»[1]. شۇنداق قىلغانلىق چوڭلارنى ھۆرمەت قىلغانلىق بولىدۇ.

نانىنىڭ ئۈستىگە تۇز كۆرىسى ياكى قاچا ـ قۇچىدەك نەرسىلەرنى قويۇش، قولنى ياكى پىچاقنى نان بىلەن سۈرتۈش مەكرۇھتۇر. شىرەنى نان بىلەن ئېرتىشقا بولمايدۇ. تەكەببۇرلۇق يۈزىدىن بولمىسىلا، يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشنىڭ ھېچ يامىنى يوق. <ھېچ يامىنى يوق> دېگەن سۆز ئۇنداق قىلماسلىقنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئەبۇجۇھەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس شەرىپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېمەيمەن»[2].

باش ئوچۇق ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشمۇ تاللانغان قاراشقا ئاساسەن مەكرۇھتۇر. نانىنىڭ ئۆتتۇرىسىنى يەپ، چۆرىسىنى قويۇپ قويۇش ياكى ئېسىل پىشقان يېرىنىلا يېيىش (ۋە باشقا يەرلىرىنى قويۇپ قويۇش) ئىسراپچىلىقتۇر. لېكىن ئۇ قويۇپ قويغان قىسمىنى يەيدىغان باشقا بىرى بولسا، ئۇنىڭ ھېچ يامىنى يوق. شۇنداقلا ئاق نانلار ئىچىدىن بىرەر ئاق نانىنى تاللاپ يېسە ياكى چىشى بولمىغانلىقتىن يۇمشاق نانىنى تاللاپ يېسە، بۇنىڭمۇ ھېچ يامىنى يوق. بىراق قەتادىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا بارغانىدۇق. ئۇنىڭ ناۋىيى ئۆرە تۇرۇپ: «يەڭلار، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ اللە غا مۇلاقات بولغانغا قەدەر نېپىز يېقىلغان ئاق نانىنى ياكى تېرىسى بىلەن پىشۇرۇلغان قوي كاۋىپىنى (يەنى قايناق سۇغا بېسىپ يۇڭىنى تازىلىۋېتىپ تېرىسى بىلەن قىلىنغان كاۋاپنى) ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى بىلمەيمەن» دېدى[3].

نانىنى يەرگە تاشلىۋېتىش مەكرۇھتۇر. كىشى ئۆيىدىكى چاغدا نان تەييار بولۇپ

(1) سۈرە ئەھقاف، 20 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

(3) سەھىھ بۇخارى، 5398 ـ ھەدىس.

قالسا، ئېتىتقۇغا ساقلاپ ئولتۇرماستىن ناننى يېگەچ ئولتۇرۇش نانغا ھۆرمەت قىلغانلىقتۇر. ئەمما مېھماندارچىلىقتا بولسا، تاماققا تەكلىپ قىلىنىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ. قولىدىن چۈشۈپ كەتكەن بىرەر توغرام ناننى تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئىسراپچىلىقتۇر. شۇڭا ئۇنى ئالدى بىلەن يېۋېتىدۇ.

تاماقنى يېگىلى باشلىغان ۋاقىتتا قاچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن يېمەسلىك سۈننەتتۇر. چۈنكى بەرىكەت قاچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشىدۇ. سۈنەنى تىرمىزىدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «بەرىكەت تاماقنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ چۆرىسىدىن يەڭلار، ئوتتۇرىسىدىن يېمەڭلار». بىر خىل تامىقى بار قاچىدىن تاماق يېگەندە قاچىنىڭ بىر تەرەپىدىن يېيىش سۈننەتتۇر. ئەكسىچە، تۈرلۈك مېۋە قويۇلغان قاچىدىن مېۋە يېگەندە خالىغان تۈرنى ئېلىپ يېسە بولىدۇ.

تاماقنى ئۆز ئالدى تەرىپىدىن ئېلىپ يېيىش سۈننەتتۇر. ئۆمەر ئىبنى ئەبۇسەلەمەدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەربىيىسىدە قالغاندا كىچىك بالا ئىدىم. تاماق يېگەندە قولۇم قاچىنىڭ ھەممە يېرىگە ئۇزۇلاتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ئى ئوغۇل! بىسمىللاھ دېگىن، ئوڭ قولۇڭ بىلەن ۋە ئالدىڭدىن يېگىن» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ تاماق يېيىشىم ھەمىشە شۇ بويىچە بولۇپ كەلدى[1].

تاماقنى ھەمراھىنىڭ ئالدىدىن ئېلىپ يېگەندە، بولۇپمۇ شورپا ۋە شۇنىڭدەك تاماقلارنى يېگەندە ئۇنى بىئارام قىلىپ قويىدۇ. ئەگەر يەيدىغان نەرسە خورما بولسا، خالىغان يەردىن يېيىش مۇباھتۇر.

تاماق يېگەندە سول پۇتنى ياتقۇزۇپ، ئوڭ پۇتنى تىكلەپ ئولتۇرىدۇ. چۈنكى بىز يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېمەيمەن» دېگەن.

ئىمام تەبەرانى ۋە باشقىلار مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېدى. بۇنى كۆرگەن بىر ئەئرابى: بۇ قانداق ئولتۇرۇش؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا مېنى ھۆرمەتلىك قىلىپ ياراتتى، زوراۋان ۋە سەركەش قىلىپ ياراتمىدى» دېدى.

ئىبنى ئەدىي ئەنەس ئىبنى مالىكتىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن پەقەت بىر قۇلمەن. قۇل ئولتۇرغاندەك ئولتۇرىمەن. (تاماقنى)

---

(1) سەھىھ بۇخارى، **5421** ـ ھەدىس.

قۇل يېگەندەك يەيمەن ››.

تاماقنى بەك قىززىق يېمەسلىك ۋە پۈرىماسلىق لازىم. ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايناۋاتقان بىر قاچىنىڭ يېنىغا كېلىپ: ‹‹ شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللە بىزگە ئوتنى تاماق قىلىپ بەرمىدى ›› دېگەن.

<ئەلھىلىيە> ناملىق كىتابتا ئەبۇنۇئەيمدىن رىۋايەت قىلىنىپ مۇنداق دېيىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داغلاشنى ۋە بەك قىززىق تاماقنى ياقتۇرمايتتى. ئۇ مۇنداق دەيتتى: ‹‹ سوغۇق تاماق يېيىشنى ئۆزەڭلارغا لازىم تۇتۇڭلار. ئۇ بەرىكەتلىك بولىدۇ. بىلىڭلاركى، قىززىق تاماقتا بەرىكەت يوق ››.

<ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن> ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: ‹‹ قىززىق تاماقنى ( سوۋۇتۇش ئۈچۈن ) پۈۋلەشكە بولمايدۇ. ئۇ مەنئى قىلىنغان ئىشتۇر ››. ئىراقى مۇنداق دەيدۇ: ‹‹ تاماق ۋە سۇغا پۈۋلەشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئۇنى يەنە ئىمام ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان ››. ئىراقى يەنە: ‹‹ كىمكى داستىخاندىن چۈشۈپ كەتكەن تاماقنى يېسە، مەمۇرچىلىق ئىچىدە ياشايدۇ ۋە بالىسىنىڭ گۇناھلىرى ئەپۇ قىلىنىدۇ ›› دېگەن ھەدىس ھەققىدە: ‹‹ ئۇ ئۈچىغا چىققان مۇنكەر ( تونۇلمىغان، رەت قىلىنىدىغان ) ھەدىستۇر ›› دېگەن.

تاماق يەۋاتقاندا گەپ ـ سۆز قىلماستىن يېيىش مەكروھتۇر. چۈنكى ئۇ ئۆتىپەرەسلەرگە ئوخشاپ قالغانلىق بولىدۇ. ياخشى گەپ قىلىش لازىم. تاماق يەۋاتقاندا ئۆلۈم، دوزاخ، كېسەل قاتارلىقلارغا ئوخشاش كۆڭۈلنى بىئارام قىلىدىغان سۆزلەرنى قىلىشقا بولمايدۇ.

قاچىدا قالغان تاماق قالدۇقلىرىنى تاشلىۋەتمەستىن يالاش لازىم. بىر ھەدىس شەرىپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹‹ كىمكى بىر قاچىدا تاماق يېسە، ئاندىن ئۇنى يالىۋەتسە، قاچا ئۇنىڭغا مەغپىرەت تىلەيدۇ ››[1].

بارماقلارنى قول سۈرتىدىغان بىرەر نەرسە بىلەن سۈرتۈشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭدىكى تاماق يۇقىندىلىرىنى يالاش سۈننەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاماق يەپ بولسا، بارماقلىرىنى ئۈچ قېتىم يالايتتى[2]. سەھىھ مۇسلىمدا جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس بولۇپ، ئۇنىڭدا بارماقلارنى ۋە قاچىلارنى يالاشقا بۇيرۇق قىلىنغان. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹‹ سىلەر تامىقىڭلارنىڭ قايسى يېرىدە بەرىكەت بارلىقىنى بىلمەيسىلەر ››.

(1) سەھىھ بۇخارى، 5376 ـ ھەدىس.

(2) ئىمام تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەھمەد، بەغەۋىي ۋە دارىقۇتنى رىۋايەت قىلغان.

ئەگەر ئېھتىياج بولغاندا ناننى پىچاق بىلەن كېسىش مەكروھ ئەمەس. تاماقنى ئۆزرە بولمىسىلا ئوڭ قولدا يېيىش لازىم. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئالغاندا، ئاياغ كىيگەندە، چاچ تارىغاندا ۋە باشقا بارلىق ئىشلىرىدا ئىمكان قەدەر ئوڭدىن باشلاشنى ياخشى كۆرەتتى»[1]. سول قولنىڭ ياردىمىگە تايىنىشنىڭ ھېچ يامىنى يوق. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناننى ئوڭ قولدا، تاۋۇزنى سول قولدا، يېگەن ئىدى[2].

ئۇشتۇلغان نان بار تۇرۇپمۇ، ساق ناننى يېيىش توغرا ئەمەس. تاماقنى يەرگە سېلىنغان داستىخانغا قويۇش تاماق يېيىشنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ لېگەندە تاماق يېگەنلىكىنى، نېپىز يېقىلغان ئاق نان يېگەنلىكىنى ۋە شىرە ئۈستىدە تاماق يېگەنلىكىنى بىلمەيمەن»[3].

ئەگەر تاماق ھالال بولسا، باشلىغاندا بىسمىللاھ دېيىش، تۈگەتكەندە ئەلھەمدۇلىللاھ دېيىش سۈننەتتۇر. بىر ھەدىس شەرىپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، تاماق يېگەن ياكى سۇ ئىچكەندىن كېيىن بۇ نېمەت ئۈچۈن الله غا ھەمدى ئېيتقان (يەنى ئەلھەمدۇلىللاھ) دېگەن بەندىدىن الله ئەلۋەتتە رازى بولىدۇ»[4].

تاماقتىن ئىلگىرى قولنى يۇيۇش سۈننەتتۇر. يۇغاننىڭ ئىزى كېتىپ قالماسلىق ئۈچۈن قولنى بىرەر نەرسە بىلەن سۈرتمەسلىك كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «تاماقتىن ئىلگىرى ۋە تاماقتىن كېيىن قول يۇيۇش تاماقنىڭ بەرىكىتىدۇر»[5]. يەنى ئىككى قولنى بېغىشىغىچە يۇيۇش كېرەك. تاماقتىن ئىلگىرى بىر قولنى ياكى بىر قولنىڭ بارماقلىرىنى يۇيۇش كۇپايە قىلمايدۇ. تاماقتىن كېيىن بارماقلارنى يالاش كۇپايە قىلىدۇ[6]. لېكىن يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، يەنىلا يۇيۇش سۈننەتتۇر.

بارماقلىرىنى يالىۋاتقانغا قەدەر قولنى يۇماسلىق ياكى سۈرتۈۋەتمەسلىك كېرەك. ئىمام مۇسلىم ئەنەس ۋە جابىردىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ بىرەر چىشلەم يېمەكى

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

(2) ئىمام ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

(3) ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

(4) ئىمام بۇخارى، تىرمىزى ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.

(5) ئىمام مۇسلىم، نەسائى ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

(6) ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

يەرگە چۈشۈپ كەتسە، ئۇنى ئېلىپ ئۇنىڭغا چاپلىشىۋالغان ئەخلەتنى ئېلىۋېتىپ يەۋەتسۇن. ئۇنى شەيتانغا تاشلاپ بەرمىسۇن. بارماقلىرىنى يالىۋەتمەي تۇرۇپ قولىنى بىرەر نەرسە بىلەن سۈرتمىسۇن. چۈنكى ئۇ تامىقىنىڭ قايسى يېرىدە بەرىكەت بارلىقىنى بىلمەيدۇ».

<ئەلھەمدۇ> سۆزىنى دېگەندە يۇقىرى ئاۋازدا دېمەيدۇ. پەقەت ھەمراھلىرى تاماق يەپ بولغاندا يۇقىرى ئاۋازدا دېسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر دەسلەپتە بىسمىللاھ دېيىشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا، «بىسمىللاھى ئەۋۋەلەھۇ ۋە ئاخىرەھۇ» دېسۇن.

تاماق يېيىشتىن ئىلگىرى ئېغىزنى چايقاش سۈننەت ئەمەس. لېكىن جۇنۇب كىشىنىڭ ئېغىزنى چايقاشتىن ئىلگىرى تاماق يېيىشى مەكروھتۇر. ئەكسىچە ھەيزدار ئايالغا مەكروھ بولمايدۇ.

تاماقتىن ئىلگىرى ياشلارنىڭ قولىغا، تاماقتىن كېيىن ياشانغانلارنىڭ قولىغا بالدۇر سۇ بېرىلىدۇ. چۈنكى ياشلار كۆپرەك تاماق يەيدۇ. نەتىجىدە ياشانغانلارنىڭ تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن ياشلارنى كۈتۈپ تۇرۇشى كېلىپ چىقماسلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تاماقتىن كېيىن ئەكسىچە بولىدۇ (يەنى ياشانغانلارنىڭ قولىغا بالدۇر سۇ بېرىلىدۇ).

تاماق قويۇشنى ياش ۋە ئىلىمدە چوڭ كىشىدىن باشلايدۇ. ئەگەر ئىككى ئادەم مېھماندارچىلىققا چاقىرغان بولسا، ئۇلارنىڭ مەرتىۋىلىرى تەڭ بولغان تەقدىردە، ئۆزىگە قايسىسىنىڭ ئىشىكى يېقىن بولسا شۇنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، دوستلۇق ۋە كۆيۈمچانلىق جەھەتتە قايسىسى يېقىن بولسا شۇنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ.

## مېھمان قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى

مېھمان قىلىش پەيغەمبەرلەر (اللہ ئۇلارغا رەھمەت ۋە سالاملار يوللىسۇن!) سۆيەتلەنگەن ئېسىل ئەخلاقلاردىن بىرىدۇر. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ئىبراھىمنىڭ ھۆرمەتلىك مېھمانلىرىنىڭ خەۋىرى يەتتىمۇ؟»[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ساھابىلارنى نۇرغۇن ھەدىسلەردە مېھمانلارنى مېھمان قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن. شۇ ھەدىسلەرنىڭ بىرى ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىس بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى اللہ غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرسە، قوشنىسىغا ئەزىيەت يەتكۈزمىسۇن. كىمكى

(1) «ئەلھەدىييە ئەلئەلائىييە» 218 ـ بەت.

اللە غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرسە، مېھمىنىنى ھۆرمەت قىلسۇن. كىمكى اللە غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرسە، ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى شۈك تۇرسۇن»[1].

بۇ ھەدىسنىڭ زاھىرىي مەنىسى مېھمىنىنى ھۆرمەتلىمىگەن كىشىدە ئىمان يوقلۇقىنى ئىپادىلەيدۇ. لېكىن ئۇ مەنە مۇتلەق كۆزدە تۇتۇلماي بەلكى ئۇنىڭدىن مۇبالىغىلەشتۈرگەنلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، بىرىنىڭ: «ئەگەر سەن ئوغلۇم بولساڭ، ماڭا ئىتائەت قىلغىن» دېگەن سۆزىگە ئوخشاش. ئۇ، بۇ سۆزنى ئوغلىنى ئىتائەت قىلىشقا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن ئېيتقان. ئوغلىنىڭ ئىتائەت قىلمىغانلىقى ئوغلى ئەمەسلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ[2].

تاماقنى تېز ئەكىلىش مېھماننى ھۆرمەتلىگەنلىكتۇر. ئەگەر مېھمانلار ھازىر بولۇپ، بىر ياكى ئىككى ئادەم بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن كېچىكىپ قالسا، كېلىپ بولغانلارنى مېھمان قىلىش ئەۋزەلدۇر. پەقەت كېچىكىپ قالغۇچى كەمبەغەل ياكى تاماقنىڭ ئۆزى كەلمەي تۇرۇپ تاماق تارتىلىشتىن كۆڭلى يېرىم بولىدىغان ئادەم بولسا، ساقلاشنىڭ ھېچ يامىنى يوق. مۇنداق بىر مىسال بار: ئۈچ ئىش كىشىنى تىت ـ تىت قىلىپ قويىدۇ؛ بىرى كېچىكىپ كەلگەن ئەلچى، ئىككىنچىسى ياخشى يورىمايدىغان چىراغ، ئۈچىنچىسى بىرلىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان تاماق.

مېھمان پەقەت ئۆي ئىگىسىنىڭ رازىلىقى ۋە رۇخستى بىلەنلا چىقىدۇ. بۇ تۇرۇشتا دىلىغا كۆرە ئىش قىلىش لازىم. شۇڭا ئۆي ئىگىسىنىڭ يېنىدا ئۇنى مالاللىقتا تاشلاپ قويغىدەك دەرىجىدە ئۇزۇن تۇرىۋالماسلىق كېرەك. ئەبۇشۇرەيھ كەئبىدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى اللە قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمام كەلتۈرسە، مېھمىنىنى ياخشى كۈتىۋالسۇن. مېھماننىڭ مۇكاپاتى بىر كېچە ـ كۈندۈز كۈتۈشتۇر. مېھمان قىلىش ئۈچ كۈندۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن كۈتۈش ئۆز ئىگىسىگە سەدىقە بولىدۇ. مېھماننىڭ ئۆيدە ئۇزۇن تۇرۇۋېلىپ ئۆي ئىگىسىنى مالاللىقتا تاشلاپ قويۇشى دۇرۇس بولمايدۇ»[3].

مېھمان تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن پاراڭغا چۈشۈپ ئولتۇرۇۋالماسلىق كېرەك. پەقەت ئۆي ئىگىسى ئولتۇرغۇزىۋالسا ھېچقىسى يوق. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن تارقاپ كېتىڭلار»[4]. مېھمانلار تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن قايتىشقا رۇخسەت سورىسا، ئۇلارنى تۇتۇۋالماسلىق كېرەك. چۈنكى

(1) سۈرە زارىيات، 24 ـ ئايەت.

(2) سەھىھ بۇخارى، 6136 ـ ھەدىس.

(3) «فەتھۇلبارى» 10 ـ توم، 533 ـ بەت.

(4) سەھىھ بۇخارى، 6135 ـ ھەدىس.

مۇنداق قىلىش ئۇلارغا ئېغىر كېلىپ قېلىشى مۇمكىن.

بىر ئۆيدىن بالىنى قويۇپ قويۇپ ئاتىنى، قېرىندىشىنى قويۇپ قويۇپ يەنە بىر قېرىنداشنى، ئەگەر ھەر ئىككىلىسى چوڭ بولغان تەقدىردە، چاقىرىشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىپ بېرىدۇ.

مېھماننىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقىنىڭ جۈملىسىدىن بىرى شۇكى، ئۇ سورۇندا ياخشى جاينى ئىگەللىۋالماسلىقى، تۆرگە چىقىۋالماسلىقى، بەلكى كەمتەر بولۇشى لازىم. فىقھشۇناس ئەبۇلەيس مۇنداق دەيدۇ: «مېھمانغا ۋاجىپ بولىدىغان تۆت خىل ئىش بولۇپ، قەيەردە ئولتۇرغۇزسا شۇ يەردە ئولتۇرۇشى، ئالدىغا قويۇلغان نەرسىگە رازى بولۇشى، ئۆي ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن تۇرماسلىقى، ئۆيدىن چىققاندا ئۆي ئىگىسىگە دۇئا قىلىشى كېرەك».

مېھمانلارنى ئۇزۇن ساقلىتىۋەتمەسلىك، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئوڭشاپ ئولتۇرۇپ بولغىچىلىك تاماقنى ئالدىرىتىپ ئېلىپ كەلمەسلىك، كېيىن كەلگەنلەر بۇرۇن كېلىپ بولغانلارنى تار يەرگە قىستاپ قويماسلىق، ئەگەر ئۆي ئىگىسى جاي كۆرسەتسە، قارشىلىق قىلماستىن چوقۇم كۆرسۈتۈلگەن شۇ جايغا بېرىپ ئولتۇرۇش، ئەگەر مېھمانلاردىن بىرى ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۆرگە چىقىشنى تەكلىپ قىلسا، كەمتەرلىك قىلىپ ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئورۇندا ئولتۇرۇش كېرەك.

تاماقنى باش بارماق، كۆرسەتكۈچ بارماق ۋە ئوتتۇرا بارماقتىن ئىبارەت ئۈچ بارماق بىلەن يېيىش لازىم. ئىمام تىرمىزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاماقنى شۇ ئۈچ بارمىقىدا يەيدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان. تاماقنى بىر بارماقتا يېيىش ياخشى ئىش ئەمەس. ئىككى بارماقتا يېيىش تەكەببۇرلۇقتۇر. ئۈچ بارماقتا يېيىش سۈننەتتۇر. تۆت ۋە بەش بارماقتا يېيىش ئاچكۆزلۈكتۇر.

كۆزنى ئالدىدىكى يەيدىغان تامىقىغا تىكىشى، ئوڭغا ۋە سولغا قارىماسلىقى، تاماق يەۋاتقاندا كىشىلەرنىڭ يۈزلىرىگە قارىماسلىقى، ئۇلارنىڭ تاماق يېيىشىگە قاراپ تۇرۇۋېلىپ، ئۇلارنى خىجىل قىلماسلىقى، بەلكى كۆزنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا قارىتىپ، ئۆزى بىلەن مەشغۇل بولۇشى كېرەك.

تاماقنى ئاز ـ ئاز ئېلىپ يېيىشى، ئوبدان چايناشى، بېشىنى ئىگىز كۆتۈرۈۋالماسلىقى، ئاغزىنى ھەددىدىن زىيادە يوغان ئاچماسلىقى، بەدەنلىرىنى ۋە كىيىملىرىنى تۇتماسلىقى چۈشكۈرمەكچى ياكى يۆتەلمەكچى بولسا، يۈزىنى يان تەرەپكە بۇرۇشى ياكى قولى بىلەن ئاغزىنى توسۇشى لازىم. تاماق كېلىدىغان تەرەپكە قاراپ تۇرۇۋالماسلىقى، ئاغزىدىكى تاماقنى يۇتۇپ بولماي تۇرۇپ يەنە تاماق سالماسلىقى كېرەك.

ھەمراھىنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ مېھرىبانلىق كۆرسىتىشى، ھەمراھىدىن كۆپرەك يەۋېلىشنى مەقسەت قىلماسلىقى لازىم. تاماق ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئورتاق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەمراھىغا مۇۋاپىق بولمىغان تەقدىردە، ئارتۇق يەۋېلىش ھارامدۇر. بەلكى ئۇ ھەمراھىغا ئۆتۈنۈپ بېرىشنى يەنى بىر قاچىدا ئولتۇرۇپ تاماق يېگەن ھەمراھىدىن ئازراق يېيىشنى مەقسەت قىلىشى كېرەك.

بىر قېتىمدا ئىككى خورمىنى ئاغزىغا تەڭ سېلىشقا بولمايدۇ. پەقەت ھەمراھىنىڭ رازىلىقىغا ئۇيغۇن بولسا بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، ھەممىسى بىر قېتىمدا ئىككىدىن خورما يېيىشى ياكى شۇنداق قىلغۇچى باشقىلاردىن رۇخسەت ئېلىشى كېرەك. ئەگەر ھەمراھى تاماقنى ئاز يېسە، ئۇنى يېيىشكە تەكلىپ قىلىپ تۇرۇشى ۋە: «يېگىن» دېيىشى كېرەك. «يېگىن» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق تەكرارلاشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ چېكىدىن ئاشقانلىق بولىدۇ. تاماققا قەسەم قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ. چۈنكى ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «تاماق قەسەم قىلىشقا ئەرزىگىدەك قىممەتكە ئىگە نەرسىلەردىن ئەمەس».

تاماقتىن تۇرغاندا يول باشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئىچىدىن ئاچ قالغانلار ھەققىدە الله تائالانىڭ جازاغا تارتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ھالدا تۇرۇشى، تاماقتىن كېيىن الله تائالاغا ھەمدى ئېيتىشى كېرەك. ئەبۇئۇمامەدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ داستىخاندىن تۇرغاندا مۇنداق دەيدىغانلىقى بايان قىلىنغان: «سان ـ ساناقسىز، پاك ۋە مۇبارەك ھەمدۇسانالار الله قا بولسۇنكى، پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۇ تاماققا مۇھتاجمىز، ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايمىز، بىھاجەت بولالمايمىز». يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېگەن: «جىمى ھەمدۇسانالار بىزگە تاماق بەرگەن ۋە ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇرغان الله قا بولسۇن! ئى پەرۋەردىگارىمىز! جىمى ھەمدۇسانالار ساڭا بولسۇنكى، بىز ئۇ تاماققا مۇھتاجمىز، ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايمىز، بىھاجەت بولالمايمىز»[1].

ئىمام ئەبۇداۋۇدنىڭ ئەبۇسەئىدتىن قىلغان رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «جىمى ھەمدۇسانالار الله قا بولسۇنكى، ئۇ بىزگە تاماق بەردى، ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇردى ۋە بىزنى مۇسۇلمانلاردىن قىلدى». ئىمام ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى ئەبۇئەييۇبتىن مۇنداق رىۋايەت قىلغان: «جىمى ھەمدۇسانالار الله قا بولسۇنكى، ئۇ تاماق بەردى، سۇ بەردى، ئۇنى سىڭىشلىك قىلدى ۋە ئۇنىڭغا چىقىدىغان جاينى ياراتتى»[2].

تاماقتىن قورسىقىنى تويغۇزۇپ ئاندىن تۇرۇشى كېرەك. پەقەت نامازنىڭ ئوقۇلۇپ

(1) سۈرە ئەھزاب، 53 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) سەھىھ بۇخارى، 5458 ـ ھەدىس.

بولۇشىدىن ئەنسىرىسە، قورسىقى تويماستىن تۇرۇپ كەتسىمۇ بولىدۇ. داستىخان ئۈستىدە بىرەر ئادەم ئۇچۇن ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىدىن ئورنىدىن تۇرۇلمايدۇ. يول ئۈستىدە تاماق يېيىشكە بولمايدۇ. ئۆرە تۇرۇپ ياكى كېتىۋېتىپ تاماق يېيىشكىمۇ بولمايدۇ. بەزى ئالىملار ئۇنداق قىلىشنى ئەخلاقسىزلىق، پەسكەشلىك ھەمدە نەپسىنى تۇتالماسلىق دەپ ھېسابلىغان ۋە: «بۇ سۈپەت كىشىنى گۇۋاھلىق بېرىشكە يارىماس قىلىپ قويىدۇ» دېگەن.

ئىمام غەززالى <ئەلئىھيائ> ناملىق كىتابىتا مۇنداق دېگەن: «ئۇ ئىش يۇرتلارنىڭ ئادەتلەرىگە ۋە شەخسلەرنىڭ ئەھۋاللىرىغا قارىتا ھەرخىل بولىدۇ. كىمنىڭ ئۇ ئىشى باشقا ئەمەللىرىگە ئۇيغۇن بولمىسا، ئۇنى ئەخلاقسىزلىق ۋە ئاچكۆزلۈك دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. بۇ ئىش كىشىنى گۇۋاھلىق بېرىشكە يارىماس قىلىپ قويىدۇ. كىمنىڭ ئۇ ئىشى ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلىش ئادەتلىرىنى تاشلاشتا پۈتۈن ئەھۋاللىرىغا ۋە ئەمەللىرىگە ئۇيغۇن بولسا، كەمتەرلىك قىلغان ھېسابلىنىدۇ». بىزنىڭمۇ مۇشۇنداق دېيىشىمىز ئەۋزەلدۇر.

ئالدىغا قويۇلغان تاماقنى ۋە ئىچىملىكنى ئەيىبلىمەسلىك، لېكىن ئۇنى ياقتۇرسا يېيىش، ياقتۇرمىسا يېمەسلىك لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇنداق قىلاتتى. ئەبۇھۇرەيرە مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاماقنى ھەرگىز ئەيىبلىمەيتتى. ئەگەر ئۇنى ياقتارسا يەيتتى، ياقتۇرمىسا يېمەيتتى»[1].

نان ئۇۋاقلىرىنى يوللارغا قويۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. پەقەت چۈمۈلىلەرنىڭ يېيىشى ئۈچۈن قويۇپ قويسا بولىدۇ. قاراخىتايدا تاماق يېيىش چەكلەنگەن ئىشتۇر. دائىم دېگۈدەك بىر قېتىم تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن ئارقىدىن يەنە بىر قېتىم تاماق يېمەسلىك كېرەك. چۈنكى تاماق ئايرىم ـ ئايرىم يېيىلسە، كېيىنكى تاماق دەسلەپتىكى تاماقنىڭ سىڭىپ بولۇشىدىن ئىلگىرى كىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاشقازان بۇزۇلىدۇ. ئەگەر بىرىنىڭ يېنىدا مېھمان بولۇپ، ئۇنىڭ داستىخىنىدىكى تاماقتىن بىر لوقما ئېلىپ، شۇ داستىخاندا ئۆزى بىلەن بىللە ئولتۇرغان باشقا بىرىگە سۇنۇپ بەرسە، تاماق سۇنۇلغان كىشىنىڭ ئۇنى ئېلىشى دۇرۇس بولىدۇ. بۇ، كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنى باشقا داستىخاندىكى كىشىگە سۇنۇپ بەرسە، ئىككىنچى داستىخاندىكى تاماقنىڭ تۈرىدىن سۇنۇپ بەرگەن تەقدىردە دۇرۇس بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا دۇرۇس بولمايدۇ.

مېھمان بولغۇچى مۈشۈككە تاماق بەرسە بولىدۇ، ئىتقا بەرسە، گەرچە ئۇ ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىتى بولغان تەقدىردىمۇ دۇرۇس بولمايدۇ. تىلەمچىگىمۇ، بىرەر ئېھتىياج

---

(1) «فەتھۇلبارى» 9 ـ توم، 581 ـ بەت.

ئۇچۇن كەلگەن كىشىگىمۇ مېھمان تاماق بەرمەيدۇ. مېھمانلارنىڭ ئېشىپ قالغان تاماقنى ئېلىپ كېتىشىگىمۇ بولمايدۇ. مېھماننىڭ ئۆي ئىگىسىدىن سۇ ۋە تۇزدىن باشقا نەرسىنى تەلەپ قىلىشى توغرا ئەمەس.

بىر قىسىم سەلەپ ئالىملىرى مېھماننىڭ ئۆي ئىگىسىنى ئاشكارا قىيىنچىلىققا سېلىپ قويىدىغان نەرسىلەرگە تەكلىپ قىلىشنى مەكرۇھ دەپ قارىغان. چۈنكى مۇنداق قىلىش ئۆي ئىگىسىنىڭ مېھمانغا بولغان ئىخلاسىنى ۋە ئۇنى تولۇق خۇشاللىق بىلەن كۈتۈشنى چەكلەپ قويىدۇ. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى مېھمان ئۇچۇن ئارتۇقچە كايىپ كېتىشتىن توسقان»[1]. بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان سەھىھ بۇخارىنىڭ ھەدىسىمۇ بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ. ئۇ ھەدىستە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بىز مېھمان ئۇچۇن ئارتۇقچە كايىپ كېتىشتىن مەنئى قىلىندۇق».

مېھماننىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقىنىڭ جۈملىسىدىن بىرى شۇكى، ئۇ ئۆي ئىگىلىرىگە قارىتا مەخسۇس تاماق تەكلىپىدە بولماسلىقى، بىرەر نەرسىنىڭ ئۆزىنى كەسكىنلىك بىلەن تەلەپ قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى ساھىبخانىغا ئۇنى تەييارلاش قىيىن بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. جاپا بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەندە ئەھۋال مۇشۇنداق بولىدۇ. ئەمما مەخسۇس تاماق تەكلىپىدىن ساھىبخان خۇشاللىنىدىغان ۋە ئۇنى تەييارلاش ئاسان بولىدىغان شارائىتتا، تەكلىپ قىلىش مەكرۇھ ئەمەس، بەلكى شۇنداق قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

مېھمان قىلغۇچىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماستىن، باشقا بىرىنى مېھماندارچىلىققا ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ. ئەگەر چاقىرىلغۇچىغا چاقىرىلمىغان بىر ئادەم ئەگىشىۋالسا، ئۇنىڭغا رۇخسەت بەرمەسلىك ۋە ئۇنى مەنئى قىلىش لازىم. ئەگەر ساھىبخانىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارسا، ئەگىشىۋالغان ئادەمگە رۇخسەت بېرىشى ياكى مەنئى قىلىش ئۇچۇن ئۇنى ساھىبخانىغا بىلدۈرۈش لازىم.

ئەبۇمەسئۇد ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەنسارىلار ئىچىدە ئەبۇشۇئەيب ئىسىملىك بىر ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ قاسساپچىلىق قىلىدىغان بىر ئوغلى بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇرۇقىدىن ئۇنىڭ ئاچقورساق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. ئاندىن ئۇ ئوغلىغا: سېنىڭ ھالىڭغا ۋاي! بىزگە بەش كىشىلىك تاماق قىلغىن، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بەش كىشىنىڭ بەشىنچىسى قىلىپ چاقىرماقچى دېدى. ئوغلى تاماق قىلدى. ئەنسارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

(1) سەھىھ بۇخارى، 5409 ـ ھەدىس.

قېشىغا كېلىپ، ئۇنى بەش كىشىنىڭ بەشىنچىسى قىلىپ چاقىردى. ئۇلارغا بىر ئادەم ئەگىشىۋالدى. دەرۋازا ئالدىغا يېتىپ بارغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ ئادەم بىزگە ئەگىشىۋالدى. ئەگەر خالىساڭ، ئۇنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىل. خالىمىساڭ قايتىپ كەتسۇن» دېدى. ئەنسارى: قانداقمۇ ياق دەي! ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇمۇ كەلسۇن، دېدى[1].

مېھماندارچىلىقنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرىدىن يەنە بىرى شۇكى، ساھىبخان مېھمان چاقىرغاندا مېھمان بولغۇچى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېلىشنى خالايدىغان كىشىنىمۇ چاقىرىشى كېرەك. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر پارس قوشنىسى بولۇپ، شورپا سېلىشقا ئۇستا ئىدى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن شورپا سالدى. ئاندىن ئۇنى چاقىرغىلى كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۇمۇ كېلەمدۇ؟» دېدى. ئۇ ئادەم: ياق، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق بولسا مەنمۇ بارمايمەن» دېدى. ئۇ ئادەم ئۇنى چاقىرىپ يەنە كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇمۇ كېلەمدۇ؟» دېدى. ئۇ ئادەم: ياق، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق بولسا مەنمۇ بارمايمەن» دېدى. ئۇ ئادەم ئۇنى چاقىرىپ يەنە كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇمۇ كېلەمدۇ؟» دېدى. ئۇ ئادەم ئۈچىنچى قېتىمدا: ھەئە، دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىككىسى ئورنىدىن تۇرۇپ بىرلىكتە ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى[2].

ساھىبخانىنىڭ مېھمانغا بەك چىڭ تۇرىۋالماستىن: «يېگىن، ئالغىن» دېيىشى ۋە ئۆز قولى بىلەن ئۇنىڭغا تاماق ئېلىپ بېرىشى مۇستەھەپتۇر. مانا بۇ چىرايلىق مۇئامىلە قىلغانلىق ۋە مېھماننى ئىززەتلىگەنلىك بولىدۇ.

مېھمانغا چاقىرغاندا تۇغقانلىرىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك. چۈنكى ئىمام مۇسلىم سەھىھ مۇسلىمدا مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: «ئالدى بىلەن ئۆزەڭدىن باشلاپ، ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغىن. ئەگەر بىرەر نەرسە ئېشىپ قالسا، ئائىلەڭدىكىلەرگە بەرگىن. ئەگەر ئائىلەڭدىكىلەردىنمۇ ئېشىپ قالسا، تۇغقانلىرىڭغا بەرگىن. ئەگەر تۇغقانلىرىڭدىنمۇ ئېشىپ قالسا، مۇشۇ تەرتىپ بويىچە بەرسەڭ بولىدۇ».

ساھىبخانىنىڭ مېھمانلار بىلەن ئۇلار خالىمايدىغان كىشىنى بىللە ئولتۇرغۇزۇشى توغرا ئەمەس. خالىمىغان كىشى بىلەن بىرگە تاماق يېيىشكەندە تاماقنى چالا يېيىشكە

(1) ئىمام ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

(2) سەھىھ مۇسلىم، 2036 ـ ھەدىس.

سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. مېھمانىنىڭ ساھىبخانىدىن تاماقنىڭ ھالال ياكى ھارامدىن كەلگەنلىكىنى سوراش ھەققى يوق. ئەگەر مېھمان تاماقنى ئۆز ئۆيىدە يېگەن مىقداردا يېسە، ئىنساپ قىلغانلىق بولىدۇ. ئۆيىدە يېگەن مىقداردىن جىقراق يېسە، ئىلتىپاتقا ئېرىشكەن بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن ئاز يېسە، ئىككى يۈزلۈك قىلغانلىق بولىدۇ.

ساھىبخان مېھمانلارنىڭ ئالدىدا خىزمەتچىسىگە ئاچچىقلانماسلىقى كېرەك. ئۇنداق قىلسا ئۇلارنى ۋەھىمە بېسىۋالىدۇ. بەك كەمسۆزمۇ بولىۋالماسلىقى لازىم. مېھماننى دەپ ئائىلىسىدىكىلەرگە بېخىللىق قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئىززەتلىنىشكە ئەڭ ھەقلىق كىشىلەردۇر[1]. لېكىن بۇ اللە تائالانىڭ مۇنۇ ئايەتتىكى سۆزى بىلەن قارشىلىشىپ قالىدۇ: «ئۇلار مۇھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئىتى) دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر»[2].

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا ئاچارچىلىق يەتتى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەيدىغان نەرسە سوراپ ئاياللىرىغا ئادەم ئەۋەتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ يېنىدىمۇ يېگۈدەك بىرەر نەرسە تېپىلمىغاندىن كېيىن: «بۇ كىشىنى بۇ كېچە مېھمان قىلىدىغان بىرەر ئادەم يوقمۇ؟ اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلاتتى» دېدى. ئەنسارىلاردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنى مەن مېھمان قىلاي، دېدى. ئاندىن ئۇ كىشىنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، ئايالىغا: بۇ اللە نىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھمىنىدۇر. ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى ئايىماڭ، دېدى. ئايالى ئۇنىڭغا: اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۆيدە كىچىك باللار يەيدىغان نەرسىدىن باشقا نەرسە يوق، دېدى. ئۇ: باللار كەچلىك تاماقنى يېمەكچى بولغاندا ئۇلارنى ئۇخلىتىپ قويۇڭ. ئاندىن قېشىمغا كېلىپ چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىڭ. بۇ كېچە قورسىقىمىزنى قاتلاپ ئۇخلايلى (يەنى ئاچقورساق ياتايلى)، دېدى. ئايالى شۇنداق قىلدى. ئەتىسى ئۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللە تائالا پالانى ئەر بىلەن پۇكۇنى ئايالنىڭ قىلغان ئىشىغا كۈلۈپ كەتتى (يەنى ئۇلاردىن مەمنۇن بولدى)» دېدى. شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا: «ئۇلار مۇھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئىتى) دىن ئەلا بىلىدۇ» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى[3].

(1) سەھىھ مۇسلىم، 2027 ـ ھەدىس.

(2) «ئەلھىدىييە ئەلئەلائىييە» ناملىق كىتابتىن.

(3) سۈرە ھەشر، 9 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ساھىبخانىنىڭ مېھمانغا ئۆزى خىزمەت قىلىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ نەجاشىنىڭ ئەلچىلىرىگە شۇنداق قىلغان ئىدى. مېھمىنىنىڭ قولىغا ئۆز قولى بىلەن سۇ قويۇپ بېرىش مېھماننى ئىززەتلىگەنلىكتۇر. ئىمام شافىئى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) <مۇۋەتتەئ> ناملىق كىتابنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىمام مالىكنىڭ (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ ئۆيىگە دەسلەپتە چۈشكەندە ئىمام مالىك ئىمام شافىيغا مۇشۇنداق قىلغانىدى ۋە ئۇنىڭغا: «كۆرگەنلىرىڭ سېنى ھەيرەتتە قالدۇرمىسۇن. مېھماننىڭ خىزمىتىنى قىلىش ھەقىقەتەن پەرزدۇر» دېگەنىدى.

# ئالتۇن ۋە كۈمۈشنى ئىستىمال قىلىشنىڭ ھاراملىقى

ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىدا تاماق يېيىش، بىر نەرسە ئىچىش، مايلىنىش ۋە خۇشپۇراق ئىشلىتىش ئەرلەر ۋە ئاياللار ئۈچۈن مەكرۇھتۇر. چۈنكى بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىس شەرتسىز بايان قىلىنغان. ئاياللار ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىلاردا يەپ ـ ئىچىش، مايلىنىش، ئەرلەرنىڭ مەرتىۋىسىدە ئولتۇرۇش قاتارلىق ئىشلاردىن باشقا ئىشلاردا تاۋار ۋە يىپەكتىن كىيىم كىيسە، ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مەرۋايىت قاتارلىقلاردىن زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىسا، ھېچ گۇناھ يوق[1].

بەرائ ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى يەتتە تۈرلۈك ئىشتىن توستى؛ بىزنى ئالتۇن ئۈزۈك سېلىشتىن (ئالتۇن ھالقا سېلىشتىن دەپمۇ، كەلگەن)، يىپەك، تاۋار، دۇردۇن رەختلەردىن كىيىم كىيىشتىن (ئەرلەش ئۈچۈن)، قىزىل ياستۇق ئىشلىتىشتىن، ناچار تەڭگە ۋە كۈمۈش قاچا ئىشلىتىشتىن توستى. ئۇ بىزنى يەتتە تۈرلۈك ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇدى؛ كېسەل يوقلاشقا، جىنازىگە ئەگىشىشكە، چۈشكۈرگۈچىگە جاۋاب قايتۇرۇشقا، سالامنى ئىلىك ئېلىشقا، چاقىرغان يەرگە بېرىشقا، قەسەمگە ئەمەل قىلىشقا ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا ياردەم بېرىشكە بۇيرۇدى».

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالتۇندىن بىر ئۈزۈك سالدى. ئۈزۈكنىڭ كۆزىنى ئالقىنى تەرەپكە ئۆرۈۋالدى. بۇنى كۆرگەن كىشىلەرمۇ ئۈزۈك سېلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئېتىۋېتىپ، كۈمۈشتىن ئۈزۈك سالدى»[2].

ئالتۇن ئۈزۈك سېلىشتىن چەكلىنىش ئاياللارغا ئەمەس، ئەرلەرگىلا خاستۇر.

(**1**) سەھىھ بۇخارى، **4889** ـ ھەدىس.

(**2**) «رەددۇلمۇھتار» **5** ـ توم، **217** ـ بەت.

ئۇنىڭ ئاياللارغا مۇباھ ئىكەنلىكىگە پۈتۈن ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكى نەقىل قىلىنغان. ئىبنى ئەبۇشەيبە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: نەجاشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر تون ھەدىيە قىلدى. ئۇ توندا بىر ئالتۇن ئۈزۈك بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ھەدىيەنى قوبۇل قىلدى، لېكىن ئۇ ئۈزۈكنى ئۆزى ئالماي قىزىنىڭ قىزى ئۇمامەنى چاقىرىپ: «ئۇ ئۈزۈكنى سىز سېلىڭ» دېدى.

ئىبنى دەقىق ئەلئىيدى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ چەكلىمىنىڭ زاھىرىي مەنىسى ھارام قىلىشتۇر. ئۇ پۈتۈن ئىماملارنىڭ قارىشىدۇر. ئۇ ئىش مۇشۇنداق مۇقەررەرلىشىپ كەتتى».

قازى ئىياز مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ بەكرى ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەمر ئىبنى ھەزمىنىڭ ئالتۇن ئۈزۈك سالغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتكە كەلسەك، ئۇ ناھايىتى ئاز يۈز بەرگەن ئىشلاردىن ھېسابلىنىدۇ. بەلكى ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا بۇ ھەقتىكى سۈننەت يېتىپ بارمىغاندەك قىلىدۇ. كېيىن ئالىملار ئالتۇن ئۈزۈك سېلىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن. ئۇنى خەبباتتىن رىۋايەت قىلىنغان مۇشۇ ھەقتىكى ۋەقەمۇ تەكىتلەپ ئۆتكەن بولۇپ، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد خەببابقا: ئەمما ھازىر بۇ ئۈزۈك تاشلىنىشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ دېگەندە، خەبباب: بۈگۈندىن كېيىن ئۇنى مېنىڭدە ھەرگىز كۆرەلمەيسەن، دېگەن. دېمەككى بۇندىن بۇرۇن بۇ چەكلىمە ئۇنىڭغا يەتمىگەندەك قىلاتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا يەتكەن ھامان ئۇ قىلغان ئىشىدىن دەرھال يانغان»[1].

ئەبۇمۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يىپەك كىيىملەر ۋە ئالتۇن بۇيۇملار ئۈممىتىمنىڭ ئەرلىرىگە ھارام، ئاياللىرىغا ھالال قىلىندى»[2].

ئۇقبە ئىبنى ئامىردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىلىسىدىكىلەرنى زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاشتىن، يىپەك كىيىملەرنى كىيىشتىن توساتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: «ئەگەر سىلەر جەننەتنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاشنى ۋە ئۇنىڭ يىپەك كىيىملىرىنى كىيىشنى ياخشى كۆرسەڭلار، ئۇنى دۇنيادا تاقىماڭلار ۋە كىيمەڭلار». بۇ ھەدىسنى ئىمام نەسائى رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس ئۇ نەرسىلەرنى ئىشلىتىشنىڭ ھاراملىقىنى ئەمەس، بەلكى تەقۋادارلىق قىلىش سەۋەبىدىن شۇنداق قىلىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، ئائىشە

(1) سەھىھ بۇخارى، 5862 ـــ ۋە 5865 ـ ھەدىسلەر.

(2) «فەتھۇلبارى» 10 ـ توم، 317 ـ بەت.

رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئالتۇن ئۈزۈك سالاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ قىزى زەينەبنىڭ قىزى ئۇمامەگە ئالتۇن ئۈزۈك سېلىپ قويغان...

ئەسمائ بىنتى يەزىدتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قايسىبىر ئايال بويىنغا ئالتۇندىن زىننەت بۇيۇمى تاقىسا، الله ئۇنىڭ بويىنغا شۇ بۇيۇم بىلەن تەڭ ئوت تاقاپ قويىدۇ. قايسىبىر ئايال قۇلىقىغا ئالتۇندىن ھالقا سالسا، الله قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا شۇ ھالقا بىلەن تەڭ ئوت سېلىپ قويىدۇ». بۇ ھەدىسنىمۇ ئىمام نەسائى رىۋايەت قىلغان.

ھۇزەيفەنىڭ ھەمشىرىسىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇنىڭ تەپسىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ئايال مۇنداق دېگەن: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە خۇتبە ئوقۇپ مۇنداق دېدى: «ئى ئاياللار جامائەسى! كۈمۈشتىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىنى خالىغىنىڭلارچە تاقىساڭلار ھېچ گەپ يوق. ئەمما سىلەردىن قايسىبىر ئايال ئالتۇندىن زىننەت بۇيۇمى تاقاپ، ئۇنى ئاشكارا كۆرسەتسىدىكەن، ئۇنىڭ سەۋەبىدىن ئازابقا دۇچار بولىدۇ». بۇ ھەدىسنىمۇ ئىمام نەسائى رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىس ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاشنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، ئۇنى پەخىرلىنىش ئۈچۈن باشقىلارغا كۆز ـ كۆز قىلىشنى كۆزلەپ ئاشكارا تاقاپ چىقىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاشنىڭ ئۆزىدە مەسىلە يوق[1].

ئاياللارنىڭ ئالتۇندىن ھەرتۈرلۈك زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىشى دۇرۇستۇر. ئۇلار ئۈزۈك، ھالقا، بىلەيزۈك، پۇت بىلەيزۈكى، بويۇنچاق، بۇلاپكا، زەنجىر ۋە باشقىلارغا ئوخشاش زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىسا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالتۇن ۋە كۈمۈش ئاياق كىيىشىنىڭ دۇرۇس بولۇش ياكى بولماسلىقىدا ئىككى خىل قاراش بولۇپ، بەكراق توغرا بولغىنى باشقا كىيىملەرگە ئوخشاش دۇرۇس بولىدۇ. ئىككىنچى قاراش شۇكى، ئىسراپچىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ھارام بولىدۇ[2].

بەزى ئالىملار ئالتۇن ۋە كۈمۈشنى تۆمۈر قالپاقتا ئىشلىتىشنى مۇستەسنا قىلغان. ئۇنى تۆمۈر كىيىمگە ۋە جەڭچى ئۈزۈشتا ئىككى بىلىكىگە تاقايدىغان نەرسىگە ئالتۇن ۋە كۈمۈش ئىشلىتىش زۆرۈرىيەت ھېسابلىناتتى. ھەممىگە مەلۇمكى، ھازىرقى دەۋرىمىزدە بۇ خىلدىكى ئۈزۈش قوراللىرىنى ئىشلىتىش ئەمەلدىن قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇ تۆمۈر كىيىملەرگە بولغان زۆرۈرىيەتمۇ قالمىدى.

ئەرلەرنىڭ ئالتۇن ۋە كۈمۈشنى بەدەنگە تېگىپ تۇرىدىغان نەرسىگە ئىشلىتىشى

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

(2) «ئىئلائۇسسۇنەن» 17 ـ توم، 292 ـ بەت.

ھارامدۇر. بىراق ئۇنى گۈزەللىك ئۈچۈن ياسالغان، لېكىن ئەسلا ئىشلىتىلمەيدىغان قاچىلارغا ئىستېمال قىلسا، ھېچ گۇناھ يوق. مەسىلەن، ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ياسالغان قاچىغا ئوخشاش. شۇنداقلا ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ياسالغان كارۋات ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان، يېپەكتىن ۋە شۇنىڭدەك ئېسىل رەختلەردىن تىكىلگەن كۆرپىلەر قاتارلىقلارنىڭمۇ ھېچ يامىنى يوق. بەلكى سەلەپلەر (ئىسلامنىڭ ئالدىنقى ئەسىرلىرىدە ياشىغانلار) شۇنداق قىلغان. ھەتتا ئىمام ئەبۇھەنىفەمۇ ئۇنىڭ ئۈستىدە ئوخلاشنى مۇباھ دەپ قارىغان. بۇ مەسىلە ئالدىمىزدا، كېيىم ـ كېچەك بۆلۈمىدە كېلىدۇ.

ئالتۇن ۋە كۈمۈش قوشۇقلاردا تاماق يېيىش، ئۇ ئىككىسىدىن ياسالغان كۆز پىلتىگۈچتە سۈرمە تارتىش ۋە شۇنىڭدەك ئىشلارنى قىلىش مەكروھتۇر. ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ياسالغان شىرەنى ئىشلىتىش، ئۇ ئىككىسىدىن ياسالغان چىلاپچا ياكى ئىبرىقتا تاھارەت ئېلىش، ئۇ ئىككىسىدىن تاشنىڭ ئورنىدا ئىستىنجا قىلىش (يەنى چالما تۇتۇش)، ئۇ ئىككىسىدىن ياسالغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇش قاتارلىقلار مەكروھ بولۇپ، بۇ ئىشلاردا ئەر ۋە ئايال ئوخشاشتۇر. شۇنداقلا سۈرمىدان، ئەينەك، قەلەم، رەڭ قۇتىسى ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەرنى ياسىغاندا كىشىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە ئالتۇن ۋە كۈمۈش دەسلەپتىلا ئىشلىتىلگەن بولسا، ئۇ نەرسىلەرنى ئىشلىتىشمۇ مەكروھتۇر[1].

# ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ياسالمىغان قاچىلارنى ئىستېمال قىلىشنىڭ ھۆكمى

مىس ياكى تۇشتىن ياسالغان قاچىلاردا سۇمۇق يالىتىشتىن ئىلگىرى تاماق يېيىش مەكروھتۇر. چۈنكى تاماققا دات ئارىلىشىپ كېتىپ، تەن سالامەتلىكىگە ناھايىتى چوڭ زىيان كەلتۈرىدۇ. ئەمما سۇمۇق يالىتىپ بولغاندىن تاماق يېيىش مەكروھ ئەمەس.

ئەڭ ياخشىسى تاماق يېگەندە ساپال قاچا ئىشلىتىش كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭدا ئىسراپچىلىق بولمايدۇ ۋە چوڭچىلىق قىلىشمۇ كېلىپ چىقمايدۇ. بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۆيىدە ساپال قاچا ئىشلەتكەن كىشىنى پەرىشتە زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ».

تۆمۈر، تۇچ، مىس، قوغۇشۇن، ياغاچ، ھېجىر قاتارلىق قاچىلارغا ئوخشاش ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ياسالمىغان قاچىلاردا تاماق يېيىش ۋە سۇ ئىچىش ھەممە

(1) «ئىنلائۇسسۇنەن» 17 ـ توم، 292 ـ بەت.

ئۈلاردىن پايدىلىنىشنىڭ ھېچ يامىنى يوق. شۇڭا مەزكۇر قاچىلاردا ۋە قوغۇشۇن، شىشە، كىرىستال، قاشتېشى قاتارلىقلاردىن ياسالغان قاچىلاردا تاماق يېيىش مەكروھ ئەمەس. لېكىن بۇنداق دېيىش ئىمام شافىئىنىڭ قارىشىغا خىلاپتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمراھى ئابدۇللاھ ئىبنى زەيدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ قېشىمىزغا كەلدى. بىز ئۇنىڭغا تۇشتىن ياسالغان كىچىك بىر قاچىدا سۇ ئېلىپ چىقىپ بەردۇق. ئۇ شۇ سۇدا تاھارەت ئالدى...» بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە بەيھەقى رىۋايەت قىلغان.

جەھشىنىڭ قىزى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چېچىنى تاراپ قۇياتتى. ئۇ بىر قېتىم مۇنداق دېدى: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىنى تۇش يالتىلغان تاغاقتا تاراپ قويغان ئىدىم». بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ئۆز كىتابىدا رىۋايەت قىلغان.

ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ياسالغان قاچىلاردىن باشقا قاچىلارنى سېتىپ ئېلىش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش مۇباھتۇر. مەيلى ئۇ ياقۇت، كىراستال، قاشتېشى ۋە شىشە قاتارلىق نەرسىلەردىن ياسالغان قىممەت باھالىق قاچىلار بولسۇن، مەيلى ياغاچ، ساپال، تېرە قاتارلىق نەرسىلەردىن ياسالغان ئەرزان باھالىق قاچىلار بولسۇن ئوخشاشتۇر. بارلىق ئالىملارنىڭ قارىشىدا مەزكۇر قاچىلارنى ئىشلىتىش مەكروھ ئەمەس. پەقەت ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ تۇش، مىس، قوغۇشۇن ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەردە ياسالغان قاچىلاردا تاھارەت ئېلىشنى مەكروھ، دەپ قارايدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. شەيخ ئەبۇل فەرەج مەقدىسى ئۇ قاراشنى تاللىغان. چۈنكى سۇ ئۇ خىل قاچىلاردا ئۆزگىرىپ قالىدۇ.

پەرىشتىلەرنىڭ مىسنىڭ پۇرۇقىنى يامان كۆرىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

ئىمام شافىئى بۇ مەسىلە ھەققىدىكى ئىككى قارىشىنىڭ بىرىدە مۇنداق دېگەن: «ماددىسى ئېسىل نەرسىدىن چىرايلىق قىلىپ ياسالغانلىقى ئۈچۈن قىممەت بولغان نەرسە ھارامدۇر. چۈنكى پۇللۇق نەرسىنىڭ ھارام قىلىنىشى ئۇنىڭدىن قىممەت نەرسىنىڭ ھارام قىلىنىشىنىغا ئىشارەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭدا ئىسراپچىلىق ۋە كۆز - كۆز قىلىش كېلىپ چىقىدۇ. كەمبەغەللەرنىڭ كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ پۇللۇق نەرسىلەرگە ئوخشاش ھارام بولىدۇ».

بىزنىڭ مەزھەپىمىز ئابدۇللاھ ئىبنى زەيدتىن رىۋايەت قىلىنغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇشتىن ياسالغان كىچىك قاچىدا تاھارەت ئالغانلىقى ھەققىدىكى ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ. ئىمام ئەبۇداۋۇد سۈنەنىدە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككىمىز تۇشتىن ياسالغان بىر داستا يۇيۇناتتۇق».

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ نەرسىلەر ئەسلىدە ھالالدۇر. شۇڭا ھالاللىقى پېتى قالىدۇ. ئۇنى قىممەتكە سۇندۇرۇپ قىياس قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇنى مەلۇم كىشىلەردىن باشقىلار بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇنى ئىشلىتىش بىلەن كەمبەغەللەرنىڭ كۆڭۈللىرى يېرىم بولمايدۇ. ئەمما قىممەت نەرسىلەر بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. نېمىشقا دېگەندە، بۇ قىممەت باھالىق نەرسىلەر ئاز تېپىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن قاچا ياساش ناھايىتى ئاز يۈز بېرىدۇ. شۇڭا ئۇنى مۇباھ دەپ قاراش ئۇنىڭدىن قاچىلارنى ياساپ ئىشلىتىشكە ئېلىپ بارمايدۇ[1].

## ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ھەل بېرىلگەن قاچىلارنى ئىشلىتىشنىڭ ھۆكمى

ئالتۇن ۋە كۈمۈش يالىتىلغان ۋە ئۇ ئىككىسى بىلەن بېزەلگەن ھەرقانداق قاچىلار <ھەل بېرىلگەن> دېيىلىدۇ.

ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ھەل بېرىلگەن قاچىلاردا سۇ ئىچىش، كۈمۈشتىن ھەل بېرىلگەن ئىگەر ئۈستىگە مىنىش، كۈمۈشتىن ھەل بېرىلگەن ئورۇندۇق ئۈستىدە ئولتۇرۇش قاتارلىقلار ھالالدۇر. لېكىن ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ھەل بېرىلگەن جايدىن يىراق تۇرۇش شەرت قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن شۇ نەرسىگە ئىشلىتىش مەقسەت قىلىنغان ئەزانى ئۇنىڭغا تەككۈزمەسلىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، سۇ ئىچكەندە ئېغىزنى ئىشلىتىش مەقسەت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن قولنى ئەمەس، ئېغىزنى ئۇنىڭدىن ساقلاش (يەنى تەككۈزمەسلىك) ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتقا ئىگەرنىڭ كۈمۈش يالىتىلغان يېرىدىن تۇتۇپ مىنسە، ھارام بولمايدۇ. بىزنىڭ سۆزىمىزنىڭ مەنىسى ئېغىزنىڭ جايىدا ئىگەر ۋە ئورۇندۇقتىن ساقلىنىش لازىم، دېگەنلىك بولمايدۇ.

شۇمۇ مەخپىي قالمىسۇنكى، سۆز كۈمۈش يالىتىلغان نەرسە ھەققىدە كېتىۋاتىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، بىز يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك، ھەممىسى كۈمۈشتىن ياسالغان نەرسىنى قايسى شەكىلدە ئىشلىتىشتىن قەتئىينەزەر ھارامدۇر. ئەگەر ئۇ بەدەنگە تەككۈزۈلمەي ئىشلىتىلگەن تەقدىردىمۇ ھارامدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتۇنغا كۈمۈش چوغىدا ئوت يېقىشمۇ ھارامدۇر. شۇنىڭغا ئوخشاشلا قەھۋە پىيالىسىنىڭ ئىچى، سائەتنىڭ ئىچى، سۇ ئېلىپ قويىدىغان ساپال قاچىنىڭ ئىچى قاتارلىقلار ئالتۇن ۋە كۈمۈش بولغان تەقدىردە، گەرچە ئۇلارغا قول ياكى ئېغىز تەگمىگەن بولسىمۇ، ھارامدۇر. چۈنكى ئۇلار ياسالغان مەقسەت ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بولىدۇ.

ئىمام تەھاۋىي مۇنداق دەيدۇ: «بىر قىسىم كىشىلەر شەرىئەتنى بۇرمىلاشقا جۈرئەت

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 217 ـ بەت.

قىلىپ، ئالتۇن ۋە كۈمۈشنى قاچىلارنىڭ ئىچىگە ئىشلىتىشنىڭ مۇباھ ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ۋە: ئۇنىڭغا ئېغىزنى تەككۈزۈشتىن ساقلانسىلا، قولدا تۇتۇشنىڭ ھېچ يامىنى يوق، دەپ بىلجىرلىغان. بۇ ناھايىتى چوڭ نادانلىقتۇر. بۇيۇك ۋە يۈكسەك الله تىن باشقا ھېچكىمنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى يوقتۇر. ئالتۇن ۋە كۈمۈش ئىشلىتىلگەن شىرە ۋە تاماق قاچىلىرىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئۇ ھەقىقەتەن ھارام قىلىنغان»[1].

# ئالتۇن ياكى كۈمۈش بىلەن قادالغان قاچىلارنى ئىشلىتىشنىڭ ھۆكمى

ئالتۇن ياكى كۈمۈش بىلەن قادالغان قاچىلارنى ئىشلىتىش دۇرۇستۇر. چۈنكى ئاسىم ئەھۋەلدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جېمىنى ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ قولىدا كۆرگەن ئىدىم. ئۇ قاچا دەز كەتكەن بولۇپ، ئۇنى كۈمۈش بىلەن زەنجىرلەپ قادىۋالغان ئىدى. ئۇ ناھايىتى ياخشى ياغاچتىن ياسالغان، كەڭرى ۋە ئېسىل قاچا ئىدى. ئەنەس مۇنداق دېدى: «مەن بۇ جامدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نۇرغۇن قېتىم سۇ بەرگەن ئىدىم». ئىبنى سىيرىن مۇنداق دېدى: «ئەسلىدە ئۇ جام تۆمۈر ھالقا بىلەن قادالغان ئىدى. ئەنەس ئۇنىڭ ئورنىغا ئالتۇن ياكى كۈمۈش ھالقا ئىشلەتمەكچى بولدى. شۇڭا ئەبۇتەلھە ئۇنىڭغا: <پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغان ئىشتىن ھېچ نەرسىنى ئۆزگەرتمىگىن> دېدى. شۇنىڭ بىلەن قاچا ئۆز پېتى قالدى»[2].

بۇ ھەدىستە كۈمۈش بىلەن قاداشنىڭ دۇرۇسلىقى، شۇنداقلا زەنجىر ۋە ھالقا بىلەن قاداشنىڭمۇ دۇرۇسقىلى بايان قىلىنغان. بۇ مەسىلىدە ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشقان. خەتتابى مۇنداق دەيدۇ: «ساھابىلەر ۋە تابىئىنلاردىن بىر قىسىم ئالىملار ئۇنى شەرتسىز ھالدا مەنئى قىلغان. ئىمام مالىك ۋە لەيسمۇ مۇشۇ قاراشنى تۇتقۇ قىلغان». ئىمام مالىكنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئەگەر قاداقچا كۈمۈشتىن ئازراق ئىشلىتىلگەن بولسا دۇرۇس بولىدۇ». ئىمام شافىئى ئۇنى مەكرۇھ، دەپ قاراپ مۇنداق دېگەن: «كۈمۈش ئۈستىدە ئىچىلىدىغان قىلىنماسلىقى كېرەك». بەزى ئالىملار ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن «كۈمۈش قاچىنىڭ ئىچى تەرىپىدە بولسا مەكرۇھ بولىدۇ» دېگەن خاسلىقنى ئوتتۇرىغا قويغان. ھەنەفي ئالىملىرىمۇ بۇنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويغان. ئىمام ئەھمەد، ئىسھاق ۋە ئەبۇسەۋر قاتارلىقلارمۇ مۇشۇ قاراشنى تۇتقۇ قىلغان.

ئىبنى مۇنزىر مۇنداق دەيدۇ: «كۈمۈش يالىتىلغان قاچا كۈمۈش قاچا ھېسابلانمايدۇ. شافىئى مەزھەپىدىكىلەرنىڭ قارىشىدا مۇقەررەرلەشكەن نەرسە شۇكى، ئەگەر كۈمۈش قاداق

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن» **17** ـ توم، **306** ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» **5** ـ توم، **219** ـ بەت.

زىننەت ئۈچۈنلا چوڭراق قىلىپ قادالغان بولسا، ھارام بولىدۇ. ئەگەر ئېھتىياج ئۈچۈن شۇنداق قادالغان بولسا، شەرتسىز ھالدا ھالال بولىدۇ»[1].

ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ ئالتۇن ۋە كۈمۈش يالىتىلغان، ئالتۇن ياكى كۈمۈش قاداق سېلىنغان قاچىلاردىن سۇ ئىچىشنىڭ دۇرۇسلىقى ھەققىدىكى قارىشى ئۈچۈن كەلتۈرگەن دەلىلى شۇكى، ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىمىنىڭ كۈمۈش بىلەن قادالغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئۇ جامدىن سۇ ئىچىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جېمى مۇشۇنداق قادالغان بولسا، ئۇنىڭغا ھېچ گەپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەرىپىدىن قادالغان بولسا، ئۇ بۇ مەسىلىدە بىزنىڭ سەلەپىمىزدۇر (يەنى ئىلگىرى ئۆتكەن سەلەپ ئالىمىمىزدىندۇر)[2].

ئەگەر قىلىچ ۋە پىچاقنىڭ تىغىغا ياكى ئۇ ئىككىسىنىڭ دەستىسىگە، يۈگەنگە، ئۈزەڭگىگە ئالتۇن ياكى كۈمۈش يالىتىلغان تەقدىردە، قولىنى ياكى پۇتىنى ئالتۇن ۋە كۈمۈشكە تەككۈزمىسە، دۇرۇس بولىدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف: «ئۇ مەكروھتۇر» دېگەن. ئىمام مۇھەممەدنىڭ بۇ ھەقتە ئەبۇ ھەنىفەدەك قاراشتا ئىكەنلىكى، يەنە ئەبۇيۇسۇفتەكمۇ قارايدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. ئارىدىكى ئىختىلاپ كۈمۈش يالىتىلغان نەرسە ھەققىدىدۇر. ئەمما ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن رەڭ بېرىلگەن نەرسىنىڭ ھېچ يامىنى يوقلىقى ھەققىدە پۈتۈن ئالىملار بىرلىككە كەلگەن. يۈگەن، ئۈزەڭگە ۋە باشقا نەرسىلەردىمۇ ھېچ پەرق يوق. چۈنكى رەڭ تۈگەيدىغان نەرسە بولغاچقا، ساپ ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ رەڭگى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ[3].

**ھالال ۋە ھارام ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتا كاپىرنىڭ بەرگەن خەۋىرىنىڭ ھۆكمى**

كاپىرنىڭ سۆزى، گەرچە ئۇ ئۆتىپەرەس بولسىمۇ، قوبۇل قىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇ: «مەن بۇ گۆشنى ئەھلى كىتابتىن سېتىۋالدىم» دېسە، گۆش ھالال بولىدۇ. ياكى ئۇ: «مەن بۇ گۆشنى ئۆتىپەرەستىن سېتىۋالدىم» دېسە، گۆش ھارام بولىدۇ. گەرچە ئۇ: «ئۆتىپەرەسنىڭ سويغان مېلى» دېمىسىمۇ، زاھىرىي جەھەتتىن ئالغاندا ئۇنىڭ ھاراملىقى پەقەت ئۇنى ئۇنىڭدىن سېتىۋېلىش بىلەنلا ئىسپاتلىنىدۇ.

ئىمام ئەبۇيۇسۇف مۇنداق قارايدۇ: «كىمكى گۆش سېتىۋالغاندىن كېيىن گۆش ساتقۇچىنىڭ ئۆتىپەرەس ئىكەنلىكىنى بىلگەن ۋە ئۇ گۆشنى قايتۇرۇۋەتمەكچى بولغاندا، گۆشنى ساتقۇچى: مالنى مۇسۇلمان بوغۇزلىغاندى، دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ گۆشنى يېيىش مەكروھ بولىدۇ». بۇنىڭدىن شۇ چىقىدۇكى، گۆش ساتقۇچىنىڭ ئۆتىپەرەس بولغانلىقىنىڭ گۆشنىڭ

(1) سەھىھ بۇخارى، 5638 ـ ھەدىس.

(2) «فەتھۇلبارى» 10 ـ توم، 101 ـ بەت.

(3) «ئىئلائۇسسۇنەن» 17 ـ توم، 302 ـ بەت.

ھاراملىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ: <مالنى مۇسۇلمان بوغۇزلىغانىدى> دەپ، گۆشنىڭ ھالال ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلغاندىن كېيىنمۇ ئۇنى يېيىش مەكروھ بولىدىغان ئەھۋالدا، ئۇنداق خەۋەر قىلىنمىغان (يەنى مۇسۇلماننىڭ بوغۇزلىغانلىقى خەۋەر قىلىنمىغان) گۆش ئەلۋەتتە ھارام بولىدۇ.

گۆشنى بىرەر ئادەمنىڭ سۆزى بىلەن قايتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. ئەگەر بىر مۇسۇلمان گۆش سېتىۋالغان ۋە ئۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئىشەنچلىك بىر مۇسۇلمان ئۇنىڭغا ئۇ گۆشنىڭ بىر ئۆتپەرەسنىڭ ئۆلتۈرگەن مېلىدىن ئىكەنلىكىنى ئېيتسا، گۆش سېتىۋالغۇچىنىڭ ئۇنى يېيىشى ۋە باشقىلارغا يېدۈرۈشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئۇ گۆشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ ھارام بولۇشى الله تائالانىڭ ھەققى بولۇپ، بىر ئادەمنىڭ سۆزى بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھارام بولۇشى ئىگىدارچىلىقنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. شۇڭا ھارام بولۇش ئىگىدارچىلىق بىلەن بىرلىكتە ئىسپاتلىنىۋېرىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنى ساتقۇچىغا قايتۇرۇپ بېرىش مۇمكىن بولمايدۇ. ئەگەر سودا بۇزۇلمىغان تەقدىردە، ئۇنىڭ پۇلىنى بەرمەي تۇرۇۋېلىشقىمۇ بولمايدۇ.

ھالال ۋە ھارام ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان چارىلەرنىڭ ئەسلى مەنبەسى شۇكى، مۇئامىلە ئىشلىرىدا كاپىرنىڭ بەرگەن خەۋىرى پۈتۈن ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشىدا قوبۇل قىلىنىدۇ. دىنىي ئىشلاردا قوبۇل قىلىنمايدۇ. <ئەلكەنز> ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپىنىڭ: «كاپىرنىڭ سۆزى بىر نەرسىنىڭ ھالال ياكى ھارام بولۇشىدا قوبۇل قىلىنىدۇ» دېگەن سۆزى ئەنە شۇنىڭغا قارىتىلىدۇ. يەنى مۇتلەق ھالال ۋە ھارام بولۇشتا ئەمەس، مۇئامىلە ئىشلىرىدا ھاسىل بولغان ھالال ۋە ھاراملىقتا كاپىرنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ.

بۇ مەسىلە ئۇنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىگە زىت كېلىپ قالمايدۇ: «دىنىي ئىشلاردا ئادالەت شەرت قىلىنىدۇ. ھالال ۋە ھارام دىنىي ئىشلاردىندۇر. مەسىلەن، بىرى: بۇ نەرسە ھالال ياكى ھارام دېسە، ئۇنىڭدا كاپىرنىڭ بەرگەن خەۋىرى، گەرچە ئۇ ئۆتپەرەس بولغان تەقدىردىمۇ، قوبۇل قىلىنىدۇ». بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق بولىدۇ: ئۇنىڭ <مەن ئۇنى سېتىۋالدىم> دېگەن سۆزى مۇئامىلە ئىشلىرىدىندۇر. ئۇنىڭدا ھالال ۋە ھارامنىڭ ئىسپاتلىنىشى سېتىۋېلىنغان نەرسىگە ئەگەشمە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كاپىرنىڭ سۆزى نەرسە سېتىۋېلىشتا قوبۇل قىلىنغان ئىكەن، ئۇنىڭغا ئەگەشمە بولۇپ ھېسابلىنىدىغان ئىشتىمۇ قوبۇل قىلىنىدۇ. يۆتكىگىلى بولىدىغان، ئەمما ۋەقفە قىلىنغان نەرسە ۋە يەر - زېمىن سۇغۇرۇش ھەققىنى سېتىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش نۇرغۇن نەرسىلەر مەقسەتلىك ئاساستا ئەمەس، ئەگەشمە ئاساسدا ئىسپاتلانغان[1].

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 - توم، 219 - بەت.

# كىچىك بالىنىڭ ۋە قۇلنىڭ خەۋىرىنىڭ ھۆكمى

سوۋغات ئىشلىرىدا قۇلنىڭ سۆزى، گەرچە ئۇ دېدەك بولسىمۇ قوبۇل قىلىنىدۇ. كىچىك بالىنىڭ سۆزىمۇ قوبۇل قىلىنىدۇ. مەيلى ئۇ بىرەر نەرسىنى خوجايىنىنىڭ باشقا بىرىگە ياكى ئۆزىگە سوۋغات قىلغانلىقىنى ئېيتسۇن، بەرىبىر ئوخشاشتۇر. مەسىلەن، بىر قۇل ياكى دېدەك ۋەياكى كىچىك بالا: «بۇ سوۋغاتنى خوجايىنىم (ياكى ئاتام) ساڭا ھەدىيە قىلدى» دېگەنگە ئوخشاش.

<ئەلجامىئ ئەسسەغىر> ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەگەر بىر دېدەك مەلۇم بىر ئەرگە: <خوجايىنىم مېنى ساڭا ھەدىيە قىلىپ ئەۋەتتى> دېسە، ئۇ ئەرنىڭ ئۇ دېدەكنى قوبۇل قىلىشى دۇرۇستۇر. چۈنكى خوجايىنىنىڭ ئۇ دېدەكنىڭ ئۆزىنى ياكى ئۇنىڭدىن باشقا دېدەكنى سوۋغات قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلىشىنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق».

مەزكۇر كىشىلەرنىڭ سۆزى پەقەت سوۋغات ئىشلىرىدا قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى ئادەتتە سوۋغاتلار ئەنە شۇ كىشىلەرنىڭ قولى بىلەن ئەۋەتىلىدۇ.

كىچىك بالىنىڭ ۋە قۇلنىڭ رۇخسەت ھەققىدىكى سۆزىمۇ قوبۇل قىلىنىدۇ. مەيلى ئۇ رۇخسەت تىجارەت ھەققىدە بولسۇن ياكى ئۆيگە كىرىش ھەققىدە بولسۇن ئوخشاشتۇر. بەزى ئالىملار ئۇنىڭغا: «ئەگەر ئۇلارنىڭ راستچىل ئىكەنلىكى ئۇ رۇخسەتنى قوبۇل قىلغۇچىنىڭ قارىشىدا غالىپ ئورۇننى ئىگەللىسە، قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر غالىپ ئورۇننى ئىگەللىيەلمىسە، ئۇ ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ» دېگەن شەرتنى قويغان. چۈنكى كىچىك بالا بىلەن قۇل ئەسلىدە تەسەررۇپ ئىشلىرىدىن مەنئى قىلىنغان بولۇپ، رۇخسەت ئارىدا مەيدانغا كېلىدىغان ئىشتۇر. شۇڭا ئۇنى شەك بىلەن ئىسپاتلاش دۇرۇس بولمايدۇ.

بىز پەقەت قۇلنىڭ سۆزىنى ئۇ ئىشەنچلىك بولغان ۋاقتىتىلا قوبۇل قىلىمىز. چۈنكى ئۇ مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ خەۋەرلىرىدىندۇر. شۇڭا ئۇ دىنىي ئىشلار خەۋەرلىرىدىن ئاجىز ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ سۆزى دىن خەۋەرلىرىدە قوبۇل قىلىنغان تەقدىردە، مۇئامىلە ئىشلىرىدا قوبۇل قىلىنىشى تېخىمۇ ئەلادۇر.

ئەگەر كىچىك بالا سوپۇن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى سېتىۋالسا، ئۇنىڭ بۇ سودىسىنىڭ ھېچ يامىنى يوق. ئەگەر كىشمىش ۋە تاتلىق ـ تۈرۈمگە ئوخشاش ئادەتتە كىچىك بالا يەيدىغان نەرسە سېتىۋالسا، ئۇنىڭ بۇ سودىسى ھېسابقا ئېلىنماسلىقى لازىم. چۈنكى زاھىري جەھەتتىن ئالغاندا بۇنىڭغا ئۇنىڭ يالغانچىلىقى قېتىلىپ قېلىشى مۇمكىن. نېمىشقا دېگەندە، پۇل ئانىسىنىڭ بولۇشى ۋە ئۇ بالا ئۇ پۇلنى ئۆزى ئۈچۈن نەرسە سېتىۋېلىشنى كۆزلەپ ئېلىۋالغان بولۇشى مۇمكىن. مۇنداق ئىش كىچىك

بالىلارنىڭ ھەممىسىدىلا كۆرۈلمەيدۇ. چۈنكى بايلار ئادەتتە بالىلىرىغا كەڭ قول بولىدۇ ۋە ئۇلارغا كۆڭۈللىرى خالىغان نەرسىنى سېتىۋېلىشى ئۈچۈن پۇل بېرىدۇ. كۆپىنچە ئەھۋاللاردا كەمبەغەللەرمۇ شۇنداق قىلىدۇ. شۇڭا ئۆلچەم كۈچلۈك بولغان گۇمانغا قارىتا بولۇشى ۋە مۇنداق سىناقتا دۇچ كەلگۈچى ئىشنىڭ ئالدى ـ كەينىگە ئوبدان نەزەر سېلىشى كېرەك[1].

ئاياللار: «بۇ سېنىڭ خوتۇنۇڭ» دەپ بىر ئەرنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ كەلگەن ئايال بىلەن ئۇ ئەرنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇشى ھالال بولىدۇ. شۇنداقلا: «ئېرىم مېنى تالاق قىلدى ۋە ئىددىتىم تۈگەپ بولدى» دېگەن ياكى: «مەن پالانىنىڭ دېدىكى ئىدىم، ئۇ مېنى ئازات قىلىۋەتتى» دېگەن ئايالغا ئىشەنچ قىلالىسا، ئۇنى نىكاھىغا ئېلىش ھالال بولىدۇ.

قىسقىسى، مەلۇم بىر ئايال ئېھتىماللىقى بار مەلۇم بىر ئىشنى خەۋەر قىلغان تەقدىردە، ئەگەر ئۇ ئىشەنچلىك بولسا ياكى ئەر ئۇ ئايالنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلالىسا، ئۇ ئايالنى ئېلىشنىڭ ھېچ يامىنى يوق. ئەگەر ئۇ ئايال قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان بىرەر ئىشنى خەۋەر قىلغان بولۇپ، ئەر ئۇ ئايالدىن ئۇ ئىشنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلمىسا، ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، ئۇ ئايال بىر ئادەم بىلەن توي قىلسا، ئاندىن يەنە بىر ئادەمگە: «مېنىڭ نىكاھىم بۇزۇلغان ئىدى» دېسە ياكى: «ئەر مۇسۇلمان ئەمەسكەنتۇق» دېسە، ئىككىنچى ئەرنىڭ نە ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىشىغا، نە ئۇنى خوتۇنلۇققا ئېلىشىغا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئايال قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان بىر ئىشتىن خەۋەر بەرگەن بولىدۇ. يەنە بىر مىسال ئالساق، بىر ئايال ئۈچ تالاق قىلىۋەتكەن ئېرىگە: «مەن ساڭا ھالال بولدۇم» دېسە، ئەرنىڭ ئۇ ئايالدىن ئىشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلىشنى تەلەپ قىلماي تۇرۇپ، ئۇنى قايتا ئەمرىگە ئېلىشى ھالال بولمايدۇ[2].

## پاسىقنىڭ، كاپىرنىڭ ۋە قۇلنىڭ مۇئامىلە ئىشلىرىدىكى خەۋىرىنىڭ ھۆكمى

مۇئامىلە ئىشلىرى كۆپ يۈز بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن پاسىقنىڭ، كاپىرنىڭ ۋە قۇلنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزلىرى قوبۇل قىلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئۆزىنىڭ مەلۇم سودىدا پالانىنىڭ ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلسا، ئۇنىڭ راست سۆزلەۋاتقانلىقى كۈچلۈك ئورۇننى

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 219 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 220 ـ بەت.

ئىگەللىگەن تەقدىردە، ئۇنىڭدىن نەرسە سېتىۋېلىش دۇرۇس بولىدۇ. مۇنداق مۇئامىلە ئىشلىرىدا (خەۋەر بەرگۈچىنىڭ) ئادىل ئادەم بولۇشىنى شەرت قىلىش قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ. چۈنكى، مۇئامىلە قىلىش ياكى خىزمەتكە سېلىش ۋەياكى ۋەكىل سۈپۈتىدە ئەۋەتىش ئۈچۈن ئادالەت شەرتلىرىنى ئۆزىگە تولۇق جەم قىلغان كىشىنى تاپالايدىغان ئىنسان ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ[1].

پاسىقنىڭ سۆزى مۇئامىلە ئىشلىرىدا قوبۇل قىلىنىدۇ. دىنىي ئىشلاردا قوبۇل قىلىنمايدۇ. دىنىي ئىشلاردا پەقەت ئادىل كىشىنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئارىدىكى پەرق شۇكى، مۇئامىلە ئىشلىرى ھەر تىپتىكى ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى كۆپ يۈزى بېرىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ ئۈچۈن ئارتۇق شەرت قويساق، ئەلۋەتتە قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ. شۇڭا مۇئامىلە ئىشلىرىدا بىر ئادەمنىڭ سۆزىمۇ، مەيلى ئۇ ئادىل بولسۇن ياكى پاسىق بولسۇن، مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى كاپىر بولسۇن، مەيلى ھۆر بولسۇن ياكى قۇل بولسۇن، مەيلى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، قىيىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قوبۇل قىلىنىدۇ.

ئەمما دىنىي ئىشلار مۇئامىلە ئىشلىرىغا سېلىشتۇرغاندا كۆپ يۈز بەرمەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدا ئارتۇق شەرت قويۇش دۇرۇس بولىدۇ. دىنىي ئىشلاردا پەقەت ئادىل مۇسۇلماننىڭ سۆزىلا قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى پاسىق تۆھمەتخور كېلىدۇ. كاپىر بولسا ئىسلام ھۆكمىگە رىئايە قىلمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ مۇسۇلماننى ھۆكۈمگە رىئايە قىلىشقا مەجبۇرلاش ھەققى يوق. ئەمما مۇئامىلە ئىشلىرى بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. چۈنكى دىيارىمىزدا تۇرىۋاتقان كاپىرلار بىلەن مۇئامىلە قىلماي چارىمىز يوق. ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلىش شارائىتى ئۇلارنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلغاندىلا ئاندىن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. شۇڭا ئۇ مەسىلە زۆرۈرىيەت ھېسابلىنىدۇ[2].

بەندە بىلەن پەرۋەردىگار ئارىسىدىكى ساپ دىنىي ئىشلاردا ئادالەت شەرت قىلىنىدۇ. مەسىلەن، سۇنىڭ پاسكىنا ئىكەنلىكى خەۋەر قىلىنسا، ئەگەر خەۋەر قىلغۇچى ئادىل كىشى بولغان، ھارام دەپ ئېتىقاد قىلغان نەرسىدىن ياندىغان مۇسۇلمان بولغان تەقدىردە، تەيەممۇم قىلىدۇ. تاھارەت ئالمايدۇ. ئەگەر خەۋەر قىلغۇچى قۇل ياكى دېدەك ياكى بوھتان جازاسى ئۈچۈن جازا بېرىلگەن كىشى بولغان ۋەياكى ئۇنداق بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ.

<ساپ دىنىي ئىشلاردا> دېگەن سۆز ئىگىدارچىلىقنى بىكار قىلىۋېتىدىغان ئامىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەرسىدىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر. مەسىلەن، بىر ئادىل كىشى

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 220 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 220 ـ بەت.

مەلۇم ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ بىر ئايالدىن ئېمىلداش ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلسا، ئۇلارنىڭ نىكاھىنىڭ ھارام بولۇشى ئىسپاتلانمايدۇ. چۈنكى ئۇ جىنسىي مۇناسىۋەتتىن بەھرىمەن بولۇش ئىگىدارچىلىقىنى بىكار قىلىۋېتىدىغان ئامىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر خەۋەردۇر. شۇڭا ئۇ ئىشتا سان (يەنى خەۋەر قىلغۇچىلارنىڭ سانى) بىلەن ئادىل ئىنسان بولۇشى بىرگە شەرت قىلىنىدۇ. بۇ، ئۆتىپەرەس سويغان قوينىڭ گۆشىنى سېتىۋالغانلىقنى خەۋەر قىلغان ئىشنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. چۈنكى گۆشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتلىنىشى، بىز يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك، ئىگىدارچىلىقنى بىكار قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. شۇڭا ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ جەم بولۇشىنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئىگىدارچىلىق بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ[1].

شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، بىز ئېمىلداشلىق ھۆكمى ھەققىدە توختالغىنىمىزدا مۇنداق مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدۇق: ئەگەر ئىنىكئانا ئەر ـ خوتۇن ئىككىلىسىنى ئېمىتكەنلىكىنى پەقەت ئۆزىلا خەۋەر قىلسا، ئۇلارنىڭ ئايرىلىپ كېتىشى ياخشىدۇر. چۈنكى ئۇقبە ئىبنى ھارىستىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس شەرىپتە ئۇنىڭ خوتۇن ئالغانلىقى، ئاندىن بىر ئايال كېلىپ: «مەن ھەر ئىككىڭلارنى ئېمىتكەن ئىدىم» دېگەنلىكى، ئاندىن ئۇقبىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەنلىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «شۇنداق دېگەن بولسا قانداق بولىدۇ؟ ئۇنى قويىۋەتكىن» دېگەنلىكى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر سۆزنى قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ[2].

## ئىككى ئىشنىڭ ياخشىسىنى ئېنىقلاپ چىقىش

سۇنىڭ پاسىقنىا ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلغان پاسىقنىڭ خەۋىرىنى ۋە كىملىكى ئېنىق ئەمەس كىشىنىڭ خەۋىرىنى ئېنىقلاپ، ئاندىن گۇمانى كۈچلۈك بولغان خەۋەرگە ئەمەل قىلىش لازىم. ئەگەر سۇنى تۆكۈۋەتمەكچى بولسا، ئۇنىڭ قارىشىدا خەۋەرچىنىڭ راستچىل ئىكەنلىكى كۈچلۈك بولغان تەقدىردە تەيەممۇم قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ قارىشىدا خەۋەرچىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكى كۈچلۈك بولغان تەقدىردە ئۇ سۇ بىلەن تاھارەت ئالىدۇ ۋە تەيەممۇم قىلىدۇ. بۇ ئېھتىيات قىلغانلىق بولىدۇ. چۈنكى ياخشىسىنى ئېنىقلاپ چىقىش پەقەت گۇمانغا تايانغان ئىش بولۇپ، خاتا بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بار.

(1) «ئەلھىدايە» 4 ـ توم، 79 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 220 ـ بەت.

ئەمما خەۋەرچى كاپىر بولغان تەقدىردە، كىچىك بالا ۋە ئەقلى ئاجىز كىشى ئۇنىڭغا ئوخشاشتۇر، ئۇ سۇنى تۆكىۋېتىش ياخشىدۇر. كاپىرمۇ بۇ مەسىلىدە پاسىققا ۋە كىملىكى ئېنىق ئەمەس كىشىگە ئوخشاشتۇر. ئەگەر ئۇ سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇسا، نامىزى ئادا تاپىدۇ. لېكىن ئۇنى تۆكىۋېتىشتىن ئىلگىرى تەيەممۇم قىلسا، تەيەممۇمى دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر سۇنىڭ پاسكىنىلىقىنى ئۇنىڭغا زىممىي ياكى كىچىك بالا خەۋەر قىلسا ۋە ئۇنىڭ گۇمانىدا خەۋەرچىنىڭ راستچىللىقى كۈچلۈك بولسا، ئۇنىڭ تەيەممۇم قىلىشى ۋاجىپ ئەمەس، بەلكى مۇستەھەپ بولىدۇ. ئەگەر تەيەممۇم قىلغان تەقدىردە، ئالدى بىلەن سۇنى تۆكىۋەتمىسە، دۇرۇس بولمايدۇ. ئەكسىچە، خەۋەر قىلغۇچى سالاھىيىتى ئېنىق ئەمەس كىشى بولسا، سۇنى تۆكىۋېتىشتىن ئىلگىرى تەيەممۇم قىلغان تەقدىردە، ئۇنىڭ تەيەممۇمى كۇپايە قىلىدۇ.

زىممىي بىلەن پاسىقنىڭ ئارىسىدىكى پەرق ئىككى سەۋەبتىن بولىدۇ. بىرى مەزكۇر پەرقتۇر. ئىككىنچى پەرق شۇكى، پاسىقنىڭ خەۋىرىنى ئېنىقلاپ چىقىش ۋاجىپ بولىدۇ. زىممىينىڭ خەۋىرىنى ئېنىقلاپ چىقىش مۇستەھەپ بولىدۇ. پاسىقنىڭ خەۋىرى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئەگەر سۇنىڭ پاسكىنىلىقى ھەققىدىكى خەۋىرىدە راستچىللىقى كۈچلۈك گۇمان قوزغىسا، تاھارەت ئالغۇچى ئۇ سۇ بىلەن تاھارەت ئالماستىن، تەيەممۇم قىلىدۇ. چۈنكى پاسىق ئۇنىڭ ئۈستىگە مەسئۇلىيەت لازىم قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە. نېمىشقا دېگەندە، ئۇ مۇسۇلمانغا قارشى گۇۋاھلىق بېرەلەيدىغان كىشىلەردىن ھېسابلىنىدۇ. ئەمما كاپىرنىڭ ئۇنداق سالاھىيىتى يوق. ئەگەر قازى پاسىقنىڭ مۇسۇلمانغا قارشى بەرگەن گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلسا، قازى گۇناھكار بولغان تەقدىردىمۇ قازىنىڭ ھۆكمى ئىجرا قىلىنىدۇ.

ئەگەر ئادىل بىر مۇسۇلمان ئۇ سۇنىڭ پاكىز ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلسا، يەنە بىر ئادىل مۇسۇلمان ئۇنىڭ پاسكىنىلىقىنى خەۋەر قىلسا، سۇنىڭ پاكىز ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئەمما سويۇلغان مال ھەققىدىكى خەۋەرنىڭ ھۆكمى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ (يەنى ھاراملىققا ھۆكۈم قىلىنىدۇ).

ئەگەر بىر ئادەم يەپ - ئىچىۋاتقان بىر جامائەت كىشىلەرنىڭ قېشىغا كىرگەن، ئاندىن ئۇلار ئۇنى داستىخانغا چاقىرغان، شۇ ئەسنادا بىر ئادىل مۇسۇلمان ئۇنىڭغا: «گۆش ئۆتىپەرەس كاپىر بوغۇزلىغان مالنىڭدۇر، ئىچىلىۋاتقان نەرسىگە ھاراق ئارىلاشتۇرۇلغاندۇر» دېگەن، ئاندىن ئۇلار: «ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇ ھالال تاماقتۇر» دېگەن تەقدىردە، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سېلىنىدۇ. داستىخاندىكى كىشىلەر ئەگەر ئادىل كىشىلەر بولسا، ئۇلارنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ. تۆھمەتخورلارنىڭ ھېچقانداق سۆزى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىشەنچلىك ئىككى ئادەم بولسا، شۇ ئىككىسىنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر

ئىشەنچلىك ئادەم پەقەت بىر بولسا، كۈچلۈك بولغان قاراشقا ئەمەل قىلىنىدۇ. ئەگەر كۈچلەندۈرەلمەي، ھەر ئىككىلى ھالەت ئوخشاش بولۇپ قالسا، يەپ ـ ئىچىپ، ئاندىن تاھارەت ئېلىۋەتسە ھېچ ۋەقەسى يوق. ئەگەر ئىشەنچلىك ئىككى قۇل ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى (يەنى سۇنىڭ پاكىز ياكى پاسكىنىلىقىنى) خەۋەر قىلسا، ئۇ ئىككىسىنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى دىنىي خەۋەردە ھۆر ئادەم بىلەن قۇل ئوخشاشتۇر. شۇڭا ئىككى كىشىنىڭ خەۋىرى كۈچلەندۈرۈلىدۇ.

ئەگەر ئۇ ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى ئىشەنچلىك قۇل خەۋەر قىلسا، يەنە بىرىنى ھۆر ئادەم خەۋەر قىلسا، بىر ـ بىرىگە قارشى خەۋەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ خەۋەر ئېنىقلىنىپ چىقىلىدۇ...

قىسقىسى، مۇشۇ مەسىلىنىڭ تېپىدىكى مەسىلىلەردە قۇل بىلەن ھۆرنىڭ دىنىي ئىشلار ھەققىدىكى خەۋىرى ئادالەت جەھەتتە تەڭ بولۇپ چىققاندىن كېيىن تەڭمۇتەڭ تۇرىدۇ. شۇڭا ئالدى بىلەن سان جەھەتتە، ئاندىن ھۆكۈملەر ئۈچۈن پاكىت بولۇش جەھەتتە، ئاندىن ئېنىقلاپ چىقىش جەھەتتە كۈچلەندۈرۈلىدۇ. ئالىملار ئىككى خەۋەرنىڭ ئارىسىدىكى باراۋەرلىككە قارشى كېلىپ قېلىش ئەمەلىي يۈز بەرگەندىن كېيىن، بوغۇزلانغان مال بىلەن سۇ ئارىسىنى پەرقلەندۈرمەستىن، ئۇنى ئېنىقلاپ چىقىشنى ئېتىبارغا ئالغان.

قاچىلارنىڭ پاكىز ياكى پاسكىنىلىقى ھەققىدىكى ۋە بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈلگەن ياكى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان ھەققىدىكى خەۋەردە كۈچلۈك گۇمان ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر كۆپرەكىنىڭ پاكىز ئىكەنلىكى ھەققىدىكى گۇمان كۈچلۈك بولسا، مۇتلەق ئېنىقلىنىدۇ. ئۇنداق بولمىسا ئېنىقلانمايدۇ. لېكىن زۆرۈرىيەت بولۇپ قالغاندا تاھارەتتىن باشقا نەرسىگە ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر قاچىلارنىڭ پاكىز ئىكەنلىكى ھەققىدىكى گۇمان كۈچلۈك بولسا، مەجبۇرىي ياكى ئىختىيارىي ھالەتنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە ئىچىش ھەمدە تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ئېنىقلىنىدۇ. ئۇنداق بولماي، پاسكىنىلىقىغا بولغان گۇمان كۈچلۈك ئورۇننى ئىگەللىسە ياكى پاكىز ۋە پاسكىنىلىقى ئوخشاش بولۇپ قالسا، ئىختىيارىي ھالەتتە ئەسلا ئېنىقلانمايدۇ. مەجبۇرىي ھالەتتە ئىچىش ئۈچۈن ئېنىقلىنىدۇ. تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ئېنىقلانمايدۇ. بوغۇزلانغان ۋە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان ھەققىدىكى خەۋەردە مەجبۇرىي ھالەت ئۈچۈن شەرتسىز ئېنىقلىنىدۇ. ئىختىيارىي ھالەتتە پاكىزلىقى كۈچلۈك ئورۇننى ئىگەللىسە ئېنىقلىنىدۇ. ئۇنداق بولمىسا ئېنىقلانمايدۇ[1].

(1) سەھىھ بۇخارى، 2660 ـ ھەدىس.

# چاقىرىلغان توي ياكى زىياپەت سورۇنىغا بېرىش

ئالىملار چاقىرىلغان سورۇنغا بېرىش ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشقان. بەزىلەر: «ئۇ ۋاجىپتۇر، ئۇنى تەرك ئېتىشكە بولمايدۇ» دېگەن. كۆپ ساندىكىلەر: «ئۇ سۈننەتتۇر» دېگەن. ئەگەر توي بولسا، بېرىش ئەۋزەلدۇر، توي بولمىسا، ئىختىيارىدۇر. لېكىن يەنىلا بېرىش ئەۋزەلدۇر. چۈنكى بېرىش مۆمىنىنىڭ قەلبىگە خۇشاللىق بېغىشلايدۇ. ئەگەر چاقىرىلغان سورۇنغا بارسا، مەيلى يېسۇن ياكى يېمىسۇن، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. ئەگەر روزىدار بولمىغان تەقدىردە تاماق يېيىشى ئەۋزەلدۇر. چاقىرىلغان سورۇن توي بولسۇن ياكى باشقا ئىش بولسۇن، ئۆز - ئارا بەسلىشىش مەقسەت قىلىنمىغانلا بولسا، ئۇ سورۇنغا بېرىش سۈننەتتۇر. ئەمما بەسلىشىش، ماختىنىش ۋە شۇنىڭدەك ئىشلار مەقسەت قىلىنغان سورۇنلارغا چاقىرىلسا، ئۇ يەرگە بارماسلىق، بولۇپمۇ ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ بارماسلىقى لازىم. چۈنكى: «يېگەنىنىڭ يۈزى قىزىرىدۇ» دېگەن سۆز بار[1].

توي سورۇنىغا بېرىش قەدىمدىن تارتىپلا سۈننەت بولۇپ، ئۇنىڭغا بارمىسا، گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ يامان تاماق بايلار چاقىرىلىپ، كەمبەغەللەر چاقىرىلمىغان توي تامىقىدۇر. كىمكى چاقىرىلغان سورۇنغا بارمىسا، اللە قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ»[2].

ئەگەر چاقىرىلغۇچى روزىدار بولسا، سورۇنغا بارىدۇ ۋە سورۇن ئىگىسىگە دۇئا قىلىدۇ. ئەگەر روزىدار بولمىسا، تاماق يەيدۇ ۋە دۇئا قىلىدۇ. ئەگەر تاماق يېمىسە ۋە بارمىسا، گۇناھكار بولىدۇ ۋە ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ساھىبخانىنى تۆۋەن كۆرگەنلىك بولىدۇ. ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر مەن پاقالچاق ئۇچۇن چاقىرىلساممۇ، ئەلۋەتتە بارىمەن. ئەگەر ماڭا پاقالچاقتا چاغلىق نەرسە ھەدىيە قىلىنسىمۇ ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىمەن»[3].

بۇ ھەدىس توي سورۇنىغا بېرىشنىڭ تەكىتلەنگەن سۈننەت ئىكەنلىكىنى تەقەززا قىلىدۇ. باشقا سورۇنلارغا بېرىش ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. <ئەلھىدايە> ناملىق

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 - توم، 221 - بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 - توم، 224 - بەت.

(3) سەھىھ بۇخارى، 5177 - ھەدىس.

كىتابنى شەرھلىگۈچىلەر ئۇنىڭ ۋاجىپقا يېقىن سۈننەت ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بەزىلەر مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سورۇنغا چاقىرىلسا، ئۇ جايدا گۇناھ ۋە بىدئەت ئىشلار بولمايدىغانلا بولسا، بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ. ھازىرقى زامانىمىزدا بارماسلىق ئەڭ توغرا ئىشتۇر. پەقەت ئۇ يەردە گۇناھ ۋە بىدئەت ئىشلارنىڭ يوقلىقىغا قەتئىي ئىشەنچ قىلالىسا، بارسا بولىدۇ»[1].

كىمكى تويغا چاقىرىلسا، ئۇ جايدا ئويۇن ـ تاماشا ۋە نەغمە ـ ناۋا بولغان تەقدىردىمۇ جىم ئولتۇرۇپ كەلگەن تاماقنى يەيدۇ. ئۇ ئىشلار ئەگەر ئۆيدە بولسا، ئەھۋال شۇنداق قىلىدۇ. ئەگەر يامان ئۇ ئىشلار داستىخان ئۈستىدە بولسا، داستىخاندا ئولتۇرۇش توغرا ئەمەس. بەلكى يۈز ئۆرىگەن ھامان چىقىپ كېتىش كېرەك. چۈنكى اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئېسىڭگە كەلگەندىن كېيىن، زالىم قەۋم بىلەن بىللە ئولتۇرمىغىن»[2].

ئويۇن ـ تاماشاغا قۇلاق سېلىش ھارامدۇر. سورۇنغا بېرىش سۈننەتتۇر. شۇڭا ھارام نەرسىدىن يىراق تۇرۇش ئەۋزەلدۇر. شۇنداقلا داستىخان ئۈستىدە غەيۋەت قىلىدىغان كىشىلەر بولسا، ئۇ داستىخاندا ئولتۇرماسلىق كېرەك. غەيۋەت ئويۇن ـ تاماشادىنمۇ ئېغىر گۇناھتۇر. ئەگەر ئۇنى توسۇشقا قادىر بولالىسا، توسۇش لازىم. ئەگەر ئۇنى توسۇشقا قادىر بولالمىسا، باشقىلار ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغان كىشىلەردىن بولمىغان تەقدىردە قەلبىدە يامان كۆرۈش بىلەن سەۋر قىلىدۇ. ئەگەر باشقىلار ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغان كىشىلەردىن بولغان تەقدىردە ئۇنى توسۇشقا قادىر بولالمىسا، ئولتۇرماستىن چىقىپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ دىنغا ھاقارەت قىلغانلىقتۇر. ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مەن مۇشۇنداق ئىشقا بىر قېتىم دۇچ كەلدىم ۋە سەۋر قىلدىم». لېكىن بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ باشقىلار ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغان كىشى بولۇشىدىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن ئىش ئىدى[3].

ئەگەر سورۇنغا كېلىشتىن ئىلگىرى بۇنى بىلمىگەن بولسا، ئەھۋال مۇشۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇ يەردە يامان ئىشنىڭ بارلىقىنى بىلسە، ئەسلا كەلمەسلىك لازىم. ئۇ مەيلى باشقىلار ئەگىشىدىغان كىشىلەردىن بولسۇن ياكى ئۇنداق كىشىلەردىن بولمىسۇن، ئوخشاشتۇر. چۈنكى دەۋەت ھەققى چاقىرىلغۇچىنى كېلىشتىن ئىلگىرى ئەمەس، كەلگەندىن كېيىن لازىم قىلىدۇ. لېكىن ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ شۇ يامان ئىشنى تاشلايدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇنىڭ بېرىشى لازىم بولىدۇ.

(1) سەھىھ بۇخارى، 5178 ـ ھەدىس.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 221 ـ بەت.

(3) سۈرە ئەنئام، 68 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىمام ئىبنى ماجە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن تاماق ئېتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چاقىردىم. ئۇ كەلدى ۋە ئۆيدە سۈرەتلەرنى كۆرۈپ قايتىپ كەتتى». بۇ ھەدىس چاقىرىلغۇچىنىڭ كېلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ قايتىپ كېتىشىنىڭ دۇرۇسلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. يامان ئىش بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ بېرىش بولسا، پەقەت توغرا ئەمەس[1].

ئىمام بۇخارى سەھىھ بۇخارىدا مۇنداق بايان قىلغان: «ئىبنى مەسئۇد بىر ئۆيدە سۈرەت كۆرۈپ، قايتىپ كەتتى. ئىبنى ئۆمەر ئەبۇئەييۇبنى چاقىردى. ئەبۇئەييۇب ئۆيدە تامغا تارتىلغان بىر پەردىنى كۆردى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر: <ئاياللار ئۇنى تارتىمىز دەپ تۇرۇۋېلىپ تارتتى> دېدى. ئەبۇئەييۇب: <مەن بىرىدىن قورقۇشقا توغرا كەلگەندىمۇ سەندىن قورقمايمەن. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ تاماقىڭلارنى يېمەيمەن> دېدى ۋە قايتىپ كەتتى».

قاسىم ئىبنى مۇھەممەدتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: مەن سۈرەتلەر چۈشۈرۈلگەن بىر دانە ياستۇق سېتىۋالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈپ بوسۇغىدىلا تۇرۇپ قالدى. ئۆيگە كىرمىدى. مەن ئۇنىڭ يۈزىدىكى نارازىلىق كەيپىياتنى بايقىدىم ۋە: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە تەۋبە قىلاي، نېمە گۇناھ قىلدىم؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇنداق ياستۇق بۇ ئۆيدە نېمە قىلىدۇ ؟» دېدى. مەن: مەن ئۇنى سىزنىڭ ئولتۇرۇشۇڭ ۋە يۆلىنىشىڭ ئۈچۈن سېتىۋالدىم، دېدىم. ئۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ سۈرەتلەرنىڭ ئىگىلىرى قىيامەت كۈنى ئازابقا دۇچار بولىدۇ ۋە ئۇلارغا: سىلەر ياراتقان نەرسىلەرنى تىرىلدۈرۈڭلار دېيىلىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، سۈرەت بار ئۆيگە پەرىشتىلەر كىرمەيدۇ» دېدى[2].

چالغۇ ئەسۋابلار بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ يېنىغا رۇخسەتسىز كىرىش دۇرۇستۇر. چۈنكى ئۇلار يامان ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى تۆكىۋالغان كىشىلەردۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى يەرگە ئۇرۇش دۇرۇستۇر. مەسىلەن، گۇۋاھچىلارنىڭ زىناخورنىڭ ئەۋرىتىگە قارىشى دۇرۇستۇر. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ھۆرمىتىنى ئۆزى دەپسەندە قىلغاندۇر[3].

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 222 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 222 ـ بەت.

(3) سەھىھ بۇخارى، 5181 ـ ھەدىس.

# چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ھۆكمى ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى

چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ھەممىسى ھارامدۇر. ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دەيدۇ: «خۇددى سۇ ئۆسۈملۈكنى ئۇندۇرگەندەك چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ئاۋازى دىلغا نىپاقلىقنى ئۇندۇرىدۇ». يەنە بىر رىۋايەتتە بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈلۈپ، مۇنۇ لەۋزى بىلەن رىۋايەت قىلىنغان: «خۇددى سۇ ئۆسۈملۈكنى ئۇندۇرگەندەك ناخشا دىلغا نىپاقلىقنى ئۇندۇرىدۇ».

چاقىرىلغان تويغا بېرىش مەسىلىسىدە چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم. ئىمام مۇھەممەد ئويۇن ۋە ناخشا دېگەن ئىسمنى ئويۇن - تاماشانى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلەتكەن. ئويۇن - تاماشا ئۈچۈق دەلىل بىلەن ھارام قىلىنغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۆمىنىنىڭ ئۈچ ئويۇنىدىن باشقا ھەممىسى باتىلدۇر. ئۇ ئۈچ ئويۇن ئېتىنى كۆندۈرۈش ئويۇنى (يەنە بىر رىۋايەتتە ئېتى بىلەن ئوينۇشۇش دېيىلگەن)، ئوقيا ئېتىش ئويۇنى ۋ ئايالى بىلەن ئوينۇشۇش قاتارلىقلاردۇر». بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. ئىبنى خۇزەيمە: ئۇ، توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىس، دېگەن.

ئىمام ھاكىم بۇ ھەدىسنى ئۇقبە ئىبنى ئامىردىن مۇنداق رىۋايەت قىلغان: «مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئوينىغان ئويۇنلىرىنىڭ ھەممىسى باتىلدۇر. پەقەت ئوقيا ئېتىش ئويۇنى، ئېتىنى كۆندۈرۈش ئويۇنى ۋە ئايالى بىلەن ئوينىشىشى باتىل ئەمەس».

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام بۇخارى رۇخسەت سوراش بۆلۈمىدە مەخسۇس بىر باب ئاجرىتىپ، ئۇنى: «الله قا تائەت - ئىبادەت قىلىشتىن مەشغۇل قىلىپ قويىدىغان ھەرقانداق ئويۇن باتىلدۇر» دەپ ئاتىغان. ئاندىن ھەمراھىغا: «كېلە، مەن سەن بىلەن قىمار ئوينايمەن» دېگۈچىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە توختالغان ۋە الله تائالانىڭ: «بەزى كىشىلەر بىلمەسلىكتىن، (كىشىلەرنى) الله نىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن بىھۇدە گەپلەرنى سېتىۋالىدۇ ۋە الله نىڭ يولىنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئەنە شۇلار خور قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ»[1] دېگەن سۆزىنى بايان قىلغان. ئاندىن ئۆز سەنەدى بىلەن ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «سىلەردىن كىمكى قەسەم قىلسا ۋە قەسىمىدە الله نى ۋە ئۇززانى (يەنى بۇت ئىسمىنى) تىلغا ئالسا، دەرھال: لا ئىلاھە ئىللاللاھۇ يەنى بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، دېگەن سۆزنى دېۋەتسۇن. كىمكى ھەمراھىغا: كېلە،

(1) «رەئدۇلمۇھتار» 5 - توم، 222 - بەت.

مەن سەن بىلەن قىمار ئوينايمەن، دەپ سالغان بولسا، سەدىقە قىلىۋەتسۇن»[1].

<ئەتتەئرىيفات> ناملىق كىتابتا ئىنسان ھۇزۇر ئالىدىغان، ئىنساننى مەشغۇل قىلىپ قويىدىغان، ئاندىن تۇگەپ كېتىدىغان ھەرقانداق نەرسە ئويۇن ـ تاماشادۇر، دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ، ئۇنىڭ ھۆكمىنى ئەمەس ماھىيىتىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

بەزىلەر: «ئەگەر قاپىيە كەلتۈرۈشنى ئۆگىنىش ۋە پاساھەتلىك سۆزلەيدىغان بولۇش ئۈچۈن ناخشا ئېيتسا، ھېچ يامىنى يوق» دەپ قارىغان. بەزىلەر يەنە: «ۋەھىمە بېسىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يالغۇز قالغاندا ئۆزى بىلەن ئۆزى ناخشا ئېيتسا، ھېچ يامىنى يوق» دەپ قارىغان. ئالىملار بەزى ساھابىلارنىڭ ھۆكۈم ۋە ۋەز ـ نەسىھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇباھ شېئىرلارنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇغانلىقى ھەققىدە توختالغاندا ئۇنى چۈشەندۈرۈپ: «ناخشا دېگەن سۆز ياخشى ئىشقىمۇ، يامان ئىشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ» دېگەن.

ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ فىقھشۇناسلىرىدىن قۇھۇستانى ناخشىنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن: «شېئىرنى ئاھاڭغا سېلىپ، مەلۇم مىسرالارنى تەكرارلاپ، ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا چاۋاك چېلىپ (ھازىرقى زاماندا مۇناسىپ مۇزىكا بىلەن تەڭكەش قىلىپ) ئوقۇغان نەرسە ناخشىدۇر». ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «بۇ ئۈچ نەرسىدىن بىرى كەم بولسا، ناخشا بولمايدۇ».

<فەتھۇلقەدىر> ناملىق كىتابتا مۇشۇ ھەقتە توختالغاندىن كېيىن مۇنداق دېيىلگەن: «بىز بۇنىڭدىن ناخشا سۆزىدە (يەنى تېكىستىدە) ھالال بولمايدىغان سۈپەتلەر ئىشلىتىلسە، ئۇنىڭ ھارام بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدۇق. مەسىلەن، ئەرلىكنى ۋە تېخى ھايات بولغان مۇئەييەن ئايالنى سۈپەتلەش، ھاراقنى ۋە قاۋاقخانىنى ئۇنىڭغا قىزىقتۇرىدىغان سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەش، ئەگەر ناخشا ئوقۇغان كىشى مۇسۇلماننى ياكى زىممىينى سۆكۈشنى مەقسەت قىلغان تەقدىردە ئۇنى سۆكۈش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ناخشىلار ھارامدۇر. ئەگەر مۇسۇلماننى شېھىت بولۇشقا قىزىقتۇرۇشنى ياكى ئۆزىنىڭ تىلىنىڭ پاساھەتلىك ۋە بالاغەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان تەقدىردە، ئۇنىڭغا ئايالنى سۈپەتلەش قىسمەن ئارىلىشىپ قالسىمۇ، ھارام ئەمەس. گۈل ـ چېچەكلەرنى، ئۆستەڭلەرنى ۋە سۇلارنى سۈپەتلىگەن ناخشىلارنى مەنئى قىلىشنىڭ ھېچ ئەھمىيىتى يوق. شۇنداق، ئەگەر بۇ ناخشىلارمۇ چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن تەڭكەش قىلىنسا، گەرچە بۇ ناخشىنىڭ ئۆزىدىن ئەمەس، بەلكى شۇ چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن مۇڭلۇق ۋەز ـ نەسىھەتلەر ۋە ھېكمەتلەر چىقىپ تۇرغان ئەھۋالدىمۇ مەنئى قىلىنىدۇ.

(1) سۈرە لوقمان، 6 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئان ئوقۇغاندا، جىنازىغا ئەگەشكەندە، ھەربىي يۈرۈش قىلغاندا ۋە زىكىر ئېيتقاندا يۇقىرى ئاۋاز چىقىرىشنى يامان كۆرىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. ئىش شۇنداق ئىكەن، ناخشا ئېيتقاندا پۈتۈن ۋۇجۇدى ۋە ئىشتىياقى بىلەن توۋلاش ھەققىدە نېمە دېگۈلۈك؟ ئۇنداق قىلىش مەكرۇھتۇر. ئۇنىڭ دىندا ھېچ ئاساسى يوقتۇر. زامانىمىزدىكى سوپىلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرى ھارامدۇر. ئۇلارنىڭ سورۇنىغا بېرىش ۋە ئولتۇرۇش دۇرۇس بولمايدۇ. ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەر مۇنداق ئىشنى قىلمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شېئىر تىڭشىغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت ناخشىنىڭ مۇباھ ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئۇنى ھېكمەت ۋە ۋەز - نەسىھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇباھ شېئىر، دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناخشا ئوقۇلغان سورۇندا بولغانلىقى ھەققىدىكى ھەدىس سەھىھ ئەمەس. ئەگەر ئاخلاش سورۇنى قۇرئان ئاخلاش ۋە ۋەز - نەسىھەت ئاخلاش سورۇنى بولسا، بېرىش دۇرۇس بولىدۇ. ئەگەر ناخشا ئاخلاش سورۇنى بولسا، ئۇ سورۇنغا بېرىش پۈتۈن ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشىدا ھارامدۇر[1].

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بەزى كىشىلەر بىلمەستىلىكتىن، (كىشىلەرنى) الله نىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن بىھۇدە گەپلەرنى سېتىۋالىدۇ ۋە الله نىڭ يولىنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئەنە شۇلار خور قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ»[2]. كۆپچىلىك ئالىملار بۇ ئايەتتىكى «بىھۇدە گەپلەر» دېگەن سۆز ھارام قىلىنغان ناخشىنى ۋە ئۇنى ئاخلاشنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە سورالغاندا: «بىر الله تىن باشقا ئىلاھ ھېچ يوقتۇركى، ئۇ ناخشىدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن ۋە بۇ سۆزىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: «بۇ ئايەت ناخشا ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ» دېگەن[3].

ئىمام قۇرتۇبى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەت ناخشىنى يامان كۆرۈش ۋە ئۇنى مەنئى قىلىشنىڭ لازىملىقىغا ئالىملار دەلىل قىلىپ ئالغان ئۈچ ئايەتنىڭ بىرىدۇر. ئىككىنچى ئايەت الله تائالانىڭ: «سىلەر غاپىلدۇرسىلەر»[4] دېگەن سۆزىدۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ئايەت ھەققىدە توختىلىپ: «ئۇ سۆز ھىميەر[5] تىلىدا ناخشىدۇر» دېگەن. ئۈچىنچى

(1) سەھىھ بۇخارى، 6301 - ھەدىس.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 - توم، 222 - بەت.

(3) سۈرە لوقمان، 6 - ئايەت.

(4) بۇ ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىنى ئىبنى ئابباس تەپسىردە بايان قىلغان. ئىمام بۇخارى ئۇنى «ئەلئەدەبۇل مۇفرەد» ناملىق كىتابىدا، ئىمام بەيھەقى سۈنەنىدە رىۋايەت قىلغان.

(5) سۈرە نەجم، 61 - ئايەت.

ئايەت اللە تائالانىڭ: «ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قوزغىتالايدىغانلىكى ئادەمىڭنى ئاۋازىڭ بىلەن (يەنى گۇناھقا چاقىرىشىڭ بىلەن) قوزغاتقىن»[1] دېگەن سۆزىدۇر. مۇجاھىد بۇ ئايەت ھەققىدە توختىلىپ: «ناخشا ۋە نەيلىرىڭ بىلەن دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ» دېگەن.

ئەبۇل فەرەج ئىبنى جەۋزى بىرىنچى ئايەتنىڭ تەپسىرىنى ھەسەن، سەئىد ئىبنى جۇبەير، قەتادە ۋە نەخەئى قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلغان ۋە: «بۇ ئايەت ھەققىدە بېرىلگەن ئەڭ ياخشى چۈشەنچە مۇشۇدۇر» دېگەن. ھەسەننىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىھۇدە گەپلەر يۇمۇر، كۈلكە ـ چاقچاق، خوراپى سۆزلەر، ناخشا قاتارلىقلارغا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سېنى اللە تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن ھەمدە ئۇنى ياد ئېتىشتىن مەشغۇل قىلىپ قويىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى كۆرسىتىدۇ»[2].

# كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇ ـ زىننەتلەر

## كىيىم ـ كېچەكنىڭ ھۆكمى

اللە تائالا ئىنسانىيەتكە كىيىم ـ كېچەك نېمەت قىلىپ بەردى ۋە ئۇنى ئۇنىڭغا مۇنۇ قىممەتلىك سۆزى بىلەن مىننەت قىلدى (يەنى ئۆزىنىڭ بەرگەنلىكىنى بىلدۈردى): «ئى ئادەم بالىلىرى! سىلەرگە بىز ھەقىقەتەن ئەۋرەتىڭلارنى ياپىدىغان لىباسنى ۋە زىننەتلىنىدىغان لىباسنى چۈشۈردۇق، تەقۋادارلىق لىباسى ئەڭ ياخشىدۇر، ئەنە شۇلار (يەنى ئىنسان بالىلىرىغا سەترى ئەۋرەت ئۈچۈن لىباس ياراتماق) ئۇلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن اللە نىڭ (بەندىلىرىگە بولغان پەزلى ـ مەرھەمىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر»[3].

ئۇنىڭ ھۆكمى تۈرىنىڭ پەرقلىق بولۇشىغا ئەگىشىپ پەرقلىق بولىدۇ. ئەۋرەتنى ياپىدىغان، ئىسسىق ۋە سوغۇقتىن ساقلايدىغان مىقداردا كىيىم كىيىش پەرزدۇر. پاختا، كاناپ ۋە يۇڭ رەختلەردىن سۇننەتكە ئۇيغۇن ھالدا، پاچاقنىڭ يېرىمىغىچە ئۇزۇنلۇقتا، بەكمۇ ئېسىل قىلىۋەتمەستىن، بەكمۇ ناچار قىلىپ قويماستىن كىيىم كىيىش ئەۋزەلدۇر. چۈنكى ئىشلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئوتتۇراھال بولغىنىدۇر. نام

---

(1) ھازىرقى يەمەننىڭ ئەينى زاماندىكى بىر قەبىلىسىنىڭ ئىسمى ــ ت.

(2) سۇرە ئىسرا، 64 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) مۇئەللىپنىڭ «سۇرە لوقمان تەپسىرى» دىن.

چىقىرىش ئۈچۈن ئەڭ ئېسىل كىيىمنى كىيىش ۋە ئەڭ ناچار كىيىمنى كىيىش مەنئى قىلىنغاندۇر.

ياسىنىش ۋە اللە نىڭ نېمەتلىرىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن پەرز مىقداردىن ئارتۇق كىيىم كىيىش مۇستەھەپتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللە نېمىتىنىڭ ئەسىرىنى بەندىسىنىڭ ئۈستىدە كۆرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ»[1]. ھېيت بايراملىرىدا، جۈمە كۈنلىرىدە ۋە يىغىلىش سورۇنلىرىدا ياسىنىش ئۈچۈن چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىش مۇباھتۇر. ھەممە ۋاقىتلاردا كىيىش مۇباھ ئەمەس. چۈنكى ئۇ ھاكاۋۇرلۇق ۋە چوڭچىلىقتۇر. موھتاج كىشىلەرنىڭ يامان كۆرۈشنى كەلتۈرۈپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا ئۇنداق كىيىملەرنى ھەمىشە كىيىشتىن ساقلىنىش ئەۋزەلدۇر. تەكەببۇرلۇق قىلىش ئۈچۈن كىيىم كىيىش مەكروھتۇر[2].

سالىمنىڭ ئاتىسى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى چوڭچىلىق قىلىپ كىيىمنى سۆرەلگىدەك ئۇزۇن كىيسە، قىيامەت كۈنى اللە ئۇنىڭغا قارىمايدۇ» دېگەن. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ئىشتىنىمنىڭ بىر تەرىپى چۈشۈپ كېتىدۇ، لېكىن مەن ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ كۆتۈرۈپ تۇرىمەن» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن ئىشتاننى چوڭچىلىق قىلىپ ئۇزۇن كىيدىغانلاردىن ئەمەسسەن» دېگەن[3].

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىشتاننىڭ ئوشۇقتىن تۆۋەن چۈشۈپ قالغان قىسمى دوزاختا بولىدۇ»[4].

بۇ ھەدىس شەرتسىز بايان قىلىنغان بولۇپ، يۇقىرىدىكى چوڭچىلىق قىلىش شەرت قىلىنغان ھەدىس بىلەن بىرلىكتە چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئۇ ھەدىستە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ كەلگەنلىكى ئالىملارنىڭ قارىشىدا ئىتتىپاق كەلگەن مەسىلىدۇر. ئىشتاننىڭ ئوشۇقتىن تۆۋەن بولۇشى شەرتسىز بايان قىلىنغان ھەدىستىن زۆرۈرىيەت ئۈچۈن تۆۋەن بولغان تۈرى مۇستەسنا قىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئوشۇقى يارىلانغان كىشى جاراھىتىنى ياپقىدەك بىرەر نەرسە تاپالمىغان چاغدا ئىشتىنى بىلەن ياپسا، چۈنكى ئۇنىڭغا ئازار بېرىدۇ. ئالىملار بۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئابدۇرراھمان

(1) سۇرە ئەئراف، 26 ـ ئايەت.

(2) ئىمام تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

(3) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 223 ـ بەت.

(4) سەھىھ بۇخارى، 5784 ـ ھەدىس.

ئىبنى ئەۋف ئۈچۈن قىچىشقاق سەۋەبىدىن يىپەك كۆينەك كىيىشكە رۇخسەت قىلغانلىقىنى دەلىل قىلىدۇ. بۇ ئىككى ھەدىسنى بىرلەشتۈرسەك، چەكلەنگەن ئىشنى زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى چىقىدۇ. مەسىلەن، داۋالىنىش ئۈچۈن ئەۋرەتنى ئېچىش دۇرۇستۇر. يۇقىرىدىكى ئاگاھلاندۇرۇش بايان قىلىنغان ھەدىستىن ئاياللار مۇستەسنا قىلىنىدۇ (يەنى ئۇلار ئۇزۇن كىيىم كىيىدۇ)[1].

ئاق رەختلەردىن، شۇنداقلا قارا رەختلەردىن كىيىم كىيىش مۇستەھەپتۇر. چۈنكى ئۇ ئابباس جەمەتىنىڭ ئالامىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە بېشىغا قارا سەللە ئورىغان ھالدا كىرگەن. لېكىن ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، مەككە فەتھى قىلىنغان يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە بېشىغا قالپاق كىيگەن ھالدا كىرگەن[2]. بۇنىڭدىن قارىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە بېشىغا قالپاق كىيگەنلىكى، قارا سەللە قالپاقنىڭ ئۈستىدىن ئورالغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

بەزى ئالىملار يېشىل رەختتىن كىيىم كىيىشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنى، چۈنكى ئۇنىڭ جەننەت ئەھلىنىڭ كىيىملىرىنىڭ رەڭگى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

كىشىلەر كىيىپ ئادەتلەنگەن خۇرۇمدىن كىيىم كىيىشمۇ مۇباھتۇر. پۈتۈن يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋانلارنىڭ ئاشلانغان تېرىسىدىن ۋە بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن كىيىم كىيىشنىڭ ھېچ يامىنى يوق. بىز يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، ھارام ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىنى ئاشلاش ئۇنى بوغۇزلىغان بىلەن ئوخشاش ھۆكۈمدە بولىدۇ.

## يىپەك كىيىم كىيىشنىڭ ھۆكمى

پىلە قۇرۇتىنىڭ يىپىدىن توقۇلغان يىپەك رەختتىن كىيىم كىيىش، گەرچە يىپەك كىيىم بىلەن بەدەننىڭ ئارىلىقىنى توسۇپ تۇرىدىغان كىيىم بولغان ئەھۋالدىمۇ، ھەنەفى مەزھەپىنىڭ توغرا قارىشىغا ئاساسەن، ئەرلەرگە ھارامدۇر. پەقەت زۆرۈرىيەت ئۈچۈن كىيسە ھارام بولمايدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ قارىشىدا پەقەت بەدەنگە تېگىپ تۇرىدىغان يىپەك كىيىم ھارامدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرلەرنى يىپەك ۋە تاۋار ـ دۇردۇندىن كىيىم كىيىشنى مەنئى قىلغان.

---

(1) سەھىھ بۇخارى، 5787 ـ ھەدىس.

(2) «فەتھۇلبارى» 10 ـ توم، 257 ـ بەت.

ھەكەم ئىبنى ئەبۇلەيلادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: ھۇزەيفە مەدائىن شەھىرىدە ئىدى. ئۇ سۇ تەلەپ قىلدى. مەمۇل بىر ئەرباب ئۇنىڭغا كۈمۈش قاچىدا سۇ ئېلىپ كەلدى. ھەكەم ئۇنى ئېتىۋەتتى ۋە: <مەن ئۇنى كۈمۈش قاچا ئىشلىتىشتىن توسقان ئىدىم، بىراق ئۇ بۇنىڭدىن يانمىدى، شۇڭا مەن ئۇ قاچىنى ئېتىۋەتتىم. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئالتۇن، كۈمۈش، يىپەك ۋە تاۋار ـ دۇردۇن دۇنيادا كاپىرلار ئۈچۈندۇر، ئاخىرەتتە سىلەر ئۈچۈندۇر، دېگەن ئىدى» دېدى.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى دۇنيادا يىپەك كىيىم كىيسە، ئۇنى ئاخىرەتتە ھەرگىز كىيەلمەيدۇ».

ئىمران ئىبنى ھەتتاننىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن يىپەك ھەققىدە سورىدىم. ئۇ: «سەن ئىبنى ئابباسنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن سورىغىن» دېدى. مەن ئىبنى ئابباستىن سورىدىم. ئۇمۇ: «سەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن سورىغىن» دېدى. مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن سورىدىم. ئۇ مۇنداق دېدى: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەندى: «دۇنيادا يىپەك كىيىمنى پەقەت ئاخىرەتتە ئۇنىڭدىن ھېچ نېسىۋىسى يوق كىشىلا كىيىدۇ». شۇنىڭ بىلەن مەن: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب راست سۆزلەپتۇ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىدىن ھەرگىز يالغان سۆزلىمەيدۇ» دېدىم[1].

ئالىملار يىپەكنىڭ ھارام بولۇش سەۋەبى ھەققىدە مۇنداق ئىككى قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان: بىرىنچىسى پەخىرلىنىش ۋە چوڭچىلىق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىككىنچىسى ئۇنىڭ باياشاتلىق ۋە ياسىنىش كىيىمى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇڭا ئۇ ئاياللارنىڭ ياسىنىشىغا لايىقتۇر، ئەرلەرگە لايىق ئەمەس. بۇ يەردە يەنە مۇشرىكلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن ئىبارەت ئۈچىنچى بىر ئېھتىماللىقمۇ بار.

ئالدىنقى ئىككى مەنە ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. لېكىن ئىككىنچى مەنە ھارام بولۇشنى تەقەززا قىلمايدۇ. چۈنكى ئىمام شافئىي <ئەلئۇم> ناملىق كىتابتا مۇنداق دېگەن: «مەرۋايىت تاقاشنى مەكروھ دەپ قارىمايمەن، لېكىن ئەدەپ ـ ئەخلاق يۈزىسىدىن ياقتۇرمايمەن. چۈنكى ئۇ ئاياللارنىڭ ياسىنىش بۇيۇمىدۇر».

بۇ يەردە ئاياللارغا ئوخشىۋالغۇچى ئەرلەرگە لەنەت ئېيتىشنى ئىسپاتلاش مۈشكۈللىكى تۇغۇلىدۇ. چۈنكى ئۇ تېپىدا ۋە كۆرۈنىشىدە ئاياللارغا خاس بولغان

(1) سەھىھ بۇخارى، 5808 ـ ھەدىس.

نەرسىنى مەنئى قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بەزى ئالىملار مەزكۇر سەۋەبلەرگە يەنە بىر سەۋەبنى قوشۇپ بايان قىلغان بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئىسراپچىلىقتىن ئىبارەتتۇر. الله توغرىسىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر[1].

يىپەك كىيىم كىيىشنىڭ مۇتلەق ھاراملىقى ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ قارىشىدۇر. ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە مۇھەممەد: «ئەگەر يىپەك قېلىن بولۇپ، دۈشمەندىن ساقلىنىش مۇمكىن بولسا، ئۇنى ئۇرۇشتا كىيىش ھالال بولىدۇ» دېگەن. ئارىدىكى ئىختىلاپ ئارقا يىپى بىلەن ئۆرۈمە يىپى يىپەك بولغان رەخت ھەققىدىدۇر. ئەمما ئارقا يىپلا يىپەك بولسا ياكى ئۆرۈمە يىپلا يىپەك بولسا، ھەممىسىنىڭ بىردەك قارىشىدا ئۇنى ئۇرۇش ھالىتىدە كىيىش مۇباھتۇر. چۈنكى بىر سەھىھ ھەدىستە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت ساپ يىپەك كىيىمنى كىيىشنى مەنئى قىلغان. ئەمما رەختنىڭ بەلگىسى ۋە ئۆرۈمە يىپى يىپەك بولسا، مەنئى قىلىنمايدۇ».

ئىمام مۇسلىم مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىپەك كىيىم كىيىشنى مەنئى قىلدى. لېكىن كىيىمنىڭ بىر بارماق ياكى ئىككى بارماق ياكى ئۈچ بارماق ۋەياكى تۆت بارماق مىقدارى چوڭلۇقتا يېرى يىپەك بولسا، مەنئى قىلمىدى». بۇ تۆت بارماق مىقدار ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىكنى يەنى كىيىمنىڭ كەشتىسىنىڭ مۇشۇ ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىكتىن ئېشىپ كەتمەسلىكىنى كۆرسىتەمدۇ ياكى ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تۆت بارماق مىقداردىن ئېشىپ كەتسىمۇ، كەڭلىكىنىڭ ئېشىپ كەتمەسلىكىنىلا كۆرسىتەمدۇ؟

ئۇلارنىڭ سۆزىدىن ئەقىلگە تېز كېلىدىغىنى ئىككىنچى قاراشتۇر. بۇ پەقەت توقۇش ياكى تىكىش جەھەتتە ساپ يىپەك بولغان نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزىنىڭ زاھىرى مەنىسى تۆت بارماقنى ئۆلچەم قىلىشتا كىيىمنىڭ پەۋىزىغا تۇتۇلغان يىپەك تور بىلەن يىپەك كەشتىنىڭ ئارىسىدا ھېچ پەرق يوقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن بۇ قاراش شافىئى مەزھەپىدىكىلەرنىڭ قارىشىغا خىلاپ بولۇپ، ئۇلار كەشتىنى تۆت بارماق بىلەن ئۆلچەم قىلغان. كىيىمنىڭ پەۋىزىغا تۇتۇلغان تورنى، گەرچە ئۇ تۆت بارماقتىن ئېشىپ كەتسىمۇ، ئادەتتىكە ئاساسەن ھەر تەرەپتىن ھېسابلاشقا قارار قىلغان.

ھەنەفىي مەزھەپىدە ئۇ ئۆلچەم ھەر ئىككىلىسىنى (يەنى كەشتىنى ۋە پەۋازغا تۇتۇلغان تورنى) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئىچىگە ئەتراپىقا تۇتۇلغان تور، يەڭلەرنىڭ ئەتراپىغا ئىشلەنگەن كەشتە، جۈۋىنىڭ ياقىسىغا ئىشلەنگەن كەشتە قاتارلىقلار كىرىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭغا كىيىمنىڭ تۈگمىسى ۋە ئىزمىسى كىرىدۇ.

(1) سەھىھ بۇخارى، 5830 ـ، 5832 ـ ۋە 5835 ـ ھەدىسلەر.

پوسمىنىڭ پۈپۈكىمۇ كەڭلىكى تۆت بارماقتىن ئېشىپ كەتمىسە، ئۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ. ئىشتانباغ، تونىنىڭ غولى، ئۇنىڭ دۈمبە تەرىپى ۋە بەلنىڭ تۆۋىنىگە يۆگەيدىغان مۇنچا لۇڭگىسى قاتارلىقلارمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ[1].

ھازىرقى دەۋرىمىزدە قورال - ياراغ ياساش ئىشلىرىنىڭ تەرەققى قىلغانلىقىغا ۋە قەدىمىي قوراللارنى ئىشلىتىشنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىغا نەزەر سالغان ئاساستا دۈشمەندىن (يىپەك كىيىم كىيىپ) ساقلىنىش زۆرۈرىيىتىنىڭ قالمىغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈن ئالىملارنىڭ قارىشىدا يىپەك كىيىمنى (ئۇرۇشتا) كىيىشمۇ ئەرلەرگە ھارامدۇر.

ئاياللارنىڭ يىپەك كىيىملەرنى كىيىشىنىڭ ھالال ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى بىرقانچە ساھابىلار رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەردۇر. شۇ ساھابىلاردىن بىرى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولۇپ، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قولىدا يىپەك، يەنە بىر قولىدا ئالتۇن ئېلىپ چىقىپ مۇنداق دېگەن: «بۇ ئىككىسى مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ئەرلىرىگە ھارامدۇر، ئاياللىرىغا ھالالدۇر». يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئاياللىرىغا دۇرۇستۇر» دېيىلگەن. بۇ ھەدىسنى ئىمام نەسائى ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان[2].

ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا يىلە قۇرۇتى يىپىدىن يوللۇق قىلىپ توقۇلغان بىر تون بەردى. مەن ئۇنى كىيىپ سىرتقا چىقتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىدە ئاچچىقلانغانلىق كەيپىياتىنى كۆردۈم. شۇڭا ئۇنى يىرتىپ ئاياللىرىمغا (يەنى پاتىمە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا جەمەتىمدىكى ئاياللارغا) ئۈلەشتۈرۈۋەتتىم»[3].

زۆرۈرىيەت بولۇپ قالغاندا ئەرلەرنىڭ يىپەك كىيىم كىيىشىنىڭ رۇخسەت قىلىنغانلىقىنىڭ دەلىلى شۇكى، ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زۇبەير بىلەن ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋفكە ئۇ ئىككىسىنىڭ قىچىشقاق كېسىلى بولغانلىقى ئۈچۈن يىپەك كىيىم كىيىشكە رۇخسەت قىلغان»[4].

باشقا كىيىم تېپىلمىغان چاغدا ئىسسىق ياكى سوغۇقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن يىپەك كىيىم كىيىشمۇ ئۇ زۆرۈرىيەت ئۈچۈن كىيگەنلىكىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

كىيىمگە يىپەكتىن كەشتىلەشمۇ رۇخسەت قىلىنىدۇ. بۇ پەقەت توقۇش ياكى تىكىش جەھەتتە ساپ يىپەك بولغان نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزىنىڭ زاھىرىي مەنىسى

(1) «فەتھۇلبارى» 10 - توم، 286 - بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 - توم، 224 - بەت.

(3) «ئىئلائۇسسۇنەن» 17 - توم، 293 - بەت.

(4) سەھىھ بۇخارى، 5840 - ھەدىس.

كىيىمنىڭ پەۋىزىغا تۇتۇلغان يىپەك تور بىلەن يىپەك كەشتىنىڭ ئارىسىدا ھېچ پەرق يوقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى تۆت بارماقنى ئۆلچەم قىلىش شەرت قىلىنىدۇ. لېكىن بۇ قاراش شافىئى مەزھەپىدىكىلەرنىڭ قارىشىغا خىلاپ بولۇپ، ئۇلار كەشتىنى تۆت بارماق بىلەن ئۆلچەم قىلغان. كىيىمنىڭ پەۋىزىغا تۇتۇلغان تورنى، گەرچە ئۇ تۆت بارماقتىن ئېشىپ كەتسىمۇ، ئادەتكە ئاساسەن ھەر تەرەپتىن ھېسابلاشقا قارار قىلغان.

ھەنەفىي مەزھەپىدە ئۇ ئۆلچەم ھەر ئىككىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئىچىگە ئەتراپقا تۇتۇلغان تور، يەڭلەرنىڭ ئەتراپىغا ئىشلەنگەن كەشتە، جۇۋىنىڭ ياقىسىغا ئىشلەنگەن كەشتە قاتارلىقلار كىرىدۇ. ئەگەر كىيىمگە يىپەك رەخت پارچىسىدىن ياماق سالسىمۇ شۇنداق بولىدۇ. لېكىن يىپەك رەخت پارچىسىدىن كىيىمگە پەۋاز تۇتسا، بولمايدۇ.

<ئەلھىندىييە> ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «ئەگەر تونغا يىپەك پەۋاز تۇتۇلسا، ھېچ يامىنى يوق. چۈنكى ئۇ قوشۇمچە قىلىنغان قىسىمدۇر. ئەگەر تاش ئەستىرى ياكى ئىچ ئەستىرى يىپەكتىن قىلىنسا، مەكروھتۇر. چۈنكى ھەر ئىككىلىسىدىن كىيىش مەقسەت قىلىنىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، ئەگەر جۇۋىنىڭ ياقىسىنىڭ كەڭلىكى تۆت بارماقتىن چوڭ بولسا، مەسىلەن زامانىمىزنىڭ ئادىتىگە ئوخشاش، ئۇنىڭ ئۈستىدىن بىر پارچە پاختا رەخت تىكىۋېتىلگەن تەقدىردە، ئۇنى كىيىش دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى ئۇ يىپەك، پەۋازغا ئايلىنىپ قالىدۇ»[1].

ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ زاھىرىي قارىشىغا ئاساسەن، ئايرىم ـ ئايرىم جايىنىڭ يىپەك ئورنى، گەرچە ئۇ سەللە بولسىمۇ، جەملەنمەيدۇ. پەقەت رەختىنىڭ بىر قىسىم يوللىرى پىلە قۇرۇتىنىڭ يىپىكى، يەنە بىر قىسىم يوللىرى يىپەكسىز بولۇپ، نەتىجىدە ھەممىسى پىلە قۇرۇتى يىپىكىدەك كۆرۈنسە، ئۇنى كىيىش دۇرۇس بولمايدۇ. ئۇنىڭ تەقەززاسى شۇكى، يىپەكتىن كەشتىلەش ۋە توقۇش بىلەن گۈل چىقىرىلغان كىيىمنى ھەربىرىنىڭ گۈلى تۆت بارماقتىن ئېشىپ كەتمىسە كىيىش دۇرۇستۇر. ئەگەر ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ھەممىسىلا يىپەكتىن توقۇلغان تون كۆرۈنمىسە دۇرۇستۇر.

ئايرىم ـ ئايرىم يەردىكى ئالتۇن ۋە كۈمۈشنىڭ ھۆكمىمۇ مۇشۇنداق بولامدۇ؟ بۇنىڭغا قاراپ چىقىلىدۇ. زاھىرىي جەھەتتىن ئالغاندا ئارىدا پەرق بولماسلىقى لازىم[2].

ئەرلەرنىڭ يىپەك رەختتىن ياكى ئالتۇندىن ياكى كۈمۈشتىن ۋەياكى ئۈستى يىپەك بىلەن تىكىلگەن پاختا رەختتىن پوسما ۋە دوپپا كىيىشى مەكروھتۇر. شۇنداقلا تۆت

(1) سەھىھ بۇخارى، 5839 ـ ھەدىس.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 224 ـ بەت.

بارماق مىقدارىدىن كۆپ ياكى ئۇنىڭدىن ئاز ئالتۇن ۋە كۈمۈش ئىشلىتىلگەن باش كىيىممۇ مەكروھتۇر. شاپاق دوپپىنىڭ ھۆكمىمۇ مۇشۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا يىپەكتىن گۈل ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ گۈلىدىن بىرى تۆت بارماق مىقدارىدىن ئېشىپ كەتسە، ئۇنى كىيىش ھالال بولمايدۇ. ئەگەر تۆت بارماقتىن ئاز بولسا، ھەممە گۈلىنى جەملىگەن تەقدىردە تۆت بارماقتىن ئېشىپ كەتسىمۇ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ زاھىرىي قارىشىغا ئاساسەن ئايرىم ـ ئايرىم ئورۇنغا تىكىلگەن گۈللەر جەملەنمەيدىغانلىقى ئۈچۈن ھالال بولىدۇ[1].

## يىپەك بىلەن پۇكۇلگەن جۇۋىنىڭ ھۆكمى

<ئەددۇررۇلمۇختار> ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «يىپەك بىلەن پۇكۇلگەن جۇۋىنى كىيىش مەكروھتۇر». ئىبنى ئابىدىن ئۇنىڭغا چۈشەنچە بېرىپ مۇنداق دېگەن: «ئۇ قاراش كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ قارىشىغا زىتتۇر. يىپەك بىلەن پۇكۇلگەن كىيىمنى كىيىش ھەقىقەتەن ئومۇمىيۈزلۈك فىقھشۇناسلارنىڭ قارىشىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان». <ئەتتەبيىن> ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پارىس يىپىكىدىن توقۇلغان، چارەك چوڭلۇقتا يانچۇق ئېتىلگەن، ئۈستى ۋە ئاستى شۇ خىل يىپەك بىلەن پۇكۇلگەن بىر يېشىل جۇۋىنى ئېلىپ چىقىپ مۇنداق دېدى: بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىيىدىغان جۇۋىسى ئىدى. ئۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىدا ساقلانغان بولۇپ، ئائىشە ۋەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ جۇۋىنى مەن ئېلىۋالغان ئىدىم. بىز ئۇ جۇۋىنى يۇيۇپ كېسەلگە بېرەتتۇق. ئۇنىڭ بىلەن ئۇ كېسەل شىپا تاپاتتى». بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. لېكىن مۇسلىم «چارەك چوڭلۇقتا» دېگەن سۆزنى تىلغا ئالمىغان.

<ئەلھىدايە> ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىپەك بىلەن پۇكۇلگەن جۇۋىنى كىيەتتى».

ئىمام مۇسلىم ئەسما بىنتى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھا تەرىپىدىن ئازات قىلىنىۋېتىلگەن خالىد ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەسما مېنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ قېشىغا مەسىلە سورىغىلى ئەۋەتىپ: مېنىڭ ئۇنىڭغا ماڭا يېتىپ كېلىشچە سەن كىيىمنىڭ يىپەك كەشتىسى، ئىگەر ئۈستىگە

(1) «تەقرىيرات ئەررافىئى» 2 ـ توم، 306 ـ بەت.

سېلىنىدىغان كىچىك قىزىل كۆرپە[1] ۋە رەجەپ ئېيىنىڭ ھەممىسىدە روزا تۇتۇشتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنى هارام قىلىپسەن، دېيىشمىنى تاپىلىدى. بۇنى ئاڭلىغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ماڭا: رەجەپ ئېيىدا روزا تۇتۇش ھەققىدىكى سوئالىڭغا كەلسەك، مەڭگۈ روزا تۇتىدىغان كىشى ھەققىدە نېمە دېيىش كېرەك. ئەمما كىيىمنىڭ كەشتىسى ھەققىدىكى سوئالىڭغا كەلسەك، مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن: «يىپەكنى پەقەت ئاخىرەتتە ئۇنىڭدىن هېچ نېسىۋىسى يوق كىشىلا كىيىدۇ» دەپ ئاڭلىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. شۇڭا كەشتىنىڭ شۇ يىپەكتىن بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدىم. ئىگەر ئۈستىگە سېلىنىدىغان كىچىك قىزىل كۆرپە مەسىلىسىگە كەلسەك، ئابدۇللاھنىڭ (ئۆزىنى دېمەكچى) كىچىك كۆرپىسىمۇ قىزىلدۇر، دېدى. مەن ئەسمانىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ، ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردىم. ئاندىن ئۇ: بۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ جۇۋىسىدۇر دېگىنىچە، پارس يىپىكىدىن توقۇلغان، يانچۇق ئېتىلىگەن، ئۈستى ۋە ئاستى شۇ خىل يىپەك بىلەن پۈكۈلگەن بىر يېشىل جۇۋىنى ئېلىپ چىقتى. ئاندىن مۇنداق دېدى: «بۇ جۇۋا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها ۋاپات بولۇپ كەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭ يېنىدا ساقلانغان بولۇپ، ئۇ ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن بۇ جۇۋىنى مەن ئېلىۋالغان ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ جۇۋىنى كىيەتتى. كېيىن بىز بۇ جۇۋىنى يۇيۇپ كېسەلگە بېرەتتۇق. كېسەل ئۇنىڭ بىلەن شىپا تېپىپ قالاتتى»[2].

## يىپەكنى كىيىمدىن باشقا ئىشلاردا پايدىلىنىشنىڭ ھۆكمى

يىپەكنى نېپىز پەردە ۋە پاشىلىق ئۈچۈن ئىشلەتسە هېچ يامىنى يوق. چۈنكى ئۇ كىيىلىدىغان نەرسە ئەمەس.

يىپەكنى ئىشتانباغ ئۈچۈن ئىشلىتىش مەكروھ بولۇپ، بۇ توغرا قاراشتۇر. بەزىلەر: «ئۇنىڭ هېچ يامىنى يوق، چۈنكى ئۇ يالغۇز كىيىلىدىغان نەرسە ئەمەس» دېگەن. <ئەلجامىئ ئەسسەغىر> ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «بەزى ئالىملار: ئەرلەر يىپەكتىن ئىشتانباغ قىلىۋالسا، ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ قارىشىدا هېچ يامىنى يوق، دەپ قارايدۇ. ئىمام ئەبۇيۈسۈف بىلەن مۇھەممەدنىڭ قارىشىدا ئۇنىڭ مەكروھ ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان»[3].

(1) «رەددۇلمۇهتار» 5 ـ توم، 225 ـ بەت.

(2) ئەينى زاماندا ئاياللار ئەرلىرىنىڭ ئىگەر ئۈستىگە سېلىپ مىنىشى ئۈچۈن يىپەكتىن ئەستەر تۇتۇپ، ئىچىگە پاختا ۋە يۇڭ سېلىپ، كىچىك كۆرپە تىكىپ بېرىدىكەن.

(3) سەھىھ مۇسلىم، 2069 ـ ھەدىس.

ئەر كىشى يېنىغا ئېسىۋالىدىغان ھەميان يىپەك بولسا، مەكروھ بولىدۇ. يانچۇقىغا سېلىۋالىدىغان ۋە ئۆي ئىچىگە ئېسىپ قويىدىغان ھەميان يىپەك بولسا، مەكروھ بولمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئېسىپ قويمايدىغان ھەميانىنىڭ مەكروھ ئەمەسلىكى مەلۇم بولىدۇ. زاھىرىي جەھەتتىن ئالغاندا يانغا ئېسىۋېلىش كىيىشكە ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھارام بولىدۇ. چۈنكى ھارام نەرسىلەر ھەققىدە شۈبھىلىك ئىكەنلىكى بىلىنگەن نەرسە جەزىملەشتۈرۈلۈپ قارالغان نەرسىگە قوشۇۋېتىلىدۇ. زاھىرىي جەھەتتىن ئالغاندا يانغا ئېسىۋالىدىغان ھەميان بويۇنغا ئېسىۋالىدىغان تىل ـ تۇمارلارنىڭ تۈگىنىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. يانغا ئېسىۋالماستىن، يانچۇققا سېلىپ قويىدىغان ھەميانىنىڭ ھۆكمى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.

يىپەك جەينامازنىڭ ئۈستىدە ناماز ئوقۇش مەكروھ ئەمەس. چۈنكى ئۇنى كىيىش ھارامدۇر. ئەمما باشقا تۈرلۈك پايدىلىنىش ھارام ئەمەس.

بۇنىڭدىن تەسۋىنىڭ (يىپەك) يىپى ھەققىدە كۆپ سورىلىدىغان سوئالنىڭ ھۆكمى ۋە ئەر كىشى كىيىمىنىڭ تۈگمىسىگە ئېسىۋالىدىغان سائەتنىڭ (يىپەك) بېغىنىڭ ھۆكمى مەلۇم بولىدۇ. زاھىرىي جەھەتتىن ئالغاندا سائەتنىڭ بېغىمۇ تەسۋى ئۆتكۈزۈلىدىغان يىپقا ئوخشايدۇ. ئاچقۇچلارنىڭ بېغى، تارازىلارنىڭ باغلىرى قاتارلىقلارمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ. يىپەك رەختكە ۋە ۋاراققا خەت يېزىش، قۇرئاننى يىپەك رەخت بىلەن قاپلاش، يىپەك رەختتىن ھەميان قىلىش، قاچا ياپقۇچ، كىيىم ياپقۇچ ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان، كىيمەستىن پايدىلىنىدىغان ياكى كىيىشكە ئوخشاپ كېتىدىغانراق شەكىلدە پايدىلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

بىدىكىنىڭ يىپەك كىيىمنى سېتىش ئۈچۈن ئىككى مۇرىسىگە ئارتىپ يۈرۈشى، ئەگەر ئىككى قولنى ئىككى يېڭىگە سالمىغان تەقدىردە، دۇرۇستۇر. بەزى ئالىملار دۇرۇس بولمايدۇ، دېگەن. كىيىمنى ئىككى مۈرىگە ئارتىپ يۈرۈشتىن ئىبارەت ئالدىنقى قاراش پەقەت ئىشلەتمەستىن كۆتۈرۈپ يۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇ پايدىلىنىش مەقسەت قىلىنغان كىيىشكە ئوخشىمايدۇ.

ئالىملار يىپەكتىن تىكىلگەن يوتقاننى ئىشلىتىش دۇرۇس بولمايدۇ، چۈنكى يوتقانمۇ كىيىشنىڭ بىر تۈرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، دېگەن[1].

ئالىملار جاراھەتنى يىپەك بىلەن تېڭىش ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشقان. يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، يىپەكتىن ئىشتانباغ قىلىش مەسىلىسىدىمۇ ئىختىلاپ قىلىشقانىدى. بەزىلەر: «ئېھتىياق قاراشتا مەكروھ بولىدۇ» دېگەن. قان ئېلىنغان يەرنى يىپەك بىلەن تېڭىشمۇ مەكروھتۇر. گەرچە ئۇ تۆت بارماقتىن ئاز بولغان تەقدىردىمۇ مەكروھتۇر.

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 225 ـ بەت.

چۈنكى ئۇ تېخىچە ئەسلى لاتا ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر پەخىرلىنىش ئۈچۈن بولمىسا ئۆيىنى يىپەك بىلەن بېزەش، ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىلار بىلەن گۈزەللەشتۈرۈش دۇرۇستۇر. تەكەببۇرلۇق بىلەن قىلىنغان ھەرقانداق نەرسە مەكرۇھتۇر. ئەگەر ئۇنى بىرەر ئېھتىياج ۋە زۆرۈرىيەت ئۈچۈن قىلسا، مەكرۇھ بولمايدۇ. مانا بۇ ئەمەل قىلىشقا تاللانغان قاراشتۇر.

بۈنىڭدىن شۇ چىقىدۇكى، ئەگەر پەخىرلىنىشنى مەقسەت قىلماستىن ھېيت ـ بايرام كۈنلىرى يىپەك كۆرپىلەرنى، ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىلارنى ئىشلەتمەستىن تىزىپ قويۇشقا بولىدۇ. بۇ ئەگەر شۇنداق قىلىش بىلەن پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىشنى مەقسەت قىلسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، كۈندۈزى نوكچە ۋە شاملارنى يېقىشقا بولمايدۇ. ئۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇ پۇل ـ مالنى زايە قىلغانلىقتۇر، پەقەت ھاكىمنىڭ جازالىشىدىن قورققان ئەھۋال ئاستىدا قىلىشقا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ يامان ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا، ئۇنىڭغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشكە بولمايدۇ. گۇۋاھلىق بۆلۈمىدە: بىرەر باشلىقنىڭ كەلگەنلىكىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن چىقىش چىققىچۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى رەت قىلىنىدىغان ئامىللاردىن بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى بۇ چىقىش يامان ئىشلارنى ۋە ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن ئارىلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەن. شۇڭا يامان ئىشقا قولايلىق يارىتىپ بەرگۈچىنىڭ گۇۋاھلىقى تېخىمۇ قوبۇل قىلىنماسلىقى كېرەك[1].

كۆينەكنىڭ ئىزمىسى ۋە تۈگمىسىنى يىپەكتىن قىلىشنىڭ ھېچ يامىنى يوق. چۈنكى ئۇ ئائىت نەرسىدۇر. شۇنىڭدەك يىپەك ۋە ئالتۇن تۈگمىلەرنىڭمۇ ھېچ يامىنى يوق. يىپەككە يۆلىنىش، ئۇنى كۆرپە قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇش دۇرۇستۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يىپەك ياستۇققا يۆلەنگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ سېلىنجىسى ئۈستىدىمۇ يىپەك ياستۇق بار، ئىدى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر تويغا كېلىپ، يىپەك ياستۇق ئۈستىدە ئولتۇرغان. چۈنكى يىپەك ئۈستىدە ئولتۇرۇش ئۇنى چوڭ بىلىشنى ئەمەس، كىچىك ساناشنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇ سۈرەت بار سېلىنجا ئۈستىدە ئولتۇرۇشنىڭ ئورنىدا بولىدۇ.

ئىككى ئىمام (يەنى ئەبۇيۇسۇف بىلەن مۇھەممەد)، شافىئى ۋە مالىك: «ئۇ ھارامدۇر» دېگەن بولۇپ، توغرا قاراش مۇشۇدۇر. لېكىن بۇ كەڭ ئومۇملىشىپ كەتكەن قاراشنىڭ ئەكسىدۇر[2]. ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ يىپەك ياستۇقلارغا يۆلىنىش ۋە يىپەك

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 226 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 226 ـ بەت.

كۆرپىلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇشنى ئەرلەر ئۈچۈن دۇرۇس، دەپ قارىغانلىقىنىڭ دەلىلى شۇكى، بەنى ئامىر تەرىپىدىن ئازات قىلىنغان راشىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ كۆرپىسى ئۈستىدە يىپەك ياستۇق كۆرگەنىدىم». بۇ ھەدىسنى ئىبنى سەئد رىۋايەت قىلغان. <نەسبۇررايە> ناملىق كىتابتا شۇنداق بايان قىلىنغان.

سەئد ئىبنى ئەبۇۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس ئۇنىڭغا قارشى دەلىل سۈپىتىدە كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ھەدىس ئۇنىڭغا زىت كېلىدۇ. بۇ ھەدىسنى ئىبنى ۋەھب ئۆزىنىڭ <جامىئ> ناملىق كىتابىدا، ئىبنى رەجەپ <فەتھۇلبارى> دا، تاھاۋىي <مەئانىل ئاسار> ناملىق كىتابتا، ھاكىم <ئەلمۇستەدرەك> تە سەئد ئىبنى ئەبۇۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن ئۈچۈن يىپەك كۆرپىدە ئولتۇرغىنىمدىن يالقۇنلاپ تۇرغان چوغ ئۈستىدە ئولتۇرغىنىم ياخشىدۇر». يەنە كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يىپەك ئۈستىدە ئولتۇرۇشتىن توسقانلىقى رىۋايەت قىلىنغان[1].

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىلاردا سۇ ئىچىشنى ھەمدە تاماق يېيىشنى، يىپەك ۋە تاۋارلاردا كىيىم كىيىشنى ھەمدە ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشنى مەنئى قىلغان»[2].

ئىبنى ھەجەر (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىنى بىرقانچە يول بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇ يوللاردا ئۇنىڭ: «ھەمدە ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشنى» دېگەن جۈملە يوق. ئۇ جۈملە يىپەك ئۈستىدە ئولتۇرۇش مەنئى قىلىنىدۇ، دېگۈچىلەرنىڭ كۈچلۈك دەلىلىدۇر. ئۇ كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدۇر. لېكىن ئىبنى ماجىشۇن، كۇپىلىقلار ۋە بەزى شافىئىلارنىڭ قارىشى ئۇنىڭ ئەكسىچىدىدۇر.

بەزى ھەنەفىي فىقھشۇناسلىرى ئۇ چەكلىمىگە قارىتا: «بۇ يەردىكى مەنئى قىلىش سۆزى ھارام قىلىنغانلىقنى ئوچۇق بىلدۈرمەيدۇ» دەپ جاۋاب بەرسە، يەنە بەزىلەر: «بۇ چەكلىمىنىڭ يالغۇز يىپەك ئۈستىدە ئولتۇرۇشنى ئەمەس، يىپەك كىيىم كىيىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئېھتىمالى بار» دېگەن. بۇ قاراش ئىبنى بەتتالنىڭ: «مەزكۇر ھەدىس يىپەك ئۈستىدە ئولتۇرۇشنىڭ ھارام قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىلدۇر» دېگەن دەۋاسىغا رەددىيە بېرىدۇ. ئۇ دەلىل

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 226 ـ بەت.

(2) «ئىئلائۇسسۇنەن» 17 ـ توم، 350 ـ بەت.

ئەمەس، بەلكى ئۇ ئوچۇق مەنە ئىپادىلەيدىغان سۆزدۇر...

يەنە بەزى ھەنەفىي فىقھشۇناسلىرى مەزكۇر ھەدىسلەرنىڭ كىيىم ھەققىدە كەلگەنلىكىنى توغرىلاپ، دۇرۇسلۇق بىلەن چەكلىمىنى ئۇنى كىيىشكە قاراتقان ۋە: «ئولتۇرۇش كىيىش ئەمەس» دېگەن.

كۆپچىلىك ئالىملار ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «مەن ئۇزۇن تۇرغانلىقتىن قارىداپ كەتكەن بىر بورىنىڭ ئۈستىدە تۇردۇم» دېگەن ھەدىسىنى دەلىل قىلغان. چۈنكى ھەرقانداق نەرسە ئۆزىگە يارىشا بولىدۇ.

مەزكۇر ھەدىس يەنە ئاياللارنىڭ يىپەك كۆرپە ئىشلىتىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ئۈچۈن دەلىل قىلىنغان. لېكىن بۇ قاراش ئاجىزدۇر. چۈنكى ئەرلەرگە قىلىنغان خىتاب كۈچلۈك قاراشقا ئاساسەن ئاياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ئاياللارنىڭ يىپەك كۆرپە ئىشلىتىشنى مەنئى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان بۇ كىشى بۇ مەسىلىنى ئۇلارنىڭ ئالتۇن جابدۇقلارنى تاقىشى دۇرۇس تۇرۇپمۇ، ئالتۇن قاچا ئىشلىتىشىنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقىغا قىياس قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ بۇ قارىشىچە بولغاندا ئاياللارنىڭ يىپەك كىيىم كىيىشى دۇرۇس بولىدۇ، يىپەكنى ئىشلىتىشى مەنئى قىلىنىدۇ. رافىئى بۇ قاراشنى توغرا تاپقان.

ئەمما ئىمام نەۋەۋىي ئاياللارنىڭ يىپەك ئىشلىتىشىنى توغرا تاپقان ۋە ئەر كىشىنىڭ ئايالى بىلەن ئايالىنىڭ كۆرپىسىدە ياتقاندا يىپەك كۆرپە ئىشلىتىشىنى مەنئى قىلىشقا دەلىل كۆرسەتكەن. مالىكى مەزھەپىدىن ئۇنى دۇرۇس، دەپ قارىغان كىشى ئۇنىڭغا مۇنداق چۈشەنچە بەرگەن: خوتۇن كىشى ئەرنىڭ كۆرپىسىدۇر. خۇددى خوتۇنىنىڭ ئۈستىدە ئالتۇن جابدۇقلار ۋە يىپەك كىيىملەر بار ھالەتتە ئېرىنىڭ ئۇنى ئاستىغا ئېلىشى دۇرۇس بولغىنىدەك، خوتۇنىغا مۇباھ بولغان كۆرپە ئۈستىدە ئېرىنىڭ ئۇنىڭ بىللە ئولتۇرۇشى ۋە ئۇخلىشى دۇرۇس بولىدۇ[1].

يىپەكنى تاش كىيىم قىلىپ ياكى ئىشتان تىكىپ كىيىش پۈتۈن ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشىدا مەكرۇھتۇر. ئەمما كۈمۈش ئۈستىدە ئولتۇرۇش پۈتۈن ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشىدا ھارامدۇر. چۈنكى ئۇ تولۇق ئىشلەتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ. نېمىشقا دېگەندە ئالتۇن ۋە كۈمۈش كىيىلمەيدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ ھارام ئىكەنلىكى، ئىلگىرىكى مەسىلىنىڭ مەكرۇھ ئىكەنلىكى بىلەن تەبىرلىنىشى ئىختىلاپ گۇمانى تۈغۈلغانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك. ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىشىچە، ئۇ بەدەنگە تېگىپ تۇرىدىغان يىپەك كىيىمنى ھارام قىلغان.

(1) سەھىھ بۇخارى، 5836 ـ ھەدىس.

ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام ئەبۇ يۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد ئارىسىدىكى ئىختىلاپ يىپەكتىن پەردە تۇتۇش ۋە ئۇنى ئىشىكلەرگە ئېسىش ھەققىدىدۇر.

ئوغۇل بالىنىڭ بۇشۇكى ئۈستىگە يىپەكتىن تىكىلگەن ئايالچە پەلتۇ ۋە خالاتقا ئوخشاش كىيىملەرنى يېپىپ قويۇش مەكروھ ئەمەس. بىز يۇقىرىدا يىپەك يوتقان ئىشلىتىشنىڭ مەكروھ ئىكەنلىكىنى، چۈنكى ئۇنىڭ كىيىشنىڭ بىر تۈرى ئىكەنلىكىنى، يىپەك جەينامازدا ناماز ئوقۇشنىڭ دۇرۇسلۇقىنى، چۈنكى يىپەكتىن پايدىلىنىش ئەمەس ئۇنى كىيىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان ئىدۇق. مانا بۇ، تەكەببۇرلۇق قىلماستىن، تاھارەت ئالغاندا سۈرتۈش ئۈچۈن يىپەك ياغلىق تۇتىسمۇ بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى قول ياغلىق ئەمەلىيەتتىمۇ، ھۆكۈم جەھەتتىمۇ كىيىدىغان نەرسە ئەمەس. بىراق يوتقان، ئىشتانباغ، قان ئالغان يەرنى تاڭىدىغان تېڭىق قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. لېكىن بەزىلەر ئەر كىشىنىڭ يىپەك كىيىم ئۈستىدە ناماز ئوقۇشىنىڭ مەكروھ ئىكەنلىكىنى، چۈنكى ئولتۇرۇش ياكى ئۇخلاش ئۈچۈن يىپەك كۆرپە سېلىش بىلەن ناماز ئوقۇش ئۈچۈن يىپەك جەيناماز سېلىشنىڭ ئارىسىدا ئالاھىدە بىر پەرقنىڭ يوقلىقىنى بايان قىلغان. ئەمما ئالدىنقى قاراش بەكرەك توغرىدۇر.

يوتقان ۋە يانغا ئېسىۋالىدىغان ھەميان مەسىلىلىرىدىن ھەمدە شۇنىڭغا ئوخشىغان مەسىلىلەردىن تاماق يېگەندە كىيىمگە تاماق ۋە مايلىق نەرسىلەرنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئالدىغا تارتىۋالىدىغان لاتىنىڭ يىپەك بولسا مەكروھ بولىدىغانلىق ھۆكمى ئېلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ بىر تۈرلۈك كىيىش ھېسابلىنىدۇ. ئاۋام خەلقنىڭ تىلىدا مۇنداق قىلىشتىن ئۇنى كۆزگە ئىلماسلىق مەقسەت قىلىنىدۇ، دېگەن مەشھۇر قاراش ياستۇق قىلىش ۋە ئولتۇرۇشقا ئوخشاش كىيىم تۈرىگە كىرمەيدىغان نەرسىگە قارىتىلىدۇ. كۆزگە ئىلماسلىق ئىشتانباغ قىلىش ۋە تېڭىق لاتا قىلىش جەھەتتە تېخىمۇ كۈچلۈك ئىپادىلىنىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ ئىشلارنى قىلىش مەكروھتۇر. شۇڭا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان نەرسىمۇ مەكروھ ھېسابلىنىدۇ[1].

## كۆركەم كىيىملەرنى كىيىشنىڭ ھۆكمى

تەكەببۇرلۇق ۋە ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشنى مەقسەت قىلمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا كۆركەم كىيىملەرنى كىيىشنىڭ ھېچ يامىنى يوق. كەيگۈچى يۇرۇش ـ تۇرۇشتا ئۇ كىيىملەرنى كىيىشتىن ئىلگىرى قانداق بولسا، ئۇنى كىيگەندىن كېيىنمۇ شۇنداق بولۇشى لازىم. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام **1000** تەڭگىلىك قىممەتكە ئىگە

(1) «فەتھۇلبارى» 10 ـ توم، 292 ـ بەت.

بىر تونىنى كىيىپ سىرتقا چىقتى. بىر قېتىم ئۇ نامازغا تۇرغاندا ئۇ ئۇستىگە 4000 تەڭگىلىك قىممەتكە ئىگە بىر تون كىيگەن ئىدى. ئىمام ئەبۇھەنىفە 400 تىللالىق قىممەتكە ئىگە تون كىيەتتى. الله تائالا چىرايلىق كىيىنىشنى مۇباھ قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتقىنكى، «الله بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟» ئېيتقىنكى، «ئۇلار بۇ دۇنيادا مۆمىنلەر ئۈچۈن يارىتىلغان (گەرچە ئۇلارغا كۇففارلار شېرىك بولسىمۇ)، ئاخىرەتتە بولسا مۆمىنلەرگىلا خاستۇر». (الله نىڭ بىر ۋە شېرىكى يوق ئىكەنلىكىنى) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز»[1].

<ئىئلائۇسسۇنەن> ناملىق كىتابىنىڭ مۇئەللىپى بۇ ھەقتە مەخسۇس بىر باب ئاجرىتىپ، ئۇنى: «ئەرلەرنىڭ يىپەك بىلەن يۇڭ ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان رەختتىن كىيىم كىيىشى» دەپ ئاتىغان ۋە بۇ ھەقتە بىرقانچە ئەسەرلەرنى بايان قىلغان. شۇ ئەسەرلەردىن بىرى زۇرارەدىن رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىمران ئىبنى ھۇسەيننىڭ يىپەك بىلەن يۇڭ ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان رەختتىن كىيىم كىيگەنلىكىنى كۆردۈم». بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى <ئەلئەدۇلمۇفرەد> ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان.

ئەبۇئىسھاقنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مەن ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ يىپەك بىلەن يۇڭ ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان رەختتىن گۈللۈك تون كىيىۋالغانلىقىنى كۆردۈم». بۇنى ئىبنى ئەبۇشەيبە رىۋايەت قىلغان. ئابدۇرراززاقمۇ ئۇنى ئابدۇلكەرىم جەزەرىدىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ يىپەك بىلەن يۇڭ ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان رەختتىن جۇۋا ۋە كىيىم كىيىۋالغانلىقىنى كۆردۈم».

ئەبۇئىسھاق ئىبنى ھۇرەيسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ھۇسەين ئىبنى ئەلىنىڭ يىپەك بىلەن يۇڭ ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان رەختتىن كىيىم كىيىۋالغانلىقىنى كۆردۈم». بۇ ئەسەرنى ئىبنى ئەبۇشەيبە رىۋايەت قىلغان.

مەزكۇر ئەسەرلەر يىپەك بىلەن يۇڭ ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان رەختتىن كىيىم كىيىشنىڭ مۇباھ ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. مەلۇم ئەسەر ئۇ رەختنىڭ ئۆرۈمە يىپى يىپەك بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى كىيىشنىڭ مۇباھ ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ ئەسەر ئەبۇبەكرە ۋە ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنغان. ئىكرىمەنىڭمۇ يىپەك بىلەن يۇڭ ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان رەختتىن كىيىم كىيگەنلىكى ۋە: «پەقەت ساپ يىپەكتىن كىيىم كىيىش مەكرۇھتۇر» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. بۇ

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 227 ـ بەت.

ئەسەرنى ئىمام بەيھەقى <شۇئەبۇل ئىمان> ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان.

ئەبۇبەكرەنىڭ يىپەك بىلەن يۇڭ ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان، ئۈرۈمە يىپى يىپەك رەختتىن بولغان گۈللۈك تونى بار ئىدى. ئۇ ئۇنى كىيەتتى. بۇ ئەسەرنى ئىبنى ئەبۇشەيبە رىۋايەت قىلغان[1]. لېكىن <ئەددۇررۇلمۇختار> ناملىق كىتابتا: «ئۇلارنىڭ زامانىدا بۇ خىل رەخت سۇ ھايۋانلىرىنىڭ يۇڭلىرىدىن توقۇلاتتى. ئەمما ھازىر يىپەكتىن توقۇلىدۇ. شۇڭا ھارام بولىدۇ» دېيىلگەن.

ئۈرۈمە يىپى يىپەك، ئارقا يىپى كاناپ ۋە پاختىغا ئوخشاش نەرسىلەردىن توقۇلغان رەختلەردىن، باشقا يىپلار مەيلى يىپەكتىن ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، مەيلى يىپەك بىلەن تەڭ مىقداردا بولسۇن، كىيىم كىيىش ھالالدۇر. چۈنكى كىيىم پەقەت توقۇش بىلەن كىيىمگە ئايلىنىدۇ. توقۇش ئارقا يىپى بىلەن بولىدۇ. شۇڭا رەختنىڭ ئۈرۈمە يىپى ئەمەس، ئارقا يىپى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى ھۆكۈمدە سەۋەبنىڭ ئىككى سۈپىتىنىڭ ئاخىرقىسى ئېتىبارغا ئېلىنىپ كېلىدۇ.

زامانىمىزدىكى تاۋار رەختكە ئوخشاش ئۈرىمە يىپى تېشىغا چىقىپ تۇرىدىغان رەختلەردىن كىيىم كىيىش ھالالدۇر. بەزىلەر: «مەكروھ بولىدۇ، چۈنكى ئۇنى كىيگۈچى كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە يىپەك كىيگۈچى ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭدا تەكەببۇرلۇق ئالامىتى كۆرۈلىدۇ» دېگەن. يەنە بەزىلەر: «ئۇنىڭ ئارقا يىپىنى ئېتىبارغا ئالغان ئاساستا مەكروھ بولمايدۇ. ئەگەر ئارقا يىپى يىپەك ۋە باشقا يىپ بىلەن ئارىلاش بولغان تەقدىردە، ئۇنىڭ ھەممىسى يىپەكتەك كۆرۈنسە، ئاندىن مەكروھ بولىدۇ. ئەگەر مەسىلەن: كەشتە يىپىغا ئوخشاش بىرەر يىپى پەرقلىق بولسا، مەكروھ بولمايدۇ. چۈنكى ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ قارىشىدا رەختتىكى تۆت بارماق مىقدارغا يەتمىگەن ئايرىم ـ ئايرىم يىپەك ئورۇن جەملەنمەيدۇ» دېگەن.

ئەر كىشى ئۆزىنىڭ تەڭ ـ تۇشلىرىغا ئۇيغۇن ھالدا كىيىم كىيىشى كېرەك. شۇڭا ئۇنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئالىي دەرىجىلىك كىيىملەرنى ياكى ھەددىدىن زىيادە ناچار كىيىملەرنى كىيىشى توغرا ئەمەس. ئەگەر ئۇ شۇنداق قىلسا، چەكلەنگەن ئىشنى قىلغان ۋە كىشىلەرنى غەيۋەتكە مۇپتىلا قىلغان بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەددىدىن زىيادە ئالىي دەرىجىلىك كىيىملەرنى، شۇنداقلا ھەددىدىن زىيادە ناچار كىيىملەرنى كىيىشنى مەنئى قىلغان. بۇنىڭغا ئەمەل قىلغان ئادەم نادان كىشىلەرنىڭ كەمسىتىشىگە، فىقھىشۇناسلارنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچراپ كەتمەيدۇ. ئىماملارنىڭ ئىمامى سەرەخسى مۇنداق دېگەن: «ھەممە ۋاقىتتا

(1) سۈرە ئەئراف، 32 ـ ئايەت.

پاكىز يۇيۇلغان كىيىملەرنى كىيىش لازىم»[1].

بەزى ۋاقىتلاردا الله تائالانىڭ ئۆزىگە بەرگەن نېمەتلىرىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن ئەڭ چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىش لازىم. مۇنداق قىلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئىمام نەسەئى ئەبۇئەھۋەسنىڭ ئاتىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرگەن ئىدىم. ئۇ مېنىڭ ناچار كىيىم كىيىۋالغانلىقىمنى كۆرۈپ: «سېنىڭ پۇل ـ مېلىڭ بارمۇ؟» دېدى. مەن: ھەئە، الله تائالا ماڭا ھەر تۈرلۈك مال ـ مۈلۈكتىن بەردى، دېدىم. ئۇ: «ئەگەر سېنىڭ پۇل ـ مېلىڭ بولسا، ئۇ ئۈستۈڭدە كۆرۈنۈشى لازىم» دېدى.

شەيخ سەئىد بۇرھانى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) <ئەلھەدىييە ئەلئەلائىييە> ناملىق كىتابقا شەرھى يازغاندا <شەرھۇششىرئە> ناملىق كىتابتىن مۇنۇلارنى نەقىل قىلغان: ياماق سېلىنغان كونا كىيىمنى كىيىش ئىسلامنىڭ سۈننىتىدۇر. رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ياتلىق قىلغاندا فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۈستىدە 12 يېرىگە ياماق سېلىنغان يۇڭ پەلتو بار ئىدى. ئۇ ئارپىنى قولى بىلەن تارتاتتى. بۇشۇكنى پۇتى بىلەن تەۋرىتىپ تۇرۇپ قۇرئان ئوقۇيتتى، ئۇنى تىلى ئوقۇيتتى، دىلى تەپسىر قىلاتتى، كۆزى ياش تۆكەتتى. <ئەلمۇشكات> ناملىق كىتابتا مۇشۇنداق بايان قىلىنغان.

<ئەلئىھياﺋ> ناملىق كىتابتا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا مۇنداق تەۋسىيە قىلغان: «ئەگەر (ئاخىرەتتە) ماڭا قوشۇلاي دېسىڭىز بايلار سورۇنىغا قاتنىشىشتىن قەتئىي ساقلىنىڭ، كىيىمىڭىزنى ياماق سېلىپ كىيمەستىن تاشلىۋەتمەڭ». ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆينىكىنىڭمۇ 12 يېرىگە ياماق سېلىنغان بولۇپ، ياماقلىقلارنىڭ بەزىسى كۆندىن ئىدى.

ئېيتىلىشىچە، ئەبۇدەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭ كىيىمىنىڭ 40 يېرىدە ياماق بار ئىكەن.

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىزگە ياماق چۈشكەن بىر كىيىمنى ۋە قېلىن رەختتە توقۇلغان بىر تامبالنى ئېلىپ چىقىپ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ كەتكەندە مۇشۇ ئىككى كىيىمنى كىيىكلىك ئىدى» دېدى.

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن» 17 ـ توم، 354 ـ بەت.

ئەبۇنەجىب سەھەرۋەردى (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇئەييەن بىر شەكىلدە كىيىمنى كىيىشكە باغلىنىپ قالمايتتى. بەلكى ئارتۇقچە ئىستەكتە بولماستىن ۋە مەقسەت قىلماستىن، ئۇدۇل كەلگەن كىيىمنى كىيەتتى. ئۇن تىللالىق سەللىنىمۇ يۆگەيتتى، بىر تەڭگىگە يارىمايدىغان سەللىنىمۇ يۆگەيتتى[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا تەۋسىيەدە بولغان يۇقىرىدىكى ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى مۇنۇ لەۋزى بىلەن رىۋايەت قىلغان: «ئەگەر (ئاخىرەتتە) ماڭا قوشۇلاي دېسەڭىز مال ـ دۇنيادىن يولۇچىنىڭ ئېھتىياجىغا چۇشلۇق نەرسە سىزگە كۇپايە قىلىدۇ. بايلار سورۇنىغا قاتنىششتىن قەتئىي ساقلىنىڭ، كىيىمىڭىزنى ياماق سېلىپ كىيمەي تۇرۇپ كونىدى، دەپلا تاشلىۋەتمەڭ». ئىمام تىرمىزى بۇ ھەدىس ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىس غەرىپتۇر. ئۇنى سالىھ ئىبنى ھەسساننىڭ ھەدىسىدىنلا بىلىمىز. مۇھەممەدنىڭ ماڭا ئېيتىشىچە، سالىھ ئىبنى ھەسسان ھەدىسى رەت قىلىنىدىغان كىشى ئىكەن».

<فەيزۇلقەدىر> ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: بۇ پەقەت ئازغىنا مال ـ دۇنياغا قانائەت قىلىشنى ۋە باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىشنى مەقسەت قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەمما بېخىللىق قىلىپ شۇنداق قىلسا، ئۇنداق قىلىش: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللە نېمىتىنىڭ ئەسىرىنى بەندىسىنىڭ ئۈستىدە كۆرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن ئەيىبلىنىدۇ. پاسىقلارنىڭ كىيىملىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ مودىسىغا ئوخشاش كىيىملەرنى كىيىش مەكرۇھتۇر. ئەگەر ئىنسانلار ئۇنداق كىيىملەرنى كىيىپ ئادەتلەنگەن ۋە ئۇ كىيىملەر ئۇلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولسا، مەكرۇھ بولمايدۇ. ھەر قېتىم كىيىمنى سالغاندا ئۇنى چىرايلىق قاتلاپ ۋە بىسمىللاھ دەپ قويۇپ قويىدۇ.

موزدۇزلارنىڭ قولىدا تىكىلگەن، مىقلار بىلەن چەملەنگەن قارا ئاياق كىيىش ياخشىدۇر. چۈنكى بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ئالاقىدار ئىشلارنىڭ شەكلى كاپىرلارنىڭ ئىشلىرىغا شەكىل جەھەتتىن ئوخشاپ قالسا، زىيانلىق ئەمەس. شۇڭا بۇ كاپىرلارغا ئوخشاپ قالغانلىق بولمايدۇ. چۈنكى ئەيىبلەنگەن ۋە ئوخشىتىش مەقسەت قىلىنغان ئىشلاردىن باشقا ئىشلاردا ئۇلارغا مەقسەتسىز ئوخشاپ قېلىش مەكرۇھ ئەمەس. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «ئوخشاپ قېلىش» مەقسەتلىك ھالدا ئەمەس، شەكىل جەھەتتە ئوخشاپ قېلىشنى كۆرسىتىدۇ[2].

(1) «ئەلھەدىييە ئەلئەلائىييە» ناملىق كىتابتىن.

(2) «ئەلھەدىييە ئەلئەلائىييە» ناملىق كىتابنىڭ شەرھىسى، 295 ـ بەت.

# كىيىملەرنىڭ رەڭلىرى

كىيىم ـ كېچەكلەردە بارلىق رەڭلەر مۇباھتۇر. ئەڭ ئەۋزىلى يېشىل رەڭدۇر. چۈنكى جەننەت ئەھلىنىڭ كىيىملىرى يېشىل رەڭدۇر. ئاندىن قالسا ئاق رەڭدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۆزەڭلارغا ئاق كىيىم كىيىشنى لازىم تۇتۇڭلار. ئاق كىيىم كىيىڭلار. چۈنكى ئۇ ئەڭ ئېسىل ۋە پاكىزدۇر. ئۆلۈكلىرىڭلارنى ئاق رەختتە كېپەنلەڭلار»[1]. ئىبنى ئابباسنىڭ رىۋايىتىدە مۇنۇ جۈملە زىيادە بايان قىلىنغان: «ئۇ سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى كىيىمىڭلار ھېسابلىنىدۇ».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاق كىيىم كىيگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلسەم ئۇ ئۇخلاپ قاپتىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىدە ئاق كىيىم بار ئىكەن...»[2].

كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ رەڭلىرى ھەققىدە ئالىملارنىڭ قاراشلىرى ھەرخىلدۇر. بەزىدە بىر ـ بىرىگە قارشى كېلىپ قالغان. <ئەددۇررۇلمۇختار> ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «زەپىرەڭ، قىزغۇچ، قىزىل ۋە سېرىق رەڭلىك كىيىملەر ئەرلەر ئۈچۈن مەكرۇھتۇر. ئاياللارغا مەكرۇھ ئەمەس. قالغان تۈرلۈك رەڭلەردە كىيىم كىيىشنىڭ ھېچ يامىنى يوق».

ئىبنى ئابىدىن بەزى ئالىملاردىن مۇنۇلارنى نەقىل قىلغان: ئەر ـ ئاياللارنىڭ قىزىل ۋە يېشىل كىيىملەرنى كىيىشى دۇرۇس بولىدۇ. مەكرۇھ ئەمەس. <ئەلھاۋىي> ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: ئەرلەرنىڭ قىزغۇچ، زەپىرەڭ، زەرچىۋە ۋە قىزىل رەڭلەردە كىيىم كىيىشى، مەيلى ئۇ يىپەك بولسۇن ياكى باشقا رەختلەردىن بولسۇن، بويىغىغا قان ئارىلاشتۇرۇلغان بولسا، مەكرۇھتۇر. قان ئارىلاشتۇرۇلمىغان بولسا، قىزىل رەڭلىك كىيىمنى كىيىش دۇرۇس بولىۋېرىدۇ.

بەزى ئالىملاردىن مۇنۇلار نەقىل قىلىنغان: «قىزىل رەڭلىك كىيىمنى كىيىش مەكرۇھتۇر». بەزىلەرنىڭ قارىشىدا مەكرۇھ ئەمەس. بەزىلەر: «ئەگەر قىپقىزىل رەڭدە بويالسا، مەكرۇھتۇر. چۈنكى ئۇ رەڭ نىجىس نەرسە بىلەن ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇسۇملۇكلەرنىڭ رەڭگى ۋە ياغاچ پوستى بىلەن بويالسا، ئۇنداق كىيىمنى كىيىش پۈتۈن ئالىملارنىڭ قارىشىدا مەكرۇھ بولمايدۇ».

(1) «ئەلھەدىيىيە ئەلئەلائىييە» ناملىق كىتابنىڭ شەرھىسى، **296** ـ بەت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەبۇھەنىفە، شافىئى ۋە مالىك مۇنداق دېگەن: «قىزغۇچ رەڭلىك كىيىمنى كىيىش دۇرۇستۇر». بىر تۈركۈم ئالىملار: «ئۇنداق رەڭلىك كىيىمنى كىيىش مەكروھ تەنزىھى دەرىجىسىدە مەكروھتۇر» دېگەن[1].

لېكىن سەھىھ بۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزىل كىيىم كىيگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گەۋدىلىك كىشى ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىر قىزىل تون كىيىۋالغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. مەن ئۇ توندىن چىرايلىق نەرسە كۆرۈپ باقمىدىم»[2].

ئىبنى ھەجەر (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېگەن: «بىز سەلەپ ئالىملىرىنىڭ قىزىل كىيىم كىيىش ھەققىدىكى قاراشلىرىدىن مۇنداق يەتتە تۈرلۈك قاراشنى يەكۈنلەپ چىقىمىز...». ئىبنى ھەجەر شۇ يەتتە تۈرلۈك قاراشنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: «بۇنى شۇنداق يەكۈنلەش كېرەككى، ئەگەر قىزىل كىيىمنى كىيىشنى توسۇشنىڭ سەۋەبى ئۇنى كاپىرلارنىڭ كىيىدىغانلىقى ئۈچۈن بولسا، بۇ ھەقتىكى قاراش ئۈلاغ ئۇستىگە سېلىپ مىنىدىغان قىزىل كۆرپە ھەققىدىكى قاراشقا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ مەسىلە ئالدىمىزدا بايان قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ سەۋەبى قىزىل رەڭلىك كىيىمنىڭ ئاياللارغا خاس بولغانلىقى ئۈچۈن بولسا، ئۇنى توسۇش ئاياللارغا ئوخشاپ قېلىشتىن مەنئى قىلىش ھۆكمىگە قايتىدۇ. شۇنداق بولغاندا قىزىل كىيىمنىڭ ئۆزى ئەمەس، ئاياللارغا ئوخشاپ قالغانلىق سەۋەبىدىن مەنئى قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ سەۋەبى نام چىقىرىش ياكى ئەخلاققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش بولغانلىقى ئۈچۈن بولسا، مۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەن ھامان مەنئى قىلىنىدۇ. ناۋادا مەزكۇر سەۋەبلەرنىڭ بىرەرسى بولمىسا، ھەرخىل يىغىلىش سورۇنلىرى بىلەن ئۆي ئىچىنى پەرقلەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىمام مالىكنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشى كۈچلۈك ئورۇنغا ئۆتىدۇ»[3].

بىز يۇقىرىدا ئۈلاغ ئۇستىگە سېلىپ مىنىدىغان قىزىل كۆرپىنى تىلغا ئالدۇق. بۇ كۆرپە ئات ئىگىرىنىڭ ئۇستىگە ياكى تۆگىنىڭ ئۇستىگە سېلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ئەرەب ئەمەس خەلقنىڭ يىپەك ۋە تاۋار ـ دۇردۇنلاردىن كۆرپە تىكىپ، ئۈلاغ ئۇستىگە سېلىپ مىنىدىغان ئادىتىنىڭ بارلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. بۇنى مەنئى قىلىشنى كۆرسىتىدىغان ھەدىس بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى كېسەل يوقلاش، جىنازىگە ئەگىشىش،

(1) ئىمام بۇخارى، 5827 ـ ھەدىس.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 228 ـ بەت.

(3) سەھىھ بۇخارى، 5848 ـ ھەدىس.

چۈشكۈرگۈچىگە جاۋاب قايتۇرۇش (يەنى چۈشكۈرۈپ، ئەلھەمدۇلىللاھ دېگۈچىگە يەرھەمۇكەللاھ دېيىش) قاتارلىق يەتتە ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇدى. شۇنداقلا بىزنى يىپەك، تاۋار، دۇردۇنلاردىن كىيىم كىيىشتىن، ئۇلاغ ئۈستىگە قىزىل يىپەك كۆرپە سېلىپ مىنىشتىن توستى»[1].

# ئۆي سېلىش ۋە ئۆي جاھازلىرى

ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغۇدەك مىقداردا ئۆي سېلىپ ئولتۇرۇش سۈننەتتۇر. ئۆي سالغاندا ئىسسىق ۋە سوغۇقتىن ساقلىنىشنى، شۇنداقلا ئۆزىگە ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە تۇرالغۇ جاي تەييارلاشنى نىيەت قىلىش كېرەك. مانا بۇ ساۋاب بولىدىغان ئۆي سېلىشتۇر. ئىمام ئىبنى ماجە خەبباب ئىبنى ئەرەتتىن ئىشەنچلىك يول بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «بەندىنىڭ سۇ بىلەن تۇپىغا قىلغان چىقىملىرىدىن باشقا ھەممە چىقىملىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەجىر بېرىلىدۇ». يەنە بىر ھەدىستە سۇ بىلەن تۇپىغا قىلىنغان چىقىم ئەيىبلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن: «سۇ بىلەن تۇپىغا سەرپ قىلىنغان پۇل ـ مالدا ھېچ ياخشىلىق يوق». مۇشۇ مەنىدە يەنە بىر ھەدىس شەرىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنى ئىمام ئەبۇداۋۇد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلغان: «ئەگەر الله بىرەر بەندىگە يامانلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭ پۇل ـ مېلىنى سۇ بىلەن تۇپىغا غەرق قىلىۋېتىدۇ». دېمەك، ياخشىلىق ۋە ساۋاب مەقسەت قىلىنمىغان ئۆي ـ ئىمارەتكە قىلىنغان چىقىم شۇنداق بولىدۇ.

خەلىپە ھارۇن رەشىد پادىشاھلارنىڭ ئادىتىگە ئوخشاش ئېگىز قورو ـ جاي سالماقچى بولغاندا مۇھەممەد ئىبنى سەمماكنىڭ ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «لايىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دىنىنى پەس قالدۇرۇپسەن. ئەگەر ئۇ ئۆزەڭنىڭ پۇل ـ مېلى بولسا، بۇ ھالدا سەن ئىسراپ قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن. الله ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئەگەر ئۇ باشقىلارنىڭ پۇل ـ مېلى بولسا، بۇ ھالدا سەن زالىملاردىن بولۇپ قالىسەن. الله زالىملارنى ياخشى كۆرمەيدۇ».

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پادىشاھلاردىن بىرى بىر قورو سالدى. قورو پۈتكەندىن كېيىن كىشىلەرنى شۇ قوروغا مېھمانغا چاقىردى. كىشىلەر توپ ـ توپ كېلىپ يەپ ـ ئىچتى. پادىشاھ ئۇلاردىن: <ئۆيۈمدە بىرەر ئەيىب كۆردۈڭلارمۇ؟> دەپ سورىدى. ئۇلار قورونىڭ ئەتراپلىرىغا

(1) «فەتھۇلبارى» 10 ـ توم، 306 ـ بەت.

قاراپ چىققاندىن كېيىن: <ياق> دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ قوروغا ئىككى ئابىد كىرىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئۇلاردىن ئۆيىنىڭ ئەيىبى بار يوقلىقىنى سوراپتۇ. ئۇلار: <ھەئە، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئەيىبى بار ئىكەن. بۇ يۇرتىنىڭ خەلقى ئۆلىۋاتسا، سەن ئۇ يۇرتنى خارابىلىققا ئايلاندۇرۇپسەن> دەپ جاۋاب بېرىپتۇ »[1].

ئىنسان ئۆيىنى گەج، پىششىق خىش ۋە تاختا ياغاچ قاتارلىقلار بىلەن ياسىسا، ئالتۇن ۋە كۈمۈش سۇيى يالاتسا، ئىشىكلىرىگە ئالتۇن ۋە كۈمۈش بىلەن ھەل بەرسە، دۇرۇس بولىدۇ. لېكىن تورۇس، تام ۋە يەردىن بىرەر جايغا جانلىق نەرسىنىڭ سۈرىتىنى چۈشۈرۈشى ھالال بولمايدۇ.

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام قېشىمغا كېلىپ ماڭا مۇنداق دېدى: مەن ئاخشام ئۆيۈڭگە كەلگەن ئىدىم. بىراق ئۆيگە كىرمەسلىكىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئىشىكتە سۈرەتلەر بار ئىدى (يەنى ئۆيدە سۈرەتلەر نەقىش قىلىپ چۈشۈرۈلگەن پەردە بار ئىدى)، ئۆيدە يەنە بىر ئىت بار ئىدى. (ئائىلەڭدىكىلەرنى) بۇيرۇغىنكى، ئۆيدىكى سۈرەتلەرنىڭ بېشى ئۈزۈۋېتىلسۇن، شۇنداق قىلغاندا ئۇ دەرەخ شەكلىگە ئوخشاپ قالىدۇ. بۇيرۇغىنكى، پەردە پارچىلانسۇن، ئاندىن ئۇنىڭدىن يەرگە تاشلاپ ئولتۇرىدىغان ئىككى ياستۇق قىلىنسۇن. بۇيرۇغىنكى، ئىت ئۆيدىن چىقىرىپ تاشلانسۇن! »[2]

ئى مۆمىن قېرىنداشلار! دىققەت بىلەن نەزەر سېلىڭلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە سۈرەت بولغانلىقى ئۈچۈن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇ ئۆيگە كىرمىگەن ئىكەن، شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، دىندا توغرا بولمىغان تەرەپكە يان باسماق ۋە كېلىشىۋالماق يوقتۇر. گەرچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىدە سۈرەت بارلىقىنى بىلمىگەن بولسىمۇ، ھۆكۈم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىمۇ ئوخشاش ئىجرا قىلىنغان. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا شۇنداق دېگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭغا مەلۇم سەپەردە بىر ئايالنىڭ ئۆزىگە سۈرەت چۈشۈرۈلگەن بىر پەردىنى ھەدىيە قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن. بەزى رىۋايەتلەردە مۇشۇنداق بايان قىلىنىدۇ. ئەھۋال مۇشۇنداق ئىكەن، مۆمىنىنىڭ ئۆز ئۆيىدە سۈرەت بولۇشىغا يول قويۇشى قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ ئى پەرۋەردىگارىم! سېنى ھەممە نوقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز![3]

(1) سەھىھ بۇخارى، 5849 ـ ھەدىس.

(2) «ئەلھەدىييە ئەلئەلائىييە» ناملىق كىتابنىڭ شەرھىسى، 297 ـ بەت.

(3) ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

بىر ھەدىس شەرىپتە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ نەقىشلەنگەن بىر پەردىسى بولۇپ، ئۇ ئۇنى ئۆيىنىڭ بىر تەرىپىگە تارتىپ قويغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «بۇ پەردىنى كۆزۈمدىن يوق قىلىڭ! مەن نامازغا تۇرغاندا ئۇنىڭ سۈرەتلىرى خىيالىمغا كېلىۋالدىكەن» دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كېلىشنى ۋەدە قىلدى. لېكىن كېچىكىپ قالدى. بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېغىر كەلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيدىن سىرتقا چىقتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشتى. ئۇنىڭ كېچىكىپ قالغانلىقىدىن ئۆزىنىڭ بىئارام بولغانلىقىنى ئۇنىڭغا شىكايەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «بىز سۈرەت ۋە ئىت بار ئۆيگە كىرمەيمىز» دېدى.

قاسىم ئىبنى مۇھەممەدتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭغا مۇنداق بىر ئەھۋالنى سۆزلەپ بەرگەن: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سۈرەت چۈشۈرۈلگەن بىر ياستۇق سېتىۋاپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈپ، ئۆيگە كىرمەستىن بوسۇغىدىلا تۇرۇپ قاپتۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭ يۈزىدىكى نارازىلىق كەيپىياتىنى ھېس قىلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە تەۋبە قىلاي، نېمە گۇناھ قىلدىم؟ دەپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ نېمە ياستۇق؟» دەپتۇ. ئۇ: مەن سىنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشۇڭ ۋە ئۇنىڭغا يۆلىنىشىڭ ئۈچۈن ئۇنى سېتىۋالدىم، دەپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ سۈرەتلەرنىڭ ئىگىلىرى قىيامەت كۈنى ئازابلىنىدۇ ۋە ئۇلارغا: سىلەر ياراتقان بۇ نەرسىلەرنى تىرىلدۈرۈڭلار، دېيىلىدۇ» دەپتۇ. ئاندىن يەنە: «سۈرەت بار ئۆيگە پەرىشتىلەر كىرمەيدۇ» دەپتۇ[1].

كىشى ئۆيىنىڭ ئاستىغا يۇڭ، پاختا، كاناپ، يىپەك قاتارلىق كىگىز ـ گىلەم ۋە رەختلەردىن، مەيلى بويالغان ياكى بويالمىغان بولسۇن، مەيلى نەقىشلەنگەن ياكى نەقىشلەنمىگەن بولسۇن، خالىغان نەرسىنى سالسا دۇرۇستۇر. ئۆي ئىگىسى ئىسسىق ۋە سوغۇقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تاملارنى كىگىز ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىلەر بىلەن قاپلىسا دۇرۇس بولىدۇ. يەرگە سۈرەت چۈشۈرۈلگەن سېلىنچاقلارنى سالسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى ئۇنداق قىلىش ئۇ سۈرەتلەرنى كەمسىتكەنلىك بولىدۇ.

جانلىق نەرسىنىڭ سۈرىتى بار نەرسىنى ئۆيىنىڭ بىرەر يېرىگە ئېسىپ قويۇش

(1) «ئەلھەدىييە ئەلئەلائىييە» ناملىق كىتابنىڭ شەرھىسى، **297** ـ بەت.

دۇرۇس بولمايدۇ[1].

«پادىشاھلىق اﷲ قىلا خاستۇر» دېگەنگە ئوخشاش خەتلەر توقۇپ چۈشۈرۈلگەن سېلىنچاقلارنى ئىشلىتىش ياكى ئۇنىڭ ئۈستىدە ناماز ئوقۇش مەكرۇھتۇر. ئۇنى ئىشلىتىش مەكرۇھ بولغىنىدەك، سېلىش ۋە ئۈستىدە ئولتۇرۇشمۇ مەكرۇھتۇر. ئەگەر ھەرپىنى ھەرپتىن ئايرىۋەتكەن ياكى بەزى ھەرپلەرنىڭ ئۈستىنى باسۇرۇپ تىكىۋەتكەن، نەتىجىدە سۆزلۈك بىر ـ بىرى بىلەن تۇتاش قالمىغان ھالەتتىمۇ، مەكرۇھلۇق داۋام قىلىدۇ. چۈنكى يالغۇز ھەرپلەرنىڭمۇ ھۆرمىتى بار. ئەگەر ئۇ سېلىنچاقلارنىڭ ئۈستىگە «پادىشاھلىق» دېگەن خەت ياكى بىرەر ھەرپ يالغۇز يېزىلسىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئوتپەرەسلەرنىڭ نورۇز بايرىمىدا لاتىلارغا خەت يېزىپ، دەرۋازىلارغا ئېسىشىمۇ مەكرۇھتۇر. چۈنكى ئۇنداق قىلغانلىق اﷲ تائالانىڭ ئىسمىغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىغا ھاقارەت قىلغانلىق بولىدۇ.

## ئەرلەرنىڭ ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ئۈزۈك سېلىشىنىڭ ھۆكمى

ئەر كىشى شەرتسىز ھالدا ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن زىننەت بۇيۇمى تاقىمايدۇ. پەقەت كۈمۈش ئۈزۈك سالسا ۋە كۈمۈش كەمەر باغلىسا، شۇنداقلا قىلىچنى كۈمۈش بىلەن زىننەتلىسە، بولىدۇ. ئەمما كۈمۈش ئۈزۈكنى ياسىنىش ئۈچۈن سالماسلىقى كېرەك. لېكىن قىلىچنى كۈمۈش بىلەن زىننەتلەش ۋە كۈمۈش كەمەر باغلاش باشقا نەرسە ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ياسىنىش ئۈچۈن بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ھۆكمى كۈمۈش ئۈزۈكنىڭ ھۆكمىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.

ئالىملار مۇنۇلارنى بايان قىلغان: «ئەگەر كۈمۈش ئۈزۈك سالغاندا ئۇنىڭ بىلەن چوڭچىلىق قىلىشنى مەقسەت قىلسا، مەكرۇھتۇر. پەقەت كۈمۈش ئۈزۈك سېلىشنىلا مەقسەت قىلسا، مەكرۇھ بولمايدۇ». ئالدىمىزدا مۆھۈر بېسىشقا مۇھتاج ئەمەس كىشىنىڭ ئۈزۈك سالماسلىقى ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز. زاھىرىي جەھەتتىن ئالغاندا ياسىنىش ئۈچۈن ئۈزۈك سالسىمۇ، چوڭچىلىق قىلىشنى مەقسەت قىلمىسا، مەكرۇھ بولمايدۇ.

پەقەت كۈمۈش ئۈزۈك سېلىشقا بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن ئۈزۈك سېلىش مەقسىتى ھاسىل بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىدىن ئۈزۈك سېلىش، مەسىلەن تاشتىن ئۈزۈك سالغانغا ئوخشاش، مەكرۇھتۇر. چۈنكى ئىمام تەھاۋىي ئۆزىنىڭ سەنەدى بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى بەرىرەنىڭ ئاتىسىدىن مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى رىۋايەت قىلغان: بىر ئادەم

(1) سەھىھ بۇخارى، 5959 ـ، 5960 ـ ۋە 5961 ـ ھەدىسلەر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ سېرىق مىستىن ئۈزۈك سېلىۋالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «مەن سېنىڭدىن بۇتلارنىڭ پۇرىقىنى ئېلىۋاتىمەنغۇ؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۇ ئۈزۈكنى دەرھال تاشلىۋاتقاندىن كېيىن قايتىپ كېتىپ، تۆمۈر ئۈزۈك سېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سېنىڭ دوزاخ ئەھلىنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنى سېلىۋالغانلىقىڭنى كۆرۈۋاتىمەنغۇ؟» دېدى. ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ ئۈزۈكنىمۇ تاشلىۋېتىپ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! قانداق نەرسىدىن ئۈزۈك سالسام بولىدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كۈمۈش ئۈزۈك سالغىن، ئېغىرلىقى بىر مىسقالغا يېتىپ قالمىسۇن!» دېدى.

بۇنىڭدىن شۇ مەلۇم بولىدۇكى، ئالتۇن، تۆمۈر ۋە تۇچ قاتارلىق نەرسىلەردىن ئۈزۈك سېلىش ھارامدۇر. زۇمرەتمۇ شۇ قاتارغا قوشۇۋېتىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدىن بەزىدە بۇتلار ياسىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ھاراملىقى ئۈچۈن دەلىل بىلەن بايان قىلىنغان سېرىق مىسقا ئوخشاپ كېتىدۇ. <ئەلجەۋھەرە> ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «تۆمۈر، تۇچ، مىس، قوغۇشۇن قاتارلىقلاردىن ئۈزۈك سېلىش ئەرلەرگىمۇ، ئاياللارغىمۇ مەكرۇھتۇر»[1].

ئۇ مېتاللاردىن ئۈزۈك سېلىشنىڭ مەكرۇھ ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان ئىكەن، دۇرۇس بولمايدىغان نەرسىلەرنى قىلىشقا ياردەملىشىش بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلاردىن ئۈزۈك ياساپ سېتىشنىڭمۇ مەكرۇھ ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. دۇرۇس بولمايدىغان نەرسىنى قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان ھەرقانداق ئىشلارنى قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ. ئەمما ئۇنى سېتىشنى مەنئى قىلىش ئۈزۈك سېلىشنى مەنئى قىلىشتىن يېنىكرەكتۇر. چۈنكى ئۇ ئۈزۈكلەرنى باشقا نەرسىلەرگە ئىشلىتىپ پايدىلىنىش مۇمكىندۇر. شۇنداقلا ئۇنى ئېرىتىپ شەكلىنى باشقا نەرسىگە ئۆزگەرتىۋېتىشمۇ مۇمكىندۇر.

ئەگەر تۆمۈر ئۈزۈكنىڭ ئۈستىدىن كۈمۈش قاپلىنىپ، تۆمۈر كۆرۈنمىگىدەك ھالغا كەلسە، ئۇنى سېلىشنىڭ ھېچ يامىنى يوق. ئۈزۈكنىڭ كۆزى ئەمەس، چەمبىرى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. تاش، ھېقىق، ياقۇت ۋە باشقىلاردىن ئۈزۈك سېلىش دۇرۇس بولىدۇ. تاش كۆزگە ئالتۇن مىق بېكىتىش ھالالدۇر. كۆزلۈك ئۈزۈكنى سول قولغا سېلىپ، ئۇنىڭ كۆزىنى بارماقنىڭ ئىچى تەرىپىگە قىلىش لازىم. ئاياللار ئۇنىڭ ئەكسىچە سالسا بولىدۇ. چۈنكى ئۈزۈكنىڭ كۆزى ئۇلار ئۈچۈن ياسىنىش ھېسابلىنىدۇ.

ئۈزۈكنى سول قولنىڭ چىمچىلاق بارمىقىغا سېلىش لازىم. ئۇنى ئوڭ قولغا سېلىشمۇ دۇرۇس بولىدۇ. لېكىن ئۇ رافىزە پىرقىسىنىڭ سىمۋولىدۇر. بۇ ئۇلارنىڭ ئەينى زاماندىكى سىمۋولى بولۇشى مۇمكىن. كېيىنچە زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ

(1) «ئەلھەدىيىيە ئەلئەلائىيىيە» ناملىق كىتابنىڭ شەرھىسى، **298** ـ بەت.

سىمۋول ئۈزۈلۈپ قالغان ۋە يوقالغان بولسا كېرەك. شۇڭا ئۈزۈكنى قانداق سالسا مەنئى قىلىنمايدۇ.

فىقھشۇناس ئالىم ئەبۇلەيس: <شەرھۇ ئەلجامىئ ئەسسەغىر> ناملىق كىتابتا ئوڭ قول بىلەن سول قولنى باراۋەر، دەپ قارىغان. بۇ بىر ھەقىقەتتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ھەقتە قىلىنغان رىۋايەتلەر بىر ـ بىرىدىن پەرقلىقتۇر. بەزىلەرنىڭ: «ئۈزۈكنى ئوڭ قولغا سېلىش زالىملارنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرىدۇر» دېگەن قارىشىنىڭ ھېچقانداق دەلىلى يوق. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سەھىھ رەۋىشتە نەقىل قىلىنغان ھەدىسلەر ئۇنى رەت قىلىدۇ[1].

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئۈزۈك ياساتقۇزدى ۋە: «بىز ئۈزۈك ياساپ، ئۇنى نەقىشلىدۇق. شۇڭا ھېچكىم ئۇنىڭ ئۈستىگە نەقىش ئويمىسۇن» دېدى. ئەنەس سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىمچىلاق بارمىقىدا ئۇ ئۈزۈكنىڭ ۋالىلداۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم».

نافىئدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئابدۇللاھ ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالتۇن ئۈزۈك ياساتتى ۋە ئۇنىڭ كۆزىنى قولىنىڭ ئىچى تەرىپىگە قىلىپ سالدى. بۇنى كۆرگەن كىشىلەرمۇ ئالتۇن ئۈزۈك ياسىتىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەر ئۈستىگە چىقىپ، الله قا ھەمدۇسانالار ئېيتتى ۋە: «مەن ئالتۇن ئۈزۈك ياساتقان ئىدىم. مەن ئۇنى قولۇمغا سالمايمەن» دېدى ـ دە، ئۈزۈكنى تاشلىۋەتتى. نەتىجىدە كىشىلەرمۇ ئۈزۈكلىرىنى تاشلىۋەتتى[2].

ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭچە ئۈزۈك سېلىش ئىشى مەقسەتنىڭ پەرقلىق بولۇشى بىلەن پەرقلىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى ياسىنىش ئۈچۈن سالسا، ئوڭ قولغا سېلىش ئەۋزەلدۇر. ئەگەر ئۇنى مۆھۈر بېسىش ئۈچۈن سالسا، سول قول ئەۋزەلدۇر. چۈنكى سول قول ئۇنى ساقلاپ بەرگۈچى ئورنىدا بولىدۇ. ئېھتىياج چۈشكەندە ئۇنى ئوڭ قول بىلەن ئېلىپ، ئاندىن يەنە قايتا سېلىپ قويۇشقا ئاسان بولىدۇ. ئەمما ئۈزۈكنى شەرتسىز سالغان چاغدا ئوڭ قولغا سېلىش ئەۋزەلدۇر. چۈنكى سول قول بىلەن ئىستىنجا قىلىنىدۇ. شۇڭا ئۈزۈكنى ئوڭ قولغا سالغان چاغدا ئۈزۈككە نجاسەت تېگىپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ»[3].

ئەگەر كۈمۈش ئۈزۈك سالسا، ئۇنىڭ ئېغىرلىقى بىر مىسقالدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 229 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 230 ـ بەت.

(3) سەھىھ بۇخارى، 5874 ـ ۋە 5876 ـ ھەدىسلەر.

كېرەك. بىر مىسقال 3,88 گىرامغا تەڭ. ئۇ قاراشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىستىكى مۇنۇ سۆزىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ: «ئېغىرلىقى بىر مىسقالغا يېتىپ قالمىسۇن!» ئەگەر ئۈزۈك ئەرلەرگە خاس شەكىلدە بولسا، كۈمۈش ئۈزۈك سېلىش دۇرۇس بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ كۆزى بولسا، ھارام بولىدۇ.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈزۈكىگە نەقىش ئويۇلغانلىقى

ئۈزۈككە ئۇنى سالغۇچىنىڭ ئىسمى ياكى الله تائالانىڭ ئىسمى ئويۇلىدۇ. ئىنسان ياكى قۇش سۈرىتىنى ئويۇشقا بولمايدۇ. مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ (مۇھەممەد الله نىڭ ئەلچىسى) دېگەن خەتنى ئويۇشقىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ خەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئۈزۈكىگە ئويدۇرغان. ئۇ خەت ئۈچ قۇر ئويۇلغان بولۇپ، ھەربىر سۆز بىر قۇرغا ئويۇلغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىراۋنىڭ ئۆزىنىڭ نەقىشىگە ئوخشىتىپ نەقىش ئويۇشنى مەنئى قىلغان. ئۇ ھەدىس <ئەششەمائىل> ناملىق كىتابتا رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈمۈشتىن بىر ئۈزۈك ياساتتى ۋە ئۇنىڭغا <مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ> دېگەن خەتنى ئويدۇردى. ئاندىن: «مەن كۈمۈشتىن بىر ئۈزۈك ياساتتىم ۋە ئۇنىڭغا <مۇھەممەدۇن رەسۇللاھ> دېگەن خەتنى ئويدۇردۇم. شۇڭا ھېچكىم ئۇ ئۈزۈكنىڭ نەقىشىگە ئوخشاش نەقىش ئويمىسۇن» دېدى[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈزۈكىنىڭ نەقىشىنى ئۈچ قۇر قىلىپ ئويدۇرغان. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىككە چىققان ۋاقىتتا ماڭا خەت يازدى. خەتكە بېسىلغان مۆھۈرنىڭ نەقىشى ئۈچ قۇر بولۇپ، <مۇھەممەد> دېگەن سۆز بىر قۇرغا، <رەسۇل> دېگەن سۆز بىر قۇرغا، <الله> دېگەن سۆز بىر قۇرغا يېزىلغانىدى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈزۈكى ئۇنىڭ قولىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىدا تۇرىدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىككە چىققاندىن كېيىن بىر كۈنى ئەرىس قۇدۇقىنىڭ بويىدا ئولتۇرۇپ ئۈزۈكنى چىقاردى. دىققەتسىزلىكتىن ئۈزۈكنى قۇدۇققا چۈشۈرۈپ قويدى». ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئوسمان بىلەن

(1) «فەتھۇلبارى» 10 ـ توم، 327 ـ بەت.

ئۈچ كۈن تالاش ـ تارتىش قىلدۇق. قۇدۇقنىڭ سۈيى تارتىپ چىقىرىلدى. بىراق ئۈزۈكنى تاپالمىدۇق »[1].

ئىبنى سەئىدىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: « بىز ئوسمان بىلەن بىرلىكتە ئۈزۈكنى ئۈچ كۈن ئىزدىدۇق. لېكىن تاپالمىدۇق ». بەزى ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: « مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈزۈكىدە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈزۈكىدىكىگە ئوخشاش سىر بار ئىدى. چۈنكى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۈزۈكىنى يوقىتىپ قويغاندىن كېيىن پادىشاھلىقى قولدىن كەتكەنىدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈزۈكىنى يوقىتىپ قويغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىشلىرى تەتۈر كېلىشكە باشلىدى. خاۋارىجلار ئۇنىڭغا قارشى چىقتى. مانا بۇ ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە ئېلىپ بارغان ۋە تا ئاخىرى زامانغىچە توختىمايدىغان پىتنىنىڭ باشلىنىشى ئىدى ».

ئىبنى بەتتال: « بۇ ھەدىستىن كىچىككىنە پۇل ـ مالمۇ يوقاپ كەتسە، ئۇنى ئىزدەش ۋە تېپىشقا تىرىشىشنىڭ لازىملىقى چىقىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بۇلاپكىسى يۈتۈپ كەتكەندە شۇنداق قىلغان ۋە ئۇنى ئىزدەپ تاپقانغا قەدەر قوشۇننى يۈرۈشتىن توختىتىپ قويغان ئىدى... » دەيدۇ. لېكىن بۇ تازا توغرا قاراش ئەمەس. ئەمما ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بولاپكىسىنىڭ يوقاپ كېتىش ئىشىغا كەلسەك، ئۇنىڭدىن تەيەممۇم قىلىش رۇخسىتىدىن ئىبارەت ناھايىتى چوڭ پايدا مەيدانغا كەلگەن. بۇنىڭغا باشقا نەرسە قانداقمۇ قىياس قىلىنسۇن؟ ئەمما ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىشىغا كەلسەك، ئۇنى ئەسلا دەلىل سۈپىتىدە كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۈزۈك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قالغان تەۋەررۇك بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنى تېپىشقا قاتتىق كۈچ چىقىرىپ ئىزدىگەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. نېمىشقا دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئۈزۈكنى قولىغا سالغان ۋە ئىشلەتكەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۆھۈر باسقان ئىدى. بۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە تېپىلماس قىممەتلىك مال ھېسابلىنىدۇ[2].

# چىشنى ئالتۇن ۋە كۈمۈش بىلەن چېتىش ھۆكمى

مىدىراپ قالغان چىشنى ئالتۇن بىلەن چاتماستىن، بەلكى كۈمۈش بىلەن چېتىش لازىم. ئىمام مۇھەممەد ئۇنى ئالتۇن ۋە كۈمۈش بىلەن چېتىشنى، دۇرۇس دەپ قارىغان. ئەگەر ئەر كىشىنىڭ ئۇدۇل چىشى چۈشۈپ كەتسە، ئىمام ئەبۇھەنىفە شۇ چىشنى ئورنىغا كەلتۈرۈپ، ئالتۇن ۋە كۈمۈش بىلەن چېتىشنى مەكرۇھ دەپ قارايدۇ ۋە: « ئۇ

(1) سەھىھ بۇخارى، 5877 ـ ھەدىس.

(2) سەھىھ بۇخارى، 5878 ـ ۋە 5879 ـ ھەدىسلەر.

چىش ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ چىشىغا ئوخشاشتۇر، شۇڭا بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈلگەن قوينىڭ چىشىدىن بىر تال ئېلىپ، ئۇ چىشنىڭ ئورنىغا چېتىش لازىم» دەيدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف ئۇنىڭ بۇ قارىشىغا قارشى چىقىپ: «ئۇ چىشنى ئۆز ئورنىغا كەلتۈرۈشنىڭ ھېچ يامىنى يوق. ئۇنىڭ چۈشۈپ كەتكەن چىشى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ چىشىغا ئوخشىمايدۇ. مەن ئۇنى ئۆز ئورنىغا كەلتۈرۈشنى ياخشى دەپ قارايمەن» دېگەن.

مەلۇم بولۇشىچە، ئىمام ئەبۇھەنىفە ئۆز قارىشىدىن يېنىۋالغان. ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مەن ئەبۇھەنىفەدىن بۇ مەسىلىنى باشقا بىر سورۇندا سورىدىم. لېكىن ئۇ چۈشۈپ كەتكەن چىشنى ئۆز ئورنىغا كەلتۈرۈشنىڭ ھېچ يامىنى يوق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى»[1].

ئالتۇندىن بۇرۇن سېلىشقا بولىدۇ. چۈنكى كۈمۈش پۇراپ قالىدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ قارىشىدا چىشنى چېتىش بىلەن بۇرۇن سېلىشنىڭ ئارىسىدا پەرق بار. ئۇ كۈمۈشنىڭ پۇراپ قېلىش زۆرۈرىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئالتۇندىن بۇرۇن سېلىشنى جائىز، دەپ قارىغان. چۈنكى ھارام نەرسىمۇ ئىشلىتىش زۆرۈر بولۇپ قالغاندا مۇباھ بولىدۇ. چىش مەسىلىسىدە كۈمۈش ئېھتىياجنى قاندۇرۇپ كېتەلەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدىن ئالىي نەرسىگە ھاجەت يوق.

فىقھى ئومۇمىي قائىدىلىرىدىن بىرىدە: «زۆرۈرىيەت تېپىلىپ قېلىپ يولغا قويۇلغان ھۆكۈمنىڭ يولغا قويۇلىشى ھۆكۈمگە بولغان زۆرۈرىيەتكە قارىتا بولىدۇ» دېيىلگەن. چەكلەنگەن نەرسىلەرنى ئىشلىتىش زۆرۈر بولۇپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇنى زۆرۈر بولغان ئېھتىياجغا چۈشلۇق ئىشلىتىش رۇخسەت قىلىنغان. ئەگەر بىراۋ چەكلەنگەن ئىشنى قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغاندا ئۇنى كەڭ دائىرىدە قىلماستىن، بەلكى ئېھتىياجى قامدالغىدەك مىقداردا ئىشلىتىش بىلەن كۇپايىلىنىش كېرەك[2].

ئىمام تەھاۋىي ئۆزىنىڭ سەنەدى بىلەن مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جاھىلىيەت دەۋرىدە كۇلاب[3] ئۇرۇشى بولغان كۈنى ئۇرفۇجە ئىبنى سەئىد ئىسىملىك بىر كىشى بۇرنىدىن يارىلانغان ئىكەن. شۇڭا ئۇ كۈمۈش بۇرۇن سېلىۋاپتۇ. كېيىن ئۇ پۇراپ قاپتۇ. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئالتۇن بۇرۇن سېلىۋېلىشقا بۇيرۇغان! ئۇ كىشى شۇنداق قىلغان ئىكەن»[4].

قۇرئان كەرىمنى ئالتۇن ۋە كۈمۈش بىلەن بېزەش دۇرۇستۇر. لېكىن ئىمام

(1) «فەتھۇلبارى» 10 ـ توم، 329 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 231 ـ بەت.

(3) «شەرھۇل قەۋائىدىل فىقھىييە» 187 ـ بەت.

(4) كۇلاب جاي ئىسمى بولۇپ، ئۇ جايدا ئەرەبلەر ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ ئۇرۇش بولغان ئىكەن.

ئەبۇيۇسۇف ئۇ قاراشقا قېتىلمايدۇ. چۈنكى ئالتۇن ـ كۈمۈشمۇ قۇرئان كەرىم بىلەن قوشۇلۇپ ئۆلۈغلىنىپ قالىدۇ. مەسجىدنىڭ مېھراپتىن باشقا يەرلىرىنى گەج ۋە ئالتۇن سۈيى بىلەن نەقىشلەش دۇرۇستۇر. لېكىن ئۇنى گەج ۋە ئالتۇن سۈيى بىلەن نەقىشلەش ئۈچۈن ۋەقپە قىلىنغان پۇل ـ مالنى سەرپ قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلىپ قالسا، ئۇنى باشقۇرغۇچى تۆلەيدۇ. لېكىن ۋەقپە قىلغۇچى شۇنداق قىلسا، دۇرۇس بولىدۇ. بەزى ئالىملار مەسجىدنىڭ قىبلە تېمىنى نەقىشلەشنى مەكروھ، دەپ قارىغان. چۈنكى ئۇ ناماز ئوقۇيدىغانلارنى ئەيمەنگەن ھالدا ناماز ئوقۇشتىن مەشغۇل قىلىپ قويىدۇ[1].

# ئوغۇل بالىغا ئالتۇن تاقاش ياكى يىپەك كىيىم كىيدۈرۈشنىڭ ھۆكمى

ئوغۇل بالىغا ئالتۇن تاقاش ياكى يىپەك كىيىم كىيدۈرۈش مەكروھتۇر. كىيىش ۋە ئىچىش ھارام بولغان نەرسىنى كىيدۈرۈش ۋە ئىچۈرۈشمۇ ھارامدۇر. چۈنكى دەلىل بۇ ئۈممەتنىڭ ئەرلىرىگە بالاغەتكە يەتكەن بولۇش ۋە ھۆر بولۇشنى شەرت قىلماستىن ئالتۇن تاقاشنى ھەمدە يىپەك كىيىم كىيىشنى ھارام قىلدى. گۇناھ ئۇنى ئوغۇل باللارغا كىيدۈرگەن كىشىگە بولىدۇ. چۈنكى بىز ئۇلارنى (چەكلەنگەن نەرسىلەردىن) قوغداشقا بۇيرۇلدۇق.

ئوغۇل بالىغا ئۇ ئىشلارنى قىلىپ بېرىش ئەر كىشىگە مەكروھ بولغىنىدەك، خوتۇن كىشىگىمۇ (گەرچە خوتۇن كىشى ئۇ ئىشلارنى ئۆزى ئۈچۈن قىلىش دۇرۇس بولسىمۇ) مەكروھ بولىدۇ. ئوغۇل بالىغا مەرۋايىت تاقاپ قويۇش، شۇنداقلا بالاغەتكە يەتكەن كىشىگىمۇ مەرۋايىت تاقاپ قويۇش گۇناھ بولمايدۇ. بەزى ئالىملار ياقۇت ۋە زۇمرەتكە ئوخشاش قىممەت باھالىق تاشلارنى مەرۋايىتقا قىياس قىلغان. ئەگەر زىننەت بويۇمى تاقىمايمەن، دەپ قەسەم قىلغان بولسا، ئۆرپ ـ ئادەتكە ئاساسەن قەسىمى بۇزىدۇ.

ئوغۇل بالىغا بىلەيزۈك ياكى پۇت بىلەيزۈكى سېلىپ قويۇش مەكروھتۇر. چۈنكى ئۇ ئاياللارنىڭ زىننەت بويۇملىرىدۇر. قىز بالىنىڭ قۇلىقىنى تېشىپ قويۇشنىڭ ھېچ يامىنى يوق. ئۇنداقتا بۇرۇنغا ھالقا سېلىش دۇرۇس بولامدۇ؟ ئاياللار ئۇنى ياسىنىش ئۈچۈن قىلسا، مەسىلەن بەزى يۇرتلاردىكى ئاياللارنىڭ قىلغىنىغا ئوخشاش، بۇ ھالدا ئۇ قۇلاقنى ھالقا سېلىش ئۈچۈن تەشكەنگە ئوخشاش ھۆكۈمدە بولىدۇ[2].

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 231 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 247 ـ بەت.

ئەر كىشىنىڭ ئىككى قولى بىلەن ئىككى پۇتىنى خۇددى ئاياللارنىڭ قىلغىنىغا ئوخشاش خېنە قويغان شەكىلدە بويىۋېلىشى مەكروھتۇر. ئوغۇل بالىنىڭ پۇت ـ قولىنى بوياپ قويۇشمۇ مەكروھتۇر. پەقەت زۆرۈر بولۇپ قالسا ھېچقىسى يوق. ئاياللار بويىۋالسا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

## لۇڭگە، مەلۇم ئىشنى ئەسلىتىش ئۈچۈن بارماققا چىگىلىدىغان يىپ ۋە تىلتۇمار قاتارلىقلارنى ئىشلىتىشنىڭ ھۆكمى

تاھارەت سۇيىنىڭ قالدۇقلىرىنى، ماڭقىنى ۋە تەرنى سۈرتۈش ئۈچۈن زۆرۈر تېپىلغاندا لۇڭگە ئىشلىتىش مەكروھ ئەمەس. ئەگەر چوڭچىلىق قىلىش ئۈچۈن لۇڭگە ئىشلىتىلسە، مەكروھ بولىدۇ. چوڭچىلىق قىلىش يۈزىسىدىن ئىشلىتىلىدىغان ھەرقانداق نەرسە مەكروھتۇر. ئېھتىياج ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نەرسە مەكروھ بولمايدۇ. لۇڭگىنىڭ يىپەكتىن بولغىنىغا ئوخشاش قىممەت باھالىق نەرسىلەردىن بولۇشى چوڭچىلىق قىلىشنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مەلۇم ئىشنى ئەسلىتىش ئۈچۈن بارماققا يىپ چىگىپ قويۇش مەكروھ ئەمەس.

قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدىن باشقا نەرسە بىلەن تىلتۇمار پۈتۈۋېلىش مەكروھتۇر. بەزىلەر تىلتۇمارنى چۈشەندۈرۈپ: «جاھىلىيەت دەۋرىدە ئېسىۋالىدىغان مارجاننىڭ ئۆزى تىلتۇماردۇر» دېگەن.

مەلۇم ئىشنى ئەسلىتىش ئۈچۈن بارماققا چىگىپ قويىدىغان يىپ بەزى ئىنسانلارنىڭ قارىشىدا تىلتۇمارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. چۈنكى جاھىلىيەت دەۋرىدە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادى بويىچە ئۆزلىرىگە كېلىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بويۇنلىرىغا ياكى قوللىرىغا تىلتۇمار ئېسىۋالاتتى. مۇنداق قىلىش ئىسلام دىنىمىزدا چەكلەنگەن ئىشتۇر. بەزى ئالىملار ئىمان ھەققىدە توختالغاندا تىلتۇمار ئېسىۋېلىشنىڭ كۇپرىلىق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

يەنە بەزى ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ گۇمانىچە باللىرىغا كۆز تېگىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئېسىپ قويىدىغان نەرسە تىلتۇمار دېيىلىدۇ. ئىسلام دىنى بۇ قىلمىشنى ئەمەلدىن قالدۇردى. بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «كىمكى تىلتۇمار ئېسىۋالسا، اللە ئۇنىڭ ئىشىنى تاماملاپ بەرمەيدۇ». چۈنكى ئۇلار تىلتۇمارنىڭ تولۇق داۋا ۋە شىپا بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. بەلكى ئۇلار تىلتۇمارنى اللە قا شېرىك قىلىدۇ. نېمىشقا دېگەندە، ئۇلار تىلتۇمار بىلەن ئۆزلىرىگە پۈتۈلۈپ

كەتكەن زىياننىڭ ئالدىنى ئالماقچى، باشلىرىغا كېلىدىغان ئەزىيەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى الله تائالادىن باشقا نەرسىدىن تىلىمەكچى بولىدۇ. ھالبۇكى، ئۇنى توسۇپ قالغۇچى پەقەتلا الله تائالادۇر[1].

مەزكۇر ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ئۆزىنىڭ كىتابىدا ئۇقبە ئىبنى ئامىردىن مۇنۇ لەۋزى بىلەن رىۋايەت قىلغان: «كىمكى تىلتۇمارغا باغلىنىپ قالسا، الله ئۇنىڭ ئىشىنى تاماملاپ بەرمەيدۇ. كىمكى رەمبالغا باغلىنىپ قالسا، الله ئۇنى شۇنىڭغا تاشلىۋېتىدۇ».

ئىمام ئەبۇداۋۇد ئۆزىنىڭ كىتابىدا ئىسا ئىبنى ھەمزەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇكەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كىرسەم، ئۇ قىزىرىپ كېتىپتۇ. شۇڭا مەن ئۇنىڭغا: تىلتۇمار ئېسىۋالساڭ بولمامدۇ؟ دېسەم، ئۇ: ئۇنداق قىلىشتىن الله قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى بىرەر نەرسە ئېسىۋالسا، ئۇ شۇنىڭغا تاپشۇرۇلىدۇ، دېگەن» دېدى.

قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ياكى الله تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى يېزىلغان تۇمارنىڭ ھېچ يامىنى يوق. تۇمار پەقەت ئەرەب تىلىدىن باشقا تىل بىلەن پۈتۈلگەن، ئۇنىڭ نېمە مەزمۇندا ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا مەكروھ بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا سېھىرگەرلىك ياكى كۇپىرلىق ۋەياكى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان نەرسىلەر كىرگۈزۈلۈپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

ئەمما قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدىن ياكى دۇئالاردىن مەلۇم نەرسە بىلەن تۇمار پۈتۈلسە، ھېچ يامىنى يوق.

ئىمام تىرمىزى ۋە نەسائى ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىنلارنىڭ يامانلىقلىرىدىن، كۆزى يامان ئىنسانلاردىن پاناھ تىلەپ دۇئا قىلاتتى. نەتىجىدە يامانلىقلاردىن پاناھ تىلەيدىغان دۇئالار نازىل بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ دۇئالارنى ئوقۇپ باشقىلىرىنى ئوقۇمايدىغان بولدى.»

ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئى مۇھەممەد! ئاغرىپ قالدىڭمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە» دېدى. ئۇ: «ساڭا ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان پۈتۈن يامانلىقلاردىن، پۈتۈن جانلىقلارنىڭ يامانلىقىدىن، ھەسەتخورنىڭ كۆزىدىن پاناھ تىلەپ الله نىڭ ئىسمى بىلەن ساڭا دەم سالىمەن. الله

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 270 ـ بەت.

ساقىيا شىپالىق بېرىدۇ. ساقىيا الله نىڭ ئىسمى بىلەن دەم سالىمەن» دېدى[1].

خوتۇن كىشى ئېرىنىڭ يامان كۆرۈشىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئېرىنىڭ ياخشى كۆرۈشى ئۈچۈن پاناھ تىلەش ئايەتلىرىنى تۇمار قىلىۋېلىشى مەنئى قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنداق قىلىش ھارامدۇر. ھەرگىز ھالال بولمايدۇ. نېمىشقا دېگەندە، ئۇ سېھىرگەرلىكنىڭ بىر تۈرىدۇر. سېھىرگەرلىك قىلىش ھارامدۇر. بۇ، يالغۇز ئايەتلەرنىڭلا يېزىلغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدا ئارتۇق نەرسىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سۆپكۆچ قىلىش، تۇمار پۈتۈش، خوتۇن كىشىنىڭ ئېرىگە ئىسسىق ـ سوغۇق قىلىشى قاتارلىقلار شېرىكتۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم[2]. خوتۇن كىشىنىڭ ئېرىگە ئىسسىق ـ سوغۇق قىلىشى سېھىرگەرلىكنىڭ بىر تۈرىدۇر.

ئۇرۋە ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز جاھىلىيەت دەۋرىدە سۆپكۆچ ئىشلىرىنى قىلاتتۇق. كېيىن بىز: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بۇ ئىشقا قانداق قارايسەن؟ دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر سۆپكۆچ قىلىدىغان دۇئالىرىڭلارنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار. ئەگەر ئۇ دۇئالاردا شېرىككە ياتىدىغان بىرەر نەرسە بولمىسىلا، ئۇنىڭ بىلەن دەم سېلىشنىڭ ھېچ يامىنى يوق» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان[3].

# كۆز تېگىش ھەقتۇر

بۇ بىر ھەدىس شەرىپىنىڭ لەۋزى بولۇپ، ئىمام بۇخارى ئۇنى سەھىھ بۇخارىدا ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ھەدىستە: «كۆز تېگىش ھەقتۇر» دېگەن ۋە خال چېكىشنى مەنئى قىلغان[4].

خال چېكىش بولسا بەدەننىڭ مەلۇم جايىغا يىڭنە ياكى شۇنىڭدەك نەرسىنى سانجىپ قان چىقىرىش، ئاندىن شۇ جايغا سۈرمە ۋە شۇنىڭدەك نەرسىنى سۈرتۈپ كۆكەرتىشتىن ئىبارەتتۇر.

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 232 ـ بەت.

(2) سەھىھ مۇسلىم، 2186 ـ ھەدىس.

(3) ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

(4) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 276 ـ بەت.

ئۇممۇسەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۆيىدە يۈزىدە سەپكۈنى بار بىر قىزنى كۆرۈپ: «ئۇنىڭغا دۇئا ئوقۇتۇپ قويۇڭلار، ئۇنىڭغا كۆز تېگىپتۇ» دېدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى كۆز تەككەندە دۇئا ئوقۇتۇشقا بۇيرۇدى»[1].

ئىمام بەززار خېلى ئىشەنچلىك يول بىلەن جابىردىن مۇنۇ ھەدىسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈپ رىۋايەت قىلىدۇ: «الله نىڭ ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تەقدىردىن كېيىن ئۆلىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپۈنچىسى كۆز تېگىش بىلەن ئۆلىدۇ».

الله تائالا ئىنسانلارنىڭ بەدەنلىرىدە ۋە روھلىرىدا نۇرغۇن كۈچ - قۇۋۋەت ۋە خۇسۇسىي ئالاھىدىلىكلەرنى ياراتتى. مەسىلەن، مەلۇم كىشىلەرگە قارايدىغان بولساڭ، ئۇلار ئۇيالغانلىقتىن قاتتىق خىجىل بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ يۈزىدە ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان قىزىللىق ئالامەتلىرىنى كۆرىسەن. شۇنىڭدەك، ئىنسان قورقىدىغان بىرەر نەرسىنى كۆرگەندە ساغىرىپ، چىرايىدا قان قالمايدۇ. لېپ قىلىپ بىر قاراش سەۋەبىدىن نۇرغۇن كىشىلەر كېسەل بولۇپ قالىدۇ. جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىزلاپ كېتىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى الله تائالا ئىنسانلارنىڭ روھلىرىدا ياراتقان ھەرخىل تەسىر - كۈچلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن يۈز بېرىدۇ. بۇ تەسىر - كۈچلەرنىڭ كۆز بىلەن چەمبەرچاس ئالاقىسى بولغانلىقى ئۈچۈن يۈز بېرىدىغان ئىش كۆزگە نىسبەت بېرىلدى. ئەمەلىيەتتە بولسا كۆز تەسىر كۆرسەتكۈچى ئەمەس. بەلكى ھەقىقىي تەسىر كۆرسەتكۈچى روھتۇر. ئىنسانلارنىڭ روھلىرى خاراكتېر، كۈچ - قۇۋۋەت، مىجەز ۋە خۇسۇسىيەت جەھەتلەردە ھەرخىل بولىدۇ. ئۇنىڭ بەزىلىرى پەقەت بىر قاراش بىلەنلا، گەرچە بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىش يۈز بەرمىسىمۇ، شۇ روھنىڭ ئىبغىر دەرىجىدە پاسكىنا، خۇسۇسىيىتىنىڭ ناھايىتى مەينەت بولغانلىقى ئۈچۈن بەدەنگە ئىنتايىن تېز تەسىر كۆرسىتىدۇ.

قىسقىسى، الله تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە يارىتىشى بىلەن يۈز بېرىدىغان بۇ تەسىر جىسمانىي جەھەتتە بىر - بىرىگە ئۇچرىشىش بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. بەزىدە بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشقانلىقتىن يۈز بەرسە، يەنە بەزىدە بىر - بىرىگە يولۇقۇپ قالغانلىقتىن يۈز بېرىدۇ. بەزىدە پەقەت بىر قاراش بىلەن يۈز بەرسە، يەنە بەزىدە الله قا يالۋۇرۇپ قىلىنغان دۇئالار، دەملەر ۋە ئىلتىجالاردىن پەيدا بولغان روھنىڭ تەسىرى بىلەن يۈز بېرىدۇ. يەنە بەزىدە ئەنسىزلىك ۋە خىيال سۈرۈش سەۋەبىدىن يۈز بېرىدۇ.

(1) سەھىھ بۇخارى، 5740 - ھەدىس.

كۆزى يامان كىشىنىڭ كۆزىدىن كۆرۈنمەس مەنىۋىي ئوق چىقىدۇ. ئەگەر بۇ ئوق قالقانسىز بەدەنگە تېگىپ كەتسە، ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بەدەن قالقانلىق بولسا، ئوق ئۇنى تېشىپ ئۆتەلمەيدۇ. بەلكى ئۇ ئوق ھەقىقىي ئوققا ئوخشاش ئۆز ئىگىسىگە قايتىپ بېرىپ تېگىپ، تەڭگە ـ تەڭ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن[1].

كۆز تېگىش ھەققىدىكى بۇ قاراشنى الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى كۈچلەندۈرىدۇ: «كاپىرلار قۇرئاننى ئاڭلىغان چاغلىرىدا (ساڭا بولغان دۈشمەنلىكىنىڭ قاتتىقلىقىدىن يامان) كۆزلىرى بىلەن سېنى يىقىتىۋېتىشكە تاس قالىدۇ. سېنى: «شۈبھىسىز بىر مەجنۇن» دېيىشىدۇ»[2].

الله تائالا ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىگە قىلغان ۋەسىيتىنى بىزگە بايان قىلىپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «(ئۇ يەنە) «ئى ئوغۇللىرىم! (مىسىرغا) ھەممىڭلار بىر دەرۋازىدىن كىرمەي، باشقا ـ باشقا دەرۋازىلاردىن كىرىڭلار. الله نىڭ قازاسى ئالدىدا مەن سىلەردىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمايمەن، ھۆكۈم پەقەت الله غىلا خاس، الله غا تەۋەككۈل قىلدىم، تەۋەككۈل قىلغۇچىلار الله غىلا تەۋەككۈل قىلسۇن!» دېدى»[3].

شۇنىڭ ئۈچۈن فىقھشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: «كۆز تېگىشتىن كېلىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن زىرائەتلەر ئارىسىغا، تاۋۇزلۇققا باش سۆڭەكلىرىنى قويۇپ قويۇشنىڭ ھېچ يامىنى يوق. چۈنكى كۆز تېگىش ھەق بولۇپ، مال ـ مۈلۈككە، ئىنسانلارغا ۋە ھايۋانلارغا تېگىدۇ ھەمدە بۇ نەرسىلەردە كۆز تېگىش تەسىرى كۆرۈلىدۇ. ئەگەر بىرى زىرائەتلەرگە نەزەر سالسا، باش سۆڭەكلىرى ئىگىز قىلىپ قويۇلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ نەزىرى ئالدى بىلەن شۇ سۆڭەكلەرگە چۈشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ زىرائەتلەرگە قارىشى زىيان كەلتۈرەلمەيدۇ».

رىۋايەت قىلىنىشچە، بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا: «بىز دېھقانلارمىز، زىرائەتلىرىمىزگە كۆز تېگىشتىن ئەنسىرەيمىز» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى زىرائەت ئارىسىغا باش سۆڭەكلىرىنى قويۇپ قويۇشقا بۇيرۇدى.

ئىمام ئەيىنىنىڭ <ئۆمدەتۇلقارى شەرھۇلبۇخارى> ناملىق كىتابىنىڭ «كۆز تېگىش ھەقتۇر» ناملىق بۆلۈمىدە ئىمام ئەبۇداۋۇد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس بايان قىلىنغان بولۇپ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن:

(1) سەھىھ بۇخارى، 5738ـ ۋە 5739 ـ ھەدىسلەر.

(2) «فەتھۇلبارى» 10 ـ توم، 201 ـ بەت.

(3) سۈرە قەلەم، 51 ـ ئايەت.

«كۆزى يامان كىشى تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇلاتتى. ئاندىن كۆز تەككۈچى تاھارەت ئېلىنغان شۇ سۇ بىلەن يۇيۇلاتتى».

قازى ئىياز مۇنداق دېگەن: «ئالىملارنىڭ ئېيتىشىچە، كۆزى يامان ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان شەخستىن يىراق تۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا يېقىن يولىماسلىق لازىم. خەلىپىنىڭ ئۇنى كىشىلەر ئارىسىغا كىرىشتىن چەكلىشى ۋە ئۆيىدە تۇرۇشقا مەجبۇرلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇ كەمبەغەل بولسا، ئۇنى يېتەرلىك مىقداردا ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەش لازىم. ئۇنىڭ زىيىنى سامساق ۋە پىياز يېگەن كىشىنىڭ زىيىنىدىن، شۇنداقلا ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرگە ئارىلىشىشتىن چەكلىگەن كىشىنىڭ زىيىنىدىن كۆپتۇر.

ئىمام نەسائى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «ئەگەر سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىدە ياكى پۇل ـ مېلىدا ۋەياكى بىر قېرىندىشىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىرەر نەرسىنى كۆرسە، بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلسۇن. شەك ـ شۈبھىسىزكى، كۆز تېگىش ھەقتۇر». بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلغاندا مۇنداق دېيىش كېرەك: «*اللە* نىڭ بەرىكىتى بۇيۇكتۇركى، ئۇ ئەڭ ياخشى ياراتقۇچىدۇر. ئى *اللە*! ئۇنى بەرىكەتلىك قىلغىن!» كۆزى يامان كىشى يۇيۇنۇشقا بۇيرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇنىمىسا، مەجبۇرلىنىدۇ[1].

ئالىملار يەنە جۇنۇب كىشىنىڭ ۋە ھەيزدار ئايالنىڭ تۇمارنى، ئەگەر تۇمار قاپلاپ ئورالغان تەقدىردە، بىلىكىگە تېڭىۋېلىشىنىڭ ھېچ يامىنى يوقلۇقىنى بايان قىلغان.

## قاراش ۋە تۇتۇش

ئەر كىشى ئەر كىشىنىڭ ھەممە شەھۋەت يېشىغا يەتكەن ئوغۇل بالىنىڭ كىندىك بىلەن تىزىنىڭ ئاستىغىچە بولغان ئارىلىقتىن باشقا يەرلىرىگە قارىسا بولىدۇ. شەھۋەت يېشى بالاغەت يېشىنى كۆرسىتىدۇ. بەك كىچىك بالىنىڭ تەنلىرى ئەۋرەت ھېسابلانمايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تۆت ياشقا قەدەر ئالدى ۋە ئارقى تەرەپ ئەۋرەت ھېسابلىنىدۇ. ئاندىن ئون ياشقا قەدەر تېخىمۇ چىڭىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بالاغەتكە يەتكەن كىشىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

ئوغۇل بالا **15** ياشقا يەتكەنگە قەدەر ئاياللارنىڭ يېنىغا كىرىپ چىقالايدۇ. ئەگەر ئوغۇل بالا ئەرلەرنىڭ يېشىغا يېتىپ قالغان بولۇپ، يۈزى چىرايلىق بولمىسا، ئۇنىڭ

(1) سۈرە يۈسۈف، 67 ـ ئايەت.

ھۆكمى ئەرلەرنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ يۈزى چىرايلىق بولسا، ئۇنىڭ ھۆكمى ئاياللارنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. شۇڭا ئۇ چوققىسىدىن تارتىپ پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە ئەۋرەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا شەھۋەت بىلەن قاراش ھالال ئەمەس. ئەمما ھەۋەس قىلماستىن، ئۇنىڭغا قاراش ۋە ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز قېلىشنىڭ ھېچ يامىنى يوق. شۇڭا ئۇ نىقابلىنىشقا بۇيرۇلمىغان[1]. لېكىن كىچىك باللاردا بالاغەتكە يېتىش يېشى 12 ياشتىن باشلىنىدۇ. بولۇپمۇ ھازىرقى دەۋرىمىزدە پاساتچىلىق كۆپىيىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئېھتىيات يۈزىدىن ئۇ ياشنى تۇتقا قىلىشقا بولىدۇ.

ئىمام دارۇقۇتنىنىڭ: «كىندىكنىڭ ئاستىدىن تىزغىچىلىك ئارىلىق ئەۋرەتتۇر» دېگەن رىۋايىتىگە ئاساسەن تىزمۇ ئەۋرەتتۇر. تىز پاچاق سۆڭىكى بىلەن يوتا سۆڭىكىنىڭ تۇتاشقان قىسمىدۇر. كىندىكنىڭ ئاستى كىندىكنى كېسىپ ئۆتۈپ، بەدەننىڭ ھەممە تەرىپىدىن كىندىككە ئۇدۇل ئايلانغان ئايلانما قىسمىنىڭ ئاستىدىن ئىبارەتتۇر.

كىندىكنىڭ ئۆزى ئەۋرەت ئەمەس. لېكىن ئىمام ئەبۇئىسمە ۋە شافىئى ئۇنى ئەۋرەت دەپ قارايدۇ. تىز ئەۋرەتتۇر. لېكىن ئىمام شافىئى ئۇنى ئەۋرەت ئەمەس، دەپ قارايدۇ. يوتا ئەۋرەتتۇر. لېكىن زاھىرىي مەزھەپىدىكىلەر ئۇنى ئەۋرەت ئەمەس، دەپ قارايدۇ.

كىندىكنىڭ ئاستىدىن تارتىپ جىنسىي ئەزالار ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرى ئېغىر دەرىجىدە ئەۋرەتتۇر. تىزنىڭ ئەۋرەتلىك ھۆكمى يوتىنىڭ ئەۋرەتلىك ھۆكمىدىن يېنىكرەكتۇر. يوتىنىڭ ئەۋرەتلىك ھۆكمى كىندىك ئاستىنىڭ ئەۋرەتلىك ھۆكمىدىن يېنىكرەكتۇر. شۇڭا تىزنى ئوچۇق قويغۇچىغا يۇمشاقلىق بىلەن ئىنكاس قايتۇرۇلىدۇ. يوتىسىنى ئوچۇق قويغۇچىغا قاتتىقراق ئىنكاس قايتۇرۇلىدۇ. جىنسىي ئەزالارنى ئوچۇق قويغۇچىغا، ئەگەر ئۇ تەرسالىق قىلغان تەقدىردە، ئەدەپلەپ قويۇش جازاسى بېرىلىدۇ[2].

ئەگەر باشقىلارنىڭ ئەۋرىتىگە قاراپ سالغان تەقدىردە، ئۇنىڭ ئەۋرىتى قەستەن ئوچۇق قويۇلغان بولمىسا، گۇناھكار بولمايدۇ. ئەگەر خوتۇن كىشىنىڭ ئۈستىدە كىيىم بولغان تەقدىردە، ئۇنىڭ تېنىگە سىنچىلاپ قارىسا، گۇناھ بولمايدۇ. لېكىن بۇ، ئۇنىڭ كىيىمى بەدىنىگە چاپلىشىپ، كىيىم ئاستىدىكى بەدەننى سۈپەتلەپ بېرەلىگىدەك دەرىجىدە تار بولمىسا، شۇنداقلا كىيىم ئاستىدىكى بەدەننى سۈپەتلەپ بېرىدىغان دەرىجىدە نېپىز بولمىسا، مۇشۇنداق بولىدۇ (يەنى ئۇنىڭ تېنىگە سىنچىلاپ قارىغانغا گۇناھ بولمايدۇ). ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، كۆزنى يۇمۇش (يەنى ئۇنىڭغا قارىماسلىق) لازىم.

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 233 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 233 ـ بەت.

ئەگەر ئۇنىڭ ئۇستىدە كىيىم بولغان تەقدىردە، كىيىم ئۇنىڭ گەۋدىسىنى نامايەن قىلىپ بەرمىسىلا، ئۇنىڭ تېنىگە سىنچىلاپ قاراشنىڭ ھېچ يامىنى يوق. ئەگەر كىيىم ئۇنىڭ تەن قۇرۇلۇشىنى نامايەن قىلىپ بېرىدىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇنىڭغا قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر ئايالنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنىڭ كىيىمگە سىنچىلاپ قارىغان تەقدىردە، ئۇنىڭ تەن قۇرۇلۇشى شۇ كىشىگە نامايەن بولسا، ئۇ كىشى جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالمايدۇ».

بۇ قاراشنى ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىس شەرىپ كۈچلەندۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «دوزاخ ئەھلىدىن ئىككى تۈرلۈك كىشى بولۇپ، مەن تېخى ئۇلارنى كۆرمىدىم؛ ئۇلارنىڭ بىر تۈرى مەلۇم كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ كالا قۇيرۇقلىرىغا ئوخشاش ئۇزۇن قامچىلىرى بولىدۇ. ئۇلار ئىنسانلارنى شۇ قامچىلار بىلەن ئۇرۇپ سوقىدۇ. يەنە بىر تۈرى كىيىم كىيگۈچى، لېكىن يالىڭاچ ئاياللاردۇر. ئۇلار نايناقلاپ، باشلىرىنى خۇددى تۆگىلەرنىڭ ئىككى تەرەپكە تاشلىنىپ تۇرىدىغان لوككىلىرىغا ئوخشاش لىڭشىتىپ ماڭىدۇ. ئۇ ئاياللار جەننەتكە كىرەلمەيدۇ, جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ. جەننەتنىڭ پۇرىقى ئەلۋەتتە مۇنداق - مۇنداق يىراق جايلاردىنمۇ پۇرىلىپ تۇرىدۇ»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىيىم كىيگۈچى، لېكىن يالىڭاچ ئاياللاردۇر» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، ئۇنىڭ مەنىسى: بەدەنلىرىنىڭ بىر قىسمىنى يېپىپ، يەنە بىر قىسمىنى گۈزەللىكىنى ئىزھار قىلىش ۋە شۇنىڭدەك سەۋەبلەر ئۈچۈن ئوچۇق قويىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. بەزىلەر: «ئۇنىڭ مەنىسى بەدەنلىرىنىڭ رەڭگى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان نېپىز كىيىملەرنى كىيىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ» دېگەن.

مەزكۇر قاراش بەدەن ئەزالىرىنىڭ ھەجمىنى سۈپەتلەپ بېرىدىغان كىيىمگە، گەرچە ئۇ كىيىم قېلىن بولۇپ، بەدەن تېرىسى كۆرۈنمەيدىغان ھالەتتە بولسىمۇ، قاراشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، باشقا بىرىنىڭ ئەۋرىتىگە، ئۇنىڭغا چاپلىشىپ تۇرىدىغان، لېكىن ئۇنىڭ ھەجمىنى سۈپەتلەپ بېرىدىغان كىيىمنىڭ ئۇستىدىن قاراش ھالال ئەمەس. شۇڭا خوتۇن كىشىنىڭ بەدىنىگە كىيىم ئۈستىدىن سىنچىلاپ قاراشنىڭ ھېچ يامىنى يوق، دېگەن قاراش ئۇنىڭ تەن قۇرۇلۇشىنى سۈپەتلەپ بەرمەيدىغان ھالەتكە قارىتىلىدۇ[2].

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھۆكۈم پەقەت بەدىنىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان ۋە بەدەن ئەزالىرىنى سۈپەتلەپ بېرىدىغان كىيىم كىيىۋالغان ئايالغا قاراشقا قارىتىلىدۇ. بۇ

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 234 ـ بەت.

(2) سەھىھ مۇسلىم، 2128 ـ ھەدىس.

ھۆكۈم ئەرلەردىمۇ شۇنداق بولىدۇ، دېگەندىن دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بار. مەزكۇر ھۆكۈمنى ئايالالارغا خاسلاشتۇرۇش ئۇ ھۆكۈمدە ئەرنىڭ ئايالغا ئوخشاش ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

بولۇپمۇ ھازىرقى زامانىمىزدا نۇرغۇن كىشىلەر تەن قۇرۇلۇشلىرىنى سۈپەتلەپ بېرىدىغان چەتئەل كىيىملىرىنى كىيىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن بولۇپ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھۆكۈمنى ئومۇمەن تۇتقا قىلساق، ئارىدا قىيىنچىلىق تۇغۇلىدىغانلىقى مەخپىي ئەمەس. مەن ھەنبەلى مەزھەپىنىڭ فىقھشۇناسلىرىدىن بىرى بىھۇتىنىڭ <شەرھۇلمۇنتەھا> ناملىق كىتابىدا مۇنۇلارنى يازغانلىقىنى كۆردۈم: «ئەۋرەتنى، بەدەن تېرىسىنى، يەنى ئۇنىڭ رەڭگىنى سۈپەتلەپ بەرمەيدىغان شەكىلدە يېپىش پەرزدۇر. چۈنكى ئەۋرەتنى يېپىش مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ھاسىل بولىدۇ. بەدەن ئەزاسىنىڭ ھەجمىنى سۈپەتلەپ بېرىدىغان شەكىلدە ئەمەس. چۈنكى، ئەۋرەتنى بەدەن ئەزاسىنىڭ ھەجمىنى سۈپەتلەپ بەرمەيدىغان شەكىلدە يېپىش مۇمكىن ئەمەس»[1].

ئەر كىشى خوتۇنىنىڭ ۋە ھالال دېدىكىنىڭ چوققىسىدىن تا پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە ھەممە يېرىگە قارىسا، گەرچە شەھۋەت بىلەن قارىسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى بۇ تۇردىكى ھالال جۈبلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىسىمۇ ئۇلارغا ئۇ شەكىلدە قاراش دۇرۇستۇر. ئەگەر ئۇ ھەيزدار بولسا، ئىشتاننىڭ ئاستىغا يېقىنلىشىش ھارامدۇر. ئەمما ئۇنىڭغا قاراش ۋە ئۇنى قۇچاقلاشنىڭ ئەرگە ھالال بولۇش مەسىلىسىدە ئىختىلاپ بار[2].

ئەڭ ياخشىسى، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ھەربىرى يەنە بىرىنىڭ ئەۋرىتىگە قارىماسلىق كېرەك. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار خوتۇنى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندا ئىمكانقەدەر يېپىنسۇن! ئېشەكنىڭ يالىڭاچلانغىنىدەك يالىڭاچلانمىسۇن!»[3] چۈنكى يالىڭاچلىنىش كىشىنى ئۇنتۇلغاق قىلىپ قويىدۇ، كۆزنى ئاجىزلاشتۇرىۋېتىدۇ. بۇ ھەقتە ئەسەر رىۋايەت قىلىنغان.

ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مەن ئەبۇھەنىفەدىن: «ئەرنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ ھەرىكەتكە كېلىشى ئۈچۈن خوتۇنىنىڭ جىنسىي ئەزاسىنى سىلىشى ۋە خوتۇنىمۇ ئېرىنىڭ جىنسىي ئەزاسىنى سىلىشى ھەققىدە قانداق قارايسەن؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «ھېچقىسى يوق، تېخىمۇ چوڭ ئەجىر بېرىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ جاۋاب بەردى[4].

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 234 ـ بەت.

(2) «تەقرىيرات ئەررافئى» 2 ـ توم، 307 ـ بەت.

(3) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 234 ـ بەت.

(4) ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

يات ئايالنىڭ تاشقى كىيىمگە شەھۋەت بىلەن قاراش هارامدۇر. بۇنىڭ سەۋەبى، (الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر) بۇزۇقچىلىق كېلىپ چىقىشقا سەۋەب بولۇپ قىلىشتىن ئەنسىرەشتۇر. چۈنكى يات ئايالنىڭ تاشقى كىيىملىرىگە شەھۋەت بىلەن قاراش، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بوي تۇرقى ۋە باشقىلارنى مۆلچەرلەش ئەرنى ئۇ ئايال بىلەن پاراڭلىشىشقا، ئاندىن باشقا ئىشلارغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ هارام بولۇش سەۋەبى زۆرۈر تېپىلمىسا قاراش هالال بولمىغان نەرسىگە قاراش بىلەن هۇزۇرلىنىش بولغانلىقى ئېهتىمالىمۇ بار.

ئۇيۇپ چىقىرىلغان سۈرەتكە شەھۋەت بىلەن قاراش هارام بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلىگىمۇ دىققەت بېرىش لازىم. بۇ مەسىلىدىمۇ ئىككىلىنىش بار. مەن بۇ هەقتە بىر نەرسە كۆرمىدىم. شۇڭا بۇ مەسىلىگە مۇراجىئەت قىلىش لازىم(1). لېكىن بىزنىڭ دەۋرىمىزدە رەسىمگە تارتىش ئىشلىرى ناهايىتى تەرەققى قىلىپ كەتتى. بۇ رەسىملەر ئەسلى قىياپەتكە قاراشتىنمۇ بەك پىتنە قوزغايدىغان ۋە جەلىبكار نەرسە بولۇپ قالدى. چۈنكى ئۇ رەسىملەر هەر تۈرلۈك پىتنە ـ پاساتلارنى ئىزهار قىلىپ، سەت جايلارنى يوشۇرىدۇ.

ئەر كىشى مەهرىمىگە قارىسا بولىدۇ. مەهرەم ئايال شۇ ئەر بىلەن نەسەب سەۋەبىدىن ياكى ئېمىلداشلىق ۋە قۇدا ـ باجىلىققا ئوخشاش سەۋەب تۈپەيلىدىن مەڭگۈ نىكاھ چۈشمەيدىغان ئايالدىن ئىبارەتتۇر. مەهرەم ئەر ۋە مەهرەم ئايال هەر ئىككىلىسى ئۆز شەھۋىتىدىن خاتىرجەم بولالىسا، باش، يۈز، كۆكس، پاچاق، بىلەك قاتارلىق ئەزالارغا قاراشقا بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار شەھۋىتىدىن خاتىرجەم بولالمىسا، قارىماسلىق كېرەك. بۇ مەسىلىدىكى ئەسلى دەلىل الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: «(تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىن ئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا هەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا ئېهتىياجى يوق خىزمەتچىلەر (يەنى قېرى، دەلدۈش بولغانلىقتىن جىنسىي شەھۋىتى يوقلار) دىن، يا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن) بالىلاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن، زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن، ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن هەممىڭلا الله غا تەۋبە قىلىڭلار»(2).

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلار تاشقى زىننەت بۇيۇملىرىدىن باشقا زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ

(1) «رەددۇلمۇهتار» 5 ـ توم، 234 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇهتار» 5 ـ توم، 234 ـ بەت.

ئورۇنلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئايەتتىكى زىننەت شۇ زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ئۆزىنى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى زىننەت بۇيۇملىرىغا قاراش مۇتلەق مۇباھتۇر. شۇڭا زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ئورۇنلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. باش تاجىنىڭ، يۈز سۈرمىسىنىڭ، بويۇن ۋە كۆكس زەنجىرىنىڭ، قۇلاق ھالقىسىنىڭ، بىلەك بىلەيزۈكىنىڭ، ئالقان ئۈزۈك ۋە خېنىنىڭ، پاچاق پۇت بىلەيزۈكىنىڭ، پۇتنىڭ ئۇچى خېنىسىنىڭ، چاچ قىسقۇچىنىڭ ئورنىدۇر[1].

مەلۇم بىر ئايالنىڭ ئانىسى يا چوڭ ئانىسى بىلەن ياكى ئۇنىڭ قىزى يا نەۋرە قىزى بىلەن زىنا قىلغانلىق سەۋەبىدىن ئەرنىڭ نىكاھلىنىشى ھالال بولمايدىغان شۇ ئايالنىڭ ھۆكمىمۇ يۇقىرقى مەھرەملەر قاتارىدىن بولىدۇ.

ئايالنىڭ بەدىنىدىن ئەرنىڭ قارىشى دۇرۇس بولغان يەرلەرنى ئۇ ئەرنىڭ تۇتۇشىنىڭ ھېچ يامىنى يوق. چۈنكى سەپەر ئۈستىدە بەزىدە ئايال كىشىنىڭ بىرەر يېرىنى ئەرنىڭ تۇتۇشىغا توغرا كېلىپ قالىدۇ، يەنە كېلىپ مەھرەملەرنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان شەھۋىتى ئاز بولىدۇ.

# يات ئايال بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنىڭ ھۆكمى

يات ئايال بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش دۇرۇس بولمايدۇ. شۇڭا ئەر كىشى شەھۋىتىدىن خاتىرجەم بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ يۈزىنى ۋە ئالقىنىنى تۇتسا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ قاراشقا قارىغاندا ئېغىرراق گۇناھتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى تەرەپكە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ئاياللارنى الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئاساسەن سىناپ كۆرەتتى: «ئى پەيغەمبەر! مۆمىن ئاياللار ساڭا كېلىپ، الله غا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىنى (جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك قىز بالىلىرىنى نۇمۇستىن ياكى كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ) ئۆلتۈرمەسلىككە، باشقىلارنىڭ بالىسىنى يالغاندىن ئەرلىرىنىڭ بالىسى قىلىۋالماسلىققا، سەن بۇيرۇغان ياخشى ئىشلاردىن باش تارتماسلىققا بەيئەت قىلسا (يۇقىرىقى شەرتلەر ئاساسىدا) ئۇلارغا بەيئەت قىلغىن، ئۇلار ئۈچۈن الله دىن مەغپىرەت تىلىگىن، الله ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»[2].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مۆمىن ئاياللاردىن

(1) سۈرە نۇر، 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 235 ـ بەت.

كىمكى بۇ شەرتلەرنى قوبۇل قىلسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «مەن سىزگە ھەقىقەتەن بەيئەت قىلدىم» دەپ، سۆز ئارقىلىقلا بەيئەت ئالاتتى. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولى بەيئەت ئىشىدا بىرمۇ خوتۇن كىشىنىڭ قولىغا تەككىنى يوق. ئۇ ئۇلاردىن پەقەت: «مەن سىزگە ھەقىقەتەن مۇشۇ شەرتلەرگە ئاساسەن بەيئەت قىلدىم» دېگەن سۆزى بىلەنلا بەيئەت ئالاتتى[1].

ئىمام تەبەرانى سەھىھ ھەدىسنىڭ سەنەدى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ تۆتسا ھالال بولمايدىغان ئايالنى تۇتقىنىدىن بېشىغا يىڭنە تىقىلغىنى ياخشىدۇر».

بۇ قاراشنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىس تەكىتلەپ بېرىدۇ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسىدە بايان قىلىنغان كىچىك گۇناھقا بەك ئوخشايدىغان نەرسىنى كۆرمىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله ئىنسانىنىڭ زىنادىن بولغان نېسىۋىسىنى ئاللىبۇرۇن پۈتۈۋەتكەن بولۇپ، ئۇنى چوقۇم قىلماي قالمايدۇ. ئىككى كۆزنىڭ زىناسى قاراشتۇر. تىلنىڭ زىناسى سۆزلەشتۇر. كۆڭۈل تارتىدۇ ۋە ئىشتىھا قىلىدۇ. جىنسىي ئەزا ئۇنى تەستىقلايدۇ ياكى رەت قىلىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئىككى قۇلاقنىڭ زىناسى ئاڭلاشتۇر. تىلنىڭ زىناسى سۆزلەشتۇر. قولنىڭ زىناسى تۇتۇشتۇر. پۇتنىڭ زىناسى مېڭىشتۇر. قەلب ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئارزۇ قىلىدۇ. جىنسىي ئەزا ئۇنى تەستىقلايدۇ ياكى رەت قىلىدۇ»[2].

مەزكۇر كىچىك گۇناھ الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدە تىلغا ئېلىنغان كىچىك گۇناھنى كۆرسىتىدۇ: «ئۇلار چوڭ گۇناھلاردىن ۋە قەبىھ ئىشلاردىن يىراق بولىدۇ. كىچىك گۇناھلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا»[3].

شۇڭا يات ئايالنىڭ يۈزىنى ئىككى قولىنى تۇتۇش، گەرچە ئۇ شەھۋەتتىن خاتىرجەم بولغان تەقدىردىمۇ، ھالال ئەمەس. چۈنكى ئۇ قاراشقا قارىغاندا ئېغىرراق گۇناھتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەر كىشى يات ئايالنى شەھۋەت بىلەن تۇتسا، قۇدا ـ باجىلىق سەۋەبىدىن چىقىدىغان ھارام بولۇش ھۆكمى ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ھەتتا ئەر كىشى ئۆزىنىڭ ھامما ئاچىسىنى ياكى دېدىكىنى شەھۋەت بىلەن تۇتسا، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ قىزىنى ئېلىش ھارام

(1) سۈرە مۇمتەھىنە، 12 ـ ئايەت.

(2) سەھىھ بۇخارى، 4891 ـ ھەدىس.

(3) سەھىھ مۇسلىم، 2657 ـ ھەدىس.

بولىدۇ.

ئەگەر يات ئايال ياش بولسا، ھۆكۈم مۇشۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئۇ كۆڭۈل تارتمايدىغان دەرىجىدە قېرى بولسا، ئەر كىشى شەھۋىتىدىن خاتىرجەم بولغان تەقدىردە، ئۇ ئايال بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ۋە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇشنىڭ ھېچ يامىنى يوق. شۇنداقلا ئەر كىشىمۇ قېرى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ۋە كۆرۈشمەكچى بولغان شۇ ئايالنىڭ شەھۋىتىدىن خاتىرجەم بولسا، ئۇنىڭ ئۇ ئايال بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشىنىڭ ھېچ يامىنى يوق. ئەگەر ئۇ قېرى بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ۋە ئۇ ئايالنىڭ شەھۋىتىدىن خاتىرجەم بولالمايدىغان ئەھۋال بولسا، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشتىن يىراق تۇرۇشى كېرەك.

ئەگەر ئايال قېرى بولغان تەقدىردە، ئىمام مۇھەممەد ئەر كىشىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشىنى مۇباھ، دەپ قارىغان. لېكىن ئۇنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتتىن قالغان ئەرلەر بىلەن تەگتۈش بولۇشىنى شەرت قىلمىغان. ئەگەر تۇتقۇچى خوتۇن كىشى بولۇپ قالغان تەقدىردە، ھەر ئىككىلىسىنىڭ يېشى چوڭ بولۇپ، ئەر كىشىمۇ جىنسىي مۇناسىۋەتتىن قالغان ئەرلەر بىلەن تەگتۈش، خوتۇن كىشىمۇ جىنسىي مۇناسىۋەتتىن قالغان ئاياللار بىلەن تەگتۈش بولسا، ئۇلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشىنىڭ ھېچ يامىنى يوق. ئىماملار قېرى ئاياللىڭمۇ مەھرەمسىز سەپەر قىلالمايدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن. شۇڭا قېرى ئايال ياش ئەر بىلەن ياكى قېرى ئەر بىلەن خالىي قىلىشى توغرا بولمايدۇ. لېكىن قېرى ئايال قېرى ئەرلەر بىلەن كۆرۈشسە بولىۋېرىدۇ[1].

## يات ئايال بىلەن خالىي قېلىشنىڭ ھۆكمى

يات ئايال بىلەن خالىي قېلىش ھارامدۇر. پەقەت قېرى ۋە سەت ئايال بولسا ياكى ئارىدا تۇساق بولسا، ئۇنىڭ بىلەن خالىي قېلىش ھارام ئەمەس. ئەگەر بىر ئەر بىر قورونىڭ بىر ئېغىزلىق ئۆيىدە، بىر ئايال شۇ قورونىڭ يەنە بىر ئېغىزلىق ئۆيىدە ئولتۇرغان، لېكىن ھەر بىر ئۆينىڭ مەھكەم تاقىلىدىغان ئايرىم ئىشىكى بولغان، بىراق قورو دەرۋازىسى بىر بولغان تەقدىردە، ئۇ ئىككىسى بىر ئېغىزلىق ئۆيدە ئولتۇرمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مەزكۇر شەكىلدە ئولتۇرۇشى مەكروھ ئەمەس. بەزىلەر: «بۇ خالىي قېلىش ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا دۇرۇس بولمايدۇ» دېگەن.

ئەگەر ئەر خوتۇنىنى يېنىشقىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تالاق قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ

(1) سۈرە نەجم، 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىر ئېغىزلىق ئۆيدىن باشقا ئۆيى بولمىسا، ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا پەردە تارتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىككىسى بىلەن بىللە تۇرىدىغان بىرەر مەھرەم كىشى بولمىغان تەقدىردە ئارىغا پەردە تارتىلمىسا، ئەر بىلەن يات ئايالنىڭ ئارىسىدا خالىي قېلىش ئىشى يۈز بەرگەن بولۇپ قالىدۇ. بۇ مەسىلە ئارىغا پەردە تارتىش بىلەنلا كۈپايە قىلىندى. لېكىن بۇ ئەرنىڭ پاسىق ئەر بولماسلىقى بىلەن شەرت قىلىنىدۇ. ئەگەر ئەر پاسىق ئەر بولغان تەقدىردە، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى ئىشەنچلىك، ئۇلارغا توسقۇنلۇق قىلالايدىغان بىر ئايال بىلەن توسۇش كېرەك. دېمەك، بىرەر توسۇق بىلەن ياكى بىرەر مەھرەمنىڭ بولۇشى بىلەن ۋەياكى ئارىدا توسقۇنلۇق رولىنى ئوينىيالايدىغان ئىشەنچلىك بىرەر ئايالنىڭ بولۇشى بىلەن ھارام قىلىنغان خالىي قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ئارىدا باشقا بىر يات ئەرنىڭ بولۇشى بىلەن ھارام قىلىنغان خالىي قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولامدۇ؟ مەن بۇ ھەقتە بىر نەرسە كۆرمىدىم. لېكىن بەزى ئالىملار: «ئەر كىشىنىڭ خوتۇنى، ئانىسى، ھەمشىرىسىگە ئوخشاش بىرەر مەھرىمى يوق، باشقا ئەرلەرمۇ يوق ئۆيدە ئۇنىڭ يات ئاياللارغا ئىمام بولۇشى مەكروھتۇر. ئەگەر مەزكۇر مەھرەملەردىن بىرى بولۇپ قالسا، مەكروھ بولمايدۇ. شۇنداقلا ئەر كىشى ئاياللارغا مەسجىدتە ئىمام بولسا، مەكروھ ئەمەس» دېگەنلارنى ئوتتۇرىغا قويغان.

بۇنىڭدىن شۇ چىقىدۇكى، باشقا بىر ئەرنىڭ بولۇشى بىلەن ھارام قىلىنغان خالىي قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولمايدۇ. لېكىن بۇ شۇنىمۇ ئىپادىلەپ بېرىدۇكى، باشقا بىر ئايالنىڭ بولۇشى بىلەنمۇ ھارام قىلىنغان خالىي قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولمايدۇ. نەتىجىدە بۇ مەسىلە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىشەنچلىك ئايالنىڭ بولۇشى بىلەن كۈپايىلىنىشكە زىت كېلىپ قالىدۇ.

يەنە بەزى ئالىملار: «ئەگەر يات ئايال بىلەن باشقا بىر ئايال بولغان تەقدىردە، ئۇ ئايال بىلەن خالىي قېلىش مەكروھ تەھرىمى بولىدۇ» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلارنىڭ قارىشىدىن شۇ مەسىلە ئايدىڭلىشىدۇكى، مەزكۇر ئىشەنچلىك ئايال جىنسىي مۇناسىۋەتتىن قالغان ئاياللاردىن بولۇشى، شۇنداقلا ئۆزىنى ۋە تالاق قىلىنغان ئايالنى ئۇ ئەردىن قوغدىيالايدىغان بولۇشى كېرەك[1].

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئەر كىشى چوكان ئايالنىڭ يېنىدا قونمىسۇن! پەقەت نىكاھلانغان ياكى مەھرىمى بولغان تەقدىردە قونسا بولىدۇ».

ئۇقبە ئىبنى ئامىردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاياللارنىڭ يېنىغا كىرىشتىن قەتئىي ساقلىنىڭلار» دېگەندە، بىر ئەنسارى: ئى

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 235 ـ بەت.

اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ئەرنىڭ قېرىنداشلىرىچۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەرنىڭ قېرىنداشلىرى ئۆلۈمدۇر» دېدى[1].

ئالىمالار مۇنداق دەيدۇ: «ھەدىستە چوكان ئالاھىدە تىلغا ئېلىندى. چۈنكى ئەرلەر كۆپىنچە ئەھۋاللاردا شۇنداق ئايالنىڭ قېشىغا كىرىدۇ. ئەمما قىزغا كەلسەك، ئادەتتە ئۇ ئىپپەتلىك، نومۇسچان ۋە ئەرلەردىن يىراق قاچىدىغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتسىزدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئەرنىڭ قېرىنداشلىرى ئۆلۈمدۇر» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇ جۈملە ئەرنىڭ قېرىنداشلىرىنى ۋە شۇنىڭدەك ئەرنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئەرنىڭ قېرىنداشلىرىدىن كېلىدىغان يامان ئاقىۋەت باشقا يات ئەرلەرگە قارىغاندا كۆپرەك بولىدۇ. چۈنكى يامانلىق ئۇنىڭدىن كېلىشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۇ ئايالنىڭ قېشىغا بىمالال كىرىشكە قادىر بولۇشى ۋە ئەيىبلەشكە ئۇچرىماستىن ئۇنىڭ بىلەن خالىي قېلىشى تېخىمۇ كۆپ بۇزۇقچىلىقنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئەمما يات ئەر مۇنداق پۇرسەتكە ئاسانلىقچە ئىگە بولالمايدۇ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئاگاھ بولۇڭلاركى، بىر ئەر بىلەن بىر ئايال ھەرگىزمۇ خالىي قالمىسۇن! ئەگەر ئۇ ئىككىسى خالىي قالىدىغانلا بولسا، ئۈچىنچىسى شەيتاندۇر»[2].

مەھرەم بىلەن خالىي قېلىش مۇباھتۇر. لېكىن ئېملداش ھەمشىرە بىلەن ۋە ياش قېيىنئانا بىلەن خالىي قالماسلىق كېرەك. ئېملداش ئەر قېرىنداش ئېملداش قىز قېرىنداشنىڭ قېشىغا كىرمەسلىكى لازىم. چۈنكى بۇ ئەھۋالدا جىنسىي مۇناسىۋەت سادىر بولۇش ئېھتىمالى كۈچلۈكتۇر. بۇ يەردىكى لازىم دېگەن سۆز ۋاجىپ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەگەر خوتۇنى ئۆلۈپ كەتسە، قېيىنئانىسى بىلەن ئىككىسى، ئەگەر بۇزۇقچىلىق كېلىپ چىقىشىدىن قورقمىسا، بىر ئۆيدە تۇرسا بولىدۇ. ئەگەر قېيىنئانا ياش بولسا، قوشنىلار ئۇ ئىككىسىنىڭ بۇزۇقچىلىققا گىرىپتار بولۇپ قېلىشىدىن قورققان تەقدىردە، ئۇلارنىڭ ئۇنى كۈيوغۇلى بىلەن بىرگە تۇرۇشتىن مەنئى قىلىشى كېرەك. ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشىغا ئاساسەن، ئەرنىڭ قېيىن تۇغقانلىرى خوتۇنىغا قانداش كېلىدىغان مەھرەم تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە خوتۇنىنىڭ ئانىسىغا قاراشلىقتۇر. بۇنىڭ سەۋەبى خوتۇنىنىڭ باشقا ئەردىن

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 236 ـ بەت.

(2) سەھىھ مۇسلىم، 2171 ـ ۋە 2172 ـ ھەدىسلەر.

بولغان قىزى ۋە شۇنىڭدەك تۇغقىنى ھەققىدىمۇ ھۆكۈمنىڭ مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ ھەممىنىڭ زېھنىدىن مەخپىي ئەمەس[1].

# يات ئايال بىلەن پاراڭلىشىش ۋە ئۇنىڭغا قاراش

يات ئايالغا گەپ قىلىشقا بولمايدۇ. پەقەت ئۇ ئايال قېرى بولۇپ، چۈشكۈرگەندە <ئەلھەمدۇلىللاھ> دېسە ياكى سالام قىلسا، ئەرنىڭ ئۇنىڭغا: <يەرھەمۇكىللاھ> دېيىشى ۋە سالامىنى ئىلىك ئېلىشى دۇرۇستۇر. ئەگەر ئۇ ئايال ياش بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغا: <يەرھەمۇكىللاھ> دېمەيدۇ ۋە سالامىغىمۇ تىلى بىلەن جاۋاب قايتۇرمايدۇ (يەنى ئىچىدە ئىلىك ئالىدۇ). شۇنداقلا ئەر كىشى خوتۇن كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان تەقدىردە ئەر بىرىنچى بولۇپ سالام قىلىدۇ.

ئەگەر يات ئايال ئەرگە سالام بەرگەن تەقدىردە، ئەگەر ئۇ قېرى ئايال بولسا، ئەر ئۇنىڭ سالامىغا تىلى بىلەن ئۇ ئاڭلىغىدەك قىلىپ جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ ياش بولسا، ئۇنىڭ سالامىغا ئىچىدە جاۋاب قايتۇرىدۇ. شۇنىڭدەك، ئەر يات ئايالغا سالام قىلغان تەقدىردە، ئەگەر ئۇ ئايال قېرى بولسا، ئەرنىڭ سالامىغا جاۋاب قايتۇرىدۇ، ياش بولسا جاۋاب قايتۇرمايدۇ[2].

ئەگەر ئەر چۈشكۈرۈپ <ئەلھەمدۇلىللاھ> دېگەن، ئايال ئۇنىڭغا: <يەرھەمۇكەللاھ> دېگەن تەقدىردە، ئەگەر ئۇ ئايال قېرى بولسا، ئەر ئۇنىڭغا ئۇ ئاڭلىغىدەك ئاۋازدا: <يەھدىيكۇمۇللاھۇ ۋەيۇسلىھ بالەكۇم> دەيدۇ. ئەگەر ئۇ ياش بولسا، ئەر ئۇنىڭغا ئىچىدە جاۋاب بېرىدۇ. ئەگەر ئايال چۈشكۈرۈپ <ئەلھەمدۇلىللاھ> دېگەن تەقدىردىمۇ شۇنداق بولىدۇ (يەنى ئۇ ئايال قېرى بولسا، ئەر ئۇنىڭغا ئۇ ئاڭلىغىدەك قىلىپ جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ ياش بولسا، ئەر ئۇنىڭغا ئىچىدە جاۋاب قايتۇرىدۇ).

ئەر كىشى يات ئايالغا ھەق بېرىپ، ئۇنى نان يېقىش، تاماق ئېتىش ۋە كىر يۇيۇشقا ئوخشاش ئىشلارغا ئىشلەتمەكچى بولسا، ئۇنىڭ يۈزىگە ۋە ئىككى قولىغا، گەرچە ئۇ ئايال كاپىر بولغان تەقدىردىمۇ، قاراش دۇرۇستۇر. ئىمام ئەبۇيۇسۇف مۇنداق ئايالنىڭ بىلىكىگە ۋە جەينەكلىرىگە قاراشنى مۇباھ دەپ قارىغان. چۈنكى ئۇ ئايال ھەق ئېلىپ تاماق ئېتىش ۋە نان يېقىشقا ئوخشاش ئىشلارنى قىلغاندا بىلەكلىرىنى ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ. يۇقىرىدا نامازنىڭ شەرتلىرى بايان قىلىنغان بۆلۈمدە ھەنەفىي مەزھەپىگە كۆرە خوتۇن كىشىنىڭ قولىنىڭ دۈمبىسىنىڭ ئەۋرەت ئىكەنلىكى بايان

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 236 ـ بەت.

قىلىنغان.

ئەگەر ئەر كىشى شەھۋىتىنىڭ قوزغىلىپ قېلىشىدىن قورقسا ياكى ئىككىلىنىپ قالسا، ئۇ ئايالنىڭ يۈزىگە قاراشتىن ساقلىنىدۇ. قاراشنىڭ دۇرۇس بولۇشى شەھۋەتنىڭ قوزغالماسلىقىغا باغلىقتۇر. ئۇنداق بولماي، شەھۋىتى قوزغىلىپ قالىدىغان ئېھتىماللىق بولسا، ئۇنىڭغا قاراش هارامدۇر. بۇ ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ زامانىدا شۇنداق ئىدى. ئەمما هازىرقى زامانىمىزدا ياش ئايالغا قاراش مەنئى قىلىنىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئەۋرەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پاساتچىلىقنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن قورققانلىق ئۈچۈندۇر[1].

يات ئايالغا هۆكۈم چىقىرىدىغان قازى ۋە ئۇنىڭ زىيىنىغا گۇۋاهلىق بېرىدىغان گۇۋاهچىنىڭ زۆرۈرىيەت بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى تۇتۇشى ئەمەس، پەقەت ئۇنىڭغا قارىشى يۈقىرىدىكى هۆكۈمدىن مۇستەسنا قىلىنىدۇ. قازى ۋە گۇۋاهچىنىڭ يامان ئىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇ ئايالنىڭ يۈزىگە شەهۋەت نەزىرى بىلەن ئەمەس، پەقەت هۆكۈم چىقىرىشنى ۋە گۇۋاهلىق بېرىشنى مەقسەت قىلغان ئاساستا قارىشى ۋاجىپ بولىدۇ.

ئەگەر ئەر مەلۇم بىر ئايالنى ئالماقچى بولسا، ئۇنىڭغا كۆڭلى تارتىپ قېلىشتىن قورققان ئەهۋال ئاستىدىمۇ، ئۇنىڭغا قاراشنىڭ هېچ يامىنى يوق. چۈنكى مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ بىر ئايالغا تەلەپ قويغان چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇ ئايالغا قارىغىن! بىر ـ بىرىڭلارنى كۆرۈش ئىككىڭلارنىڭ كېلىشىپ قېلىش ۋە نەتىجىلىك بولۇشقا ئەڭ پايدىلىقتۇر» دېگەن[2].

نېمىشقا دېگەندە، بۇ قاراشتىن مەقسەت شەهۋەتنى قاندۇرۇش ئەمەس، سۈننەتنى بەرپا قىلىشتۇر.

نىكاهلىنىش ئۈچۈن نىكاهلانماقچى بولغان ئايالنى تۇتۇش دۇرۇس بولمايدۇ. شۇڭا تەلەپ قويۇلغۇچى ئايالنىڭ يۈزىنى ۋە قولىنى تەلەپ قويغۇچى ئەرنىڭ، گەرچە ئۇ شەهۋىتىدىن خاتىرجەم بولغان تەقدىردىمۇ، تۇتۇشى دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى ئارىدا هاراملىق مەۋجۇتتۇر ۋە ئۇنداق قىلىش زۆرۈرىيەت ئەمەستۇر. تۇتۇش قاراشتىن ئېغىرراق گۇناهتۇر. شۇڭا ئېهتىياج بولمىغاندا تۇتۇش چەكلىنىدۇ. قازى ۋە گۇۋاهچىنىڭ، گەرچە ئۇلار شەهۋىتىدىن خاتىرجەم بولغان تەقدىردىمۇ ئېهتىياج بولمىغانلىقتىن يات ئايالنى تۇتۇشى هالال ئەمەس.

ئەگەر بىر ئايالنىڭ بۇرۇتى ئەمدى خەت تارتقان ئوغلى بولۇپ، تەلەپ قويغۇچى

(1) «تەقرىيرات ئەررافئى» 2 ـ توم، 307 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇهتار» 5 ـ توم، 237 ـ بەت.

ئەرگە ئۇ ئايالنىڭ ئوغلىنىڭ گۈزەللىكتە ئۇ ئايال بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكى يەتسە، بۇ ھالدا ئۇ ئەرنىڭ شۇ ئايالنىڭ ئۆزىگە قارىشى لازىم. ئەگەر تەلەپ قويغۇچى شەھۋەتتىن قورقسىمۇ ئۇ ئايالنىڭ ئوغلىغا قارىشى ھالال ئەمەس. ئۇ ئايالنىڭ قىزىمۇ ھۆكۈم جەھەتتە ئۇنىڭ ئوغلىغا ئوخشاشتۇر.

ئەگەر ئەر ئۇ ئايالغا بىر قېتىم قاراش بىلەن كۇپايىلەنسە، ئارتۇق قاراش ھارامدۇر. چۈنكى بىر قېتىم قاراش زۆرۈرىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن مۇباھتۇر. شۇڭا شۇ بىر قېتىم بىلەن كۇپايىلىنىش لازىم.

تەلەپ قويغۇچى ئۇ ئايالنىڭ يۈزىگە ھەم قولىغا قارىسا دۇرۇستۇر. ئەگەر ئەرنىڭ ئۇنى كۆرۈش ئىمكانى بولمىسا، ئۇ ئايالنى تەسۋىرلەپ بېرىدىغان بىرەر ئايالنى ئەۋەتىشى دۇرۇستۇر ۋە ئەۋزەلدۇر. ئەلچى بولۇپ بارغۇچى ئايال ئۇ ئايالنىڭ يۈزى ۋە قولىدىن باشقا يەرلىرىنى تەسۋىرلەپ بەرسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

ئايال شەھۋەتنى باسالماسلىقىدىن قورقۇپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ تەلەپ قويغۇچى ئەرگە قارىشى ھالال بولامدۇ؟ مەن بۇ ھەقتە بىر نەرسە كۆرمىدىم. لېكىن زاھىرىي جەھەتتىن ئالغاندا بولىدۇ. چۈنكى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان سەۋەب ئورتاقتۇر. بەلكى قاراشقا ئۇ ئايال ئەردىن بەكراق ھەقلىقتۇر. چۈنكى ئەرنىڭ ئۆزىگە ياقمىغان ئايالدىن ئايرىلىش ئىمكانى بار. لېكىن ئايالنىڭ ئۇنداق ئەمەس[1].

ئەركەك قۇلنىڭ ئايال خوجايىنىغا قارىشى دۇرۇس ئەمەس. لېكىن ئۇ قۇلنىڭ ئايال خوجايىنىنىڭ يات ئەر قارىسا دۇرۇس بولىدىغان يەرلىرىگە قارىشى دۇرۇستۇر. ئىمام مالىك (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەركەك قۇل ئايال خوجايىن ئۈچۈن مەھرەمگە ئوخشاشتۇر» دېگەن. ئىمام شافىئى (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ ئىككى قارىشىنىڭ بىرىمۇ مۇشۇنداقتۇر. نېمىشقا دېگەندە، اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ياكى قول ئاستىڭلاردىكى كىشىلەر بىلەن»[2]. چۈنكى قۇلنىڭ ئېھتىياج چۈشكەندە ئايال خوجايىنىنىڭ يېنىغا ئۇنىڭ رۇخسەتسىز كىرىشى ئېنىقتۇر.

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ دەلىلى شۇكى، ئۇ ئەركەك جىنسلىق كىشىدۇر، مەھرەم ئەمەس، ئۇ ئايالنىڭ ئېرىمۇ ئەمەس. ئۇنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش ئىقتىدارى بولغانلىقى ئۈچۈن شەھۋەتنىڭ قوزغۇلۇشى ئېنىقتۇر. ئېھتىياج يېتەرلىك دەلىل ئەمەس. چۈنكى قۇل ئۆينىڭ سىرتىدا ئىشلەيدۇ. يۇقىرىدىكى ئايەتتىن چۆرىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. سەئىد، ھەسەن ۋە باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: «سۈرە نۇردىكى ئايەت سىلەرنى باشقىچە ئويلاندۇرۇپ قويمىسۇن. ئۇ ئەرلەر ئەمەس، ئاياللار ھەققىدىكى

(1) ئىمام تىرمىزى، نەسائى ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 237 ـ بەت.

ئايەتتۇر »[1].

ئاختا قىلىنغان كىشىنىڭ يات ئايالغا قارىشىمۇ باشقا ئەركەكنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر. چۈنكى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: « ئاختا قىلىنىش قۇلاق ـ بۇرۇننى كېسىپ تاشلىغانغا ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇ ئىلگىرى ھارام بولغان نەرسىنى مۇباھ قىلالمايدۇ ». چۈنكى ئاختا قىلىنغان كىشى ئەركەك بولۇپ، جىنسىي مۇناسىۋەت قىلالايدۇ. قوش جىنسلىق كىشى رەزىل قىلمىشلارنى قىلىشتا ئاختا قىلىنىپتىلگەن ئادەمنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئەركەك ھەم پاسىق ھېسابلىنىدۇ[2].

ئۇممۇسەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دېيىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇسەلىمەنىڭ يېنىدا ئىدى. ئۆيدە بىر قوش جىنسلىق كىشى بار ئىدى. ئۇ ئۇممۇسەلىمەنىڭ قېرىندىشى ئابدۇللاھقا: ئى ئابدۇللاھ! الله كەلگۈسىدە تائىفنى سىلەرگە پەتھى قىلىپ بەرسە، مەن ساڭا غەيلاننىڭ قىزىنى كۆرسىتىپ قويىمەن. ئۇ قىز تۆت بىلەن كېلىپ، سەككىز بىلەن قايتىدۇ، دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىغا خىتاب قىلىپ: « سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا بۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەر ھەرگىز كىرمىسۇن! » دېدى[3]. « تۆت بىلەن كېلىپ » دېگەن سۆز سېمىزلىكتىن ئۇ ئايالنىڭ قورسىقىدا ھاسىل بولغان تۆت قاتنى، « سەككىز بىلەن قايتىدۇ » دېگەن سۆز ئۇنىڭ ئىككى يېقىنىدا تۆتتىن ھاسىل بولغان سەككىز قاتنى كۆرسىتىدۇ.

يات ئايالغا قاراپ قالغان ئەرنىڭ نەزىرىنى دەرھال باشقا ياققا بۇرۇشى ۋاجىپ بولىدۇ. جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: « مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تاسادىپىي قاراپ قېلىش ھەققىدە سورىدىم. ئۇ مېنى كۆزۈمنى دەرھال باشقا ياققا بۇراشقا بۇيرۇدى »[4].

ئەر دوختۇر خوتۇن كىشىنىڭ كېسەل جايىغا زۆرۈرىيەت مىقدارى قارىسا بولىدۇ. بىز يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك، زۆرۈرىيەت تېپىلىپ قېلىپ يولغا قويۇلغان ھۆكۈمنىڭ يولغا قويۇلىشى ھۆكۈمگە بولغان زۆرۈرىيەتكە قارىتا بولىدۇ. سېتىرا ۋە خەتنىچىنىڭ قاراش ھۆكمىمۇ مۇشۇنداق بولىدۇ.

خوتۇن كىشىنى داۋالاشنى ئاياللارغا ئۆگىتىش كېرەك. چۈنكى ئۆز تىپىدىكى كىشىنىڭ ئۆز تىپىدىكى كىشىگە قارىشى يەڭگىلدۇر. ئەگەر كېسەل خوتۇن كىشىنىڭ

---

(1) سۈرە نىسا، 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) « ئەلھىدايە » 4 ـ توم، 87 ـ بەت.

(3) « ئەلھىدايە » 4 ـ توم، 87 ـ بەت.

(4) سەھىھ بۇخارى، 5887 ـ ھەدىس.

جىنسىي ئەزاسىدىن باشقا يېرىدە بولسا، داۋالاش جەريانىدا ئەر دوختۇرنىڭ شۇ جايغا قارىشى دۇرۇستۇر. چۈنكى ئۇ جايغا قاراش زۆرۈرىيەت ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر كېسەل جىنسىي ئەزادا بولسا، ئۇنى داۋالاشنى بىرەر ئايالغا ئۆگىتىش كېرەك. ئەگەر ئۆگىتىشكە ئايال تېپىلمىغان ۋە كېسەل ئايالنىڭ ئۆلۈپ كېتىش ياكى ئۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان دەرىجىدە ئاغرىقنىڭ ئۇنىڭغا يېتىپ قېلىش خەۋپى بولغان تەقدىردە، ئۇنىڭ كېسەل جايىدىن باشقا ھەممە يېرىنى يېپىپ، ئاندىن ئۇنى ئەر دوختۇر داۋالىسا بولىدۇ. ئەر دوختۇر كېسەل جايىدىن باشقا يەرگە ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە قارىماسلىقى لازىم[1].

## بۇرۇتى ئەمدى خەت تارتقان ئوغۇل بالىغا قاراش

بۇرۇتى ئەمدى خەت تارتقان، يۈزى چىرايلىق ئوغۇل بالىغا قاراش دۇرۇس ئەمەس. بۇ يەردە بۇرۇتى ئەمدى خەت تارتقان، لېكىن ساقىلى تېخى چىقمىغان ئوغۇل بالا كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ، ئەۋرىتى ئەتراپىغا تۈك چىقىپ بولغان بالىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چىرايلىق دېگەن سۆز، گەرچە ئۇ بالا قارا تەنلىك بولسىمۇ، قارىغۇچىنىڭ نەزىرىدە گۈزەل ھېسابلانغان بالىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى گۈزەللىك ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ ھەرخىل بولۇشىغا ئەگىشىپ ھەرخىل بولىدۇ. شۇڭا ئۇ بالا قارىغۇچىنىڭ شەھۋىتىنى قوزغاپ قويىدىغان ئەھۋال بولسا، ئۇنىڭغا قاراش دۇرۇس ئەمەس.

بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇ بالىغا قارىغۇچى، گەرچە جىنسىي ئەزاسى ھەرىكەتكە كەلمىگەن تەقدىردىمۇ، غەرەزلىك ھالدا ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا مايىل بولۇپ قېلىشى، ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتۈپ ئۇنى تۇتۇشى، سۆيمەكچى، قۇچاقلىماقچى، باغرىغا باسماقچى، يېنىچە ياتقۇزماقچى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما شەھۋانىي غەرەزدە بولماستىن يۇقىرىدىكى ئىشلارنى قىلسا، ھېچ يامىنى يوق.

سەلەپ ئالىملىرى مۇنداق دېگەن: «بەچچىۋازلىق ھەر تۈرلۈك بولىدۇ؛ بىر تۈرى قاراش بىلەن، يەنە بىر تۈرى قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش بىلەن، يەنە بىر تۈرى ئەمەلىي ئىش قىلىش بىلەن بولىدۇ. ئەگەر كىشى ئۆزىنىڭ شەھۋىتى قوزغالغانلىقىنى بىلسە ياكى گۇمانلانسا ۋەياكى شەكلەنسە، ئۇنىڭ ئۇنداق ئوغۇل بالىغا قارىشى ھارامدۇر».

بەچچىۋازلىق ھارام بولۇش جەھەتتە زىنادىنمۇ ئېغىردۇر. چۈنكى ئۇ كۆڭۈل جەھەتتىنمۇ، ئەقلىي جەھەتتىنمۇ ۋە شەرئىي جەھەتتىنمۇ يامان كۆرۈلىدىغان ئىشتۇر. شۇڭا ئۇ ئىشنى قىلغۇچى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. ئەگەر باش چۈشۈرتكۈچى يامان

(1) سەھىھ مۇسلىم، 2159 ـ ھەدىس.

غەرەزلىك ۋە ساتىراچتىن ھۆزۈرلىنىدىغان كىشى بولۇپ قالسا، ساتىراچ بۇرۇتى ئەمدى خەت تارتقان، يۈزى چىرايلىق يىگىت بولماسلىقى كېرەك. بولۇپمۇ ئۇنىڭ مۇنچىدا بەدەن ئەزالىرىنى مۇجۇش ۋە ئۇۋۇلاش ئىشلىرىنى قىلىشى دۇرۇس ئەمەس[1].

قىسقىسى، ئۇنداق بالىغا غەرەزسىز ھالدا قاراش، ئۇنىڭ چىرايلىق يۈزىنى ياخشى كۆرۈش، سەت يۈزلەردىن ئەلا بىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھېچ يامىنى يوق. چۈنكى مۇنداق قىلىش ئىنساننىڭ تەبىئىتىدىن خالىي ئەمەس. كىچىك بالىغا نىسبەتەن مۇنداق ئەھۋال دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكەن بالا قەبىھ چىراي ئىگىسىگە قارىغاندا گۈزەل چىراي ئىگىسىگە بەكراق يېقىنلىشىدۇ. ئۇنىڭغا ئىنتىلىدۇ ۋە ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. بەلكى بۇ ئەھۋال ھايۋانلاردىمۇ تېپىلىدۇ.

بىرەيلەن ماڭا چىرايلىق بىر ئايالغا ئامراق بولۇپ قالغان بىر تۆگىنى كۆرگەنلىكىنى، تۆگىنىڭ ئۇ ئايالنى ھەر كۆرگەندە بېشىنى ئۇنىڭغا قويىدىغانلىقىنى، ئەمما باشقا ئىنسانلارغا ئۇنداق قىلمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن. بۇ ھەرگىزمۇ شەھۋەت نەزىرىدىكى قاراش ئەمەس. شەھۋەت نەزىرىدىكى قاراش بولسا پەقەت بۇ قاراشتىن كېيىن پەيدا بولىدىغان مايىللىق، يېقىنلىشىش ۋە تۇتۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر[2].

## خوتۇن كىشىنىڭ ئەر كىشىگە ۋە خوتۇن كىشىگە قارىشى

ئەگەر خوتۇن كىشى شەھۋەتتىن خاتىرجەم بولغان تەقدىردە ئەر كىشىنىڭ باشقا ئەر كىشىلەر قارىسا بولىدىغان يەرلىرىگە قارىشى دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى ئەرلەردىكى ئەۋرەت ئەمەس جايغا قاراشتا ئەر بىلەن ئايالنىڭ ھۆكمى ئوخشاشتۇر. ئەگەر ئۇ ئايال شەھۋەتتىن خاتىرجەم بولالمىسا ياكى ئەنسىرىسە ۋەياكى شەكلىنىپ قالسا، ئەرگە ئوخشاش، ياخشىلىقنى كۆزدە تۇتقانلىق جەھەتتىن ئۇنىڭ ئەر كىشىگە قارىشى ھارامدۇر. بۇ توغرا قاراشتۇر[3].

بەزى ئالىملار ئىمام مۇھەممەدتىن مەزكۇر توغرا قاراشنىڭ ئەكسىچە مۇستەھەپ بولغان باشقا بىر قاراشنى رىۋايەت قىلغان. ئۇلار بۇ قاراشنى ئۇنىڭ مۇنۇ سۆزىدىن ئالغان: «ئەگەر مەن ئۇ ئايالنىڭ دىلىغا شەھۋانىي غەرەز كېچىدىغانلىقىنى ياكى شۇنداق بىر ھېس تۇيغۇدا بولىدىغانلىقىنى بىلسەم، ئۇنىڭ ئەرگە قارىماسلىقىنى ئەلا

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 237 ـ بەت.

(2) «ئەلھەدىييە ئەلئەلائىييە» 242 ـ بەت.

(3) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 233 ـ بەت.

بىلىمەن». ئىمام مۇھەممەد ئايالنىڭ يات ئەرگە قارىشى ھەققىدە مۇستەھەپ بولغان ھەمدە ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان قاراشلارنى بايان قىلغان ۋە: «بۇنىڭدىن يىراق تۇرۇش لازىم» دېگەن. بۇ، ئايالنىڭ يات ئەرگە قارىشىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى بولۇپ، توغرا قاراش مۇشۇدۇر[1].

توغرا قاراش بولغانىنىڭ ئۈستىگە يەنە ئارىدا مۇنداق پەرق بار: ئايالنىڭ شەھۋىتى كۈچلۈكتۇر. ئەر كىشى ئېتىبار جەھەتتە ئەمەلىيلەشتۈرگۈچى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئەر كىشىنىڭ ھېسسىياتى قوزغالسا، شەھۋەت ھەر ئىككىلى تەرەپتە مەۋجۇت بولىدۇ. ئەمما ئايالنىڭ شەھۋىتى قوزغالسا، ئۇنداق بولمايدۇ. چۈنكى ئەمەلىي ۋە ئېتىبار جەھەتتىن ئالغاندا ئەر تەرەپتە شەھۋەت مەۋجۇت بولمايدۇ. شۇڭا شەھۋەت بىر تەرەپتىن قوزغالغان بولىدۇ. ھەر ئىككىلى تەرەپتىن قوزغالغان شەھۋەت ھارام ئىشقا ئېلىپ بېرىشتا بىر تەرەپتىن قوزغالغان شەھۋەتتىن كۈچلۈك بولىدۇ[2].

مۇسۇلمان ئايال يەنە بىر ئايالغا، خۇددى ئەر كىشىنىڭ ئەر كىشىگە قارىشى دۇرۇس بولغان يەرلەرگە، يەنى ئۇ ئايالنىڭ كىندىكىدىن تارتىپ تىزىغىچە بولغان ئارىلىقتىن باشقا يەرلىرىگە قارىسا بولىدۇ. بىز بۇنى نامازنىڭ شەرتلىرى ھەققىدە توختالغاندا بايان قىلغانىدۇق. بەزىلەر: «ئۇ ئايالنىڭ يەنە بىر ئايالغا قاراش ھۆكمى ئەر كىشىنىڭ ئۆز مەھرىمىگە قارىشىغا ئوخشاش بولىدۇ» دېگەن. بىز يۇقىرىدا بۇ مەسىلىنى قاراش ۋە تۇتۇش ھەققىدە دەسلەپتە توختالغاندا بايان قىلغانىدۇق. لېكىن ئالدىنقى قاراش بەكرەك توغرىدۇر.

بەكرەك توغرا قاراشقا ئاساسەن، زىممىي ئايال يات ئەرگە ئوخشاشتۇر. شۇڭا ئۇ مۇسۇلمان ئايالنىڭ بەدىنىگە قارىسا بولمايدۇ. الله تائالانىڭ: «يا دىنداش ئاياللاردىن»[3] دېگەن سۆزىمۇ ھۆر مۇسۇلمان ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى مۆمىن ئايالنىڭ مۇشرىك ئايال ياكى ئەھلى كىتاب ئاياللىرى ئالدىدا يالىڭاچلىنىشى توغرا ئەمەس. بۇ قاراش ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنغان بولۇپ، نەقلىي تەپسىر ھېسابلىنىدۇ.

شۇڭا مۇسۇلمان ئايالنىڭ يېپىش كېرەك بولغان يەرلىرىنى يەھۇدىي ئايال ياكى خىرىستىيان ئايال ۋەياكى مۇشرىك ئايالنىڭ ئالدىدا ئېچىشى ھالال بولمايدۇ. ياخشى ئايالنىڭ بەدىنىگە بۇزۇق ئايالنىڭ قارىشىمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئەرلەر ئالدىدا شۇ ياخشى ئايالنى سۈپەتلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى ئايال پەركەنجىسى ۋە

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 237 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 237 ـ بەت.

(3) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 233 ـ بەت.

لېچەكلىرىنى ئالماسلىقى كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئايالنىڭ چىرايلىق جايلىرىنى يەنە بىر ئايالنىڭ بىرەر ئەرگە سۈپەتلەپ بېرىشىنى چەكلىگەن. پەقەت توي قىلماقچى بولغانغا ئوخشاش شەرئى غەرەز ئۈچۈن ئېھتىياج بولۇپ قالغاندا سۈپەتلەپ بەرسە بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئايال يەنە بىر ئايالنى قۇچاقلاپ، ئاندىن ئۇنى ئېرىگە تەسۋىرلەپ بېرىدىغان ئىشنى قىلمىسۇن! گويا ئۇ ئەر ئۇ ئايالغا قاراپ تۇرغاندەك بولۇپ قالىدۇ».

مانا بۇ، خوتۇن كىشىنى رەسىمگە تارتىش ۋە ئۇنىڭ رەسىمىنى يات ئەرلەرگە كۆرسىتىش ئۇنى سۈپەتلەپ بەرگەندىن قاتتىقراق هارام ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ھەدىس بىرلىككە كەلگەن ھەدىس بولۇپ، ئۇنىڭ لەۋزى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئايال يەنە بىر ئايالنى قۇچاقلاپ، ئاندىن ئۇنى ئېرىگە سۈپەتلەپ بېرىدىغان ئىشنى قىلمىسۇن! گويا ئۇ ئەر ئۇ ئايالغا قاراپ تۇرغاندەك بولۇپ قالىدۇ»[1].

# ئەسكەرتىشلەر

§ خوتۇن كىشىنىڭ ئەزالىرىدىن ھەرقانداق بىر ئەزاغا، ئۇ ئەزاسىنى نە تەندىن ئايرىۋېتىشتىن بۇرۇن، نە تەندىن ئايرىۋەتكەندىن كېيىن، ھەتتا ئۆلگەندىن كېيىنمۇ قاراش دۇرۇس بولمايدۇ. مەسىلەن، ئەۋرەتنىڭ تۈكلىرى، باشنىڭ چاچلىرى، ئۆلگەن ھۆر ئايالنىڭ بىلەك ۋە پاچاقلىرى، پۇتنىڭ ئېلىۋېتىلگەن تىرناقلىرى قاتارلىقلارغا ئوخشاش. ئەمما قولنىڭ ئېلىۋەتكەن تىرناقلىرىغا، گەرچە ئۇ ئايال هايات بولغان تەقدىردىمۇ قاراشنىڭ ھېچ يامىنى يوق. بۇ، ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە پۇتنىڭ ئەۋرەت ئىكەنلىكىگە ئاساسلانغان ھۆكۈمدۇر.

بىلەك دېيىش بىلەن ئالقان ۋە يۈز سىرتتا قالىدۇ. چۈنكى ئۇ ئەزالارغا ئاياللار ھايات ۋاقتىدىمۇ قاراش دۇرۇستۇر. ھۆر ئايال دەپ شەرت قىلىندى. چۈنكى دېدەكنىڭ بىلىكى ئۇ ھايات ۋاقتىدىمۇ قارىسا دۇرۇس بولىدىغان ئەزادىندۇر. ئەمما دۈمبىسىگە ئوخشاش ئەزالىرىغا قاراشقا بولمايدۇ.

§ شافئىي مەزھەپىنىڭ بەزى فىقھشۇناسلىرى مۇنۇلارنى بايان قىلغان: «ئەگەر دېدەكنىڭ چېچى چۈشۈپ كەتكەن، ئاندىن ئۇ ئازات قىلىنغان بولسا، ئۇنىڭ چۈشۈپ

(1) سۈرە نۇر، **31** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كەتكەن چېچىغا قاراش هارام بولمايدۇ. چۈنكى ئازات قىلىش تەندىن ئايرىلىپ كەتكەن ئەزاغا ئۆتمەيدۇ ››.

بىراق مەن هەنەفىي مەزهەپىنىڭ فىقهىشۇناسلىرىنىڭ مۇنداق قارايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. شۇنداقلا مەن يات هۆر ئايالنىڭ بەدىنىدىن بىرەر نەرسە ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنى خوتۇنلۇققا ئالغان كىشىنىڭ شۇ نەرسىگە قارىشىنىڭ هېچ يامىنى يوق، دەپ قارايمەن. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سەۋەبلەرنىڭ تەقەززاسى يات ئايالغا قاراشنىڭ هاراملىقىدۇر. ئەگەر ئەر ئۇنى ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تېنىگە تۇتاش نەرسىنىڭ هەممىسىگە ئەرنىڭ قارىشى هالال بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ تېنىدىن ئايرىلىپ كەتكەن نەرسىگە قارىشى تېخىمۇ هالالدۇر. گەرچە ئۇ ئەزا ئۇ ئايالنىڭ ئۇ ئەرگە هالال بولۇشىدىن ئىلگىرى ئايرىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، هېچ ۋەقەسى يوق. الله تائالا بۇنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

§ ئەگەر يات ئايالغا ئۇ ئايالنىڭ ئەينەكنىڭ ياكى سۇنىڭ ئەكسى ئەتتۇرۇلگەن هالىتىدىن قارىسا، هېچ يامىنى يوق، دەپ قارايمەن. ئالىملار قۇدا ـ باجىلىق سەۋەبىدىن هارام بولغان نەرسىلەر هەققىدە توختالغاندا جىنسىي ئەزاغا ئەينەكنىڭ ياكى سۇنىڭ ئەكسى ئەتتۇرۇلگەن هالىتىدىن قاراشنىڭ هارام ئەمەسلىكىنى ئوچۇق ئىپادىلىگەن. چۈنكى كۆرۈنگەن نەرسە ئۇنىڭ ئوخشىشىدۇر، ئۆزى ئەمەس. ئەمما يات ئايالغا ئەينەكنىڭ ئارقىسىدىن ياكى سۇ ئىچىدە تۇرغاندا قارىسا بولمايدۇ. چۈنكى كۆز ئەينەكتىن ۋە سۇدىن ئۆتۈپ، ئۇنى ئوچۇق كۆرىدۇ.

بۇنىڭدىن شۇ چىقىدۇكى، يات ئايالغا ئەينەكتىن ياكى سۇدىن قارىسا، هارام بولمايدۇ. لېكىن شۇنى ئايرىۋېلىش كېرەككى، قۇدا ـ باجىلىق سەۋەبىدىن هارام بولغان قاراش ۋە شۇنىڭدەك ئىشلارنىڭ شەرتلىرى چىڭىتىلىشى لازىم. چۈنكى ئۇنىڭدىكى ئەسلى هۆكۈم هالال بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. ئەمما قاراشنىڭ هۆكمى بۇنىڭ ئەكسىدۇر. چۈنكى قاراش پەقەت شەهۋەتنىڭ قوزغىلىپ قېلىشى ۋە پاساتچىلىق يۈز بېرىشى خەۋپى بولغانلىقى ئۈچۈن چەكلىنىدۇ. ئۇ ئىللەت بۇ يەردىمۇ مەۋجۇتتۇر.

مەن ئىبنى هەجەرنىڭ ‹فەتاۋا› ناملىق كىتابىدا شافىئى مەزهەپىنىڭ بۇ مەسىلە هەققىدىكى ئىختىلاپ قاراشلىرىنى بايان قىلغانلىقىنى، ئاندىن بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمىزدەك ئوخشاش، هۆر ئايالغا قاراش مەسىلىسى هەققىدىكى هۆكۈمنى كۈچلەندۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. توغرىسىنى الله ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

§ شافىئى مەزهەپىنىڭ بەزى ئالىملىرى قاراش هارام بولغىنىغا ئوخشاش هالال بولمايدىغان نەرسە هەققىدە ئويلاشنىڭمۇ هارام ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: « ئى مۆمىنلەر! الله سىلەردىكى بىر ـ بىرىڭلاردىن ئارتۇق

قىلغان نەرسىلەرنى (ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن) ئارزۇ قىلماڭلار»[1]. قاراش مەنئى قىلىنغىنىغا ئوخشاش، بۇ ئايەتتە ئارزۇ قىلىشمۇ مەنئى قىلىنىدى.

ئەللامە ئىبنى ھەجەر <ئەتتۆھفە> نامىلىق كىتابىتا مۇنۇلارنى بايان قىلغان: «ئەگەر بىر ئەر يات بىر ئايالنىڭ ھۆسن - جامالىنى ئويلىغان ۋە شۇ ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى خىيال قىلغان ھالدا ئۆزىنىڭ خوتۇنى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە، بۇ خىل ئويلاش مەزكۇر ئويلاشتىن بولمايدۇ. جالالۇددىن سۇيۇتى ۋە سەبەكى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قىسىم ئالىملارنىڭ «ئويلاش ھالال» دەپ قارايدىغانلىقى نەقىل قىلىنغان. چۈنكى ئۇلار مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلغان: «شەك - شۈبھىسىزكى، اللّٰه ئۈممىتىمنىڭ كۆڭلىگە كەلتۈرگەن گۇناھلىرىدىن، ئەگەر ئۇلار ئۇنى سۆزلىمىگەن ياكى ئەمەلىيەتتە قىلمىغانلا بولسا، ئۆتۈپ كېتىدۇ»[2].

ئۇنىڭ ئەنە شۇلارنى خىيال قىلىشى ئۇ ئايال بىلەن زىنا قىلىشقا ئىرادە قىلغانلىقىنى لازىم قىلمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئەنە شۇنداق خىيال قىلغانلىقى بىلەن، گەرچە ئۇ ئۇ ئايال بىلەن ھۇزۇرلانغاندەك بولسىمۇ، گۇناھكار بولمايدۇ. ئۇ ئەر ئەگەر چىرايلىق ئۇ ئايالنى قولىغا كەلتۈرەلىسە، ئۇنىڭ بىلەن زىنا قىلىدىغانلىقىنى نىيەت قىلسا، ئەر مۇنداق خىيال قىلىش بىلەن گۇناھكار بولىدۇ. بۇ يەردە لازىم بولغىنى پەقەت ئۇ ئەر جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئايالنىڭ شۇ چىرايلىق ئايال بولۇشىنى پەرەز قىلغانلىقىدۇر. بەزىلەر: «ئۇنداق خىيال قىلىش مەكروھتۇر» دېگەن. بۇ قاراشقا: «مەكروھ دېيىش ئۈچۈن چوقۇم دەلىل بولۇش كېرەك» دەپ رەددىيە بېرىلىدۇ.

مالىكى مەزھەپىنىڭ ئالىملىرىدىن ئىبنى ھاج مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنداق خىيال قىلىش ھارامدۇر. چۈنكى ئۇ زىنانىڭ بىر تۈرىدۇر. بۇ خۇددى سۇ ئىچىش ئۈچۈن بىر كوزا ئالغان، ئاندىن كوزىدىكى سۇنىڭ ھاراق ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن، ئاندىن ئۇنى ئىچكەن كىشى ھەققىدە بىزنىڭ ئالىملىرىمىزنىڭ: <ئۇ سۇ ئۇنىڭغا ھارامدۇر> دېگەن قارىشىغا ئوخشاشتۇر». بۇ قاراشقىمۇ: «مۇنداق قاراش ھەقتىن ھەددىدىن زىيادە چەتنەپ كەتكەنلىك، ئۇنىڭ ھېچقانداق دەلىلى يوق» دەپ رەددىيە بېرىلىدۇ.

مەن ھەنەفىي مەزھەپىدە بۇ مەسىلىگە قارشى چىققان كىشىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن. پەقەت <ئەددۇرەر> نامىلىق كىتابىتا مۇنداق دېيىلگەن: «ئەگەر سۇنى ۋە باشقا مۇباھ بولغان ئىچىملىكلەرنى ئويۇن - تاماشا ۋە خۇشاللىق بىلەن پاسىق كىشىلەرنىڭ شەكلىدە ئىچىش ھارامدۇر».

ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ قائىدە - پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن، ئۇنداق خىيال قىلىش

(1) سەھىھ بۇخارى، **5240** - ھەدىس.

(2) سۈرە نىسا، **32** - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھالال ئەمەس. چۈنكى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۈتكۈزىۋاتقاندەك خىيال قىلغان ئەنە شۇ يات ئايالنى كۆز ئالدىدا ئاشۇ شەكىلدە خىيال قىلىش بىۋاستە گۇناھ قىلغانلىقنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. شۇڭا ئۇ سۇ ئىچىش مەسىلىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

مەن يەنە ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ ئالىملىرىدىن <تەبيىنۇلمەھارىم> ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپىنىڭ مالىكى مەزھەپىنىڭ ئالىملىرىدىن ئىبنى ھاجنىڭ سۆزىنى نەقىل قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنى ماقۇل كۆرگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلغان: «ئەگەر بەندە سۇنى ھاراق ئىچكۈچىگە ئوخشاش شەكىلدە ئىچسە، ئۇ سۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ھارامدۇر».

ئەگەر سەن: «روزىدار كىشى يات بىر ئايالنى ئويلاپ كۆڭلى يۇرۇپ كەتسە (يەنى مەنى چىقىپ كەتسە)، ئۇ روزىسىنى بۇزمايدۇ. مانا بۇ ئەنە شۇنداق خىيال قىلىشنىڭ مۇباھلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ» دېسەڭ، مەن بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىمەن: «بۇ قاراشقا قايىل بولمايمىز. ئەگەر ئۇ يات بىر ئايالنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا قاراپ كۆڭلى يۇرۇپ كەتسە، گەرچە ئۇ ئەزاغا قاراشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە پۈتۈن ئالىملار ئىتتىپاق بولسىمۇ، ئۇنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ»[1].

§ يات ئەر كىشى ئىچىپ قويغان سۇنى خوتۇن كىشىنىڭ ئىچىشى، شۇنداقلا خوتۇن كىشى ئىچىپ قويغان سۇنى ئەر كىشىنىڭ ئىچىشى مەكروھتۇر. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، خوتۇن كىشى يات ئەرنىڭ سۇغا ئارىلىشىپ قالغان ئېغىز نەملىكىدىن ئىبارەت مەلۇم قىسمىنى ئىشلەتكەن بولۇپ قالىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ئەر كىشىمۇ يات خوتۇن كىشىنىڭ سۈيىنى ئىچىپ قالسا شۇنداق بولىدۇ. شۇڭا بۇ توغرا بولمايدۇ[2].

بۇ ئۇ سۇنىڭ پاكىز بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مەنىۋىي لەززەتلىنىش كېلىپ چىقىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئەمما لەززەتلىنىش كېلىپ چىقمىسا، زاھىرىي جەھەتتىن ئالغاندا مەكروھ بولمايدۇ. بۇ مەكروھلۇقنى شۇ سۇنى ئىچكەن خوتۇن كىشىنى ياكى ئەر كىشىنى بىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىلىپ چۈشىنىش كېرەك. ئەمما ئۇنى بىلمىسە، مەكروھ بولمايدۇ. چۈنكى ئىنسان بىلمىگەن نەرسىگە ھەۋەس قىلالمايدۇ. شۇنداقلا ئۇنى ئېرى ۋە مەھرەملەردىن باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىلىپ چۈشىنىش لازىم. چۈنكى ئەر كىشى ئادەتتە ئۆزىنىڭ مەھرىمىنىڭ ئىچىپ قويغان سۈيىدىن لەززەتلەنمەيدۇ. ناۋادا لەززەتلىنىپ قېلىشتىن قورقسا، ئۇنى ئىچمەسلىك كېرەك[3].

---

(1) سەھىھ مۇسلىم، 127 ـ ھەدىس.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 95 ـ بەت.

(3) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 274 ـ بەت.

# چاچ سىلىش ۋە چاچ بوياش

**ئىنسان چىچىغا چاچ ئۇلاش، مەيلى ئۇ ئۆزىنىڭ چىچى بولسۇن، مەيلى باشقا بىرىنىڭ چىچى بولسۇن، هارامدۇر. چۈنكى ئۇ يالغانچىلىقتۇر. بۇنىڭ يالغانچىلىق ئىكەنلىكى تۆۋەندە ئايدىڭلىشىدۇ. باشقا بىرىنىڭ چىچىنى سىلىش ئىنساننىڭ مەلۇم قىسمىدىن پايدىلانغانلىق بولۇپ قالىدۇ.**

**هەمىد ئىبنى ئابدۇرراهمان ئىبنى ئەۋفتىن رىۋايەت قىلىنغان بىر هەدىس شەرىپتە ئۇنىڭ مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفياننىڭ هەج قىلغان بىر يىلى مۇنبەر ئۈستىدە تۇرۇپ، قوغدىغۇچىسىنىڭ قولىدىكى بىر ئۆرىمە چاچنىڭ ۋەقەلىكىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ: ئالىملىرىڭلار قېنى؟ مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشتىن توسقانلىقىنى ۋە مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «شەك ـ شۈبهىسىزكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئاياللىرىنىڭ مۇشۇنداق ئىشنى قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن هالاك بولۇپ كەتكەن».**

**ئائىشە رەزىيەللاهۇ ئەنهانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەنسارىلاردىن بىر قىز ياتلىق بولدى. كېيىن ئۇ كېسەل بولۇپ قېلىپ، چېچى چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يېقىنلىرى ئۇنىڭغا چاچ سېلىپ قويماقچى بولدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن بۇ مەسىلىنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەردى: «الله چاچ سالغۇچى ۋە سالدۇرغۇچىغا لەنەت قىلىدۇ»[1].**

**بۇ هەدىس كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ چاچنى باشقا بىر نەرسىگە، مەيلى ئۇ چاچ بولسۇن ياكى چاچ بولمىسۇن، ئۇلاشنى مەنئى قىلىشتىكى دەلىلىدۇر. بۇ قاراشنى جابىرنىڭ مۇنۇ هەدىسى كۈچلەندۈرىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام خوتۇن كىشىنى چېچىغا بىرەر نەرسە ئۇلاشتىن قاتتىق توسقان». بۇ هەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.**

**لەيسمۇ مۇشۇنداق قارايدۇ. ئەبۇئۇبەيدە نۇرغۇن فىقهشۇناسلارنىڭ: «مەنئى قىلىنغان نەرسە چاچنى چاچقا ئۇلاشتىن ئىبارەتتۇر. ئەمما خوتۇن كىشى چېچىغا بىر پارچە لاتا ۋە شۇنىڭدەك چاچتىن باشقا نەرسىنى ئۇلىسا، بۇ چەكلىمىگە كىرمەيدۇ» دەپ قارايدىغانلىقىنى نەقىل قىلغان.**

**ئىمام ئەبۇداۋۇد ئۆزىنىڭ سەهىه سەنەدى بىلەن سەئىد ئىبنى جۇبەيرىنىڭ: «ئۇزۇن تالالىق ۋە يۇمشاق ئۆسۈملۈكنى ئۇلاشنىڭ هېچ يامىنى يوق» دېگەنلىكىنى رىۋايەت**

(1) «تەقرىيرات ئەررافئى» **2** ـ توم، **211** ـ بەت.

قىلغان. ئىمام ئەھمەدمۇ شۇنداق دېگەن. بۇنىڭدىن خوتۇن كىشىنىڭ يېپەك ياكى يۇڭدىن ئۆرۈمە چاچ ياساپ، چېچىغا ئۇلايدىغان ئۆرىمە چاچلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ[1].

بۇ ھۆكۈمنى ئەبۇسەلىمە ئىبنى ئابدۇرراھماندىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىس شەرىپ كۈچلەندۈرىدۇ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىردىم. مەن بىلەن ئۇنىڭ ئېمىلداش قېرىندىشى بىللە ئىدى. ئۇ ئۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جۇنۇبلۇقتىن قانداق غۇسلى قىلىدىغانلىقى ھەققىدە سورىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىر سا چوڭلۇقتا بىر قاچىنى ئەكەلدۈرۈپ، غۇسۇل قىلدى. بىز بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا پەردە بار ئىدى. ئۇ بېشىغا ئۈچ قېتىم سۇ قۇيدى».

ئەبۇسەلىمە ئىبنى ئابدۇرراھمان سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى چاچلىرىنى قۇلاقلىرىنىڭ يۇمشىقىغىچە قەدەر (يەنى قۇلاقلىرىنىڭ يۇمشىقىغىچە ئۇزۇنلۇقتا قالدۇرۇپ قويۇپ) ئالدۇراتتى»[2].

شۇنىمۇ تىلغا ئېلىش كېرەككى، ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ: «خوتۇن كىشى ماڭلىيىنىڭ چاچلىق كۆرۈنىشى ئۈچۈن ئىنسان چېچىدىن باشقا نەرسىنى ئۇلىسا، رۇخسەتتۇر. ماڭلىيىغا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىغا يۇڭدىن چاچ قىلىۋالسا، بۇنىڭ ھېچ يامىنى يوق» دەپ قارايدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان[3].

بۇ يەردە يەنە شۇنىمۇ تىلغا ئېلىش كېرەككى، مېنىڭ ئۇستازىم شەيخ مۇھەممەد ھامىد (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئىمام مۇسلىم سەھىھ مۇسلىمدا رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ، خوتۇن كىشىنىڭ چېچىغا ئىنسان چېچىدىن باشقا نەرسىنى ئۇلۇشنى جائىز، دەپ قارىغان.

بۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەر خوتۇن كىشىنىڭ چېچىنى كېسىشى ھەققىدىمۇ دېيىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ چېچىنى كېسىشى دۇرۇستۇر. لېكىن ئۇنىڭ چېچى كەسكەندىن كېيىن قۇلاقنىڭ يۇمشىقىغا قەدەر ئۇزۇنلۇقتا قېلىشى شەرت قىلىنىدۇ.

ئەمما <ئەلھەدىييە ئەلئەلائىييە>ناملىق كىتابتا مۇنۇلار بايان قىلىنغان: خوتۇن كىشى چېچىنى كېسىۋەتسە، گەرچە ئېرىنىڭ رۇخستى بىلەن قىلغان بولسىمۇ، گۇناھكار بولىدۇ ۋە لەنەتكە ئۇچرايدۇ. چۈنكى ئىمام ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىستە: «ياراتقۇچىغا قارشى گۇناھ ئىشلەشتە يارىتىلغۇچىغا ئىتائەت قىلىش يوق» دېيىلگەن. لېكىن بۇ قاراشنى بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان: «چاچ كېسىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ قالغان قىسمى قۇلاقنىڭ يۇمشىقىغىچە ئۇزۇنلۇقتا بولۇشى لازىم» دېگەن

(1) سەھىھ بۇخارى، 5932 ـ ۋە 5934 ـ ھەدىسلەر.

(2) «فەتھۇلبارى» 10 ـ توم، 375 ـ بەت.

(3) سەھىھ مۇسلىم، 320 ـ ھەدىس.

شەرتكە باغلاپ چۈشىنىش كېرەك.

ئەر كىشىنىڭ چېچىنى ۋە ساقىلىنى بويىشى مۇستەھەپتۇر. توغرا قاراشقا ئاساسەن، ئۇرۇش بولمىسىمۇ چاچ ۋە ساقالنى بوياشقا بولىدۇ. لېكىن قولىنى ۋە پۇتىنى بويىمايدۇ. قول ۋە پۇتنى بويىغاندا ئاياللارغا ئوخشاپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن مەكروھتۇر. توغرا قاراش شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاچ ۋە ساقىلىنى بويىمىغان. چۈنكى ئۇ ئۇنداق قىلىشقا موھتاج ئەمەس ئىدى. نېمىشقا دېگەندە، ئۇنىڭ چېچىغا ۋە ساقىلىغا كىرگەن ئاقنىڭ سانى يىگىرمە تالغا يەتمەي تۇرۇپ، ئۇ ۋاپات بولۇپ كەتكەن. بۇخارى ۋە باشقا كىتابلاردا بايان قىلىنغىنىدەك، ئۇنىڭ چېچى ۋە ساقىلىغا كىرگەن ئاق 17 تال ئىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ چېچىنى خېنە بىلەن بويىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئۇرۇش بولمىغان ۋاقىتلاردا چاچ ۋە ساقالنى قارىغا بوياش مەكروھتۇر.

غازاتقا چىققاندا چاچ ۋە ساقالنى قارىغا بوياش دۈشمەننىڭ كۆزىگە ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈش ئۈچۈندۇر. مۇنداق قىلىش پۈتۈن ئالىملارنىڭ ئىتتىپاق قارىشىدا مەدھىيىلىنىدۇ. ئەگەر ئۆزىنى ئاياللارغا چىرايلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن بويىسا، مەكروھتۇر. ئومۇمىيۈزلۈك ئالىملار ئۇنىڭغا مۇشۇنداق قارايدۇ. بەزىلەر ئۇنى مەكروھ دېمەستىن جائىز، دەپ قارىغان. ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ: «خۇددى ئايالنىڭ مەن ئۈچۈن ياسىنىشى مېنى مەمنۇن قىلغىنىدەك، مېنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياسىنىشىم ئۇنى مەمنۇن قىلىدۇ» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان[1].

ئۇستازىم مۇھەممەد ھامىد (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېگەن: ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان نەرسە شۇكى، چاچ ۋە ساقالغا كىرگەن ئاقنى بوياش مۇباھتۇر، بەلكى ئۇ سۈننەتتۇر. لېكىن پەقەتلا قارىدىن باشقا رەڭدە بوياش كېرەك. چۈنكى قارىغا بوياش مەنئى قىلىنغان. سەھىھ بۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاتىسى ئەبۇقۇھافە مەككە فەتھى بولغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىندى. ئۇنىڭ چېچى ۋە ساقىلى ئاقىرىپ كەتكەنىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇنى ئۆزگەرتىڭلار، ئەمما قارىغا بوياشتىن ساقلىنىڭلار» دېگەن.

ئۇنىڭ يەنە بىر دەلىلى شۇكى، سەھىھ بۇخارى ۋە مۇسلىمدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاچ ۋە ساقىلىنى ساغۇچ رەڭدە بويىغان. ئىبنى سەئىد ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن قىلغان رىۋايىتىدە مۇنۇلارنى زىيادە بايان قىلغان: «مەن مۇشۇ رەڭدە بوياشنى ياخشى كۆرىمەن».

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 239 ـ بەت.

ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە ۋەھبىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «بىز ئۇممۇسەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىردۇق. ئۇ بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چېچىنى ئېلىپ چىقىپ كۆرسەتتى. قارىساق ئۇ خېنە بىلەن بويالغان ئىكەن... »

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چېچى ۋە ساقىلىغا ئانچە بەك ئاق كىرىپ كەتمىگەنىدى. ئىمام تىرمىزى <ئەششەمائىل ئەلمۇھەممەدىييە> ناملىق كىتابتا يۇيۇك يېتەكچىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمەتچىسى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چېچى ۋە ساقىلىدا **14** تال ئاق چاچ بارلىقىنى ساناپ چىققانىدىم». لېكىن ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ چېچى ۋە ساقىلىدا ئاق چاچ كۆپ بولۇپ، ئۇ خېنە بىلەن بويىۋالاتتى[1].

# ئېسىل خىسلەتلەر

تىرناق ئۆسۈپ كەتسە ئۇنى ئېلىش مۇستەھەپتۇر. جۈمە كۈنى ئېلىش ئەۋزەلدۇر. لېكىن ئۆسۈپ كەتكەن تەقدىردە جۈمە كۈنىنى كۈتمەستىن ئېلىش كېرەك. ئۇ ئېسىل خىسلەتلەردىن بىرى بولۇپ، ئۇ خىسلەتلەرنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىس شەرىپ ئۆزىگە جەم قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئېسىل خىسلەتلەر مۇنۇ ئون ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ بۇرۇتنى قىرقىش، ساقالنى قويۇۋېتىش، مىسۋاك قىلىش، بۇرۇنغا سۇ ئېلىش، تىرناق ئېلىش، بارماق بوغۇملىرىنى ۋە ئۇگىلىرىنى يۇيۇش، قولتۇقنىڭ تۈكىنى يۇلۇش، ئەۋرەتنىڭ تۈكلىرىنى چۈشۈرۈش، ئىستىنجا قىلىش قاتارلىقلار». بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدىدىكى رىۋايەتچىلەردىن بىرى بولغان مۇسئەب مۇنداق دېگەن: «مەن ئونىنچىسىنى ئۇنتۇپ قالدىم. ئۇ غارغار قىلىش بولۇشى مۇمكىن».

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئېسىل خىسلەت بەشتۇر (ياكى: <ئېسىل خىسلەتتىن بەشى بار> دېگەن). خەتنە قىلىش، ئەۋرەتنىڭ تۈكىنى چۈشۈرۈش، تىرناق ئېلىش، قولتۇقنىڭ تۈكىنى يۇلۇش ۋە بۇرۇتنى قىرقىشتىن ئىبارەت»[2].

<ئەلفەتاۋا ئەلھىندىييە> ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەۋرەتنىڭ

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 271 ـ بەت.

(2) «رۇدۇدۇن ئەلا ئەباتىل» 1 ـ توم، 107 ـ بەت.

تۇكىنى كىندىكىنىڭ ئاستىدىن باشلاپ ئالىدۇ. ئەگەر تۇك چۈشۈرىدىغان مادد‌ا ئىشلەتسمۇ دۇرۇس بولىدۇ». <ئەلئەشباھ> ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «خوتۇن كىشىنىڭ ئەۋرەت تۇكىنى يۇلۇپ ئېلىشى سۈننەتتۇر»[1].

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بۇرۇتنى قىرقىش، تىرناق ئېلىش، قولتۇقنىڭ تۇكىنى يۇلۇش ۋە ئەۋرەتنىڭ تۇكىنى چۈشۈرۈش ئارىلىقىنىڭ مۇددىتىنى 40 كۈندىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكىمىز ئۈچۈن ۋاقىت بەلگىلەپ بېرىلدى»[2].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بۇرۇتنى قىسقارتىپ تۇرۇڭلار، ساقالنى قويۇۋېتىڭلار»[3].

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئىسىل خىسلەت بەشتۇر (ياكى: <ئىسىل خىسلەتتىن بەشى بار> دېيىلگەن). خەتنە قىلىش، ئەۋرەتنىڭ تۇكىنى چۈشۈرۈش، قولتۇقنىڭ تۇكىنى يۇلۇش، تىرناق ئېلىش ۋە بۇرۇتنى قىرقىشتىن ئىبارەت»[4].

بۈگۈنكى كۈندە ئىلمي تەتقىقاتلار خەتنە قىلىشنىڭ سالامەتلىككە ناھايىتى چوڭ پايدىسى بارلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. ئەنگلىيەنىڭ **BMG** ناملىق تىببىي ژورنىلى**1987** ـ يىلى ئەرنىڭ جىنسىي ئەزاسىدا بولىدىغان راك ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە بىر ماقالە ئېلان قىلغان. بۇ ماقالىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئەرنىڭ جىنسىي ئەزاسىدا بولىدىغان راك يەھۇدىيلاردا ۋە ئىسلام ئەللىرىدا ناھايىتى ئاز يۈز بېرىدۇ. چۈنكى ئۇلار بالىلىق دەۋرىدە خەتنە قىلىنىدۇ. تىببىي ئىستاتىستىكا پۈتۈن دۇنيادىكى يەھۇدىيلار ئىچىدىن جىنسىي ئەزادا بولىدىغان راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ سانىنىڭ ئارانلا توققۇز كىشىگە يېتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان.

جىنسىي ئەزادا بولىدىغان راك كېلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللاردىن بىرى بەتلىمىنىڭ يۇقۇملىنىشىدۇر. خەتنە قىلىنغاندا خەتنىلىك ئېلىپ تاشلىۋېتىلىدۇ. خەتنە قىلىنغانلاردا خەتنىلىكنىڭ تارتىشىشى يۈز بەرمەيدۇ. شۇنداقلا ئۇلاردا بەتلىمىنىڭ يوقۇملىنىشى ناھايىتى ئاز يۈز بېرىدۇ. مەلۇم

(1) سەھىھ مۇسلىم، **261** ـ ۋە **257** ـ ھەدىسلەر.

(2) «رەددۇلمۇھتار» **5** ـ توم، **261** ـ بەت.

(3) سەھىھ مۇسلىم، **258** ـ ھەدىس.

(4) سەھىھ مۇسلىم، **259** ـ ھەدىس.

بولۇشچە، خەتنىلىكنىڭ تارتىششى جىنسىي ئەزاسىنىڭ بەتلىمى بىلەن خەتنە قىلىنمىغانلارنىڭ خەتنىلىكنىڭ ئارىسىدا ئاق نەرسىلەرنىڭ يىغىلىپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدىكەن. يىغىلىپ قالغان بۇ نەرسىنىڭ راك پەيدا قىلغۇچى ئامىل ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان.

ئەنگلىيە ئۆسمۈر باللار كېسەللىكلىرى ئاكادېمىيىسى ئېلان قىلغان بىر باياناتتا خەتنە قىلىش جىنسىي ئەزا راكىدىن ساقلىنىشنىڭ بىردىن بىر ھەل قىلغۇچ ۋاستىسى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

ئامېرىكىنىڭ <ئۆسمۈر باللار كېسەللىكلىرى> ژورنىلى مۇسۇلمانلار ۋە يەھۇدىيلارنىڭ خەتنە قىلىشقا ئىزچىل ئەگىششنى بەلگىلەپ بەرگەن دىنىي ئامىللىرى ئۆلارنى بۇ ئىسىل خىسلەتكە ئەمەل قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشتە ئاساسلىق رول ئوينايدىغان ئامىل ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

سەھىھ بۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىمدا ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام **80** ياشقا كىرگەندە پالتا بىلەن خەتنە قىلىنغان ئىكەن»[1].

ئىمام شافىئى ۋە ئۇنىڭ كۆپ ساندىكى ئەگەشكۈچىلىرى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىسىل خىسلەتلەر ئىچىدىن پەقەت خەتنە قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئىلگىرى ئۆتكەن ئالىملاردىنمۇ ئەتا مۇشۇ قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن. ھەتتا ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر چوڭ ئادەم ئىسلام دىنىغا كىرسە، تاكى خەتنە قىلىنمىغىچە ئۇنىڭ ئىسلامى تولۇقلانمايدۇ».

ئىمام ئەھمەد ۋە مالىكى مەزھەپىنىڭ بەزى ئالىملىرىنىڭمۇ: «خەتنە قىلىش پەرزدۇر» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ: «خەتنە قىلىش پەرز ئەمەس، بەلكى ۋاجىپتۇر» دېگەنلىكى، ئۇنىڭ يەنە: «ئۇ سۈننەتتۇر» دېگەنلىكى، ئۇنىڭ يەنە: «ئۇ سۈننەتتۇر، ئۇنى تەرك ئەتكەن كىشى گۇناھكار بولىدۇ» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر ھەدىستىكى: «قولتۇقنىڭ تۈكىنى يۇلۇش» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، يەنە بىر رىۋايەتتە: «قولتۇقلارنىڭ» دەپ، كۆپلۈك سۆز قۇرۇلمىسى بىلەن بايان قىلىنغان. قولتۇقنىڭ تۈكىنى يۇلۇشتا ئوڭ تەرەپتىن باشلاش مۇستەھەپتۇر. ئەسلى سۈننەت چۈشۈرۈش بىلەنمۇ، (بولۇپمۇ

(1) سەھىھ بۇخارى، **5889** ـ ھەدىس.

(2) مۇئەللىپىنىڭ «**40** ئىلمىي ماقالە» ناملىق كىتابى، **92** ـ بەت.

يۇلۇشتا قىينىلىدىغان كىشىنىڭ) ئادا بولىدۇ[1].

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «40 كۈننى تىلغا ئېلىش ئەڭ ئۇزۇن مۇددەتنى بەلگىلەش ئۈچۈندۇر. شۇڭا ھەر جۈمە كۈنى بىر قېتىم تەكشۈرۈشنىڭ ھېچ توسالغۇسى يوق. بۇنىڭدا ئۆلچەملىك بولغان پرىنسىپ ئېھتىياجدۇر». ئىمام نەۋەۋىيمۇ مۇنداق دېگەن: «ئەڭ ياخشىسى، ئېھتىياجغا قارىتا ئىدارە قىلىش لازىم».

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇرۇتنى قىرقىشقا كەلسەك، تاماق يېگۈچىگە توسالغۇ بولماسلىقى ۋە ئۇنىڭدا كىر تۇتۇۋالماسلىقى ئۈچۈن كالپۇكتىن ئۇزۇراپ كەتكەن قىسمىنى ئېلىۋېتىش كېرەك. مەزكۇر قىرقىش ئىمام مالىكنىڭ قارىشىدا بۇرۇتنى تۈۋىگىچە ئېلىۋېتىشنى ئەمەس، قىسقارتىپ تۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. كۇفىلىكلەر (يەنى ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ ئالىملىرى): ‹ئۇ بۇرۇتنى تۈۋىگىچە ئېلىۋېتىشنى كۆرسىتىدۇ› دەپ قارىغان. بەزى ئالىملار بۇ ھەقتە توختىلىپ، قايسىسىنىلا قىلسا بولىۋېرىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن».

ئىمام بۇخارى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنۇلارنى زىيادە بايان قىلغان: «مۇشرىكلارغا خىلاپ ئىش قىلىڭلار، ساقالنى تولۇق قويۇڭلار، بۇرۇتنى قىسقارتىپ تۇرۇڭلار». ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ھەج ۋە ئۆمرە قىلسا، ساقىلىنى تۇتاملاپ بېقىپ، ئارتۇقىنى ئېلىۋېتەتتى[2].

ئىمام تەبەرى مۇنداق دېگەن: «بەزى ئالىملار مەزكۇر ھەدىسنىڭ زاھىرىي مەنىسىنى تۇتقا قىلىپ، ساقالنىڭ ئۇزۇن قىسمى ۋە توغرا قىسمىدىن بىرەر نەرسىنى ئېلىۋېتىشنى مەكرۇھ، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر: ‹تۇتامدىن ئېشىپ كەتسە، ئارتۇقى ئېلىۋېتىلىدۇ› دەيدۇ». ئاندىن ئىمام تەبەرى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭمۇ بىر ئادەمگە شۇنداق قىلغۇزغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان. ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىنمۇ ئۇنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان...

ئىمام تەبەرى بۇلارنى رىۋايەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن ساقالدىن قانچىلىك ئېلىنىدىغانلىقى، ئۇنىڭ چېكى بار ياكى يوقلىقى ھەققىدىكى ئىختىلاپنى بايان قىلىپ، بىر قىسىم ئالىملارنىڭ: «ساقالدىن تۇتامغا ئارتۇق كەلگىنىنى ئېلىش دۇرۇس» دەپ قارايدىغانلىقىنى، ھەسەن بەسرىنىڭ: «ساقالنى بەك ئېلىۋەتمەستىن،

(1) «فەتھۇلبارى» 10 ـ توم، 340 ـ بەت.

(2) «فەتھۇلبارى» 10 ـ توم، 344 ـ بەت.

ئۆزۈنىسىدىن ۋە توغرىسىدىن ئېلىشقا بولىدۇ» دەپ قارايدىغانلىقىنى، ئەتانىڭمۇ شۇنداق قارايدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان ۋە مۇنداق دېگەن: «ئۇ ئالىملار ساقال ئېلىش چەكلىمىسىنى ئەرەب ئەمەس خەلقلەر ئالغاندەك بەك ئېلىۋېتىشكە قاراتقان (يەنى ئۇلار قىسقارتقاندەك بەك قىسراقتىۋېتىشكە بولمايدۇ، دەپ چۈشەندۈرگەن)»[1].

ساقالنى تۈتاملاش سۈننەتتۇر. يەنى ئەر كىشى ساقىلىنى تۈتاملاپ، تۈتامدىن ئارتۇق كەلگىنىنى قىرقىۋەتسە بولىدۇ. ئىمام مۇھەممەد <كىتابۇلئاسار> ناملىق كىتابىدا ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ بۇ ھەقتە شۇنداق قارىغانلىقىنى بايان قىلغان ۋە: «مۇشۇ قاراشنى تۇتقا قىلىمىز» دېگەن.

ئىمام تەبەرانى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: «كىشى ساقىلىنى ياساپ تۇرسا، بەختلىك بولغان بولىدۇ». كىشىلەر ئارىسىدا ساقالنىڭ ئۇزۇن بولۇشى ئەقلىنىڭ كەملىكىگە دەلىلدۇر، دېگەن قاراش كەڭ تارقاپ كەتكەن[2].

<ئەددۇررۇلمۇختار> ناملىق كىتابتا: «ئەر كىشىنىڭ ساقال ئېلىشى ھارامدۇر» دېيىلگەن.

## خوتۇن كىشىنىڭ ئۆزى يالغۇز سەپەر قىلىشىنىڭ ھاراملىقى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «خوتۇن كىشى مەھرەمسىز ئۈچ كۈنلۈك سەپەرگە چىقمايدۇ».

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «اللە غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان خوتۇن كىشىنىڭ ئۆزى بىلەن بىرگە مەھرەم بولماستىن بىر كېچە - كۈندۈزلۈك سەپەرگە چىقىشى ھالال ئەمەس»[3].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇتبە ئوقۇۋېتىپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

(1) سەھىھ بۇخارى، 5892 ـ ھەدىس.

(2) «فەتھۇلبارى» 10 ـ توم، 350 ـ بەت.

(3) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 261 ـ بەت.

«خوتۇن كىشى مەھرەمسىز سەپەرگە چىقمايدۇ»[1]. ئەبۇسەئىدتىن قىلىنغان رىۋايەتنىڭ لەۋزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «اللہ غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان خوتۇن كىشىنىڭ ئۆزى بىلەن بىرگە ئاتىسى ياكى ئېرى ياكى ئوغلى ياكى قېرىندىشى ۋەياكى بىرەر مەھرىمى بولماستىن ئۈچ كۈنلۈك ۋە ئۈچ كۈنلۈكتىن ئۇزۇن مۇددەتتىكى سەپەرگە چىقىشى ھالال ئەمەس»[2].

بۇ ھەدىسلەر بۇ مەسىلىدە ئوچۇق دەلىلدۇر. ئىمام ئەبۇھەنىفە مۇشۇ ھەدىسلەرنى تۇتقۇ قىلغان. ئىبنى ئابباسنىڭ ھەدىسىدىكى مۇتلەق سەپەرنى، بىز يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ۋە باشقىلاردىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەردىكى مەزمۇن بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، شەرئى سەپەرگە قاراتقان. لېكىن كۆپ ساندىكى ئالىملار ئۇنى خوتۇن كىشىنىڭ بىر ـ كېچە كۈندۈزلۈك ياكى ئىككى كېچە ـ كۈندۈزلۈك ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك مەساپىگە سەپەر قىلىشىدىن مەنئى قىلىنغانلىق ھەققىدە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ سەپەرنىڭ لۇغەت مەنىسىگە قاراتقان.

ئىمام ئەبۇھەنىفە مۇنداق دەلىل كەلتۈرگەن: «شەرئى سەپەردىن تۆۋەن سەپەر پۈتۈن ھۆكۈملەردە ئۆيىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. مەسىلەن، نامازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇشىنىڭ دۇرۇس بولماسلىقى ۋە سەپەر ئۈستىدە ئەمەس بەلكى ۋەتىنىدە پۇل ـ مېلى بار مۇساپىرنىڭ باي كىشىدىن زاكات ئېلىشىنىڭ دۇرۇس بولماسلىقى قاتارلىقلارغا ئوخشاش. خوتۇن كىشىنىڭ ئۆز ئۆيىدە مەھرەمسىز تۇرۇشى دۇرۇس بولغىنىدەك، شەرئى سەپەردىن ئاز مۇددەتلىك يولنى مەھرەمسىز بېسىشى دۇرۇس بولىدۇ. ئەمما سەپەر مۇددىتىنىڭ ھۆكمى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. چۈنكى سەپەر بىلەن ھۆكۈملەر ئۆزگىرىدۇ ۋە بۇ مەساپىگە (يەنى شەرئى سەپەر مەساپىسىگە) سەپەر قىلغان كىشى يالغۇز، ئۆيىدىن چىققۇچى، ياردەمچىلىرىدىن، ھەمراھلىرىدىن ۋە دوستلىرىدىن يىراقلاشقۇچى، جاپا ـ مۇشەققەتكە دۇچ كەلگۈچى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا خوتۇن كىشىنىڭ يالغۇز، ئۆزىنى ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەردىن يىراق بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ بۇ مەساپىدە ئۇ دۇچ كەلگەن خىيىم ـ خەتەرلەردىن ئۇنى قوغدايدىغان كىشى بولمىغان ئەھۋالدا سەپەر قىلىشى ئۈچۈن رۇخسەت قىلىنمايدۇ»[3].

ئىبنى ھەجەر (اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام ئەبۇھەنىفە ئۇنى خوتۇن كىشىنىڭ مەھرەمسىز سەپەر قىلىشىنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىگە دەلىل

(1) سەھىھ بۇخارى، 1086 ـ ۋە 1088 ـ ھەدىسلەر.

(2) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

(3) ئىمام بۇخارى ۋە نەسائىدىن باشقا ھەدىسشۇناسلار رىۋايەت قىلغان.

قىلدى. بۇ، ھەج ۋە ئۆمرە قىلىش ھەمدە شېرىك يۇرتىدىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن قىلىنغان سەپەرلەردىن باشقا سەپەردە بىرلىككە كەلگەن مەسىلىدۇر. بەزىلەر ھەج قىلىش ئۈچۈنمۇ ئاشۇ شەرتلەرنى شەرت قىلغان»[1].

ئۇ سەپەرنىڭ مەساپىسى ئۈچ كېچە - كۈندۈزدۇر. بىز يۇقىرىدا مەساپىرنىڭ نامىزى ھەققىدە توختالغاندا نامازنى قەسىر قىلىش مەساپىسىنىڭ تەخمىنەن 89 كىلومېتىرغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلغانىدۇق. خوتۇن كىشى ئېھتىياج چۈشۈپ قالغاندا مۇشۇ مەساپىدىن ئاز يولغا مەھرەمسىز سەپەر قىلسا بولىدۇ.

ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئەبۇيۇسۇفنىڭ: «خوتۇن كىشىنىڭ ئۆزى يالغۇز بىر كۈنلۈك سەپەرگە چىقىشى يەنى تەخمىنەن 30 كىلومېتىر يولغا سەپەر قىلىشى مەكروھتۇر. ئۇ پەقەت مەھرەم بىلەن سەپەر قىلىشى كېرەك» دەپ قارايدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

ھازىر زامان بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن مۇشۇ پەتىۋا بېرىلىشى كېرەك. بۇ قاراشنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىس كۈچلەندۈرىدۇ: «اللہ غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان خوتۇن كىشىنىڭ بىر كېچە - كۈندۈزلۈك مەساپىگە سەپەر قىلىشى ھالال بولمايدۇ. پەقەت ئۆزى بىلەن بىرگە مەھرىمى بولۇشى كېرەك». ئىمام مۇسلىمنىڭ لەۋزىدە: «بىر كېچىلىك مەساپىگە» دېيىلگەن. يەنە بىر لەۋزىدە: «بىر كۈنلۈك» دېيىلگەن[2].

مەھرەمنىڭ بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى - ھوشى جايىدا كىشى بولۇشى، ئوتپەرەس ۋە پاسىق بولماسلىقى شەرت قىلىنىدۇ. چۈنكى پاسىق ھاياسىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئايالغا پەرۋا قىلمايدۇ. ئوتپەرەس ۋە پاسىق ئۇ ئايالنى ياخشى ھىمايە قىلمايدۇ. نېمىشقا دېگەندە، ئوتپەرەسلەردە مەھرىمى بىلەن نىكاھلىنىش دۇرۇس دەيدىغان ئېتىقاد بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئايالغا ئۆزى چېقىلىپ قويۇش خەۋپى بار. پاسىقمۇ ۋىجدانسىز بولغاچقا، ئەنە شۇنداق خەۋپمۇ مەۋجۇتتۇر.

زامانىمىزدا بۇزۇقچىلىقنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، يۇقىرىدا خوتۇن كىشىنىڭ ئېمىلداش قېرىندىشى بىلەن خالىي قالماسلىق كېرەكلىكىنى بايان قىلغانىدۇق. شۇڭا ئۇ ئېمىلداش قېرىندىشى بىلەن سەپەر قىلسىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى سەپەر خىلۋەتتە قېلىشقا ئوخشايدۇ. بالاغەتكە يېتەي دەپ قالغان كىشى سەپەر قىلىشىنىڭ دۇرۇس بولۇشىدا بالاغەتكە يەتكەن كىشىگە ئوخشاشتۇر[3].

(1) «ئىنئاۋسسۇئەن» 17 - توم، 390 - بەت.

(2) «فەتھۇلبارى» 2 - توم، 568 - بەت.

(3) «رەددۇلمۇھتار» 2 - توم، 146 - بەت.

# خوتۇن كىشىنىڭ بۇزۇقچىلىقتىن خاتىرجەم بولغان ئەھۋال ئاستىدا يات ئەرلەرنىڭ ئالدىدا يۈزىنى ۋە ئىككى قولىنى ئېچىشىنىڭ دۇرۇسلۇقى

خالىد ئىبنى دەرىكتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: ئەبۇبەكرىنىڭ قىزى ئەسما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۇستىدە شامدا توقۇلغان نېپىز رەختتىن تىكىلگەن كىيىم بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئۆرۈپ، ئاندىن مۇنداق دېدى: «ئى ئەسما! بۇ نېمە قىلىق؟ شەك - شۈبھىسىزكى، خوتۇن كىشى ھەيز يېشىغا يەتسە، ئۇنىڭ بۇ ۋە بۇنىڭدىن باشقا ئەزالىرىنىڭ كۆرۈنۈشى توغرا ئەمەس». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق دەپ يۈزىنى ۋە ئىككى قولىنى كۆرسەتتى. بۇ ھەدىسنى ئىمام بەيھەقى رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئەبۇ داۋۇد: «بۇ، ئارىلىقتا ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بىرى چۈشۈپ قالغان ھەدىستۇر» دەيدۇ. مەن بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىمەن: «ھەنەفىي مەزھەپىدە ئۇنداق ھەدىسمۇ دەلىلدۇر. بولۇپمۇ ساھابىلارنىڭ سۆزلىرى بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەندە تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ».

سەئىد ئىبنى جۇبەيردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن»[1] دېگەن ئايەت قول ۋە يۈزنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى ئىمام بەيھەقى رىۋايەت قىلغان.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «تاشقى زىننەتلىرى يۈز ۋە ئىككى قولنى كۆرسىتىدۇ». ئىمام بەيھەقى رىۋايەت قىلغان. ئىمام بەيھەقى <سۇنەن> ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن قىلىنغان رىۋايەتكە ئوخشاش رىۋايەتنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىنمۇ رىۋايەت قىلدۇق. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭمۇ: <تاشقى زىننەت يۈز ۋە ئىككى قولدىن ئىبارەتتۇر> دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇق. ئۇنىڭ مەنىسىنى ئەتا ئىبنى رەباھ ۋە سەئىد ئىبنى جۇبەيردىنمۇ رىۋايەت قىلدۇق. ئەۋزائىنىڭ قارىشىمۇ شۇنداقتۇر. لېكىن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ رىۋايىتىنىڭ سەنەدىنى تاپالمىدىم. ئەمما ئەتا ۋە باشقىلاردىن قىلىنغان رىۋايەت بولسا، ئىمام تەبەرىنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىنغان».

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر بۇ ئەسەرلەرنى خوتۇن كىشىنىڭ يۈزى ۋە قولىغا

(1) «رەددۇلمۇھتار» 2 - توم، 146 - بەت.

قاراشنىڭ دۇرۇسلۇقىغا دەلىل قىلغان. چۈنكى مەزكۇر ئەسەرلەر خوتۇن كىشى ئۈچۈن بۇ ئەزالارنى ئېچىشنىڭ دۇرۇسلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇ ئەزالارنى ئېچىشى دۇرۇس بولغانىكەن، ئەرلەرنىڭ ئۇنىڭغا قارىشىمۇ دۇرۇس بولىدۇ... پەقەت بۇزۇقچىلىق كېلىپ چىقىش خەۋپى بولغاندا قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى اﷲ تائالا مۇنداق دېگەن: «مۆمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن»[1]، «مۆمىنەلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالاممۇ مۇنداق دېگەن: «ئىككى كۆزمۇ زىنا قىلىدۇ». خوتۇن كىشىنىڭ يۈزىگە ۋە ئىككى قولىغا پەقەت قازى، گۇۋاھچى ۋە تەلەپ قويغۇچى (يەنى ئۆيلىنىشنى تەلەپ قىلغۇچى) قاتارلىق كىشىلەرنىڭ بۇزۇقچىلىقتىن خاتىرجەم بولغان ئەھۋال ئاستىدا قارىشى مۇباھتۇر[3].

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: لېكىن بىزنىڭ هازىرقى زامانىمىزدا بۇزۇقچىلىقنىڭ سادىر بولۇشى تۇرغانلا گەپ. شۇنىڭ ئۈچۈن خوتۇن كىشى يۈز بېرىشى ئېنىق بولغان بۇزۇقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى كۆزدە تۇتۇپ، يۈزىنى ۋە ئىككى قولىنى ئاچماسلىقى كېرەك، دەپ قارىلىشى لازىم. توغرىسىنى اﷲ تائالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

# ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا، ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشىۋېلىشىنىڭ هارام قىلىنغانلىقى

ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا، ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشىۋېلىشى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە يېتىپ كەلگەن ئەڭ ئېغىر ئاپەتلەرنىڭ بىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭ هارام قىلىنغانلىقىنى قاتتىق تەكىتلىگەن. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئەرلەر ئىچىدىن ئاياللارغا ئوخشىۋالغۇچىلارغا، ئاياللار ئىچىدىن ئەرلەرگە ئوخشىۋالغۇچىلارغا لەنەت قىلدى»[4].

ئىمام تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ مەنىسى ئەرلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەك كىيىشتە ۋە ئاياللارغا خاس زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاشتا ئاياللارغا ئوخشىۋېلىشى،

(1) سۈرە نۇر، **31** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) سۈرە نۇر، **30** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) سۈرە نۇر، **31** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(4) «ئىئلائۇسسۇنەن» **17** ـ توم، **376** ـ بەت.

ئاياللارنىڭمۇ ئەكسىچە قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ».

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: گەپ ـ سۆز ۋە مېڭىش ـ تۇرۇشتىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئەمما كىيىم ـ كېچەك مودىسى ھەر يۇرتنىڭ ئادىتىنىڭ پەرقلىق بولۇشىغا ئەگىشىپ پەرقلىق بولىدۇ. ئاياللىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەك كىيىش مودىسى ئەرلىرىنىڭ مودىسىدىن پەرقلەنمەيدىغان مىللەتمۇ بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئاياللار پەردىلىنىشتە ئەرلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

گەپ ـ سۆز ۋە مېڭىش ـ تۇرۇشتا ئوخشىۋېلىشنى ئەيىبلەشكە كەلسەك، ئۇ قەستەن شۇنداق قىلغان كىشىلەرگە خاستۇر.

كىيىم كىيىش مودىسى ئەسلىدىنلا شۇنداق كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلار ئۇنى تاشلاشقا، تاشلاشنى تەدرىجى داۋام قىلدۇرۇشقا بۇيرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇنداق قىلماي، ئۆزلىرىنىڭ ئادىتىدە چىڭ تۇرسا، ئەيىبلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ شۇ مودىغا رازى ئىكەنلىكى ئايدىڭلاشسا شۇنداق بولىدۇ.

ئىبنى تىين مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىستىكى لەنەت بولسا ئەرلەردىن كىيىم ـ كېچەك مودىسىدا ئاياللارغا ئوخشىۋالغانلارغا، شۇنداقلا ئاياللاردىن ئەرلەرگە ئوخشىۋالغانلارغا قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما ئەرلەردىن ئاياللارغا جىنسىي مۇناسىۋەت جەھەتتە ئوخشىۋالغۇچىلارغا (يەنى قىلىنغۇچى بولىۋالغانلارغا)، ئاياللار ئىچىدىن باشقا ئاياللارغا ئەركەكزەدەكلىك قىلغۇچىلارغا (يەنى باشقا ئاياللار بىلەن ئەرلەرگە ئوخشاش جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگۈچىلەرگە) كەلسەك، بۇ ئىككى تۈرلۈك كىشىلەر باشقىلار دۇچار بولمىغان قاتتىق ئەيىبلەش ۋە جازالاشقا دۇچار بولىدۇ»[1].

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر: «ئىگەر ئۇستىگە مىنگۈچى ئاياللارغا الله لەنەت قىلىدۇ» دېگەن ھەدىس بولغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمان ئايال ئىگەر ئۇستىگە مىنسە بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. بەزىلەر بۇ ھەدىسنىڭ مۇشۇ لەۋزى بىلەن كېلىش مەنبەسىنىڭ ئەسلى يوق ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. لېكىن ئۇنىڭ مەنىسى سەھىھ بۇخارى ۋە باشقا ھەدىس كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ھەدىستە ئىسپاتلانغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرلەردىن ئاياللارغا ئوخشىۋالغۇچىلارغا ۋە ئاياللاردىن ئەرلەرگە ئوخشىۋالغۇچىلارغا لەنەت قىلغان.

ئىمام تەبەرى رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن ئوقيا ئېسىۋالغان ھالدا ئۆتكەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

(1) سەھىھ بۇخارى، 5885 ـ ھەدىس.

«ئەرلەردىن ئاياللارغا ئوخشىۋالغۇچىلارغا ۋە ئاياللاردىن ئەرلەرگە ئوخشىۋالغۇچىلارغا الله لەنەت قىلىدۇ».

مۇنداق ئوخشىۋېلىش ئويۇن ـ تاماشا ئۈچۈن بولسا، هارام بولىدۇ. ئەمما غازات ئېهتىياجى ئۈچۈن بولسا، دۇرۇس بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئايالنىڭ پۈركەنجىلىك بولۇشى، ئېرى ياكى مەهرىمى بىرگە بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. دىنىي ياكى دۇنياۋى مەقسەت ئۈچۈن سەپەر قىلسىمۇ، ئۇ ئايال ئۈچۈن يۇقىرىدىكىلەردىن بىرى چوقۇم بولۇشى كېرەك. تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن سەپەر قىلغاندىمۇ ئوقيا ئېسىۋالسا هېچ يامىنى يوق[1].

<ئەلهەدىييە ئەلئەلائىييە> ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «خوتۇن كىشىنىڭ ئەر كىشىگە، ئەر كىشىنىڭ خوتۇن كىشىگە كىيىم ـ كېچەك، مېڭىش ـ تۇرۇش ۋە گەپ ـ سۆزلەردە ئوخشىۋېلىشى هارام بولغانىكەن، بۇ زامانىنىڭ بەزى نائەهلىلىرىنىڭ بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان، ئاياللارنىڭ چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىپ ۋە ئۇلارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاپ چىرايلىق ياسىنىۋالغان، خوتۇن كىشىدەك ناز قىلىشلىرى ۋە ئەركىلەشلىرى، كىشىلەرنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىغا يوشۇرۇنغان يامان غەرەزلىرىنى هەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان ۋە شەهۋەتنى قوزغايدىغان ئۇسۇللىرى بىلەن ئاياللارغا ئوخشىۋالغان چىرايلىق يىگىتلەر بىلەن جەم بولۇشلىرىدەك قىلمىشلىرىغا نېمە دېگۈلۈك؟ بولۇپمۇ داپ ـ دۇمباق ۋە نەغمە ـ ناۋالار ئۇلارنىڭ يامان غەرەزلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. ئۇلار چاچلىرىغا ئاياللارنىڭ چاچلىرىنى ئۇلايدۇ. ئەڭ قىممەت باهالىق مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئەڭ رەزىل ئىشلارغا ئىشلىتىدۇ. مۇنداق ئادەملەر بىلەن بىرگە بولۇش هەمدە ئۇلارنىڭ شۇ قىلمىشلىرىغا كۆز يۇمۇشنىڭ ئۆزىمۇ هارامدۇر. شۇڭا هەر ئىككىلى تەرەپتىن يەنە بىر تەرەپكە ئوخشىۋالغۇچى لەنەتكە ئۇچرىغۇچىدۇر».

خوتۇن كىشىنىڭ ئىككى قولىغا خېنە ياقماسلىقى مەكروهتۇر. چۈنكى ئۇ قولىنى ئەرلەرنىڭ قولىغا ئوخشىتىپ قويىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇتبىنىڭ قىزى هىندىنىڭ قولىنى سەبۇئىنىڭ قولىغا ئوخشاتقانىدى.

خوتۇن كىشىگە خەت يېزىشنى ئۆگىتىش مەكروه ئەمەس. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام هەفسىنىڭ يېنىغا كىرگەن شىفا ئىسىملىك بىر ئايالغا: «سىز بۇنىڭغا (يەنى هەفسىگە) خەت يېزىشنى ئۆگىتىپ قويغىنىڭىزدەك، چۇمۇلىگە دەم سېلىشنىمۇ ئۆگىتىپ قويامسىز؟» دېگەن. بەزى ئالىملار: «بۇ چاقچاق قىلىپ ئېيتىلغان سۆزدۇر. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ چاقچاقلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ بۇ سۆزى بىلەن هەفسىنى ئەيىبلىمەكچى بولغان. چۈنكى هەفسە پەيغەمبەر

(1) «فەتهۇلبارى» 10 ـ توم، 333 ـ بەت.

ئەلەيھىسسالام ئېيتىپ بەرگەن بىر سىرنى ئاشكارىلىۋەتكەنىدى » دېگەن. بۇنى ئىبنى ئەسىر <ئەننىھايە في غەرىيبىل ھەدىس> ناملىق كىتابىدا بايان قىلغان.

شىفا ھىجرەتتىن ئىلگىرى مۇسۇلمان بولغان. كېيىن تۇنجى ھىجرەت قىلغۇچى ئاياللار بىلەن ھىجرەت قىلغانىدى. ئۇ ئەقىللىق ۋە پەزىلەتلىك ئايال ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى زىيارەت قىلىپ تۇراتتى. كۈندۈزلۈك ئۇيقۇسىنى ئۇنىڭ ئۆيىدە ئۇخلىۋالاتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۇنى چوڭ كۆرەتتى ۋە ئۇنىڭ پىكرىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قوياتتى. بەزىلەر: « ئۇنىڭ ئىسمى لەيلا ئىدى. شىفا ئۇنىڭ لەقىمىدۇر » دېگەن. شىفا رەزىيەللاھۇ ئەنھا 12 ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

بەزى ئالىملار مۇنداق دەپ قارايدۇ: « خوتۇن كىشىنىڭ كۈمۈش ئۈزۈك سېلىشى مەكروھتۇر. چۈنكى كۈمۈش ئۈزۈك ئەرلەرنىڭ مودىسىدۇر. ئەگەر خوتۇن كىشى كۈمۈش ئۈزۈكتىن باشقىنى تاپالمىسا، ئۇنى زەپىران ۋە شۇنىڭدەك نەرسە بىلەن بوياپ ئاندىن سالىدۇ »[1].

ئەر كىشىنىڭ خوتۇن كىشىدەك ئۇسۇلدا پارانگلىشىشى مەكروھتۇر. چۈنكى ئۇ ئاياللارغا ئوخشاپ قالغانلىق بولىدۇ[2].

# بەچچىدانىنىڭ پاكلىقىنى ئېنىقلاش ۋە مەنىنى سىرتىغا تۆكۈش

بىرەر دېدەككە ئىگە بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەكچى بولغاندا، ئۇنىڭ ھامىلدار ئەمەسلىكىنى بىلىش ئۈچۈن (ھەتتا ئۇ دېدەك بىر قېتىم ھەيز كۆرگەنگە قەدەر ئۇنىڭغا يېقىنلاشماي ئۇنىڭ) بەچچىدانىنىڭ پاكلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىش لازىم. بۇنىڭ ھېكمىتى نەسەبنىڭ ساپلىقىنى قوغداشتىن ئىبارەتتۇر.

مۇنداق قىلىش ۋاجىپ بولۇپ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەۋتاس غازىتى ئولجىلىرى ھەققىدە سۆزلىگەن مۇنۇ سۆزى بىلەن يولغا قويغان: « ھامىلدار ئولجىلار بىلەن تاكى ئۇلار تۇغقانغا قەدەر، ھامىلدار ئەمەس ئولجىلار بىلەن تاكى ئۇلار ھەيز كۆرۈپ بەچچىدانلىرىنىڭ پاكلىقى ئېنىقلانغانغا قەدەر جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە بولمايدۇ »[3]. بۇ ئاممىباب ھۆكۈمدۇر. چۈنكى ئولجىغا چۈشكەن ئاياللار قىزلاردىن ۋە

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 271 ـ بەت.

(2) «ئەلھەدىييە ئەلئەلائىييە» 237 ـ بەت.

(3) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 274 ـ بەت.

باشقىلاردىن خالىي ئەمەس[1].

ئەبۇدەرداء رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فۇستاتىنىڭ ئۆيىدە ئاي كۈنى يېقىنلىشىپ قالغان بىر ئايالنى كۆرۈپ: «فۇستات ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەكچى بولۇۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟» دېدى. ساھابىلار: شۇنداق دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ئۇنىڭ قەبرىسىگىچە بىللە كىرىدىغان لەنەت ئېيتىشنى نىيەت قىلدىمكى، مىراسخور قىلىپ قالدۇرىشى ھالال بولمايدىغان بىر بالىنى ئۆزىگە قانداقمۇ مىراسخور قىلىدۇ؟ ئۇ بالا ئۇنىڭغا ھالال بولمايدىغان تۇرسا، ئۇ ئۇنى قانداقمۇ خىزمەتكە سالىدۇ؟» دېدى[2].

بۇ ھەدىس شۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇكى، ئەگەر ئۇ ئەر ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە، بالىنى ئۆزىنىڭ قىلغان بولىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا مىراس قالدۇرىدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭ ئۇنىڭغا مىراس قالدۇرۇشى ھالال ئەمەس. چۈنكى ئۇ بالا ئۇنىڭ پۇشتىدىن بولمىغان. ئۇنىڭ ئۇ بالىنى مىراسخور قىلىپ، باشقا مىراسخورلارنىڭ ھەسسىسىنى كېمەيتىۋېتىشى ھالال ئەمەس.

ئەگەر بىراۋ بىرەر دېدەككە قايسى بىر خىل تۇردىكى ئىگىدارچىلىق قىلىشتىن قەتئىينەزەر مەيلى ئۇنى سېتىۋالسۇن ياكى مىراس ئالسۇن ۋەياكى ئولجا ئالسۇن، ئۇ ھەيز كۆرىدىغان ئايال بولغان تەقدىردە ھەيز كۆرۈپ، كىچىكلىكتىن ياكى ھەيز يېشىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكتىن ھەيز كۆرمەيدىغان ۋەياكى ھەيزى توختىغان ئايال بولغان تەقدىردە تولۇق بىر ئاينى ئۆتكۈزۈپ، بەچچىدانىنىڭ پاكلىقىنى ئىسپاتلىغانغا قەدەر ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى ياكى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىن ھەر قانداق بىرىنى قىلىش ھارام بولىدۇ.

ئەگەر ئۇ دېدەك بىر ئاي جەريانىدا ھەيز كۆرۈپ قالسا، ئۇنىڭ بەچچىدانىنىڭ پاكلىقىنى ئاينىڭ قالغان كۈنىنى ساناش ئارقىلىق ئېنىقلاش بىكار قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ دېدەك ھەيز كۆرىدىغان ئايال بولۇپ، ئۇنىڭ ھەيزى پاكلىق مۇددىتىگە سوزۇلۇپ كەتسە، ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشىدا ئۇ دېدەك ئىككى ئاي بەش كۈننى توشقۇزۇش ئارقىلىق بەچچىدانىنىڭ پاكلىقىنى ئېنىقلايدۇ. پەتىۋا مۇشۇ قاراشقا ئاساسەن بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۇ دېدەك بىلەن ئۇنىڭ بەچچىدانىنىڭ پاكلىقىنى ئېنىقلاشتىن ئىلگىرى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە، گۇناھكار بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بەچچىدانىنىڭ پاكلىقىنى ئېنىقلاش كەتمەيدۇ[3].

(1) ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 240 ـ بەت.

(3) سەھىھ مۇسلىم، 1441 ـ ھەدىس.

بەچچىدانىنىڭ پاكلىقىنى ئېنىقلاشنىڭ يەنە نۇرغۇن تەپسىلىي ھۆكۈملىرى بولۇپ، ھازىرقى دەۋرىمىزدە ئۇنىڭغا ئېھتىياج بولمىغانلىقى ئۈچۈن مەن ئۇنى بايان قىلماي ئۆتۈپ كەتتىم.

ئەمما مەنىنى سىرتىغا تۆكۈشكە كەلسەك، ئەرنىڭ ئۆز مەنىيسىنىڭ خوتۇنىنىڭ بەچچىدانىغا كىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش «مەنىنى سىرتىغا تۆكۈش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ھامىلدار بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. بۇ يولغا قويۇلغان ئىش بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلىشقا رۇخسەت قىلغان.

ئەبۇسەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە شۇنداق دېيىلىدۇكى، ئەبۇسەرمە ئىسىملىك بىر ئادەم ئۇنىڭغا: ئى ئەبۇسەئىد! سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مەنىنى سىرتقا  تۆكۈش ھەققىدە بىر نەرسە دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ دېدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ھەئە، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە بەنى مۇستەلىق غازىتىغا چىققاندۇق. ئۇرۇشتا ئەرەبلەرنىڭ چىرايلىق ئاياللىرىنى ئولجا ئالدۇق. خوتۇنلىرىمىزدىن ئايرىلىپ كەتكىلى خېلى ئۇزۇن بولۇپ قالغاندى. لېكىن بىز ئولجىغا ئېلىنغان ئاياللار ئۈچۈن فىدىيە ئېلىشنى خالايتتۇق[1]. شۇڭا ئۇلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى، بىراق مەنىنى سىرتقا تۆكۈشنى نىيەت قىلدۇق. لېكىن بىز: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارىمىزدا تۇرسا ئۇنىڭدىن سورىماستىن شۇنداق قىلساق بولامدۇ؟ دېيىشتۇق. كېيىن ئۇنىڭدىن بۇ ھەقتە سورىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «مەنىنى سىرتقا تۆكمىسەڭلەرمۇ سىلەرگە ھېچ زىيىنى يوق. اللہ قىيامەت كۈنىگىچە يارىتىشنى پۈتۈۋەتكەن ھەرقانداق بىر جان چوقۇم بولماي قالمايدۇ»[2].

بۇ ھەدىس مۇنداق مەنىنى ئىپادىلەيدۇ: مەنىنى سىرتقا تۆكمەسلىكىڭلەرنىڭ سىلەرگە ھېچ زىيىنى يوق. چۈنكى اللہ يارىتىشنى تەقدىر قىلغان ھەرقانداق جاننى چوقۇم ياراتماي قويمايدۇ. شۇڭا سىلەرنىڭ ئۇنداق قىلغىنىڭلارنىڭ پايدىسى يوق. ئەگەر اللہ تائالا شۇ مەنىيدىن بىر جان يارىتىشنى تەقدىر قىلغان بولسا، مەنىي سىلەرنىڭ تەدبىرىڭلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. نەتىجىدە بالىنىڭ يارىتىلىشىنى مەنئى قىلىشقا بولغان ھېرىسمەنلىكىڭلار ئەسقاتمايدۇ.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 240 ـ بەت.

(2) بىز جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە تەشنا بولۇپ كەتتۇق. لېكىن ئولجىغا ئېلىنغان ئاياللارنىڭ ھامىلدار بولۇپ قېلىپ، بالىلىرىمىزنىڭ ئانىلىرىغا ئايلىنىپ قېلىشىدىن، شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارنى ساتالماي قېلىشىمىزدىن ۋە فىدىيە ئالالماسلىقىمىزدىن قورقتۇق.

ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: مېنىڭ بىر دېدىكىم بار. ئۇ بىزگە خىزمەت قىلىدۇ ۋە سۇ ئەكىلىپ بېرىدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر تۆشەكتە بولۇپ تۇرىمەن. لېكىن ئۇنىڭ ھامىلدار بولۇپ قېلىشىنى خالىمايمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر خالىساڭ مەنىنى سىرتىغا تۆككىن. لېكىن ئۇ دېدەككە تەقدىر قىلىنغان نەرسە پات يېقىندا ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ» دېدى.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئادەم يەنە كېلىپ: دېدەك ھامىلدار بولۇپ قاپتۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ساڭا ئۇ دېدەككە تەقدىر قىلىنغان نەرسە پات يېقىندا ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ» دېگەن ئىدىمغۇ؟ دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە: «مەن الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى» دېگەننى قوشۇپ قويغان[1].

بۇ يەردە شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، مەنىنى سىرتىغا تۆكۈشنىڭ دىندا يولغا قويۇلغان ئىش بولۇشى تۇغۇتنى چەكلەشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ھازىرقى دەۋرىمىزدە كەڭ ئەۋج ئالغان بۇ پىكىرنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدە ھېچقانداق ئاساسى يوق. ئىسلامدا يولغا قويۇلغان نەرسە پەقەت ھامىلدار بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش پىكرىدىنلا ئىبارەتتۇر. شۇڭا بەزى كىشىلەر بىر قىسىم ئايرىم ئەھۋاللارنى ۋە بېشىغا كەلگەن بەزى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇنى يەككە ۋە مۇستەقىل چارە سۈپىتىدە قوللانسا دۇرۇس بولىدۇ. ئۇنى جەمئىيەتتە تۇغۇتنى چەكلەشكە ئېلىپ بارىدىغان ئومۇمىي سىياسەت سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ.

شۇڭا ئىسلام شەرىئىتىدە ئەر كىشى خوتۇنىنىڭ رۇخستى بىلەن مەنىنى سىرتىغا تۆكىدۇ. مەنىي سۈيىنىڭ ئۇنىڭ بەچچىدانىغا يېتىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالسا بولىدۇ. شۇنداقلا فىقھشۇناسلار بايان قىلغاندەك، خوتۇن كىشىمۇ ئېرىنىڭ رۇخستى بىلەن بەچچىدانىنىڭ ئاغزىنى ئەتسە ۋە ئېرىنىڭ مەنىي سۈيىنىڭ بەچچىدانىغا كىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالسا بولىدۇ. بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان ھەدىس بولغانلىقى ئۈچۈن خوتۇن كىشىنىڭ مۇنداق قىلىشى بىلەن ئۇنىڭغا گۇناھ بولمايدۇ.

<ئەددۇررۇلمۇختار> ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەر كىشى دېدىكىدىن ئۇنىڭ رۇخستىنى ئالماي تۇرۇپ، خوتۇنىدىن ئۇنىڭ رۇخستىنى ئېلىپ تۇرۇپ مەنىنى سىرتىغا تۆكسە بولىدۇ». زامان بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن رۇخسەت ئالماي تۇرۇپ مەنىنى سىرتىغا تۆكسىمۇ بولىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار.

مەنىنى سىرتىغا تۆكۈشنىڭ توغرا سەۋەبلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇزۇن سەپەردە ياكى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا بولۇپ قېلىپ، بالىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن قورقۇش ياكى خوتۇنى ناچار ئەخلاقلىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ كېتىشنى نىيەت قىلغان ئەھۋال

(1) سەھىھ مۇسلىم، 1438 ـ ھەدىس.

**ئاستىدا ئۇنىڭ ھامىلدار بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇشتىن ئىبارەتتۇر[1].**

**ئەگەر مەنىي سۈيى بەچچىدانغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن خوتۇن كىشى ئۇنى ئالدۇرۋەتمەكچى بولسا، بۇ مەسىلە ھەققىدە ئالىملار مۇنداق دېگەن: «ئەگەر جان كىرگىدەك مۇددەت ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنى ئالدۇرۇۋېتىش توغرا ئەمەس. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئالدۇرۇۋېتىشقا كەلسەك، ئالىملار بۇ مەسىلە ھەققىدە ھەرخىل قاراشلاردا بولغان. بىر ھەدىسنىڭ ھۆكمى بويىچە، جان كىرىش مۇددىتى 120 كۈن قىلىپ بېكىتىلگەن.**

**بەزى فىقھشۇناسلار ئۇنى جان كىرىشتىن ئىلگىرى ئالدۇرۇۋېتىشنىمۇ مەكروھ دەپ قاراپ مۇنداق دېگەن: «بىز ئۇنداق قارىيالمايمىز. چۈنكى ئېھرامدىكى كىشى ئوۋ ھايۋانلىرىنىڭ تۇخۇمىغا زىيان سالغان تەقدىردە ئۇنى تۆلەيدۇ. نېمىشقا دېگەندە، تۇخۇم ئەسلى ئوۋ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بەچچىداندىكى ئۇرۇقنى ئالدۇرىۋەتكەن ئايالمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايدىغان گۇناھ ئىشلىگەن بولىدۇ. بۇ ئۆزرىسىز بولغاندا شۇنداق بولىدۇ»[2].**

**شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بويىدا قېلىپ 42 كۈندىن كېيىن بالىنىڭ يارىتىلىشى باشلىنىدۇ. ھۇزەيفە ئىبنى ئۇسەيد غىفارىدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «بەچچىدانغا قۇيۇلغان مەنىيگە 42 كۈن بولغان چاغدا الله ئۇنىڭغا بىر پەرىشتە ئەۋەتىدۇ. پەرىشتە ئۇنى شەكىلگە كىردۈرىدۇ. ئۇنىڭ قۇلىقىنى، كۆزىنى، تېرىسىنى، گۆشىنى ۋە سۆڭىكىنى يارىتىدۇ. ئاندىن: <ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇ ئوغۇلمۇ ياكى قىزمۇ؟> دەيدۇ. شۇ چاغدا پەرۋەردىگارىڭ خالىغان نەرسە بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ. پەرىشتە يازىدۇ. ئاندىن پەرىشتە: <ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇنىڭ ئەجىلىچۇ؟> دەيدۇ. پەرۋەردىگارىڭ خالىغان نەرسە بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ. پەرىشتە يازىدۇ. ئاندىن پەرىشتە: <ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇنىڭ رىزقىچۇ؟> دەيدۇ. پەرۋەردىگارىڭ خالىغان نەرسە بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ. ئاندىن پەرىشتە ئۇنىڭ تەقدىرى يېزىلغان قەغەزنى ئېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ تەقدىرى الله بۇيرۇغان نەرسىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، كەملەپمۇ كەتمەيدۇ»[3].**

**مەنىنى سىرتقا تۆكۈشنىڭ توغرا سەۋەبلىرىنىڭ يەنە بىرى شۇكى، بالا ئېھتىمالتقان ئايال ھامىلدار بولۇپ قالىدىغان، نەتىجىدە بالىسىنىڭ سۈتى كېسىلىپ كېتىدىغان، ئاتا بولغۇچىنىڭ كىچىك بالىسى ئۇچۇن ئىنىك ئانا تېپىپ بېرىش شارائىتى بولمىغان،**

(1) سەھىھ مۇسلىم، **1439** ـ ھەدىس.

(2) «ئىئلائۇسسۇنەن» **17** ـ توم، **409** ـ بەت.

(3) «رەددۇلمۇھتار» **5** ـ توم، **239** ـ بەت.

**شۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ ھالاكەت گىرداۋىغا بېرىپ قېلىش خەۋپى بولغان ئەھۋال ئاستىدا، ئالىملار بۇ مەسىلىگە مۇنداق دېگەن: «مۇنداق ئايال بەچچىدانىدىكى ئۇرۇقنى ئۇيۇل قان ھالىتىدە ياكى پارچە گۆش ھالىتىدە، يەنى بىرەر ئەزاسى يارىتىلمىغان بىر ھالەتتە چارە قوللىنىپ چۈشۈرۈۋەتسە مۇباھتۇر». ئۇلار بۇ مۇددەتنى 120 قىلىپ مۆلچەرلىگەن. ئۇ تېخى ئادەم شەكلىگە كىرمىگەنلىكى ۋە يەنە بىر ئادەمنى قوغداپ قېلىش مەقسەت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى چۈشۈرۈۋېتىش دۇرۇستۇر[1].**

**لېكىن بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان ئۇسەيدنىڭ ھەدىسىدە، بۇيىدا قېلىپ 42 كۈندىن كېيىن يارىتىلىش باشلىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.**

# سالام قىلىش، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ۋە سۆيۈپ كۆرۈشۈش

**سالام قىلىش مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يولغا قويۇلغان بىر ئىشتۇر. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە بىر كىشى سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇڭلار (يەنى بىر كىشى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەپ سالام بەرسە، ئۇنىڭغا ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ دەڭلار)، ياكى ئۇنىڭ سالامىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار (يەنى ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام دەڭلار). اللە ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىدىن (يەنى بەندىلىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىك ئىشلىرىدىن) ھېساب ئالغۇچىدۇر»[2]. يەنى سىلەر سالام بىلەن قارشىلاشساڭلار ياكى سىلەرگە سالام قىلىنسا، سىلەرمۇ سالام قايتۇرۇڭلار.**

**سالام ئەسلىدە دۇئا بولۇپ، ئەرەبلەر: «اللە سىلەرگە ھاياتلىق بېغىشلىسۇن!» دەپ سالام قىلىشاتتى. ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا: «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم» دېگەن سالام سۆزىنى بەلگىلىدى. «اللە سىلەرگە ھاياتلىق بېغىشلىسۇن!» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم» دېگەن سۆز تاللاندى. چۈنكى ئۇ چىرايلىق، تولۇق ۋە مۇكەممەل سالامدۇر. بۇ سالام: «خىيىم خەتەرلەردىن سالامەت بولۇڭلار» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر ئىنسان پۈتۈن ھاياتى بويىچە سالامەت بولۇشتىن باشقا سۆز بىلەن دۇئا قىلسا، ئۇنىڭ ھاياتى خار ۋە كۆڭۈلسىز ئۆتكەن بولىدۇ.**

**ئەرەبلەرنىڭ ئەينى زامانىدىكى ئادىتىدىن بىرى شۇكى، ئەگەر ئۇلار ئۇچراشقاندا ئۆزئارا سالام قىلىشسا، بۇنى ئاسايىشلىق ۋە دوستلۇقنىڭ ئالامىتى، دۈشمەنلەشمەسلىكنىڭ**

(1) سەھىھ مۇسلىم، **2645** ـ ھەدىس.

(2) «رەددۇلمۇھتار» **5** ـ توم، **276** ـ بەت.

دەلىلى دەپ قارايتتى. ئۇلار بۇ سالامنى ئاسايىشلىق ۋە دوستلۇق ئورنىتىدىغان، ۋاپا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئەھدە دەپ ھېسابلايتتى.

الله تائالانىڭ: «ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇڭلار (يەنى بىر كىشى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەپ سالام بەرسە، ئۇنىڭغا ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ دەڭلار)، ياكى ئۇنىڭ سالامىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار (يەنى ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام دەڭلار)» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، ئىسلام دىنى بارلىق گۈزەل ئەخلاقلىق ئىشلارنى قىلىشقا تەشەببۇس قىلىدۇ، ياخشى ۋە پەزىلەتلىك ئىشلارنى قىلىشتا بەسلىشىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ.

بېرىلگەن سالامغا تېخىمۇ ياخشى جاۋاب قايتۇرۇش (يەنى بىر كىشى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەپ سالام بەرسە، ئۇنىڭغا ۋەئەلەيكۇم ئەسسەلام ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ دېيىش) سۈننەتتۇر. ئەينەن جاۋاب قايتۇرۇش (يەنى ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام دېيىش) پەرزدۇر.

ئىمران ئىبنى ھۇسەيندىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم» دېدى. ئۇنىڭ سالامى ئەينەن قايتۇرۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئون ھەسسە ساۋاب» دېدى. يەنە بىر ئادەم كېلىپ: «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى» دېدى. ئۇنىڭ سالامىغىمۇ ئەينەن جاۋاب قايتۇرۇلدى. ئاندىن ئۇ ئولتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يىگىرمە ھەسسە ساۋاب» دېدى. ئاندىن ئۈچىنچى بىر ئادەم كېلىپ: «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ» دېدى. ئۇنىڭ سالامىمۇ ئەينەن قايتۇرۇلدى. ئاندىن ئۇ ئولتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئوتتۇز ساۋاب» دېدى[1].

ئىمام قۇرتۇبى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئالىملار الله تائالانىڭ: «ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇڭلار (يەنى بىر كىشى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەپ سالام بەرسە، ئۇنىڭغا ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ دەڭلار)، ياكى ئۇنىڭ سالامىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار (يەنى ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام دەڭلار)» دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ، ئالدى بىلەن سالام قىلىشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭغا تەرغىب قىلىنغانلىقىغا، جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن».

ئۇلار يەنە شۇنىڭغا ئىتتىپاق كەلدىكى، سالام بېرىلگەن كىشى سالامدىن باشقا نەرسە بىلەن جاۋاب قايتۇرسا، ئادا تاپمايدۇ. شۇڭا سالامنىڭ جاۋابىدا: «ئەتتىگەنلىكىڭىز ياخشى بولسۇن!» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن سالام ئادا

(1) سۈرە نىسا، 86 ـ ئايەت.

بولمايدۇ. دېمەك، ئىسلام دىنىدىكى سالام: «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم» دەپ باشلىنىدۇ ۋە: «ۋەئەلەيكۇم ئەسسەلام» دەپ ئىلىك ئېلىنىدۇ.

سالامنىڭ ياخشى تەسىرلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار ئارىسىدا سالامنى ئاشكارا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «ئىمان ئېيتمىغىچە جەننەتكە كىرمەيسىلەر، بىر ـ بىرىڭلارنى دوست تۇتمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايسىلەر. مەن سىلەرگە ئەمەل قىلساڭلار بىر ـ بىرىڭلارنى دوست تۇتىدىغان ئىشنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئاراڭلاردا سالامنى ئاشكارا قىلىڭلار»[1].

ئەگەر بىرەر يەھۇدىي ياكى خىرىستىيان بىر مۇسۇلمانغا سالام قىلسا، ئۇنىڭ سالامىغا جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ ھېچ يامىنى يوق. لېكىن «ۋەئەلەيكە ياكى ۋە ئەلەيكۇم» دېيىشتىن ئارتۇق سۆز قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى سەھىھ بۇخارىدا ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «ئەگەر ئەھلى كىتاب سىلەرگە سالام قىلسا، سىلەر: <ۋەئەلەيكۇم> دەڭلار».

بۇنىڭ سەۋەبى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ۋەقەلىك بولۇشى مۇمكىن: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىر گۇرۇھ يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرىپ: ئەسسامۇ ئەلەيكە (يەنى ئۆلۈم ساڭا بولسۇن!)، دېدى. مەن ئۇلارنىڭ سۆزىنى چۈشىنىۋېلىپ: ئەلەيكۇمۇسسامۇ ۋەللەئنەتۇ، (يەنى ئۆلۈم ۋە لەنەت سىلەرگە بولسۇن!) دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئائىشە! ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله پۈتۈن ئىشلاردا مۇلايىملىقنى ياخشى كۆرىدۇ» دېدى. مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ھەققەتەن: <ۋەئەلەيكۇم (يەنى سىلەرگىمۇ بولسۇن!)> دېدىم» دېدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن سەلەپ ئالىملىرىدىن بىر قىسىم كىشىلەر ئۇلارنىڭ سالامىنى قايتۇرۇشتا: «ئەلەيكۇم ئەسسەلام» دېيىشكە بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى الله تائالانىڭ: «سەن ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگىن، سالام دېگىن»[2] دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلغان. بۇ قاراشنى ئىمام ماۋەرەدىي بەزى شافىئى ئالىملىرىدىن رىۋايەت قىلغان. لېكىن ئۇلارنىڭ سالامىنى شۇنداق ئىلىك ئالغۇچى: «ۋەرەھمەتۇللاھى» دېمەيدۇ. ئىبنى ئابباس ۋە ئەلقەمەنىڭ: زۆرۈر تېپىلغاندا شۇنداق دېيىشمۇ دۇرۇس بولىدۇ، دەپ قارايدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان[3].

---

(1) ئىمام ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

(2) سەھىھ مۇسلىم، 54 ـ ھەدىس.

(3) سۈرە زۇخرۇف، 89 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يۈزى قېلىن تىلەمچىنىڭ سالامىنى ئىلىك ئېلىش ۋاجىپ ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭ سالامى سالام بېرىش ئۈچۈن ئەمەس. خۇتبە ئوقۇلۇۋاتقان ۋاقىتتا سالام بەرگۈچىنىڭ سالامىنىمۇ ئىلىك ئېلىش ۋاجىپ ئەمەس. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئۆيىگە كىرسە، سالام بېرىشتىن ئىلگىرى كىرىشكە رۇخسەت سوراش ۋاجىپ بولىدۇ. ئاندىن كىرگەن ۋاقىتتا ئالدى بىلەن سالام قىلىدۇ، ئاندىن گەپ قىلىدۇ. ئۆي ئىگىسى ئەۋەتكەن كىشى ئۈچۈن كىرىشكە رۇخسەت ئېلىش ۋاجىپ ئەمەس.

ئەگەر ئۆيدىن: «ئىشىكتىكى كىشى كىم؟» دېگەن ئاۋاز كەلسە، <مەن> دېمەسلىك لازىم. چۈنكى ئۇ جاۋاب ئەمەس. ئىمام بۇخارى سەھىھ بۇخارىدا جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئاتامنىڭ ئۈستىدىكى مەلۇم قەرز مەسىلىسى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئىشىكنى قاقتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ كىم؟» دېدى. مەن: «مەن» دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گويا بۇ جاۋابنى ياقتۇرمىغاندەك قىلىپ: «مەن، مەن» دېدى. شۇڭا ئىشىك قاققۇچى: «پالانى كىرسۇنمۇ؟» دېيىشى ياكى: «مەن پالانى بولىمەن» دېيىشى كېرەك.

سەھىھ بۇخارىدا ئۇممۇ ھانى رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، مەن ئۇممۇ ھانى بولىمەن، دېدىم».

ئىمام بۇخارىنىڭ <ئەلئەدەبۇل مۇفرەد> ناملىق كىتابىدا ۋە ھاكىمنىڭ رىۋايىتىدە بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدىم. ئۇ: «بۇ كىم؟» دېدى. مەن: «مەن بۇرەيدە بولىمەن» دېدىم.

ئەگەر كىرىشكە رۇخسەت بېرىلمىسە، دىلنى دۇشمەنلىك ۋە ئاداۋەتتىن يىراق قىلغان ھالدا قايتىپ كېتىش كېرەك. چۈنكى اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار، ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشىڭلار (يەنى بۇ گۈزەل ئەخلاق ـ ئەدەبكە ئەمەل قىلىشىڭلار) ئۈچۈن بۇ (يەنى ئىجازەت سوراپ ۋە سالام بېرىپ كىرىش ئۇشتۇمتۇت كىرىشتىن) سىلەرگە ياخشىدۇر. ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ھېچ ئادەم بولمىسا سىلەرگە ئىجازەت بېرىلمىگىچە كىرمەڭلار، ئەگەر سىلەرگە قايتىڭلار دېيىلسە قايتىپ كېتىڭلار، قايتىپ كېتىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، اللہ سىلەرنىڭ قىلىدىغان ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»[1].

(1) «فەتھۇلبارى» 11 ـ توم، 38 ـ بەت.

ئەگەر ئادەم يوق ئۆيگە كىرسە: «ئەسسەلامۇ ئەلەينا ۋە ئەلا ئىبادىللاھىسسالىھىين» دەيدۇ. چۈنكى اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ئۆيلەرگە كىرگەن چېغىڭلاردا ئۆزەڭلارغا (يەنى ئۆيدىكى كىشىلەرگە) اللە بەلگىلىگەن مۇبارەك، پاك سالامنى بېرىڭلار، (يەنى ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دەڭلار) اللە سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ ئايەتلەرنى مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ»[1].

پەرىشتىلەر ئۇنىڭ سالامىنى قايتۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزى بىلەن بىرگە بولغان پەرىشتىلەرگە، شۇ جايدىكى ياخشى جىنلارغا ۋە باشقىلارغا سالام قىلغان بولىدۇ. ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: «جىنلار بىز تەكلىپ قىلىنغان ئىبادەتلەرگە تەكلىپ قىلىنغاندۇر. بۇ ئۇلارنىڭ سالامغا جاۋاب قايتۇرۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ».

بىر جامائەت ئۇستىگە كىرىپ كەلگەن كىشى كىرگەن چاغدا ئۇلارغا سالام قىلىدۇ، ئۇلاردىن ئايرىلغان چاغدىمۇ سالام قىلىدۇ. كىمكى شۇنداق قىلسا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار قىلغان پۈتۈن ئىشلاردا ئۇ ئۇلارغا شېرىك بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۇلارغا بىر كۈندە بىرقانچە قېتىم ئۇچراشقان، ھەتتا بىرەر دەرەخ ياكى تامنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەلگەن تەقدىردىمۇ يېڭىدىن سالام قىلىدۇ. چۈنكى سالام رەھمەتنى ۋاجىپ قىلىدۇ.

سالام بىلەن ئىسلام ئەھدىسىنى يېڭىلاشنى نىيەت قىلىدۇ. ئۇ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بىرەر مۆمىننىڭ ئابرۇيىغا ۋە مال ـ مۈلكىگە زىيان يەتكۈزمەسلىك ئەھدىسىدۇر. ئەگەر بىر مۆمىنگە سالام قىلسا، سالام قىلىنغۇچىغا سالام قىلغۇچىنىڭ ئابرۇيىغا ۋە مال ـ مۈلكىگە چېقىلىش ھارام بولىدۇ.

ئەگەر مەسجىدكە كىرگەندە بەزى كىشىلەر نامازغا تۇرغان يەنە بەزى كىشىلەر نامازدا تۇرمىغان ھالەتتە بولسا، ئۇلارغا سالام قىلىدۇ. ئەگەر سالام قىلمىسىمۇ، سۈننەتنى تەرك ئەتكۈچى ھېسابلانمايدۇ.

ئەگەر جامائەت ئىچىدىن بىرەر كىشىگە سالام بېرىپ: «ئەسسەلامۇ ئەلەيكە» دېسە، ئۇنىڭغا باشقا بىرى جاۋاب قايتۇرسا، سالام قىلىنغان كىشىگە سالامنى قايتۇرۇش لازىم بولمايدۇ.

ئەگەر ئۇ: «ئەسسەلامۇ ئەلەيكە ئى زەيد!» دېسە، ئۇنىڭ سالامىغا ئەھمەد جاۋاب قايتۇرسا، زەيدنىڭ سالام قايتۇرۇشى ئادا بولمايدۇ. چۈنكى سالام بەرگۈچى ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ سالام بەردى.

ئەگەر بىرەر جامائەتكە سالام بەرسە، سالام قىلغۇچىغا ئۇ جامائەتتىن باشقا بىرلىرى جاۋاب قايتۇرغان تەقدىردە ئۇلارنىڭ جاۋاب قايتۇرۇشى ئۇلاردىن بوينىدىن

(1) سۈرە نۇر، 27 ــ 28 ـ ئايەتلەر.

چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

سالامنى ئاڭلىتىپ تۇرۇپ قايتۇرۇش ۋاجىپتۇر. ئەگەر ئاڭلىتىپ تۇرۇپ سالام قايتۇرمىسا، بۇ پەرز سالامنى ئاڭلىغۇچىنىڭ بويىنىدىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ھەتتا بەزىلەر مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سالام قىلغان مۇسۇلمان گاس ئادەم بولسا، سالام قايتۇرغۇچىنىڭ ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئىككى كالپۇكىنى مىدىرلىتىشى ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى ئۇ گاس بولمىسا ئىدى، ئۇنىڭ سالامنى ئەلۋەتتە ئاڭلايتتى. چۈشكۈرگۈچىنىڭ جاۋابىمۇ مۇشۇنداق بولىدۇ».

ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكىدەك بولغان كىچىك بالىنىڭ ۋە قېرى ئايالنىڭ سالامنى قايتۇرۇشى بىلەن ئۇ سالامنى قايتۇرۇشنىڭ لازىملىقى باشقىلارنىڭ بويىنىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. ياش ئايالنىڭ، كىچىك بالىنىڭ ۋە ساراڭنىڭ سالامنى قايتۇرۇشى بىلەن ئۇ سالامنى قايتۇرۇشنىڭ لازىملىقى باشقىلارنىڭ بويىنىدىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

بىر ئادەمگە خىتاب قىلىپ تۇرۇپ جامائەتكە ئىشارەت قىلىش، جامائەت لەۋزى بىلەن بىر ئادەمگە سالام قىلىش دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى ھەر بىر ئادەم بىلەن بىرگە قوغدىغۇچى ۋە يېزىقچى ئىككى پەرىشتە بار. شۇنداق بولغاندا ھەربىر ئادەم گويا ئۈچ ئادەمدۇر. مۇسۇلمان ئۈچۈن ئەڭ ئەۋزىلى: «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ» دېيىش، جاۋاب قايتۇرغۇچىمۇ شۇنداق جاۋاب قايتۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

«ۋەبەرەكاتۇھۇ» دېگەن سۆزدىن ئارتۇق نەرسە قاتماسلىق لازىم. ئەگەر سالام قىلغۇچى: «سالامۇن ئەلەيكۇم» دېسە ياكى: «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم» دېسە، سالام قايتۇرغۇچىنىڭمۇ ھەر ئىككىلى شەكىلدە: «سالامۇن ئەلەيكۇم» دېيىشى ياكى: «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم» دېيىشى دۇرۇستۇر. لېكىن «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم» دېيىش ئەۋزەلدۇر.

سالامغا ۋە چۈشكۈرگۈچىگە جاۋاب قايتۇرۇشنى دەرھال ئادا قىلىش لازىم. ئەگەر ئۇنى ئۆزرىسىز كېچىكتۈرسە، ھارامغا يېقىن مەكرۇھ بولىدۇ ۋە تەۋبە قىلىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى ئۇ كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ قارىشىدا پەرز كۇپايىدۇر. ئىمام شافىئىنىڭ قارىشىدا سۈننەتتۇر. زاھىري مەزھەپىنىڭ بەزى ئالىملىرىنىڭ قارىشىدا پەرز ئەيندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله چۈشكۈرگۈچىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەسنىگۈچىنى يامان كۆرىدۇ. ئەگەر چۈشكۈرۈپ، ئاندىن الله غا ھەمدى ئېيتسا (يەنى ئەلھەمدۇلىللا دېسە)، ئۇنى ئاڭلىغان ھەربىر مۇسۇلماننىڭ جاۋاب قايتۇرۇشى (يەنى يەرھەمۇكەللاھ دېيىشى) مەجبۇرىيەتتۇر»[1].

(1) سۈرە نۇر، 61 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەگەر چۈشكۈرگۈچى اللە تائالاغا ھەمدى ئېيتسا، ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇش لايىق بولىدۇ. شۇڭا جاۋاب قايتۇرغۇچى: «يەرھەمۇكەللاھ» دېيىشى لازىم. بۇنى ئاڭلىغان چۈشكۈرگۈچى: «غەففەرەللاھۇ لىي ۋەلەكۇم (يەنى اللە ماڭا ۋە سىلەرگە مەغپىرەت قىلسۇن!)» دېيىشى ياكى: «يەھدىيكۇمۇللاھۇ ۋەيۇسلىھۇ بالەكۇم (يەنى اللە سىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلىسۇن ۋە دىللىرىڭلارنى ياخشىلىسۇن!)» دېيىشى كېرەك. چۈشكۈرگۈچى اللە غا ھەمدى ئېيتقاندا ئاۋازىنى يېنىدىكى كىشىلەر ئاڭلاپ جاۋاب قايتۇرغۇدەك دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈشى لازىم.

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىرىڭلار چۈشكۈرسە، <ئەلھەمدۇلىللاھ> دېسۇن! ئۇنىڭ قېرىندىشى ياكى ھەمراھى ئۇنىڭغا: <يەرھەمۇكەللاھ> دېسۇن! ئەگەر جاۋاب قايتۇرغۇچى ئۇنىڭغا: <يەرھەمۇكەللاھ> دېسە، چۈشكۈرگۈچى: <يەھدىيكۇمۇللاھۇ ۋەيۇسلىھۇ بالەكۇم> دېسۇن!»

سۇلايمان تەيمىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: ئىككى ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا چۈشكۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بىرىگە جاۋاب قايتۇردى، يەنە بىرىگە جاۋاب قايتۇرمىدى. ئۇ ئادەم: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بۇ ئادەمگە جاۋاب قايتۇردۇڭ، لېكىن ماڭا جاۋاب قايتۇرمىدىڭ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ ئادەم اللە غا ھەمدى ئېيتتى، لېكىن سەن اللە غا ھەمدى ئېيتمىدىڭ» دېدى[1].

ئەگەر چۈشكۈرگۈچى ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق چۈشكۈرسە ۋە ھەر قېتىمدا اللە تائالاغا ھەمدى ئېيتسا، ئۇنى ئاڭلىغۇچى ئۈچ قېتىم جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئاندىن جاۋاب قايتۇرمايدۇ ياكى: «ئافاكەللاھ (يەنى اللە سېنى سالامەت قىلسۇن!)» دەيدۇ.

چۈشكۈرگۈچى چۈشكۈرگەندە بېشىنى تۆۋەن تۇتۇپ، يۈزىنى توسۇپ تۇرۇپ ۋە ئاۋازىنى پەس قىلىپ چۈشكۈرىدۇ. ئوچۇق ـ ئاشكارا چۈشكۈرۈش ھەقىقەتەن ئەدەپسىزلىكتۇر.

چۈشكۈرۈكنى ئاڭلىغۇچىنىڭ چۈشكۈرگۈچىدىن بۇرۇن «ئەلھەمدۇلىللاھ» دەۋېلىشى سۈننەتتۇر. چۈنكى بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «كىمكى چۈشكۈرگۈچىدىن بۇرۇن اللە غا ھەمدى ئېيتىۋالسا، چىش، قۇلاق ۋە قورساق ئاغرىقلىرىدىن خاتىرجەم بولىدۇ».

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ئىمام تەبەرانىينىڭ <ئەلئەۋسەت> ناملىق كىتابىدا ئەلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «كىمكى يېنىدا چۈشكۈرۈلگەندە چۈشكۈرگۈچىدىن بۇرۇن اللە غا ھەمدى ئېيتىۋالسا، بېقىنى ئاغرىمايدۇ».

ئىمام ئىبنى ئەساكىر مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: «كىمكى چۈشكۈرگۈچىدىن بۇرۇن اللە غا ھەمدى ئېيتىۋالسا، اللە ئۇنى بېقىن ئاغرىقىدىن ساقلايدۇ. ئۇ بۇ دۇنيادىن چىقىپ كەتكىچە (يەنى ئالەمدىن ئۆتكۈچە) بېقىندا راھەتسىزلىكنى كۆرمەيدۇ».

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «سۆزلەۋاتقاندا چۈشكۈرۈش ئادىللىقنىڭ گۇۋاھچىسىدۇر». يەنە بىر لەۋزىدە مۇنداق دېيىلگەن: «گەپ قىلىۋاتقاندا چۈشكۈرۈش راستچىللىقنىڭ گۇۋاھچىسىدۇر». شەيخ نەجمى مۇنداق دېگەن: بۇ ھەدىس بۇ شەكىلدە تونۇلغان ھەدىس ئەمەس. ئەبۇ نۇئەيم ئۇنى ئەبۇھۇرەيرەدىن مۇنۇ لەۋزى بىلەن رىۋايەت قىلغان: «دۇئا قىلىۋاتقاندا چۈشكۈرۈش راستچىللىقنىڭ گۇۋاھچىسىدۇر».

ئىمام تەبەرانىينىڭ <ئەلئەۋسەت> ناملىق كىتابىدا ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «كىمكى سۆز قىلىۋېتىپ چۈشكۈرسە، ئۇنىڭ سۆزى ھەقتۇر».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «سۆزلەۋېتىپ چۈشكۈرۈش ئۇ سۆزنىڭ ئەڭ راست ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتىدۇر». <كەشفۇلخەفا> ناملىق كىتابتا ئەسكەرتىلگەندەك، ئۇ ئىككى ھەدىسنىڭ سەنىدىدە ئاجىزلىق بار.

<رەددۇلمۇھتار> ناملىق كىتابتا كۆرسىتىلگىنىدەك، ئەگەر ئەر كىشى چۈشكۈرسە، ئۇنىڭغا خوتۇن كىشى جاۋاب بەرسە، ئۇ خوتۇن كىشى قېرى بولغان تەقدىردە چۈشكۈرگۈچى ئۇ خوتۇنغا جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، ئىچىدە جاۋاب قايتۇرىدۇ. شۇنىڭدەكلا، ئەگەر خوتۇن كىشى چۈشكۈرسىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

## سالام ھۆكۈملىرىنىڭ تولۇقلانمىسى

خەت ئارقىلىق كەلگەن سالامغا سۆز ياكى خەت ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرۇش ۋاجىپتۇر. چۈنكى ھازىر بولمىغان ئادەمدىن كەلگەن خەت ھازىر بولغان ئادەمنىڭ خىتابى ئورنىدىدۇر. بۇنىڭدىن سالام خەتكە ئەمەس، خەتتىكى سالامنىڭ ئۆزىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئەقىلگە تېز كېلىدۇ. لېكىن ئىمام سۇيۇتىنىڭ <ئەلجامىئ ئەسسەغىر> ناملىق كىتابىدا «سالامغا جاۋاب قايتۇرغانغا ئوخشاشلا سالام خەتكىمۇ جاۋاب

قايتۇرۇش مەجبۇرىيەتتۇر» دەپ كۆرسىتىلگەن. ئۇ كىتابنى شەرھىلىگۈچى ئەلمەناۋىي مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىر ئادەم ساڭا خەت ئارقىلىق سالام يازسا ۋە ئۇ خەت ساڭا تەگسە، سېنىڭ سۆز ياكى خەت ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرۇشۇڭ ۋاجىپ بولىدۇ».

ئەگەر بىر ئادەم ئۇنىڭغا باشقا بىر ئادەمدىن خەت ئارقىلىق سالام ئېلىپ كەلسە، ئۇنىڭ دەرھال جاۋاب قايتۇرۇشى ۋاجىپ بولىدۇ. سالام ئېلىپ كەلگۈچىگە جاۋاپ قايتۇرۇپ: «ۋەئەلەيكە ۋەئەلەيھىسسالام (يەنى ساڭىمۇ ۋە ئۇنىڭغىمۇ سالام بولسۇن!)» دېيىش مۇستەھەپتۇر. مۇنداق دېيىش ۋاجىپتۇر، دېگەن قاراشمۇ بار.

ئەگەر باشقا بىرىگە: «پالانىغا سالامىمنى يەتكۈزۈپ قويغىن» دېسە، بۇ سالامنى يەتكۈزۈشنى ئۈستىگە ئېلىشقا رازى بولغان كىشىنىڭ ئۇنى يەتكۈزۈشى ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئامانەتنى ئىگىسىگە يەتكۈزۈش ھېسابلىنىدۇ.

سالامنى ئېلىپ كەلگۈچىگىمۇ جاۋاب قايتۇرۇپ: «ۋەئەلەيكە ۋەئەلەيھىسسالام» دېيىش، يەنى ئالدى بىلەن سالام ئېلىپ كەلگۈچىگە، ئاندىن سالام يوللىغۇچىغا جاۋاب قايتۇرۇش زاھىرىي جەھەتتىن ۋاجىپ بولسىمۇ، ئەمەلىي جەھەتتىن مۇستەھەپتۇر. گەرچە ئۇ سالامنى يەتكۈزۈش ئۇنىڭغا لازىم بولمىسىمۇ، بىراق ئۇ ئامانەتتۇر. شۇڭا ئۇنىڭغا سالامنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن بېرىش ۋاجىپ بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام ئەۋەتكەن كىشىنىڭ سالامىنى ئۈستىگە ئالغان كىشىنىڭمۇ ئۇ سالامنى ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا يەتكۈزۈشى مۇشۇ ئۇسۇلدا بولىدۇ.

بىرقانچە ئورۇندا سالام قىلىش مەكروھتۇر. ئەگەر پاسىق ئاشكارا پاسىقلىق قىلغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇنىڭغا سالام قىلىش مەكروھتۇر. ئەگەر ئاشكارا پاسىقلىق قىلمىسا مەكروھ بولمايدۇ. سالام قايتۇرۇشقا ھەقىقەتەن ئاجىز ئەھۋال ئاستىدىكى كىشىگە سالام قىلىشمۇ مەكروھتۇر. مەسىلەن، تاماق يەۋاتقان ئادەمگە سالام قىلىشقا ئوخشاش. زاھىرىي جەھەتتىن ئالغاندا بۇ ئەھۋال ئېغىزغا تاماق ئېلىپ چايناۋاتقان ھالەتكە قارىتىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن مەكروھ بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتلاردا سالام قايتۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلمايدۇ. <رەددۇلمۇھتار> ناملىق كىتابتا تىلغا ئېلىنغىنىدەك، بۇ قاراشنى شافىئى مەزھەپىنىڭ ئالىملىرىمۇ ئوچۇق ئېيتىدىلىگەن.

لېكىن شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدىن مۇنداق قاراش نەقىل قىلىنغان: «ئەگەر تاماق يېيىشكە مۇھتاج بىر ئادەم تاماق يەۋاتقان ئادەملەرنىڭ يېنىدىن ئۆتسە ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تاماققا تەكلىپ قىلىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇلارغا سالام قىلىدۇ. ئۇنداق بولمىسا سالام قىلمايدۇ». مانا بۇ تاماق يەۋاتقان كىشىگە سالام قىلىشنىڭ مۇتلەق مەكروھ ئىكەنلىكىنى تەقەززا قىلىدۇ. يەقەت يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەھۋالدا مەكروھ ئەمەس.

ناماز ئۆتەۋاتقان ۋە قۇرئان ئوقۇۋاتقانغا ئوخشاش شەرئى ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقان كىشىگە سالام قىلىنمايدۇ. ناماز ئوقۇش ياكى خۇتبە ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقانلارنىڭ قىلىنغان سالامنى قايتۇرۇشى ۋاجىپ ئەمەس. ئەمما قالغانلار ۋاجىپ يۈزىسىدىن ئەمەس، ئىختىيارلىق يۈزىسىدىن سالام قايتۇرىدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ قارىشىدا ناماز ئۆتەۋاتقان كىشى نامازنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن، قۇرئان ئوقۇۋاتقان كىشى ئايەتنى تاماملىغاندىن كېيىن سالام قايتۇرىدۇ.

شۇنىڭدەكلا، زىكىر ئېيتىۋاتقان، خۇتبە ئوقۇۋاتقان، ئۇلارنى تىڭشاۋاتقان، فىقھى دەرسى تەكرارلاۋاتقان، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن دەۋا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىۋاتقان ۋە شەرئى ئىلىمنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقان، ئەزان ئېيتىۋاتقان، تەكبىر ئېيتىۋاتقان، دەرس سۆزلەۋاتقان، ناماز ئوقۇش، تەسبىھ ئېيتىش ئۈچۈن ئولتۇرغان، تەلبىيە ئېيتىۋاتقان كىشىلەرگە، يات قىز ـ چوكانلارغا، مۇباھ بولمىغان ئويۇن ئويناۋاتقانلارغا، كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىۋاتقان ياكى كەپتەر ئۇچۇرتىۋاتقانلارغا، چاقچاقچى قېرى ئادەمگە، يالغانچىغا، تاماشاچىغا، كىشىلەرنى تىللايدىغان ياكى يات ئاياللارنىڭ يۈزلىرىگە قارايدىغانلارغا (ئەگەر ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلغانلىقى ۋە ئۆز ئاياللىرى بىلەن بەھرىمەن بولىدىغانلىقى مەلۇم بولمىغان تەقدىردە ) ئەۋرىتى ئوچۇق كىشىگە، كىچىك ياكى چوڭ تەرەت قىلىۋاتقان كىشىگە، مۇگدەپ قالغان ياكى ئۇخلاپ قالغان كىشىگە ۋە مۇنچىدىكى كىشىگە سالام قىلىنمايدۇ.

شۇڭا شەرئىيەتنىڭ قارىشىدا سالام قىلىش توغرا بولمايدىغان ھەرقانداق ئورۇندا سالامنى قايتۇرۇش ۋاجىپ بولمايدۇ. پەقەت پاسىققا سالام قايتۇرۇش ۋاجىپ بولىدۇ. ئەگەر سالام بىلەن ئۇنى گۇناھتىن مەشغۇل قىلىشنى نىيەت قىلسا، ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ قارىشىدا دۇرۇس بولىدۇ. بىراق ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن مۇھەممەد: «ئۇنىڭغا سالام قىلىش مۇتلەق مەكروھتۇر. چۈنكى ئۇنىڭغا ئاھانەت قىلىش لازىم» دەپ كۆرسەتكەن. <رەددۇلمۇھتار> ناملىق كىتابتا شۇنداق بايان قىلىنىدۇ.

كىچىك بالىنىڭ، مەستىنىڭ، ساراڭنىڭ ۋە «سەلام ئەلەيكۇم» دەپ سالام قىلغۇچىنىڭ سالامنى قايتۇرۇش ۋاجىپ ئەمەس. «سەلامۇللاھى ئەلەيكۇم» دېگۈچىنىڭ سۆزى سالام ئەمەس، بەلكى دۇئادۇر. «ئەلەيكەسسەلام» دېگۈچىگىمۇ سالام قايتۇرۇش ۋاجىپ ئەمەس. چۈنكى جابىر ئىبنى سۇۋەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: <ئەلەيكەسسەلام ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى> دېدىم. ئۇ: «ئەلەيكەسسەلام، دېمىگىن، ئەلەيكەسسەلام ئۆلۈككە قىلىنىدىغان سالامدۇر» دېدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان. ئىمام تىرمىزى: «بۇ ھەدىس ھەسەن ۋە سەھىھ دەرىجىسىگە يېتىدۇ» دېگەن.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، پەقەت «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم» ياكى «سەلامۇن ئەلەيكۇم» دېگەن لەۋزىلەر بىلەن باشلانغان سالامدىن باشقا سالاملارنى قايتۇرۇش ۋاجىپ ئەمەس.

سېنىڭ ئارقىڭدىن كەلگەن كىشى ساڭا، كېتىۋاتقان كىشى ئولتۇرغان كىشىگە، ئۇلاغ مىنىۋالغان كىشى پىيادە كېتىۋاتقان كىشىگە، كىچىكلەر چوڭلارغا سالام قىلىدۇ.

سەھىھ بۇخارىدا ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «كىچىكلەر چوڭلارغا، ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشى ئولتۇرغان كىشىگە، ئاز كىشىلەر كۆپ كىشىلەرگە سالام قىلىدۇ». يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېگەن: «ئۇلاغ مىنىۋالغان كىشى پىيادە كېتىۋاتقان كىشىگە سالام قىلىدۇ»[1].

كىچىك بالىلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن كىشى ئۇلارغا سالام قىلىدۇ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىچىك بالىلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇلارغا سالام قىلغان. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ كىچىك بالىلارنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئۇلارغا سالام قىلاتتى[2].

## قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش

ئۇچراشقان ۋاقىتتا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش سۈننەتتۇر. چۈنكى ئۇ قەدىمىي ۋە مۇتەۋاتىر سۈننەت بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شەك - شۈبھىسىزكى، مۆمىن مۆمىنگە ئۇچراشقاندا ئۇنىڭغا سالام قىلسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشسە، ھەر ئىككىلىسىنىڭ خاتالىقلىرى خۇددى دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى تۆكۈلگەندەك تۆكۈلىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى ۋە بەيھەقى رىۋايەت قىلغان.

ئىمام نەۋەۋىي <زىكرىلەر> ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «بىلىشىڭ كېرەككى، ھەر قېتىم ئۇچراشقاندا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش مۇستەھەپتۇر. ئەمما كىشىلەرنىڭ بامدات ۋە ئەسىر نامازلىرىدىن كېيىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشلىرىگە كەلسەك، شەرىئەتتە ئۇنىڭ بۇ شەكىلدە ھېچقانداق دەلىلى يوق. لېكىن ئۇنىڭ ھېچ يامىنىمۇ

(1) سەھىھ بۇخارى، 6224 ۋە 6225 ـ ھەدىسلەر.

(2) «ئەلھەدىييە ئەلئەلائىييە ۋەھامىشىھا» 262 ـ ۋە 263 ـ بەتلەر.

يوق. چۈنكى ئەسلى قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش بولسا سۈننەتتۇر».

ئۇلارنىڭ بەزى ئەھۋالدا ئۇنىڭغا رىئايە قىلىشى، كۆپۈنچە ئەھۋاللاردا ئۇنىڭغا سەل قارىشى ئۇنى ئەسلىدىنلا شەرىئەت بەلگىلىگەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ئىكەنلىكىدىن چىقىرىۋېتەلمەيدۇ. ئىمام نەۋەۋىينىڭ ئۇنى بامدات بىلەن ئەسىر نامازلىرىدىن كېيىنكىگە قارىتىشى بولسا، ئۇنىڭ زامانىدىكى ئادەتكە ئاساسەن بولغان. ئۇنداق بولمىغاندا ھەممە نامازنىڭ ئارقىسىدىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش شۇنداق بولىدۇ. لېكىن بۇنى: «نامازلاردىن كېيىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنى خاس ھالدا ئىزچىل داۋام قىلىش ئۇنىڭ خۇسۇسەن مۇشۇ ۋاقىتلاردا سۈننەت ئىكەنلىكىگە ۋە بۇ ۋاقىتلاردا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنىڭ باشقا ۋاقىتلاردىن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىش نادانلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ» دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

زاھىري جەھەتتىن ئالىملارنىڭ سۆزلىرىگە قارايدىغان بولساق، سەلەپلەردىن ھېچكىم بۇ ۋاقىتلاردا قول ئېلىشىپ كۆرۈشمىگەن. ئۇلار يەنە: «ۋىتىر نامىزىدا ئۈچ سۈرە ئوقۇش سۈننەتتۇر. ئۇنىڭ ۋاجىپ دەپ ئېتىقاد قىلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن بەزى ۋاقىتلاردا ئۇنى تەرك ئېتىشكە بولىدۇ» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

بەزى ئالىملار <ئەلمۇلقىت> ناملىق كىتابتىن مۇنۇلارنى نەقىل قىلغان: «ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش مەكروھتۇر. چۈنكى ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار نامازدىن كېيىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ رافىزىلەرنىڭ سۈننەتلىرىدىن بىرىدۇر».

بەزى ئالىملار يەنە شافىئى مەزھەپىنىڭ ئالىملىرىدىن بىرى ئىبنى ھەجەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: «نامازدىن كېيىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش مەكروھتۇر ۋە بىدئەتتۇر. ئۇنىڭ شەرىئەتتە ھېچقانداق ئەسلى يوقتۇر. ئۇنى قىلغۇچىغا ئالدى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىدۇ. بۇ ئۆنۈم بەرمىسە ئاگالاندۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ».

مالىكى مەزھەپىنىڭ ئالىملىرىدىن بىرى ئىبنۇلھاج <ئەلمەدخەل> ناملىق كىتابتا مۇنداق دەيدۇ: «نامازدىن كېيىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش بىدئەتتۇر. شەرىئەتتە كۆرسىتىلگەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنىڭ ئورنى نامازلارنىڭ ئارقىدىن ئەمەس، بەلكى بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىغا ئۇچراشقان ۋاقىتتۇر. چۈنكى شەرىئەت ئۇنى قەيەردە بەلگىلىگەن بولسا شۇ يەردە ئەمەل قىلىنىشى، باشقا يەردىن مەنئى قىلىنىشى، ئۇنى قىلغۇچى سۈننەتكە خىلاپ ئىش قىلغانلىقى ئۈچۈن چەكلىنىشى

**كېرەك »[1].**

**قەتادىدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: « مەن ئەنەسكە: <پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىمۇ قول ئېلىشىپ كۆرۈشەمتى؟> دېسەم، ئۇ: <ھەئە> دېگەندى »[2].**

**ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا تەشەھھۇدنى (يەنى ئەتتەھىيياتۇنى) ئوقۇشنى خۇددى قۇرئان سۈرىسىنى ئوقۇشنى ئۆگەتكەندەك ئۆگىتىپ قويغان بولۇپ، مېنىڭ ئالقىنىم ئۇنىڭ ئىككى ئالقىنى ئارىسىدا ئىدى »[3]**

**قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنىڭ سۈننىتى ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈشتىن ئىبارەتتۇر. ئىبنى مەسئۇدنىڭ ھەدىسىدە تىلغا ئېلىنغاندەك، قولنى قولغا بېرىش ۋە يۈزنى يۈزگە قارىتىش كېرەك. شۇڭا قولنىڭ ئۇچىدىلا كۆرۈشۈش قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەنلىك بولمايدۇ. بۇ رافىزىلەرنىڭ كۆرۈشۈش قائىدىسىدۇر. ئۇچراشقاندا سالام قىلىپ بولغاندىن كېيىن يالىڭاچ قول بىلەن (يەنى كىيىمنىڭ ئارقىدىن ياكى پەلەي بىلەن بولماستىن) ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈش سۈننەتتۇر.**

**كۆرۈشكەندە ئەر كىشى ئەر كىشىنىڭ ئاغزىغا ياكى قولىغا ۋەياكى باشقا بىر ئەزاسىغا سۆيۈشى ھارامغا يېقىن مەكروھتۇر. شۇنىڭدەك خوتۇن كىشىنىڭ ئۇچراشقان ياكى خوشلاشقاندا خوتۇن كىشىنى سۆيۈپ قويۇشى ھارامغا يېقىن مەكروھتۇر. بۇ، ئەگەر شەھۋەت نەزىرى بىلەن كۆرۈشكەن بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ياخشىلىق قىلىش يۈزىسىدىن شۇنداق قىلسا، ئۇنداق كۆرۈشۈش توغرىدۇر. قۇچاقلاپ كۆرۈشۈشمۇ مۇشۇنداق بولىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە مۇھەممەدنىڭ قارىشىدۇر. لېكىن ئىمام ئەبۇيۇسۇف مۇنداق دەپ قارايدۇ: « سۆيۈپ قويۇش ۋە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشنىڭ ھېچ يامىنى يوق. چۈنكى جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەبەشىستاندىن كەلگەن ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەنلىكى ۋە پېشانىسىگە سۆيۈپ قويغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان ».**

**ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە مۇھەممەدنىڭ دەلىلى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش ۋە سۆيۈپ كۆرۈشۈشنى مەنئى قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. يۇقىرىدا رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس قۇچاقلىشىپ ۋە سۆيۈپ كۆرۈشۈشنىڭ ھارام قىلىنىشىدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتقا قارىتىلىدۇ.**

---

(1) سەھىھ مۇسلىم، **2168** ـ ھەدىس.

(2) «رەددۇلمۇھتار» **5** ـ توم، **244** ـ بەت.

(3) سەھىھ بۇخارى، **6263** ـ ھەدىس.

**ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: «ئارىدىكى ئىختىلاپ بىر ئىشتان كېيگەن هالەتتە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشكە قارىتىلىدۇ. ئەمما كۆرۈشكۈچىنىڭ ئۇستىدە كۆينەك ياكى چەكمەنگە ئوخشاش كىيىملەر بولسا، پۈتۈن ئالىملارنىڭ بىرلىك قارىشىدا ئۇنىڭ هېچ يامىنى يوق. مانا بۇ توغرا قاراشتۇر»[1].**

**ئىبنى بەتتال مۇنداق دەيدۇ: قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش كۆرۈشۈشتىكى قىزغىنلىقنى ئاشۇرىدۇ. ئالىملارنىڭ قارىشىدا مۇنداق كۆرۈشۈش مۇستەهەپتۇر. ئۇلار پەقەت قولغا سۆيۈش هەققىدە ئىختىلاپ قىلىشقان. ئىمام مالىك قولغا سۆيۈشنى ۋە ئۇ هەقتە رىۋايەت قىلىنغان هەدىسلەرنى رەت قىلغان. باشقىلار ئۇنى جائىز دەپ قارىغان ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ هەدىسنى دەلىل قىلغان: ساهابىلار مەلۇم بىر غازاتتىن قاچقانچە قايتىپ كەلگەن ۋاقتىدا: <بىز قېچىپ كەلدۇق> دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «بەلكى سىلەر قايتا هۇجۇم قىلىش ئۈچۈن چېكىنىدىڭلار. مەن مۆمىنلەر جامائىتىدىنمەن[2]» دەيدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ساهابىلار (خۇشال بولغانلىقتىن) ئۇنىڭ قولىغا سۆيىدۇ.**

**الله تائالا ئەبۇلۇبابە، كەئب ئىبنى مالىك ۋە ئۇنىڭ ئىككى هەمراهى (يەنى مۇرارە ئىبنى رەبىئ بىلەن هىلال ئىبنى ئۇمەييە) قاتارلىقلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغاندا ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قولىغا سۆيگەنىدى. ئىبنى ئابباس زەيد ئىبنى سابىتنىڭ ئۇلۇغىنى ئالغان ۋاقتىدا زەيد ئىبنى سابىت ئۇنىڭ قولىغا سۆيگەنىدى. ئىمام مالىك ئۇنى پەقەت تەكەببۇرلۇق ۋە چوڭچىلىق يۈزىسىدىن بولغان ۋاقتىدا مەكروھ، دەپ قارىغان. ئەمما الله تائالاغا يېقىنلىشىشنى مەقسەت قىلىپ، شۇ ئادەمنىڭ دىندار ياكى بىلىملىك ۋەياكى شەرەپلىك بىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈش بولسا جائىزدۇر.**

**ئىبنى بەتتال يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئىمام تىرمىزى سەفۋان ئىبنى ئەسسالدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر هەدىستە مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى بايان قىلغان: ئىككى يەهۇدىي پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن توققۇز ئالامەت[3] هەققىدە سورايدۇ... ئۇلار جاۋابنى ئالغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قولىغا ۋە پۇتىغا سۆيۈپ قويىدۇ. ئىمام تىرمىزى: «بۇ هەدىس هەسەن ۋە سەهىه دەرىجىسىگە يېتىدۇ» دېگەن. ئىبنى هەجەر مۇنداق دېگەن: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ هەدىسىنى ئىمام بۇخارى <ئەلئەدەبۇل مۇفرەد> ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان. بۇ هەدىسنى**

---

**(1)** بۇ هەدىسنى تەپسىلى كۆرۈش ئۈچۈن سەهىه بۇخارىنىڭ **6265** ـ نۇمۇرلۇق هەدىسگە قاراڭ.

**(2)** «رەددۇلمۇهتار» **5** ـ توم، **244** ـ بەت.

**(3)** ئىسلام دىنىدا ئۇرۇشتىن قېچىش ئېغىر گۇناهتۇر. پەقەت باشقا بىر مۆمىنلەر جامائىتىگە قېتىلىپ دۈشمەنگە قايتا هۇجۇم قىلىش نىيىتىدە چېكىنىش گۇناه ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ يەردە شۇنى كۆزدە تۇتقان. ت.

**ئىمام ئەبۇداۋۇدمۇ رىۋايەت قىلغان...**

**ئەبۇبەكرى ئىبنى مۇقرى قولغا سۆيۈش ھەققىدە رىۋايەت قىلىنغان بىرمۇنچە ھەدىسلەرنى توپلىغان. ئۇنىڭدىن ئاڭلىشىمىزچە، ئۇ بۇ ھەقتە نۇرغۇن ھەدىسلەر ۋە ئەسەرلەرنى رىۋايەت قىلغان. ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى زارىئ ئەبدىنىڭ ھەدىسى بولۇپ، ئۇ ئابدۇلقەيس باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكى ئىچىدە ئىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئۇلاغلىرىمىزدىن ئالدىراپ چۈشۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىغا ۋە پۇتىغا سۆيدۇق». بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان. مەزىيدە ئەسرىنىڭ ھەدىسىدىمۇ شۇنداق بايان قىلىنىدۇ. ئۇسامە ئىبنى شەرىكنىڭ ھەدىسىدىمۇ ئۇ مۇنداق دېگەن: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويدۇق». بۇ ھەدىسنىڭ سەنىدى كۈچلۈكتۇر. جابىرنىڭ ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويدى».**

**بۇرەيدەنىڭ بىر ئەئرابى بىلەن بىر تۈپ دەرەخ ۋەقەلىكى سۆزلەنگەن ھەدىسىدە بايان قىلىنىشىچە، ئۇ ئەئرابى: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بېشىڭغا ۋە ئىككى پۇتۇڭغا سۆيۈپ قويۇشۇم ئۈچۈن ماڭا رۇخسەت بەرگىن» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىدۇ.**

**ئىمام بۇخارى <ئەلئەدەبۇل مۇفرەد> ناملىق كىتابىدا ئابدۇرراھمان ئىبنى رىزىيىننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سەلىمە ئىبنى ئەكۋەئ بىزگە قولىنى چىقىرىپ بەردى. ئۇنىڭ ئالقانلىرى خۇددى تۆگىنىڭ تۇياقلىرىغا ئوخشاش يوغان ئىدى. بىز ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، قولىغا سۆيدۇق». سابىتتىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىغا سۆيگەن.**

**ئىمام بۇخارى يەنە ئەلي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئابباسنىڭ قولىغا ۋە پۇتىغا سۆيگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. ئۇ يەنە ئەبۇمالىك ئەشجەئىنىڭ سەنىدى ئارقىلىق ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «مەن ئىبنى ئەبۇئەۋفاغا: <پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان شۇ قولۇڭنى ماڭا ئۇزاتقىن> دېدىم. ئۇ قولىنى ماڭا ئۇزىتىپ بەردى. مەن ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويدۇم».**

**ئىمام نەۋەۋي مۇنداق دەيدۇ: «كىشىنىڭ بەك ئىبادەت قىلىدىغان بولۇشى، ياخشىلىقى، بىلىملىك ياكى شەرەپلىك ياكى نۇمۇسچانلىق بولغانلىقى ۋە شۇنىڭدەك دىنىي ئىشلارغا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈش مەكروھ ئەمەس، بەلكى مۇستەھەپتۇر. ئەگەر ئۇنىڭ بايلىقى ياكى نام - ئابرۇيلۇق بولغانلىقى ۋەياكى**

دۇنيا ئىگىلىرى ئالدىدا يۈزئابرويلۇق ئىكەنلىكى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈش قاتتىق مەكروھتۇر »[1].

ئالىم ۋە تەقۋادار ئادەمنىڭ قولىغا بەرىكەت تىلەش يۈزىسىدىن سۆيۈشنىڭ ھېچ يامىنى يوق. شۇنىڭدەك، دىندار ھۆكۈمدارنىڭ ۋە ئادىل پادىشاھنىڭ قولىغا سۆيۈشنىڭ ھېچ يامىنى يوق. بەزىلەر: « ئالىم ئادەمنىڭ ۋە ئادىل پادىشاھنىڭ قولىغا سۆيۈش سۈننەتتۇر » دېگەن.

ئۇنىڭ سۈننەت ياكى مۇستەھەپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ھەدىسلەرگە كەلسەك، الله تائالانىڭ سايىسىدىن باشقا سايە يوق كۈندە الله تائالا ئۆز سايىسىدىن سايە بېرىدىغان يەتتە تۈرلۈك كىشىلەرنىڭ بىر تۈرى ئادىل پادىشاھتۇر. ئالىم كىشىنىڭ بېشىغا سۆيۈش ئەۋزەلدۇر. پادىشاھنىڭ پادىشاھلىق ئەمەلىنى ھىمايە قىلغانلىق يۈزىسىدىن ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈش ئەۋزەلدۇر[2].

ئالىم كىشى ۋە ئادىل پادىشاھتىن باشقىلارنىڭ قولىغا سۆيۈشكە رۇخسەت يوق. ئاتا ـ ئانىنىڭ قولىغا ئۇلارغا ياخشىلىق ۋە ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىنلا سۆيۈشكە رۇخسەت قىلىندى. <ئەلمۇھىت> ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلدى: « كىشىنىڭ دىندارلىقىغا ئېھتىرام قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈش دۇرۇس بولىدۇ. ئەمما دۇنياغا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈش مەكروھ بولىدۇ »[3].

بىرەيلەن بىر ئالىم ياكى ئىبادەت قىلغۇچى كىشىدىن ئۇنىڭ پۇتىنى چىقىرىپ بېرىش ۋە ئۇ پۇتىغا سۆيۈش ئىمكانى يارىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلسۇندى، ئۇ كىشى ئۇنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىلدى. چۈنكى ئۇنىڭ دەلىلى ئىمام ھاكىم رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىس ئىدى: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، <ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا مېنىڭ ئىمانىم كۈچلەنگۈدەك بىرەر نەرسە كۆرسەتكەن بولساڭ> دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « سەن ئاۋۇ دەرەخنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنى چاقىرىپ كەلگىن » دېدى. ئۇ ئادەم ئۇ دەرەخنىڭ يېنىغا بېرىپ: <الله نىڭ پەيغەمبىرى سىزنى چاقىرىدۇ> دېدى. شۇنىڭ بىلەن دەرەخ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا سالام قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ دەرەخكە: « ئەمدى قايتىپ كەتكىن » دېدى. دەرەخ قايتىپ كەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئادەمگە رۇخسەت بەردى. ئۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا ۋە ئىككى پۇتىغا

(1) مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ توققۇز مۆجىزىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ ــ ت.

(2) «فەتھۇلبارى» 11 ـ توم، 57 ـ بەت.

(3) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 245 ـ بەت.

سۆيۈپ قويدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئەگەر بىراۋنى يەنە بىراۋغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيدىغان بولسام، ئەلۋەتتە خوتۇن كىشىنى ئېرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيتتۇم». بۇ ھەدىسكە سەنىدى سەھىھتۇر، دەپ باھا بەرگەن. بەزىلەر: «بۇ شەكىلدە سۆيۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ» دېگەن[1].

خوتۇن كىشىنىڭ باشقا بىر خوتۇن كىشى بىلەن ئۇچراشقاندا ياكى ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشقاندا ئۇنىڭ ئاغزىغا ياكى مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇشى مەكرۇھتۇر. شۇنداقلا بەزى نادانلارنىڭ باشقا بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىغا سۆيۈدىغان قىلمىشلىرى بولۇپ، بۇمۇ ھارامغا يېقىن مەكرۇھتۇر. بۇنىڭغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئەمما ئۇچراشقان ھەمراھىنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويۇشقا كەلسەك، ئەگەر ئۇ ھەمراھى ئالىم ياكى ئادىل كىشى بولمىغان تەقدىردە ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈش پۈتۈن ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىدا مەكرۇھتۇر.

بەزى ھاماقەتلەرنىڭ ئالىملار ۋە كاتتىلارنىڭ ئالدىدا يەرنى سۈيىدىغان قىلمىشلىرى ھارامدۇر. ئۇنى قىلغۇچى ۋە ئۇنىڭغا رازى بولغۇچى ھەر ئىككىلىسى گۇناھكاردۇر. چۈنكى ئۇ بۇتقا چوقۇنۇشقا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇنى قىلىش بىلەن كاپىر بولۇپ كېتەمدۇ؟ ئەگەر بۇنى چوقۇنۇش ۋە ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن قىلسا، كاپىر بولىدۇ. سالام قىلىش يۈزىسىدىن قىلسا، كاپىر بولمايدۇ. لېكىن چوڭ گۇناھ ئىشلىگۈچى گۇناھكارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئالىملار يەنە پادىشاھ ۋە باشقىلارغا ئىڭىشىپ سالام قىلىشنىڭ مەكرۇھ ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان[2].

سۆيۈشنىڭ مۇنداق بەش تۈرلۈك شەكلى بار: بالىغا كۆيۈنۈپ ئۇنىڭ مەڭزىگە سۆيۈش. ئاتا ـ ئانىغا مەرھەمەت كۆرسىتىپ ئۇلارنىڭ بېشىغا سۆيۈش. قېرىندىشىغا شەپقەت كۆرسىتىپ ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈش. خوتۇنىغا ياكى دېدىكىگە شەھۋەت قوزغىتىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا سۆيۈش. مۆمىنلەر بىلەن سالاملىشىپ ئۇلارنىڭ قوللىرىغا سۆيۈش. بەزىلەر سۆيۈش تۈرىگە <ھەجەر ئەسۋەدنى (يەنى كەبىدىكى قارا تاشنى)> دىنىنىڭ نامىدىن سۆيۈشنى قوشۇپ قويغان.

قۇرئان كەرىمنى سۆيۈش بىدئەت دەپ قارىلىدۇ. لېكىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەندە قۇرئان كەرىمنى ئېلىپ، ئۇنى سۆيۈدىغانلىقى ۋە: «بۇ پەرۋەردىگارىم الله تائالانىڭ ئەھدىسىدۇر، پەرۋەردىگارىم الله تائالانىڭ دەۋەتنامىسىدۇر» دەيدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرئان

(1) «ئەددۇررۇلمۇختار» 5 ـ توم، 245 ـ بەت.

(2) بۇ قاراش بىزنىڭ ھازىرقى زامانىمىزدا تېخىمۇ ئەۋزەلدۇر. ئىبنى ھەجەر «تەلخىيسۇل ھەبىير» ناملىق كىتابىدا بۇ ھەدىسنىڭ زەئىپ ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

كەرىمنى سۆيەتتى ۋە يۈزىگە سۈرتەتتى.

ئەمما نانىنى سۆيۈشكە كەلسەك، شافىئى مەزھەپىنىڭ ئالىملىرى ئۇنى قىلىسا بولىدىغان يېڭى پەيدا بولغان ئىش، دەپ دۇرۇس قىلغان. بەزىلەر ئۇنى ياخشى ئىش، دەپ قارىغان. ئۇلار مۇنداق دېگەن: «ئۇنى سۆيۈش ئەمەس، دەسسەش مەكروھتۇر». بىزنىڭ فىقھى قائىدە پرىنسىپلىرىمىز نانىنى سۆيۈشنى رەت قىلمايدۇ. بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «نان ۋە گۆشنى پىچاق بىلەن خۇددى ئەرەب ئەمەس خەلقلەر كەسكەندەك كەسمەڭلار. ئۇنى قەدىرلەڭلار. شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله ئۇنى قەدىرلىك قىلىپ ياراتتى». يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «لېكىن سىلەر ئۇنى چىشلەپ يەڭلار». ئىمام ساغانى: «بۇ ھەدىس يالغاندىن توقۇلغان ھەدىستۇر» دېگەن. شۇڭا نان ۋە گۆشنى پىچاق بىلەن كېسىش مەكروھ ئەمەس[1].

كىشىلەرنى سورۇنلاردا مەرتىۋىلىرىگە قاراپ ئولتۇرغۇزۇش ۋە بۇنىڭدا چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش، پادىشاھلارغا، ۋەزىرلەرگە، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا ۋە كاتتىلارغا پەرقلەندۈرۈپ خىتاب قىلىش ــ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆرپ ـ ئادەت ئىشلىرى بولۇپ، سەلەپلەردە مۇنداق ئىش يوق ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە بىز ئۇنى ئۆزئارا ھۆرمەتلىشىش ۋە چىقىشىپ مۇئامىلە قىلىش ئۈچۈن قوللىنىپ كېلىۋاتىمىز. گەرچە بۇ ئىشلار بىدئەت بولسىمۇ، ئۇنى قىلىش جائىزدۇر ۋە بۇيرۇلۇشقا تېگىشلىكتۇر. لېكىن ئۇنىڭغا پەقەت بىرلا ھالەتتە مۇستەھەپ يۈزىسىدىن بۇيرۇلۇشقا بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئەگەر ئۇ ئىش تەرك ئېتىلگەندە زىددىيەت، دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت پەيدا بولىدىغان ھالەتتۇر.

ئۇستازىم شەيخ مۇھەممەد ھامىد (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) <ئەررۇدۇد> ناملىق كىتابتا مۇنۇلارنى تىلغا ئالغان: «ئالىملار ۋە كاتتىلارنىڭ ئالدىدا يەرنى سۆيۈش ھارامدۇر. ئۇنى قىلغۇچى ۋە ئۇنىڭغا رازى بولغۇچى ھەر ئىككىلىسى گۇناھكاردۇر. چۈنكى ئۇ بۇتقا چوقۇنۇشقا ئوخشاپ كېتىدۇ».

دۇنياغا ئېرىششنى كۆزلەپ، الله تائالادىن باشقا بىرىگە ئۆزنى ئاجىز كۆرسىتىش بىلەن كەمتەرلىك قىلىش ھارامدۇر. ئەمما ئۆزدىن تۆۋەن دەرىجىلىك كىشىلەرگە مېھرىبانلىق قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇيرۇلغان ئىشتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ساڭا ئەگەشكەن مۆمىنلەرگە مۇلايىم بولغىن»[2]، «الله نىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى؛ ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 246 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 246 ـ بەت.

تىلىگەن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن؛ (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، الله غا تەۋەككۇل قىلغىن. الله ھەقىقەتەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ »[1].

مەسجىدتە ئولتۇرغان كىشىنىڭ مەسجىدكە كىرگەن كىشىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورنىدىن تۇرۇشى، قۇرئان ئوقۇۋاتقان كىشىنىڭ ئۆز يېنىغا كەلگەن كىشىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورنىدىن تۇرۇشى، ئەگەر كەلگەن كىشى ھۆرمەتكە لايىق كىشى بولسا، مەكروھ ئەمەس. بىراۋ ئۈچۈن ئورۇندىن تۇرۇش مەكروھ ئەمەس، بەلكى، باشقىلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئورۇندىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشىنى ياخشى كۆرۈش مەكروھتۇر. ئەگەر ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئورۇندىن تۇرۇشىنى ياخشى كۆرمىسە، باشقىلار ئۆزلىرى ئورۇندىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرگەن تەقدىردە مەكروھ بولمايدۇ. ئەمما باشقىلارنىڭ ئورۇندىن تۇرماسلىقىنى ياقتۇرمايدىغان، ئۆزىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورنىدىن تۇرمىغانلاردىن ئەزىيەت ھېس قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ئاغرىنىدىغان ياكى ئۇنىڭغا تاپا ـ تەنە قىلىدىغان كىشىگە كەلسەك، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورۇندىن تۇرۇش مەكروھتۇر. ئەگەر ئورۇندىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈلمەيدىغان كىشى ئۈچۈن ئورۇندىن تۇرسا، مەكروھ بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئورۇندىن تۇرۇش ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان ئورۇندا ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ.

ھېكمەت ئىگىسى ۋە ھۆرمەتلىك ئۇستاز شەيخ ئەبۇلقاسىمدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ ئۆز يېنىغا باي كىرسە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرىدىكەن ۋە ئۇنى ھۆرمەتلەيدىكەن. كەمبەغەللەر ۋە تالىپلار كىرسە، ئورنىدىن تۇرمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەھۋال ئۇنىڭدىن سورالغاندا ئۇ مۇنداق جاۋاب بەرگەنىكەن: « باي مېنىڭ ھۆرمەت قىلىشىمنى كۈتىدۇ. ئەگەر مەن ئۇنداق قىلمىسام، ئۇ ئەلۋەتتە رەنجىپ قالىدۇ. ئەمما كەمبەغەللەر ۋە تالىپلار بولسا سالام قايتۇرۇشۇمنى ۋە ئۆزلىرى بىلەن ئىلىم ھەققىدە سۆھبەتلىشىشىمنى تەمە قىلىدۇ »[2].

ئۇستىدە بىر لا تامبال كىيىۋالغان ئىككى ئەر كىشىنىڭ قۇچاقلىشىشى مەكروھتۇر. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۇستىدە كۆينەك ياكى چەكمەن بولسا، شەھۋەت نەزىرى بىلەن قاراش بولمىغان تەقدىردە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشسە دۇرۇس بولىدۇ. بىر ئەر كىشىنىڭ يەنە بىر ئەر كىشى بىلەن، ئارىدا توساق بولماستىن، بىر يوتقاندا يېتىشى، شۇنداقلا ئىككى خوتۇن كىشىنىڭ شۇنداق قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ.

كىچىك ئوغۇل ياكى قىز بالا ئون ياشقا كىرسە، ئۇلارنىڭ ياتقىنى ئايرىۋېتىش

(1) سۈرە شۇئەرا، **215** ـ ئايەت.

(2) سۈرە ئال ئىمران، **159** ـ ئايەت.

ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «پەرزەنتلىرىڭلار يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇلارنى ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇڭلار. ئۇلار ئون ياشقا كىرگەندە ئۇلارنى ناماز ئوقۇشقا مەجبۇرلاڭلار ۋە ئۇلارنىڭ ياتىدىغان جايلىرىنى ئايرىۋېتىڭلار»[1].

ئايرىۋېتىشتىن مەقسەت، ئۇلارنىڭ ئۇخلاۋاتقاندا چەكلەنگەن ئىشقا گىرىپتار بولۇپ قېلىش خەۋپىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر. چۈنكى كىچىك بالا ئون ياشقا كىرگەندە جىنسىي مۇناسىۋەت ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ دىنى ئۇنى بۇنداق ئىشتىن توسۇپ قالغىدەك كۈچلۈك بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ ھەمشىرىسىگە ۋە ئانىسىغا چېقىلىپ قويۇشى مۇمكىن. نېمىشقا دېگەندە، ئۇخلاش راھەت ئالىدىغان ۋاقىت بولۇپ، شەھۋەت قوزغىلىپ قالىدۇ. ھەر ئىككىلىسىنىڭ يوتقىنى ئېچىلىپ قالىدۇ. بۇ ئەھۋال چەكلەنگەن ئىشنىڭ سادىر بولۇپ قېلىشىغا ۋە ھارام بولغان مۇناسىۋەتنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. بولۇپمۇ ھازىرقى زامانىمىزنىڭ پەرزەنتلىرى ئارىسىدا شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار يامان ئىشلارنى چوڭلارغا قارىغاندا جىقراق بىلىدىغان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

ئاتا ـ ئانىسى ئۇخلاۋاتقاندا ئۇلارنىڭ ياتىقىغا كىرىپ بىرگە ئۇخلاشقا بولمايدۇ. شۇنىڭدەكلا قىزىنىڭ ياتىقىغا كىرىپ ئۇخلاشقا بولمايدۇ. ئەكسىچە، ئۆزى يالغۇز بولسا ياكى يالغۇز ئاتىسى بىلەن ئۇخلىسا، قىز بالىمۇ يالغۇز ئانىسى بىلەن ئۇخلىسا بولىدۇ. كىچىك بالىنىڭ بىر ئەر كىشى بىلەن ياكى يات ئىككى ئايال بىلەن ئۇخلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

## مەسجىدنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى

قىلسا بولىدىغان پاراڭلارنى مەسجىدتە مەخسۇس ئولتۇرۇپ قىلىشىش مەكرۇھتۇر. چۈنكى مەسجىدتە ئولتۇرۇپ مۇباھ پاراڭلارنى سېلىشىنىڭ ياخشىلىقلارنى خۇددى ئوت ئوتۇننى كۆيدۈرۈپ تاشلىغاندەك كۆيدۈرۈۋېتىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. بۇ باشقا پاراڭ ئەمەس، قىلسا بولىدىغان پاراڭ ھەققىدىكى ھۆكۈم بولۇپ، ئۇنىڭ گۇناھى ئاممىباپتۇر.

جىنازىنىڭ ئارقىدىن كېتىۋېتىپ يۇقىرى ئاۋازدا پاراڭ سېلىشمۇ مەكرۇھتۇر. جىنازىنى كۆرگەن كىشىنىڭ: «الله ئەكبەر، الله ئەكبەر. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، الله تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ. ھالبۇكى، الله ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەرگىز ئۆلمەيدۇ. ئۆزىنى

[1] «ئەلھەدىييە ئەلئەلائىييە» 250 ـ بەت.

قۇدرەت ئىگىسى ۋە مەڭگۈ قالغۇچى كۈچ دەپ كۆرەلەپ كەتكەن، الله نىڭ بەندىلىرىگە ئۆلتۈرۈش ۋە يوقىتىش بىلەن قەھرى قىلغان كىشىلەردىن الله نى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن» دېيىشى لازىم. جىنازىنىڭ ئارقىدىن كېتىۋېتىپ دۇنيا ئىشلىرى ھەققىدە پاراڭلاشماسلىق ۋە كۈلمەسلىك كېرەك. چۈنكى ئۇ دىلنى قاتتىقلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

ھاجەتخانىدا تۇرۇپ پاراڭ سېلىشمۇ مەكروھتۇر. چۈنكى ئۇ ئاداۋەت پەيدا قىلىدۇ. جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈۋاتقان چاغدا كۆپ پاراڭلىشىش ھارامغا يېقىن مەكروھتۇر. قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋاتقان چاغدىمۇ گەپ قىلىش مەكروھتۇر. شۇنداقلا زىكىر ئېيتىۋاتقان ۋە ۋەز ـ نەسىھەت قىلغۇچى ۋەز ئېيتىۋاتقان چاغدا بەزى كىشىلەرنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا تەھلىل ئېيتىشى (يەنى يۇقىرى ئاۋازدا «لائىلاھە ئىللەللاھۇ» دېيىشى) ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يۇقىرى ئاۋازدا دۇرۇد ئېيتىشى مەكروھتۇر.

مەسجىد الله تائالانىڭ ئۆيىدۇر. بىر ھەدىس قۇددۇسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، يەر يۈزىدىكى ئۆيلىرىم مەسجىدلەردۇر. ئۇنىڭدا مېنى زىيارەت قىلغۇچىلار ئۇنى ئاۋاتلاشتۇرغۇچىلاردۇر. ئۆيىدە تاھارەت ئالغان، ئاندىن مېنىڭ ئۆيۈمدە مېنى زىيارەت قىلغان بەندە بەختلىك بولسۇن! زىيارەت قىلىنغۇچىنىڭ زىيارەت قىلغۇچىسىنى ئىكرام قىلىشى مۇھەققەقتۇر». بۇ ھەدىسنى ئىمام غەززالى «ئەلئىھيائ» ناملىق كىتابىدا بايان قىلغان.

مەسجىدكە كىرىپ ئادەتلىنىش ئىماننىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەگەر بىراۋنىڭ مەسجىدلەرگە كىرىپ ئادەتلەنگەنلىكىنى كۆرسەڭلار، ئۇنىڭ ئىماندارلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىڭلار»[(1)].

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، مەسجىدلەرنىڭ قوزۇقلىرى بار[(2)]. پەرىشتىلەر ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار كېلەلمىسە، پەرىشتىلەر ئۇلارنى سۈرۈشتە قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار كېسەل بولۇپ قالسا، پەرىشتىلەر ئۇلارنى يوقلايدۇ. ئەگەر ئۇلار ھاجەتمەن بولۇپ قالسا، پەرىشتىلەر ئۇلارغا ياردەملىشىدۇ»[(3)].

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالانىڭ ئۆيلىرىنى ئاۋاتلاشتۇرغۇچىلار ــ ئەنە شۇلار الله تائالانىڭ ئەھلىدۇر»[(4)].

(1) ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

(2) ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

(3) مۆمىنلەرنى دېمەكچى ــ ت.

(4) ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

مەسجىدكە كىرگۈچىنىڭ الله تائالانى زىيارەت قىلىشنى نىيەت قىلىشى كېرەك. شۇنداقلا نامازنى كۈتۈپ تۇرۇشى، ئەزالىرىنى گۇناھتىن ساقلىشى، ناماز ئوقۇشنى، زىكىر ئېيتىش ياكى قۇرئان تىلاۋەت قىلىشنى نىيەت قىلىشى لازىم. <ئەلئىھيائ> ناملىق كىتابتا شۇنداق كۆرسىتىلگەن.

مەسجىدكە ئوڭ پۇت بىلەن كىرىش، كىرگەن چاغدا: «ئۇلۇغ الله غا، ئۇنىڭ كەرەملىك زاتىغا ۋە قەدىمىي پادىشاھلىقىغا سىغىنىپ قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن. جىمى ھەمدۇسانا الله قا خاستۇر. ئى الله! خوجايىنىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت قىلغىن! ئى الله! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھمىتىڭنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئاچقىن!» دېيىش لازىم.

مەسجىدتىن چىققاندىمۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان دۇئانى ئوقۇش، پەقەت «رەھمىتىڭنىڭ دەرۋازىلىرىنى» دېيىشنىڭ ئورنىغا «پەزلىڭنىڭ دەرۋازىلىرىنى» دېيىش لازىم. ئىمام نەۋەۋىينىڭ <ئەلئەزكار> ناملىق كىتابىدا شۇنداق كۆرسىتىلگەن.

مەسجىدكە كىرگەن كىشىنىڭ مەسجىدتىكى كىشىلەرگە سالام قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر مەسجىدتە ھېچكىم بولمىسا ياكى مەسجىدتىكىلەر ناماز ئۆتەش ياكى قۇرئان ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇ: «ئەسسەلامۇ ئەلەينا ۋەئەلا ئىبادىللاھىسسالىھىين» دەيدۇ.

مەسجىدتە دەرس سۆزلەشكە بەلگىلەنگەن كىشىنىڭ باشقىلارنى دەرس ئاڭلاشتىن مەنئى قىلىش ھەققى يوق. مەسجىدنىڭ دەرۋازىسىنى تاقاپ قويۇش مەكرۇھتۇر. چۈنكى ئۇ ناماز ئوقۇشنى مەنئى قىلىشقا ئوخشاپ قالىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «الله نىڭ مەسجىدلىرىدە الله نىڭ نامىنىڭ ياد قىلىنىشىنى توسقان ۋە ئۇلارنى ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنغانلاردىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ مەسجىدلەرگە ئۇلارنىڭ پەقەت قورققان ھالدىلا كىرىشى لايىق ئىدى، ئۇلار دۇنيادا رەسۋا بولىدۇ. ئاخىرەتتە چوڭ ئازابقا (يەنى دوزاخ ئازابىغا) دۇچار بولىدۇ»[1].

پەقەت مەسجىدنىڭ مال ـ مۈلكىگە زىيان يېتىش خەۋپى بولغان ۋە ئۇنى تاقاپ قويۇش مەھەللە ئىگىلىرىگە تەدبىرلىك چارە بولۇپ بىلىنگەن تەقدىردە ئۇلار بىر ئادەمنى بەلگىلەپ، ئۇنى قازىنىڭ ئىشىدىن باشقا ئىشلارغا قاراشقا توختىتىپ قويسا، بۇ چاغدا ئۇ ئادەم مۇتىۋەللى بولىدۇ.

مەسجىدنىڭ ئۆگزىسىدە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش، چوڭ ۋە كىچىك تەرەت

(1) ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

قىلىش مەكروھتۇر. چۈنكى ئۇ ئاسماننىڭ قەرىگىچە ۋە زېمىننىڭ ئاستىغىچە مەسجىد ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەسجىد ئۈستىدىكى كىشىلەرنىڭ مەسجىد ئىچىدىكى ئىمامغا، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپلا قالمىغان تەقدىردە، ئىقتىدا قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىش بىلەن ئېتىكاپ بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. جۇنۇب، ھەيزدار ۋە نىفاسدارلارنىڭ مەسجىد ئۈستىدە تۇرۇشى دۇرۇس بولمايدۇ. <رەددۇلمۇھتار> ناملىق كىتابتا شۇنداق كۆرسىتىلگەن.

شۇنداق، ئەگەر مەسجىد ئورنىنى ۋەقپە قىلغۇچى ئۇنىڭ ئاستىنى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن يەر ئاستى ئۆي قىلسا، دۇرۇس بولىدۇ. ئەمما ۋەقپە قىلغۇچىدىن باشقا ئادەمنىڭ ئۇنداق قىلىش ھەققى يوق. بۇ ھەقمۇ بىنا سېلىنىۋاتقان جەرياندا كۈچكە ئىگە. بىنا پۈتۈپ بولغاندىن كېيىن ۋەقپە قىلغۇچىنىڭمۇ مۇنداق قىلىش ھەققى يوق.

مەسجىدنى ئۆزرىسىز ھالدا ئۆتىدىغان يول قىلىۋېلىش مەكروھتۇر. بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم ئۆتسە يامان بولمايدۇ. پەقەت داۋاملىق ئۆتۈپ ئادەتلىنىۋالسا يامان بولىدۇ. ئەگەر كىرىپ بولۇپ، مەسجىدنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ بولغاندا پۇشمان قىلىپ قالسا، مۇنداق ئەھۋالدا بەزىلەر: «چىقىشنى كۆزلىگەن دەرۋازىدىن ئەمەس باشقا دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىدۇ» دېگەن. يەنە بەزىلەر: «ناماز ئوقۇيدۇ، ئاندىن قايسى دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىشنى ئۆزى تاللايدۇ» دېگەن. يەنە بەزىلەر: «ئەگەر ئۇ تاھارەتسىز بولسا، جىنايىتىنى يۇيۇش ئۈچۈن كىرگەن دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىدۇ» دېگەن.

ئەگەر ئۇ مەسجىدكە كىرگەن چاغدا ئېتىكاپ قىلىشنى نىيەت قىلغان بولسا، كۆزلىگەن دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىشىنىڭ ھېچ يامىنى يوق. گەرچە ئۇ مەسجىدتە تۇرمىسىمۇ، ئېتىكاپنى نىيەت قىلىش بىلەن گۇناھتىن ساقلىنىپ قالىدۇ. بەلكى قەدەملەر ئارىلىقلىرىدىكى سۈكۈتلىرى ئېتىكاپ ئۈچۈن كۇپايە قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ مەسجىدكە كىرىشى كۆپ قېتىم تەكرارلانسا، كۈندە بىر قېتىم سالام نامىزى (يەنى تەھىيەتۇلمەسجىد نامىزىنى) ئوقۇشى يېتەرلىكتۇر.

مەسجىدكە ئۇنى پاسكىنا قىلىپ قويۇش خەۋپى بولغان پاسكىنا نەرسىلەرنى ئېلىپ كىرىش مەكروھتۇر. بەدىنىدە نىجاسەت بار كىشى مەسجىدكە كىرسە بولمايدۇ. نىجىس نەرسە ئارىلىشىپ قالغان ياغ بىلەن ياغلانغان كىشىنىڭمۇ كىرىشى دۇرۇس ئەمەس.

مەسجىدكە پاسكىنا نەرسە ئېلىپ كىرىشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى قاراشقا ئاساسەن، پاسكىنا سۇ ئارىلىشىپ قالغان سۇ بىلەن ئېتىلگەن لايدا مەسجىدنى

سۈۋاشقىمۇ بولمايدۇ. مەسجىدتە سىيىشكە، گەرچە قاچىغا سىيگەن تەقدىردىمۇ، دۇرۇس بولمايدۇ. شۇنداقلا ئۇسسۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر ئۇسسۇرغىسى كېلىپ كەتسە، مەسجىدنىڭ سىرتىغا چىقىپ ئۇسسۇرىدۇ.

كىچىك بالىلارنىڭ ۋە ساراڭلارنىڭ مەسجىدنى پاسكىنا قىلىپ قويۇش ئېھتىمالى كۈچلۈك بولسا، ئۇلارنى مەسجىدكە ئېلىپ كىرىش ھارام بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق ئېھتىمال كۈچلۈك بولمىسا، مەكروھ بولىدۇ. چۈنكى ۋاسىلەدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەسجىدلىرىڭلارغا كىچىك بالىلارنى ۋە ساراڭلارنى ئېلىپ كىرىشتىن، ئۇنىڭدا ئېلىم ـ سېتىم ئىشلىرىنى قىلىشتىن، دەۋا ئىشلىرىڭلارنى بىر تەرەپ قىلىشتىن، يۇقىرى ئاۋازدا پاراڭلىشىشتىن، جازا ئىشلىرىڭلارنى ئىجرا قىلىشتىن، قىلىچلىرىڭلارنى قىنىدىن چىقىرىشتىن ساقلىنىڭلار. ئۇنىڭ دەرۋازىلىرىغا خۇشبۇي نەرسىلەرنى قويۇڭلار، يىغىلىش ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭغا خۇشپۇراق نەرسىلەرنى چېچىڭلار». ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

مۇئەللىپ (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ «ھارام بولىدۇ» دېگەن سۆزى زەننىي دەلىلگە ئاساسلانغانلىقى ئۈچۈن ھارامغا يېقىن مەكروھنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ: «ئەگەر ئۇنداق ئېھتىمال كۈچلۈك بولمىسا، مەكروھ بولىدۇ» دېگەن سۆزى ھالالغا يېقىن مەكروھنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما اللە تائالانىڭ: «ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىلغا ئۆيۈمنى (يەنى كەبەمنى) تاۋاپ قىلغۇچىلار، ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار، سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن پاك تۇتۇشنى بۇيرۇدۇق»[1] دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇ ئايەت شېرىك ئەھلىنىڭ ئەمەللىرىدىن پاك تۇتۇشقا بۇيرۇغانلىق ئېھتىماللىقىنى كۆرسىتىدۇ. <رەددۇلمۇھتار> ناملىق كىتابتا شۇنداق بايان قىلىنغان.

مەسجىدكە كىرگۈچى ئاياق ۋە ئۆتۈكىنى پاك تۇتۇشقا رىئايە قىلىشى، ئەگەر ئۇ ئىككىسى پاك بولغان تەقدىردە ئۇنىڭدا ناماز ئوقۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئاياقلىرىڭلاردا ناماز ئوقۇڭلار، يەھۇدىيلارغا ئوخشاپ قالماڭلار». ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى مەدىنىنىڭ كوچىلىرىدا ئاياقلىرى بىلەن ماڭاتتى. ئاندىن شۇ ئاياقلىرى بىلەن ناماز ئوقۇيتتى. لېكىن مەسجىدكە كىرگۈچى ئۇنىڭ سېلىنجىلىرىنى پاسكىنا قىلىپ قويىشىدىن قورقسا، گەرچە ئايىقى پاكىز بولغان تەقدىردىمۇ، ئاياق بىلەن كىرمەسلىكى لازىم. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىگە ئۇنىڭ زامانىدا شېغىل تاش ياتقۇزۇلغانىدى. بىراق بىزنىڭ زامانىمىزدا مەسجىدلەر ئۇنىڭ ئەكسىچە سېلىنجىلار بىلەن توشقۇزۇلغاندۇر.

(1) سۈرە بەقەرە، 114 ـ ئايەت.

مېيىت نامىزى ياكى ھېيت نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن سېلىنغان مەسجىد ئىقتىدا قىلىشنىڭ دۇرۇس بولۇشىدا، گەرچە سەپلەر ئايرىلىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، مەسجىد ھېسابلىنىدۇ. ئىقتىدا قىلىشتىن باشقا مەسىلىلەردە مەسجىد ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا جۇنۇب ۋە ھەيزدارنىڭ كىرىشى دۇرۇس بولىدۇ. مەسجىدنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تۇتاش بولغان ھويلىسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن مەسجىد ئارىسىدا يول بولمىغان تەقدىردە، مەسجىدنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. شۇڭا ئۇ مەسجىدكە تەۋە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدا ئېتىكاپ قىلىش دۇرۇس بولىدۇ.

رابات ۋە تالىپلارغا ياتاق قىلىپ بېرىلگەن مەخسۇس مەدرىسلەردە ناماز ئوقۇيدىغان مەسجىد بولسا، ئۇنىڭ ھۆكمىمۇ باشقا مەسجىدلەرگە ئوخشاش بولىدۇ. ئەمما مەدرىس مەسجىدنىڭ ھۆكمىگە كىرمەيدۇ. كۆلنىڭ يېنىغا شۇ كۆلدە تاھارەت ئالغان كىشىنىڭ ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن نامازگاھ قىلىپ قويغان جايمۇ مەسجىدنىڭ ھۆكمىدە ئەمەس. بازارلاردا ۋە تىجارەت دۇكانلىرىدا ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئاتاپ سېلىنغان نامازگاھلارمۇ مەسجىدنىڭ ھۆكمىدە بولمايدۇ. يول ياقىلىرىغا سېلىنغان، لېكىن مۇقىم جامائىتى يوق مەسجىدلەر مەسجىدنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. بىراق ئۇنىڭدا ئېتىكاپ قىلىنمايدۇ.

ئەڭ ئەۋزەل مەسجىد مەككە مۇكەررەمەدىكى ھەرەم مەسجىدىدۇر. ئاندىن قالسا مەدىنە مۇنەۋۋەردىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ بۇ مەسجىدىمدە ئوقۇلغان ناماز ئۇنىڭدىن باشقا مەسجىدتە ئوقۇلغان مىڭ رەكەت نامازغا تەڭ كېلىدۇ. پەقەت ھەرەم مەسجىدى بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر».

ئالىملار ھەرەم مەسجىدىنىڭ مەزكۇر ئارتۇقچىلىققا ئىگە قىلىدىغان ئورنى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشقان. بەزىلەر: «ھەرەمنىڭ ھەممە يېرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېگەن. يەنە بەزىلەر: «كەبىنى ۋە بەيتۇللاھنىڭ ئۆلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېگەن. يەنە بەزىلەر: «كەبىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مەسجىد قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېگەن.

شەيخ ۋەلىيۇددىن ئىراقى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ مەسىلە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى مەسجىدنىڭلا ئارتۇقچىلىقىغا خاس ئەمەس. بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ جاينى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ مەشھۇر قارىشىغا ئاساسلانغاندا ئۇ پۈتۈن مەككىنى، بەلكى ئېھرامدىكى كىشىنىڭ ئوۋ ئوۋلىشى ھارام بولغان پۈتۈن جايلارنى ئومۇمەن ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ». ئىمام نەۋەۋىيمۇ بۇ قاراشنى توغرىلىغان.

بۇ ئارتۇقچىلىق پەرز نامازلارنىمۇ، نەپلە نامازلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. <شەرھۇل مەناۋىي ئەلا ئەلجامىئ ئەسسەغىر>ناملىق كىتابتا شۇنداق كۆرسىتىلگەن.

لېكىن شەيخ ئىبنى ئابىدىن <رەددۇلمۇھتار> ناملىق كىتابتا مۇنداق دېگەن: بۇ ئارتۇقچىلىق پەرز نامازغا خاستۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلارنى ئۆيىدە ئوقۇغان نامىزى مېنىڭ مەسجىدىمدە ئوقۇغان نامىزىدىن ئەۋزەلدۇر. پەقەت پەرز ناماز ئۇنداق ئەمەس». ئۇنداق بولمىسا، ئالدىنقى ھەدىس بىلەن بۇ ھەدىسنىڭ ئارىسىدا قارىمۇقارشىلىق مەيدانغا كېلىدۇ.

لېكىن رافىئى <تەقرىرات> ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىنى ئومۇملۇق سۈپىتىدە چۈشىنىشنىڭ ھېچقانداق توسالغۇسى يوق. شۇنداق بولغاندا ئۆيلەردە ئوقۇلغان ناماز مۇتلەق جەھەتتە ئارتۇق بولسىمۇ، مەدىنە ياكى مەككىنىڭ ئۆيلىرىدە ئوقۇلغان نەپلە ناماز ئۇ ئىككى شەھەرنىڭ ئۆيلىرىدىن باشقا ئۆيلەردە ئوقۇلغان نامازدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ. مەدىنە ۋە مەككىدىكى ئىككى مەسجىدتە ئوقۇلغان نامازمۇ شۇنداق بولىدۇ.

ھەرەمدە قىلىنغان ھەربىر ياخشىلىققا يۈز مىڭ ياخشىلىقنىڭ ساۋابى بېرىلىدىغان تۇرسا، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما شۇنداق دېگەن، قانداقمۇ ھەرەمدە ئوقۇلغان نەپلە نامازنىڭ ساۋابى نەچچە ئون ھەسسە ئارتۇق بېرىلمىسۇن؟ مەككىنىڭ ھەرەم دائىرىسىدە ئوقۇلغان نەپلە ناماز ياخشىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىدىن قالسا، قۇددۇستىكى ئەقسا مەسجىدى ئەۋزەلدۇر. چۈنكى ئۇ مەخسۇس زىيارەت قىلىش ئۈچۈن سەپەر قىلىنىدىغان ۋە ئۇنىڭدا ئوقۇلغان نامازغا ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدىغانلىقى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان ئۈچ مەسجىدنىڭ بىرىدۇر. ئاندىن قالسا قۇبا مەسجىدىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆيىدىن چىقىپ بۇ مەسجىدكە (يەنى قۇبا مەسجىدىگە) كەلسە، ئاندىن ئۇنىڭدا ناماز ئوقۇسا، ئۇنىڭغا بىر قېتىم ئۆمرە قىلغانىنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ»[1]. ئاندىن قالسا جامىلەر يەنى جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان مەركىزىي مەسجىدلەردۇر. ئاندىن قالسا مەھەللىلەردىكى مەسجىدلەردۇر. ئاندىن قالسا يوللار ئۈستىدىكى مەسجىدلەردۇر.

دەمەشىق مەسجىدى قەدىمىي جامە مەسجىدلەرنىڭ بىرىدۇر. ئېيتىلىشچە، ئۇنىڭ تۆت تېمىنى تۇنجى قېتىم ھۇد ئەلەيھىسسالام سالغانىكەن. ئۇنىڭدا زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يەھيا ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشى بار. ئۇ جامە ئەنجىرلىك جىلغىسىدىكى مەسجىدنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ قەدىمىي ئىبادەتخانا بولۇپ، بىر قىسىم پەيغەمبەرلەر (ئۇلارغا اللہ نىڭ سالامى بولسۇن!) بۇ جايدا ئۆتكەن. ھۆرمەتلىك ساھابىلار ئۇنىڭدا ناماز ئوقۇغان.

**(1)** سۈرە بەقەرە، **125** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇستازىمىز سۇفيان سەۋرى مۇنداق دېگەن: «دەمەشىق مەسجىدىدە ئوقۇلغان نامازغا ئوتتۇز مىڭ نامازنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ. ئۇ دەمەشىقنىڭ مەسجىدلىرى ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمىي، جامائىتى ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ ئەۋزەل مەسجىدتۇر»[1]. لېكىن بۇ قاراش ساۋابى ھەسسىلەپ بېرىلىدىغان ئۈچ مەسجىد ھەققىدە بايان قىلىنغان سەھىھ ھەدىسلەرگە زىتتۇر. ئۇ ئۈچ مەسجىد بولسا ھەرەم مەسجىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى ۋە ئەقسا مەسجىدىدىنلا ئىبارەتتۇر.

دەرس ئېلىش ياكى ياخشى خەۋەرلەرنى ئاڭلاش يۈزىسىدىن بىر ئادەم ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۇستازىنىڭ ناماز قىلىدىغان مەسجىدى مەركىزىي جامىلەردىن، شۇنداقلا مەركىزىي جامىلەردىن تۆۋەن تۇرىدىغان قەدىمىي مەسجىدلەردىن ۋە شۇ مەسجىدتىن تۆۋەن تۇرىدىغان مەسجىدلەردىن ئەۋزەلدۇر. چۈنكى ئۇنىڭدا ناماز ئوقۇش ۋە دەرس تىڭشاشتىن ئىبارەت ئىككى ئارتۇقچىلىقنى ئېرىشكىلى بولىدۇ. شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەۋزەللىك جەھەتتە قۇددۇستىكى مەسجىدتىن قالسا قەدىمىي مەسجىدلەر، ئاندىن قالسا جامائىتى ئەڭ كۆپ مەسجىدلەر، ئاندىن قالسا ئۇنىڭدىن تۆۋەن تۇرىدىغان مەسجىدلەر، ئاندىن قالسا ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەن تۇرىدىغان مەسجىدلەر تۇرىدۇ. <رەددۇلمۇھتار> ناملىق كىتابتا شۇنداق كۆرسىتىلگەن.

مەھەللىسىنىڭ مەسجىدى جامائىتى كۆپ مەركىزىي جامىدىن ئەۋزەلدۇر. بەلكى مەھەللىسىنىڭ مەسجىدىدە مۇئەززىن بولمىغان تەقدىردە، ئۇنىڭغا ئۆزى بېرىپ ئەزان ئېيتىدۇ ۋە يالغۇز بولسىمۇ ناماز ئوقۇيدۇ. چۈنكى ئۇ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەت بولۇپ، ئۇنى ئادا قىلىشى لازىم. ئەگەر مەھەللىسىدە ئىككى مەسجىد بولغان تەقدىردە قايسىسى بېرىشقا يېقىن بولسا شۇنىڭغا بارىدۇ. ئەگەر ئىككىسى يىراق ـ يېقىنلىقتا تەڭ بولسا، خالىغىنىغا بارىدۇ. ئەگەر ئۆزى فىقھى ئالىمى بولۇپ، ئۇ ئىككى مەسجىدنىڭ بىرىنىڭ جامائىتى كۆپ بولغان تەقدىردە، جامائىتى ئاز مەسجىدنىڭ جامائىتىنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەبچى بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بارىدۇ. ئەگەر فىقھى ئالىمى بولمىسا، قايسىسىنى خالىسا شۇنىڭغا بارىدۇ. ئەگەر ئىككى مەسجىدنىڭ بىرىنىڭ ئىمامى زىناخور ياكى جازانە يەيدىغان ۋەياكى قىرائەتتە خاتالىشىدىغان كىشى بولمىغان تەقدىردە ئۇنىڭ ھۆكمى شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىمامدا ئەنە شۇنداق ئىللەتلەر بولۇپ قالسا، يەنە بىر مەسجىدكە بارىدۇ[2].

زىممىيلار ھەرەم مەسجىدىگە كىرسە بۇنىڭ ھېچ يامىنى يوق. ئىمام شافىئى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) «ئۇلارنىڭ ھەرەم مەسجىدىگە كىرىشى مەكرۇھتۇر»

(1) ئىمام ئەھمەد ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.

(2) «ئەلھەدىييە ئەلئەلائىييە» 286 ـ بەت.

دېگەن. ئىمام مالىك (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) «ئۇلارنىڭ ھەرقانداق مەسجىدكە كىرىشى مەكروھتۇر» دېگەن. ئىمام شافىئى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى دەلىل قىلىدۇ: «ئى مۆمىنلەر! مۇشرىكلار (الله نى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىقادى بۇزۇق بولغانلىقلىرى ئۈچۈن) پەقەت نىجىستۇر، مۇشۇ يىلدىن (يەنى ھىجرىيىنىڭ 9 ـ يىلىدىن) كېيىن ئۇلار مەسجىدى ھەرامغا (يەنى ھەرەمگە) يېقىنلاشمىسۇن (يەنى ھەج قىلمىسۇن، ئۆمرە قىلمىسۇن). ئەگەر سىلەر (ئى مۆمىنلەر! مۇشرىكلارنىڭ ھەرەمگە كىرىشتىن مەنئى قىلىنىشى بىلەن) پېقىرلىقتىن قورقساڭلار، الله خالىسا ئۆز پەزلى بىلەن سىلەرنى باي قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، الله (سىلەرگە پايدىلىق ئىشلارنى) بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»[1].

نېمىشقا دېگەندە كاپىر جۇنۇبلۇقتىن خالىي ئەمەس. چۈنكى ئۇ جۇنۇبلۇقتىن پاكلىنىدىغان شەكىلدە يۇيۇنمايدۇ. جۇنۇب كىشى مەسجىدتىن يىراق تۇرۇشى لازىم. ئىمام مالىكمۇ مۇشۇ ئايەتنى دەلىل قىلىدۇ. نىجىسلىق بىلەن سەۋەب كۆرسىتىش ئاممىبابلىقنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇ پۈتۈن مەسجىدلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ دەلىلى شۇكى، رىۋايەت قىلىنىشچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەقىف قەبىلىسىدىن كەلگەن ئەلچىلەرنى مەسجىدكە چۈشۈرگەن. ھالبۇكى ئۇلار كاپىر ئىدى. چۈنكى ئىمام ئېيتمىغانلارنىڭ نىجىسلىقى ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا بولىدۇ. شۇڭا ئۇ مەسجىدنى پاسكىنا قىلىپ قويۇشقا ئېلىپ بارمايدۇ. مەزكۇر ئايەت ئۇلارنىڭ ھەرەم مەسجىدىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا ياكى كەبىنى خۇددى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئادىتىگە ئوخشاش يالىڭاچ ھالەتتە تاۋاپ قىلىشلىرىغا قويماسلىققا قارىتىلىدۇ[2].

ئۇلارنىڭ ھەرەم مەسجىدىگە كىرىشىنىڭ ئۆزىلا مەنئى قىلىنغان ئەمەس. بۇنى سەھىھ بۇخارىدا ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىس ئوچۇق كۆرسىتىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ يىلى قۇربانلىق كۈنى مىنادا مېنى <بۇ يىلدىن كېيىن مۇشرىك ھەج قىلمىسۇن ۋە كەبىنى يالىڭاچ ھالەتتە تاۋاپ قىلمىسۇن!> دەپ جاكارلىغۇچىلارنىڭ ئىچىدە جاكارلاشقا ئەۋەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەۋەتكەن ۋە ئۇنى سۈرە تەۋبىنى جاكارلاشقا بۇيرۇغان».

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇربانلىق كۈنى بىز بىلەن بىرلىكتە مىنادىكى كىشىلەرگە سۈرە تەۋبىنى، بۇ يىلدىن كېيىن مۇشرىكنىڭ ھەج قىلىشىغا ۋە كەبىنى يالىڭاچ ھالەتتە

(1) «ئەلھەدىييە ئەلئەلائىييە» 286 ـ بەت.

(2) سۈرە تەۋبە، 28 ـ ئايەت.

تاۋاپ قىلىشقا بولمايدىغانلىقنى جاكارلىدى »[1].

زىممىيلارنىڭ مەككە ۋە مەدىنىدە ئولتۇراقلىشىشى مەنئى قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىككى شەھەر ئەرەب زېمىنىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىككى دىن جەم بولمايدۇ »[2]. ئەگەر ئۇلار بۇ شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشماستىن، ئۇنىڭغا تىجارەت ئىشلىرى بىلەن كەلسە دۇرۇس بولىدۇ.

بۇ ھەدىس ئۇلارنىڭ مەككە بىلەن مەدىنىدە ئولتۇراقلىشىشنى مەنئى قىلىشقىلا خاس ئەمەس. بەلكى ئۇلارنىڭ باشقا ئەرەب زېمىنلىرىدا ئولتۇراقلىشىشىمۇ مەنئى قىلىنىدۇ. رافىئىنىڭ <تەقرىيرات> ناملىق كىتابىدا شۇنداق كۆرسىتىلگەن[3].

مۇسۇلمانىنىڭمۇ يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىسىغا ۋە خرىستىيانلارنىڭ چىركاۋىغا كىرىشى مەكروھتۇر. ئۇ ئىككى جاي شەيتانلارنىڭ يىغىلىدىغان ماكانى بولغانلىقى ئۈچۈنلا مۇسۇلماننىڭ ئۇنىڭغا كىرىشى مەكروھتۇر. بۇ ھەرگىزمۇ مۇسۇلماننىڭ ئۇنىڭغا كىرىش ھەققى بولمىغانلىقتىن ئەمەس.

# گۇناھقا ياردەم قىلىشنىڭ ھۆكمى

ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ قارىشىدا ئۈزۈمنى ئۇنىڭ سۈيىدىن ھاراق ئىشلەيدىغانلىقى ئېنىق بولغان كىشىگىمۇ سېتىش دۇرۇس بولىدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن مۇھەممەدنىڭ قارىشىدا دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ قارىشىچە گۇناھ ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىدە مەيدانغا كەلمەيدۇ. بەلكى ئۇنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىن مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇنداق كىشىگە ئۈزۈمنى سېتىشمۇ مۇشۇ ئىختىلاپ ئاساسىدا بولىدۇ. بەزىلەر: « ئۇنى ئۇنىڭغا سېتىش گۇناھقا ياردەم قىلغانلىق بولىدىغانلىقى ئۈچۈن مەكروھ بولىدۇ » دېگەن.

بۇ ھۆكۈم ئۇنى كاپىرغا ساتقان تەقدىردە شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئۇنى مۇسۇلمانغا ساتقان تەقدىردە ئىختىلاپسىز مەكروھ بولىدۇ. چۈنكى ئۇ گۇناھقا ياردەملەشكەنلىك بولىدۇ. بۇ ئىختىلاپ « كاپىرلار شەرىئەتنىڭ شاخچە ھۆكۈملىرى بىلەن خىتاب قىلىنغۇچى ئەمەس » دېگۈچىلەرنىڭ قارىشى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. توغرا قاراش شۇكى، ئۇلارمۇ خىتاب قىلىنىدۇ. شۇنداق بولغاندا ئۇ گۇناھقا ياردەملەشكەنلىك بولىدۇ. شۇڭا ئۈزۈم سۈيىنى كاپىر بىلەن مۇسۇلمانغا سېتىشتا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا

---

(1) «ئەلھىدايە» 4 ـ توم، 95 ـ بەت.

(2) سەھىھ بۇخارى، 4655 ـ ھەدىس.

(3) بۇ ھەدىسنى ئىمام مالىك «ئەلمۇۋەتتەئ» ناملىق كىتابىدا، ئىمام ئەھمەد مۇسنەدىدە رىۋايەت قىلغان.

ھېچ پەرق يوق.

بۇ ھۆكۈمنىڭ ئەكسىچە، بەچچىۋازلىق قىلىدىغان كىشىگە چىرايلىق قۇلنى سېتىش ۋە ئۇرۇش قوزغايدىغان كىشىگە قورال سېتىش مەكروھ بولىدۇ. چۈنكى گۇناھ شۇ ئىشنى قىلىشنىڭ ئۆزى بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ. شۇڭا ئۇ ھارامغا يېقىن مەكروھتۇر.

چىركاۋنى رېمونت قىلىش دۇرۇس بولىدۇ. شۇڭا بىراۋ چىركاۋنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن ئۇ يەردە ئىشلەپ ھەق ئالسا، بۇنىڭ ھېچ يامىنى يوق. چۈنكى ئۇ ئەمەلنىڭ ئۆزىدە گۇناھ بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، بىراۋ ئۆزى ياكى يۈك توشۇيدىغان ئۇلۇغى ئارقىلىق بىر زىممىينىڭ ھارىقىنى ھەق ئېلىپ توشۇپ بەرسە، دۇرۇس بولىدۇ. ئۇزۇم سۈيىنى توشۇپ بەرسە، دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن گۇناھ سادىر بولىدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن مۇھەممەد: «ئۇنداق قىلىش مەكروھتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاراق ھەققىدە ئون كىشىگە لەنەت قىلغان ۋە ھاراق توشۇپ بەرگۈچىنى شۇ ئون كىشىدىن بىرى سانىغان» دەپ قارايدۇ.

ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ قارىشىچە ھەق ئېلىش توشۇپ بەرگەنلىك ئۈچۈن بولىدۇ. ئۇ گۇناھ ئەمەس،  گۇناھنىڭ سەۋەبىمۇ ئەمەس. گۇناھ پەقەت بىرەر ئەمەلنى ئىختىيارىي ھالەتتە قىلغۇچى ئۈچۈن ھاسىل بولىدۇ. ھاراق ئىچىش ئۇنى توشۇشنىڭ زۆرۈرىيەتلىرىدىن ئەمەس. چۈنكى ئۇنى توشۇش بەزىدە تۆكۈش ئۈچۈنمۇ، يەنە بەزىدە سىركە قىلىش ئۈچۈنمۇ بولىدۇ. شۇڭا ئۇ خۇددى ئۇزۇم سىقىش ۋە ئۇنى ئۇزۇش ئۈچۈن ھەق تەلەپ قىلغاندەك بولىدۇ. مەزكۇر ھەدىس بولسا گۇناھ قىلىش نىيىتى بىلەن توشۇشقا قارىتىلىدۇ.

بۇ بىر قىياستۇر. ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن مۇھەممەدنىڭ سۆزى ئىستىھسان پرىنسىپىغا چۈشىدۇ. بۇ ئىختىلاپقا ئاساسەن، بىراۋ ئۇلىغىنى يەنە بىراۋنىڭ ھارىقىنى يۆتكەپ بېرىش ئۈچۈن ئىجارىگە بەرسە ياكى ئۇنىڭ چوشقىسىنى بېقىپ بېرىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئىجارىگە قويسا، ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ قارىشىچە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالغان ھەق پاكىز بولىدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن مۇھەممەدنىڭ قارىشىچە مەكروھ بولىدۇ.

ئەگەر بىراۋ موزدوز بولۇپ، يەنە بىراۋ ئۆزى ئۈچۈن ئەتىپەرەس ياكى پاسىقلارنىڭ مودىسىدا ئۆتۈك تىكىپ بېرىشنى ئۇنىڭغا بۇيرۇتقان بولسا ياكى ئۇ سەيپۇڭ بولۇپ، يەنە بىراۋ ئۆزى ئۈچۈن پاسىقلارنىڭ مودىسىدا كىيىم تىكىپ بېرىشنى ئۇنىڭغا بۇيرۇتقان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنى قىلىشى مەكروھتۇر. چۈنكى ئۇ ئوتپەرەس ياكى پاسىقلارغا ئوخشاپ قېلىشنىڭ سەۋەبچىسى بولۇپ قالىدۇ.

توغرا قاراشقا ئاساسەن، كۇفە شەھىرىگە قاراشلىق يەرلەردىن پەقەت يېزا رايونلىرىدا بىرەر ئۆيىنى ئوتپەرەسلەرنىڭ ئىبادەتخانىسى ياكى خىرىستىيانلارنىڭ

چىركاۋى ياكى يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىسى ۋەياكى ھاراق ساتىدىغان جاي قىلىش ئۈچۈن ئىجارىگە بېرىش دۇرۇس بولىدۇ. ئەمما كۇفە شەھىرىدىن باشقا شەھەرلەردە ۋە يېزىلىرىدا ئۇلارنىڭ ئۇنداق قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ. چۈنكى ئۇ جايلار ئىسلاملىشىپ بولغان. بۇ يەردە كۇفە شەھىرىنىڭ يېزىلىرى خاس قىلىندى. چۈنكى ئۇ يېزىلارنىڭ ئاھالىسىنىڭ كۆپىنچىسى زىممىيلاردۇر. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ قارىشىدۇر. ئەمما ئىككى ئىمام: «ئۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇ گۇناھقا ياردەملەشكەنلىك بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئۈچ ئىمامۇ (يەنى ئىمام مالىك، شافئى ۋە ھەنبەلى) شۇنداق قارايدۇ[1].

ھازىرقى دەۋرىمىزدە ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ كۆز قارىشىنى تۇتۇشمۇ كەسكىن ھالدا دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى ھازىر كۇفە شەھىرى ۋە يېزىلىرى ئاللىبۇرۇن ئىسلاملىشىپ بولغان.

## مەككىنىڭ ئۆيلىرىنى سېتىش ۋە ئۇنى ئىجارىگە بېرىشنىڭ ھۆكمى

مەككىنىڭ ئۆيلىرىنى ۋە زېمىنلىرىنى سېتىش دۇرۇستۇر. مەكروھ ئەمەس. ئىمام شافئىمۇ شۇنداق دېگەن. پەتىۋا مۇشۇ بويىچە بېرىلىدۇ. چۈنكى بىنا ئۇنى سالغان ئادەمنىڭ مۈلكىدۇر. مەسىلەن، ۋەقپە زېمىنغا ئۆي سالغان كىشىنىڭ ئۇنى سېتىش ھەققى بولىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن مۇھەممەدنىڭ قارىشىدۇر. ئىمام ئەبۇھەنىفەدىن قىلىنغان ئىككى تۈرلۈك رىۋايەتنىڭ بىرىدە ئۇمۇ مۇشۇنداق قارىغان. چۈنكى مەككە ئۇنىڭ ئاھالىسىنىڭ مۈلكىدۇر. نېمىشقا دېگەندە، ئۇنىڭدا ئىگىدارچىلىق ھەققى ئاللىبۇرۇن مەيدانغا كېلىپ بولغان. ئىگىدارچىلىق ھەققى مەككىدىمۇ شەرئى جەھەتتىن خۇسۇسىيلىشىپ بولغان.

مەككىنىڭ ئۆيلىرىدىمۇ قوشنىدارچىلىق ھەققى ئىجرا قىلىنىدۇ. مانا بۇ مەككە زېمىنىنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىنىدىغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. ئىمام ئەبۇھەنىفە مۇنداق دەيدۇ: «مەككە ئۆيلىرىنى ھەج مەۋسىمى كۈنلىرىدە ئىجارىگە بېرىشنى مەكروھ، دەپ قارايمەن». ئىمام ئەبۇھەنىفە الله تائالانىڭ: «ئۇ ئولتۇرۇشلۇق بولسۇن ياكى سىرتتىن كەلگەن بولسۇن»[2] دېگەن سۆزىنى دەلىل قىلىپ، مەككە ئاھالىسىگە ھەج مەۋسىمى كۈنلىرىدە سىرتتىن كەلگەن ھاجىلارغا ئارتۇق ئۆيلىرىنى بوشىتىپ بېرىش ئۈچۈن پەتىۋا بېرەتتى ۋە ھەج مەۋسىمى كۈنلىرىدىن

(1) «تەقرىيرات ئەررافئى» 2 ـ توم، 308 ـ بەت.

(2) «ئەددۇررۇلمۇختار» 5 ـ توم، 251 ـ بەت.

باشقا چاغلاردا ئۇ ئۆيلەرنى ئىجارىگە بېرىشكە رۇخسەت قىلاتتى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ھەج مەۋسىمى كۈنلىرىدە شۇنداق جاكارلايتتى ۋە: «ئى مەككە ئاھالىسى! ھەج قىلىشقا كەلگەن مۇساپىرلارنىڭ خالىغان ئۆيلەرگە چۈشۈشىگە قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئۆيلىرىڭلارغا دەرۋازا بېكىتىۋالماڭلار» دەيتتى. ئاندىن مەزكۇر ئايەتنى ئوقۇيتتى[1].

# شىشخال ۋە شاھمات ئويناشنىڭ ھۆكمى

شىشخال ئويناش ھارامغا يېقىن مەكرۇھتۇر. ئەسلىدە ئۇ ئىران ساسانىي سۇلالىسى پادىشاھلىرىدىن ئىككىنچى پادىشاھنىڭ ئىسمىدۇر. ئۇ ئويۇن ئادالەتنى بىكار قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈن ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىدا ھارامدۇر.

شاھمات ئويناشنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئۇنىڭ مەكرۇھ بولۇشى شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولغان كىشىنىڭ دۇنيالىق جاپا ـ مۇشەققىتى كېتىپ، ئاخىرەتلىك جاپا ـ مۇشەققىتى كېلىدۇ. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدە ھارامدۇر ۋە چوڭ گۇناھتۇر. ئۇنى مۇباھ قىلىش ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى شەيتانغا ياردەم بەرگەنلىك بولىدۇ. بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۆمىننىڭ ئويۇن ئويىنىشى باتىلدۇر. پەقەت مۇنۇ ئۈچ ئويۇنى باتىل ئەمەس: ئۇنىڭ ئېتىنى كۆندۈرۈشى ۋە ئۆگىتىشى، ئوق ئېتىشتا مۇسابىقىلىشىشى ۋە خوتۇنى بىلەن ئويۇن ـ چاقچاق قىلىشىشى»[2].

ئىمام شافىئى، بىر رىۋايەتتە ئىمام ئەبۇيۇسۇفمۇ شاھمات ئويناشنى مۇباھ، دەپ قارىغان. بۇ پەقەت ئۇنى ئويناش جەريانىدا كۆپ قەسەم قىلمىسا، گەرچە بىر پىيالە چاي ئۈچۈن تىكىشىش بولسىمۇ قىمار ئوينىمىسا، داۋاملىق ئويناپ تۇرىۋالمىسا ۋە پەرز ئىبادەتلەرگە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزمىسە مۇباھ بولىدۇ. ئەگەر بۇ ئىشلارنىڭ بىرى بولۇپ قالسا، پۈتۈن ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشىدا ھارام بولىدۇ.

شۇنىڭدەك، قاتار ئويۇنى، قەرت ئويۇنى، ئوشۇق ئويۇنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئويۇنلارنى ئويناشمۇ مەكرۇھتۇر.

(1) سۈرە ھەج، 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) «ئەددۇررۇلمۇختار» 5 ـ توم، 252 ـ بەت.

# مەكروھ دۇئالار

دۇئادا «سىنىڭ ئەرشىڭنىڭ ئىززەتلىك ئورنى بىلەن» دېيىش مەكروھدۇر. چۈنكى ئۇ الله نىڭ ئىززىتىنىڭ ئەرشكە باغلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ. ئەرش بولسا پەيدا بولغۇچى نەرسىدۇر. شۇڭا ئۇنىڭغا باغلىق بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى چوقۇم پەيدا بولغۇچى بولىدۇ. الله تائالانىڭ ئىززىتى پەيدا بولغۇچى نەرسىگە باغلىق بولۇشتىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر. بەلكى الله تائالانىڭ ئىززىتى قەدىمىيدۇر. چۈنكى قەدىمىيلىك الله تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرىدۇر. الله تائالانىڭ قەدىمىي سۈپەتلىرى ئۇنىڭ زاتى بىلەن بىرگە تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۇ سۈپەت بىلەن ئەزەلدىنلا سۈپەتلەنگۈچىدۇر ۋە مەڭگۈ سۈپەتلىنىدۇ.

ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ: «ئۇنىڭ ھېچ يامىنى يوق» دەپ قارايدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. ئىمام ئەبۇلەيسمۇ ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ قارىشىنى، بۇ ھەقتە بىر ھەدىس بولغانلىقى ئۈچۈن، توغرا قىلغان. لېكىن بۇ ھەدىس بىر كىشى تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەردىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنداق دۇئا قىلىشتىن ساقلىنىش ئېھتىيات يۈزىدىن توغرىدۇر. بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئالىرىدىن بىرى مۇنداق ئىدى دېيىلگەن: «ئى الله! مەن سەندىن ئەرشىڭنىڭ ئىززەتلىك ئورنى بىلەن، كىتابىڭنىڭ چېكىگە يەتكەن رەھمىتى بىلەن، كاتتا ئىسمىڭ ۋە بۈيۈك ئەزىمىتىڭ بىلەن، كامالى ۋە تامامى سۆزلىرىڭ بىلەن ھاجىتىمنى تىلەيمەن».

ھەدىسنى تەكشۈرۈپ چىققۇچى ئالىم ئىبنى ئەمىر ھاج بۇ ھەدىس ھەققىدە توختىلىپ، تەنقىدىي پىكىر بەرگەن. ئىبنى جەۋزى ئۇنى توقۇلما ھەدىسلەردىن سانىغان. شۇڭا ئۇ ھەدىس دەلىل بولالمايدۇ. مەزكۇر مەكروھلۇق ھۆكمى ھارامغا يېقىن مەكروھنى كۆرسىتىدۇ[1].

الله تائالاغا دۇئا قىلماقچى بولغان ھەرقانداق ئادەم پەقەت الله تائالانىڭ زاتى، سۈپەتلىرى ۋە گۈزەل ئىسملىرى بىلەن، شۇنداقلا رۇخسەت بېرىلگەن ۋە بۇيرۇلغان دۇئالار بىلەن دۇئا قىلىشى كېرەك. بۇنى الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزلىرى ئوچۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ: «الله نىڭ گۈزەل ئىسملىرى بار، الله نى شۇ (گۈزەل ئىسملىرى) بىلەن ئاتاڭلار، الله نىڭ ئىسملىرىنى كەلسە ـ كەلمەس قوللىنىدىغانلارنى تەرك ئېتىڭلار، ئۇلار (ئاخىرەتتە) قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ»[2]، «الله دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، قايسىنى ئاتىساڭلار (ھەممىسى ياخشىدۇر).

(1) بۇ ھەدىسنى كىمنىڭ رىۋايەت قىلغانلىقى يۇقىرىدا ئويۇن ـ تاماشا ۋە ناخشا ـ مۇزىكا مەۋزۇسىدا بايان قىلىنغان.

(2) «رەئدۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 252 ـ بەت.

چۈنكى الله نىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئىسىملىرى بار» دېگەن، نامىزىڭدا (قىرائەتنى) (مۇشرىكلار ئاڭلاپ قېلىپ ساڭا ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن) يۇقىرى ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن، (مۆمىنلەر ئاڭلىماي قالماسلىقى ئۈچۈن) پەس ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇرا يول تۇتقىن»[1].

# پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن باشقا كىشىگە دۇرۇد ئېيتىش

ھېچكىم پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن باشقا بىرىگە خاسلاشتۇرۇپ دۇرۇد ئېيتمايدۇ. ئەمما ئەگەشتۈرۈپ دۇرۇد ئېيتسا، مەسىلەن، «ئى الله! مۇھەممەدكە، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە رەھمەت قىلغىن!» دېسە، جائىزدۇر.

بۇ ھۆكۈم پەرىشتىلەردىن باشقىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما پەرىشتىلەرگە مۇستەقىل ھالدا دۇرۇد ئېيتىش دۇرۇستۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا دۇرۇدنىڭ ئورنىدا سالام ئېيتىش كۇپايە قىلىدۇ. كىمكى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن باشقىلارغا دۇرۇد ئېيتسا، گۇناھكار بولىدۇ ۋە مەكروھ بولىدۇ. بۇ توغرا قاراشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ مۇستەقىل قىلىپ باشقىلارغا دۇرۇد ئېيتىشى دۇرۇستۇر. ئەمما باشقىلارنىڭ ئۇنداق قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن، ئۇلارغا دۇئا قىلغىن، شۈبھىسىزكى، سېنىڭ دۇئايىڭ ئۇلارغا خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ، الله ئۇلارنىڭ (سۆزىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچى، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»[2].

الله تائالانىڭ بۇ ئايەتتىكى: «ئۇلارغا دۇئا قىلغىن، شۈبھىسىزكى، سېنىڭ دۇئايىڭ ئۇلارغا خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ» دېگەن سۆزى ئۇلار ئۈچۈن الله غا دۇئا قىلغىن ۋە الله تىن مەغپىرەت تىلىگىن! دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. دۇرۇدنىڭ (يەنى رەھمەت تىلەشنىڭ) لۇغەتتىكى ئەسلى مەنىسى دۇئا قىلىشتۇر.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇئەۋفادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە ئۇ مۇنداق دېگەن: بىرەر قەۋم زاكات ۋە سەدىقىلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا ئېلىپ كەلسە، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلارغا الله دىن رەھمەت تىلەيتتى. مېنىڭ ئاتام زاكىتىنى

(1) سۈرە ئەئراف، 180 ـ ئايەت.

(2) سۈرە ئىسرا، 110 ـ ئايەت.

ئۇنىڭ ئائىلىسىغا ئېلىپ كەلگەندە ئۇ مۇنداق دېدى: «ئى اللّٰه! ئەبۇئەۋفانىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت قىلغىن!»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنىڭ دۇئاسى ئۇلار ئۇچۇن رەھمەتتۇر. ئۇلارنىڭ دىللىرى ۋە جانلىرى ئۇچۇن خاتىرجەملىكتۇر. چۈنكى ئۇلار بۇ دۇئا بىلەن ئۆزلىرىنىڭ سەدىقە ۋە زاكاتلىرىنى اللّٰه تائالانىڭ قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلەلەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش دىنىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ قالدى. شۇڭا دۇرۇد ئېيتىلىشقا باشقا بىر ئادەم ئورتاق بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەنە جەھەتتىن توغرا بولغان تەقدىردىمۇ، «ئەبۇ بەكرى ئەلەيهسسالام مۇنداق دېگەن» دېيىشكە بولمايدۇ. ئەمما «اللّٰه پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامغا ۋە ئۇنىڭ دوستىغا ياكى خەلىپىسىگە رەھمەت قىلسۇن!» دېيىشكە ۋە شۇنىڭدەك سۆزلەرنى قىلىشقا بولىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۆزدىن يەنە بىرى شۇكى، گەرچە مەنە جەھەتتىن ئالغاندا توغرا بولسىمۇ، «مۇھەممەد ئەززە ۋەجەللە[2] مۇنداق دېدى» دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى <ئەززە ۋەجەللە> دېگەن سۆز اللّٰه تائالا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مەدھىيە سۆزىدۇر. شۇڭا ئۇنىڭدا باشقا بىرى ئورتاق بولالمايدۇ[3].

## پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامغا كاملىيەتنى ئىپادىلەيدىغان سۆز قۇرۇلمىسى بىلەن دۇرۇد ئېيتىش

مەسىلەن، ئۇنىڭ سۆز قۇرۇلمىسى مۇنداق: «ئى اللّٰه! خوجايىنىمىز مۇھەممەدكە ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا اللّٰه نىڭ كامالىي سۈپەتلىرىنىڭ سانىغا تەڭ ۋە ئۇنىڭ كامالىغا لايىق رەۋىشتە رەھمەت قىلغىن!» ئۇستازىم شەيخ مۇھەممەد هامىد (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ مەسىلە ھەققىدە سورالغاندا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن:

مەن پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامغا كاملىيەتنى بىلدۈرىدىغان سۆز قۇرۇلمىسى بىلەن دۇرۇد ئېيتىشنى مەنئى قىلغانلىقىمنى بىلمەيمەن. لېكىن مەن بۇنىڭ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ كەلدىم ۋە ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن پەرۋەردىگارىمىز اللّٰه تائالانىڭ كامالىي سۈپەتلىرىنىڭ ساناپ تۈگەتكۈسىز

(1) سۈرە تەۋبە، 103 ـ ئايەت.

(2) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

(3) «ئەززە ۋەجەللە» دېگەن سۆز «غالىب ۋە بۈيۈك» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. شۇڭا، «غالىب ۋە بۈيۈك اللّٰه مۇنداق دېدى» دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما «غالىب ۋە بۈيۈك مۇھەممەد مۇنداق دېدى» دېيىشكە بولمايدۇ ـــ ت.

ئىكەنلىكىگە ئېتىقاد قىلىشنى ئىزچىل ھالدا ئەسكەرتىپ كېلىۋاتىمەن. الله تائالانىڭ كامالىي سۈپەتلىرىنىڭ ساناپ تۈگەتكۈسىز بولۇشى ئۇنىڭ زاتىنىڭ كۆپ بولۇشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. الله تائالانىڭ يۈكسەك ۋە مۇقەددەس زاتى بىردۇر. سۈپەتلىرى نۇرغۇندۇر. الله تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى ھېچكىم تولۇق بىلىپ بولالمايدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «الله ئۇلارنىڭ ئالدىدىكىنى ۋە كەينىدىكىنى بىلىدۇ، ئۇلار بولسا ئۇنى بىلمەيدۇ»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس شەرىپلىرىدىن بىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئى تونۇلغۇچى زات! بىز سېنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇپ بولالمايمىز». يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: «يارىتىلغان نەرسىلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈڭلار، ياراتقۇچى الله نىڭ زاتى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزمەڭلار. الله نى پىكىر قىلىش بىلەن ھەقىقىي رەۋىشتە بىلىپ بولغىلى بولمايدۇ».

بىز ئۆزىمىزگە رۇخسەت بېرىلگەن رەۋىشتە شۇنى بىلىمىزكى، الله تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىن جەۋھەرىي سۈپەتلەرنى بىلگەنلىكىمىزنى، ئۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمىگەنلىكىمىزنى، ئۇ سۈپەتلەرنى پەقەت شۇ سۈپەتلەرنىڭ ئىزنالىرىدىن بىلگەنلىكىمىزنى، تەۋھىد ئىلمىدە ئۇنىڭدىن پەقەت 20 سۈپەتنى بىلگەنلىكىمىزنى بىلىشىمىز كېرەك. ئەمما الله تائالانىڭ ئۇنىڭ بىلەن تونۇلىدىغان سۈپەتلىرىنىڭ چېكى يوقتۇر. ئىمام فەخرۇددىن رازى شۇنداق دېگەن. دېمەك، الله تائالانىڭ ئىلمىنىڭ چېكى يوق. ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى مۇئەييەن ساناققا توختاتقىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ چېكى يوق. بىز ئىنسانلىق سۈپىتىمىز بىلەن الله تائالاغا لايىق سۈپەتلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشىمىز ۋە بىزگە بەلگىلەنگەن چېگرىدا توختىشىمىز كېرەك. بىز پەرۋەردىگارىمىز الله تائالا ئۆگەتكەن نەرسىدىن ئارتۇق نەرسە بىلمەيمىز: «پەرىشتىلەر: «سېنى (پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن) پاك دەپ تونۇيمىز. بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز، ھەقىقەتەن سەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇرسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن» دېدى»[2].

ئىنسانلارنىڭ بۇ ئىنچىكە نۇقتىنى بىلىشى ۋە ئەقىللىرىدىن ھەر تۈرلۈك ناتوغرا خىياللارنى ھەيدەپ چىقىرىشتا ئۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى ئۈچۈن مەن بۇ سۆز قۇرۇلمىسىغا ئىنچىكىلىك بىلەن قاراپ چىقتىم. بۇنىڭدىكى مەقسەت كەرەملىك الله تىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۈگىمەس - پۈتمەس رەھمەت يوللىشى ئۈچۈن تىلەكتە بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. خۇددى الله تائالانىڭ كامالىي سۈپەتلىرىنىڭ چېكى

(1) «فەتھۇلبارى» 8 - توم، 534 - بەت.

(2) سۈرە تاھا، 110 - ئايەت.

يوق بولغىنىغا ئوخشاش.

دىنغا ئاقىلانىلىك بىلەن قارايدىغان، ناھايىتى پۇختا تەتقىقاتچى فىقھىشۇناس ئالىملاردىن خېلى نۇرغۇنى بۇ قاراشقا قانائەت ھاسىل قىلغان. مەنمۇ بۇ قاراشتا ئۇلارغا ئەگىشىمەن ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ماڭىمەن.

لېكىن يەنە بەزى ئالىملار ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ: «زېھنىگە خاتا چۈشەنچە كەلتۈرىدىغان ياكى ئۇنىڭ ئۇچۇن مەقسەت قىلىنغان مەنە ناھايىتى روشەن بولسىمۇ، ئۇنى بۇرمىلاشقا نەق يول تاپىدىغان كىشىنىڭ ئالدىدا ۋەياكى توغرا مەنىدە ئىشلىتىلگەن سۆز خاتا چۈشەنگۈچىگە خاس بولۇپ قالىدىغان ئەھۋال ئاستىدا خاتا چۈشەنچە بېرىپ قويۇش ئېھتىمالى بولغان بۇ سۆز قوْرۇلمىسىنى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان سۆزلەرنى ئىشلىتىشنى مەنئى قىلىش» تىن ئىبارەت قىياسى قارىشىنى تۇتقا قىلىپ، مۇنداق سۆز قۇرۇلمىسىنى ئىشلىتىشنى مەنئى قىلغان.

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: بەزى ئالىملار ئەقىدە جەھەتتە خەتەرلىك ئەھۋال كېلىپ چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ سۆز قۇرۇلمىسىنى مەنئى قىلغان. «زىيانىنىڭ ئالدىنى ئېلىش پايدىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ». گەرچە بۇ خاتا چۈشەنچىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئامىللار مەۋجۇت بولسىمۇ، يەنىلا دىندا ئېھتىيات قىلىش مۇھىمدۇر.

بۇ شۇنى ئىپادىلەپ بېرىدۇكى، گەرچە خاتا چۈشەنچىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئامىللار مەۋجۇت بولمىسىمۇ، ھەزەر قىلىش ئالددىنقى ئورۇنغا قويۇلىدۇ. ساغلام ئەقىدىنى يامان ئىللەتلەرنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشىدىن ساقلاش ئۈچۈن مەنئى قىلىش ھەل قىلغۇچ بىر ۋاستە ھېسابلىنىدۇ.

شۇنداق بولسىمۇ مەن ئۇ سۆز قۇرۇلمىسىنى ئىشلىتىشنى مەنئى قىلغۇچىلارنىڭ قارىشىغا قارىغاندا يەنىلا ئۇنى ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلغۇچىلارنىڭ قارىشىغا مايىلمەن. چۈنكى بۇ خاتا چۈشەنچىلەر بىلىملىك ۋە بىلىمسىز كىشىنىڭ ئەقلىگە كەلمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇ سۆز قۇرۇلمىسى بىلەن دۇرۇد ئېيتقۇچىلار پەقەت چەكلىك ۋە بەلگىلىك دۇرۇد ئېيتقاندىن كۆرە سانسىزلىغان دۇرۇد ئېيتقانلىقلىرىنىلا چۈشىنىدۇ.

شافىئى مەزھەپىنىڭ ئالىملىرىدىن ھەلەب[1] شەھىرىنىڭ مۇپتىسى كاتتا ئۇستاز شەيخ مۇھەممەد ئەسئەد ئەبەجى (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ بۇ ھەقتە بەرگەن پەتىۋاسى بولۇپ، ئۇ مۇنۇلاردىن ئىبارەتتۇر:

شافىئى مەزھەپىنىڭ كاتتا ئالىملىرى ۋە دىن ئىماملىرى (اللە تائالا ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كامالىيەتنى

(1) سۈرە بەقەرە، 32 ـ ئايەت.

بىلدۈرىدىغان ۋە ساناق ئىپادىسى بولغان بۇ سۆز قۇرۇلمىسى بىلەن دۇرۇد ئېيتىش ھەققىدىكى قارىشى قانداق؟ مەسىلەن، ئۇستاز ئەھمەد ئىبنى ئىدرىستىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ تەسبىھلەرگە ئوخشاش: «مەخلۇقاتلىرىنىڭ سانىچە، ئۆزى رازى بولغىدەك، ئەرشىنىڭ ئېغىرلىقىدەك، سۆزلىرىنىڭ ئۇزۇنلىقىدەك ۋە ئىلمىنىڭ چەكسىزلىكىدەك ئۇلۇغ الله نى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن. . .» دېگەندەك شەكىلدە دۇرۇد ئېيتىش دۇرۇس بولامدۇ ياكى دۇرۇس بولمامدۇ؟

بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق: يىگانە الله غا ھەمدۇسانالار بولسۇنكى، بۇ سۆز قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ساناق ئىپادىسى كەلگەن سۆز قۇرۇلمىلىرى بىلەن دۇرۇد ئېيتىش دۇرۇس بولىدۇ. بۇ سۆزلۈكلەردىن ئۇنىڭ ھەقىقى مەنىسى ئەمەس، مەجازى مەنىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇنداق بولغاندا ئۇ دۇرۇدنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ: «ئى الله! مۇھەممەدكە خۇددى سېنىڭ كامالىي سۈپەتلىرىڭنىڭ چېكى بولمىغىنىدەك چەكسىز رەھمەت يوللىغىن!» دېمەك، سۆزلۈكلەرنىڭ زاھىرىي مەنىلىرى ئەمەس، ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلەردىكى توغرا بولغان نىيەتلىرى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار ئۇ دۇرۇدتىن ئۇنىڭ چەكلىك بولغان ھەقىقى مەنىسىنى ئەمەس، چەكسىز بولغان كۆپلۈك مەنىسىنى مەقسەت قىلغان بولىدۇ.

مىسىر دىيارىنىڭ چوڭ مۇپتىسى، ھەنەفى مەزھەپىدە ئاساسىي مەنبە بولۇپ قالغان شەيخ مۇھەممەد بەخىت كامالىيەتنى بىلدۈرىدىغان سۆز قۇرۇلمىسى بىلەن دۇرۇد ئېيتىشنىڭ دۇرۇسلىقى ھەققىدە بىر كىتابچە يازغان بولۇپ، ئۇ كىتابچىسىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېگەن: مەن ساڭا بەرگەننى قوبۇل قىلغىن، الله تائالاغا تايانغىن، گەرچە ساڭا پەتىۋاچىلار پەتىۋا بەرگەن تەقدىردىمۇ، قەلبىڭدىن پەتىۋا سورىغىن. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ھالال نەرسە ئوچۇق ئاشكارىدۇر. ھارام نەرسىمۇ ئوچۇق ئاشكارىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كامالىيەتنى بىلدۈرىدىغان سۆز قۇرۇلمىسى بىلەن كۆپ دۇرۇد ئېيتقىن. شۇنداق قىلساڭ، پەرۋەردىگار الله تائالانىڭ ھۇزۇرىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىش شەرىپىگە نائىل بولۇشۇڭ مۇمكىن[1].

## دۇئادا ۋاستە قىلىشنىڭ ھۆكمى

<ئەددۇررۇلمۇختار> ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «دۇئا قىلغۇچىنىڭ: <ئەلچىلىرىڭ، پەيغەمبەرلىرىڭ ۋە ئەۋلىيالىرىڭ (يەنى دوستلىرىڭ) نىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى بىلەن> دېيىشى ياكى: <بەيتۇللاھنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى بىلەن> دېيىشى

(1) ھەلەب ھازىرقى سۈرىيەنىڭ شىمالى قىسمىغا جايلاشقان بىر شەھەر ئىسمى ـــ ت.

مەكروھتۇر. چۈنكى ياراتقۇچى اللە تائالانىڭ ئالدىدا مەخلۇقاتلارنىڭ ھەققى بولمايدۇ».

شەيخ ئىبنى ئابىدىن (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۇنى شەرھىلەپ مۇنداق دېگەن: بۇنى مۇنداق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ: اللە تائالانىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ چوقۇم بولمىسا بولمايدىغان رەۋىشتە ھەققى بولمايدۇ. لېكىن اللە تائالا ئۇلارغا ئۆز پەزلىدىن ھەق بەلگىلىدى. ياكى ئۇ ھەقتىن ھۆرمەت ۋە ئۇلۇغلۇق مەقسەت قىلىنىشمۇ بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا ئۇ يېقىنچىلىق تىلەش بابىدىن بولىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «اللە غا (تائەت ـ ئىبادەت قىلىش، گۇناھتىن ساقلىنىش بىلەن) يېقىنچىلىقنى تىلەڭلار»[1].

شەيخ ئىبنى ئابىدىن (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ۋاستە قىلىشنى دۇئانىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرىدىن سانىغان. موللا ئەلى قارىنىڭ <شەرھۇننقايە> ناملىق كىتابىدا مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئۇلارنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى دېگەن سۆز بىزنىڭ ئۇلارغا ئىمان كەلتۈرۈشىمىز ۋە ئۇلارنى ئۇلۇغلىشىمىزنىڭ بىزگە ۋاجىپ بولۇشىنى كۆرسىتىشى ئېھتىمالغا يېقىندۇر».

<يەئقۇبىييە> ناملىق كىتابتا مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئۇ سۆز اللە نىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھەق بولۇش مەنىسىنى ئىپادىلەش ئېھتىمالغا يېقىندۇر. شۇنداق بولغاندا ئۇلارنىڭ ھەق ئىگىلىرى بولۇش مەنىسىنى ئەمەس، ھەق پەيغەمبەرلەر بولۇش مەنىسىنى چۈشۈنىشنىڭ ھېچ توسالغۇسى يوق».

مەن مۇنداق دەپ قارايمەن: لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ سۆزدىن ئەقىلگە تېز كېلىدىغان زاھىري چۈشەنچىگە قارشى بولغان ئېھتىماللىقلاردۇر. بىز يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، مەلۇم سۆزنىڭ دۇرۇس بولمايدىغان خاتا چۈشەنچە بېرىش ئېھتىمالىنىڭ بولۇشىنىڭ ئۆزىلا ئۇ سۆزنى مەنئى قىلىشقا يېتەرلىك دەلىلدۇر. شۇڭا ئۇ بىر ئادەم تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسكە قارشى كېلىپ قالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ ئىماملىرى ئۇ سۆزلەرنىڭ بۇ خاتا چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەپ قويۇش ئېھتىمالى تۇرسىمۇ ئۇنىڭدىن توغرا مەنىلەرنى مەقسەت قىلىشتا اللە تائالادىن باشقا نەرسە بىلەن قەسەم قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقنى ۋە بۇنىڭ يەنە بىر چەكلىگۈچى ئامىل ئىكەنلىكىنى سەۋەب كۆرسىتىپ ئۇنى مەنئى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

شۇنداق، ئەللامە مەناۋىي مۇنداق بىر ھەدىسنى بايان قىلغان: «ئى اللە! مەن سەندىن ھاجىتىمنى تىلەيمەن. سېنىڭ رەھمەت پەيغەمبىرى بولغان پەيغەمبىرىڭنى ۋاستە قىلىپ سەن تەرەپكە يۈزلىنىمەن». ئىززى ئىبنى ئابدۇسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ۋاستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەنلا چەكلىنىشى،

(1) «رۇدۇدۇن ئەلا ئەباتىل» 2 ـ توم، 51 ـ بەت.

الله تائالادىن باشقا نەرسە بىلەن قەسەم قىلىنىپ قالماسلىقى ۋە ئۇ ۋاستىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بولۇشى كېرەك »[1].

شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇستازىم شەيخ مۇھەممەد ھامىد (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ مەسىلە ھەققىدە مۇنداق دېگەن: « دۇئادا الله غا ئۇنىڭ ئەلچىلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى (ئۇلارغا الله نىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن!) ۋە ئەۋلىيالىرىنى (الله نىڭ رازىلىقى ئۇلارغا بولسۇن!) ۋاستە قىلىش دۇرۇستۇر. ھەق ئىگىلىرىنىڭ قارىشىدا ئۇ جائىزدۇر ۋە دۇرۇستۇر. بەلكى ئۇ مۇستەھەپتۇر. چۈنكى ئۇ دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇش سەۋەبلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭدا شېرىككە كىرىدىغان كىچىككىنىمۇ شۈبھە يوق. چۈنكى دۇئا قىلىنغۇچى (يەنى يالۋۇرۇلغۇچى) مەخلۇقاتلار ئىچىدە ھېچ شېرىكى ۋە تەسىر كۈچى بولمىغان يىگانە الله تائالادۇر. شاپائەت تىلەش دۇئادىن باشقا نەرسىدۇر. ۋاستە قىلىپ دۇئا قىلىشتا دۇئا قىلغۇچىغا كېلىدىغان ھېچقانداق زىيان يوق. تەۋھىد ئەقىدىسىگە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزىدىغان ھېچقانداق يامانلىقمۇ يوق.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئىنسانلار ئاخىرەتتە الله تائالاغا پەيغەمبەرلىرىنى ۋاستە قىلىپ ئۇنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى ئۈچۈن شاپائەت تىلەيدۇ. پەيغەمبەرلەر بىر ـ بىرلەپ ئۆزرىسىنى ئېيتىدۇ. ئاخىرىدا بۇ ئىش خوجايىنىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قالىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: « مەن شاپائەت تىلەي » دەيدۇ. نەتىجىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله تائالادىن ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا تېزراق ھۆكۈم چىقىرىپ، ئۇلارنى قىيامەت مەيدانىنىڭ قاتتىق ئىسسىقىدىن ۋە قورقۇنچلۇق ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى، جەننەتكە لايىق بولغانلارنى جەننەتكە، دوزاخقا لايىق بولغانلىرىنى دوزاخقا سېلىشنى ئۆتۈنۈپ سورايدۇ. بۇ چوڭ شاپائەت بولۇپ، بۇنداق شاپائەت ئىمتىيازى يالغۇز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خاستۇر. ئۇ قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان مەدھىيىگە لايىق ماقامدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن نۇرغۇن شاپائەت ئىمتىيازلىرى بار »[2].

## الله تائالانىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى بىلەن نەرسە تىلەش

ئەگەر بىرى يەنە بىرىگە: « الله نىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى بىلەن پالانى ئىشنى قىلغىن » دېسە، ياكى: « الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پالانى ئىشنى قىلغىن » دېسە، گەرچە ئۇنى قىلىش ئەۋزەل بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئۇ ئىشنى قىلىش قىلمىسا بولمايدىغان

(1) سۈرە مائىدە، 35 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 254 ـ بەت.

دەرىجىدە لازىم بولۇپ قالمايدۇ.

ئىبنى مۇبارەك مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىرى يەنە بىر شەخستىن اللە نىڭ ھەققىنى شەپى كەلتۈرۈپ، ياكى اللە نىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن دۇنيانىڭ ئەرزىمەس نەرسىسىنى تىلىسە، ئۇ شەخسنىڭ ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە بەرمەسلىكى مىنى خۇرسەن قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ، اللە ئەرزىمەس قىلىپ ياراتقان نەرسىنى ئۇلۇغلىغان بولۇپ قالىدۇ».

ئىمام تەبەرانى رىۋايەت قىلىدۇكى، ئەبۇمۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «اللە نىڭ ھەققىنى شەپى كەلتۈرۈپ نەرسە تىلىگەن كىشى لەنەتكاردۇر. اللە نىڭ ھەققى شەپى كەلتۈرۈلۈپ نەرسە تىلەنگەن، ئاندىن نەرسە تىلىگۈچىگە تىلىگەن نەرسىسىنى بەرمەي، ئۇنى ئۇسال قىلىش مەقسىتىدە تىلىمىگەن نەرسىسىنى بەرگەن كىشىمۇ لەنەتكاردۇر».

ئىمام ئەبۇداۋۇد ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان، ئىبنى ھىببان سەھىھ دەپ باھالىغان، ھاكىم: «ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ھەدىس قوبۇل قىلىش شەرتلىرىگە توشىدۇ» دېگەن بىر ھەدىس بولۇپ، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان: «اللە نىڭ ھەققىنى شەپى كەلتۈرۈپ نەرسە تىلىگەن كىشىگە (تىلىگەن نەرسىسىنى) بېرىڭلار».

ئىمام تەبەرانى مۇنداق رىۋايەت قىلغان: «اللە نىڭ ھەققىنى شەپى كەلتۈرۈپ نەرسە تىلىگەن كىشى لەنەتكاردۇر. اللە نىڭ ھەققى شەپى كەلتۈرۈلۈپ نەرسە تىلەنگەن، ئاندىن نەرسە تىلىگۈچىگە تىلىگەن نەرسىسىنى بەرمىگەن كىشىمۇ لەنەتكاردۇر».

قۇرئان ئوقۇغان، لېكىن ئۇنىڭ تەلەپۇزىغا لايىق ئەمەل قىلمىغان كىشىگە ئۇنىڭ ئوقۇغان قۇرئانى ئۈچۈن، خۇددى ناماز ئوقۇغان ۋە گۇناھ قىلغان كىشىگە ئوخشاش، ساۋاب بېرىلىدۇ. گەرچە ئۇ گۇناھ قىلغان ۋە قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەلنى قىلمىغان بولسىمۇ، ساۋاب بىر تەرەپتىن بولىدۇ. گۇناھ يەنە بىر تەرەپتىن بولىدۇ[1].

## سودىغا ئالاقىدار ئومۇمىي ھۆكۈملەر

ئىنسانىنىڭ چوڭ ـ كىچىك تەرەتلىرىنى سىيتىش مەكروھتۇر. ئۇنى تويىغا ياكى كۆلگە ئارىلاشتۇرغان ۋە توپا قىسمى كۆپ بولغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇنى سېتىش توغرا قاراشقا ئاساسلانغاندا دۇرۇس بولىدۇ. ئۇنى توپىغا ئارىلاشتۇرۇش سېتىشنى

(1) «رۇددۇدۇن ئەلا ئەباتىل» 2 ـ توم، 40 ـ بەت.

دۇرۇس قىلىشنىڭ چارىسىدۇر[1].

لېكىن رافىئى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ قاراش زاھىرىي نۇقتىغا خىلاپتۇر. چۈنكى زاھىرىي نۇقتىدىن ئالغاندا، سېتىش دۇرۇس بولمىغان نەرسىدىن پايدىلىنىشمۇ دۇرۇس بولمايدۇ. سېتىش دۇرۇس بولغان نەرسىدىن پايدىلىنىشمۇ دۇرۇس بولىدۇ. توپا ئارىلاشتۇرۇش ئۇنى سېتىشنى دۇرۇس قىلىشنىڭ چارىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ھېچقانداق دەلىل يوق»[2].

چاچ ۋە تىرناققا ئوخشاش، ئىنساندىن ئايرىلغان نەرسىنى سېتىش دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئىنسان تېنىنىڭ پارچىسى بولۇپ، ئۇنى كۆمۈۋېتىش ۋاجىپ بولىدۇ. اللہ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلاغلارغا) مىندۈردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق»[3].

ئىنساندىن باشقا جانلىقلارنىڭ قىغلىرىنى سېتىش دۇرۇس بولىدۇ. لېكىن ئىمام شافىئىنىڭ قارىشى بۇنىڭغا خىلاپتۇر.

كاپىرنىڭ ھاراق سېتىشى دۇرۇس بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھاراق سېتىپ تاپقان پۇلىدىن قەرز ئېلىش دۇرۇس بولىدۇ. بىز يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، ھاراق كاپىر ئۈچۈن قىممەتلىك مال ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا كاپىر ھاراقنىڭ پۇلىغا ئىگە بولىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭدىن قەرز ئېلىش دۇرۇس بولىدۇ. ئەمما مۇسۇلماننىڭ ھۆكمى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. چۈنكى ھاراق مۇسۇلمان ئۈچۈن قىممەتلىك يوق نەرسىدۇر. شۇڭا ھاراق سېتىلغان پۇل سېتىۋالغۇچىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا قالىدۇ. لېكىن ئۇ بىرەر زىممىينى ئۇنى سېتىشقا ۋەكىل قىلىپ قويغان بولسا، ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ قارىشىدا دۇرۇس بولىدۇ. بىراق بۇ ئىمام ئەبۇيۈسۈف ۋە مۇھەممەدنىڭ قارىشىغا خىلاپتۇر.

بۇ قاراشقا ئاساسەن، ئەگەر بىر مۇسۇلمان ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئۆزى ياكى باشقا بىر مۇسۇلمان ساتقان ھاراقنىڭ پۇلى بولغان، ئاندىن ئۇ مۇسۇلمان ئۇ پۇلنى مىراس قىلىپ قالدۇرغان بولسا، ئۇ پۇل ئۇنىڭ مىراسخورلىرى ئۈچۈن ھالال بولمايدۇ. ئەگەر مىراسخورنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى بولغان تەقدىردە ھاراملىق ھۆكۈم مىراسخورغا يۆتكىلىدۇ. ئەگەر مىراسخور

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 255 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 246 ـ بەت.

(3) «تەقرىيرات ئەررافىئى» 2 ـ توم، 308 ـ بەت.

سېتىلغان ئۇ مالنىڭ ئىگىسىنى بىلگەن تەقدىردە، ئۇنىڭ ئۇ مالنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشى ۋاجىپ بولىدۇ. مىراسخورلار مەيلى ئۇ مالنىڭ ئىگىلىرىنى بىلسۇن ياكى بىلمىسۇن، ئۇ مال مىراسخورلارغا شەرتسىز ھالدا ھارام بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار مال ئىگىلىرىنى بىلسە، مالنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەگەر بىلمىسە، ئۇنى سەدىقە قىلىۋېتىدۇ.

زاھىرىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇ مالنىڭ مىراسخورلارغا ھارام بولۇشى ھۆكۈم جەھەتتىن ئەمەس، دىيانەت جەھەتتىندۇر. شۇڭا بالاغەتكە يەتمىگەن مىراسخورنىڭ ئۇ مالنى سەدىقە قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئۇنى سەدىقە قىلىۋەتكەن بولسا، بالاغەتكە يەتكەندە تۆلەپ بېرىدۇ.

<ئەلئەشباھ> ناملىق كىتابتا نەقىل قىلىنىشىچە، ئابدۇلۋەھھاب شەئرانى <ئەلمىنەن> ناملىق كىتابتا مۇنداق دېگەن: «ھەنەفى مەزھەپىنىڭ بەزى ئالىملىرىدىن ھاراملىق ھۆكۈمنىڭ ئىككى گەردەنگە ئۆتمەيدىغانلىقى نەقىل قىلىنغان. مەن شىھاب ئىبنى شەلەبىدىن بۇ مەسىلە ھەققىدە سورىسام، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى: ئۇ بۇ ئىشنى بىلمىگەن كىشىگە قارىتىلىدۇ. ئەمما بىر ئادەمدىن زورلۇق بىلەن مەلۇم مىقداردا باج ئېلىپ، ئاندىن ئۇنى باشقا بىر ئادەمگە بەرگەن، ئاندىن ئۇنى شۇ باشقا ئادەمدىنمۇ ئېلىۋالغان باجگىرنى كۆرگەن كىشى ئۈچۈن ئۇ مال ھارامدۇر».

<ئەززەخىرە> ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «پادىشاھنىڭ مېلىدىن، ھارام جازالاردىن ۋە شۇنىڭدەك ماللاردىن مەلۇم مىقداردا مالغا ئېرىشكەن كىشى ھەققىدە ئەبۇ جەئپەردىن: <بۇنى بىلگەن كىشىنىڭ ئۇنىڭ تامىقىدىن يېيىشى ھالال بولامدۇ؟> دەپ سورالدى. ئۇ: <ئۇنىڭ دىيانىتىنى نەزەردە تۇتقاندا مەن ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۇ تاماقنى يېمەسلىكى ياخشىدۇر. ئەمما ھۆكۈم جەھەتتە، گەرچە ئۇ تاماق بۇلانغان ياكى پار ئالغان مالدىن بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئۇنى يېيىشى دۇرۇس بولىدۇ> دەپ جاۋاب بەردى».

<ئەلخانىييە> ناملىق پەتىۋا كىتابىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «مەلۇم بىر ئايال كىشىنىڭ ئېرى زۇلۇم ئەۋج ئالغان يۇرتتا ياشايدىغان بولۇپ، گەرچە ئېرىنىڭ يېمەك - ئىچمىكىنىڭ ئۆزى بۇلانغان مال بولمىغان تەقدىردە ياكى ئېرى ئەسلى پاك بولمىغان پۇل - مالغا يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەك سېتىۋالغان تەقدىردە، خوتۇنى ئۇنى بىمالال ئىشلەتسە بولىدۇ. ئۇنىڭ گۇناھى ئېرىگە بولىدۇ[1].

(1) سۇرە ئىسرا، 70 - ئايەت.

# ئاشلىق ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئۇلارنىڭ باھاسىنىڭ ئۆسۈشىنى ساقلاپ بېسىپ يېتىش

شەرىئەتتە ئاشلىق ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى ساتماستىن، باھاسىنىڭ ئۆسۈشىنى ساقلاپ بېسىپ يېتىش ھارامغا يېقىن مەكرۇھتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى سېتىۋالغان مالنى بېسىپ ياتسا، خاتالاشقان بولىدۇ». يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «سېتىۋالغان مالنى خاتالاشقۇچىدىن باشقا ئادەم بېسىپ ياتمايدۇ»[1].

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كەسىب قىلغۇچىغا رىزىق بېرىلىدۇ. مالنى بېسىپ ياتقۇچى لەنەتكار بولىدۇ»[2]. چۈنكى ئۇ ئومۇمىي خەلقنىڭ ھەققىگە ئالاقىدار مەسىلىدۇر. ئۇنى ساتماسلىق ئۇلارنىڭ ھەققى بىلەن ئويناشقانلىق ۋە ئۇلارنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقتۇر. شۇڭا شەھەر كىچىك بولۇپ، مالنى ساتماسلىق شەھەر ئاھالىسىگە زىيانلىق بولسا، ئۇنى بېسىپ يېتىش ھارامغا يېقىن مەكرۇھ بولىدۇ. ئەكسىچە، شەھەر چوڭ بولۇپ، مالنى ساتماسلىق شەھەر ئاھالىسىگە ئانچە زىيانلىق بولمىسا، ئۇنى ساقلاش مەكرۇھ بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆز مال ـ مۈلكىنى باشقىلارغا زىيان سالماستىن ساقلىغان بولىدۇ[3].

مالنى بېسىپ يېتىش ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىدا بۇغداي، ئارپا، سامان، ئوت ـ چۆپ قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئوزۇق ـ تۈلۈككە ئائىت نەرسىلەرگە خاسلاشتۇرۇلىدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئومۇمىي خەلققە زىيان سالىدىغان بارلىق نەرسىنى، گەرچە ئۇ ئالتۇن ياكى كۈمۈش ۋەياكى كىيىم ـ كېچەك بولغان تەقدىردىمۇ، ساتماسلىق بېسىپ يېتىش ھېسابلىنىدۇ». ئىمام مۇھەممەد (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «كىيىم ـ كېچەكنى ساتماسلىق بېسىپ يېتىش قاتارىدىن ھېسابلانمايدۇ».

بۇ مەسىلىدە ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) زىياننىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئېتىبارغا ئالغان. چۈنكى ئۇ مەكرۇھ بولۇشقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) زېھنىدا تونۇشلۇق بولغان زىياننى

---

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 247 ـ بەت.

(2) سەھىھ مۇسلىم، 1650 ـ ھەدىس.

(3) ئىمام ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

ئېتىبارغا ئالغان.

ئەگەر مالنى بېسىپ يېتىش مۇددىتى قىسقا بولسا، زىيان كەلتۈرمىگەنلىكى ئۈچۈن مالنى بېسىپ ياتقانلىق ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئۇزۇن بولۇپ كەتسە، زىياننىڭ ئەمەلىيەتكە ئايلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن مالنى بېسىپ يېتىش ھېسابلىنىدۇ ۋە ھارامغا يېقىن مەكروھ بولىدۇ.

بەزىلەر ئۇنى **40** كۈن قىلىپ مۆلچەرلىگەن. چۈنكى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى يېمەك ـ ئىچمەكنى **40** كۈن بېسىپ ياتسا، *الله* تىن ئادا ـ جۇدا بولغان بولىدۇ ۋە *الله* مۇ ئۇنىڭدىن ئادا ـ جۇدا بولغان بولىدۇ. قايسىبىر قورو ئەھلى ئىچىدە بىرەر ئادەم ئاچقورساق تاڭ ئاتقۇزسا، ئۇلاردىن *الله* تائالانىڭ كېپىللىكى ئادا ـ جۇدا بولىدۇ»[1].

قازى ئۇنى كەڭرىچىلىك بولىدۇ، دەپ قارىغان زامانغىچە ئۇنىڭغا ۋە ئائىلە ئەزالىرىغا يەتكىدەك ئوزۇقلۇقىدىن ئارتۇقىنى سېتىشقا بۇيرۇيدۇ. ئارتۇق ئوزۇق ـ تۈلۈكنى بېسىپ يېتىشتىن توسىدۇ. ئۇنىڭغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئۇنداق قىلىشتىن چەكلەيدۇ. ئەگەر ئۇ يەنىلا ساتقىلى ئۇنىمىسا، قازى ئۇنى بېسىمغا ئېلىشتا پايدىلىق دەپ قارىغان چارىنى ئىشلىتىدۇ. ئالىملارنىڭ ئىتتىپاق قارىشىدا ئۇنىڭ مېلىنى قازى ئۆزى مەسئۇل بولۇپ ساتىدۇ. چۈنكى ئىمام ئەبۇھەنىفە ئومۇمىي خەلققە كېلىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇ خىلدىكى مەنئى قىلىشنى توغرا دەپ قارايدۇ. بۇ مەسىلىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

ئەگەر خەلىپە دۆلەت ئاھالىسىنىڭ ھالاك بولۇشىدىن ئەنسىرىسە، ئاشلىقنى بېسىپ ياتقۇچىلارغا ئۆزلىرى ۋە ئائىلە ئەزالىرى ئۈچۈن يەتكىدەك ئاشلىق قالدۇرۇپ قويۇپ، قالغان ئاشلىقنى ئۇلاردىن ئېلىۋالىدۇ ۋە دۆلەت ئاھالىسىگە تارقىتىپ بېرىدۇ. ئاندىن دۆلەت ئاھالىسى كەڭرىچىلىككە ئېرىشكەندە ئۇلاردىن ئېلىۋېلىنغان ئاشلىقنى ئوخشاش مىقداردا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ مەنئى قىلىش ئەمەس، ئېھتىياجنى تەمىنلەش ھېسابلىنىدۇ. كىمكى ھالاك بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەندە باشقىلارنىڭ مېلىنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولۇپ قالسا، ئۇنى ئىگىسىنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ ئىشلەتسە بولىدۇ[2].

ئۆز يېرىنىڭ مەھسۇلاتىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن ئاشلىقنى بېسىپ ياتقۇچى ھېسابلانمايدۇ. بۇ مەسىلىدە ئىختىلاپ يوق. چۈنكى ئۇ ئۇنىڭ خالىس ھەققى بولۇپ،

---

(1) «ئەلھىدايە» 4 ـ توم، 92 ـ بەت.

(2) ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا، بەززار ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

ئومۇمىي خەلقنىڭ ھەققى بىلەن ئالاقىدار ئەمەس. چۈنكى، ئۇنىڭ زىرائەت تېرىماسلىق ھەققىمۇ بار. شۇنىڭدەكلا ئۇنىڭ مەھسۇلاتنى ساتماسلىق ھەققىمۇ بار.

گەرچە ئۇ زاھىرىي جەھەتتىن ئالغاندا مالنىڭ قىممەت بولۇشىنى ياكى قەھەتچىلىك بولۇشنى كۆتۈش بىلەن مۇسۇلمانلارغا يامان نىيەتتە بولغان بولسىمۇ، ئېھتىياجلىق مالنى بېسىپ ياتقۇچىنىڭ گۇناھىدەك گۇناھقا گىرىپتار بولمايدۇ. ئەمما ئۇمۇ مەھسۇلاتىنى سېتىشقا مەجبۇرلىنامدۇ؟ دېگەن سۇئالغا، ئەگەر ئىنسانلار ئۇنىڭغا موھتاج بولسا مەجبۇرلىنىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىش كېرەككى، مەككە مۇكەررەمەدە مالنى بېسىپ يېتىش ھەرەمدە گۇناھ قىلغانلىق بولىدۇ ۋە مالنى بېسىپ ياتقۇچى اللە تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىگە چۈشۈپ قالىدۇ: «كاپىرلارغا، (كىشىلەرنى) اللە نىڭ يولىدىن توسقۇچىلارغا، ــ ئۇ ئولتۇرۇشلۇق بولسۇن ياكى سىرتتىن كەلگەن بولسۇن ــ بىز كىشىلەرگە ئىبادەتگاھ قىلغان مەسجىدى ھەرامدىن توسقۇچىلارغا (يەنى ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مەسجىدى ھەرامغا كەلگەن مۆمىنلەرنى توسقۇچىلارغا) (قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز)، كىمكى مەسجىدى ھەرامدا زولۇم بىلەن گۇناھ قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇنىڭغا قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز»[1].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مەككىدە ئاشلىقنى بېسىپ يېتىۋېلىش گۇناھتۇر»[2].

# باھا توختىتىش

مالنىڭ باھاسىنىڭ باشلىق تەرىپىدىن توختىتىلىشى مەكروھتۇر. چۈنكى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دېيىلىدۇ: كىشىلەر: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! مال باھاسى ئۆرلەپ كەتتى. بىزگە باھا توختىتىپ بەرگىن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، باھا توختاتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى، كىشىلەرنىڭ رىزقىنى تار قىلغۇچى ۋە كەڭرى قىلغۇچى زات اللە تائالادۇر. مەن سىلەردىن ھېچكىم قان ۋە مال ھەققىدە بىرەر ھەقسىزلىق بىلەن مېنى تەلەپ قىلمىغان ھالدا اللە غا ئۇچرىشىشنى ئۈمىد قىلىمەن»[3]

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 256 ـ بەت.

(2) سۈرە ھەج، 25 ـ ئايەت.

(3) ئىمام تەبەرانى «ئەلئەۋسەت» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان.

پۇل ئومۇمىي خەلقنىڭ ھەققىدۇر. ئۇنى خەلق ئۆزى بەلگىلىشى كېرەك. شۇڭا خەلپىنىڭ ئۇلارنىڭ ھەققىگە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈشى توغرا ئەمەس. ئەمما بۇ مەسىلە ئومۇمىي خەلققە يېتىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن ئالاقىدار بولۇپ قالسا، مۇۋاپىق رەۋىشتە ئاربلاشسا بولىدۇ[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر ھەدىس شەرىپتە ئىقتىسادتىكى ناھايىتى مۇھىم بىر پرىنسىپنى مۇقەررەرلەشتۈردى. ئۇ بولسىمۇ مال باھاسى ئىنسانلارنىڭ ئابرۇيىغا ۋە ئېھتىياجلىرىغا باغلىق ئىشتۇر. شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىس شەرىپتە ئىسلام ئىقتىسادى ئۇچۇن كۆزگە كۆرۈنەرلىك بىر بەلگىلىمىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ بولسىمۇ يەككە تىجارەتچى كىشىلەرنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قوغداشقا يۈزلەنگەن، ئەركىن ئىقتىسادچىلىقتۇر. بۇ ئىككى مەنپەئەت بىر ـ بىرىگە قارشى كېلىپ قالغاندا جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۇچۇن فىقھىشۇناسلار مۇنداق دېگەن: «باشلىق باھانىڭ قويۇلۇشىغا ئاربلاشمايدۇ. پەقەت مال ئىگىلىرى ماللىرىنىڭ باھاسىنى نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ، چەكتىن ئېشىپ كەتكەندىلا ئاندىن ئاربلىشىدۇ. پىكرلىك، يىراقنى كۆرەلەيدىغان كىشىلەرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن باھا توختىتىپ بېرىدۇ».

ئىمام مالىك (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېگەن: «قىممەتچىلىك بولۇپ كەتكەن يىلى ۋالىنىڭ مال باھاسىنى توختىتىپ بېرىشى ۋاجىپ بولىدۇ». ئىمام مالىك (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مال باھاسىغا ئاربلىشىش ئۇچۇن مال باھاسىنىڭ نورمال چەكتىن ئېشىپ كېتىشىنى شەرت قىلمىغان[2].

بۇ نۇقتىدا ھەنەفىي مەزھەپى بىلەن مالىكىي مەزھەپىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئىبنى ئابىدىن (اللّٰه ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) شۇنداق دېگەن. گويا ئۇ مالىكىي مەزھەپىنىڭ ھەنەفىي مەزھەپىگە قارىغاندا ئومۇمىي خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشقا بەكرەك مايىل ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلماقچى بولغان.

ئەگەر خەلپە مال باھاسىنى توختىتىپ بەرگەن، مال ساتقۇچى ئىمام توختىتىپ بەرگەن باھادىن تارازىدا كەم بەرمەكچى بولغان تەقدىردە خەلپىنىڭ دەررە ئۇرۇشىدىن قورققان ئەھۋال ئاستىدا، مەسىلەن، خەلپە بىر جىڭ مالغا بىر تەڭگە باھا چىقىرىپ بەرگەن، ئاندىن مال سېتىۋالغۇچى كېلىپ مال ئىگىسىگە بىر تەڭگە بەرگەن ۋە: «ئۇنى ماڭا سېتىپ بەرگىن» دېگەن ئەھۋالغا قارىتا، بەزى ئالىملار مۇنداق دېگەن: «مال سېتىۋالغۇچىنىڭ ئۇ مالنى خەلپە توختىتىپ بەرگەن باھادا سېتىۋېلىشى ھالال

(1) ئىمام ئەھمەد، بەززار ۋە ئەبۇ يەئلا مۇسنەدلىرىدە رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلغان.

(2) «ئەلھىدايە» 4 ـ توم، 93 ـ بەت.

بولمايدۇ. چۈنكى مال ساتقۇچى مەجبۇرلانغان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا مال سېتىۋالغۇچى ھىيلە ئىشلىتىپ، ئۇنىڭغا: ‹ئۆزەڭ خالىغان باھاغا سېتىپ بەرگىن› دېسە، بۇ چاغدا مال ساتقۇچى مېلىنى خالىغان باھادا ساتسا بولىدۇ».

ئىبنى ئابىدىن بۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېگەن: «بۇنى ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلىدۇر. چۈنكى ئۇ پادىشاھ مېلىنى مۇسادىرە قىلغان، مېلىنى سېتىشنى مۇئەييەنلەشتۈرمىگەن، مال ـ مۈلۈكنى ئۆزى سېتىشقا توغرا كەلگەن كىشى ھەققىدە: ‹ئۇنىڭ سودىسى كۈچكە ئىگە بولىدۇ› دېگۈچىلەرنىڭ سۆزىگە ئوخشاپ قالىدۇ. چۈنكى مېلى مۇسادىرە قىلىنغان كىشى ئۇنى سېتىشقا مەجبۇرلانمايدۇ. بۇ يەردىمۇ شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئەسلىدىنلا مېلىنى ساتماسلىق ھەققى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ‹ئەلھىدايە›ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: ‹كىمكى ئۇلارغا خەلىپە بەلگىلەپ بەرگەن باھادا مال ساتسا، دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى ئۇ مېلىنى سېتىشقا مەجبۇرلانمايدۇ›. نېمىشقا دېگەندە خەلىپە ئۇنى مال سېتىشقا بۇيرۇمىدى. ئۇ ئۇنى پەقەت مال باھاسىنى توختىتىپ بەرگەن باھادىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىككە بۇيرۇدى. بۇ ئىككى مەسىلىنىڭ ئارىسىدا پەرق بار. شۇڭا ئۇنى ياخشى مۇلاھىزە قىلىش لازىم»[1].

ئەگەر كىشىلەر نان ۋە گۆشنىڭ مۇقىم باھاسىغا ئادەتلەنگەن بولۇپ، ئۇنى ساتقۇچى تارازىدا كەم بەرسە، نان سېتىۋالغۇچى كەم قىسمىنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. گۆش سېتىۋالغۇچى گۆشنىڭ باھاسى ئادەتتە ئېنىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ كەم قىسمىنى قايتۇرۇپ ئالمايدۇ. ئەگەر سېتىۋالغۇچى يات يۇرتتىن كەلگەن كىشى بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى نان باھاسى ئادەتتە ھەممە يۇرتلاردا ئېنىق بولىدۇ. گۆش باھاسى ئاز ساندىكى ئەھۋالنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئېنىق بولمايدۇ. شۇڭا مۇساپىر بولۇپ كەلگەن كىشىنىڭ ھەققى ئېنىق بولماي قالىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ھەر كۈنى قاسساپتىن بىر تەڭگىگە گۆش سېتىۋالىدىغان، قاسساپ گۆشنى كېسىپ تارتىپ بېرىدىغان، سېتىۋالغۇچى گۆشنى بەش يۈز گىرام دەپ ئويلايدىغان، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئۇنى تارتىپ كۆرۈپ بەش يۈز گىرامدىن كەم ئىكەنلىكىنى بىلگەن، قاسساپمۇ ئۇنىڭ بەش يۈز گىرام ئەمەسلىكىنى تەستىقلىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئالىملار بۇ مەسىلە ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر گۆش سېتىۋالغۇچى شۇ يۇرتنىڭ ئۆزىدىن بولسا، كەم ھەسسىسىنى گۆشتىن ئەمەس، پۇلدىن قايتۇرۇۋالىدۇ. چۈنكى قاسساپ كەم ھەسسىنى بەدەلسىز ھالدا پۇلدىن ئېلىۋالغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ شۇ يۇرتنىڭ ئۆزىدىن بولمىسا ۋە قاسساپمۇ گۆشنى كەم بەرگەنلىكىنى رەت قىلسا، ھېچ نەرسە قايتۇرۇپ ئالمايدۇ. چۈنكى بىر يۇرتتىكى مال باھاسى ئىككىنچى يۇرتتىن

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 256 ـ بەت.

كەلگەنلەر ھەققىدە ئېنىق بولماي قالىدۇ»[1].

بۇ، ئادەتتە ناننىڭ باھاسى ئۆسمەيدىغان ۋە چۈشمەيدىغان، لېكىن گۆشنىڭ باھاسى ئېنىق بولغان، بىراق بەزىدە ئۆسۈپ، يەنە بەزىدە چۈشۈپ كېتىدىغان ئەھۋالغا قارىتىلىدۇ. ئەگەر ئادەتتە مال باھاسى ئۆزنىڭ ئەكسىچە بولسا، ھۆكۈممۇ ئەكسىچە بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئادىتىدە نان ۋە گۆش ھەر ئىككىلىسىنىڭ باھاسى ئۆسمەيدىغان ۋە چۈشمەيدىغان ئەھۋال بولسا، كەم قىسمىنى قايتۇرۇپ ئېلىشتا ھەر ئىككىلىسىنىڭ ھۆكمى ئوخشاش بولىدۇ. ئەگەر باھا ھەر ئىككىلىسىدە پەرقلىق بولسا، مەسىلەن، سېتىۋالغۇچى بىر قېتىم مەلۇم ئېغىرلىقتىكى نان ياكى گۆشنى بىر قېتىم بەش تەڭگىگە، يەنە بىر قېتىم تۆت تەڭگىگە سېتىۋالىدىغان ئەھۋال بولسا، ھەر ئىككىلىسىدىكى كەم ھەسسىنى قايتۇرۇپ ئالمايدۇ. ئەگەر سېتىۋالغۇچى: «بۇ ناننى ياكى گۆشنى بۇ مىقداردىكى پۇلغا ماڭا سېتىپ بەرگىن» دېسە، بۇ ھۆكۈم شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ مال ساتقۇچىغا: «ماڭا بەش يۈز گىرام بەرگىن» دېسە، سودا مۇئەييەن ئېغىرلىق ئۈچۈن بولغاچقا، كېمىنى شەرتسىز ھالدا قايتۇرۇپ ئالىدۇ. كەملەپ سېتىلىدىغان مالمۇ مۇشۇنداق بولىدۇ[2].

بەزى ئالىملار مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويغان: مالنى بېسىپ يېتىۋېلىش ھەققىدە ئىزدەنگەندە باھا توختىتىشنى تىلغا ئېلىش باھا توختىتىشنىڭ پەقەت ئىنسانلار ۋە ھايۋانلارنىڭ ئوزۇقلۇقىغا ئائىت ئىش ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. لېكىن بۇ ئىككى ئوزۇقلۇقتىن باشقا ماللارنىڭ ئىگىلىرىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، ئومۇمىي خەلققە زۇلۇم قىلغان تەقدىردە، ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ: «ئومۇمىي خەلققە زىيان سالىدىغان بارلىق نەرسىنى، گەرچە ئۇ ئالتۇن ياكى كۈمۈش ۋەياكى كىيىم - كېچەك بولغان تەقدىردىمۇ ساتماسلىق، ئۇنى بېسىپ يېتىش ھېسابلىنىدۇ» دېگەن قارىشىغا ئاساسەن، باشلىق ئۇلارغا باھا توختىتىپ بەرسە دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى ئىمام ئەبۇيۇسۇف زىياننىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئېتىبارغا ئالىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، ئىمام ئەبۇھەنىفە زىيان ئومۇملىشىپ كەتكەن ئەھۋال ئاستىدا مەنئى قىلىش چارىسىنى يۈرگۈزۈشنى توغرا دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، چاقچاقچى مۇپتىنى، مۇپلىس بولۇپ كەتكەن (يەنى تۆگىمەس قەرزگە كىرىپ قالغان) كىراكەشنى ۋە بىلىمسىز دوختۇرنى خىزمىتىدىن مەنئى قىلغانغا ئوخشاش. بۇلار ئومۇمىي خەلققە ئالاقىدار مەسىلە بولۇپ، بىز يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىمۇ مۇشۇ مەسىلە ئىچىگە كىرىدۇ. چۈنكى باھا توختىتىش مەنە جەھەتتىن ئالغاندا

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 256 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 257 ـ بەت.

مەنئى قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. نېمىشقا دېگەندە، مال ئىگىسى مېلىنى ھەسسىلەپ باھا قوشۇپ سېتىشتىن مەنئى قىلىندۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن بۇ قاراش پەقەت ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ قارىشى بويىچىلا ھۆكۈم قىلىنمايدۇ.[1]

# كەپتەرۋازلىق قىلىش

ئۆگزە ئۈستىدە كەپتەر ئۇچۇرتۇش ھارامدۇر. چۈنكى بۇنى قىلغۇچى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى كۆرۈپ قالىدۇ. كەپتەرلەرگە تاش ئاتىمەن دەپ كىشىلەرنىڭ دېرىزىلىرىنى چېقىپ قويىدۇ. شۇڭا ئۇنداق كىشى قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ ۋە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسىغا دۇچار بولىدۇ. ئەگەر ئۇ بۇ قىلمىشىدىن يانمىسا، باشلىق ئۇنىڭ كەپتەرلىرىنى بوغۇزلاپ، ئاندىن ئۇنى ئىگىسىگە تاشلاپ بېرىدۇ[2].

بەزى ئالىملار كەپتەرۋازلارنىڭ ئادىتىنى دەلىل قىلىپ، ئۇلارغا ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىشنىڭ ۋە كەپتەرلەرنى بوغۇزلاپ تاشلاشنىڭ ۋاجىپلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە بۇنىڭ ئۇچۇن كىشىلەرنىڭ ئەۋرىتىنى كۆرۈپ قېلىش ياكى قالماسلىق ۋە دەرىزىلەرنى چېقىپ قويۇش ياكى قويماسلىق شەرت قىلمىغان.

بۇ ھۆكۈم كەپتەر ئۇچۇرتىدىغان كەپتەرۋازلارغا قارىتىلىدۇ. ئەگەر ئۇنى ئۇچۇرتمىسا، ئالىملار بۇ مەسىلە ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «كەپتەر بېقىش مەكرۇھتۇر. گەرچە ئۇنى كاتەكتە باقسىمۇ، قاراش ياكى ياقتۇرۇپ قېلىش بىلەن كىشىلەرگە زىيان كەلتۈرىدىغان تەقدىردە، يەنىلا مەكروھ بولىدۇ. ئەگەر بىرەر كەپتەرنى (ئۇ كەپتەنى گوللاپ ئېلىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ گەپتىرىگە) قېتىۋالسا ۋە ئۇنىڭ ئىگىسىنى بىلمىسە، ئېھتىيات قىلىش يۈزىسىدىن ئۇنى سەدىقە قىلىۋېتىدۇ. ئاندىن ئۇنى سەدىقە قىلىنغۇچىدىن سېتىۋالىدۇ ياكى سەدىقە قىلىنغۇچى ئۇنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىپ بېرىۋېتىدۇ»[3].

زاھىرىي جەھەتتىن ئالغاندا شۈبھىلىك بولغان نەرسىدە ئېھتىيات قىلىش ئىگىدارچىلىق قىلغان نەرسىدە بولىدۇ. گوللاپ ئېلىپ كەلگەن، ئەمما ئىگىسىنى بىلمىگەن نەرسىدە بولمايدۇ. شۇڭا بۇ ۋاقىتتا ئۇنى سەدىقە قىلىش، ئاندىن ئۇنى سېتىۋېلىش ياكى ئۆزىگە ھەدىيە قىلىنىشى ۋاجىپ بولىدۇ[4].

ئەمما كەپتەرنى ھەۋەس يۈزىسىدىن باقسا، مۇباھ بولىدۇ. شۇڭا ئۆيلەردە قۇش ۋە

(1) «تەقرىيرات ئەررافىئى» 2 ـ توم، 310 ـ بەت.
(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 257 ـ بەت.
(3) «ئەلھەدىييە ئەئەلائىييە» 252 ـ بەت.
(4) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 257 ـ بەت.

توخۇ باقسا، ھېچ يامىنى يوق. لېكىن ئۇنىڭ قورسىقىنى توق بېقىش كېرەك. بۇ ئۇنى كوچىلارغا قويۇپ بەرگەندىن ياخشىدۇر.

ئەگەر قۇش قەپەزدە قىينىلىدىغان ئەھۋال بولسا، ئۇنى دانغا زورلاپ قەپەزدە بېقىش مەكروھ بولىدۇ. ئەگەر قىينالمايدىغان ئەھۋال بولسا، مەكروھ بولمايدۇ. بۇلبۇلغا ئوخشاش، سايرىغۇچى قوشلار قەپەزدە تۇغۇلغان ياكى ئۇنىڭغا كۆندۈرۈلگەن ئەھۋال ئاستىدا ئۇنى ھەۋەس ئۈچۈن قەپەزدە بېقىش دۇرۇس بولىدۇ. قۇشلارنى ئازات قىلىۋېتىشتا ساۋاب يوق. مەسىلەن، قۇچقاچ سېتىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى قويىۋەتكەنگە ئوخشاش. ئۇنى قويىۋەتكەن تەقدىردىمۇ ئىگىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇنى بىر مەزگىلدىن كېيىن باشقا بىرىنىڭ قولىدا كۆرسە، ئېلىۋېلىش ھەققى بار. پەقەت: «ئۇنى كىم تۇتىۋالسا شۇنىڭ بولىدۇ» دېگەن بولسا، ئېلىۋېلىش ھەققى يوق. بەزىلەر: «ئۇنى قويىۋېتىش مەكروھتۇر. چۈنكى ئۇ مالنى زايە قىلغانلىقتۇر» دېگەن.

ئەگەر ئۇ بىر ئادەمگە: «مېنىڭ مېلىم ساڭا ھالالدۇر. سەن ئۇنىڭدىن خالىغىنىڭنى ئالغىن» دېسە، بۇ مەسىلىگە قارىتا ئىمام مۇھەممەد مۇنداق دېگەن: «ئۇنىڭغا پەقەتلا تەڭگە ۋە تىللالار ھالال بولىدۇ».

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئىبنى ئەبۇدۇنيا سەۋرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «كەپتەرۋازلىق قىلىش لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ قىلمىشلىرىدىن بىرىدۇر»[1].

## ھايۋانلارغا كۆيۈنۈش

ئۆكۈزگە ۋە ئېشەككە ئوخشاش ھايۋانلارغا ئۇنى زورلىماستىن ھەمدە ئۇرماستىن مىنىش، يۈك ئارتىش، شۇنداقلا ئۇنىڭ بىلەن يەر تېرىش دۇرۇس بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئۇ كۆتۈرەلمەيدىغان دەرىجىدە ئېغىر يۈك ئارتىشقا بولمايدۇ. پۈتۈن ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشىدا ئۇ ھايۋانلارنىڭ يۈزىگە ۋە بېشىغا ئۇرۇشقا بولمايدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ قارىشىدا، گەرچە ئۇ ئۆزىنىڭ مۈلكى بولغان تەقدىردىمۇ، ئەسلا ئۇرۇشقا بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھايۋان ئۈركۈگەنلىكى ئۈچۈن ئۇرۇلىدۇ، تېيىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇرۇلمايدۇ». چۈنكى تېيىلىش ئۇلاغقا مىنگۈچىنىڭ يوگەننى ياخشى تۇتمىغانلىقىدىندۇر. ئۈركۈپ قېچىش ھايۋاننىڭ ئۆزىنىڭ

(1) «تەقرىيرات ئەررافئىي» 2 ـ توم، 310 ـ بەت.

ناچارلىقىدىندۇر. شۇڭا ئۇنى بۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەپلەش لازىم.

هايۋانغا زۇلۇم قىلىش زېمىنغا زۇلۇم قىلغاندىن ئېغىردۇر. چۈنكى ئۇنىڭ الله تائالادىن باشقا يارەدەمچىسى بولمايدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان: «الله تائالادىن باشقا يارەدەمچى تاپالمايدىغان كىشىگە زۇلۇم قىلغان ئادەمگە الله تائالانىڭ غەزىپى قاتتىقتۇر».

زېمىنغا زۇلۇم قىلىش مۇسۇلمانغا زۇلۇم قىلىشتىن ئېغىردۇر. چۈنكى ئۇ قىيامەت كۈنى زۇلۇم قىلغۇچىسىنىڭمۇ ئۆزى بىلەن بىرگە بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئېغىر تەلەپ قويىدۇ ۋە ئۇ زېمىنىنىڭ كۆپرىلىقتىن باشقا گۇناھلىرى زۇلۇم قىلغۇچىسىنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىپ، شۇ گۇناھلارنىڭ سەۋەبى بىلەن زېمىنىنىڭ ئورنىغا ئازابلىنىشىنىڭ ھېچقانداق توسالغۇسى قالمايدۇ. بەزى ئالىمالار شۇنداق بايان قىلغان[1].

ئىمام نەۋەۋىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) <رىيازۇسسالىھىين> ناملىق كىتابىدا قۇل ۋە ئۇلاغنى قىيناشنى مەنئى قىلىش ھەققىدە مەخسۇس بىر بابتا توختىلىپ، ئۇنىڭدا نۇرغۇن ھەدىسلەرنى بايان قىلغان. شۇ ھەدىسلەردىن بىرقانچىسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئايال بىر مۈشۈكنى سولاپ قويۇپ، ئۇنىڭغا نە يەيدىغان نەرسە ۋە سۇ بەرمەي، نە زېمىندىكى جانلىقلارنى تۇتۇپ يېيىشكە قويۇپ بەرمەي ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن دوزاخقا كىرىپ قالغان». بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈزىگە داغلىنىپ ئەن سېلىنغان بىر ئېشەكنى كۆرۈپ، بۇنى ياقتۇرمىدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما سۆزىنى داۋام قىلىپ: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئېشەككە ئەن سالماقچى بولسام، يۈزىدىن باشقا يەرگە سالىمەن، دېدى ۋە ئۆزىنىڭ ئېشىكىگە ئەن سېلىشقا بۇيرۇدى. نەتىجىدە ئېشەكنىڭ ئىككى يوتىسىغا ئەن سېلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئىبنى ئابباس ئېشەكنىڭ ئىككى يوتىسىغا ئەن سالغان تۇنجى كىشى بولۇپ قالدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدىن يۈزىگە ئەن سېلىنغان بىر ئېشەك ئۆتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ئېشەكنىڭ يۈزىگە ئەن سالغۇچىغا الله لەنەت قىلسۇن!» دېدى.

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 257 ـ بەت.

**بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.**

**ئىمام مۇسلىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈزگە ئۇرۇش ۋە يۈزگە ئەن سېلىشتىن چەكلىگەن[1].**

**بەزى ئالىملار مۇنداق دېگەن: «ئۆكۈزگە مىنىشكە ۋە ئۇنىڭغا يۈك ئارتىشقا، ئېشەك بىلەن يەر تېرىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ھايۋانلاردىن ھەر بىر تۈرى مۇئەييەن ئەمەل ئۈچۈن يارىتىلغان. شۇڭا الله تائالانىڭ ئەمرىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ».**

**ئۆكۈزگە مىنىش ھەققىدە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قاراشنى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىس شەرىپ كۈچلەندۈرىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم بىر كالىغا مىنىۋىدى، كالا ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ: <مەن بۇنىڭ ئۈچۈن يارىتىلمىدىم. مەن پەقەت يەر تېرىش ئۈچۈن يارىتىلدىم> دېدى». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى داۋام قىلىپ: «كالىنىڭ سۆزلىگىنىگە مەن ئىمان كەلتۈرىمەن، ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەرمۇ ئىمان كەلتۈرىدۇ» دېگەن. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «بىر بۆرە بىر قوينى تۇتىۋالدى. پادىچى بۆرىنىڭ ئارقىدىن قوغلىدى. بۆرە ئۇنىڭغا: <قويغا مەندىن باشقا پادىچى يوق كۈندە ئۇنى كىم قوغدايدۇ؟> دېدى». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە سۆزىنى داۋام قىلىپ: «بۆرىنىڭ سۆزلىگىنىگە مەن ئىمان كەلتۈرىمەن، ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەرمۇ ئىمان كەلتۈرىدۇ» دېگەن. ئەبۇسەلەمە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ سۆزنى قىلغان چاغدا ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر ئۇ سورۇندا يوق ئىدى»[2].**

## مۇسابىقىلىشىش

**ئوق ئېتىش، ئات، قېچىر، ئېشەك ۋە تۆگە مىنىش، شۇنداقلا يۈگۈرۈش قاتارلىقلاردا مۇسابىقىلىشىش جائىزدۇر. بۇنىڭ بىلەن جىھادقا ھازىرلىق قىلىش ئۈچۈن چېنىقىشنى مەقسەت قىلسا، سۈننەت ۋە مۇستەھەپ بولىدۇ. ئەمما ئويناشنى ياكى پەخىرلىنىشنى ۋەياكى باتۇرلۇقنى كىشىلەرگە كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلسا، زاھىرىي جەھەتتىن ئالغاندا مەكرۇھ بولىدۇ. چۈنكى پۈتۈن ئەمەللەر نىيەتكە باغلىقتۇر. مۇباھ ئىشلار نىيەت بىلەن تائەت ئىبادەت بولغىنىدەك، تائەت ئىبادەتمۇ نىيەت بىلەن گۇناھقا ئايلىنىپ قالىدۇ.**

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 257 ـ بەت.

(2) «رىيازۇسسالىھىين» 586 ـ بەت.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاۋلانغان بىر ئاتنى مۇسابىقىگە سالدى. ئۇ بۇ ئاتنى ھەفيائ دېگەن جايدىن چاپتۇردى. ئاخىرقى نىشان ئەلۋەدائ داۋىنى ئىدى». بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلاردىن بىرى يەنە بىرىدىن: «بۇ ئىككى جاينىڭ ئارىلىقى قانچىلىك كېلەتتى؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «يەتتە ياكى سەككىز مىل كېلەتتى» دەپ جاۋاب بەرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە تاۋلانمىغان بىر ئاتنى مۇساپىقىگە سالدى. ئۇ بۇ ئاتنى ئەلۋەدائ داۋىنىدىن چاپتۇردى. ئۇنىڭ ئاخىرقى نىشانى بەنى زۇرەيق مەسجىدى ئىدى. «بۇ ئىككى جاينىڭ ئارىلىقى قانچىلىك ئىدى؟» دەپ سورالغاندا، «بىر مىل ياكى شۇ ئەتراپتا كېلەتتى» دەپ جاۋاب بېرىلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمامۇ شۇ قېتىمدا مۇسابىقىلەشكەن كىشىلەردىن بىرى ئىدى[1].

ئىمام مۇسلىم بۇ ھەدىسنى باشقا سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «مەن كىشىلەر بىلەن مۇسابىقىگە چۈشتۇم. مېنىڭ ئېتىم ئاخىرقى نىشان بەنى زۇرەيق مەسجىدىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتكەن».

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: «تاۋلانغان بىر ئاتنى» دېگەن سۆزىدىكى تاۋلاشتىن مۇنۇ ئىشلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ: ئالدى بىلەن ئات ياخشى بېقىلىپ، قاتتىق سەمرىتىلىدۇ. ئاندىن يەم ـ خەشكى ئازايتىلىپ، ئاچ قالمىغىدەك ھالەتتە بېقىلىدۇ. ئاندىن بىر ئۆيگە سولاپ قويىلىدۇ ۋە قىزىپ تەرلىگەننگە قەدەر يۇركەنجە بىلەن ئوراپ قويىلىدۇ. ئاندىن تەرى قۇرىغاندا گۆشى يېنىكلەپ، قاتتىق يۈگۈرەك بولۇپ كېتىدۇ.

بۇ ھەدىس مۇسابىقىلىشىشنىڭ شەرئى قىلىپ بەلگىلەنگەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىھۇدە ئىش ئەمەسلىكىنى، بەلكى غازات مەقسىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان ۋە ئېھتىياج چۈشكەندە پايدىلانغىلى بولىدىغان، مەدھىيەگە لايىق چېنىقىش تۈرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ ئۇنى قىلغۇچىنىڭ نىيىتىگە قارىتا مۇباھلىق بىلەن مۇستەھەپلىكنىڭ ئارىسىدا ئايلىنىپ تۇرىدۇ.

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئات ۋە باشقا ھايۋانلارنى مىنىش ھەمدە يۈگۈرۈش ئارقىلىق مۇسابىقىلىشىشنىڭ، شۇنداقلا ئوق ئېتىش ۋە قورال ئىشلىتىش ئارقىلىق مۇسابىقىلىشىشنىڭ دۇرۇسلىقىدا ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق. چۈنكى بۇ ئارقىلىق ئۇرۇش ئۈچۈن مەشىق قىلغىلى بولىدۇ[2].

(1) سەھىھ بۇخارى، 2324 ـ ھەدىس.

(2) سەھىھ بۇخارى، 2870 ـ ھەدىس.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېچقانداق تۆگە ئالدىغا ئۆتەلمەيدىغان ياكى ئۆتەلمىگىلى تاس قالىدىغان <ئەزبائ> ئىسىملىك تۆگىسى بار ئىدى. بىر ئەئرابى ياش بىر تۆگىنى مىنىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى مۇسۇلمانلارغا ئېغىر كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى بىلىپ قېلىپ مۇنداق دېدى: «دۇنيادىن يۇقىرى پەللىگە ئۆرلىگەن نەرسىنى تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇش الله تائالانىڭ ھەققىدۇر»[1].

بۇ ھەدىس مۇنۇ ساۋاقلارنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ: تۆگىنى مىنىش ۋە مۇسابىقىگە سېلىش ئۈچۈن بېقىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن ھەرقانداق نەرسىنىڭ تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىش ئۈچۈن مال ـ دۇنيانى چوڭ بىلىپ كەتمەسلىكنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ ۋە كەمتەرلىك قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ۋە كەمتەرلىكى ساھابىلىرىنىڭ دىللىرىدا ناھايىتى كاتتا ئورۇن ئالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ[2].

سەلىمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسلەم قەبىلىسىدىن ئوق ئېتىپ مۇسابىقىلىشىۋاتقان بىرقانچە نەپەر كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەنىدى. ئۇ: «ئى ئىسمائىلنىڭ ئوغۇللىرى! ئېتىڭلار. شەك ـ شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ ئاتاڭلار مەرگەن ئىدى. ئېتىڭلار، مەن پالانى جەمەت بىلەن بىر بولاي» دېدى. ئىككى تەرەپتىن بىر تەرەپنىڭ ئادەملىرى قوللىرىنى يىغىپ تۇرىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرگە نېمە بولدى؟ ئاتمايسىلەرغۇ؟» دېدى. ئۇلار: سەن ئۇلار بىلەن بىر تۇرساڭ، بىز قانداق ئاتىمىز؟ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالا: «ئېتىڭلار، مەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلار بىلەن بىرگە» دېدى[3].

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «پەقەت ئاچىماق تۇۋاقلىق ياكى توم تۇۋاقلىق ۋەياكى ئۇچلۇق نەرسىدە مۇسابىقىلىشىش بار»[4].

ئاچىماق تۇۋاقلىق دېگەن سۆز تۆگىنى، توم تۇۋاقلىق دېگەن سۆز ئاتنى، ئۇچلۇق دېگەن سۆز ئوقنى كۆرسىتىدۇ. مەزكۇر ھەدىس پەقەت مۇشۇ ئۈچ تۈرلۈك نەرسىدىن باشقا نەرسە بىلەن مۇسابىقىلىشىشقا بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

(1) «فەتھۇلبارى» 6 ـ توم، 72 ـ بەت.

(2) سەھىھ بۇخارى، 2872 ـ ھەدىس.

(3) «فەتھۇلبارى» 6 ـ توم، 74 ـ بەت.

(4) سەھىھ بۇخارى، 2899 ـ ھەدىس.

ھەنەفىي مەزھەپىدە ئوق ئېتىش، ئات ۋە تۆگە مىنىش، شۇنداقلا يۈگۈرۈش مۇسابىقىلىرىدە مۇكاپاتلاش دۇرۇس بولىدۇ. ئۈچ ئىمامنىڭ (يەنى ئىمام مالىك، شافىئى ۋە ھەنبەلىنىڭ) قارىشىدا مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئۈچۈن مۇسابىقىلىشىش ۋە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ.

ھەنەفىي مەزھەپىدە فىقھى ئىلمىدە ۋە چېلىشىشتا مۇسابىقىلىشىش دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى ئۇ جىھاد قىلىشقا ۋە ئىلىم ئىگەللەشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان ئامىلدۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، دىننى جىھاد قىلىش ۋە ئىلىم ئۆگىنىش ئارقىلىق مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ. شۇڭا بۇ ئىككى تۈرگە ئالاقىدار نەرسىدە مۇسابىقىلىشىش دۇرۇس بولىدۇ. باشقا نەرسىدە دۇرۇس بولمايدۇ.

مۇسابىقىدە ئۇتتۇپ چىققۇچىغا مۇكاپات بەلگىلەش ھالالدۇر ۋە ياخشى ئىشتۇر. ئەگەر مۇسابىقىگە چۈشكەن ئىككىسىنىڭ بىرى تەرىپىدىن ياكى ئۈچىنچى شەخس تەرىپىدىن پۇل ـ مال شەرت قىلىنغان بولسا، مەسىلەن، ئىككىسىنىڭ بىرى: «ئەگەر مېنى ئۇتىۋالساڭ، ساڭا پالانى نەرسىنى بېرىمەن. ئەگەر مەن ئۇتىۋالسام، سەندىن ھېچ نەرسە ئالمايمەن» دېسە، ياكى باشلىق مۇسابىقىگە چۈشكەن ئىككى ئاتلىق كىشىگە يا ئوق ئېتىشقان ئىككى كىشىگە: «ئىككىڭلاردىن قايسىڭلار ئۇتىۋالسا، ئۇنىڭغا پالانى نەرسە بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇتتۇلۇپ كەتسە، ھېچ نەرسە بېرىلمەيدۇ» دېسە، دۇرۇس بولىدۇ.

ئەگەر مۇسابىقىدە ھەر ئىككىلى تەرەپتىن پۇل ـ مال شەرت قىلىنسا، مەسىلەن، «ئەگەر سېنىڭ ئېتىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتسە، مەن ساڭا پالانى نەرسىنى بېرىمەن. ئەگەر مېنىڭ ئېتىم ئالدىغا ئۆتۈپ كەتسە، سەن ماڭا پالانى نەرسىنى بېرىسەن» دېسە، ھارام بولىدۇ. چۈنكى ئۇ قىمار بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ قىمار دەپ ئاتىلىشى شۇكى، قىمار ئويۇنىغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ ھەربىرى ئۆزىنىڭ مېلىنىڭ رەقىبىگە ئۆتۈپ كېتىشىنى، شۇنداقلا رەقىبىنىڭ مېلىنى ئۆزىنىڭ قولىغا كەلتۈرۈشنى دۇرۇس قىلىدۇ. مۇنداق قىلىش ئوچۇق دەلىل بىلەن ھارام قىلىنغان. ئۇ بولسىمۇ الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: «ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە الله نى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانمامسىلەر؟»[1].

(1) ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

لېكىن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا ئۈچىنچى شەخس ئۇلارنىڭ ئېتىغا تەڭداش، ئۇلارنىڭ ئېتىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىش ياكى كەتمەسلىك ئېھتىمالىمۇ بار ئات بىلەن كىرسە، دۇرۇس بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۇلارنىڭ ئېتىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشى ياكى ئۆتەلمەسلىكى مۇقەررەر بولغان ئات بىلەن كىرسە، دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى (مۇسابىقىدە) بىر ئاتنى ئىككى ئاتنىڭ ئارىسىغا كىردۈرسە، ئۇ بۇ ئاتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشىگە ئىشەنچ قىلالمايدىغان تەقدىردە، بۇنىڭ ھېچ يامىنى يوق. كىمكى بىر ئاتنى ئىككى ئاتنىڭ ئارىسىغا كىردۈرسە، ئۇ بۇ ئاتنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىگە ئىشەنچ قىلغان تەقدىردە، ئۇ قىمار بولۇپ قالىدۇ»[1].

ئەگەر شەرتلەر ھازىرلىنىپ، بۇ ئۈچىنچى شەخس ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا كىرگەن تەقدىردە، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتسە، ھەر ئىككىلىسىدىن بەلگىلىگەن مۇكاپاتنى ئالىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئالدىغا ئۇ ئىككىسى ئۆتۈپ كەتسە، ئۇ ئىككىسىگە ھېچ نەرسە بەرمەيدۇ. ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى يەنە بىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتسە، رەقىبىدىن شەرت قىلغان مالنى ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىككىسى مەزكۇر ئۈچىنچى شەخسنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتسە ۋە ئىككىسى تەڭ كېلىپ قالسا، ھەر ئىككىلىسىگە ھېچ نەرسە بېرىلمەيدۇ. ئەگەر ئۈچىنچى شەخس ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى بىلەن تەڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتسە، ئاندىن يەنە بىرى كەلسە، ئۈچىنچى شەخس بىلەن تەڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن كىشى ھېچ نەرسە بەرمەيدۇ. بەلكى ئۇنىڭغا ئارقىدا قالغان كىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن شەرت قىلغان مال بېرىدۇ. شۇنداقلا، ئەگەر ئۇ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن، ئاندىن ئۈچىنچى شەخس كەلگەن، ئاندىن ئارقىدا قالغۇچى كەلگەن تەقدىردە، ئۈچىنچى شەخسكە ھېچ نەرسە بېرىلمەيدۇ.

بۇنىڭ دۇرۇس بولۇشى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۈچىنچى شەخس ئارىدا بولىدىغان پۈتۈن جەريان ۋە نەتىجىلەرنى كەسكىن ۋە ئىشەنچلىك ھالدا مۆلچەرلىيەلمەيدۇ. ئۇ پەقەت مۇكاپات ئالالايدىغان ياكى ئالالمايدىغانلىقىنى مۆلچەرلىيەلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوچۇق دەلىل كۆرسەتمىسى بويىچە ئۇ مۇسابىقە قىمار خارەكتېرىدىكى مۇسابىقە بولۇشتىن چىقىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىككى مۇسابىقىچىنىڭ بىرى تەرىپىدىن قىلىنغان شەرتكە ئوخشاپ قالىدۇ. چۈنكى قىماردا، بىز يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، ھەر ئىككىلى تەرەپ ئوخشاش مال تىكىدۇ.

شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، مۇسابىقىدىكى مۇكاپات ئۇتىۋالغۇچى ئۈچۈن ھالال بولىدۇ ۋە پاك رىزىق ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئۇتىۋالغۇچى ئۇ مالغا ئۇتىۋالغانلىقى

(1) سۈرە مائىدە، 90 ــــ 91 ـ ئايەتلەر.

**بىلەنلا ھەقلىق بولۇپ قالمايدۇ. شۇڭا ئۇتتۇلۇپ كەتكۈچى شەرت قىلغان مالنى ئۇنىڭغا بەرمىسە، قازى ئۇنى بېرىشكە مەجبۇرلىمايدۇ. بۇ يەردە پۇتۇشۇش ۋە ئېلىش ئىمكانى مەۋجۇت بولمىغانلىقى ئۈچۈن قازى ئۇ مالنى ئۇتتۇلغۇچىغا قارشى ئۇتتۇالغۇچىنىڭ پايدىسىغا ھۆكۈم قىلمايدۇ.**

**بەزى كىتابلاردا: «ئەگەر بىرى يەنە بىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتسە، شەرت قىلىنغان مال ئۇتتۇالغۇچىغا ھالال بولىدۇ. ئەگەر ئۇتتۇلغۇچى ئۇنى بەرمىسە، بېرىشكە مەجبۇرلىنىدۇ» دېيىلگەن. لېكىن بۇ قاراش، يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، «ئۇتتۇالغۇچى ئۇ مالغا ئۇتتۇالغانلىقى بىلەنلا ھەقلىق بولۇپ قالمايدۇ» دېگەن مەشھۇر قاراشقا خىلاپتۇر. بۇ شۇنى ئىپادىلەپ بېرىدۇكى، شافىئى مەزھەپىنىڭ ئالىملىرى ئېيتقاندەك، ئۇنى پۇتۇشۇش بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم[1].**

**«مۇسابىقىدە پۇتۇشۇش ئىمكانى مەۋجۇت بولمىغانلىقى ئۈچۈن» دېگەن سۆزنى ئويلىنىپ بېقىش لازىم. بەلكى ئۇنى پۇتۇشۇش مۇمكىندۇر ۋە شافىئى مەزھەپىنىڭ ئالىملىرى ئېيتقاندەك، ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ[2].**

**فىقھى ئالىملىرىدا ۋە چېلىشىشتا مۇسابىقىلىشىشمۇ مۇشۇ تەپسىلاتقا ئاساسەن بولىدۇ. چۈنكى ئۇ جىھاد قىلىشقا ۋە ئىلىم ئىگەللەشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان ئامىلدۇر. شەك ـ شۈبھىسىزكى، دىننى جىھاد قىلىش ۋە ئىلىم ئۆگىنىش ئارقىلىق مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ. شۇڭا بۇ ئىككى تۈرگە ئالاقىدار نەرسىدە مۇسابىقىلىشىش دۇرۇس بولىدۇ. باشقا نەرسىدە دۇرۇس بولمايدۇ.**

**ئەگەر فىقھى ئىلمىدىكى مۇسابىقىدە توغرىنى تېپىپ چىققان مۇئەييەن بىر كىشىگە مۇكاپات بېرىشنى شەرت قىلسا، دۇرۇس بولىدۇ. مەسىلەن، بىرى: «ئەگەر سەن توغرىنى تېپىپ چىقساڭ، ساڭا مۇنداق مۇكاپات بېرىلىدۇ» دېسە، ياكى: «ئەگەر مەن تېپىپ چىقسام، ساڭا ھېچ نەرسە بەرمەيمەن» دېسە، ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە قىلسا، دۇرۇس بولىدۇ. ئەمما ھەر ئىككىلىسى: «قايسىمىز توغرىسىنى تېپىپ چىقساق، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ رەقىبى مۇنداق نەرسە بېرىدۇ» دېسە، دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ھەر ئىككىلى تەرەپتىن قىلىنغان شەرت بولۇپ، قىمارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. لېكىن ئۇلار ئارىلىرىغا ئۈچىنچى شەخسنى كىرگۈزۈرسە ۋە بۇ شەخس توغرىنى تېپىپ چىققان تەقدىردە ئۇنىڭغا ھەر ئىككىلىسى مۇكاپات بېرىشنى، ئەگەر ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى تېپىپ چىققان تەقدىردە مەزكۇر ئۈچىنچى شەخس ھېچ نەرسە بەرمەسلىكنى بەلگىلىسە، دۇرۇس بولىدۇ.**

(1) ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

(2) «رەددۇلمۇھتار» **5** ـ توم، **258** ـ بەت.

چېلىشىش بىدئەت ئەمەس. لېكىن ئۇ ئويۇن تاماشا ئۇچۇن بولۇپ قالسا، مەكرۇھ بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خېلى كۆپ ساھابىلار بىلەن چېلىشقان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىبنى ئەسۋەد جۇمەھى ۋە رۇكانە قاتارلىقلار بار ئىدى. رۇكانە ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېڭىلىپ قالسا، ئىسلامغا كىرىدىغانلىقىنى شەرت قىلىپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قېتىم چېلىشقان. موللا ئەلى قارىنىڭ <شەرھۇششەمائىل> ناملىق كىتابىدا شۇنداق دېيىلىدۇ.

جەراھى مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇجەھىل بىلەن چېلىشقان دېگەن سۆزنىڭ ئەسلى يوق»[1]. سۇندى بەيھەقىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: «رۇكانە ئۈچىلى قېتىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇن قوي بېرىشنى شەرت قىلىپ چېلىشقان. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بۇ شەرتىنى قوبۇل قىلمىغان. ئۇ ئۇنىڭدىن ئىسلامغا كىرىشنى شەرت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن رۇكانە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن پەيغەمبەرلىكىنى كۆرسىتىدىغان بىر مۆجىزە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان. نەتىجىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەمۇرە دەرىخىنى چاقىرغان. دەرەخ كەلگەن. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ دەرەخكە ئورنىغا قايتىپ كېتىشنى بۇيرۇغان. دەرەخ قايتىپ كەتكەن. رۇكانە بۇ مۆجىزىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ شۇ ۋاقىتتا ئىسلامغا كىرمىگەن. بەلكى كېيىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئىسلامغا كىرگەن»[2].

ئەمما مۇكاپاتسىز مۇسابىقىلىشىش ھەممە نەرسىدە ھالال بولىدۇ. شافىئى مەزھەپىنىڭ قارىشىدا يۈگۈرۈش، قۇشلارنى ئۇچۇرتۇش، كالىغا مىنىش، كېمە ھەيدەش، سۇ ئۈزۈش، چەۋگەن توپ ئويناش، مىلتىق ئېتىش، تاش ئېتىش، تاش كۆتۈرۈش، قول قايرىش، قولدىكى نەرسىنىڭ جۈپ ياكى تاقلىقىنى تېپىش قاتارلىق تۈرلەر بويىچە مۇسابىقىلىشىش دۇرۇس بولىدۇ. شۇنداقلا ھەرقانداق خەتەرلىك ئويۇن تۈرىدە سالامەت قېلىش ئېھتىماللىقى كۈچلۈك بولسىلا، مۇسابىقىلىشىش دۇرۇس بولىدۇ.

قۇش ئۇچۇرتۇش ۋە قولدىكى نەرسىنى تېپىش ئويۇنىنىڭ دۇرۇسلىقىغا قارىتا ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ پىكرى بار. چۈنكى ئۇلار پەقەت ئويۇندىنلا ئىبارەتتۇر. ئەمما ئاتلىقلارنىڭ چەۋگەن ئويۇنىغا كەلسەك، جائىزدۇر. شۇنىڭدەك، مىلتىق ئېتىش، تاش ئېتىش قاتارلىق ئويۇنلاردىن چېنىقىش ۋە كۈچلىنىش مەقسەت قىلىنسا، جائىزدۇر[3].

(1) «تەقرىيرات ئەررافىئى» 2 ـ توم، 310 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 259 ـ بەت.

(3) «تەقرىيرات ئەررافىئى» 2 ـ توم، 310 ـ بەت.

# ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلارنى ئاڭلىتىش

يالغان ئىكەنلىكى جەزملىك بولمىغان ھەرقانداق ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلارنى دەلىل قىلىش مەقسىتىدە ئەمەس، چىقىش نۇقتىسى قىلىش مەقسىتىدە ئاڭلىتىش دۇرۇستۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىسرائىل ئەۋلادى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭلار. بۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ» دېگەن. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىسنىڭ جابىردىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر لەۋزىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئىسرائىل ئەۋلادى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭلار. چۈنكى ئۇلار ئىچىدە ئاجايىپ ئىشلار ئۆتكەندى».

ئىمام نەسائى ئەبۇسەئىد خۇدرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «ئىسرائىل ئەۋلادى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭلار. بۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. مېنىڭ ھەققىمدە سۆزلەپ بېرىڭلار. لېكىن ماڭا يالغان چاپلىماڭلار». دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىش بىلەن ئۇلار ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشنى پەرقلەندۈرگەن. بۇنى ئىمام بەيھەقى ئىمام شافىئىدىن نەقىل قىلغان[1].

شۇنداقلا مىسال كەلتۈرۈش، ۋەز ـ نەسىھەت ئېيتىش ۋە باتۇرلۇقنى ئۆگىتىشنى مەقسەت قىلىپ يالغان بولۇش ئېھتىمالى بولغان نەرسىنمۇ ئاڭلىتىش دۇرۇس بولىدۇ. زاھىرىي جەھەتتىن ئالغاندا ئەسلى يوق ھېكايىلەر مۇشۇنداق بولىدۇ. ئۇنى ئاڭلىغان كىشى ئۇنىڭ مۇشۇ ئاجايىپ سىياقتا بايان قىلىنغانلىقىنى بىلىۋالالايدۇ.

ئىلگىرى ئۆتكەنلەر ھەققىدە ئېنىق ئەسلى بولمىغان سۆزلەرنى كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىش ياكى قىسسىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا مەلۇم نەرسىلەرنى قېتىۋېتىش يا ئۇنىڭدىن مەلۇم نەرسىلەرنى كېمەيتىۋېتىش مەكروھتۇر. مەسىلەن: <خالتاڭغا بېقىپ ئۇن تارت، يوتقانغا بېقىپ پۇت سۇن> دېگەنگە ئوخشاش ماقال تەمسىللەرنى رىۋايەت قىلىش دۇرۇستۇر.

# ئىلىم تەلەپ قىلىشنىڭ پەزىلىتى

ئەگەر نىيەت توغرىلا بولىدىكەن، ئىلىم تەلەپ قىلىش ۋە فىقھى ئىلمىنى ئۆگىنىش پۈتۈن ياخشى ئەمەللەردىن ئەۋزەلدۇر. بىلىم ئاشۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىشمۇ، ئەگەر

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 259 ـ بەت.

نىيەت توغرىلا بولىدىكەن، شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئومۇمىي خەلققە پايدىلىقتۇر. لېكىن ئۇ ئىشلارنىڭ پەرز ئەمەللىرىنىڭ ئورۇنلىنىشىغا نۇقسان يەتكۈزمەسلىكى شەرت قىلىنىدۇ. نىيەتنىڭ توغرا بولۇشى شۇكى، ئىلىم تەھسىل قىلغۇچى ئىلىم ئارقىلىق مال ـ دۇنياغا ۋە يۈز ـ ئابرۇيغا ئېرىشىشنى ئەمەس، پەقەت الله تائالانىڭ رىزالىقىغا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىپ ئىلىم ئېلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇ نادانلىقتىن قۇتۇلۇش، خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە ئىلىمنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ئىلىم تەھسىل قىلسا، بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە: ئۇنىڭمۇ نىيىتى توغرا بولغان بولىدۇ.

قۇرئاننىڭ مەلۇم قىسمىنى ئۆگەنگەن ۋە يەنە بوش ۋاقىت تاپقان كىشىنىڭ فىقھى ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىشى ئەڭ ئەۋزەلدۇر. چۈنكى قۇرئاننى ياد ئېلىش پەرز كۇپايىدۇر. فىقھىدىن چوقۇم ئۆگەنىسە بولمايدىغان نەرسىنى ئۆگىنىش پەرز ئەيندۇر. ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم ناماز ئىلمىنى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىلىمنى كىشىلەرگە ئۆگىتىش ئۈچۈن ئۆگەنسە، يەنە بىر ئادەم ئۇنى ئۆزى ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ئۆگەنسە، بۇ ئىككى ئادەمدىن ئالدىنقى ئادەم ئەۋزەلدۇر. چۈنكى ئۇ كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ»[1].

بۇ قاراشنى ئەبۇمۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىس شەرىپ كۈچلەندۈرىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الله مېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ھىدايەت ۋە ئىلىمنىڭ مىسالى بىر زېمىنغا مول ياغقان يامغۇرنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇكى، ئۇ زېمىننىڭ مەلۇم قىسمى مۇنبەت بولۇپ، سۇنى ئىچىدۇ. ئاندىن نۇرغۇن ئوت ـ ياشلارنى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرىدۇ. ئۇ زېمىننىڭ يەنە مەلۇم قىسمى قاتتىق بولۇپ، سۇنى سىڭدۈرمەي تۇتۇپ تۇرىدۇ. الله شۇ سۇ بىلەن ئىنسانلارغا پايدا يەتكۈزىدۇ. ئۇلار ئۇ سۇنى ئىچىدۇ، يەرلىرىنى سۇغۇرىدۇ ۋە زىرائەت تېرىيدۇ. ئۇ زېمىننىڭ يەنە شۇنداق چۆل قىسمىمۇ باركى، سۇنى تۇتالماي سىڭدۈرۈۋېتىدۇ، ئۆسۈملۈكمۇ ئۆستۈرمەيدۇ. مانا بۇلار الله نىڭ دىنىدا فىقھىشۇناس بولغان، الله مېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن نەرسە مەنپەئەت قىلغان، ئۆزى ئۆگەنگەن ۋە باشقىلارغا ئۆگەتكەن كىشىنىڭ مىسالى بىلەن، مەن بىلەن ئەۋەتىلگەن الله نىڭ ھىدايىتىنى قوبۇل قىلمىغان ۋە ئۇنىڭغا بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ قاراپ باقمىغان كىشىنىڭ مىسالىدۇر»[2].

ئىمام قۇرتۇبى ۋە باشقىلار مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئېلىپ كەلگەن دىننى ئىنسانلار يامغۇرغا ئېھتىياجلىق چاغدا ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 259 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 261 ـ بەت.

ئومۇمىيۈزلۈك ياغقان يامغۇرنىڭ مىسالىغا ئوخشىتىپ مىسال كەلتۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىشتىن بۇرۇن ئىنسانلارنىڭ ھالى شۇنداق ئىدى. يامغۇر ئۆلۈك زېمىنلارنى تىرىلدۈرگىنىدەك، دىن ئىلىملىرىمۇ ئۆلۈك قەلبنى تىرىلدۈرىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ مىسالنى ئاڭلىغۇچىلارنى يامغۇر ياغقان ھەر تۈرلۈك زېمىنغا ئوخشاتتى. ئۇلاردىن بەزىلىرى ئالىم، ئەمەل قىلغۇچى ۋە ئۆگەتكۈچى بولىدۇ. ئۇلار سۇنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن، ئۆزىنى سۇغا قاندۇرغان ۋە ئۆسۈملۈك ئۈندۈرۈپ باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزگەن مۇنبەت زېمىنغا ئوخشايدۇ. ئۇلاردىن يەنە بەزىلىرى پۈتۈن ۋاقتىنى مول ئىلىم ئىگەللەش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. لېكىن نەپلە ئىبادەتلەرگە ئەمەل قىلمايدۇ ياكى توپلىغان ئىلىملىرىدە فىقھىشۇناسلىق قىلمايدۇ. ئەمما ئۇلار ئۇنى باشقىلارغا يەتكۈزىدۇ. ئۇلار سۇنى سىڭدۈرمەي تۇتۇپ تۇرغان، ئاندىن ئۇ سۇ بىلەن باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزگە زېمىنغا ئوخشايدۇ. بۇ مىسالغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىغان، ئاندىن ئۇنى قانداق ئاڭلىغان بولسا شۇ پېتى يەتكۈزگەن كىشىنى الله خۇرسەن قىلىۋەتسۇن!» دېگەن سۆزىمۇ ئىشارەت قىلغان. ئۇلاردىن يەنە شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى، ئىلمنى ئاڭلايدۇ، لېكىن ئۇنى ئېسىدە تۇتمايدۇ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمايدۇ ۋە ئۇنى باشقىلارغا يەتكۈزمەيدۇ. ئۇلار شورلۇق ياكى سۇ سىڭمەيدىغان غىلتاڭ تاشلىق زېمىنغا ئوخشايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدھىيەگە لايىق ئالدىنقى ئىككى گۇرۇھ كىشىلەرنى، ئۇلارنىڭ مەنپەئەت ئېلىشتا ئورتاق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر مىسالغا، ئەيىبلەشكە تېگىشلىك ئۈچىنچى گۇرۇھنى، ئۇلارنىڭ مەنپەئەت ئالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئايرىم مىسالغا يىغىنچاقلاپ بايان قىلغان»[1].

ئەگەر بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قېيىن ئەھۋالدا قېلىشىدىن ئەنسىرىمىگەن تەقدىردە، مەسىلەن، ئاتا ـ ئانا باي بولۇپ، ئۇلارنىڭ خىراجىتى بالىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنمىگەن بولسا، بالىنىڭ ئۇلارنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ شەرئى ئىلىم تەلەپ قىلىشقا چىقىشى دۇرۇستۇر.

ئالىملارنىڭ: «ئىلىم» دېگەن سۆزى شەرئى ئىلىملەرنى ۋە پايدىلىق بولغان ئىلىملەرنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا پايدىلىق بولغان پۈتۈن ئىلىملەرنى تەھسىل قىلىش كېرەك. ھازىرقى دەۋرىمىزدە ئىلىم كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. شۇڭا مۇسۇلمانلارغا ئۇ ئىلىمنى ئۆگىنىش پەرز كۈپايىدۇر. چۈنكى الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن الله نىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزەڭلارنىڭ دۈشمەنلىرىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقىتىسىلەر،

---

(1) سەھىھ بۇخارى، 79 ـ ھەدىس.

ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، الله تونۇيدۇ، سىلەرنىڭ الله يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى بۇ ساۋابتىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ)»[1].

ئەبۇدەرداﺋ رەزىيەللاۋھ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «كىمكى ئىلىم ئېلىش يولىغا ماڭسا، الله ئۇنىڭغا جەننەت يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، پەرىشتىلەر ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىنىڭ ئىشىغا رازىلىق بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن قانانلىرىنى قويىدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، ئالىم ئۈچۈن ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى جانلىقلار، ھەتتا سۇدىكى بېلىقلارمۇ مەغپىرەت تىلەيدۇ. ئالىمنىڭ داۋاملىق ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىدىن ئارتۇقچىلىقى ئاينىڭ باشقا يۇلتۇزلارغا بولغان ئارتۇقچىلىقىغا ئوخشايدۇ. شەك - شۈبھىسىزكى، ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. پەيغەمبەرلەر نە تىللا، نە تەڭگە مىراس قالدۇرمىدى. ئۇلار پەقەت ئىلىمنى مىراس قالدۇردى. كىمكى ئىلىم ئالسا، تولۇق نېسىۋىگە ئېرىشكەن بولىدۇ»[2].

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئىلىم ئېلىش يولىغا ماڭسا، الله ئۇنىڭغا شۇ ئىلىمنىڭ سەۋەبى بىلەن جەننەت يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ»[3].

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئىلىم تەلەپ قىلىپ چىقسا، قايتىپ كەلگەنگە قەدەر الله يولىدا بولغان بولىدۇ»[4].

<تەبيىنۇل مەھارىم> ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «دۇنيا ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان پۈتۈن ئىلىملەرنى ئۆگىنىش پەرز كۇپايىدۇر. مەسىلەن، دوختۇرلۇق، ماتېماتىكا، گىراماتىكا، سۆزلۈك، ئىسلام پەلسەپىسى، قىرائەت، ھەدىس ئىلىملىرى، ۋەسىيەت قىلىنغان ماللارنى ۋە مىراسلارنى تەقسىم قىلىش، خەت يېزىش، بالاغەت ئىلمى، فىقھى ئۇسۇلى (يەنى قائىدە - پرىنسىپلىرى)، ناسىخ ۋە مەنسۇخنى، ئومۇملۇق ۋە خاسلىقنى، دەلىلنى ۋە زاھىرىي مەنىسىنى بىلىش قاتارلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىش پەرز كۇپايىدۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى تەپسىر ۋە

(1) «فەتھۇلبارى» 1 - توم، 177 - بەت.

(2) سۈرە ئەنفال، 60 - ئايەت.

(3) ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھىببان ۋە بەيھەقى رىۋايەت قىلغان.

(4) ئىمام مۇسلىم ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

ھەدىس ئىلمىنىڭ قائىدە ـ پرىنسىپلىرىدۇر. شۇنىڭدەك، ئەسەر ۋە ھەدىس ئىلمىنى، رىۋايەتچىلەرنىڭ ۋە ساھابىلارنىڭ ئىسمىلىرىنى ئۆگىنىش، سەھىھ ھەدىسلەرنى ئاجىز ھەدىسلەردىن ئايرىش ئۈچۈن رىۋايەتچىلەرنىڭ ئادالىتىنى، ئەھۋاللىرىنى ۋە ئۆمۈرلىرىنى، ئىشلەپ چىقىرىش، توقۇمىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىش پەرز كۇپايىدۇر »[1].

# ئىسلام پەلسەپىسنى ۋە مۇنازىرىلىشىشنى ئۆگىنىش

ھەقنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئىلىمدە مۇنازىرىلىشىشنى ئۆگىنىشمۇ ئىبادەتتۇر. لېكىن ئۇ مۇنداق ئۈچ كىشى ئۈچۈن ھارامدۇر: بىرى، مۇسۇلماننى ئېزىش ئۈچۈن ئۆگەنگەن. يەنە بىرى، ئىلمى بىلەن پەخىرلىنىش ئۈچۈن ئۆگەنگەن. ئۈچىنچىسى، مال ـ دۇنياغا ياكى كىشىلەرنىڭ ھۆرمەت قىلىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆگەنگەن[2].

ئىسلام پەلسەپىسنى ۋە مۇنازىرىلىشىشنى ھاجەت مىقداردىن ئارتۇق ئۆگىنىش مەنئى قىلىنىدۇ. چۈنكى ھەمماد ئىبنى ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇ ئىككىسىگە رەھمەت قىلسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ ئىسلام پەلسەپىسى ھەققىدە سۆز قىلغان. ئاتىسى ئەبۇھەنىفە ئۇنى ئۇنىڭدىن توسقان. شۇنىڭ بىلەن ھەمماد ئاتىسىغا: « مەن سېنىڭ ئىسلام پەلسەپىسى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىڭنى كۆرگەنىدىم. ئەمدى مېنى چەكلەۋاتىسەنغۇ؟ » دېگەن. بۇنى ئاڭلىغان ئىمام ئەبۇھەنىفە ئوغلىغا: « ئى ئوغلۇم! بىزنىڭ ھەر بىرىمىز ئىسلام پەلسەپىسى بىلەن مۇنازىرىلەشكەندە رەقىبىنىڭ خاتالىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، خۇددى بېشىمىزدا قۇش باردەكدەك ئېھتىيات بىلەن مۇنازىرە قىلاتتى. ھالبۇكى، بۈگۈن سىلەردىن ھەر بىرىڭلار ئۆزىنىڭ رەقىبىنىڭ خاتالىشىپ قېلىشىنى مەقسەت قىلىپ مۇنازىرىلىشىدۇ. ئەگەر بىرى رەقىبىنىڭ خاتالىشىپ قېلىشىنى تىلىسە، رەقىبىنىڭ كاپىر بولۇپ قېلىشىدىن بۇرۇن ئۆزى كاپىر بولۇپ قالىدۇ » دېگەن.

ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) تىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ بىر كۈنى خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ئىككى كىشى ئىسلام پەلسەپىسى ھەققىدە مۇنازىرىلىشىۋاتقانىكەن. خەلىپە ھارۇن ئىمام ئەبۇيۇسۇفقا: « بۇ ئىككىسىگە ھۆكۈم قىلىپ قويغىن » دەپتۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف: « مەن ماڭا مۇناسىۋەتسىز بولغان ئىشقا ئارىلىشىشنى خالىمايمەن » دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 1 ـ توم، 30 ـ بەت.

خەلىپە ئۇنىڭغا: «ياخشى قىلدىڭ» دەپتۇ. ئاندىن خىزمەككارىنى ئۇنىڭغا يۈز مىڭ تەڭگە بېرىشنى بۇيرۇپتۇ ۋە ئوردا خاتىرىسىگە: «ئەبۇيۇسۇف ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشقا ئارىلىششنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن يۈز مىڭ تەڭگە مۇكاپات ئالدى» دەپ يېزىشقا بۇيرۇپتۇ[1].

ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئۆزىگە شۈبھىلىك بولمىغان نەرسىلەردە ئىسلام پەلسەپىسىگە چۆكۈپ كىرىش مەكروھتۇر. ئەگەر ئۆزىگە شۈبھىلىك بولغان نەرسە بولسا، ئۇ شۈبھىنى يوقىتىش ۋاجىپ بولىدۇ. مەسىلەن، دېڭىز قىرغىقىغا كېلىپ قالغان كىشى دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلىنىشى لازىم. ئەگەر ئۇ دېڭىزغا چۈشۈپ كەتسە، بىزگە ئۇنى قۇتقۇزۇش ۋاجىپ بولىدۇ. قىسقىسى، كۆپ مۇنازىرە ۋە جېدەل قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىش بىزگە لايىق بولمىغان ئىشتۇر. چۈنكى ئۇ بىدئەت پەيدا قىلىشقا ۋە ئىسلام ئەقىدىسىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈشكە ئېلىپ بارىدۇ. ياكى بولمىسا مۇنازىرە قىلغۇچى چۈشەنچىسى ئاز كىشى بولۇپ قېلىشى يا ھەقنى ئەمەس، غەلىبە قىلىشنى تەلەپ قىلغۇچى كىشى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن».

فىقھى ئىلمىنى ئۆگىنىش ئەڭ مۇھىم ئىشلاردىن بىرىدۇر. چۈنكى دىن ئۇنىڭ بىلەن بەرپا قىلىنىدۇ. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الله كىمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دىندا ئالىم قىلىدۇ»[2].

كىمكى فىقھى ئىلمىدىن تولۇق نېسىۋىگە ئېرىشسە، زاھىدلىق ئىلمىگە، دانالارنىڭ سۆزلىرىگە، ياخشىلارنىڭ ئەخلاقلىرىغا، ئىخلاس ئىلمىگە، نەپسىنىڭ ئاپەتلىرىگە، نەپسىگە نېمىنىڭ پايدىلىق، نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىشكە نەزەر سېلىشى لازىم. شۇنداقلا ئېتىقاد قىلىش، ئەمەل قىلىش ۋە تەرك ئېتىشتىن ئىبارەت الله بەندىلىرىگە يۈكلىگەن مەسئۇلىيەتلەرنى بىلىش كېرەك. بۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەڭ ياخشى كىتاب ئىمام غەززالىنىڭ <ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن (دىن ئىلىملىرىنى تىرىلدۈرۈش)> ناملىق كىتابىدۇر.

ئالىملارنىڭ بايان قىلىشىچە، مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ھالال ۋە ھارام نەرسىلەر ھەققىدە كىشىلەر چوقۇم ياد ئالمىسا بولمايدىغان ئىككى يۈز مىڭ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىر سائەت ئىلىم مۇزاكىرە قىلىشنىڭ پۈتۈن كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈشتىن ياخشى ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

ھەربىر ئىنساننىڭ ئاسترونومىيە ئىلمىدىن كۈننىڭ قايرىلغانلىقىنى، قىبلە

(1) «ئەددۇررۇلمۇختار» 5 - توم، 271 - بەت.

(2) «ئەلھەدىييە ئەلئەلائىييە» 299 - بەت.

تەرەپنى، نامازنىڭ ۋاقىتلىرىنى، قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز يوللىرىنى بىلەلىگىدەك مىقداردا ئۆگىنىشنى كېرەك. تەپسىرشۇناسلار الله تائالانىڭ: «(يوللارغا) بەلگىلەرنى قىلدى. ئۇلار (كېچىسى قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزلاردا) يۇلتۇزلار بىلەن يول تاپىدۇ»[1] دېگەن سۆزى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇلار شۇ يۇلتۇزلار ئارقىلىق سەپەرلەردە يۆنىلىشلەرنى، نامازدا قىبلىنى تاپىدۇ».

ئەمما ئاسترونومىيە ئالىملىرىنىڭ دەۋا قىلىۋاتقىنىدەك (مەسىلەن، ئۇلار شامال چىقىش، يامغۇر يېغىش، قار يېغىش، ئىسسىق بولۇش، سوغۇق بولۇش، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە باشقىلارنىڭ، شۇنداقلا جەۋھەرى ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەردىكى ئۆزگىرىش، يۆتكىلىش، كۆپىيىش، كېمىيىش قاتارلىقلارنىڭ تەبىئەت ۋە يۇلتۇزلار تەسىرىدىن بولىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىشىدۇ. ئۇلار مەزكۇر ئىشلارنى يۇلتۇزلارنىڭ سەير قىلىشى، جەم بولۇشى ۋە ئايرىلىشىغا قاراپ بىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىشىدۇ)، تېخى يۈز بەرمىگەن، لېكىن كەلگۈسىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھادىسىلەرنى بىلىش ئىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە كەلسەك، بۇ قەتئىي چەكلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ الله تائالا ئۆزىگە ساقلاپ قالغان ئىلىملەردىن بولۇپ، ئۇنى الله تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. كىمكى شۇ ئىشنى پەيدا قىلىش ھەمدە ئىدارە قىلىش الله تائالا تەرىپىدىندۇر، دەپ قارىسا ۋە مەزكۇر ئىشلارنى شۇ ھۆكۈمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنىڭ سەۋەبچىسى قىلسا، ياكى يۇلتۇزلارنى يارىتىلغان دەپ قاراپ: «يارىتىش الله تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ، يۇلتۇزلار سەۋەبچىدۇر» دېسە، بۇ ھالدا ئۇ ھەققەتەن مۆمىن بولىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئاسترونومىيە ئىلمى بىلەن قارغۇلارچە شۇغۇللىنىپ خاتالاشقان بولىدۇ.

ئاسترونومىيە ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا دىنىي بىر ھەقىقەت سۈپىتىدە يولغا قويۇلغان ئىدى. پۈتۈن ئالىملارنىڭ قارىشىدا ئۇ كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. شۇڭا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش خاتالىقتۇر. ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش باتىلدۇر. يۇلتۇز خاتالىشىدۇ. كىمكى ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىشنى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشنى الله تائالادىن باشقا نەرسىدىن كۆرسە، كاپىردۇر[2].

شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئاسترونومىيە ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا دىنىي بىر ھەقىقەت سۈپىتىدە يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ توغرىلىقىنى كۆرسىتىدىغانغا تەپسىرشۇناسلارنىڭ تەپسىر كىتابلىرىدا بايان قىلغان رىۋايەتلەردىن باشقا ھېچقانداق دەلىل يوق. تەپسىرشۇناسلار بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى

(1) ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

(2) سۈرە نەھل، 16 ـ ئايەت.

ئەسەر بىلەن كۈچلەندۈرىدۇ. ئىمام غەززالى <ئەلئىھيائ> ناملىق كىتابىدا ئۇ ئەسەرنى ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىسپاتلايدىغان لەۋزى بىلەن بايان قىلغان ۋە مۇنداق دېگەن: «رىۋايەت قىلىنىشچە، ئۇ ئىدرىس ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن مۆجىزە ئىدى. كېيىن ئۇ ئىلىم ئۇتتۇرىدىن كۆتۈرۈلۈپ، ھېچ ئىزناسى قالماي يوق بولۇپ كەتكەن».

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھازىرقى دەۋرىمىزدە تونۇشلۇق بولغان ھاۋارايىنى كۆزۈتىش ئىلمى غەيب ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئۇ سۈرەتكە ئېلىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ خاتىرىلەپ بەرگەن مەلۇماتىغا ئاساسلىنىدۇ. ئۇ ماختاشقا ئەرزىيدىغان، تەھسىل قىلىشقا تېگىشلىك ئىلىملەردىندۇر.

ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ھەققىنى، ئاتا ـ ئانىسى ۋە باشقا بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ھەققىنىڭ ئالدىغا قويۇشى كېرەك. ئۇستازىنىڭ دەرىۋازىسىنى قاقماسلىقى، بەلكى ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشى لازىم. ئوقۇتقۇچىمۇ ئىلمىنى ئۇنىڭغا لايىق كىشىگە ئۆگىتىشى كېرەك. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر. ئىلىمنى ئىلىمغا لايىق بولمىغان كىشىگە ئۆگىتىش خۇددى چوشقىلارنىڭ بويۇنلىرىغا گۆھەر، مەرۋايىت ۋە ئالتۇنلارنى ئېسىپ قويغانغا ئوخشايدۇ»[1].

ئىلىمنى ئىلىم ئەھلىدىن يوشۇرۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر ئىلىم ھەققىدە سورالغاندا ئۇنى يوشۇرسا، قىيامەت كۈنى ئوتتىن يۈگەن سېلىنىدۇ»[2].

# ئەرەب تىلىنىڭ ئارتۇقچىلىقى

ئەرەب تىلىنىڭ باشقا تىللارغا نىسبەتەن ئارتۇقچىلىقى بار. ئۇ جەننەت ئەھلىنىڭ تىلىدۇر. كىمكى ئەرەب تىلىنى ئۆگەنسە ۋە باشقىلارغا ئۆگەتسە، ئەجىرگە ئېرىشىدۇ[3]. بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «مېنىڭ ئەرەب بولغانلىقىم، قۇرئاننىڭ ئەرەب تىلىدا بولغانلىقى ۋە جەننەت ئەھلىنىڭ جەننەتتىكى تىلى ئەرەبچە بولغانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ خىسلەت يۈزىسىدىن ئەرەبلەرنى ياخشى كۆرۈڭلار». جەراھى: «بۇ، ئاجىز ھەدىستۇر» دېگەن.

(1) «ئەلھەدىيىيە ئەلئەلائىييە» 299 ـ بەت.

(2) ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. ئىراقى مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام ئەھمەد، بەيھەقى ۋە باشقىلار بۇ ھەدىسنى زەئىپ دەپ باھا بەرگەن».

(3) ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

ئەرەبلەرنى ياخشى كۆرۈش ھەققىدە نۇرغۇن ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ھەممىسىنىڭ مەزمۇنى بىرلەشكەندە بۇ ھەدىس ھەسەن دەرىجىسىگە يېتىدۇ. بۇ ھەقتە نۇرغۇن كىشىلەر كىتاب يازغان بولۇپ، ئۇلاردىن بىرى ھافىز ئىراقىدۇر. ئۇلاردىن يەنە بىرى دوستىمىز كامىل سەييىد مۇستەفا بەكرى بولۇپ، ئۇ بۇ ھەقتە يىگىرمىگە يېقىن كىتابچە يازغان.

بۇنىڭدىن مەقسەت ئەرەبلەرنى ئۇلارنىڭ ئەرەب بولغانلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. بەزىدە ئۇلارنى ئۇلاردىكى ئىمان ۋە ئارتۇقچىلىقلار سەۋەبىدىن زىيادە ياخشى كۆرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. يەنە بەزىدە ئۇلارنى ئۇلاردىكى كۇپرى ۋە نىپاقلىق تۈپەيلىدىن دۈشمەن تۇتۇش ۋاجىپ بولىدۇ[1].

ئەرەب تىلىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بايان قىلىشتا ئۇنىڭ قۇرئان كەرىم تىلى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىشنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىكتۇر. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىش پەرز كۇپايىلەردىن بىرىدۇر.

فىقھشۇناسلارنىڭ نەزەرىدە ئەرەب تىلى ئىلىملىرىنى ئۆگىنىش شەرئىيەت ئىلىملىرىنى ئۆگەنگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ تەپسىر ۋە ھەدىس ئىلمىنى چۈشىنىشنىڭ مۇھىم ئامىلىدۇر. ئۇ يەنە ۋاپىغا يەتكۈزۈپ، كەڭ دائىرىدە ئۆگىنىش مۇستەھەپ بولغان ئىلىملەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ ئىرابلىرىنى (يەنى پەش، زىر، زۇۋەر ۋە ساكىنلىرىنى) قويۇش دۇرۇستۇر[2]. بۇنىڭ بىلەن قۇرئاننى تېخىمۇ ئاسان ئوقۇغىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ ئەرەب ئەمەس مىللەتلەر ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ ۋە ياخشى دەپ قارىلىدۇ. مۇشۇ قاراشقا ئاساسەن، سۈرىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى يېزىش، ئايەتلەرنى ساناش، تۇرۇش بەلگىلىرىنى ۋە باشقا ئالامەتلەرنى قويۇشنىڭ ھېچ يامىنى يوق. بۇ يېڭى پەيدا بولغان ياخشى ئىش ھېسابلىنىدۇ.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە: «قۇرئاننى ساپلاشتۇرۇڭلار (يەنى قۇرئانغا باشقا نەرسىنى يازماڭلار)» دېيىلگەن. لېكىن بۇ ھەدىس ئۇلارنىڭ زامانىغا قارىتىلىدۇ. نۇرغۇن نەرسىلەر زامان ۋە ماكاننىڭ پەرقلىق بولۇشىغا ئەگىشىپ پەرقلىق بولىدۇ.

قۇرئاننىڭ ھەجمىنى كىچىكلەشتۈرۈۋېتىش مەكرۇھتۇر. ئۇنى ئاپئاق ۋە ئەڭ ئېسىل قەغەزگە، ئەڭ قېنىق رەڭدە ۋە چوڭ قەلەمدە، ئەڭ چىرايلىق ۋە ئەڭ ئوچۇق يازما بىلەن يېزىش، قۇر ئارىلىقىنى ئايرىش، ھەرپلەرنى چوڭ يېزىش ۋە قۇرئاننىڭ

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 269 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 269 ـ بەت.

ھەجمىنى چوڭ قىلىش كېرەك(1).

شۇنىمۇ تىلغا ئېلىش كېرەككى، قۇرئاننى بىرلا قېتىمدا تونۇشلۇق قىرائەت بىلەن بىرلىكتە ئاز ئوقۇلىدىغان قىرائەت بىلەن ئوقۇش مەكروھتۇر. ئاز ئوقۇلىدىغان قىرائەت مەشھۇر ئون قىرائەتتىن كېيىنكى قىرائەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. قۇرئاننى ئاز ئوقۇلىدىغان قىرائەت بىلەنلا ئوقۇش تېخىمۇ مەكروھ بولىدۇ. يۇقىرىدا ئۇ قىرائەتنىڭ نامازغا كۇپايە قىلمايدىغانلىقى، شۇنداقلا نامازنى بوزۇۋەتمەيدىغانلىقى بايان قىلىندى(2).

«قۇرئاننى ئاز ئوقۇلىدىغان قىرائەت بىلەنلا ئوقۇش تېخىمۇ مەكروھ بولىدۇ» دېگەن سۆزگە كەلسەك، زاھىرىي جەھەتتىن ئالغاندا قىرائەتنى ئاز ئوقۇلىدىغان قىرائەتكە قىسقارتىش مەكروھ بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇنى رىۋايەت قىلىش دۇرۇس بولمىغان بولاتتى. ئۇنىڭ مەكروھ بولۇش سەۋەبى ئۇنى بىر ئايەتتە بىرلا قېتىمدا ئارىلاشتۇرۇپ ئوقۇشتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا مەزكۇر مەكروھلۇقنى «بىرلا قېتىمدا» دېگەن سۆز بىلەن ئەسكەرتكەن(3).

# تىلنىڭ ئاپەتلىرى

تىلنىڭ ئاپەتلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، چوڭ گۇناھلاردىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ مەشھۇرلىرى يالغان سۆزلەش، غەيۋەت قىلىش ۋە چېقىمچىلىق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

## يالغان سۆزلەشنىڭ ھارام بولۇشى

يالغان سۆزلەش ھارامدۇر. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «قارىسىغا سۆزلىگۈچىلەرگە لەنەت بولسۇن»(4). يەنى يالغانچىلارغا لەنەت بولسۇن! قارىسىغا سۆزلەش گۇمان ۋە تەخمىن بىلەن سۆزلەشنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇ سۆز يالغانچىلىقنى بىلدۈرۈشكە ئىشلىتىلگەن. چۈنكى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا يالغانچىلىق قارىسىغا سۆزلەشتىن كېلىپ چىقىدۇ.

يالغانچىلىق مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرىدۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى

(1) ئەينى زاماندا قۇرئان كەرىم ئىئرابسىز بولۇپ، كېيىنچە ئەرەب ئەمەس مىللەتلەرنىڭ ئۇنى ئوقۇشى قولاي بولسۇن ئۈچۈن ئىئراب قويۇلغان. بۇ مەسىلەن شۇ ۋاقىتتىكى قاراشقا قارىتىلىدۇ — ت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 - توم، 247 - بەت.

(3) «رەددۇلمۇھتار» 5 - توم، 271 - بەت.

(4) «تەقرىرات ئەررافئى» 2 - توم، 310 - بەت.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تۆت ئىش بولۇپ، كىمدە شۇ تۆت ئىش تېپىلىدىكەن، ئۇچۇق مۇناپىق بولىدۇ. كىمدە شۇ تۆت ئىشنىڭ بىرى تېپىلىدىكەن، ئۇ ئۇنى تەرك ئەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭدا مۇناپىقلىقنىڭ بىر ئالامىتى تېپىلغان بولىدۇ: ئەگەر ئۇ سۆزلىسە، يالغان سۆزلەيدۇ. ئەھدە قىلسا، بۇزىدۇ. ۋەدە قىلسا، خىلاپلىق قىلىدۇ. ئۇرۇشۇپ قالسا، ئاغزىنى بۇزىدۇ».

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچتۇر. ئەگەر سۆزلىسە، يالغان سۆزلەيدۇ. ۋەدە قىلسا، خىلاپلىق قىلىدۇ. ئىشەنچلىك دەپ قارالسا، خىيانەت قىلىدۇ»(1).

يالغانچىلىق گۇناھ قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «راستچىللىق ھەقىقەتەن ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ. بىر ئادەم راست سۆزلەۋېرىپ نەتىجىدە راستچىل، دەپ يېزىلىدۇ. يالغانچىلىق ھەقىقەتەن گۇناھقا باشلايدۇ. گۇناھ دوزاخقا باشلايدۇ. بىر ئادەم يالغانچىلىق قىلىۋېرىپ نەتىجىدە يالغانچى، دەپ يېزىلىدۇ».

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «راست سۆزلەڭلار! راستچىللىق ھەقىقەتەن ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ. بىر ئادەم ھەمىشە راست سۆزلەيدۇ ۋە راست سۆزلەشكە تىرىشىدۇ ـ دە، نەتىجىدە الله نىڭ دەرگاھىدا راستچىل، دەپ يېزىلىدۇ. يالغان سۆزلەشتىن قەتئىي ساقلىنىڭلار! يالغانچىلىق ھەقىقەتەن گۇناھقا باشلايدۇ. گۇناھ دوزاخقا باشلايدۇ. بىر ئادەم ھەمىشە يالغانچىلىق قىلىدۇ ۋە يالغان سۆزلەشكە تىرىشىدۇ ـ دە، نەتىجىدە الله نىڭ دەرگاھىدا يالغانچى، دەپ يېزىلىدۇ»(2).

الله تائالا يالغانچىلىقنى بۇتقا ئىبادەت قىلىش بىلەن بىرلىكتە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر بۇتلاردىن ئىبارەت نىجىستىن ساقلىنىڭلار، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن ساقلىنىڭلار»(3).

ئەمما بەزى ھالەتلەردە يالغان گەپ قىلىش مۇباھ بولىدۇ. مەسىلەن، ئۆزىنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇۋېلىش، ئۆزىنى زۇلۇمدىن قوغداش مەسىلىلىرىگە، شۇنداقلا قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار نەرسىنىڭ كېچىدە سېتىلغانلىقىنى

(1) سۈرە زارىيات، 10 ـ ئايەت.

(2) سەھىھ مۇسلىم، 58 ـ ۋە 59 ـ ھەدىسلەر.

(3) سەھىھ مۇسلىم، 2607 ـ ھەدىس.

بىلگەن، ئاندىن تاڭ ئاتقاندا گۇۋاھلىق بېرىپ: «ھازىر بىلدىم» دېگەن كىشى، كېچىدە بالاغەتكە يەتكەن ۋە ئۆزى ئۇچۇن ئەر تاللاپ: «ھازىر ھەيز كۆردۈم» دېگەن قىز مەسىلىلىرىگە ئوخشاش.

جېدەللىشىپ قالغان ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىنى تۈزەش ئۈچۈنمۇ يالغان سۆزلەش مۇباھتۇر. ئوقبە ئىبنى ئەبۇمۇئىيتنىڭ قىزى ئۇممۇ كۇلسۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھا (ئۇ ئالدىنقى قاتارىدا ھجرەت قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان ئاياللاردىن ئىدى) دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئىنسانلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەش ئۈچۈن ياخشى سۆزلەرنى قىلغان ۋە ياخشى سۆزنى تارقاتقان كىشى يالغانچى ئەمەس».

ئىبنى شىھاب مۇنداق دەيدۇ: «ئۇرۇش، كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى تۈزەش ۋە ئېرىنىڭ خوتۇنىغا، خوتۇنىنىڭ ئېرىگە قىلغان سۆزى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئۈچ ئىشتىن باشقا بىرەر ئىشتا ئىنسانلارنىڭ يالغان سۆزلىشىگە رۇخسەت قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىمىدىم»[1].

بۇ مەسىلىدىكى ئۆلچەم شۇكى، <تەبيىنۇل مەھارىم> ناملىق كىتابتا ۋە باشقا كىتابتا <ئەلئىھياء> ناملىق كىتابتىن مۇنداق نەقىل قىلىنغان: «مەقسەت قىلىنغان، ماختاشقا ئەرزىيدىغان، راستچىللىق بىلەنمۇ، يالغانچىلىق بىلەنمۇ يېتىش مۇمكىن بولىدىغان ھەرقانداق ئىشتا يالغان سۆزلەش ھارامدۇر. ئەگەر پەقەت يالغانچىلىق بىلەنلا يېتىش مۇمكىن بولىدىغان ئىش بولسا، مەقسەت قىلىنغان شۇ ئىشقا ئېرىشىش مۇباھ بولغان تەقدىردە يالغان سۆزلەش مۇباھتۇر. ئۇنىڭغا ئېرىشىش ۋاجىپ بولغان تەقدىردە يالغان سۆزلەش ۋاجىپتۇر. مەسىلەن، ئۆلتۈرمەكچى ياكى قىيىن - قىستاققا ئالماقچى بولغان زالىمدىن يوشۇرنىۋالغان گۇناھسىز كىشىنى كۆرگەندە، يالغان سۆزلەش ۋاجىپتۇر. شۇنداقلا ئۇنىڭغا قويۇلغان باشقىلارنىڭ ئامانىتىنى ئېلىپ كەتمەكچى بولغان زالىم ئۇنىڭدىن شۇ ئامانەتنى سورىسا، ئۇنى ئىنكار قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. ئۇرۇشتا، ئارىنى تۈزەشتە، زالىمنىڭ دىلىنى يۇمشاتماقچى بولغان ئىشلاردا مەقسەتلەرنى يالغان سۆزلىمەي تۇرۇپ تاماملىغىلى بولمىسا، يالغان سۆزلەش مۇباھ بولىدۇ».

ئەگەر پادىشاھ ئۇنىڭدىن زىنا قىلىش ياكى ھاراق ئىچىشكە ئوخشاش يوشۇرۇن سادىر قىلغان گۇناھ ئىشنى قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنى سورىسا، ئۇنىڭ: «مەن ئۇنداق ئىش قىلمىدىم» دېيىشى كېرەك. چۈنكى ئۇنى ئاشكارا قىلىش يەنە بىر يامان ئىش ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۇ قېرىندىشىنىڭ سىرىنى يوشۇرۇشى، يالغان

(1) سۈرە ھەج، 30 ـ ئايەت.

سۆزلەشتىن كېلىدىغان يامان ئاقىۋەت بىلەن راست سۆزلەشتىن كېلىدىغان يامان ئاقىۋەتنى سېلىشتۇرۇشى، ئەگەر راست سۆزلەشتىن كېلىدىغان ئاقىۋەت ئېغىر بولسا، يالغان سۆزلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسى ياكى شەك بولسا، يالغان سۆزلەش ھارام بولىدۇ. ئەگەر ئىش ئۆزىگە ئالاقىدار بولسا، يالغان سۆزلىمەسلىكى مۇستەھەپتۇر. ئەگەر باشقىلارغا ئالاقىدار بولسا، ئۇلارنىڭ ھەققىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىغا يول قويۇش دۇرۇس بولمايدۇ. شۇڭا ئۇنى مۇباھ بولغان يەرگىچە قوللىنىش لازىم.

سېنىڭ قېشىڭغا مىڭ قېتىم كەلدىم، دېگەنگە ئوخشاش ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان مۇبالىغە سۆز يالغان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى بۇنىڭدىن مەقسەت قېتىم سانىنى ئەمەس، مۇبالىغىنى (يەنى كۆپ قېتىم كەلگەنلىكنى) چۈشەندۈرۈشتۇر. ئەگەر ئۇ پەقەت بىرلا قېتىم كەلگەن بولسا، يالغانچى ھېسابلىنىدۇ[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇنداق ئۈچ يالغان سۆزدىن باشقا ھەرقانداق يالغان سۆز چوقۇم يېزىلىدۇ: ئەرنىڭ خوتۇنىغا ياكى بالىسىغا يالغان سۆزلىشى. ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىنى تۈزەش ئۈچۈن يالغان سۆزلەش. ئۇرۇشتا يالغان سۆزلەش. چۈنكى ئۇرۇش ھىيلە ـ مىكىر بىلەن بولىدۇ»[2].

لېكىن يالغان سۆزلەشتىن ئىمكان قەدەر ساقلىنىش لازىم. چۈنكى ئۇ ئۆزىگە يالغان سۆزلەش ئىشىكىنى ئاچقان تەقدىردە، يالغان سۆزلىمىسىمۇ بولىدىغان ئىشلاردا يالغان سۆزلىشىگە، شۇنداقلا زۆرۈر ئېھتىياج بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي سەل قاراشقا سەۋەب بولۇپ قېلىش خەۋپى بار. بۇ قاراشنى بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان: «يالغانچىلىق ھەقىقەتەن گۇناھقا باشلايدۇ. گۇناھ دوزاخقا باشلايدۇ» دېگەن ھەدىس كۈچلەندۈرىدۇ.

ئۇ سۆزنى ياپتا سۆزلەرگە قارىتىشى كېرەك. چۈنكى ئەلى، ئىمران ئىبنى ھۇسەي ۋە باشقىلاردىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ياپتا سۆزلەش ئەلۋەتتە يالغان سۆزلىگەندىن ياخشىدۇر». بۇ ھەسەن دەرىجىسىدىكى ھەدىستۇر. ئۇنىڭغا توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىسنىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ. جەراھى شۇنداق بايان قىلغان. ئۇ، تاماققا چاقىرىلغان كىشىنىڭ: «تاماق يېدىم» دېگىنىگە ئوخشاش. يەنى ئۇ بۇ سۆزى بىلەن تۈنۈگۈن يېگەن تاماقنى مەقسەت قىلىدۇ. الله نىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدىمۇ مۇشۇنداق ياپتا سۆز ئىشلىتىلگەن.

بۇ ۋاقىتتا مەزكۇر ھەدىستىكى مۇستەسنا پەقەت شۇ ئۈچ ئىشتىلا يالغان سۆزلەشنىڭ بولىدىغانلىقىغا قارىتىلىدۇ. چۈنكى ياپتا سۆزلەش ئېھتىياج بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن مۇباھ بولىدۇ. ئېھتىياجدىن باشقا ئىشتا مۇباھ بولمايدۇ. نېمىشقا دېگەندە، ياپتا

(1) سەھىھ مۇسلىم، 2605 ـ ھەدىس.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 274 ـ بەت.

سۆز، گەرچە ئۇنىڭ لەۋزى يالغان بولمىسىمۇ، يالغانچىلىق ۋەھىمىسىنى تۇغدۇرىدۇ.

<ئەلئىھياﺋ> ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: شۇنداق، ياپتا سۆزلەرنى قىلىش ھەقىقىي مۇددىئا ـ مەقسەت ئۈچۈن مۇباھتۇر. مەسىلەن، چاقچاق بىلەن باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قويغانغا ئوخشاش. مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قېرى ئايال جەننەتكە كىرمەيدۇ». «ئېرىڭىزنىڭ كۆزىگە ئاق چۈشۈپ قاپتۇ». «سىزنى تۆگىنىڭ بالىسىغا مىندۈرۈپ قويايلى!» ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان سۆزلەرنى قىلغىنىغا ئوخشاش[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قېرى ئايال جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېگەن سۆزنى ئۆزىنىڭ يېنىغا كەلگەن بىر ئايالغا چاقچاق قىلىپ دېگەن ۋە بۇ سۆزى بىلەن الله تائالانىڭ: «شۈبھىسىزكى، بىز ھۆرلەرنى يېڭىدىن ياراتتۇق، ئۇلارنى پاكىز، ئەرلىرىگە ئامراق، تەڭتۇش قىلدۇق»[2] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىنى كۆزدە تۇتقان. بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى <ئەششەمائىل> ناملىق كىتابتا رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا بىر ئايالغا: «ئېرىڭىزنىڭ كۆزىگە ئاق چۈشۈپ قاپتۇ» دېگەنىدى. ئەسلىدە ئۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئېرىم سېنى چاقىرىدۇ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ كىم بولىدۇ؟ ئۇ كۆزىگە ئاق چۈشۈپ قالغان ھېلىقى ئادەممۇ؟» دېگەن. بۇنى ئاڭلىغان ئايال: الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ كۆزىدە ئاق يوق، دېگەن. بۇ ھەدىسنى زۇبەير ئىبنى بەككار ۋە ئىبنى ئەبۇ دۇنيا رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىزنى تۆگىنىڭ بالىسىغا مىندۈرۈپ قويايلى!» دېگەن سۆزنى: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېنى تۆگىگە مىندۈرۈپ قويغىن، دېگەن بىر ئايالغا دېگەنىدى. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

# غەيۋەت قىلىشنىڭ ھاراملىقى

الله تائالا غەيۋەت قىلىشنى مۇنۇ سۆزى بىلەن ھارام قىلىدۇ: «بىر ـ بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، الله دىن قورقۇڭلار، الله (تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ قىلغان) تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر»[3].

(1) ئىمام ئەھمەد مۇسنەدىدە رىۋايەت قىلغان.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 275 ـ بەت.

(3) سۈرە ۋاقىئە، 35 ــ 37 ـ ئايەتكىچە.

يەنى بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ئەيىبىنى تىلغا ئالماڭلار.

بىرى يوق يەردە ئۇنىڭ ئەيىبىنى تىلغا ئېلىش غەيۋەتتۇر. ئىما ـ ئىشارەت قىلىش، دارىتمىلاش ۋە شۇنىڭدەك ئىشلار غەيۋەتكە كىرىدۇ. مەسىلەن، دوراپ مېڭىش، بىرى تىلغا ئېلىنغاندا كۆز قىسىپ قويۇش ياكى: «اللّٰه غا ھەمدىلەر بولسۇنكى، ئۇ بىزنى سالامەت قىلدى» دېيىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

بىر ھەدىس شەرىپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلار: «غەيۋەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دېگەن. ئۇلار: اللّٰه ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ، دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قېرىندىشىڭنى ئۇ يامان كۆرىدىغان ئىشلار بىلەن تىلغا ئېلىشىڭ» دېگەن. بۇنىڭغا قارىتا: ئەگەر قېرىندىشىمدا مەن دېگەن سۈپەتلەر بولسىچۇ؟ دېيىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئۇنىڭدا سەن دېگەن سۈپەتلەر بولسا، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان بولىسەن. ئەگەر ئۇ سۈپەتلەر ئۇنىڭدا بولمىسا، ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا بوھتان قىلغان بولىسەن» دەپ جاۋاب بەرگەن[1].

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى قوغداشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى ئالدى بىلەن يامان گۇمان قىلىشنى توسىدۇ. ئۇ بولسىمۇ اللّٰه تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: «ئى مۆمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلىدىكىلەر، كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر». ئەگەر گۇمان قىلغۇچى: «مەن ئېنىقلاپ چىقىش ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتىمەن» دېسە، ئۇنىڭغا: «(مۆمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى) ئىزدىمەڭلار» دېيىلىدۇ. ئەگەر ئۇ: «ئەيىبىنى ئىزدىمەستىن ئېنىقلاپ چىقتىم» دېسە، ئۇنىڭغا: «بىر ـ بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار»[2] دېيىلىدۇ.

شۇنىمۇ تىلغا ئېلىش كېرەككى، غەيۋەتنى تىڭشاپ بەرگۈچىمۇ غەيۋەتخورنىڭ گۇناھىنىڭ سىرتىدا قالمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا تىلى بىلەن قارشى تۇرۇشى، ئەگەر ئۇنداق قىلىشتىن ئاجىز كەلسە، قەلبى بىلەن قارشى تۇرۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشكە ياكى باشقا سۆز بىلەن غەيۋەتنى توختۇتۇشقا قادىر بولالىسا، ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشى لازىم بولىدۇ.

پاسىق ئادەمدىن ئىنسانلارنى ھەزەر قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلسا، ساۋاب بولىدۇ. چۈنكى ئۇ يامان ئىشتىن توسقانلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا گۇناھ بولمايدۇ. قايغۇرۇش يۈزىسىدىن قېرىندىشىنىڭ يامانلىقلىرىنى تىلغا ئالسا، غەيۋەت بولمايدۇ. غەيۋەت دېگەن پەقەت بىر ئادەمنى ئۆچ كۆرۈش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ئەيىبىنى

(1) سۈرە ھۇجۇرات، 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) سەھىھ مۇسلىم، 2589 ـ ھەدىس.

تىلغا ئېلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۆيلىنىش، سەپەر، شېرىكچىلىك، قوشنىدارچىلىق، ئامانەت قويۇش ۋە شۇنىڭدەك ئىشلاردىكى مەسلىھەتتە نەسىھەت قىلىش يۈزىسىدىن بىلگەنلىرىنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ[1].

ئەيىبلىگۈچىلەرنى ۋە گۇۋاھچىلارنى ئەيىبلەشكە، خېرىدار ئۈچۈن مالنىڭ ئەيىبىنى بايان قىلىپ بېرىشكە ئوخشىغان ئەھۋاللاردا غەيۋەت قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. ئالىملار مۇنداق دېگەن: «شەرئى قىلىپ بەلگىلەنگەن، پەقەت غەيۋەتنىڭ ياردىمى بىلەن ئېرىشكىلى بولىدىغان ھەرقانداق توغرا مەقسەتلىك ئىشلاردا غەيۋەت قىلىش مۇباھتۇر. مەسىلەن، زۇلۇمدىن شىكايەت قىلىش، يامان ئىشنى ئۆزگەرتىشتە ياردەم تىلەش، پەتىۋا سوراش، ھۆكۈم قىلدۇرۇش، يامانلىقتىن ھەزەر قىلدۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا ئوخشاش»[2].

ئەگەر ناماز ئوقۇيدىغان، روزا تۇتىدىغان، لېكىن ئىنسانلارغا قولى ۋە تىلى بىلەن زىيان سالىدىغان بىر كىشى بولسا، ئۇنىڭ ئۇ قىلمىشلىرىنى تىلغا ئېلىش غەيۋەت ئەمەس. ئەگەر بىر مەھەللە ئەھلىنىڭ غەيۋىتىنى قىلسا، غەيۋەت بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەقسەت قىلماستىن، مەلۇم كىشىنى مەقسەت قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ كىشى نامەلۇمدۇر. نامەلۇم كىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش مۇباھتۇر. يامان ئىشنى ئاشكارا قىلغۇچىنىڭ، قۇدا ـ باجىلاشماقچى بولغان كىشىنىڭ، ئېتىقادى ناچار كىشىنىڭ يامانلىقلىرىدىن باشقىلارنى ھەزەر قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش مۇباھتۇر. زۇلۇم قىلغۇچىنى ھاكىمغا شىكايەت قىلىشمۇ مۇباھتۇر.

فىقھشۇناس ئالىم ئەبۇلەيسنىڭ <تەنبىيھۇلغافىلىين> ناملىق كىتابىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «غەيۋەت مۇنداق تۆت تۈرلۈك بولىدۇ. بىرىنچى تۈرى كۇپرى بولۇپ، ئەگەر ئۇنىڭغا: <غەيۋەت قىلمىغىن> دېيىلسە، ئۇ: <بۇ غەيۋەت ئەمەس، مەن ئۇنىڭ ھەققىدە راست سۆزلەۋاتىمەن> دەيدۇ. ئۇ بۇ قىلمىشى بىلەن قەتئىي دەلىل ئارقىلىق ھارام قىلىنغان نەرسىنى ھالال سانىغان بولىدۇ. مانا بۇ كۇپرىلىقتۇر. ئىككىنچى تۈرى مۇناپىقلىق بولۇپ، بىر ئادەم تونۇيدىغان كىشىنىڭ غەيۋىتىنى شۇ ئادەمنىڭ قېشىدا ئۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاتىماستىن قىلىشتۇر. بۇ ھالدا ئۇ غەيۋەت قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئۇ ئۆزىنى غەيۋەتتىن پەرھىز قىلغۇچى، دەپ قارايدۇ. مانا بۇ مۇناپىقلىقتۇر. ئۈچىنچى تۈرى گۇناھ بولۇپ، مۇئەييەن بىر شەخسنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتۇر. ئۇ بۇنىڭ غەيۋەت ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇ تەۋبە قىلىشى كېرەك. تۆتىنچى تۈرى مۇباھ بولۇپ، گۇناھ ئىشلارنى ئاشكارا قىلغۇچى ياكى بىدئەت پەيدا قىلغۇچىنىڭ ئەيىبىنى

(1) سۈرە ھۇجۇرات، 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) «ئەلھەدىييە ئەلئەلائىييە» 257 ـ بەت.

ئىچىپ تاشلاشتۇر. ئەگەر ئىنسانلارنى ئەسكەرتىش ئۈچۈن پاسىقنىڭ غەيۋىتىنى قىلسا، ساۋاب بېرىلىدۇ. چۈنكى ئۇ يامان ئىشتىن توسقانلىق بولىدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ ئىچىدە: <نامازنى تەرك ئەتكۈچىنىڭ غەيۋىتىنى قىلسا، ئەگەر بۇنىڭدىن ئۇنىڭ نامازنى تەرك ئەتكەنلىكىلا مەقسەت قىلىنغان تەقدىردە، غەيۋەت بولمايدۇ> دېگەن قاراش مەشھۇر بولۇپ كەتكەن. لېكىن ئۇ كىشى نامازنى ئاشكارا تەرك ئەتكۈچى بولسا، توغرا بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، توغرا بولمايدۇ»[1].

دوراشمۇ غەيۋەتتىندۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: «سەفىييەنىڭ پالانى، پالانى تەرىپى ساڭا كۇپايىدۇر». بەزى رىۋايەتچىلەر: «ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها بۇ سۆزىدىن سەفىييەنىڭ پاكارلىقىنى مەقسەت قىلغان» دەپ قارايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «سىز شۇنداق بىر سۆزنى قىلدىڭىزكى، ئۇنى دېڭىز سۈيىگە ئارىلاشتۇرسا، ئەلۋەتتە دېڭىز سۈيىنى ئۆزگەرتىۋېتەتتى» دېگەن.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر ئىنساننى دوراپ بەردىم. لېكىن ئۇ: «ماڭا بىر ئىنساننى دوراپ بېرىشىڭىزنى ياقتۇرمايمەن. مېنىڭ مۇنداق، مۇنداق ئەخلاقىم بار» دېدى[2].

شۇنىڭ ئۈچۈن فىقھشۇناسلار دوراشنى غەيۋەت قاتارىدا سانىغان. مەسىلەن، توكۇر ئادەمنى دوراپ مېڭىش ياكى بىرىنىڭ مېڭىشىنى دوراپ مېڭىشقا ئوخشاش. مانا بۇ غەيۋەتتۇر. بەلكى ئۇ ئەڭ يامان ئىشتۇر. چۈنكى ئۇ سۈرەتلەپ ۋە چۈشەندۈرۈپ بېرىشتە ئەڭ چوڭ رول ئوينايدۇ.

ئۇلار يەنە بىر ئادەمنىڭ: «بۈگۈن بىزنىڭ قېشىمىزدىن ئۆتكەن بەزى كىشىلەر» دېسە، ياكى: «بۈگۈن بىز كۆرگەن بەزى كىشىلەر» دېسە، بۇ سۆزنى ئاڭلىغۇچى ئۇنىڭدىن مۇئەييەن بىر شەخسنى چۈشەنسە، بۇنىڭ غەيۋەت بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. چۈنكى ئەسلى چەكلەنگەن نەرسە چۈشەنمىگەن نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشتۇر. ئەگەر ئۇنىڭ مەزكۇر سۆزىدىن مۇئەييەن بىر شەخس چۈشىنىلمىسە، دۇرۇس بولىدۇ.

غەيۋەت قىلغۇچى قىلغان غەيۋىتىنىڭ خەۋىرى غەيۋەت قىلىنغۇچىغا يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلىشى كېرەك. ھەتتا ئالىملار بۇ نۇقتىدا مۇنداق دېگەن: «ئەگەر غەيۋەت قىلغۇچى غەيۋىتىنىڭ غەيۋەت قىلىنغۇچىغا يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلسا، ئۇنىڭ تەۋبىسى غەيۋەت قىلىنغۇچىنىڭ كەچۈرۈشىنى ئالماستىنلا ئۇنىڭغا

(1) «فەتھۇلبارى» 10 ـ توم، 472 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 262 ـ بەت.

مەنپەئەت قىلىدۇ».

ئەگەر ئۇنىڭ غەيۋىتى ئۇ تەۋبە قىلغاندىن كېيىن غەيۋەت قىلىنغۇچىغا يېتىپ بارسا، بۇ مەسىلە ھەققىدە بەزىلەر مۇنداق دېگەن: «ئۇنىڭ تەۋبىسى بۇزۇلمايدۇ. بەلكى اللە تائالا ھەر ئىككىلىسىگە بىراقلا مەغپىرەت قىلىدۇ؛ بىرىنچىسىگە تەۋبە بىلەن، ئىككىنچىسىگە ئۇنىڭ تارتقا ئەزىيەتلىرى بىلەن مەغپىرەت قىلىدۇ». يەنە بەزىلەر مۇنداق دېگەن: «ئۇنىڭ تەۋبىسى ئېسىقلىق قالىدۇ؛ ئەگەر ئىككىنچى كىشى غەيۋىتى قىلىنغانلىقى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسە، تەۋبە قىلغۇچىنىڭ تەۋبىسى توغرا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن غەيۋىتى قىلىنغانلىقى يېتىپ كەلسە، ئۇنىڭ تەۋبىسى توغرا بولمايدۇ. بەلكى ئۇ چوقۇم ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىشى ۋە ئۇنىڭغا مەغپىرەت تىلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇ بوھتان سۆزنى قىلغان بولسا، چوقۇم ئالدىدا سۆزلىگەن كىشىلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ يالغان سۆزلىگەنلىكىنى ئېيتىشى كېرەك»[1].

# چېقىمچىلىق قىلىشنىڭ ھاراملىقى

چېقىمچىلىق قىلىش گەپ توشۇشتىن ئىبارەتتۇر. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار سېنىڭ (ئۆزلىرى بىلەن) مادارا قىلىشىڭنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ (سەن بىلەن) مادارا قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. قەسەمخور، پەس، غەيۋەتخور، سۇخەنچى، بېخىل، ھەددىدىن ئاشقۇچى، گۇناھكار، قوپال، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھارامدىن بولغان ئادەم (يەنى ۋەلەد ئىبنى مۇغىرە) گە ئىتائەت قىلمىغىن»[2].

چېقىمچىلىق چوڭ گۇناھلاردىندۇر. ئىمام بۇخارى سەھىھ بۇخارىنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق بۆلۈمىدە مەخسۇس بىر باب ئاجرىتىپ، ئۇنى: «چېقىمچىلىق قىلىش چوڭ گۇناھلاردىندۇر» دەپ ئاتىغان ۋە ئۆزىنىڭ سەنىدى بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە باغلىرىنىڭ بىرىدىن چىقىۋېتىپ، ئىككى ئىنساننىڭ ئۆز قەبرىلىرىدە ئازابلىنىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالىدۇ. ئاندىن مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئىككى ئادەم ئازابلىنىۋېتىپتۇ. ئۇلار قارىماققا چوڭ گۇناھ تۇپەيلىدىن ئازابلانماپتۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر. ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى سۈيدۈكتىن ساقلانمىغانلىقى ئۈچۈن ئازابلىنىپتۇ. يەنە بىرى چېقىمچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئازابلىنىپتۇ». ئاندىن

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە بەيھەقى رىۋايەت قىلغان.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 263 ـ بەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر تال شاخ ئەكەلدۈرۈپ، ئۇنى ئىككىگە سۇندۇرۇپ، بىرىنى بىرىنىڭ قەبرىسىگە، يەنە بىرىنى يەنە بىرىنىڭ قەبرىسىگە قاداپ قويدۇ ۋە: «بۇ ئىككى شاخ قۇرۇپ قالغانغا قەدەر ئۇ ئىككىسىنىڭ ئازابى يېنىكلىشى مۇمكىن» دەيدۇ.

ھۇمامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە ئىدۇق. ئۇنىڭغا: بىر ئادەم مەزكۇر ھەدىسنى ئوسمانغا نىسبەت بېرىپتۇ دېيىلگەندە، ھۇزەيفە مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سۆخەنچىلەر جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم[1].

ئىمام غەززالى مۇنداق دەيدۇ: «خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، چېقىمچى بىراۋغا گەپ كۆتۈرۈپ كەلسە، ئۇ ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلىماسلىقى، يامان گېپى قىلىنغان كىشىنى ئۇنداق يامان گەپ قىلىدۇ، دەپ ئويلىماسلىقى، ئۆزىگە يەتكۈزۈلگەن سۆزنى ئېنىقلاپ چىقىش ئۈچۈن ئىزدەنمەسلىكى، گەپ كۆتۈرۈپ كەلگەن كىشىنى ئۇنداق قىلىشتىن توسۇشى ۋە ئۇنى بۇ قىلمىشى ئۈچۈن ئەيىبلىشى، ئەگەر ئۇ يەنىلا قىلمىشىدىن يانمىسا، ئۇنىڭغا قارىتا ئاچچىقلىنىشى، چېقىمچىنى چېقىمچىلىق قىلىشتىن توسۇپ تۇرۇپ، ئاندىن ئۇنىڭغا چېقىمچىلىق قىلىدىغان، بۇنىڭ بىلەن چېقىمچى بولۇپ قالىدىغان ئىشقا رازى بولماسلىقى كېرەك».

ئىمام نەۋەۋىي مۇنداق دەيدۇ: «بۇلارنىڭ ھەممىسى گەپ توشۇشتا شەرئى پايدا بولمىغان ئىشلارغا قارىتىلىدۇ. شەرئى پايدا بولغان ئىشلاردا گەپ توشۇش مۇستەھەپ ياكى ۋاجىپتۇر. مەسىلەن، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ باشقا بىر شەخسكە ئۇۋال قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلىپ قالسا، ئۇنى ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. شۇنداقلا خەلىپىگە ياكى بىرەر ئەمەلدارغا ئۇنىڭ يارەدەمچىسىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالىنى يەتكۈزمەكچى بولغان كىشى مۇنداق قىلىشتىن چەكلەنمەيدۇ».

ئىمام غەززالى مۇنداق دەيدۇ: «ئەسلىدە چېقىمچىلىق گېپى قىلىنغان كىشىگە گەپ يۆتكەشتۇر. ئۇنى بۇنىڭغىلا خاسلاشتۇرغىلى بولمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭ پرىنسىپى ئاشكارا بولۇپ قېلىشنى ياقتۇرمايدىغان ئىشنى ئاشكارا قىلىۋېتىشتىن ئىبارەتتۇر. مەيلى ئۇنى يامان گېپى قىلىنغان كىشى ياكى يامان گەپ يەتكۈزۈلگەن كىشى ۋەياكى ئۇ ئىككىسىدىن باشقىلار ياقتۇرمىسۇن، مەيلى يەتكۈزۈلگەن نەرسە سۆز ياكى ئىش - ھەرىكەت بولسۇن، مەيلى ئەيىبلىنىدىغان ياكى ئەيىبلەنمەيدىغان ئىش بولسۇن، بەرىبىر چېقىمچىلىقتۇر. ھەتتا مېلىنى يوشۇرغان بىر شەخسنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى ئاشكارىلىۋەتسە، چېقىمچىلىق بولىدۇ».

(1) سۈرە قەلەم، 9 ـــ 13 - ئايەتكىچە.

غەيۋەت ۋە چېقىمچىلىق ئايرىم ـ ئايرىم نەرسىمۇ ياكى ئىككىسى بىرمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشقان. كۆچلۈك قاراش شۇكى، ئۇ ئىككىسى ئايرىم ـ ئايرىم ئىشتۇر. شەكىل جەھەتتە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئامىبابلىق ۋە خاسلىق بار. چۈنكى چېقىمچىلىق ئارىنى بۇزۇش مەقسىتىدە بىر شەخسنىڭ ئەھۋالىنى ئۇنىڭ رازىلىقىسىز هالدا، مەيلى ئۇ شەخس بۇنى بىلسۇن ياكى بىلمىسۇن قىلچە پىسەنت قىلماستىن باشقىلارغا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەتتۇر. ئەمما غەيۋەت بولسا، بىرى رازى بولمايدىغان ئىشنى ئۇ يوق يەردە تىلغا ئېلىشتىن ئىبارەتتۇر. دېمەك، چېقىمچىلىق ئارىنى بۇزۇش مەقسەت قىلىنغانلىقى بىلەن غەيۋەتتىن پەرقلىنىدۇ. ئۇ مەقسەت غەيۋەتتە شەرت قىلىنمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن غەيۋەتمۇ چېقىمچىلىقتىن پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلاردا ئىككىسى ئورتاقتۇر. بەزى ئالىملار غەيۋەتتە غەيۋىتى قىلىنغان كىشىنىڭ سورۇندا يوق بولۇشىنى شەرت قىلغان[1].

چېقىمچىلىقنىڭ شەكىللىرىدىن بىرى شۇكى، ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «قىيامەت كۈنى الله ئالدىدا دەرگاهىدا ئەڭ يامان ئىنساننىڭ ئىككى يۈزلىمىلىك كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرىسەنكى، ئۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئالدىغا بىر يۈزى بىلەن، يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئالدىغا بىر يۈزى بىلەن كېلىدۇ»[2].

چېقىمچى ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىدىن كۆرگەن ھەرقانداق نەرسىنى يۆتكەشتىن سۈكۈت قىلىشى كېرەك. چۈنكى الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «(ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى) نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەققەتەن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ»[3].

ئەبۇمۇسا رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! قانداق مۇسۇلمانلار ئەڭ ئەۋزەلدۇر؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىلىدىن ۋە قولىدىن سالامەت قالغان كىشىدۇر» دەپ جاۋاب بەردى[4].

لېكىن يۆتكەپ كەلگەن گەپ بىرەر مۇسۇلمانغا پايدىلىق بولسا، ياكى بىرەر گۇناھنىڭ ئالدىنى ئالسا، بۇ هالدا ئىككى زىياننىڭ يېنىك بولغىنىنى، ئىككى يامانلىقنىڭ ئاز بولغىنىنى تاللايدۇ[5].

(1) سەهىه بۇخارى، 6055 ـ ۋە 6056 ـ هەدىسلەر.

(2) «قەتهۇلبارى» 10 ـ توم، 473 ـ بەت.

(3) سەهىه بۇخارى، 6058 ـ هەدىس.

(4) سۈرە ئىسرا، 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(5) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

# كېسەل يوقلاش

كېسەل يوقلاش ئىسلام ئەدەپ - ئەخلاقلىرىدىن بىرى بولۇپ بەلگىلەنگەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇرغۇن ھەدىسلىرىدە مۇسۇلمانلارنى ئۇنىڭغا رىغبەتلەندۈرگەن. شۇ ھەدىسلەرنىڭ بىرىنى ئەبۇمۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاچلارغا تاماق بېرىڭلار، كېسەللەرنى يوقلاڭلار، ئەسىرلەرنى ئازات قىلىڭلار»[1].

شۇ ھەدىسلەردىن يەنە بىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ئازات قىلىنغان سەۋبان رىۋايەت قىلغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر كېسەلنى يوقلىسا، قايتىپ كەلگەنگە قەدەر جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن ئۈزگەن بولىدۇ».

ئەبۇھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىس قۇدۇسىدا مۇنداق دېگەن: «شەك - شۈبھىسىزكى، الله تائالا قىيامەت كۈنى: <ئى ئىنسان! مەن كېسەل بولۇپ قالسام، سەن مېنى يوقلىمىدىڭغۇ!> دەيدۇ. ئىنسان: <ئى پەرۋەردىگارىم! سەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرساڭ، مەن سېنى قانداق يوقلايمەن؟> دەيدۇ. الله تائالا: <پالانى بەندەمنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمىدىڭمۇ، ئۇنى يوقلىمىدىڭ. ئۇنى يوقلىغان بولساڭ، ئەلۋەتتە مېنى ئۇنىڭ يېنىدا تاپىدىغانلىقىڭنى بىلمەمتىڭ؟> دەيدۇ.

الله تائالا: <ئى ئىنسان! مەن سەندىن تاماق تەلەپ قىلسام، سەن ماڭا تاماق بەرمىدىڭغۇ!> دەيدۇ. ئىنسان: <ئى پەرۋەردىگارىم! سەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرساڭ، مەن ساڭا قانداق تاماق بېرىمەن؟> دەيدۇ. الله تائالا: <پالانى بەندەم سەندىن تاماق تەلەپ قىلغانلىقىنى بىلمىدىڭمۇ؟ ئۇنىڭغا تاماق بەرمىدىڭ. ئۇنىڭغا تاماق بەرگەن بولساڭ، ئەلۋەتتە ئۇنى مېنىڭ دەرگاھىمدا تاپىدىغانلىقىڭنى بىلمەمتىڭ؟> دەيدۇ.

الله تائالا: <ئى ئىنسان! مەن سەندىن سۇ تەلەپ قىلسام، سەن ماڭا سۇ بەرمىدىڭغۇ!> دەيدۇ. ئىنسان: <ئى پەرۋەردىگارىم! سەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرساڭ، مەن ساڭا قانداق سۇ بېرىمەن؟> دەيدۇ. الله تائالا: <پالانى بەندەم سەندىن سۇ تەلەپ قىلغانلىقىنى بىلمىدىڭمۇ؟ ئۇنىڭغا سۇ بەرمىدىڭ. ئۇنىڭغا سۇ بەرگەن بولساڭ، ئەلۋەتتە ئۇنى مېنىڭ دەرگاھىمدا تاپىدىغانلىقىڭنى بىلمەمتىڭ؟> دەيدۇ»[2].

(1) «ئەلھەدىيىيە ئەلئەلائىيىيە» 314 - بەت.

(2) سەھىھ بۇخارى، 5649 - ھەدىس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كېسەللەرنى يوقلاڭلار» دېگەن سۆزى ھەققىدە ئىبنى بەتتال مۇنداق دەيدۇ: «بۇ بۇيرۇقنىڭ ۋاجىپلىقنى بىلدۈرۈش ئېھتىمالى بار. شۇنداق بولغاندا كېسەل يوقلاشمۇ ئاچلارغا تاماق بېرىش ۋە ئەسىرلەرنى ئازات قىلىشقا ئوخشاش پەرز كۇپايە مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. سۈننەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئېھتىمالىمۇ بار. شۇنداق بولغاندا، بۇ يۇيرۇق بىر - بىرىنى تاشلىۋەتمەسلىككە ۋە ئۇلپەتلىشىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. داۋۇد زاھىرىي ئالدىنقى قاراشنى مۇقەررەرلەشتۈرگەن ۋە: ئۇ بەزى ئىنسانلار ئادا قىلسا قالغانلاردىن چۈشۈپ كېتىدىغان پەرزدۇر، دېگەن. كۆپچىلىك ئالىملار: ئۇ ئەسلىدە سۈننەتتۇر. بەزىدە مەلۇم ئىنسانلارنى يوقلاش ھەققىدە پەرز دەرىجىسىگە يېتىدۇ، دېگەن. ئىمام تەبەرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەرىكىتى ئۈمىد قىلىنغان كىشىنىڭ كېسەل يوقلىشى تەكىتلىنىدۇ. ھۆرمەت قىلىنىدىغان ياكى كېلىشى ئۈمىد قىلىنىدىغان كىشىنىڭ كېسەل يوقلىشى سۈننەت بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقىلارنىڭ كېسەل يوقلىشى مۇباھ بولىدۇ»[1].

كېسەل يوقلاشنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقلىرىدىن بىرى شۇكى، كېسەلنى بىئارام قىلماسلىق ياكى ئۇنىڭ ئەھلىنى قىيىن ئەھۋالغا قويماسلىق ئۈچۈن كېسەلنىڭ يېنىدا ئۇزۇن ئولتۇرماسلىق كېرەك. ئەگەر ۋەزىيەت ئۇزۇن ئولتۇرۇشنى تەلەپ قىلسا، ھېچقىسى يوق. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن ئىغىر كېسەل بولۇپ قالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككىسى پىيادە يول يۈرۈپ مېنى يوقلاپ كەپتۇ. ئۇلار كەلگەندە مەن ھوشۇمدىن كەتكەنىكەنمەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئېلىپ، ئاندىن تاھارەت سۈيىنى ئۈستۈمگە تۆكۈپتۇ. شۇ چاغدا مەن ھوشۇمغا كەپتىمەن. قارىسام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىمدا تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن: ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! پۇل - مېلىمنى قانداق قىلىمەن؟ پۇل - مېلىمنى قانداق بىر تەرەپ قىلىمەن؟ دېدىم. لېكىن ئۇ سۆزۈمگە مىراس ھەققىدىكى ئايەت نازىل بولغانغا قەدەر جاۋاب بەرمىدى»[2].

كېسەل يوقلاشنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقلىرىدىن يەنە بىرى شۇكى، كېسەلگە خۇش - خەۋەر بېرىشى، ئۇنى سەۋر قىلىشقا بۇيرۇشى ۋە ئۇنىڭغا: «ھېچقىسى يوق، اللّٰه خالىسا ياخشى بولۇپ قالىسىز» دېيىشى كېرەك. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئەرابىنى يوقلاپ كېلىپ، ئۇنىڭغا: «ھېچقىسى يوق، اللّٰه خالىسا ياخشى بولۇپ قالىسەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەتتە كېسەل يوقلاپ كىرسە، كېسەلگە شۇنداق دەيتتى. ئۇ ئەرابى: «ياخشى بولۇپ قالامدىم؟ ياخشى ئەمەس، بەلكى قىزىتمام قەبرە كۆتۈپ تۇرىۋاتقان

(1) سەھىھ مۇسلىم، **2568** ـ ۋە **2569** ـ ھەدىسلەر.

(2) «قەتھۇلبارى» **10** ـ توم، **113** ـ بەت.

ناھايىتى قېرى ئادەمنىڭ قىزىتمىسىغا ئوخشاش قاتتىق ئۆرلەپ كەتتى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداقتا شۇنداق بولسۇن» دېدى[1].

بۇ ھەدىس خەلىپىنىڭ پۇقرالىرى ئىچىدىن بىرەر كېسەلنى يوقلىشى، گەرچە ئۇ كېسەل غەرەز ئۇقماس بىر ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرىۋەتمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا ئالىم كىشىنىڭ نادان كىشىگە ئۇ بىلمىگەننى ئۆگىتىش، ئۇنىڭغا پايدىلىق بولغان نەرسىنى ئەسلىتىش، الله نىڭ تەقدىرىگە ئاچچىقلىنىپ، الله نىڭ غەزىپىگە يولۇقۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن سەۋر قىلىشقا بۇيرۇش، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ كېسىلىنى يېنىكلىتىش، ئىمكان بولسا كېسىلىنى ئۇنتۇلدۇرۇش، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ كۆڭلىنى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلغىلى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىش مەقسىتىدە ئۇنى يوقلىشى مەزكۇر يوقلىغۇچىنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرىۋەتمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەدىس يەنە كېسەلنىڭمۇ ۋەز - نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئۇنى ئەسلەتكەن كىشىگە چىرايلىق جاۋاب بېرىشى لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ[2].

ئەگەر كاپىرنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىش تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىشىنى ئۈمىد قىلغان تەقدىردە ئۇنى يوقلاش دۇرۇس بولىدۇ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىزمەت قىلىدىغان بىر يەھۇدىي بالا بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ كېسەل بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى يوقلاپ كېلىپ، ئۇنىڭغا: «ئىسلامغا كىرگىن» دېدى. ئۇ ئىسلامغا كىردى[3].

كېسەل يوقلاشنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقلىرىدىن يەنە بىرى شۇكى، كېسەلگە ئەگەر ئۇ سەۋر قىلغان تەقدىردە گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشى، قولىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇشى ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلىشى كېرەك.

سەئىدنىڭ قىزى ئائىشەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇنىڭ ئاتىسى مۇنداق دېگەن: مەن مەككىدە قاتتىق كېسەل بولۇپ قالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى يوقلاپ كەلدى. مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن خېلى جىق بايلىق قالدۇرۇپ كېتىمەن. مېنىڭ پەقەت بىرلا قىزىم بار. شۇڭا بايلىقىمنىڭ ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسىنى ۋەسىيەت قالدۇرۇپ، بىر ھەسسىسىنى قىزىمغا قالدۇرۇپ قويايمۇ؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق» دېدى. مەن: ئۇنداق بولسا، بايلىقىمنىڭ يېرىمىنى ۋەسىيەت قالدۇرۇپ، قالغان يېرىمىنى قىزىمغا قالدۇرۇپ قويايمۇ؟ دېدىم. پەيغەمبەر

(1) سەھىھ بۇخارى، 5651 - ھەدىس.

(2) سەھىھ بۇخارى، 5656 - ھەدىس.

(3) «قەتھۇلبارى» 10 - توم، 119 - بەت.

ئەلەيھىسسالام: «ياق» دېدى. مەن: ئۇنداقتا بايلىقىمنىڭ ئۈچتىن بىر ھەسسىسىنى ۋەسىيەت قالدۇرۇپ، ئىككى ھەسسىسىنى قىزىمغا قالدۇرۇپ قويايمۇ؟ دېدىم. ئۇ: «ئۈچتىن بىرىنى ۋەسىيەت قالدۇرساڭ بولىدۇ. تېخى ئۈچتىن بىرىمۇ كۆپتۇر» دېدى. ئاندىن قولىنى پېشانەمگە قويدى. ئاندىن قولى بىلەن يۈزۈمنى ۋە قورسىقىمنى سىلىدى. ئاندىن: «ئى اللە! سەئىدكە شىپالىق بەرگىن، ئۇنىڭ ھىجرىتىنى تاماملىغىن!» دەپ دۇئا قىلدى. مەن شۇ كېسەلنى ئۇيلىسام، جېگىرىمدە ئۇ دۇئانىڭ بەرىكىتىنى ھەمىشە ھېس قىلىمەن، تاكى قىيامەتكىچە شۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرسەم، ئۇنىڭ قىزىتمىسى قاتتىق ئۆرلەپ كېتىپتۇ. مەن قولۇم بىلەن ئۇنى سىلاپ قويدۇم. ئاندىن: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! سىنىڭ قىزىتماڭ ھەقىقەتەن قاتتىق ئۆرلەپ كېتىپتۇ، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇنداق، مېنىڭ قىزىتمام سىلەردىن ئىككى ئادەمنىڭ قىزىتمىسىدەك ئۆرلەپ كەتتى» دېدى. مەن: شۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا ئىككى ھەسسە ئەجىر بېرىلەمدۇ؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇنداق» دېدى. ئاندىن: «كېسەل ئاغرىقىغا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلغان ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان بولىدىكەن، اللە ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى خۇددى دەرەخ ياپراقلىرىنى تۆككەندەك تۆكىۋېتىدۇ»[1] دېدى.

ئەسۋەدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر تۇركۇم قۇرەيش ياشلىرى مىنادا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كۈلۈشكىنىچە كىرىپ كەلدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: نېمىگە كۈلۈۋاتىسىلەر؟ دېدى. ئۇلار: بىر ئادەم چېدىرنىڭ ئارغامچىسىغا پۇتلىشىپ كېتىپ يىقىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ بوينى سۇنۇپ كەتكىلى ياكى بىر كۆزى قارىغۇ بولۇپ قالغىلى تاس قالدى، دېيىشتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: كۈلمەڭلار، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «تىكەن چاغلىق نەرسە كىرىپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئەزىيەتلەرگە يولۇققان ھەرقانداق بىر مۇسۇلمانغا بۇنىڭ بەدىلى ئۈچۈن مەرتىۋىسى بىر دەرىجە يۇقىرى قىلىپ يېزىلىدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىر خاتالىقى ئۆچۈرۈلىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، دېدى[2].

<ئەلهەدىيە ئەلئەلائىيە> ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «پاسىقنى يوقلاش دۇرۇس بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈش دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىش مەكروھتۇر. ئارىلىشىشقا توغرا كەلسە پەقەت زۆرۈرىيەت مىقدارى ئارىلىشىش كېرەك».

(1) سەھىھ بۇخارى، 5657 ـ ھەدىس.

(2) سەھىھ بۇخارى، 5559 ـ ۋە 5560 ـ ھەدىسلەر.

<رەددۇلمۇھتار> ناملىق كىتابتا ئۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك مەشھۇر قاراشقا ئاساسەن، بۇزۇقچىلىق ۋە يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم بىلەن ئارىلىشىش مەكروھتۇر. پەقەت ئارىلىششقا زۆرۈر بولۇپ قالغاندا زۆرۈرىيەت مىقدارى ئارىلىشىش كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن بىمالال ئارىلىشىش ئۇنى كىشىلەر ئارىسىدا پاسىقلىقىدىن تەپ تارتماس قىلىپ قويىدۇ. ئەگەر نامەلۇم كىشى بولغان تەقدىردە، ئۆزىنى زۇلۇمدىن گۇناھقا كىرىپ قالماستىن قوغداش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتسە، ھېچ يامىنى يوق»[1].

كېسەل كىشىنىڭ ئۆزى تارتىۋاتقان ئاغرىق ئازابىنى ئىزھار قىلىشىغا رۇخسەتتۇر. قاسىم ئىبنى مۇھەممەدتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ۋاي بېشىم! دەپ ئىڭرىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، مەن ھاياتقۇ! مەن سىزگە مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە دۇئا قىلىمەن» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ۋاي ئانامەي! اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن مېنىڭ ئۆلۈمۈمنى ياخشى كۆرىدىغان ئوخشايسەن. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، شۇ كۈنى كەچتىلا بەزى ئاياللىرىڭ بىلەن (خوشاللىقتىن) توي كېچىسىنى ئۆتكۈزىدىغان ئوخشايسەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بەلكى مەن ۋاي بېشىم دېسەم، بولىدۇ. مەن ئادەم ئەۋەتىپ ئەبۇبەكرىنى ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنى چاقىرتىشنى، ئاندىن سۆز چۆچەك قىلغۇچىلارنىڭ سۆز چۆچەك قىلماسلىقى ياكى خەلىپىلىكنى ئۈمىد قىلغۇچىلارنىڭ ئۇنى ئۈمىد قىلماسلىقى ئۈچۈن ئەھدە ئېلىشنى نىيەت قىلدىم. ئاندىن: اللہ خالىماي مۆمىنلەر خالاپ قېلىشى ياكى اللہ خالاپ مۆمىنلەر خالىماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇ نىيىتىمدىن ۋاز كەچتىم» دېدى[2].

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «ئالىملار بۇ مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىشتى. ھەقىقەت شۇكى، ئاغرىق ئازابىنى كۆتۈرۈشكە ھېچكىم قادىر بولالمايدۇ. ئىنسانلار ئەنە شۇنداق بىر ئاجىزلىق بىلەن يارىتىلغان. شۇڭا يارىتىلغان ئاجىزلىقنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس. بەندە پەقەت مۇسىبەت ھالىتىدە تەرك ئېتىشكە ئىمكانى بار نەرسىنى سادىر قىلماسلىققا تەكلىپ قىلىنغان. مەسىلەن، چەكتىن ئاشۇرۇپ ئىڭراش، ھەددىدىن زىيادە قورقۇش قاتارلىقلارغا ئوخشاش. بۇنى قىلغانلار سەۋر قىلغۇچىلار قاتارىدىن چىقىپ كېتىپ قالىدۇ. ئەمما پەقەت ۋايساشقا كەلسەك، ئۇ تەقدىرگە نارازى بولمىغانلا بولسا ئۇ ئەيىبلەنمەيدۇ. ئالىملار بەندىنىڭ پەرۋەردىگارىغا ۋايسىشىنىڭ مەكروھ ئىكەنلىكىگە ئىتتىپاق كەلگەن. ئۇنىڭ ۋايسىشى پەقەت كېسىلىدىن سېقىلىش يۈزىسىدىن كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. توغرىسىنى اللہ بىلگۈچىدۇر».

---

[1] سەھىھ مۇسلىم، 2572 ـ ھەدىس.

[2] «ئەلھەدىييە ئەلئەلائىييە» 251 ـ بەت.

ئىمام ئەھمەد <ئەززۆھد> ناملىق كىتابىتا تاۋۇسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كېسەلنىڭ ئىڭرىشى ۋايساشتۇر». ئەبۇتەييىب ۋە شافىئى مەزھەپىنىڭ ئالىملارىدىن بىر تۈركۈمى: «كېسەلنىڭ ئىڭرىشى ۋە ۋايسىشى مەكرۇھتۇر» دەپ تەكىتلىگەن. ئىمام نەۋەۋىي بۇ قاراشنى تەنقىدلەپ: «بۇ قاراش ئاجىز ياكى باتىلدۇر. مەكروھ دېگەن مەقسەتلىك چەكلەنگەنلىكى ئىسپاتلانغان نەرسىدۇر. بۇ مەسىلىدە ئۇنداق چەكلىمە ئىسپاتلانمىغان» دېگەن. ئاندىن ئۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بۇ ھەقتىكى ھەدىسىنى دەلىل قىلغان. ئاندىن: «ئۇلار مەكروھتۇر، دېگەن قارىشىدىن ئەۋزەللىكنىڭ ئەكسىنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن. كېسەلنىڭ ئىڭرىشىدىن كۆرە زىكرى بىلەن مەشغۇل بولۇشىنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىدە ھېچ شەك يوقتۇر. ئۇلار ئۇ قارىشىنى: <كۆپ ئىڭراش ئىمانىنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، قازايىقەدەرگە نارازى بولغانلىقنى ھېس قىلدۇرىدۇ، دۈشمەنلەرنى تىللايدىغان بىر ئىللەتنى يۈقتۇرىدۇ> دېگەن مەنىلەردىن ئالغان بولۇشى مۇمكىن» دېگەن.

ئەمما پۈتۈن ئالىملارنىڭ ئىتتىپاق قارىشىدا كېسەلنىڭ ئۆز ئەھۋالىنى دوستىغا ياكى دوختۇرىغا ئېيتىپ بېرىشىنىڭ ھېچ يامىنى يوق[1].

# ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىش

ئاچچىققا پايلىماي ياكى تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىش موكروھتۇر. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار بېشىغا كەلگەن بىرەر مۇسىبەت تۈپەيلى ھەرگىز ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن! ئەگەر چوقۇم شۇنداق قىلىشقا توغرا كەلسە، <ئى اللە! ئەگەر ھاياتلىق مەن ئۈچۈن ياخشى بولسا، مېنى ھايات قالدۇرغىن، ئەگەر ئۆلۈم مەن ئۈچۈن ياخشى بولسا، مېنى ۋاپات تاپتۇرغىن!> دېسۇن»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بېشىغا كەلگەن بىرەر مۇسىبەت تۈپەيلى» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، سەلەپ ئالىملىرىدىن بىر قىسمىلىرى ئۇنى دۇنيالىق مۇسىبەتكە قاراتقان. بۇ قاراش بويىچە بولغاندا، ئەگەر ئۇ ئاخىرەتلىك مۇسىبەتكە يولۇقسا، مەسىلەن، دىنىدىن ئېزىپ كېتىشتىن قورقسا، بۇ چەكلىمىگە كىرمەيدۇ. بۇ قاراش ئۈچۈن ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىش مۇمكىن بولىدۇ:

(1) سەھىھ بۇخارى، 5666 ـ ھەدىس.

(2) «قەتھۇلبارى» 10 ـ توم، 124 ـ بەت.

« سىلەردىن بىرىڭلار دۇنيادا بېشىغا كەلگەن بىرەر مۇسىبەت تۈپەيلى ھەرگىز ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن! » بۇ ھەدىستە ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىشنىڭ سەۋەبى دۇنيالىق ئىش ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. بىر قىسىم ساھابىلار ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلغان. <ئەلمۇۋەتتەئ> ناملىق كىتابتا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: « ئى الله! يېشىم چوڭىيىپ، تېنىم ئاجىزلاپ، تەۋەلىكىم كېڭىيىپ كەتتى. مېنى زايە قىلغۇچى، ئىسراپخور قىلىۋەتمەستىن ئۆزەڭگە ئېلىپ كەتكىن! »

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: « ھېچكىمنىڭ ئەمەلى ئۇنى جەننەتكە ئېلىپ كىرەلمەيدۇ ». بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلار: <ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سەنمۇ شۇنداقمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « مەنمۇ شۇنداق، لېكىن مېنى الله ئۆز پەزلى ۋە رەھمىتى بىلەن ئورايدۇ. توغرا يول تۇتۇڭلار ۋە توغرا ئىش قىلىڭلار. سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلۈمنى ھەرگىز ئارزۇ قىلمىسۇن! ئەگەر ئۇ ياخشى ئىش قىلغۇچى بولسا، ياخشى ئىشنى تېخىمۇ كۆپ قىلىۋېلىشى مۇمكىن. يامان ئىش قىلغۇچى بولسا، تەۋبە قىلىۋېلىشى مۇمكىن » دېدى[1].

<ئەددۇررۇلمۇختار> ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: « ئاچچىقىقا پايلىماي ياكى تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىش موكروھتۇر. پەقەت گۇناھقا گىرىپتار بولۇپ قېلىشتىن قورققان ئەھۋال ئاستىدا ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلسا بولىدۇ. يەنى دىنىدىن ئەمەس، دۇنيالىقتىن قورقۇپ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىش مەكروھتۇر ».

ئىبنى ئابىدىن مۇنداق دەيدۇ: مۇئەللىپنىڭ سۆزىنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، بىراۋنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلى ياكى دۈشمىنىگە غەزەپلەنگەنلىكى سەۋەبىدىن ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىشى مەكروھتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « سىلەردىن بىرىڭلار بېشىغا كەلگەن بىرەر مۇسىبەت تۈپەيلى ھەرگىز ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن! » ئەگەر زاماننىڭ يامانلىشىپ كەتكەنلىكى ۋە گۇناھلارنىڭ يامراپ كەتكەنلىكى تۈپەيلى گۇناھقا گىرىپتار بولۇپ قېلىشتىن قورققان ئەھۋال ئاستىدا ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلسا بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇنداق ئەھۋالنىمۇ تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن: « سىلەر ئۇچۇن زېمىن ئاستى ئۇنىڭ ئۈستىدىن ياخشىدۇر »[2].

« سىلەر ئۇچۇن زېمىن ئاستى ئۇنىڭ ئۈستىدىن ياخشىدۇر » دېگەن بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تولۇق تېكىستى مۇنداق: « ئەگەر باشلىقلىرىڭلار ياخشى، بايلىرىڭلار سېخى، ئىشلىرىڭلار

(1) سەھىھ بۇخارى، 5671 ـ ھەدىس.

(2) سەھىھ بۇخارى، 5673 ـ ھەدىس.

مەسلىھەت بىلەن بولسا، سىلەر ئۇچۇن زېمىن ئۈستى ئۇنىڭ ئاستىدىن ياخشىدۇر. ئەگەر باشلىقلىرىڭلار يامان، بايلىرىڭلار بېخىل، ئىشلىرىڭلار ئاياللىرىڭلارنىڭ قولىغا قالغان بولسا، سىلەر ئۇچۇن زېمىن ئاستى ئۇنىڭ ئۈستىدىن ياخشىدۇر».

## سىلە - رەھىم قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقى ۋە ئۇنى ئۈزۈشنىڭ ھاراملىقى

<رەھىم> دېگەن سۆز ئورۇق - تۇغقانلارنى كۆرسىتىش ئۇچۇن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇلار مەيلى بىر - بىرىگە مىراسخورلۇق قىلىسۇن ياكى قىلمىسۇن، مەيلى مەھرەم بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئۆزئارا نەسەبداش كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار مەھرەم كىشىلەرنىلا كۆرسىتىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار. لېكىن ئالدىنقى قاراش كۈچلۈكتۇر.

سىلە - رەھىم قىلىش ۋاجىپتۇر. ئىمام قۇرتۇبى تەپسىرىدە سىلە - رەھىم قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقى، ئۇنى ئۈزۈشنىڭ ھاراملىقى ھەققىدە پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئىتتىپاق كەلگەنلىكىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان ۋە سۈننەتتە كەسكىن دەلىللەر بارلىقىنى نەقىل قىلغان.

<تەبيىينۇل مەھارىم> ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئالىملار سىلە - رەھىم قىلىش ۋاجىپ بولغان تۇغقانلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىدە ئىختىلاپ قىلىشقان. بەزىلەر: <ئۇلار بارلىق مەھرەم تۇغقانلاردۇر> دېگەن. يەنە بەزىلەر: <ئۇلار مەيلى مەھرەم بولسۇن، مەيلى مەھرەم بولمىسۇن، بارلىق تۇغقانلاردۇر> دېگەن.

ئىمام نەۋەۋىي <شەرھۇمۇسلىم> ناملىق كىتابىدا ئىككىنچى قاراشنىڭ توغرىلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئۇنىڭغا بىرقانچە ھەدىسلەرنى دەلىل قىلغان. شۇنداق، تۇغقانلارنىڭ يېقىن - يىراقلىق دەرىجىلىرى پەرقلىق بولىدۇ. ئاتا - ئانا ئەڭ يېقىن تۇغقان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا ئەڭ كۆپ سىلە - رەھىم قىلىش كېرەك. خېلى نۇرغۇن ھەدىسلەر شۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇ[1].

ئۇ ھەقتىكى ھەدىسلەر خېلى كۆپ بولۇپ، تۆۋەندە بىرقانچىسىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

ئەبۇئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم: <ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا مېنى جەننەتكە ئېلىپ كىرىدىغان بىر ئەمەلنى ئېيتىپ بەرسەڭ> دېدى. ئادەملەر: <ئۇ مۇشۇنداقمۇ سوئال سورامدۇ؟ ئۇ مۇشۇنداقمۇ

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 - توم، 269 - بەت.

سۇئال سورامدۇ؟> دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭغا سۇئال سورىغىلى قويۇڭلار!» دېدى. ئاندىن: «اللە غا ئىبادەت قىلىسەن، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلمايسەن، نامازنى ئادا قىلىسەن، زاكات بېرىسەن، سلە ـ رەھىم قىلىسەن. تۆگىنى قويىۋەتكىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى قىلىۋاتقاندا بەلكىم تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە بولسا كېرەك[1].

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «رىزقىنىڭ كەڭ بولۇشى ۋە ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىدىن خۇرسەن بولىدىغان كىشى سلە ـ رەھىم قىلسۇن!»[2]

ئىمام تىرمىزىيمۇ ئۇ ھەدىسنى يەنە بىر يول بىلەن رىۋايەت قىلغان ۋە ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەسەن، دەپ باھا بەرگەن: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، سلە ـ رەھىم قىلىش تۇغقانلار ئىچىدە مېھرى ـ مۇھەببەتنى كۈچەيتىدۇ، پۇل ـ مالنى بەرىكەتلەندۈرىدۇ. ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ».

ئىبنى تىن مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىسنىڭ زاھىرىي مەنىسى اللە تائالانىڭ: «(ھالاك بولىدىغان) ۋاقتى يەتكەندە، ئۇلار بىردەممۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولمايدۇ (يەنى دەرھال ھالاك بولىدۇ)»[3] دېگەن سۆزىگە قارشى كېلىپ قالىدۇ. بىراق ئۇ ھەدىس بىلەن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى مۇنداق ئىككى نۇقتىدىن بىرلەشتۈرۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇرىشى دېگەن سۆزدىكى ئۇزۇراشتىن مەجازىي مەنە كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، كىشىنىڭ تائەت ـ ئىبادەت قىلىشقا، ئۆمرىنى ئاخىرەتتە ئەسقاتىدىغان نەرسىلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆتكۈزۈشكە، ۋاقتىنى ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەر بىلەن ئۆتكۈزۈشتىن ساقلىنىشقا مۇۋەپپەق بولۇشى نەتىجىسىدە ئۆمرىدىكى بەرىكەتنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن ئالساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ئۆمرىگە نىسبەتەن ئۆزىنىڭ ئۈممىتىنىڭ ئۆمرىنىڭ قىسقىراپ كەتكەنلىكىنى، بىراق ئۇزىگە اللە نىڭ قەدىر كېچىسىنى بەرگەنلىكىنى بايان قىلغان.

قىسقىسى، سلە ـ رەھىم قىلىش تائەت ـ ئىبادەت قىلىشقا، گۇناھلاردىن ساقلىنىشقا مۇۋەپپەق بولۇشنىڭ سەۋەبى بولىدۇ. ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ياخشى ئىش ـ ئىزلىرى تىلغا ئېلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گويا ئۆلمىگەن كىشىدەك بولىدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 264 ـ بەت.

(2) سەھىھ بۇخارى، 5983 ـ ھەدىس.

(3) سەھىھ بۇخارى، 5985 ـ ھەدىس.

ئىككىنچى، ئۇنىڭدىن ھەقىقىي مەنە كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئۆمۈرگە مۇئەككەل قىلىنغان پەرىشتىنىڭ ئىلمىگە نىسبەتەن شۇنداق بولىدۇ. ئەمما مەزكۇر ئايەت كۆرسەتكەن ئەجەل بولسا، الله تائالانىڭ ئىلمىگە نىسبەتەن بولىدۇ. بۇ گويا ئۇ پەرىشتىگە: «ئەگەر پالانى بەندە سىلە ـ رەھىم قىلسا، ئۇنىڭ ئۆمرى **100** يىل بولىدۇ. ئەگەر ئۇ سىلە ـ رەھىمنى ئۈزسە، ئۇنىڭ ئۆمرى **60** يىل بولىدۇ» دېيىلگەن شەكىلدە بولىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله نىڭ ئىلمى ـ ئەزەلىدە ئۇ بەندىنىڭ سىلە ـ رەھىم قىلىدىغانلىقى ياكى ئۇنى قىلمايدىغانلىقى ئاللىبۇرۇن بېكىتىلىپ بولغان. شۇڭا الله نىڭ ئىلمى ـ ئەزەلىدىكى نەرسە بىردەممۇ ئىلگىرى ـ كېيىن قىلىنمايدۇ. بىراق پەرىشتىنىڭ ئىلمىدىكى نەرسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە كېمىيىشى مۇمكىن بولىدۇ. بۇنىڭغا الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى ئىشارەت قىلىدۇ: «الله (ئەھكاملاردىن) خالىغىنىنى بىكار قىلىدۇ، خالىغىنىنى ئۆز جايىدا قالدۇرىدۇ. لەۋھۇلمەھپۇز الله نىڭ دەرگاھىدىدۇر»[1].

دېمەك، بىكار قىلىش ۋە ئۆز جايىدا قالدۇرۇش پەرىشتىنىڭ ئىلمىدىكى نەرسىگە نىسبەتەن بولىدۇ. لەۋھۇلمەھپۇزدىكى نەرسە الله تائالانىڭ ئىلمى ـ ئەزەلىسىدىكى نەرسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا ھەرگىز بىكار قىلىش بولمايدۇ. ئۇ مۇستەھكەم ھۆكۈم دەپ ئاتىلىدۇ. ئالدىنقى قاراش باغلىق قىلىپ قويۇلغان ھۆكۈم دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قاراش مۇشۇ بابتىكى ھەدىسنىڭ لەۋزىگە مۇناسىپتۇر[2].

مۇكاپات ئەمەلنىڭ ئۆز تىپىدىن بولىدۇ. كىمكى سىلە ـ رەھىم قىلسا، الله تائالامۇ ئۇنىڭغا رەھمىتىنى ئۇلايدۇ. كىمكى ئۇنى ئۈزسە، الله تائالامۇ ئۇنىڭدىن رەھمىتىنى ئۈزىدۇ. ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الله تائالا ھەقىقەتەن بارلىق مەخلۇقاتلارنى يارىتىپ بولغاندىن كېيىن تۇغقاندارچىلىق ئورنىدىن تۇرۇپ: (ئى الله!) بۇ ئورۇن بولسا، سېنىڭ نامىڭ بىلەن تۇغقاندارچىلىقنى ئۈزۈشتىن پاناھ تىلىگۈچى كىشىنىڭ ئورنىمۇ؟ دېدى. الله: ھەئە، سېنى ئۇلىغان كىشىگە رەھمىتىمنى ئۇلىسام، سېنى ئۈزگەن كىشىدىن رەھمىتىمنى ئۈزسەم رازى بولامسەن؟ دېدى. ئۇ: رازى بولىمەن، دېدى. الله: بۇ ئىلتىپات ساڭا خاستۇر، دېدى». ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى داۋام قىلىپ: «ئەگەر خالىساڭلار، «سىلەر (ئىسلام) دىن يۈز ئۆرۈسەڭلار، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلارسىلەرمۇ ۋە سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويارسىلەرمۇ؟»[3] دېگەن

(**1**) سۈرە ئەئراف، **34** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(**2**) سۈرە رەئد، **39** ـ ئايەت.

(**3**) «فەتھۇلبارى» **10** ـ توم، **416** ـ بەت.

ئايەتنى ئوقۇڭلار» دېدى(1).

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «سىلە ـ رەھىم قىلىش ئومۇمىي ۋە خۇسۇسىي بولۇپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئومۇمىي سىلە ـ رەھىم قىلىش دىنىنىڭ تەلىۋى بولۇپ، ياخشى كۆرۈش، ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش، ئادىل ۋە ئىنساپلىق بولۇش، ئۈستىدىكى ۋاجىپ ۋە مۇستەھەپ بولغان ھەق ـ ھوقۇقلارنى ئادا قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە بۇلارنى ئادا قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. ئەمما خۇسۇسىي سىلە ـ رەھىم قىلىش بولسا، مەزكۇر ئىشلاردىن سىرت يەنە تۇغقاننىڭ خىراجىتىنى كۆپەيتىپ بېرىش، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىش، ئۇششاق ـ چۈششەك خاتالىقلىرىنى كۆرمەسكە سېلىشقا ئىرىشىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ سىلە ـ رەھىمگە ھەقلىق بولۇش مەرتىۋىلىرىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. ئەڭ يېقىن تۇغقان بىرىنچى قاتاردا كېلىدۇ، ئاندىن قالسا ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەرىجىدىكى تۇغقانلار كېلىدۇ»(2).

فىقھشۇناسلار سىلە ـ رەھىمنى قانداق شەكىلدە قىلىشنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «سىلە ـ رەھىم قىلىش ۋاجىپتۇر. سالام قىلىش، ھەدىيە بېرىش، ياردەملىشىش، پاراڭلىشىش، مېھرىبانلىق قىلىش ۋە ياخشىلىق قىلىش قاتارلىق ئىشلارمۇ سىلە ـ رەھىم قىلىشنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. ئارىدىكى مېھرى ـ مۇھەببەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تۇغقانلارنى پات ـ پات زىيارەت قىلىش، مۇمكىن بولغاندا ئۇلارنى ھەر جۈمە كۈنى ياكى ھەر ئايدا زىيارەت قىلىش، ئۇلارنىڭ يوللۇق تەلەپلىرىنى رەت قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى ئۇنداق قىلمىغاندا سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇش ھېسابلىنىدۇ».

سىلە ـ رەھىم قىلغان كىشىگە سىلە ـ رەھىم قىلىش ھەقىقىي سىلە ـ رەھىم قىلىش ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئۇ ياندۇرغانلىق بولۇپ قالىدۇ. بەلكى تۇغقانلار سىلە ـ رەھىم قىلىشنى ئۈزۈپ قويغان چاغدا سەن ئۇنى ئۇلۇشۇڭ كېرەك. ئىمام بۇخارى ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «(ياخشىلىققا ياخشىلىق) ياندۇرۇش سىلە ـ رەھىم قىلىشنى ئۇلىغانلىق بولمايدۇ. لېكىن سىلە ـ رەھىم ئۈزۈلۈپ قالغان چاغدا ئۇنى ئۇلىغان كىشى ھەقىقىي سىلە ـ رەھىم قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ»(3).

بۇ ھەدىس مۇنداق مەنە بېرىدۇ: ھېسابلاپ تۇرۇپ، قارشى تەرەپ قانچىلىك سىلە ـ رەھىم قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك سىلە ـ رەھىم قىلغۇچى ھەقىقىي سىلە ـ رەھىم قىلغۇچى ھېسابلانمايدۇ. لېكىن قارشى تەرەپتىن ئاشۇرۇپ قىلغان ياكى قارشى تەرەپ قىلمىغاندا قىلغۇچى ھەقىقىي سىلە ـ رەھىم قىلغۇچى ھېسابلىنىدۇ.

(1) سۈرە مۇھەممەد، 22 ـ ئايەت.

(2) سەھىھ بۇخارى، 5987 ـ ھەدىس.

(3) «فەتھۇلبارى» 10 ـ توم، 418 ـ بەت.

**ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە بىر ئادەم: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! مەن تۇغقانلىرىمغا سىلە ـ رەھىم قىلىپ تۇرىمەن، لېكىن ئۇلار ئۈنى ئۈزۈپ قويىدۇ. مەن ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىمەن، لېكىن ئۇلار ماڭا يامانلىق قىلىدۇ. مەن ئۇلارغا كۆيۈنىمەن، لېكىن ئۇلار ماڭا نادانلارچە مۇئامىلە قىلىدۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر سەن ئېيتقىنىڭدەك قىلغان بولساڭ، گويا سەن ئۇلارغا قىزىق كۈلنى سورىغاندەك (يەنى يىگۈزگەندەك) بولۇپسەن. ئەگەر سەن ھەمىشە شۇنداق قىلساڭ، اللە تەرىپىدىن بىر ياردەمچى ئۇلارغا قارشى ھەمىشە سەن بىلەن بىللە بولىدۇ»[1].**

# بالىغا چىرايلىق ئىسىم تاللاپ قويۇش

**اللە تائالا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىسىم ئابدۇللاھ ۋە ئابدۇرراھماندۇر. چۈنكى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ اللە غا ئەڭ يېقىن بولغان ئىسىملىرىڭلار ئابدۇللاھ ۋە ئابدۇرراھماندۇر»[2].**

**ئەلمەناۋىي مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللاھ دېگەن ئىسىم شەرتسىز ھالدا ئەۋزەلدۇر، ھەتتا ئۇ ئابدۇرراھمان دېگەن ئىسىمدىنمۇ ئەۋزەلدۇر. ئۇ ئىككى ئىسىمدىن قالسا ئەڭ ئەۋزەل ئىسىم مۇھەممەد، ئاندىن قالسا ئەھمەد، ئاندىن قالسا ئىبراھىمدۇر».**

**ئۇ يەنە باشقا بىر ئورۇندا مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللاھ ۋە ئابدۇرراھمان دېگەن ئىسىملاردىن كېيىن ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىسىملار كېلىدۇ. مەسىلەن، ئابدۇررەھىم ۋە ئابدۇلمەلىك، دېگەن ئىسىملارغا ئوخشاش[3]. ئۇ ئىككى ئىسىمنىڭ ئەۋزەل بولۇشى شۇنداق ئىسىم قويۇش بىلەن تائەت ـ ئىبادەتنى مەقسەت قىلغان كىشىگە قارىتىلىدۇ. چۈنكى ئىنسانلار ئابدۇشەمسى، ئابدۇدار[4] دەپمۇ ئىسىم قويىدۇ. اللە تائالا مۇھەممەد**

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 264 ـ بەت.

(2) سەھىھ مۇسلىم، 2558 ـ ھەدىس.

(3) سەھىھ مۇسلىم، 2132 ـ ھەدىس.

(4) جانابى اللە تائالانىڭ 99 گۈزەل ئىسمى بولۇپ، شۇ ئىسىملارغا بەندىچىلىكنى بىلدۈرىدىغان <ئابدۇ> دېگەن سۆز قوشۇلۇپ ئىنسانلارغا ئىسىم قىلىپ قويۇلسا، اللە نىڭ بەندىسى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، ئابدۇللاھ اللە نىڭ بەندىسى، ئابدۇرراھمان شەپقەتلىك اللە نىڭ بەندىسى، ئابدۇررەھىم مېھرىبان اللە نىڭ بەندىسى، ئابدۇلقادىر ھەممىگە قادىر اللە نىڭ بەندىسى، دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا مۇشۇنداق ئىسىم قويۇش بىلەن اللە غا بولغان بەندىچىلىك نىيەت قىلىنسا، ئەڭ ياخشى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بۇ ئىسىملاردىن بەندىچىلىكنى بىلدۈرىدىغان <ئابدۇ> دېگەن سۆزنى ئايرىۋېتىپ، ئاندىن ئۈنى قىسقارتىپ ياكى ئۆزگەرتىپ ئابلا، راھمان، رېھىم، قادىر دېگەنگە ئوخشاش ئاتالغۇلار بىلەن چاقىرىش ياكى بالىلارغا ئەنە شۇنداق ئۆزگەرتىپ ئىسىم قويۇش ناھايىتى چوڭ خاتالىقتۇر. بۇ خاتا ئادەت بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە ناھايىتى ئەۋج ئالغان بولۇپ، بۇنىڭغا قەتئىي دىققەت قىلىشىمىز ۋە ئۈنى كەسكىن ھالدا تۈزىتىشىمىز كېرەك. ت.

ۋە ئەھمەد، دېگەن ئىسىملارنى ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ دېيىشمۇ يۇقىرىدىكى قاراشقا زىت كېلىپ قالمايدۇ. چۈنكى ئۇ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىسىمنى تاللىغان».

بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «كىمكى ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەندە ئۇنىڭغا مۇھەممەد دەپ ئىسىم قويسا، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى جەننەتتە بولىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىبنى ئەساكىر ئەبۇئۇمامەدىن رىۋايەت قىلغان. ئىمام سۇيۇتى بۇ ھەدىسكە باھا بېرىپ: «بۇ مۇشۇ ھەقتە رىۋايەت قىلىنغان ئەڭ ياخشى ھەدىستۇر، سەنىدى ھەسەندۇر» دېگەن.

ئەلى (يۈكسەك بولغۇچى)، رەشىد (يېتەكلىگۈچى) قاتارلىق ئىسىملارنى قويۇشمۇ دۇرۇستۇر. ئىمام لەيس مۇنداق دېگەن: «مەن ئەرەب ئەمەس خەلقنىڭ ئابدۇرراھمان، ئابدۇررەھىم دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملارنى قويۇشنى ياخشى كۆرمەيمەن. چۈنكى ئۇلار ئۇ ئىسىملارنىڭ مەنىلىرىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۇنى قىسقارتىپ ۋە ئۆزگەرتىپ: راھمان، رېھىم دەۋالىدۇ».

مۇنداق قىلىش بىزنىڭ زامانىمىزدا تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتتى. كىشىلەر ئابدۇرراھمان ئىسىملىك كىشىنى راھمان، ئابدۇلكەرىم ئىسىملىك كىشىنى كېرەم، ئابدۇلئەزىز ئىسىملىك كىشىنى ئېزىز، ئابدۇلقادىر ئىسىملىك كىشىنى قادىر دەپ چاقىرىشىدۇ. قەستەن مۇشۇنداق چاقىرىش كۇپرىلىقتۇر.

<ئەلمەنىيەيە> ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «كىمكى ئابدۇلئەزىز دېگەنگە ئوخشاش ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بىلەن قوشۇپ ئاتالغان ئىسىملارنى قەستەن ئۆزگەرتىپ چاقىرسا، كاپىر بولىدۇ. ئەگەر نېمە دەۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇ ئىسىمدىن نېمە مەقسەت قىلىنغانلىقىنى بىلمىسە، كۇپرىلىق بىلەن ھۆكۈم قىلىنمايدۇ. شۇنداق خاتا ئىسىمنى ئاڭلاپ قالغان كىشىنىڭ تولۇق چاقىرىشنى ئۆگىتىشى لازىم.

ئىسمى مۇھەممەد قويۇلغان كىشى ئەبۇلقاسىم دەپ كۇنىيەت ئىسىم بىلەن چاقىرىلسا، ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مېنىڭ ئىسمىم بىلەن ئىسىم قويۇڭلار، لېكىن كۇنىيىتىم بىلەن كۇنىيەت قويماڭلار» دېگەن سۆزى ئەمەلدىن قالغان. نېمىشقا دېگەندە، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇھەممەد ئىسىملىك ئوغلىغا ئەبۇلقاسىم، دېگەن كۇنىيەت ئىسمىنى بەرگەن(1).

مەزكۇر ھەدىس شەرىپ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇ

(1) ئابدۇشەمس قۇياشنىڭ بەندىسى، ئابدۇدار ئۆينىڭ بەندىسى، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا مۇنداق ئىسىم قويۇش شېرىك ھېسابلىنىدۇ ــ ت.

**مۇنداق دېگەن: بىر ئادەم ئى ئەبۇلقاسىم، دەپ چاقىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قارىۋىدى، ئۇ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن سېنى چاقىرمىدىم، مەن پالاننى چاقىرغانىدىم دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « مېنىڭ ئىسمىم بىلەن ئىسىم قويۇڭلار، لېكىن كۇنيىتىم بىلەن كۇنيەت قويماڭلار » دېدى[1].**

**الله تائالا بەندىلىرى ئىچىدە تىلغا ئالمىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ تىلغا ئالمىغان، مۇسۇلمانلارمۇ ئىشلەتمىگەن ئىسىملارنى قويۇش ھەققىدە ئالىملار ھەر خىل قاراشلاردا بولغان. لېكىن ئەڭ ياخشىسى ئۇنداق ئىسىملارنى قويماسلىق لازىم.**

**مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدۇ: « سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ بالىسى تۇغۇلۇپ، ئاندىن ئۆلۈپ قالسا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىسمىنى قويۇپ ئاندىن دەپنە قىلىسۇن! ئەگەر ئۇ ئوغۇل بولسا، ئوغۇل بالىنىڭ ئىسمىنى، قىز بولسا قىز بالىنىڭ ئىسمىنى قويسۇن! ئەگەر ئۇنىڭ ئوغۇل ياكى قىزلىقى تېخى مەلۇم بولمىسا، ھەر ئىككىلىسىگە ئۇيغۇن بولىدىغان ئىسمىنى قويسۇن! »**

**ئەگەر بىراۋ كىچىك بالىسىغا ئەبۇبەكرىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ كۇنيىتىنى قويسا، بەزى ئالىملار ئۇنى مەكروھ، دەپ قارىغان. ئەمما ئومۇمىي ساندىكى ئالىملار مەكروھ دەپ قارىمايدۇ. چۈنكى ئىنسانلار ئۇ كۇنيەت بىلەن بالىسىنى ئەركىلىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.**

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يامان ئىسىملارنى ياخشى ئىسىملارغا ئۆزگەرتىۋېتەتتى. بىر ئادەمنىڭ ئىسمى ئەسرەم (كەسكۈر) ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى زۇرئە (ئۇرۇق) گە ئۆزگەرتىۋەتكەن. يەنە بىر ئادەمنىڭ ئىسمى مۇزتەجىئ (يېنىچە ياتقۇچى) ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمىنى مۇنبەئىس (قوزغالغۇچى) غا ئۆزگەرتىۋەتكەن. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاسىيە[2] ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىدى. ئۇنى جەمىلەگە ئۆزگەرتىۋەتكەن. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاسىيەنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ: « ئىسمىڭىز جەمىلە بولسۇن! » دېگەن[3].**

(**1**) «ئەددۇررۇلمۇختار» **5** ـ توم، **268** ـ بەت.

(**2**) سەھىھ مۇسلىم، **2131** ـ ھەدىس.

(**3**) بۇ ئىسىم ئەرەبچىدىكى <ئەين، ئەلىف، ساد ۋە يا> ھەرپلىرىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، «ئاسىيلىق قىلغۇچى ئايال» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىسمىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن. بۇنىڭغا ھەققەتەن دىققەت قىلىش لازىم. لېكىن ئۇ ھەرگىزمۇ بىزنىڭ تىلىمىزدىكى يۇمشاق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان «ئاسىيە» دېگەن ئىسمىنىڭ ئۆزى ئەمەس. ئەرەب تىلىدىمۇ يۇمشاق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان، يەنى <قوش ئەلىف، سىن ۋە يا> ھەرپلىرىدىن تۈزۈلگەن ئاسىيە دېگەن سۆز بولۇپ، «تۈۋرۈك» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا بىزنىڭ خەلقىمىز «ئاسىيلىق قىلغۇچى ئايال» دېگەن مەنىنى مەقسەت قىلماستىن ئاسىيە دەپ ئىسىم قويسا، خاتا بولمايدۇ . چۈنكى ئۇ يۇمشاق تەلەپپۇز قىلىنغانلىقى ئۈچۈن «ئاسىيلىق قىلغۇچى ئايال» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىمەيدۇ ـــ ت.

ئوغۇل بالىغا يەسار (سول، ئاسان)، رەباھ (پايدا)، نەجاھ (نىجات)، ئەفلەھ (بەخت ئېرىشكۈچى)، بەرىكەت (يەنى نەرسىلەرنىڭ بەرىكىتى) دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملارنى قويۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەم: يېنىڭدا بەرىكەت بارمۇ؟ دېسە، ئۇنىڭ جاۋابىدا: ياق دېيىش توغرا گەپ ئەمەس. باشقا ئىسىملارمۇ مۇشۇنداق بولىدۇ. ھەكىم (ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى)، ئەبۇلھەكەم (ھېكمەتلىك زاتنىڭ ئاتىسى)، ئەبۇ ئىسا (ئىسانىڭ ئاتىسى)، ئابدۇپالان (پالانىنىڭ بەندىسى) دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملارنى، شۇنداقلا ئەررەشىد (توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى)، ئەلئەمىن (قوغدىغۇچى، ئەمىن قىلغۇچى) دېگەنگە ئوخشاش مەدھىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسىملارنى قويۇشقىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى ئەلھەكەم الله تائالانىڭ ئىسىملىرىدىن بىرىدۇر. شۇڭا ئۇ ئىسىمغا ياكى ئىسا دېگەن ئىسىمغا ئەبۇ دېگەن سۆزنى قوشۇش توغرا ئەمەس.

ئابدۇپالان دەپ ئىسىم قويۇشقا بولمايدۇ، دېگەن سۆزدىن ئابدۇننەبى (پەيغەمبەرنىڭ بەندىسى)، ئابدۇرۇسۇل (ئەلچىلەرنىڭ بەندىسى) دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملارنى قويۇشنىڭ مەنئى قىلىنىدىغانلىقى چىقىدۇ. ئەلمەناۋى دەمىرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: «ئەگەر ئابدۇننەبى دېگەن ئىسىم بىلەن شەرەپلىنىشنى مەقسەت قىلىپ ئۇ ئىسىمنى قويسا، دۇرۇس بولىدۇ، دېگەن قاراش بار. لېكىن ئابدۇ دېگەن سۆزدىن بەندىچىلىكنىڭ ھەقىقىي مەنىسىگە ئېتىقاد قىلىپ قېلىش خەۋپى بولغانلىقى ئۈچۈن كۆپ ساندىكى ئالىملار ئۇنداق ئىسىم قويۇشنى مەنئى قىلغان».

ئابدۇددار دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملارنى قويۇشمۇ دۇرۇس بولمايدۇ. شۇنداقلا مەدھىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسىملارنى قويۇشمۇ دۇرۇس بولمايدۇ. شۇڭا مۇھىيددىن (دىننى تىرىلدۈرگۈچى)، شەمسۇددىن (دىننىڭ قۇياشى) دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملارنى قويۇش مەنئى قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىسىملارنىڭ ھەقىقىي مەنىسى نەزەرگە ئېلىنسا يالغانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ. مالىكى مەزھەپىنىڭ ئالىملىرىدىن بىر قىسمى ئۇنداق ئىسىملارنى قويۇشنى چەكلەش ھەققىدە كىتابلار يازغان. ئىمام قۇرتۇبى <شەرھۇل ئەسمائىل ھۇسنا> ناملىق كىتابىدا ئۇنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويغان.

ئىمام نەۋەۋىينىڭ ئۆزىنى مۇھىيددىن دەپ چاقىرغان كىشىنى يامان كۆرىدىغانلىقى ۋە: «مېنى بۇ ئىسىم بىلەن چاقىرغان كىشىنى كەچۈرمەيمەن» دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان. شەيخ سىنان <تەبيىنۇل مەھارىم> ناملىق كىتابىدا ئىمام نەۋەۋىينىڭ شۇ قارىشىغا مايىل ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن ۋە ئۇنداق ئىسىم قويغۇچىلارغا قارشى تولۇق دەلىل كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ مەدھىيەنى ئۆز ئىچىگە

ئالغان، قۇرئاندا مەنىئى قىلىنغان، يالغانچىلىق كېلىپ چىقىدىغان ئىسىملاردىن ئېھتىيات قىلىش ئۆزىنى ئىسلام ئەخلاقى بىلەن ئىنسانلىقتىن پاك، ئىسىملاردىن ئىككەنلىكىنى بايان قىلغان.

ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ ئۆز ئاتىسىنى، خوتۇن كىشىنىڭ ئۆز ئېرىنى ئۆز ئىسمى بىلەن چاقىرىشى مەكرۇھتۇر. شۇڭا ئاتا ـ ئانىنىڭ بالا ئۈستىدىكى، ئەرنىڭ خوتۇنى ئۈستىدىكى ھەققى ناھايىتى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن بالا ئاتا ـ ئانىنى، خوتۇن ئېرىنى ھۆرمەتنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بىلەن چاقىرىشى كېرەك. مۇنداق قىلىش مەدھىيە ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى مەدھىيە ئۆزىنى شۇ مەدھىيەنى ئىپادىلەيدىغان سۈپەت بىلەن سۈپەتلىگەن چاقىرىلغۇچىغا قايتىدۇ. ھەرگىزمۇ ئۆزىدىن چوڭلارغا ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىش تەلەپ قىلىنغان چاقىرغۇچىغا ئەمەس[1].

مەلىكۇلئەملاك (پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى) دەپ ئىسىم قويۇش ھارامدۇر. ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «اللە نىڭ ئالدىدا ئەڭ رەزىل ئىسىم مەلىكۇلئەملاك دەپ ئىسىم قويۇلغان كىشىنىڭ ئىسمىدۇر». يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنۇلار زىيادە رىۋايەت قىلىنغان: «بۈيۈك ۋە يۈكسەك اللە تىن باشقا مالىك (پادىشاھ) يوقتۇر». ئىككىنچى بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى اللە ئەڭ يامان كۆرىدىغان، مەنمۇ ئەڭ يامان كۆرىدىغان ۋە پەسكەش دەپ بىلىدىغان ئىسىم مەلىكۇلئەملاك دەپ ئىسىم قويۇلغان كىشىنىڭ ئىسمىدۇر. اللە تىن باشقا ھېچ مەلىك (پادىشاھ) يوقتۇر»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەۋلادلارنى ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق تەربىيىلەشكە رىغبەتلەندۈرگەن ۋە بۇنىڭغا قاتتىق كۆڭۈل بۆلۈپ مۇنداق دېگەن: «كىشىنىڭ ئۆز بالىسىغا تەربىيە قىلىشى بىر سا نەرسە سەدىقە قىلغىنىدىنمۇ ياخشىدۇر»[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «كىشى ئۆز بالىسىغا ياخشى تەربىيە بەرگەندىنمۇ ئېسىل نەرسە بېرەلمەيدۇ»[4].

ئىمام ئىبنى ماجە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەۋلادلىرىڭلارنى قەدىرلەڭلار ۋە ئۇلارغا ياخشى تەربىيە بېرىڭلار».

(1) سەھىھ مۇسلىم، 2139 ـ ھەدىس.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 269 ـ بەت.

(3) سەھىھ مۇسلىم، 2143 ـ ھەدىس.

(4) ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ۋە: «بۇ ھەدىس ھەسەن ۋە غەرىب دەرىجىسىدىدۇر» دېگەن.

# ئەزان ۋە قۇرئاننى چىرايلىق ئوقۇشنىڭ ۋە ئەزاننى تەكرارلاشنىڭ ھۆكمى

ئەزاننى تەكرارلاش ياخشىدۇر. ئەزاننى تەكرارلاشتىن مۇئەززىن ئەزان ئوقۇپ كەلىمە شاھادەتكە (يەنى ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلالە ئىللاھ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ) دېگەن يەرگە كەلگەندە، كەلىمە شاھادەتنى دەسلەپ ئازراق ئاڭلانغۇدەك قىلىپ ئىچىدە ئىككى قېتىم ئوقۇشى، كېيىن ئاۋازىنى چىقىرىپ ئىككى قېتىم ئوقۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مۇشۇنداق قىلىش ئەزاننى تەكرارلاش دېيىلىدۇ. مۇنداق تەكرارلاش پەقەت كەلىمە شاھادەتتىلا بولىدۇ.

مەيلى ئەزان ئېيتقاندا بولسۇن مەيلى قۇرئان ئوقۇغاندا بولسۇن ئەگەر ئۇلارنى چىرايلىق ئوقۇش (يەنى چىرايلىق ئوقۇيمەن) ئاھاڭغا سېلىش ئەزاننىڭ ياكى قۇرئاننىڭ سۆزنى ئۆز ئورنىدىن ئۆزگەرتىۋەتمەيدىغان، ھەرپلەرنى ئۇزارتىپ، بىر ھەرپنى ئىككى ھەرپ قىلىپ ناخشىغا ئايلاندۇرىۋەتمەيدىغان، بەلكى ئاۋازنى چىرايلىقلاشتۇرۇپ، قىرائەتنى يېقىملىق قىلىدىغان، نامازنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئېلىپ بارمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋاز بىلەن ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇش ياخشىدۇر. نامازدا ۋە نامازنىڭ سىرتىدىمۇ مۇشۇنداق ئوقۇش ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ قارىشىچە مۇستەھەپتۇر. ئەگەر چىرايلىق ئوقۇيمەن، دەپ) ئاھاڭغا سېلىش ئەزاننىڭ ياكى قۇرئاننىڭ سۆزنى ئۆز مەنىسىدىن ئۆزگەرتىۋېتىدىغان ئەھۋال بولسا، چىرايلىق ئوقۇيمەن، دەپ ئۇنداق قىلىش ھارام بولىدۇ. ئەگەر قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ سۆزى ئۆز ئورنىدىن ئۆزگەرتىۋېتىدىغان ئەھۋال بولسا، ناماز بۇزۇلىدۇ. چۈنكى سۆزنى ئۆز ئورنىدىن ئۆزگەرتىپ ئوقۇش مەنئى قىلىنىدۇ. ئاھاڭغا سېلىشتا پەقەت تەجۋىد قائىدىلىرىگە سېلىپ ئوقىغاندا دۇرۇس بولىدۇ.

قىرائەتنى چىرايلىق ئاۋاز بىلەن ئوقۇش ھەققىدە نۇرغۇن ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، شۇ ھەدىسلەرنىڭ بىرىنى ئىمام ھاكىم ۋە باشقىلار جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ لەۋزى بىلەن رىۋايەت قىلغان: «قۇرئاننى ئاۋازىڭلار بىلەن تېخىمۇ يېقىملىقلاشتۇرىۋېتىڭلار. چۈنكى چىرايلىق ئاۋاز قۇرئاننى تېخىمۇ جەلىپكار قىلىۋېتىدۇ»[1].

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الله ھېچ نەرسە ئۈچۈن پەيغەمبەرگە قۇرئاننى چىرايلىق ئاھاڭغا

(1) بۇ ھەدىسنىمۇ ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ۋە: «بۇ ھەدىس ھەسەن ۋە غەرىب دەرىجىسىدىدۇر» دېگەن.

سىلىپ ئوقۇشقا رۇخسەت قىلغاندەك رۇخسەت قىلمىغان»[1].

ئالىملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قۇرئاننى چىرايلىق ئاھاڭغا سىلىپ ئوقۇشقا» دېگەن سۆزىنىڭ قانداق مەنانى بىلدۈرىدىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ، نۇرغۇن قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىبنى ھەجەر (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۇ قاراشلارنى تەپسىلي بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: «قىسقىسى، مەزكۇر قاراشلارنىڭ كۆپىنچىسىنى بىرلەشتۈرۈش مۇمكىن بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، قۇرئاننى ئۇنلۇك، جاراڭلىق ۋە ھېسسىياتلىق ئاۋازدا، خەۋەرلەرگە ئوخشىتىپ قويمىغان ھالدا چىرايلىق ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسان كۆڭلى يېقىمسىز ئاۋازدا ئوقۇغان كىشىنىڭ قۇرئاننى تىڭشاشقا قارىغاندا يېقىملىق ئاۋازدا ئوقۇغان كىشىنىڭ قۇرئاننى تىڭشاشقا بەكرەك مايىل بولىدىغانلىقىدا ھېچ شەك يوق. چۈنكى يېقىملىق ئاۋاز دىلنى ئېرىتىپ كۆزلەردىن ياش تۆككۈزىدۇ ۋە قاتتىق تەسىر قىلىدۇ[2].

ئەبۇمۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى چىرايلىق ئىدى. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇنىڭ قىرائىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنى مۇنۇ سۆزى بىلەن ماختاپ كەتكەنىدى: «ئى ئەبۇمۇسا! ساڭا ھەقىقەتەن داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ چىرايلىق ئاۋازى بېرىلىپتۇ»[3].

ئىمام مۇسلىم بۇ ھەدىسنى تەلھە ئىبنى يەھيانىڭ سەنەدى ئارقىلىق ئەبۇبۇردەدىن مۇنۇ لەۋزى بىلەن رىۋايەت قىلغان: «كاشكى، ئاخشام سېنىڭ قىرائىتىڭنى تىڭشاۋاتقانلىقىمنى كۆرسەڭ ئىدىڭ!»

ئىمام ئەبۇيەئلا ئۇنى سەئىد ئىبنى ئەبۇبۇردە ئارقىلىق ئۇنىڭ ئاتىسى ئەبۇبۇردەدىن مۇنۇ سۆزلەرنىڭ زىيادە قىلىنىشى بىلەن رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەبۇمۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدا ئەبۇمۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆيىدە قۇرئان ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ ئىككىسى بىردەم تۇرۇپ ئۇنىڭ قىرائىتىنى تىڭشىدى، ئاندىن يولىغا راۋان بولدى. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ئەبۇمۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئى ئەبۇمۇسا! مەن سېنىڭ ئۆيىڭنىڭ يېنىدىن ئۆتكەنىدىم. كاشكى، ئاخشام سېنىڭ قىرائىتىڭنى تىڭشاۋاتقانلىقىمنى كۆرسەڭ ئىدىڭ!» دېدى. ئەبۇمۇسا ئەشئەرى

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 270 ـ بەت.

(2) سەھىھ بۇخارى، 5023 ـ ھەدىس.

(3) «فەتھۇلبارى» 9 ـ توم، 72 ـ بەت.

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئەگەر مەن سىنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىڭنى بىلسەم ئىدىم، ئەلۋەتتە پۈتۈن ماھارىتىم بىلەن تېخىمۇ چىرايلىق ئوقۇغان بولاتتىم» دېدى.

ئىبنى سەئىد مۇنۇ ھەدىسنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇسلىمنىڭ شەرتىگە توشىدىغان يول بىلەن رىۋايەت قىلغان: ئەبۇمۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كېچىسى ناماز ئوقۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئاۋاز ھەقىقەتەن ناھايىتى يېقىملىق ئىدى. شۇڭا ئۇ ئاياللارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قىرائەت تىڭشىدى. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا بۇ ئەھۋال ئەبۇمۇساغا دېيىلدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇمۇسا: «ئەگەر مەن بۇنى بىلگەن بولسام ئىدىم، ئەلۋەتتە ئۇ ئاياللارغا پۈتۈن ماھارىتىم بىلەن ناھايىتى چىرايلىق ئوقۇپ بەرگەن بولاتتىم...» دېدى.

خەتتابى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «داۋۇد ئائىلىسىدىكىلەر» دېگەن سۆزى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى نەقىل قىلىنىشىچە، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى ياكى تۇغقانلىرى ئىچىدە ھېچكىمگە داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەندەك گۈزەل ئاۋاز بېرىلمىگەن[1].

ھەممىگە مەلۇمكى، داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە نازىل قىلىنغان ئىلاھىي كىتاب زەبۇرنى ئوقۇغان چاغدا تاغلارمۇ ئۇنىڭ ئاۋازىغا قېتىلاتتى. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بىز داۋۇدقا دەرگاھىمىزدىن ھەقىقەتەن پەزل (يەنى پەيغەمبەرلىك، زەبۇر، تاغلارنىڭ ۋە قۇشلارنىڭ بويسۇنۇشى، تۆمۈرنىڭ يۇمشاق بولۇپ بېرىشى، ساۋۇت ياساشنى بىلدۈرۈشلەر) ئاتا قىلدۇق. «ئى تاغلار! ئى قۇشلار! داۋۇد بىلەن بىرلىكتە تەسبىھ ئېيتىڭلار» (دېدۇق). تۆمۈرنى داۋۇدقا يۇمشاق قىلىپ بەردۇق»[2]. دېمەك، اللّٰه تائالا ئۇلۇغدۇر، پادىشاھلىقى بۈيۈكتۇر، بۇيرۇقى پۈتۈن مەخلۇقاتلارغا پەرماندۇر. پۈتۈن جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەر اللّٰه تائالانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنغۇچىدۇر.

# پارىخورلۇقنىڭ ھارام قىلىنىشى

مەلۇم شەخسنىڭ ئۆز پايدىسىغا ھۆكۈم قىلدۇرۇش ياكى ئۆزىنى نىيەت قىلغان نەرسىسىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن باشلىقلا ۋە باشقىلارغا بەرگەن نەرسە <پارا> دېيىلىدۇ.

پارىغا <ئەتتەئرىيفات> ناملىق كىتابتا مۇنداق ئۇقۇم بېرىلگەن: «ئۇ مەلۇم

(1) سەھىھ بۇخارى، 5048 ـ ھەدىس.

(2) «فەتھۇلبارى» 9 ـ توم، 93 ـ بەت.

ھەقنى بىكار قىلىۋېتىش ياكى مەلۇم نەرسىگە ناھەق ئېرىشىش ئۈچۈن بېرىلگەن نەرسىدۇر ››.

پارا بەرگۈچى ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھۆكۈم قىلدۇرۇش مەقسىتىدە پارا ئالغۇچىغا پارا بېرىدۇ. پارا الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى بىلەن ئۇچۇق ھارام قىلىنغان: ‹‹ بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم ماللىرىنى زۇلۇم بىلەن يەۋېلىش ئۈچۈن ھاكىملارغا پارا بەرمەڭلار ››[1].

الله تائالانىڭ: ‹‹ بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار ›› دېگەن سۆزى مۇنداق مەنە بېرىدۇ: ‹‹ بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى بۇلاش، ئوغرىلاش، ئالداش، ھىيلە ئىشلىتىش، ئۆسۈم ۋە جازانە ئېلىش، قىمار ئويناش قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئىسلامدا يوللۇق بولمىغان ئېرىشىش يوللىرى بىلەن ناھەق يەۋالماڭلار ››. بۇ ئايەتتە مالنى ئېلىۋېلىش سۆزى يەۋېلىش سۆزى بىلەن ئىپادىلەنگەن. چۈنكى يېيىش مالغا ئېرىشىشتىكى ئەڭ چوڭ مەقسەتتۇر. بۇ ئۇقۇم ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا مۇشۇنداق تونۇلغان بولۇپ، <پالانى ئادەم كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى يەۋالدۇ> دېيىلسە، ئۇنى ھالال بولمىغان يوللار بىلەن ئېلىۋالدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

پارا، ئۇنى ئېلىش بىلەن ئىگىدارچىلىق قىلىنمايدۇ. شۇڭا پارا بەرگۈچى ئۇنى قايتۇرۇپ ئېلىۋالسا بولىدۇ. ئەگەر پارا بەرگۈچى پارىنى پارا ئالغۇچىنىڭ تەلىۋىسىز بەرسە، ھۆكۈم جەھەتتە ئۇنى قايتۇرۇۋېلىش ھەققى يوق. لېكىن پارا ئالغۇچىنىڭ ئۇنى قايتۇرۇشى ۋاجىپ بولىدۇ. مەلۇم بىر كىشى ئالىم ئادەمگە شاپائەت قىلىش ياكى زۇلۇمنى كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن بىرەر نەرسە سوۋغات قىلسا، بۇ پارا ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئالىم ئادەم پادىشاھنىڭ ئالدىدا شۇ كىشى ئۈچۈن يول ماڭغان ۋە ئۇنىڭ ئىشى تاماملانغاندىن كېيىن ئۆزىگە بېرىلگەن سوۋغاتنى قوبۇل قىلسا، بۇنىڭ ھېچ يامىنى يوق. يول مېڭىشتىن ئىلگىرى تەلەپ قىلىپ ئالغان نەرسە ھارام مال ھېسابلىنىدۇ. تەلەپ قىلماستىن ئالغان نەرسە ھەققىدە ئالىملار ئىختىلاپ قىلغان. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر ئۇنىڭ ھېچ يامىنى يوق، دەپ قارايدۇ. ئوقۇغۇچىلاردىن سوۋغات قوبۇل قىلىش ھەققىدىمۇ ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشقان[2].

دىنىنىڭ زىيانىغا ئۇچرىشىدىن قورققان كىشى ئۇ زىياندىن ساقلىنىشى ئۈچۈن پارا بەرسە، ھېچ يامىنى يوق. ئەگەر بىرى ئۆزىنى ۋە مېلىنى زۇلۇمدىن قوغداش، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ھەققىنى ئېلىش ئۈچۈن زالىم پادىشاھقا مال بەرسە، ئۆزىنىڭ ھەققىنى قوغدىغانلىقى ئۈچۈن بېرىلگەن ئۇ مال ئالغۇچى ئەمەس بەرگۈچى ئۈچۈن پارا

(1) سۈرە سەبەئ، 10 ـ ئايەت.

(2) سۈرە بەقەرە، 188 ـ ئايەت.

ھېسابلانمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شائىرلارغا ۋە تىلى يامانلارغا ئاز - تولا نەرسە بېرەتتى. ئىمام بۇخارى <ئەلئەدەبۇلمۇفرەد> ناملىق كىتابىدا ئىكرىمەدىن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: بىر شائىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى بىلال! ئۇنىڭ تىلىنى مەندىن كەسكىن» دېدى. بىلال ئۇنىڭغا **40** تەڭگە بەردى[1]. زاكات مالدىن دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن نېسىۋە ئايرىشمۇ ئەنە شۇنداقلار ئۈچۈن بېرىلىدىغانلىقى بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

«ئەگەر پارا بەرگۈچى پارىنى پارا ئالغۇچىنىڭ تەلىۋىسىز بەرسە، ھۆكۈم جەھەتتە ئۇنى قايتۇرۇۋېلىش ھەققى يوق» دېگەن جۈملىنى چوقۇم ياخشىراق چۈشەندۈرۈش كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، ئۇنىڭ ھۆكمى سوۋغاتتىن كۈچلۈك بولماي قالىدۇ. ئەسلىدە پارا بەرگۈچى پارىنى قازىنىڭ ھۆكمى بىلەن قايتۇرىۋالسا بولىدۇ. گويا ئۇ جۈملە مۇنداق مەنە بېرىدۇكى، ئەگەر ئۇ پارىنى قازىنىڭ ھۆكمىسىز قايتۇرىۋالسا، ئاندىن پارا ئالغۇچى بىلەن بىرلىكتە قازىنىڭ ئالدىغا بارسا، قايتۇرۇۋېلىش قازىنىڭ ھۆكمى بىلەن بولمىغانلىقى ئۈچۈن قازى ئۇ قايتۇرۇۋېلىشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلمايدۇ. شۇڭا قازى پارا بەرگۈچىنىڭ پارىنى قايتۇرۇۋېلىشىغا ھۆكۈم چىقىرىشتىن توختاپ قالىدۇ[2].

ھارام پارىنىڭ گۇناھى پارا بەرگۈچىدىن پارا ئالغۇچىغا ۋە ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ۋاستە بولغۇچىغا ئۆتىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «اللە نىڭ پەيغەمبىرى پارا بەرگۈچىگە، پارا ئالغۇچىغا ھۆكۈمدە لەنەت ئېيتىدۇ». سەۋباندىن قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە: «ۋە ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ۋاستە بولغۇچىغا» دېگەن جۈملە زىيادە رىۋايەت قىلىنغان[3]. بىز يۇقىرىدا سوۋغات ھەققىدە توختالغىنىمىزدا پارىنى قايتۇرۇپ بېرىشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى بايان قىلغانىدۇق.

## ھارام مالنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى

ھارامدىن ياكى پاسكىنا كەسپلەردىن ئېرىشكەن، ئۇنى ئېلىش ياكى ئىشلىتىش نۇمۇس قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مال ھارام مالدۇر. ئۇ پارىخورلۇقتىن ئاممىبابراقتۇر.

(**1**) «رەددۇلمۇھتار» **5** - توم، **272** - بەت. ئۇستازىم شەيخ مۇھەممەد ھامىد (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئوقۇغۇچىلىرىدىن سوۋغات ئېلىشتىن ساقلىناتتى ۋە ئۇنى قايتۇرىۋېتەتتى.

(**2**) «رەددۇلمۇھتار» **5** - توم، **272** - بەت.

(**3**) «تەقرىيرات ئەررافئى» **2** - توم، **311** - بەت.

ئۇنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. اللہ تائالا يەھۇدىيلارنى ھارام مالنى كۆپ يەيدىغانلىقى بىلەن سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار يالغانغا قۇلاق سالغۇچىلاردۇر، (پارا ۋە جازانىغا ئوخشاش) ھارامنى يىگۈچىلەردۇر. (ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ئۇلار سېنىڭ ئالدىڭغا (دەۋالىشىپ كەلسە)، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىپ قويساڭ، ياكى ئۇنى رەت قىلساڭ بولىدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ياكى ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈش سېنىڭ ئىختىيارىڭ)، ئەگەر ئۇلارنى رەت قىلساڭ، ئۇلار ساڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ (چۈنكى اللہ سېنى كىشىلەرنىڭ شەررىدىن ساقلايدۇ)، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلساڭ، ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلغىن، اللہ ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ»[1].

ھارام مالنىڭ ئىچىگە تۇز، ئوت ـ چۆپ، سۇ، كان بايلىقلىرى قاتارلىقلارغا ئوخشاش تارتىۋېلىنغان ھەرقانداق مۇباھ نەرسىلەر كىرىدۇ. شۇنىڭدەك غازىنىڭ غازات قىلىشى ئۈچۈن يۇرت ئىگىلىرىدىن زورلۇق بىلەن ئېلىۋالغان نەرسىلەرمۇ ھارام مالنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. شائىر شېئىر ئوقۇيدىغانلىقى ئۈچۈن ئالغان نەرسىمۇ ھارام مالنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا نەرسە بەرگۈچى، بىز يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، ئادەتتە ئۇنىڭ تىلىنى يىغىشى ئۈچۈن بېرىدۇ. ئەگەر شائىر يامانلىق يەتكۈزمەيدىغان كىشى بولسا، ئۇنىڭغا بېرىلگەن نەرسە ھالالدۇر. چۈنكى كەئب مەشھۇر قەسىدىسى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ماختىغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تونىنى ئۇنىڭغا بەرگەن.

مەسخىرە قىلغۇچىلارنىڭ، باشقا مىللەتلەرنىڭ سۆزلىرىنى يومۇرغا ئايلاندۇرۇپ كىشىلەرگە ئېيتىپ بەرگۈچىلەرنىڭ ئالغان پۇل ـ مېلىمۇ ھارام مالغا كىرىدۇ. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بەزى كىشىلەر بىلمەسلىكتىن، (كىشىلەرنى) اللہ نىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن بىھۇدە گەپلەرنى سېتىۋالىدۇ ۋە اللہ نىڭ يولىنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئەنە شۇلار خور قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ»[2].

سازەندىلەرنىڭ، ئۇسۇلچىلارنىڭ، سولامچىلارنىڭ، رەمچىلەرنىڭ، قىمارۋازلارنىڭ، خال چەككۈچىلەرنىڭ، مۇزىكىغا ناخشا ئېيتقۇچىلارنىڭ، مېيىتكە ياقا يىرتىپ ئۈن سېلىپ يىغلىغۇچىلارنىڭ، توي قىلغۇچىلارنى تېپىشتۇرغۇچىلارنىڭ، دۈشمەنلىشىپ قالغان ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىنى تۈزىگۈچىلەرنىڭ ئالغان پۇلى، ھاراقنىڭ پۇلى، مەست قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ پۇلى، چىشى مالغا ئەركەك مالنى سەكرىتىپ تاپقان پۇل، دۇمباق ۋە نەي چېلىپ تاپقان پۇل، جالاپلىق قىلىپ، ناخشا ئوقۇپ ۋە گەپدانلىق

---

(1) ئىمام تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

(2) سۇرە مائىدە، 42 ـ ئايەت.

قىلىپ تاپقان پۇل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھارام مالدۇر. پەقەت گەپدانلىق قىلىشتا پۇل ئېلىشنى شەرت قىلمىغان بولسا، دۇرۇس بولىدۇ[1].

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىتنىڭ پۇلىنى، رەمچىنىڭ پۇلىنى ۋە جالاپنىڭ پۇلىنى يېيىشنى مەنئى قىلغان».

ئەبۇجۇھەيفەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاچ سالغۇچى ۋە سالدۇرغۇچىغا، جازانە يېگۈچى ۋە يېدۈرگۈچىگە لەنەت ئېيتقان. ئىتنىڭ پۇلىنى، جالاپنىڭ پۇلىنى يېيىشنى مەنئى قىلغان. سۈرەت سىزغۇچىلارغا لەنەت ئېيتقان»[2].

قېپىنئاتا قىزنى بەرگەنلىك يۈزىسىدىن كۈيئوغلىدىن ئالغان نەرسىمۇ ھارام مالدۇر. گەرچە كۈيئوغۇل خۇشكۆڭۈللۈك بىلەن بەرسىمۇ، شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر قېپىنئاتىنىڭ تەلىۋى بىلەن بەرگەن بولسا، ئۇنى كۈيئوغۇلغا قايتۇرۇپ بېرىش كېرەك[3].

## رىيا قىلىش ۋە ماختىنىشنىڭ ھارام قىلىنىشى

رىيا قىلىش، ئىبادەتنى ماختىنىش مەقسىتىدە كىشىلەرگە كۆرسىتىپ قىلىشنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇنىڭغا <ئەتتەئرىيفات> ناملىق كىتابتا مۇنداق ئۇقۇم بېرىلگەن: «ئۇ ئىخلاس قىلماستىن، اللە تىن باشقا نەرسىنى كۆزلەپ ئەمەل قىلىشتۇر».

رىيا قىلىش بىلەن ماختىنىش ئاساسەن مەنىداش سۆزلەردۇر. لېكىن رىيا قىلىش ئەمەلنى اللە نىڭ رازىلىقىنى كۆزلىمەي قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما ماختىنىش اللە نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن مەخپىي ئەمەل قىلىپ، ئاندىن ئۇنى كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئىبادەتنى اللە تائالا ئۈچۈن خالىس قىلىش لازىمدۇر. چۈنكى خالىسلىق ئىبادەتنىڭ روھىي قۇۋۋىتى بولۇپ، اللە تائالا نۇرغۇن ئايەتلەردە بەندىلىرىنى خالىس بولۇشقا بۇيرۇغان. اللە تائالا شۇ ئايەتلەرنىڭ بىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى اللە غا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) اللە غىلا ئىبادەت

(1) سۈرە لوقمان، 6 ـ ئايەت.

(2) «ئەلھەدىييە ئەلئەلائىييە» 270 ـ بەت.

(3) سەھىھ بۇخارى، 5346 ـ ۋە 5347 ـ ھەدىسلەر.

قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس، ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر»[1].

اللە تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ كاتتىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى خالىس بولۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ساڭا بىز (بۇ) كىتابنى ھەقىقەتەن ھەق بىلەن (يەنى ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) نازىل قىلدۇق، دىنىڭنى شېرىكتىن (ۋە رىيادىن) ساپ قىلغىنىڭ ھالدا اللە غا ئىبادەت قىلغىن»[2]. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتقىنكى، «دىنىمنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدا اللە غا ئىبادەت قىلىمەن»[3].

پۈتۈن ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشىدا رىيا قىلىش ھارامدۇر. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ماللىرىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ، ئۇلار اللە غا ئىشەنمەيدۇ، ئاخىرەت كۈنىگىمۇ ئىشەنمەيدۇ. كىمكى ئۆزىگە شەيتاننى ھەمراھ قىلىدىكەن (ئۇ شەيتاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلىدۇ)، شەيتان نېمىدېگەن يامان ھەمراھ! »[4].

سەھىھ بۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىمدا ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى بىر ئادەم كەلتۈرۈلۈپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچەيلىرى چۇۋۇلۇپ چىقىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۈچەيلىرىنىڭ ئەتراپىدا خۇددى ئېشەك تۈگمەننىڭ ئەتراپىدا ئايلانغاندەك ئايلىنىدۇ. دوزاخ ئەھلى ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىدۇ ۋە: ئى پالانى! سەن بىزنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇۋاتماتتىڭ؟ دەيدۇ. ئۇ: شۇنداق، مەن باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇيتتىم، لېكىن ئۆزەم قىلمايتتىم. يامانلىقتىن توسۇيتتىم، لېكىن ئۆزەم قىلاتتىم، دەيدۇ»[5].

ئىمام تىرمىزى كەئىب ئىبنى مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «كىمكى ئىلىمنى ئالىملار بىلەن بەسلىشىش، ئەخمەقلەر بىلەن مۇنازىرىلىشىش ۋە ئىنسانلارنى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن ئۆگەنسە، اللە ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ».

خالىسلىق رىيانىڭ دەل ئەكسى بولۇپ، بەندىنىڭ ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى اللە تائالانىڭ

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 272 ـ بەت.

(2) سۈرە بەييىنە، 5 ـ ئايەت.

(3) سۈرە زۇمەر، 2 ـ ئايەت.

(4) سۈرە زۇمەر، 14 ـ ئايەت.

(5) سۈرە نىسا، 38 ـ ئايەت.

رازىلىقىنى تىلەپ قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ پەقەت ئىخلاس بىلەن نىيەت قىلىش ۋە رىياخورلۇقنى تاشلاش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. دىل ئىخلاسىنىڭ خەزىنىسىدۇر. ئەمما نىيەت قىلىش ئەمەلنىڭ توغرا ئادا تېپىشى ئۈچۈن ئەمەس، ساۋابقا ئېرىشىش ئۈچۈن بولىدۇ. چۈنكى ئەمەلنىڭ توغرا ئادا تېپىشى شەرتلەر ۋە پەرزلەر بىلەن باغلىقتۇر. مەسىلەن، نامازنىڭ توغرا ئادا تېپىشى ئۈچۈن نىيەت قىلىش شەرت بولۇپ، نامازخان قەلبىدە قايسى نامازنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى ياكى ئوقۇيدىغانلىقىنى نىيەت قىلغان بولۇشى كېرەك. ئەمما ساۋاب شۇ كىشىنىڭ ئىرادىسىنىڭ توغرا بولۇشىغا باغلىق بولۇپ، ئۇ ئىخلاس دېيىلىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەم پاسكىنا سۇ بىلەن تاھارەت ئالغان، لېكىن ئۇ بۇ سۇنىڭ پاسكىنا ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ۋە نەتىجىدە ناماز ئوقۇغان بولسا، پاكىز سۇدا تاھارەت ئېلىشتىن ئىبارەت شەرت ھازىرلانمىغانلىقى ئۈچۈن ھۆكۈم جەھەتتە ئۇنىڭ نامىزى ئادا بولمايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ مەقسىتى توغرا بولغانلىقى ۋە كەمچىلىك ئۆتكۈزمىگەنلىكى ئۈچۈن، ساۋابقا ئېرىشىدۇ. شۇڭا ساۋاب بىلەن ئەمەلنىڭ توغرا ئادا تېپىشى بىر ـ بىرىگە باغلىق ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن بەزىدە ئەمەل بولماستىن ساۋاب بولسا، يەنە بەزىدە ئۇنىڭ ئەكسىچە ساۋاب بولماستىن ئەمەل بولىدۇ. مەسىلەن، نىيەت قىلماي تاھارەت ئالغانغا ئوخشاش. بۇ تاھارەت توغرا بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭدا ساۋاب بولمايدۇ. رىياخورلۇق قىلىپ ناماز ئوقۇسىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

رىياخورلۇق بەزىدە ئىبادەتنىڭ ئۆزىدە بولسا، يەنە بەزىدە ئىبادەتنىڭ سۈپەتلىرىدە بولىدۇ. ئالدىنقىسىغا كەلسەك، ئۇ ساۋابىنى تۈپ يىلتىزىدىن بىكار قىلىۋېتىدىغان تولۇق رىياخورلۇقتۇر. مەسىلەن، ئىنسانلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغانغا ئوخشاش. ئەگەر ئۇلار بولمىسا ئىدى، ناماز ئوقۇمايتتى. ئەمما ئۇ ناماز ئوقۇۋاتقان جەرياندا ئۇنىڭ كۆڭلىگە مۇشۇنداق بولمۇغۇر خىياللار كەلسە، ئۇ بىر ۋەسۋەسىدۇر. چۈنكى ئۇ ئەسلىدە ئۇلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇمىدى. شۇڭا ئۇنىڭ نامىزى اللہ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس ئوقۇلغان ھېسابلىنىدۇ.

توغرا، ئەنە شۇ خالىس نامازنىڭ مەلۇم قىسمىدا ئۇنىڭ خىيالىغا رىيا ئارىلىشىپ قالدى. ئەگەر ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ نامازنى تېخىمۇ ياخشىلاشقا تىرىشسا، رىيانىڭ ئىككىنچى خىلىغا كىرىپ قالىدۇ. نەتىجىدە ياخشىلىغانلىقىنىڭ ساۋابى ساقىت بولۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، ئىمام ئەبۇھەنىفەدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ، نامازغا ئۆلگۈرەلمىگەن كىشىلەرنىڭ ئۆلگۈرۈۋېلىشى ئۈچۈن رۇكۇنى ئۇزۇن قىلغان ئىمام ھەققىدە سورالغاندا، مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «مەن ئۇنىڭ چوڭ بىر ئىشقا يەنى يوشۇرۇن شېرىككە كىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن»(1).

(1) «فەتھۇلبارى» 11 ـ توم، 336 ـ بەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رىياخورلۇقنى كىچىك شېرىك، دەپ ئاتىغان. سەھىھ مۇسلىمدا ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن شېرىك كەلتۈرگۈچىلەرنىڭ شېرىكلىرىدىن بىھاجەتمەن. كىمكى ماڭا مەندىن باشقا بىر نەرسىنى شېرىك قىلىپ بىرەر ئەمەلنى قىلسا، مەن ئۇنى ۋە ئۇنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىسىنى تاشلىۋېتىمەن».

ئىمام ئەھمەد مۇنۇ ھەدىسنى كىتابىدا رىۋايەت قىلغان: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، مەن سىلەرنىڭ ھەققىڭلاردا ئەڭ قورقىدىغان نەرسە كىچىك شېرىكتۇر». بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلار: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! كىچىك شېرىك دېگەن نېمە؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق جاۋاب بەردى: «رىياخورلۇقتۇر. اللە تائالا ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ مۇكاپات ۋە جازاسىنى بەرگەن ۋاقتىتا: سىلەر دۇنيادىكى چېغىڭلاردا ئەمەللىرىڭلارنى كۆرسەتكەن كىشىلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ، قاراپ بېقىڭلاركى، ئۇلار سىلەرگە مۇكاپات بېرەمدۇ؟ دەيدۇ.»

رىياخورلۇق پەرز ئىبادەتلەرنىڭ گەردەندىن چۈشۈپ كېتىشىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. لېكىن شۇ ئىبادەتلەرنى قىلغان ئادەم رىياخورلۇقى بىلەن گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى رىياخورلۇق هارام بولۇپ، چوڭ گۇناھلاردىن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ھەسسىلەپ ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ. بەزى ئالىملار: رىياخورلۇق پەرز ئىبادەتلەردىكى ئەسلى ساۋابنى يوق قىلىۋەتمەيدۇ. بەلكى ساۋابنىڭ ھەسسىلەپ بېرىلىشىنى يوق قىلىۋېتىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش، ساۋاب نىيەتنىڭ توغرا بولۇشىغا باغلىقتۇر، دېگەن قاراشقا خىلاپتۇر. پەقەت ئەسلى ساۋابتىن شۇ ناماز بىلەن پەرزنى ئوقۇش گەردەردىن چۈشۈپ كېتىشى ۋە ئۇ ناماز ئۇچۇن نامازخاننىڭ نامازنى تەرك ئەتكۈچى جازالىنىدىغان جازاغا تارتىلمايدىغانلىقى مەقسەت قىلىنسا بولىدۇ.

ئەمما نەپلە ئىبادەتلەرگە كەلسەك، رىياخورلۇق ئۇنىڭ ساۋابىنى تۈپ يىلتىزىدىن تارتىپ بىكار قىلىۋېتىدۇ ـ دە، خۇددى ئۇ ناماز ئوقۇمىغاندەك بولىدۇ. چۈنكى نەپلە ئىبادەتلەردىن مەقسەت پەرز ئىبادەتلەرنى تولۇقلاپ، ئۇنىڭ كەم يەرلىرىنى تولدۇرۇپ، ساۋابقا ئېرىشىشتۇر. رىياخورلۇق ساۋابنى يوق قىلىۋېتىدۇ. مەسىلەن، كىشىلەر پىشىن نامىزىنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇنى رىيا قىلىپ ئوقۇسا، ئۇنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. ئەمما پەرز ناماز ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.

روزا تۇتۇشقا رىيا ئارىلاشمايدۇ. چۈنكى ئۇنى ھېچكىم كۆرمەيدۇ. نېمىشقا دېگەندە ئۇ ئۆزىنى ئالاھىدە مەنئى قىلىشتۇر. روزا تۇتقانلىقنى ئېيتىش ۋە باشقىلارغا سۆزلەپ يۈرۈش بىلەن روزىغا رىيا ئارىلىشىدۇ.

ھەق ئېلىپ تىلاۋەت قىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا ئىشلارمۇ رىياخورلۇققا كىرىدۇ. چۈنكى ئۇ تىلاۋەت بىلەن پۇل - مالدىن ئىبارەت الله تائالانىڭ رازىلىقىدىن باشقا نەرسە مەقسەت قىلىنغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار مۇنداق دېگەن: «ئۇ تىلاۋەت ئۈچۈن نە قارىغا، نە مېيىتقا ساۋاب بولمايدۇ. ھەق ئالغۇچىمۇ، ھەق بەرگۈچىمۇ گۇناھكار بولىدۇ»[1].

بۇ مەسىلىگە شەيخ مۇھەممەد سەئىد بۇرھانى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) چۈشەنچە بېرىپ مۇنداق دېگەن: «ئەينى زاماندىكى دەمەشىق مۇپتىسى ئەللامە مەھمۇد ئەفەندى ھەمزاۋىنىڭ بىر كىتابچىسى بولۇپ، ئۇ كىتابقا: <تىلاۋەت قىلغانلىق ئۈچۈن ھەق ئېلىشنىڭ دۇرۇسلىقىدىكى پەردىنى كۆتۈرۈۋېتىش> دېگەن ئىسىم قويغان. <ئەددۇررۇلمۇختار> ناملىق كىتابنىڭ شەرھىچىسى ئۇستاز مۇھەممەد ئىبنى ئابىدىن بۇ مەسىلىنى ئۇ كىتابچىدىكى مەسىلىلەرگە ئەگىشىپ بايان قىلغان بولۇپ، مەن ھەنەفى مەزھەپى ئىچىدىكى تىلاۋەت ئۈچۈن ھەق ئېلىش دۇرۇس، دەپ قارايدىغان ئالىملارنىڭ قاراشلىرىنى خۇلاسىلەپ چىقتىم. بىز ئۇنى بۇ كىتابتا بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىش ۋە ئۇنى يەنە ئوقۇپ چىقىش زۆرۈردۇر.

لېكىن بىز ئۇ يەردە زۆرۈرىيەت بولۇپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا قۇرئان ئۆگەتكەنلىك ئۈچۈن ھەق ئېلىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى، ئەمما تىلاۋەت قىلىش ئۈچۈن دۇرۇس بولمايدىغانلىقىنى، چۈنكى بۇنىڭ زۆرۈرىيەت ھېسابلانمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەندۇق»[2].

شەيخ مۇھەممەد سەئىد بۇرھانى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) يەنە مۇنداق دېگەن: شافىئى مەزھەپىگە تەۋە <شەرھۇررەۋز> ناملىق كىتابتا ۋە <فەتاۋا شەيخىلئىسلام زەكەرىيا ئەلئەنسارى> ناملىق كىتابتا بايان قىلىنغان قاراشلار، شۇنداقلا ئىمام نەۋەۋىينىڭ <شەرھۇلمەزھەپ> ناملىق كىتابتا بايان قىلىنغان قارىشى خەتمە قۇرئان تىلاۋىتى ئۈچۈن ھەق ئېلىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قاراش قەبرە بېشىدا ئوقۇغان تىلاۋەت بىلەن باشقا تىلاۋەتنى پەرقلەندۈرمەيدۇ. ھەق ئېلىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى مەنئى قىلغان ھەدىسلەرگە كەلسەك، ھافىز ئىبنى ھەجەر ئۇ ھەدىسلەرنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلغان.

ھەر شەھەر ۋە ھەر يۇرتتىكى مۇسۇلمانلار ئۆز مېيىتلىرى ئۈچۈن يىغىلىپ قۇرئان ئوقۇيدۇ. بۇ ئەھۋال ھېچ رەت قىلىنمايدۇ. مانا بۇنىڭ ئۆزى ئىجمائ <يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى> ھېسابلىنىدۇ. ھافىز شەمسۇددىن ئىبنى ئابدۇلۋاھىد

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 - توم، 273 - بەت.

(2) «ئەلھەدىييە ئەلئەلائىييە» 272 - بەت.

مەقدىسى ھەنبەلى بۆلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ مۇشۇ ھەقتە يازغان كىتابىنىڭ بىر بۆلۇمىدە بايان قىلغان.

لېكىن بۇ قاراش تۆۋەندىكى ئوقيا ۋەقەلىكى بايان قىلىنغان ھەدىسكە زىت كېلىپ قالىدۇ. ئۇ ھەدىس سەھىھ بولۇپ، ئۇنى ئىمام ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم ۋە ئىبنى ماجە ئوبادە ئىبنى سامىتتىن رىۋايەت قىلغان. ئوبادە ئىبنى سامىت مۇنداق دەيدۇ: مەن سۇپا ئەھلى[1]دىن بىر قىسىم كىشىلەرگە قۇرئان ئۆگىتىپ قويىدۇم. ئۇلاردىن بىر ئادەم ماڭا بىر ئوقيانى ھەدىيە قىلدى. مەن: ئۇ مال ئەمەسقۇ؟ مەن ئۇنى الله يولىدىكى ئۇرۇشتا ئىشلەتسەم بولىدۇغۇ! دەپ ئويلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ھەقتە سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر سەن الله نىڭ ساڭا دوزاخ ئوتىدىن بىر تاقاق سېلىشىنى خالىساڭ، ئۇنى قوبۇل قىلغىن» دېدى.

ئىمام نەۋەۋي بۇ ھەقتە <ئەتتىبيان في ئادابى ھەمەلەتىل قۇرئان> ناملىق كىتابىدا مەخسۇس بىر بابتا توختىلىپ، ئۇنىڭ باش تەرىپىدە مۇنداق دېگەن: «ئەڭ مۇھىم ئىشلاردىن بىرى شۇكى، قۇرئاننى جان بېقىش ۋاستىسى قىلىۋېلىشتىن قەتئىي ساقلىنىش لازىم».

مەزكۇر قاراش يەنە مۇنۇ سەھىھ ۋە مەشھۇر ھەدىسكە زىت كېلىپ قالىدۇ: «بارلىق ئەمەللەر نىيەتكە باغلىقتۇر. ھەرقانداق كىشى نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ».

كىمكى ھەج قىلىشنى ۋە تىجارەت قىلىشنى نىيەت قىلسا، ئەگەر ئۇنىڭ تىجارەت نىيىتى ھەج نىيىتى بىلەن تەڭ چىقىپ قالغان ياكى ھەج نىيىتىدىن ئۇستۈن كەلگەن تەقدىردە، ئۇنىڭغا ساۋاب بولمايدۇ. ئەگەر بىراۋ جۇمە نامىزىنى ئادا قىلىش ۋە باشقا ئېھتىياجلىرىنى قامداش ئۈچۈن شەھەرگە ماڭسا، ئۇنىڭ بىرىنچى مەقسىتى يۇقىرى ئورۇننى ئىگىللىگەن تەقدىردە ئۇنىڭغا جۇمەگە ماڭغانىنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئىككىنچى مەقسىتى يۇقىرى ئورۇننى ئىگەللىگەن تەقدىردە ئۇنىڭغا ساۋاب بېرىلمەيدۇ. ئەگەر ھەر ئىككىلى مەقسىتى تەڭ چىقىپ قالسا، ھەر ئىككىلى مەقسىتى ئادا تاپىدۇ.

پاسىقلار بار سورۇندا تەسبىھ ئېيتىش، ئەگەر ئۇ: ئۇلار يامان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىۋاتىدۇ، مەن تەسبىھ ئېيتىش بىلەن مەشغۇل بولاي، دېگەننى نىيەت قىلسا، رىياخورلۇق بولمايدۇ. بۇ ئەۋزەل ۋە ياخشى ئىش ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، كىشىلەر دۇنيا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ، مەن بۇ ئورۇندا الله تائالاغا تەسبىھ

(1) بۇ خىل ھەق ئېلىش مەسىلىسى بۇ كىتابنىڭ 4 ـ قىسمىدىكى «ئەمەل ـ ئىبادەت ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىش» ناملىق تېمىدىمۇ بايان قىلىنغان.

ئېيتاي دېگەننى نىيەت قىلىپ كوچا ۋە بازارلاردا الله تائالاغا تەسبىھ ئېيتقان كىشىگە ئوخشاش. بۇ، الله تائالاغا يالغۇز يەردە تەسبىھ ئېيتقاندىن ياخشىدۇر. ئەگەر ئۇ ئىبرەت يۈزىسىدىن تەسبىھ ئېيتسا، بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنىڭغا ئەجىر بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ پاسىقنىڭ يامان ئىشنى قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن تەسبىھ ئېيتسا (سۇبھانەللاھ دېسە)، گۇناھكار بولىدۇ[1].

ھەربىر مۇسۇلمان ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا تۆۋەندىكى دۇئانى ئوقۇپ پاناھ تىلىشى كېرەك. چۈنكى ئۇ دۇئا كۆپرىدىن ساقلىنىشقا سەۋەبچى بولىدۇ. ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ سەردارى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قىلغان دۇئادۇر: «ئى الله! مەن ساڭا سېغىنىپ بىرەر نەرسىنى ساڭا بىلىپ تۇرۇپ شېرىك كەلتۈرۈپ قېلىشىمدىن پاناھ تىلەيمەن. بىلمەي قېلىپ شېرىك كەلتۈرگەن بولسام، سەندىن مەغپىرەت تىلەيمەن. سەن ھەقىقەتەن غەيب ئىشلارنى ناھايىتى ياخشى بىلگۈچىدۇرسەن».

ئىمام تىرمىزى ئۇ دۇئانى مۇنۇ لەۋزى بىلەن رىۋايەت قىلغان: «مەن ساڭا بىر ئىشنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئەگەر سەن ئۇ ئىشنى قىلساڭ الله سېنى شۇ ئىشنىڭ سەۋەبى بىلەن چوڭ ۋە كىچىك شېرىكتىن ساقلايدۇ؛ ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم: ئى الله! مەن ساڭا سېغىنىپ بىرەر نەرسىنى ساڭا بىلىپ تۇرۇپ شېرىك كەلتۈرۈپ قېلىشىمدىن پاناھ تىلەيمەن. بىلمەي قېلىپ شېرىك كەلتۈرگەن بولسام، سەندىن مەغپىرەت تىلەيمەن».

ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى ئۇ دۇئانى مۇنداق رىۋايەت قىلغان: «ئى ئىنسانلار! شېرىكتىن ساقلىنىڭلار. شەك - شۈبھىسىزكى، شېرىك قىمىرلاپ يۈرگەن چۈمۈلىلەردىنمۇ مەخپىيدۇر». بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنىڭدىن قانداق ساقلىنىمىز؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى الله! مەن ساڭا سېغىنىپ بىرەر نەرسىنى ساڭا بىلىپ تۇرۇپ شېرىك كەلتۈرۈپ قېلىشىمدىن پاناھ تىلەيمەن. بىلمەي قېلىپ شېرىك كەلتۈرگەن بولسام، سەندىن مەغپىرەت تىلەيمەن دەڭلار» دېدى[2].

# ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ، يامان ئىشتىن توسۇش

ياخشى ئىشقا بۇيرۇش نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدىغان ئىشلارغا يېتەكلەشنى، يامان ئىشتىن توسۇش شەرىئەت ئۆيغۇن كۆرمىگەن ئىشلاردىن توسۇشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇنىڭغا مۇنداقمۇ ئۇقۇم بېرىلىدۇ: «ياخشى ئىشقا بۇيرۇش ياخشى بولغان

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە مەسجىدنىڭ سۈپىسدا ئولتۇرۇپ كۈنلىرىنى زىكىر ۋە تەسبىھ بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بىر قىسىم كەمبەغەل ساھابىلار بولۇپ، ئۇلار شۇ سەۋەبتىن سۇپا ئەھلى دەپ ئاتىلىپ قالغان — ت.

(2) «ئەلھەدىيىيە ئەلئەلائىيىيە» 292 - بەت.

ئىشلارغا باشلاپ قويۇشنى، يامان ئىشتىن توسۇش، يامان بولغان ئىشلاردىن توسۇشنى كۆرسىتىدۇ».

ئۇنىڭغا يەنە مۇنداقمۇ ئۇقۇم بېرىلىدۇ: «ياخشى ئىشقا بۇيرۇش قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەتكە مۇۋاپىق بولغان ئىشلارغا بۇيرۇشنى، يامان ئىشتىن توسۇش كۆڭۈل تارتىدىغان، نەپسى ئىشتىھا قىلىدىغان ئىشلاردىن توسۇشنى كۆرسىتىدۇ».

ئۇنىڭغا يەنە مۇنداقمۇ ئۇقۇم بېرىلگەن: «ياخشى ئىشقا بۇيرۇش بەندىنىڭ الله تائالا رازى بولىدىغان ئىش ۋە سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. يامان ئىشتىن توسۇش الله تائالانىڭ دىنىدا دۇرۇس بولمىغان، شەرىئەت ۋە ئىپپەت ـ نومۇس نەپرەتلىنىدىغان ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ»[1].

ئۇ ئىككىسى پەرز كۈپايىدۇر. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر»[2].

ئىبنى كەسىر ئېيتقاندەك، گەرچە بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىش مۇشۇ ئۈممەت ئىچىدىن ھەربىر كىشىگە ئۇنىڭ ھالىغا يارىشا پەرز بولسىمۇ، يەنىلا بۇ ئۈممەت ئىچىدىن بۇ ئۇلۇغ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالىدىغان مەخسۇس بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ بولۇشى مەقسەت قىلىنىدۇ.

تارىق ئىبنى شىھابتىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ھېيت كۈنى خۇتبىنى نامازدىن ئىلگىرى ئوقۇشنى باشلىغان تۇنجى كىشى مەرۋاندۇر. شۇ ۋاقىتتا بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا: خۇتبىدىن ئىلگىرى ناماز ئوقۇلىدۇ، دېدى. مەرۋان: بۇ ئىش بۇ يەردە تەرك ئېتىلدى، دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: بۇ ئادەم ئۈستىدىكى ۋەزىپىنى ئادا قىلدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «سىلەردىن بىرىڭلار بىر يامان ئىشنى كۆرسە، ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن. ئەگەر ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالمىسا، تىلى بىلەن ئۆزگەرتسۇن. ئەگەر ئۇنى تىلى بىلەن ئۆزگەرتىشكىمۇ قادىر بولالمىسا، دىلى بىلەن نارازىلىق بىلدۈرسۇن. ئەنە شۇ ئەڭ ئاجىز ئىماندۇر»[3].

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «زەنجىر ـ كىشەنلەردە تۇرۇپ جەننەتكە كىرىدىغان

(1) «ئەلھەدىييە ئەلئەلائىييە» 382 ـ بەت.

(2) تەئرىيفات ئەلجۇرجانى.

(3) سۈرە ئال ئىمران، 104 ـ ئايەت.

كىشىلەردىن الله مەمنۇن بولىدۇ».

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يەنە بىر يول بىلەن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ: «(ئى مۇھەممەد ئۇممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، اللهغا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر»[1] دېگەن سۆزى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرنىڭ قولىغا زەنجىر ـ كىشەنلەر بىلەن كېلىپ، ئاندىن ئىسلامغا كىرىدىغان كىشىلەر ئەڭ ياخشى ئىنسانلاردۇر».

ئىبنى جەۋزى بۇ ھەدىسنى شەرھىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئەسىر چۈشۈپ، زەنجىر ـ كىشەنلەر بىلەن باغلىنىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ توغرا دىن ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئىختىيارىي ھالدا مۇسۇلمان بولىدۇ. ئاندىن ئۇلار جەننەتكە كىرىدۇ. ئۇلارنى ئەسىر ئېلىش ۋە باغلاش بىرىنچى سەۋەبتۇر»[2].

بىر ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «شېھىتلەرنىڭ كاتتىسى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبتۇر. زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۇنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇغان ۋە يامان ئىشتىن توسقان، شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ كەتكەن كىشىمۇ ھەمزىنىڭ شېھىتلىك دەرىجىسى بىلەن تەڭدۇر»[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: قايسى تۈردىكى جىھاد ئەڭ ئەۋزەلدۇر؟ دەپ سورالغاندا، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىدا ھەق گەپنى قىلىش»[4].

فىقھشۇناسلار مۇنداق بىر مەسىلىنى بايان قىلغان: ئەگەر بىر كىشى باشقا بىرىنىڭ كىيىمىدە ناماز ئوقۇشقا توسالغۇ بولىدىغان پاسكىنا نەرسىنىڭ بارلىقىنى كۆرگەن ئەھۋال ئاستىدا، كۆڭلىدە ئۇ پاسكىنا نەرسىنى ئۇنىڭغا ئېيتسا، ئۇ ئۇنى تازىلايدۇ، دېگەن گۇمانى كۈچلۈك كەلگەن تەقدىردە، ئۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىش ۋاجىپ بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، ۋاجىپ بولمايدۇ. ياخشى ئىشقا بۇيرۇش مۇشۇ ئۆلچەمدە بولىدۇ. شۇڭا ئۇنى تەرك ئېتىش بىلەن گۇناھكار بولمايدۇ. لېكىن ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ، يامان ئىشتىن توسقان تەقدىردە، تاياققا قېلىش ياكى ئۆلتۈرۈلۈش ئېھتىمالى كۈچلۈك بولسىمۇ، ئۇنى قىلىش ئەڭ ئەۋزەلدۇر. چۈنكى ئۇ بۇ يولدا ئۆلۈپ كەتسە شېھىت بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «نامازنى (ۋاقتىدا

(1) سەھىھ مۇسلىم، 49 ـ ھەدىس.

(2) سۈرە ئال ئىمران، 110 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) «فەتھۇلبارى» 6 ـ توم، 145 ـ بەت.

(4) ئىمام تىرمىزى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

تەئدىل ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۈلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن (چۈنكى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ)» يەنى سەن ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسقانلىقىڭ ئۈچۈن خارلىققا ئۇچرىساڭ ۋە دەپسەندە قىلىنساڭ، سەۋر قىلغىن! «بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر»[1] يەنى قىلىشقا تېگىشلىك ۋە ۋاجىپ ئىشلاردىندۇر[2].

## سۆھبەت ۋە سۆھبەتداشنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى

تۆھمەتخور كىشىلەر بىلەن بىللە سۆھبەت قىلماسلىق ۋە ئۇلارغا ئارىلاشماسلىق لازىم. چۈنكى ئۇمۇ تۆھمەتخورلار قاتارىدىن بولۇپ قالىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «زالىملارغا مايىل بولماڭلار، (مايىل بولساڭلار) دوزاخ ئازابىغا قالىسىلەر، سىلەرگە اللە دىن باشقا (دوزاختىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچ ياردەمچى يوقتۇر، ئاندىن كېيىن ھېچ ياردەمگە ئېرىشەلمەيسىلەر»[3].

پەقەت دىندار ۋە ئامانەتدارلىقىغا ئىشەنچ قىلغان، ياخشى ۋە تەقۋادار ئىكەنلىكى بىلىنگەن كىشى بىلەنلا قېرىنداشلىق ئورنىتىش سۈننەتتۇر. ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «پەقەت مۆمىن كىشىنىلا سۆھبەتداش قىلغىن! تامىقىڭنى پەقەت تەقۋادار كىشىلا يېسۇن!»[4].

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇ ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدۇ: «كىشى دوستىنىڭ دىنى ئۈستىدە بولىدۇ. شۇڭا سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزى ئارىلىشىدىغان كىشىگە قارىسۇن!»[5]

كىشى ئۈچۈن ئۇستاز يوللۇق ۋە ياخشى كىشىلەر بىلەن سۆھبەتداش بولۇش مۇستەھەپتۇر. چۈنكى اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! اللە دىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار»[6]، «بۇ كۈندە دوستلار بىر ـ بىرىگە دۈشمەن

(1) ئىمام نەسائى سەھىھ سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان.

(2) سۈرە لوقمان، 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) «رەددۇلمۇھتار» 1 ـ توم، 234 ـ بەت.

(4) سۈرە ھۇد، 113 ـ ئايەت.

(5) ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

(6) ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

بولىدۇ، پەقەت (خۇدالىق ئۇچۇن دوستلاشقان) تەقۋادارلارلا (ئۇنداق ئەمەستۇر)»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «بىراۋ قانداق بىر قەۋمنى ياخشى كۆرسە، الله ئۇنى شۇلاردىن قىلىدۇ»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «ياخشى سۆھبەتداش بىلەن يامان سۆھبەتداشنىڭ مىسالى مىسكى ـ ئەنبەر ساتقۇچى بىلەن تۆمۈرچىنىڭ كۆرۈكنى تارتقۇچىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر سەن مىسكى ـ ئەنبەر ساتقۇچىنىڭ يېنىغا كەلسەڭ، يا ئۇنىڭدىن بىرئاز سېتىۋالىسەن يا ئۇنىڭ پۇرىقىنى پۇرىۋالىسەن. تۆمۈرچىنىڭ كۆرۈكى يا ئۆيۈڭنى يا كىيىمىڭنى كۆيدۈرۈپ قويىدۇ ياكى بولمىسا ئۇنىڭ سېسىق پۇرىقىنى پۇرايسەن»[3].

ياشلار، كىچىك باللار ۋە ھاماقەت كىشىلەر بىلەن سۆھبەت قۇرۇش مەكرۇھتۇر. چۈنكى ئۇلار بىلەن سۆھبەت قۇرۇش كىشىنىڭ ئابرۇيىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. ئاخىرەتكە قىزىقىدىغان ۋە ئۆلۈمنى ئەسلەپ تۇرىدىغان كىشى بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش مۇستەھەپتۇر.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! قايسى تۈردىكى سۆھبەتداشلىرىمىز ياخشى؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قاراشلىرى سىلەرگە الله نى ئەسلەتكەن، سۆزى ئىلمىڭلارنى زىيادە قىلغان، ئىلمى سىلەرگە ئاخىرەتنى ئەسلەتكەن كىشىدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن[4].

<ئەلھىكەمۇل ئەتائىييە> ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى مۇنداق دېگەن: «پەقەت ھال ـ ئەھۋالى سېنى ئورنىڭدىن تۇرغۇزىدىغان، سۆزى سېنى الله تەرەپكە يېتەكلەيدىغان كىشىنىلا ھەمراھ قىلغىن».

مال ـ دۇنياغا بېرىلىپ كەتكەن كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش مەكرۇھتۇر. چۈنكى ئۇلار كىشىنىڭ قەلبىنى، تۇرمۇشىنى ۋە دىنىنى بۇزۇپ قويىدۇ. نېمىشقا دېگەندە، ئۇلارنىڭ دىللىرى مال ـ دۇنيانى ياخشى كۆرۈش بىلەن ئۆلگەن. شۇڭا ئۇلارنى سۆھبەتداش قىلىش دىلنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە الله تائالانىڭ نېمەتلىرى بىلەن مەغرۇرلىنىپ كېتىشكە سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. ھالبۇكى، مۆمىننىڭ بەختلىك بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى، ئۇ دىندا يۇقىرى بولغان، مال ـ دۇنيالىقتا تۆۋەن تۇرىدىغان نەرسىگە قارىشى، گۇناھلىرىنى ئەسلەپ تۇرۇشى ۋە قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىدىغان بولۇشى كېرەك.

(1) سۈرە تەۋبە، 119 ـ ئايەت.

(2) سۈرە زۇخرۇف، 67 ـ ئايەت.

(3) ئىمام ئەھمەد ياخشى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان.

(4) ئىمام بۇخارى ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.

ئەگەر بىرى ئادەملەر بىلەن لىق تولغان سورۇنغا كەلگەن، لېكىن سورۇندىكىلەردىن ھېچكىم ئۆز يېنىدىن ئورۇن بوشىتىپ بەرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، قەيەردە بوش يەر تاپسا شۇ يەردە ئولتۇرىدۇ. ھېچكىمنى ئورنىدىن قوپۇرۇۋېتىپ ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇۋالمايدۇ. جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلسەك، كەلگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى كەلگەن جايىدا ئولتۇراتتى»[1].

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئەگەر (سورۇندا) بەزىلەر سىلەرگە: «ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار» دېسە، ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار، الله سىلەرگە (رەھمىتىنى ۋە جەننىتىنى) كېڭەيتىپ بېرىدۇ، ئەگەر سىلەرگە (باشقىلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىش ئۈچۈن): «ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار» دېيىلسە، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار، الله سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، الله سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر»[2].

بۇ سورۇندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سورىنى مەقسەت قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىن ئولتۇرۇشقا ناھايىتى بەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا قاتتىق ھېرىسمەن بولغانلىقى ئۈچۈن قىستىلىشىپ ئولتۇراتتى. بۇ ئايەتنىڭ ياخشىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن سورۇنلارنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىدا ھېچ شەك يوق. شۇڭا سورۇنغا بالدۇر كەلگەن ھەربىر ئادەم ئۆزى ئۇلگۇرگەن ئورۇندا ئولتۇرۇشقا ئەڭ ھەقلىقتۇر. ئەگەر ئۇ قىستىلىپ قالمىغان، نەتىجىدە بۇ قىستاڭچىلىق ئۇنى سورۇندىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىپ قويمىغان تەقدىردە يەنە بىر قېرىندىشىغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىشى لازىم.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنى قوپۇرۇۋېتىپ ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇرىۋېلىشنى چەكلىگەن، لېكىن باشقىلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىشكە بۇيرۇغان. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىر ئادەمنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قوپۇشىنى، ئاندىن ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇۋېلىشنى ياقتۇرمايتتى[3].

بۇنى چەكلەشتىكى ھېكمەت شۇكى، مۇسۇلمانىنىڭ ھەققىگە نۇقسان يەتكۈزۈپ، ئۆزئارا دۈشمەنلىك پەيدا قىلىشقا سەۋەبچى بولىدىغان ئامىلنىڭ ئالدىنى ئېلىش، شۇنداقلا ئۆزئارا دوستلۇقنى كۈچەيتىشكە تۈرتكە بولىدىغان كەمتەر بولۇش خىسلىتىنى قولغا

(1) ئىمام ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان.

(2) ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

(3) سۈرە مۇجادىلە، 11 ـ ئايەت.

كەلتۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈشتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇباھ بولغان ئىشلاردا ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى تەڭ باراۋەردۇر. كىمكى بىرەر نەرسىگە ئالدىدا ئىگە بولسا، ئۇ ئۇنىڭغا ئىگە بولۇشقا ھەقلىقتۇر. كىمكى بىرەر نەرسىگە ھەقلىق بولغان تەقدىردە ئۇنى ئۇنىڭدىن ھەقسىزلىق بىلەن تارتىۋېلىش بۇلاڭچىلىقتۇر. بۇلاڭچىلىق بولسا ھارامدۇر[1].

كىمكى بىرەر سورۇنغا كەلگەندە بوش يەر تاپالىسا شۇ يەردە ئولتۇرۇشى، ئەگەر بوش يەر تاپالمىسا، بالدۇر كەلگەنلەرنىڭ ئارقىدا ئولتۇرۇشى كېرەك. ئەبۇۋاقىد لەيسىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدتە ئولتۇراتتى. كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئولتۇراتتى. شۇ ئەسنادا ئۈچ نەپەر كىشى يېتىپ كەلدى. ئۇلاردىن ئىككىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى، بىرى كېتىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلگەن ئىككىسى بىردەم ئۆرە تۇردى. ئاندىن ئۇ ئىككىسىدىن بىرى سورۇندىن بىر بوش يەرنى كۆرۈپ، شۇ يەردە ئولتۇردى. يەنە بىرى سورۇندىكىلەرنىڭ ئارقىدا ئولتۇردى. ئۈچىنچى كىشى بولسا قايتىپ كېتىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «مەن سىلەرگە بۇ ئۈچ نەپەر كىشى ھەققىدە خەۋەر بېرەيمۇ؟ ئۇلارنىڭ بىرى الله تىن جاي ئۈمىد قىلىپ تۇرىۋىدى، الله ئۇنىڭغا ئورۇن چىقىرىپ بەردى. يەنە بىرى ھايا قىلىۋىدى، الله مۇ ئۇنىڭدىن ھايا قىلدى. لېكىن ئۈچىنچى كىشى سورۇندىن يۈز ئۆرۈپ كېتىۋىدى، الله مۇ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىدى»[2].

سورۇن، سورۇنغا سورۇن ئەھلى ۋە ساھىبخان كېلىپ بولغاندىن كېيىن باشلىنىدۇ. ئالاكۆلەڭگىدە (يەنى ياكى تولۇق سايا ئەمەس ياكى تولۇق ئاپتاپمۇ ئەمەس چالا سايىدا) ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئىمام ئەھمەد ياخشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالاكۆلەڭگىدە ئولتۇرۇشنى چەكلىگەنلىكىنى ۋە: «ئۇ شەيتاننىڭ ئولتۇرىدىغان جايىدۇر» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

كىشىلەرنىڭ گەردەنلىرىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ. مۇنداق قىلغاندا بەزىلەر بەزىلەرنىڭ ئالدىنى توسۇۋالىدۇ ياكى كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە ۋە مەسخىرىسىگە قالىدۇ. ئۇ بۇ قىلمىشى بىلەن ئۇلارنى كۈلدۈرۈپ تاشلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ لەنەتكە ئۇچرايدۇ. ئەبۇمەجلىزدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم سۆھبەتتە ھالقىسمان ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ئولتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ھۇزەيفە مۇنداق دېدى: «كىمكى سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ ئولتۇرسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگىنىگە بىنائەن لەنەتكە ئۇچرايدۇ ياكى الله مۇھەممەد

(1) سەھىھ بۇخارى، 6270 ـ ھەدىس.

(2) «فەتھۇلبارى» 11 ـ توم، 63 ـ بەت.

ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگىنىگە بىنائەن لەنەت ئېيتىدۇ»[1].

سورۇنغا قاتناشقان كىشى شۇ سورۇننىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلىشى كېرەك. شۇڭا ئۇنىڭ قېرىندىشى سۆزىنىڭ پاش بولۇشىنى ياقتۇرمىغان تەقدىردە، ئۇ ئۇنىڭ سىرىنى پاش قىلىۋەتسە ھالال بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىر ئادەم بىر گەپنى قىلىۋېتىپ، ئەتراپقا قاراپ سالغان بولسا، ئەنە شۇ سۆز ئامانەتتۇر»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «سورۇننىڭ ئامانىتى بار، پەقەت مۇنداق ئۈچ سورۇننىڭ ئامانىتى يوق: بىرى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش سورۇنى. ئىككىنچىسى زىنا قىلىش سورۇنى. ئۈچىنچىسى باشقىلارنىڭ مېلىنى ناھەق ئېلىۋېلىش سورۇنى»[3].

بۇ ھەدىس مۇنداق مەنە بېرىدۇ: سورۇنلاردىكى سۆز مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش لازىم. پەقەت ئادەم ئۆلتۈرگەن ياكى يۈز ـ ئابرۇيىنى تۆككەن سورۇن بولسا، گۇۋاھچىلارنىڭ سانى تولۇق بولغان تەقدىردە، بۇ سورۇننىڭ مەخپىيەتلىكىنى خەۋەر قىلىش، شۇنداقلا دۈشمەنلىك قىلىپ باشقىلارنىڭ مېلىنى ناھەق ئېلىۋالغان سورۇننىڭ مەخپىيەتلىكىنى خەۋەر قىلىش جائىزدۇر.

سورۇندىن كەتمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرغاندا، قايتىش ئۈچۈن سورۇندىكىلەردىن رۇخسەت سوراش كېرەك.

# ئىنسانلارغا ئارىلىشىپ ئۆتۈش ۋە ئۇلاردىن ئايرىلىپ ياشاش

ئىنسانلارغا ئارىلىشىپ ئۆتۈش ئۇلاردىن ئايرىلىپ ياشىغاندىن ئەۋزەلدۇر. چۈنكى ئارىلىشىپ ئۆتۈش ئارقىلىق تونۇشلارنى ۋە دوستلارنى كۆپەيتكىلى، مۆمىنلەر ئارا ئۆلپەتداشلىقنى ۋە دوستلۇقنى كۈچەيتكىلى، دىندا ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىشتە ئۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. لېكىن مۇنداق ئارىلىشىپ ئۆتۈشتە بۇزۇقچىلىقلاردىن خالىي بولۇش، ئۇنىڭدىن كىشىلەرنى قوغداش، ئۇلار تەرىپىدىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىش شەرت قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ جۈمە نامىزىغا ھازىر بولۇش، نامازلارنى جامائەت بىلەن ئوقۇش، جىنازە نامىزىغا ھازىر بولۇش، كېسەللەرنى يوقلاش، زىكىر ـ تەسبىھ سورۇنلىرىغا قاتنىشىش ۋە باشقا جامائەتچىلىك

(1) سەھىھ مۇسلىم، 2176 ـ ھەدىس.

(2) ئىمام تىرمىزى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

(3) ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ئىشلىرىغا قاتنىشىش شەرت قىلىنىدۇ[1].

ئەگەر جەمئىيەتتە بۇزۇقچىلىق كۆپىيىپ كەتسە، كىشىلەردىن ئايرىلىپ ياشاش يامان ئىشلارغا ئارىلىشىپ قالغاندىن ئەۋزەلدۇر. ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئەرابى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! قايسى تۈردىكى ئىنسانلار ياخشى؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جېنى ۋە مېلى بىلەن جىھاد قىلغان ئادەم، ئىنسانلارنىڭ يامانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارنى تەرك ئېتىپ، تاغلاردىن بىرەر جىلغىغا چىقىۋېلىپ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلغان ئادەم» دەپ جاۋاب بەردى.

ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «ئىنسانلارغا شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئەڭ ياخشى مېلى قوي بولىدۇ. ئۇ قويىنى ھەيدەپ تاغلارنىڭ چوققىلىرىغا، يامغۇر كۆپ ياغىدىغان جايلارغا كېتىپ، دىنىنى بۇزۇقچىلىقلاردىن ساقلاپ قالىدۇ»[2].

خەتتابى كىتابىنىڭ <ئايرىلىپ ياشاش> بۆلۈمىدە مۇنۇلارنى بايان قىلغان: «ئايرىلىپ ياشاش بىلەن ئارىلىشىپ ياشاشنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۆزىگە ئالاقىدار بولغان ئىشلارنىڭ ھەرخىل بولۇشىغا ئەگىشىپ ھەرخىل بولىدۇ. شۇڭا بۇ ھەقتىكى دەلىللەر خەلىپىلەرگە ئىتائەت قىلىشقا ۋە دىن ئىشلىرىغا ئالاقىدار ئىشلاردا جامائەتلىشىشكە رىغبەتلەندۈرۈشكە قارىتىلىدۇ. ئىشلار ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا دەلىللەرمۇ ئەكسىچە بولىدۇ»[3].

ھەرقانداق ئادەمنى ئۇنىڭ دىندارلىقىغا قارىتا ھۆرمەتلەش لازىم. بىرەر ئىنساننى ئۇنىڭ قەدرى - قىممىتىدىن ئۈستىگە كۆتۈرۈۋەتمەسلىك كېرەك. چۈنكى مۇنداق قىلىش ئۇنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشىگە ۋە ئۆزىنى ئۇنتۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. شۇنداقلا بىرەر ئىنساننى ئۇنىڭ قەدرى - قىممىتىدىن تۆۋەنگىمۇ چۈشۈرۈۋەتمەسلىك لازىم. چۈنكى مۇنداق قىلىش دۈشمەنلىك پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا ھەربىر مىللەتنىڭ ھۆرمەتلىك كىشىلىرىنى، گەرچە ئۇلار كاپىر بولغان تەقدىردىمۇ، ئۆزلىرىگە مۇناسىپ ھالدا ھۆرمەتلەش كېرەك.

ئىمام ھاكىم جابىردىن مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: «ئەگەر سىلەرگە بىرەر مىللەتنىڭ ھۆرمەتلىك ئادىمى كەلسە، سىلەرمۇ ئۇنى ھۆرمەتلەڭلار». كەمتەر

(1) ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

(2) «ئەلھەدىيىيە ئەلئەلائىييە» 294 - بەت.

(3) سەھىھ بۇخارى، 6494 - ۋە 6495 - ھەدىسلەر.

كىشىلەر ئۇچۇن كەمتەر بولۇش، مۇتەكەببىر كىشىلەر ئۇچۇن ئۆزىنى تۇتىۋالغان هالدا تۇرۇش لازىم.

راهىبلىشىپ كېتىش هارامدۇر. راهىبلىشىش، ئاياللاردىن ئايرىلىپ ياشاشنى، ئاياللار بىلەن بىر تۆشەكتە بولۇشنى هارام قىلىشنى ۋە ئۆزىنى راهىبلارنىڭ ئورنىغا قويۇشنى كۆرسىتىدۇ. بىر هەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئىسلام دىنىدا راهىبلىق يوق». لېكىن جەرراهى <كەشفۇلخەفا> ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى هەجەر مۇنداق دېگەن: مەن ئۇ هەدىسنى بۇ لەۋزى بىلەن كۆرمىدىم. لېكىن ئىمام بەيهەقى سەئىد ئىبنى ئەبۇۋەققاستىن رىۋايەت قىلغان هەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «شەك ـ شۈبهىسىزكى، الله بىزگە توغرا ۋە ئاسان بولغان راهىبلىق يولىنى كۆرسەتتى.»

ئىمام ئەهمەد ئەبۇزەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىچىڭلاردىكى ئەڭ يامان كىشىلەر بويتاقلىرىڭلاردۇر. ئەڭ بىچارە هالەتتە ئۆلگەن كىشىلىرىڭلار بويتاقلىرىڭلاردۇر»[1].

ئەبۇهۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىچىڭلاردىكى ئەڭ يامان كىشىلەر بويتاقلىرىڭلاردۇر. سالاهىيىتى بار كىشىنىڭ ئىككى رەكەت نامىزى سالاهىيىتى يوق كىشىنىڭ **70** رەكەت نامىزىدىن ياخشىدۇر»[2].

ئەنەس رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى خوتۇن ئالسا، ئىمانىنىڭ يېرىمىنى تاماملىغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىمانىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا الله تىن قورقسۇن!»[3]

## تۇرۇك ئادەمنىڭ مەزھەپى

تۇرۇك (يەنى بىلىمسىز، نادان قالغان) ئادەمنىڭ مەزھەپى (يەنى تۇتۇپ ماڭىدىغان يولى) يوق. ئۇنىڭ مەزھەپى هەقىقەتەن مۇپتىسىنىڭ مەزھەپىدۇر. چۈنكى ئۇنىڭغا ئالىمنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىشى لازىم بولىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇ ئالىمنىڭ يولىنى تۇتقانلىق بولىدۇ. توغرا قاراشقا ئاساسەن، بىر ئىنسانىنىڭ ئۆزىگە مۇئەييەن بىر مەزھەپنى لازىم تۇتۇشى كېرەك ئەمەس. لېكىن مۇتلەق ئىجتىهاد قىلىش سالاهىيىتى

(1) «فەتهۇلبارى» 11 ـ 332 ـ بەت.

(2) جەرراهى بۇ هەدىسنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق نۇرغۇن لەۋزىلىرىنى بايان قىلغان ۋە بۇ لەۋزىلەر هەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئۇنىڭ زەئىپلىكىدە گەپ يوق. لېكىن ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان هۆكۈم يالغان هەدىس هۆكمىگە يەتمەيدۇ».

(3) بۇ هەدىسنى ئىبنى ئەدى «زەئىپ هەدىسلەر» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان.

بولمىغان كىشىنىڭ شاخچە ئەھكاملاردا تۆت ئىمامدىن بىرىنىڭ يولىنى تۇتۇشى ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى قۇرەيش جامائەسى!) بۇنى بىلمىسەڭلار، ئىلىم ئەھلىلىرى (يەنى تەۋرات ۋە ئىنجىلنى بىلگۈچىلەر) دىن سوراڭلار»[1]. ئۇ تۆت ئىمامدىن باشقىلارنىڭ يولىنى تۇتۇش دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى تۆت ئىمامدىن باشقىلارنىڭ مەزھەپلىرى توپلانمىغان ۋە ئەنە شۇ تۆت مەشھۇر مەزھەپكە ئوخشاش رەتلەنمىگەن.

الله تائالانىڭ ھۆكمى ھەربىر مەسىلىدە بىر ۋە مۇئەييەن بولۇپ، ئۇنى ئىپىشقا تىرىشىش ۋاجىپ بولىدۇ. ئىجتىھاد قىلغۇچىلاردىن خاتالىشىپ قالغانلارغا بىر ئەجىر، توغرىنى تاپقانلارغا ئىككى ئەجىر بېرىلىدۇ. ئىجتىھاد قىلغۇچىلار دېگەندىن شەرتسىز ھالدا ئىجتىھاد قىلغۇچىلار مەقسەت قىلىنىدۇ. ئۇلاردا تۆۋەندىكى شەرتلەر تولۇق تېپىلىشى كېرەك:

1 ـ ئەرەب تىلىنى ئەرەبلەردەك بىلىش.

2 ـ قۇرئان كەرىمنى تولۇق بىلىش.

3 ـ ئەھكاملارغا ئالاقىدار پۈتۈن سۈننەت شەرىپىنى (ھەدىسلەرنى) توپلىغان بولۇش ۋە قايسىسىنىڭ توغرا، قايسىسىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئايرىيالايدىغان بولۇش.

4 ـ ئەھكاملاردىن قايسىسىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى، قايسىسىنىڭ ئەمەلدىن قېلىنغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلىش.

5 ـ ئىجمائ (ئالىملارنىڭ بىرلىككە كېلىشى) نىڭ ئورۇنلىرىنى بىلىش.

6 ـ قۇرئان كەرىم ۋە سۈننەت شەرىپ ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئەسلى قائىدە ـ پرىنسىپلارنى (گىراماتىكا، بالاغەت قائىدىلىرىنى ۋە باشقا قائىدىلەرنى) تولۇق بىلىش.

7 ـ ئىلمنى ئىلىم ئىگىلىرىدىن ئۆگىنىش، ئىلىم، ئەمەل ۋە ئېتىقادتا قارىلانمىغان بولۇش.

8 ـ ئەھكاملارنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلىش ۋە ئۇنى تەتقىقلاپ ھۆكۈم چىقىرىشقا قادىر بولۇش[2].

ئىجتىھادچى ئىماملارنىڭ شاخچە ھۆكۈملەردە ئىختىلاپ قىلىشى بۇ ئۈممەتكە بولغان رەھمەتتۇر. چۈنكى ئىختىلاپ ئۇلارغا كەڭچىلىك يارىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق دەپ قارىلىدۇ: «ئىماملارنىڭ ئىجمائ قىلىشى كەسكىن دەلىلدۇر، ئۇلارنىڭ ئىختىلاپ

(1) ئىمام تەبەرانى «ئەلجامىئ ئەسسەغىر» نامىلىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان. ئىمام ھاكىم «ئەلمۇستەدرەك» نامىلىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان ۋە: «سەھىھ» دېگەن. ئىبنى جەۋزى «ئەلئىلەل» نامىلىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان ۋە: «سەھىھ ئەمەس» دېگەن.

(2) سۈرە نەھل، 43 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**قىلىشى كەڭ رەھمەتتۇر ››.**

**ئىنسان ئۆزى ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان مەزھەپكە خىلاپ بولغان بىرەر ئەمەلنى ئۆز ئىمامىدىن باشقا ئىمامنىڭ يولىنى تۇتقان ۋە شۇ ئىمامنىڭ شەرتلىرىنى تولۇق جەملىگەن ئاساستا قىلسا، گەرچە ئۇ ئەمەلنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن شۇ ئىمامنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغان بولسىمۇ، دۇرۇس بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئەمەلنىڭ ئۆز مەزھەپىدىن باشقا مەزھەپتە توغرا بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ.**

**ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) تىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ بىر قېتىم مۇنچىخانىدا يۇيۇنغاندىن كېيىن جۈمە نامىزىنى ئوقۇغان. كېيىن ئۇنىڭغا ھېلىقى مۇنچىخانىدا ئىشلىتىلىدىغان قۇدۇق سۈيىدە بىر چاچقاننىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقى خەۋەر قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن ئىمام ئەبۇيۇسۇف: ‹‹ بىز مەدىنىلىك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ (يەنى ئىمام مالىكنىڭ قارىشىنى دېمەكچى): <ئەگەر سۇ ئىككى قۇللىگە (يەنى تەخمىنەن 40 چېلەككە) يەتسە، پاسكىنىلىققا ھۆكۈم قىلىنمايدۇ> دېگەن قارىشىنى تۇتقا قىلىمىز ›› دېگەن. مانا بۇ مىسال بىرەر ئىش يۈز بېرىپ بولغاندىن كېيىن باشقا ئىمامنىڭ يولىنى تۇتۇش ھېسابلىنىدۇ.**

**بىر - بىرىگە ئالاقىسى بولمىغان ئىككى ۋەقەلىكتە بىر - بىرىگە قارشى بولغان ئىككى ئىشقا ئەمەل قىلىش دۇرۇس بولىدۇ. ئەمما بىر ۋەقەلىكتە ئىككى ئىشقا ئەمەل قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى ئىشنى بىر - بىرىگە كىرىشتۇرۇۋەتكەنلىك بولىدۇ. قارىمۇ قارشى ئىككى ئىش بىر - بىرىگە كىرىشتۇرۇۋېتىلگەن ھۆكۈم باتىل ھۆكۈم بولىدۇ. ئۇنىڭ مىسالى مۇنداق: تاھارەت ئالغۇچىنىڭ بەدىنىدىن قان چىقتى، ئۇ يەنە خوتۇن كىشىنى تۇتتى[1]. ئاندىن ناماز ئوقۇدى. مانا بۇ نامازنى توغرا ئادا تاپتى دېيىش ھەنەفىي مەزھەپى بىلەن شافىئى مەزھەپىدىن قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى ئىشنى بىر - بىرىگە كىرىشتۇرۇۋەتكەنلىكتۇر. قارىمۇ قارشى ئىككى ئىشنى بىر - بىرىگە كىرىشتۇرۇۋېتىش توغرا ئەمەس. شۇڭا بۇ ناماز توغرا ئادا تاپمىغان بولىدۇ.**

**باشقا ئىمامنىڭ يولىنى تۇتۇپ قىلىنغان ئەمەلنىڭ ئۆزىنى بىكار قىلىۋېتىش ھەققى بولمايدۇ. چۈنكى ئادا قىلىنغان ئەمەل قازىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش بولۇپ، بۇزۇلمايدۇ. مەسىلەن، ھەنەفىي مەزھەپىنى تۇتۇپ، باشنىڭ تۆتتىن بىرىگە مەسھى قىلغان ھالدا پېشىن نامىزىنى ئوقۇسا، مالىكى مەزھەپىنى تۇتۇپ، باشنىڭ ھەممىسىگە مەسھى قىلىشنىڭ لازىملىقىغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا ئۇ نامازنى (مەسھى سەۋەبىدىن دۇرۇس بولمىدى، دەپ) بىكار قىلىۋېتىش ھەققى يوق. ئەمما بۈگۈن بىر مەزھەپكە ئاساسەن**

---

**(1)** ئۇستازىم شەيخ مۇھەممەد ھامىد (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ «ئىماملارنىڭ مەزھەپلىرىگە ئەگىشىشنىڭ لازىملىقى» ناملىق كىتابچىسىگە قاراڭ.

ناماز ئوقۇماقچى، يەنە بىر كۈن باشقا بىر مەزھەپكە ئاساسەن ناماز ئوقۇماقچى بولسا، چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ.

تۇرۇك ئادەم بىر مەزھەپتىن يەنە بىر مەزھەپكە يۆتكەلسە، ئەگەر ئۇ يۆتكىلىش دۇنيالىق ئىش ئۈچۈن بولغان تەقدىردە، مەكروھ بولىدۇ. چۈنكى ئۇ مۇقىم بىر مەزھەپنى تۇتمىغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇ يېڭى بىر مەزھەپكە كۆنىشى كېرەك. ئەگەر ئۇ يۆتكىلىش دىنىي ئىشنىڭ سەۋەبى ئۈچۈن بولغان تەقدىردە، مەسىلەن، ئۆزىنىڭ مەزھەپى بىلەن مەشغۇل بولغان، لېكىن ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە ئۆگىنەلمىگەن، ئۇنىڭدىن باشقا مەزھەپنى ئاسان ھېس قىلغان ۋە ئۇنى تېز بىلەلىگەن، شۇ مەزھەپتە فىقھشۇناس بولۇشنى ئارزۇ قىلغان كىشىنىڭ، ياكى ئۆزىنىڭ مەزھەپىنى ئۆگىتىدىغان ئەھلى ـ ئالىم تاپالمىغان كىشىنىڭ ئۆز مەزھەپىدىن يۆتكىلىشى قەتئىي ھالدا ۋاجىپتۇر. ئۇنى كېچىكتۈرۈش ھارام بولىدۇ. چۈنكى قايسى بىر ئىمام بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ مەزھەپىنى تۇتۇپ مېڭىش بىرەر مەزھەپنىڭمۇ فىقھىسىنى بىلمەي نادان قېلىشتىن ياخشىدۇر. فىقھى ئىلمىنى بىلمەسلىك كەمچىلىكتۇر. چۈنكى، ئىبادەت ئۇنىڭسىز توغرا ئادا تاپمايدۇ. شۇڭا مەزھەپتىن مەزھەپكە يۆتكىلىش دۇنيالىق ئىش سەۋەبىدىن بولماستىن، دىنىي ئىشنىڭ سەۋەبىدىن بولسا، بەلكى غەرەزسىز ھالدا يۆتكەلسە، ئۇنىڭ ھېچ يامىنى يوق[1].

بىر مەزھەپكە باغلىق بولغاندا، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق بىلگىلى، ئوتتۇراھال يول تۇتۇپ ماڭغىلى، تولۇق ئەمەل قىلغىلى ۋە ئاسان بىلگىلى بولىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، سەلەپ ئالىملىرى ۋە كېيىنكى ئالىملار (الله ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) دەرىجە بويىچە ئايرىلىدۇ. لېكىن بىر ئىمامنىڭ يولىنى تۇتۇپ ماڭغۇچى ئۆز ئىمامىنىڭ قارىشىنىڭ دەلىلىنى بىلمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزىگە ئېسىلىشى توغرا ئەمەس. بەلكى ئۇ ھۆكۈملەرنى دەلىلى بىلەن قوبۇل قىلىشى، ئۇ دەلىللەرنىڭ ئېلىنغان ئورنىنى ۋە سەۋەبلىرىنى بىلىشى، ئۇنىڭ دەلىللىرىنى بىلىشتە پۈتۈن تىرىشچانلىقنى سەرپ قىلىشى كېرەك.

# شۇم پال ئېلىش ۋە ياخشى پال ئېلىش

شۇم پال ئېلىش ۋە شۇملۇق تىلەش ھارامدۇر. ياخشى پال ئېلىش (يەنى ياخشىلىقنى تىلەش) دۇرۇستۇر. چۈنكى سەھىھ مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يوقۇملىنىش يوق، شۇم پال ئېلىش يوق. لېكىن ياخشى پال مېنى مەمنۇن قىلىدۇ» دېگەن. بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلار: ياخشى پال قانداق بولىدۇ؟ دەپ

(1) ھەنەفىي مەزھەبىدە قان چىقسا تاھارەت بۇزۇلىدۇ. شافىئى مەزھەبىدە خوتۇن كىشىنى تۇتسا تاھارەت بۇزۇلىدۇ ـــ ت.

سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياخشى سۆز» دەپ جاۋاب بەرگەن.

شۇم پال ئېلىش ئەسلىدە ياقتۇرۇلمىغان سۆز، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە كۆرۈنۈشلەرنى كۆرستىدۇ. جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئىنسانلار شۇم پال ئالاتتى ۋە ئۇنىڭ تەسىر قىلىدىغانلىقىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئىسلام شەرىئىتى ئۇنىڭغا خاتىمە بەردى ۋە ئۇ ئەقىدىنى بىكار قىلىپ تاشلىدى. ياخشى پال ئېلىشنى ياخشى ئىشلاردىن قىلىپ بېكىتتى. چۈنكى ئىنسان ياخشى ئىشنى تىلىسە ۋە ياخشىلىققا ئېرىشىشنى ئويلىسا، ئەنە شۇ ئۇنىڭ اللہ تائالاغا بولغان گۇمانىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. ئەمما ئۇ اللہ تىن ئۈمىدىنى ئۈزسە، ئۇنىڭ ئۆزى يامانلىقتۇر. اللہ تائالاغا يامان گۇمان قىلغانلىق ۋە بالا ـ قازانىڭ كېلىشىنى كۈتكەنلىك بولىدۇ.

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇم پال ئېلىش يوق. ياخشى پال ئېلىش ياخشىدۇر» دېگەن. بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلار: ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! ياخشى پال دېگەن نېمە؟ دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئاڭلىغان ياخشى سۆز» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يۇقۇملىنىش يوق، شۇم پال ئېلىش يوق. لېكىن ياخشى پال ئېلىش ۋە ياخشى سۆز ئاڭلاش مېنى مەمنۇن قىلىدۇ»[1].

ئىمام ئەبۇداۋۇد ئۇرۋە ئىبنى ئامىردىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا شۇم پال ئېلىش توغرىلىق سۆز بولۇندى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ياخشى پال ئېلىش ياخشىدۇر. ياخشى پال مۇسۇلماننى ئۈمىدسىز قالدۇرمايدۇ. سىلەرنىڭ بىرىڭلار ياقتۇرمايدىغان بىرەر ئىشنى كۆرگەندە مۇنداق دېسۇن: ئى اللہ! پەقەت سەنلا ياخشىلىق كەلتۈرىسەن، يامانلىقلارنى پەقەت سەنلا كەتكۈزىسەن. كۈچ ـ قۇۋۋەت پەقەت يېگانە اللہ غىلا خاستۇر».

شۇم پال بىلەن ياخشى پالنىڭ ئارىسىدىكى پەرق شۇكى، ياخشى پال اللہ تائالاغا قارىتا ياخشى گۇماندا بولۇش يولى بىلەن بولىدۇ. شۇم پال پەقەت يامانلىقنى ئويلاش يولى بىلەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇم پال يامان كۆرۈلىدۇ.

ئىبنى بەتتال مۇنداق دەيدۇ: «اللہ ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىدە ياخشى سۆزنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ بىلەن خاتىرجەم بولۇش خاراكتېرىنى ياراتتى. شۇنداقلا ئۇلاردا گۈزەل

(1) «ئەلھەدىيىە ئەلئەلائىيە» 305 ـ بەت.

مەنزىرىلەر ۋە سۈپسۈزۈك سۇ بىلەن، گەرچە ئۇنىڭغا ئىگە بولمىسىمۇ ۋە ئىچمىسىمۇ، ھۇزۇرلىنىش تەبىئەتنى ئاتا قىلدى».

ئىمام تىرمىزى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر ئىش ئۈچۈن چىققاندا <ئى نەجىھ (نىجاتلىققا ئېرىشكۈچى)، ئى راشىد (توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى)> دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى ئاڭلاش ئۇنى خۇرسەن قىلاتتى»[1].

# قېرىنداشلارنى ۋە دوست ـ يارەنلەرنى زىيارەت قىلىشنىڭ شەرئى قىلىپ بەلگىلەنگەنلىكى

قېرىنداشلارنى (يەنى دىنىي قېرىنداشلارنى) زىيارەت قىلىش اللہ تائالاغا يېقىنلاشتۇرۇدىغان چوڭ ئىشتۇر ۋە ئەڭ ئالىي خىسلەتتۇر. ئۇ زىيارەتلەر ئىچىدە ئەڭ ئەۋزەل زىيارەت بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ زىيارەتنى ھەمىشە قىلىپ تۇراتتى. قېرىنداشلىرىنى زىيارەت قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەيتتى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە تاماق يەيتتى.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسارىلاردىن بىر ئائىلىنى زىيارەت قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆيىدە تاماق يېدى. ئۆيدىن چىقىپ كەتمەكچى بولغاندا ئۆي ئىگىلىرىنى ئۆيىنىڭ بىر يېرىنى كۆرسىتىشكە بۇيرۇدى. ئاندىن بىر سېلىنجىغا سۇ چېچىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ناماز ئوقۇدى ۋە ئائىلىدىكىلەر ئۈچۈن دۇئا قىلدى»[2].

زىيارەت قىلغۇچىنىڭ ئۆزى ئېلىپ كەلگەن نەرسىسىنى زىيارەت قىلىنغۇچىغا تەقدىم قىلىشى زىيارەتنىڭ مۇكەممەل ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ دوستلۇقنى ئىسپاتلايدۇ، مېھرى ـ مۇھەببەتنى كۈچەيتىدۇ. زىيارەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە نۇرغۇن ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، شۇ ھەدىسلەرنىڭ بىرىنى ئىمام تىرمىزى ۋە ئىبنى ھىببان ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان: «كىمكى بىر كېسەلنى يوقلىسا ياكى اللہ يولىدىكى قېرىندىشىنى زىيارەت قىلسا، بىر جاكارچى ئۇنىڭغا مۇنۇلارنى جاكارلايدۇ: پاك بولدۇڭ ۋە يولۇڭمۇ پاك بولدى، جەننەتتىن بىر ئورۇن ئىگەللىدىڭ».

(1) سەھىھ بۇخارى، 5755 ـ ۋە 5756 ـ ھەدىسلەر.

(2) «فەتھۇلبارى» 10 ـ توم، 215 ـ بەت.

ئىمام مالكى ۋە ئىبنى هىببان مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن مۇنۇ هەدىسنى رىۋايەت قىلغان: «مېنىڭ رازىلىقىمنى تىلەپ بىر ـ بىرىنى زىيارەت قىلغۇچىلارغا مېنىڭ مۇهەببىتىم هەق بولدى». ئىبنى هىببان: «ئۇ توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن هەدىس» دېگەن.

ئىمام تەبەرانى سەفۋان ئىبنى ئەسسالدىن مۇنۇ هەدىسنى رىۋايەت قىلغان: «كىمكى بىر مۆمىن قېرىندىشىنى زىيارەت قىلسا، تاكى زىيارەتتىن قايتىپ كەلگەنگە قەدەر رەهمەتكە چۆمۈلگەن هالەتتە بولىدۇ»[1].

ئەبۇهۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم مەلۇم بىر يېزىدىكى قېرىندىشىنى زىيارەت قىپتۇ. الله تائالا ئۇنىڭ يولىغا بىر پەرىشتىنى مۇئەككەل قىپتۇ. پەرىشتە ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ: قەيەرگە ماڭدىڭ؟ دەپتۇ. ئۇ: بۇ يېزىدىكى قېرىندىشىمنى زىيارەت قىلغىلى ماڭدىم، دەپتۇ. پەرىشتە: سەن ئۇنىڭدىن كۈتكەن بىرەر نەرسە بارمۇ؟ سەن شۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن كېتىۋاتامسەن؟ دەپتۇ. ئۇ: ياق، مەن پەقەت ئۇنى الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن، دەپتۇ. پەرىشتە: مەن الله نىڭ ساڭا شۇنى جاكارلاشقا ئەۋەتىلگەن ئەلچىسىمەنكى، سەن ئۇ قېرىندىشىڭنى الله يولىدا ياخشى كۆرگىنىڭدەك، الله مۇ سېنى ياخشى كۆرىدۇ، دەپتۇ»[2].

## ئۆيلەرگە رۇخسەتسىز كىرىشنىڭ هاراملىقى ۋە رۇخسەت سوراشنىڭ شەرئى قىلىپ بەلگىلەنگەنلىكى

الله تائالا ئىنسانلارنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى تۆكۈشنى هارام قىلدى، ئۇنى قوغدىدى ۋە ئۇلارنىڭ هۆرمىتىنى هىمايە قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئولتۇراقلاشقان ئۆيلەرنىڭ هەققى ـ هۆرمىتىنىمۇ بەلگىلىدى. شۇڭا ئۇ ئۆيلەرگە ئۆي ئىگىلىرىدىن رۇخسەت ئالماستىن كىرىشنى هارام قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىنى، ئاياللارنىڭ يېنىغا ئۇلاردىن رۇخسەت ئالمايلا ئەرلەرنىڭ كىرىشىنى مەنئى قىلدى. الله تائالا بۇ هەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار، ۋەز ـ نەسىهەت ئېلىشىڭلار (يەنى بۇ گۈزەل ئەخلاق ـ ئەدەبكە ئەمەل قىلىشىڭلار)

(1) سەهىهى بۇخارى، 6800 ـ هەدىس.

(2) «فەتهۇلبارى» 10 ـ توم، 499 ـ بەت.

ئۇچۇن بۇ (يەنى ئىجازەت سوراپ ۋە سالام بېرىپ كىرىش ئۈشتۈمتۈت كىرىشتىن) سىلەرگە ياخشىدۇر»[1].

ئالىملار بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىدە مۇنۇ ۋەقەلىكنى بايان قىلغان: «ئەنسارىلاردىن بىر ئايال: <ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۆيۈمنىڭ ئىچىدە بىرەرسىنىڭ، نە ئاتا ـ ئانامنىڭ، نە باللىرىمنىڭ مېنى كۆرۈشنى خالىمايدىغان هالەتلەردە بولۇپ قالىمەن. مەن ئەنە شۇنداق هالەتتە تۇرغان ۋاقىتلىرىمدا يېنىمغا هەمىشە ئائىلەمدىكىلەردىن بىرى كىرىپ قالىدۇ> دېدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولدى».

ئىمام قۇرتۇبى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «الله تائالا هۆرمەتلىك ۋە پەزىلەتلىك قىلىپ ياراتقان ئىنسانىنى ئۆيلەردە ئولتۇراقلىشىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇلارنى ئۆيلەر ئارقىلىق باشقىلارنىڭ كۆزلىرىدىن يىنھان تۇتتى، شۇ ئۆيلەردە يالغۇز قېلىپ بەھرىمەن بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلدى. ئىنسانلارنى ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنى ئۆيىنىڭ سىرتىدىن كۆرۈشتىن ياكى ئۆي ئىگىلىرىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ ئۆيگە ئۇسۇپ كىرىشتىن چەكلىدى. بىر ـ بىرىنىڭ ئەۋرەتلىرىنى كۆرۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۇلارغا پەردىلىنىشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەدەپ ـ ئەخلاقنى ئۆگەتتى».

شۇڭا بىراۋنىڭ ئۆيىگە رۇخسەت ئالماي تۇرۇپ كىرىش دۇرۇس ئەمەس. پەقەت زۆرۈرىيەت بولۇپ قالغاندا، مەسىلەن، بىرى يەنە بىرىنىڭ كىيىمىنى تارتىۋېلىپ قېچىپ كەتكەن، كىيىم ئىگىسى ئۇنى قوغلىغان، قاچقۇچى بىر ئۆيگە كىرىپ كەتكەن ئەھۋال ئاستىدا، كىيىم ئىگىسى ئۇنى يۇتۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەن تەقدىردە ئۇنىڭ ئارقىدىن كىرسە، هېچ گۇناھ بولمايدۇ.

مەسىلەن، بىرىنىڭ پۇلى يەنە بىرىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ كەتكەن، پۇل ئىگىسى ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۇ پۇلنى ئېلىۋېلىپ، ئاندىن ئالغانلىقىدىن تېنىۋېلىشىدىن ئەنسىرىگەن، ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۇ ئۆيگە كىرىپ، هېچكىمگە سەزدۇرمەستىن پۇلنى ئېلىپ چىقىش ئىمكانى بولغان ئەھۋال ئاستىدا، شۇنداق قىلسا بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ بۇ پۇل ئۇچۇنلا كىرىدىغانلىقىنى ياخشى ئادەملەرگە بىلدۈرۈشى كېرەك. ئەگەر ئۇ ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۇنداق قىلىشىدىن خاتىرجەم بولسا، ئۆيگە ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز كىرەلمەيدۇ.

مەسىلەن، قوشنىسىنىڭ قورۇسىدىن ئۆتىدىغان سۇ ئېرىقى بولۇپ، ئۇنى چېپىشقا موهتاج بولۇپ قالسا ياكى بىر تام بولۇپ، ئۇنى رېمونت قىلىشقا موهتاج بولۇپ قالسا، شۇ قورو ئىگىسىگە: «ئۇنىڭ ئېرىقىنى چېپىشقا ياكى تېمىنى رېمونت قىلىشقا

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئىمكان بېرىشنىڭ ياكى بولمىسا ئۇ ئىشلارنى ئۆزەڭ قىلىپ بېرىشىڭ لازىم» دېيىلىشى لازىم بولىدۇ.

مەسىلەن، قەرزدار ئادەم ئۆيىگە يوشۇرۇنۇۋالغان ۋە بۇ ئەھۋال قازىغا مەلۇم قىلىنغان ۋەزىيەتتە، قازى ساقچىلىرىدىن ئىككىنى ئەۋەتىدۇ. قازىنىڭ ئەرلەر ۋە ئاياللاردىن تەركىپ تاپقان بىر تۈركۈم چاپارمەنلىرى ئۇ ئىككى ساقچى بىلەن بىرلىكتە قەرزدارنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇش ئۈچۈن تويۇقسىز باستۇرۇپ بارىدۇ. چاپارمەنلەر قەرزدارنىڭ قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن دەرۋازىدا، ئۆينىڭ ئەتراپىدا ۋە ئۆگزىدە كۆزەتچىلىك قىلىدۇ. ئاندىن ئاياللار ئۆيگە رۇخسەت ئالماستىن ۋە تارتىنىپ قالماستىن كىرىپ، قەرزدارنىڭ ئاياللىرىنى ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاندىن قازىنىڭ چاپارمەنلىرى كىرىپ، قورودىكى ئۆيلەرنى، ھەتتا تونۇرنىمۇ ئالا قويماي، بىر - بىرلەپ ئاختۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار قەرزدارنى تاپالىسا، ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. تاپالمىسا، ئايال چاپارمەنلەرنى ئاياللارنىڭ ئارىسىنى ئاختۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. چۈنكى ئۇ ئاياللارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان بولۇشى مۇمكىندۇر[1].

شۇنىمۇ تىلغا ئېلىش كېرەككى، ئەگەر بىرەر قورودىن نەي ۋە چالغۇ - ئەسۋاپلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانسا، ئۆي ئىگىلىرىنىڭ ئۇستىگە رۇخسەت ئالماستىن بۇسۇپ كىرىلىدۇ. بىشر مۇنداق دەيدۇ: «مەن نەي ۋە چالغۇ - ئەسۋاپلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغان قورو ھەققىدە ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: ئۆي ئىگىلىرىنىڭ ئۇستىگە ئۇلاردىن رۇخسەت ئالماستىن بۇسۇپ كىرسەڭ بولىدۇ. نېمىشقا دېگەندە، ئۇلارنىڭ ئۆزى يامان ئىش قىلدى. شۇڭا ئۇلارنى توسۇش ۋاجىپتۇر. ئۇلار يامان ئىشنى قىلىش بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى ئۆزلىرى تۆكتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلماسلىق دۇرۇس بولىدۇ».

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىدە مېيىت ئۈچۈن ئۈن سېلىپ يىغلاۋاتقان بىر ئايالنىڭ ئاۋازى كەلگەن ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇ ئايالنى ئېلىپ چىقتى ۋە قامچا بىلەن ئۇردى. شۇ ئارىدا ئۇ ئايالنىڭ لېچەكى بېشىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئارىدىن بىرى: «ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! ئايالنىڭ لېچەكى چۈشۈپ كەتتى» دېۋىدى، ئۇ: «شەرىئەتتە ئۇنىڭ ھۆرمىتى قالمىدى، چۈنكى ئۇ شەرىئەتتە ھالال بولمىغان ئىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن ئۆز قىلمىشى بىلەن ئۆزىنىڭ ھۆرمىتىنى ئۆزى تۆكتى» دېدى[2].

---

(1) سۈرە نۇر، 27 - ئايەت.

(2) «ئەلھەدىيىيە ئەلئەلائىيىيە» 309 - بەت.

# قوشنىغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشنىڭ هارام قىلىنغانلىقى

ئىسلام دىنى قوشنىغا بىۋاستە ئەزىيەت يەتكۈزۈشنى ياكى ئۇنىڭ ئەزىيەت چېكىشىگە سەۋەبچى بولۇشنى قەتئىي هالدا هارام قىلدى. ئەبۇهۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر هەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «قوشنىسى ئۇنىڭ يامانلىقىدىن خاتىرجەم بولالمىغان كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ».

ئەبۇهۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر هەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى اللە غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرسە، قوشنىسىغا ئەزىيەت يەتكۈزمىسۇن! كىمكى اللە غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرسە، مېهمىنىنىڭ ئىززىتىنى قىلسۇن! كىمكى اللە غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرسە، ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى شۈك تۇرسۇن!» يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنۇ لەۋزى بىلەن بايان قىلىنغان: «كىمكى اللە غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرسە، قوشنىسىنىڭ ئىززىتىنى قىلسۇن!»[1]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇمادىن ۋە ئائىشە رەزىيەللاهۇ ئەنهادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «جىبرىئىل ئەلەيهىسسالام مېنى هەمىشە قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلاتتى، هەتتا مەن: ‹ئۇ پاتىيېقىندا قوشنىنى قوشنىغا مىراسخور قىلىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ› دەپ ئويلاپ قالدىم»[2].

مۇجاهىدتىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇمانىڭ ئۆيىدە بىر قوي سويۇلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇما ئۆيىگە كەلگەندە: يەهۇدىي قوشنىمىزغا بەردىڭلارمۇ، يەهۇدىي قوينىمىزغا بەردىڭلارمۇ؟ دەپ سورۇشتۇردى ۋە مۇنداق دېدى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «جىبرىئىل ئەلەيهىسسالام مېنى هەمىشە قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلاتتى، هەتتا مەن: ‹ئۇ پاتىيېقىندا قوشنىنى قوشنىغا مىراسخور قىلىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ› دەپ ئويلاپ قالدىم»[3]

اللە تائالا قۇرئان كەرىمدە قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى بىرقانچە ئايەتلەردە تەۋسىيە قىلغان بولۇپ، شۇ ئايەتلەرنىڭ بىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «اللە غا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا هېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا، خىش ـ

(1) «ئەلھەدىييە ئەلئەلائىييە» 309 ـ بەت.

(2) سەھىھ مۇسلىم، 46 ـ ۋە 47 ـ هەدىسلەر.

(3) ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، ياندىكى ھەمراھقا (يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا) مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل ـ چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، الله مۇتەكەببىر ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ »[1].

قوشنا قانچە يېقىن بولغانچە، ئۇنىڭ ھەققى شۇنچە كۆپ بولىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ ئىككى قوشنام بار، (ئەگەر نەرسە بېرىشكە توغرا كەلسە) قايسىسىغا بېرىمەن؟ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « ئىككىسىدىن قايسىسىنىڭ دەرۋازىسى سىزگە يېقىن بولسا شۇنىڭغا بېرىسىز » دەپ جاۋاب بەردى[2].

## يول ئۈستىدە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەپ ـ ئەخلاقلار

ئۆيدىن سىرتقا چىققان ئەر كىشىنىڭ ئۇچرىغانلا نەرسىگە تىكىلىپ قارىماسلىقى ياخشىدۇر. شۇڭا ئۇ ئېھتىياج بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئوڭ ۋە سول تەرەپلەركە كۆز يۈگۈرتمەسلىكى كېرەك. ئەگەر ماڭىدىغان يول ياسىنىپ چىققان ئاياللاردىن خالىي يول بولسا، ھۆكۈم مۇشۇنداق بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، ئەرنىڭ كۆزىنى يىغىشى ۋاجىپتۇر. پەقەت قاراشقا موھتاج بولسا، مەسىلەن، ئەتراپقا دىققەت بىلەن قاراشقا ئالاقىدار ۋەزىپە ئالغان بولسا، ئۈستىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قاراشقا موھتاج بولغان نەرسىگە قاراش دۇرۇس بولىدۇ.

ئوڭ ۋە سولغا تولا قاراش، كەلگەن ـ كەتكەن ۋە قىمىرلىغان ھەممە نەرسىگە نەزەر سېلىش، شۇنداقلا ھەممە سۆزنى ئاڭلاشقا ئورۇنۇش شاللاقلىق ۋە تەنتەكلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئېغىر بېسىق بولۇش، يۈرۈش ـ تۇرۇشتا سالماق بولۇش ياخشى ئېسىل سۈپەتلىكنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئۆيدىن چىققۇچىنىڭ « بىسمىللاھ، تەۋەككەلتۇ ئەلەللاھ، لاھەۋلە ۋەلاقۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ (الله نىڭ ئىسمى بىلەن چىقىمەن، الله غا تەۋەككۇل قىلدىم، الله تىن باشقا ھېچ كۈچ ـ قۇۋۋەت ئىگىسى يوقتۇر) » دەپ چىقىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى ئىمام ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسائى سۈنەنلىرىدە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: « كىمكى (ئۆيىدىن چىققان چاغدا): بىسمىللاھ، تەۋەككەلتۇ ئەلەللاھ، لاھەۋلە ۋەلاقۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ> دېسە،

(1) ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

(2) سۈرە نىسا، 36 ـ ئايەت.

**ئۈنىڭغا: <كۆپايە قىلىندىڭ، قوغدالدىڭ، توغرا يولغا يېتەكلەندىڭ> دېيىلىدۇ. شەيتان ئۇنىڭدىن يىراق بولىدۇ». ئىمام ئەبۇداۋۇد مۇنۇ لەۋزىلەرنى زىيادە رىۋايەت قىلغان: «شەيتان يەنە بىر شەيتانغا: <توغرا يولغا يېتەكلەنگەن، كۆپايە قىلىنغان ۋە قوغدالغان بىر ئادەمنى قانداق ئازدۇرالايتتىڭ!> دەيدۇ».**

**ئەگەر ئاممىۋى يول بىسىق بولغان تەقدىردە، بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى يەردىن پەيدا قىلغان ياكى بىرەر ئەمەلدار ئۆز پۇلى بىلەن ياساتقان يولدىن ئۆتۈشى دۇرۇس بولىدۇ. ئەگەر ئۇ يەر ئەسلى مۇلۇك بولۇپ، باشقىلارنىڭ ھەققى بولمىسا ۋە شەرئى جەھەتتىنمۇ يول قىلىش توغرا بولمىسا، ئۇنىڭدىن ئۆتۈش دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى ۋالى مەلۇم بىر ئادەمگە چوڭ يولدىن مۇسۇلمانلارغا زىيان سالمىغان ھالەتتە تارماق يول ياساش ئۈچۈن جاي كۆرسىتىپ بېرىشى كېرەك. ھۆكۈمدارنىڭ ئېھتىياج چۈشۈپ قالغاندا بىر ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى يەردىن يول ئېلىش ھوقۇقى بار. ئەمما ئېھتىياج چۈشمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىشى دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «زىيان سېلىش ۋە زىيان يەتكۈزۈش يوق»[1].**

**بىر ئادەمنىڭ ئوغرى بىلەن بىرگە مېڭىشى توغرا ئەمەس. بىرگە مېڭىپ قالغاندا تۆھمەتكە قالىدۇ. ئەگەر بىر يولدا كېتىۋېتىپ سۇغا دۇچ كەلگەن تەقدىردە مەلۇم بىر ئادەمنىڭ يېرىدىن ئۆتمەكتىن باشقا ئامال بولمىسا، ئۇنىڭدىن ئۆتۈشنىڭ ھېچ يامىنى يوق. چۈنكى ئۇ زۆرۈرىيەت ھېسابلىنىدۇ.**

**ئېھتىياج بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا يول ئۈستىدە ئولتۇرۇش مەكروھتۇر. چۈنكى ئەبۇسەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يوللارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشتىن قەتئىي ساقلىنىڭلار» دېگەندە، ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىزنىڭ يولدا ئولتۇرماي باشقا ئامالىمىز يوق، يولدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ قالىمىز، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئولتۇرىمىز دەپ تۇرىۋالساڭلار، يولنىڭ ھەققىنى بېرىپ ئولتۇرۇڭلار» دېدى. ساھابىلار: يولنىڭ ھەققى نېمە؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «باشقىلارغا تىكىلىپ قارىماسلىق، ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىك، سالامنى ئىلىك ئېلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش» دەپ جاۋاب بەردى[2].**

(1) سەھىھ بۇخارى، **6020** ـ ھەدىس.

(2) ئىمام مالىك «مۇۋەتتەئ» ناملىق كىتابىدا، ئىمام ھاكىم «مۇستەدرەك» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان. ئىمام دارۇقۇتنى ۋە ئىبنى ماجەمۇ رىۋايەت قىلغان.

# ئۇخلاشنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى

تاھارەتلىك ھالدا ئۇخلاش لازىم. بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەگەر بەندە تاھارەت بىلەن ئۇخلىسا، روھى ئەرشكە ئۆرلىتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ چۈشى راست بولىدۇ»[1]. كېچىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇشنى نىيەت قىلغان كىشى ئۇچۇن تاھارەت ئۇنىڭ كېچىدە قوپۇشىغا ئەمەلىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئوڭ يېنىنى بېسىپ، قىبلە تەرەپكە قاراپ يېتىشى ياكى ئوڭدىسىغا يېتىشى لازىم. ئۆزرىسىز ھالەتتە، مەسىلەن، قورسىقىنىڭ ئاغرىپ كېتىش خەۋپى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، دۈم ياتماسلىقى كېرەك. ئىمام تىرمىزى <ئەششەمائىل> ناملىق كىتابتا مۇنداق رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېتىش ئۈچۈن جاي تۇتسا، ئوڭ ئالقىنىنى ئوڭ مەڭزىنىڭ ئاستىغا قويۇپ، ئاندىن: «ئى پەرۋەردىگارىم! بەندىلىرىڭنى تىرىلدۈرۈدىغان كۈندە مېنى ئازابىڭدىن ساقلىغىن!» دەيتتى.

ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈم ياتقان بىر ئادەمنى كۆرۈپ: «بۇ يېتىشنى الله تائالا ھەرگىز ياخشى كۆرمەيدۇ» دېگەن.

راھەتپەرەسلىك بىلەن كۆرپىلەرنى قات ـ قات سېلىپ ياتماسلىق، ئۇخلىماقچى بولغاندا چىراقنى ئۆچۈرۈپ يېتىش كېرەك. لېكىن چىراق ئېسىقلىق بولۇپ، زىيانلىق بولۇش خەۋپى بولمىغان ۋە چاچقان چىراقنىڭ پىلىكىگە يېقىنلىشالمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا ياندۇرۇپ قويسا بولىدۇ.

سەھىھ بۇخارىدا جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «(ياتىدىغان چېغىڭدا) دەرۋازاڭنى بىسمىللاھ دەپ تاقىغىن، چىرىقىڭنى بىسمىللاھ دەپ ئۆچۈرگىن، سۇ تولۇمۇڭنىڭ ئاغزىنى بىسمىللاھ دەپ بوغقىن (ھازىرقى زاماندا كوزىنىڭ ئاغزىنى ياكى جۈمەكنى پىششىق ئېتىش كېرەك)، قاچاڭنىڭ ئۈستىنى بىسمىللاھ دەپ ياپقىن، (ئەگەر ياپقىدەك نەرسە تاپالمىساڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرەر نەرسىنى توغرىسىغا قويۇپ قويساڭمۇ بولىدۇ)».

ئۇخلاش ئالدىدا الله نى شەرىئەت بەلگىلىگەن زىكىرلەر بىلەن ياد ئېتىش سۈننەتتۇر. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرپىسىدىن جاي تۇتقاندا: «سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن ئۆلىمەن (يەنى ئۇيقۇ يېرىم ئۆلۈكتۇر) ۋە سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن تىرىلىمەن» دەيتتى. ئورنىدىن تۇرغاندا: «جىمى ھەمدۇسانا بىزنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن تىرىلدۈرگەن زات

(1) سەھىھ مۇسلىم، **2121** ـ ھەدىس.

الله غا خاستۇر. بىز ئۇنىڭ دەرگاھىغا تويلىنىمىز» دەيتتى.

بەرائ ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمگە ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ياتماقچى بولغىنىڭدا: <ئى الله! ئۆزەمنى ۋە ئىشىمنى ساڭا تاپشۇردۇم، ئۆزەمنى ساڭا يۈزلەندۈرمۇم، سېنىڭ رەھمىتىڭنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىڭدىن قورقۇپ سەندىن پاناھلىق تىلەيمەن، سېنىڭ دەرگاھىڭدىن باشقا ھېچ پاناھ جاي ۋە قۇتۇلۇش يوقتۇر. سەن نازىل قىلغان كىتابقا، سەن ئەۋەتكەن پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈردۈم> دېگىن. ئەگەر مۇشۇ ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسەڭ، ئىسلام ئۈستىدە ئۆلگەن بولىسەن»[1].

كېچىسى ئويغىنىپ كەتسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلىدىغان دۇئالارنى قىلىش لازىم. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن مەيمۇنەنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىدە ئويغىنىپ، ھاجىتىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن يۈزىنى ۋە ئىككى قولىنى يۇدى، ئاندىن ئۇخلىدى. كېيىن يەنە ئويغاندى ۋە تۇلۇمنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بوغقۇچىنى يەشتى، ئاندىن سۇنى ئىسراپمۇ قىلىۋەتمەستىن، بەك ئازمۇ ئىشلىتىپ قالماستىن تاھارەت ئالدى. سۇنى جىق ئىشلەتمىدى، لېكىن مۇكەممەل تاھارەت ئالدى، ئاندىن ناماز ئوقۇدى. مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇردۇم، بىراق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆزىتىپ تۇرغانلىقىمنى ئۇنىڭ بىلىپ قېلىشىنى ياقتۇرمىغانلىقىم ئۈچۈن قەستەن شەپە چىقىرىپ ماڭدىم، ئاندىن تاھارەت ئالدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا تۇرغاندى. مەن ئۇنىڭ سول تەرىپىگە ئۆتۈپ تۇردۇم. ئۇ مېنىڭ قولۇقىمدىن تۇتۇپ، ئوڭ تەرىپىگە تۇرغۇزۇپ قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 13 رەكەت ناماز ئوقۇدى. ئاندىن يېنىچە يېتىپ، يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇخلىسا، يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلايتتى. شۇ ئارىدا بىلال بامدات نامىزىغا ئەزان ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئالماستىن ناماز ئوقۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى الله! قەلبىمدە نۇر قىلغىن، كۆزۈمدە نۇر قىلغىن، قولىقىمدا نۇر قىلغىن، ئوڭ تەرىپىمدە نۇر قىلغىن، سول تەرىپىمدە نۇر قىلغىن، ئۈستۈمدە نۇر قىلغىن، ئاستىمدا نۇر قىلغىن، ئالدىمدا نۇر قىلغىن، ئارقامدا نۇر قىلغىن، مەن ئۈچۈن نۇر قىلغىن!»

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىدە تەھەججۇد نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرسا مۇنداق دەيتتى: «ئى الله! جىمى ھەمدۇسانالار ساڭا خاستۇركى، سەن ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى «ئەلئەۋسەت» ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، زەئىپتۇر.

ۋە ئۇلاردىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ نۇرىسەن. جىمى ھەمدۇسانالار ساڭا خاستۇركى، سەن ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلاردىكى بارلىق نەرسىنى ئىدارە قىلغۇچىدۇرسەن. جىمى ھەمدۇسانالار ساڭا خاستۇركى، سەن ھەقتۇرسەن. سېنىڭ ۋەدەڭ ھەقتۇر، سۆزۈڭ ھەقتۇر، ساڭا مۇلاقات بولۇش ھەقتۇر، جەننەت ھەقتۇر، دوزاخ ھەقتۇر، قىيامەت ھەقتۇر، پەيغەمبەرلەر ھەقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەقتۇر. ئى اللّٰه! ساڭا بويسۇندۇم، ساڭىلا تەۋەككۇل قىلدىم، ساڭىلا ئىمان كەلتۈردۈم، سەن تەرەپكىلا قايتتىم، سېنىڭ نامىڭ بىلەن مۇجادىلە قىلدىم، ساڭىلا ھۆكۈم قىلدۇردۇم. ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۆتكۈزگەن، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىلغان گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن! سەن خالىغان نەرسىنى ئىلگىرى سۈرىسەن، خالىغان نەرسىنى ئارقىغا سۈرىسەن، سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ بەرھەق يوقتۇر»[1].

ئۇخلاش ئالدىدا يەنە تەكبىر ئېيتىش، تەسبىھ ئېيتىش ۋە ھەمدى ئېيتىش سۈننەتتۇر. چۈنكى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يارغۇنچاق (يەنى ياغىچاق) چۆرۈپ قولى قاپىرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ھالىدىن شىكايەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئۇنىڭدىن خىزمەتچى سوراپ كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاپالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەھۋالنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئېيتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلگەندە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىدۇ.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ۋەقەلىكنى سۆزلەپ بېرىشنى داۋام قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ ئۆيىمىزگە كەلدى. بىز يېتىپ بولغانىدۇق. مەن ئورنۇمدىن تۇرماقچى بولدۇم، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قوزغالمىغىن!» دېدى. ئاندىن ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقىدا ئولتۇردى. ئۇنىڭ پۇتى كۆكرىكىمگە تېگىۋىدى، مەن ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ مۇزلاپ كەتكەنلىكىنى سەزدىم. ئاندىن ئۇ: «مەن ئىككىڭلارنى سىلەر ئۈچۈن خىزمەتچىدىنمۇ ياخشى نەرسىگە باشلاپ قويايمۇ؟ ياتماقچى بولۇپ ئورنۇڭلارغا كەلگىنىڭلاردا (ياكى ياتىدىغان جايىڭلارغا كەلگىنىڭلاردا) **34** قېتىم تەكبىر، **33** قېتىم تەسبىھ ۋە **33** قېتىم ھەمدى ئېيتىڭلار! مانا بۇ ئىككىڭلار ئۈچۈن خىزمەتچىدىنمۇ ياخشىدۇر» دېدى[2].

ئۇخلاشتىن بۇرۇن يەنە يامانلىقتىن پاناھ تىلەش دۇئالىرىنى ئوقۇش سۈننەتتۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياتىدىغان جايىغا كەلگەندە ئىككى قولىغا سۈپلەپ، يامانلىقتىن پاناھ

(1) سەھىھ بۇخارى، **6312** ـ ۋە **6313** ـ ھەدىسلەر.

(2) سەھىھ بۇخارى، **6316** ـ ۋە **6317** ـ ھەدىسلەر.

تىلەيدىغان دۇئالارنى (يەنى پەلەق سۈرىسى ۋە ناس سۈرىسىنى) ئوقۇيتتى، ئاندىن ئىككى قولىنى پۈتۈن بەدىنىگە سۈرتەتتى»(1).

كېچىدە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن نىيەت قىلغان كىشىنىڭ كۈندۈزلۈك ئۇيقۇنى ئۇخلىۋېلىشى مۇستەھەپتۇر. كۈندۈزلۈك ئۇيقۇنى ئۇخلاشنىڭ شەرئى قىلىپ بەلگىلەنگەن ۋاقتى كۈندۈزنىڭ يېرىمىدىن باشلاپ، كۈن قايرىلىشقا ئاز قالغان ۋاقىتقىچىلىك بولىدۇ. شەرئى قىلىپ بېكىتىلگەن كۈندۈز تاڭ يورىغاندىن تارتىپ كۈن ئولتۇرغىچە بولىدۇ.

ئەتىگەن تەرەپتە ئۇخلاشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ، بەزى ئالىملارنىڭ ئېيتقىنىدەك، كىشىنى دۆت قىلىپ قويىدۇ. شام بىلەن خۇپتەن ئارىسىدا، شۇنداقلا ئەسىردىن كېيىنمۇ ئۇخلاشقا بولمايدۇ. كۈندۈزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇخلاش مۇستەھەپ بولۇپ، ئۇ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىمىزدەك، كۈندۈزلۈك ئۇخلاش ۋاقتىدۇر.

## باشقىلارغا قارىتا يامان گۇماندا بولۇشنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەشنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى

مۇسۇلمانلارغا قارىتا يامان گۇماندا بولۇش، خۇددى يامان سۆز قىلىشقا ئوخشاش ھارامدۇر. مەسىلەن، باشقىلارنىڭ يامان گېپىنى يەنە باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىشنىڭ ساڭا ھارام بولىدۇ. ئۆزەڭگە ئۆزەڭ سۆزلەپ، قېرىندىشىڭغا قارىتا يامان گۇماندا بولۇش ھەققىڭ يوق. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلىدىكىلىرىڭلارغا ۋە كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر»(2).

بۇ ئايەت گۇماننى <نۇرغۇن> دېگەن سۆز بىلەن سۈپەتلىدى ۋە ئۇنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى، ئاز گۇماندىن ساقلىنىشنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئۈچۈن كۆپ گۇماندىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇدى.

گۇمان كۆڭۈلگە كېچىدىغان، دىل مايىل بولۇپ قالىدىغان نەرسە بولۇپ، ئىسلام دىنى ئۇنى ھارام قىلدى.

كۆڭۈلگە كېچىدىغان خىياللار، غەم ـ ئەندىشىلەر ۋە كۆڭۈلنى خالىي قىلىش مۇمكىن بولمىغان ئوي ـ پىكىرلەر گۇماندىن مۇستەسنادۇر. ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق

(1) سەھىھ بۇخارى، 6318 ـ ھەدىس.

(2) سەھىھ بۇخارى، 6319 ـ ھەدىس.

دېگەن: «گۇمان قىلىشتىن قەتئىي ساقلىنىڭلار، گۇمان ئەڭ يالغان سۆزدۇر. بىر - بىرىڭلارنى تىڭ - تىڭلاپ يۇرمەڭلار، بىر - بىرىڭلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار، ھەسەت قىلىشماڭلار، دۇشمەنلەشمەڭلار ۋە ئاداۋەت تۇتماڭلار، بەلكى اللہ نىڭ قېرىنداش بەندىلىرى بولۇڭلار»[1].

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يەردىكى گۇمان سەۋەبسىز ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۆھمەتنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەمنىڭ يامان ئىش قىلغانلىقىنى ئاشكارلاشنى تەقەززا قىلىدىغان نەرسە ئوتتۇرىغا چىقمىسىمۇ، ئۇنىڭغا يامان ئىش بىلەن تۆھمەت قىلىشقا ئوخشاش».

ئەمما بىر ھەدىستە رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «پالانى ۋە پالانىنى دىنىمىزدىن مەلۇم نەرسىنى بىلىدۇ، دەپ گۇمان قىلىمەن» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ سۆزنى مۇناپىقلاردىن ئىككى ئادەمگە قارىتا قىلغانىدى. بۇنىڭغا ئوخشاش گۇمان چەكلەنگەن گۇماندىن ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئورۇن كىشىلەرنىڭ ھالىنىڭ ئەنە شۇ ئىككى ئادەمنىڭ ھالىغا ئوخشاش بولۇپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇشقا قارىتىلغان. بۇ چەكلىمە دىنىدا ۋە يۈز - ئابرۇيىدا ساغلام بىر مۇسۇلمانغا قارىتا يامان گۇماندا بولۇشقا قارىتىلىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «بىز بىرەر ئادەمنى خۇپتەن نامىزىدا كۆرەلمىسەك، ئۇنىڭغا قارىتا يامان گۇماندا بولۇپ قالاتتۇق»[2].

ھەربىر مۇسۇلمان شۇبھىلىك ئورۇنلاردىن، يامان گۇمانغا سېلىپ قويىدىغان ئىشلاردىن قەتئىي ساقلىنىشى، ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇشى، دىنىنى ۋە شان - شەرىپىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

يامان گۇمان باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەشكە ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن اللہ تائالا يامان گۇمان قىلىشنى مەنئى قىلغاندىن كېيىن باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەشنى مەنئى قىلىپ مۇنداق دېگەن: «(مۆمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى) ئىزدىمەڭلار»[3]. يەنى ئىنسانلارنىڭ ئەيىبلىرىنى ئىزدىمەڭلار، اللہ يوشۇرغان نەرسىلەردىن خەۋەردار بولۇشقا تىرىشماڭلار. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئەگەر بىرەر شەخسنىڭ قەلبىگە تۆھمەت قىلىش خىيالى كېلىپ قالسا، ئۇ ئۇنى ئېنىقلاپ كۆرۈشكە ئورۇنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەيىب ئىزدەيدۇ، تىڭ - تىڭلايدۇ ۋە بۇ ھەقتە كۆپرەك گەپ ئاڭلاشقا تىرىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەش مەنئى قىلىنغان.

(1) سۈرە ھۇجۇرات، 12 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) سەھىھ بۇخارى، 4064 - ھەدىس.

(3) «فەتھۇلبارى» 10 - توم، 481 - بەت.

بىز يۇقىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق: «گۇمان قىلىشتىن قەتئىي ساقلىنىڭلار، گۇمان ئەڭ يالغان سۆزدۇر. بىر ـ بىرىڭلارنى تىڭ ـ تىڭلاپ يۈرمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار».

ئىمام ئەبۇداۋۇدنىڭ سۈنەنىدە رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر گۇمانلىنىپ قالساڭ، ئۇنى ئېنىقلاپ يۈرمىگىن، ھەسەت قىلساڭ، ئۇ نېمەتنىڭ ئۆزەڭدە بولۇشىنى تىلىمىگىن، شۇم پال ئالساڭ، ئىشىڭنى داۋام قىلىۋەرگىن!»

# ھەسەت قىلىشنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى

ھارام قىلىنغان ھەسەت بىرەر قېرىندىشىڭغا اللّٰه تائالا بەرگەن نېمەتنىڭ يوقۇلۇپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. مەيلى ئۇ نېمەتنىڭ ئۆزەڭدە بولۇشىنى ئارزۇ قىلغىن ياكى ئارزۇ قىلمىغىن، بەرىبىر ئوخشاشتۇر. لېكىن بىرەر پاسىق ياكى كاپىر مەلۇم نېمەتكە ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇ ئۇنىڭ بىلەن ئارىدا پىتنە قوزغاشقا ياكى ئارىنى بۇزۇشقا ۋە ئىنسانلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشكە ياردەم قىلسا، ئۇنى يامان كۆرۈشۈڭ ھەمدە ئۇ نېمەتنىڭ يوقۇلۇپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلىشىڭ ساڭا خاتا ئەمەس. بۇ ۋاقىتتا سەن ئۇ نېمەتنىڭ نېمەت بولغانلىقى ئۈچۈنلا يوقۇلۇپ كېتىشىنى ياخشى كۆرگەن بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بۇزۇقچىلىققا سەۋەب بولغانلىقى ئۈچۈن يوقۇلۇپ كېتىشىنى ياخشى كۆرگەن بولىسەن.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۆزئارا دۈشمەنلەشمەڭلار، ھەسەت قىلىشماڭلار، ئاداۋەتلەشمەڭلار، بەلكى اللّٰه نىڭ قېرىنداش بەندىلىرى بولۇڭلار! بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇشى ھالال ئەمەس»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھەسەت قىلىشماڭلار» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، ھەسەت بىراۋنىڭ نېمەتكە ئېرىشكەن بىر شەخسنىڭ قولىدىكى نېمەتنىڭ يوقۇلۇشىنى ئارزۇ قىلىشىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇ ئامىباب مەنىگە ئىگە بولۇپ، مەيلى ئۇ كىشى بۇ نېمەتنىڭ يوقۇلۇشى ئۈچۈن ئورۇنسۇن ياكى ئورۇنمىسۇن، بەرىبىر ھەسەت بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ يوقۇلۇشىغا ئورۇنغان تەقدىردە، تاجاۋۇزچى بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ئورۇنمىغان، ھەسىتىنى ئىزھار قىلمىغان، بىرەر مۇسۇلمان ئۈچۈن يەنە بىر مۇسۇلماننى

(1) سۈرە ھۇجۇرات، 12 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يامان كۆرستىدىغان ئىشلارغا سەۋەبچىمۇ بولۇپ قالمىغان تەقدىردە، ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىگە قاراش لازىم؛ ئەگەر ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشنى قىلىش ئىمكانى بولمىغانلىقتىن قىلمىغان بولسا، مەسىلەن، ئۇ ئۇ ئىشنى قىلىشقا ئىمكان تاپقان ھالەتتە ئۇنى ئەمەلىي قىلىدىغان ئەھۋال بولسا، بۇھالدا ئۇ گۇناھكار بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى شۇنداق قىلىشتىن تەقۋادارلىق توسۇپ قالغان بولسا، ئەپۇ قىلىنىدۇ. چۈنكى ئىنسان نەپسانىي خىياللارنى يوقىتىشقا ئاساسەن قادىر بولالمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ بۇ خىلدىكى ھەسەتخورلىقى بىلەن كۈرەش قىلىشى، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماسلىقى ۋە ئۇنى قىلىشقا بەل باغلىماسلىقى يېتەرلىكتۇر.

ئابدۇررەززاق ئۆزىنىڭ سەنەدى بىلەن مۇنۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: «مۇنداق ئۈچ ئىشتىن ھېچكىم خالىي بولالمايدۇ؛ شۇم پال ئېلىش، گۇمان قىلىش ۋە ھەسەت قىلىش». بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلار: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلغىلى بولىدۇ؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر شۇم پال ئالساڭ، ئىرادەڭدىن قايتمىغىن، گۇمانلىنىپ قالساڭ، ئۇنى ئېنىقلاپ يۈرمىگىن، ئەگەر ھەسەت قىلساڭ، ئۇ نېمەتنىڭ ئۆزەڭدە بولۇشىنى تىلىمىگىن!»

ھەسەن بەسرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ھەسەت قىلمايدىغان بىرمۇ ئىنسان بولمايدۇ. لېكىن كىمكى ھەسەتنى دۈشمەنلىك قىلىش ۋە زۇلۇم قىلىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋەتمىسە، بۇ خىل ھەسەت ئۇنىڭغا ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ»[1].

ھەسەتنىڭ ناھايىتى خەتەرلىك ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرستىدىغان دەلىللەردىن بىرى اللە تائالانىڭ سۈرە فەلەقتىكى مۇنۇ سۆزىدۇر: «ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى شەررىدىن سۇبھىنىڭ پەرۋەردىگارى (اللە) غا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن»[2]. مەخلۇقاتنىڭ (يەنى ئىنسانلارنىڭ) شەررىدىن پاناھ تىلىگەندىن كېيىن بۇ نەرسىلەر بىلەن پاناھ تىلەش كىشىگە ئۇلارنىڭ شەررىنىڭ تېخىمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. يامانلىقنىڭ ئەڭ يامىنى ھەسەت قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بۇ سۈرىدىكى ئايەتلەر ھەسەتنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەش بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇلدى. ھەسەت اللە تائالاغا قارشى ئىشلەنگەن تۇنجى گۇناھ بولۇپ، ئىبلىس ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ھەسەت قىلغانلىقتىن ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشنى رەت قىلغان.

ھەسەت قىلىش بەزى ئەھۋاللاردا يوللۇق بولىدۇ. مەسىلەن، بىر ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دېيىلگەن: «پەقەت مۇنداق ئىككى ئىشتا ھەسەت قىلىش بار؛ بىرى، اللە

(1) سەھىھ بۇخارى، 6065 ـ ھەدىس.

(2) «فەتھۇلبارى» 10 ـ توم، 482 ـ بەت.

قۇرئان بەرگەن ئادەم بولۇپ، ئۇ ئەتىگەن ـ ئاخشامدا قۇرئاننىڭ ھەققىنى ئادا قىلىدۇ. يەنە بىرى، اللہ بايلىق بەرگەن ئادەم بولۇپ، ئۇ ئۇنى ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ياخشى ئىشلارغا سەرپ قىلىپ تۇرىدۇ»[1].

## بېخىللىق قىلىش ۋە ئىلمنى يوشۇرۇشنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى

بېقىللىققا <ئەتتەئرىيفات> ناملىق كىتابتا مۇنداق ئۇقۇم بېرىلگەن: «بېخىللىق ئۆزىنىڭ مېلىنى چىقىم قىلماسلىقتۇر». بەزىلەر ئۇنىڭغا مۇنداقمۇ ئۇقۇم بەرگەن: «بېخىللىق ئېھتىياج چۈشكەندە ئۆتۈنۈپ بەرمەسلىكتۇر».

ھەكىم مۇنداق دەيدۇ: «بېخىللىق ئىنسانىي سۈپەتلەرنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ، ھايۋانىي ئادەتلەرنى يېتىلدۈرىدۇ. ئۇ كىشىنى تۇگەشتۈرىدىغان رەزىل سۈپەتلەردىن بىرى بولۇپ، شەرىئەت پەرز قىلغان نەرسىنى، شۇنداقلا ئۆرپ ـ ئادەتتە ئىنسانلىق مەجبۇرىيەت دەپ تونۇلغان نەرسىنى ئادا قىلىشتىن توسىدۇ. مەسىلەن، بېخىللىق كىشىنى ئىچى تارلىققا ئېلىپ بارىدۇ، ئەرزىمەس نەرسىلەرگە بېرىلدۈرىدۇ. مۇنداق قىلىش يامان كۆرۈلىدىغان ئىشتۇر. ئۇ ئىشنىڭ يامان كۆرۈلۈشى شارائىت ۋە شەخسلەرگە قارىتا پەرقلىق بولىدۇ».

كىمنىڭ بايلىقى كۆپىيىپ كەتسە، كەمبەغەلدىمۇ كۆرۈلمىگەن ئىچى تارلىق ئۇنىڭدا كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە، تۇغقانلىرىغا، قول ئاستىدىكى كىشىلەرگە قىلغان ئىچى تارلىقى ياتلارغا قىلغان ئىچى تارلىقىدىنمۇ يامان كۆرۈلىدۇ. شەرىئەتنىڭ قارىشىدىكى بېخىللىق زاكاتنى، پىتىر سەدىقىسىنى، خوتۇنىغا ۋە تۇغقانلىرىغا بېرىدىغان چىقىمنى ئادا قىلىشتىكى بېخىللىقتۇر. ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ قارىشىدىكى بېخىللىق نەپلە سەدىقە بېرىش، تۇغقانلارغا، قوشنىلارغا، دوستلارغا ۋە باشقىلارغا سوۋغات بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە قىلىنغان بېخىللىقتۇر.

باشقىلارنىڭ مال سەرپ قىلىشىغا بېخىللىق قىلغان، ئۇلارنى شەرىئەت ۋاجىپ قىلغان ۋە ئۆرپ ـ ئادەت مەجبۇرىيەت قىلغان ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىشتىن توسقان كىشى ئەڭ چوڭ بېخىل ھېسابلىنىدۇ. اللہ تائالا تەرىپىدىن ساغلام ئەقىل ۋە ئۆتكۈر چۈشەنچە رىزىق قىلىپ بېرىلگەن، ئاندىن ئىلىم تەلەپ قىلماستىن، اللہ تائالانى تونۇش ئۈچۈن ئىزدەنمەستىن، بەلكى پۇل ـ مال توپلاشقا بېرىلىپ كېتىپ جاھىل قالغان كىشىنىڭ بېخىللىقى ئەڭ چوڭ بېخىللىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ ناھايىتى چوڭ زىيانكارلىقتۇر.

(1) سۈرە فەلەق، 5 ـ ئايەت.

بېخىللىق بىر ئىنساننىڭ جەمئىيەت ئەزالىرى بىلەن بولغان ئالاقە مۇئامىلىسىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئۆزنى ياخشى كۆرۈش، شەخسىيەتچىلىك قىلىش، ماددىغا بېرىلىپ كېتىش، ئاچكۆزلۈك قىلىش قاتارلىق ئىللەتلەرگە سەۋەبچى بولىدۇ، تەبىئىتىدە قاساۋەتلىكنى ۋە تاش يۈرەكلىكنى يېتىلدۈرىدۇ، ئۇنى باشقىلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلىشقا، ئۇلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. الله تائالا ئۇلارنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار (يەنى مۇتەكەببىرلەر، ماختانچاقلار) بېخىللىق قىلىدۇ، كىشىلەرنى بېخىللىققا بۇيرۇيدۇ، الله ئۇلارغا ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرنى (يەنى پۇل ـ مالنى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتىكى سۈپىتىنى) يوشۇرىدۇ، (الله نىڭ نېمىتىنى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا خورلىغۇچى ئازابنى تەييارلىدۇق»[1].

بېخىللىقنىڭ شەكىللىرىدىن يەنە بىرى ئىلىمنى يوشۇرۇش بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەتكە ھالاكەت ئېلىپ كېلىدىغان ئاپەتلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۆگىتىش لازىم بولغان، پەرزلىكى مۇئەييەنلەشكەن شەرئى ئىلىمنى يوشۇرۇش كۇپرىلىققا ئېلىپ بارىدۇ. كىمكى ئىسلامغا كىرمەكچى بولغان كىشىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭغا: <سەۋر قىلغىن> دېسە، ياكى: <كېيىن كەلگىن> دېسە، ياكى: <باشقا بىر ئالىمنىڭ قېشىغا بارغىن، ئۇ ساڭا ئىسلامنى ئۆگىتىپ قويىدۇ> دېسە، ئالىملار: «مۇنداق سۆزنى قىلغۇچى كاپىر بولىدۇ» دېگەن. بەزىلەر مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئۇ ئۇنى بىرەر ئالىمنىڭ قېشىغا ئەۋەتسە، كاپىر بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئالىم ئۇنىڭغا بىلمىسىز كىشى ئۆگىتەلمىگەن نەرسىنى چىرايلىق رەۋىشتە ئۆگىتىشى مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا ئەۋەتكۈچى ئەۋەتىلگۈچىنىڭ بىردەممۇ كاپىر پېتى قېلىشىغا رازى بولمىغان، بەلكى ئۇنىڭ تولۇق ۋە مۇكەممەل رەۋىشتە ئىسلامغا كىرىشىگە رازى بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ قېشىغا ھالال ياكى ھارام نەرسە ھەققىدە پەتىۋا سوراپ كەلگەن، ياكى نامازنى تولۇق رەۋىشتە ئوقۇشنى ئۆگىتىپ قويۇشنى سوراپ كەلگەن تەقدىردە، ئۆزرىسىز رەت قىلسا، گۇناھكار بولىدۇ ۋە ئىلىمنى يوشۇرغۇچىلاردىن ھېسابلىنىدۇ[2].

## كىبىرلىك قىلىش ۋە ئۆزگە تەمەننا قويۇشنىڭ ھارام قىلىنغانلىقى

كىبىرلىك قىلىش ھارامدۇر. چۈنكى الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «يەر يۈزىدە ناھەق تەكەببۇرلۇق قىلىدىغانلارغا مېنىڭ ئايەتلىرىمنى پەھىم قىلدۇرمايمەن»[3]، «پەيغەمبەرلەر الله دىن مەدەت تىلىدى، ھەر بىر ئۇچىغا چىققان تەرسا، شەپقەتسىز

(1) سەھىھ مۇسلىم، **815** ـ ھەدىس.

(2) سۈرە نىسا، **37** ـ ئايەت.

(3) «ئەلھەدىيىيە ئەلئەلائىييە» **323** ـ بەت.

(يەنى اللە غا ئىتائەت قىلىشقا گەدەنكەشلىك قىلىپ ھەقىقەتتىن باش تارتقۇچى) ھالاك بولدى »[1]، « بۇزغۇنچىلىق قىلىپ (ئىماندىن باش تارتقان)، (بەندىلەرگە) زومىگەرلىك قىلغان ھەر قانداق ئادەمنىڭ دىلىنى اللە مۇشۇنداق پېچەتلىۋېتىدۇ »[2].

ھارىس ئىبنى ۋەھب خۇزائىيدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « مەن سىلەرگە جەننەت ئەھلىدىن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ ئۇلار خار، ئاجىز كىشىلەر بولۇپ، ئەگەر ئۇلار اللە غا قەسەم قىلسا، اللە ئۇلارنىڭ قەسەمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىدۇ. مەن سىلەرگە دەۋزەخ ئەھلىدىن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چوڭ تۇتىدىغان ھاكاۋۇر كىشىلەردۇر »[3].

راغىب مۇنداق دەيدۇ: « كىبىرلىك، تەكەببۇرلۇق ۋە ھەقتىن باش تارتىش بىر ـ بىرىگە مەنىداش سۆزلەردۇر. كىبىرلىك ئىنساننىڭ ئۆز ئۆزىگە تەمەننا قويۇشىغا خاس ھالەتتۇر. مەلۇم شەخسنىڭ ئۆزىنى باشقىلاردىن چوڭ كۆرۈشى كىبىرلىكتۇر. ھەقنى قوبۇل قىلىشتىن، اللە نى بار ۋە بىر دەپ تونۇپ، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشتىن، تائەت ـ ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتىش ئارقىلىق پەرۋەردىگارىغا تەكەببۇرلۇق قىلىش ئەڭ چوڭ كىبىرلىكتۇر ».

تەكەببۇرلۇق مۇنداق ئىككى سەۋەبتىن كېلىدۇ: بىرى، ياخشى ئەمەللەر باشقىلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن ئارتۇق بولىدۇ. مۇشۇ جەھەتتىن اللە تائالا ئۇنى تەكەببۇرلۇق قىلىش، دەپ سۈپەتلىگەن.

يەنە بىرى، يالغان قىياپەتكە كىرىۋېلىش، يېمىگەن تاماققا تويۇپ كېتىشكە ئوخشاش ئالامەتلەر بولىدۇ. ئومۇمىي خەلقنىڭ سۈپەتلىشىدە شۇنداق بولىدۇ. مەسىلەن، اللە تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئوخشاش: « بۇزغۇنچىلىق قىلىپ (ئىماندىن باش تارتقان)، (بەندىلەرگە) زومىگەرلىك قىلغان ھەر قانداق ئادەمنىڭ دىلىنى اللە مۇشۇنداق پېچەتلىۋېتىدۇ »[4].

ئىمام غەزالىي مۇنداق دەيدۇ: «كىبىرلىك ئىككى قىسىم بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئەمەل ـ ئىبادەتلەردە كۆرۈلسە، تەكەببۇرلۇق دېيىلىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، كىبىرلىك دېيىلىدۇ. ئەسلىدە كىبىرلىك ئۆز تەبىئىتىدە بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئۆزىنى ئۈستۈن كۆرۈپ راھەتلىنىشتۇر. كىبىرلىك تەكەببۇرلۇق قىلىشقا، ئۆزىنى ئۈستۈن كۆرۈشكە ۋە چوڭچىلىق قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىبىرلىك ئۆزىگە تەمەننا قويۇشتىن پەرقلىنىدۇ »[5].

(1) سۈرە ئەئراف، 146 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) سۈرە ئىبراھىم، 15 ـ ئايەت.

(3) سۈرە غافىر، 35 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(4) سەھىھ بۇخارى، 6071 ـ ھەدىس.

(5) سۈرە غافىر، 35 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام كىبىرلىكنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بايان قىلىپ بەرگىنىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «قەلبىدە زەررىچىلىك كىبىر بار كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ». بىر ئادەم: كىشى كىيىمىنىڭ يارىشىملىق، ئايىقىنىڭ چىرايلىق بولۇشىنى ياخشى كۆرسىمۇ بولمامدۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «شەك ـ شۈبهىسىزكى، اللّٰه گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ. كىبىرلىك ھەقنى ئىنكار قىلىش ۋە كىشىلەرنى ھاماقەت ساناشتۇر»[1].**

**اللّٰه تائالا پۈتۈن كامالى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگۈچىدۇر، پۈتۈن نۇقسانلاردىن پاكتۇر. اللّٰه تائالا بەندىسىنى ئۇنىڭغا بەرگەن نېمەتلىرىنىڭ، پەزلى ـ مەرھەمەتلىرىنىڭ ۋە ياخشىلىقلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ھالال بەلگىلىملەر ئىچىدە بېزەلگەن ھالدا كۆرۈشنى خالايدۇ.**

**پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ: «ھەقنى ئىنكار قىلىش» دېگەن سۆزى ھەقنى رەت قىلىشنى، «كىشىلەرنى ھاماقەت ساناش» دېگەن سۆزى ئۇلارنى كەمسىتىش ۋە پەس كۆرۈشنى ئىپادىلەيدۇ.**

**كىبىرلىك لەنىتى ئىبلىسنىڭ تۇتقان يولىدۇر. ئۇ ئەڭ رەزىل ئەخلاق بولۇپ، كىبىر ئىگىسى اللّٰه تائالانىڭ ئۇلۇغلۇق ۋە كاتتىلىق سۈپەتلىرىگە كۆز ئالايتقان بولىدۇ. ئەكسىچە، نېمەتنى چوڭ ساناش، نېمەتكە، ئۇنى بەرگۈچىنى ئۇنتۇپ كېتىش بىلەن بىرگە بېرىلىپ كېتىش ئۆزىگە تەمەننا قويۇشنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۆزىگە تەمەننا قويۇشمۇ كىبىرلىكنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى كىبىرلىكنىڭ كۆپى ئۆزىگە تەمەننا قويۇشتىن تۇغۇلىدۇ. ئۇمۇ رەزىل ئەخلاقلاردىن بىرىدۇر. نېمىشقا دېگەندە، ئۆزىگە تەمەننا قويۇش گۇناھلارنى ئۇنتۇپ كېتىشكە، اللّٰه نىڭ ئازابىدىن خاتىرجەم بولۇپ قېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. اللّٰه تائالا ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلغان ۋە نېمەت قىلىپ بەرگەن ئەمەللىرى بىلەن پەخىرلىنىپ كېتىپ، اللّٰه تائالانىڭ ئالدىدا ئۆزى ئۈچۈن چوقۇم ياخشىلىق بار، دەپ قارايدۇ.**

**پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىر ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم يولدا كېتىۋېتىپ، يەلكىسىگە چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرى ۋە كىيىۋالغان تونى بىلەن پەخىرلىنىپ كەتكەندى، تۇساتتىن ئۇنى يەر يۇتۇپ كەتتى. ئۇنىڭ يەر ئاستىغا كىرىشى قىيامەت كۈنىگە قەدەر قىستىلىش ئىچىدە داۋام قىلىدۇ»[2].**

---

[1] «فەتهۇلبارى» **10** ـ توم، **489** ـ بەت.

[2] ئىمام مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

# دىلغا كېچىدىغان خىياللار

دىلغا كېچىدىغان خىياللار ئىنساننىڭ ئىختىيارىدىكى ئىشلاردىن ئەمەستۇر. مەسىلەن، كۆڭلىدىكى پاراڭ، ھاياجانلىق ئىنتىلىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان جازاغا تارتىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئىنسان تاقىتىنىڭ سىرتىدىكى ئىشلاردىندۇر. مۇنداق ئىشنىڭ مۇيەسسەر بولۇش شەرتلىرى بولىدۇ. ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى شەيئىلەر (ئىگىدارچىلىق قىلىش جەھەتتىن بولسۇن، تەسەررۇپ قىلىش جەھەتتىن بولسۇن) الله نىڭ ئىلكىدىدۇر. دىلىڭلاردىكى (يامانلىقنى) مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار، مەيلى يوشۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن الله سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ. الله خالىغان كىشىگە مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان كىشىگە ئازاب قىلىدۇ. الله ھەممە نەرسىگە قادىردۇر»[1] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، بۇ ئايەتنىڭ ھۆكمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىگە ئېغىر تۇيۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ: <ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، جىھاد قىلىش، زاكات بېرىش قاتارلىق بىز ئورۇندىيالايدىغان ئەمەللەرگە تەكلىپ قىلىنغانىدۇق. ئەمدى ساڭا بۇ ئايەت نازىل بولدى، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا بىزنىڭ تاقىتىمىز يەتمەيدۇ> دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرمۇ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئىككى كىتابنىڭ ئەھلىنىڭ: <دەۋىتىڭنى ئاڭلىدۇق، ئەمرىڭگە ئىتائەت قىلمايمىز> دېگەن سۆزىگە ئوخشاش سۆز قىلماقچىمۇ؟ بەلكى: <بىز دەۋىتىڭنى ئاڭلىدۇق ۋە ئەمرىڭگە ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر ياندىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر، دەڭلار» دېدى.

ساھابىلار ئۇ ئايەتنى ئوقۇپ، تىلى ئۇنىڭغا راۋان كەلگىلى تۇرغاندا الله تائالا ئۇنىڭ ئارقىدىن بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: «پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى الله غا ۋە الله نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار) «الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)» دەيدۇ. ئۇلار: «بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر ياندىغان جايىمىز سېنىڭ

(1) سەھىھ مۇسلىم، 2088 ـ ھەدىس.

دەرگاھىڭدۇر » دەيدۇ »[1].

ساھابىلار شۇنداق قىلغاندىن كېيىن الله تائالا ئۇ ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئاندىن مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: « الله ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى (نىڭ ساۋابى) ئۆزىگىدۇر، يامانلىقى (نىڭ جازاسىمۇ) ئۆزىگىدۇر. پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن ». الله تائالا <بولىدۇ> دېدى. « پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن) ». الله تائالا <بولىدۇ> دېدى. « پەرۋەردىگارىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن ». الله تائالا <بولىدۇ> دېدى. « بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن »[2]. الله تائالا <بولىدۇ> دېدى[3].

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىر بۆلۈك كىشىلەر ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ: <كۆڭلىمىزگە بىرىمىز سۆزلەشكىمۇ پېتىنالمايدىغان (شۈبھىلىك) چوڭ خىياللار كېلىدۇ> دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « شۇنداق بولامدۇ؟ » دېدى. ئۇلار: <ھەئە> دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « ئەنە شۇ ئىمانىنىڭ روشەنلىكىدۇر » دېدى[4].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: « ئەنە شۇ ئىمانىنىڭ روشەنلىكىدۇر » دېگەن سۆزى مۇنداق مەنىنى ئىپادىلەيدۇ: سىلەرنىڭ ئۇنى چوڭ گۇناھ ساناپ سۆزلەشكىمۇ پېتىنالمىغانلىقىڭلارنىڭ ئۆزى ئىمانىنىڭ روشەنلىكىدۇر. ئۇنى چوڭ گۇناھ ساناش، گۇناھ دەپ ئېتىقاد قىلغاندىن سىرت ئۇنى سۆزلەشتىن قورقۇش ــ ئۇ پەقەت ئىمانى ھەقىقىي تۈردە مۇكەممەللەشكەن، شەك ـ شۈبھىلەردىن خالىس بولغان كىشىلەردىلا كۆرۈلىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: « ئازابتىن خاتىرجەم بولۇش ئىمان ئېيتقان، ئىمانىغا زۇلۇمنى ئارىلاشتۇرمىغان

(1) سۈرە بەقەرە، **284** ـ ئايەت.

(2) سۈرە بەقەرە، **285** ـ ئايەت.

(3) سۈرە بەقەرە، **286** ـ ئايەت.

(4) سەھىھ مۇسلىم، **125** ـ ھەدىس.

ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر »[1] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىگە ئېغىر تۇيۇلدى. ئۇلار: <قايسىمىز ئۆزىگە زۇلۇم قىلمايدۇ؟> دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ سىلەر ئويلىغان زۇلۇم ئەمەس، ئۇ پەقەت لوقماننىڭ ئۆز ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: «ئى ئوغۇلچىقىم، اللە غا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر »[2] يەنى ناھايىتى چوڭ زۇلۇمدۇر دېگەن سۆزىدىكى زۇلۇمدۇر » دېدى[3].

# خىلمۇ ـ خىل مەسىلىلەر

§ ۋەز ـ نەسىھەت ئېيتىش ئۈچۈن مۇنبەر ئۈستىدە تەبلىغ قىلىش پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننىتىدۇر. ھوقۇقىقا، پۇل ـ مالغا ۋە كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن مۇنبەر ئۈستىدە نۇتۇق سۆزلەش يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنىڭ گۇمراھلىقلىرىدىندۇر.

§ ئەگەر قۇرئان كەرىم كونىراپ يىرتىلىپ كېتىپ، ئۇنى ئوقۇش تەس بولۇپ قالغان ئەھۋالدىمۇ ئۇنى كۆيدۈرۈشكە بولمايدۇ. ئىمام مۇھەممەد شۇنداق دەپ كۆرسەتكەن بولۇپ، بىز ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىمىز. ئۇنى كۆمۈۋېتىش مەكروھ ئەمەس. ئۇنى پاك لاتىغا ئوراپ، ئاندىن لەھەت كولۇپ كۆمۈش لازىم. چۈنكى يەرنى كولاپلا كۆمگەن تەقدىردە، ئۇنىڭ ئۈستىگە توپا ئىتتىرىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ قۇرئان كەرىمنى كۆزگە ئىلمىغاندەك بىر ئىش بولۇپ قالىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈمبەز قىلىپ كۆمسە بولىدۇ. ئەگەر خالىسا، ئۇنى سۇدا يۇيۇۋەتسىمۇ ياكى تاھارەتسىز ئادەمنىڭ قولى يەتمەيدىغان، چاڭ ـ توزاڭ ۋە مەينەت نەرسىلەر كەلمەيدىغان پاكىز جايغا قويۇپ قويسىمۇ بولىدۇ. بۇ اللە تائالانىڭ سۆزىنى ھۆرمەتلىگەنلىكتۇر.

§ قۇرئان كەرىم بار ئۆيدە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەسلىك ئەۋزەلدۇر. چۈنكى ھەممە ئۆي ئۇنىڭدىن خالىي ئەمەس. لېكىن ئۇ يېپىپ قويۇلغان بولسا، ھېچ يامىنى يوق.

§ ئەگەر بىرىگە: <ئى ئەبلەخ!> <ئى پاسىقىنا!> دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر ئىشلىتىلىپ ھاقارەت قىلىنغان بولسا، ئۇمۇ ئۇنى تىللاشتا جازا كەلمەيدىغان سۆزلەرنى ئىشلىتىپ جاۋاب قايتۇرسا دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

(1) سەھىھ مۇسلىم، 132 ـ ھەدىس.

(2) سۈرە ئەنئام، 82 ـ ئايەت.

(3) سۈرە لوقمان، 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

«زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ئادەم ئىنتىقامنى ئالسا، ئۇنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ»[1]. لېكىن تەڭ ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەر بىلەن جاۋاب قايتۇرماسلىق ئەۋزەلدۇر. چۈنكى الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى (ئەزىيەتكە) سەۋر قىلسا، (الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالمىسا، بۇ ئەلۋەتتە مەرغۇپ ئىشلاردىندۇر»[2].

§ توغرا قاراشقا ئاساسەن، سۈيى ئىچىش ئۈچۈن چېپىلغان كۆلدە تاھارەت ئېلىش دۇرۇس بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ كۆلدە تاھارەت ئېلىش مەنئى قىلىنىدۇ، تەيەممۇم قىلىشنىڭ دۇرۇس بولۇشى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. پەقەت سۇ كۆپ بولسا، تاھارەت ئېلىش دۇرۇس بولىدۇ. سۇنىڭ كۆپلىكىگە كۆلنىڭ سۈيىدىن ئىچىش بىلەن بىرگە تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن چېپىلغان بولۇشى دالالەت قىلىدۇ[3].

تۇز بىر زېمىندا يىغىلىپ قالغان يامغۇر سۈيى بولۇپ، كۆپ بولمىسا، تەيەممۇم قىلىش چەكلەنمەيدۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭدا تاھارەت ئېلىشقا بولىدىغانلىقى مەلۇم. چۈنكى تاھارەت ئېلىشقا بولىدىغان سۇنى ئىچىشكىمۇ بولىدۇ. لېكىن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق شۇكى، ئىچىش ئېھتىياجى بەكرەك مۇھىمدۇر. نېمىشقا دېگەندە، ئۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى ساقلىغىلى بولىدۇ. تاھارەت ئېلىش ئۇنداق ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭ ئورۇنباسارى (يەنى تەيەممۇم قىلىش) بار. شۇڭا ئۇ سۇنىڭ ئىگىسى ئادەتتە ئۇنىڭدىن ئىچىشكە رۇخسەت قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ بەكرەك پايدىلىقتۇر[4].

§ ئەرنىڭ بۇزۇق ئايالنى قويۇۋېتىشى، ئايالنىڭمۇ بۇزۇق ئەردىن خېتىنى تەلەپ قىلىشى ۋاجىپ ئەمەس. لېكىن ئەر ـ ئايال ئىككىسى الله نىڭ بەلگىلىمىلىرىنى ئورۇندىيالماسلىقتىن قورققان تەقدىردە ئاجرىشىپ كەتسە ھېچ يامىنى يوق. <بۇزۇق> دېگەن سۆز زىنا ۋە شۇنىڭدەك گۇناھلارنى ئىشلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خوتۇنۇم يات ئەرنىڭ قولىنى قايتۇرمايدۇ، لېكىن مەن خوتۇنۇمنى ياخشى كۆرىمەن، دېگەن ئەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولغىن» دېگەن.

بۇ ھەدىسنى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ لەۋزى مۇنداق: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: خوتۇنۇم يات ئەرنىڭ قولىنى قايتۇرمايدۇ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى ئۆزەڭدىن يىراق قىلغىن (يەنى تالاق قىلىۋەتكىن)» دېگەن. ئۇ ئادەم: لېكىن مەن خوتۇنۇمنى ياخشى كۆرىمەن دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق بولسا ئۇنىڭدىن

(1) سەھىھ مۇسلىم، 124 ـ ھەدىس.

(2) سۈرە شۇرا، 41 ـ ئايەت.

(3) سۈرە شۇرا، 43 ـ ئايەت.

(4) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 274 ـ بەت.

بەھرىمەن بولغىن» دېگەن. بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، رىۋايەتچىلىرى ئىشەنچلىك كىشىلەردۇر. ئىمام نەۋەۋىي: ئۇ توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىس، دېگەن. لېكىن ئىبنى جەۋزى ئىمام ئەھمەدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: «بۇ مەسىلە ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر نەرسە دېگەنلىكى ئىسپاتلانمايدۇ، ئۇ ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق». ئىبنى جەۋزى بۇنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ، ئۇ ھەدىسنى، گەرچە ئۇ ئۇنى ئىشەنچلىك يوللار بىلەن رىۋايەت قىلغان بولسىمۇ، توقۇلما ھەدىسلەردىن سانىغان. بەزى ئالىملار ئۇ ھەدىسنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن: «ئۇ ئايال ئېرىنىڭ مېلىنى بۇزۇپ چاچاتتى، ئۇنىڭ مېلىدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلغان ھېچبىر ئادەمنى قۇرۇق قول قايتۇرمايتتى»[1].

§ مەسجىدتىن ئۆتۈشنى ئادەت قىلىۋالغان كىشى پاسىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ بۇ ئادىتى بىلەن مەشھۇر بولۇپ كەتسە، گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى مەسجىد ئۆتۈش ئۈچۈن بىنا قىلىنغان ئەمەس، ئۇ پەقەت ناماز ئوقۇش، ئىلىم ئۆگىنىش ۋە قۇرئان ئوقۇش ئۈچۈن بىنا قىلىنغان. مەسجىدتىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىپ قالغان كىشى ھىيلە ئىشلىتىپ، كىرگەن چاغدا ئېتىكاپتا تۇرۇشنى نىيەت قىلسا بولىدۇ. مەسجىدتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىرئاز تۇرسا، ئېتىكاپ ئۈچۈن يېتەرلىك بولىدۇ[2].

§ ئۆسمۈر باللارغا مەسجىدتە ئىلىم ئۆگەتكۈچى ئەگەر ئۇنى ھەق ئېلىپ ئۆگەتسە، گۇناھكار بولىدۇ. لېكىن زۆرۈرىيەت بولۇپ قالغاندا ھەق ئالسا بولىدۇ. ئەگەر قۇرئان كەرىمنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ھەق ئالسا، ھېچ يامىنى يوق.

§ مەسجىدتە ئولتۇرغان كىشى مەسجىدكە كىرگەن كىشىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورنىدىن تۇرسا، مەكروھ بولمايدۇ. <مۇشكىلۇل ئاسار> ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «باشقىلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورۇندىن تۇرۇشنىڭ ئۆزى مەكروھ ئەمەس، پەقەت ئۆزى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئورۇندىن تۇرۇشنى ياخشى كۆرۈش مەكروھتۇر. ئەگەر ئۇ باشقىلارنىڭ ئورۇندىن تۇرۇشنى ياخشى كۆرمىسە، لېكىن باشقىلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرسا، مەكروھ ئەمەس. ئەگەر كەلگەن كىشى ھۆرمەت قىلىشقا تېگىشلىك ئادەم بولغان تەقدىردە قۇرئان ئوقۇۋاتقان كىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورنىدىن تۇرسىمۇ، مەكروھ بولمايدۇ».

ئالىمغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇش جائىزدۇر. ئەمما باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇش دۇرۇس بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇش مەسىلىسى ئۇنىڭ كەلگەنلىكىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئۆرە تۇرۇش مەسىلىسىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ مەسىلىگە

(1) «تەقرىيرات ئەررافىئى» 2 ـ توم، 211 ـ بەت.

(2) «سۇبۇلۇسسالام» ناملىق كىتابنىڭ، 3 ـ توم، 360 ـ بېتىگە قاراڭ.

دىققەت قىلىشىڭ لازىم[1].

§ پۇراپ قالغان گۆشنى يېيىش ھارامدۇر. پىشلاق ۋە مېۋىنىڭ قۇرۇتىنى، ئەگەر ئۇنى ئايرىغىلى بولغان تەقدىردە، يېيىش دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ چىۋىن، قوڭغۇز، چايان، ھېرە ۋە پىلە قۇرۇتى قاتارلىقلارغا ئوخشاشتۇر. ئەمما پىشلاق ۋە مېۋىنىڭ قۇرۇتىنى ئايرىغىلى بولمىسا، ياكى مېۋىنىڭ ئىچىنى يارغىلى بولمىسا، يەنى ئۇنىڭدىن ساقلىنىش مۇمكىن بولمىغان تەقدىردە ئۇنى تاماق ۋە مېۋە بىلەن بىرلىكتە يەپ سېلىشنىڭ ھېچ يامىنى يوق. <ئەلھەدىييە ئەلئەلائىييە> ناملىق كىتابتا مۇشۇنداق بايان قىلىنغان.

ئىبنى ئابىدىن ئىمام تەھاۋىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: «قۇرۇتلاپ كەتكەن پىشلاق، سىركە ۋە مېۋىلەرنى، ئەگەر قۇرۇتلارغا جان كىرىپ بولغان تەقدىردە، يېيىش دۇرۇس بولمايدۇ. گۆشنىڭ قۇرۇتى شورپىدا پىشىپ كۆپۈپ كەتكەن بولسا، يېيىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ سۇدا ئۆلۈپ تىتىلىپ كەتكەن پاقىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ، ئۇ سۇنى ئىچكىلى بولمايدۇ. ئەگەر كۆپۈپ كەتمىگەن بولسا، يېيىلىدۇ. ھەرە قۇرۇتى ۋە پىلە قۇرۇتىنى جان كىرىشتىن ئىلگىرى يېسە، ھېچ يامىنى يوق. چۈنكى جان كىرمىگەن نەرسە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان جانلىقلار قاتارىغا كىرمەيدۇ»[2].

§ مېيىتنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن يۆتكەش دۇرۇس بولمايدۇ. ئۇنداق قىلىش ھارامدۇر. ئۇنى دەپنە قىلىشتىن ئىلگىرى يۆتكەشمۇ مەكرۇھتۇر. پەقەت بىر ياكى ئىككى مىل ئەتراپىدا يۆتكەلسە بولىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ جەسىدىنى يۆتكىشىگە كەلسەك، ئۇ ئىلگىرىكى شەرىئەت بولۇپ، ئۇ شەرىئەت كېيىن ئەمەلدىن قالغاندۇر. ياكى ئۇ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەسىيىتىگە رىئايە قىلغانلىق بولۇپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم ئىدى. چۈنكى يۇسۇف ئەلەيھىسسالام جەسىتىنىڭ يۆتكىلىشىنى ۋەسىيەت قىلغان[3].

ھەممىگە مەلۇمكى، مۇسا ئەلەيھىسسالام تىيھ چۆلىدە ۋاپات بولدى. بۇ ۋاقىتتا بەنى ئىسرائىل تېخى بەيتۇلمۇقەددەس زېمىنىغا كىرمىگەنىدى. ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام (جان ئالغۇچى پەرىشتە) مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئەۋەتىلدى. ئۇ ئۇنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەندە، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنى بىر كاچات سالدى. ئەزرائىل پەرۋەردىگارىنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ: <سەن مېنى ئۆلۈشنى خالىمايدىغان

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 275 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 275 ـ بەت.

(3) «ئەلھەدىييە ئەلئەلائىييە» 226 ـ بەت.

**بەندىنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپسەن!> دېدى. الله تائالا ئۇنىڭ كۆزىنى ساقايتتى، ئاندىن: <سەن قايتىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا ئېيتقىنكى، ئۇ قولىنى ئۆكۈزنىڭ ئۇستىگە قويسۇن. ئۇنىڭ قولى ياپقان ھەربىر تۈكنىڭ باراۋىرىدە ئۇنىڭغا بىر يىل ئۆمۈر بېرىلىدۇ> دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: <ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولىدۇ؟> دېدى. الله تائالا: <ئاندىن ئۆلۈم يەنە كېلىدۇ> دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام: <ئۇنداق بولسا ھازىر ئۆلەي> دېدى. ئاندىن الله تائالادىن بەيتۇلمۇقەددەس زېمىنىغا بىر تاش ئېتىم يەرگىچە يېقىنلاشتۇرۇشنى تىلىدى». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئەگەر مەن ئۇ جايدا بولسا ئىدىم، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قىزىل تۆپىلىكنىڭ يېنىدىكى يول بويىغا جايلاشقان قەبرىسىنى سىلەرگە كۆرسىتىپ قوياتتىم»[1].**

**§ خوتۇن كىشى سەمرىش ئۈچۈن فەتىت[2] ۋە شۇنىڭدەك قىممەت باھالىق تاماقلارنى يېسە، ئەگەر ئۇ تويغانىنىڭ ئۈستىگە يېمىگەن ۋە ئېرى سېمىزلىكنى ياخشى كۆرىدىغان تەقدىردە، ھېچ يامىنى يوق. بىراق ئېرى ئۇنىڭ سەمرىپ كېتىشىنى ياخشى كۆرمىسە، ئۇ خوتۇن گۇناھكار بولىدۇ.**

**§ مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنى ئائىلىسىدىكىلەرگە كەڭ قول بولسا، ساۋاب بولىدۇ ۋە ئۇ كۈنى كەڭ قول بولۇش سۈننەتتۇر. بىر ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «كىمكى ئاشۇرا كۈنى ئائىلىسىدىكىلەرگە كەڭ قول بولسا، الله يىلنىڭ قالغان كۈنلىرىدە ئۇنىڭغا كەڭ قول بولىدۇ». ئۇ كۈنى كەڭ قول بولۇش ھەققىدە خېلى كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلىندى، بەزىلىرى توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن، دەپ قارالدى. نەتىجىدە مەزكۇر ھەدىس ياخشىلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ.**

**ئىبنى جەۋزى ئۇ ھەدىسنى توقۇلما ھەدىسلەردىن سانىغان. ئىنسانلار ئۇ ھەدىسنى تۇتقا قىلىپ، ھەممە تۈرلۈك ئاشلىق دانىنى ئىشلىتىشتە كەڭ قول بولۇشقان. بۇنىمۇ كەڭ قول بولۇش دېيىشكە بولىدۇ. مەن بەزى ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتە ناھايىتى ياخشى سۆز قىلغانلىقىنى كۆردۈم؛ ئۇنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، كەڭ قول بولۇشتا بىر تۈرلۈك نەرسىگىلا باغلىق بولۇپ قالماسلىق لازىم. بەلكى ئۇ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا ئېھتىياجلىق نەرسىلەردىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك. ئۇ، مەۋسۇملەر ئىچىدىكى شەرئى بولمىغان بايراملاردا كەڭ قول بولۇشقا قارىغاندا كەڭ قول بولۇش ئۈچۈن ئەڭ ھەقلىق كۈندۇر. ئەمما: «كىمكى ئاشۇرا كۈنى سۈرمە تارتسا، يىلنىڭ قالغان كۈنلىرىدە كۆزى ئاغرىمايدۇ» دېگەن ھەدىسكە كەلسەك، پەيغەمبەر**

---

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 275 ـ بەت.

(2) سەھىھ بۇخارى، 1339 ـ ھەدىس.

ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق ھەدىس رىۋايەت قىلىنمىغان. <ئەللەئالى> ناملىق كىتابتا ئېيتىلغىنىدەك، ھافىز ئىبنى ھەجەرمۇ: «ئۇ يالغان ھەدىستۇر» دېگەن. سۈرمە تارتىش ھەققىدە توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن بىرەرمۇ ھەدىس رىۋايەت قىلىنمىغان، شۇڭا سۈرمە تارتىش بىدئەتتۇر[1].

§ ھۆر ئادەمنىڭ بالىسىنى ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن ئۇرۇش دۇرۇس بولمايدۇ. ئەمما مۇئەللىم ئۇنى ئۇرسا بولىدۇ. چۈنكى بۇيرۇققا ئاساسەن ئۇرغۇچى ئۇنى ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئۇنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئۇرىدۇ. مۇئەللىم ئۇنى ئاتىسىنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشى ئارقىلىق قولىغا ئالغان ئىگىدارچىلىق قىلىش ھۆكمى بىلەن تەلىم ـ تەربىيە بېرىشنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئۇرىدۇ.

§ قۇرئان ئاڭلاش ۋاجىپ، ئوقۇش سۈننەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئاڭلاش ئوقۇغانغا قارىغاندا كۆپ ساۋابقا ئېرىشتۈرىدۇ.

§ كىچىك بالىنىڭ ساۋابى شۇ كىچىك بالا بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئۇ كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدۇر. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ»[2]. بەزى ئالىملار مۇنداق دەپ قارايدۇ: «ئىنسانغا ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن بالىسىنىڭ ئىلمى مەنپەئەت قىلىدۇ. چۈنكى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەندىگە ئۇ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ مەنپەئەت قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ جۈملىسىدىن بىرى شۇكى، بالىسىغا قۇرئان ۋە ئىلىم ئۆگىتىپ قالدۇرۇشتۇر. شۇنداق بولغاندا بالىنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەستىن ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن قۇرئان ۋە ئىلىم ئۆگەتكەنىنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ».

ئۇ قاراشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزى كۈچلەندۈرىدۇ: «ئەگەر ئىنسان ئۆلسە، ئۇنىڭ مۇنۇ ئۈچ ئەمەلىدىن باشقا ئەمەلى ئۈزۈلىدۇ؛ ساۋابى ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان سەدىقە (يەنى مەسجىد ۋە كۆۋرۈك سالدۇرغان، يول ياساتقانغا ئوخشاش خەيرلىك ئىشلار)، پايدىلىق ئىلىم، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى بالا».

كىچىك بالىنىڭ ئىبادەتلىرى ئادا تاپىدۇ. ئالىملار ئۇنىڭ ساۋابى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولغان. ئاساسلىق قاراش شۇكى، ئىبادەت ئۇنىڭ ئۈچۈن بولىدۇ، مۇئەللىمگە ئۆگەتكەنىنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ باشقا ياخشىلىقلىرىمۇ شۇنداق بولىدۇ. شۇڭا بۇ ئاساسلىق قاراش بىلەن بالىسىنىڭ ئىلمى ئاتىسىغا مەنپەئەت قىلىدۇ، دېگەن قاراشنىڭ ئارىسىدا زىتلىق يوق. نېمىشقا دېگەندە، بالا ئاتىنىڭ

(1) «فەتىت» ئەرەبلەرنىڭ ھەسەل ۋە شۇنىڭدەك قۇۋۋەت ماددىلىرىنى بىرىكتۈرۈپ ئېتىدىغان تامىقى بولۇپ، سەمرىتىش كۈچىگە ئىگە. ت.

(2) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 276 ـ بەت.

ئىشلىگەن ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر. چۈنكى ئۇ، ھەدىستە بايان قىلىنغىنىدەك، ئەڭ ياخشى ئىش ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئۇ بالاغەتكە يەتكەن باللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۆرۈلگەن ئىختىلاپ بولسا پەقەت كىچىك بالا ھەققىدە بولغان.

§ بوش ۋاقىتتا قۇرئاننىڭ ئۆگىنەلمەي قالغان قىسمىنى ئۆگىنىش نەپلە ناماز ئوقۇغاندىن ياخشىدۇر. چۈنكى قۇرئاننى ئۇممەت ئۈچۈن قوغداش پەرز كۇپايىدۇر. نەپلە ناماز ئوقۇش سۈننەتتۇر.

§ ساڭا پەرز بولغان ئىلمنى ئۆگىنىش قۇرئاننىڭ قالغان قىسمىنى ئۆگىنىشتىن ئەۋزەلدۇر. چۈنكى قۇرئاننىڭ ھەممىنى ئۆگىنىش پەرز كۇپايىدۇر. فىقھى ئىلمىدىن چوقۇم ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بولغان ئىلمنى ئۆگىنىش پەرز ئەيندۇر. شۇڭا پەرز ئەين بىلەن شۇغۇللىنىش ئەۋزەلدۇر.

§ ئالىملار دەرسنىڭ ئاياقلاشقانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن <الله ئەئلەم> دېيىشنى ۋە شۇنىڭدەك سۆزلەرنى قىلىشنى، مەسىلەن، <ۋەسەللەللاھۇ ئەلا مۇھەممەد> دېيىشنى مەكروھ، دەپ قارىغان. ئەمما ئۇنداق دېيىش دەرسنىڭ تۈگىگەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بولمىسا، مەكروھ بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ زىكرى ئېيتىش ۋە ئىشنى الله غا تاپشۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئۇنى ئالدىنقى ئۇسۇلدا قوللىنىش ئېلان ئۈچۈن ۋاستە قىلىپ ئىشلەتكەنلىك بولىدۇ. ئۆيگە كىرىپ كەلگۈچى ئولتۇرغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈش، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئورۇن ھازىرلىشى ۋە ھۆرمەت كۆرسىتىشى ئۈچۈن: <يا الله!> دېسىمۇ شۇنداق بولىدۇ. كۈزەتچىلىك قىلغان كىشى ئۆزىنىڭ ئويغاق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن: <لا ئىلاھە ئىللەللاھ!> دېسە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى قىلسا، مەقسەت زىكرى ئۈچۈن بولماي قالىدۇ. ئەمما ئىككى مەقسەت بىرلەشسە، كۈچلۈك بولغان مەقسەت ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ[1].

§ كۆپ ساندىكى تابىئىنلار ۋە ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەر جىنسىي ئەزانى سېغىپ، ئۇنىڭ تۆشۈكىدىكى قالدۇق مەنىينى قويماي چىقىرىۋېتىشتا ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتمەيتتى. جىنسىي ئەزانى سېغىش ــ مەنىي چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ تۆشۈكىنى تازىلاشنى (يەنى تۆشۈك ئىچىدىكى قالدۇق مەنىينى قويماي چىقىرىۋېتىشنى) كۆرسىتىدۇ. مۇنداق قىلىش ئەرگە لازىم ئەمەس. خوتۇن كىشىمۇ ئۇنداق قىلىشقا موھتاج بولمايدۇ. بەلكى خوتۇن كىشى بىرئاز سەۋر قىلىپ، ئاندىن سۈرتىۋەتسە ياكى سۇ بىلەن يۇيىۋەتسە بولىدۇ. ئەرنىڭ جىنسىي ئەزاسىدىكى مەنىينى چىقىرىۋېتىشى ئۇنىڭ ئادىتىگە قارىتا مېڭىش ياكى ھاسىراش ياكى سول يېنىنى بېسىپ يېتىش ياكى پۇتلىرىنى يۆتكەش ۋە ياكى جىنسىي ئەزانى سىلىق سىقىش قاتارلىقلار بىلەن بولىدۇ. <مەراقىي ئەلفەلاھ>

(1) سۈرە نەجم، 39 ـ ئايەت.

نامىلىق كىتابتا شۇنداق كۆرسىتىلگەن.

ئەمما كىشىلەر ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگىنىگە ئوخشاش، مالىخولىيە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بەزى كىشىلەرنىڭ جىنسىي ئەزاسىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، سوزۇپ سېقىشىغا كەلسەك، ئۇ نە سەلەپلەردىن، نە ھايالىق كىشىلەردىن، نە ۋىجدانلىق كىشىلەردىن سادىر بولغان ئىش ئەمەس. ئەگەر سول بارماقلىرىنىڭ بىرىدە الله تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بىرى ئويۇلغان ئۈزۈك بولسا، ئۇنى ئېلىۋەتمەي تۇرۇپ ئالدى ۋە كەينى تەرەت يوللىرىنى يۇيۇشقا بولمايدۇ.

§ ئەگەر تىلەمچى مەسجىدكە كىرىپ، كىشىلەرنىڭ گەردەنلىرىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ ياكى ناماز ئوقۇۋاتقانلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ تىلەمچىلىك قىلسا، ئۇنىڭغا نەرسە بېرىش مەكرۇھتۇر. چۈنكى ئۇنىڭغا بىر نەرسە بېرىش كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزگۈچىگە ياردەم قىلغانلىق بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، مەكرۇھ بولمايدۇ[(1)]. شۇنىڭدەك، ئەگەر ئۇ ئىمامنىڭ سالام بېرىپ بولۇشىغىلا نەرسە تىلىسە ۋە ناماز ئوقۇغۇچىلارنى بىئارام قىلسا، ئۇنىڭغا نەرسە بېرىش مەكرۇھتۇر.

§ ئىشىك ئالدىغا كەلگەن تىلەمچىگە قوپاللىق قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «سائىلغا قوپاللىق قىلما»[(2)]. ئەگەر ئۇنىڭغا بەرگىدەك بىرەر نەرسە تاپالمىسا، «الله تائالا بىزگە ۋە ساڭا رىزىق بەرسۇن!» دېيىش كېرەك. تىلەمچىلەرگە بېرىدىغان نەرسىنى سانىماي بېرىش لازىم. چۈنكى سەھىھ مۇسلىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇبەكرىنىڭ قىزى ئەسماغا مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «سەرپ قىلغىن، نەرسىلەرنى بېرىپ تۇرۇڭ، بەرگەن نەرسىنى سانىماڭ، بولمىسا الله سىزگە بەرگەن نەرسىنى ساناپ قويىدۇ».

§ سەدىقە بېرىلگەن كىشىدىن نە بەدەل بېرىش، نە دۇئا قىلىش، نە رەھمەت ئېيتىش، نە ماختاش كۈتۈلمەيدۇ. چۈنكى الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «(ئۇلار ئېيتىدۇ) «سىلەرگە بىز الله نىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تائام بېرىمىز، سىلەردىن (بۇنىڭ بەدىلىگە) ھېچقانداق مۇكاپات ۋە تەشەككۈر تەلەپ قىلمايمىز»[(3)].

تىلەمچىگە بەرگەن نەرسىنى ئۆز قولى بىلەن بېرىش، ۋاستە قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى ئۇ كەمبەغەلنىڭ كۆڭلىنىڭ كۆتۈرىلىشى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشىدۇر. ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولمايدۇ.

كىشىلەردىن توختىماي نەرسە سورايدىغان ۋە ئىسراپچىلىق بىلەن يەپ ـ ئىچىدىغان

---

(1) «رەددۇلمۇھتار» 5 ـ توم، 277 ـ بەت.

(2) «ئەلھەدىييە ئەلئەلائىييە» 264 ـ بەت.

(3) سۈرە زۇھا، 10 ـ ئايەت.

كىشىلەرگە سەدىقە بېرىشمۇ ھېچ گۇناھ ئەمەس. ئۇنىڭ نىيىتى ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشتۇر. شۇڭا سەدىقە بېرىلگۈچىنىڭ باي ئىكەنلىكى ياكى ئۇنىڭ بېرىلگەن سەدىقىنى گۇناھ ئىشلارغا ئىشلىتىدىغانلىقى مەلۇم بولمىسىلا، بەرگەن سەدىقە ئۇچۇن ئەجىرگە ئېرىشىدۇ.

سەدىقىنى ھالال مالدىن قىلىش لازىم. ئەگەر كەمبەغەللەرگە ھارام مالدىن بىرەر نەرسىنى ساۋاب ئۈمىد قىلىپ سەدىقە قىلسا، كاپىر بولىدۇ. ھارام نەرسىنى سەدىقە قىلغان كىشىنىڭ مىسالى پاسكىنا كىيىمنى سۈيدۈك بىلەن پاكىزلاشقا ئۇرۇنغان كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر كەمبەغەل ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى بىلسە ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلسا، بەرگۈچىمۇ خاتىرجەملىك ھېس قىلسا، ھەر ئىككىلىسى كاپىر بولىدۇ.

ئەمما ھارام مالنى باشقا مالغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن شۇ ئارىلاش مالدىن سەدىقە قىلسا، كاپىر بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئارىلىشىپ كەتكەنلىكى ئۇچۇن چوقۇم ھەممىسى ھارام نەرسە بولغان بولمايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ بەدىلىنى ئادا قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنى ئىشلىتىش ھالال بولمايدۇ. كوچىلاردا قۇرئان ئوقۇپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان كىشىلەرگە نەرسە بېرىش مەكروھ بولىدۇ. نەرسە بەرمىگەندە، ئۇنى ئۇ قىلمىشىدىن توسقىلى بولىدۇ. تەسبىھ ئېيتىش، ھەمدى ئېيتىش قاتارلىقلارمۇ قۇرئان ئوقۇشقا ئوخشايدۇ.

§ كىمكى كىشىلەردىن موھتاج سۈپىتىدە ياكى ياخشى ئادەم سۈپىتىدە ياكى ئالىم سۈپىتىدە ۋەياكى شەرەپلىك كىشى سۈپىتىدە بولۇۋېلىپ نەرسە ئالسا، ئەگەر ئۇ كىشى شۇنداق كىشىلەردىن بولمىغان تەقدىردە، ئالغان نەرسە ئۇنىڭغا ھارامدۇر.

§ ھايالىق قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ئېلىنغان نەرسە ھارامدۇر. تىلەمچىگە بىرەر ئادەمنىڭ خۇش كۆڭۈللۈك بىلەن بەرمىگەن مېلى ھالال بولمايدۇ. چۈنكى سەھىھ مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «چىڭ تۇرۇپ نەرسە سورىماڭلار. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سىلەردىن بىرىڭلار مەندىن بىرەر نەرسىنى مەن ياقتۇرمىغان ھالەتتە بىزىرىپ تۇرۇپ تىلەپ ئالمىسىلا، مەن ئۇنىڭغا بەرگەن نەرسىدە ئۇنىڭ ئۇچۇن بەرىكەت بولىدۇ».

بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنداق مال چىرايلىق ۋە تاتلىقتۇر. كىمكى ئۇنى خۇش كۆڭۈللۈك بىلەن ئالسا، ئۇنىڭغا ئۇ مالدا بەرىكەت بولىدۇ. كىمكى ئۇنى يۈزى قېلىنلىق قىلىپ تۇرۇپ ئالسا، ئۇنىڭدا ئۇ مالدا بەرىكەت بولمايدۇ. ئۇ يەپ تويمايدىغان كىشىگە ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. بەرگۈچى قول ئالغۇچى قولدىن ياخشىدۇر»[1].

(1) سۈرە ئىنسان، 9 ـ ئايەت.

§ الله تائالانىڭ ئىسمى بېسىلغان تەخگە پۇللارنى يەرگە تاشلاش دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ. ئەمما كەلىمە شاھادەت بېسىلغان تەڭگىلەرنى چاچسا، مەكروھ بولمايدۇ. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن تەڭگىلەرنى چوڭ بىلىش ۋە قەدىرلەش مەقسەت قىلىنىدۇ، ئۇنى كۆزگە ئىلماسلىق مەقسەت قىلىنمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۇنى بولاپ - تالاپ ئېلىۋېلىشى ئەنە شۇ مەقسەتنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىدۇر.

شۇنىڭدەك يەنە دىنغا ئائىت سۆز جۈملىلەر ئۇچراپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان گېزىت ۋە ژورناللارنىڭ ۋاراقلىرىنى تاشلاش دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ الله تائالانىڭ ئىسىملىرىدىن ياكى ئۇنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمنىڭ بەزى ئايەتلىرىدىن خالىي ئەمەس.

§ ئەگەر كېمىگە ئوت كەتكەن تەقدىردە، كېمىدە تۇرۇپ قۇتۇلۇشنى ئۈمىد قىلسا، كېمىدە تۇرىدۇ، سۇغا سەكرەپ قۇتۇلۇشنى ئۈمىد قىلسا، شۇنداق قىلىدۇ. ئەگەر ھەر ئىككىلى چارە خەتەرلىك بولغان تەقدىردە، ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ قارىشىدا قايسىنى ئىختىيار قىلسا شۇنى قىلىدۇ. ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشىدا ئۇ ئۆزىنى سۇغا ئاتسا بولمايدۇ. لېكىن ئۇ باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن كىشى بولۇشى ئۈچۈن سەۋر قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭغا ئوت تۇتۇشۇپ كەتمىسە، شۇنداق قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ئوت تۇتۇشۇپ كەتسە، ئۆزىنى سۇغا تاشلايدۇ. چۈنكى ئۇ كۆيۈپ ئۆلۈشتىن بىرئاز بولسىمۇ راھەتتۇر. بەزى ئالىملىرىمىز مۇنداق دېگەن: « ئەگەر ئۇ قىش كۈنلىرى بولسا، ئالىملارنىڭ ئىتتىپاق قارىشىدا ئۇ ئۆزىنى سۇغا تاشلىسا بولمايدۇ. چۈنكى سۇدىمۇ ئۇنىڭغا راھەتلىك بولمايدۇ. ئارىدىكى بۇ ئىختىلاپ ئازراق بولسىمۇ راھەت بولىدىغان ئەھۋالغا قارىتىلغان ».

§ سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە ئۆيىگە كۈندۈزى كىرىش مۇستەھەپتۇر. كېچىسى ئۆيي ئەزالىرى غەپلەتتە تۇرغان ھالەتتە تۇيۇقسىز كىرىش توغرا ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا قارىتا ھازىرلىقتا بولۇشى ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ياكى كېلىدىغانلىقىنى ئۇلارغا بىلدۈرۈشى كېرەك. ئۇلارغا كەلگەن يېرىدىن سوۋغا - سالام ئېلىپ كېلىشى لازىم.

<ئەلئىھيائ> ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: ئائىلىسىدىكىلەرگە ۋە تۇغقانلىرىغا ئىمكان قەدەر يېمەكلىك ۋە باشقا نەرسىلەردىن سوۋغا - سالام ئېلىپ كېلىشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلىش سۈننەتتۇر. چۈنكى كۆزلەر سەپەردىن كەلگەن كىشىگە قارىلىدۇ. دىللار ئۇنىڭ بىلەن خۇشال بولىدۇ. نەتىجىدە ئازدۇر - كۆپتۇر سوۋغا - سالام ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىغا خۇشاللىق قاتىدۇ، سەپەردىمۇ ئۇلارنى ئەسلەپ تۇرغانلىقىنى نامايان قىلىدۇ. بىر ھەدىس شەرىپتە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق

دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىراۋنىڭ ئۆز ئۆيىگە تويۇقسىز ئۇسۇپ كېلىشىنى ياقتۇرمايتتى»[1]. يەنى بۇ ھەدىس: <ئائىلە ئەزالىرىغا ئالدىنئالا بىلدۈرمەستىن كېچىدە تويۇقسىز كېلىشنى ياقتۇرمايتتى> دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

§ ھايۋانلارغا ئېھتىياجىنىڭ سىرتىدا قوڭغۇراق ئېسىش مەكروھتۇر. مەسىلەن، مۇساپىر ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىقتۇر. ئەگەر سەپەر كارۋىنىدىن بىرەر ئادەم ئېزىپ كەتسە، قوڭغۇراق ئاۋازى بىلەن ئۇلارنى تېپىۋالالايدۇ. قوڭغۇراق ئاۋازى كېچىنىڭ زەرەرلىك ھايۋانلىرىنى يىراقلاشتۇرىدۇ، ئات ۋە تۆگىلەرنىڭ مېڭىشىنى جانلاندۇرىدۇ. ئۇ ناخشا ئېيتىپ تۆگە ھەيدىگەنگە ئوخشاش بىر ئىشتۇر[2].

# چەكلەنگەن ئىشلار

چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ بىلىشكە تېگىشلىك ناھايىتى مۇھىم ئىشلار ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئەقىدىگە بولغان خەتىرىنى (چۈنكى گۇناھلار كۇپرىنىڭ خەۋەرچىسىدۇر) كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى قىسقا ۋە ئىخچام قىلىپ بايان قىلىپ ئۆتىمەن. مەن ئۇنى <ئەلھەدىييە ئەلئەلائىييە> ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى بايان قىلغان بويىچە بايان قىلىپ، ئۇنىڭغا بەزى ئىزاھاتلارنى قوشۇپ ئۆتمەكچىمەن:

كۇپرىلىقتىن قالسا ئەڭ چوڭ گۇناھ زىنا قىلىشتۇر. الله تائالا بىزنى ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن! بەچچىۋازلىق قىلىش، ئاياللارنىڭ ئۆزئارا جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشى، بۇلاڭچىلىق قىلىش، ئوغرىلىق قىلىش، ھاراق ئىچىشتۇر. ھاراقنى ئازراق ئىچسىمۇ، ئىچىلگەن ھاراق مەست قىلمىسىمۇ ھۆكۈمدە ئوخشاشتۇر. ھاراق ئىسمىنى ئالمىغان، بىراق مەست قىلىدىغان ھەممە نەرسە ھاراقنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. ھاراقتىن باشقا مەست قىلىدىغان نەرسىنى ئازراق ئىچىشمۇ، جىق ئىچىشمۇ ھارامدۇر. بىز بۇنى ئىچىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھۆكمىدە بايان قىلىپ ئۆتكەنىدۇق.

ئاندىن قالسا ئىپپەتلىك ئەر ياكى ئىپپەتلىك ئايالغا زىنا بىلەن قارا چاپلاش چوڭ گۇناھتۇر. بىز يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، قارا چاپلانغۇچىنىڭ ئەقلى ھوشى جايىدا بولۇشى، بالاغەتكە يەتكەن بولۇشى، ھۆر بولۇشى، مۇسۇلمان بولۇشى ۋە زىنادىن ساقلانغان بىرى بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. ئاندىن قالسا ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، باشقىلارنىڭ مېلىنى ناھەق تارتىۋېلىش، كاپىرلاردىن مەغلۇب بولۇش ۋە ئۇلاردىن

(1) «ئەلھەدىييە ئەلئەلائىييە ۋەھامىشىھا» ناملىق كىتابنىڭ **290** ـ بېتىگە قاراڭ.

(2) سەھىھ بۇخارى، **5243** ـ ھەدىس.

قورقۇپ قېچىشتۇر. لېكىن چېكىنىپ تۇرۇپ زەربە بېرىش نىيىتىدە ياكى مۇسۇلمانلار جامائەتىگە قوشۇلۇپ، ئۇلارغا ياردەملىشىپ، قايتا ئۇرۇش قىلىش نىيىتىدە چېكىنىسە دۇرۇس بولىدۇ.

ئاندىن قالسا يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، جازانە ۋە ئۇسۇم يېيىش، يېتىملەرنىڭ مېلىنى ناھەق يەۋېلىش، پارىخورلۇق قىلىش، ئاتا ـ ئانىنى قاخشىتىش، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ نامىدا قەستەن يالغان سۆزلەش، رامىزان ئېيىدا ئۆزرىسى بولماستىن قەستەن روزا تۇتماسلىقلارمۇ چوڭ گۇناھتۇر. قىممىتى بار نەرسىلەرنى كەم تارتىپ ياكى كەم ئۆلچەپ بېرىشمۇ چوڭ گۇناھلاردىن ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئەرزىمەس نەرسىلەرنى كەم تارتىپ ياكى كەم ئۆلچەپ بېرىش كىچىك گۇناھ ھېسابلىنىدۇ.

ئاندىن قالسا پەرز نامازنى ۋاقتىدىن بۇرۇن ئوقۇۋېلىشتۇر. ئۇ ناماز ئەسلىدە ئادا تاپمايدۇ، نامازخاننىڭ گەدىنىدىن ئۇ ناماز ساقىت بولمايدۇ. ئەگەر ئۆز مەزھەپىدىن (يەنى ھەنەفىي مەزھەپىدىن) باشقا مەزھەپنىڭ قارىشىنى توغرا تاپمىغان تەقدىردە، ئەرەفات ۋە مۇزدەلىفە كۈنىدىن باشقا ۋاقىتلاردا نامازنى ۋاقتىدىن كېيىنگە سۈرۈپ ئوقۇۋۇشمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئۆز مەزھەپىدىن باشقا مەزھەپنىڭ يولىنى تۇتۇپ، ئەسىر نامىزىنى پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتىغا سۈرۈپ جەملەپ ئوقۇسا ياكى پېشىن نامىزىنى ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتىغا سۈرۈپ جەملەپ ئوقۇسا، شام بىلەن خۇپتەن نامىزىنىمۇ شۇنداق ئوقۇسا، ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. چۈنكى الله تائالا بىزگە ئاسانچىلىقنى خالايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ نامىزى قارىمۇ قارشى ئىككى ئىشنى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈۋەتكەنلىكىنىڭ قاتارىغا كىرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن يولىنى تۇتقان شۇ مەزھەپنىڭ پەرزلىرىنى تولۇق بىلىشى شەرت قىلىنىدۇ. نېمىشقا دېگەندە، قارىمۇ قارشى ئىككى ئىشنى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈۋېتىش توغرا ئەمەس.

ئاندىن قالسا زاكات ۋە روزىنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈش چوڭ گۇناھتۇر. ئەگەر ھەجنى ئۆزرىسىز كېچىكتۈرگەن بولۇپ، ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردە، ھەج قىلىش ھەجنىڭ شارائىتلىرى ھازىرلانغان ھامان پەرز بولىدۇ، دېگۈچىلەرنىڭ قارىشىدا ھەجنى كېچىكتۈرۈشمۇ چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىدا مۇئەللىپ (يەنى <ئەلھەدىيە ئەلئەلائىيە> ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى) ھەج قىلىش ئۆمۈردە بىر قېتىم شەرائىت ھازىرلانغان ھامان پەرز بولىدۇ، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ قارىشىدۇر، شۇنداقلا ئىمام ئەبۇ ھەنىفەدىن رىۋايەت قىلىنغان ئىككى قاراشتىن توغرا بولغىنىدۇر. مۇشۇ قاراشقا ئاساسەن، ھەج قىلىشنى ئۇنىڭ شارائىتلىرى ھازىرلانغان دەسلەپكى ۋاقتىتىن كېچىكتۈرگەن كىشى گۇناھكار بولىدۇ.

ئاندىن قالسا مۇسۇلمانلارغا ناھەق زۇلۇم قىلىش ۋە ساھابىلاردىن بىرەرىنى تىللاپ

سىلىشتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ساھابىلىرىمنى تىللىغان كىشىگە الله لەنەت قىلسۇن!» بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلغان. بولۇپمۇ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ساھابىنى ياكى ئىككىسىنىڭ بىرىنى تىللىسا، كاپىر بولىدۇ.

ئاندىن قالسا ئالىملار ياكى قارىلار (يەنى قۇرئاننى ياد ئالغانلار) ھەققىدە يىتنە تېرىش، تىرىك ھايۋاننى بىھۇدە كۆيدۇرۇش، دۆيۈزلۈك قىلىش (يەنى خوتۇن ـ قىزلىرىغا باشلاپ قويۇش ۋە ئۈلارنى كۈنلۈمەسلىك)، ھارام ئىشقا ئەر ـ ئاياللارنى بىرگە يىغىش قاتارلىقلارمۇ چوڭ گۇناھتۇر. شۇنداقلا ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامان ئىشتىن توسۇشقا قادىر بولالىغان، كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامان ئىشتىن توسقان تەقدىردە ئۈلارنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىپ تۇرۇپ، ياندىغانلىقىغا ئىشەنچىسى كۈچلۈك ئورۇننى ئىگەللىگەن كىشىنىڭ ئۆزرىسىزلا ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنى تەرك ئېتىشىمۇ چوڭ گۇناھتۇر. بىز بۇنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

ئاندىن قالسا قۇرئاننى قۇرانغا قاراپ ئوقۇيالىغىدەك دەرىجىدە ئۇنتۇپ كېتىشتۇر. چۈنكى ئىمام تىرمىزى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ماڭا ئۈممىتىمنىڭ ئەجىرلىرى، ھەتتا بىر سورۇندىن چاڭ ـ توزاڭنى چىقىرىۋەتكەن ئادەمنىڭ ئەجرىمۇ كۆرسىتىلدى. يەنە ئۈممىتىمنىڭ گۇناھلىرىمۇ كۆرستىلدى. مەن قۇرئاندىن بىرەر سۈرە ياكى ئايەت بېرىلگەن، ئاندىن ئۇنى ئۇنتۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ گۇناھىدىن چوڭ گۇناھ كۆرمىدىم». ئەگەر سەن: «ئۇنتۇپ قېلىش بىلەن جازاغا تارتىلامايدىغۇ؟» دېسەڭ، بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ: «بۇ يەردە ئۇنى تەكرارلاشنى قەستەن تەرك ئېتىپ ئۇنتۇپ كېتىش مەقسەت قىلىنىدۇ».

ئاندىن قالسا ئېرىنىڭ يېقىنچىلىق قىلىش ئارزۇسىنى ئورۇنىسىز رەت قىلغۇچى ئايالنىڭ، گۇناھلىرىنى چوڭ ساناپ، ئۇنىڭ ئەپۇ قىلىنىشىنى يىراق ھېسابلاپ، الله تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگۈچىنىڭ ۋە نائۈمىد بولغۇچىنىڭ گۇناھىدۇر. ئەمما گۇناھلار ئۈچۈن الله تائالانىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭ ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش بولسا كۇپرىلىقتۇر.

ئاندىن قالسا الله تائالانىڭ تاننى ئۆزۈن قويۇپ بەرگەنلىكىدىن ئۇنىڭغا بولغان ئۈمىدىنى چوڭ قىلىپ، خاتىرجەملىك چېگرىسى ئېچىگە كىرىپ بولدۇم، دەپ ئويلاپ گۇناھلىرىدىن ئارتۇقچە خاتىرجەم بولۇپ كېتىشتۇر. ئەمما گۇناھلارنىڭ جازاسى يوق، تاننى ئۆزۈن قويۇپ بېرىپ تۈيۇقسىز تۇتۇش يوق، دەپ ئېتىقاد قىلىپ قالسا،

كۆپرىلىق بولىدۇ.

ئاندىن قالسا ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى ياكى چوشقا گۆشىنى مەجبۇر بولۇپ قالمىغان ھالەتتىمۇ يېيىش، قىمار ئويناش ۋە ئىسراپ قىلىش. بۇلار پۇل ـ مالنى شەرئى بولمىغان يەرلەرگە ئىشلىتىش ئىسراپ قىلغانلىق بولىدۇ. ئۇ غەزەب نەپرەتنى ۋە پۇل ـ مالنىڭ بۇلاپ ـ تالىنىپ كېتىشىنى ۋاجىپ قىلىپ قويىدۇ. الله تائالا بىزنى ئۇنداق بالالاردىن ساقلىسۇن!

ئاندىن قالسا يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، پۇل ـ مالغا ۋە دىنغا زىيان سېلىش، ھوقۇقدارلارنى ھەق يولدىن قايدۇرۇش، خوتۇننىڭ ئۇچىسىنى ئانىسىنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشىتىش، كىچىك گۇناھ قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش، گۇناھ ئىشلارنى قىلىشقا ياردەملىشىش ۋە ئۇنىڭغا رىغبەتلەندۈرۈش، مۇنچىدا ئادەملەر بار يەردە ئەۋرەتنى ئېچىش، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئەلا بىلىش، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ياكى ئەزالىرىدىن بىرەر ئەزانى نابۇت قىلىش قاتارلىقلارمۇ چوڭ گۇناھلارغا كىرىدۇ. ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش باشقا بىرىنى ئۆلتۈرگەندىنمۇ چوڭ گۇناھتۇر.

ئاندىن قالسا ئۆزىنى سۆيدۈكتىن ۋە سۆيدۈك چاچراپ كېتىشتىن پاكىز تۇتماسلىقتۇر، شۇنداقلا تەقدىرنى ئىنكار قىلىشتۇر (يەنى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ الله نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىشتۇر). ئۇ كۆپرىگە ئېلىپ بارىدىغان گۇناھلاردىندۇر. چۈنكى تەقدىرگە ئىشىنىش ئىماننىڭ ئەركانلىرىدىن بىرىدۇر. شۇڭا مۇئەللىپنىڭ (يەنى <ئەلھەدىيە ئەلئەلائىييە> ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپىنىڭ) ئۇنى كۆپرىگە ئېلىپ بارىدىغان گۇناھلار قاتارىدا بايان قىلىشى لازىم ئىدى.

ئاندىن قالسا رامچى ياكى مۇنەججىمگە ئىشىنىشتۇر. ئۇمۇ كۆپرىگە ئېلىپ بارىدىغان گۇناھلاردىن بولۇپ، ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى پالچى ياكى رامچىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئىشەنسە، مۇھەممەدكە نازىل قىلىنغان نەرسىگە كاپىر بولغان بولىدۇ». بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

ئاندىن قالسا نەسەبنى ئىنكار قىلىپ ئۇنىڭغا داغ تەككۈزۈش، تۇغۇلغان بالىنى زىناغا نىسبەت بېرىش (يەنى زىنادىن تۇغۇلغان دەپ قارىلاش)، باشقىلارنى قارىلاپ ئابرۇيىنى تۆكۈش قاتارلىقلاردۇر. شۇنىڭدەك، يارىتىلغان بىرەر نەرسىگە ئاتاپ مال سويۇش، گەرچە الله تائالانىڭ ئىسمىنى ئاتىغان بولسىمۇ، ھارام بولىدۇ. چۈنكى ئۇ الله تائالادىن باشقا نەرسىگە ئاتاپ مال بوغۇزلىغانلىق بولىدۇ.

ئاندىن قالسا گۇمراھلىقتا دەۋەت قىلىشتۇر. چۈنكى ئۇ گۇناھ قىلىشقا ياردەم قىلغانلىق بولىدۇ. گۇناھ قىلىشقا ياردەم قىلىشنىڭ ئۆزى گۇناھتۇر. ئاندىن قالسا ئوق ئېتىشنى مەشىق قىلىشنى ۋە داۋاملاشتۇرۇشنى تەرك ئېتىش ۋە ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىشتۇر.

ئاندىن قالسا ھۇجۇم قىلىش، چېكىنىش ۋە ئات مىنىشكە ئوخشاش جىھادقا ياردىمى بولىدىغان نەرسىلەرنى ئۆگىنىشنى تەرك ئېتىشتۇر. چۈنكى ئۇنى تەرك ئېتىش قورقۇنچاقلىقتا ۋە دۈشمىنىمىزنىڭ بىزگە قارشى كۈچىيىپ كېتىشىگە ئېلىپ بارىدۇ. مانا بۇ ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلىغانلىق بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزەڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار»[1]. جىھاد قىلماسلىق، راھەت ـ پاراغەتكە ۋە دۇنيانىڭ نېمەتلىرىگە بېرىلىپ كېتىش ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلىغانلىقتۇر. ئۇستازىمىز خالىد ئەبۇئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەتنى شۇنداق تەپسىر قىلغان. شۇڭا بىزنىڭ ئۇنى تەرك ئېتىشىمىز ھارام بولىدۇ.

يەنە گۇناھ بولىدىغان ئىشلاردىن بىرەر يامان ئىشنى قىلىشقا باشلامچى بولۇپ بېرىش، قان قىساسى بولمىغان بىرەر مۇسۇلمانغا ياكى زىممىيگە ۋەياكى پاناھلىق بېرىلگەن كىشىگە تىغ تەڭلەش، باشقىلارنى كەمسىتىش مەقسىتىدە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن قۇسۇر چىقىرىپ جېدەل قىلىش ۋە كۆز ـ كۆز قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەزىيەت بېرىش، قۇلنى ئاختا قىلىش، ئەزالىرىدىن بىرەر جاينى كېسىش ۋە ئۇنى قىيناش، ياخشىلىق قىلغۇچىنىڭ ياخشىلىقىغا تۇزكورلۇق قىلىش، جاسۇسلۇق قىلىش، ماراپ يۈرۈپ گەپ ئاڭلاش، شىشخال ئويناش (قىمارنىڭ بىر تۈرى)، ھارام ئىكەنلىكى بىردەك قارالغان ھەرقانداق ئويۇننى ئويناش، مەست قىلىدىغان ۋە زەھەرلىك بولغان چېكىملىكلەرنى ئىستېمال قىلىش، ئەپيۇن چېكىش (گەرچە ئۇ چېكىملىكلەر مەست قىلمىغان تەقدىردىمۇ گۇناھ بولىدۇ)، شۇنىڭدەك جۇزبۇۋا ۋە زەپەنى، ئەگەر ئۇ مەست قىلغان تەقدىردە، چېكىش قاتارلىقلاردۇر.

بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمانغا: «ئى كاپىر» دېيىشىمۇ گۇناھتۇر. شۇنىڭدەك مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قىممەتچىلىكنىڭ يۈز بېرىشىگە خۇشال بولۇش، ھايۋانلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش، ئالىمنىڭ بىلگىنىگە ئەمەل قىلماسلىقى، ئۆگىنىش پەرز بولغان ئىلىملەرنى ئۆگەنمەسلىك قاتارلىقلارمۇ گۇناھتۇر. پەرز ئىبادەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ھەقنى ناھەقتىن، ھالالنى ھارامدىن ئايرىش ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولغان ئىلىملەرنى ئۆگىنىش پەرزدۇر. جامائەت ئىچىدە ياخشىلارنىڭ مەخپىي ئىشلىرىنى ئاشكارىلىۋېتىش، نامەھرەم ئاياللارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشقا

(1) «ئەلھەدىييە ئەلئەلائىييە ۋەھامىشىھا» 308 ـ بەت.

ئىتتىۋار بەرمەسلىك، مەسىلەن ئۇلار بىلەن خالى يەردە بولۇشتەك ئىشلارنى قىلىش، زىممىيلەرگە چىقىلىش ۋە ئۇلارغا ھەقسىز يوللار بىلەن ئۇۋال قىلىش قاتارلىقلارمۇ گۇناھتۇر.

گۇناھتىن تەۋبە قىلماسلىقمۇ، يەنى سەممىي تەۋبە قىلماسلىقمۇ گۇناھتۇر. ئەگەر گۇناھ بەندە بىلەن پەرۋەردىگارى بولغان اللّٰه ئارىسىدا بولسا، تەۋبە قىلىشنىڭ ئۈچ شەرتى بار. ئەگەر ئۇ گۇناھتا بەندىنىڭ ھەققى ياكى شەرىئەتنىڭ ھەققى بولسا، ئۇ ئۈچ شەرتكە تۆتىنچى بىر شەرت قېتىلىدۇ. بىرىنچى شەرت، قىلغان گۇناھقا پۇشايمان قىلىش. ئىككىنچى شەرت، ئۇ گۇناھتىن دەرھال قول ئۈزۈش. ئۈچىنچى شەرت، ئۇ گۇناھنى قايتا قىلماسلىققا بەل باغلاش. تۆتىنچى شەرت، بەندىلەرنىڭ ھەقلىرىنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇش ياكى ئۇلاردىن كەچۈرۈم سوراش، اللّٰه تائالانىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلىشتۇر.

ئۆزىنىڭ خىيانەت ياكى زۇلۇم قىلىپ قالدىغانلىقىنى ياكى ئۇ ئىككىسىگە ئوخشاش ئىشلارنى قىلىپ سالىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرغان كىشىنىڭ ھوقۇقدار بولۇشى، ھوقۇققا ئىگە قىلىنىشى ۋە ھوقۇق تەلەپ قىلىشى ھارام بولىدۇ. ئابدۇرراھمان ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئى ئابدۇرراھمان ئىبنى سەمۇرە! ھوقۇقدارلىقنى تەلەپ قىلمىغىن، ئەگەر سەن ھوقۇقدارلىقنى تەلەپ قىلمىساڭمۇ ئۇ ساڭا بېرىلسە، ئۇنى توغرا يۈسۈندا يۈرگۈزۈشتە ياردەم قىلىنىسەن. ئەگەر سەن ئۇنى تەلەپ قىلغاندىن كېيىن ئۇ ساڭا بېرىلسە، سەن شۇ ھوقۇققا تاپشۇرۇلىسەن»[1].

مانا بۇ ھوقۇقدار بولۇشتىن ۋە شۇنىڭدەك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشتىن كىشىنى نەپرەتلەندۈرىدۇ. «سەن شۇ ھوقۇققا تاپشۇرۇلىسەن» دېگەن جۈملىنىڭ مەنىسى: اللّٰه تائالا سېنى شۇ ھوقۇق مەستانىسى قىلىپ قويىدۇ، شۇڭا سەن ئۇنى ياخشى ئىجرا قىلىشقا ياردەم قىلىنمايسەن ۋە ھىمايە قىلىنمايسەن، دېگەنلىك بولىدۇ.

بىلىمسىزلىك ياكى زۇلۇم قىلىش بىلەن ھوقۇق يۈرگۈزۈش، اللّٰه تائالانىڭ غەزىپىگە يولۇقۇپ تۇرۇپ بىرىنى رازى قىلىش، تەقسىم قىلغۇچىنىڭ تەقسىماتتا ۋە باھالىغۇچىنىڭ باھالىغان نەرسىدە زۇلۇم قىلىشى، پاسىقلىق قىلىدىغان ۋە گۇناھ ئىشلەيدىغان كىشىلەر بىلەن سۆھبەت قۇرۇش قاتارلىقلارمۇ گۇناھتۇر. لېكىن سۆھبەت ئۇلارنى پاسىقلىق قىلىشتىن ۋە گۇناھ ئىشلەشتىن توسۇش ئۈچۈن قۇرۇلسا بولىدۇ.

ئالىملاردىن قېچىش ۋە ئۇلاردىن ئايرىلىپ ياشاش، تەجرىبىگە ۋە تولۇق خەۋەرگە ئىگە بولماي تۇرۇپ ياكى ئىشەنچلىك بىر ئادەمدىن خەۋەر ئىگەللىمەي تۇرۇپ بىرىنىڭ ياخشى بىرى ۋە ئەۋلىيا ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش قاتارلىقلارمۇ گۇناھتۇر.

(1) سۈرە بەقەرە، 195 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

**<ئەلۋەسايا> ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «بىرەر ئادەمنى الله تائالانىڭ نامى بىلەن سەن بىلمەيدىغان دەرىجىگە قويۇشتىن، يەنى ئۇنى نە الله تائالانىڭ نامىدا ئاقلاش، نە قارىلاش بىلەن مەلۇم ئورۇنغا قويۇشتىن قەتئىي ساقلانغىن! ئۇنىڭغا باها بېرىشتە الله تائالا ئاتا قىلغان ئاقلانىلىككە تايانغىن! ئەگەر بىلمەستىن باها بەرسەڭ، الله تائالاغا بوھتان قىلغان بولۇپ قالىسەن. ئەگەر سەن توغرىسىنى تاپقان بولساڭمۇ، ئەدەپ - ئەخلاق يۈزىسىدىن خاتا ئىش قىلغان بولىسەن. بۇ ساقايماس كېسەللىكتۇر. بەلكى سەن ئۇنىڭغا قارىتا ياخشى گۇماندا بولغىن ۋە: <ئويلىشىمچە، گۇمانىمچە ئۇ مۇنداق، مۇنداق ئادەم> دېگىن. بىرەر ئادەمنى الله تائالانىڭ نامىدا ئاقلىمىغىن! »**

**يالغاندىن ئەۋلىيالىقنى دەۋا قىلىش، گۇناھنى، گەرچە ئۇ كىچىك بولسىمۇ، كىچىك ساناش ۋە ئۇنى داۋاملىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇش قاتارلىقلارمۇ گۇناھتۇر. ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شەك - شۈبھىسىزكى، بەندە بىرەر يامان ئىشنى قىلسا، ئۇنىڭ قەلبىگە بىر قارا چېكىت قويۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ شۇ يامان ئىشتىن يانسا ۋە مەغپىرەت تىلىسە، ئۇ قارا چېكىت سۈرتۈلۈۋېتىلىدۇ. ئەگەر ئۇ شۇ يامان ئىشنى يەنە قىلسا، ئۇ چېكىت يوغىناۋېرىپ، ئۇنىڭ قەلبىنى پۈتۈنلەي قاپلاپ كېتىدۇ. ئەنە شۇ، الله تائالا: «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۇپەيلىدىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەن »[1] دېگەن سۆزىدە تىلغا ئالغان قارىيىشتىن ئىبارەتتۇر »[2].**

**ھېچ نەرسىنى بىلمەي تۇرۇپ بىلىمەن، دەپ ئېتىقاد قىلىش ياكى ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، باشقىلارغا قارىتا تەكەببۇرلۇق قىلىپ ۋە ئۇلارنى كەمسىتىپ شۇنداق ئېتىقاد قىلىش، كىشىلەرگە ناھەق ئۇۋال قىلىش، شۇنداقلا ئۇلارغا قول ياكى تىل بىلەن ئەزىيەت بېرىش، ئاخىرقى ئۆمرىدە تۇيۇقسىز يامان ئاقىۋەتتە قالىمەن، دەپ خاتىرجەم يۈرۈش قاتارلىقلارمۇ گۇناھتۇر. چۈنكى الله تائالا بۇ يامان ئاقىۋەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «پەقەت زىيان تارتقۇچى قەۋملا الله نىڭ مەكرىدىن (يەنى ئۇلار تۇيۇقسىز تۇرغاندا الله نىڭ ئازاب نازىل قىلىشىدىن) قورقمايدۇ »[3]. الله تائالادىن ئاخىرقى ئۆمرىمىزنى ياخشى قىلىپ بېرىشنى تىلەيمىز!**

**ئىسلام نېمىتىگە نائىل بولغانلىقى ئۈچۈن الله غا شۈكۈر قىلىشنى تەرك ئېتىشمۇ گۇناھتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ماڭا شۈكۈر قىلىڭلار، ناشۈكۈرلۈك قىلماڭلار »[4].**

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

(2) سۈرە مۇتەففىفىن، 14 - ئايەت.

(3) ئىمام نەسائى، ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. ئىمام تىرمىزى: «بۇ ھەدىس ھەسەن ۋە سەھىھ دەرىجىسىدە» دېگەن.

(4) سۈرە ئەئراف، 99 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تىل، ئىككى قول، ئىككى پۇت، ئىككى كۆز ۋە ئىككى قۇلاقتىن ئىبارەت توققۇز ئەزانى ئۆزىنىڭ خىزمىتى بولمىغان يەرگە يەنى خاتا يەرگە ئىشلىتىش، الله تائالاغا ياكى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بىرەر پەيغەمبەرگە ۋەياكى پەيغەمبەرلەر يەتكۈزگەن نەرسىگە قارىتا ئىماننىڭ ئاجىز بولۇشى، سۈننى مۇسۇلمانلارنىڭ تۇتقان يولىغا خىلاپ بولغان خاتا ئەقىدىدە بولۇش قاتارلىقلارمۇ گۇناھتۇر. چۈنكى جامائەتچىلىك قىلىش رەھمەتتۇر، ئايرىمچىلىق قىلىش ئازابتۇر. بۇنىڭدىن مەقسەت ھەقنى لازىم تۇتۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ھەر زامان ۋە ھەر ئەسىردە مۇتلەق كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلار تۇتقان يول ھەقىقەتتۇر. ئەنە شۇلار ھەق ئۈستىدە ماڭغانلاردۇر، 73 پىرقىنىڭ ئىچىدىن نىجات تاپقۇچى بولغان بىر پىرقىدۇر. الله تائالا چەكلىگەن ئىشنىڭ چەكلىنىشىگە قارشى چىقىشمۇ چوڭ گۇناھتۇر[1].

ئىنسان ئۆزىنى ناچار ۋە پەس ئىللەتلەردىن پاكلاشقا تىرىشىشى لازىم. چۈنكى الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى ـ فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ»[2].

پاكلاشقا ئەڭ ئەھمىيەت بېرىلىشكە تېگىشلىك بولغان ناچار ئىللەتلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر: كىبىرلىك قىلىش، ئۆزگە تەمەننا قويۇش، پەخىرلىنىش، ھاكاۋۇرلۇق قىلىش، نەرسىلەرنى تىقۋېلىش، ئالدامچىلىق قىلىش، دۈشمەنلىك قىلىش، ئاچكۆزلۈك قىلىش، قۇرۇق خىيالنى جىق قىلىش (يەنى ئەمەل قىلماسلىق)، ئۆچمەنلىك قىلىش، ھەسەت قىلىش، بىئارام بولۇش، ئەنسىرەش، چىدامسىزلىق قىلىش، تەمەخورلۇق قىلىش، بېخىللىق قىلىش، توخۇ يۈرەكلىك قىلىش، نادان قېلىش، ھۇرۇنلۇق قىلىش، سەت گەپكە ئادەتلىنىش، ئەخلاقسىزلىق قىلىش، ھاۋايى ھەۋەسكە بېرىلىش، باشقىلارنى مەنسىتمەسلىك، كەمسىتىش، قۇرۇق ئارزۇنى جىق قىلىش، ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتۇش، شاللاقلىق قىلىش، جېدەل ـ ماجرا قىلىش، ئىستىبدادلىق قىلىش، زۇلۇم قىلىش، ئاداۋەت تۇتۇش، تالاش ـ تارتىش قىلىش، باشقىلاردىن ئۈستۈن بولۇشقا تىرىشىش، غەيۋەت قىلىش، بوھتان چاپلاش، يالغان سۆزلەش، چېقىمچىلىق قىلىش، يامان گۇمان قىلىش، ئاداۋەت تۇتۇپ گەپ قىلماسلىق، پەسكەشلىك قىلىش، نومۇسسىزلىق قىلىش، قىزىل كۆزلۈك قىلىش، خىيانەت قىلىش، بۇزۇقچىلىق قىلىش، ئادەم تىللاش... قاتارلىقلار ۋە بۇلار يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان يامان ئىشلاردۇر.

(1) سۈرە بەقەرە، 152 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) «ئەلھەدىييە ئەلئەلائىييە» 329 ـ بەت.

# كۆپۈرلىق ۋە مۇرتەدلىك

ھەربىر ئىنساننىڭ كۇپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلارنى بىلىشى ئېتىقادىي ئىشلارنى بىلىشتىن بەكرەك ۋاجىپ بولىدۇ. ئېتىقادىي ئىشلار ئۇچۇن ئومۇمەن قىلىپ ئىمان ئېيتىش يېتەرلىكتۇر. شۇنىڭ ئۇچۇن مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئىسلام دىنىغا كىرىش مەقسىتىگە ئېرىشىش ئاساندۇر، لېكىن پۈتۈن ئەھكاملاردا مۇستەھكەم تۇرۇش ناھايىتى تەستۇر». بۇنى الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ: «شۈبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز الله دۇر» دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادا، ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز، جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار، (ئۇلار) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان (الله) تەرىپىدىن بېرىلگەن زىياپەتتۇر» دەيدۇ»[1].

ئەڭ چوڭ قارشىلىق ۋە ئەڭ چوڭ گۇناھ الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىش ياكى يەتەكچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن نەرسىنى ئىنكار قىلىش، شۇنىڭدەك بۇ ئىشلاردىن بىرىنى كىچىك سانايدىغانلىقنى دىلدا ياكى تىلدا ئىپادىلەشتۇر. الله تائالا بىزنى ئۇنداق قىلىشتىن ساقلىسۇن!

<ئەلفىقھۇل ئەكبەر>ناملىق كىتابنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەگەر كۇپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان سۆزنى ئۇ سۆزنىڭ مەنىسىگە ئىتائەت قىلغان، لېكىن ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلمىغان ھالدا سۆزلىسىمۇ كاپىر بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۇنىڭ ھۆكمىگە رازى بولمىسىمۇ، ئۇنى تىلغا ئېلىشقا رازى بولدى. مەسىلەن، كۇپرى سۆز بىلەن چاقچاق قىلغۇچىغا ئوخشاش. گەرچە ئۇ ئۇنىڭ ھۆكمىگە رازى بولمىسىمۇ، كاپىر بولىدۇ. بىلمەستىن سۆزلەپ قالغانلىق ئۆزرىسى قوبۇل بولمايدۇ».

ئىسلام دىنىنى ياكى الله تائالانى ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تىللاش كۇپىرلىقتۇر. ئىسلام دىنىدا زۆرۈر بولغان، قۇرئان كەرىمدە ئىسپاتلانغان ۋە كەسكىن ئىپادىلەنگەن، ياكى مەشھۇر، مۇتەۋاتىر سۈننەتتە ئىسپاتلانغان ۋە كەسكىن ئىپادىلەنگەن، ھېچقانداق شۈبھە بولمىغان، ياكى پۈتۈن ساھابىلارنىڭ سۈكۈت قىلىشى بىلەن ئەمەس، ئوچۇق سۆز قىلىشى بىلەن قەتئىي ھالدا بىرلىككە كەلگەنلىكى مۇتەۋاتىر رىۋايەت قىلىنغان مەلۇم نەرسىلەردىن بىرەرىنى ئىنكار قىلىشمۇ كۇپىرلىقتۇر.

ئەگەر ئايەت ياكى مۇتەۋاتىر ھەدىس كەسكىن ئىپادىلىمىگەن، ياكى ھەدىس

(1) سۈرە شەمس، 9 ـ ۋە 10 ـ ئايەتلەر.

مۇتەۋاتىر بولمىغان، ياكى مۇتەۋاتىر ھەدىس كەسكىن ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن شۇبھە بولغان، ياكى بۇ يەردىكى بىرلىك پۈتۈن ئالىملارنىڭ بىرلىكى بولمىغان، ياكى پۈتۈن ئالىملارنىڭ بىرلىكى بولسىمۇ، بىراق ساھابىلارنىڭ بىرلىكى بولمىغان، ياكى ساھابىلارنىڭ بىرلىكى بولسىمۇ، بىراق پۈتۈن ساھابىلارنىڭ بىرلىكى بولمىغان، ياكى پۈتۈن ساھابىلارنىڭ بىرلىكى بولسىمۇ، بۇ بىرلىكلىك كەسكىن ئىپادىلەنمىگەن، مەسىلەن، سەنىدى مۇتەۋاتىرلىقلىقى بىلەن ئىسپاتلانمىغان، ياكى كەسكىن دەرىجىدە ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بىرلىككە كېلىنگەنلىكى سۈكۈت ئىچىدىكى بىرلىك بولغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇنى ئىنكار قىلىش كۇپرلىق بولمايدۇ.

ئەسلىدە ھالال نەرسىنى ھارام دەپ ئېتىقاد قىلغان كىشى، يەنى ئۇ نەرسە باشقا بىرىگە ھارام بولسا، مەسىلەن، باشقىلارنىڭ مېلىغا ئوخشاش (چۈنكى بىراۋنىڭ مېلى باشقىلارغا ھارام بولىدۇ، ئۆزىگە ھالال بولىدۇ)، كاپىر بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزى ھارام بولۇپ، ئۇنىڭ دەلىلى كەسكىنلىكنى ئىپادىلىسە، كاپىر بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا كاپىر بولمايدۇ.

الله تائالانىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ئىنكار قىلىش، ياكى شەيئىلەرنىڭ الله تائالانىڭ ئىرادىسى بولماستىن ئۆز ـ ئۆزىگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىغا ئېتىقاد قىلىش، ياكى پۈتۈن ئالىملار بىرلىككە كەلگەن، كەسكىنلىكنى ئىپادىلەيدىغان، سۈكۈت ئىچىدىكى بىرلىك بولمىغان، مۇتەۋاتىر رىۋايەت قىلىنغان بىرلىكنى ئىنكار قىلىش، ياكى پەرىشتىلەرنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى، ياكى جىنلارنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى، ياكى ئاسمانلارنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ئىنكار قىلىش، ياكى مۇئەييەن ھارام بولغان نەرسىنى، مەسىلەن، ھاراققا ئوخشاش ھارام ئىكەنلىكى كەسكىن دەلىل بىلەن ئىپادىلەنگەن نەرسىنى ھالال، دەپ ئېتىقاد قىلىش قاتارلىقلارمۇ كۇپرىلىقتۇر. باشقىلارنىڭ مېلىنى ھارام دەپ ئېتىقاد قىلىش ھاراملىقى مۇئەييەن ھارام نەرسىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ باشقىلارغا ھارامدۇر (يەنى مال ئىگىسىگە ھالال بولىدۇ).

شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن بىرەر ھۆكۈمگە سەل قاراش، ياكى كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان سۆزنى ئىختىيارى ھالدا يا چاقچاق قىلغان ئاساستا قىلىشمۇ كۇپرىلىقتۇر. گەرچە ئۇنداق ئېتىقاد قىلمىسىمۇ، ئۇنىڭغا سەل قارىغانلىقى ئۈچۈن كاپىر بولىدۇ.

پەيغەمبەرلەردىن بىرەر پەيغەمبەرنى قارىلاش، ياكى: «پەيغەمبەرلىككە تىرىشچانلىق بىلەن ئېرىشكىلى بولىدۇ» دېيىش، ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى، مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بوھتان چاپلاش، ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن كائىناتقا پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئىنكار قىلىش قاتارلىقلارمۇ كۇپرىلىقتۇر. ئىنسان مۇشۇ سەۋەب بىلەن دىندىن چىقىپ

**كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىسلامغا قايتا كىرىشكە تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىسلامغا قايتا كىرسە كىردى، بولمىسا ئۆلتۈرۈلىدۇ. مۇرتەد بولغان ئايال سولاپ قويۇلىدۇ، ئۆلتۈرۈلمەيدۇ[1].**

(1) سۈرە فۇسسىلەت، **30** ـ ئايەت.

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

# ئەلفىقهۇل ئەكبەر

**(چوڭ فىقهى)**

## كەلىمە تەۋهىد

**(الله نى بار ۋە بىر دەپ بىلىش كەلىمىسى)**

**«ئەلفىقهۇل ئەكبەر» دېگەن سۆز ئىسلام ئەقىدىسى ئاساسلىرىنى كۆرسىتىدۇ.**

**مەن بۇ كىتابنى ئىسلام ئەقىدىسى ئاساسلىرىنى بايان قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشنى ئۇيغۇن كۆردۇم. چۈنكى ئىسلام ئەقىدىسى ئۇستىدە ئۆلگەن ھەرقانداق كىشى، قىيامەت كۈنى دوزاختا مەڭگۈ قېلىشتىن الله تائالانىڭ پەزلى ـ مەرھەمىتى بىلەن قۇتۇلىدۇ. بۇ ئەقىدىنىڭ ئاساسىي ۋە مەركىزى: «بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئۇنىڭ ئەلچىسىدۇر» دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىدىن ئىبارەتتۇر. الله پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مۇشۇ سۆزنى ئېيتىشقا، پۈتۈن ئىنسانلارنى مۇشۇ سۆزگە چاقىرىشقا ۋە ئۇلارغا بىۋاسىتە مۇنداق دېيىشكە بۇيرۇغان: «ماڭا ۋەھيى قىلىنىدىكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، سىلەر بويسۇنامسىلەر؟»[1]. يەنى سىلەر «لائىلاھە ئىللەللاھ» دېگەن بۇ كەلىمىگە باش ئېگەمسىلەر ۋە بويسۇنامسىلەر.**

**مانا بۇ كەلىمە تەۋھىد كەلىمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، الله تائالا ئۇنى بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئەلچىلەرگە چۈشۈرگەن. الله تائالا ئۇ كەلىمىنى ماڭىمۇ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى دېمەكچى) چۈشۈردى. شۇنداقلا، ئۇنى دەۋەتىمنىڭ ۋە شەرىئەتىمنىڭ ئاساسى قىلىپ بەلگىلىدى.**

**تەۋھىد كەلىمىسى الله تائالا قۇرئان كەرىمدە چۈشۈرگەن پۈتۈن نەرسىلەرنىڭ تۈپ ئاساسىي ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ بارلىق ھۆكۈملىرى ۋە شەرىئەت بەلگىلىمىلىرى بۇ كەلىمە بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان ۋە ئۇ كەلىمىدىن شاخلىنىپ چىققان.**

(1) «ئەلھەدىيىيە ئەلئەلائىييە» **330** ـ بەت.

تائەت ـ ئىبادەت ئۈچۈن بىردىنبىر ھەقلىق زات يېگانە الله تۇر، دەپ ئېتىقاد قىلىش، الله بۇيرۇغان ۋە قانۇن قىلىپ بەلگىلىگەن پۈتۈن ئىشلاردا يېگانە الله قىلا بويسۇنۇش، توسقان ۋە چەكلىگەن پۈتۈن ئىشلاردىن يېنىشتىن ئىبارەتتۇر. مانا بۇ، ئىسلامنىڭ ھەقىقىي مەنىسىدۇر. ئىسلام دېمەك، ئېتىقاد، سۆز، ئەخلاق ۋە ئەمەل جەھەتلەردە «بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر» دېمەكتۇر. بۇ كەلىمىدىن ھەرگىز ئايرىلمايدىغان يەنە بىر كەلىمە بولۇپ، ئۇ: «مۇھەممەد الله نىڭ ئەلچىسىدۇر» دېيىشتىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارغا تەۋھىد كەلىمىسىگە قانداق بويسۇنۇشنى ۋە ئۇنىڭغا قانداق ئەمەل قىلىشنى روشەن بايان قىلىپ بەردى.

شۇڭا بۇ ئىككى كەلىمىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىش توغرا ئەمەس. بىرىنچىسى بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، ئىككىنچىسىدىن بىھاجەت بولۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. بۇ ئىككى كەلىمە ئېتىقاد، ئىقرار ۋە ئەمەل جەھەتلەردە ھەمىشە يانمۇيان كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا نۇرغۇن ئايەتلەردە ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشنى پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش بىلەن بىرگە بايان قىلدى. الله تائالا شۇ ئايەتلەرنىڭ بىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتقىنكى، «الله غا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار». ئەگەر ئۇلار (ئىتائەت قىلىشتىن) يۈز ئۆرۈسە، الله كاپىرلارنى (يەنى الله نىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئاسىيلىق قىلغانلارنى) دوست تۇتمايدۇ»[1]. شۇ ئايەتلەرنىڭ يەنە بىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، سىلەر (قۇرئاننى) ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەڭلار»[2].

الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشنى ئۆزىگە ئىتائەت قىلغانلىق دەپ جاكارلاپ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ الله غا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ (چۈنكى پەيغەمبەر الله نىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ). كىمكى (ئى مۇھەممەد!) سەندىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، (بىلگىنكى) بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتچى (يەنى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ، ئەمەللىرىگە قاراپ ھېساب ئالغۇچى) قىلىپ ئەۋەتمىدۇق»[3].

الله تائالانىڭ: «سىلەر بويسۇنامسىلەر؟» دېگەن سۆزى ئىمان ئېيتىشتا الله نى تونۇپ قويۇشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى، الله نى تونۇش بىلەن بىرگە چوقۇم ئۇنىڭغا باش ئېگىش ۋە بويسۇنۇشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنىش، ئۇنىڭغا ئەگىشىش ۋە ئۇنىڭ شەرىئەتىنى چىڭ تۇتۇش

(1) سۇرە ئەنبىيا، 108 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) سۇرە ئال ئىمران، 32 ـ ئايەت.

(3) سۇرە ئەنفال، 20 ـ ئايەت.

بىلەنلا ئەمەلىيلىشىدۇ. كىمكى بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىنى ئېتىراپ قىلغان تەقدىردىمۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەستىق قىلمىسا، ئىمان كەلتۈرگۈچى بولمايدۇ. ئەكسىچە ئۇ كاپىردۇر.

تەۋھىد ھەققىدە ئىزدەنگۈچى ئالىملار ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئاساسلىرىنى «ئىلاھىييات» (ئىلاھلىق) ۋە «نۇبۇۋۋات» (پەيغەمبەرلىك) دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلگەن.

## ئىلاھىييات
## (ئىلاھلىق)

# الله تائالانىڭ بارلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش

شەك ـ شۈبھىسىزكى، بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ھەر بىر ئادەمگە، مەيلى ئۇ ئەر بولسۇن، ياكى ئايال بولسۇن، مەيلى قوش جىنسلىق كىشى بولسۇن، ئالدى بىلەن الله تائالانى، ئۇنىڭ ئەزەلدىن تارتىپ بارلىقىغا ھەم مەڭگۈ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە چىن دىلىدىن ھەقىقىي رەۋىشتە ئېتىقاد قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنگۈچىلەر توپىغا قېتىلغانلىقىنى تىلى بىلەن ئىقرار قىلغان ھالدا تونۇش پەرز ئەيىن بولىدۇ. الله تائالانىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن بىرەر نەرسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى مەخلۇقنىڭ مەۋجۇتلۇقى مەلۇم زامان، ماكان، ھەجىم ۋە شەكىل دائىرىسىدە بولىدۇ. الله تائالانىڭ مەۋجۇتلۇقى بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن پاكتۇر ۋە خالىيدۇر.

«بالاغەتكە يەتكەن» دېگەن سۆزدىن كىچىك بالا چىقىپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنغۇچى ئەمەس. كىمكى بالاغەتكە يېتىشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتسە، گەرچە ئۇ كاپىرلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن بولغان تەقدىردىمۇ، نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ. ئۇ كۇفرىلىقى ۋە باشقا گۇناھلىرى ئۈچۈن جازاغا تارتىلمايدۇ. بۇ، ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ قاراشلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇلارنىڭ ئىككىنچى قارىشىدا، ئەگەر ئۇ بالا ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بولسا، ئۇنىڭ ئىسلامغا كىرىشى ۋە ئۇنى رەت قىلىشى توغرا بولىدۇ. ئۇلار بۇ قارىشىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئىسلامنى ئۇ بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇن تەقلىگەنلىكىنى دەلىل قىلغان. ئۇلارنىڭ ئۈچىنچى قارىشىدا، كىچىك بالا بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇن ئىبادەتكە مەجبۇرلانمايدۇ.

تەۋھىدنى تىل بىلەن ئىقرار قىلىشنىڭ ئوخشىمىغان رەۋىشتە ئېتىبارى بار. بەزىدە ئۇ ئىقرار ئىماننىڭ يېرىمى ھېسابلانسا، يەنە بەزىدە مۇنداق بولۇشتىن ساقىت بولىدۇ. بەزىدە ئۇ ئىمان ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن شەرت ھېسابلىنىدۇ. بۇ، نوپۇزلۇق ئالىملەرنىڭ قارىشىدا شۇنداق مۇقەررەرلەشكەن. ئىمام ئەبۇ ھەنىفەدىنمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلىنغان. ئىمام ماتۇرىدىمۇ مۇشۇ قاراشنى تۇتقا قىلىدۇ. ئەشئەرى پىرقىسىدىكىلەرمۇ ئۇنى ئەڭ توغرا قاراش دەپ قوبۇل قىلغان. ئۇ قاراشنى الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى كۈچلەندۈرىدۇ: «الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ الله بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى ــ ئۇلارنىڭ ئانىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق ـ تۇققانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ـ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس)، ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا الله ئىماننى مەھكەم قىلدى ۋە ئۆز دەرگاھىدىن بولغان روھ بىلەن ئۇلارنى كۈچەيتتى، الله ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، الله ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، الله دىن ئۇلارمۇ مەمنۇن بولىدۇ، ئەنە شۇلار الله نىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، الله نىڭ قوشۇنى مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر »[1].

ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى ئالەمدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، جەۋھەرىي ياكى مەنىۋىي ئالاھىدىلىككە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەر تۈرلۈك خۇسۇسىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىلىپ تىزگىنلەنگەن پۈتۈن مەۋجۇداتلار الله تائالانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىلدۇر. تىزگىنلەنگەن ھەر بىر نەرسە ئۈچۈن چوقۇم ئۇنى تىزگىنلىگۈچى بولۇشى كېرەك. ئۇ تىزگىنلىگۈچى بولسىمۇ الله تائالادۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: « الله بەندىلىرىنىڭ ئۈستىدە قاھىردۇر (يەنى الله بەندىلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچىدۇر)، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر »[2].

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە الله نىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدە ئىچكىرلەپ ئىزدىنىشنى قويۇپ الله نىڭ مەۋجۇتلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىدىغان زاھىرىي دەلىل ـ پاكىتلار بىلەنلا كۇپايىلەنگەن. « پەيغەمبەرلىرى: « ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچى الله نىڭ (بىرلىكىدە) شەك بارمۇ؟ » دېدى »[3]. مەخلۇقاتلارنىڭ يارىتىلىشى الله نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. « باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، الله نىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنكى) الله ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، الله نىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش

(1) سۇرە نىسا، 80 ـ ئايەت.

(2) سۇرە مۇجادىلە، 22 ـ ئايەت.

(3) سۇرە ئەنئام، 18 ـ ئايەت.

بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ »[1].

پەيغەمبەرلەر (ئۇلارغا الله نىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن!) ئىنسانىيەتكە پەقەت تەۋھىدنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى: « بىر الله تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر » دېگەن كەلىمىدە بىردەكلىككە ئىگە. ئۇلار ئۆز ئۈممەتلىرىنى « الله مەۋجۇتتۇر » دېيىشكە بۇيرۇمىغان. بەلكى ئۇلار الله تىن باشقا نەرسىنىڭ مەبۇد (ئىبادەت قىلىنغۇچى) ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشنى مەقسەت قىلغان.

شۇنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، سۈننى ئەقىدىسىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قارىشىدا جەۋھەر جىسىمنىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسىدۇر. ئەمما گەۋدە بولسا ئۆز زاتى بىلەن تۇرالمايدىغان، بەلكى باشقا بىر نەرسىنىڭ ياردىمى بىلەن تۇرىدىغان نەرسىدۇر. جەۋھەر ۋە گەۋدە ھەر ئىككىسى الله تائالانىڭ شەنىگە لايىق ئەمەس. ئەقىدىدە الله تائالانىڭ مەۋجۇتلۇقى دەسلەپتە تىلغا ئېلىندى. چۈنكى ئۇ ئەقىدىنىڭ تۈپ نېگىزىدۇر. باشقا بارلىق نەرسىلەر ئۇنىڭغا قارىغاندا شاخچىنىڭ ئورنىدىدۇر. چۈنكى، الله تائالاغا لايىق بولغان سۈپەتلەرنى ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلىش، ئۇنىڭغا لايىق بولمىغان سۈپەتلەرنى پۈتۈنلەي ئۇنىڭدىن رەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ ھەققىدە دۇرۇس بولىدىغان نەرسىلەرنى دۇرۇس قىلىش ھۆكمىنى چىقىرىش، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ ھۆكۈم چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن بولۇشى ئەقىلگە ئۇيغۇندۇر.

الله تائالانىڭ مەۋجۇتلۇقى زاتىدۇر. يەنى ئۇنىڭدا باشقا بىر نەرسىنىڭ تەسىرى يوق. ئۇ، بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزغا ئوخشاش زاتى بولمىغان مەۋجۇتلۇقنىڭ دەل ئەكسى بولۇپ، بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىز الله تائالانىڭ ۋۇجۇدقا ئېلىپ چىقىشى بىلەن بولغان.

سەن بۇنى تونۇپ يەتسەڭ، بىلىشىڭ كېرەككى، الله تائالا مەۋجۇتتۇر، ئۇنىڭ زاتى ۋە سۈپەتلىرى باردۇر.

## زات

الله تائالانىڭ زاتىنى ئىنسانلارنىڭ كۆزلىرىنىڭ كۆرۈشى (يەنى الله نىڭ زاتىنىڭ ھەقىقىتىگە يېتىشى) ئۇيااقتا تۇرسۇن، ئۇستۇنكى ئالەمدىكى ئۆتكۈر كۆزلەرمۇ كۆرەلمەيدۇ (يەنى ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە يېتەلمەيدۇ). ئۇ ئويلىغاندىنمۇ، خىياللارغا كەچكەندىنمۇ، پىكىر يۈرگۈزۈلگەندىنمۇ بۈيۈكتۇر. الله تائالانىڭ زاتى ۋە ئۇنىڭ قانداق ئىكەنلىكى ھەققىدە ئويلىنىشتىن ھەزەر ئەيلەش ۋە قەتئىي ساقلىنىش

(1) سۈرە ئىبراھىم، **10** ـ ئايەت.

لازىم. چۈنكى مۇنداق قىلىش ئاخىرىقى ھېسابتا يا سېنى ھېچنەرسە يوق دېيىشكە ئېلىپ بارىدۇ، بۇنىڭ بىلەن سەن الله نى يوققا چىقارغان بولىسەن، يا سېنى الله مۇنداق نەرسىمىكىن دېيىشكە ئېلىپ بارىدۇ، بۇنىڭ بىلەن سەن الله نى شۇ نەرسىگە ئوخشاتقان بولىسەن. الله سېنىڭ خىيالىڭغا كەچكەن پۈتۈن نەرسىلەرنىڭ دەل ئەكسىدۇر. ئەگەر سېنىڭ تەپەككۇر خىيالىڭ بىرەر مەۋجۇتلۇققا بېرىپ تاقالسا، شۇ چاغدا سەن ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىشتىن ئاجىز كەلگەنلىكىڭنى ھېس قىلىسەن. مانا بۇ، سەن ئۈچۈن تېگىگە يېتىش قىيىن بولغان مەسىلىدۇر[1].

بىراق، ئىنسانغا ھەممىنى ياراتقان الله نىڭ ھەقىقىتىنى بىلىپ يېتىشتىن ئاجىز كەلگەنلىكىنى تونۇپ يېتىش قىيىنغا توختىمايدۇ. ئەگەر ئىنسان پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىپ يېتىشتىن ئاجىز كەلگەنلىكىنى تونۇپ يەتسە، پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىپ يېتىشتىن ئاجىز كەلگەن ئىنسان ھەممىنى ياراتقان الله نىڭ ھەقىقىتىنى بىلىشتىن تېخىمۇ ئاجىز كەلگەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. ئىنسان ئۆز روھىنىڭ ھەقىقي ماھىيىتىنى بىلىشكىمۇ ئاجىزلىق قىلىدۇ. «ئۇلار سەندىن روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە سورىشىدۇ. «روھنىڭ ماھىيىتىنى پەرۋەردىگارىم بىلىدۇ» دېگىن، سىلەرگە پەقەت ئازغىنا ئىلىم بېرىلگەن»[2]. ئۆزىنىڭ چەك ـ چېگراسىنى تونۇپ يەتكەن ۋە شۇ چەكتىن ھالقىپ كەتمىگەن كىشىگە الله رەھمەت قىلسۇن!

«الله تائالانىڭ زاتىنى ئىنسانلارنىڭ كۆزلىرىنىڭ كۆرۈشى (يەنى الله نىڭ زاتىنىڭ ھەقىقىتىگە يېتىشى) ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇستۇنكى ئالەمدىكى ئۆتكۈر كۆزلەرمۇ كۆرەلمەيدۇ (يەنى ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە يېتەلمەيدۇ)» دېگەن سۆزگە كەلسەك، بۇ، الله تائالانى كۆرۈش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس دېگەندىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇنى ئەقلىي جەھەتتىن كۆرۈش جائىزدۇر، شەرئىي جەھەتتىن مۆمىنلەرنىڭ ئاخىرەتتە كۆرۈشى ۋاجىپتۇر. ئۇلار ئاخىرەتتە الله تائالانى بىرەر نەرسىگە ئوخشاتماستىن، ئوبرازلاشتۇرماستىن ۋە ھەجىملەشتۈرمەستىن كۆرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن مەخلۇقاتلارنىڭ ئارىلىقىدا مەساپە بولمايدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ كۈندە، (سائادەتمەنلەرنىڭ) يۈزلىرى نۇرلۇق بولىدۇ. (ئۇلار) پەرۋەردىگارىغا قاراپ تۇرىدۇ»[3]. بۇ ئايەت الله تائالانىڭ: «كۆزلەر الله نى كۆرمەيدۇ، الله كۆزلەرنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، الله (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر»[4] دېگەن

(1) سۈرە رۇم، 30 ـ ئايەت.

(2) «ئەلھەدىييە ئەلئەلائىييە» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

(3) سۈرە ئىسرا، 85 ـ ئايەت.

(4) سۈرە قىيامەت، 22 ـــ 23 ـ ئايەتلەر.

سۆزىگە زىت كېلىپ قالمايدۇ.

الله تائالانىڭ زاتى ئەزەلىيدۇر يەنى قەدىمىيدۇر، ھېچ باشلىنىشى يوقتۇر. ئەبەدىيدۇر يەنى مەڭگۈ قالغۇچىدۇر، ھېچ تۈگەنچىسى يوقتۇر. الله نىڭ زاتى ھېچ نەرسىگە ئوخشىمايدۇ، ھېچ نەرسە الله نىڭ زاتىغىمۇ ئوخشىمايدۇ. «ھېچ شەيئى الله غا ئوخشاش ئەمەستۇر، الله ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»[1]. بۇ ئايەتنىڭ باش تەرىپى الله نى ئۇنىڭغا لايىق بولمىغان سۈپەتلەردىن پاكلايدۇ، ئاخىر تەرىپى ئۇنىڭغا لايىق سۈپەتلەرنى ئىسپاتلايدۇ. باش تەرىپى الله نى جىسىملاشتۇرغۇچىلارغا ۋە ئۇلار بىلەن ئوخشاش تىپتىكىلەرگە رەددىيە بېرىدۇ، ئاخىر تەرىپى الله نىڭ پۈتۈن سۈپەتلىرىنى رەت قىلىپ يوققا چىقارغۇچىلارغا رەددىيە بېرىدۇ. بۇ ئايەت الله تائالاغا بىرەر نەرسىنى ئوخشىتىشنى، ھەتتا ئايەتنىڭ ئاخىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئاڭلاش ۋە كۆرۈش سۈپەتلىرىگىمۇ بىرەر نەرسىنى ئوخشىتىشنى قەتئىي رەت قىلىش چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرغا قويۇش ئۈچۈن، الله تائالانى پاكلاش بىلەن باشلاندى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالانىڭ ئاڭلىشى ۋە كۆرۈشى مەخلۇقاتلارنىڭ ئاڭلىشى ۋە كۆرۈشىگە ئوخشىمايدۇ.

كىمكى ئەزەلىي نەرسە پەقەت ئۆتۈپ كەتكەن نەرسىنى بىلدۈرىدۇ، دەپ چۈشەنسە قاتتىق خاتالاشقان بولىدۇ. چۈنكى «ئەزەلىي» دېگەن سۆز يا ئىلگىرىنى يا كەلگۈسىنى بىلدۈرمەستىن بەلكى ئىلگىرى ئۆتكەن زامانىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنىدەك، كەلگۈسى زامانىڭمۇ ھەممىسىنى ھېچ پەرقلەندۈرمەستىن ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنى چۈشەنسەڭ، بىلىشىڭ كېرەككى، ئەزەلىي بىلەن ئەبەدىينىڭ ئارىسىدا مەنە جەھەتتە ئەسلا زىتلىق يوق. ئەگەر شۇ مەنىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۆتمۈشكە نىسبەت بېرىش بىلەن بىرلىكتە ئېتىبارغا ئېلىنسا، بۇنىڭ ئۈچۈن «ئەزەلىي» دېگەن سۆز؛ ئەگەر ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى كەلگۈسىدىكى مەلۇم بىر زامانغا نىسبەت بېرىش بىلەن بىرلىكتە ئېتىبارغا ئېلىنسا، بۇنىڭ ئۈچۈن «ئەبەدىي» دېگەن سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

يۇقىرىدىكى چۈشەنچىلەر شەيخ مۇھەممەد سەئىد بۇرھانى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ <زۇبدەتۇل ھەقائىق> ناملىق كىتابىدا <ئەلھەدىييە ئەلئەلائىييە> ناملىق كىتابقا بەرگەن ئىزاھاتىدىن نەقىل قىلىندى. شەيخ مۇھەممەد سەئىد بۇ سۆزلىرىدىن كېيىن مۇنداق دېگەن: «بۇ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى تەتقىقات نەتىجىسىدۇر. ئۇنى پەقەت الله ئۇتۇقلۇق ۋە ئىلھام بەرگەن كىشىلەرلا ھېس قىلالايدۇ».

(1) سۈرە ئەنئام، **103** ـ ئايەت.

# سۈپەتلەر

الله تائالانىڭ مۇقەددەس زاتىنىڭ سۈپەتلىرىمۇ ئەزەلىي ۋە ئەبەدىيدۇر. ئۇ سۈپەتلەر ھەرگىزمۇ الله نىڭ زاتىنىڭ ئۆزى ئەمەس. ئەگەر سۈپەتلەر الله نىڭ زاتىنىڭ ئۆزى بولۇپ قالغان تەقدىردە، ئۇ سۈپەتلەرنى رەت قىلىش لازىم بولۇپ قالىدۇ. ئۇ سۈپەتلەر يەنە الله نىڭ زاتىدىن باشقا نەرسىمۇ ئەمەس. ئەگەر ئۇ سۈپەتلەر ئۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇ سۈپەتلەر (كېيىن) پەيدا بولغان بولۇشى لازىم بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇ سۈپەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشقا ئالاقىدار ئىككەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلساق، بۇ چاغدا ئۇ سۈپەتلەر الله نىڭ زاتىنىڭ ئۆزىدۇر. ئەگەر ئۇ سۈپەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشقا ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى مۇلاھىزە قىلساق، بۇ چاغدا ئۇ سۈپەتلەر الله نىڭ زاتىدىن باشقا نەرسىدۇر. بۇ سۈپەتلەر تىرىك، قۇدرەت، بىلىش، سۆزلەش، ئاڭلاش، كۆرۈش، ئىرادە قىلىش... ۋاھاكازالاردۇر.

<جەۋھەرۇتتۇت تەۋھىد> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى:

«(الله) سۆزلىگۈچىدۇر. الله نىڭ سۈپەتلىرى ئۇنىڭ زاتىنىڭ ئۆزى ئەمەس ياكى الله نىڭ زاتىدىن باشقا نەرسىمۇ ئەمەس.»

بۇ سۆزنى شەرھلىگۈچى <تۇھفەتۇل مۇرىد> ناملىق كىتابتا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ سۈپەتلەر الله نىڭ زاتىنىڭ ئۆزىمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ زاتىدىن تامامەن ئايرىلىپ كەتكەن نەرسىمۇ ئەمەس، سۈپەتلەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ئۇنىڭ زاتىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىدىن باشقا نەرسە بولغاندىمۇ بىر ـ بىرىگە زىت كېلىپ قالمايدۇ. لېكىن ئۇ زاتتىن تامامەن ئايرىلىپ كەتكەن نەرسىمۇ ئەمەس».

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «<ئۇ سۈپەتلەر الله نىڭ زاتىنىڭ ئۆزىمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ زاتىدىن تامامەن ئايرىلىپ كەتكەن نەرسىمۇ ئەمەس> دېيىش بىلەن سەلبىي سۈپەتلەر چىقىپ كېتىدۇ. چۈنكى سەلبىي سۈپەتلەر الله نىڭ زاتىدىن باشقا نەرسىدۇر. يەنى سەلبىي سۈپەتلەر الله نىڭ زاتى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن سۈپەتلەر ئەمەس. چۈنكى ئۇلار مەيدانغا كەلمەيدىغان سۈپەتلەردۇر. شۇنىڭدەك يەنە تىرىلدۈرۈش ۋە ئۆلتۈرۈشكە ئوخشاش پېئىلىي سۈپەتلەرمۇ چىقىپ كېتىدۇ. بۇ سۈپەتلەرمۇ الله نىڭ زاتىدىن باشقا نەرسىدۇر. چۈنكى ئۇ سۈپەتلەر الله نىڭ قۇدرىتى بىلەن ئورۇندىلىدىغان، پەيدا قىلىنىدىغان ۋە ۋۇجۇدقا ئېلىپ چىقىلىدىغان ئىشلارغا ئالاقىداردۇر. ياكى بولمىسا، «فىقھۇل ئەكبەر» ناملىق كىتابتا شەرھلەنگىنىدەك، ئۇ سۈپەتلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى مەخلۇقاتلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا باغلىقتۇر».

سەلبىي سۈپەتلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

«ئەلقىدەم (قەدىمىي بولۇش)». بۇ سۈپەت الله تائالا مەۋجۇت بولۇشتىن بۇرۇن يوق ئىدى، دىگەنلىكنى رەت قىلىدۇ.

«ئەلبەقائ (مەڭگۈ قېلىش)». بۇ سۈپەت، الله تائالانىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ يوق بولۇپ كېتىشىنى رەت قىلىدۇ.

«ئەلمۇخالەفەتۇ لىلھەۋادىس (پەيدا بولغان ئىشلارغا ئوخشىماسلىق)» بۇ سەپەت، بىرەر مەخلۇقنىڭ الله تائالاغا ئۇنىڭ زاتىدا، سۈپەتلىرىدە ۋەئىشلىرىدا ئوخشاپ قېلىشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى رەت قىلىدۇ.

«ئەلقىيام بىننەفس (ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش)» بۇ سۈپەت، ئۇلۇغ الله نىڭ بىرەر ئورۇنغا موھتاج بولۇشىنى ۋە باشقا بىرىگە موھتاج بولۇشىنى رەت قىلىدۇ.

«ئەلۋەھدانىييە (بىرلىك)». بۇ سۈپەت، الله تائالانىڭ ئۇلۇغ زاتىدا، سۈپەتلىرىدە ۋە ئىشلىرىدا بىر (يەنى شېرىكى يوق) ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. (يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سۈپەتلەرنىڭ ئەكسى سەلبىي سۈپەتلەر ھېسابلىنىدۇ. توغرىسىنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر).

شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالانىڭ سۈپەتلىرىنىڭ چېكى يوق، تۈگەنچىسىمۇ يوق. چۈنكى الله تائالانىڭ سۈپەتلىرى مۇكەممەل بولغاچقا، ئۇنىڭ سانى، چېكى ۋە تۈگەنچىسى بولمايدۇ. الله تائالا پەقەتلا كامىل سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىدۇ. الله تائالا نۇقسانلىق سۈپەتلەردىن پاكتۇر، بۈيۈك ۋە يۈكسەك دەرىجىدە ئۈستۈندۇر.

الله تائالا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ زاتىنى ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنغان ئەقىل ئىگىسىگە تولۇق رەۋىشتە بىلىشىدىن پەردىلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئەقىل ئىگىسىگە ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي سۈپەتلىرىدىن مەلۇم نەرسىنى بىلىش نېمىتىنى ئاتا قىلدى. ساغلام ئەقىدە ئۈستىدە ئەڭ ياخشى رەۋىشتە مېڭىشقا ياردەمچى بولسۇن ئۈچۈن، مەن بۇ بەتلەردە مۇھىم بولغان سۈپەتلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن ۋە كەرەملىك الله تائالادىن بۇ سۈپەتلەرنى بۆلۈپ چۈشەندۈرۈشۈمدە پايدىلىق بولغان نەرسىنى ماڭا ئىلھام قىلىشىنى چىن دىلىمدىن ئۆتۈنۈپ سورايمەن!

«ئەلقىدەم ۋەلبەقائ (قەدىمىي بولۇش ۋە مەڭگۈ قېلىش): قەدىمىي بولۇش ۋە مەڭگۈ قېلىش الله تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىندۇر. ئۇ قەدىمىيدۇر، ئەزەلىيدۇر، مەڭگۈ قالغۇچىدۇر، مەۋجۇتلۇقتىن بۇرۇن يوق بولۇشتىن پاكتۇر، شۇنداقلا، باشقا نەرسىلەرنىڭ كېيىن يوقىلىپ تۈگىگىنىدەك يوقىلىشتىنمۇ پاكتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «زېمىننىڭ ئۈستىدىكى ھەممە يوقىلىدۇ. ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك

پەرۋەردىگارىڭنىڭ زاتى مەڭگۈ قالىدۇ»[1]، «الله نىڭ زاتىدىن باشقا بارلىق نەرسە يوقىلىدۇ، (مەخلۇقاتتا ئىجرا بولىدىغان) ھۆكۈم پەقەت الله غا خاستۇر، سىلەر الله نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر»[2]، «الله نىڭ ئىپتىداسى يوقتۇر، ئىنتىھاسى يوقتۇر، (الله) ئاشكارىدۇر، مەخپىيدۇر، الله ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر»[3]. يەنى الله تائالا پۈتۈن مەۋجۇداتلاردىن بۇرۇنمۇ مەۋجۇتتۇر. پۈتۈن نەرسىلەرنى الله تائالا پەيدا قىلغۇچىدۇر. ئۇ نەرسىلەر يوقالغاندىن كېيىنمۇ الله تائالا مەڭگۈ قالغۇچىدۇر.

«(الله) ئاشكارىدۇر، مەخپىيدۇر» يەنى مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتكۈچى دەلىللەر بىلەن ئەقىللەرگە ئاشكارىدۇر، يارىتىلغان ھەر بىر نەرسە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ زاتىنىڭ ماھىيىتىنى ئەقىل بىلەن بىلىپ يەتكىلى بولمايدۇ. دېمەك، الله ئەقىللەرگە ئاشكارىدۇر، ھىسلەرگە مەخپىيدۇر. ياكى ئۇ پۈتۈن نەرسىلەرگە ئاشكارا بولغۇچىدۇر، شۇنداقلا پۈتۈن نەرسىلەرگە مەخپىي بولغۇچىدۇر، پۈتۈن نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

بىر ھەدىس شەرىپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇخلاشتىن بۇرۇن مۇنداق دەيدىغانلىقى بايان قىلىنغان: «ئى الله! سەن ئاسمانلارنىڭ پەرۋەردىگارىسەن، زېمىننىڭ پەرۋەردىگارىسەن، بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىسەن، بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ۋە پۈتۈن نەرسىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىسەن. سەن دانلارنى ۋە ئۇرۇقلارنى يېرىپ ئۈندۈرگۈچىسەن، تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئاننى چۈشۈرگۈچىسەن. سەن كۆكۈلىسىدىن تۇتۇپ تۇرغۇچى پۈتۈن نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. ئى الله! سەن ئەزەلدىن مەۋجۇتسەن، سېنىڭدىن ئىلگىرى ھېچنەرسە يوق، سەن مەڭگۈ قالغۇچىسەن، سەندىن باشقا ھېچنەرسە قالمايدۇ. سەن ئاشكارىسەن، سەندىن ئاشكارا ھېچنەرسە يوق. سەن مەخپىيسەن، سەندىن مەخپىي ھېچنەرسە يوق. ئۈستىمىزدىكى قەرزنى ئادا قىلغىن، بىزنى پېقىرلىقتىن بىھاجەت قىلغىن!»[4]

ئىمران ئىبنى ھۇسەيىننىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئىدىم. شۇ چاغدا بەنى تەمىم قەبىلىسىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر يېتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئى بەنى تەمىم قەبىلىسىدىن كەلگەنلەر! خۇش بېشارەت قوبۇل قىلىڭلار!» دېدى. ئۇلار: بىزگە خۇش بېشارەت بەردىڭ، ئۇنداقتا بىزگە بىر نەرسە بەرگىن!، دېدى. شۇ ئەسنادا يەمەن ئەھلىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر كىرىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى يەمەن

(1) سۇرە شۇرا، 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) سۇرە رەھمان، 26 ــــ 27 ـ ئايەتلەر.

(3) سۇرە قەسەس، 88 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(4) سۇرە ھەدىد، 3 ـ ئايەت.

ئەھلى! خۇش بېشارەت قوبۇل قىلىڭلار، ئۇنى بەنى تەمىم قەبىلىسىدىن كەلگەنلەر قوبۇل قىلمىغان ئىدى» دېدى. ئۇلار: بىز ئۇنى قوبۇل قىلدۇق، بىز سېنىڭ يېنىڭغا دىن ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىش، ھەممىدىن بۇرۇن نېمىنىڭ بارلىقىنى سوراپ بىلىش ئۈچۈن كەلدۇق، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللە ئەزەلدىن مەۋجۇت ئىدى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچنەرسە مەۋجۇت بولمىغان. اللە نىڭ ئەرشى سۇ ئۈستىدە ئىدى. ئاندىن اللە ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتتى ھەمدە لەۋھۇلمەھپۇزغا پۈتۈن نەرسىلەرنى يازدى» دېدى[1].

اللە تائالادىن باشقا پۈتۈن نەرسىلەر پەيدا بولغاندۇر. اللە تائالا پۈتۈن نەرسىلەرنى ياراتتى. ئۇ، بارلىق جانلىقلارنى رىزىق بىلەن تەمىنلەشكە كېپىلدۇر. ئەرش بىلەن قەلەممۇ اللە ياراتقان مەخلۇقلاردۇر. ئەرش بىلەن قەلەمدىن قايسىسىنىڭ بۇرۇن يارىتىلغانلىقى ھەققىدە ئالىملارنىڭ ئىككى خىل قارىشى بار. كۆپ ساندىكى ئالىملار ئەرشنىڭ قەلەمدىن بۇرۇن يارىتىلغانلىق پىكرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەمما ئىبنى جەرىر ۋە ئۇنىڭ پىكرىگە ئەگەشكەنلەر قەلەمنىڭ بۇرۇن يارىتىلغانلىق پىكرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئىمام بەيھەقىي «اللە نىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرى»ناملىق كىتابىدا توختىلىپ، ئەئمەشنىڭ ئەبۇ زەبياندىن قىلغان رىۋايىتى ئارقىلىق ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللە تۇنجى قىلىپ قەلەمنى ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا يازغىن، دېدى. قەلەم: ئى پەرۋەردىگارىم! نېمىنى يازىمەن؟ دېدى. اللە تەقدىرنى يازغىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن، شۇ كۈندىن باشلاپ قىيامەت كۈنىگىچە بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى يېزىلدى».

اللە تائالانىڭ قەدىمىي ئىكەنلىكىنى ۋە مەڭگۈ قالىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىر ئەقلىي دەلىل ئۇنىڭ زامانىنى يارىتىشىدۇر. ياراتقۇچىنىڭ يارىتىلغۇچى ۋۇجۇتقا كېلىشتىن بۇرۇن چوقۇم مەۋجۇت بولۇشى، يارىتىلغۇچى يوقالغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ مەڭگۈ قېلىشى لازىم.

«ئەلئەھەدىيە ۋەلۋەھدانىييە» (بىرلىك ۋە يېگانىلىك): بىرلىك ۋە يېگانىلىك اللە تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىن بولۇپ، ئۇ زاتىدا، سۈپەتلىرىدە ۋە ئىشلىرىدا ئەزەلدىن تارتىپ مۇتلەق بىر ۋە يېگانىدۇر، شۇنداقلا مەڭگۈ بىر ۋە يېگانە ھالەتتە قالىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ شېرىكى، تەڭدىشى، ئوخشىشى بولۇشى ياكى زاتىنىڭ تەركىپ تاپقان بولۇشى ۋە ياكى پارچىلىنىدىغان بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

اللە تائالانىڭ بىر ۋە يېگانە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل ئۇنىڭ مۇشۇ ئالەمنى يارىتىشىدۇر. چۈنكى اللە تائالا مۇتلەق بىر بولمىسا ئىدى، ھېچ بولمىغاندا

(1) سەھىھ مۇسلىم، 2713 ـ ھەدىس.

**بىرەر جەھەتتە (تەۋەددۇشغا) باراۋەر بولۇپ قېلىش سەۋەبىدىن ئاجىز كېلىپ قېلىپ، بۇ ئالەمدىن ھېچ نەرسىنى يارىتىشقا قادىر بولالمىغان بولاتتى. يەنى الله تائالانىڭ ئىلاھلىقىدا بىرەر تەۋەددۇشى بولسا ئىدى، پەيدا بولىدىغان نەرسىلەردىن (يەنى مەخلۇقاتلارنىڭ) ھېچبىرىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقماسلىقى لازىم بولاتتى. بىرەر نەرسىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقمىغان بولۇشى ئەمەلىيەتكە زىتتۇر. چۈنكى، ئالەملەر يارىتىلغان ۋە ۋۇجۇدقا چىققاندۇر. بۇنىڭدىن الله تائالانىڭ بارلىق نەرسىلەرگە قادىر ئىكەنلىكى، پۈتۈن نەرسىلەرنى خالىغان رەۋىشتە يارىتىدىغانلىقى كەسكىن دەلىللەر بىلەن مۇقەررەرلەشكەنلىكىنىڭ لازىملىقى چىقىدۇ. ئەگەر ئۇلۇغ ئىگىمىز الله تائالاغا ئوخشاش يارىتىش قۇدرىتىگە ئىگە يەنە بىر ياراتقۇچى كۈچ بولغان تەقدىردە، بۇ ئىككى قۇدرەتلىك ياراتقۇچى بىرەر نەرسە ياراتماقچى بولسا، ئۇ نەرسىنى ئۇ ئىككى كۈچنىڭ بىر يەرگە كېلىپ بىرلىكتە ياراتماسلىقى لازىم. چۈنكى تەڭ ئىككى كۈچنىڭ ئارىسىدىن يالغۇز بىر نەرسىنىڭ يارىتىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر تەڭ ئىككى كۈچنىڭ ئارىسىدىن يالغۇز بىر نەرسە يارىتىلسا، يارىتىلغان بىر نەرسە ئوخشاش ئىككى كۈچكە تەۋە بولۇپ قېلىش لازىم بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئەقىلگە سىغمايدۇ. شۇڭا بۇ ئىككى كۈچنىڭ بىرىنىڭ ئۇ نەرسىنى يارىتىشتىن چوقۇم ئاجىز بولۇشىنىڭ لازىم بولۇشى كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر ئىككى كۈچنىڭ بىرى ئۇ نەرسىنى يارىتىشتىن ئاجىز كەلسە، يەنە بىر كۈچنىڭمۇ بار بىر نەرسىنى يارىتىشتىن ئاجىز كېلىپ قالىدىغانلىقى چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى كۈچنىڭ نەرسىلەرنى يارىتىشتىن ئاجىز كېلىدىغانلىقى لازىم بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىككى كۈچنىڭ ئارىسىدا پەرق يوق. ھەر ئىككى كۈچنىڭ نەرسىلەرنى يارىتىشتىن ئاجىز كېلىدىغان بولۇشى، پۈتۈن نەرسىلەرنىڭ ھەرگىزمۇ ۋۇجۇدقا چىقماسلىقىنى لازىم قىلىدۇ. پۈتۈن نەرسىلەرنىڭ ۋۇجۇدقا چىقماسلىقى ئەمەلىيەتكە زىتتۇر ۋە ئۇنى ئەمەلىيەت ئىنكار قىلىدۇ. (ئەمەلىيەتتە بىز نەرسىلەرنىڭ يارىتىلىپ ۋۇجۇدقا چىققانلىقىنى كۆرۈمىز). ئۇ ئىككى كۈچنىڭ بىرلىشىپ بىرەر نەرسىنى يارىتىشتىن ئاجىز كەلگەنلىكى ئايدىڭلاشسا، ئۇلارنىڭ بىرەر نەرسىنى يارىتىشتا بىر يەرگە كېلەلمەي ئىختىلاپلىشىپ قالغان بىر نەرسىنى يارىتىشتىن ئاجىز كېلىدىغانلىقى تېخىمۇ ئوچۇق ئايدىڭلىشىدۇ. (شۇڭا ھەممە نەرسىلەرنى ياراتقان الله نىڭ تەۋەددۇشى ۋە شېرىكى يوقتۇر).**

**الله تائالا تەۋھىدكە كەلتۈرگەن بۇ ئەقلىي دەلىلنى ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ قىسقا ۋە ئەڭ ئوچۇق رەۋىشتە مۇقەررەرلەشتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئاسمان ــ زېمىندا الله دىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، (كائىناتنىڭ تەرتىپى) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى، ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر»[1]. ئەگەر بىز ئىككى ئىلاھ بار دەپ پەرەز قىلساق، ئۇلار يا ئىتتىپاقلىشىدۇ يا ئىختىلاپلىشىدۇ.**

(1) سەھىھ بۇخارى، **7418** ـ ھەدىس.

ئەگەر ئۇ ئىككىسى بىر نەرسە ئۈستىدە ئىتتىپاقلاشسا، شۇ نەرسە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە خالىشى ئاستىدا بولىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنى ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇرۇشى لازىم بولىدۇ. بۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئىككىسى ئىختىلاپلىشىپ قالسا، يا ھەر ئىككىسىنىڭ خالىغىنى ۋۇجۇدقا چىقىدۇ يا ھېچقايسىسىنىڭ خالىغىنى ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ يا ئىككىسىنىڭ بىرىنىڭ خالىغىنى ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بۇلارنىڭمۇ ھەممىسى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا قايسى شەكىلدە پەرەز قىلىنىشىدىن قەتئىينەزەر چوقۇم بۇزۇلۇش كېلىپ چىقىدىغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ.

كائىنات پەقەت بىرلا بۇيرۇق قىلغۇچى، بىرلا ئىدارە قىلغۇچى، بىرلا ئورۇنلاشتۇرغۇچى الله تائالانىڭ ئەمرى بىلەن سەير قىلىدۇ. ئۇ شۇنداق بىر ھەقىقەتكى، ئىنسان مۇنداقلا بىر نەزەر سالسا ۋە پىكىر يۈرگۈزسە ئۇنى بىلەلەيدۇ. الله تائالا ئۇ ھەقىقەتنى نۇرغۇن ئايەتلەردە دەپ ئۆتكەن بولۇپ، شۇ ئايەتلەرنىڭ بىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «الله نىڭ بالىسى يوق، ئۇنىڭغا باراۋەر باشقا بىر ئىلاھمۇ يوق، ئەگەر بۇنداق بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ھەر ئىلاھ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقنى يالغۇز ئىگەللەيتتى، بەزىسى بەزىسىدىن غالىب كېلەتتى، الله ئۇلارنىڭ الله غا نىسبەت بەرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر»[1].

نەرسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۇنى تىزگىنلەش دېمەكتۇر. ئاجىز كۈچنىڭ تىزگىنلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر ئىلاھنىڭ شېرىكى بولۇشى مۇمكىن بولسا ياكى بار دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنسا، ئەلۋەتتە ئۇ ئىككىسى يا پۈتۈن ئىلاھلىق سۈپەتلەردە بىرلىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن زاتتا بىرلىشىش كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ۋاقىتتا شېرىكلىك يوقىتا چىققان بولىدۇ. يا ئىككىسىنىڭ بىرى مەلۇم سۈپەتلەردە يەنە بىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ، بۇ ۋاقىتتا بىرى مۇكەممەل، يەنە بىرى نۇقسانلىق بولغان بولىدۇ. تەبىئى ھالدا مۇكەممەل بولغىنى پەرۋىش قىلغۇچى، نۇقسانلىق بولغىنى پەرۋىش قىلىنغۇچى بولىدۇ. قىسقىسى، الله نىڭ شېرىكى بولۇشى قەتئىي رەت قىلىنىدۇ، بىرلىكى ئوچۇق ئىسپاتلىنىدۇ.

«ئەلھەيات (تىرىكلىك)»: مۇتلەق تىرىكلىكمۇ الله تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىندۇر. ئۇ ئەزەلدىن تىرىكتۇر ۋە مەڭگۈ تىرىك قالىدۇ. ئۇنىڭ تىرىكلىكى مەخلۇقاتلىرىدىن بىرەر نەرسىنىڭ تىرىكلىكىگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى مەخلۇقنىڭ تىرىكلىكى جىسىمغا جاننىڭ سىڭىپ كىرىش سەۋەبى بىلەن پەيدا بولغان نەرسىدۇر. بۇ، الله تائالاغا ھەرگىز لايىق ئەمەس.

الله تائالانىڭ تىرىكلىكىگە نىسبەتەن يەتتە تۈرلۈك ئىش تەلەپ قىلىنىدۇكى، بىز

---

(1) سۈرە ئەنبىيا، 22 ـ ئايەت.

مۇنداق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمىز ۋە ئېتىقاد قىلىمىز: الله تائالا ھەمىشە تىرىكتۇر، ئۇنىڭ تىرىكلىكى قەدىمىيدۇر ۋە مەڭگۈ قالغۇچىدۇر، الله نىڭ تىرىكلىكى بىزگە بېرىلگەن تىرىكلىكنىڭ دەل ئەكسىدۇر، تەسىر كۆرسەتكۈچىدىن بىھاجەتتۇر، بىردۇر، ئۇنىڭ ئورنىدا ئۇنى ئىدارە قىلىدىغان زىيادە نەرسىگە باغلىق ئەمەس. تىرىكلىكنىڭ زىتى بولغان ئۆلۈم الله تائالانىڭ ھەققىدە مەۋجۇت ئەمەستۇر.

الله تائالانىڭ بۇ سۈپىتىنى ئىسپاتلاشتىكى دەلىل ئۇنىڭ بىلىش، الله تائالانىڭ ئاڭلاش، كۆرۈش، سۆزلەش، قادىر بولۇش، ئىرادە قىلىش قاتارلىق تۆۋەندە بايان قىلىنىدىغان سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەنلىكىدۇر. چۈنكى ئۇنىڭ تىرىكلىك سۈپىتى بولمىسا ئىدى، الله تائالانىڭ مەزكۇر سۈپەتلەردىن بىرى بىلەن سۈپەتلىنىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. دېمەك، الله تائالانىڭ تىرىكلىك سۈپەت بىلەن سۈپەتلىنىشى چوقۇم لازىمدۇر.

«ئەلئىلم (بىلىش)»: بىلىش الله تائالانىڭ زاتى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن مەۋجۇت ۋە قەدىمىي سۈپەتتۇر. الله تائالا شۇ سۈپىتى بىلەن پۈتۈن نەرسىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىشتىن ئىلگىرىلا تەپسىلىي بىلىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭغىمۇ يەتتە تۈرلۈك ئىش تەلەپ قىلىنىدۇكى، بىز مۇنداق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمىز ۋە ئېتىقاد قىلىمىز: الله تائالانىڭ ئىلمى مەۋجۇتتۇر، قەدىمىيدۇر، مەڭگۈ قالغۇچىدۇر، بىزگە بېرىلگەن بىلىمنىڭ دەل ئەكسىدۇر، تەسىر كۆرسەتكۈچىدىن بىھاجەتتۇر، بىردۇر، (بىلىمنىڭ) ۋۇجۇدقا چىقىشى لازىم بولغان، مۇمكىن بولغان ۋە ھەرگىز مۇمكىن بولمايدىغان پۈتۈن نەرسىلەرگە بولغان ئالاقىسى ئاممىباپتۇر. بىلىمنىڭ زىتى بولغان نادانلىق ۋە شۇ مەنىدىكى نەرسىلەر الله تائالانىڭ ھەققىدە ھەرگىز مەۋجۇت ئەمەستۇر.

الله تائالانىڭ ئىلمى بارلىق مەلۇماتلارنى ئەزەلدىن تارتىپ تولۇق ۋە پارچە ھالەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە ھېچقانداق مەلۇماتنى كەم - زىيادە قىلماستىن ياكى بار بىلەن يوقنى ئىگىز - پەس قىلىۋەتمەستىن مەڭگۈ ئوراپ تۇرىدۇ. الله تائالا ئۆزىنىڭ زاتىنى، سۈپەتلىرىنى ۋە ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ. شۇنداقلا ئەقلىي جەھەتتە ۋۇجۇدقا چىقىشى مۇمكىن بولمايدىغان نەرسىلەرنى ۋە ۋۇجۇدقا چىقىشى مۇمكىن بولىدىغان ئەمما تېخى ۋۇجۇدقا چىقمىغان نەرسىلەرنى، ئەگەر ئۇ نەرسىلەر ۋۇجۇدقا چىقسا، قانداق شەكىلدە ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ ۋۇجۇدقا كەلگەن نەرسىلەرنى، ۋۇجۇدقا كېلىۋاتقان نەرسىلەرنى ۋە قىيامەت كۈنىگىچە ۋۇجۇدقا كېلىدىغان نەرسىلەرنى تولۇق بىلىپ تۇرىدۇ.

بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، ئەگەر الله تائالا بۇ مەۋجۇداتلارنى بىلمىسە ئىدى، ئۇنى قانداقمۇ يوقلۇقتىن بار قىلغان بولاتتى؟ زاھىرى جەھەتتىن ئالساق، شۈبھىسىزكى،

بىرەر نەرسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش دەرىجىسى ئۇنى بىلىش دەرىجىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى ئەقلىمىزگە ناھايىتى تېزلا كېلىدۇ. ئەگەر ئۇنى بىلىش مەۋجۇت بولمىسا، ۋۇجۇدقا چىقىرىشمۇ ھەرگىز مۇمكىن بولمايدۇ. «(مەخلۇقاتنى) ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟ ئۇ نەرسىلەرنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر»[1].

«ئەسسەمىئۇ ۋەلبەسىر (ئاڭلاش ۋە كۆرۈش)»: ئاڭلاش ۋە كۆرۈش الله تائالانىڭ ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي سۈپەتلىرىدىندۇر. ئۇ پۈتۈن ئاۋازلارنى ناھايىتى بەك ئاڭلىغۇچىدۇر، پۈتۈن نەرسىلەرنى ناھايىتى بەك كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

«ئەسسەمىئۇ (ئاڭلاش)»: ئۇ، الله تائالانىڭ زاتى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن مەۋجۇت سۈپەتتۇر. بۇ سۈپەت بىلەن پۈتۈن مەۋجۇداتلار بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق ھالدا ئەسلى ماھىيىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. ئۇنىڭغا يەتتە تۈرلۈك ئىش تەلەپ قىلىنىدۇكى، بىز مۇنداق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمىز ۋە ئېتىقاد قىلىمىز: الله تائالانىڭ ئاڭلىشى مەۋجۇتتۇر، قەدىمىيدۇر، مەڭگۈ قالغۇچىدۇر، بىزگە بېرىلگەن ئاڭلىشىمىزنىڭ دەل ئەكسىدۇر، تەسىر كۆرسەتكۈچىدىن بىھاجەتتۇر، بىردۇر، مەۋجۇداتلار مەيلى الله تائالانىڭ ئۇلۇغ زاتىغا ۋە سۈپەتلىرىگە ئوخشاش قەدىمىي بولسۇن ياكى بىزنىڭ زاتىمىزغا، سۈپەتلىرىمىزگە ۋە ئاۋازلىرىمىزغا ئوخشاش كېيىن پەيدا بولغان بولسۇن، (الله تائالانىڭ ئاڭلىشىنىڭ) ئالاقىسى پۈتۈن مەۋجۇداتلارغا ئامىمىباپتۇر. ئاڭلاشنىڭ زىتى بولغان گاسلىق الله تائالانىڭ ھەققىدە ھەرگىز مەۋجۇت ئەمەستۇر.

«ئەلبەسىر (كۆرۈش)»: ئۇ، الله تائالانىڭ زاتى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن مەۋجۇت سۈپەتتۇر. ئۇ سۈپەت بىلەن پۈتۈن مەۋجۇداتلار بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق ھالدا ئەسلى ماھىيىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. ئۇنىڭغا يەتتە تۈرلۈك ئىش تەلەپ قىلىنىدۇكى، بىز مۇنداق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمىز ۋە ئېتىقاد قىلىمىز: الله تائالانىڭ كۆرۈشى مەۋجۇتتۇر، قەدىمىيدۇر، مەڭگۈ قالغۇچىدۇر، بىزگە بېرىلگەن كۆرۈشىمىزنىڭ دەل ئەكسىدۇر، تەسىر كۆرسەتكۈچىدىن بىھاجەتتۇر، بىردۇر، مەۋجۇداتلار مەيلى الله تائالانىڭ ئۇلۇغ زاتىغا ۋە سۈپەتلىرىگە ئوخشاش قەدىمىي بولسۇن ياكى بىزنىڭ زاتىمىزغا، سۈپەتلىرىمىزگە ۋە ئاۋازلىرىمىزغا ئوخشاش كېيىن پەيدا بولغان بولسۇن، (الله تائالانىڭ كۆرۈشىنىڭ) ئالاقىسى پۈتۈن مەۋجۇداتلارغا ئامىمىباپتۇر. كۆرۈشنىڭ زىتى بولغان كورلۇق الله تائالانىڭ ھەققىدە ھەرگىز مەۋجۇت ئەمەستۇر.

ئىلىم بىلەن ھاسىل بولغان نەتىجە ئاڭلاش ۋە كۆرۈش بىلەن ھاسىل بولغان نەتىجىدىن پەرقلىقتۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئاڭلاش بىلەن كۆرۈشنىڭ ھەربىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقارغان نەتىجىسى يەنە بىرىدىن پەرقلىقتۇر. بىز مەخلۇقاتلارغا قارايدىغان بولساق،

[1] سۈرە مۇئمىنۇن، 91 ـ ئايەت.

ئۇچىلىسىدە (يەنى بىلىش، ئاڭلاش ۋە كۆرۈشتە) ئوتتۇرىغا چىققان نەتىجىنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. چۈنكى، كۆزنى يۇمۇپ تۇرۇپ قەلب بىلەن هاسىل قىلغان ئىلىم كۆزنى ئېچىپ تۇرۇپ هاسىل قىلغان ئىلىمدىن پەرقلىق بولىدۇ. مەككىنى كۆرگەن كىشىنىڭ (مەككە هەققىدە) هاسىل قىلغان ئىلمى ئۇنى كۆرمىگەن كىشىنىڭ (ئۇنىڭ هەققىدىكى) ئىلمىدىن پەرقلىق بولىدۇ. مانا بۇ، ئاڭلاش بىلەن كۆرۈش ئىلمىنىڭ ئىككى تۈرىدۇر، دېگۈچىلەرگە رەددىيە بېرىشنى ئىشارەت قىلىدۇ.

الله تائالا قۇرئان كەرىم ۋە هەدىسنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىدە ئۆزىنى ئاڭلاش ۋە كۆرۈش بىلەن سۈپەتلىگەن بولۇپ، مانا بۇ ئۇنىڭ ئاڭلاش بىلەن كۆرۈشتىن ئىبارەت ئىككى سۈپىتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان دەلىلدۇر. ئەقلىي دەلىلگە كەلسەك، ئۇ ئىككىسى كامالەت ئىگىسىنىڭ سۈپەتلىرىدۇر. ئىبراهىم ئەلەيهىسسالام ئاتىسىنى مۇنۇ سۆزى بىلەن دەلىل كەلتۈرۈپ مات قىلغان: «ئى ئاتا! نېمىشقا ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان ۋە ساڭا هېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىسەن»[1]. دېمەك، ئىبراهىم ئەلەيهىسسالام ئاڭلىيالماسلىق ۋە كۆرمەسلىكنىڭ نۇقسان ئىكەنلىكىنى، بۇ نۇقسانىنىڭ مەبۇد بولغان الله تائالاغا لايىق ئەمەسلىكىنى ئىپادىلىگەن.

«ئەلكالام (سۆزلەش)»: سۆزلەشمۇ الله تائالانىڭ ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي بولغان مۇتلەق سۈپەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، هەرپكە، ئاۋازغا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا پەيدا بولۇشقا باغلىقلىقنى كۆرسىتىدىغان نەرسىلەرگە باغلىق ئەمەس. ئۇ الله تائالانىڭ زاتى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن، مەۋجۇت، بىلىنگەن بارلىق نەرسىنى كۆرسىتىدىغان، هەرپسىز ۋە ئاۋازسىز سۈپەتتۇر. ئۇ، الله تائالانىڭ زاتى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن مەنە بولۇپ، پەيدا بولغۇچى نەرسىلەرگە ۋە باشقىلارغا ئالاقىدار بولغان ئەزەلىي خىتابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ، دالالەت قىلىش ئېتىبارى بىلەن مۇنداق ئالتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىر ئىشنى تەلەپ قىلىشقا دالالەت قىلىش ئېتىبارى بىلەن بۇيرۇق بولىدۇ. بىر ئىشنى قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىشقا دالالەت قىلىش ئېتىبارى بىلەن چەكلىمە بولىدۇ. ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن مەنىگە دالالەت قىلىش ئېتىبارى بىلەن خەۋەر بولىدۇ. مەخلۇقاتلارنىڭ هالىنى بىلىشنى تەلەپ قىلىش ئېتىبارى بىلەن مەلۇمات ئىگەللەش بولىدۇ. كەلگۈسىدىكى ساۋابقا دالالەت قىلىش ئېتىبارى بىلەن ۋەدە بولىدۇ. كەلگۈسىدە ئازابنىڭ بولىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىش ئېتىبارى بىلەن ئاگاهلاندۇرۇش بولىدۇ. سۆزلەش هەقىقىي جەهەتتىن ئەمەس، ئېتىبارى جەهەتتىن مۇشۇ تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

ئۇ، الله تائالانىڭ زاتى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن مەنە بولۇپ، پەيدا بولغۇچى نەرسىلەرگە ۋە باشقىلارغا ئالاقىدار بولغان ئەزەلىي خىتابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ

(1) سۈرە مۈلك، 14 ـ ئايەت.

ئۆتكەن، كەلگۈسى ۋە ھازىرقى زامانلىرى بولمايدۇ. ئەمما ئۇنى تەرجىمە قىلىدىغىنى پەيغەمبەرلەرگە (ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە الله تائالانىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن!) نازىل قىلىنغان بۇ كەلىمىلەر بولۇپ، سۆزنىڭ ئالاقىسىغا بىنائەن ئۆتكەن زامانى، كەلگۈسى زامانى ۋە ھازىرقى زامانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا مۇنداق دېيىلىدۇ: نۇھ ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىش ھەققىدىكى خەۋەر الله تائالانىڭ زاتى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن، بۇ خەۋەر ئەزەلىيدۇر، مەڭگۈدۇر ۋە ئەبەدىيدۇر. ئۇنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا دالالەت قىلىدىغان سۆز «بىز ئۇنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىمىز» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىپ بولغاندىن كېيىن «بىز ئۇنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق» دېگەن ئىبارىگە ئۆزگەردى. بۇ ئۆزگىرىش خەۋەر قىلىنغان سۆزدە بولىدۇ، ھەرگىزمۇ الله تائالانىڭ زاتى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن خەۋەردە بولمايدۇ.

الله تائالانىڭ بىلىشى ھەققىدىمۇ مۇنداق قارايمىز: نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىدىغانلىقى الله تائالانىڭ زاتى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ئەزەلىي ئىلىمدۇر. بۇ ئىلىم مەڭگۈ ۋە ئەبەدىيدۇر. نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋۇجۇدقا كېلىشتىن بۇرۇن ئۇ كەلگۈسىدە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ ۋە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىدۇ، دېگەن ئىلىم بار ئىدى، ئۇ ۋۇجۇدقا چىققاندىن كېيىن شۇ ئىلىم بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدقا چىققانلىقى ۋە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكى بىلىندى. بۇ ئۆزگىرىش ئىلىمدە ئەمەس، بىلىنگەن نەرسىدە يۈز بەردى.

ئىمام سەنۇسى (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) «مۇقەددىمات» ناملىق كىتابتا مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالانىڭ ئەزەلىي سۆزى بولسا، الله تائالانىڭ زاتى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن، ھەر تۈرلۈك سۆز ئىبارىلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان، بۇيرۇش، ھەممىسىدىن، ئىلگىرى سۈرۈشتىن، كېچىكتۈرۈشتىن، سۈكۈت قىلىشتىن، يېڭىلاشتىن، خاتالىشىشتىن، يۈز ئۆرۈشتىن ۋە باشقا تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەردىن پاك بولغان، ئىلىمگە ئالاقىدار بولغان نەرسىلەرگە ئالاقىدار بولغان مەنىلەردىن ئىبارەتتۇر. لېكىن ئىلىمنىڭ نەرسىلەرگە بولغان ئالاقىسى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئالاقىسىدۇر. سۆزلەشنىڭ ئالاقىسى دالالەت قىلىش ئالاقىسىدۇر. سۆزلەشكىمۇ يەتتە تۈرلۈك ئىش تەلەپ قىلىنىدۇكى، بىز مۇنداق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمىز ۋە ئېتىقاد قىلىمىز: الله تائالانىڭ سۆزى مەۋجۇتتۇر، قەدىمىيدۇر، مەڭگۈ قالغۇچىدۇر، بىزگە بېرىلگەن سۆزلەشنىڭ دەل ئەكسىدۇر، تەسىر كۆرسەتكۈچىدىن بىھاجەتتۇر، بىردۇر، ۋۇجۇدقا چىقىش لازىم بولغان، مۇمكىن بولغان ۋە ھەرگىز مۇمكىن بولمىغان پۈتۈن نەرسىلەرگە بولغان ئالاقىسى ئامىمىباتۇر. سۆزلەشنىڭ زىتى بولغان گاچىلىق الله تائالانىڭ ھەققىدە ھەرگىز مەۋجۇت ئەمەستۇر.

الله تائالانىڭ بۇ سۈپىتىنى ئىسپاتلاشنىڭ دەلىلى شۇكى، ئۇنىڭ زىتى بولغان

گاچىلىق ئەگەر مەخلۇقتا تېپىلسا ئۇ مەخلۇقتا كۆرۈلگەن ئوچۇق نۇقسان ۋە ئاجىزلىق ھېسابلىنىدىغان يەردە، ئەگەر ئۇ گاچىلىق ياراتقۇچى الله تائالادا تېپىلسا بۇ، الله تائالا كۆرۈلگەن نۇقسان ۋە ئاجىزلىق ھېسابلانمامدۇ؟ الله تائالا ھەرقانداق نۇقسان ۋە ئاجىزلىقتىن پاك ھەم مۇقەددەستۇر. الله تائالا ئۇنىڭدىن بۆيۈك ۋە يۈكسەك دەرىجىدە ئۈستۈندۇر.

«ئەلقۇدرەت (قادىر بولۇش)»: مۇتلەق قادىر بولۇشمۇ الله تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىندۇر. ئۇ الله تائالانىڭ زاتى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن مەۋجۇت ۋە قەدىمىي سۈپەتتۇر. الله تائالا بۇ سۈپىتى بىلەن مەۋجۇداتلارنى يارىتىدۇ ۋە ئۇنى ئۆز ئىرادىسىگە مۇۋاپىق رەۋىشتە يوقىتىدۇ. ياكى باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، الله تائالانىڭ مەۋجۇداتلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى ۋە ئۇنى ئۆز ئىرادىسىگە ئۇيغۇن ھالدا يوقىتىشى مۇشۇ سۈپەت بىلەن بارلىققا كېلىدۇ. ئۇنىڭغا يەتتە تۈرلۈك ئىش تەلەپ قىلىنىدۇكى، بىز مۇنداق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمىز ۋە ئېتىقاد قىلىمىز: الله تائالانىڭ قۇدرىتى مەۋجۇتتۇر، قەدىمىيدۇر، مەڭگۈ قالغۇچىدۇر، بىزگە بېرىلگەن قۇدرىتىمىزنىڭ دەل ئەكسىدۇر، تەسىر كۆرسەتكۈچىدىن بىھاجەتتۇر، بىردۇر، پۈتۈن مەۋجۇداتلارغا بولغان ئالاقىسى ئامىمىباتۇر. قادىر بولۇشنىڭ زىتى بولغان ئاجىزلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەنىلەر الله تائالانىڭ ھەققىدە ھەرگىز مەۋجۇت ئەمەستۇر.

«ئەلئىرادە (ئىرادە قىلىش)»: ئىرادە قىلىش الله تائالانىڭ زاتىغا بىرلىشىپ كەتكەن مەۋجۇت ۋە قەدىمىي سۈپەتتۇر. الله تائالا بۇ سۈپىتى بىلەن نەرسىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش، يوقىتىش، باي قىلىش، كەمبەغەل قىلىش، بىلىملىك قىلىش، بىلىمسىز قىلىش، ئىگىز قىلىش، پاكار قىلىش قاتارلىقلارغا ئوخشىغان ئىشلارنى ۋە ئەھۋاللارنى ئورۇندايدۇ. شۇنداقلا، مەلۇم زامانىنى باشقا زامانلاردىن، مەلۇم ماكانىنى باشقا ماكانلاردىن، مەلۇم تەرەپنى باشقا تەرەپلەردىن مەلۇم ئۆلچەمنى باشقا ئۆلچەملەردىن ئۆزىنىڭ ئىلمىگە ئاساسەن خاسلاشتۇرىدۇ.

ئۇنىڭغا يەتتە تۈرلۈك ئىش تەلەپ قىلىنىدۇكى، بىز مۇنداق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمىز ۋە ئېتىقاد قىلىمىز: الله تائالانىڭ ئىرادە قىلىشى مەۋجۇتتۇر، قەدىمىيدۇر، مەڭگۈ قالغۇچىدۇر، بىزگە بېرىلگەن ئىرادىمىزنىڭ دەل ئەكسىدۇر، تەسىر كۆرسەتكۈچىدىن بىھاجەتتۇر، بىردۇر، پۈتۈن مەۋجۇداتلارغا بولغان ئالاقىسى ئامىمىباتۇر. ئىرادە قىلىشنىڭ زىتى بولغان مەجبۇرلىنىش يەنى الله تائالانىڭ مەجبۇرلانغان بولۇشى ئۇنىڭ ھەققىدە ھەرگىز مەۋجۇت ئەمەستۇر.

الله تائالا ھەر نەرسىگە ئەزەلدىن ۋە ئەبەدىي قادىردۇر، ئىرادە قىلغۇچىدۇر. كىچىك بولسۇن، چوڭ بولسۇن، ھەرقانداق نەرسىنى يارىتىشتىن ھەرگىز ئاجىز ئەمەستۇر.

يارىتىشنى ياقتۇرمايدىغان ۋە ئىرادە قىلمايدىغان بىرەر نەرسىنى يارىتىشىمۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ھەرگىزمۇ ئۇنى يارىتىشقا مەجبۇر بولۇپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇقۇشماسلىقتىن يارىتىپمۇ قالمايدۇ، تەبىئىي ياكى سەۋەبلىك ھالدا بىرەر نەرسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ قالمايدۇ. الله تائالا بۇلاردىن بۈيۈك ۋە يۈكسەك دەرىجىدە ئۈستۈندۇر، مۇقەددەستۇر ۋە پاكتۇر.

مۇتلەق قۇدرەت دېگىنىمىز بىرەر ئەسۋابقا، چارىگە، سەۋەبكە ۋە شۇنىڭدەك مەخلۇقنىڭ قۇدرىتى ئۈچۈن لازىم بولىدىغان نەرسىلەرگە باغلىق بولۇپ قالمىغان قۇدرەتنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى مەخلۇقنىڭ قۇدرىتى شۇ مەخلۇققا ئوخشاشلا يارىتىلغان قۇدرەتتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ھالبۇكى، سىلەرنى ۋە ياسىغان نەرسەڭلارنى الله ياراتقاندۇر»[1].

دېمەك، الله تائالانىڭ قۇدرىتى قەدىمىي، ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي بولۇپ، بىر ـ بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك، بەزىسى بەزىسىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا سەۋەب بولىدىغان پۈتۈن مەخلۇقاتلار ئاشۇ قۇدرەتتىن مەيدانغا كېلىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن قەدىمىي قۇدرەت ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ ياكى پەيدا بولغۇچى نەرسىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كەتمەيدۇ.

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، قۇدرەتنىڭ ئىككى ئالاقىسى بولۇپ، بىرى قەدىمىي سالاھىيىتىگە، يەنە بىرى پەيدا بولغۇچى ئەمەلىيىتىگە ئالاقىداردۇر. يەنى يوقلۇقتىن يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. بىرىنچىسىنىڭ سالاھىيىتى ئەزەلىي بولۇپ، ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ ۋاقتى كەلگەندە ئۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈندۇر. ئىككىنچىسى الله ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى خالىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىنى ئەمەلىي ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. دېمەك، ئەزەلىي قۇدرەتنىڭ ئالاقىسى ئامىمىباتتۇر. چۈنكى ئۇ ھەرقانداق نەرسىنى ھەرقانداق شەكىلدە ۋۇجۇدقا چىقىرىش سالاھىيىتىگە ئىگە. ئەمەلىيەتكە چىقىرىش قۇدرىتىنىڭ ئالاقىسى ئۇنىڭ ئەكسىدۇر. چۈنكى ئۇ، الله مەلۇم سۈپەتتە ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى ئىرادە قىلغان نەرسىگە ئالاقىداردۇر.

بۇنىڭ دەلىلى الله نى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدە: «بۇ ئالەمنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچى ھەر نەرسىگە قادىردۇر، ئەھلى جاھان ئىچىدە ھېچ نەرسە ئۇنى ئاجىز قىلالمايدۇ» دەپ، جاراڭلىق ندا قىلىۋاتقان بۇ ئالەمدۇر.

مۇتلەق ئىرادە دېگىنىمىز پايدا يەتكۈزۈش ياكى زىياننى توسۇپ قىلىش بىلەن ئىرادە قىلغۇچىغا قايتىدىغان مەلۇم غەرەزگە باغلىق بولمىغان ئىرادىنى كۆرسىتىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالانىڭ ئىشلىرى ۋە بۇ ئالەمنى يارىتىشى ئۈچۈن مەلۇم غەرەزلەر سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىلمەيدۇ. چۈنكى بىر ئىشنى مەلۇم غەرەز ئۈچۈن قىلىش ئۇ ئىشنى

[1] سۈرە مەريەم، **42** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلغۇچىنى شۇ غەرەز بىلەن كامالەتكە يەتكۈزۈشنى تەقەززا قىلىدۇ. نېمىشقا دېگەندە، ئۇ ئىشنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۇنى قىلغۇچىغا نىسبەتەن شۇ ئىشنىڭ يوقلۇقىدىن ئەۋزەلدۇر. بۇ ئۇقۇم پۈتۈن نەرسىلەردىن بىھاجەت الله نىڭ كامالىتىگە زىت كېلىپ قالىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «الله ھەقىقەتەن تامامى ئەھلى جاھاندىن بىھاجەتتۇر»[1]، «الله (سىلەرنىڭ مال ـ مۈلكۈڭلاردىن) بىھاجەتتۇر، سىلەر بولساڭلار (الله غا) مۇھتاجسىلەر»[2].

دېمەك، الله تائالانىڭ ئىرادىسى مۇتلەقتۇر، پايدىسىمۇ بولمىغان، زىيىنىمۇ بولمىغان بىھۇدە نەرسىگە باغلىق ئەمەس. شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالانىڭ ئىرادىسى ئۇنىڭ سۈپىتى بولۇپ، مەۋجۇداتلار ئىچىدە مەلۇم شەكىلنى مەلۇم شەكىلدىن، مەلۇم ئۆلچەمنى مەلۇم ئۆلچەمدىن، مەلۇم زاماننى مەلۇم زاماندىن، مەلۇم ماكاننى مەلۇم ماكاندىن شۇ ئىرادىنىڭ مەۋجۇداتلارغا بولغان تەسىرىدىن كېلىپ چىققىدىغان ئىلمىگە ئاساسەن خاسلاشتۇرىدۇ. الله تائالا بىلگەن پۈتۈن نەرسىلەر ۋۇجۇدقا چىقىرىلىدۇ ياكى چىقىرىلمايدۇ. بۇ، الله تائالانىڭ ئۆز ئىرادىسىدۇر.

شۇڭا بىلىشىمىز كېرەككى، الله تائالا قىلغان ھەر بىر ئىشتا، مەيلى ئاشكارىلانسۇن ياكى مەخپىي قالسۇن، مۇتلەق بىر ھېكمەت بار. ئۇ بولسىمۇ، شۇ ئىشتىن كېلىدىغان مەنپەئەت بولۇپ، ئۇ ئىشنى قىلىشقا ئۇندەيدىغان ئىللىتى يوق. ئۇ پايدا الله تائالادىن باشقا نەرسىگە الله تائالانىڭ مەرھەمىتى بولۇش سۈپىتىدە قايتىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىنسانلار! بىزنى سىلەر ئۆزەڭلارنى بىكار ياراتتى (يەنى سىلەر بىزنى ھايۋاناتلارنى ياراتقىنىمىزدەك بىز ھېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ بەرمەيدىغان قىلىپ ياراتتى)، ئۆزەڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ ھەق ـ پادىشاھ الله ئۇستۇندۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، الله ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر»[3].

الله تائالانىڭ باشقا مەخلۇقاتلىرىنى خاسلاشتۇرىدىغان ئىرادىسىنى ئىسپاتلايدىغان ئەقلىي دەلىل شۇكى، ئەگەر الله تائالا ئۇ مەخلۇقاتلاردىن بىرەر نەرسىنى ياقتۇرمىسا ياكى ئۇنىڭدىن غاپىل قالسا ۋە ياكى ئۇنى يارىتىشقا مەجبۇر بولۇپ قالسا، ئەلۋەتتە ئۇ نەرسە قايسى شەكىلدە مۇمكىن بولسا شۇ شەكىلدە ۋۇجۇدقا چىققان بولاتتى، ئەمما بۇ ھەيران قالارلىق ئۇسلۇب ۋە ئاجايىپ گۈزەل يارىتىشلار ھەرگىزمۇ ۋۇجۇدقا چىقمىغان بولاتتى. سەن «ھەسەل ھەرىسى» دەپ ئاتىلىدىغان شۇ ھاشارەتكە قارىمامسەنكى، گويا ئۇ ئىنژىنېردەك ئۇستىلىق بىلەن ئەقىل ئىگىلىرىنىمۇ ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان

(1) سۈرە سافات، 96 ـ ئايەت.

(2) سۈرە ئەنكەبۇت، 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) سۈرە مۇھەممەد، 38 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇسلۇبتا ئاجايىپ ماھارەت ئىشلىتىپ، تەكشى ھالەتتە ناھايىتى پۇختا قىلىپ ئالتە بۇرجەكلىك كۆنەك ياسايدۇ. ئەجەبا ئۇنىڭ ئەقلى بارمۇ؟ سەن بۇ ئاجايىپ سەنئەتنى شۇ ھاشارەت قىلدى، دەپ خۇددى ھەيران قالارلىق سانائەتلەرنى ئىنسانلار ئىچىدىكى ئەقىل ئىگىلىرى قىلدى، دېيىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ياراتقۇچىسىدىن ۋە ۋۇجۇدقا كەلتۈرگۈچىسىدىن غاپىل قالغىنىڭدەك غاپىل قېلىۋېرەمسەن؟ كائىناتتىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋە ناھايىتى پۇختا ئىشلارمۇ پەقەت ئۇنى ئىرادە قىلغۇچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى الله تائالا تەرىپىدىن بارلىققا كەلگەن. ھېچنەرسە ئۇنى ئاجىز قىلالمايدۇ، بىرەر نەرسە ئۇنى (بىر ئىشقا) مەجبۇرلىيالمايدۇ. ئۇ ھېچنەرسىدىن غاپىل ئەمەس. بىرەر ئىشنى قىلىشقا مەجبۇر بولۇپمۇ قالمايدۇ. «قۇدرەت ئىگىسى بولغان پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن پاكتۇر. پەيغەمبەرلەرگە سالام بولسۇن! جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله غا خاستۇر!»[1].

«ئەلمۇخالەفەتۇ لىلھەۋادىس (پەيدا بولغان ئىشلارغا ئوخشىماسلىق)»: ئۇ، الله تائالانىڭ ئۆز زاتىدا، سۈپەتلىرىدە ۋە ئىشلىرىدا مەخلۇقاتلارغا ئوخشىماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنغۇچى ھەرقانداق ئىنسان شۇنى ئېنىق بىلىشى كېرەككى، الله تائالا ئۇلۇغ زاتىدا، سۈپەتلىرىدە ۋە ئىشلىرىدا پەيدا بولىدىغان ھەممە نەرسىلەرنىڭ تامامەن ئەكسىدۇر. ئۇنىڭ ئۇلۇغ زاتى پەيدا بولغۇچى نەرسىلەرنىڭ زاتىغا ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭ سۈپەتلىرى پەيدا بولغۇچى نەرسىلەرنىڭ سۈپەتلىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرى پەيدا بولغۇچى نەرسىلەرنىڭ ئىشلىرىغا ئوخشىمايدۇ. بۇ ئوخشىماسلىقنىڭ زىتى زاتتا، سۈپەتلەردە ۋە ئىشلاردا ئوخشاشلىقنىڭ بولۇشىدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ھېچ شەيئى الله غا ئوخشاش ئەمەستۇر، الله ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»[2]. الله تائالاغا ھېچقانداق نەرسە ھېچقانداق جەھەتتە ئوخشىمايدۇ. بىرەر نەرسىنىڭ الله تائالاغا تەڭ تۇرىدىغان تەڭدىشى بولۇشنى رەت قىلىشمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى ئىچىگە كىرىدۇ.

بۇ ئايەت مۇنداقمۇ چۈشەندۈرۈلگەن: «<ئوخشاش> دېگەن سۆز سۈپەت مەنىسىدە كېلىدۇ. ئايەت، الله تائالانىڭ سۈپىتىگە ئوخشاش سۈپەت يوق، دېگەن مەنىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. بۇ مەنە، ئەگەر الله تائالا ئىنسانىيەت سۈپەتلىنىدىغان نۇرغۇن سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنسە، ئۇ سۈپەتلەر ئىنسانلار ئارىسىدا ئىشلىتىلىدىغانلىقى ئۈچۈن الله تائالانىڭ سۈپەتلىرى بولالمايدۇ، دېگەن نۇقتىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ».

دېمەك، الله تائالانىڭ زاتىدا ۋە سۈپەتلىرىدە ھېچقانداق ئوخشىشى يوق. الله

(1) سۈرە مۇئمىنۇن، **115** ـــ **116** ـ ئايەتلەر.

(2) سۈرە سافقات، **180** ـــ **182** ـ ئايەتكىچە.

تائالانىڭ زاتىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان ھېچقانداق زاتمۇ، ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان ھېچقانداق سۈپەتمۇ يوق. شۇنداقلا الله تائالانىڭ ئىشلىرىغا ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق كۈچ قادىر بولالمايدۇ. الله تائالا زاتىدا، سۈپەتلىرىدە ۋە ئىشلىرىدا بىردۇر.

«ئەلقىيام بىننەفس (ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش)»: بۇمۇ الله تائالانىڭ سۈپەتلىرىدىندۇر. بىز مۇنداق ئېتىقاد قىلىشىمىز كېرەككى، الله تائالا تەدبىر قىلغۇچىغا يەنى ئىدارە قىلىدىغان باشقا بىر زاتقا موھتاج بولمايدۇ. ئۇ قەدىمىي بولغانلىقى ۋە مەڭگۈ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچىغا موھتاج بولمايدۇ. بۇ سۈپەتنىڭ زىتى يەنى تەدبىر قىلغۇچىغا ۋە ئۆزىنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچىغا موھتاج بولۇش الله تائالاغا لايىق ئەمەس. ئۇنىڭ دەلىلى الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: «ئى ئىنسانلار! سىلەر الله غا موھتاجسىلەر، الله (ھەممىدىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر»[1].

بۇ نەقلىي دەلىلدۇر. ئەمما ئەقلىي دەلىلگە كەلسەك، بۇ مەخلۇقاتلاردۇر. چۈنكى الله تائالا تەدبىر قىلغۇچىدىن بىھاجەت بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە سۈپەت بولۇپ قالاتتى. سۈپەت ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلالمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆزى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچىدىن بىھاجەت بولمىسا ئىدى، ئەلۋەتتە پەيدا بولغۇچى بولۇپ قالاتتى. پەيدا بولغۇچى نەرسە بىر پەيدا قىلغۇچىغا موھتاجدۇر. ئەگەر ئۇ موھتاج بولسا ئىدى، بۇ مەخلۇقاتلاردىن ھېچبىرى يارىتىلمىغان بولاتتى.

## بەندىلەرنىڭ ئىشلىرى ۋە ئۇ ئىشلەرنىڭ قازا ۋە قەدەر (ئالدىنئالا بەلگىلەش) بىلەن بولغان ئالاقىسى

ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ساغلام بولۇشىغا ئىنچىل ئالاقىسى بولغان بۇ مۇھىم ماۋزۇ ھەققىدە ئوقۇغان كىتابلىرىم ئىچىدىن ئەڭ ياخشىسى ئۇستازىم شەيخ مۇھەممەد ھامىد (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كىتابى بولدى. ئەسلىدە ئۇ بۇ كىتابنى ئىلمىلىك قېرىنداشلىرىدىن بىرى بولغان شەيخ مۇنىر لۇتفى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ تەشەببۇسىغا ئاساسەن يازغان ئىكەن.

ئۇستازىم شەيخ مۇھەممەد ھامىد (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «دىنىي ئىلىملەرنى يەتكۈزۈشنى ئۆز بۇرچى ھېسابلىغان پازىل قېرىنداشلىرىمدىن

(1) سۈرە شۇرا، 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىرى ماڭا ئوقۇرمەنلەرنىڭ تولۇق پايدىلىنىشىنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ كىتاب <خاتا چۈشەنچىلەرگە رەددىيە ناملىق كىتاب> نى بەندىلەرنىڭ ئىشلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇشۇمنى تەشەببۇس قىلدى. چۈنكى بۇ كىتابنى ئوقۇغان ھەربىر ئوقۇرمەنىنىڭ كاتتا ئۇستاز ئابدۇلغەنى ھەمادە[1]نىڭ مۇشۇ ھەقتە يازغان كىتابىنى ئوقۇيالىشى ناتايىن. مەن دەسلەپتە بۇ تەشەببۇسنى قوبۇل قىلىش ھەققىدە ئىككىلەندىم. چۈنكى قازا ۋە قەدەر ھەققىدە ئىزدىنىش ھەقىقەتەن خەتەرلىك ئىشتۇر. ئەقىل ئۇنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە يېتەلمەسلىكى، چۈشەنچىدە ئېزىپ كېتىشى، ئىنسان ئۆزى بىلەن دىنىي ھەقىقەتنى تونۇپ يېتىش ئارىسىدا توسقۇنلۇق قىلىدىغان شەيتانىي ۋەسۋەسىلەرگە ئالدىنىپ كېتىشى، قەلب ئىلمىي قانائەتتىن مەھرۇم قېلىشى، پەقەت پەرۋەردىگارى الله تائالانىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشكەن بەندىلا بۇلاردىن ساقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. بىراق مەن تېخىمۇ ياخشىراق ئويلانغاندىن كېيىن ئۇ تەشەببۇسنى ماقۇل كۆرۈپ، ھەق دىن ئىسلامنىڭ نۇرى بىلەن سەير قىلىشقا بەل باغلىدىم. چۈنكى بۇ دىنىنىڭ نۇرى ئۈستىدە ماڭغان كىشى ئېزىپ كەتمەيدۇ ۋە بەختسىزلىككە ئۇچرىمايدۇ. مەن ھەممىدىن يۈكسەك، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغان، ناھايىتى كۆيۈمچان، ناھايىتى مېھرىبان ئۇلۇغ ئىگەم الله تىن دىللىرىمىزنى بۇرمىلىنىپ كېتىشتىن ساقلىشىنى، ئېتىقادىمىزنىڭ ساغلام، ئەمەللىرىمىزنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن ئۇلۇغ كىتاب قۇرئان كەرىمگە ۋە ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە چىڭ يېپىشىشىمىزنى مۇيەسسەر قىلىشىنى تىلەيمەن. ئامىن! »

ئىنسان ئۆز ئىختىيارلىقى ۋە تەسەررۇپ قىلىش ئەركىنلىكى بىلەن قىلىدىغان ئىشلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن ئۆزىدىن توسۇپ قىلىش ئىمكانى بولمىغان ئىشلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە يۈز بېرىشى ئارىسىدا ناھايىتى روشەن پەرق بار. مەسىلەن، تىترەش، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق، مۈگدەك قاتارلىقلارغا ئوخشاش. ئىنسان بۇ ئىشلاردا تىزگىنلەنگۈچىدۇر، مەجبۇردۇر. شۇڭا ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ھېسابقا تارتىلمايدۇ ۋە جازالانمايدۇ.

ئالدىنقىسى يامان ئىش بولسا، ئۇنى قىلغۇچى ئەيىپلەشكە ئۇچرايدۇ. ئەگەر ئۇ ياخشى ئىش بولسا، ماختىلىدۇ. ئۇ زېھنىي مۇھاكىمە بىلەن مەيدانغا كەلگەن ئىشتۇركى، ئۇنى قىلغۇچى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىغا ۋە ئۇنىڭدىن چىقىدىغان نەتىجىلەرگە قارايدۇ، ئاندىن شۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان سەۋەبلەرنىڭ يوللىرىنى قىلىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇ ياخشى ئىش قىلسا، مەدھىيەلەشكە لايىق بولىدۇ، يامان ئىش قىلسا، ئەيىپلەشكە لايىق بولىدۇ.

**(1)** سۈرە فاتىر، **15** - ئايەت.

بۇ ئىككى تۈرلۈك ئىشنىڭ زېھنىدە ھۆكۈم جەھەتتىن باراۋەر بولۇشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇ تەپەككۇرنىڭ نەتىجىسى ۋە ئەمەلىي ئەھۋال ھۆكۈم قىلغان نەرسىنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ. ھايۋانلارنىڭ ئۆز ئىشلىرىنى قىلىشىدا مەلۇم ئۆلچەملىرى بولۇپ، ئۇلار ئاشۇ ئۆلچەملەر ئارقىلىق پايدىلىق ئىشلار بىلەن زىيانلىق ئىشلارنى پەرقلەندۈرىدۇ. ھايۋانلار چېغىدا ئۆرەكلەرگە ۋە چوڭقۇرلۇقلارغا چۈشۈپ كېتىشتىن ئېھتىيات قىلىدۇ. ئۆزلىرىنى ھالاكەتكە تاشلىمايدۇ. ياخشى ئوتلاق بىلەن ناچار ئوتلاقنىڭ، سۈزۈك سۇ بىلەن لاي سۇنىڭ پەرقىنى ئايرىيدۇ. ئىنسانلار ئىگە بولغان كەڭ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىغان ھايۋانلارنىڭ ھالى بۇ بولسا، كىچىككىنە تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ئانچە ـ مۇنچە كۆرەلەيدىغان بىر ئىنساننىڭ قىلغان ۋە قىلمىغان ئىشلىرىدا ئىختىيارى بولمايدۇ، دەپ دەۋا قىلىش مەنتىقكە ئۇيغۇنمۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن ئىلىم قوبۇل قىلمايدىغان، ساغلام ئەقىل ۋە توغرا مەنتىق تەستىقلىمايدىغان بىمەنىلىكتۇر.

بىز تولۇق ئىشەنچىمىز بىلەن شۇنى ھېس قىلىمىزكى، قىلغان ئىشلىرىمىزنى ئىختىيارىي ھالەتتە قىلىمىز. بۇ ئەقلىي زۆرۈرىيەت بولۇپ، ئۇنى بىلمەي قېلىش ۋە ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس. پەقەت توغرا يولدىن چىقىپ كەتكەن، گۇمراھلىق قاراڭغۇلۇقىدا تىمىسقىلاپ يۈرگەن كىشىلا ئۇ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىدۇ. ئەگەر ئىش قەتئىي مەجبۇرلاش شەكلىدە بولسا، قۇلاقنىڭ نېمە پايدىسى؟ كۆزنىڭ نېمە پايدىسى؟ ياخشىلىقتىن بېشارەت بەرگۈچى، يامانلىقتىن ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشنىڭ نېمە پايدىسى؟ ئەگەر ئىش مۇنداق بولسا، الله نىڭ مۇكاپات بېرىش ۋەدىسى ۋە ئازابتىن ئاگاھلاندۇرۇشىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت بەندىنىڭ ئەمەلنى قىلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ياخشى ـ يامان ئىكەنلىكىنى ئايرىيدىغانلىقى، ئاندىن ئۇنى قىلىشقا تۇتۇش قىلىش ئىختىيارلىقىنىڭ بارلىقى ئۈچۈندۇر. ئەمما الله نىڭ ئىلمىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشقا كەلسەك، بەندە ئۇنى بىلمەيدۇ، پەقەت ئۇ ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ھاسىل بولغاندىن كېيىن ئىسپاتلىنىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ بەندىنىڭ ئىختىيارلىقىغا قارشى كېلىپ قالمايدۇ ۋە ئۇنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! بۇ ئىشنىڭ تېخىمۇ ئوچۇق ئايدىڭلىششى ئۈچۈن مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز: ئىسلام قوشۇنى شامنى پەتھە قىلغاندىن كېيىن شامدا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدىكى چوڭ ۋابا كېسىلى تاراپ كەتتى. بۇ ئەھۋال مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شامغا قىلغان سەپىرىدە دەل تەبۇكقا يېتىپ كەلگەن ۋاقتىغا توغرا كەلگەن ئىدى. يول ئۈستىدە ئۇنىڭغا قوشۇننىڭ قوماندانلىرىدىن ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى (الله ئۇلاردىن

**رازى بولسۇن!) ئۇچراشتى.**

**ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ۋەقەلىكنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا: دەسلەپتە ھىجرەت قىلغان مۇھاجىرلارنى ھۇزۇرۇمغا چاقىرغىن، دېدى. مەن ئۇلارنى چاقىردىم. ئۇ ئۇلارغا شامدا ۋابا كېسىلىنىڭ تارقىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ، قانداق قىلىش ھەققىدە ئۇلاردىن مەسلىھەت سورىدى. ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشتى؛ بەزىلەر: سەن مۇھىم بىر ئىش ئۈچۈن يولغا چىققان ئىكەنسەن، سېنىڭ قايتىپ كېتىشىڭنى توغرا تاپمايمىز، دېيىشتى. يەنە بەزىلەر: سەن بىلەن يەنە نۇرغۇن كىشىلەر ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى بار، سېنىڭ ئۇلارنى بۇ ۋابا كېسىلى بار يەرگە ئېلىپ كېلىشىڭنى توغرا تاپمايمىز، دېيىشتى. ئۇلار بىر يەرگە كېلەلمىگەندىن كېيىن، ئۆمەر: سىلەر چىقىپ كېتىڭلار، دېدى. ئاندىن ماڭا: ئەنسارىلارنى چاقىرغىن، دېدى. مەن ئۇلارنى چاقىردىم. ئۇ ئۇلارغىمۇ مۇھاجىرلارغا قىلغان سۆزىنى قىلىپ، ئۇلاردىن مەسلىھەت سورىدى. ئۇلارمۇ مۇھاجىرلارغا ئوخشاش ئىختىلاپ قىلىشتى. ئۆمەر ئۇلارغىمۇ: چىقىپ كېتىڭلار، دېدى. ئاندىن ماڭا: مەككىنىڭ پەتھى بولۇشىغا يېقىن قالغاندا ھىجرەت قىلغان قۇرەيشلەرنىڭ چوڭلىرىدىن بۇ يەردە بارلىرىنى چاقىرغىن، دېدى. مەن ئۇلارنى چاقىردىم. ئۇلار بىردەك: ئادەملەرنى ئېلىپ مەدىنىگە قايتىپ كېتىشىڭنى، ئۇلارنى بۇ ۋابا كېسىلى بار يەرگە ئېلىپ بارماسلىقىڭنى توغرا دەپ قارايمىز، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر كىشىلەرگە نىدا قىلىپ: مەن ئەتە ئەتىگەندە ئۇلۇغىمغا مىنىپ مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقىمەن، سىلەرمۇ ئەتىگەندە يولغا چىقىڭلار، دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: اللّٰه نىڭ تەقدىرىدىن قېچىپمۇ؟ دېدى. ئۆمەر: ئى ئەبۇ ئۇبەيدە! كاشكى بۇ سۆزنى سېنىڭدىن باشقا كىشى قىلغان بولسا ئىكەن، شۇنداق، بىز اللّٰه نىڭ تەقدىرىدىن يەنە اللّٰه نىڭ تەقدىرىگە قاچىمىز، ئېيتىپ باققىنچۇ، ئەگەر سېنىڭ تۆگىلىرىڭ بولۇپ، بىر تەرىپى مۇنبەت، يەنە بىر تەرىپى قاقاسلىق بىر جىلغىغا چۈشسە، سەن ئۇلارنى مۇنبەت تەرەپتە باقساڭ، اللّٰه نىڭ تەقدىرى بىلەن باققان، قاقاسلىق تەرەپتە باقساڭ، يەنىلا اللّٰه نىڭ تەقدىرى بىلەن باققان بولمامسەن؟ دېدى. شۇ ئەسنادا ئابدۇررراھمان ئىبنى ئەۋف يېتىپ كەلدى. ئۇ مەلۇم بىر ئىشى سەۋەبىدىن ئارىدا يوق، ئىدى. ئۇ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن: بۇ مەسىلە ھەققىدە مېنىڭ مەلۇماتىم بار، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىرەر جايدا ۋابا كېسىلىنىڭ تارقالغانلىقىنى ئاڭلىساڭلار، ئۇ جايغا كىرمەڭلار، ئەگەر سىلەر تۇرىۋاتقان جايدا ۋابا كېسىلى تاراپ كەتسە، ئۇنىڭدىن قېچىپ چىقىپ كەتمەڭلار» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر اللّٰه غا ھەمدۇسانا ئېيتتى ۋە مەدىنىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى»[1].**

(1) ئىدلىب شەھىرىنىڭ مۇپتىسى.

بۇ ۋەقەلىك ھەققەتەن مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە ئاخىرقى نوقتىنى قويىدۇ. ئۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلىكتىن يەنە بىرى ئەسبەغ ئىبنى نەباتەدىن رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سىففىن ئۇرۇشىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر ئادەم ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ: «دېگىنكى، ناۋادا بىز شامغا بارساق، بۇ اللە نىڭ قازاسى ۋە تەقدىرى بىلەن بولامدۇ؟» دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «دانىنى يېرىپ مايسا چىقارغان، جانلىقلارنى ياراتقان زات اللە بىلەن قەسەمكى، بىز قانداق بىر جايغا ئاياق باسمايلى، قانداق بىر جىلغىغا چۈشمەيلى، قانداق بىر داۋانىنى ئاشمايلى، بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت اللە نىڭ قازاسى ۋە تەقدىرى بىلەن بولىدۇ» دېدى.

ئۇ ئادەم: «ئۇنداقتا مەن باسقان قەدەملىرىمنى اللە تەرىپىدىندۇر، دەپ ئويلايمەن ۋە ماڭا ھېچ ئەجىر بولمايدىكەن، دەپ قارايمەن» دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى شەيخ! ئۇنداق دېمىگىن، اللە سىلەرنىڭ كېتىۋاتقاندا باسقان قەدەملىرىڭلارغا ۋە قايتىپ كېلىۋاتقاندا باسقان قەدەملىرىڭلارغا ناھايىتى چوڭ ئەجىر بەرسۇن! سىلەر ھېچبىر نەرسىدە مەجبۇرلانغۇچى ۋە ئۇنىڭغا زورلانغۇچى ئەمەسسىلەر» دېدى. ئۇ: «قازا ۋە قەدەر بىزنى ئالدىغا سېلىۋالغان تۇرسا، قانداقسىگە شۇنداق بولسۇن؟» دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «سېنىڭ ھالىڭغا ۋاي! سەن قازانىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ۋاجىپ، قەدەرنىڭ ھۆكمى چوقۇم يۈز بېرىدۇ، دەپ ئويلاپ قاپسەن، ئەگەر شۇنداق بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ساۋاب ۋە جازا، ۋەدە ۋە ئاگاھلاندۇرۇش، بۇيرۇق ۋە چەكلىمە بىكار بولۇپ كەتكەن، گۇناھ قىلغۇچى اللە تەرىپىدىن ھەرگىزمۇ ئەيىپلەنمىگەن، ياخشى ئىش قىلغۇچى مەدھىيىلەنمىگەن بولاتتى» دېدى[1].

اللە ھەممە ئىشنى ھېكمەت بىلەن قىلغۇچى، ھەممىنى تولۇق بىلىپ تۇرغۇچى تۇرسا، بۇ كائىناتنى بىكاردىن بىكارغا ئويناپ ياراتتىمۇ؟ اللە مەخلۇقاتلىرى ئىچىدە چەكلىك ھېكمەت ۋە چەكلىك ئىلىم ئورۇنلاشتۇردى، ئۆزىنى بۇ نۇقسانلىدىن پاك تۇتتى. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئاسماننى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئويناپ ياراتقىنىمىز يوق (يەنى ئۇلارنى بىكار ياراتماستىن، قۇدرىتىمىزنىڭ ئالامەتلىرى سۈپىتىدە ياراتتۇق)»[2]، «ئۇلارنى بىز پەقەت ھەق ياراتتۇق ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ»[3]. اللە تائالا بەندىلەر ئۈستىدىن پاكىت تۇرغۇزۇلغانلىقىنى جاكارلاپ مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!)

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.

(2) كەمال ئىبنى ئەبۇ شەرىپنىڭ «ئەلمۇسامەرە» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى. بۇ كىتاب، كەمال ئىبنى ھەمامنىڭ ئىلمۇلكالام (ئىسلام پەلسەپىسى) ھەققىدە يازغان «ئەلمۇسايەرە» ناملىق كىتابىنىڭ شەرھىسىدۇر.

(3) سۈرە ئەنبىيا، 16 ـ ئايەت.

ئېيتقىنكى، «(سىلەرنىڭ پاكىتىڭلار بولمىسا) الله نىڭ ئېنىق پاكىتى بار، ئەگەر ئۇ خالىسا ھەممىڭلارنى، ئەلۋەتتە، ھىدايەت قىلاتتى»[1]. يەنى الله سۇبھانەھۇ ۋەتائالا خالىسا، سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنى ھىدايەت قىلىشقا قادىردۇر.

ئەگەر بەندە ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلىنىدىغان تەقدىردە، جىنايەت ئۆتكۈزگەن گۇناھكارلار قىلمىشلىرىنى قىلىشقا مەجبۇرلانغانلىقىدىن ئىبارەت ئۆزرىسى سەۋەبىدىن ئۇلارنى ئەيىپلەشمۇ، جازالاشمۇ بولمىغان بولاتتى. ئىش شۇنداق بولۇپ قالسا، زىندانلار تاقىۋېتىلگەن، جازالار بىكار قىلىنغان، ئىنسانلار چەك ـ چېگراسىمۇ، بەلگىلىك دائىرىسىمۇ بولمىغان پىكىر ئېقىمى بىلەن ئىش ـ ھەرىكەت ئارىسىدىكى قالايمىقانچىلىقتا ياشاشقا مەجبۇر بولغان بولاتتى.

ئىنسان قىلماقچى بولغان ئىشنى الله بەرگەن قۇدرىتى بىلەن ئىلاھىي تەقدىردىن مۇستەقىل ھالدا قىلىدۇ، دەپ بىلجىرلايدىغان قەدەرىيە پىرقىسى بەندىچىلىك مەرتىۋىسىنى چۈشۈنۈشتە ئېغىر خاتالاشقان ۋە ئاجىزلىقنى الله تائالاغا نىسبەت بېرىشكە جۈرئەت قىلغان. الله خالاپلا قالسا، ئىنسان بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئارىسىدا توساق پەيدا قىلىدۇ، بەندىنىڭ كۆزلىگەن نەرسىسىگە ئېرىشىشىنى توسۇپ قويىدىغان ئامىللارنى يارىتىشىمۇ مۇمكىن، دەپ قارىغان. لېكىن ئۇ پىرقىنىڭ قارىشى شۇنداق ئېغىر دەرىجىدە خاتا بولسىمۇ، ئەمما خاتالىق دەرىجىسى جەھەتتە تەرسالىق قىلىپ، ئىسلام ئەركانلىرىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقۇچى، ئۇنىڭ ئاساسلىرىنى ۋەيران قىلغۇچى، توغرا بولغان نەقلىي دەلىللەرنى ۋە ئوچۇق ئاشكارا ماددىي دەلىللەرنى بۇرمىلىغۇچى جەبرىيە پىرقىسىنىڭ خاتالىقىدىن ئېغىر ئەمەس.

ھەر ئىككىلى پىرقىنىڭ قارىشى قەتئىي خاتادۇر. بۇ مەسىلە ھەققىدە ئەڭ ساغلام بولغان پىكىر ــ بەندىنىڭ ئىختىيارىي ئىشلارنى قىلىشتىكى ئىختىيارلىقىنى ئىسپاتلاشتا ئىلاھىي تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرگەن ھەق ئىگىلىرىنىڭ ماڭغان يولىدۇر. ئۇلار (الله ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن ۋە ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) بايانلىرىدا زىتلىق بولمىغان، كۆرسەتمىلىرىدە ئازمايدىغان بىر ئىلاھتىن بىر يۈرۈش دەلىل سۈپىتىدە سادىر بولغان پۈتۈن دەلىل ـ ئىسپاتلارغا ئەتراپلىق ھالدا قاراپ چىققاندىن كېيىن بىرلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك دەلىللەرنى بىرلەشتۈرىدۇ، ھەر بىر دەلىلنى شۇ دەلىل نىشان قىلغان يۈشۈرۈن سىر ۋە ھېكمەتكە يۈزلەندۈرىدۇ. ئۇلار بۇ ھەقتە گۇناھنى مەقسەت قىلماستىن، بۇرمىلاش يولىنى تۇتماستىن، ئوتتۇراھال يولنى تۇتقان.

شۇنىڭغا ئاساسەن، بەندە ئىشلىرىنى قىلىشتا تامامەن ھۆردۇر، دېگەن ئۇقۇمنى كەلتۈرۈپ قويىدىغان مۇتلەق دەلىللەر بەندىنىڭ شۇ ئىشنى ئىشلىشىنى ۋە ئۇنى

(1) سۈرە دۇخان، 39 ـ ئايەت.

ئەمەلىيەتكە چىقىرىشىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. چۈنكى بەندە ئۇ ئىشنى قىلىشقا بەل باغلايدۇ ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتكە چىقىرىشنى ئۆز ئىرادىسى بىلەن مەقسەت قىلىدۇ. ئۇنى نۇرغۇن ئايەتلەر ئوچۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «قىلمىشلىرىڭلار تۈپەيلىدىن ئازابنى تېتىڭلار»[1]، «بۇ ئۇلارنىڭ (پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈش، جازانە قىلىش، كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ناھەق يەۋېلىش قاتارلىق) زۇلۇملىرى تۈپەيلىدىن، ئۇلارغا بەرگەن جازايىمىزدۇر، بىز ئەلۋەتتە (بەرگەن خەۋەرلىرىمىزدە) راستچىلمىز»[2]، «سىلەرگە پەقەت قىلمىشىڭلارغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ»[3]، «ياخشى ئىش قىلغۇچى پەقەت ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ»[4]، «ياسىق بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى مۇشۇنداق سىنايمىز»[5].

الله تائالانىڭ جەننەت ئەھلى ئۈچۈن ئېيتقان مۇنۇ سۆزىمۇ مەزكۇر مەنىنى ئىپادىلەيدۇ: «ئۆتكەنكى كۈنلەردە (يەنى دۇنيادىكى چاغلاردا) ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، خۇشال ـ خۇرام يەڭلار، ئىچىڭلار»[6]، «شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ مەنزىلگاھى فىردەۋس جەننەتلىرى بولىدۇ»[7]. الله بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيگىلىرى ئىكەنلىكىنى ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلىقىنى، بۇ ئىككىسىنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن ئۇلارنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. دېمەك، قىلىش ئىشنى الله تائالا ۋۇجۇدقا چىقارغۇچى ۋە ياراتقۇچىدۇر. بەندە پەقەت ئۇنى ئىشلەيدۇ ۋە ئەمەلىيەتكە چىقىرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ساۋابقا ئېرىشىدۇ ياكى جازاغا تارتىلىدۇ.

زاھىرىي جەھەتتىن مەجبۇرلاشتەك كۆرۈنگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر بولسا، ئىنسانلارنىڭ سەركەشلىك قىلىش، ھەققە قاتتىق قارشى تۇرۇش ۋە الله نىڭ نۇرىنى ئېغىزلىرىدا ئۆچۈرۈشكە ئورۇنۇش قاتارلىق قىلمىشلىرىدا ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكلىرى تۈپەيلىدىن الله ئۇلارغا نازىل قىلغان ئازابنى ۋە ئۇلارغا لازىم قىلغان گۇمراھلىقنى كۆرسىتىدۇ، دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. مەسىلەن، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ دىللىرىنى، كۆزلىرىنى ھەق (نى چۈشىنىش ۋە كۆرۈش) تىن بۇرىۋېتىمىز، ئۇلار دەسلەپتە مۆجىزىلەرگە ئىشەنمىگىنىدەك (يەنە ئىشەنمەيدۇ)، ئۇلارنى

(1) سۈرە ئەنئام، **149** ـ ئايەت.

(2) سۈرە ئەئراف، **39** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) سۈرە ئەنئام، **146** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(4) سۈرە ياسىن، **54** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(5) سۈرە رەھمان، **60** ـ ئايەت.

(6) سۈرە ئەئراف، **163** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(7) سۈرە ھاققە، **24** ـ ئايەت.

گۇمراھلىقلىرىدا تېخىرقاپ يۈرۈشكە قويۇۋېتىمىز»[1]، «ئۇلار (ھەقتىن) بۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، الله ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ھىدايەتتىن بۇرىۋەتتى، الله پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ»[2]، «شۈبھىسىزكى، الله نىڭ ئايەتلىرىگە (يەنى قۇرئانغا) ئىشەنمەيدىغانلارنى الله ھىدايەت قىلمايدۇ، ئۇلار (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ»[3]، «الله ھەقىقەتەن پاشا ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن تارتىنىپ قالمايدۇ، مۆمىنلەر بولسا ئۇنى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل بولغان ھەقىقەت دەپ بىلىدۇ؛ كاپىرلار بولسا: «الله بۇ نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن نېمىنى ئىرادە قىلىدۇ؟» دەيدۇ. الله بۇ مىسال بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنى (ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقتىن) ئازدۇرىدۇ ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنى (ئۇنى تەستىقلىغانلىقتىن) ھىدايەت قىلىدۇ؛ شۇ ئارقىلىق پەقەت پاسىقلارنىلا ئازدۇرىدۇ. پاسىقلار الله ۋەدە ئالغاندىن كېيىن بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزىدۇ، الله ئۇلاشقا بۇيرۇغان شەيئىنى ئۈزۈپ قويىدۇ (يەنى سىلە ـ رەھىم قىلمايدۇ)، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ؛ ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر»[4]، «كىمكى ئۆزىگە (مۆجىزىلەر ئارقىلىق) توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە) مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن، مۆمىنلەرنىڭ يولىدىن غەيرىيگە ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!»[5].

زاھىرىي جەھەتتىن مەجبۇرلاشتەك كۆرۈنگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر مۇنداقمۇ چۈشەندۈرۈلىدۇ: الله پۈتۈن ئىنسانلارنى ھىدايەت قىلىشقا قادىردۇر، ئۇ مۇنداق قىلىشتىن ھەرگىزمۇ ئاجىز ئەمەس. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر الله خالىسا، ئەلۋەتتە ئۇلارنى ھىدايەتكە بىرلەشتۈرەتتى، سەن ھەرگىز (الله نىڭ ھېكمىتىنى) چۈشەنمەيدىغانلاردىن بولمىغىن»[6]، «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «(سىلەرنىڭ پاكىتىڭلار بولمىسا) الله نىڭ ئېنىق پاكىتى بار، ئەگەر ئۇ خالىسا ھەممىڭلارنى، ئەلۋەتتە، ھىدايەت قىلاتتى»»[7]. «ئەگەر بىز خالىساق، ھەر بىر كىشىگە ئەلۋەتتە ھىدايەت بېرەتتۇق، لېكىن مېنىڭ (گۇناھكارلارنى ئازاب قىلىشتىن ئىبارەت) ھۆكمىم بېكىپ كەتتى. مەن چوقۇم جىنلار ۋە ئىنسانلار (يەنى ئۇلارنىڭ

(1) سۈرە كەھف، 107 ـ ئايەت.

(2) سۈرە ئەنئام، 110 ـ ئايەت.

(3) سۈرە سەف، 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(4) سۈرە نەھل، 104 ـ ئايەت.

(5) سۈرە بەقەرە، 26 ـــ 27 ـ ئايەتلەر.

(6) سۈرە نىسا، 115 ـ ئايەت.

(7) سۈرە ئەنئام، 35 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

گۇناھكارلىرى) ــ ھەممىسى بىلەن جەھەننەمنى تولدۇرىمەن»[1] يەنى الله ئۇلارنى گۇناھ قىلمىسمۇ، بۇيرۇقىدىن چىقىپ كەتمىسىمۇ ئازابلىماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ سەركەشلىك قىلغانلىقى ۋە ھەددىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن ئازابلايدۇ. الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «(ئەگەر الله نىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلساڭلار ۋە ئىمان ئېيتساڭلار، الله سىلەرگە ئازاب قىلىپ نېمە قىلىدۇ؟ الله شۈكۈر قىلغۇچىنى مۇكاپاتلىغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر»[2].

زاھىري جەھەتتىن مەجبۇرلاشتەك كۆرۈنگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر بەندىنىڭ كەلگۈسىدە ياخشىلىق قىلىدىغانلىقى ياكى يامانلىق قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى الله نىڭ ئىلمى ـ ئەزەلىسىگە قارىتىپمۇ چۈشەندۇرۇلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئانىسىنىڭ قورسىقىدا بەختلىك بولغان (يەنى بەختلىك بولىدىغانلىقى پۈتۈلگەن) كىشى بەختلىك بولىدۇ»[3].

الله تائالانىڭ (بەندىنىڭ ئەھۋالىنى) ئالدىنئالا بىلگەنلىكىنى جاكارلىشى ھەرگىزمۇ (ئۇنى بىرەر ئىش قىلىشقا) مەجبۇرلىغانلىق ئەمەس. الله تائالانىڭ ئىشلارنى ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئەزەلدىنلا بەلگىلىشى ئىرادىنىڭ ئالاقىسى بىلەن ئىلمىنىڭ ئالاقىسى ئارىسىدىكى زامان تېخى ئۆتمەستىن بىلگەن ئىلمى ـ ئەزەلىسىگە مۇۋاپىق ھالدا بولىدۇ. ئىلىم بىلەن ئىرادە ئارىسىدىكى تەرتىپ بىزگە نىسبەتەن ئەقلىي تەرتىپتۇر، الله تائالاغا نىسبەتەن ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئىلمىنىڭ ئالاقىسى بىلەن ئىرادىنىڭ ئالاقىسىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئالاقە ئىلاھىي قەدەرنىڭ ھەقىقىي مەنىسىدۇر. ئەمما قازا بولسا الله تائالانىڭ قەدىمىي ئىلمىدە مۇئەييەن ۋاقىتلار ئىچىدە يۈز بېرىشى بەلگىلەنگەن ئەزەلىي قەدەرلەرنى الله نىڭ مەيدانغا چىقىرىشىدۇر. شۇڭا ئايەتلەر مەزمۇن جەھەتتە ئۆزئارا قارشىلىشىپ قالمايدۇ ۋە بىر ـ بىرىگە زىت كېلىپمۇ قالمايدۇ. الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە زىت كېلىپ قېلىشىدىن الله تائالا ئۆزى ساقلىسۇنكى، ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار قۇرئان ئۇستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئەگەر قۇرئان (مۇشرىكلار بىلەن مۇناپىقلار گۇمان قىلغاندەك) الله دىن غەيرىنىڭ تەرىپىدىن بولغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى تاپقان بولاتتى»[4]»[5].

ئى ئۇستازىم مۇھەممەد ھامىد! الله ساڭا مول رەھمەت ئاتا قىلسۇن! ۋە بىزنىڭ

(1) سۈرە ئەنئام، **149** ـ ئايەت.

(2) سۈرە سەجدە، **13** ـ ئايەت.

(3) سۈرە نىسا، **147** ـ ئايەت.

(4) ئىمام تەبەرانى سەھىھ سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان.

(5) سۈرە نىسا، **82** ـ ئايەت.

نامىمىزدا ھەمدە پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ نامىدا ياخشى مۇكاپات بەرسۇن! الله تىن قىيامەت كۈنى بىزنى ۋە سېنى پەيغەمبەرلەرنىڭ سەردارى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بايرىقى ئاستىدا يىغىشنى چىن دىلىمدىن تىلەيمەن! سەن ھەقىقەتەن ھەقنى توغرا چۈشىنىپسەن ۋە توغرا رەۋىشتە ئوچۇق ئىپادىلەپسەن. نۇرغۇن كىشىلەر چۈشەنچىلىرىدە ئېزىپ كەتكەن بۇ قىيىن ماۋزۇ ھەققىدە الله تائالا سېنى توغرا چۈشەنچىگە يېتەكلەپتۇ ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇرۇپتۇ.

## نۇبۇۋۋات
### (پەيغەمبەرلىك)

# پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشنىڭ زۆرۈرلىكى

ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنغۇچى ھەر بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە سۈرەتكە كىردۈرگۈچىسى الله نى تونۇغان تەقدىردىمۇ، الله نىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئەلچىلىرىنى يالغانغا چىقارسا، ئۇلار ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتلەرنى ئىنكار قىلسا، ئۇنىڭ پەقەت الله نى تونۇپ قويۇشىنىڭ ئۆزىلا ھېچ پايدىغا ئىرىشتۈرمەيدۇ. ئۇنداق ئىنسان چۆل - باياۋاندا خوجايىنىدىن ئادىشىپ كەتكەن، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلەي دەپ قالغاندا ئۇنى تېپىۋالغان، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ خوجايىنى ئىكەنلىكىنى تونۇغان ۋە باشقىلاردىن پەرقلەندۈرگەن، لېكىن ئۇنىڭ تامىقىدىن يېيىشنى، سۇيىدىن ئىچىشنى رەت قىلغان، بۇيرۇقلىرىغا ئەگىشىپ، توسقان ئىشلىرىدىن يېنىشتىن باش تارتقان بىر قۇلغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ خوجايىنىنى مۇشۇنداق تونۇشى ئۇنى بىرەر نەرسىدىن بىھاجەت قىلامدۇ؟ ياكى ئۇنىڭغا پايدا ئېلىپ كېلەمدۇ؟ ياكى ئۇنىڭ ئاچلىقىنى ۋە ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرالامدۇ؟.

ئى ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنغۇچى ئىنسان! ئەنە شۇ قۇلنىڭ مىسالىغا ئوخشاشلا، سېنى ياراتقۇچى ۋە سۈرەتكە كىردۈرگۈچى الله نى تونۇپ قويۇشۇڭنىڭ ئۆزىلا ساڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ. سېنىڭ الله نى تونۇپ قويۇپلا ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئەلچىلىرىنى يالغانغا چىقىرىشىڭ، ئۇلار ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتلەرنى ئىنكار قىلىشىڭ، ئۇ شەرىئەتتىن مەلۇم نەرسىگە بويسۇنماسلىقىڭ ياكى شەك قىلىشىڭ ياكى ئۇنى توغرا ئەمەس دەپ قارىشىڭ ۋە ياكى شۇنداق گۇماندا بولۇشۇڭ ساڭا ھېچ پايدا ئېلىپ كەلمەيدۇ. «پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى الله غا ۋە الله

نىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار) «اللە نىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)» دەيدۇ. ئۇلار: «بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر ياندىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر» دەيدۇ»[1]. «كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ اللە غا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ (چۈنكى پەيغەمبەر اللە نىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ). كىمكى (ئى مۇھەممەد!) سەندىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، (بىلگىنكى) بىز سېنى ئۇلارغا كۈزەتچى (يەنى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ، ئەمەللىرىگە قاراپ ھېساب ئالغۇچى) قىلىپ ئەۋەتمىدۇق»[2].

# پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش

اللە تائالانىڭ بۇيرىغان ئىشلىرىنى ۋە توسقان ئىشلىرىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشى ئەقلىي جەھەتتىن ئالغاندىمۇ توغرىدۇر. ئۇنىڭدا ھېچ شۈبھە يوقتۇر. اللە تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشى (توغرا كۆز قاراشقا ئاساسەن) لازىم ئەمەس. بىراق، مۆئتەزىلە پىرقىسى بۇ قاراشقا قارشى ھالدا: «اللە تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشى لازىمدۇر» دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ بۇزۇق ئەقىدىسى ۋە كاسات ئېتىقادىغا قارىتا اللە تائالانىڭ ياخشى ۋە ئەڭ پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشى لازىم بولىدۇ. بۇنىڭ دەل ئەكسىچە، كاپىرلاردىن «بەراھىمە» دەپ ئاتىلىدىغان بىر پىرقە بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋەتىلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارايدۇ.

قىسقىسى، پەيغەمبەرلەر (اللە ئۇلارغا رەھمەت ۋە سالاملار يوللىسۇن!) نىڭ ئەۋەتىلىشى ئەقلىي جەھەتتىنمۇ توغرىدۇر. شەرئىي جەھەتتىنمۇ ئىسپاتلانغاندۇر، بۇنىڭ كەسكىن دەلىللىرى ناھايىتى كۆپتۇر.

شەرىئەتلەرنى يولغا قويۇش، پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش اللە تائالانىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتىدۇر، ئەمما پەيغەمبەر ئەۋەتىشى اللە تائالاغا ھەرگىزمۇ لازىم ئىش ئەمەس، پەيغەمبەر ئەۋەتمەسلىكىمۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. اللە تائالا ئىنسانلارنى يارىتىپ، ئۇلارنى زېمىنغا چۈشۈرىدىغان چاغدا مۇنداق دىگەن: «(ئۇلارغا) «ھەممىڭلار بۇ يەردىن چۈشۈڭلار، سىلەرگە مەن تەرەپتىن بىر يول كۆرسەتكۈچى (يەنى پەيغەمبەر)

(1) ئابدۇلغەنى ھەمادەنىڭ «خاتا چۈشەنچىلەرگە رەددىيە» ناملىق كىتابى، 2 ـ جىلد، 125 ـ بەت.

(2) سۈرە بەقەرە، 285 ـ ئايەت.

كېلىدۇ، يولۇمغا ئەگەشكەنلەرگە (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ» دېدۇق. كاپىرلار ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ»[1].

ئىنسانلارنىڭ زېمىن ئۈستىدىكى ھاياتى ھەرگىزمۇ بىكاردىن بىكارغا، مەسئۇلىيەتسىز ۋە تەكلىپسىز ياشاشتىنلا ئىبارەت ئەمەس. ئۇلار ئىشىنىش ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىنغان. ئۇلار بۇ ئىككى ۋەزىپىگە مەسئۇل بولىدۇ. الله تائالانىڭ: «سىلەرگە مەن تەرەپتىن بىر يول كۆرسەتكۈچى (يەنى پەيغەمبەر) كېلىدۇ» دېگەن سۆزى <مەن تەرەپتىن سىلەرگە مەن ئەۋەتكەن پەيغەمبەر ۋە مەن نازىل قىلغان كىتاب كېلىدۇ> دېگەنلىكنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، پەيغەمبەر ئەۋەتىش ۋە كىتاب نازىل قىلىش الله تائالاغا ۋاجىپ بولماستىن بەلكى، ئۇنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان پەزلى، ياخشىلىقى ۋە رەھمىتىدۇر. چۈنكى، ئەقىل الله تائالانى تونىتىدىغان دەلىللەرنى مۇستەقىل ھالدا بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالىغىنى بىلەن بۇيرۇلغان ئىشلارنى ۋە چەكلەنگەن ئىشلارنى مۇستەقىل ھالدا بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس. ئىنسانلارنى يارىتىشتىكى مەقسەت، ئۇلارنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش ئارقىلىق تائەت ـ ئىبادەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم»[2]. مانا بۇنى بىلىش پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىشكە باغلىق بولۇپ قالغان ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق»[3]. مانا بۇ پەيغەمبەر ئەۋەتىشنىڭ توغرا ئىش ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

پەيغەمبەر ئەۋەتىشنىڭ ئەمەلي رېئاللىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىلگە كەلسەك، الله تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىگىچە ئەۋەتكەن ھەر بىر پەيغەمبەرنى (الله ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە رەھمەت ۋە سالاملار يوللىسۇن!) ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ ياخشى كىشىلىرىدىن تاللاپ ئۆز قەۋمىگە ئەۋەتەتتى. دېمەك، ئەدەپ ـ ئەخلاقتا ئەڭ كامالەتكە يەتكەن گۈزەل ئەخلاقلىق كىشى پەيغەمبەر قىلىناتتى، ئاندىن ئۇ كىشى پەيغەمبەرلىكنى جاكارلايتتى. قارشى تۇرغۇچىلار ئۇنىڭدىن ئادەتتىن تاشقىرى پاكىت كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر الله تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن مۆجىزە يارىتاتتى. چۈنكى ھېچكىم ئۆز ئىختىيارى بىلەن ياكى ئۆز بېشىمچىلىق

(1) سۈرە نىسا، 80 ـ ئايەت.

(2) سۈرە بەقەرە، 38 ـــ 39 ـ ئايەتلەر.

(3) سۈرە زارىيات، 56 ـ ئايەت.

قىلىپ الله نىڭ نامىدا بىرەر نەرسىنى بارلىققا كەلتۈرەلمەيدۇ. مۆجىزىلەرنى كەلتۈرۈش ئىشى پەيغەمبەرلەرگە مەنسۇپ ئەمەس، ئۇلارنىڭ قەۋمىگىمۇ مەنسۇپ ئەمەس. ئۇنىڭ دەلىلى الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: «ئۇلار ئېيتتى: «تاكى سەن بىزگە يەر ئاستىدىن بىر بۇلاقنى ئېتىلدۇرۇپ چىقارمىغىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز. ياكى سېنىڭ خورمىلىق، تاللىق ۋە ئوتتۇرىسىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان بىر بېغىڭ بولسۇن. ياكى سەن ئېيتقاندەك ئۈستىمىزگە ئاسماننى پارچە ـ پارچە قىلىپ چۈشۈرگىن، ياكى (پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇۋاھچى قىلىپ الله نى ۋە پەرىشتىلەرنى ئالدىمىزغا كەلتۈرگىن. ياكى سېنىڭ ئالتۇندىن ئۆيۈڭ بولسۇن، ياكى سەن (شوتا بىلەن) ئاسمانغا چىققىن، تاكى (الله تەرىپىدىن سېنىڭ ئۇنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭ يېزىلغان) بىز ئوقۇيالايدىغان بىر كىتابنى ئېلىپ چۈشمىگىچە سېنىڭ ئاسمانغا چىققانلىقىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز». (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «الله پاكتۇر، مەن پەقەت بىر پەيغەمبەر ئىنسانمەن (الله نىڭ ئىزنى بولمىسا ھېچ ئادەم بىرەر مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ) »»[1].

شۇڭا مۆجىزىنى تەيىن قىلىش ۋاجىپ ئەمەس. بەلكى ئۇ: «مەن ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارنى كەلتۈرەلەيمەن، مەندىن باشقىلار ھەم ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى كەلتۈرۈشكە قادىر بولالمايدۇ» دېسە، بۇ ئۇنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىنى، پەيغەمبەرلىكىنىڭ ۋە ئەلچىلىكىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرستىپ بېرىشكە يېتەرلىك دەلىلدۇر.

مۇنداق مۆجىزىنى كەلتۈرۈش بىرقانچە قېتىم تەكرارلىنىشىمۇ مۇمكىن. الله تائالانىڭ ئىنسانلار ئىچىدە تۇتقان يولىدىن تاشقىرى بۇ ئىشلارنىڭ تەكرار بارلىققا كېلىشى بىلەن پەيغەمبەرنىڭ پەيغەمبەرلىكى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىسپاتلىنىدۇ، تاكى ماھىر سېھىرگەرلەرمۇ ئۇنىڭ سېھىر ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. «ئۇلار ئېيتتى: «ئى مۇسا! (ھاساڭنى) سەن ئاۋۋال تاشلامسەن؟ ياكى (ئارغامچا ـ ھاسىلىرىمىزنى) بىز ئاۋۋال تاشلامدۇق؟» مۇسا: «بەلكى سىلەر ئالدىدا تاشلاڭلار!» دېدى. (ئۇلار تاشلىغان ئىدى) ناگاھان ئۇلارنىڭ ئارغامچىلىرى، ھاسىلىرى ئۇلارنىڭ سېھرىدىن (يەنى سېھرىنىڭ تەسىرىدىن) ئۇنىڭغا ھەرىكەتلىنىپ مېڭىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. (بۇنىڭدىن) مۇسا ئۆزىدە قورقۇنچ ھېس قىلدى. بىز (ئۇنىڭغا) ئېيتتۇقكى، «قورقمىغىن، سەن چوقۇم ئۈستۈنلۈك قازىنىسەن. قولۇڭدىكىنى تاشلىغىن، ئۇ ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سېھىرلىرىنى دەم تارتىپ يۇتۇۋېتىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكىنى سېھىرگەرلەرنىڭ ھىيلىسىدۇر، سېھىرگەرلەر قەيەرگە بارسا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ»»[2].

(1) سۈرە ئىسرا، **15** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) سۈرە ئىسرا، **90** ـــ **93** ـ ئايەتكىچە.

**ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلار مۇنداق يەتتە تۈرلۈك بولىدۇ:**

**1** ـ مۆجىزە بولۇپ، پەيغەمبەرلەر ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىك دەۋاسىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇ سۆزنىڭ سۆز تۇمۇرى «ئەجز» بولۇپ، لۇغەتتە «ئاجىز كەلمەك» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ، ئۇ «قادىر بولماق» دېگەن سۆزنىڭ زىتىدۇر. مۆجىزە ئۆرپ ـ ئادەت قارىشىدا ئادەتتىن تاشقىرى يۈز بېرىدىغان ئىش بولۇپ، پەيغەمبەرلىك ياكى ئەلچىلىك دەۋاسى بىلەن بىرگە باشقىلارغا جەڭ ئېلان قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ، ئۇنىڭدا قارىمۇقارشىلىق مەۋجۇت بولمايدۇ.

**2** ـ ئالدىن بېرىلگەن بېشارەت بولۇپ، پەيغەمبەرگە پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن ئىلگىرى بېشارەت بېرىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان كېچىسى يۈز بەرگەن ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلار ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلىدىغان يىلى فىل ئىگىلىرىنىڭ ھالاك بولۇشى بۇنىڭ مىسالىدۇر.

**3** ـ كارامەت بولۇپ، ۋەلى (يەنى اللە نىڭ دوستى) نىڭ قولىدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مەريەم ئانىمىز ھەققىدە يۈز بەرگەن ئىشلار بۇنىڭ مىسالىدۇر. «زەكەرىيا ھەر قېتىم (ئۇنىڭ) ئىبادەتگاھىغا ئۇنى كۆرگىلى كىرسە، ئۇنىڭ يېنىدا بىرەر يېمەكلىك ئۇچرىتاتتى. ئۇ: «ئى مەريەم! بۇ ساڭا قەيەردىن كەلدى؟» دەيتتى، مەريەم: «بۇ اللە تەرىپىدىن كەلدى» دەيتتى. اللە ھەقىقەتەن خالىغان ئادەمگە (جاپا مۇشەققەتسىزلا) ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ»[1].

**4** ـ ياردەم بولۇپ، پاك ئادەمنىڭ قولىدا تاكى ئۇنىڭ اللە تائالاغا تېخىمۇ بەك ئىبادەت قىلىشقا رىغبەتلىنىشى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

**5** ـ مۆھلەت بېرىش (گوللاپ قويۇش) بولۇپ، كاپىر ياكى پاسىقنىڭ قولىدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. اللە تائالا ئاخىر زاماندا دەججال ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلار بۇنىڭ مىسالىدۇر.

**6** ـ ئىھانەت بولۇپ، پەيغەمبەرلىكنى دەۋا قىلغان يالغانچىنىڭ قولىدا ئۇنىڭ يالغانچىلىقىنى ئىنسانلارغا ئاشكارىلاش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

**7** ـ سېھىر بولۇپ، سېھىرگەرنىڭ قولىدا يا ئۇنىڭ سېھىرىنىڭ سەۋەبى بىلەن، يا ئۇ ئۆزى بىلىدىغان مەخپىي ئىشلارغا تايانغانلىقىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

مۆجىزىنىڭ كارامەت ۋە سېھىر ئارىسىدىكى پەرقىگە كەلسەك، مۆجىزە پەيغەمبەرلىك دەۋاسى بىلەن بىرگە كېلىدۇ، بۇ تەرەپتىن كارامەتتىن ئايرىلىدۇ. ئۇ يەنە (قولىدا مۆجىزە ۋۇجۇدقا چىققان ئادەمنىڭ) كۆڭلىنىڭ پاك ۋە (مۆجىزىنىڭ)

(1) سۈرە تاھا، 65 ـــ 69 ـ ئايەتكىچە.

ياخشى ئىش بولۇشى تەرەپتىن سېھىردىن ئايرىلىدۇ. بۇ، پالچىلار ۋە مۇنەججىملەر ماڭغان يولنىڭ دەل ئەكسىدۇر.

كارامەت بىلەن مۆھلەت بىرىشنىڭ ئارىسىدىكى پەرققە كەلسەك، كارامەت ئىگىسى بېرىلگەن كارامەتتىن خۇشال بولۇپ كەتمەيدۇ، ئەكسىچە كارامەت يۈز بەرگەندە الله تائالادىن تېخىمۇ بەك قورقىدۇ، الله تائالانىڭ قەھرىگە ئۇچراشتىن تېخىمۇ بەك ھەزەر ئەيلەيدۇ. چۈنكى ئۇ بۇنىڭ بىر گوللاش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى ئادەملەرنىڭ كارامەتلەردىن خۇددى بالاقازالاردىن قورققاندەك قورقىدىغانلىقىنى كۆرىسەن. ئەمما مۆھلەت ئىگىسى ئۆزىنىڭ قولىدا ئوتتۇرىغا چىققان ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلار بىلەن خۇشال بولىدۇ، ئۆزىنى بۇنىڭغا ھەقلىق دەپ قارايدۇ، باشقىلارنى كەمسىتىدۇ، چوڭچىلىق قىلىدۇ، الله تائالانىڭ تەدبىرى بىلەن خاتىرجەملىككە ئېرىشكەن چاغدا بۇنىڭ ئارقىسىدىن يامان ئاقىۋەتكە قېلىشتىن ۋە بۇ خاتىرجەملىكنىڭ قولىدىن كېتىشىدىن ئەنسىرىمەيدۇ.

ئەۋلىيالىققا يەتكەنلىك ۋە ياخشىلاردىن بولغانلىقنىڭ ئەڭ چوڭ ئالامىتى الله تائالانىڭ دىنى ئۈستىدە تۈز مېڭىشىدۇر. الله تائالا كىمنى دىنى ئۈستىدە تۈز مېڭىشقا ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە چىڭ يېپىشىشقا مۇۋەپپەق قىلسا، بۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى چوڭ كارامەت ئاتا قىلىنغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار: «توغرا يولدا مېڭىشنىڭ ئۆزى كارامەتتۇر» دېگەن. بۇنىڭ دەلىلى الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: «شۈبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز الله دۇر» دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادا، ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز، جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار، (ئۇلار) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان (الله) تەرىپىدىن بېرىلگەن زىياپەتتۇر» دەيدۇ»[1].

الله تائالانىڭ مۆجىزە، كارامەت ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت ئادەتتىن تاشقىرى نەرسىلەرنى يارىتىش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىرىش قانۇنىيەتلىرىنى بۇزۇشىدا الله تائالانىڭ كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ناھايىتى كاتتا ۋە چوڭ دەلىللەر بار. ئىنسانلار ئادەتلىنىپ كەتكەن بۇ قانۇنىيەتلەرنىڭ چوقۇم مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى لازىم ئەمەس ۋە ۋاجىپمۇ ئەمەس. الله تائالا بۇ قانۇنىيەتلەرنى يارىتىشقا ۋە ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا مەجبۇر ئەمەس، ھەم زورلانغانمۇ ئەمەس. بەلكى، ئۇنى پەقەتلا ئۆز ئىختىيارى ۋە

---

(1) سۈرە ئال ئىمران، 37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىرادىسى بىلەن ياراتقان. الله تائالا پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى ئۇ قانۇنىيەتسىز يارىتىشقىمۇ ياكى ئىنسانلار ئادەتلىنىپ كەتكەن قانۇنىيەتلەردىن باشقا قانۇنىيەتلەر بىلەن يارىتىشقىمۇ ئەلۋەتتە قادىردۇر. ئىنسانلار ئوتنىڭ تۇتاشقان نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئادەتلەنگەن. لېكىن الله تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوتنى سالقىن ۋە سالامەت قىلىپ بەرگەن چاغدا الله تائالا ئوتنىڭ كۆيدۈرۈشتىن ئىبارەت قانۇنىيىتىنى بۇزغان.

مانا بۇ، ئوتنىڭ كۆيدۈرۈش تەبىئىتىنىڭ ئۆزىدە ئەسلىدە بار ئەمەس، بەلكى الله تائالا ئۇنىڭدا كۆيدۈرۈش خۇسۇسىيىتىنى ياراتقاندىلا ئاندىن كۆيدۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنداقلا ئىنسانلار ئەر ـ ئايال بىر تۈشەكتە بىللە بولماستىن ئايالنىڭ بالا تۇغمايدىغانلىقىغا ئادەتلەنگەن. الله تائالا بۇ قانۇنىيىتىنى بۇزۇپ، ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئاتىدىن ئاتىسىز ياراتقان، ئادەم ئەلەيھىسسالامنى بولسا ھەم ئاتىسىز ھەم ئانىسىز ياراتقان. «شۈبھىسىزكى، الله نىڭ نەزىرىدە ئىسانىڭ مىسالى (ئۇ ئاتىسىز يارىتىلغانلىقتىن) ئادەمنىڭ (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ) مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئادەمنى الله (ئاتا ـ ئانىسىز) تۇپراقتىن ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا: «ۋۇجۇدقا كەل» دېدى ـ دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كەلدى (ئىسانىڭ ئىشى ئادەمنىڭ ئىشىدىن ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس)»[1].

الله تائالا بىزگە مانا مۇشۇنداق ئادەتتىن تاشقىرى نەرسىلەرنى يارىتىپ، قۇدرىتىنىڭ ناھايىتى كاتتا، يارىتىشىنىڭ ناھايىتى مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەردى. شۇنداقلا، ئۇ بىزگە ئۆزىنىڭ بۇ كائىناتنى يالغۇز ياراتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى يالغۇز ئىدارە قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى. شۇڭا ھەرقانداق نەرسە پەقەت الله نىڭ ئىرادىسى ۋە قۇدرىتى بىلەنلا ھەرىكەتكە كېلىدۇ ياكى ھەرىكەتتىن توختايدۇ. مەزكۇر قانۇنىيەتلەرنى يارىتىش ۋە ئۇنى باشقا نەرسىلەرنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا سەۋەب قىلىپ بەلگىلەش الله غا نىسبەتەن زۆرۈر ئەمەس. شۇڭا سەۋەبلەر باشقا نەرسىلەرگە پەقەت الله تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە قۇدرىتى بىلەنلا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. نەرسىلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىنىڭ سەۋەبلەرگە باغلىق بولۇشى پەقەت ۋۇجۇدقا كېلىش باغلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. الله تائالا نەرسىلەرنى ئۆز ئىرادىسى ۋە قۇدرىتى بىلەن يارىتىش سەۋەبلىرى تېپىلغاندا ئاندىن يارىتىشنى بىزنىڭ كۆرۈشىمىزگە ئادەتلەندۈرگەن. لېكىن ئۇ مەخلۇقاتلارنى ئىنسانلار كۆرۈپ ئادەتلەنگەن سەۋەبلەرسىزمۇ يارىتىشقا ئەلۋەتتە قادىردۇر. «الله بىرەر شەيئىنى (يارىتىشنى) ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا «ۋۇجۇدقا كەل» دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ»[2].

(1) سۈرە فۇسسىلەت، 30 ــ 32 ـ ئايەتكىچە.

(2) سۈرە ئال ئىمران، 59 ـ ئايەت.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ چوڭ مۆجىزىسى قۇرئان كەرىمدۇر. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ مەڭگۈ قالىدىغان بايانىي مۆجىزە بولۇپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ توغرا، ئەلچىلىكىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى قەتئىي ھالدا كۆرسىتىدىغان دەلىلدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار: «نېمىشقا ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن مۆجىزىلەر نازىل قىلىنمايدۇ» دېدى. ئېيتقىنكى، «مۆجىزىلەر ھەقىقەتەن اللە نىڭ دەرگاھىدىدۇر (مېنىڭ قولۇمدا ئەمەستۇر)، مەن پەقەت بىر ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن». بىزنىڭ ساڭا ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىنىپ تۇرىدىغان كىتابنى نازىل قىلغانلىقىمىز ئۇلارغا (مۆجىزە بولۇشقا) كۇپايە قىلمىدىمۇ؟ بۇ كىتابتا ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن شەك — شۈبھىسىز رەھمەت ۋە ۋەز — نەسىھەت بار»[1].

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەر بىر پەيغەمبەرگە ئىنسانلارنىڭ ئىمان كەلتۈرۈشى ئۈچۈن مۆجىزە بېرىلدى، ماڭا بېرىلگەن مۆجىزە بولسا، اللە ماڭا بەرگەن ۋەھيىدۇر. مەن قىيامەت كۈنى ئەگەشكۈچىلىرىمنىڭ ئەڭ كۆپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن»[2].

قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىكى ئۇنىڭ بالاغەت، پاساھەت، سۆزلەرنىڭ تىزىلىش گۈزەللىكى ۋە جاراڭلىقلىقى جەھەتلەردىكى بايانىي مۆجىزىگىلا چەكلىنىپ قالماستىن، يەنە نۇرغۇن جەھەتلەردە ھەممىشە مۆجىزە خاراكتېرىنى جارىي قىلدۇرۇپ، زاماننىڭ ئۆتىشى بىلەن يېڭى - يېڭى مۆجىزىلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ھەر ئەسىردە قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىكىنى كۆرسىتىدىغان يېڭى بايقاشلار مەيدانغا كېلىدۇ. ئىنسانلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ راستلىقىنى، ئەلچىلىكىنىڭ توغرىلىقىنى كۆرسىتىدىغان يېڭى ئىلىملەر ئاشكارىلىنىدۇ. مانا بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ مەڭگۈلۈك مۆجىزە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ ھەر ئەسىر ۋە ھەر شەھەردە ئىنسانلار بىلەن جىنلارنى مەيدانغا چاقىرىپ كېلىۋاتىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارغا بىز تاكى ئۇلارغا قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغۇچە، (ئاسمان - زېمىن) ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىمىز، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى (سېنىڭ راستلىقىڭنىڭ دەلىلى بولۇشقا) ئۇلارغا كۇپايە ئەمەسمۇ»[3].

(1) سۈرە ياسىن، 82 - ئايەت.

(2) سۈرە ئەنكەبۇت، 50 — 51 - ئايەتلەر.

(3) سەھىھ بۇخارى، 4981 - ھەدىس.

قۇرئان كەرىمنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پارچە ـ پارچە، بۆلەك ـ بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ چۈشۈرۈلىشمۇ ئەلۋەتتە بىر مۆجىزىدۇر. چۈنكى ئۇ ۋەقەلىكلەر، سەۋەبلەر ۋە مۇناسىۋەتلەرگە ئالاقىدار ھالدا چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئايەتلىرى ۋە سۈرىلىرى بىر ـ بىرىگە ئىنتايىن ماس ھەم ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا تىزىلغان. ئۇنىڭ مەنىلىرى بىلەن تۈزۈلۈش قۇرۇلمىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە ناھايىتى پۇختا ماسلىشىپ كەتكەنلىكمۇ بىر مۆجىزىدۇر. چۈنكى ئۇ ئوقۇرمەننى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ، ئاڭلىغۇچىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالىدۇ، ئايەتلىرى ۋە سۆزلۈكلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. الله تائالا قۇرئان كەرىمنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەلىف، لام، را. بۇ، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، ھەممىدىن خەۋەردار الله تەرىپىدىن نازىل بولغان، ئايەتلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى پۇختا، (ئەقىدە، ئەھكام، ۋەز ۋە قىسسىلەر) تەپسىلىي بايان قىلىنغان كىتابتۇر»[1].

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ھېسسىي مۆجىزىلەر

الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۈچلەندۈرگەن مۆجىزە يالغۇز قۇرئان كەرىملا ئەمەس. الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولى ئارقىلىق ناھايىتى چوڭ ھېسسىي مۆجىزىلەرنى مەيدانغا چىقارغان بولۇپ، ئۇنىڭغا بېرىلگەن مۆجىزىلەر باشقا پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەر (الله ئۇلارغا رەھمەت ۋە سالاملار يوللىسۇن!) گە بېرىلگەن مۆجىزىلەردىن كۆپتۇر. الله تائالا شۇ مۆجىزىلەردىن بىرى بولغان ئاينىڭ يېرىلىشىدىن ئىبارەت مۆجىزىنى قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى. (قۇرەيش كۇففارلىرى) بىرەر مۆجىزىنى كۆرسىلا (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈپ، بۇ «داۋاملاشقۇچى سېھىردۇر» دېيىشىدۇ»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئاي يېرىلغان بولۇپ، بۇ ھەقتە سەھىھ سەنەدلەر بىلەن نۇرغۇن مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مەككە ئەھلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزلىرىگە مۆجىزە كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلارغا ئاينى ئىككى پارچە قىلىپ كۆرسەتتى، ئۇلار ھىرا تېغىنى ئاينىڭ ئىككى پارچىسى ئارىلىقىدا كۆردى»[3]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ

(1) سۈرە فۇسسىلەت، 53 ـ ئايەت.

(2) سۈرە ھۇد، 1 ـ ئايەت.

(3) سۈرە قەمەر، 1 ـــ 2 ـ ئايەتلەر.

ئاخىرقىسى بولۇپ، قىيامەتكە يېقىن قالغاندا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدى. شۇڭا ئۇ: «مېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن ۋاقىت بىلەن، قىيامەت ئارىلىقىدىكى ۋاقىت مانا ئىككى بارماقنىڭ ئارىلىقىچىلىك كېلىدۇ» دەپ، ئىككى بارمىقىنى كۆرسەتكەن ئىدى.

ئايغا چىققان ئامېرىكىلىق تەتقىقاتچىلاردىن بەزىلىرى ئۆتمۈشتە ئاينىڭ ناھايىتى چوڭ يېرىلىش ۋە دەز كېتىش ھادىسىسىگە ئۇچرىغانلىقىنى بايقىغان بولۇپ، بۇنى مىسىرلىق گېئولوگىيە ئالىمى دوكتۇر زۇغلۇل نەججار ئەرەب تىلۇىزىيە قاناللىرىنىڭ بىرىدە سۆزلىگەندە خەۋەر قىلغان ئىدى.

الله تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ھاسىنى يىلانغا ئايلاندۇرۇپ بەرگەن بولسا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نۇرغۇن جانسىز جىسىملارنى سۆزلەيدىغان مەخلۇقاتلارغا ئايلاندۇرۇپ بەرگەن بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆزلىگەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەن. مەسىلەن، بىر تاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام بەرگەن ئىدى.

ئىمام تىرمىزى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن مەككىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدىم. بىز مەككىنىڭ مەلۇم بىر چېتىگە چىقتۇق. ئۇنىڭغا ئۇچرىغان ھەر بىر دەرەخ ۋە ھەربىر تاغ: ‹ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئەسسالامۇ ئەلەيكە› دەپ سالام بەردى».

سەھىھ مۇسلىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مەككىدە ماڭا مەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن كۈنلەردە سالام قىلىدىغان تاش بار ئىدى، ھازىر ئۇ تاشنىڭ ئورنىنى ئۇنتۇپ قالدىم».

بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە بەزى ساھابىلىرىنىڭ قوللىرىدىكى ئۇششاق تاشلار تەسبىھ ئېيتقان ئىدى. يەنە بىر قېتىم ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە تاماق يەۋاتقاندا شۇ تاماق تەسبىھ ئېيتقان بولۇپ، الله تائالا ئۇنىڭ تەسبىھىنى ساھابىلارغا ئاڭلاتقان ئىدى.

ئىمام بۇخارى، تىرمىزى ۋە نەسائى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر سەپەردە بىللە ئىدۇق. بىزدىكى سۇ ناھايىتى ئاز قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئېشىپ قالغان سۇنى ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى. ساھابىلار ئازراق سۇ قالغان بىر قاچىنى ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاچىغا قولىنى تىقتى، ئاندىن: «بەرىكەتلىك تاھارەتكە كېلىڭلار، بەرىكەت الله تائالادىندۇر» دېدى. مەن سۇنىڭ ئۇنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۇم. بىز بىر قېتىم

تاماقنىڭ يېپىلىشۋاتقاندا تەسبىھ ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدۇق.

بۇ ھەدىسنى بىرمۇنچە ساھابىلار رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەسلەپكى مەزگىلدە بىر خورما ياغىچىنىڭ يېنىدا خۇتبە ئوقۇيتتى. كېيىن ئۇنىڭغا خۇتبە ئوقۇش ئۈچۈن بىر مۇنبەر ياسالغان بولۇپ، ئۇ شۇ مۇنبەرگە يۆتكىلىپ كەتكەندە ھېلىقى خورما ياغىچى يىقىملىق ئاۋازدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا (ئۇنىڭ يۆتكىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن قايغۇرۇپ) ئىڭرىغان، بۇ ئاۋازنى مەسجىدتىكى ھەممە ئاڭلىغان. سەھىھ مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغىنىدەك، بىر قېتىم بىر تۈپ دەرەخ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن يەردىن يىلتىزلىرى بىلەن قومۇرۇلۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەن ئىدى.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، اللہ تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن كۆكنى يارغان، ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاچقان، ئۇنى ئاسمانلارنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىققان، جەننەتكە كىردۈرگەن، دوزاخنى كۆرسەتكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى سەھىھ ھەدىس ۋە ئەسەرلەردە رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قەتئىيلىكنى ئىپادىلەيدىغان مۇتەۋاتىر دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىسلەردۇر.

بۇ مۆجىزىلەرنىڭ بەزىلىرىنى، مەسىلەن، يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك ئاينىڭ يېرىلىشىنى، بىر كېچىدە مەككىدىن بەيتۇلمۇقەددەسكە سەير قىلدۇرۇلۇش مۆجىزىسىنى قۇرئان كەرىم ئوچۇق بايان قىلىپ بەرگەن بولسا، يەنە بەزىلىرىگە مەلۇم ئايەتلەردە ئىشارەت قىلىپ ئۆتۈلگەن. مەسىلەن، ئۇنىڭ ئەڭ ئۈستىنكى قات ئاسمانغا ئۆرلىتىلگەنلىك مۆجىزىسىگە سۈرە نەجمنىڭ بېشىدىكى ئايەتلەر ئىشارەت قىلىپ ئۆتكەن.

اللہ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا سۇنىڭ چىقىش مەنبەلىرىدىن بىرى بولغان تاشتىن سۇ چىقىرىپ بەرگەن بولسا، يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇبارەك بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن سۇ چىقىرىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇ سۇدىن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان بارلىق ساھابىلار ئىچكەن، تاھارەت ئالغان، تۇلۇملىرىنى، قاچىلىرىنى تولدۇرىۋالغان.

اللہ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلەچەكتە يۈز بېرىدىغان نۇرغۇن غەيب ئىشلارنى بىلدۈرگەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ساھابىلىرىگە ئېيتىپ بەرگەن. ئۇلاردىن كۆپ قىسمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر قىلغاندەك ئەينەن يۈز بەرگەن.

ئىمام بۇخارى ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئىدىم. بىر ئادەم

ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، كەمبەغەللىكتىن شىكايەت قىلدى. ئاندىن يەنە بىر ئادەم كېلىپ، قاراقچىلاردىن شىكايەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئەدىي! ھىيرە[1]نى كۆرگەنمۇ؟» دېدى. مەن: تېخى كۆرمىدىم، ئەمما ئاڭلىدىم، دېدىم. ئاندىن ئۇ: «ئەگەر سەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسەڭ، خوتۇن كىشىنىڭ ھىيرەدىن يالغۇز يولغا چىقىپ، كەبىنى تاۋاپ قىلىدىغانلىقىنى، سەپەر ئۈستىدە اللە تىن باشقا ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغانلىقىنى چوقۇم كۆرىسەن» دېدى. مەن ئىچىمدە: تەي قەبىلىسىنىڭ شەھەرلەرنى بۇلاپ تالايدىغان قاراقچىلىرى قەيەردە قالار! دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى داۋام قىلىپ: «ئەگەر سەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسەڭ، كىسرانىڭ خەزىنىلىرىنىڭ ئېچىلىپ كەتكەنلىكىنى چوقۇم كۆرىسەن» دېدى. مەن كىسرا ئىبنى ھۇرمىزنىڭمۇ؟ دېدىم. ئۇ: «ھەئە، كىسرا ئىبنى ھۇرمىز، ئەگەر سەن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسەڭ، سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىدىغان ئادەم ئىزدەپ ئالتۇن ياكى كۈمۈشنى قولىغا ئېلىپ چىقىدىغان، بىراق ئۇنى قوبۇل قىلىدىغان ئادەم تاپالمايدىغان كىشىنى چوقۇم كۆرىسەن» دېدى.

كېيىنكى كۈنلەردە ئەدىي مۇنداق دېگەن: مەن خوتۇن كىشىنىڭ ھىيرەدىن يالغۇز يولغا چىقىپ، كەبىنى تاۋاپ قىلىدىغانلىقىنى، سەپەر ئۈستىدە اللە تىن باشقا ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغانلىقىنى كۆردۈم. كىسرا ئىبنى ھۇرمىزنىڭ خەزىنىلىرىنى ئاچقۇچىلار ئىچىدە مەنمۇ بار ئىدىم. ئەگەر سىلەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسەڭلار، ئەبۇل قاسىم مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتقان، ئالتۇن ياكى كۈمۈشنى قولىغا ئېلىپ چىقىدىغان، بىراق ئۇنى قوبۇل قىلىدىغان ئادەم تاپالمايدىغان كىشىنى سىلەر چوقۇم كۆرىسىلەر.

بۇ ئەھۋال ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ خەلىپىلىكى دەۋرىدە يۈز بەرگەن ئىدى.

زامانىنىڭ ئۆتىشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر قىلغان غەيب ئىشلار ئەمەلىيەتكە ئايلانغانسېرى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ توغرىلىقىغا، ئەلچىلىكىنىڭ راستلىقىغا ئىمانىمىز تېخىمۇ ئېشىپ بارىدۇ. شۇ غەيب خەۋەرلەردىن ئەڭ مەشھۇرى مۇسۇلمانلارنىڭ يەھۇدىيلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە شۇنداق خەۋەر قىلغان. بۇ ھەدىس سەھىھ بۇخارى بىلەن سەھىھ مۇسلىمدا ۋە سۇنەنلەر (ھەدىس كىتابلىرى) دە رىۋايەت قىلىنغان. بۇ خەۋەر ھازىرقى ئەسىردە ھەقىقەتكە ئايلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا. بۇنى ھەممە مۇسۇلمانلار ھېس قىلىشماقتا.

(1) سەھىھ بۇخارى، 2868 ـ ھەدىس.

گويا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھازىرقى ئەسىردىكى ئەھۋالىمىزنى، غەرب ئەللىرىدىكى خىرىستىئانلار بىلەن بولغان ئالاقىمىزنى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە يۈز بەرگەن دۇنيا ئۇرۇشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ئۇرۇشلارنىڭ زىيانلىرىدىن قانچىلىك تېزلىكتە قۇتۇلىدىغانلىقىنى كۆرگەندەك قىلاتتى.

مۇستەۋرىد قۇرەشىي مۇشۇ ھەقتە بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن بۇ ھەدىسنى ئەمرى ئىبنى ئاستىن ئاڭلىغان ئىدىم. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىكەن: «رۇملۇقلار ئىنسانلارنىڭ كۆپ سانىنى تەشكىل قىلغاندا قىيامەت قايىم بولىدۇ». ئەمرى، مۇستەۋرىد قۇرەشىگە: ئېيتماقچى بولغان سۆزىڭدە ئاقىلانە بولغىن، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغانلىرىمنى ئېيتىپ بېرىۋاتىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئەگەر سەن بۇنى ئېيتماقچى بولساڭ، ئۇلاردا مۇنداق تۆت خىسلەت بار: ئۇلار ئۇرۇش جەريانىدا كىشىلەرگە ئەڭ كۆيۈنىدىغان، مۇسىبەت يەتكەندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا ئەسلىگە كېلىۋالىدىغان، مەغلۇب بولغاندىن كېيىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يەنە ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان، مىسكىنلەرگە، يېتىملەرگە ۋە ئاجىزلارغا ياخشىلىق قىلىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ يەنە ناھايىتى ياخشى ۋە گۈزەل بەشىنچى خىسلىتىمۇ بولۇپ، پادىشاھلارنىڭ زۇلمىدىن (ئېزىلگەنلەرنى) قوغدايدۇ»[1].

شەك ـ شۈبھىسىزكى، مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ «قىزىل كىرىست جەمئىيىتى» دەپ ئاتىلىدىغان، باشقىلارغا ياردەم بېرىدىغان جەمئىيەتلىرىنىڭ كۆپلىكىنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ «دېموكراتىيە» دەپ ئاتىۋالغان جەمئىيەتلىرىدىكى تىرىكچىلىك يوللىرىنى، شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پادىشاھلارنىڭ زۇلمىدىن (ئېزىلگەنلەرنى) قوغدايدۇ» دەپ، ياخشى ۋە گۈزەل ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن خىسلىتىنى ياخشى مۇلاھىزە قىلىش لازىم. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مۇسىبەت يەتكەندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا ئەسلىگە كېلىۋالىدىغان» دېگەن سۆزىنىڭ سىرىنىڭ ئەمەلىلەشكەنلىكى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش لازىم. ئۇلار بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشلىرىدا ئۇچرىغان ۋەيرانچىلىقلىرىدىن ناھايىتى تېزلا قۇتۇلۇپ ئەسلىگە كېلىۋالغان.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممىنى توپلاش ئۈچۈن چوڭ بىر كىتاب يېزىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ يەردە يۇقىرىدا بايان قىلغان مۆجىزىلەر بىلەنلا كۇپايىلىنىمەن.

(1) ھىيرە جاي ئىسمى بولۇپ، ھازىرقى ئىراقنىڭ كۇپە شەھىرىگە يېقىن بىر شەھەرنىڭ ئىسمى.

# پەيغەمبەرلەردە بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر

الله تائالا كىمگە پەيغەمبەرلىك ئاتا قىلىشنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. شۇڭا ئۇ جىسمانىي ۋە ئەخلاقى جەھەتتە ئەڭ مۇكەممەل ئىنسانىنى پەيغەمبەرلىككە تاللايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئالىملار پەيغەمبەرلەردە (ئۇلارغا الله نىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن!) تۆۋەندىكى سۈپەتلەرنىڭ چوقۇم جەم بولۇشىنى مۇقەررەرلەشتۈرگەن:

1 ـ راستچىل بولۇشتۇر. راستچىل بولۇش بىرەر نەرسىنى ئەينەن يەتكۈزۈشتىن ئىبارەتتۇر.

2 ـ ئامانەتدارلىق بولۇش. بۇ چوڭ ـ كىچىك پۈتۈن گۇناھلاردىن ساقلىنىش، شۇنداقلا، پەيغەمبەرلىكتىن ئىلگىرى چوڭ گۇناھلاردىن ساقلىنىشتىن ئىبارەتتۇر.

3 ـ تەبلىغ قىلىش. بۇ پەيغەمبەرلەر (ئۇلارغا الله نىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن!) نىڭ ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلغان ھەممە نەرسىنى يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشىدىن ئىبارەتتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، الله تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. الله سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ. الله ھەقىقەتەن كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ»[1]. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىدىكى خۇتبىسىدە: «ئى الله! گۇۋاھ بولغىن! ئى الله! (يەتكۈزۈشكە تېگىشلىك بولغانلىنى) يەتكۈزدۈممۇ؟» دېگەن. بىز شۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىكنى ھەقىقەتەن تولۇق يەتكۈزدى، ئامانەتنى تولۇق ئادا قىلدى.

4 ـ زېرەكلىك. بۇ ھۇشيار ۋە ئىنكاسىنىڭ تېز بولۇشىدۇر. شۇڭا پەيغەمبەر بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ھەر قانداق كىشى ئۇنى پاكىت بىلەن يېڭىشقا قادىر بولالمايدۇ. سەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ زېرەكلىكىنى ياخشى مۇلاھىزە قىلغىن. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارى توغرىسىدا ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلەشكەن، الله نىڭ ئاتا قىلغان پادىشاھلىقى ئۇنى ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە ئېلىپ كەلگەن ئادەم (يەنى نەمرۇد) نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەينى زاماندا ئىبراھىم (الله نىڭ بارلىقىغا دەلىل كۆرسىتىپ): «مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيدۇ، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيدۇ» دېدى. ئۇ: «مەنمۇ (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيمەن،

(1) سەھىھ مۇسلىم، 2898 ـ ھەدىس.

(تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيمەن» دېدى (نەمرۇد ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئىككى ئادەمنى چاقىرتىپ كېلىپ بىرىنى ئۆلتۈردى، بىرىنى قويۇپ بەردى). ئىبراھىم (نەمرۇدنىڭ بۇنداق ھاماقەتلىكىنى كۆرۈپ): «اللّٰه ھەقىقەتەن كۈننى شەرقتىن چىقىرالايدۇ، (خۇدالىق دەۋاسى قىلىدىغان بولساڭ) سەن ئۇنى غەربتىن چىقىرىپ باققىن» دېدى. (بۇنداق پاكىت ئالدىدا) كاپىر ئېغىز ئاچالماي قالدى. اللّٰه زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ»[1].

پەيغەمبەرلەر (ئۇلارغا اللّٰه نىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن!) نىڭ ئىنسانلار دۇچ كېلىدىغان ھەر تۈرلۈك بالاقازالارغا ۋە كېسەللىكلەرگە مۇپتىلا بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇ پەردە مۇنداق بىر مەسىلىگە دىققەت قىلىش لازىمكى، ئۇلار كىشىلەرنى يىرگەندۈرىدىغان كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولمايدۇ. اللّٰه تائالانىڭ: «بەندىمىز ئەييۇبنى ئەسلىگىن، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىغا (ئىلتىجا قىلىپ): «شەيتان ماڭا ھەقىقەتەن جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئازاب يەتكۈزدى» دەپ نىدا قىلدى»[2] دېگەن سۆزىنى بەزى تەپسىرشۇناسلارنىڭ ئەييۇب ئەلەيھىسسالام (كىشىلەرنى قاچۇرۇۋېتىدىغان) مەينەت كېسەللىككە گىرىپتار بولغان ئىدى، دەپ تەپسىر قىلىشلىرى توغرا ئەمەس ۋە ئۇنداق ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىمۇ توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن يول بىلەن رىۋايەت قىلىنغان ئەمەس. تەھقىقلىغۇچى ئالىملار ئېيتقاندەك، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسانلار دۇچ كېلىدىغان، بىراق ھارام ئەمەس، مەكروھ ئەمەس، كىشىنى خىجىل قىلىدىغان ياكى ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتكەن مۇباھ ئىشمۇ ئەمەس، كۆڭۈل يىرگىنىدىغان ئىشلارمۇ ئەمەس، نەپرەتلىنىشكە ۋە سەسكىنىشكە ئېلىپ بارىغان ئىشلارمۇ ئەمەس پۈتۈن ئىشلارغا دۇچ كېلىشى مۇمكىن.

# پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش ئىماننىڭ ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر. اللّٰه تائالا پەرىشتىلەرنى ياراتتى. ئۇلار نۇردىن يارىتىلغان، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان جىسىملاردىكى جانلىقلاردۇر، اللّٰه تائالانىڭ ئىزنى بىلەن ھەر تۈرلۈك شەكىللەرگە ئۆزگىرىشكە قادىردۇر، ئەركەك ۋە چىشىلىق بىلەن سۈپەتلەنمەيدۇ.

ئۇلارنىڭ نۇردىن يارىتىلغان، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان جىسىملار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل شۇكى، ئىمام مۇسلىم ۋە باشقىلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن

(1) سۈرە مائىدە، **67** ـ ئايەت.

(2) سۈرە بەقەرە، **258** ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەرىشتىلەر نۇردىن يارىتىلدى، جىنلار ئوتنىڭ يالقۇنىدىن يارىتىلدى، ئادەم سىلەرگە تەسۋىرلەپ بېرىلگەن نەرسىدىن يارىتىلدى».

ئۇلار ئادەم سۈرىتىگە ئايلانغان چاغدا ئۇلارنى كۆرۈش مۇمكىن بولىدۇ. سەھىھ مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنىشىچە، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئىنسان سۈرىتىدە كەلگەن بولۇپ، ساھابىلار ئۇنى كۆرگەن. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئىمان، ئىسلام ۋە ئېھساننىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە سوئال سورىغان. ئۇ سورۇندىن قايتىپ كەتكەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ جىبرىئىلدۇر، سىلەرگە دىنىڭلارنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن كەلدى» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى پەرىشتە سۈرىتىدە ئىككى قېتىم كۆرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان. مانا بۇ دەلىللەر پەرىشتىلەرنى كۆرۈشنىڭ الله تائالانىڭ ئىزنى بىلەن مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن ئىككىنچى قېتىم سىدرەتۇلمۇنتەھا (دەرىخىنىڭ) يېنىدا كۆردى. جەننەتۇلمەئۋا بولسا سىدرەتۇلمۇنتەھانىڭ يېنىدىدۇر»[1].

§ § §

قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ھەدىسلىرى جىنلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ئوتتىن يارىتىلغانلىقىنى، ھەر تۈرلۈك شەكىللەرگە ئۆزگىرەلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياخشىلارمۇ، پاسىقلارمۇ، مۆمىنلەرمۇ ۋە كاپىرلارمۇ بار. جىنلار بىلەن پەرىشتىلەرنىڭ ئارىسىدىكى پەرقە كەلسەك، پەرىشتىلەر نۇردىن، جىنلار ئوتتىن يارىتىلغان. پەرىشتىلەر (ئۇلارغا الله نىڭ سالامى بولسۇن!) بىر - بىرىنى تۇغمايدۇ، ئەمما جىنلار بىر - بىرىنى تۇغىدۇ. پەرىشتىلەر گۇناھ ئۆتكۈزمەيدۇ، ئەمما جىنلار ئىچىدە ئىتائەت قىلغۇچى، گۇناھ ئۆتكۈزگۈچىمۇ بار. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مۆمىندۇر، بەزىلىرى كاپىردۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەددىدىن قاتتىق ئاشقانلار بولۇپ ئۇلار «شەيتان» دېيىلىدۇ. جىنلار ھەر تۈرلۈك قەدرى - قىممىتى بار جانلىقلارغا، شۇنداقلا يىلان ۋە شۇنىڭدەك قەدرى - قىممىتى يوق جانلىقلارغا ئۆزگىرىدۇ، ئەمما پەرىشتىلەر (ئۇلارغا الله نىڭ سالامى بولسۇن!) ئىنسانغا ئوخشاش پەقەت قەدرى - قىممىتى بار جانلىقلارغىلا ئۆزگىرىدۇ. پەرىشتىلەر ئاسماندا ۋە زېمىندا يەرلىشىدۇ، ئەمما جىنلار زېمىندىلا يەرلىشىدۇ. پەرىشتىلەر قىيامەت كۈنى ھېسابقا تارتىلمايدۇ، ئۇلار جەننەتكە كىرىدۇ. كىمكى ئۇلاردىن بىرىنى تىللىسا، كاپىر بولىدۇ. پەرىشتىلەر ئىلىم ۋە زىكىر - تەسبىھ سورۇنلىرىغا ھازىر بولىدۇ، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا

(1) سۈرە ساد، 41 - ئايەت.

ۋە بىزگە رەھمەت تىلەيدۇ، زېمىن ئەھلىگە مەغپىرەت تىلەيدۇ، كېسەل يوقلىغۇچىلار ۋە ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ ئىشلىرىدىن خۇشال بولىدۇ. سەھىھ ھەدىسلەردە بايان قىلىنغىنىدەك ئۇلارنىڭ يەنە نۇرغۇن خىزمەتلىرى بار.

## پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش

بىزنىڭ، اللە تائالا پۈتۈن ئىنسانلارغا پەيغەمبەر ئەۋەتتى، ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەردىن ھېچبىرىنى قويماي ھەر بىرىگە ئۇلارنى يالغۇز بىر اللە غا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىدىغان پەيغەمبەرلەر ئەۋەتتى، دەپ ئېتىقاد قىلىشىمىز كېرەك. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «سەن پەقەت بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى. ھەر قەۋمنىڭ بىر ھىدايەت قىلغۇچىسى (يەنى پەيغەمبىرى) بولىدۇ»[1]، «قانداقلا بىر ئۈممەت بولمىسۇن، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر كەلگەن»[2]. اللە تائالا بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بىزگە قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىپ بەردى، قالغانلىرىنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىلگىرى (ئى مۇھەممەد!) ساڭا بايان قىلغانلىرىمىزمۇ بار، ساڭا بايان قىلمىغانلىرىمىزمۇ بار، اللە مۇساغا (بىۋاستە) سۆز قىلدى»[3].

پېتەكچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىدۇر. «مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، لېكىن (ئۇ) اللە نىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر (اللە ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىكنى ئاخىرلاشتۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلمەيدۇ)، اللە ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر (سىلەرنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىڭلاردىن ھېچ نەرسە اللە غا مەخپىي ئەمەس)»[4]. شۇڭا ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەرمۇ، ئەلچىمۇ كەلمەيدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى اللە نىڭ دىنى بولۇپ، اللە مەخلۇقاتلىرى ئىچىدىن ئىبادەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغۇچىلارنى قىيامەت كۈنىگىچە مۇشۇ دىندا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان. «سېنى بىز پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە (كاپىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ»[5].

(1) سۈرە نەجم، 13 ــ 15 ـ ئايەتكىچە.

(2) سۈرە رەئد، 7 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) سۈرە فاتىر، 24 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(4) سۈرە نىسا، 164 ـ ئايەت.

(5) سۈرە ئەھزاب، 40 ـ ئايەت.

## ﷲ نىڭ كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈرۈش

شەك ـ شۈبھىسىزكى، ﷲ تائالا بەزى پەيغەمبەرلىرىگە كىتاب نازىل قىلدى. مەسىلەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا سەھىپىلەر نازىل قىلىندى. مۇسا ئەلەيھىسسالامغا تەۋرات نازىل قىلىندى. داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا زەبۇر نازىل قىلىندى. ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئىنجىل نازىل قىلىندى. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان كەرىم نازىل قىلىندى. ﷲ تائالا قۇرئان كەرىمنى قوغداشقا كاپالەتلىك قىلدى. چۈنكى ئۇ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرلىك ئۈچۈن نازىل قىلىنغان دەستۇردۇر. ﷲ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز»[1]. ﷲ تائالا ئۇنى ھەقىقەتەن قوغىدىدى. شۇڭا ئۇنىڭدا يوقىتىۋېتىش، ئۆزگەرتىۋېتىش، ئالماشتۇرۇۋېتىش قاتارلىق ئىلگىرىكى كىتابلاردا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھېچبىرى يۈز بەرمىدى.

## ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش

ئۇ ھېساب ئېلىنىدىغان، مۇكاپاتلىنىدىغان ۋە جازالىنىدىغان كۈندۇر، قىيامەت كۈنىدۇر. ﷲ تائالا ئۇ كۈندە ئىلگىرى ۋە كېيىن دۇنياغا كەلگەن پۈتۈن ئىنسانلارنى تىرىلدۈرۈپ، ھېساب ئېلىش، مۇكاتاپلاش ۋە جازالاش مەيدانىغا تەنلىرى ھەم جانلىرى بىلەن ھازىر قىلىدۇ. ئۇ كۈندە ھەر ئادەم ئۆزىنىڭلا مەسئۇلىيىتىدىن جاۋاب بېرىدۇ. «بىر گۇناھكار ئادەم باشقا ئادەمنىڭ گۇناھىغا جاۋابكار ئەمەس (يەنى بىر ئادەمنىڭ گۇناھى بىلەن باشقا بىر ئادەم جازاغا تارتىلمايدۇ)»[2].

ئۇ كۈندە ھەر ئىنسانغا ئىشلىگەن ئەمەلى يېزىلغان دەپتىرى بېرىلىدۇ. «ھەر بىر ئىنساننىڭ ئەمەلىنى ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويىمىز (يەنى ئىنساننىڭ قىلغان ھەرقانداق ئەمەلى خۇددى بويۇنچاق بويۇندىن ئايرىلمىغىنىدەك ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئايرىلمايدۇ، شۇنىڭغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ)، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ نامە ـ ئەمالىنى كۆرسىتىمىز، ئۇ ئۇنى ئوچۇق كۆرىدۇ. (ئۇنىڭغا) «نامە ـ ئەمالىڭنى ئوقۇغىن! بۈگۈن ئۆزەڭگە (يەنى بۇ قىلمىشلىرىڭغا) ئۆزەڭ گۇۋاھ بولۇشۇڭ كۇپايە» دېيىلىدۇ. كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن، ھىدايەت تاپقانلىقىنىڭ پايدىسى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر. كىمكى ئازىدىكەن، ئازغانلىقىنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر، بىر ئادەم يەنە بىر

(1) سۈرە سەبەئ، 28 ـ ئايەت.

(2) سۈرە ھىجر، 9 ـ ئايەت.

ئادەمنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ (ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق»[1]، «نامى ـ ئەمالى ئوڭ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئادەمدىن ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ. (ئۇ جەننەتتىكى) ئائىلىسىگە خۇشال ـ خۇرام قايتىدۇ. نامە ــ ئەمالى ئارقا تەرەپتىن بېرىلگەن ئادەم. «ۋاي» دەپ توۋلايدۇ (يەنى ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىدۇ). دوزاخقا كىرىدۇ»[2].

ئۇ كۈندە ئەمەللەر تارتىلىدۇ. «قىيامەت كۈنى بىز (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ، يامان ئادەمنىڭ يامانلىقى ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ) ئەگەر ئۇنىڭ قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، ئۇنى ھازىر قىلىمىز، (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز»[3]، «تارازىسى ئېغىر كەلگەن (يەنى ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىنى بېسىپ چۈشكەن) ئادەمگە كەلسەك، ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا (يەنى نازۇنېمەتلىك جەننەتتە) بولىدۇ. تارازىسى يېنىك كەلگەن (يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەن، يا ياخشىلىقى بولمىغان) ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭ جايى ھاۋىيە بولىدۇ. ھاۋىيەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن قانداق بىلەلەيسەن؟ ھاۋىيە قىزىق ئوتتۇر»[4].

ئۇ كۈندە الله تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇنغا ئىگە قىلىش بىلەن شەرەپلەندۈرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ساڭا نەپلە (ئىبادەت) بولۇشى ئۈچۈن، كېچىنىڭ بىر قىسمىدا (ناماز ئوقۇشقا، قۇرئان ئوقۇشقا) ئويغانغىن، (ئى مۇھەممەد!( پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇنغا (يەنى بۈيۈك شاپائەت ماقامىغا) تۇرغۇزۇشى مۇھەققەقتۇر»[5].

بۇ، الله تائالا قىيامەت كۈنى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خۇسۇسىي ئاتا قىلىدىغان كاتتا ئالاھىدىلىكلەردىن بىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ ناھايىتى ئۈستۈن بولىدىغانلىقىنى، ئەنە شۇ مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇننىڭ پۈتۈن پەيغەمبەرلەر (ئۇلارغا الله نىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن!) ئىچىدىن يەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىلا خاس قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان.

ئىبنى كەسىر بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى

(1) سۈرە ئەنئام، 164 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە ئىسرا، 13 ــ 15 ـ ئايەتكىچە.
(3) سۈرە ئىنشىقاق، 7 ــ 12 ـ ئايەتكىچە.
(4) سۈرە ئەنبىيا، 47 ـ ئايەت.
(5) سۈرە قارىئە، 6 ــ 11 ـ ئايەتكىچە.

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ھېچقانداق كىشى ئۇنىڭغا شېرىك بولالمايدىغان نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرى، باشقا ھېچقانداق كىشى تەڭ بولالمايدىغان نۇرغۇن ئېسىل مەرتىۋىلىرى بار. ئۇ زېمىندىن تۇنجى بولۇپ تىرىلدۈرىلىدۇ، مەھشەرگاھقا ئۇلاغقا مىنىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ بايرىقى بولۇپ، ئادەم ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ بايراق ئاستىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىر كۆلى بولۇپ، ئۇ كۆلنىڭ بۇيىدىن كۆپ ئادەم كېلىدىغان جاي يوق. ئۇنىڭغا الله نىڭ ھۇزۇرىدا ئەڭ كاتتا شاپائەت ھوقۇقى بېرىلىپ، الله نىڭ خالايىقلار ئارىسىدا بالدۇرراق ھۆكۈم چىقىرىشى ئۈچۈن شاپائەت تىلەيدۇ».**

**الله تائالا ئۇنىڭغا جەننەتتىن ئورۇن ئالغان، سۈيى قىيامەت مەيدانىدىكى كۆلگە قۇيۇلىدىغان كەۋسەر دەرياسىنى ئىنئام قىلىدۇ. «بىز ساڭا ھەقىقەتەن كەۋسەر (دەرياسى) نى ئاتا قىلدۇق. پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن. ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام ـ نىشانى قالمايدۇ»[1].**

**ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارىمىزدا ئىدى. تۇساتتىن ئۇنى مۈگدەك تۇتۇپ كەتتى. ئاندىن ئۇ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بېشىنى كۆتۈردى. بىز: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! سېنى نېمە كۈلدۈرىۋەتتى؟ دېدۇق. ئۇ: «شۇ ئاندا ماڭا بىر سۈرە نازىل قىلىندى» دېدى ۋە سۈرە كەۋسەرنى ئوقۇپ بەردى. ئاندىن: «كەۋسەرنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دېدى. بىز: الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ، دېدۇق. ئۇ: «كەۋسەر بىر دەريا بولۇپ، پەرۋەردىگارىم الله تائالا ئۇنى ماڭا ۋەدە قىلدى، ئۇنىڭدا نۇرغۇن ياخشىلىقلار بار، ئۇ بىر كۆل بولۇپ، قىيامەت كۈنى ئۈممىتىم شۇ كۆلدىن سۇ ئىچىدۇ، ئۇنىڭ قاچىلىرى يۇلتۇزلاردەك كۆپتۇر، بەزى بەندىلەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىن تارتىپ چىقىرىۋېتىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەن: پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنىڭ ئۈممىتىمدىندۇر، دەيمەن. پەرۋەردىگارىم: ئۇلارنىڭ سەندىن كېيىن نېمە ئىشلارنى پەيدا قىلغانلىقىنى سەن بىلمەيسەن، دەيدۇ»[2].**

**ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا ئۆرلىتىلگەن چاغدىكى ۋەقەلىكلەرنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: «مەن ئىككى قىرغىقىغا كاۋاك مەرۋايىتلاردىن چېدىرلار تىكىلگەن بىر دەريانىڭ بويىغا ئېلىپ كېلىندىم. ئاندىن: ئى جىبرىئىل! بۇ نېمە؟ دېدىم. جىبرىئىل: بۇ كەۋسەردۇر، دېدى»[3].**

---

(**1**) سۈرە ئىسرا، **79** ـ ئايەت.

(**2**) سۈرە كەۋسەر، **1 ــــ 3** ـ ئايەتكىچە.

(**3**) سەھىھ مۇسلىم، **400** ـ ھەدىس.

ئىنسانلاردىن ھېساب ئېلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۇلار ئىككى پىرقىگە ئايرىلىدۇ؛ بىر پىرقىسى الله تائالانىڭ پەزلى ـ مەرھەمىتى بىلەن جەننەتكە كىرىدۇ. يەنە بىر پىرقىسى الله تائالانىڭ ئادىل ھۆكمى بىلەن دوزاخقا كىرىدۇ. الله تائالا جەننەت ئەھلى بىلەن دوزاخ ئەھلىگە مەڭگۈلۈك ھاياتنى پۈتۈۋېتىدۇ. شۇڭا ئۇلار ھەر ئىككىلىسىدە ھەرگىز ئۆلمەيدۇ.

جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرىشتىن بۇرۇن پۇلسىراتتىن ئۆتىدۇ. ئۇ جەھەننەم ئۈستىگە قۇرۇلغان كۆۋرۈكتۇر. بىر ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «پۇلسىرات كۆۋرۈكى جەھەننەم ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. ئۇ كۆۋرۈكتىن ئۇممىتى بىلەن ئۆتىدىغان تۇنجى پەيغەمبەر مەن بولىمەن. شۇ كۈندە پەيغەمبەرلەردىن باشقا ھېچكىم گەپ قىلمايدۇ. شۇ كۈندە پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزى: <ئى الله! سالامەت ئۆتكۈزگىن، سالامەت ئۆتكۈزگىن!> دېيىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. جەھەننەمدە قاسقىلداقنىڭ (ئۆتكۈر تىكەنلىك ئۆسۈملۈك) تىكەنلىرىگە ئوخشاش ئىلمەكلەر بولىدۇ. سىلەر قاسقىلداقنى كۆرگەنمۇ؟» بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلار: ھەئە، دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ئىلمەكلەر قاسقىلداقنىڭ تىكەنلىرىگە ئوخشاش ئۆتكۈر بولىدۇ، پەقەت ئۇنىڭ چوڭلۇقىنى الله تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇ ئىلمەكلەر كىشىلەرنى ئەمەللىرىگە قارىتا ئىلىپ قالىدۇ...»[1] بۇنى الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىمۇ تەكىتلەيدۇ: «سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن دوزاخقا بارمايدىغان بىرەر كىشىمۇ قالمايدۇ، بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۆزگەرمەس ھۆكمىدۇر. ئاندىن تەقۋادارلارنى (جەھەننەمدىن) قۇتقۇزىمىز، زالىملارنى جەھەننەمدە تىزلىنىپ ئولتۇرغان ھالدا قويىمىز»[2].

جەننەت ئەھلى گۇناھلىرىدىن تازىلىنىپ پاكلانمىغىچە، دۇنيادىكى چاغلىرىدا بىر ـ بىرىگە سېلىشقان ناھەقچىلىكلەردىن ھېساب ئېلىپ بېرىلمىگىچە جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۆمىنلەر دوزاختىن قۇتۇلىدۇ. ئۇلار جەننەت بىلەن دوزاخ ئارىلىقىغا قۇرۇلغان بىر كۆۋرۈكتە توسۇلۇپ قالىدۇ. ئاندىن دۇنيادىكى چاغلىرىدا بىر ـ بىرىگە سېلىشقان ناھەقچىلىكلەردىن ھەق ئىگىلىرىگە قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ. تاكى ئۇلار گۇناھلىرىدىن تازىلىنىپ پاكلانغاندا جەننەتكە كىرىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ. جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ بىرى جەننەتتىكى ئۆيىنى دۇنيادىكى ئۆيىدىنمۇ ئاسان تېپىپ بارىدۇ»[3]. بۇ ھەدىس باشقا بىر سەنەد بىلەنمۇ رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا: <پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

(1) سەھىھ بۇخارى، 4964 ـ ھەدىس.

(2) بۇ ھەدىسنى تولۇق كۆرۈش ئۈچۈن سەھىھ بۇخارى ۋە سەھىھ مۇسلىمغا قاراڭ.

(3) سۈرە مەريەم، 71 ــــ 72 ـ ئايەتلەر.

«ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى دۈشمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلايمىز، ئۇلار ئۆزئارا قېرىنداش بولغان ھالدا تەختلەر ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ[1]« دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى> دېگەن جۈملە قوشۇپ بايان قىلىنغان.

# قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى

قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى الله تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەر سەندىن قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى سورايدۇ. «ئۇنى (مەن بىلمەيمەن) پەقەت الله بىلىدۇ» دېگىن. سەن نېمە بىلىسەن، قىيامەت يېقىن بولۇشى مۇمكىن»[2]. لېكىن الله تائالا قىيامەتنىڭ ۋاقتى كېلىشتىن بۇرۇن يۈز بېرىدىغان ئالامەتلەرنى تەقدىر قىلغان بولۇپ، الله تائالا ئۇنى مۇنۇ سۆزىدە بايان قىلىدۇ: «ئۇلار (يەنى مەككە كۇففارلىرى) پەقەت قىيامەتنىڭ ئۇلارغا تۇيۇقسىز كېلىشىنىلا كۈتىدۇ، شۈبھىسىزكى، قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى كەلدى، ئۇلارغا قىيامەت كەلگەندە ئۇلار قانداقمۇ ۋەز ـ نەسىھەت ئالىدۇ (يەنى بۇ چاغدا ۋەز ـ نەسىھەت ئالغانلىقىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ»[3].

ئىمام بەيھەقى ۋە باشقىلار مۇنداق دېگەن: «بۇ ئالامەتلەردىن كىچىكلىرىنىڭ كۆپىنچىسى كېلىپ بولدى. چوڭ ئالامەتلەر ئالدىمىزدا كېلىدۇ».

ئىمام ئىبنى ھەجەر ئىمام بەيھەقىنىڭ سۆزىگە چۈشەنچە بېرىپ مۇنداق دېگەن: «چوڭ ئالامەتلەرنى ھۇزەيفە ئىبنى ئۇسەيدتىن ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلار: دەججالنىڭ چىقىشى، غەلىتە مەخلۇقنىڭ پەيدا بولۇشى، كۈننىڭ غەربتىن خۇددى ئاي كۈنى توشۇپ كەتكەن قورساق كۆتۈرگەن ئايالدەك چىقىشى، مەريەم ئوغلى ئىسانىڭ زېمىنغا چۈشۈشى، يەجۈج ـ مەجۈجنىڭ چىقىشى، ئىسلا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بىر شامال چىقىپ مۆمىنلەرنىڭ جانلىرىنى ئېلىشى قاتارلىقلاردۇر»[4].

قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى ئۇ ئالامەتلەرنىڭ بەزىلىرىنى بايان قىلغان. مەسىلەن، زېمىندىن چىقىدىغان غەلىتە مەخلۇق ھەققىدە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار (يەنى كۇففارلار) غا ئالدىنئالا ئېيتىلغان سۆز ئىشقا ئاشقاندا (يەنى ئازاپ ۋە قىيامەت

(1) سەھىھ بۇخارى، 6535 ـ ھەدىس.

(2) سۈرە ھىجر، 47 ـ ئايەت.

(3) سۈرە ئەھزاب، 63 ـ ئايەت.

(4) سۈرە مۇھەممەد، 18 ـ ئايەت.

يېقىنلاشقاندا)، ئۇلارغا زېمىندىن بىر تۈرلۈك ھايۋاننى چىقىرىمىزكى، ئۇ ئۇلارغا ئىنسانلارنىڭ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىشەنمىگەنلىكىنى سۆزلەيدۇ»[1].

الله تائالا ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشىشى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ (يەنى ئىسا) ئەلۋەتتە قىيامەت (يېقىنلاشقانلىقىنىڭ) ئالامىتىدۇر، ئۇنىڭغا (يەنى قىيامەتكە) شەك كەلتۈرمەڭلار. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا ئېيتقىنكى) ماڭا ئەگىشىڭلار، بۇ (مېنىڭ دەۋەت قىلغىنىم) توغرا يولدۇر»[2]. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زېمىنغا چۈشۈشى بىلەن قىيامەتنىڭ كەلگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ چۈشۈشى قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرىدىن بىرىدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ زېمىنغا چۈشۈشى قىيامەتنىڭ ئىنتايىن يېقىنلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىمام ئىبنى كەسىر (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنىدىن ئىلگىرى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادىل خەلىپە، ئادالەتپەرۋەر ھۆكۈمدار بولۇپ چۈشىدىغانلىقى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر قىلغان ھەدىسلەر مۇتەۋاتىر دەرىجىسىگە يېتىدۇ».

ئىمام بۇخارى سەھىھ بۇخارىدا پەيغەمبەرلەر ھەققىدە بايان قىلىنغان ھەدىسلەر ئۈچۈن مەخسۇس بىر بۆلۈم ئاجرىتىپ، شۇ بۆلۈمنىڭ بىر بابىدا ئىسا ئەلەيھىسسالام توغرىلىق توختىلىپ: «بۇ باب مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا» دېگەن ۋە بۇ بابتا ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىنى نەقىل قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، كەلگۈسىدە مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالام ئاراڭلاردا ئادىل پادىشاھ بولۇپ چۈشىدۇ. ئۇ كرېست بەلگىلىرىنى چېقىپ تاشلايدۇ، چوشقىلارنى ئۆلتۈرىدۇ، ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىدۇ (يەنە بىر رىۋايەتتە جىزيە ئېلىشقا خاتىمە بېرىدۇ دېيىلگەن)، جاھاننى مەمۇرچىلىق قاپلاپ كېتىپ، مالنى ھېچكىم قوبۇل قىلمايدىغان بولۇپ كېتىدۇ، ھەتتا بىر سەجدە دۇنيا ۋە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىدىن ياخشى بولۇپ كېتىدۇ». ئەبۇھۇرەيرە بۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا: خالىساڭلار «ئەھلى كىتابتىن (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالاردىن) ھەرقاندىقى ئۇنىڭ (يەنى ئىسانىڭ) ۋاپاتىدىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا (يەنى ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەرلىكى ۋە الله نىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىگە) ئىمان ئېيتىدۇ. ئىسا قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ (يەنى يەھۇدىيلارنىڭ ئىسانى دارغا ئاستۇق دېگەن دەۋاسىنىڭ ۋە ناسارالارنىڭ ئىسا الله نىڭ ئوغلى دېگەن دەۋاسىنىڭ يالغانلىقى) غا گۇۋاھ بولىدۇ»[3] دېگەن ئايەتنى ئوقۇڭلار، دېگەن.

(1) فەتھۇلبارى، 13 ـ جىلد، 85 ـ بەت.

(2) سۈرە نەمل، 82 ـ ئايەت.

(3) سۈرە زۇخرۇف، 61 ـ ئايەت.

ئىبنى ھەجەر (اللە ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېگەن: «ئەبۇھۇرەيرىنىڭ بۇ ئايەتنى كەلتۈرۈشتىكى مەقستى اللە تائالانىڭ: «ئۇنىڭ ۋاپادىتىن ئىلگىرى» دېگەن سۆزى بىلەن «ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ» دېگەن سۆزىدىكى ئالماشلارنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامغا قايتىدىغانلىقىنى يەنى ئۇلارنىڭ ھەرقاندىقى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن ئىلگىرى ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدىغانلىقىنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇنىڭ بۇ قارىشىنى ئىبنى ئابباسمۇ جەزىملەشتۈرگەن بولۇپ، ئىبنى جەرىر سەھىھ سەنەد بىلەن ئىبنى ئاببىاس ۋە ھەسەننىڭ: <ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن ئىلگىرى شۇنداق بولىدۇ، اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ ھازىر ھايات، ئۇ يەر يۈزىگە چۈشكەندە پۈتۈن ئىنسانلار ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ> دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. بۇ قاراش كۆپ ساندىكى ئالىملاردىن نەقىل قىلىنغان. ئىبنى جەرىر ۋە باشقىلار مۇشۇ قاراشنى كۈچلەندۈرگەن. ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرلەر ئىچىدىن پەقەت ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشۈشىدىكى ھېكمەت، يەھۇدىيلارنىڭ ئىسانى ئۆلتۈردۇق، دەپ جۆيلۈشلىرىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈندۇر. شۇڭا اللە تائالا ئۇلارنىڭ يالغانچىلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى. ياكى ئۇنىڭ چۈشۈشىدىكى ھېكمەت، ئەجىلى يېقىنلاشقاندا زېمىنغا چۈشۈپ، زېمىندا دەپنە قىلىنىشى ئۈچۈندۇر. چۈنكى تۇپراقتىن يارىتىلغان مەخلۇق زېمىندىن باشقا يەردە ۋاپات بولمايدۇ. ئۇنىڭ چۈشۈشى دەججالنىڭ چىقىشىغا توغرا كېلىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەججالنى ئۆلتۈرىدۇ»[1].

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەججالنى ئۆلتۈرۈدىغانلىقىنى نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەر تەكىتلىگەن. شۇ ھەدىسلەرنىڭ بىرى نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئەتىگىنى دەججالنىڭ گېپىنى قىلىپ ئۇنى بىر ھاقارەتلەپ ۋە بىر گەۋدىلەندۈرۈپ ئۇنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىپ بەردى. بىز ھەتتا دەججالنى خورمىزارلىقتىمىكىن، دەپ گۇمان قىلىپ قالدۇق ۋە ئۇ يەرگە باردۇق. بىزنىڭ ئۇ يەرگە بارغانلىقىمىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلىپ قېلىپ: «نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟» دەپ سورىدى. بىز: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بىر ئەتىگىنى سەن بىزگە دەججالنىڭ گېپىنى قىلىپ ئۇنى بىر ھاقارەتلەپ بىر گەۋدىلەندۈرۈپ ئۇنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىپ بەرگەنىڭ، بىز ئۇنى خورمىزارلىقتىمىكىن دەپ گۇمان قىلدۇق، دەپ جاۋاب بەردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرگە دەججالنىڭ پىتنىسىدىن باشقا پىتنىنىڭ يېتىپ كېلىشىدىن بەك قورقىمەن. ئەگەر دەججال چىققاندا مەن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا بولسام ئۇنىڭغا ئۆزەم تېتىيمەن، ئەگەر ئىچىڭلاردا بولمىسام ھەممە كىشى ئۆزى ئۆزىنى قوغدىسۇن. اللە تائالا مېنىڭ ئورنۇمدا ھەممە

(1) سۈرە نىسا، 159 ـ ئايەت.

مۇسۇلمانلارنى دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ساقلايدۇ. دەججال قۇيۇق بۇدۇر چاچلىق، كۆزى تېشىغا پولتىيىپ چىقىپ قالغان بىر ياشتۇر، ئۇنى خۇددى قەتەننىڭ ئوغلى ئابدۇل ئۇززاغا ئوخشامدىكى دەيمەن، سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن كىم ئۇنى كۆرسە سۇرە كەھفنىڭ بېشىدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇسۇن. ئۇ شام بىلەن ئىراقنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر يولدىن چىقىدۇ ۋە ئوڭ ـ سول تەرەپ بولۇپ ھەممە يەردە پاساتچىلىق تېرىيدۇ. ئى اللە نىڭ بەندىلىرى! ئىمانىڭلاردا مەھكەم تۇرۇڭلار » دېدى . بىز: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ زېمىندا قانچە ئۇزۇن تۇرىدۇ؟ دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « **40** كۈن تۇرىدۇ، ئۇ **40** كۈننىڭ بىر كۈنى بىر يىلدەك، بىر كۈنى بىر ئايدەك يەنە بىر كۈنى بىر ھەپتىدەك، قالغان كۈنلىرى سىلەرنىڭ مۇشۇ كۈنۈڭلاردەك بولىدۇ »، دېدى. بىز: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ھېلىقى بىر يىلدەك بولىدىغان ئۇزۇن كۈندە بىر كۈنلۈكنىڭ نامىزىنى ئوقۇساق بولامدۇ؟ دەپ سورىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « ياق، سىلەر ئۇ كۈننى ئۆلچەپ ھەر بىر كۈندە (**24** سائەتتە) بىر كۈننىڭ نامىزىنى ئوقۇڭلار » دېدى. بىز: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇنىڭ مېڭىش سۈرئىتى قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « ئۇنىڭ سۈرئىتى شامال ئىتتەرگەن كەلكۈندەك بولىدۇ. ئۇ بىر كىشىلەرنىڭ قېشىغا كېلىدۇكى، ئۇلارنى ئۆزىگە ئىشىنىشكە چاقىرىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ. ئاندىن ئۇ ئاسماننى يامغۇر ياغدۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ، ئاسماندىن يامغۇر ياغىدۇ. زېمىننى بۇيرۇيدۇ، زېمىندىن ئۆسۈملۈكلەر ئۈنىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئوتلىغىلى كەتكەن چارۋىلىرى كەچتە سېمىز، يىلىنلىرى سۈتكە تولغان، توقلۇقىدىن بېقىنلىرى چىقىپ كەتكەن ھالدا قايتىپ كېلىدۇ. ئاندىن ئۇ باشقا بىر كىشىلەرنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇلارنى ئۆزىگە ئىشىنىشكە چاقىرىدۇكى، ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشەنمەي سۆزىنى رەت قىلىدۇ. ئۇ ئۇلارنىڭ قېشىدىن قايتىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا قەھەتچىلىك كېلىپ قوللىرىدا ھېچ قانداق مال ـ مۈلكى قالمايدۇ. ئۇ بىر خارابىلىقتىن ئۆتۈپ ئۇنىڭغا: ئىچىڭدىكى بايلىقلارنى چىقارغىن، دەيدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بايلىقلار ھەرىسى ئۇۋىسىدىن چىققاندەك ئارقىمۇ ئارقا چىقىشقا باشلايدۇ. ئاندىن ئۇ تازا ياشلىق قۇرامىغا يەتكەن بىر كىشىنى چاقىرىپ ئېلىپ كېلىپ ئۇنى قىلىچ بىلەن ئۇرۇپ ئىككى پارچە قىلىۋېتىپ، ئۇ كىشىنى قايتا چاقىرىدۇ. ئۇ تىرىلىپ خۇشال كۈلگەن قىياپەتتە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە اللە تائالا مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىدۇ. ئىسا ئەلەيھىسسالام دەمەشقنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئاق مۇنارغا، بويالغان ئىككى كىيىم كىيگەن، ئىككى قولىنى پەرىشتىنىڭ قاناتلىرىغا قويغان ھالەتتە چۈشىدۇ. ئۇ بېشىنى پەس قىلسا بېشىدىن سۇ تامچىيدۇ. بېشىنى كۆتۈرسە سۈزۈكلىكى مەرۋايىتتەك سۇ تامچىلىرى چاچراپ چۈشىدۇ. ئۇنىڭ تىنىقىنى پۇراپ قالغان كاپىرلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ تىنىقى كۆزى يەتكەن يەرگىچە بارىدۇ. ئاندىن ئىسا ئەلەيھىسسالام دەججالنى ئىزدەپ

ئۇنى پەلەستىنگە يېقىن بىر شەھەردە (يەنى لۇد ئېغىزىدا) تېپىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئاندىن ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا الله تائالا دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ساقلاپ قالغان بىر تۈركۈم كىشىلەر كېلىدۇ. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يۈز كۆزلىرىنى سىلاپ ئۇلارغا ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى دەرىجىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. شۇ چاغدا توساتتىن الله تائالا ئىسا ئەلەيھىسسالامغا: ھەقىقەتەن مەن ھېچ بىر كىشى سوقۇشۇشقا كۈچى يەتمەيدىغان بىر تۈركۈم بەندىلىرىمنى چىقاردىم. سەن، دەججالنىڭ پىتنىسىدىن مەن ساقلاپ قالغان بەندىلىرىمنى تۇر تېغىغا ئېلىپ چىقىپ كەتكىن، دەپ ۋەھىي قىلىدۇ. الله تائالا يەئجۇج مەئجۇجنى ئەۋەتىدۇ. ئۇلار زېمىننىڭ ھەر بىر تۆپىلىكلىرىدىن ئالدىراپ چىقىپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا كەلگەنلىرى تەبەرىيە كۆلىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ئۇنىڭ سۇلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىچىپ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاخىرقىلىرى ئۆتكەندە: بۇ كۆلدە بىر چاغلاردا سۇ بار ئىدى دېيىشىدۇ. الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى (تۇر تېغىدا) قورشاۋدا قالىدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرسى ئۈچۈن كالىنىڭ بىر تال بېشى سىلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈنۈڭلاردىكى يۈز تىللادىن ئەلا بولۇپ قالىدۇ. ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى الله غا دۇئا قىلىدۇ. الله تائالا يەئجۇج مەئجۇجلەرنىڭ گەردىنىگە قۇرۇتلارنى ئەۋەتىش بىلەن ئۇلار بىر كىشى ئۆلگەندەك تەڭلا ئۆلىدۇ. ئاندىن ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى (تۇر تېغىدىن) زېمىنغا چۈشىدۇ. ئۇلار زېمىننىڭ بىر غېرىچ يېرىمۇ قالماي يەئجۇج مەئجۇجلارنىڭ سېسىق پۇراقلىق جەسەتلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى الله تائالا غا دۇئا قىلىدۇ. الله تائالا تۆگىلەرنىڭ بويىنىغا ئوخشاش قۇشلارنى ئەۋەتىدۇ. ئۇ قۇشلار ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى كۆتۈرۈپ الله خالىغان يەرلەرگە ئاپىرىپ تاشلايدۇ. الله تائالا يامغۇرنى ئەۋەتىدۇ، يامغۇر بىرەر ئۆي ۋە ياكى بىرەر چېدىرنىمۇ قويماي ھەممىسىنى تازىلاپ، زېمىننى يۇيۇپ ئەينەكتەك قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن زېمىنغا: مېۋىلىرىڭنى ئۆستۈرۈڭ، بۇرۇنقى بەرىكەتلىرىڭنى قايتۇرۇڭ دېيىلىدۇ. شۇ كۈنلەردە كىشىلەر ئانارنى يەپ ئۇنىڭ شۇپەكلىرى بىلەن سايىدايدۇ. سۈتلەرگە بەرىكەت بېرىلىپ ھەتتا بىر تۆگىنىڭ سۈتى نۇرغۇن كىشىلەرگە، بىر كالىنىڭ سۈتى بىر قەبىلە كىشىلىرىگە، بىر قوينىڭ سۈتى بىر جەمەت كىشىلىرىگە يېتىدۇ. ئۇلار شۇنداق ياشاۋاتقان چاغدا الله تائالا تۇيۇقسىزلا مەيىن بىر شامالنى ئەۋەتىدۇ. شامال ئۇلارنىڭ قولتۇقلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپ مۆمىن ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي ھەممىسىنىڭ جېنىنى ئالىدۇ. ئۇلاردىن كېيىن (يەر يۈزىدە) ئېشەكلەردەك ئاشكارا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىدىغان ئەڭ ئەسكى ئادەملەر قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا قىيامەت بولىدۇ» دېدى.

بۇ يەردە لۇد ئېغىزىنىڭ قەيەر ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتۈش كېرەك. ئۇ پەلەستىنىنىڭ تەل ئەبىب شەھىرىگە يېقىن بىر جاينىڭ ئىسمى بولۇپ، ھازىر ئۇ جايدا ئىسرائىلنىڭ ناھايىتى چوڭ ھاۋا ئارمىيە گازارمىسى جايلاشقان.

الله تائالا كۈننىڭ غەربتىن چىقىدىغانلىقىنى، بۇ چاغدا تەۋبىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ تاقىلىپ قالىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار پەقەت (ئۆلۈم) پەرىشتىلىرىنىڭ ياكى پەرۋەردىگارىڭنىڭ ۋە ياكى پەرۋەردىگارىڭنىڭ (قۇياشنىڭ مەغرىبتىن چىقىشىدىن ئىبارەت) بەزى ئالامەتلىرىنىڭ كېلىشىنىلا كۈتىدۇ. پەرۋەردىگارىڭنىڭ بەزى ئالامەتلىرى كەلگەن كۈندە ئىلگىرى ئىمان ئېيتمىغانلارنىڭ ياكى ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلمىغانلارنىڭ ئېيتقان ئىمانى پايدىسىز بولىدۇ. «(سىلەر ئۆزەڭلارغا كېلىدىغان ئىشلارنى) كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە كۈتىمىز» دېگىن»[1].

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كۈن غەربتىن چىقمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. كۈن غەربتىن چىققان، ئىنسانلار ئۇنى كۆرگەن چاغدا ھەممىسى ئىمان ئېيتىدۇ. بىراق ئۇ ۋاقىتتا ئېيتقان ئىمان ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ» دېگەن، ئاندىن مەزكۇر ئايەتنى ئوقۇغان[2].

يەجۇج ـ مەجۇجنىڭ چىقىشىغا كەلسەك، بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىم ئىككى جايدا توختالغان بولۇپ، بىرى سۈرە كەھفتىكى، يەنە بىرى سۈرە ئەنبىيادىكى ئايەتلەر بۇ ھەقتە ئەتراپلىق ھالدا مەلۇمات بېرىدۇ.

## قورقۇش ۋە ئۈمىد قىلىش

الله تائالانىڭ دىنى ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتكۈچى بىلەن كەمچىلىك ئۆتكۈزگۈچى ئارىسىدىكى ئوتتۇراھال دىن بولۇپ، ئۇنىڭدا چەكتىن ئاشۇرىۋېتىشكىمۇ، نۇقسان يەتكۈزۈشكىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا ھەربىر مۆمىن الله تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇش بىلەن ئۇنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش ئارىسىدا ياشىشى كېرەك. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «(اللە غا شېرىك كەلتۈرگەن ئادەم ياخشىمۇ؟) ياكى ئاخىرەت (ئازابىدىن) قورقۇپ، پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ كېچىنىڭ سائەتلىرىنى سەجدە قىلغان ۋە قىيامدا تۇرغان ھالدا ئىبادەت قىلىپ ئۆتكۈزگەن ئادەم (ياخشىمۇ؟)»

(1) فەتھۇلبارى، 6 ـ جىلد، 490 ـ بەت.

(2) سۈرە ئەنئام، 158 ـ ئايەت.

ئېيتقىنكى، «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ» »[1].

الله رەھمەت قىلغان كىشى الله نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزمەيدۇ، ئازابىدىن خاتىرجەم بولۇپ كەتمەيدۇ. پەقەت ئۇ سالامەت چاغلىرىدا ھەددىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن الله تائالانىڭ ئازابىدىن بەكراق قورقىدۇ. كېسەل ۋاقىتلىرىدا ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن الله نىڭ رەھمىتىنى بەكراق ئۈمىد قىلىدۇ.

ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىس شەرىپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: بەندەم مېنى قانداق ئويلىسا، مەن شۇنداقمەن. ئۇ مېنى ئەسلىگەن چاغدا مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللىمەن...»[2] الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، (گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! الله نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. الله ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»[3].

شۇڭا ھەربىر مۇسۇلمان تەۋبە قىلىشقا، گۇناھلىرىدىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈشكە ئالدىرىشى، شۇنداقلا تەۋبە قىلغاندا ئۇ گۇناھلارنى قايتا قىلماسلىققا قەتئىي نىيەت قىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا الله تائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاندىن توغرا يولدا ماڭغان ئادەمنى مەن ئەلۋەتتە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىمەن»[4].

دانالاردىن بىرى مۇنداق مۇناجات قىلغان ئىكەن:

ئى رەببىم گەر قىلسامۇ ساڭا گايى ئاسىلىق
رەھمىتىڭدىن ئۈمۈدلىرىم ھېچ ئۈزۈلمەس
گەر قىلسامۇ ئىبادەتنى كۆپ ساڭا
سەندىن قورقۇش ھېسلىرىم ھېچ كېتىلمەس.

ۋىتىر نامىزىدا ئوقۇلىدىغان دۇئادا مۇنداق دېيىلىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان: «رەھمىتىڭنى ئۈمىد قىلىمىز، ئازابىڭدىن قورقىمىز. قاتتىق ئازابىڭغا ھەقىقەتەن

(1) سەھىھ بۇخارى، 4636 ـ ھەدىس.

(2) سۈرە زۇمەر، 9 ـ ئايەت.

(3) بۇ ھەدىسنى تولۇق كۆرۈش ئۈچۈن سەھىھ مۇسلىم، 2675 ـ ھەدىسكە قاراڭ.

(4) سۈرە زۇمەر، 53 ـ ئايەت.

**كاپىرلار دۇچار بولىدۇ».**

**ئاخىرىدا الله تائالادىن بىزنى ئىمان ئۇستىدە مۇستەھكەم قىلىشىنى، دىننى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان ئالىملاردىن قىلىشىنى، پايدىلىق ئىلىمنى، قورقىدىغان قەلبنى، قوبۇل بولىدىغان ئەمەلنى، شۇنداقلا ھالال ۋە كەڭ رىزىقنى رىزىق قىلىپ بېرىشىنى، دۇنيا ۋە ئاخىرەت ھاياتىدا تەۋھىد كەلىمىسى بىلەن مۇستەھكەم قىلىشىنى چىن دىلىمدىن تىلەيمەن! الله بىزنىڭ يېتەكچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە، تابىئىنلارغا چەكسىز رەھمەت ۋە كۆپتىن - كۆپ سالاملار يوللىسۇن!**

**شۇنىڭ بىلەن بۇ كىتابىنىڭ بەشىنچى قىسمى تۈگىدى. جىمى ھەمدۇسانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله غا خاستۇر**

أخي المسلم

ترجم وطبع هذا الكتاب إلى اللغة الأويغورية على نفقة من يرجو رحمة ربه هدية منه لروح والديه وذريتهما وهذا الكتاب وقف للعلماء وطلبة العلم في العلوم الشرعية في المناطق التي تتحدث بهذه اللغة لا يجوز بيعه ولا يورث بل ينقل لمستفيد آخر لتعم الفائدة للمسلمين والساعي لتوصيل هذا الكتاب للعلماء وطلبة العلم في العلوم الشرعية له من الله الأجر العظيم .

..........................................................................................

ھۆرمەتلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلار!

بۇ كىتاب، ساۋابىنى ئاتا- ئانىسى ۋە ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىنىڭ روھىغا بېغىشلىغان بىر مۇسۇلماننىڭ نەپىقىسى بىلەن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان دىنىي ئۆلىمالار ۋە تالىبۇلئىلىملارغا ۋەقفىتۇر. سېتىشقا ۋە بىر - بىرلىرىگە مىراس قىلىپ قالدۇرۇشقا بولمايدۇ. ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە كۆپ مۇسۇلماننىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، پايدىلىنىپ بولغانلار باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشى كېرەك. بۇ كىتابنى دىنىي ئۆلىمالار ۋە تالىبلارغا يەتكۈزۈپ بەرگۈچىلەرگە جانابى ئاللاھتىن كاتتا ئەجىر تىلەيمىز.